موللا مۇسا سايرامى

# تارىخى ھەمىدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر بايتۇر

بۇ ئەسەر 1988- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1- نەشرى 2- باسمىسىغا ئاساسەن تورغا يوللاندى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەي مەۋجۇتلۇغى زۆرۈر بولغان ئاللا! چەكسىز ۋە تەڭداشسىز ھەمدۇ- سانا ساڭا خاسدۇركى، ھەممە مەخلۇقلىرىڭغا كەڭرى رىزقى ۋە ئېھسان سەندىندۇر. سېنىڭ ئۇلۇغ زاتىڭ يەككە- يېگانىدۇر. ھەممە سۈپەتلىرىڭ پاك ۋە ئەيىپسىز، مەرتىۋەڭ ئالى، پادىشالىغىڭ ئۇلۇغ بولۇپ،
ئاسمان ۋە زېمىن ئىچىدىكى ھەممە مەخلۇقلار پەقەت سېنىڭ ئىلكىڭدە ۋە قەھرى سىياستىڭنىڭ ئاستىدا تۇرىدۇ. ھەقىقى پادىشالىق پەقەت ساڭىلا خاسكى، سەن ھەمىشە بولغۇچى ۋە باقى پادىشادۇرسەن. ياراتقان مەخلۇقلىرىڭ بولسا ھەممىسى فانىدۇر.

ئاللا ئەگەر خالىسا، سەلتەنەت تاجىسىنى ھەر بىر كىشىنىڭ بېشىغا كىيدۈرەلەيدۇ، ئەگەر خالىسا، بۇ تاجنى يەنە ئۇنىڭدىن ئالالايدۇ؛ ئەگەر خالىسا، ئۇنى يەنە توغرا يولدىن ياندۇرالايدۇ؛ ئەگەر خالىسا، پەس كىشىنىڭ دەرىجىسىنى مەرتىۋىلىك قىلالايدۇ، خالىسا، مەرىكىۋىلىك كىشىنىڭ دەرىجىسىنى پەس قىلالايدۇ. ئۇ ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا قادىر ۋە تاۋاندۇر.

ئەي قۇدرەتلىك ئاللا! ئەگەر سەن ياراتقان مەخلۇقلىرىڭغا نىمە ھۆكۈم قىلاي دىسەڭ، شۇنى قىلىشقا قۇدرىتىڭ بار. سېنىڭ ھۆكۈمىڭنى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا، ياندۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇرسەل، نەبى، ئەنبىيا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇلارغا خۇدانىڭ رەھمىتى بولسۇن)لەرنى بىزگە ئۇلۇغ پادىشا قىلىپ ئىبەردىڭ. ئۆز كىتاۋىڭدا (قۇرئاندا ــ ت) بۇلار ھەققىدە قىسسە ۋە ھىكايىلەرنى سۆزلىدىڭ، بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆتكەن خالايىقلار، ئادىل ياكى زالىم پادىشالار ۋە شۇ زامانلاردا ئۆتكەن ۋەقە- ھادىسىلەر ھەققىدىمۇ خەۋەر بەردىڭ. بۇ بولسا، سېنىڭ ئۆز ئۆزۈڭ ياراتقان مەخلۇقرىڭغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ قىسسە ۋە ھىكايىلەردىن خەۋەر تېپىپ، ئۆتكەن ئىشلاردىن ئىبرەت ئالسۇن ۋە ۋەقە- ھادىسىلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇلارنى ياد ئېتىپ ئەسلەپ تۇرسۇن دىگەنلىكىڭدىن ئىشارەت ۋە ئىبارەتتۇر.

بۇ ئالەمدىن كەتكەن خالايىقنىڭ ھەر بىرىدىن ياخشىلىق ياكى يامانلىقنىڭ بىرەر ئەسەر- ئالامىتى باقى ساقلىنىپ قالىدۇ. تارىخ كىتاپلىرىدا بولسا دەل ئەنە شۇ ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ۋەقەلىرىنى، ئەسەر- ئالامەتلىرىنى رەتلەپ، قايتا ئىلغاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ياكى ھاياتىدىن قىسسە ۋە خەۋەر بېرىدۇ، خالاس.

سالاۋەت ۋە زاكىيات (ناماز ۋە زىكىر بىلەن قىلىندىغان تەرىپ ــ ت) شۇ ئاخىرقى پەيغەمبەرگە بولسۇنكى، ئۇ پەيغەمبەر بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىككى ئالەمنىڭ ئىلغانىغىنى ۋە ياخشىسىدۇر. ئاللا ئۇنى ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى دەۋرانىغىچە ھۆججەت ۋە گۇۋاچى قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇ زاتنىڭ ئۇلۇغ مۇبارەك ئىسمى مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم [1] (ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالامەتلىرى ئۇنىڭغا بولسۇن) بولۇپ، ئۇ ئاللانىڭ بەندىسى، پەيغەمبىرى ۋە يېقىن دوستىدۇر. ئۇنىڭ ھەسەپ ۋە نەسەپلىرى (ئۇنىڭ نەسىل بىلەن ئەمەس بەلكى شۆھرەت بىلەن يېتىدىغان نەسەپلىرى ــ ت)، ئۇلۇغلۇغى ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللاغىچە[2] مەھكەم ئۇلاشقان. ئاللا ئۇنىڭغا پادىشالىق ۋە پەيغەمبەلىكنى، ئىنسانلار بىلەن ۋاستىچىلىق قىلىدىغان ئۇلۇغ مەرتىۋە ۋە مەقامى مەھمۇت [3] ئۇلۇغلۇق ئالى دەرىجىسىنى بەردى. ئاللا بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرگە پارچە- پارچە قىلىپ تەقدىم قىلغان ھەمە ئۇلۇغ

پەزىلەتلەرنى جەم قىلىپ، پەقەت ئۇنىڭغىلا بەردى. ئاللا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نامىنى ۋە ھۆكۈملىرىنى بۇ زاتنىڭ نامى ۋە ھۆكۈملىرى بىلەن بىللە قىلدى. شۇڭلاشقا، ئاللانى ئەسلىگەن كىشى ھامان مۇھەممەت رەسۇلۇللانىمۇ بىلە قوشۇپ ئەسلەيدۇ. مۇھەممەت رەسۇلۇللانىڭ شەرىئەتلىرى تا ھازىرقى چاغدىمۇ خۇددى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكىدەكلا جارى قىلىنىدۇ. بۇنىڭ شەرىئەتلىرىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، ئۆزگەرتىشكە ياكى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئەخلاق ۋە يۈكسەك مەرتىۋىنىڭ ئىگىسىدۇر.

غايەت ئۇلۇغ دۇرۇتلەر يەنە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرادەرلىرى - ئەنبىيا ۋە مۇرسەلىن ئەلەيھىسسالاملارغا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلى - ئەۋلاتلىرىغا، پاك رەفىقىلىرىگە، بارلىق ئۇلۇغ ساھابىلىرىگە بولسۇن. بولۇپمۇ ئەششەرەئە - مۇبەششەرلەرگە [4]، بەدرە ئەھلىگە [5]، ئۇھۇد ئەھلىگە [6]، ئەقەبە ئەھلىگە [7]. سۇففە ئەھلىگە [8] ھەم بارلىق ساھابىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى، ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى رەزىيەلاھۇ ئەنھۇم (ئاللا ئۇلاردىن رازى بولغاي)، خەلىپىلەر، پادىشالار، ئەمىرلەر، ئۆتكەنكى سۇلتانلار، شەرىئەتشۇئار ئۆلىمالار، دىندار قازى ۋە ئىمام پىشىۋالار، يۇرتنىڭ ھەم ئەگىششىگە لايىم بولغان ياخشى بەندىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللا رەھمەت قىلغاي ۋە ئۇلاردىن رازى بولغاي، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئاللانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە ياخشى بەندىلىرى ئىدى. قەدىمقى زاماندىن بۇ زامانغىچە ئۆتكەن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتىدىغانلارغا، ھەتتا قىيامەتكىچە يۈقۈرقىلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ، چىن ئىخلاسى بىلەن توغرا يولدا ماڭغۇچىلارغىمۇ ئاللانىڭ رەھمىتى كۆپتىن - كۆپ، مەڭگۈدىن - مەڭگۈگىچە بولغاي.

ئەمما بەئدۇ (ئاللاغا ھەمدۇ ــ سانا، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى، ساھابىلىرىگە دۇرۇت ــ ت) دىن كېيىن، بىينىشانلىق كوچىسىدا ئىپتىۋارسىز بۇلۇڭ - پۇچقاقدىن ماكان تۇتقان، بىينىشانلىق كوچىسىدا مەستۇرە (يوشۇرۇن ــ ت) ياشايدىغان كەمبەغەل ۋە كەمتەر، كۆپ ئەيىپلىك موللا مۇسا ئىبنى موللا موللا ئەيسا خوجا سايرامىنىڭ ئاجىزلىق ۋە پېقىرلىق بىلەن قىلغان ئەرزى مەلۇماتىم، شۇ جاھان پازىللىرى ۋە ئاقىللىرى، ساغلام تەبىئەتلىك دانىشمەنلەر، دەۋران ئالىم كامىللىرىنىڭ قۇياش نۇرىدەك يورۇق، دىلىغا ۋە توغرا زېھنىلىرىگە يېتىپ ئاشكارە بولغايكى، بۇ موغۇلىستان يۇرتى[9] قەدىمقى زامانلاردا مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىن كېيىن فەۋقۇرچىنغا [10] تەۋە ۋە بويى سۇنغۇچى بولۇپ، ئاردىن بىر يۈز يىگىرمە ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تەقدىرى ئىلاھنىڭ ئاررۇسى، مۇتلەق ھۆكۈمى ۋە

ئىراده تەقدىرى بىلەن ئۇلۇغ ئىسلام قۇياشىنىڭ نۇرى بۇ يەتتە شەھەر- موغۇلىستان ئاھالىسىنىڭ پىشانىسىگە چۈشۈپ، قاراڭغۇلۇق بۇلۇتلىرى ئاجىزلىق ۋە يوقلۇق پەردىسىنىڭ كەينىگە يۈشۈرۈندى. ئالدى بىلەن كۇچار مەملىكتىدىن راشىدىن خوجام، خوتەندىن موللا ھەبىبۇللا ھاجى ۋە تۇڭگانى تائىپلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پادىشا بولۇپ، كاپىرلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، ئۆز ھۆكۈملىرىنى جارى قىلىپ، جەڭ ۋە غازاتقا كىرىشىپ، ئۆز- ئارا تالاش- تاتىش قىلىپ، دۇئا- ئىبارەت بىلەن تۇرغان بىر پەيتتە، فەرغانە ۋىلايىتىدىن مۇھەممەت ياقۇپ بەگ قۇشبېگى ناملىق تەدبىرلىك، باھادىر، ئالى دەرىجىلىك بىر كىشى بۇ زىمىنلارغا ئىستىلا قىلىپ كىرىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئالتىنچى يىلى (مىلادى 1869ـ1870- يىلى ـ ت) ياقۇپ بەگنىڭ ئەقىل- ئىدرىگى ئۇنىڭ خۇلقى نەپسانىدىن غالىپ كېلىپ، ئۆزىنى ۋە يەتتە شەھەر ئاھالىسىنى زىمىن ۋە زامانىنىڭ ئۇلۇغ خەلىپىلىگى- بۈيۈك ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ [11] ھىمايىسىگە شەرتسىز تاشلىدى. جۈملىدىن ئوسمانىيە دۆلىتىگە ئىتائەت ۋە ئىناۋەت قىلىشنى شۆھرەت ھىساپلاپ، پەخىر دەپ بىلىپ، قازى ياقۇپخان تۆرەم باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچى ئۈمگى ئارقىلىق نۇرغۇن سوغا- سالاملار بىلەن ئىتائەتنامە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئوسمانىيە دۆلىتىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ياقۇپخان تۆرە بۇ ئىتائەتنامىنى خاقان بىننى خاقان ۋە خادىمى ھەرەمەيىن شېرىپ (ئۇلۇغ ئىككى ھەرەمنىڭ خادىمى ـ ت) ئابدۇلئەزىزخان بىننى ئابدۇلمەجىدىخان [12] تۇرۇپ ئىشلەيدىغان جەننەتتەك ئالى ئېھتىرامغا ئىگە پايتەختىگە [13] يەتكۈزدى. بۇ ھال جانابى پەلەك ئاشيان (يۈكسەك مەرتىۋىلىك ـ ت) ئابدۇلئەزىزخانىنىڭ (ئۇنىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولسۇن) نۇرلۇق ۋە يۈكسەك ئوي- پىكرىگە مۇۋاپىق ۋە مۇناسىپ كېلىپ، بۇ مۇغۇلىستان يۇرتى ۋە پۇقراسىنى ئالى دۆلەت ھىمايىسىگە ۋە بېقىندىلىقىغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆز يولىغا باشلاپ، مۇھەممەت ياقۇپ بەگ ئاتالىق غازىغا (غازاتچىلارنىڭ ئاتىسى ـ ت)"مىراخور باشى"دىگەن ئالى مەنسەپ ئىلتىپات قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ شاھانىلىق ھەم ئىنايەتلىك مەرھەمەتلىرى بىلەن ، ئوسمانىيە ئۆز بېقىندىلىرىغا تەقدىم قىلغان شاھلىق تاجىسىنى، ئوسمانى دۆلىتىنىڭ بايراق- ئەلەملىرىنى بەرگەنلى ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى.

نەتىجىدە ، يەتتە شەھەر ئەھلىدىن بولغان بىزدەك نەۋكەر، غۇلام، پۇقرا- خەلق، كەمتەرىدىن خىزمەتكارلار ۋە بارلىق ئامما ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ سىياسى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا يەتتە يىل مىقدارى خاتىرجەم ۋە تىنچ، پاراۋانلىق تۇرمۇش

كەچۈرۈپ، ئۆز ئادىتىمىز بويىچە كۆچلۈك ۋە قۇدرەتلىك ئاللاغا دۇئا ئىلتىجا قىلىپ ياشىدۇق. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، سۇلتان بىننى سۇلتان مۇھەممەت مۇرادىخان[15] سۇلتانلىقنىڭ غەلبە تەختىگاھىغا ئورۇنلاشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئۈمەتلىرىگە چۈشۈرگەن سايىسى، بۈيۈك رەھبەر، ئەرەپ[16]، ئەجەم[17] مۇلكىنىڭ پادىشاسى ئۇلۇغ ھەرەم خادىمى، ئۇلۇغ شۆھرەتلىك ئوسمانلار ئەۋلادىنىڭ تاجى گەھىرى بولغان ئابدۇلھەمد خان[18] (خۇدا ئۇنىڭ دۆلىتىنى مەڭگۈ قىلسۇن، نۇسرەتكە يېقىن، بەخت- سادەتكە دوست قىلسۇن) ئالى ئىكراملىرى غەلبە ۋە شەرەپ بىلەن خەلپىلىك تەختىگە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ، مۇستەقىل سەلتەنەت سۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن، ئابدۇلھەمدخان بىزدەك كەمتەر پۇقرالارغا ئۆز ئىلتىپاتىنى تاشلاپ، تۇرمۇشىمىزنى پاراۋانلىققا باشلاپ، يۇرتىمىزدا تىنچلىق ۋە ئاراملىق ھەم تېگىشلىك قائىدە- تۈزۈملەرنى ئورناتقىچە، مۇھەممەت ياقۇپخان غازى بۇ پانى ئالەمدىن مەڭگۈلۈك باغچىسىغا سەپەر قىلدى. دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە، فەغۇرچىنىنىڭ مەنسەپدارلىرى كېلىپ، بىزدەك باشپاناھسىز ۋە زەئىپ ناچار جۇدەڭگۈ پۇقرالارغا ئىگىدارچىلىق قىلدى.

بۇ ۋەقەلەر ئۆتكىنىگە تېخى ئەمدىلا ئوتتۇز ئىككى يىل بولدى. لېكىن بىرەر زامان داناسى ياكى دەۋران پازىلى، بۇ پاراكەندىچىلىك بىلەن ئۆتكەن دەۋر ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى يېزىپ، بىزگە بىرەر نەمۇنە ياكى يادىكار قالدۇرۇشقا جۈرئەت قىلشقانلىقىنى بىلمەيمىز. بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى " قىلىچ بىلەن قەلەمنى بىرلەشتۈرگەن" جانابى مىرزا ھەيدەر كوراگانى[19] بۇ موغۇلستان يۇرتىدا ھۆكۈم سۈرگەن خان ۋە پادىشالارنىڭ ئەھۋالىدىن «تارىخى رەشىدى» ناملىق بىر ئەسەرنى يازغاندىن باشقا، شۇ زامانلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى قىسسە ۋە ھېكايە قىلىپ توپلاپ، نەمۇنە ياكى نىشان قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىرەر زامان رىسالىچىسى ياكى داناسى ئۆتمىدى.

شۇڭلاشقا، بەزى كۆڭلى يېقىن ۋە ئىشەنچلىك دوستلار، بۇ دىياردا ئىسلام ئېچىشقا سەرپ بولغان كۈچارلىق خوجىلارنىڭ غازاتلىرى، ئاتالىق غازى ياقۇپ بەگ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلىنىشىدىن مۇنقەرز بولغىچە بولغان ۋەقەلەرنىڭ تولۇق جەريانى ھەققىدە بىرەر تارىخ كىتاۋى جەملەپ يازساڭ، دەپ ئىلتىماس قىلىپ، غازات قىلىپ ئۆتكەن، سىپىتلارنىڭ غازاتلىرىنىڭ ۋەقەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇرۇش- جەڭلىرى ئۇنتۇلۇپ قالمىسا، ئاتالىق غازىنىڭ قوشۇن باشلاپ كىرىپ، پەيدا قىلغان جەڭ- جېدەللىرىنى ۋە دۆلەت ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىق مەسىلەلەر خالايىق نەزىرىدىن مەخپى قالمىسا، بۇ ۋەقەلەرنى ئوقۇپ بىلگۈچىلەر، شۇ ۋەقەلەرگە گۇۋاھچى بولغان سىز ۋە بىز

ئۆچۈن دۇئا- تەشەككۈر قىلىشسا دەپ ئىلتىماس قىلىشتى. ئۇلار يەنە پەيغەمبەرنىڭ ”ھەدىس “كىتاۋىدا ”ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچىلار بولسا، شۇ ياخشى ئىشنى ئۆزى قىلغانلىق بىلەن باراۋەر“دېگەن سۆزنى نەقىل قىلىپ، ”سىز يازغان بۇ ئەسەرنىڭ بەرىكەتلىرىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىزگە ۋە بىزدەك ئاسى گۇناكارلارغا قىلغان دۇئا- تەشەككۈرلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىپ، ئەيىۋىمىزنى كەچۈرۈشكە سەۋەپ بولسا ئەجەپ ئەمەس “ دەپ خىتاپ قىلدى.

لېكىن، مەندەك بىر خارۇ- زار بىچارە بۇ سىيادات پانا غازىلارنىڭ (غەلىبگە ئىگە غازاتچىلارنىڭ ــــ ت) ئەھۋاللىرى، غەبىلىك جەڭ- غازاتلىرى، ئاتالىق غازىنىڭ پادىشالىق شان- شەۋكەتلىرى، ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىق مەسىلەرنى توپلام قىلىپ يېزىپ چىقىشقا قانداق جۈرئەت قىلالايمەن؟ بۇ دۆلەت ئىگىلىرى ھەققىدە قانداقمۇ پىتىنىپ سۆز ئېچىشىم مۇمكىن؟ مەندەك نام- نىشانسىز بىچارە ئۇلارغا ئوخشاش ئورۇن ۋە مەرتىۋىسى پەلەككە يەتكەن ئالى پادىشالارنىڭ قىسسە ۋە داستانلىرىنى قانداق يول ۋە مۇناسىۋەت بىلەن توپلىيالايمەن ۋە قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق تىل بىلەن قەلەم سۈرەلەيمەن؟

ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام ئېچىلغاندىن باشلاپ، بۇ كۈنگىچە قىرىق يىلدىن ئاشتى. شۇ چاغدىدىكى ۋەقەلەر ئۈستىدە تۇرغان ياكى ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن ئۇچۇق كۆرگەنلەرنىڭ تولىسى ئالەم باقىغا سەپەر قىلدى. بۇ چاغدا ئۆتكە ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ئاستىلاپ، كىشلەرنىڭ خاتىرىسدىن كۆتىرىلىپ ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى قايتا ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، قايتا رەتلەپ ئەسەر يېزىشنىڭ ئۆزى مۇشكۈل ۋە قىيىن بىر ئىش. ”ياخشىلاردىن سورالغان ئۆزرە- خالىق، ئەلۋەتتە يەنە شۇ ياخشىلار تەرىپىدىن قۇبۇل قىلىنغۇسدۇر.“ دېگەن ھىكمەتلىك سۆز بويىچە، ئېھتىرام بىلەن ئۆزرەمنى بىللە قوشۇپ، شۇ چاغدىكى ۋەقلەر توغرىسىدا سۆز باشلىدىم. بۇ چاغدا، يەنە بىر نەچچە سەممى كونا دوستلىرىم كېلىپ، ”كاپىرلارغا ئايىماي ئىسلام قىلچىنى ئۇرۇپ، غازىلىق دەرىجىسنى ۋە مەرتىۋىسنى تىكلىگەنلەر، خۇداۋەندەكېرىمنىڭ رازىلىغىنى ئىزدەپ، ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلىپ قۇربان بولغان شەھتلەر باشلىغان يادىگار نامىڭىزنى چىك تۇتۇپ، ۋاقتنى غەنىمەت بىلىپ تېز داۋاملاشتۇرغايسىز، كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۆزىنىڭ سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلىرىدە ئۇلارنى ئەسكە ئېلىپ، شىرىن سۆزلەر بىلەن ماختاپ مەدىھىيلەپ، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا- تەشەككۈرگە قول كۆتەرگەن چاغدا، سىزمۇ ئاللائالدىدا ئەجرى مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيسىز، جۈملىدىن ئەھلى خالايىققمۇ گۈزەل خاتىرىلەرنى قالدۇرلايسىز.“ دەپ ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشكە

باشلىدى.

بۇ دوستلىرىم يەنە "تارىخ ئىلمى ناھايىتى زۆرۈر بىر ئىلىم بولۇپ، ئۇ ھەممە پەنلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى ئوقۇش ۋە تارىختىن خەۋەردار بولۇش، ئىنسانغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشتۇر. بۇ پەننى بىلىدىغانلار بولسا خالايىق نەزىرىدە ئۇلۇغ ھىساپلىنىپ، سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەردە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى بىلمەيدىغانلار، ياكى ئۇنىڭدىن بى خەۋەر كىشلەر گەرچە قانچە يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن بىلەنمۇ، ئۇلار دانا ئالىملارنىڭ ئالدىدا يەنىلا نەزەر ۋە ئېتىۋاردىن يىراقتۇر. تارىخنىڭ پايدىسى تولا، مەنپەئەتى كۆپ بىر ئىلىم. چۈنكى ئادەملەرنىڭ دەرىجە ۋە تەبەقەلىرى، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، خۇلقى ئەخلاقى، ياشايدىغان جاي ۋە ماكانلىرى، ئاۋات قىلغان شەھەر ۋە زىمىنلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەقەت تارىخ ئىلمىنىڭ ياردىمى بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇ." دىيىشتى.

ئۇلار يەنە "ئەگەر تارىخ ئىلمى بولمايدىكەن، بۇرۇنقى زامانلارنىڭ ئۇزاق ۋە تار شارائىتلىرىدا ياشىغا خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى قەدىمقى زاماندىكى ھەززىرى ئادەم سەفيوللا[20] دىن ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامغىچە، ھەتتا شۇ زاماندىن باشلاپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە بولغان ئارلىقتا، بىرمۇنچە ئەنبىيا، مۇرسەلىن، ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئەۋلىيالىرى، دىن يولىدا ئۆز كۈچىنى سەرپ قىلغان ئۇلۇغ ماشايىخلار، قەيسەر [21]، كىسرا [22]، فەغفۇرچىن، پىرئەۋىن [23]، نەمرۇد[24] قاتارلىق ئۇلۇغ مەرتىۋە ۋە يۈكسەك ئېھتىرامغا ئىگە خاقان، خان ۋە پادىشالار، بۇلاردىن باشقا يەنە ئەرەپ، ئەجەم پادىشالىرى، يۈكسەك دەرىجىلىك ئىسلام پادىشالىرى ۋە ئىسلام ئىنتىزامىغا كىرمىگەن كاپىر زالىملار ئۆتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئالەمنى ئىنتىزامغا باشلاپ، پۇقرالارنى پاراۋان تۇرمۇشقا يىتەكلىدى. ئەگەر تارىخ ئىلمى بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، تۇتقان يولى ۋە شۇئارلىرىنى ھەم ھەر قايسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋەقە ياكى ھادىسىلەرنى زادىلا تولۇق بىلگىلى بولمايدۇ،" دىيىشتى.

ئۇلار يەنە "ئەرەپ، ئەجەمدە ياشايدىغان بىرمۇنچە قەبىلە ۋە گورۇھلارنىڭ پازىللىرى، ھەر بىر زاماندا يۈز بەرگەن ۋەقە- ھادىسىلەرنى توپلاپ، تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلىپ، ھامان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت ئۇزۇن ۋە چوڭ ئەسەرلەرنى يازغان بولسا، يەنە بەزىلىرى پەقەت ئۆز قەۋمى ياكى ئۆز يۇرتىدا ئۆتكەن پادىشالارنىڭ ئەھۋالىنىلا بايان قىلىپ، قىسقا ياكى تاللانما ئەسەرلەرنى يازغان ئىدى. ھالبۇكى، سىز بولسىڭىز بۇرۇنقى

زاماندىن بۇ زامانغىچە يېزىلغان تارىخ كىتاپلىرىنى، بولۇپمۇ تۈرك، موغۇل (موغۇل – ت) تارىخلىرىنى كۆپ ئوقۇغان، بېشىڭىزدىن زامانىنىڭ ئىسسىق- سوغاقلىرى تولا ئۆتكەن، ياخشى ۋە يامان ئىشلارنى كۆپ كۆرۈپ تەجرىبە ھاسىل قىلغان، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە ھاكىملار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەركەتلىرى، خۇلقى- مىجەزى، تەبەقە ۋە دەرىجىلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىلىدىغان بىر ئادەم. شۇڭلاشقا، شۇ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى توپلاپ بىر تارىخ كىتاۋى يېزىپ، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا نىشان ۋە نەمۇنى قىلسىڭىز، يېشىڭىزمۇ يەتمىشتىن ئاشتى. بىرەر ئەسىر- ئالامەت قالسا،“ دەپ ئىلتىجا ۋە ئىلتىماس قىلىشتى.

مەن بۇرادەرلىرىمنىڭ خۇددى كىتاپقا تىزىلغاندەك ئۈنچە- مارجان سۆزلىرىنى رەت قىلىشنى، خارلىق تۇپرىغىغا تاشلاشنى ۋە بۇ گەپلەرگە ئېتىۋارسىز قاراشنى مۇناسىپ كۆرمەي، ئامالسىزلىقتىن بۇ چوڭ ئىشنى كىتاپ قىلىپ تۈزۈپ چىقىشقا، يەنى دوستلارنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن بۇ كىتاپقا تۇتۇش قىلىپ، ئۆزەمنى كىنايە ئوقلىرىنىڭ نىشانىغا قاراپ ئېتىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ ئەسەردە بىرەر مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز خاتارلىقلار ياكى سەۋەنلىك سادىر بولسا، دوست- يارەنلىرىمنىڭ ئۇنى كەچۈرۈم ئېتەكلىرى بىلەن يۇشۇرۇپ، خەيرىخاھلىق قەلەمتۇراچلىرى بىلەن تۈزىتىپ، مۇۋاپىق ئۆزگەرتسە، ئۇلار ئەلۋەتتە ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئەجرى مۇكاپىتىغا ۋە خالايىقنىڭ رەھمەت- تەشەككۈرلىرىگە ئىگە بولغۇسىدۇر.

مەن بۇ كىتاپنىڭ دەسلەپكى قىسمىنى پايدىلىق تارىخ كىتاپلىرىنىڭ تاللانغان مەزمۇنىدىن پايدىلىنىپ يازدىم. كېيىنكى قىسمىنى بولسا شۇ ۋەقەلەرنى كۆرگەن ياكى بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىپ، ئۇلارنى تەھرىر يىپىغا باغلاپ، بايان سەھپىسىگە ئورنىتىپ، قىسقىچە بۇ تارىخ كىتاۋىغا ”تارىخ ھەمىدى“ دەپ ئات قويدۇم ۋە ئۇنى بىر مۇقەددىمە، ئىككى داستان، بىر خاتىمە بىلەن تاماملىغا يەتكۈزدۇم.

بۇ كىتاپنى”تارىخ ھەمىدى“دەپ ئاتاشتا مۇنداق بىرقانچە سەۋەپ بار: بۇنىڭ بىرى شۇكى، بۇ موغۇلىستان يۇرتى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئالى ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ خەلىپىسى، زامان ۋە زېمىنىنىڭ خاقانى، بىننى خاقان ۋە ئۇلۇغ ھەرەمەينىڭ خادىمى ئابدۇلھەمىد خان بىننى ئابدۇلمەجىد خانغا بەيئەت ۋە ئىتائەت قىلىش شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقى ۋەقەسىنى، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى جەريانىدا يۈز بېرىدىغان پاراكەندىچىلىك ياكى داۋاملىق كېلىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ئۇنتۇمتۇت ئۆزۈلۈپ قېلىشى تۇپەيلىدىن، خالايىقنىڭ خۇددى ۋەھشىلەرنى كۆڭۈلدىن يىراق قىلغاندەك، شۇ چاغدىكى ۋەقەلەرنى

ئۆزكۆڭۈل ئەيىنگەدىن چەتتە قالماسلىقى، بەلكى بۇ ۋەقەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ جاھان سەھپىسىدىن تېخىمۇ ئاشكارا ئورۇن ئېلىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكىنى مۇددىئا ياكى مەقسەت قىلىپ، بۇ كىتاپنى ”تارىخ ھەمىدى“دەپ ئاتىدىم.

يەنە بىرى شۇكى، ئاۋالقى زاماندا، يەنە تارىخ ھىجرىنىڭ توققۇز يۈز ئەللىك ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1545- يىلى – ت)ئەمىلەرنىڭ ئەمىرى مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىننى مىرزا مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگانىمۇ (ئاللا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قەۋرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي) ئەينى زاماندىكى ئاجايىپ ۋەقەلەر توغرىسىدا بىر جانلىق تارىخ تۈزۈپ، ئۆز زامانىنىڭ پادىشاسى سۇلتان بىننى سۇلتان، يەنى شىرىن- سۆزلۈك، ئالى مەرتىۋىلىك ئابدۇل رەشتىخان [25] بىننى سۇلتان سەئىدىخانىنىڭ [26] نامىغا بېغىشلاپ، ”تارىخ رەشدى“دەپ ئات قويغان ئىدى. مەنمۇ بۇ دەرۋىدىكى ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ خەلىپىسى، سۇلتان بىننى سۇلتان ۋە ئۇلۇغ ھەرەمەيىننىڭ خادىمى ئابدۇل ھەمىدىخان بىننى ئابدۇل مەجىتخان نامىغا بېغىشلاپ ”تارىخ ھەمىدى“ دەپ ئات قويدۇم.

يەنە بىر سەۋەپ، خۇددى ”ھەدىس“كىتاۋىدا ”ئەگەر بىرەر كىشى يەنە بىرسىدىن ئىلىم سورىسا، ئۇ كىشى ئىلىمنى بىلىپ تۇرۇپ سورىغۇچىدىن يۇشۇرسا، بۇنىڭ بوينىغا ئوتتىن نوختا سېلىنىشى كېرەك.“ دەپ كۆرسەتكەندەك، مەنمۇ ئۆزەمنى مۇنداق قورقۇنچتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر قانچە سۆزنى ئاۋال ئۆزەم بىلىدىغان بۇرۇنقى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ۋە ئاللاغا يېقىن پادىشالارنىڭ نام- نەسەپلىرى ھەققىدە باشلاپ، بۇنىڭغا تەكرار- تەكرار قەلەم سۈردۇم. چۈنكى، بۇ موغۇلىستان يۇرتى ۋە ئاھالىسى ئەل خاقان ھىمايىسى ۋە ئىتائىتىگە كىرگەنلىگى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ تەۋەلىگىدىكى پۇقرالار قاتارىدا ھىساپلىنىپ، كىتاپلاردىن ئورۇن ئالغانلىغى، بۇ دۇنيادىن ئىبارەت ئىككى ئالەمدە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك شۆھرەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئۇلۇغ ”ھەدىس“ كىتاۋىدا يەنە ”ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆز دەۋرىنىڭ پادىشالىرىنى بىلمىسە ياكى تونۇمىسا، ئۇنداق ئادەم جاھىللىق بىلەن ئۆلۈمگە گىرىپتار بولىدۇ.“دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭلاشقا، بارلىق پۇقرالار، ھەر خىل ئىنسانلار ۋە گوروھلار ئۆز دەۋرىنىڭ پادىشالىرىنى ياخشى تونۇپ بىلىشى شەرت. بۇنداق قىلىش ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاخىرەت ئازاۋىدىن قۇتۇلۇشىغىمۇ ياردەم بېرىدۇ. مەنمۇ خۇددى شۇنداق چىڭ ئەقىدە ۋە مەقسەت بىلەن بۇ ئەسەرگە ”تارىخ ھەمىدى“ دەپ ئات قويدۇم.

توغرا يولنى تۇتقان مۇناسىۋەتلىك دوست- بۇرادەرلىرىم بۇ مەجمۇئەگە نەزەر تاشلىغاندا، مەندەك بىر خار ۋە

بىئېتىۋارنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجابەتلىك ۋە تەسىرلىك دۇئالىرىدىن چەتتە قويماس دىگەن ئۈمىد بىلەن، ئۇلاردىن دۇئا ۋە پاتىھە تەلەپ قىلىپ، بۇ ئەسەرگە قەدەم باشلاپ، قەلەم سۈردۈم. ئاللا بۇ ئىشمغا رەھمەت ۋە شەپقەت قىلىپ، مېنى توغرا يولغا باشلاپ، ياردەم بېرىشنى ۋە بۇ ئىشىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

## مۇقەددىمە ئىپتىداسى

## 1

موغۇلىستان يۇرتى ياكى يەتتە شەھەر [27] نىڭ زامانىمىزغىچە بولغان ئەھۋاللىرى ھەم ۋەقەلىرى قىسسىسى، بۇ زىمىنغا قايسى تايىپىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى،"موغۇللىيە"[29] دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەپلىرى، مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ ئەسلى نەسەپلىرى، خاقانى چىنىنىڭ [30] بۇ يەتتە شەھەرنى ئۆزىگە قاراتقانلىغىنىڭ سەۋەپلىرى ۋە قىسقىچە جەريانلىرى - بايانى

ھۆرمەت ۋە ھەشەمەت ئىگىلىرىدىن بولغان يېقىن دوست- بۇرادەرلەرنىڭ ناھايىتى سەزگۈر قۇلاقلىرىغا يېتىپ روشەن ۋە ئاشكارە بولغايكى، قەدىمقى زامانلاردا ۋە تارىخ كىتاپلىرىدا، بۇ يەتتە شەھەر"موغۇلىستان"دەپ ئاتالغان. كونا ئىشەنچىلىك ھۆججەتلەردىمۇ، بۇ جاينىڭ "موغۇللىيە" تەۋەلىگىدە بولغانلىغى قەيت قىلىنغان. ئەمدى"موغۇللىيە"دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى نىمە؟ بۇ يەتتە شەھەر دەسلەپ قايسى دەۋرىدىن باشلاپ دىنىنىڭ دۆلەت شېرىپىگە ئىگە بولغان؟ ئۇنىڭ پادىشالىرى قايسى مەزھەپ ۋە مىللەتكە مەنسۇپ؟ خاقانى چىنىنىڭ بۇ جايغا قاچان ئىگىدارچىلىق قىلغانلىغىغا قانچە يىل بولدى؟

يۇقىرقى مەسىلىلەرنى تەپسىلى يېشىپ بېرىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بۇ قىسقىچە تارىخچىدا، ئالدى بىلەن بۇرۇن ئۆتكەن تارىخچىلارنىڭ ئەۋلاتلارغا تەقدىم قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇلۇغ كىتاپلىرىدىكى ئىبارىلەرنى نەمۇنە ئورنىدا بايان قىلماي تۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. ئەگەر سۆزلىگۈچى سۆزىنىڭ ئەۋۋىلىنى باشلىماي تۇرۇپ ئاخىرىدا كۆچەپ كەتسە، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنى بېشى يوق گەپ دەپ نەزەر- ئېتىۋارغا ئالمايدۇ. شۇڭلاشقا"رەۋزەتۇسسافا" [31]

(ساپالىق باغ ــ ت)، «مۇنتەخەببۇتتاۋارىخ [32]» (تارىخلارنىڭ تاللانغىنى ــ ت)، "تارىخ رەشىدى" ۋە باشقا تارىخ كىتاپلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن تاللانغان بىرقانچە مەلۇمات بۇ ئەسەردە ئالدى بىلەن قىسقىچە بايان قىلىندۇ.

ئەلقىسسە، ئۆتكۈر كۆزلەر ئەھلى ۋە دانالارغا مەخپىي قالمىغايكى، بۇ تارىخنى يېزىشتىكى ئەسلى مەقسەت بولسا، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئەھۋالى، پادىشا ۋە ئەمىر- ئەمىرلىرى، دۆلەتكە ھۆكۈمران بولۇپ سۆلەت ۋە سەلتەنەت تاپقانلار ۋە ئۇلارنىڭ شۆھرەت ياكى قان- قېرىنداشلىق جەھەتتىكى نامى نەسەپلىرى، ئەسلى ۋەتەنلىرى، ئورۇن مەنزىللىرى، يۇرتى، ئۇلارنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرى، نىشان- ئالامەتلىرى، سۆز- ماقاللىرى قاتارلىقلارنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئالدى بىلەن نوھ بىننى ئادەم سانى (ئىككىنچى ــ ت)نىڭ زىكرىنى ئارزۇ- تىلەك ۋە تەبرىك بىلەن باشلىماي تۇرۇپ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۆجىزىلىك ۋەقەلىرى، قەۋم گۇرۇھلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن سۆز ئاچماي تۇرۇپ، مەقسەت ۋە مۇددىئاغا يەتكىلى بولمايدۇ.

نوھ ئەلەيھىسسالام ئەللىك كەم بىر مىڭ يىل (مىلادى 950- يىلى ــ ت)پەيغەمبەرلىكتە ئولتۇرۇپ، ئۆز قەۋملىرىنى دىنغا دەۋەت قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ قەۋملىرى يامان بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋەتلىرىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە توغرا يولغا كىرمىدى. «كىتابى مۇلكولئەئالام» (ئالەم ئىگىسىنىڭ كىتاۋى يەنە قۇرئان ــ ت) دە ۋە ئەرەپ، ئەجەم خەلقىنىڭ ئارىسىدا، خۇدا ئۆز قەھرى بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلىپ دوزاقتا تاشلىغانلىغى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلار ۋە مەشھۇر رىۋايەتلەر ساقلانغان. شۇڭلاشقا، ئۇلار ھەققىدىكى قىسسىلەرگە ۋە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سام، هام ناملىق ئىككى ئۇلۇغ ئوغلى ۋە نەۋرىلىرى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە ئالاھىدە توختالمىدىم.

نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى يافەس بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ شەرق ۋە شىمال تەرەپتىن ۋەتەن تۇتقان ئەۋلاتلىرى ھۇن، تۈرك، موغۇل قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ نەسەپلىرىنى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ بۇ جايلاردىكى باشقا قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولساممۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئۈچۈن ئۆمرۈم يەتمەسمىكىن دىگەن خىيال- ئەندىشە بىلەن، پەقەت يافەسنىڭ بىر ئوغلى تۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى، نەۋرە- چەۋرىلىرى، قەۋمى- قېرىنداشلىرىنىلا قىسقىچە بايان قىلدىم. چۈنكى، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆمرى 80 ياشقا يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ قەدەملىرى قىسقىرىپ، نوقسانلىرى كۆپىيىدىكەن. شۇڭلاشقا، تۆۋەندە يازغانلىرىمنى تەنە- تەئەررۇز قىلماسلىغىڭىزلارنى ئۈمىدت قىلىمەن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، نوھ ئەلەيھىسسالام ئاب ئازاپىدا (تۇپان سۈيى بالاسىدا – ت)پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بويىچە بىر كېمە ياساپ، كېمىگە ھەر تۈرلۈك مەخلۇقتىن بىر جۈپ سېلىپ، ئەڭ ئاخىرى كېمىنى جۇد تېغىنىڭ [33] ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. ئادەم ئەلەيھىسسالام نەسلىدىن سەكسەن كىشى سالامەت چىقتى. لېكىن دەريا سۈيىنىڭ داۋاملىق ئاپەتلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارمۇ ھالەك بولۇپ، ئاقىۋەت نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى، ئۈچ ئايال جەمئىي يەتتە كىشىلا سالامەت قالدى. يەر يۈزىدىكى پۈتۈن ئىنسانىيەت گۇرۇھى ياكى ئادەم جىنسى، دەل شۇ نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۈچ ئوغلىدىن تارالغان ئەۋلادلاردىن ئىبارەت. شۇ سەۋەپتىن، نوھ ئەلەيھىسسالام «ئادەم سانى» (ئىككىنچى ئادەم ئەلەيھىسسالام – ت) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدا يەر يۈزىدە بۇلارنى باشقا ھايات ۋە ئىنسان قالمىغان ئىكەن.

نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئىسىم- شەرىپلىرى سام، ھام ۋە يافەس ئىدى. بۇلار يەنە پەيغەمبەر مۇرسەل ئىدى دېگەن رىۋايەتلەرمۇ بار. سام نوھنىڭ يەنە باشقا ئوغۇللىرىغا قارىغاندا ئەقىللىق، دانا ۋە ساپ پاراسەتلىك ئىدى. نوھ ئەلەيھىسسالام ئەنبىيالىق ۋە ئەلچىلىكنىڭ ئىچكى سىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. باشقا پەرزەنتلىرىنى بولسا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىغان ئىدى. ئالەمنىڭ ئەڭ ئاۋات ۋە ياخشى جايلىرىنى، بولۇپمۇ روبئى مەسكۇن (يەر يۈزىنىڭ ئادەملىرى ياشايدىغان ئاۋات قىسمى – ت) نىڭ كىلىماتى مۆتىدىل، ھاۋاسى ياخشى يەرلىرىنى مەخسۇس پەرزەنتىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدەك، ئەنبىيا، ئەۋلىيا، ھۆكىما (پەيلاسوپلار – ت) ۋە ئەمرالارنى (ئەمىرلەرنى – ت) سامنىڭ نەسلىدىن بولسۇن دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. سام بەش يۈز يىل ئۆمۈر كۆردى. ئۇنىڭدىن توققۇز پەرزەنت دۇنياغا كەلدى. بۇلار ئەرفەخشەغ، كيومرىس، ئاسۇر، يەقىن، لاۋاج، لاد، ئەلەم، لەدىم، يۇر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەرفەخشەد پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى، كيومرىس بولسا پادىشالارنىڭ ئاتىسى ئىدى.

سام ھەر بىر پەرزەنتىنى ھەر قايسى تەرەپكە بۇيرىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئون توققۇز خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان بولدى ۋە بابىل [34]، يەمەن [35]، ھەزەرمۇت [36]، ئۇمان [37]، ئىراقەيىن [38]، پارىس [39] قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان بولدى. بەزىلىرى يەر زىمىننىڭ شەرق ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىگە بېرىپ، ھام بىلەن يافەسنىڭ ئەۋلادىغا ئارىلىشىپ، نوپۇسى ناھايىتى كۆپىيىپ، شەھەر- ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپ ئاۋات قىلدى.

ھام جەنۇپ تەرەپكە بېرىپ، دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان بولدى، خۇداۋەندەكېرىم ئۇنىڭغا توققۇز پەرزەنت بەردى.

ئۇلار ھىند، سىند، نۇبە، كەنئان، زەنج، كوش، قىمىت، بەربە (بەربەر ـ ت) ھەبەش دەپ ئاتالدى. سۇدان يۇرتىنىڭ ئادەملىرى، زەنگىبار، ھەبەس، ھىندىستان خەلقى ھامىنىڭ ئەۋلادى، بۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئون سەككىز خىل تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان بولدى. ئۇلارمۇ نۇرغۇن شەھەر ۋە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدى.

بۇرۇن نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنى جۇد تېغىغا سۆرەپ چىقىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە زېمىن ئايرىپ رۇخسەت بەرگەن چاغدا، يافەس دادىسىدىن "ماڭا دۇئا ئۆگەتسىڭىز، مەن خالىغان چاغدا دۇئا قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرغان بولسام" دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى، دادىسى بۇنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى. ئاللا ئۇنىڭ تەلۋىنى قوبۇل قىلىپ، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىسمى ئەززەم دىگەن ئايەتنى ئەۋەتتى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى تاشقا نەقىش قىلىپ ئۆيۈپ بەردى. بۇ تاشنى ئەرەپچە "ھىجىرىلمەتلەر" (يامغۇر ياغدۇردىغان تاش – ت) دەيدۇ. تۈركلە "يادا تاشى"ياكى "جادا تاشى" دەپ ئاتايدۇ.

يافەس دۇنيانىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىدىكى ئىدىل (ۋولگا – ت) ئىرتىش دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشايتى. ياخشى قائىدە- يوسۇنلارنى ئورناتتى ۋە دۇنيانىڭ شەرقىدىكى بىپىجىك مەملىكىتىدە بىر شەھەر بىنا قىلدى، خۇداۋەندەكېرىم ئۇنىڭغا ئون بىر پەرزەنت بەردى. ئۇلار چىن، ساقلاپ، گۇمادى، تۈرك، خەلەج، خەرىز، رۇس، سەدسان، غەربا، رۇج، مۇنشەج دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆز ئەۋلادىدىن قىز ئېلىپ بېرىپ، " يۇرتۇڭلارنى ئاۋات ۋە باي قىلىڭلار، ھەق تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئوبدان تەربىيە بېرىڭلار، ئۇلار كۆپەيسۇن "دەپ ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

يافەسنىڭ ئەۋلادىغا تۈرك دىگەن ئوغلى باشلىق بولدى. ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك، مەردانە، ھۈنەرۋەن، ئەقىللىق بالا ئىدى. ئۇ ئالەم ئەتراپىنى سەيلە قىلىپ يۈرۈپ بىر كىچىك دەريا ۋادىسىغا باردى. بۇ جاينى" سەيلۇك "دەپ ئاتايتى. بۇ ئېقىن سۇلىرى، بۇلاقلىرى كۆپ، چىرايلىق سايرايدىغان ھەر تۈرلۈك قۇشلار ياشايدىىان خۇش ھاۋالىق بىر جاي ئىدى. تۈرك بۇ جاينى كۆڭلىگە ياقتۇرۇپ، ئۆزىگە ماكان قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئوت- گىيا ۋە قومۇشلاردىن ئۆي ياساپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن چېدىر- ئۆيلەرنى پەيدا قىلدى، چارۋا تېرىسىدىن تون، تۇماق تەييارلاپ كەيدى. ئۇنىڭغا ناھايىتى ئادىل ۋە سېخى پادىشالىق بەخشەندە قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ھەق تائالانىڭ بەندىلىرىنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئۇلارنى قاتتىق تەربىيە ئاستىغا ئالدى، ھەم ناھايىتى ياخشى پەرزەنتلەرنى كۆردى. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ بىرىگە "

فۇدەك "دەپ ئىسىم قويىدى. فۇدەك ئوۋ قىلىشقا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇ بىر كۈنى سەھرادا كىيىك گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ ئولتۇرغاندا، بىر پارچە كاۋاپ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. فۇدەك بۇنى يەردىن دەرھال ئاغزىغا سالدى ۋە كاۋاپنىڭ لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى سەزدى ـ دە، شۇنىڭدىن باشلاپ تاماقنى تۇز بىلەن يەيدىغان ئادەتنى پەيدا قىلدى. ئىنسانلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق ئادەتنى بىلمەيتتى.

يافەسىنىڭ ئوغلى خەرىز شىمال تەرەپتىكى مەملىكەتلەردىن سۇ بويلىرىغا كېلىپ، بۇ جايلارنى مۇناسىپ كۆرۈپ ئۆزىگە ماكان قىلدى. ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە تۇلكە، سۆلۈسۈن ئوۋ قىلىپ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىدىغان بولدى. خەرىزنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىر پەرزەندى دەرياغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. خەرىز سۇنىڭ زىددى (قارىشىسى ـ ت) ئوت ئىكەن دەپ ھېساپلاپ نۇرغۇن ئوتۇن راسلاپ ئەھلى قەۋمىنى ھازىر قىلىپ، داپ، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى تەييارلاپ، نەغمە ـ ناۋا بىلەن، ئوغلىنىڭ جەسىدىنى دەريادىن سۈزۈپ چىقىرىپ ئوتتا كۆيدۈردى، بۇنداق شۇم ۋە يامان ئادەتلەر تا ھازىرغىچە بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى يەنە تاغ غارلىرىدىن ھەسەل تېپىۋېلىپ ھالۋا قىلىشنى پەيدا قىلغان ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يافەسىنىڭ ئوغلى رۇس خەرىزنىڭ يۇرتىغا يېقىن . كۆچۈپ كېلىپ، خەرىزگە ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئۆزىگە يېقىنراق بىر جايدىن ئورۇن بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىكەن. خەرىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا پاكىز ۋە ھاۋالىق بىر ماكاننى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى بۇ جايدا ئورۇنلىشىپ قالدى.

يافەسىنىڭ يەنە بىر ئوغلى غار بۇلغار دىگەن زىمىنغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، ياخشى ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدى. لېكىن ئۇ ناھايىتى مەككار ـ ھىلىگەر ئىدى ۋە ئۆز قېرىندىشى تۈرك بىلەن قاتتىق جەڭ ـ جىدەللەرنى قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىر كۈنى يافەس بىننى نوھ دەرياغا چۈشۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يادا تاش غەر بىننى يافەسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ چاغدا يافەسىنىڭ ھەر قايسى ئوغۇللىرى بۇ يادا تاشقا مەن ھەقلىق دەپ دەۋا قىلىشتى. غەر ھىلىگەرلىك ئىشلىتىپ، خۇددى بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر تاش تېپىپ، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشاش قىلىپ، ئىسمىنى نەقشلەپ تەييارلاپ قويىدى. ئاندىن ئۇ "چەك تارتىپ باقساق، چەك قايسىمىزغا چىقسا يادا تاش شۇنىڭغا مەنسۇپ بولسۇن" دىدى. ئۇلار بۇنىڭغا قارار قىلىشىپ چەك تاشلاشتى. چەك تۈرك بىننى يافەسكە چىقتى. غەر

ئىلاجىسىزلىقتىن ئۆزى تەييارلىغان يالغان يادا تاشنى تۆرككە بەردى. تۆرك بۇ تاشنى ئېلىپ ھەرقانچە يامغۇر تەلەپ قىلسىمۇ، يامغۇر ياغمىدى. ئۇ يالغان يادا تاشنى ئۇقۇشماي ئېلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ، غەرنىڭ ھىيلە- مىكىر قىلغانلىقىنى سېزىپ، لەشكەر يىغىپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى ۋە يالغان يادا تاشنىڭ ئورنىغا راست يادا تاشنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. غەرمۇ چوڭ ئوغلى بىيۇدنى لەشكەر بىلەن جەڭگە ئەۋەتتى. ئارىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ، بىيۇد جەڭدە ئۆلدى. تۆرۈك غەلبە قىلىپ قايتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بىر تۇققانلار ئارىسىدا جەڭ- ماجىرالار باقى ئادەت بولۇپ ساقلىنىپ قالدى.

يافەسنىڭ يەنە بىر ئوغلى ساقلاپ غەرپ تەرەپلەردە ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى ۋە ئەۋلاتلىرىمۇ كۆپەيگەن ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپ، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا يەنە ئۇنىڭ بىر ئىتىمۇ توساتتىن كۈچۈكلىگەن ئىدى. ساقلاپ بۇ ئوغۇلنى ئىتقا ئىمىتىپ، پەرۋىش قىلىپ چوڭ قىلدى. بۇ بالا ئىتقا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ يۈزىنى چىشلەيدىغان بولدى. بۇنىڭغىمۇ بىر خوتۇن ئېلىپ بەردى ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغۇلغىمۇ ساقلاپ دەپ ئات قويدى. بۇ بالا بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن پەرزەنتلىرى ۋە تەۋەلىگىنى باشلاپ رۇس دىيارىغا بېرىپ، ئۆزىگە لايىق بىر زېمىن بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، رۇس ئۇنىڭغا "بۇ زېمىن بەك تار، سىزلەرگە كەڭ بىر جاي لازىم ئىكەن" دەپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلدى. ساقلاپ ئۇنىڭدىن يېنىپ گۇمادى ۋە خەزىرنىڭ يېنىغا بېرىپ، يەنە شۇ تەلەپنى ئوتتۇرغا قويدى ۋە ئۇلاردىنمۇ ئوخشاش جاۋاپ ئالدى، نەتىجىدە ئۆز- ئارا جەڭ- ماجىرالار پەيدا بولدى. ساقلاپ قېچىپ بىر جايغا باردى. بۇ يەر بولسا دائىرىسى ئالتمىش ۋە يەتتە ئىقلىمنىڭ سىرتىدىكى بىر جاي ئىدى. سوغاق قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يەر تېگىدىن ئۆي ياساپ ئولتۇراتتى.

يافەسنىڭ گۇمادى دىگەن يەنە بىر ئوغلى ئەيشى- ئىشرەت ۋە ئوۋچىلىققا ئامراق بىر كىشى ئىدى. ئۇ ئوۋ قىلىپ يۈرۈپ، ئۈشتۈمتۇت بۇلغارنىڭ ئەتراپىدا مۆتىدىل خۇش ھاۋالىق ۋە پاكىز بىر جاينى تېپىپ، شۇ جايدا تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولدى. خۇداۋەندەكىرىم ئۇنىڭغا ئىككى پەرزەنت بەردى. ئۇنىڭ بىرىگە بۇلغار، يەنەبىرىگە بەرتاس دەپ ئات قويدى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ھەر تەرەپكە بېرىپ، ئىمارەت سېلىپ، تۈلكە، سىنجاپ (سۇلۆسۇن — ت)، سەمۇر (قۇندۇز — ت)، تاقىم (قۇش — ت) ئوۋلاپ، ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم قىلىپ كىيىدىغان ئادەتنى پەيدا قىلدى. بۇ ئادەت شۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە جامائەت ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

يافەسنىڭ ئوغلى چىن ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، ھوشيار ۋە تەدبىرلىك كىشى ئىدى. دادىسى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىمۇ ئوغلىنىڭ نامى بىلەن چىن دەپ ئاتىدى. چىن يەنە تەبئىتى ئۇستان ۋە ھۈنەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ نەققاشلىق، رەسسامچىلىق ۋە گۈللۈك كىيىم تىكىپ كىيىشنى پەيدا قىلدى. پىلىچىلىك ھۈنەرۋەرچىلىكنى كەشىپ قىلىپ، بۇنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئۆگەتتى. بۇ ھۈنەرۋەنچىلىك ھازىرمۇ كۆپرەك بېيجىڭدا مەشھۇر. بۇ چىننىڭ پاك زېھىن- ئىدرەككە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ چاغدا ئاللا چىنغا خۇش چىراي ۋە شوخ بىر پەرزەنت بەردى، بۇنىڭغا ماچىن دەپ ئات قويدى ۋە ئۇنى ئۆيى- ئوچاقلىق قىلدى، ماچىنمۇ كۆپ پەرزەنتلىك بولدى، بىر كۈنى ئۇ دادىسىغا مەسلىھەت سېلىپ، "مېنىڭ پەرزەنتلىرىم كۆپىيىپ كەتتى، بۇ زىمىنغا سىغمايدىغان ھالەتكە يەتتىم. ئەگەر رۇخسەت بولسا يېقىنراق بىر شەھەر بىنا قىلىپ ئولتۇرسام" دېدى. چىن بۇنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولۇپ بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنى ماچىننىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان بولدى، ماچىننىڭ بالا- پەرزەنتلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇ باللىرىغا قوينىڭ يۇڭىدىن يىپ ئىگىرىپ كىيىم قىلىپ كىيىشنى، بۇركۇت بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگەتتى. قۇش جانىۋارلارنىڭ ئىچىدە ئەنقا دېگەن ناھايىتى چىرايلىق سۈرەتتەك بىر قۇش بار ئىدى، ئۇ قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا باشلىرىغا قىسىدىغان بولدى. ماچىن بۇ قۇش قاناتلىرىنى جەڭ كۈنلىرىدە باتۇرلارنىڭ دەستار- داۋۇلغا (ئوق ئۆتمەيدىغان تۆمۈر ياكى پولاتتىن ئىشلەنگەن باش كىيىم ـ ت) لىرىغا بېكىتىپ، ھەيۋەتلىك باتۇرانە قىياپەتكە كىرىشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئادەت مەنساپدارلار ئارىسىدا تا ھازىرقى دەۋرگىچە ساقلانماقتا.

يەنە بىر قېتىم ماچىن ئوۋغا چىقىپ، بىر كىيىكنى تۇتقان ئىدى، كىيىكنىڭ كىندىكىدىن بىر خىل خۇش پۇراق قان ئېقىپ چىقتى. ماچىن بۇ قاننى ئېھتىيات قىلىپ ساقلاپ قويدى. قۇرۇغانسېرى بۇ قاندىن تېخىمۇ بىر خىل خۇشپۇراق پەيدا بولدى. ماچىن شۇنىڭدىن باشلاپ "ھەرقانداق كىشى بۇ كىيىكنى ئوۋلايدىغان بولسا، ئۇنىڭ كىندىكىنى ئېھتىيات قىلىپ ساقلىسۇن" دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كىيىكنى ئوۋلايدىغانلار ئۇنىڭ كىندىكىنى ئېلىپ ساقلايدىغان بولدى. بۇ مىشكى (ئىپار ـ ت) دەپ ئاتىلىپ، ئادەملەرنىڭ قولىدا بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ ھال ماچىننىڭ بالا- پەرزەنتلىرىگە يىلدىن- يىلغا بايلىق- بەرىكەت ئېلىپ كەلدى. چىن ۋە ماچىننىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئۇلارنىڭ پەرزەنت- ئەۋلادلىرى ئوتتۇزئالتە خىل تىلدا سۆزلىشەتتى.

شۇنداق قىلىپ، سام، ھام، يافەس بۇ ئۈچ قېرىنداشنىڭ پەرزەنت ۋە نەۋرىلىرى يەتمىش ئىككى خىل تىل بىلەن

سۆزلىشىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى بىر تايپە ياكى بىر قەبىلە بولۇپ شەكىللەندى. بۇ قەبىلىلەر بىر- بىرى بىلەن تىلماچ (تەرجىمان – ت) ئارقىلىق سۆزلىشەتتى. ھەر بىر تايپە ياكى قەبىلە ھەر تەرەپكە تارقاپ، ئۆز ئالدىغا شەھەر- ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپ ياشايدىغان بولدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يەئجۇج ۋە مەئجۇج [40] دېگەن تايپە ۋە قەبىلىلەرمۇ يافەسنىڭ ئوغلى مىنشەجنىڭ ئەۋلادى دەپ بايان قىلىنىدۇ.

ئەگەر يافەس بىننى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون بىر ئوغلىنى بىر- بىرلەپ بايان قىلىدىغان بولساق، گەپ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، بۇ قىسقىچە تارىخنىڭ يۈكى ئېغىرلايدۇ. بىز بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئايرىم تۈرك ئەۋلاتلىرىنىلا تەپسىلىرەك بايان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قەلەم سۈردۇق.

بەزى تارىخىي كىتاپلاردا، تۈركنى يافەس ئوغلان دەپ ئاتايدۇ ھەم ئۇنى كيومرىس [41] بىلەن زامانداش دەپ بايان قىلىدۇ. ئومۇمەن تۈرك، موغۇل (موڭغۇل – ت)، تاتار، قىرغىز، قىپچاق، ئۇيغۇر ، مانجۇ، نايمان، چېركەس، داچىك، داغىستان، تۈرغۇت، نوغاي، بارلاس، جوراس، جالايىر، دىلىم، جۈرجۈت، يەئجۈج- مەئجۈج قاتارلىق نەچچە مىڭ قەبىلە ۋە نەچچە مىڭ تايپىنىڭ نەسەپلىرى تولۇق تۈرك بىننى يافەسكە يېتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، يافەس نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى تۈرك [42]، ئۇنىڭ ئوغلى ئەبىلخان، ئۇنىڭ ئوغلى زىبىپ باتۇيخان، ئۇنىڭ ئوغلى كۆيۈكخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئەلەنجە خان ئىدى. بۇ ئەلەنجە خاندىن قوشكېزەك ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. بىرىسىنىڭ ئېتىنى موغۇل، يەنە بىرىسىنىڭ ئېتىنى تاتار دەپ قويدى. ئەلەنجە خان بولسا ئۇلۇغ شان- شەۋكەتكە، چەكسىز بەخت- دۆلەتكە ۋە ھەددى- ھېساپسىز مال- مۈلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن زامان پادىشالىق قىلدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ توغرا يولدىن ئېزىپ ئۆز ئەجداتلىرى ئىچىدىكى خانلار ئارىسىدا ئەسلىدىكى دىنىي ۋە مىللىي ئادەتلىرىنى تاشلاپ، يامان يولنى باشلاپ، ھەممىدىن بۇرۇن كۇفرۇ شېرىكلىك (مۇشرىكلىك – ت) يولىنى تۇتقان خانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەلەنجە خان ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە قاراشلىق جايلارنى ئىككى ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلاراغا چېگرا- پاسىل بەلگىلەپ بەردى. موغۇل خانغا تەۋە جايلارنى”موغۇلىستان“، تاتارخانغا يېقىن جايلارنى ”تاتارىستان“ دەپ ئاتايدىغان بولدى. موغۇل خان بىلەن تاتارخان ئۆزىگە تەۋە زېمىنلارنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ ئۆتتى – شۇ زاماندىن بۇ جايلار ”موغۇلىستان“، ۋە ”تاتارىستان“ دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. موغۇلۇستاننىڭ دائىرە ۋە پاسىلى مەزكۇر كىتاپنىڭ

خاتىمە قىسمىدا بايان قىلىنىدۇ. ئاللا ئۇنى يېزىشقا ئىمكانىيەت بەرگەر- ئىنشا ئاللا!

ئەلەنجە خاننىڭ ئوغلى موغۇلخان، ئۇنىڭ ئوغلى قاراخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان ئىدى. لېكىن، قاراخان ئۆز ئىسمى- جىسمىغا لايىق قارانىيە، مۇشرىكلىك ۋە كاپىرلىق مەزھىپىنىڭ يولىدا قەتئىي تۇرىدىغان، كۆرگەنلا مۇسۇلماننى زادىلا تىرىك قويمايدىغان بىر خان ئىدى. ئىسلامغا ئاداۋەتتى كۈچلۈك بۇ كاپىرىدىن بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. بۇ يۈزى ناھايىتى نۇرلۇق ئوغۇل ئىدى. بۇ ئوغۇل ئۈچ كۈنگىچە يا ئانىسى ياكى بىرەر ئايالنىڭ سۈتىنى ئاغزىغا تەككۈزمىدى. ئانىسى بۇ ئوغلىنىڭ ئەھۋالىدىن ناھايىتى غەمكىن بولۇپ تۇرغاندا، چۈشىدە بالىسىنىڭ: ”ئەي ئانا! ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭ سۈتۈڭنى ئىمەي، مۇسۇلمان بولمىساڭ ئەممەيمەن، بۇ سىرنى زادى كىشىگە دىمە“دىگەن سۆزى ئايان بولدى. ئۇ ئۇيقۇدىن تۇرۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بالا سۈتنى ئەمدى. ئانىسى ئېرىنىڭ خۇلقى- مىجەزىنى بىلگەچكە، بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دىمەي، ئۆز ئىمانىنى مەخى ساقلىدى. موغۇللارنىڭ ئۆرپ- ئادىتى بويىچە، بالا تۇغۇلۇپ بىر ياشقا كىرگەن چاغدا، ئات، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ، يۇرتنىڭ چوڭ- كىچىكلىرىنى چىللاپ، ئات توي مەرىكىسى قىلاتتى. شۇ پەيتتە دادىسى بىلەن ئانىسى مەرىكىگە تەرەددۇت قىلىپ، بۇ خۇش پېئىللىك، گۈزەل ئوغلىغا نىمە دەپ ئات قويساق بولار دەپ مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، تېخى ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بۇ زەكىي بالا ”مېنىڭ ئېتىم ئوغۇز بولسۇن“دەپ تىلغا كىردى. دادىسى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، خوشاللىقتىن ئۇنىڭ ئېتىنى ئوغۇز دەپ قويىدى.

ئوغۇز بالاغەتكە يەتكەندە، قاراخان ئۇنىڭغا ئۆز ئىنىسىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. ئوغۇز ئۇنىڭ بىلەن بىر تەكىيگە ياتمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا نەزەر سېلىپمۇ قويمىدى. ئۇ بىر كۈنى ئوۋدىن يېنىپ بىر تاغىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندە تاغىسىنىڭ قىزى ”مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولسام“دەپ تەلەپ قويىدى. ئوغۇزخان ”ئەگەر مۇسۇلمان بولسىڭىز، مەن ئەمىر- ئەقىدەمگە ئالاي“ دىگەندە، ئۇ قىز مۇسۇلمان بولدى. ھەر ئىككىسى ئۆمۈرۋايەت بىللە ئۆتۈشكە ۋەدە- ئەھد قىلىشتى. بىر كۈنى ئوغۇز بۇ سىرنى ئانىسىغا ئېيتتى. دادىسىمۇ سىرنىڭ تېگىگە يەتمەيلا ماقۇل بولۇپ، بۇ قىزنى ئېلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئەر- خوتۇنلۇق مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى.

بىر كۈنى ئوغۇز ئوۋغا كەتكەندە، قاراخان ئوغۇزنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن ”ئوغلۇم سىزگە نىمە ئۈچۈن مۇھەببەت باغلىمىدى“دەپ سورىغاندا، ئۇ ” ئۇ ئوغلىڭىز مۇسۇلمان دىنىغا كىرىپتۇ، ئۇنىڭ توقال خوتۇنىمۇ مۇسولمان بولۇپتۇ، مەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي ئادەتلىرىدىن يانمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىدى“دەپ

جاۋاپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ قاراخاننىڭ غەزەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ، ئوغۇزنىڭ ئۈستىگە لەشكەر ئەۋەتمەكچى بولدى. ئوغۇزنىڭ مۇسۇلمان خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ ئوغۇزغا خەۋەر قىلدى. ئۇمۇ لەشكەر تۈزۈپ تەييارلاندى. ئارىدا قاتتىق جەڭلەت بولۇپ، ئوغۇز غەلبە قىلىپ، دۈشمەنلىرىنى دادىسىنىڭ قارارگاھىغا يېقىن بىر جايغىچە سۈرۈپ كەلدى. بۇ چاغدا دادىسى لەشكەرگە ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇشقا چىقتى. ئۇرۇشتا دادىسى ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى يوق قىلىندى. نەتىجىدە ئوغۇز تامامەن غەلبە قىلىپ، دادىسىنىڭ پايتەختىنى ئىگەللەپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارە قىلىپ، يۇرت ئىچىگە ئادالەت ۋە پاراۋان تۇرمۇش تىكلىدى. ياخشى قائىدە- تۈزۈملەرنى ئورناتتى. بىر يۈز يەتمىش يىل پادىشالىق قىلىپ، ئەرەپ زېمىنلىرى ھەتتا رۇبئى مەسكۇننىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، بۇ يۇرتلاردىمۇ ئاۋاتلىق ۋە مەمۇرچىلىق ئورناتتى. خۇداۋەندەكېرىم ئۇنىڭغا ئالتە پەرزەنت بەردى.ھەر بىر پەرزەنتى يەنە تۆتتىن جەمئىي يىگىرمە تۆت پەرزەنتلىك بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەۋلادى يىگىرمە تۆت تارماققا ئايرىلىپ، يىگىرمە تۆت قەبىلىنى تەشكىل قىلىپ، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئۇيغۇر، قانلى، قاي، خەلەج دېگەنگە ئوخشاش ئايرىم- ئايرىم نام لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

ئوغۇزخان قوشۇن باشلاپ ئەرەبىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ باتۇرلىرىدىن بىرى جەڭدە ۋاپات بولدى. بۇ باتۇرنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، تۇغۇت ۋاقتى- قارارىغا توشۇپ، كىشىگە كۆرۈنمەيدىغان بىر خالى جاي تاپالماي، بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىنى پانا قىلىپ، شۇ جايدا بىر ئوغۇل تۇغدى. ئادالەتپەرۋەر ئوغۇزخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ ئايالنى بالىسى بىللە ھەرەمگە (ئۆز ئوردىسىغا – ت) ئالدۇرۇپ پەرۋىش قىلدى. بۇ بالا دەرەخ ئىچىدە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا "قىپچە" دەپ ئات قويدى. چۈنكى دەرەختىن يېڭى ئۈنۈپ چىققان نوتىنى"قىپچە"دەپ ئاتايتى. كېيىنچە سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن"قىپچە"دېگەن نام "قىپچاق"دەپ ئۆزگىرىپ مۇقىملاشتى. بۇ بالا چوڭ بولغاندا، ئوغۇزخان ئۇنى لەشكەر باشلاپ خەزەر (كاسپىي كۆلى –ت) تەرەپكە يولغا سالدى. ئۇ شۇ جايلارنى ئىگەللەپ ماكان قىلدى. قىپچاق قەبىلىرى بۇ ئوغۇلنىڭ نەسلى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئوغۇزخان يەنە بىر ئوغلى كۈن خان دېگەننى ئۆزىگە قايىم ماقام (مىراسخر – ت) قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈن خاننىڭ ئوغلى ئاي خان، ئۇنىڭ ئوغلى يۇتۇز خان، ئۇنىڭ ئوغلى دېڭىز خان، ئۇنىڭ ئوغلى مەڭلى خان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېل خان قاتارلىقلار كەينى- كەينىدىن پادىشا بولدى. بەزى راۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئېل خان بىلەن

پادىشا فەردۇننىڭ [43] ئوغلى تۇر [44] ئارىسىدا بەزىدە قارىمۇ- قارىشلىق ئاداۋاتلىرى، بەزىدە خەت- ئالاقە ۋە برىش- كېلىشلەر بولۇپ تۇرغان ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئېل خان تۆرىنىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولغان.

موغۇل خانلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىچىدە سەككىز نەپەر خان ناھايىتى شەۋكەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك پادىشا بولۇپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ توققۇزىنچىسىغا يەتكەندە، تاتارلار موغۇل خانلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، ھەممە موغۇللارنى قىرغىن قىلىپ، ئۇرۇق- ئەۋلادىنى يەر يۈزىدىن تامامەن يوق قىلدى. پەقەت ئېل خاننىڭ ئوغلى قىنانخان بىر پۇرسەت تېپىپ تاغىسىنىڭ ئوغلى تەكۇز بىلەن بىللە تاتارلانىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قېچىپ، خوتۇن، بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپ، بىر مۇنچە چارۋىسىنى ھەيدەپ، بىر پىنھان تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياشايدىغان بولدى. بۇ تاغنىڭ پەقەت بىرلا دەرۋازىسىدىن باشقا چىقىدىغان ئاغزى يوق ئىدى، ئۇلار بۇ دەرۋازىنى مەھكەم بېكىتتى ۋە بىر قانچە ئەۋلاتقىچە بولغان نەچچە مىڭ يىل ئىچىدە، ئۇلار شۇ تاغ ئارىسىدا ياشاپ كەلدى. ئەۋلاتلىرى ۋە چارۋىسىمۇ ناھايىتى كۆپەيدى. قىنانىڭ ئەۋلاتلىرىنى ”قىيات“، تەكۇزنىڭ ئەۋلاتلىرىنى ”ئۆكۈش“ دەپ ئاتايدىغان بولدى. بۇلار كېيىنچە تېخىمۇ كۆپىيىپ، بىر قانچە قەبىلىگە ئايرىلىپ تاغ ئىچىگە سىغمايدىغان ھالەتكە يەتتى. ئۇلار ئەسلىدە ئاسماننىڭ تېگىدە بۇ جايدىن باشقا يەنە بىر زىمىن يوق ۋە بىزدىن باشقا ئىنسان ياكى مەخلۇقمۇ يوق دەپ ھىساپلايتى ھەم ئۆزىنىڭ بۇ ماكانىنى ”ئەرگىنەقۇن“دەپ ئاتايتى. بىر كۈنى ئۇلار ئەجداتلىرى بېكىتىپ قويغان دەۋازىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېچىپ سىرتقا چىقىشقا باشلىدى.

ئەسلىدە موغۇل خانلىرىدىن سەككىز خان دۆلەت ۋە ئىززەت بىلەن غۇغۇلۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ھەشەمەتلەر بىلەن ئۆتكەن ئىدى. توققۇزىنچىسىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ نىيىتى نابۇد بولدى. شۇڭلاشقا كېيىنكىلەر بۇ سەككىز خاننىڭ زامانى مۇبارەت ۋە خوشلۇق ھىساپلايدىغان، پادىشالار ئۇلۇغ شەۋكەت ۋە ئۇلۇغ مەرتىۋە ئىگىلىرى ئۆز- ئارا توققۇز توققۇزدىن سوغا- سالام قىلىشىدىغان ئەھۋال ئادەت بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇلار بىر سەككىزنى ”بىر توققۇز“دەپ ئاتايتى. خان ۋە پادىشالار، ھەتتا پۇقرالار بولسا پەقەت سەككىز ناننى كۆتىرىپ بېرىپ، ئۇنى توققۇز دەپ ھىساپلايتى. بۇنداق ئادەت موغۇلستان يۇرتىدا تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئۇ چاغدا، ئېل خان ئەۋلادىدىن يۇلتۇز خان پادىشا ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا دادىسى

هايات ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرسىدىن ئوغۇل، يەنە بىرسىدىن قىز دۇنياغا كەلگەن ئىدى. بۇلارنى بىر- بىرىگە نىكا قىلىپ قويغان ۋە بۇلاردىن بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا يۇلتۇز خانىمۇ ۋاپات بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئوغۇل نەۋرىلىرىمۇ ۋاپات بولۇپ، پەقەت ئالانقۇۋا دېگەن بىر خوتۇنلا يالغۇز قالدى. بۇ خوتۇن يۇلتۇز خانىنىڭ خەلقى ۋە ئۇسۇللىرىغا ئىگە بولدى. ئالانقۇۋا ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن، باشقا ئەرگە تەگمىگەن ئىدى. بىر كېچىسى ئاق ئۆيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن خۇددى ئاپتەپتەك بىر نۇر كۆرۈنگەندەك بولدى. بۇ نۇر يەنە ياش بىر يىگىت سۈرئىتىگە كىرىپ ئالانقۇۋا بىلەن ھەمبەستەر (بىللە – ت) بولدى، ئۇنىڭدا بىر خوشاللىق پەيدا بولۇپ ھامىلدار بولۇپ قالدى. دۆلەت ئەركانلىرى (ئەرباپلىرى – ت) بۇنىڭ ئاڭلاپ تەئەررۇز- مەسخىرە قىلىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا ئالانقۇۋا "مېنىڭ ئادىتىم پاكلىق، نومۇسلۇق، راستچىللىق بولۇپ، پاھشە ۋە يامانلىق قىلمايمەن، ئاق ئۆي تۈڭلۈكىدىن بىر نۇر ئۆيگە كىرىپ، ياش يىگىت سۈرىتىدە بولۇپ بىللە بولدى. ھامىلدار بولۇپ قالدىم" دەپ ھېكايە قىلدى. بەزىلەر بۇ نۇرنى ھەزرىتى ئەلى كېرەموللا ۋەجھۇ ۋە جەبرائىل ئەلەيھىسسالام دەپ قىياس قىلىشتى. مۇنداق ئەھۋاللار خۇداۋەندەكېرىمنىڭ كۈچ- قۇدرىتىدىن بولغان. بۇۋى مەريەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!) دىن ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامىمۇ ئاتىسىز تۇغۇلغان، بۇنداق ئاجايىپ ۋە غارايىپ ئىشلارنى خۇداۋەندە ئاللا ئاسانلا پەيدا قىلالايدۇ. خالىغلان نەرسىنى قىلالايدىغان ۋە ئۆز خاھىشى بويىچە ھۆكۈم قىلالايدىغان بىردىن- بىر سۈپەت پەقەت رەھىمدىل ئاللاغىلا خاس دەپ پەتىۋا قىلىشتى. بەزىلەر يەنە ئاسترونوم ۋە پەيلاسوپلارنىڭ، ئەگەر كۈن بىلەن ئاي ھەممە بۇرجىدا (مىلادى 3- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە بولغان مەزگىل – ت) بىر سىزىقتا توغرا كېلىپ، ئالتىنچى دەرىجىدە ئۇچراشسا، شۇنداق ۋەقەلەر پەيدا بولىدۇ دېگەن سۆزلىرىدىن دەلىل كەلتۈرۈپ، ئالانقۇۋا ھېكايىسىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ ۋە تەستىقلاپ، بىر قانچە سەۋەپ ۋە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. "رەۋزە تۇسسافا" دېگەن كىتاپتىمۇ باشقىلارنىڭ ئالانقۇۋاغا قىلغان مەسخىرە ۋە ئەيىپلەشلىرىگە قارشى بىرمۇنچە دەلىل- ئىسپاتلار كەلتۈرۈلگەن.

كەمىنە مەندەك كۆپ نوقسانلىق بىر قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ كۆڭلىدە، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئەكسىچە بولغان مۇنداق بىر قارىشى مەندىكى سۆز ئۆزىنىڭ نىقاپ پەردىسىنىڭ ئىچىگە يۇشۇرنۇپ، مەخپى بولۇپ كەلگەن بۇ ئاجايىپ رىۋايەتنى ئېنىقلاپ، ۋاراق سەھىپىسىگە يازدىم. مېنىڭچە، بۇ رىۋايەتنى مۇنداق بايان قىلىش كېرەك. يەنى ئالانقۇۋا

نەسلىدىن مۇسۇلمانلىق گۈرۈھىغا كىرگەن خان، پادىشالارنىڭ تۇغلۇق خان، تۆمۈرخان، ئەمىر تۆمۈر كوراگانى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلات جەمەتى ئۆزلىرىنىڭ ئىپپەتلىك ئالانقۇۋا نەسلى ـ ئەۋلادىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار يەنە ئالانقۇۋاغا ئادەم ئەۋلادى قول تەككۈزۈپ باخمىغان. ئالانقۇۋا پەقەت نۇردىن ھامىلدار بولۇپ نەچچە ئاي ۋە نەچچە مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇزەنجىرخاننى تۇققان، بىز بولساق ئەنە شۇنىڭ ئەۋلادى دەپ پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى شۆھرەتلىك ھىساپلايدۇ. ئۇ كۆرۈنگەن نۇرنى ھەزرىتى ئەلى كىرەموللا ياكى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قىياپىتى دەپ يۇقىردىكى رىۋايەتكە ئەقىدە ۋە ئىخلاس قىلىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنداق پايدىسىز ئەقىدە ـ ئېتىقات ۋە ھىكايىلەر نەزەر ۋە ئېتىۋارغا ئالغىلى بولمايدىغان بىر خىل قۇرۇق گەپ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىشىنىش كاپىرلىقنىڭ بەلگىسى. چۈنكى ھەزرىتى ئەلى كېرەموللا بولسا ھىجرىنىڭ قىرىقىنچىنى يىلى (مىلادى 660ـ660 ـ ت) ۋاپات بولغان ئىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئالانقۇۋا دەۋر ھەزرىتى ئەلىدىن كېيىن ئۆتكەن. شۇنىڭدەك، ئالانقۇۋا قارا شەھەر مەملىكىتى تەۋەسىدىكى ئۆز قەۋمى ـ مىللىتى بولغان قالماقلارنىڭ كاتتىسى بولۇپ تۇرغان ئىدى. ئۇلار ھەقىقىي خۇدايىتائالانى، پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ساھابىلىرىنى بىلمەيتى. بەلكى ئۇلار ئىمان كەلتۈرمىگەن، ھەتتا خۇدايىتائالا ، پەيغەمبەر ۋە ساھابىلارنىڭ ئىسىم ـ شېرىپلىرىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان. بۇ ھەم ئاي ۋە كۈنگە ئىبادەت قىلىدىغان، جىن، شەيتانلارنىڭ كەينىگە كىرىپ قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەتتە ياشاشنى ئادەت قىلىپ، ئالاتائالانىڭ مۇنداق نۇر ئىلھامىنىڭ بىشارىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

مەشھۇر تارىخ كىتاپلىرىدا ئىنسانلارغا موغۇل تايىپلىرىنىڭ ئىسلام شەرىپىگە ئەڭ دەسلەپ ھىجرى ئالتە يۈزىنچى يىللىرىدىن (مىلادى 1203ـ1204ـ يىللىرى ـ ت) كېيىن ئىگە بولغانلىغى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەھلى كىتاپ ئەمەس (مۇقەددەس دىنىي كىتاپ ئەۋەتىلگەن بىرەر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى ئەمەس ـ ت) مۇشرىك بىر خوتۇننىڭ نىكاسى شەرئىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. ئەگەر ھەزرىتى ئەلى كېرەموللا ۋەجھۇ كارامەت بىلەن بۇ مۇشرىك خوتۇننى مۇسۇلمان قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلاشقانلىغىنى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس دەپ پەرەز قىلىنسا، بۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ پاكلىغىغا شەك ـ شۆبھە ۋە گۇمان كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ. گۇمان بىلەن بىرەر نەرسىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ھەتتا گۇماننىڭ ئۆزى شەرىئەتتە ھۆججەت ۋە دەلىلمۇ بولالمايدۇ.

شۇنىڭدەك، ھەزرىتى ئەلى ئىراق زىمىنىدىن باشقا ۋىلايەتلەرگە ئۆتمىگەن ئىدى. ئەگەر بۇ ئۇلۇغ زات ئۆز قەۋرىسىدىن

چىقىپ نۇرغا ئايلىنىپ، ئاندىن ئىنسان سۈرىتىگە كىرىپ، بىر كاپىر خوتۇن بىلەن يېقىنلىشىپ بىر ياستۇقتا ياتتى دەپ سۆزلەنسە، بۇ تاناسخىيە ۋە ھۇلۇلىيە [45] تەرەپدارلىرىنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ قالىدۇ.

موغۇللارنىڭ مەزھەپلىرى ئىنساننىڭ روھى ھامان ئۆز تېنىدىن ئاجراپ يەنە بىر تەنگە يۆتكىلىپ يۈرىدۇ دېگەن ئەقىدىگە ئىتائەت قىلىدىغان بىر مەزھەپ. چىن ئەھلىنىڭ بەزىلىرى ۋە بارلىق ھىندىلارمۇ شۇ مەزھەپنىڭ تەرەپدارلىرى. شىئە [46] مەزھىپىنىڭ بەزى سوپىلىرى شۇ مەزھەپكە مايىل. ھالبۇكى، بۇنداق ئەقىدە- ئېتىقات بولسا كاپىرلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«مىلەل ۋە نەھەل» (مىللەتلەر ۋە مەزھەپلەر) دېگەن كىتاپنىڭ مۇئەللىپى ئىمام مۇھەققەق بىننۇلھەزم ئەلزاھىرى [48] ۋە باشقا ئالىملار ئۆز كىتاپلىرىدا، يۇقۇرقىدەك ئەقىدىگە ناھايىتى قاتتىق رەددىيە بەرگەن ئىدى. شۇنىڭدەك، ئەر بىلەن يېقىنلاشمىغان خوتۇنلارنىڭ بالا- پەرزەنت تۇغۇشى مۇمكىن ئەمەس ھەم بۇ جامائەت ئىچىدە ماقۇل كۆرۈلمەيدىغان ئىشلارنىڭ بىرى. بۇنداق ھادىسە، مەريەم بىنت ئەمران ۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا ئاياللار تايىپىسىدە سادىر بولمىغان، ھەزرىتى ئەيسا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملا بۇۋى مەريەمدىن ئاتىسىز دۇنياغا كەلگەن. شۇڭلاشقا، بۇنداق مۆجىزىلىك ھادىسە پەقەت ھەزرىتى ئەيسا ئالەيھىسسالامغىلا خاس بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا ئىنسانغا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ بەزى تەتقىقاتچى ئىماملىرى بۇۋى مەريەمنى پەيغەمبەر ئىدى. ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر بولمىغان تەقدىردە، ھەق تائالا ئۆزىنىڭ قەدىمقى كىتاپلىرىدا (ئىنجىل، تەۋرات ۋە قۇرئاندا – ت) بۇ ھەقتە خىتاپ قىلىپ سۆزلىمىگەن بولاتتى دەپ بايان قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا خۇداۋەندەكېرىمنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتى بىلەن ئاتا ۋە ئانىسى يوق يارىتىلغان مەخلۇق. ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بولسا ئانىسىدىن دادىسى يوق ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئىنسان ياكى باشقا ھايات ئىگىسىنىڭ ئاتا ۋە ئانىسى يوق ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئالەمنىڭ ھەقىقى ياراتقۇچىسى ئاللا ئۆزىنىڭ ئىلھام ۋە ئېھسانلىرى ھەم ياخشى- يامان ئىشلار يېزىلغان كىتاپلىرى ئارقىلىق، كۈچ – قۇدرىتىنى نامايەن قىلىپ، ئالەمنىڭ ئىنتىزامىنى بىر رەۋىش ۋە بىر خىل يولدا ئىزچىل ئادەت قىلىپ ساقلاپ كەلدى. شۇڭلاشقا، ھەرقانداق زامان ياكى ھەر بىر ئاۋاندا ئاللانىڭ بۇ خىل ئادەم ئۆلچەملىرى ۋە نىزام- تەرتىپلىرىگە مۇۋاپىق بولمىغان ياكى تۇس- شەكلىنى ئۆزگەرتكەن غەيرى ۋەقەلەرنىڭ يۈز

بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، ئاللا تەرىپىدىن ھۆكۈم قىلىنمىغان بىرەر يېڭى ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قۇرئانى كېرىمدىكى ”ئاللانىڭ قانۇنىدىن ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى تاپالمايسەن“دىگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر ئالانقۇۋا ھېكايىسىنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ھالدا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئاساسسىز بىر بايىل ھېكايە ئىكەنلىگىدە گۇمان يوق. شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۆز ئېتىقادىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بۇ ھېكايىنى رىۋايەت قىلىپ يۈرگۈچىلەر ياكى ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر بولسا كاپىر ۋە مەلئۇندۇر. چۈنكى، ھەزرىتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنبىيا، مۇرسەلىنلەردىن باشقا كىشلەرنىڭ قېشىغا چۈشۈشى مەنئىي قىلىنغاندۇر. شۇنداقلا رەسۇل خاتە مۇلنەبىن (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام – ت) دىن كېيىن ھېچقانداق ئىنسان ياكى بىرەر ھايات ئىگىسى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئالانقۇۋانىڭ ئاق ئۆيى تۆڭلۈگىدىن بىر نۇر پەيدا بولۇپ، مەندە بىر خوشاللىق ھاسىل بولۇپ، ھامىلدار بولدۇم، نەتىجىدە بۇزەنجىر خان ۋۇجۇتقا كەلدى دىگەن سۆزلىرىنى يۇقىرىقى قاراشلار بىلەن ئىسپاتلاشنىڭ ئۆزى تامامەن ئاساسسىز، بىھۇدە گەپ بولىدۇ.

موغۇللار زىنا قىلىشنى ئەيىپلىمەيدۇ، بەلكى ئۇنى ھالال دەپ ھىساپلايدۇ. موغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئەگەر ئەرگە بەرمەكچى بولغان قىز ياكى سىكىلەك خوتۇننى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ لاماسى يەنى نىكا قىلىدىغان موللىسى بىر كېچە خوتۇن قىلىپ، ئۆز ئىلكىدە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆز ئېرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نىكا ئادەتلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ لاماسى زادىلا خوتۇن ئالمايدۇ، دىگەن مەلۇماتلار بار. تارىخ كىتاپلىرىدا يېزىلىشچە يەنە موغۇللار دادىسىنىڭ خوتۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئەمرى ـ ئەقدىگە ئالىۋېرىدۇ. مەسلەن، چىنگىز خان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر خوتۇننى ئوغلى تولى خان ئالغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى بالا تاپقان دەپ زىكىر قىلىنىدۇ. جۈملىدىن، بۇ ئالانقۇۋامۇ زىنا بىلەن ھامىلدار بولۇپ قالغاندا، موغۇللار بۇ ئاتىسى يوق بالىنى قانداق قىلىپ ئولۇغمىز قاتارىدا ھىساپلايمىز دەپ ئار نومۇس قىلىپ نارازى بولۇشقان. ئۇلار يەنە بۇ نارازلىقنى بېسىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ھىلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، يالغانچىلىق قىلىپ، دىنىي كىتاپلاردىكى ئايەتلەردىن دەلىل ـ ئىسپاتلارنى ئىزدەپ، ئۆزلىرىنى بۇنداق نومۇستىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇشقان. ھەتتا تارىخ يازغۇچىلارمۇ ئۆز دەۋرىدىكى پادىشالارغا ۋە ئۇلۇغلارغا خوشامەت قىلىپ، جانابىڭىز شۇنداق ئۇلۇغ پادىشادۇرسىزكى، ئۇلۇغ نامىڭىز نۇردىن ھامىلدار بولۇپ ۋۇجۇتقا كەلگەن پادىشا ۋە خانلارنىڭ ئەۋلادىدىندۇرسىز، شۇڭلاشقا ھەر قانداق غالىپ پادىشالاردىنمۇ غالىپ بولالايسىز دەپ

خوشامەت سۆزلىرىنى بايان قىلىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، موغۇللار بۇنداق رىۋايەتلەرگە چوڭ دىققەت- ئېتىۋار بىلەن قاراپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ غورۇرى دەپ پەرخىرلىنىدۇ ھەم ئۆزلىرىنىڭ نىسبەت- نەسەپلىرىنى شۇلار بىلەن باغلايدۇ. بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى پەقەت ھەممە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدىغان ئاللاغا مەلۇم.

ئەمدى ئەسلى سۆزىمىزگە يېنىپ، بىر- بىرلەپ بايان قىلايلى. ئالانقۇۋادىن ئۈچ ئوغۇل ۋۇجۇتقا كەلدى. كەنجىسىگە بۇزەنجىر دەپ ئات قويدى. ئۇ ھوشيار، دانا، ئادالەتلىك ۋە دۆلەتمەن پادىشا ئىدى. نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى ۋەئوبدان قائىدە- تۈزۈملەرنى پەيدا قىلدى. ئەمىر بابا مۇسلىم مەرۋىزى [49] بىلەن دوستلۇق قىلاتتى دەپ بايان قىلىنىدۇ. مەلۇمكى، ئۇ ئەمىر ئابا مۇسلىم بىلەن بىر زاماندا ياشىغان. بۇزەنجىر خاننىڭ ئوغلى بۇقا خان، ئۇنىڭ ئوغلى دومىن خان، ئۇنىڭ ئوبغل قايدۇ خان، ئۇنىڭ ئوغلى بايسىنقىرخان، ئۇنىڭ ئوغلى دۇمناي خان ئىدى. دۇمناي خاندىن قوشكېزەك ئىككى ئوغۇل تۇغۇلدى. بىرسىگە قۇبۇلخان، يەنە بىرسىگە قاچۇلى خان دەپ ئات قويدى. چىنگىزخاننىڭ نەسەبى قۇبۇل خان بىننى دۇمناي خانغا، ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ نەسەبى بولسا قاچۇلى بىننى دۇمناي خانغا يېتىدۇ.

قاچۇلى بىر كېچىسى مۇنداق چۈش كۆرۈپ، ئۇ چۈشىنىڭ مەزمۇنىنى دادىسىغا مۇنداق بايان قىلىپتۇ. "ئاكام قۇبۇل خاننىڭ ئېتىگىدىن بىر كۈن پەيدا بولۇپ، ئاسماننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ھەممە ئالدەمدە روشەنلىك پەيدا قىلىپ پېتىپ كەتتى. يەنە بى قانچە كۈنمۇ كەينى- كەينىدىن چىقىپ، روشەنلىك پەيدا قىلىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پېتىپ كەتتى. ئاخىرى يۇلتۇزغا ئوخشاش بىر روشەنلىك پەيدا بولغاندا، مېنىڭ ئېتىگىمدىنمۇ بىر كۈن چىقىپ پۈتۈن جاھاننى يورۇتۇپ، بۇمۇ پېتىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر نەچچە كۈن چىقىپ، ھەر قايسىسى ھەر بىر تەرەپنى يورۇتتى. بۇ ھالەتتە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى. ئويغانسا چۈشۈم ئىكەن."دادىسىمۇ خۇددى شۇنداق بىر چۈش كۆرگەن ئىدى. دادىسى بۇنى ئويلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ھەر قايسى جايلارنىڭ دانالىرىنى يىغىپ، ئوغلىنىڭ كۆرگەن چۈشىنى تولۇق بايان قىلدى. دۆلەت ئەركانلىرى پىكىر- تەپەككۇردىن كېيىن، قۇبۇل خان ئەۋلادىدىن شەۋكەتلىك بىر پادىشا چىقىپ، پۈتۈن ئالەم ئۇنىڭ ئىتائىتىگە بويسۇنىدىكەن ۋە دۆلىتى زىيادە بولىدىكەن. كېيىن چىققان كۈن بولسا، ئۇنىڭ بالا- پەرزەنتلىرىدۇر. بۇلار دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ھەر بىرى ھەر تەرەپكە ھۆكۈمرۇن بولۇپ ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇ چۈشنى كۆرگەن قاچۇلى نەسلىدىن بىر ئۇلۇغ شائان پادىشا (شاھلارنىڭ شاھى – ت)

دۇنيايغا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ۋە ئەۋلاتلىرىنىڭ قەدەم بەرىكەتلىرىدىن ئالەم يۈزى ئاۋات ۋە مەمۇرچىلىققا تولۇپ ئۆتىدىكەن دەپ تەدبىر بېرىشتى ۋە ھەممىسلا ماختاپ ئاپىرىن ئوقۇشتى. خان يارلىق قىلىپ، ئۇشبۇ مەزمۇندا بىر خەت پۈتۈشنى بۇيرۇدى. خەتكە "مەندىن كېيىن قۇبۇل خان ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقىچە ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە تۇرۇپ، يۇرداقچىلىقتىن خەۋەر ئالغاي" دېگەن مەزمۇندا بىر قانچە پايدىلىق سۆزلەر بىر- بىرلەپ تىزىلىپ يېزىلدى. خان باشلىق دۆلەت ئەركانلىرى ئۆز مۆھرىنى بېسىپ، خەتنى غەزىنىدە قويدى. بۇ يارلىق خەت خانلارنىڭ غەزىنىسىدە تاكى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا [50] زامانىغىچە ساقلاندى ۋە شۇ يارلىق دەستۇرى بويىچە خەتنىڭ ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىپ كەلدى. بۇ خەتنى قالماق- موغۇللارنىڭ تىلىدا "فارامىن" دەپ ئاتايتى. كېيىن قۇبۇل خاندىن بەرتان خان تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئوغلى سېسۇ باھادۇر، ئۇنىڭ ئوغلى تېمۇچىن باھادۇر بولۇپ، بۇنىڭ لەقىمى چىنگىز قائان ئىدى.

## موغۇل خانلىرىنىڭ سەردارى، ئەرەپ، ئەجەمدىن شەرىققىچە بولغان جايلاردىكى خانلارنىڭ خانى پادىشا جاھانگىر چىنگىزخاننىڭ غەلىبىلىك ئىستىلالىرى، ھۆكۈمرانلىقى، ئەمىر، نويانلىرىنىڭ ئىستىقلالى ھەققىدە قىسقىچە نەمۇنە بايانى

گۈزەل تىللىق ۋە سىلىق سۆزلۈك مۇئەررىخلەر، تالانتلىق مۇئەللىپ- ئەفزەللەر ۋە بۇلارغا شۇنداق يول ۋە ئىشتىياق بىلەن بايان قىلىپدۇركى، ئۇلۇغ ۋە ھەققى پادىشا ئاللانىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ۋە خاھىشى بويىچە، بەزىدە مۇسۇلمان مۆمىن ياكى دىندارلارنى كاپىر مۇشرىكلەر ئۈستىگە غالىپ قىلغان ۋە بەزىدە كاپىر مۇشرىك ياكى دىنسىزلارنى مۇسۇلمان - مۇۋەھھىدلەر ئۈستىگە غالىپ قىلغان ۋەقەلىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ھىكايە قىلىپ، ئۆز تارىخ ۋە ئىسەرلىرىگە يازغان ئىكەن.

بۇ يازما ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، تارىخ ھىجرىيىنىڭ بەش يۈز قىرىق تۇققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1154- يىلى – ت) تېمۇچىن باھادۇر دۇنياغا كەلدى. ئون ئىككى يېشىدا دادىسى ئۇ ئالەمگە كەتتى. ئاندىن ئۇ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ، شەرق ۋە شىمال تەرەپلەردىكى جۇرجۇت، نايمان، تۈركىستان ئۇلۇغلىرىدىن ئوڭخان، تايانخان، گورخان، توقابېك، مېكرىت (مېركىت – ت) قاتارلىق چوڭ دۆلەت ئىگىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىستىلا قىلىپ، قەۋم ۋە قەبىلە،

يۇرت ئايماقلىرىغا ئىگە بولدى. شۇ جەرياندا تېمۇچىن باھادۇر قىرىق توققۇز ياشقا كىردى. دۆلىتى ناھايىتى زىيادە بولدى. تارىخ ھىجرى بەش يۈز توقسان سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1201-1202- يىلى – ت) موغۇللار ئىتتىپاقلىشىپ، توققۇز پايەلىق (قەۋەت – ت) تەخت تەييارلاپ، تېمۇچىننى پادىشا قىلىپ ئۈستىگە چىقىرىپ، ”چىنگىز قائان“دەپ لەقەم قويدى. بۇ موغۇلچە”خانلارنىڭ خانى “ياكى”شەھىنشاھ“دىگەن بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ تېمۇچىن دەپ ئاتالماي، بەلكى ”چىنگىز قائان“دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. كېيىنچە ” قائان“سۆزى ئادەتتە ئەسلى تىلنى غەلىتە تەلەپپۇز قىلىدىغان ئاممىۋى تىلدا ” خاقان“دىگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ مۇقىملاشتى. ئۇنىڭ پايتەختى قاراقۇرۇم دىگەن جايدىكى كىلوران دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى. ھازىر بۇ جاينىڭ ئېنىق نىشان ۋە ئورنى قالماقلاردىن باشقىلارغا مەلۇم ئەمەس.

بۇ چاغدا ختاي [51] خانى ئالتانخان [52] بولۇپ، پايتەختى خانبالىق ئىدى. ختاي تىلدا خانبالىقنى” جۇدو“[53] دەپ ئاتايتى. خانبالىقنى پايتەخت قىلىپ، دۆلەتكە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان خانلارنىڭ ھەممىسلا ئالتانخان دىگەن نام بىلەن ئاتالغان ئىدى. چىنگىز قائان خانبالىقتىكى ئالتانخاننىڭ ئۈستىگە چېرىك باشلاپ بېرىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى بېسىۋېلىپ، خانىۋەيران قىلدى. چۈنكى، ختاي خانلىرى بىلەن موغۇل خانلىرىنىڭ ئارىسىدا، قەدىمدىن بۇيانلا ئۆز- ئارا ئاداۋەتلىرى كۈچلۈك ئىدى. نەتىجىدە ئالتانخان تەڭ كېلەلمەي، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. ھەتتا چىنگىز قائاننىڭ پەرمان ۋە ئىتائىتىگە بويى سۇنۇپ، ئۆز قىزىنى ئۇنىڭ ئەقدىسىگە تەقدىم قىلدى. چىنگىز قائان بۇنىڭغا رازى بولۇپ، ئالتانخاننىڭ قىزىنى ئۆز خوتۇنلىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتىنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۆز يۇرتىغا ياندى. شۇنىڭ بىلەن چىنگىز قائانغا قاراشلىق جايلارنىڭ چېگرىسى شەرقتە خانبالىق، شىمالدا قازان شەھرىگە تۇتاشتى.

قازان شەھرى ”تاتار“دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى چىنگىز قائان قازان شەھرىنى بېسىۋالغاندا، تاتارلاردىن لەشكەر ئېلىپ، ئۇلارنى بۇ جايغا باشلاپ بارغان ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى شۇ جايدا قالدۇرۇپ، ئۇلارغا ۋەتەن قىلىپ بەرگەن. شۇڭلاشقا، بۇ جاي”تاتار“نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا كېرەك. كېيىنكى زامانلاردا ئەمىر تېمۇر كوراگانى بۇ جاينى بېسىۋېلىپ، مەزكۇر تاتارلارنى زورلۇق بىلەن ئۆز يۇرتىغا كۆچۈرۈپ كەلدى دىگەن رىۋايەتلەرمۇ بار. ئومۇمەن، چىنگىز قائان غەربى چېگرىسى مىسىر، شام (سۈرىيە – ت)، باغدات (ئىراق – ت)، روم (شەرقىي تەرىپىدە كىچىك ئاسىيا – ت)

غىچە، جەنۇبى چېگرىسى ئەزەر بەيجان، سىند دەرياسى ، باغدات (ئىراق - ت)، رۇم (شەرقىي تەبىي كىچىك ئاسىيا - ت) غىچە، جەنۇپ چېگرىسى ئەزەربەيجان، سىند دەرياسى، تىبەت، ئۇيغۇر مەملىكىتىگىچە [54] بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزۈپ، يەتمىش ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، يىگىرمە بەش يىلغا قەدەر يەر شارى قۇرۇقلۇغىنىڭ كۆپ قىسمىغا مۇستەقىل پادىشا بولۇپ ھۆكۈمرۇنلىق قىلدى.

بۇ جەرياندا، چىنگىز قائاننىڭ خانىۋەيرانچىلىغى شۇنداق ئېغىر دەرىجىگە يەتتىكى، بۇنى يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلدۇ، سۆزلەشكە تىل يېتىشمەيدۇ. «ھەدىس شېرىف»تە بۇ ھەقتە" خۇددى قالقاغا ئوخشاش كەڭ يۈزلۈك ۋە مەڭزىگە بىر نەرسە يىپپىشتۇرۇپ قويغاندەك بىر قەۋم قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ“ دەپ ئالدىنئالا كۆرستىلگەن ئىدى. بۇ سۆز موغۇل- تاتار تايىپىسىدىن چىققان چىنگىز قائان ۋە ۋەھلاكۇنى كۆرسەتتى. موغۇللارنىڭ ئىسلام دىيارىغا قىلغان ئىستىلاسى خەلىپە مۇستە ئىسىم [55] زامانىدا يەنى تارىخ ھىجرى ئالتە يۈز ئەللىك تۆتىنچى يىلى (مىلادى 1256- يىلى – ت) تاماملاندى. بۇ ھال چىنگىز قائاننىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى، ھلاكۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىپ ھۇجۇم قىلىشى ۋە يەئجۇج- مەئجۇجلەرنىڭ پىتنە- غەۋغاسى قاتارلىق ئىشلارنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. «ھەدىس شېرىف» تە يەنە ”بىننى قەنتۇرا ئەۋلادى كەلگەن چاغدا ئاخىر زامان بولىدۇ“دەپ كۆرستىلگەن. بىننى قەنتۇرا بولسا تۈرك ئەۋلادىنى كۆرستىدۇ. قەنتۇرا بولسا تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مومىسى ھىساپلانغان بىر ئايالنىڭ نامى. «مەشكىۋات شېرىف» («ياخشى ۋە ياماننىڭ ئايرىش ئۆلچىمى» - ت) دىگەن كىتاپتا ” «ھىجاز تەرەپتىن بىر ئوت كۆيۈپ چىقىدۇ. شۇ ۋاقىت- سائەت ئىچىدە دۇنيانىڭ دەۋرى تۈگەپ، قىيامەت قايىم بولىدۇ “دەپ يېزىلغان. يەنە «مىرقات» («ئۆرلەش باسقۇچلىرى» - ت) دىگەن كىتاپتا ” بۇ ئوت ئالتە يۈز ئەللىك تۆتىنچى زاھىر بولىدۇ“ دەپ يېزىلغان. بۇ ھلاكۇنىڭ ھىجرى ئالتە يۈزئەللىك تۆتىنچى يىلى (مىلادى 1256- يىلى – ت) ئىسلام دىيارىغا ئىستىلا قىلدىغانلىغىنى ئىشارەت قىلغانلىق ئىدى. يەنە ”بەسىر دىگەن جايدا تۆگە بويناق دىگەن بىر تاغ بار. ھىجاز زىمىندىن ئوت چىقىپ، تۆگە بويناق تاغلىرى ئۇچۇق كۆركۈنمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ “دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ چىنگىز ۋە ھلاكۇنىڭ قىرغىنچىلىق ئۇرۇشى ئوت ئاپەتلىرىدىن كىنايە ۋە ئىشارەت ئىدى.

ئەھلى تارىخچىلار ئۆز تارىخ كىتاپلىرىدا چىنگىز قائاننىڭ بالايى- ئاپەتلىرى ۋە خانىۋەيرانچىلىغى ھەزرىتى نوھ بىننى زاماندىكى تۇپان بالاسىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. دەپ يازىدۇ. چۈنكى نوھ دەۋرىدە تۇپان بالاسىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. بۇ

دەۋرىگە كەلگەندە ئادەملەر كۆپىيىپ، ماددى مەئىشەتلەرمۇ ناھايىتى ئاشقان ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك، نوھ دەۋرىدە ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاللانى بىر دەپ تونۇيدىغان دىنىي ئىشەنچىدىن مەھرۇم ئىدى. بۇ زامانغا كەلگەندە ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان دىندار بولۇپ، دىنغا سادىق مۇجتەھىد ئۇلۇغ ئۆلىمالار، ھۆرمەتكە سازاۋەت بولغان ماشايىخلار كۆپ ئىدى. مەسىلەن، بۇخارايى شەرىفتا ئىمام ئەبۇ ھەفزى كەبىرى [56] قاتارلىق بىر قانچە يۈز ئۇلۇغ مۇجتەھىد يېتىشكەن پىشىۋالار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىمىش مىڭدىن ئارتۇق مۇرىدى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ساھىبى كارامەت ۋە دالايەت (كارامەت ۋە ھۆججەت ئىگىلىرى – ت) كىشىلەر ئىدى. شۇڭلاشا، بۇ ئۇلۇغ زاتنى "ۋەلى تاراش" (ئۇستىلار ئىگىسى – ت) دەپ ئاتايتى. بۇ زات ئۆزىنىڭ بىر قانچە شاگىرتىغا رۇخسەت بېرىپ، "سىلەر باشقا جايغا كېتىڭلار، چۈنكى شەرق تەرەپتىن بىر ئوت كۆيۈپ كەلمەكتە. بۇ ئوت تا ھازىرىغىچە بولغان زىمىننى كۆيدۈرمەكچى. ئۇممەتلەرنىڭ بېشىغا يەنە قايتىپ كەلمىگۈسى"دىگەندە، بەزى ئەزىزلەر "ئەگەر دۇئا قىلساق كېلىۋاتقان بۇ ئاپەت كەينىگە قايتىشى مۇمكىن"دەپ ئىلتىماس قىلىشتى. جانابى شەيخ "بۇ دۇئا بىلەن قايتۇرغۇلى بولمايدىغان بالايى ئاپەتتۇر"دەپ جاۋاپ بەردى. يەنە باشقا شەھەرلەردىمۇ بۇ زاتقا ئوخشاش تەرىپ ۋە ماختاشتىن تاشقىرى نۇرغۇن ھۆرمەتلىك ماشايىخلار، ئۇلۇغ ئۆلىمالار قاتارلىق ساھىپ دۇئالار بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا چىڭگىز قائاننىڭ قىرغىنچىلىقى تۈپەيلىدىن شېھىتلىك شەرۋەتلىرى ئىچىشكە مەجبۇر بولدى.

لېكىن، قەدىمقى زاماننىڭ قەدىمقىسىدىكى پادىشالىق قائىدە- قانۇنلىرىنى پادىشا جەمشىت [58] بەرپا قىلغان بولسا، پەيغەمبەر (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام) زامانىدىن كېيىن پادىشالىق رەسمىيەتلىرىنى، تارىخ كىتاپلىرىدا ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى بۇ بىر قاتار ياساق- يۇسۇنلار ۋە يارغۇ- قانۇنلارغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىپ، ئەمەل قىلىشقا تىگىشلىك دەستۇرۇل ئەمەر (سىياسىي قولانما – ت) دەپ ھىساپلاپ، ئۇنى يۇرت سوراسىنىڭ ھۆججەتلىرى قىلىپ كەلگەنلىگىنى بايان قىلىدۇ. چىڭگىز قائاننىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ ھۆكۈم- پەرمانلىرى بويىچە، موغۇلدىن قاراچار نويان، مۇسۇلماندىن ماھمۇدبېك يالاۋاچ [59] ئۇنىڭغا ۋەزىر بولۇپ تۇرغان ئىدى.

چىڭگىز قائاندىن جۇجىخان، چاغاتايخان، ئوكتايخان، تولۇيخان دىگەن تۆت ئوغۇل قالدى. چىڭگىز خاندىن ئالتە ئاي بۇرۇن بۇ جاھان بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭدىن ئون سەككىز ئوغۇل يادىكار قالدى. پۈتۈن تۈركىستان، دەشتى قىپچاق جۇجىخانغا تەئەللۇق بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى بەركە خان دادىسىغا ۋاكالىتەن ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان ئىدى.

چىنگگىز قائان سامالاردىن بۆلەك يەنە يۈز مىڭ ئات تارتۇق قىلدى. ھەر ئون مىڭ ئات بىر خىل رەڭدە ئىدى. چىنگگىز قائان ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتايخاننى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ كەلدى. بارلىق ئوغۇل نەۋرىلىرىنى ئۇنىڭ ئەمرى-ئىتائىتىگە تاپشۇردى. ئەجدات- ئاتا- بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋەرۈك يارلىق- فارامىن ۋە دەستۇرۇل ئەمەل خەتلىرىنى ھەم قاراچار نويانى، ئالاھىدە ئەھدە فەيمەن (توختام - ت) ۋە قائىدە- يوسۇنلار ئارقىلىق چاغاتايغا تاپشۇردى.

تولۇيخاندىنمۇ مەنگۇ قائان، قۇبلايخان، ھالاكۇخان، ئارتىق بوكاخان دەپ تۆت ئوغۇل قالغان ئىدى. ئوكتاي قائان بۇ پايانسىز جاھان بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، چىنگگىز قائاننىڭ پايتەختى مەنگۇ قائاننىڭ قولىغا ئۆتتى. ئۇ ھەر ئون كىشىنىڭ ئىچىدىن ئىككى كىشىنى لەشكەرلىككە ئېلىپ، بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلاپ، ئۇلارغا قۇبلايخاننى قوماندان قىلدى. قۇبلايخان بۇ زور ئالتانخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا باستۇرۇپ كىردى ۋە بەزىدە غەلبە قىلىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىرى تامامەن غەلبە قىلدى.

خاقانى چىننىڭ «كاڭجاڭ» دېگەن بىر تارىخ كىتاۋى بولۇپ، بۇ "خانلارنىڭ تارىخى" دېگەن سۆز بولىدىكەن. ختايلار ئەھلى تارىخنى فۇڭ ئەۋلادىدىن باشلايدۇ. فۇڭ ئەۋلادىدىن "تەيخۇفۇس" دېگەن بىر كىشى بار ئىدى. بۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئىككى مىڭ يەتتە يۈز يىل كېيىن ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھىجرەت يىلىدىن (مىلادى 622- يىلى - ت) ئۈچ مىڭ تۆت يۈز يىل ئاۋالقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. فۇڭ دېگەن ئادەم بولسا بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى فۇدەك دېگەن ئادەم بولسا كېرەك. بىزنىڭ تارىخىمىزدا فۇدەك تۈركنىڭ ئوغلى، تۈرك بولسا يافەسنىڭ ئوغلى دەپ بايان قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، فۇڭ بىلەن فۇدەك بىر ئادەمنىڭ ئوخشىمىغان تىللاردىكى ئىككى خىل نامى بولسا كېرەك.

ختايلار تارىخىنىڭ ئەڭ ئىپتىداسى دەل مۇشۇ تەيخۇفۇس - فۇدەك ئەۋلادىدىن باشلانغان دېگەن گەپلەر بار. ئۇلارنىڭ خانلىقلىرى بىر قەبىلىدىن يەنە بىر قەبىلىگە يۆتكىلىپ، جەمئىي يىگىرمە بەش نەسلىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن. ھالبۇكى بۇ يىلقى ھىجرى بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە بەشىنچى يىلغىچە (مىلادى 1907- يىلغىچە - ت)بولغان ئارىلىقتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن جەمئىي ئىككى يۈز ئەللىك تۆت ئادەم خانلىق قىلىپ، تۆت مىڭ سەككىز يۈز نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. يەنە ئۇلارنىڭ تارىخى كىتابلىرىدا ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالامنى" لوۋاڭ" دەپ يازىدۇ ۋە "ھازىر ختاي ئەھلى لوۋاڭنىڭ دىن شەرىئىتىگە ئېتىقات قىلىمىز، باشقا دىنلارنى قوبۇل قىلمىغان" دەپ ئۆز ئېتىقاتىدا چىڭ

تۇردۇ. ئۇلار تەيخۇفۇس دەپ ئېھتىمال يافەس بىننى نوھ نەبىئۇللانى دىمەكچى بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا، ئۇلار تەيخۇفۇسنى فۇماڭ دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۆز تارىخىنى شۇنىڭدىن باشلاپ، يىگىرىمە بەش سۇلالىگە تەقسىم قىلىپتۇ. ھەر سۇلالىدىن يەنى ھەر بىر ئەۋلاتتىن يىگىرىمە- ئوتتۇز نەپەر، بەزىدە بەش- ئالتە نەپەر كىشى خانلىق قىلىپ ئۆتۈپتۇ. ھەر بىر قەبىلىنىڭ بەزىلىرى بولسا يەتتە- سەككىز، بەزىلىرى ئىككى- ئۈچ يۈز يىل، بەزىلىرى يىگىرىمە- ئوتتۇز يىل ئەتراپىدا ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. مەسلەن، يىگىرىمە ئىككىنچى سۇلالىدىن زۇڭ سالىس (زۇڭ ئۈچىنچى – ت) ئەۋلادى پادىشا تەيزۇ شىڭدىن بولسا ئون يەتتە يىل خانلىق قىلدى. بۇ ئابباسىيە خەلىپىلىگى خەلىپە قادىر بىللا (60) بىلەن زاماندىاش ئىدى. بۇ ئەۋلاتتىن ئون سەككىز نەپەر كىشى ئۈچ يۈز يىگىرىمە بىر يىل خانلىق قىلدى. ئەڭ ئاخىرى جۇۋادى شىڭدىن خۇئاڭدى تەختكە چىقىپ ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، موغۇل خانلىرىدىن قۇبلايخان بىننى تولۇيخان بىننى چىنگىز خان زور قوشۇن باشلاپ، بېڭجىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ جاينى تامامەن غەلىبىلىك بېسىۋالدى. پادىشا جۇۋادى شىڭدى قۇبلايخانغا تەڭ كېلەلمەي بىر جايغا يوشۇرۇندى كېيىنچە ئۆزىنى يوق ئىدى.

بىجىن ئەھلى قۇبلايخاننى ”ئەيۋاڭ“دەپ ئاتىدى. بۇ يىگىرىمە ئۈچىنچى سۇلالىنى تەشكىللەپ، بېيجىڭنى پايتەختى قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئون بەش يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئادالەتلىك ئىشلارنى قىلدى ۋە بارلىق چىن ئۆلكىلىرىنى زەبت قىلىپ قولغا كىرگۈزۈپ، بۇ جايلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى «ئەيۋاڭ ئەۋلادى» دەپ ئاتالدى. شۇنداق قىلىپ، ئەيۋاڭ ئەۋلادىدىن توققۇز كىشى سەكسەن سەككىز يىل خان بولۇپ ئۆتتى.

يىگىرىمە تۆتىنچى سۇلالىگە كەلگەندە، مىڭ ئەۋلادى تەي زۇڭ خۇاڭدى باش كۆتىرىپ خان بولدى. بۇ خاننىڭ ناھايىتى كۈچەيگەن ۋاقتى، ئەمىر تېمۇر كوراگانى دۆلىتىنىڭ ئوتتۇرا چاغلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۇرۇقتىن ئون يەتتە نەپەر كىشى ئىككى يۈز يەتمىش يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. لېكىن، ئۇلار موغۇل خانلىرىغا باش ئېگىپ خىزمەت قىلاتتى. ئاخىرى موغۇللار بىلەن تاتارلار ئىتتىپاقلىشىپ، بېيجىڭ شەھرىنى بېسىۋېلىپ، موغۇل ئەۋلادى ۋە مانجۇ نەسلىدىن بولغان شۇنجىر بىننى تەي زۇڭ دىگەن كىشىگە تاج سەلتەنەت كىيدۈرۈپ، بېيجىڭدا تەختكە ئولتۇرغۇزدى. تا ھازىرغىچە بولغان خانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇرۇقتا مەنسۇپ. بۇ تايىپە ”داچىڭ“ دەپ ئاتالدى. ختايلارنىڭ «كاڭ جاڭ» دىگەن خانلار تارىخدا، يىگىرىمە بەشىنچى سۇلالىنى تەشكىل قىلغان داچىڭ ئەۋلادى شۇنجىردىن باشلاپ، ھازىرقى ئەسىردىكى كاڭشۈي خانىغىچە بولغان ئارلىقتا، توققۇز نەپەر كىشى ئىككى يۈز ئاتمىش ئىككى يىل خانلىق

قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. چۆچەكلىك موللا قۇربان ئەلى ھاجى ئەپەندى بۇ خانلارنىڭ تارىخى ۋە ئۇلارنى قايسى مىللەتكە، قايسى مەزھەپكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ختاي تارىخىنى ياخشى بىلىدىغان دانىشمەن ختاي مولللىرىدىن سوراپ تەرجىمە قىلىپ، لوۋاڭ يەنى ھەزرەت بىننى نوھ زامانىدىن بۇ زامانغىچە ئۆتكەن ناملىرىنى، ھۆكۈم سۈرگەن دۆلەتلىرىنى بايان قىلىپ، بۇ يىگىرمە بەش سۇلالىنىڭ ھەر بىرىدە قانچە كىشى، قانچە ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قاچان باشلىنىپ، قاچان ئاياقلاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ياكى كېيىن ئۆتكەنلىكى، دۇنياغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قايسى بىرى قانداق ناملىق خانلار بىلەن زاماندا ۋە ياندىش ئۆتكەنلىكى، قايسى پادىشا قاچان ۋە قايسى خاننىڭ ۋاقتىدا توغرا كەلگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ، بېيجىڭ تارىخى بىلەن ئىسلام تارىخىنى سېلىشتۇرۇپ، كۆپ ۋاقىت تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، بىر توپلام كىتاپ يازغان ئىدى. [63] مەنكى كەمىنە راقىم (قەلەم تەۋرەتكۈچى – ت) مەزكۇر كىتاپتىن بىر قانچە سۆزنى تاللاپ ئېلىپ ئۆز كىتاۋىغا كىرگۈزدۈم.

ئەمدى يەنە ئەسلى سۆزگە كېلەيلى، مەنگۇ قائان قۇبلايخاننى شەرق تەرەپكە يولغا سالغاندىن كېيىن، يەنە ئۆز قېرىندىشى ھىلاكۇ خاننى بىر يۈز يىگىرمە مىڭ مۆكەممەل قوراللانغان قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، غەرپ تەرەپتىكى ئاباسىيە خەلىپىلىگىگە [64] يۈرۈش قىلىشقا يارلىق قىلدى. ھىلاكۇخان ماۋارائۇننەھرى، [65] خوراسان [66] قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، مەلاھىدىلەر (ھەققىي دىن يولىدىن ئازغانلار – ت) مەملىكىتى – قەھىستانغا [67] بېرىپ، رۇكنىدىن خورشاھنى [68] بويى سۇندۇرۇپ، ئىراق، ئەرەپ تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا مەۋلانە نەسىرىددىن تۇسى [69] دېگەن بىر ئالىم بار ئىدى. ھىلاكۇ ئۇنى ئۆز خىزمىتىدە ئالدۇردى. ئۇنىڭغا رەسەت (ئاسمان جىسىملىرىنى كۈزىتىش ئۆيى – ت) باغلاتقۇزۇپ، بۇنىڭغا «زىججۇ ئىلخانىيە»(ئىلخانىيە كالىندار ھېساپلاش ئورنى – ت) دەپ نام قويدى. ھىلاكۇ مەۋلانە نەسىرىددىن تۇسىغا نۇرغۇن ئىنئام تەقدىم قىلدى. يەنە ھەر قايسى شەھەردىكى موللا، فازىل، ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالارنى ئالدۇرۇپ، قېشىدا تۇرغۇزۇپ، ئىنئام ئېھسانلارنى بېرىپ تۇراتتى. ھەتتا نىسارا « خرىستىيان – ت) ۋە فەغفۇرچىنى دانالىرىنى ئالدۇرۇپ ۋە فۇرقانى مەجىد ۋە ئىنجىلنى ھەم بېيجىڭ ئەھلى پەيغەمبەر دەپ ئېتىقات قىلىدىغان شاكمۇنى (شاكيا مۇنى – ت) تەرىپىدىن توپلاپ يېزىلغان «شىڭۋۇيە» دېگەن بىر ئاتاقلىق كىتاپنى موغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلدۇردى. ھىلاكۇ گەرچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمىسىمۇ، لېكىن بىر

مۇنچە ئىشلارنى پەيدا قىلدى.

ئومۇمەن، ھىلاكۇخان بىننى تولۇيخان بىننى چىنگىز قائاننىڭ ۋەقە ھەم شۆھرەت، جاسارەتلىك ئىشلىرى كۆپ. بۇ جايدا پەقەت موغۇلىستان خانلىرىنىلا بايان قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىغىمىز ئۈچۈن، ھىلاكۇخان ۋە قۇبلايخاننىڭ قىسسە ۋە داستانلىرىغا تەپسىلى توختالمايمىز. ھىلاكۇخان ئىراق زېمىنىدىكى باغداتنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئاببابسىيە خەلپىلىگىنىڭ ئوتتۇز ئالتىنچى خەلپىسى مۇستە ئىسىم بىللا ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئاغزىغا ئالتۇن، كۇمۇشنى ئېرىتىپ قويۇپ ئۆلتۈردى، نەتىجىدە بەش يۈز يىگىرمە ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاببابسىيە خەلپىلىگىنىڭ دۆلەت سەلتەنەتى ۋە سۆلەت-ھەشەمەتلىرىنى تامامەن خۇددى چاڭ-توزاڭدەك بىت-چىت قىلىپ، بۇلاپ-تالاپ ۋەيران قىلدى. ئۇلارغا بۇنىڭدىنمۇ يامان قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مەخپى ۋە ئاشكارە مۈلۈك، غەزىنىلىرىگە، يۇرت ۋە مەملىكەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ۋەقەلەر تارىخ ھىجرى ئالتە يۈز ئەللىك ئالتىنچى يىلى (مىلادى 1258-يىلى – ت) يۈز بەرگەن ئىدى. ھىلاكۇخان ئاببابسىلار ئەۋلادى قايسى جايدا بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ تامامەن يوق قىلدى. ئىلگىرى ئاببابسىيە خەلپىلىرى ئۈز خەلپىلىگىدىكى بىر قانچە مىڭ ئاببابسىلارنى خەلپىلىككە زىيان سالىدۇ ياكى خەلپىلىك دەۋاسىنى قىلىدۇ دېگەن بانالار بىلەن زىندان ۋە تۈرمىلەرگە تاشلىغان ئىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى زىنداندا تۇغۇلۇپ، شۇ جايدا ئۆسكەن ئىدى. ھىلاكۇخان ھەتتا بۇلارنىڭمۇ ھەممىسىنى پۈتۈنلەر يوق قىلدى. ئۇ ئەرەبىستاننىڭ مىسىر، شام، ھەلەپ قاتارلىق زېمىن ۋە شەھەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بويى سۇندۇرۇپ، ئۆز تەۋەلىگىگە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەزەربەيجان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ئىران زېمىنىنى پايتەخت قىلىپ، توققۇز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، شۇ ئىراننىڭ ئۆزىدە ۋاپات بولدى.

ھىلاكۇخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئاباقاخان تەختتە ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاباقاننىڭ ئوغلى ئارغۇنخان تەختكە چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەتچان بىننى ھىلاكۇخان تەختكە چىقتى. بۇ مۇسۇلمان دىيانەتلىك ۋە دىندار بىر كىشى بولۇپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن بالايى ئالەمگە پەرۋاز قىلدى. (ۋاپات بولدى – ت). ئاندىن كېيىن كەنقاتۇ بىننى ھىلاكۇخان تەختكە چىقتى. ئىسلام شەرىپى يەنە راۋاج تاپتى. ئاندىن بايدۇخان بىننى تاراغاي بىننى ھىلاكۇخان تەختكە مىندى. بۇ تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئىدى. ھىراتنىڭ ئۇلۇغى ئەمىر نورۇز بىننى ئارغۇن ئاقاننىڭ (ئاباقىنىڭ – ت) تەشەببۇسى بىلەن غازانخان بىننى ئارغۇنخان خانلىققا كۆتىرىلدى. ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل

قىلدى. يەنە ئىسلام دىنىنىڭ نۇر- شولىسى ئۇنىڭ پىشانىسىدە زاھىر ۋە ئاشكارە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئولجايتۇ سۇلتان مۇھەممەت خۇدابەندە خان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى سۇلتان سەيىد غازى باھادۇرخان تەختتە ئولتۇرۇپ، ئون سەككىز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ھىجرى يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى يىلى (مىلادى 1335 – 1336- يىلى - ت) بۇ ئالەم خاكدانىدىن (ئالەم يۈزىدىن – ت) ئۇ دۇنيانىڭ رەياز جاۋدانىغا (ئىسىل جەننەت باغچىسىغا – ت) كەتتى. ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى يۇرتلارغا ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلار ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، بىر- بىرىنىڭ ئەمىر- ئىتائىتىگە بوي سۇنماي، ھەر خىل مۇلكى تاۋايىپ (ئۆز- ئۆزىگە تەۋەلىك دۆلەت – ت) پەيدا قىلدى.

ئومۇمەن گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، چىنگىز قائان خىتاي مەملىكىتىنىڭ شەرىق تەرىپىدىكى خانبالىقتىن، غەرپتە مىسىر ۋە شام، شىمالدا قازان شەھىرى، جەنۇپتا سىند دەرياسى، تىبەت، ئۇيغۇرغىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن جاھان تېمۇرخانغىچە بولغان ئارلىقتا يىگىرمە بەش نەپەر كىشى بۇ دائىرە ئىچىدىكى مەملىكەتلەرگە بىر يۈز قىرىق سەككىز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتتى. يەنە بۇنىڭ ئىچىدە چىنگىز خاندىن باشلاپ ئۇنىڭ توققۇز نەپەر ئەۋلادى جەمئىي توقسان بەش يىل كاپىرلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرمەي، موغۇل- قالماقلارنىڭ ياساق تۈزۈملىرىنى ساقلاپ،چوڭ شەھەرلەرگە ۋالى ۋە مۇتەۋەلى بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇلاردىن كېيىنكىلەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ «ھەدىس»تە ” سۆھبەت ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ“ دىگەن سۆزى بويىچە، مۇسۇلمانچىلىق شەرىپىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈم ۋە يارلىقلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرلۇق شەرىئەت ۋە گۈلدەك مىللەت ھۆكۈملىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىنچە ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى مۇلكى تايىپلارنى تىكلىگەن نويانلار، ئەمىر- ئەمىرالار، ۋەزىر- ۋەزۇرالاردىن شەيخ ئەبۇ ئىسھاق پارىس مەملىكىتىگە، ئال مۇزەپپەر خوراسان زىمىنىغا، ئەبۇ ئىسھاق پارىس مەملىكىتىگە، ئال مۇزەپپەر خوراسان زىمىنىغا، ئەمىر چوپان بىننى ئەمىر تۆلەك توران، سۇلدۇز، روم تەۋەسى، دەمەشىق، شام ئەتراپىغا، ئەمىر ھەسەن بۇزرۇك بىننى ئەمراق بۇقا بىننى ئەمى ئىلكانى باھادۇر ئىراق تەرەپ ۋە باغداتتا ھۆكۈم سۈردى. ئىلكانى [71] پادىشالىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ موغۇل نەسلى ۋە قالماق تايىپىسىگە تەئەللۇق ئىدى. بۇلار يەنە تارىختا ئۆزىنىڭ مۇسولمان دىندارلىغى، شەرىئەتپەرۋەرلىگى، ئىنسانپەرۋەرلىگى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىگى بىلەن مەشھۇر.

موغۇل سۇلتانلىرى بۇ ئۇلۇغ مەملىكەتلەرگە ئىككى يۈز يىلغا قەدەر مۇستەقىل پادىشالىق قىلىپ، مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چىنگىزىيە ئەۋلادىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بۇ مەملىكەتلەردىن ئاياقلاشتى. لېكىن بۇ جەرياندا، چىنگىزخان ۋە ھالاكۇخاننىڭ قىرغىنچىلىقى ۋە ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانىغا غايىپنى ۋە ھازىرنى بىلگۈچى (ئاللادىن) باشقا، ھېچقانداق ئاقىللارنىڭ ئەقلى تەسسەۋۋۇرى ۋە ھۆكۈمالارنىڭ پىكرى ۋە تەپەككۇرى يەتمەيدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى بۇ ئەھۋاللارنى بىلىشنى خالىسا «تارىخى رەۋزە تۇسسافا» غا مۇراجەت قىلسۇن. لېكىن چىنگىزىيە ئەۋلادىنىڭ مۇغۇلىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى تاكى تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ [72] نەسلىدىن ئىسمائىل [73] ۋە مۇھەممەت ئىمىن مىنچى يىلغىچە (مىلادى 1708- يىلغىچە) داۋاملاشتى. [75] شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھۆكۈمرانلىقمۇ ئاياقلاشتى. لېكىن، بەزىلەر دەشتى قىپچاق تۈركىستان ۋە ئورۇسىيە تەۋەسىدىكى كەڭ بولوسلار ۋە قالماقلار، فەغفۇرچىنغا تەۋە ئايال خانلار ۋاڭلىق قىلىپ ئۆتكەن ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ئەمرالارمۇ چىنگىز ئەۋلادىغا مەنسۇپ دەپ ھېكايە قىلىدۇ.

قىسسە ۋە ھېكايىلەرگە ئاساسلانغاندا، تارىخ ھىجرىنىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى يىلى (مىلادى 1335 - 1336- يىلى – ت) سۇلتان سەئىد باھادۇرخان [76] ۋاپات بولدى. شۇ يىلى ئەمىر تېمۇر كوراگان ۋۇجۇتقا كەلدى. تارىخ ھىجرى يەتتە يۈز يەتمىش بىرىنچى يىلى (مىلادى 1369- 1370- يىلى - ت) بەلخدە تەخت سەلتەنەتتە ئولتۇردى. ماۋارائۇننەھرى، ئىران، تۇران، پارىس، باغدات، تۇم، مىسىر، شام، دەمەشىق، ھەتتا ھەمىس بەئەلبېك، ئاناتولى، ئىسپاھانغىچە، جەنۇبىر چېگرىسى ھىندىسان، شىمالى چېگرىسى تۈركىستان، قازان شەھىرىگىچە بولغان رويئى مەسكۇننىڭ كۆپ قىسمىنى يولغا كىرگۈزۈپ، ئۇ جايلاردىكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالغان ھۆكۈمرانلارنى يوق قىلىپ، ھەممىنى بىر مەركەزگە ياكى بىر دىۋانغا بويي سۇندۇردى.

ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ ئەسلى نەسلى چىنگىز قائاننىڭ ئەجداتلىرى تا كى قالماقلار ئەۋلادى بىلەن بىر ئىدى. يەنە ئەمىر تېمۇرنىڭ دادىسى ئەمىر تاغاتاي، ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر توكەل، ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر ئىلىنگىز نويان باھادۇر، ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر ئىچىل باھادۇر، ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر قارالار نويان باھادۇر، ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر ئىرۇمچىن بالاس باھادۇر، ئۇنىڭ دادىسى قاچۇلى باھادۇر، ئۇنىڭ دادىسى دومنايخان ئىدى. ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ سەككىزىنچى دادىسى بىلەن چىنگىز قائاننىڭ تۆتىنچى دادىسى بىر تۇققان ئىدى. قارامىن ھۆكۈمى بويىچە خانلىق

قۇبۇل خانغا ، ۋەزىرلىك تاچۇلغا تەيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمىر تېمۇر كوراگانى گەرچە ھەرقانچە ئۇلۇغ پادىشالىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا خانغا ۋەزىرلىك ياكى خىزمەتكارلىق ۋە ياكى نۆۋكەرلىك " جەرەكە" (دەرىجە - ت) سىدە ئولتۇراتتى. فارامىننىڭ ھۆكۈملىرىگە باشقىچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەيتتى. ھەتتا بىر قانچە ئەۋلاتقىچە شۇ تەرتىپتە ئۆتتى. ئۆزلىرىگە خان ياكى پادىشا دەپ لەقەم قويىالمىدى. ئەمىر تېمۇر كوراگانىنىڭ پەيتەختى سەمەرقەنت شەھىرى ئىدى.

بۇ چاغدا ئەمىر تېمۇر كوراگانى توقسان مىڭ لە شكەر باشلاپ دەشتى قىپچاق خانلىرىدىن توقتامىش خانىنىڭ[77] ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، جەڭ ۋە قىرغىنلىق باشلىدى. ئۇ، توقتامىش خاننى قوغلاپ بىر جايغا باردى. بۇ جايدا تومۇز ئايلىرى كۈن ئولتۇرۇپ شەپەق يۇقالغىچە قالمايلا دىگۈدەك سۇبھى تاڭ يۇرۇپ قالاتتى. بۇ جايدا ھەزرىتى ئىمامەيىننىڭ [78] مەزھەپلىرى بويىچە ناماز خۇپتەننى ئوقۇمىسىمۇ بولاتتى. ئەمىر تېمۇر كوراگانى بۇ جايىنىمۇ بىسۇۋپلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن، دەمەشىق، شام، ئىسپاھان قاتارلىق جايلارنىمۇ ئىگەلەپ، قىرغىنچىلىق ۋە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز تالان- تاراجلارنى قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان شەھەرلىرىنىمۇ ئۆزىگە قاراتتى. ئۇ ئۆزىگە تەۋە بولغان بۇ جايلارنى ئوتتۇز ئالتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۆزىنى غالىپ ۋە مۇغرۇر دەپ ھىساپلايدىغان بارلىق پادىشالار ۋە ئەمرائىلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلدى. تارىخى كىتاپلاردا ئەمىر تېمۇر كوراگانى " ا لىم" (ئەبجەتچە يىل ھىساپلاش ئۇسۇلى بويىچە 71 ياشقا توغرا كېلىدۇ – ت) يېشىغا يېتىپ، تارىخ ھىجرى سەككىز يۈز يەتتىنچى يىلى (مىلادى 1404- 1405- يىلى) ۋاپات بولدى ۋە سەمەرقەنت شەھرىدە دەپنە قىلىنىدى دەپ يازىدۇ. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يەنە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرى ئاخىر زامان (ئاخىرقى پەيغەمبەر – ت) زاماندىن باشلاپ تا بۇ دەۋرگە يەتكىچە، موغۇل خانلىرى ئىچىدە ئەمىر تېمۇر كورانگاندەك مۇسولمان دىندار، ئۇلۇغ ۋە كاتتا پادىشا ئۆتمىگەن. ئۇ ناھايتى شجائەتلىك (باتۇر – ت) ، كۆرەشچان، قەھرى قاتتىق، تېز غەزەپلىك بىر پادىشا ئىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە جەسۇرلۇق بىلەن كەشپىياتچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن پادىشا ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا، ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ھەزرىتى باھاۋىدىن نەقشە بەندىنىڭ [79] نەپەسلىرىدىن " تېمۇر ئۆرلەپ كەتتى، ئۆزىنىڭ ئىمانىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتى"دىگەن ئاۋاز چىققان ئىدى. ئەۋلىيالارنىڭ سۆزى- خۇدانىڭ سۆزىدۇر. ئەمىر تېمۇر كوراگانىنىڭ مۇبارەك زامانلىرىدا، ئەمىر سەيىد ئەلى بىننى مۇھەممەت ئەلھەمەدانى، [80] باھاۋىددىن نەقشە بەندى، خوجا ھافىز شىرازى، [81]

ئەللامەتەفتازانى ]82] ۋە مىر سەيىت شەرىق ئەلامەجورجانى [83] قاتارلىق ئەھلى پەزىلى، ئۆلىمائى ئىزام ۋە ماشايىخى كىراملار نۇرغۇن ئىدى دىگەن مەلۇماتلار بار.

لېكىن دەمەشىق، شام، روم، بارلىق ئەرەبىستان، باغدات، ھەلەپ ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ ئۆلىمالىرى، ئەرەپ تارىخچىلىرى (ئاللا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى پاك قىلسۇن – ت) ، يەنى " تارىخى ئىمام گەردىرى"[84]، " تارىخى ئەللامە ئىبنى خەلدۇن"[85]، " تارىخى ئىبنى ئەرەبشاھ"[86] " تارىخى بۇخارى"[87] قاتارلىق ئەرەپچە تارىخ كىتاپلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئەرەپچە تارىخ كىتاپلىرىدا، ئەمىر تېمۇر كوراگانى ئەھلى ئىسلامنىڭ مەزھەپ ۋە مىللەتلىرىدىن سىرتتا دەپ ھىساپلاپ، ئۇنى شىئە مەزھىپىدە ياكى كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. چۈنكى ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەممە جەڭ- جىدەللىرى ئىسلام دىيارى بىلەن بولۇپ، ئۇ ئاساسەن بۇ رايۇنلاردىكى ئۆلىمائى ئاكابىرلارنى قىرغىن قىلغان ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ زالىملار ئىچىدىكى ئەڭ يامان زالىم ۋە پاسىقلار ئىچىدىكى ئەڭ يامان پاسىق تەبئىتىنى ئىپادىلەيدىغان دەلىل ۋە ھۆججەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئەمىر تېمۇر شامنى بويسۇندۇرۇپ، دەمەشقنى مۇھاسىرە قىلىپ، قىرغىنچىلىق باشلىغان چاغدا،" ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر بىرى ئىككى نەپەر مۇسۇلماننىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىپ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەزسۇن" دەپ يارلىق قىلدى. بۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن بىر يۈز يىگىرمە تۆت " كاللا مۇنارە"ياساتتى. ھەر بىر كاللا " كاللا مۇنارە"توققۇز مىڭ ئادەمنىڭ بېشىدىن تەييار بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن روم تەۋەسىدىكى ئاناتولنى بېسۋېلىپ، پادىشا ئىلدىرىم بايزىدنى [88] يېقىتىپ، ئۆز نامىغا پۇل سوقتۇرۇپ، خۇتبىنى ئۆز نامىغا ئوقۇتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسپاھاننىڭ بارلىق ئەر ۋە ئاياللىرىنى، ھەتتا ياش ۋە قېرىلىرىنى تامامەن يوق قىلىشقا يارلىق قىلدى. ھەددى- ھىساپسىز پاك ۋە نارەسىدە قىز- ئوغۇللار، ياش- قېرىلار ئۇنىڭ تىغ سىياستىدىن ئۆتتى.

بۇ چاغدا زامان پازىللىرىنىڭ بىرى ئەمىر تېمۇرنىڭ شىر يېقىن ئەمىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، " پادىشا ئالى جاناپلىرىدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمىزكى، بۇ نارەسىدىلەرنىڭ ھېچقانداق ئىشتىن خەۋىرى يوق. بۇ مەھرۇم بىگۇنالارغا شاھانە ئىلتىپات قىلىپ، رەھىم- شەپقەت قىلىشنى سوراپ، ئەرز قىلدۇق. بۇنى يەتكۈزۈپ قويۇشلىرىنى سورايمىز" دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئارىدا ۋاستىچىلىق قىلغان بۇ ئەمىر مۇلايىم ۋە شىرىن سۆزلەر بىلەن بۇ نارەسىدىلەرنىڭ قانلىرى بىكار زايە بولۇپ كەتمىسە دەپ ئەرزنى يەتكۈزدى. لېكىن ئەمىر تېمۇر بۇنىڭغا ئىلتىپات قىلمىدى. ئۆزىنىڭ توپ- توپ بولۇپ تۇرغان ئەسكەرلىرىگە يارلىق قىلىپ، پادىشادىن تەققازالىق بىلەن مەرھەممەت كۈتۈپ تۇرغان نەچچە

مىڭلىغان پاك قىز- ئوغۇللارنى باسۇرۇق قىلدى. بۇ بىگۇنا نارسىدىلەرنىڭ ھەممىس ئات ئايىغىدا يوق بولدى. ئەمىر تېمۇرنىڭ رەھىمسىز ۋە تاش يۈرەك بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنىڭدىن ئۇچۇق بىلگىلى بولىدۇ.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھى ھەدىسلىرىنى بايان قىلغان ئالتە كىتاۋىدا ”تۈرك تايىپلىرىنىڭ كۆزلىرى كىچىك، بۇرۇنلىرى ياپىلاق، يۈزلىرى كەڭ تاۋاقتەك ۋە ئىككى مەڭزىگە بىر نەرسە يېپىشتۇرۇپ قويغاندەك ئىگىز بولىدۇ“ دەپ يېزىلغان ئىدى. بۇنداق ئوخشىتىش موغۇل پادىشالىرى ۋە قەبىلە- قەۋملىرىنىڭ شەكلىگە ماس كېلىدۇ. بۇ سۆز رەسۇلىللا كېرەم سەللەللاھۇ ۋەسسەلەمنىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر. ئاللاتائالانىڭ ”قۇرئان“ كېرىمدىكى ” ئول پەيغەمبەر يالغاننى سۆزلىمەيدۇ، ئاللادىن ۋەھى قىلىنغان ۋەھىنى سۆزلەيدۇ“ دىگەن ئايىتىدە رەسولى ئەكرەمنىڭ راست سۆزلەيدىغانلىغى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ھېچقانداق پادىشا ئىسلام رايۇنلىرىنى چىنگىزخان، ھالاكۇ ۋە ئەمىر تېمۇردەك ئۇرۇش- جىدەل قىلىپ ۋەيران قىلمىغان ئىدى. ئەمىر تېمۇر شام ۋە دەمەشقنى مۇھاسىرە قىلىپ، ئادەملىرىگە قىرغىنچىلىق قىلىشنى قەست قىلدى. «ھەسنۇ ھۆسەيىن» دىگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى ئىمام جەزىرى [89] بىر يۇشۇرۇن جايغا قېچىپ بېرىپ، «ھەسنۇ ھۆسەيىن» دىگەن كىتاپنى يازدى ۋە جانابى سەيدۇلمۇرسەلىن (مۇھەممەت پەيغەمبەر – ت) دىن مەدەت ۋە ئۈمىت كۈتۈپ «ھەدىستە»تە كەلتۈرۈلگەن دۇئالارنى ئوقۇش بىلەن شۇغۇللاندى. دەمەشقنىڭ ھەممە مۇسۇلمانلىرى بولسا دەرۋازىلارنى تاش بىلەن مەھكەم بېكىتىپ يىغا- زارە بىلەن قاخشايتى. «ھەسنۇ ھۆسەيىن» نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شۇ ھالەتتە ئىمام جەزىرى ئاللانىڭ ئۇلۇغ ئەلچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ باشپاناسى مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرۈپ، «يارەسۇلىللا، بۇ دۈشمەنلەر بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلبە قىلدى. بىز ئۈمەتلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلمامىلا» دەپ ئىلتىماس قىلغاندا، پەيغەمبىرىم ئىككى قولىنى ئىككى قولتۇغىدىكى ئاق بەدىنى كۆرۈنگىچە ناھايتى ئىگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. دۈشمەنلەر ئۈچ كۈن ئۆتمەستىنلا شامنىڭ مۇھاسىرىسىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى.مۇسۇلمانلاردا شادى- خوراملىق پەيدا بولدى.

يەنە ئەللامە سىيوتى[90] دىگەن ئالىم ئەمىر تېمۇرنىڭ بۇ ئىشلىرىنى، ئۇنىڭ دىنى ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغانلىغىنىڭ دەلىلى ۋە ئىشارىتى، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، پەيغەمبەر قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، بۇ تايىپىلەر ھەققىدە دۇئا قىلمىغان بولسا، پەيغەمبەر قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بۇ تايىپىلەر ھەققىدە دۇئا قىلمىغان بۇلار ئىدى. چۈنكى، شەرىئەتتە مۇسۇلمانىڭ زىيىنى ئۈچۈن دۇئا قىلىش توغرا ئەمەس ئىدى دەپ مۇلاھىزە قىلىپ كېلىپ، ”تارىخ ھىجرى سەككىز يۈز

سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1405 ـ 1046ـ يىلى ـ ت) ئىسلام دىنىغا ئاسىيلىق قىلغۇچى تېمۇر لەڭ ئۆلدى، جەھەننەمگە كەتتى ۋە ئاخىرەتلىكى يامان بولدى، دەپ بايان قىلىدۇ.ماۋارائۇننەھەرىدىكى ئۇلۇغ ئۆلىمالاردىن تۆت يۈز كىشىمۇ بۇ مۇلاھىزىلەرگە قوشۇلىدۇ"دىگەن گەپلەرمۇ بار. بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى پەقەت ھەقىقىي ئىلىم ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ ئۆزىگە مەلۇم بولۇپ، ئاللا ئۇنىڭ ئۆز ئىلمى قىدىمى (قۇرئان) بىلەنلا بىلەلەيدۇ.

«مۇنتەخەببۇتتاۋارىخ» دىگەن كىتاپنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ئەمىر تېمۇر تارىخ ھىجرى يەتتە يۈز يەتمىش بىرىنچى يىلى (مىلادى 1369 ـ 1370ـ يىلى ـت) تەختى سەلتەنەتكە چىققان. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن ئون سەككىز كىشى جەمئىي بىر يۈز ئاتمىش يىلچە ئەمىر تېمۇر ئىگەللىگەن مەملىكەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۇلالە مۇنقەرز بولغان.تېمۇرىلەردىن كېيىن ئۆزبېك قەبىلىسىگە ۋە جۇجى نەسلىگە مەنسۇپ بولغان مۇھەممەتخان شەيبانى [91] بۇ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئەمدى ئۆزبېك شەيبانىنىڭ بايانىغا كەلگەك، چىنگىز قائاننىڭ تۇنجى ئوغلى جۇجى خاننىڭ ئون ئوغلى بار ئىدى. ئالتىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى شەيبانى ئىدى، شەيبانىنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسىگە "ئۆزبېك"دەپ ئات قويىدى. بۇ بالا بالاغەتكە يېتىپ، چوڭ بولۇپ، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتكە ئىگە بولۇپ، فەرغانە ۋىلايىتى ۋە ماۋارئۇننەھرىنى ئىستىلا قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ مۇسۇلمانچىلىق، مۆمىنچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، پۇقراپەرۋەرلىكتە باشقا تەڭدىشى يوق ئىدى. شۇ ھالەتتە، ئۇ ئەللىك تۆت يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. پۇقرالار ئامىنسىدا ناھايىتى پاراۋانلىق، تىنچ تۇرمۇش پەيدا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ئىچىدە "ئۆزبېك" دىگەن نام بىلەن باقى قالدى. لېكىن مۇھەممەتخان شەيبانى بىننى جۇجى خان نەسلىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىگە شەيبانى دەپ تەخەللۇس قويىدى. پۈتۈن ئۆزبېكلەر يۇقىرىدىكى ئۆزبېك خانغا تەئەللۇق قەبىلىلەردىن بولغاچقا "ئۆزبېك" تايىپىسى دىگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

ئەمىر تېمۇر كوراگانى سەلتەنەت ئۈستىدە تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى جاھانگىر مىرزا ئىدى، بۇ ئەمىر تېمۇر تەختكە چىققان يىلى ۋاپات بولدى. ئىككىنچى ئوغلى ئۆمەر شەيخ باھادۇر بولۇپ، بۇنىڭغا پارىس مەملىكىتىنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. بۇمۇ ئەمىر تېمۇرنىڭ ھايات ۋاقتىدىلا ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلگەن ئىدى. ئۈچۈنچى ئوغلى مىرانشاھ مىرزا ئىدى. بۇنىڭغا ئىراقى ئەجەم [92] ئىراقى ئەرەپ [93] ۋە

شامغىچە بولغان رايۇنلارنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. تۆتىنچى ئوغلى دادىسى بېسىۋالغان مەملىكەتلەرگە دادىسىغا ۋاكالىتەن ئالتە يىل ۋە ئۆزى قىرىق ئىككى يىل مۇستەقىل پادىشالىق قىلىپ، ئادالەتلىك سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئۆلىما ۋە قازىلارغا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى مىرزا ئۇلۇغ بېك شاھروھقا ۋارىسلىق قىلىپ، سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلدى. بۇ دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا سەمەرقەنتكە ھاكىم ئىدى. پادىشالار ئىچىدە مىرزا ئۇلۇغ بىكتەك موللا، فازىل ۋە ئۆلىما ئادەم ئۆتمىگەن ئىدى. مىرزا ئۇلۇغ بېك «جامئۇل رەمۇز» دىگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى مەۋلانە شەمسىددىن مۇھەممەت [94] بىلەن ھەمدەرس- ساۋاقداش ئىدى دىگەن گەپلەر بار ئۇ ھەرقانداق پەنگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ۋە ھەممە پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تولۇق بىلىملىك بىر ئالىم ئىدى. ئۇ سانىسىز مۇھەندەس (گېئومېتىرىيە – ت)، ئەختەرشۇناس (ئاسترولگىيە ئىلمىنىڭ ئالىمى – ت) ۋە كىتاپ يازغۇچىلارنى يىغىپ، ئۇلارنى ئاسماندا كېزىپ يۈرگەن سەييارىلەرنىڭ شەكلى، قىياپىتى، ئىگىز- پەس ھەرىكەتلىرى، چوڭ ۋە كىچىكلىگى، ياخشىلىق ئالامەتلىرى، يامان سائەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ ۋە ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، رەسەت (ئوبسېرۋاتورىيە – ت) باغلاتقۇزدى. بۇ رەسەتكە ”زىجى كوراگانى“ (كوراگانى كالىندارخانىسى – ت) دەپ ئات قويدى. بۇ جايدا ئىشلەيدىغان ئالىملارغا ھەددى- ھىساپسىز ئىنئام ۋە مۇكاپات تەقدىم قىلدى.

بۇ چاغدا مىرزا ئۇلۇغ بېك ئۆز ئورنىدا ئوغلى ئابدۇللەتىپ مىرزىنى قۇيۇق دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن ئىراق تەرەپكە ئاتلاندى. بۇ ئۇرۇش ئىككى يىلدا ئاخىرلاشتى. بۇ مەزگىل ئىچىدە ئابدۇللەتىپ مىرزا دۆلەتنىڭ بايلىغى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئابرويىغا ئىگە بولۇشنى نىيەت قىلىپ، دۆلەت ۋە ھۆكۈمرانلىق غورۇرى ئۇنىڭ دىمىغىنى بۇزۇپ، دادىسىسىن تەختنى تارتىۋېلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پادىشالىق قىلىشقا جۈرئەت قىلدى. لەشكەر تەييارلاپ، دادىسىنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، ئۇنى ھەپىسگە (تۈرمىگە – ت) تاشلىدى. ئۇنىڭ لەشكەر، ئۇچۇق- ئاشكارە غەزىنىلىرىگە ئىگە بولۇپ،”شەرىئەتنىڭ توغرا ھۆكۈملىرىدىن يۈشۈرۈن ئىش قىلمايمەن، شەرىئەت قائىدىلىرىگە دادام بىلەن بالام خىلاپلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇلارغىمۇ يۈز- خاتىرە قىلمايمەن“ دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمىنى جارى قىلدى.

بۇ چاغدا، ئابباس دىگەن بىر ئادەم مېنىڭ دادامنى ئۇلۇغ بېك سەۋەپسىز ۋە بىگۇنا ئۆلتۈرگەن ئىدى دەپ ئەرز قىلدى.

ئابدۇللەتىپ مىرزا بۇ ئىشنى شەرىئەتكە بۇيرۇپ، دادىسىنى قىساسقا لايىق پەتىۋا ئېلىپ، پەتىۋانىڭ مەزمۇنىنى دادىسىغا مەلۇم قىلىپ، داداڭنىڭ قىساسىنى ئال دەپ ئاباباسقا بۇيرۇق قىلدى ۋە ئۇنى بىر كېچىدە مەخپى جايغا ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈردى. تارىخچىلار ئەھلى ئۆزىنىڭ تارىخ ۋاراقلىرىدا ئۇنى "ئاباباس ئۆلتۈرگەن" دەپ يازىدۇ. ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇللەتىپ مىرزىمۇ ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

مىرزا ئۇلۇغ بېك زامانىدا، ئۇۋەيس خاننىڭ [95] ئوغلى يۇنۇسخان دېگەن كىشى ئۇرۇشتا ئولجىغا چۈشۈپ، شىرازغا ئەۋەتىلىپ، مۇساپىرچىلىق تۇرمۇشقا تاشلانغان ئىدى. ئۇ شىرازدا ئىلمىي كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، كامالەتكە يېتىپ، "ئۇستا يۇنۇس"دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازاندى. ئارىدا ئوتتۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا [96] بىننى سۇلتان مۇھەممەت مىرزا بىننى مىرانشاھ بىننى ئەمىر كەبىر تېمۇر كورگانى دەۋرىگە كەلگەندە، سۇلتان ئەبۇ سەئىد شىرازغا كىشى ئەۋەتىپ، يۇنۇسخاننى ئالدۇرۇپ، سەمەرقەنتتىكى "باغى زاغان" (قارغىلار باغى – ت) دېگەن جايدىكى بىر تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، جىق گەپلەرنى ئارىدا قويىدى. ئۇ سۆز ئارىلاپ "مېنى خىزمەتكەر ۋە نەۋكەرلەر قاتارىدا كۆرمەي، دوست دەپ بىلسىلە، ئۆزلىرىنى پۇقرالىق كوچىسىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا خان قىلىپ ئەۋەتتىم. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ئۇستىمىزگە لەشكەر تارتمىسىلا" دەپ موغۇل قەۋملىرىدىن ياراق ۋە ئات-ئۇلاقلار بىلەن مۇكەممەل قوراللانغان ئون ئىككى مىڭ لەشكەرنى ھەمرا قىلىپ، موغۇلىستانغا يولغا سالدى. ئۇ يۇنۇسخاننى ئۇزىتىۋېتىپ، يەنە "مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا بىر پادىشا، بايام ئەمىر تېمۇر كوراگانى دەۋرىدىمۇ بىرەر جاننى نەزەربەنت تەرىقىسىدە ساقلاپ، ئۇنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى تەييارلاپ بېرىدىكەن، يارلىق-نىشانلارغىمۇ بۇ پالان خاننىڭ يارلىغى، ئەمىر كىبىر تېمۇر كوراگاننىڭ سۆزى، دەپ يېزىلىدىكەن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا مەملىكەت ئەييانلىرى ئۇنىڭغا بوي سۇنمايدىكەن" دەپ ئەسكەرتتى. ئەملىيەتتە، بۇنداق ئەھۋال دەل بۇ سۇلتان ئەبۇ سەيىد مىرزا زامانىغىچە دەستۇر-تۈزۈم بولۇپ كەلمەكتە. نەتىجىدە سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا يۇنۇسخان بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. يۇنۇسخانمۇ ئادىمگەرچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا تەقدىم (ياتلىق – ت) قىلدى. بۇلاردىن زاھىرىدىن، مۇھەممەت بابۇر شاھ ۋۇجۇتقا كەلدى. بابۇر شاھنىڭ ۋەقەلىرىنى كېيىنچە بايان قىلىشىم مۇمكىن.

سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا بولسا غەيرەت-شجائەت، ھىممەت ۋە ساخاۋەتلىك بەخشەندە قىلىنغان بىر پادىشا ئىدى.

ئۇنىڭ ھىممەتلىرى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، بەزىلەر خۇددى بۇ ئالەمگە بىر كەلگەن خۇدا (بىرلا ھۆكۈمران – ت) كۇپايە قىلىنغىنىدەك، يەر يۈزىدىكى بارلىق زېمىنغا ئىككى پادىشا ھاجەت ئەمەس، بەلكى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىدەك بىرلا پادىشا كۇپايە قىلىدۇ دەيتى ئۇ تېمۇرىيە تەختى ۋە مەملىكىتىگە ئون ئالتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزا فەرغانە ۋىلايىتى ۋە ماۋارائۇننەھىر مەمىكەتلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلدى.ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىنىسى مۇھەممەت مىرزا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزبېك تايىپىلىرى ئىستىلا قىلىپ، فەرغانە ۋىلايىتى ۋە ماۋارائۇننەھرىگە ئىگە بولدى.

سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا زامانىدا، سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بىننى مىرزا بايقارا بىننى ئۆمەر شەيخ باھادۇر بىننى ئەمىر كەبىر تېمۇر كوراگانى خوراسان مەملىكىتىگە ھاكىم ئىدى. بۇ چاغدا تېمۇرىيە تەختى سۇلتان ھۈسەيىن مىرىزا قارار تاپتى ۋە ھىراتنى پەيتەخت قىلدى. ئىراق، ئەجەم، ئىسپاھان، پارىس، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردىكى تۆت يۈز قىرىق تۆت چوڭ شەھەرنى مۇستەقىل ئوتتۇز سەككىز يىل پادىشالىق قىلىپ ھۆكۈم سۈردى. بۇنىڭ دەۋرىدە بىرمۇنچە فازىل يازغۇچىلار، ئۆلىمالار، شائىرلار جەم بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. مەۋلانە ھۈسەيىن ۋائىز كاشفى [97] مەۋلانە موئىنىددىن [98] مەۋلىۋە جامى [99] قاتارلىق مۇھەققىق ئۆلىمالار ھىساپتىن تاشقىرى كۆپ ئىدى. بۇلارنى تەرىپلەشكە ۋە تەسۋىرلەشكە تىل يەتمەيدۇ. ھۈسەيىن مىرزا يەتمىش ئىككى يىل ياشىدى. تارىخ ھىجرى توققۇز يۈز ئون ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1507 – 1508 – يىلى – ت) بۇ ئالەمدىن ئۇ ئالەمگە ئۇچۇپ كەتتى. تارىخچىلار ئەھلى "خوراسان "(ئەبجەت ھىساۋى بويىچە ھىجرى 912 – يىلى – ت) دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇنىڭ ۋاپات يىلىغا تەخلىت قىلىپ يازىدىكەن.

ئۇنىڭدىن ئون بىر ئوغۇل يادىكار قالدى. ئۇنىڭ بەدىئۈز زامان ۋە مىرزا مۇھسىن دېگەن ئىككى ئوغلى شىرىك پادىشالىق قىلدى. " قارىمۇ- قارشى ئىككى نەرسە بىر ئورۇندا تۇرلمايدۇ"دېگەندەك، ئۇلارنىڭ شىرىك ھۆكۈمرانلىغىمۇ بۇزۇلدى. ئەمىرائىلىرىمۇ ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى. بۇ ھال مەملىكەت نىزامى ۋە قائىدە- تۈزۈملىرىدە سۇستلۇق ۋە پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلدى. نەتىجىدە جۇجى خاندىن بۆلۈنۈپ چىققان خانلار نەسلىدىن بولغان ئۆزبېك خان ئەۋلادى مۇھەممەت شاھ بەخت خان ياكى شاھى بېك خان ۋە ياكى مۇھەممەتخان شەيبانى دېگەن ھەر خىل لەقەم- ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان ۋە ئەسلىدە مۇھەممەت شەيبانى بىننى شاھ بەداغ بىننى ئابۇلخەيىر خان بىننى

توختامىش خان دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئادەم خوراساننى ئىستىلا قىلىپ، دۆلەتنى يوق قىلدى. بۇ ئۆزبېكىيە ۋە دەشت قىپچاقىيلەر دۆلەتنىڭ غەزنە بايلىقىغا، ئەسكەرلىرىگە، يەر- زېمىنىغا، ھەتتا ئېپەتلىك قىز، مەلىكىلىرىگە، ئىنساپلىق ۋە پاكىز شاھزادىلىرىگە، تېمۇرىيە بۆشۈگىنىڭ ئايىم- ئاغىچلىرىغا، دەۋرنىڭ نازىنىنلىرى، جاھاننىڭ ئىپپەتلىك ئەر- ئاياللىرىغا ئىگە بولدى. بۇ ئۆزبېك ۋە قىپچاقلار ئۇلارنىڭ نۇرسىمان يۈزلىرىدىكى نىيەت ۋە ھايا پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، شەرىئەتكە خىلاپ ھەر خىل يامان ئىشلارنى پەيدا قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىپ، تىل يېتىشمەيدۇ.

سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن، ھەر قايسى مەملىكەتلەرنى بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ خوتۇن، قىزلىرى ۋە پەرزەنت قېرىنداشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزبېكلەرنىڭ قولىغا ئولجا بولۇپ ئەسىر چۈشتى. تەتۈر ماڭىدىغان بۇ پەلەك ئۇلارغا ئۆز تەتۈرلىگىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل كېيىن، مۇھەممەتخان شەيبانى سەفەرۋىلەردىن [100] قىزىل باش ئىسمائىل قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. خوراسان دۆلىتىگە قىزىل باشلار ئىگە بولدى. بۇ چاغدا كۈچەم خان بىننى مەھمۇتخان بىننى ئۇبۇلخەيىر خانلار [101] ماۋارائۇننەھرىگە قانائەت قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبەيدۇللا خان، ئابدۇل ئەزىز خان، ئابدۇللا خان، ھەيدەر مۇھەممەت خان ئىمام قۇلى خان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت خان، قاتارلىقلار بۇخارا، سەمەرقەنت، ئۆرگەنچ قاتارلىق شەھەرلەرگە نۆۋەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتتى.

بۇ چاغدا زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر پادىشا بىننى ئۆمەت شەيخ باھادۇر بىننى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا بىننى سۇلتان مۇھەممەت مىرزا بىننى مىراشاھ مىرزا بىننى ئەمىر تېمۇر كوراگانى ماۋارائۇننەھرى ۋە فەرغانە تۇرالماي، ئىسمايىل سەفەۋىگە ئۆزىنى تاشلاپ، قىزىل باشلارنىڭ ياردەم ۋە مەدەتلىرى ئارقىسىدا، فەرغانە ۋە ماۋارائۇننەھرىگە ئىگە بولدى. لېكىن ئۇ بۇ جايلاردىمۇ تۇرالماي، كابۇل ۋە غەزنەۋىلەرنىڭ [102] ئۇستىگە باستۇرۇپ كىرىپ، تا دېھلىغىچە بولغان جايلارنى ئىگەللەپ، بۇ جايلاردا ئوتتۇز ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ تارىخ ھىجرى توققۇز يۈز بەشىنچى يىلى (مىلادى 1499ـ1500ـ يىلى ـ ت) تەختكە چىققان، تارىخ ھىجرى توققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتىنچى يىلى (مىلادى 1530ـ1530ـ يىلى ـ ت) ۋاپات بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلى ھۇمايۇن پادىشالىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى قولىغا كىرگۈزدى. ئۇنىڭ ئەۋلادى ئەكبەر شاھ پادىشا، ئالەمگىر

پادىشا، ئەۋرەڭزىپ پادىشادىن باشلاپ، تا ئەخمەت شاھ پادىشاغىچە بولغان ئارلىقتا، ئون يەتتە نەپەر كىشى بەش يۈز ئاتمىش يىل بۇ مەملىكەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتتى. تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1846- يىلى – ت) ئۇلارنىڭ دۆلەت چىرىغى ئۆچتى. ئالى مەرتىۋىلىك بۇ پادىشالاردىن نۇرغۇن ياخشى ئىشلار نەمۇنە ۋە يادىكار قالدى. ئاللا ئۇلارنىڭ ياخشى نامىنى تا ئىنقىرازى ئالەمگىچە (ئالەم تۈگىگىچە –ت) مەھكەم ۋە ئۇزۇن ساقلىغاي، ئامىن!

بابۇر پادىشا ئەۋلاتلىرىدىن جەمشىد بى ۋە نار بوتاخانلار فەرغانە ۋىلايىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئاتامىراس يۇرتلىرىنى ئۆزبېكلەردىن تاپشۇرۇۋېلىپ، قوقاننى پايتەخت قىلىپ، بۇ مەملىكەتنى ئاۋات ۋە مەمۇرچىلىققا يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى تا مەللەخان ۋە خۇدايارخانغىچە يەنى تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئالتە يىلغىچە (مىلادى 1869- 1870- يىلى – ت) فەرغانە ۋىلايىتىدە ھۆكۈم سۈردى.ئۇنىڭدىن كېيىن فەرغانە دۆلىتى ئورۇسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتتى. خۇدايارخان شېرىپ زىيارىتىگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ يولغا چىقىپ، بەندىچىلىكنى كابۇل شەھرىدە تۈگەتتى. (ۋاپات بولدى - ت). تېمۇرىيە ئەۋلادىدىن مۇزەپپەر خان بىننى مۇھەممەت ئەلى خان بولسا ياقۇپ بەگ ئاتالىق غازىنىڭ پەرمانى بىلەن كورلىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلاردىن كېيىن تېمۇرىيە ئەۋلادىدىن باش كۆتىرىپ چىققانلىرى ئانچە مەلۇم ئەمەس (ئۇلارنى ئاللا ئۆزىگە يېقىن تۇتقاي)، قالدىسىنى خۇدا ئۆزى بەكرەك بىلىدۇ.

قەلەم تىزگىنىنىڭ تېز قېقىلىشى ۋە خۇشخەتلەرنىڭ بەختىيار ئالغا يۈرۈشى تۈپەيلىدىن، پادىشا ۋە شاھ دەپ قوش نام بىلەن داڭقى چىققانلار يەنى ئىران، تۇران، ئىراقى ئەجەم ۋە ئىراقى ئەرەپ، ھىندىستان، ئەرەبىستان، تۈركىستان قاتارلىق جايلارنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە ئۇزۇن زامان مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق ۋە ئىگىدارچىلىق قىلغان موغۇل قەۋمى- قەبىلىلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ھەققىدىكى ئاز- تولا قىسسە ۋە ئاجايىپ ھېكايىلەر بۇ كىتاپنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۇتىيەزىلىگە (شېرىن سۆز يىپىلىرىگە - ت) تىزىلىشى لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرۈلۈپ، مەزمۇنلىرى قىسقىچىلا بايان قىلىندى. بۇ مەسىلەلەرنى تەپسىلى بىلىشنى خالايدىغانلار بولسا «رەۋزە تۇسسافا» ۋە «تارىخى رەشىدى» قاتارلىق كىتاپلارغا مۇراجەت قىلسۇن.

بىزنىڭ مەقسىدىمىز بولسا موغۇللار يۇرتىدا ھۆكۈم سۈرگەن خان، پادىشا، شەۋكەتلىك ئۇلۇغ ئەسىرلەرنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، قەلەمنىڭ گۈزەل چۇلۇۋۇرى موغۇلىستاندا ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ قىسسە ۋە داستانلىرىنى

بايان قىلىش تەرەپكە مايىل بولۇپ، ئەسلى مەقسەت تەرەپكە قەدەم تاشلىدى.

يۇقىرىدا چىنگىز قائان ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن مەملىكەتنى تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى دېگەن ئىدۇق. چىنگىز قائان ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خانغا ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ماۋارائۇننەھرى، فەرغانە ۋىلايىتى، موغۇلىيە، تاتارلار يۇرتى، ئۇيغۇرلار زىمىنى ۋە قەدىمقى نايمان قەۋملىرىگە تەۋە جايلارنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. چاغاتايخانمۇ ئۆز ئەمىرلىرىگە بۇ يۇرتلارنى تەقسىم قىلىپ بەردى. جۈملىدىن دوغلات قەبىلىسىدىن بابداغان دوغلاتقا ماڭلاي سۇيەنى ئىنئام قىلىش بىلەن تەڭ، يەنە ئۇنىڭغا ئۈچ مەنسەپنى جۇلدۇ (مىراس – ت) قىلىپ بەردى. " ماڭلاي سۇيە"دېگەن سۆز موغۇل تىلىدا " ئاپتاپ تەرەپ"(شەرقى تەرەپ –ت) دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ زىمىننىڭ شەرقى چېگىرىسى باغراش، كورلا، شىمالى تەرەپتە مۇزتاغ، غەرپتە ئالاي تاغلىرى ۋە كاتتا داۋان، جەنۇپتا لەئلى كان، بەدەخشان ۋە قاراڭغۇ تاغىن ئىبارەت. بابداغاننىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇزۇن زامان ئىنئام قىلىنغان بۇ زىمىن ئىچىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتتى." دوغلات" دېگەن سۆز "توكۇز"، " ئاقساق" دېگەن مەنىدە. چۈنكى چىنگىز قائاننىڭ ئۈچىنچى ئاكىسى قۇبۇل خاننىڭ سەككىز ئوغلى بار ئىدى. ئالتىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى بۇلجار بولۇپ، بۇ ئاقساق ئىكەن. شۇڭلاشقا " دوغلات"دەپ لەقەم قويۇلغان ئىكەن. دوغلات تايپىلىرى بۇنىڭ نەسل-ئەۋلادى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## ئەمرۇلئەمرائى يەنى ئەمىر خۇدايەت بىننى ئەمىر بولاجى دوغلاتنىڭ قىسسە ۋە ۋەقەلىرى ھەم سەرگۈزەشتىلىرى ماقالاتى، پەرزەنت-نەۋرىلىرىنىڭ ۋە باشقا مىرزا بەگلەرنىڭ بۇ يەتتە شەھەرگە ھۆكۈمرانلىغى ھەم ئاقىۋەتلىرى بايانى

ساغلام تەبىئەتلىك يارەنلەرنىڭ توغرا زېھنىلىك بۇرادەرلەرنىڭ مۇلايىم تەبىئەتلىرىگە پېتىپ روشەن بولغايكى، بابداغاننىڭ نەۋرىلىرىدىن ئەمىر تۇلەك دوغلاتى كاشغەردە، ئەمىر بولاجى دوغلاتى ئاقسۇدا ھۆكۈمران ئىدى، بۇ چاغدا چىنگىزخاننىڭ ئالتىنچى نەۋرىسى ئىسەن بۇقاخان دېگەن تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ،

چوڭ خوتۇنى تۇغماس ئىدى. كىچىك خوتۇنى بولسا خاندىن هامىلدار ئىدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىسەن بۇقا خان ئاۋغا (ئوۋ قىلىشقا – ت) ياكى ياۋغا (ئۇرۇشقا – ت) كېتىپ، ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا دوختۇش قەبىلىسىنىڭ شىراۋۇل دىگەن بىر كاتتا ئەمىراسى توقسەن تارتۇق بىلەن خانغا كۆرۈنۈشكە كەپتۇ- دە، خاننى كۈتۈپ بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ. خان يەنىلا كەلمەپتۇ. خاننىڭ چوڭ خوتۇنى كۈندىشىنىڭ هامىلدار بولغانلىقىنى سېزىپ، خاننىڭ كەلمىگەنلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا زىشكى- ھەسەت قىلىپ، ئۇنى شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ يولغا سېلىپتۇ. موغۇنلارنىڭ قائىدە- رەسمى بويىچە، چوڭ خوتۇنى كىچىك خوتۇننى خالىسا ساقلايتى ياكى خالىمسا باشقا ئەرگە بېرەتتى.

بىر كۈنى خان ئاۋ (ئوۋ) دىن ياكى ياۋدىن قايتىپ كېلىپ، كىچىك خوتۇنى مەلىكىنى يوقلاپ، " نەگە كەتتى"دەپ سورىغاندا، چوڭ خوتۇنى" دوختۇش شىراۋۇل تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، مەلىكىنى شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ يولغا سالدىم"دەپ جاۋاپ بەردى. خان" مەلىك مەندىن هامىلە ئىدى، ئوبدان بولماپتۇ"دىدى- دە، ئارتۇقچە تەئەررۇز قىلمىدى. خاننىڭ ئوغلى يوق ئىدى. ئاز پۇرسەتتىن كېيىن، خان بۇ جاهان بىلەن خوشلاشتى. نەتىجىدە موغۇل قەۋمى خانسىز قالدى. چۈنكى چاغاتاي ئەۋلادى بىلەن تولۇي ئەۋلادى ئۆز- ئارا جەڭ- جىدەللەر تۈپەيلىدىن بىر- بىرىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى.بۇ چاغدا، ئاقسۇدىكى ئەمىر بولاجى دوغلات ئەمىرلىرىنى يىغىپ، "خان ئەۋلادىدىن بىرەرسىنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئىتائىتىدە بولساق، خان ئۆز ئۇرۇغىدىن بولمىسا پۇقرالارغا پاراۋانلىق، يۇرتقا تىنچلىق بولۇشى مۈشكۈل"دىگەندە، ئۇلار: " ئىسەن بۇقا خاندىن مەلىك خوتۇن هامىلە ئىدى، ئۇ شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن ئىدى، ئەگەر ئۇ ئوغۇل تۇققان بولسا ئېلىپ كېلىپ خان كۆتۈرسەك" دەپ مەسلىھەت قىلىشقاندا، ئەمىر بۇلاجى" شەغاۋۇلنىڭ (شىراۋۇلنىڭ - ت) جاي- مەنزىلى ئۇزۇن، ئۇزۇق ۋاپا قىلمايدۇ، بېرىشقا مۇمكىن ئەمەس" دىدى. بۇ چاغدا تاش تېمۇرا مىرزا دىگەن بىر ئەمىراسى بار ئىدى. ئۇ " ئۇزۇق ۋاپا قىلمايدىغانلىقى راست، لېكىن ماڭا ئۈچ يۈز ئوغلاقلىق ئۆچكە تېپىپ بېرىلسە، مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ۋە سۈتىنى ئۇزۇق قىلىپ بارسام ۋە خاننى تېپىپ كەلسەم"دىدى. ھەممەيلەن بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئۈچ يۈز ئوغلاقلىق ئۆچكە تېپىپ بەردى. ئۇ بۇنى ئۇزۇق قىلىپ، ئاخىرى بىر ئۆچكە قالغاندا شىراۋۇلنىڭ جاي ماكانىغا يەتتى. ۋە بىر بانا قىلىپ مەلىك خوتۇن بىلەن كۆرۈشتى. بارلىق ۋەقەنى ئۇنىڭغا تولۇق بايان قىلدى. ئۇ تەكشۈرۈپ قارىسا، مەلىك خوتۇن خاندىن بولغان هامىلىسىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئېتىنى تۇغلۇق تېمۇر قويۇپتۇ. يەنە شىراۋۇلدىنمۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپ،ئۇنىڭغا ئوكچە مۇلۇك دەپ ئات قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مىرزا تاش تېمۇر بۇ جايدا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ ، تۇغلۇق تېمۇرنى ئېلىپ قاچتى. بىر قانچە مۇدەتتىن كېيىن مۇزات داۋىنىغا كەلدى، خان ئويناپ يۈرۈپ ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. تاش تېمۇر مىرزا بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ خاننى ئىزدەپ ھەيرانۇ- سەرگەردان بولۇپ تۇرغان چاغدا، يەتتە نەپەر سودىگەر يېتىپ كەلدى.باشلىغىنىڭ ئېتى بەگچەك ئىدى. ئۇ خاننى ھاڭدىن ئېلىپ چىقتى. بۇلار كېيىنچە خاس بەگلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. باشقىلىرىغىمۇ ئۆز لايىقىدا مەنسەپ بېرىلدى. ئالى مۇقام خاننى تاش تېمۇر مىرزا ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ، ئەمىر بۇلاجىنغا تاپشۇرۇپ بەردى.

بۇ چاغدا خان ئون تۆت- ئون بەش ياشلاردا ئىدى. ئەمىر بولاجى يۇرت بەگلىرىنى ھازىر قىلىپ، ئوبدان سائەتتە ئۇنى تەختكە چىقاردى. خان ئەمىر بولاجىنىڭ بۇ قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن، ئۇنى بەگلەر بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭ يەنە ئاتائى- ئەجداتلىرىدىن مىراس بولۇپ كەلگەن ئۈچ مەنسەپكە يەنە ئۈچ مەنسەپ جۇلدۇر- جاساق قىلىپ، قولىغا يارلىق نىشانە بېرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇن بەردى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئەمىر بولاجى بۇيۈكلۈك ئالەمگە پەرۋاز قىلدى. خان ئەمىر بولاجىنىڭ مەنسۇپنى ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىر خۇدايدادقا بېرىپ، ئۇنى " جايساڭ"دېگەن ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى قىلدى. بۇ ئۆزبېك تىلىدا "بەگلەر بېگى"، قىرغىز، قازاق تىلىدا "ئېل بېگى"ياكى " ئۇلۇس بېگى"، ئەرەپچە "ئەمىرۇلجەيس"(ھەربى قوماندان –ت) دېگەن سۆز بولىدۇ.

ئەمىر بولاجى بىر ئاتىدىن ئەمىر تۆلەك، ئەمىر بولاجى، ئەمىر قەمەرىددىن، ئەمىر شەمسىددىن دەپ تۆت ئوغۇل ئىدى. بۇ چاغدا ئەمىر قەمەرىددىن " ئاكامنىڭ ئوغلى يەتتە ياشتا تېخى كىچىك، بۇ مەنسەپكە مەن لايىق ئىدىم، ئاكامنىڭ بۇ مەنۇسىنى ماڭا مەرھەمەت قىلسىلا، ھەق ئۆز ئورنىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالغان بولار ئىدى"دەپ ئەرز قىلدى. خان "ئاتا ئوغۇل ئۈچۈن قىلىدۇ"دەپ ئىلتىپات بىلەن يارلىق قىلدى ۋە "ئەمىر بولاجىنىڭ ئۆتكەنكى خىزمەتلىرىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئەمىر خۇدايداد گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاتائى- ئەجداتلىرىنىڭ مەنۇسىنى بۇنىڭغا بەردىم" دەپ داۋاملىق يارلىق قىلدى. لېكىن ئەمىر قەمەرىددىن بۇنىڭغا ھېچنىمە دەپ جاۋاپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ دىلىدا كىنە- ئاداۋەت پەيدا بولۇپ، مىجەزى باشقىچە بولۇپ، ئۆزگىرىپ قالدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن خان ۋاپات بولۇپ، گۇناھى ئەپ ئەتكۈسى قادىر ئاللانىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئەمىر قەمەرىددىن بولسا بۇنداق پۇرسەتكە ناھايىتى ئىنتىزار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ قارىشلىق ناغرىسىنى ئاشكارە چالدى

ۋە ئون سەككىز شاھزادە بىلەن بىر نەچچە كاتتا ئەمرائىلەرنى يوق قىلدى. خاننىڭ يۇرتى، يۇشۇرۇن ئاشكارە غەزنىلىرى، ياراق- جاپدۇقلىرىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ھۆكۈم سۇرگەن دەۋرى- زامانىسى ئون ئىككى يىلدا تاماملىنىپ ئاخىرلاشتى. ئۇ ئەمرى تىمۇر كوراگانى بىلەن ھەمئەسىر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەمئىي يەتتە قېتىم قاتتىق جەڭ- جېدەللەر بولۇپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قېنى تۆكۈلدى. ئاخىرى ئەمىر قەمەرىددىن باراۋەرلىك قىلالماي قېچىپ كېتىپ، بىر جەزىرە- دەشتىدە يوق بولدى. ئۇنىڭ ئۆلۈگىمۇ تېپىلمىدى. ئەگەر كىمكى بۇ قىسسەنى كۆڭلىدە بىلىشنى خالىسا، ئەلۋەتتە "رەۋزە تۇسسافا"غا نەزەر سالسۇن.

ئەلقىسسە، مەغفۇر- (گۇنايى كەچۈرۈلگەن – ت) رەھمەتلىك خان ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، خىزىر خوجا خاندىن باشقا ئوغلى ئامان قالمىغان ئىدى. لېكىن خىزىر خوجا خان ئارانلا ئىككى ياشتا بولۇپ، ناھايىتى كىچىك ئىدى. بۇ چاغدا ئەمىر خۇدايدادىنىڭ مىر تاغا دىگەن ساپ مەسلىھەتلىك، زىيادە تەدبىرلىك ۋە ئەقىللىق بىر ئانىسى بار ئىدى. ئۇ "خان نەسلى ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن" دەپ، ئون ئادەمنى قوشۇپ خىزىر خوجا خاننى قاچۇردى. مەزكۇر ئادەملەر خىزىر خوجا خاننى ئېلىپ قېچىپ بىرقانچە زامان ئالاي تاغلىرى ئىچىدە، بىر نەچچە ۋاقىت بەدەخشان، سېرىق قول جەزىرىلەردە ۋە بىر نەچچە مۇددەت لوپ، چەرچەن جاڭگاللىرىدا ھايات كەچۈردى. قەمەرىددىن ئۇلارنى خېلى تەكشۈرۈپ ۋە تەپتىش قىلىپ تاپالمىدى. قەمەرىددىن يوقالغاندىن كېيىن، ئەمىر خۇدايداد خىزىر خوجا خاننى تېپىپ كېلىپ، ئۇنى ئابائى- ئەجداتلىرىنىڭ پايىتەختىگە ئولتۇرغۇزدى. خىزىر خوج خانمۇ ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ئۈچۈن، يەنە ئۈچ مەنسەپ ۋە جۇلدۇ- جاساق قىلىپ، جەمئىي توققۇز مەنسەپكە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ شىرئەلى خانغا [103] بىر قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىگى ئۈچۈن، يەنە ئۈچ مەنسەپ جۇلدۇ قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئەمىر خۇدايداد ھەممىسى بولۇپ ئون ئون ئىككى مەنسەپكە ئىگە بولدى.

بۇ ئون ئىككى مەنسەپ مۇنداق: بىرىنچىسى جايساڭ، يەنى ئەمىرلەر ئەمرى؛ ئىككىنچىسى ماڭلاي سۈيەنىڭ ھۆكۈمرانلىغى؛ ئۈچىنچىسى، يارلىق- نىشانلارغا خانلارنىڭ ئۇلۇغ مۆھۈرى- تامغىسى بېسىلغاندىن باشقا، يەنە ئەمىر خۇدايدادنىڭ مۆھۈرى- تامغىسنى بىللە قوشۇپ بېسىش، ئەگەر مۇنداق قىلىنمىسا يارلىق- نىشانلار ئىناۋەتكە ئېلىنماسلىق؛ تۆتىنچىسى، ئەمىر خۇدايداد خانغا بىر يا مىقدارى يېقىن ئولتۇرۇش؛ بەشىنچىسى، خانغا چاي ۋە قېمىز قويۇشقا ئىككى مەھرەم مەسئۇل بولسا، ئەمىر خۇدايدادقا بىر مەھرەم مەسئۇل بولۇپ، چاي، قېمىز قويۇش؛ ئالتىنچىسى،

توققۇز گۇنا سادىر قىلمىغۇچە گۇناغا لايىق قىلماسمىش؛ يەتتىنچىسى، توققۇز گۇنا سادىر بولسا ۋە ئۇنى ئۆزى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردە، ئەمىر خۇدايىدادنى قىزىل كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، سورىغىنى بىر تەرەپ قىلىش؛ سەككىزىنچىسى، ئەگەر تاياق سوقماقلىققا لايىق بولغان تەقدىردە، كۇرسا ئۈستىگە قىزىل كىگىز سېلىپ، ئۇنى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئاندىن تاياق سوقۇش؛ توققۇزىنچىسى، توققۇز گۇنا سادىر بولمىغىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەسلىك؛ ئونىنچىسى، ئەگەر ئۆلۈمگە لايىق بولغاندا، ئىنسان گۇرۇھى تاياق ياكى قىلىچ بىلەن ياكى ئېسىپ ئۆلتۈرمەسلىك؛ ئون بىرىنچىسى، ئەگەر ئۆلۈمگە لايىق بولسا، ئۇنى كىشى يوق يەرگە ئېلىپ بېرىپ، كۆندۈرۈلمىگەن ئات- تايچاققا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش؛ ئون ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ جېنىنى جان ئالىدىغان ئەرۋاھقا تاپشۇرغاندىن كېيىن، خان باشلىق مەملىكەتنىڭ ھەممە ئەئيانلىرى ماتەمدار بولۇپ، يىغا- زارە قىلىشىپ، بىللە كۆتىرىپ ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ گۇنالار ئۇنىڭدا زادىلا سادىر بولمىغان بولسا كېرەك. ھالبۇكى بۇ پەقەت خانلىقنىڭ سۆلەت ۋە شەۋكەتىدىنلا ئىبارەتتۇر.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، بۇ ئالى ماقالىق ئەمرائىلەرنىڭ ئەۋلات- نەۋرىلىرىمۇ خانلارنىڭ ئالدىدا خۇددى يۇقۇرقىدەك ئىززەت ۋە ھۆرمەت ھەم يۇقۇرى دەرىجىلىك مەرتىۋە بىلەن ئۆتكەن ئىدى. ئەمىر خۇدايىداد بولسا توقسان يەتتە ياشقا كىرگەن ۋە توقسان يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. ئۇ: "يەتتە خاننى ئۆز قولۇم بىلەن كۆتىرىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدۇم"دەپ زىكىر قىلىدۇ. ئاخىرقى ئۆمرىدە مەككە- مۇئەززەمەگە بولغان مۇھەببىتى ۋە مەدىنەئى مۇنەۋۋەرگە بولغان ئىشتىياقى ئۇنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىدا جۇش ئۇرۇپ ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ خاندىن رۇخسەت سورىدى، لېكىن ھېچقانداق جاۋاپ ئالالمىدى. ئاندىن ئۇ خاندىن رۇخسەت بولمىدى. باشقا بىر تەدبىر بىلەن مۇرادىمىغا يەتسەم ھەجەپ ئەمەس دېگەننى كۆڭلىگە پۈكتى.

بۇ چاغدا فەرغانە ۋىلايىتى، ماۋارائۇننەھىر، خوراسان، پارس، ئىراقەيىن، ئەزەربەيجەن قاتارلىق جايلار ئىرزا ئۇلۇغ بېك كوراگاننىڭ ئەمىر- پەرمانىدا تۇراتتى. موغۇلىستاننى قولغا كىرگۈزۈش قەستى بولسا، خۇددى تاشقا ئۇيۇلغان نەقىشتەك ئۇنىڭ يۈرەك قاتلىمىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. بۇ چاغدا ئەمىر خۇدايىداد مىرزا ئۇلۇغ بېككە مەخپى كىشى ئەۋەتىپ، "مىرزا! تاشكەنتتىن تۆت- بەش مەنزىل يۈرۈپ موغۇلىستان تەرەپكە مۇشەققەتلىك قەدەم قويسىلا؛ مەن موغۇلىستان يۇرتىنى مىرزا ئۇلۇغ بېككە تەۋە قىلىپ بەرسەم"دەپ خەۋەر بەردى. مىرزا ئۇلۇغ بېك بۇ خوش خەۋەرنى

ئاڭلاش بىلەنلا سەمەرقەنتتىن ئاتلىنىپ، تاشكەنتكە كېلىپ، بۇ جايدىن لەشكەر تارتىپ چىقتى. موغۇلىيە يۇرتىدىنمۇ خىزىر خوجا خان باشلىق ئەمىر خۇدايىداد قاتارلىقلار لەشكەر ئېلىپ تاشكەنت تەرەپكە يولغا چىقتى. ئاخىرى بۇ خۇددى دەريادەك ئاققان ئىككى خۇنخۇۋار قوشۇنلار ئارىسىدا بىر مەنزىلدىن كەمرەك مۇساپە قالغاندا، ئەمىر خۇدايىداد : "مىرزا ئۇلۇغ بېك ئالدىغا ئۆزەم بېرىپ، ئۇنىڭ رائى نۇرلىرىنى قايتۇرسام، ناھەق خۇنلار تۆكۈلمىسە"دەپ خانغا ئىلتىماس قىلدى. خان بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، ئەمىر خۇدايىدادنى مىرزا ئۇلۇغ بېككە ئەۋەتتى. خۇدايىداد ئۇنىڭ بىلەن ئۇچۇرشىپ : "ئەي مىرزا مۇددىئا ھاسىل بولدى، ئەمدى ئۆز تەختگاھلىرىغا يانسىلا، مەن تەدبىر بىلەن ئۆزلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدىم تا ئۆزلىرى بۇ يەرگە كەلمىگىچە مېنىڭ مەقسەت ۋە مۇددىئالىرىم ھاسىل بولماس ئىدى"دەپ بارلىق ۋەقەنى تولۇق سۆزلەپ ئاشكارە قىلدى. مىرزا ئۇلۇغ بېك تەبەسسۇم ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ پىردەۋس دىگەن جەننەتكە ئوخشاش تەختگاھى سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. جۈملىدىن ئامىر خۇدايىدادمۇ خىزىر خوجا خاننىڭ ھۆكۈمىتى ۋە زىمىن دائىرىسىدىن چىقتى.

مىرزا ئۇلۇغ بېك كوراگانى ئەمىر خۇدايىدادنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، بىر نەچچە قەدەم جۇلاۋىدا (ئاتنىڭ يېنىدا پىيادە - ت) مېڭىپ ۋە قولتۇغىدىن كۆتىرىپ ئاتتىن چۈشۈرۈپ، زىيادە ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىجا كەلتۈردى. ئۇ ئەمىر خۇدايىدادنى ھەرقانداق چاغدا ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرغۇزۇپ، ئۆز قەدىمىنى زادىلا ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قويمىدى ۋە بىرنەچچە كۈن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى توغرىسىدا ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى سورىدى. ئالدى بىلەن ئۇ پادىشاھى چىنگىز قائانىنىڭ قائىدە- قانۇنلىرى، ياساق- يوسۇنلىرى، يارغۇتورىلىكلىرى ھەققىدە سۇئال سورىغاندا، ئەمىر خۇدايىداد "ئەلھەمدۇلىلار ۋە ئەلمىنە بۇدۇركى، ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت- شەرىپىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن خانلارنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرى بىلەن كارىم بولمىدى "دەپ جاۋاپ بەردى. مىرزا ئۇلۇغ بېك بۇنداق سۇئال سورىغانلىقىغا ناھايىتى خجالەت بولۇپ قاتتىق پۇشايمان قىلدى، ھەتتا ئۆمۈر بويى بۇنداق خجالەتچىلىكتە ئۆتتى ۋە كۆپ ئىبرەتلەندى. چۈنكى مىرزا ئۇلۇغ بېك ھەممە ئىلىمدە ماھىر ۋە كامىل كىشى ئىدى. ئۆز- ئارا مېھماندارچىلىق پىشەشەكەش- تارتۇق قائىدىلىرى ئادا قىلغاندىن كېيىن، مىرزا ئۇلۇغ بېك ئۆز ئادەملىرىنى خىزمەتكە قوشۇپ، ئەمىر خۇدايىدادنى ھەرەمەيىن شەرىپىن زىيارىتىگە يولغا سالدى.

«تارىخى رەشىدى» مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئەمىر خۇدايىداد مەككە مۇئەززەمگە بېرىپ، ھەجنىڭ روكنلىرىنى ۋە

شەرتلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپ، مەدىنەئى مۇنەۋۋەرگە بېرىپ، مۇھەممەت ئەنھەزرەتنىڭ باغ قەۋرىسگە زىيارەت قىلدى ۋە تۆۋە- ئىستىغپارغا شۇغۇللىنىپ تۇرغان بىر ھالەتتە كېسەلگە دۇچار بولدى ۋە بۇ قاراڭغۇ تۇپراقتىن ئاخىرەت باغچىسىغا يۆتكەلدى. شۇ كېچىسى ئەنھەزرەت چۈشىگە كىردى. ئۇ چۈشىدە ئەنھەزرەتنىڭ "تۈركىستان تەرەپتىن مېنىڭ بىر مەھبۇبە مەشۇغۇم مېنى دەپ كېلىپ ۋاپات بولدى، ئۇنى ئاباسىنىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلىڭلار"دەپ ھاسىا بىلەن بىر يەرنى سىزىپ كۆرسەتكەنلىكى نامايەن بولدى. ئۇ ئۇيقۇدىن تۇرۇپلا ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەۋرىسگە بارسا، ھاسىا بىلەن سىزىلغان يەر ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈندى. ئۇ، بۇ ئەجەپ سائادەتمەن مەردا (ئادەم – ت) كىم بولغىيدى دەپ ھاجىلارنى تەھقىق ۋە تەپتىش قىلىپ كۆرسە، بۇ چاغدا ئەمىر خۇدايداددىن باشقا ھاجى ۋاپات بولمىغان ئىكەن. ئۇنى قائىدە بويىچە سۇنئەت- غۇسۇل قىلدۇرۇپ، بىشارەت بېرىلگەن يەرگە دەپنە قىلدى.

شۇ يىلى خوجا ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت پارسا [104] قۇددۇسسىرە ئەلئەزىزمۇ ھەرەمەيىن شېرىفىن زىيارىتىگە بارغان ئىدى. ئۇنىڭ مۇرتلىرىدىن بىرى ئەمىر خۇدايدادنىڭ قەۋرىسى ئۇستىگە"ھەززا قەۋرە ئەمىر خۇدايدادنىڭ تۈركىستانى"(بۇ تۈركىستانلىق ئەمىر خۇدايدادنىڭ قەۋرىسى – ت) دېگەن سۆزنى تاشقا نەقىش قىلىپ تۇرغۇزۇلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن ئاشكارە كۆردۈم دەپ نەقلى- ھېكايە قىلغان ئىكەن. خوجا مۇھەممەت پارسانىڭ ھەرەمەيىن شېرىفىن زىيارىتىگە بېرىپ ۋاپات بولغان ۋاقتى ھىجرى سەككىز يۈز يىگىرمە ئىككىنچى يىلى زۇلھەججە (12- ئاي – ت) نىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنىگە (مىلادى 1420- يىلى 1- ئاينىڭ 16- كۈنى – ت) توغرا كېلىدۇ دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ. بەلكى ئەمىر خۇيدادمۇ دەل مۇشۇ يىلى ۋاپات بولسا كېرەك.

ئەمىر خۇيداددىن كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى سەيىد ئەلى بىنى سەيىن ئەخەت مىرزا ئەمىرى بولۇپ، ئابائى- ئەجداتلىرىدىن مىراس قالغان مەنسەپلەر بويىچە بۇ يەتتە شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتتى. ئاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى سانىسىز مىرزا ھۆكۈمران بولۇپ سەككىز يىل يۇرت سورىدى. ئاندىن كېيىن كىچىك ئوغلى ھەيدەر مۇھەممەت مىرزا ھۆكۈمران بولدى. بۇ چاغدا دوست مۇھەممەتخاننىڭ [105] قىزى جىماك ئاغىچا سانىسى ئەمىرنىڭ نىكاھىدا ئىدى. بۇنىڭدىن ئابابەكرى مىرزا ۋە ئۆمەر مىرزا دەپ ئىككى ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. سانىسز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يەڭگە دەپ ھەيدەر مۇھەممەت مىرزا ئۆز ئەقدىگە ئالدى. ھەيدەر مۇھەممەت مىرزىدىنمۇ مۇھەممەت ھۈسەيىن ۋە مۇھەممەت سەئىد مىرزا دەپ ئىككى ئوغۇل ۋۇجۇتقا كەلدى. مۇھەممەت ھۈسەيىن مىرزا بۇ يەتتە

شەھەرنىڭ ھۆكۈمىتىنى پىسەن قىلماي، تاشكەنتكە بېرىپ، يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەتخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئۇ مۇھەممەتخاننىڭ يارلىغى بىلەن ئوراتۆپەگە توققۇز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مەھمۇتخان بىر ھەمشىرىسىنى مۇھەممەت ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئەقدىگە باغلاپ، ئۇنى كوراگانلىق (خانغا كۈيوغۇل) مەنسىۋى بىلەن ئۇلۇغلىدى. ئوراتۆپەدە بۇلاردىن مىرزا ھەيدەر ۋۇجۇتقا كەلدى. لېكىن ئۇ زامانە ھادىسىلىرى ۋە بەزى كېلىشمەسلىكلەر تۈپەيلىدىن، ئوراتۆپەدە تۇرالماي، پەرزەنتى مىرزا ھەيدەرنى ئېلىپ ھىراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بىننى بايقارا مىرزا خىزمىتىگە باردى.

بۇ چاغدا ھىراتتا ئەمىر بۇرۇندۇق دىگەن بىر مۆتىۋەر قېرى ئەمىرائى بار ئىدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا ئۇنى مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقاردى ۋە مۇناسىپ جاي- ماكانغا چۈشۈردى. سۇلتالان ھۈسەيىن مىرزا بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنىڭ مەسلىھىتىنى قىلىشتى. ئەمىر بۇرۇندۇق: "ھەرقانچە بولسىمۇ ئولجاپ (خان، پادىشالارنىڭ قوللىرىنى باشلىرىغىچە يەتكۈزۈپ كۆرۈشۈش ئادىتى –ت) كۆرۈشكەن ياخشى بولۇر ئىدى"دىدى. مۇھەممەت ھۈسەيىن مىرزا بۇنى ماقۇل تۇتمىدى. چۈنكى، مۇھەممەت ھۈسەيىن مىرزا دوغلات نەسلىدىن ئىدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بولسا، بارلاس نەسلىدىن ئىدى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ مەرتىۋە دەرىجىسى بولسا بارلاس تائىپىلىرىدىن نەچچە دەرىجە ئارتۇق ئىدى. ئاخىرى ئۇلار كۆرۈشىدىغان بولدى. سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا: "ئاباۋئى- ئەجداتلىرىنىڭ قائىدە- رەسمىيەتلىرى يوق بولۇپ كەتمىسۇن، مۇھەممەت ھۈسەيىن مىرزا ماڭا ئولجاپ كۆرۈشمىسە مەن ئولجاپ كۆرۈشمەن"دەپ ئولجاپ كۆرۈشتى. ھەر ئىككىسىلا باراۋەر ئولجاپ كۆرۈشتى. بىر- بىرىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇپ قىلىشتى. لېكىن بۇ چاغدا سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئۆمۈر ئاپتىۋى پېتىش ۋاقتىغا يەتكەن، ئوغلانلىرىنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋجىگە چىققان، ھەممە جايدا پىتنە- پاساتلار قوزغالغان ئىدى. شۇڭلاشقا مۇھەممەت ھۈسەيىن مىرزا بۇ يەردە تۇرماقنى مۇناسىپ كۆرمەي، ھەرەمەيىن شېرىفىن زىيارىتىگە سەپەر قىلدى. پەرزەنتى ھەيدەر مىرزا بۇ چاغدا سەككىز ياشتا ئىدى. ئۇنى مەۋلانە مۇھەممەت قازىنىڭ خىزمىتىگە تاشلىدى. مەۋلانە مۇھەممەت قازى ئەررەھمە خوجا بولسا خوجا ئەھرار ۋەلىلۇللانىڭ [106] مۇرىدى مەخدۇم ئەززەمنىڭ [107] پىرلىرىدىن بىرى ئىدى.

كېيىنكى زاماندا سۇلتان سەئىد خان بىننى ئەخمەت خان [108] دەۋرىدە، مىرزا ھەيدەر كوراگانى يىگىرمە ئىككى يىل ياركەنتتە ئەمىرلەر ئەمىرى بولۇپ تۇردى. تىبەت، بولۇر قاتارلىق جايلاردا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، تولا

شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئىسلام دىنىغا زۇمرەسىگە (گۇرۇھىغا – ت)باشلاپ، ئۇلارنى ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن مۇسۇلمان- مۆمىندارچىلىق يولىغا تەرغىپ قىلدى. لېكىن، زامانە ئىنقىلاۋى تۈپەيلىدىن، ئۇ كابۇلغا بېرىپ، بابۇر پادىشا خىزمىتىگە كىردى. بابۇر پادىشانىڭ ئانىسى بىلەن مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ئانىسى بىر تۇققان بولۇپ، ئۇلار يۇنۇس خاننىڭ قىزى ئىدى. ئۇ بابۇر پادىشا تەرىپىدىن كەشمىرگە ئەۋەتىلىپ، بۇ جاينى تۆت يىل سورىدى. نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى بەرپا قىلدى. ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى بويى سۇندۇردى. ئاخىرى سەلتەنەتنى تاشلاپ، ئۆز ئۆمرىنى ئىبادەتكە سەرپ قىلدى. ئۇ «"تارىخى رەشىدى"نى كەشمىردە يېزىپ تولۇقلىدىم» دەپ ھېكايە قىلىدۇ. خانلارنىڭ قىزلىرى ئەمىر خۇدايىدادنىڭ ئەۋلاتلىرىغا كۇفۇ (ئەقدە نىكا ئۈچۈن تەڭداش بولۇش سالاھىيىتى – ت)بولىدىكەن. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار خانغا كۈيوغۇل قىلىنىپ، "كوراگان"لىق مەنسۋى بېرىلىدىكەن. "كوراگانى"دىگەن سۆز مۇڭغۇل تىلىدا "خانغا كۈيوغۇل"يەنى "دامادى پادىشا"(پادىشا كۈيوغۇلى – ت) دىگەن مەنىدە بولىدىكەن. يەنە بۇ مىرزىلارنىڭ قىزلىرىمۇ خانزادىلەرگە كوفۇ قىلىنىدىكەن.

سانىسىز مىرزىنىڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرى بولۇپ، بۇ يەتتە شەھەردە مىرزا ئۇرۇۋقلىرىدىن يەنە بار، ھەممىسىنىڭ نەسەپلىرى ئەمىر خۇدايىدادنىڭ بىننى ئەمىر بولاجىغا باغلىنىدۇ. مىرزا ئەھمەت ۋاڭ بېگىممۇ ئۆز نەسەپلىرىنى مىرزا ئابابەكرىگە ئاپىرىپ باغلايدۇ. بۇ سۆزنى تەپسىلى ۋە ئۇزۇن بايان قىلىشتىن مەقسەت ۋە تەلەپ شۇكى، چاغاتاي خان بىننى چىنگىزخان زامانىدىن سۇلتان سەئىد خان زامانىغىچە ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتۈپتۇ. بابداغان دوغلاتنىنىڭ ئەۋلادى – نەۋرىلىرى ئەمىر خۇدايىدادبىننى ئەمىر بولاجى نەسلىدىن نەسلىگىچە، زامانىدىن زامانىغىچە، ئۇ پۇشتىدىن بۇ پۇشتىغىچە بۇ يەتتە شەھەرگە ھۆكۈمران بولۇپ، يۇقۇرى مەرتىۋە تۇتۇپ كېلىپتۇ. بۇ ئەھۋال ئەڭ ئاخىرى مىرزا ئابابەكرى دەۋرىگە كەلگەندە تامامىغا يەتتى. ئاندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇرادەر زادىسى مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ تەشەببۇسى ۋە دالالىتى بىلەن سۇلتان سەئىد خان بۇ يەتتە شەھەرگە ۋالى ۋە مۇتەۋەللى بولدى. بۇ دوغلات خاندانلىرى ئەمىرلەر ئەمىرى ھەم ۋەزىر بولۇپ، تا ئىسمائىل خان ۋە مۇھەممەت ئىمىن خان زامانلىرىغىچە يەنە ئىككى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتتۈپتۇ. ھەتتا خافانى چىن ئەھلى بۇ يەتتە شەھەرگە مالىك بولغۇچە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى جارى بولۇپ كېلىپتۇ.

مىرزا ئەھمەت ۋاڭ بېگىمنىڭ نەسەپلىرىمۇ مىرزا ئابابەكرىگە يېتىپتۇ دەپ ھېكايە قىلىشىدىكەن. لېكىن قانداق يول

بىلەن ئۇنىڭغا باغلىنىدىغانلىقى بۇ مەنكى كەمىنىگە مەلۇم ئەمەس. رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ يەتتە شەھەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقى تاكى ھىجرى بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە ئالتىنچى يىلغىچە (مىلادى 1909- يىلغىچە ــ ت) جارى بولغان ئىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادى مىرزاھىدى بەيسە بېگىم ياركەنتنى سوراپ ئۆتۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئوغلى مىرزا ئوسمان بەيسە بېگىم كاشغەرنى سوراپ ئۆتۈپتۇ. مەۋلانە مۇھەممەت سادىق كاشغەرى [109] ئەلەيھىررەھىم «زۇبدە تۇل مەسائىل» (تاللانغان مەسىلىلەر) ناملىق كىتاۋىنى مەزكۇر مىرزا ئوسمان بەيسە بېگىمنىڭ نامىغا بېغىشلاپ يازغان ئىكەن. ئاندىن كېيىن ئوغلى مىرزا ئىسھاق بېگىم ۋاڭلىق مەنسۇۋىگە ئۇلىشىپ كاشغەرنى سوراپ ئۆتۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئوغلى مىرزا مەھمەت ۋاڭ بېگىم ئاقسۇغا ھاكىم بولۇپ، يىگىرمە سەككىز يىل سوراپتۇ، ياركەنتنى سەككىز يىل سوراپتۇ. بۇخارالىق مولا ئابدۇلكېرىم داموللام « ئاقايىد» (ئەقىدىلەر ــ ت) دىگەن كىتاپنى مىرزا ئەھمەت ۋاڭ بېگىمنىڭ نامىغا بېغىشلاپ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ۋە ئۇنى تولا تەرىپ- تەسۋىف (سۈپەت ــ ت) لەر بىلەن تۇشقۇزۇپتۇ. مىرزا ئەخمەت ۋاڭ بېگىم بولسا دۆلەتمەن، ئىقبالمەن، زېرەك، ھۇشيار، ھۆكۈمەتدارلىق قائىدە- قانۇنلىرىدا، پۇقراپەرۋەرلىك يول كۆرسەتكۈچ دەستۇرىدا بىر سۆز ۋە بىر قۇللۇقتا مۇستەھكەم كىشى ئىدى. پېئىل- ئەتىۋارى ۋە ئەخلاقى، خەلقپەرۋەرلىكتە بۇرۇن ئۆتكەن پادىشلارنىڭ رەسمى- ئادەتلىرىگە، خەلق- مىجەزىگە ناھايتى ئوخشاش ئىدى. قارىماققا ئۇ خاقانى چىنگە تەۋە ھەم ئىتائەت قىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەملىيەتتە ئۆز ئالدىغا پادىشا ۋە مۇستەقىل ھاكىم ئىدى. ھەرقانداق دەۋا- دەستۇرلارنى ئاق ۋە شەرىئەتنىڭ ئۆلچىمىگە سېلىپ، شەرىئەتنىڭ نازۇك ۋە توغرا- يوللۇق ئىماملىرىدىن قولىغا مۇۋاپىق پەتىۋا ئېلىپ ۋە پەتىۋا ھۆكۈملىرى بويىچە ئۆز ھۆكۈملىرىنى جارى ۋە ئىجرا قىلاتتى. شەرئى شېرىپىنىڭ خاتىرە ۋە رىئايەلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاللانىڭ شەرىئەت چېگرا- سىزىغىدىن چىقماي، ھۆكۈمدارلىقنى شۇ چېگرا- سىزىق بويىچە ۋاستە مەقام (ئوتتۇرا دەرىجىدە ــت) دەرىجىسىدە ئورناتقان ئىدى. شۇڭا خاقانى مەنسەپدارلىرىدىن خان، ئامبال باشلىق ھەممىسىلا ئۇنىڭدىن ناھايتى ئېھتىيات قىلىپ، تولۇق ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ھاراقۇ- شاراپ، بەڭ، بوزا قاتارلىق شەرىئەت تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان ۋە بىھۇدە ئىشلاردىن ئۆزىنى ئىھتىيات قىلىپ ساقلايتى. شۇڭلاشقا پۇقرائى رەئىيەلەر ياكى ئاكابىر ئەشرەپ بەگلەر، بەگزادىلەرمۇ مۇنداق مەنئى قىلىنغان ئىچىملىكلەرنى زادىلا مەخپى ياكى ئاشكارە قىلالمايتى. يېرىم كېچىدىن كېيىن كۆزلىرى ئۇيقۇغا بارماي، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، تاھارەت ئېلىپ،

ئىبادەتخانىلىرىغا كىرىپ ناماز تەھەججۇتنى (كېچىلىك ناماز – ت) ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئىشان، ھەززەتلەردىن ئالغان تەلىمى ھەم ۋەزىپىلىرى بويىچە دۇئا ۋە تەكبىر بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىبادەتخانىسىدا بىر پارچە بورىدىن باشقا كىگىز بىساتى يوق ئىدى. تۇرۇسقا بىر قارا ئارقان ئېسىقلىق بولۇپ، دۇئاي – تەكبىر ۋەزىپىسىگە مەشغۇل بولغاندا، مەزكۇر ئارقاننى بوينىغا ئېسىپ ئاندىن ۋەزىپىگە مەشغۇل بولاتتى. ناماز ۋاقتى توشقاندا، مىچىتكە چىقىپ، ھەر ۋاقىت نامازنى ئاز دىگەندىمۇ ئەللىك، ئاتمىش ئادەم بىلەن جامائەت بولۇپ ئەڭ ئالدى بىلەن ئادا قىلاتتى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە جامائەت بىلەن ئوقۇيدىغان نامازنى پەقەت تاشلىغان ئەمەس. ئاينىڭ بېشى ۋە ئون بەشىدە ئادەت بويىچە شاكتاڭ ۋە شاڭ يامۇلىغا چىققاندا، خىتايچە جۇڭيى ئوتاغات ۋە مەنسەپ كىيىم ئاياقلىرىنى كىيىپ ئاندىن چىقاتتى. باشقا چاغلاردا بولسا ھەمىشە سەللە – سالاھى، پىرىجە قاتارلىق شەرئىەت شەرىپىگە مۇۋاپىق كىيىملەرنى كىيەتتى ۋە باشقىلاردىنمۇ شۇنى تەلەپ قىلاتتى. ئۆلىمالار، ئىشانلار، ئەپەندىلەرگە بولغان ئەقىدە – ئىخلاسلىرى زىيادە، كۆڭلى ۋە مۇئامىلىسى ئىللىق ئىدى. شۇڭلاشقا، بەدەخشان، ھىندىستان، بۇخارا ۋە تۈركىستان قاتارلىق ئەتىراپتىكى جايلاردىكى ھەزرەت ئىشانلار، بۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ تۈرلۈك – تۈرلۈك نېئمەتلىرى، ئىنئام ۋە ئېھسانلىرى، نامى – شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، بۇ يەرگە كېلىپ، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، بەھرە ۋە پايدىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ دۇئاي – دۆلەتلىرىنى قىلىپ، ئۆزى ئۆسكەن ۋەتىنىگە قايتىپ كېتەتتى. ۋاڭ بېگىم باشلىق بىر قانچە ئەقىدە – ئىخلاسلىرى پاكىز مۇرت – مۇخلىسلارمۇ ئۆز ئىخلاسلىرى باراۋېرىدە بەھرە – پايدا ئېلىپ قالار ئىدى. بۇلارمۇ قادىرىيە [110]، نەقشەبەندىيە تەرىقە – سۇلۇككە كىرگەن ئىدى. ۋاڭ بېگىم موللا، فازىل ۋە پەرھىزكارلارنى (دىنىي ئەقىدىلەردە پەرز تۇتقۇچىلارنى – ت) چاقىرىپ، ھەر دۇشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى تەرىقەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ ئىبادەت قائىدىسى بويىچە كالامى شېرىپىنى خەتمە قىلدۇرار ئىدى. مەزكۇر فازىل قارىلارنىڭ ھەممە ۋاقىت ھاجەتلىرىدىن چىقىپ، ئۇلارغا تارتۇق – ھەدىيىلەرنى بېرەتتى. ئۇنىڭ بۇلاردىن باشقا يەنە لەنگەر – رابات، مەدرىسە، مىچىتلەرگە قىلغان نەزىر – چىراق، خەيرىخاھلىق ۋە سەدىقىلىرى كۆپ ئىدى، ئۇ بۇ خىل نەزىر – سەدىقىلەرنىڭ خىراجەت سەرپىياتىنى تامامەن ئۆز ئاتائى – ئەجداتلىرىدىن مۈلكى مىراس بولۇپ قالغان زېمىنلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە باشقا چاھار پايلىرىدىن سەرپ قىلاتتى. بۇ زامان ئاخىرىدا ئەمىر خۇدايداد ئەلەيھۇ رەھىم ۋە ئەلغۇفۇران (خۇدانىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى بولسۇن)نىڭ ئەۋلات – ئىخپاتلىرى ئىچىدە، ۋاڭ بېگىمدەك فازىل، شەرئىەتنى ياخشى بىلىدىغان ئۆلىما دوست، پۇقراپەرۋەر ئۇلۇغ كىشى ئۆتمىگەن ئىدى. خۇدانىڭ

بەندىلىرىگە قىلغان ياخشىلىق، نەتىجىلىرى ۋە ئەسەر- ئالامەتلىرى تا بۈگۈنگىچە خالايىق ئارىسىدا مەشھۇردۇر.ئۇ بۇ ئەقىدە- ئىخلاسلىرىنىڭ ساپلىقى بەرىكىتىدىن، ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە شاھادەتلىك دەرىجە- مەرتىۋىسىنى تاپتى. ئۇ چاغدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنى "ئەلا شەھىت"دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ناھەق تۆكۈلگەن قانلىرى بىلەن، غۇسلا قىلماي ناماز جىنازىسىنى ئوقۇپ دەپنە قىلدى. (ئىسلام دىنىدا شېھىت بولغانلار غۇسلى قىلىنماي قانلىق كىيىملىرى بىلەن كۆمۈلىدۇ – ت). ئاندىن كېيىن ئوغلى مىرزا ھامۇت بېگىم ۋاقىتلىق مەنسۇپىگە يېتىپ، ئاقسۇ، خوتەنگە ھاكىم بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاندىن ئوغلى مىرزا مۇھەممەت بېگىم ئاتا مىراسى ۋاقىتلىق مەنسۇپىدە ئولتۇرۇپ، دۆلەت ۋە ئىززەت بىلەن"ۋاڭ غوجام"دىگەن نام بىلەن مەشھۇر- مەرۇپ بولدى.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، موغۇل خانلىرىدىن چىنگىز قائان بۇ يەتتە شەھەرگە ھىجرى ئالتە يۈز ئون ئالتىنچى يىلى (مىلادى 1219- يىلى – ت) ئىستىلا تاپتى. شۇ زاماندىن بۇ كەمگىچە بۇ جايغا باشقىلارنىڭ ئىستىلا قەدەملىرى يەتمىگەن ئىكەن. لېكىن ئەمىر كىبىر تېمۇر كوراگانى ئىراق تەرىپىگە لەشكەر تارتىپ ماڭغاندا، پايتەختى سەمەرقەنتكە بىر نەۋرىسى سۇلتان مۇھەممەتنى ۋە يەنە بىر نەرۋرىسى ئىسكەندەر سۇلتان بىننى ئۆمەر شەيخ باھادۇرنى ئەنجانغا ھاكىم قىلىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئىسكەندەر سۇلتان تېخى ئون ئۈچ ياشتا كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمىرلىرى ئىشكارغا چىقىمىز دەپ ئېلىپ قېچىپ كاشغەرنى بېسىۋالدى. ئاندىن ئۆتۈپ ياركەنتنى قولغا كىرگۈزدى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سېرىق قۇمۇش، كەللىن، زالى كۆلى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. ئاندىن كېيىن ئاقسۇنى قىرىق كۈن قامال قىلىپ تالان- تاراج قىلدى. ئاندىن ئۆتۈپ باي ئارقىلىق كۇچارنى بېسىۋېلىپ، كۇچار ئەھلىنى بالايى- مېھنەتلەرگە دۇچار قىلدى. بۇ جايدىن ئۆتۈپ تاۋم ئارقىلىق خوتەننى بېسىۋالدى. بۇ جايدا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، نەچچە توققۇز قىز بالىنى ئېلىپ ئەنجانغا چىقىپ، ئەمىر تېمرۇ كوراگانىغا ئىككى توققۇز قىز، سۇلتان مۇھەممەت مىرزاغا بىر توققۇز قىز تارتۇق قىلىپتۇ. لېكىن بۇ جايغا تاغلىرىدىن بىجاۋاپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بەد گۇمان بولۇپ، يىگىرمە سەككىز ئەمىرنى تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزدى. ئىسكەندەر سۇلتاننى نەزەربەت قىلدى. بۇ ئەھۋاللار «رەۋزە تۇسسافا»دا بايان قىلىنغان. لېكىن بۇ جايدا سېرىق قۇمۇش، كەللىن، زالى كۆلى، تاۋم دىگەن جايلار قايسى ماكاندا ۋە قايسى يەرلەرنىڭ نامى ئىكەنلىگى مەلۇم ئەمەس. مەزكۇر ئىسكەندەر سۇلتاننىڭ كېلىپ كەتكەن ۋاقتى بىر يىلدىن كۆپرەك بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەتتە شەھەر ھۆكۈمىتى يەنە ئەمىر خۇدايدادنىڭ نەۋرىلىرىگە

تەئەللۇق تاپتى.

شۇنىڭدەك ئەمىر كىبىر تېمۇر كوراگانىنىڭ نەۋرىسى مىرزا ئۇلۇغ بېك كوراگانى قەشقەر ئۇلۇغ ئەمىر خۇدايدادنىڭ نەۋرىسى قارا قۇل ئەخمەت مىرزىدىن خاپا بولۇپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، قەشقەرنى بېسىۋېلىپ تۆت يىل سوراپ، ئۆز ھۆكۈملىرىنى جارى قىلىپ، بۇ جايىنى ئەمىرى ئىتائەتلىرىگە كىرگۈزگەن ئىكەن. مۇھەممەت ياقۇپ بەگ ئاتالىق غازىدىن باشقا ماۋارئۇننەھرى، فەرغانە ۋىلايىتى ياكى ئەرەبستان ئۇلۇغلىرىدىن كېلىپ، بۇ يەتتە شەھەرنى بېسىۋېلىپ، بىر يىل ياكى ئالتە ئاي مىقدارى سورىغانلىرى ھېچقانداق تارىخ كىتاۋىدىن كۆرۈلمىدى ۋە مەلۇم بولمىدى. ئەمما موغۇل تايىپىلىرى نەچچە قېتىم ئەرەبستان شەھەرلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ۋەتەندار بولغانلىقى ھەممە تارىخ كىتاۋىدا ئاشكارە بايان قىلىنغان. (خۇدا ھەممىدىن بەكرەك بىلگۈچىدۇر)

## موغۇلىستان پادىشاسى تۇغلۇق تېمۇرخان (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرلۇق جەننەتتە قىلسۇن) نىڭ ئېسىلزادە نەسەپلىرى، ھەر بىر ئەۋلات ـ نەۋرىلىرىنىڭ زىكرى ۋە سانلىرى، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋەقەلىرى بايانى

تارىخ بىلگۈچىلەرنىڭ نازۇك ۋە كېلىشكەن ئۆلچەملىك تەبىئەتلىرىگە ھەم سۆزنى گۈزەل سۆزلەيدىغان سۆزمەنلەرنىڭ چوڭقۇر زېھنلىرىدىن مەخپىي ۋە بىئەلان قالمىغايكىم، تۇغلۇق تېمۇرخان بولسا ئىسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى، ئۇ داۋاچىچەن خاننىڭ ئوغلى، بۇ بۇراق خاننىڭ ئوغلىدۇر، بۇراق خاننىڭ مەشھۇر ئىسىملىرى سۇلتان غىياسىددىن بولۇپ، مۇسۇلمان ۋە دىندار ئادەم ئىدى. بۇ سىسىسۇ قارانىڭ ئوغلى، بۇ ماموكبايىنىڭ ئوغلى، بۇ چاغاتاي خاننىڭ ئوغلى، بۇ چىنگىز قائاننىڭ ئوغلى ئىدى.

تۇغلۇق تېمۇرخان ئون بەش ياشلارغا كەلگەندە، ئەمىر بولاجى دوغلاتنىڭ يارەم دالالىتى ئارقىسىدا، ئاقسۇدا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالغان ئىدۇق. ئۇ يىگىرمە تۆت ياشلار چامىسىدا مەۋلانە ئەرشىدىن

ۋەلىلۇللا (ئۇنىڭ سىرى پاك ۋە مۇبارەك بولسۇن!) نىڭ قولىدا ئىسلام دىنىنىڭ سائادەت شەرىپىگە ئىگە بولدى. ۋەقەسىنى كېيىن بايان قىلىمىز – ئىنشا ئاللا! (ئاللا سەۋر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر!)

بۇ چاغدا ماۋارائۇننەھرى شەھەرلىرى ئۆز بېشىمچىلىق ۋەزىيىتىگە چۈشكەن ئىدى. تۇغلۇق تېمۇر ئىككى قېتىم لەشكەر تارتىپ بېرىپ، تا قۇندۇزغىچە بولغان جايلارنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپياندى. بۇ چاغدا ئەمىر تېمۇر كوراگانى شەھرى سەبزگە ھاكىم ئىدى. ئىستىقبالىغا چىقىپ، ناھايىتى تولا سوغا- سالاملارنى تەقدىم قىلدى. فارامىن دەستۇرى بويىچە، ئۇ ئابائى – ئەجداتلىرىدىن مىراس قالغان ۋەزىرلىك مەنسۇپىگە لايىق ئىدى. ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ سەمەرقەنتنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس خوجانىڭ خىزمىتىدە قويۇپ، ئۆزى پەيتەختى ئىلىغا قايتتى. ئاز پۇرسەتتىن كېيىن ئىلياس خوجاخان بىر تەرەپ بولدى. تۇغلۇق تېمۇر بۇ جاھاننى مېھنەت غورۇرىدىن سارايى جەننەت شاتلىقىغا كۆچتى. بۇ چاغدا ئۇ ئوتتۇز تۆت ياشتا ئىدى. ئىلىدا دەپنە قىلىندى. جاھان ئەھلىنى ئوت ئازاۋىدا قويغان بۇ ۋەقە ھىجرى يەتتە يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلى (مىلادى 1364- 1365- يىلى – ت) يۈز بەرگەن ئىدى. خەلق ئارىسىدا ، بولۇپمۇ ئىلى شەھرى ۋە ئەتراپتىكى جايلاردا شۇ زاماندىن باشلاپ ئىسلام دىنى شەراپىتى ئاشكارە بولدى.

لېكىن بۇ يەتتە شەھەر خۇسۇسەن كاشغەرنىڭ ئەھۋالىغا كەلسە، ھىجرى ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى يىلى (مىلادى 943 – 944- يىلى – ت) جانابى ئەنھەزرەت سەلىلۇللا ئەلەيھى ۋەسسەلامنىڭ بىشارىتى ئارقىسىدا، ئەبۇ نەسىر سامانى [111] كاشغەرگە كەلدى. بۇ چاغدا كاشغەردە بۇغرا خانلار نەسلىدىن ھارۇن بۇغراخان [112] ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. بۇ چاغا ئوغلى سۇلتان ساتۇق ئون ئۈچ ياشتا ئىدى. ئۇ ئاللانىڭ تەۋپىق ھىدايەت بېرىپ توغرا يولغا باشلىشى، ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ياردەم دالالىتى بىلەن مۇسۇلمانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالدى. سۇلتان ساتۇقنىڭ دالالىتى بىلەن بۇ يەتتە شەھەرمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ھەر قايسى شەھەرلەردە مۇسۇلمانچىلىق ئاشكارە بولدى. ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىمۇ بۇنىڭغا تەۋە بولدى. پەقەت خوتەن ئۇلۇغلا ئۇنىڭغا بوي سۇنماي ھىجرى ئۈچ يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىلى (مىلادى 982 – 983 – يىلى – ت)ئاران ئىسلام دىنى شەراپىتىگە ئىگە بولدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا بۇ يەتتە شەھەر ھۆكۈمرانلىقى بۇغرا خانلارغا تەئەللۇق ئىكەن. تا چىنگىزخان زامانىغىچە بۇغا خانلارنى ئەفراسسىياپ [113] ئەۋلادىدىن ئىدى دىگەن رىۋايەتلەر بار. سۇلتان ساتۇق بۇغرا خانىنىڭ قەۋمى- مازارى ھازىر ئاتۇش دىگەن جايدا.

ئەمدى يەنە ئەسلى سۆزىمىزگە كەلسەك، تۇغلۇق تىمۇر خاندىن كېيىن ئوغلى خىزىر خوجا ئاتا مىراسى پايتەختتىگە ئىگە بولدى. بۇ شەرىئەت شوئار، دىيانەتلىك، شجائەتلىك ھەم باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق كىشى ئىدى. خەلقنىڭ راھىتىنى ئويلايدىغان ۋە پۇقراپەرۋەرلىكتە باراۋىرى يوق ئىدى. ئەمىر تىمۇر كوراگانى بىلەن دوستلۇق ئورنىتىپ، ئۆز قىزى تۆكەل بىگىمنى ئەمىر تىمۇرنىڭ ئەقدىسىگە سۇنۇپ، ئۇنى كوراگانلىق مەنسۇۋى بىلەن ئۇستۇنلىدى. يۇرتلارنى خاتىرجەم قىلىپ، بىجىن [114] تەرەپكە غازاتقا ئاتلاندى. بۇ چاغدا تۇرپان، قاراخوجا، قۇمۇل ئەھلى دىنى ئىسلامدىن بىبەھرى ئىدى. بۇ جايلار خىزىر جوجا قولى بىلەن ئىسلام دىنى شەراپىتىگە مۇيەسسەر بولدى. بىجىننىڭ كۆپ شەھەرلىرىنى بىسۇۋىلىپ، ئاخىرى شاھادەت شەرۋىتى ئىچتى. جەسدىنى ئېلىپ كېلىپ يەمشى دىگەن جايدا دەپنە قىلدى. ئاندىن كېيىن ئوغلى شەمئى جاھان خان تەختىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى مۇھەممەت خان تەختكە چىقتى. بۇ چاغدا ئۇ مىرزا ئۇلۇغ بېك رەسەت باغلغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئاتۇش ئۇستىدا تاش راباتنى بىنا قىلدۇردى. بۇ مۇسۇلمان، مۆمىن دىندار بىر كىشى ئىدى ۋە ياش ئالەمدىن ئۆتتى. دادىسىنىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلىندى. ئاندىن كېيىن شىر ئەلى خان تەختكە چىقتى. بۇ قالماقلار بىلەن تولا غازاتلارنى قىلىپ، ئاخىرى بۇ جاھان بىلەن ۋىدالاشتى. ئاندىن كېيىن ئوغلى ئۇۋەيسى خان تەختكە مىندى. ئۇنىڭ ئوغلى يۇنۇس خان ئون ئۈچ ياشتا بولۇپ، تېخى كىچىك ئىدى. ئۇۋەيسى خاننىڭ ئەمىرلىرى ئىرزان بايرىن، مىرەك تۈركمەنلەر باش بولۇپ، ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن بىللە ئېلىپ قېچىپ، سەمەرقەندتىكى مىرزا ئۇلۇغ بېكنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كىردى. ئارىدا نۇرغۇن قېتىم قاتتىق جەڭ-جېدەللەر بولۇپ ئۆتتى. ئاخىرى مىرزا ئۇلۇغ بېك غەلبە قىلىپ، ئىرزان بايرىن، مىرەك تۈركمەن قاتارلىقلارنى ئوتتۇز مىڭ ئەسكىرى بىلەن باسرۇق قىلىپ ئولجا ئەسىر قىلىپ، بىرقانچىسىنى تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزدى. يۇنۇس خاننى بولسا ھىراتتىكى دادىسى شاھرۇھ مىرزىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى ۋە بۇ جايدىن يەنە شىرازغا يولغا سېلىپ، مەۋلانە شەرىپىدىن ئەلىيەزىدىگە [115] تاپشۇردى. بۇ ھەقتە يۇقۇرىدا سۆزلىگەن ئىدۇق.

يۇنۇس خان بولسا، ئۆلىما، موللا ۋە دىندار كىشى ئىدى. پادىشا ۋە خانلارنىڭ ئىچىدە، مىرزا ئۇلۇغ بېكتىن قالسا، يۇنۇس خاندىن باشقا ئۆلىما، فازىل پادىشا ئۆتمىگەن بولسا كېرەك دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئىدى. خوجا ئەھرار ۋەلىيۇللاغا مۇرىت-مۇخلىس ئىدى. بۇ چاغدا يۇرتلاردا موغۇلىيە ئادەملىرىنى بەزى ئەۋباش-باشباشتاق ئادەملەر ئېلىپ قېچىپ بېرىپ، ھەر قايسى يۇرتلاردا ساتىدىكەن. جانابى ئەھرارى ۋەلىيۇللا: "

بۇنداق مۆمىن، مۇسۇلمان پادىشا ئىسلام پۇقرالىرى سېتىلمىسۇن ۋە ئېلىنمىسۇن“ دەپ شەرىئەت ئەمرى بويىچە يۇرت ئۇلۇغلىرىغا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بۇ ئەھۋاللارنى قاتتىق چەكلەپ نامە بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ پۇقرالارنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش ئىشلىرى ئاياقلاشتى.

يۇنۇس خان تاشكەنتتە ۋاپات بولدى. ئاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى مەھمۇت خان تەختكە ئولتۇردى. بۇ ئون ئىككى يىل خانلىق قىلدى. بۇ ئۆزبېك ئەۋلادىدىن شاھى بېك خان يەنى مۇھەممەتخان شەيبانى بىلەن ئۇرۇشقان ئىدى. شاھى بېك خان غالىپ كېلىپ، ئۇنى بەش ئوغلى بىلەن شېھىت قىلدى. خوجەندتىكى شەيخ مۇسلىھەددىن شىرازىنىڭ [116] ئايىغىدا دەپنە قىلىندى. ئاندىن كېيىن كىچىك ئوغلى ئەخمەتچان تەختتە ئولتۇردى. بۇنى قالماقلار ئالاجەخان دەپ ئاتايتى. بۇ تاشكەنتتە تۇرالماي كاشغەردىكى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۈستىگە كەلدى، ئۇرۇشتا يېڭەلمەي ئاقسۇغا باردى. لەشكەر يىغىپ باھار پەسلىدە يولغا چىقىپ، كاشغەرنى ئالساق دەپ تەرەددۇت قىلىپ تۇرغاندا، ئەجەل پۇرسەت بەرمەي ئاقسۇدا ۋاپات بولدى. مىرزا ئابابەكرى كېلىپ ئاقسۇ خەلقىنى ئەخمەت خانغا ار بولدى دەپ قەتلىئام، تالان-تاراج قىلىپ، ئامان قالغانلىرىنى كۆچۈرۈپ ئالتە شەھەرگە تارقىتىۋەتتى. ئۇشبۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئاقسۇ ئون ئالتە يىل ۋەيران بولۇپ، ھۇقۇشلارنىڭ ئۇۋىسى، دىۋە-پەرىلەرنىڭ ماكانىغا ئايلاندى. ئەخمەت خاننىڭ جەسدىنى ئالتۇن دەپ ئاتىدى. چۈنكى موغۇللار خانلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئىززەتلەپ” ئالتۇن“دەپ ئاتايدىكەن. ھەتتا خانلار، ھاكىملارنىڭ بۇيرۇق نىشانە خەتلىرىنىمۇ” ئالتۇن نىشان“، ” ئالتۇن دەستەك“دەپ ئاتايتى. ئەخمەت خاننىڭ تاغىسى ئىسەن بۇقا خاننىڭ ئالتۇن جەسدىمۇ بۇ جايغا قويۇلغان بولۇپ، ئىككى خاننىڭ قەۋرىسى بىر يەردە ئىدى. خوجا شەھباز خوجام ۋاپات بولغاندا، بىننى خوجا ئىسھاقى ۋەلىلۇللا [117] ئۇنى ”خانلارنىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلىڭلار“ دەپ ئەمر قىلغان ئىكەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇرىت- مۇخلىسلىرى ” خاننىڭ ئۈستىن تەرىپىدە دەپنە قىلىمىزمۇ“دەپ سورىغاندا ” خوجا شەھبازنىڭ بېشى خاننىڭ كۆكرىگى بىلەن تەڭ بولسۇن، چۈنكى خانلارنىڭ ھۆرمىتى زىيادە“دىگەن ئىكەن. نەتىجىدە خوجا ئىسھاقى ۋەلىلۇللانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن خوجا شەھبازنىڭ قەۋرىسى دەل مۇشۇ تەرزدە ياسالغان ئىكەن.

ئەخمەت خاندىن ئون سەككىز ئوغۇل يادىكار قالدى. چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان بولۇپ، قۇمۇلدىن كورلىغىچە بولغان جايلار ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىدى. كىچىك ئوغلى سۇلتان سەئىدخان بولسا كابۇلدا بابۇر شاھنىڭ قېشىدا ئىدى. بۇ

بىرمۇنچە ئادەم بىلەن كېلىپ ئەنجاننى ئىلكىگە ئېلىپ، بۇ جايدا ئۈچ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئاندىن كېيىن يەتتە شەھەرگە بارساق ئوبدان بولارمىكىن دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ، دوغلات، دوختۇي، بارلاس، جوراس قاتارلىق توققۇز تەبەقە ئۇرۇغدىن تۆت مىڭ نەپەر نامدار باھادۇر- مەردانىلەر بىلەن كاشغەرگە چۈشتى. بۇ چاغدا ئەمىر خۇدايدادنىڭ نەۋرىلىرىدىن مىرزا ئابابەكرى كاشغەر ۋە يەتتە شەھەرگە پادىشا بولغانلىقىغا قىرىق سەككىز يىل بولۇپ قالغان مەزگىل ئىدى. بۇلار ئارىسىدا ئۆز- ئارا جەڭ قىرغىنچىلىق بولۇپ، ئاخىرى مىرزا ئابابەكرى باراۋەرلىك قىلالماي قېچىپ بەدەخشان تاغلىرىدا يوق بولدى. بۇ يەتتە شەھەرنىڭ تەختى سەلتەنەتى سۇلتان سەئىدخانغا قارار تاپتى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۇشۇرۇن ۋە ئاشكارە غەزنە، ياراق- جابدۇق، چاھارپاي ۋە باغۇ- ۋارانلىرى ھەددىدىن زىيادە تولا ئىدى. خەلققە قىلغان زۇلۇم جەبرىسى بۇنىڭدىنمۇ دەھشەت ئىدى. ئەگەر بىر ئادەمدىن سەللا گۇنا- ئەيىپ ئۆتسە ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، بارلىق مال- مۈلكىنى غەزنىگە ئالار ئىدى. بەلكى ئۇنىڭ ئۇرۇق- قاياشلىرىنى ئېلىپ كېلىپ "سېنىڭ ئۇرۇغۇڭدىن بۇ ئادەم مۇنداق يامان ئىشلارنى قىلدى"دەپ بىر بانا قويۇپ، بار- يوقىنى تامامەن بۇلاپ ئالار ئىدى. مىرزا ئابابەكرى پادىشادەك زالىم پادىشا ئۆتكەنلىگى توغرىسىدا ھېچقانداق تارىخ كىتاۋىدا مەلۇمات يوق ئىدى. ئەگەر ھەر كىمنىڭ ھەۋسى تۇغۇلۇپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلەي دىسە " تارىخى رەشدى"گە نەزەر سالغاي.

بۇ يەتتە شەھەر دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە سۇلتان سەئىد خانغا قارار تاپتى. ھەر قايسى شەھەرلەردىكى، مەيلى ئاقسلۇق ياكى باشقا شەھەرلىك ئارزۇمەنت ئادەملەرنى كۆچۈرۈپ ئاقسۇدا ئورۇنلاشتۇردى ۋە بۇ جاينى ئاۋات قىلدى. شۇ سەۋەپتىن ئاقسۇنىڭ ئادەملىرى بىر- بىرى بىلەن ئىتتىپاق ئەمەس. چۈنكى ئۇلار يۇقىرقىدەك چاچقۇن ۋە پاراكەندە ئادەملەردىن جەم بولغان ئىدى. سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ غەزنە بايلىقىنى ئەسكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەممە ئادەم مال- دۇنياغا بىھاجەت ۋە بىنىياز بولدى. «تارىخى رەشدى» نىڭ مۇئەللىپى مەرھۇم مىرزا ھەيدەر كوراگانى (خۇدا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرلۇق قىلسۇن) ئۆز كىتاۋىدا "ئۇ چاغدا مەن ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ياشلاردا ئىدىم. پۇل ۋە دۇنايغا ئانچە ھەۋىسىم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ تەقسىماتتا ماڭا نەق دۇنيادىن باشقا يەنە ئون يەتتە مىڭ قوي تەگدى، لېكىن مال- دۇنياغا ھەۋىسى بار ئادەملەرگە قانچىلىك تەككەنلىگىنى ۋە غەنىمەت

مال ھەم ئۆلجىنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن قىياس قىلىپ بىلگىلى بولىدۇ"دەپ يازغان ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان (ئاللا ئۇنىڭ گۇناسىنى كەچۈرگەي!) مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز ۋە خاراپ بولغانلىقىنى بىلىپ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ مال- دۇنياغا بىھاجەت بولغانلىقىنىمۇ سېزىپ، بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ئون يىللىق باج- خىراجىتىنى پۇقرالارغا ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ: " ئون يىلغىچە پۇقرالاردىن بىر نەرسە ئالماڭلار، سالماڭلار، پۇقرالارمۇ بەرمىسۇن" دېگەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋە ئالەمنى قايىل قىلدۇرىدىغان ئىنائەت يارلىقىنى جاكارلىدى. بەش يىلغىچە ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە ئۇلار خاراپ ۋە ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندى، ھەتتا ئۆتنە ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكىمۇ مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئالتىنچى يىلنىمۇ ئۆتكۈزدى. ئۇلار يۇرتتا بىر نىمە دېيىشكە يول تاپالمىدى. خان بولسا يارلىقىدىن يانمىدى. ئاخىرى دۆلەت ئەركانلىرى مەسلىھەتلىشىپ،"جاھان پانا، بۇ يەتتە شەھەرگە بەقەر (كالا – ت)يىلى كەلگەن ئىدۇق، ھازىر ئات يىلى كىرىپ، بىز كەلگىلى ئون يىل بولدى. پۇقرالاردىن باج- خىراجەت ئالساق يارلىق بولارمىكىن " دەپ تۆت يىلنى تاشلاپ، ئالتە يىلنى ئون يىل دەپ ھىساپلاپ خانغا مەلۇم قىلدى. خان ماقۇل بولۇپ يارلىق قىلدى. شەرىئەتكە مۇۋاپىق باج- خىراج ئالدى، يارلىق- نىشانلىرىغىمۇ پالانى يىلى دەپ يازدى. پۇقرالارمۇ شۇ يىلنى ھىساپقا ئالدى. باشقا شەھەرلەردىن بۇ يەتتە شەھەرنىڭ يىل ھىساۋى تۆت يىل ئەۋۋەل بولۇشىدىكى سەۋەپمۇ دەل مۇشۇنىڭدا، ئەمما تارىختىكى يىلنامىلىرى ئوخشاش. سۇلتان سەئىدخان يىگىرمە ئىككى يىل خانلىق قىلدى. قىرىق توققۇز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ھىجرىنىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1532 – 1533 – يىلى) بولۇپ، ياركەنتتە دەپنە قىلىندى.

ئاندىن كېيىن ئوغلى ئابدۇلرەشت خان تەختكە چىقتى. بۇ شجائەتتە تەڭدىشى يوق، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتە ناھايىتى ئۈستۈن بىر پادىشا بولۇپ، موللا فازىل، شائىر بولۇپ، پارىسچە، تۈركچە نەزمىلەرنى ياخشى ئېيتار ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدە گوياكى فىساغورۇس (پىپا گورۇس – ت) دېگەن بىر مۇقام ئىختىرا قىلدى. بۇنىڭ دەۋرىدە ۋىلايەت تەرەپتىن خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار [119] (ئاللا ئۇنىڭ سىرىنى پاك ۋە مۇبارەك قىلسۇن!) كەلدى. سۇلتان ئابدۇلرەشت خان بۇ زاتقا ئىرادە ۋە ئىشەنچ باغلاپ، بىر مۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلدى، مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىننى مىرزا مۇھەممەت ھۆسەيىن كوراگانى ئالى دەرىجىلىك ئابدۇلرەشت خاننىڭ مەشھۇر نامىغا بېغىشلاپ تارىخ يېزىپ، ئۇنى «تارىخى رەشىدى» دەپ ئاتىدى. ئابدۇلرەشتخان قىرىق توققۇز يىل ئۆمۈر كۆردى. يىگىرمە يەتتە يىل خانلىق

قىلدى. ھىجرى يۈز ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1562 ـ 4562 ـ يىلى ـ ت) ۋاپات بولۇپ، ياركەنتتە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئابدۇلكېرەم خان تەختكە ئولتۇردى. ئادالەتلىك بىلەن يۇرتلارنى ئاۋات قىلدى، زۇلۇمنى يوق قىلدى. يامان ئادەملەرنى بەربات قىلدى ۋە ”ئابدۇلكېرىم ئادىل“دەپ شۆھرەت تاپتى. ئوتتۇز ئۈچ يىل خانلىق قىلدى. ھىجرى مىڭىنچى يىلى (مىلادى 1561 ـ 1562 ـ يىلى ـ ت) ۋاپات بولۇپ، ياركەنتتە دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ بىر ئىنىسى سوپىس سۇلتان كاشغەرگە ھاكىم ئىدى. يەنە بىر ئىنىسى مۇھەممەت سۇلتان ئاقسۇغا ھاكىم ئىدى. بۇنى ئاقسۇدىكى ياركەنتكە ئېلىپ كېلىپ خان كۆتەردى. بۇ ھەم پادىشا، ھەم دەرۋىش كىشى ئىدى. خان بولۇپ سەككىزىنچى يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن مۇرشىتلىكنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى ۋە لايىقى بولغان خوجا ئىسھاق بىننى مەخدۇم ئەززىم (ئاللا ئۇنىڭ سىرىنى پاك ۋە مۇبارەك قىلسۇن!) كەلدى. مۇھەممەت سۇلتان بۇنىڭغا ئىرادەت ۋە ئىشەنچ باغلاپ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى پەيدا قىلدى. تەپسىلى بايان قىلساق سۆزىمىز مەقسەت تەرەپتىن يىراقلايدۇ. مۇھەممەت سۇلتان يەتمىش يىل ئۆمۈر كۆردى. ئون سەككىز يىل خانلىق قىلدى. ئاندىن ئوغلى زىيائىددىن ئەخمەت خانلىققا ئولتۇردى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆز ئادەملىرى بارچۇقدا (مارالبېشىدا ـ ت)شېھىت قىلدى. ۋە ” خان شېھىت“دەپ مەشھۇر بولدى. ئاندىن كېيىن ئوغلى ئابدۇللەتىپ سۇلتاننى خان قىلدى. ئۇ ئون ئىككى يىل خانلىق قىلدى. يىگىرمە ئالتە يېشىدا ۋاپات بولدى. ئاندىن كېيىن پولات خان، مەھمۇت خانلار ئۆز ئەھۋالى بويىچە خان بولۇپ، ئۆز۔ ئارا ماجىرالارنى باشلىدى.

ئەلقىسسە، مۇندىن كېيىن ئابدۇلرەشت خاننىڭ توققۇزىنچى ئوغلى ئابدۇلرەھىم خان مەنسۇر خاننىڭ دەستۇرى بويىچە قۇمۇلدىن كورلىغىچە بولغان جايلارغا خان ئىدى. مەركۇر ئابدۇلرەھىم خاننىڭ بىرىنچى ئوغلى ئابدۇلخانغا خانلىق تېگىپ تەختى سەلتەنەتكە ئىگە بولدى. بۇ چاغدا تارىخ ھىجرى مىڭ قىرىق سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1638 ـ 1639۔ يىلى ـ ت) بولۇپ، ئۇ ئوتتۇز ئىككى يىل ئاباﺋى۔ ئەجداتلىرىنىڭ پايتەختىدە ئولتۇردى. ئابدۇللاخان شجائەت۔ باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز، ھىممەت ۋە ساخاۋەتتە كەڭ قوللۇق پادىشا ئىدى. لېكىن يەنە رەھىمسىز، زالىم، پەيلى يامان، جاھىل، ئاداۋەتچى، گۇمانخور ئادەم ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى خانلاردىن قالغان ئىشەنچلىك، ياخشى نىيەتلىك، دۆلەتخۇار بەگزادە ۋە مىرزىلار ھەتتا ئۆزىگە باش ئەككەنلەردىمۇ گۇمانلىنىپ، ئۇلارنى يۇرتىدىن قوغلىدى. بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى. ھەتتا ئۆز ئىنىسى ئىسمائىل سۇلتان، ئىبراھىم سۇلتانلارنىمۇ قوغلىدى. بىر ئىنىسىنى ئۆلتۈۋەتتى.

ھىچقانداق ئادەمگە ئىشەنمىدى. بەلكى ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ گۇمانلاندى. پەرزەنتلىرىمۇ دادىسىدىن خاتىرجەم بولالمىدى. قىسقىسى، يۇرتلارغا قىرغىزلارنى ھاكىم قىلدى. قوي سارى بىينى كاشغەرگە ھاكىم قىلدى. ئولجاتار بىينى ئاقسۇغا ھاكىم قىلدى. خوجايار بىينى كۇچارغا، ئالتە قۇرۇتقا بىينى ئۇچتۇرپانغا، چىرىكى (چىرىكچى) بىينى بۇگۈرگە، ئاللا يار بىينى بىننى ساتىم بىينى خوتەنگە ھاكىم قىلدى. مەنسەپنىڭ تولىسىنى قىرغىزلارغار بەردى. ئاخىرى قىرغىزلار ۋە يۇرتلاردىنمۇ گۇمان قىلدى. ناھەق قانلارنى تۆككەچ، ئۆزىدىن خاتىرجەم بولالماي، ئىلاجىسىز مەككە مۇەززەمگە بارىمەن دەپ ۋىدالىشىپ يولغا راۋان بولدى. يۇرتنى ئوغلى يولباس خانغا تاپشۇردى. بۇ ۋاقىتتا تارىخ ھىجرىنىڭ بىر مىڭ سەكسەنىنچى يىلى (مىلادى 1669- 1670 – يىلى –ت) موغۇلىيە پايتەختى يولباس خانغا تەئەللۇق تاپتى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇمۇ بىر تەرەپ بولدى. ئاندىن كېيىن ئەمەكلىرى ئىسمائىل خان بىننى ئابدۇلرەھىم خان تەختتە بولتۇردى. پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە ئادالەت نۇرىنى چاچتى. ھەممە پۇقرا خاتىرجەم بولۇپ، يۈكسەك تۇرمۇشقا ئىگە بولدى.

بۇ خاننىڭ زامانىدا ۋىلايەت تەرىپىدىن مەخدۇمى ئەزەمنىڭ پەرزەنتى ۋە نەۋرىسى خوجا يۈۋپ خوجام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللا (مەشھۇر ئىسمىلىرى خوجا ئافاق) قاتارلىق ئىككى ئادەم كاشغەرەگە كەلدى. [120] ئىسمائىل خان خوجا يۈسۈپ خوجامغا ئىناۋەت ۋە ئىرادە باغلىدى. بىر بانا بىلەن سەيدلەر ئارىسىدا ۋە مۇرىتلەر ئىچىدە، يۇرتلار ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ- قارشىلىق ۋە جىدەل- ماجىرالار پەيدا بولدى. چۈنكى، جانابى سەيىد مەخدۇمى ئەزەم، ئىسمى شېرىپلىرى خوجا مۇھەممەت خوجەكى (ئاللا ئۇنىڭ سىرىنى پاك ۋە مۇبارەك قىلسۇن!)دىن روكىن تەرىقەتتە تۆت ئوغۇل يادىكار قالغان ئىدى. بۇلار خوجا كالان، خوجا مۇھەممەت ئىمىن ۋە خوجا دوستى، خوجا ئىسھاقلاردىن ئىبارەت.

خوجا ئىسھاقنىڭ ئانىسى ئەسلى كاشغەرنىڭ ئەتىۋارلىق ئولۇغلىرىدىن بولغان سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى ۋە مەخدۇمى ئەزەمنىڭ خوتۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ كىچىگى بولۇپ، فازىل ۋە كامالىتى زىيادە ئايال ئىدى. بۇ يەتتە شەھەر زىمىنىغا ئالدى بىلەن ئىسھاقى ۋەلىيۇللا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئىدى. بۇ چاغدا مۇھەممەت خان تەختىدە تۇرغان مەزگىل ئىدى. ئۇ خوجا ئىسھاققا مۇرىت- مۇخلىس بولۇپ، مەرتىۋە- كامالەت ھاسىل قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ يۇرت- پۇقرالىرىمۇ خوجا ئىسھاققا مۇرىت- مۇخلىس بولۇپ كەلگەن ئىدى. خوجا ئىسھاقتىن كېيىن ئىسھاقنىڭ نەۋرىلىرى خوجا شۇئەيىۇپ خوجا ۋە دانىيال خوجامغا مۇرىت- مۇخلىس بولغان زامانلاردا، خانلىق نۆۋىتى ئىسمائىل

خانغا كەلگەن ئىدى.

بۇ كۈنلەردە ۋىلايەت تەرەپتىن مۇھەممەت ئىمىن خوجامنىڭ پەرزەنتلىرى خوجا يۈسۈپ خوجام، نەۋرىسى خوجا ئاپاق ئىككىسى كاشغەرگە كەلدى. ئىسمائىل خان: "خوجا شۇئەيىيۈپ بىلەن خوجا دانىيال ئىككى پىرزادەمىز بولسا تېخى ياش ۋە كىچىك، خوجا يۈسۈپ خوجامنىڭ يېشى چوڭ ئىكەن، ھەممىلىرى بىر دەرەخنىڭ شېخى ۋە مېۋىسى ئىكەنسىلەر" دەپ خوجا يۈسۈپ خوجامغا ئىناۋەت قىلدى. مەزكۇر ئىككى خوقا زادىلەر: "ئەي خان ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىزغا مۇرىت- مۇخلىس بولۇپ كەلگەن ئىكەنلا. ئەمدى بىزنى تاشلاپ خوجا يۈسۈپ ئاغىمىزغا ئىناۋەت قىپلا" دەپ خاپا بولۇپ خانغا ئەرز قىلدى. خان دىدىكى: "پىر زادىلىرىمىزنىڭ كۆڭلى رەنجىمەسىمىكىن دەپ خىيال قىلغان ئىكەنمەن، ھىلمۇ ئۆزلىرى بىزگە باش، ھەممىمىزگە ئەرۋاھى ھەزرەتلىرىگە (ھەزرەتلىرىنىڭ روھلىرىغا – ت) يۈزلىنىپ، تەۋەججۇ قىلساق (ئىستىخارە قىلىپ باقساق – ت)، ئۈنىڭدىن قانداق ئىجازەت بولسا شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتساق" دەپ پۇرسەت ئىجازەت بەردى. كېچىسى ئىسمائىل خان چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر چوڭ تۆگە ئىككى تايلاقنى قوغلاپتۇ. مەزكۇر ئىككى تايلاق ئۈشتۈتۈت ئارقىغا يېنىپ بۇغرا تۆگە بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى تۆگە ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. نەتىجىدە ئىسمائىل خان ئويغىنىپ كېتىپتۇ. خوجا يۈسۈپ بۇ جايدا تۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمەي، ئوغلىنى ئېلىپ كاشغەرگە راۋان بولدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ روھى قۇشلىرى ئالەم باقىغا ئۇچۇپ كەتتى، كاشغەردە دەپنە قىلىندى. خوجا ئاپاقمۇ بۇ جايدا تۇرالماي سەپەرنى ئىختىيار قىلىپ ئىلى شەھرىگە كەتتى.

بۇ چاغدا ئىلى شەھرىدە جوراس نەسلىدىن بولان قۇن تەيجى [121] دىگەن بىر مۇناپىق قالماق بارلىق قالماقلارغا، ھەتتا خاقانى چىنىنىڭ بەزى رايۇنلىرىدىن تۈركىستانغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ھۆكۈمىنى بىلەن قىلاتتى ۋە تۆرە دىگەن نام بىلەن خۇددى خان ۋە پادىشالارغا ئوخشاش مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەر دائىم چىشلىرىنى بۇلەپ، ئىشتىھاسىنى توغرلاپ تۇرماقتا ئىدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە خوجا ئاپاق قۇن تەيجىگە ئۆزىنى تاشلاپ: " ماڭا چېرىك بەرسىڭىز، ئالتە شەھەرنى سىزگە تەۋە قىلىپ ئىلكىڭىزگە ئۆتكۈزسەم" دىگەن مەزمۇندا ئەرز قىلدى. قۇن تەيجى ناھايتى خوشال بولۇپ بىر مۇنچە چېرىك قوشتى. ئاپاق خوجا قالماق قۇن تەيجى مۇشرىك (خۇداغا شېرىكلىك قىلغۇچى – ت) نىڭ مۇددىئا ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، يەتتە شەھەرنى

قولغا كىگۈزۈپ، ئىسمائىل خاننى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقتى. بۇ ھىجرىنىڭ بىر مىڭ يىگىرمە ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1613 – يىلى ) ئىدى [122].

ئاپاق خوجا بۇ شەھەرگە ئىگە بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قالماقلاردىن غالدان سىرىن [123] دېگەن بىر كىشىگىمۇ چوڭ مەنسەپ بېرىپ، يەنە بىر قانچە قالماقنى يار ۋە ھەمدەم قىلىپ، يەتتە شەھەر ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالىدىغان قىلدى. قالغان قالماقلار بولسا ئىلىغا ياندىغان بولدى. بۇلار قۇرۇق يېنىشنى مۇناسىپ كۆرمەي، يۇرت- يۇرتلاردىن بوز- خام يىغدۇرۇپ، قالماقلارغا ئەھۋالىنىڭ يېتىشچە تەقدىم ۋە ئىنئام قىلدى. لېكىن بۇ چاغلاردا يەتتە شەھەردە پۇل يوق ئىدى. پۇلنىڭ ئورنىدا بوز- خامنى ئىشلىتەتتى. قالماقلار ھەر يىلى بۇنداق بوز- خامنى تەمە قىلاتتى. بەرمەي بولمايتى. بۇ سېلىق- تۆلەملەرنىڭ مىقدارى يىلدىن- يىلغا كۆپەيدى. ئۇ زاماندا مۇنداق يامان ۋە نالايىق مەجبۇرىيەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى.

ئەي ئەزىز يارەنلەر! ئۇ زامانىنىڭ سەيىد پىشۋالىرى ۋە باشلامچىلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن دىنسىز- مۇشرىكلارنىڭ خىزمىتىنى لازىم تۇتۇپ، ئىسلام پادىشالىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنى ئولتۇرغۇزغاندىن باشقا، يەنە زۇلۇم، قەبىھ ئىشلارنى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل ۋە مال- دۇنياسىنى كاپىرلارغا ئېلىپ بېرىپ، بەش كۈنلۈك دۇنياغا مەغرۇر بولۇپ ئۆتۈپتۇ. بۇ زامانىنىڭ قاراچۇق ئاۋام بەگلىرى، توخچى- تىلماچ ئەمەلدارلىرىنى يامان دەپ شەك- شىكايەتكە قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن. خۇداۋەندەكېرىم ئۇلارنىڭ ئىنساپ ۋە دىيانەتلىرىنى پاكىز ۋە زىيادە قىلغاي، ئامىن!

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، بۇنداق يامان نالايىق ئىشلار تا ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بىرىنچى يىلىغىچە (مىلادى 1864 – 1865- يىلغىچە – ت)، يەنى راشىدىن خوجام زامانىغىچە باقى ۋە جارى بولۇپ كەلدى. خوجا ئاپاق بىر نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئاندىن ئوغلى خوجا ئەخمەت خوجام ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەپ ھۆكۈمران بولدى. بۇ زاماندا ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن خان باش كۆتىرىپ، خوجا ئەخمەت خوجا بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ، قۇن تەيجىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ ھۆكۈمران بولدى. بۇ چاغدا قون تەيجى چېرىك ئەۋەتىپ، بۇ يەتتە شەھەرنى ئىككىنچى قېتىم قولغا كىرگۈزدى. خوجا ئەخمەت خوجامنى ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ بۇ جايدا تۇرالماي ئۆزىنى ئالاي تەرەپكە ئالدى ۋە بۇ جايدىكى قىرغىزلار ئۇنى شاھادەتلىككە

يەتكۈزدى.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەتتە شەھەر ھۆكۈمىتى خوجا ئىسھاقى ۋەلىيۇللانىڭ نەۋرىسى خوجا دانىيال خوجامغا تاپشۇرۇلدى. بۇ قالماقلار بىلەن بىرلىشىپ يۇرت سورايدىغان بولدى. خوجا دانىيال خوجام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى خوجا ئابدۇللا خوجام تەختتە ئولتۇردى. بۇ خوجامنىڭ دەۋرىدە تولا ئوبدانلىق بولدى. بۇ چاغدا «سېيەر شرىف [124]» خوجا ئابدۇللا خوجامنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ خوجام تەختتە ئولتۇرى. ۋە ”خوجا جاھان“دىگەن لەقەم بىلەن ئاتالدى. يەنە بىر ئىنىسى خوجا يۈسۈپ خوجام كاشغەرگە ھاكىم بولدى. يەنە بىر ئىنىسى خوجا خامۇش خوجام ئاقسۇغا ھاكىم ئىدى. خوجا ئەبەيدۇللا خوجام خوتەندە ئىدى. قالماقلار ھەر قايسى خوجامنىڭ بىردىن ئوغۇللىرىنى ئىلىدا بارىمتاي قىلىپ ساقلار ئىدى. خوجاملار ھەر يىلدا بىر نۆۋەت ياكى ئىككى نۆۋەت تارتۇق- ھەدىيسلەرنى ئېلىپ ئىلىغا چىقىپ، مەزكۇر تۆرەگە تازىم سالاملارنى قىلىپ كۆرۈنۈپ بېرىپ، جاۋاپ بولغاندا يېنىپ كېلىپ، ھەر قايسىسى ئۆز جاي- ماكانلىرىدا تۇراتتى.

خوجا يۈسۈپ خوجام ئۇچۇق كېڭەشلىك، تازا تەدبىرلىك كىشى ئىدى. تولا سوغا- سالاملار بىلەن ئىلىغا چىقىپ، قۇن تەيجىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈپ، ھىلە- تەدبىرلەر بىلەن خوجازادىلەرنى ئاجرىتىۋېلىپ، ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن يۇرتىغا راۋان بولدى. مۇزات داۋىنىغا يېتىپ كەلگەندە، تۆرە پۇشايمان قىلىپ، يارلىغىدىن يېنىپ، خوجالارنى ياندۇرۇپ كەلسەن دەپ كىشى ماڭدۇرغان ئىكەن. خوجالارمۇ بۇ كەلگەن ئادەملەرگە بوي سۇنماي، داۋاننى مەھكەم ئېتىپ، ئاقسۇغا كېلىپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى شەھەر- شەھەرلەرگە خەۋەر قىلىپ، ”ھەر بىرىڭلار بىر شەھىرىڭلاردىكى قالماق نىجىسلارنى بۇ پاك زىمىندىن يىراق قىلىپ، گەدەنلىرىگە ئىسلام قىلىچىنىڭ تىغىنى ئايىماي ئۇرۇڭلار“دەپ خەت ئەۋەتتى. خەت يېتىپ بارغان ھامان ھەممە قارا خانلارنى تاۋابىئاتلىرى بىلەن يوق قىلىپتۇ. ئۇ زاماندا قالماقلارنى ”قارا خان“، مۇسۇلمانلارنى ”ئاق خان“دەپ ئاتايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرلەردىكى كاپىرلارنى يوق قىلىپ، ئەمىر ئىتائىتىدىن چىقىپ، ئىسلام شېرىپىنى يېڭىۋاشتىن ئاشكارە قىلدى. قۇن تەيجى ئۆزىنى راستىنلا ئىنتىقام ئالغىچە يوقلۇق خەلۋەتخانىسىدىن ماكان تۇتتى.

قۇن تەيجىنىڭ ئورنىغا ئوغلى داباجى تۆرە بولدى. ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇنىڭ جامائەت ۋە ئەل- ئۇلىسى كۆپ ئىدى. ئۇ كىچىك ئوغلىنى تۆرە قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا، توستتىن جىدەل- ماجرا پەيدا بولدى.

دۆلەت ئەركانلىرىمۇ ئىككى پىرقە بولۇپ، قالماقلار ئىچىدە جىدەل- ماجىرا باشلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئامۇرسانا ناملىق بىر شۆھرەتلىك بىر قالماق باھادۇر بار ئىدى. ئۇ ۋاقتنى غەنىمەت بىلىپ، خاقانى چىننىڭ مىتىگە بېرىپ خاقانغا :"موغۇلىستان يۇرتىنى ئۇلۇغ خانغا تەۋە قىلىپ بەرسەم ، ماڭا چېرىك ياردەم بېرىلسە"دەپ ئەرز قىلغاندا، خاقان خوشال بولۇپ چېرىك قوشتى. ئۇ ئىلى چېگىرسىغا يېتىپ كەلدى. داباجى بۇنىڭغا باراۋەرلىك قىلالماي، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە غەزنىلىرىنى ئېلىپ، بىر نەچچە تۆزنى يىگەن ئىشەنچلىك ئادىمىنى ھەمرا قىلىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ نەگە بېرىشنى بىلمەي، ئاخىر بۇرۇن قۇن تەيجى تەرىپىدىن ئۇچتۇرپانغا ھاكىم قىلىپ بەلگىلەنگەن خوجەسى بېك دىگەن بىر مۆتىۋەر كىشىدىن ۋاپا ۋە ئۇمىت ئىزدەپ ئۇچتۇرپانغا كەلدى. خوجەسى بېك ئىستىقبالغا چىقىپ ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەردىن كېيىن ئۆز ئوردىسىغا چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئۈچ ئادىمىنى ھەر بىر جايغا تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزدى.

خوجەسى بېكنىڭ ھىلە- تەدبىرى زىيادە كىشى ئىدى. تۆرەنى ئوردىسىغا باغلاپ ئالدى ۋە ئادەملىرىنى چۈشكەن جايلىرىدا باغلاپ، ئۇنىڭ غەزنە بايلىقلىرىغا ئىگە بولدى. بۇ چاغدا ئىلىغا ختاي چېرىگى كەلگەنلىگى ئاڭلانغان ئىدى. ئۇ بۇ كاپىر نىجىسنى كەلمەكچى كاپىر ناپاكقا سوغا قىلىپ ئېلىپ بارسام، مۇندىنمۇ ياخشى ئىش بولامدۇ دەپ قارار قىلىپ، داباچىنى ئۆزى بىللە ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ تىكەسكە يېتىپ بارغاندا ختاي چېرىگىنىڭ ئۇلۇغى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ۋەقەنى بىر- بىرلەپ بايان قىلدى. ختاي چېرىگىنىڭ ئۇلۇغى "ئەي خوجەسى بېك، بۇ تۆرەلەر ئۇلۇغ خاننىڭ چوڭ دۈشمىنى ئىدى. ياخشى ۋاقتىدا ئېلىپ كېلىپسىز، ئەمدى ئۆزىڭىز ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىڭىزنى مەلۇق قىلىپ يانغايسىز"دەپ ئالاھىدە ئەرز يېزىپ بېرىپ ئادەم قوشۇپ بېيجىڭغا ماڭدۇردى. ئۇلۇغ خان خوجەسى بېكنىڭ بۇ خىزمىتى كۆڭلىگە ياققانلىغى ئۈچۈن، ئۇنى ۋاڭلىق مەنسۇۋى بىلەن جۇلدۇر- جاساق قىلىپ يارلىق قىلدى.

نەزم:

تۆتىنلەر داباچىسىنى تارتىق قىلىپ قىلىبان خوجەسى،

ئانداق ئىش قىلغانغا مۇندىن كېيىن كېرەكدۇر جۇلدۇسى.

ئاندىن كېيىن خوجەسى بېكنىڭ ئوغلى قادىر بېگىم ۋاڭلىق مەنسىپىگە ئۆتتى. چىن خاقانى ئالدىدا جۇڭتاڭ ۋەزىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن كېيىن ئوغلى ئابدۇلمۆمىنبېك، يەنە مەشھۇر ئىسمىلىرى كۇچى بېك ۋاڭلىق مەنسۇپىگە يەتتى. بۇ خانىنىڭ ئوغلى بىلەن ئەپيۇنگە مۇپتىلا بولۇپ نالايىق ئىشلارنى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلۇغ خان خاپا بولۇپ ۋاڭلىقىنى بىكار قىلىپ، ھەققىنى غەزنىگە سالدى. ۋە ”لى قايتا“(لى فايۇەن – ت) تاپشۇردى. شۇنداقلا قەدىمدىن بۇيانقى ”لى ۋايەن“(لى پەنيۇەن – ت) قائىدىسى ۋە رەسمىيەتلىرى بويىچە خوجەسى ۋاڭنىڭ ۋاڭلىقىنى تۆت ھەسسە قىلىپ، ئۈچ ھەسسە ۋاڭلىق ھەققىنىمۇ غەزنىندە قويۇپ، بىر ھەسسىنى ئۆمەكزادىلىرى ئابدۇلرەھمان بېگىمگە يارلىق قىلغان ئىكەن.

ئابدۇلرەھمان بېگىم ۋاڭلىق مەنسۇپىگە ئۇلانغاندىن كېيىن، ياركەنتنى سوراپ ئۆتتۈپتۇ. تولا ياخشى ئىشلارنى بەرپا قىلىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ ئەقىدە- ئىخلاسلىرى پاكىز، ئىنئام ۋە ئېھسانلىرى زىيادە ئىدى. بىر قېتىم تەرىقەت ئەھلىنىڭ غەۋسىيە [125] فۇرۇھىدىكى بىر ئىشانغا بىر قېتىمدىلا بىر يۈز يۈەن يامبۇ ۋە نەزىر- ھەدىيە بەرگەن ئىكەن. باشقىلارنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ياركەنتكە ھاكىم بولغان چاغدا بىر كاتتا سوراق ئىشى بولۇپ، ھەممە خان، ئامبال ۋە مەنسەپدار ختايلار، بېك، ئاخۇنلار يامۇلغا يىغىلىپ تۇرغان ئىكەن. بۇ كۈنلەردە ھاۋا ناھايىتى سوغاق مەۋسۇمى بولۇپ، ئاپتاپ دەلۋە بۇرچىدا تۇرغان ۋە قىشنىڭ شىددەتلىك شۇۋرغانلىرى، بەھمەن (شەمسىيەت 11- ئاي – ت)ئېيىدىكى قاتتىق شامالار قوزغالغان بىر مەزگىل ئىدى. مەزكۇر خان، ئامباللار سوراق ئورنىغا چىقالماي، ھايال بولۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە، ئەسلىدە ھامان مەدرىسىدىن چىقماي ئىلىم ئۆگىنىش بىللە شۇغۇللىنىپ، شېئىرىيەتچىلىكتە زېھنى- ئىدرەكلىرىنى ئوينىتىپ، غەزەل- ناخشىلارنى پەيدا قىلىپ يۈرگەن مۇھەممەت نىياز ئاخۇنۇم دىگەن بىر كىشى بۇ سوراقنى تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. بۇنى- بۇ كىشىنى ۋاڭ بېگىم كۆرۈپ چاقىرتىپ : ”سىز مەدرىستە ياتقان تالىپ بولسىڭىز، بۇنداق يەرگە نىمە ئۈچۈن چىقتىڭىز“دەپ سىياسەتكە ئالدى ۋە زاڭلىق قىلغان ئاھاڭ بىلەن يۇمشاققىنە قىلىپ، ” سىزنى ئوبدان شېئىر ئېيتىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، قېنى بۇ سوغاق توغرىلىق بىر نەرسە

دىسىڭىز“ دەپ مېھرىبان بولغاندا، ئۇ ھېچ ھايال قىلماي بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مۇزلادى كەشمى قولىدا كاڭكىرە كاڭدا خىتاي،
بىككە تىترەك چۈشتى ئاخۇن مۇزلادى، گاھ توڭلادى.

ئۇ بۇ ئۇسلۇپتا ئون نەچچە بېيتنى كەينى-كەينىدىن توختاتماي ئېيتقان ئىكەن. بېك ناھايىتى خوش بولۇپ، تەھسىن-ئاپىرىن ئوقۇپ ”مېنىڭ ئېتىمنى مىندۈراۋپ قويۇڭلار“دەپ ئېتىنى ئىنئام قىلىپتۇ. ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئېگەر-جابدۇق، جۇگەن-نوختا ۋە يوپۇق-قۇشقۇن قاتارلىقلار ناھايىتى تولۇق بولۇپ، ۋاڭلىق جەرەك-مەرتىۋىسىگە لايىق ئىدى. شائىر ئاتنى مىنىپ مەدرىسىگە كىرىپ ئات ۋە ئېگەر-جابدۇقلىرىنى قىممىتىگە سېتىپ، يەنە ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن. دېمەك، ۋاڭ بېگىمنىڭ بۇ خىل ياخشى سۈپەتلىرى ۋە نامى-نىشانلىرى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر تولا ئىدى.

ئابدۇلرەھمان ۋاڭ بېگىمدىن كېيىن مۇھەممەت ئېزىز بېگىم ۋاڭلىق مەنسۇپىگە يېتىپ، خوتەننى سوراپ ئۆتۈپتۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان موللا مۇھەممەت نىياز ئاخۇنۇم (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!«تارىخى رەشدى»نى بۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ نامىغا بېغىشلاپ تۈركى تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نۇرغۇن لەقەم ۋە سۈپەتلەرنى بايان قىلىپتۇ. بۇ ۋاڭ بېگىمدىن ئىككى ئوغۇل يادىكار قالدى. بۇلار مۇھەممەت ئىمىن بېگىم ۋە ئابدۇلۋاھاپ بېگىملەر ئىدى. مۇھەممەت ئابدۇلۋاھاپ ۋاڭلىق مەنسۇپىگە ئۆتتى. ئوغلى يوق بولغانلىقتىن ئابدۇلۋاھاپ خان بېگىمنىڭ ئوغلى ئابدۇلقادىر بېگىمگە ۋاڭلىق مەنسۇپى يەتتى. بۇنىڭ مەشھۇر ئىسىملىرى ۋاڭ غوجامدۇر.

ئەلقىسسە، ئامۇرسانا خاقانى چىننىڭ مۇددىئا ۋە ياردىمى ئاستىدا ئىلى تەۋەسىنى قولىغا كىرگۈزدى. خاقان مەنسەپدارلىرى قالماقىستان يۇرتلىرىنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىقىنى تامامەن ئامۇرسانانىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. جۈملىدىن بۇ يەتتە شەھەرنى قولىغا كىرگۈزۈش تەرەددۇتىغا كىرىشتى. ئىلىدا خوجا ئافاق ئەۋلادىدىن خوجا بۇرھانىدىن دېگەن بىر سەيىد كىشى بار ئىدى ۋە ئاق تاغلىقلارنىڭ ئۇلۇغ پىشۋاسى ئىدى. ئاق تاغلىقلار

تايىپىسى خوجا ئىسهاقنىڭ نەۋرىلىرى ۋە تەئەددىسىدىن ئازار يىگەنلىكىنى ئۇنۇتمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئامۇرسانا قاتارلىقلار "سەيىد بۇرھانىدىننى باش قىلىپ، يەتتە شەھەرگە ئەۋەتسەك، بۇ جاي ئاسان قولغا چۈشەمدىكىن"دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ، ئۇنى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن يولغا سالدى. بۇ ئاقسۇغا كېلىشى بىلەنلا ئاق تاغلىقلار ئىستىقبالغا چىقىپ، ئاقسۇنى ئۆتكۈنۈپ بەردى. بۇلار بۇ جايدىن ئۆتۈپ ئۇچتۇرپاننى ئىگەللىدى.

خوجا يۈسۈپ خوجام بۇ ئەھۋالنى ئۇيلاپ، كاشغەردىكى ئوغلى خوجا سىدىق خوجامنى باش قىلىپ لەشكەر ماڭدۇردى. ئۇچتۇرپاندا تولا جەڭگە-جېدەل بىلدى. ئاقىۋەت ئىسلام چېرىگى ئۆز ئىچىدىن پاراكەندە بولۇپ، كاشغەرگە قاراپ ماڭدى. خوجا يۈسۈپ بىتاپ ئىدى. لەشكەر يېتىپ بارغىچە ئۇنىڭ روھى تۆتى قۇشلىرى بۇ تارقەپەزدىن ئالەمنى بالاغا (ئۇسۇنتىكى ئالەمگە – ت) پەرۋاز قىلدى. كاپىرلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ كاشغەرنى ئالدى. ئاندىن كېيىن ياركەنت ئۇستىگە باردى. بۇ جايدا بىر قانچە قېتىم غەلبە ۋە مەغلۇبىيەتلەر يۈز بەردى. ئاخىرى خوجا جاھان خوجام ئۇرۇشتا ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئارقىسىن ئادەم ئەۋەتىپ تۇتۇپ كېلىپ، تەئەللۇق تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ شاھادەتلىككە يەتكۈزدى. بۇ تەتۈر ماڭدىغان پەلەك چەرخى خوجا ئىسهاقى ۋەلىيۇللانىڭ ئەۋلادىغا قانداق ھادىسە-ۋەقەلەرنى كەلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىشقا ئىككى تىللىق قەلەم ۋە ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن خوتەننىمۇ ئۆزىگە تەۋە قىلدى.

ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1836- 1837- يىلى –ت)بۇ ئالتە شەھەر ھۆكۈمىتىنى بۇرھانىدىن خوجامغا تاپشۇردى. [126]. خىتاي ۋە قالماق چېرىكلىرى ئۆز ماكان مەنزىلىگە قايتىپ، ئاز قىسمى قالدىغان بولدى. ئىلىدىكى خىتاي چېرىكلىرىمۇ ئۆز يۇرتىغا يېنىپ، بىر قىسمى توختايدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن يۇرتتا تىنچلىق ۋەزىيەت پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئامۇرسانانىڭ دىمىغىنى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان غورۇرى بۇزۇپ، ياخشىلىق قىلغانغا شۈكرى قىلماي، ئىلىدىكى بېيجىڭ ئەھلىنى تامامەن يوق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا تۆرە بولۇپ ھۆكۈمنى جارى قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئالتە شەھەردىكى بۇرھانىدىن خوجام ئاڭلاپ، ئىتائەت بەلۋېغىنى نىسيان (ئۆتۈنۈش –ت)تەكچىسىگە ئېلىپ قويۇپ، مۇستەقىل پادىشا بولۇپ، باغلانغان ئىتائەت يىپىنى لەقەپ قويدى. يارلىق ۋە پەرمانلارغىمۇ بۇ لەقەپنى يازدى.

فەغفۇرچىسىنى بۇ ئەھۋالارنى ئاڭلاپ، ئىككىنچى قېتىم چېرىن ماڭدۇرۇشقا يارلىق قىلدى. چېرىكلەر ئىلى تەۋەسىگە

كېلىپ ئامۇرسانا بىلەن قاتتىق جەڭلەرنى قىلدى. ئامۇرسانا باراۋەرلىك قىلالماي، سىنبىرىيە دىگەن جايغا ئۆزىنى ئالدى ۋە مۇشۇ تەرەپتە ھالاكەتكە ئۇچىرىدى.

خاقانى چىن بىلەن موڭغۇل- قالماقلار ئوتتۇرىسىدا، قەدىمدىن بۇيانلار جەڭ- جىدەللەر ۋە ئاداۋەتلەر بولۇپ تۇراتتى. خاقانى چىن ئىلى ئەھلىنى قىرغىنچىلىققا سالدى. بىر مۇنچە ئادەم جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن قىپچاق، قىرغىزلار ئىچىگە كەتتى. ئىلىنى سەرەنجام قىلغاندىن كېيىن، ئىككى مىڭ چېرىكنى كۇچارغا ماڭدۇردى. بۇ چاغدا خان خوجام پادىشا كاشغەر، ياركەنت، خوتەندىن ئون مىڭ لەشكەر راسلاپ، ئاقسۇ ئارقىلىق كۇچارغا كېلىپ، بىيجىڭ ئەھلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يولىنى توساپ تۇرغان ئىدى. ئۇشتۇمتۇتلا ئىلىدىن ئىككى مىڭ لەشكەر كېلىپ قالدى. ئارىدا قاتتىق جەڭ- مۇھارىبىلەر بولدى. بىيجىڭ ئەھلى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن باراۋەرلىك قىلالماي تۇرغان پەيتتە، ئون مىڭ خاقانى چېرىكى تۇرپان يولى ئارقىلىق كۇچارغا يېتىپ كەلدى. تولا مۇھارىبە- جەڭلەر بولۇپ، بۇلار ئاخىرى غالىپ كەلدى. ئىسلام چېرىكى زىيانغا ئۇچراپ، بۇرھانىدىن خان خوجام پادىشا باراۋەرلىك قىلالماي، مۇقۇر يولى ۋە جاڭگال ئىچى بىلەن ياركەنتكە قاراپ قاچتى. بىيجىڭ ئەھلى كۇچارنى ئىگەللەپ، كۆپ ئادەمنى ھالاك قىلدى. ئاندىن ئۆتۈپ ئاقسۇنى قولغا كىرگۈزۈپ، ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ياركەنتكە باردى. خان خوجام پادىشا تولا ئۇرۇش- جەڭلەرنى قىلىپ، يەنە باراۋەرلىك قىلالماي، خوتەن تەرەپكە قاچتى. كاپىرلار خوتەنگە باردى. خان خوجام پادىشا بۇ يەردىمۇ باراۋەرلىك قىلالماي بەدەخشان تەرەپكە يۈزلەندى. خىتاي لەشكىرىنىڭ ئۇلۇغى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ بەدەخشان ئۇلۇغىغا خەت يازدى. بىر نەچچە نەسلى يامان ئەسكى ئادەم خان خوجام پادىشانىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كېلىپ مەنسەپدارلارغا تاپشۇردى. بۇ مەنسەپدارلار ئۇنى تۆمۈر قەپەزگە سۇلاپ، بىيجىڭدىكى خاننىڭ ئالدىغا باردى ۋە شەھەر- شەھەرلەرگە ئەۋەتىپ، كىشىلەرگە سەيىر- تاماشا قىلدۇرۇپ نامىنى چىقاردى.

بۇ يەتتە شەھەرنى سەرەنجان قىلغاندىن كېيىن، يەتتە شەھەردە قىرىق مىڭ چېرىك تۇرغۇزۇشقا ھۆكۈم قىلدى. لېكىن ئىلىنى ئىگەللىگەن چاغدا بىر مىليۇندىن ئارتۇق ئادەمنى ھالاكەتكە گىرىپتار قىلغان ئىدى. نۇرغۇن ئادەم تەرەپ- تەرەپكە قېچىپ، ئىلى ئەتراپىدا ئادەم گۇرۇھى ئاز قالغان ئىدى. شۇڭلاشقا، ئالتە شەھەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئىلىدا ئورۇنلاشتى. بۇ تايىپىلەر ھەر قايسى شەھەر ۋە كەنتلەردىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن،"تارانچى"دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى ۋە بۇ ئادەملەرمۇ كۇپايە قىلماي، بىيجىڭ تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ بۇ جايلارغا

ئورۇنلاشتۇردى.

يەنە شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ قېتىمقى پاراكەندىچىلىكتىن كېيىن، ئېلى خەلقى خاقانى چىننىڭ ئەمر ئىتائەتىدىن چىققان چاغدا، ئىلى زىمىننى ئۇرۇسىيە بېسىۋالغان ئىدى. بېيجىڭ ئەھلى يېتىپ كەلگەندە، ئىلى ئادەملىرى قورقۇپ، ئۆزىنى ئۇرۇسىيە ھمايىتىگە تاشلاپ، تامامەن ئوروس ئىچىگە كۆچۈرۈپ كەتتى. ئىلى زىمنى خالى قالدى. شۇڭلاشقا، ئالتە شەھەر ئادەملىرى، بولۇپمۇ كاشغەر ئەھلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كۆچۈپ بېرىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، بۇ جاينى يەنە ئاۋات قىلدى.

ئەي زامانە ئەھلى! بۇ زامانە ئەھلىنىپ پېئىل ـ ئەتىۋارلىرىغا سىناق كۆزۈڭلار بىلەن قاراپ كۆرۈڭلەركى، گەرچە ھەممە مۇسۇلمان بىر دىن ۋە بىر مەزھەپتە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىككى پىرقە، ھەتتا بىر قانچە تايىپىلەرگە بۆلۈنۈپ، بىر ـ بىرىگە ھەسەت ـ ئاداۋەت قىلىشىپ، بىر تايىپە بىر سەيىدكە ئىناۋەت ـ ئىتائەت قىلىشىپ، يەنە بىر سەيىدكە ئىنكار ۋە ئاداۋەت كۆرستىپ، "قارا تاغلىق"دەپ ئات قويۇپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت زالالەتكە سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق قىلىپ، بۇ يۇرتلارنى ۋە يۇرت ئادەملىرىنى قالماقلا ياكى خىتايغا تەۋە قىلىپ بېرىپتۇ. ھەتتا بۇنداق ئەقىدە ۋە نالايىق ئىشلارنى ئۆزىگە لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ يامان ۋە شۇملىقىنى ئايرىپ ئالالماپتۇ، بەلكى بۇ جاھىل ، ۋاپاسىز ۋە مەككار سوپىلار ئۆزىنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرىدىن ھايا ياكى نومۇسمۇ قىلماپتۇ. لېكىن بەزى مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئەسلى تەبئىتىدە بىر ـ بىرىگە بولغان دۈشمەنلىك ياكى ئاداۋەت يوق ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ خام ۋە ئەقلى كەم مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭ شۇملىقىدىن پەيدا بولغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا بۇ ساغلام نەسەپلىك زاتلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئوخشاش كۆرۈپ، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك قىلماسلىق لازىم. مۇناپىقلىق قىلمىغانلارنىمۇ مۇناپىقلىق قىلدى دەپ ئېغىز ئېچىش، ئەلۋەتتە توغرا بولمايلا قالماستىن، بەلكى كىشىنى ئاللانىڭ ئازاۋىغا گىرىپتار قىلىدۇ. «ھەدىس شەرىپ» دىمۇ "ئېتىقادىمىزنىڭ بۇزۇلۇشىدىن خۇدادىن پانا تىلەيمىز."دىگەن سۆز بار.

ئافاق خوجام ئەۋلادىدىن بۇرھانىدىن خوجام شاھادەتلىككە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەرزەنتى خوجا سالىخ خوجام يەنى بەزىلەرنىڭ مەلۇماتى بويىچە، ئۇ يەنە ساماساق خوجام دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ كىشى فەرغانە ۋىلايىتىگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. بۇ دادىسىنىڭ قىساس ـ ئىنتىقامىنى تاما قىلىپ، نەچچە قېتىم كاشغەرگە كەلدى، لېكىن مۇرادىغا يېتەلمەي ياندى. بۇنىڭ پەرزەنتى خوجا جاھانگىر خان تۆرەم بىر نىمە قىلىپ مۇرادىغا يەتتى. بۇنىڭ

زىكرى كېيىن كەلگۈسىدۇر. بۇ چاغدا ئەگەر ئەنجان تەرەپتىن خوجاملار كەلسە ، ئاق تاغلىقلارنىڭ جاھان ئاپتىۋى چىققاندەك بولۇپ، خوشال- خورام بولۇپ كېتەتتى. قارا تاغلىقلار بولسا بىپىجىڭدىكى خوجاملارغا نەزىر- ھەدىيە ئەۋەتىپ مەدەت تىلەيتى. بۇ خوجاملاردىن كۆك چاي تەۋەررۈك قىلىپ سوغا- خالتا كېلەتتى. بۇلارنى بۇنى تەۋۋەررۈك چاي دەپ ناھايىتى ئەزىز- ئېتىۋار بىلەن قارايتى. بۇ ۋەقەلەرنى كېيىن يەنە ئۇچتۇرپان زىكرىدە بايان قىلىمىز ئىنشا ئاللا (ئاللا بولسا سەۋر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر!) دىمەك، ئاق تاغلىق ئەھلى بىلەن قارا تاغلىق ئەھلى تا بۇ زامانىدىمۇ بىر- بىرىگە قارىشى ئىدى. بۇ تايىپىلەر كاشغەردە ناھايىتى كۆپ، ھەر ئىككى تايىپىنىڭ ئېتىقادى خاتا ۋە بىھۇدىدۇر.

نەزم:

شۈكۈرۈللا فارىغ ئولدۇم مەن قارا، ئاق تاغدىن،

نە ئۈچۈنكىن مىۋە يەپدۇرمەن شەرئەت باغدىن.

ئەلقىسسە، خانلارنىڭ دۆلەت چىرىغى ئۆچكەن، قالماقلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا خوجاملارنىڭ دۆلەت چىرىغى يانغان زاماندىن باشلاپ، بۇ خوجاملار بەزىدە تەرىقەتنىڭ زىكرى ۋە پىكىر يولى بىلەن ئىبادەت قىلىپ، ئاللادىن مەدەت تىلەشكە شۇغۇللانسا، بەزىدە ئەيشى- ئىشرەت، نەغمە- ناۋا ۋە چاي بىلەن بەزمە قىلىپ،نەپسىپەرۋەرلىپ، شۇغۇللىنىپ كەتكەنلىرى ئۈچۈن، غەيۋەت- شىكايەتچى سۇخەنچىلەر ۋە ئىچىدىن يامان شەيتان سۈپەتلىك ئادەملەر ئۇلارغا يېقىنلىشىپ، ئۆزىنى ناھايىتى ئىخلاسلىق كۆرسىتىپ، تاشقىرىغا چىقىش بىلەنلا ھەر بىرى خۇددى ئاچ بۆرە شەكلىگە كىرىپ، بۆرە قويغا چاپقاندەك، پۇقرالارنىڭ مال- مۈلكىگە ، ھەتتا ئۇلارنىڭ جان- ئىمانىغا قاتتىق زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى. بۇ تايىپىلەر”ئۇششاق“دەپ ئاتالدى. ئاتا- بابالىرىدىن تارتىپ جەينامازدىن قوپماي سەجدە- ئىبادەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ كەلگەن خوجاملارمۇ يۇرتدارلىق ئىشىدىن ۋە سىياسەت رەۋىشىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭلاشقا، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالى خاراپ ۋە ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندى. ھەتتا ئۇلار ئۆي- ماكانلىرىدا ئارام ئالالماي ۋە تۇرالماي

جاڭگال- جەزىرلەرگە قېچىپ كېتىپ كۆن ئۆتكۈزدىغان دەرىجىگە يەتتى. كېچىلىرى مەخپى ئۆيلىرىگە كېلىپ، تاپقانلىرىنى غىزا- تاماق قىلىپ يەپ، قازان-تاۋاقلىرىنى ساقلىيالماي، بۇلاق ۋە چوڭقۇر يەرلەرگە تاشلاپ، ئەسلا كىشىگە كۆرۈنمەي جېنىنى ساقلايدىغان بولدى. يۇرتدارلىق ئىشلىرىدىن تاقەتلىرى تاق بولۇپ، چىداشقىمۇ ھېچ دەرمان قالمىدى.

دەل مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، بىر نەچچە يىراقنى كۆرگۈچى ھەم ئىلگىرى دەۋر سۈرۈپ دۆلەت- مەنسەپ تۇتۇپ، كېيىنچە خار ۋە بى ئېتىۋار بولۇپ، پۇقرالىق كوچىسىغا كىرىپ قالغان ۋە ئاددىي خەلق قاتارىدىن تۆۋەن ھەم قەدىرسىز ئورۇن ئالغان بەزى قەدىمقى بەگلەرنىڭ ئەۋلادى ئۆز- ئارا مەسلىھەت قىلىشىپ،"قەدىمدىن بۇيان يۇرت سوراپ كەلگەن خانلار بۇلۇڭ- پۇشقاقلارغا ئولتۇردىغان بولدى. بۇلۇڭ- پۇشقاقلاردا ئولتۇرۇپ كەلگەنلەر بولسا خان بولدى. پۇقرالار ھەيران ۋە سەرسان بولدى. ئەڭ ياخشى مەسلىھەت شۇكى، بىر نەچچە كىشى خاقاننىڭ خىزمىتىگە بارساق، ئەرزىمىزنى ئېيتىپ چېرىك تەلەپ قىلساق، ئەگەر چېرىك بەرسە، بىز شۇ ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىراق- يېقىن دۈشمەنلەردىن قۇتۇلساق. تاكى بىر ئىقلىمغا تەۋە بولماي تۇرۇپ يۇرتىمىز ئاۋات، بالا- پەرزەنتلىرىمىز تىنچ- ئامان بولالمايدىكەن" دەپ قارار توختىتىپ، ئالتە ياكى يەتتە جان كىشى كېپشلىنى تەتۈر كىيىپ يولغا راۋان بولدى. بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن قاۋاۋۇللارغا ئۇچراشتى. قاۋاۋۇلچىلار ئۇلارنى بىر قارادىن يەنە بىر قاراغا ئېلىپ بېرىپ، فەغفۇرچىن خاقان بىلەن كۆرۈشتى. خاقان ئۇلارنىڭ ئەرزىنى ماقۇل كۆرۈپ، نۇرغۇن چېرىك قوشۇپ بەردى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن بۇ يەتتە شەھەر جەڭ- جىدەلسىزلا خاقانى چىننىڭ ئەمر- ئىتائىتىگە كىردى. خاقانى چىن بۇ ئالتە جان كىشىنىڭ ھەر بىرىگە ۋاڭ، گۇڭ، بەيلى قاتارلىق چوڭ مەنسەپلەرنى جۇلدۇر- جاساق قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ خىزمىتىگە بىر نەچچە ئۆيلۈك ئادەم تەيىنلەپ، ھەر يىلى غەزنىدىن كۈمۈش، ۋەزىپە- مائاش بېرىدىغان بولۇپ، ھەر بىرنى ھەر قايسى شەھەرگە ھاكىم قىلىپ توختاتتى. ئىلگىرى خاقان بۇ زىمىنغا مۇقىم ھۆمرانلىق قىلغان چاغدا، بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ھاكىملىقى مەزكۇر بەگلەرنىڭ ئەجاتلىرىدىن باشقا ئادەملەرگە ناھايىتى كەمدىن- كەمدىن نېسىپ بولاتتى.

بۇ دۆلەتكە ئۇلانغان ئالتە جان كىشىنىڭ بىرى مىرزا ھدى بەيسى بېك ئىكەن. بۇنىڭ ۋەقە- خەۋەرلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. يەنە بىرى چېرىكچى بېك بولۇپ، بۇ كىشىگىمۇ بەيسلىك نېسىپ بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ سېتىۋالدى

بېك ۋە ئاق بېك دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. سېتىۋالدى بېككە بەيسلىك مەنسىۋى يېتىپ، ياركەنتنى سوراپ ئۆتتى. ئاندىن ئوغلى مۇھەممەت ئابدۇللا بېك بەيسلىككە يېتىپ، ئاقسۇ ۋە ياركەنتنى سوراپ ئۆتتۇپتۇ. بۇنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت مۇسا بەيسى بېك ئاقسۇ زېمىندىكى ئاقيار دىگەن جايدا تۇرىدۇ ۋە ئاتائى- ئەجدادلىرىنىڭ مەنسىۋىنى تېپىپ ئالالماي يۈرۈپتۇ. ئاق بېك ئىلىغا ھاكىم بولۇپ، ئاقسۇ، ياركەنت قاتارلىق جايلارغىمۇ ھاكىم بولۇپ سوراپ ئۆتتۇپتۇ. ئاندىن ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپ بېگىم ئالدى بىلەن ئىلىغا، ئاندىن ياركەنتكە ۋە ئاخىرىدا سايرامغا ھاكىم بولۇپ دۇنيادىن ئۆتتۇپتۇ. ئوغلى مۇھەممەت ئابدۇللا بېك ئىشىك ئاغالىق مەنسىۋى بىلەن ئۆتتى. بۇنىڭ ئەۋلادى كۆپ. دۆلەت- مەنسەپكە ئېرىشكەنلەرنىڭ يەنە بىرى بايلىق گادايى مۇھەممەت گۇڭ ئىكەن. بۇ ئالدىدا كاشغەرنى، ئاندىن ئۇچۇرپاننى سوراپ ئالەمدىن ئۆتتۇپتۇ. ئوغلى ئىبراھىم بېك ھەم ئىنىسى مۇھەممەت مۇسا بېككە ئۆتتۇپتۇ. ئاندىن ئوغلى مۇھەممەت تالىپ بېك گۇڭلۇق مەنسىۋىگە يېتىپ شەھيار (شايار – ت)نى سوراپ ئۆتتى. ئاندىن ئوغلى ئەھمەت بېك گۇڭ بولدى، ئاندىن ئوغلى مۇھەممەت سىدىق بېگىم گۇڭلۇق مەنسىۋىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەرگە سازاۋەر بولدى. قالغانلىرىنىڭ ئەۋلادى ۋە نام- نەسەپلىرى روشەن مەلۇم بولمىغانلىقتىن، بۇ جايدا بايان قىلىنمىدى.

خاقان بۇ ئالتە جان بەگنىڭ سۆرتىنى قىلدۇرۇپ، ئۇششاق تالدا بىر كاتتا بۇتخان بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆرەتلىرىنى قويدۇرۇپ، " بۇ بەگلەرنى يەتتە شەھەرنىڭ ئىگىسى تەربىيىگەردارى ۋە ساقلىغۇچىسى قىلىپ مەنسەپ بەردىم. مۇندىن كېيىن يەتتە شەھەرگە ئۆتكەن مەنسەپدارلار بۇ بەگلەرنى يوقلاپ ئۆتسۇن" دەپ يارلىق قىلغان ئىكەن – ئاغزىنغا تاش ساپال تۇپراق تولسۇن! تا ئىسلام بولغىچە بۇ زاتلار بىيجىڭ تەرەپتىن ھەر قانداق مەنسەپدار ياكى سودىگەرلەر مەيمەيچىلەر قەغەزلەرنى كۆيدۇرۇپ ۋە نەچچە قېتىم باش ئۇرۇپ ئۆتىدىكەن. بۇ بۇتخاننى "ئۇلۇغ ئۆي"دەپ ئاتايدىكەن. بۇ بۇتخاننى بەگلەرنىڭ ئەۋلادىمۇ" بىزلەر ئۇلۇغ ئۆي ئادەملىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولىمىز " دەپ پەخىرلىنىپ ماختىنىدىكەن.

ئىسلام ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ بۇتخانىلار بۇزۇلدى. بەگلەر يەنە پۇقرالىق كوچىسىغا كىرىپ قالدى. ئون تۆت يىلدىن كېيىن يەنە خاقانى ئەھلى ئاتا يۇرتلىرىغا يەنە مالىك ۋە ساھىپ بولدى. فەغفۇرچىندىن "مېنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمغا خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئادەملەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ سۆزى ياكى ئەۋلادلىرى بارمۇ، بۇنى سوراپ تەكشۈرۈپ

بىلىندۇرۇلسۇن"دەپ يارلىق كەلدى. بۇ بەگلەرنىڭ ئەۋلادىمۇ بۇرۇنقى خانلار بەرگەن يارلىق، ھۆججەت ۋە ئاساس خەتلەرنى ساقلىغان ئىكەن. بۇلار بۇ ھۆججەتلەرنى مەلۇم قىلىپ، تابائى- ئەجداتلىرىدىن مىراس قالغان مەنسەپلەرنى تاپتى. گەرچە ئۇلار يەنە نەچچە ئۇشتى ۋە نەچچە يۈز يىللارغىچە ئۇلۇغ خانغا بىرەر خىزمەت قىلغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن خانلار تەرىپىدىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن مائاشلىرىنى ھەر يىلى ئېلىپ تۇرىدىكەن. ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم خاننىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، تازىم- ئېھتىراملارنى بەجا كەلتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ پەرزەنت- نەۋرىلىرىمۇ ئەسىردىن بويان تىنچ- ئامان ۋە خاتىرجەملىك بىلەن بەلگىلەنگەن مائاشلىرىنى ئېلىپ "تارخان"لىق دۆلەت- ئىززىتى بىلەن ياتىدىكەن. فەغفۇرچىنىنىڭ ئۇلۇغ ۋە كاتتىلىقىنى شۇنىڭدىن قىياس قىلىش لازىم ئىكەن. بىر قېتىم قىلىنغان خىزمەت بىلانلا بۇنداق مەنسەپ ۋە مەنپەئەتكە يەتكىلى بولار ئىدى.

ئەي مالىكۇل مۇلۇك! پادىشالىق ھەققىلىغى ساڭا خاسدۇر. ھەقىقى پادىشا پەقەت سەندۇرسەن. بۇ بەندىلىرىڭنىڭ ئەللىك- ئاتمىش يىل ئىچىدە قىلغان بەندىچىلىك خىزمىتىنى ئۇلۇغ دەرگاھىڭدا بىر قېتىم بولسىمۇ قوبۇل ئەيلەپ، پۇقرالىق جەننىتىڭدىن ئورۇن بېرىپ، جامالىڭنى كۆرۈش دۆلىتى ھاسىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھىغا باشتىن- ئاخىر ئەپۇ- قەلىمىڭنى سۈرسەڭ، بۇ سېنىڭ قۇدرەتلىك ۋە يېتىشكەن كۈچۈڭ ئالدىدا ھېچقانچە ئەجەپ ئەمەس. سەن بەندىلىرىڭگە مېھرىبانلىق ۋە شەپقەتلىك كەلتۈرەلەيسەن، ئۇلۇغلۇق قىلالايسەن. ئەي رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ رەھىملىكرەگى ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغراغى، يا ئەررەھىمە ئەر راھمان، ئامىن!

## خوجا جاھانگىر خان تۆرەمنىڭ بۇ يەتتە شەھەرگە ئىستىلا تاپقان ۋەقەلىرى، مۇھەممەت ئەلى خاننىڭ كاشغەرگە كېلىشى، كاشغەرنىڭ پەتھى بولۇشى، نۇرغۇن قارا چېرىكلەر كېلىپ ئىككىنچى قېتىم يەتتە شەھەرنى ئىگەللىشى، جاھانگىر خان تۆرەمنى تۇتۇپ بېيجىڭغا ئېلىپ ماڭغىنى ۋە كۆپ مۇسۇلمانلارنى ئولجا- ئەسىر قىلىپ، ختاي مەملىكىتىگە ئېلىپ كەتكىنى، مۇھەممەت ئەلى خان (ئاللا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەي!) ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسىر چۈشكەن مۇسۇلمانلارنى فەغفۇرچىندىن تىلەپ ئېلىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ سۆز – بايانى

رىۋايەت ئاسار (رىۋايەتلەردىن ئەسەر يازغۇچىلار - ت)ۋە ناقىلان ئەخبار (نەقىل قىلىپ خەۋەر بەرگۈچىلەر – ت) لەرنىڭ كەيىنى-كەيىندىن بەرگەن رىۋايەت ۋە خەۋەرلىرىدىن مۇنداق مەلۇم ۋە مەزمۇن بولىدىكى، تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1823 – 1834- يىلى) مۇھەممەت ئالى خان بىننى ئۆمەر خان بىننى شىر ئەلى خان (ئاللا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈپ رەھىم قىلغاي!) قوقەنت ۋىلايىتى ۋە فەرغانە ئاھالىلىرىغا ھۆكۈمران بولۇپ ئولتۇردى. تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز قىرىق تۆتىنچى يىلى (مىلادى 1828- 1829- يىلى) خوجا جاھانگىر خان تۆرەم قوقەنتتە كاشغەر ئەقىدەتمەنلىرىدىن بىر مۇنچە ئادەم توپلاپ، فەرغانە ۋىلايىتىدىن قېچىپ چىقىپ، موغۇلىستان شەھەرلىرىدىن كاشغەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، ختاي شەھرىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن جىددى تەييارلىق قىلىپ تۇرغان كۈنلەردە، مۇھەممەت ئەلى خاننىڭ غەيرەت تومۇرى جۇشقا قېلىپ لەشكەر جەمئىي قىلىپ، دۆلەت ئەركانلىرىغا : ”ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان خۇداۋەندەكېرىم بۇ پادىشالىقنى بىزگە ئاتا قىلىپتۇ. ئەگەر بىز سۇسلۇق- بۇشاڭلىق ۋە غەپلەتنى ئۆزىمىزگە لازىم ۋە راۋا كۆرسەك، ھۆكۈمەتدارلىق ۋە پادىشالىق ئۆز دائىرە جامائەت ئاساسىدىن يىراقلايدۇ. بىر ئەسكى خوجا بىر نەچچە لۈكچەك ۋە باشباشتاقلارنى توپلاپ، كاشغەر شەھرىنى مۇھاسىرە قىلىپ، ۋىلايەتلەرگە ئىگە بولۇش دەۋاسىنى قىلىپ، خانلىق ناغرىسنى چېلىپ، مەملىكەت قۇرۇشنى ئۆزىگە نىسبەت قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىگە يول قويغىلى بولمايدۇ – ئەلۋەتتە. ئەگەر بۇلار شەھەرنى پەتھى قىلىدىغان بولسا، ختايلارنىڭ نەچچە يىل مابەينىدە توپلىغان غەزنىبە-بايلىقلىرى بۇ باشباشتاقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ زايا بولىدۇ. خاقانى چىن بولسا كاتتا ۋە زور پادىشالىقتۇر. ئەگەر بۇ چاغدا بېيجىڭ تەرىپىدىن كۇفارلار يەنە كېلىپ ئىستىلا قىلسا، ئۇلار يەنە غەزنە سەرپ قىلماي باشقا ئىلاج يوق. ئەگەر كاپىرلار غەلبە قىلىپ، بۇ پاراكەندە لەشكەرلەرنى يەنە پاراكەندە قىلىدىغان بولسا، ئىسلام ۋىلايەتلىرىنىڭ غەزنىسى يوق بولۇش ئېھتىمالى بار. يەنە بىرى شۇكى، جاھانگىر تۆرە يۇرتنى باشقۇرۇشقا ئاجىزىق قىلىپ، ختاي چېرىگى بۇ جايلارغا يەنە ئىگە بولسا، جاھانگىر خوجا نائىلاج بۇ يەرگە قېچىپ كېلىدۇ. ھالبۇكى، ختايلارنىڭ گەپ- سۆزلىرى بىزگە تاقىلىپ مۇئامىلە يامانلىنىلايدۇ. ئەمدى ئوبدان مەسلىھەت شۇكى، بىز كاشغەرگە بارساق، كاشغەر قولىمىزغا چۈشسە

تېخى ياخشى. ئەگەر بۇنداق بولمىسا غازات ساۋابى يەنىلا بىزگە مەنسۇپ“ دەپ مەسلىھەت بەردى ۋە ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن كاشغەرگە كەلدى. جاھاگىر خان تۆرەم بىر مۇنچە ئادەم بىلەن ئالدىغا چىقىپ، بىر- بىرى بىلەن ئات ئۈستىدە كۆرۈشۈپ، پادىشالارغا خاس ھۆرمەت - تازىملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مۇھەممەت ئەلى خاننى بىر كاتتا ھويلىغا چۈشۈردى.

ئۇ چاغدا كاشغەردىكى ختاي مۇسۇلمانلار شەھىرىنىڭ ئىچىدە ئىدى. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى جاھانگىر خان تۆرەم ئالى مۇقاملىق خانغا ھۆرمەت ۋە ئەدەپ - كەمتەرلىك بىلەن، مۇھاسىرىدىكى جەڭنى ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك خانغا ئۆتۈنۈپ، ئۆز ئادەملىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى. خاننىڭ يارلىغى بىلەن قوقەنت لەشكەرلىرى ئاشكارا ۋە شىددەتلىك مۇھاسىرىگە ئۆتتى. ختاي شەھىرىنىڭ تۆۋىگە دورا قويۇپ ۋە لەخمە كولاپ ئوت قويىدى، شەھەرنىڭ بىر تەرىپىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ، ئالەم يۈزىگە چاڭ- توزاڭلارنى چېچىپ، كۈنىنىڭ كۈندۈزى گويا قاراڭغۇ كېچىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئەسكەر نۇسرەت ئىچىدە خۇددى پەرۋانىدەك ئۆزىنى سېپىلغا ئۇردى. كاپىرلار، بەلكى مۇسۇلمانلار بۇ تامنىڭ بۇزۇلغان تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلارمىكىن دەپ، تۆشۈك يولىنى توساپ، جەڭ- مۇھاسىرىگە كىرىشتى. شەھەرنىڭ ئىچىدىن توپ- زەمبىرەك، جەزايىل قاتارلىقلارغا ئوت تۇتاشتۇردى. مۇسۇلمانلارمۇ تاشقىرىدا تۇرۇپ توپ- زەمبىرەكلەرگە ئوت بەردى. كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆز- ئارا ئارلىشىپ گىرەلىشىپ، قاتتىق جەڭ قىلىشتى. مۇسۇلمانلار شوتا راسلاپ، شەھەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن خۇددى داۋۋازلاردەك، سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇرۇش قىلدى. لېكىن كاپىرلار كۈچ كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۈچ قېتىم سېپىل ئۈستىدىن ھەيدەپ چۈشۈردى.تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە شېھىتلەرنىڭ كۆپلىگى، يارىدارلارنىڭ تولىلىغىدىن سېپىلغا بارىدىغان يول ئېتىلىپ قالدى. خان قازى مۇھەممەت ئەلى خان بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ، يىغلاپ- يىغلاپ، ئۆلۈكلەرنى ئالدۇرتۇپ، ھەزرەت ئافاق مازىرىغا دەپنە قىلدۇردى. زەخمدارلارنى داۋالاشقا يارلىق قىلدى – دە، نائىلاج مۇھاسىرىدىن قولىنى ئۈزۈپ، بىر ھەپتە دەم ئالغاندىن كېيىن، جاھانگىر خان تۆرەمگە دۇئا- پەتە بېرىپ، قوقەنتتىكى دار سەلتەنەتكە قايتتى.

بىر ئايدىن كېيىن، قىيى ئىشلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇچى ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن ختاي شەھرى پەتھى بولدى. جاھانگىر خان تۆرەم پەتھنامە يېزىپ، ئۇرۇش ھەققىدىكى خوش- خەۋەرنى ئالى دەرىجىلىك مۇھەممەت ئەلى خانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى نۇرغۇن سوغا- سالاملار بىلەن قوقەنتكە ئەۋەتتى. كەيىندىنلا

كاشغەر، يېڭى هىساي، مارالبېشى، ياركەنت قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزدى. خوتەننى مۇھاسىرىگە ئالدى. لېكىن، بۇ مۇھاسىرە تۈگىمەيلا، بەزى ئەسكەرلىرى ئاقسۇغا ئىككى تاش مىقدارى يېقىن كېلىپ، بەزىلىرى دەريادىن ئۆتۈپ، ئەتىسى ئاقسۇنى پەتھى قىلىمىز دەپ خاتىرجەم ياتقان چاغدا، خىتاي چېرىكلىرىنىڭمۇ ئاقسۇغا كەلگەنلىگى مەلۇم بولدى. بۇلار شەھەردىن چىقىپ، زور كۈچ بىلەن هۇجۇم قىلدى. جاهانگىر خان تۆرىنىڭ ئەسكەرلىرى بۇزۇلۇپ ئارقىغا قاچتى. قارا چېرىكلەر قوغلىغانلىرىچە بېرىپ كاشغەرنى ئالدى. يېڭى هار، ياركەنتلەرنىمۇ قولغا كىرگۈزدى.

خىتاي چېرىگىنىڭ كۆپلىگىنى بەزىلەر يىگىرمە تۈمەن، بەزىلەر ئون تۈمەن ئىدى دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ چاغدا فەغفۇرچىنىنىڭ تەختىگاھىدا داۋۋاڭ خان (داۋگۇاڭ خان – ت) دىگەن خان ئولتۇرغان ئىكەن. بۇ دۆلەتلىك خان ئۇ چاغدا ناهايىتى قۇۋۋەتلىك بولۇپ، هىچ تەرەپتە دۈشمەنىنىڭ ئەسىرى يوق ئىكەن. بۇ چېرىك، قورال- ياراق ۋە باشقا هېساپسىز جەڭ قوراللىرىدىن باشقا، يەنە ئىككى يۈز هارۋىدا تۆگە ۋە قوي ماياقلىرىنى ياغدا قورۇپ ماڭدۇرغان ئىكەن. چېرىكلىرى يول بويى قار، يامغۇردا قېلىپ، ئاش- غىزا قىلىپ يەيدىغان ئوتتۇن تاپالماي قالغان كۈنلەردە، بۇ ماياقلارنى ئوتتۇن ئورنىدا قالاپ، ئاش- غىزا قىلىپ يىسۇن دەپ يارلىق قىلىپ ماڭدۇرۇپ، ماياقنىڭ ئالدى قارا شەھەرگە، كەينى تۇرپانغا يېتىپ كەلگەن كۈنلەردە، بۇ يۇرتلار قولغا كىرگەنلىگىنى ئاڭلاپ، ماياقلارنى ياندۇرۇپ كەتكەن ئىكەن. دىمەك، چېرىكنىڭ تولىلىغى ۋە خاننىڭ كۈچ- قۇدرەتلىرىنىڭ قانچىلىك زىيادە ئىكەنلىگىنى بۇنىڭدىن قىياس- پەم قىلىپ بىلگەيسىزلەر. شۇنداقلا، خىتايلارمۇ جاهانگىر خان تۆرەمنىڭ چوڭ ۋە زور تەرىپىنى قىلىپ، "جاهانگىر زۇڭ تەن، دى دۇڭ تەن"(يەنە "جاهانگىر مىدىرلىسا، زىمىنمۇ مىدىرلايدۇ – ت") دىگەن ئىكەن.

ئەمدى ئەسلى سۆزىمىزگە كېلەيلى، خىتاي چېرىگىنىڭ سەردارى ئاي خاڭۇن [127] دىگەن ئىكەن. كۇچارلىق مىرزا ئوسمان بەيىسى بەگنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مىرزا ئىسھاق بېك دىگەن ئادەم چېرىك باشلاپ كاشغەرگە بېرىپتۇ. بۇ جاهانگىرخان تۆرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئالاي دىگەن ۋاقىتتا مەنزىلگە بارغاندا، تۆرەم نائىلاج بولۇپ،"ئەي ئىسھاق بېك، نائۈمىت بولماڭ، مېنى باغلاپ، خىتايلارنىڭ ئۇلۇغىغا ئېلىپ بېرىڭ" دىگەندە، بېك "هەددىم ئەمەس" دەپ ئۆزرە- خالىق ۋە ئېھتىرامدىن سۆز ئېچىپ، تەقسىر دەپ تۇرغاندا، جاهانگىر خان تۆرەم مۇبارەك رومالىرى بىلەن ئۆز قولىنى ئۆزى باغلاپ،" ئەمدى ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن تۇتۇپ ئېلىپ بېرىڭ " دىگەندە، بېك ئەمر ئالىلىرىغا بوي سۇنۇپ، جانابى خان تۆرەمنى خىتايلارنىڭ ئۇلۇغ ئالدىغا ئېلىپ بارغان ئىكەن. ئاي جاڭجۇن بولسا "ئۇلۇغ خاننىڭ

دۈشمىنىنى ئىسھاقبەگ تۇتتى. "ئەي ئىسھاق بەگ، ئەمدى بۇ خوجانى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئەجەللەشكىن. ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلىپ، "دەپ بىر قانچە ئادەم قوشۇپ بېيجىڭغا ئەۋەتىپتۇ. بۇ جاھانگىر خان تۆرەمگە ناھايىتى ياخشى ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلىپ ۋە ياخشى سۆزلەر بىلەن بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بەزىلەر خان بۇنى كۆرۈپ، سوراق قىلىپ شېھىت قىلدى دەيدۇ. بەزىلەر خان بۇنى كۆرمىدى، بەلكى مەخپى جايغا قويغاندا، ئۆز ئەجىلى ـ تەبىئىتى بىلەن ئۆلدى دەيدۇ. مەسئۇلىيەت ئەلۋەتتە رىۋايەت قىلغۇچىدا بولىدۇ.

خاقان مەنسەپدارلىرى بۇ يەتتە شەھەردە تۆرەمگە يار بولغان ياكى تۆرەمنىڭ ئىشىنى تۇتۇپ خىزمەت قىلغان ئادەملىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چارۋا مال ۋە زېمىنلىرىنى ئولجا قىلىپ، ئون مىڭدىن كۆپرەك خوتۇن ـ قىز ۋە ئوغۇل رىسىدە ـ نارىسىدە باللارنى ئولجا ـ ئەسىر قىلىپ، ئۇ تەرەپ لەنجۇ ئۆلكىسى، بۇ تەرەپ، ئىلى، چۆچەككىچە ئېلىپ بېرىپ، خىتايلارغا تاپشۇرۇپ ۋە خىزمەتكە تۇتۇپ بەردى. بۇ ئەھۋالنى ئەبۇلمۇزەپپەر ۋە ئەلمەنسۇر مۇھەممەت ئەلى خان (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرلاندۇرۇپ، گۇناھىنى كەچۈرگەي!) ئاڭلاپ، بۇنىڭغا بىز سەۋەپ بولۇپتىمىز"دەپ خاقانى چىنغا ناھايىتى كەڭرى سوغا ـ سالاملارنى راسلاپ، ئالىم بايۋەچچە مىڭبېشىنى باش قىلىپ، بىر نەچچە ئادەمنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەيىنلەپ، خاقانى چىنغا ئەرز يېزىپ بېرىپ، بىر قانچە مۇددىئانى تىزىپ يولغا سالدى. ئۇ ئەرزدە "مەسىلە شۇكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ خانغا ۋە ئاجىز خوتۇنلارنىڭ قولىدىن ھېچقانداق يامانلىق ئۆتمىسە كېرەك، بۇ گۇناكارلارنىڭ گۇناسىنى ئۇلۇغ خاندىن تىلەيمەن، يەنە بىر مەسىلە بولسا، يەتتە شەھەردىكى ئەنجانلىقلار ئۈستىدە بىر ئاقساقال توختاتسام، يامان ئادەم كىرىپ قالسا خەۋەر ئېلىپ تۇتۇپ ماڭا چىقىرىپ بەرسە، ئۇلارنىڭ جازاسىنى مەن بەرسەم، بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلۇغ خانىنىڭ كۆڭلى رەنجىيدىغان ئىشلار بولمىسا"دىگەن مەزمۇندا بىر قانچە ماقۇل سۆزنى يېزىپ، ئەلچىلەرنى يولغا راۋان قىلغان ئىكەن. بۇ ئەلچىلەر ناھايىتى ئىززەت ۋە ئابرۇي بىلەن پايىتەختكە يېتىپ بېرىپتۇ. خاقان ئەرزنى كۆرۈپ، كامالىسى ئىنساپىنى ماقۇل تۇتۇپ، ھەممە ئولجا ـ ئەسىرگە يولدىن يولغىچە ئات ـ ئۇلاق، ئوزۇق ـ تاماق تەيىنلەپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋەتىنىگە قايتۇرۇپتۇ.

لېكىن، بۇ ئارىدا تۆت يىل مىقدارى ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇرمۇنچىسىنى خىتايلار ئىلكىگە ئېلىۋېلىپ، بالا ـ پەرزەنتلىرىنىمۇ تاپقان ئىكەن. ئۇلارنى بۇ بالا ـ پەرزەنتلىرى بىلەن ياندۇرغان چاغدا، ئۇلار بۇنداق غېرىپ ـ مۇساپىرچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز جاي ـ ماكانلىرىغا يانغانلىقىغا خوش بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى مۇڭلۇق ۋە غەمكىن ئاۋاز بىلەن ئاۋاز

كۆتىرىپ، "نازۇگۇم! ۋاي- ۋاي نازۇگۇم"دەپ غەزەل- مۇقام ئىختىرا قىلىپ، چوڭ يول بىلەن ئۆتكەن چاغدا، خالايىق ئۇزۇن يەرلەرنى كۆرگىلى كېلىپ، ئۇلارنىڭ مۇڭ- زارىنى ئاڭلاپ تاقەت قىلالماي، يىغا- زارە قىلىشقان ئىكەن. شۇڭلاشقا، "نازۇگۇم" غەزەل ساداسى ئەل ئىچىدە تا بۈگۈنگىچە ياڭرىماقتا. شۇنداقلا، بۇ يەتتە شەھەردىكى ئەنجانلىق دىگەننىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇستىگە ئاقساقال تۇرغۇزۇش يارلىقى بولغان ئىكەن. بۇمۇ تا ھازىرغىچە مەۋجۇت.

مۇھەممەت ئەلى خان (ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگەي!) ئاقىۋەت بۇ پايدىسىز ئالەمدىن خوشاللىق سارىيىغا كۆچتى. [128] ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خۇدايارخان تەختكە چىقتى. بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئالامانچىلار خۇدايارخاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاكىسى مەللە خاننى خان كۆتۈردى. خۇدايارخان ئۆزىنى بۇخارايى شەرىپكە ئالدى. قىرغىز موللا ئەلەم قۇلنىڭ ئىغۋاسى بىلەن مەللە خاننى شېھىت قىلدى. بۇ ئاران تۆت يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ چاغدا تاشكەنت ھاكىمى قانائەتشا غازى تاجىكنىڭ مەسلەھەتى ۋە دالالىتى بىلەن، بۇخارادىن خۇدايارخاننى ئېلىپ كېلىپ، يەنە خان قىلدى. ئەمما ئەقىلسىز قىرغىز موللا ئەلەم قۇل بىرنەچچە بۆلۈنگۈچى لۈكچەك ۋە باشباشتاقنى توپلاپ، ھۆكۈمەت تۇتۇش ئارزۇسى بىلەن، خۇدايارخانغا قارىشلىق ناغرىسىنى ئاشكارە ياڭرىتىپ سوقتى. فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ دۆلەت شارابىتى كۈندىن- كۈنگە زەئىپلىككە قاراپ يۈزلەندى.

تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1861 – 1862 – يىلى) خۇدايارخان ئىككىنچى قېتىم تەختتە ئولتۇردى. بۇ ئارلىقتا ۋەلى خان تۆرەم كاشغەر شەھرىنى مۇھاسىرە قىلىپ، قىشلاق ۋە كەنتلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن پاسىق- بۇزۇق ۋە زالىم جەۋرلەرنى قەتلى قىلىپ، جەسسەتلىرىنى ئىت ۋە قارغا- قۇزغۇنلارغا تاشلاپتۇ. كاپىر ۋە يامان پاسىقلار مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەر – ئايال پاشۋازلارنىڭ بېشىنى كېسىپ ئارىلاشتۇرۇپ ، تۆت كاللا مۇنارىسى ياساپتۇ . مۇنارنىڭ ئېگىزلىگى ئون ئىككى گەز مىقدارى كېلەتتى دەيدۇ . لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى بەڭ چېكىش ، ھاياسىز ئىشلارنى قىلىش ۋە قان تۆكۈشتىن ھېچقانداق ئۆزىنى تارتىپ ، ئېھتىيات قىلمايدىكەن ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەھرالىق بىر قېرى مەزلۇم نان – توقاچ ۋە قېتىق – قايماقلارنى ئېلىپ ، تۆرەمنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ . ياساۋۇل بېشى" ئەي ئانا ، نىمە ئەرزىڭىز بار ؟ " دەپ سورىغاندا ، ئۇ" خوجامدىن ئىمان تىلەپ كەلدىم ، بۇنىڭدىن بۆلەك ئەرزىم يوق " دەپتۇ . ياساۋۇل بېشى " ئەي ئانا ، ئەنجاندىن ئېلىپ كەلگەن ئىمانلىرىمىزنى تامامەن ئادەملەرگە ئىنئام قىلىپ بەردۇك ، خالبۇكى ، خوجامدا ياكى بىزدە ئىمان قالمىدى .

ئەنجاندىن ئىمان ئېلىپ كىلىش ئۈچۈن نەچچە ئات چىقاردۇق . ئىمان كەلگەندە مەن خەۋەر قىلاي . شۇ چاغدا كېلىپ ئىمانىنى ئېلىپ كېتىڭ " دەپ ، ئۆز زامانىغا لايىق ۋە ئاقىللارچە ئاجايىپ ياخشى جاۋاپ بېرىپتۇ .

كېيىنچە يەنە نۇرغۇن قارا چېرىكلەر كەلدى . تۆرەم باراۋەرلىك قىلالماي قاچتى . نۇرغۇن ناھەق قانلار تۆكۈلۈپ ، تولا ئادەم ھالاكەتكە ئۇچرىدى ، يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت بار ، يەنى كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر شاخكەر تۆمۈرچى ( قىلىچ ياسايدىغان ئۇستات ) بىر قىلىچ تەييارلاپ ، تۆرەمگە كۆرۈنۈش بېرىپ ، دۇئالىرىنى ئېلىپ ، بىرزىيارەت قىلىپ كەلسەم دىگەن نىيەت ۋە ئارزۇدا ئۇن يەتتە – ئون سەككىز ياشلاردىكى تېپىلماس بىر ئوغۇلنى ھەمرا قىلىپ ، تۆرەمنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىرىپ ، كۆرۈنۈش بېرىپ ، نەزەردىن ئۆتۈپتۇ . بۇچاغدا تۆرەم " ئەي ئۇستا ، بۇ قىلىچڭىز كېسەمدۇ "دەپ سورىغاندا ئۇستا " بەك ياخشى كېسىدۇ "دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ . تۆرەم " ئەي ئوغۇل ، ماڭا يېقىن كەل "دىگەن ئىكەن . بۇ بالا يېقىن بېرىشى بىلەنلا قىلىچ بىلەن ئۇ بالىنىڭ گەدىنىگە ئۇرغان ئىكەن ، بالىنىڭ بېشى سەكرەپ يەرگە چۈشۈپتۇ . تۆرەم " كېسىدىكەن ، ئۇستىغا تون ئېلىپ چىق "دەپ بىر چىت تون بېرىپ چىقىرىۋېتىپتۇ . ئۇستا يىغلاپ – يىغلاپ بالىسىنىڭ جەسىدىنى كۆتىرىپ ئۆيىگە كېتىپتۇ . كېيىنچە يەنە كاتتاخان تۆرەم ، كىچىك خان تۆرەملەر كېلىپ ، كاشغەرنى ئۈچ ئاي قامال قىلىپ ئالالماي ، مەقسىدىگە يېتەلمەي ، ئۆز ۋەتەن – يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتتى . بۇلارنىڭ قىسە ۋە ئەپسانىلىرىنى تەپسىلى بايان قىلسام ، ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا مالال كەلتۈرۈپ ، سۆزىمىز مەقسەت تەرەپتىن يىراققا چۈشۈپ كېتەرمىكىن دىگەن ئېھتىمال ئېتىراز بىلەن ، قەلەمنىڭ خۇش گۈزەل يۈرۈش تىزگىنىنى مەقسەت يولىغا تارتتىم . بۇلارنىڭ قىسسە ۋە ھىكايىلىرىدىن قايتتىم ، ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن سۆزۈمنى تۈگەتتىم .

# 6

## خاقانى چىنىنىڭ ئاۋالقى زامانىدا مۇسۇلمان بولغانلىغى، تۇڭگانى تايىپىلىرىنىڭ مەملىكىتىدە ۋەتەن تۇتقانلىغى، ئۇلارنىڭ خىياتلار

# بىلەن بولغان جىدەل- ماجىرالىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە خاقانى چىنى مەملىكىتىنى زەئىپلەشتۈرۈپ بۇزۇشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ باشتىن- ئاخىر تەپسىلىي بايانى

راس سۆزلۈك رىۋايەتچىلەر ۋە پاراسەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ قىسسە ۋە ئېلان قىلىشلىرىدىن شۇ نەرسە مەلۇم ۋە مەزمۇن بولدىكى، تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بىرىنچى يىلى يەنى يىلان يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى (مىلادى 1864- يىلى 6- ئاينىڭ 6- كۈنى ) جەۋزا (ئەرەندىز ياكى گىزەك يۇلتۇزى) پەسلىنىپ ئاخىرىدىكى شەنبە كېچىسى كۇچاردا ئولتۇرۇشلۇق تۇڭگانى ماشۇر ئاخۇن، مالۇڭ شەمشىدىن خەلىپىلەر باش بولۇپ، كۇچارنىڭ ۋەيشاڭ بازارلىرىغا ئوت قويۇپ، مەنسەپدار، چېرىك ۋە مەيمەيچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خاقاننىڭ ئەمىر- ئىتائەتىدىن چىقىش سەۋەپ- ئىللەتلىرىنى بايان قىلىش لازىم ئىدى. لېكىن بۇ ھەقتە ھەر خىل كىشىلەر ھەر خىل سەۋەپ- پاكىتلارنى كۆرسىتىپ، ھەر خىل رىۋايەت قىلىشىدۇ. بىرىسىنىڭ سۆزى يەنە بىرىسىنىڭ سۆزىگە مۇخالىپ كېلىدۇ. بۇ مۇجمەل نەقىل قىلغۇچىلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر خىل سۆزلەرنى بۇ ۋاراق سەھىپىسىگە ئورنىتىش لايىق ۋە لازىم كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاقىللارنىڭ ئەقلىغە ماقۇل بولىدىغان ھىكايىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەكلىكىنى ماقۇل كۆرۈپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى رىۋايەتلەر قىسقىچە ۋە ئازراق نەقىلەن بايان قىلىندى.

ۋەقەلەر توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەڭ بۇرۇن فەرغۇچىنى مەملىكىتىدە بىر ئادالەت سۆيەر ۋە پۇقرا ئەندىشە تاۋاڭ خان [129] دېگەن بىر خان بار ئىكەن. بۇ

خان بىر كېچىسى چۈشىدە بىر ئەجدىھانىڭ خان ئوردىسىدا پەيدا بولۇپ، تۆۋرۈككە چىرمىشىپ، خاننى دەم تارتقىلى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ چاغدا يېشىل چاپان كىيگەن ۋە بېشىغا بىر ئاق نەرسە يۆگىگەن ھەيۋەتلىك بىر ئادەم كېلىپ، ھاسىسى بىلەن ئەجدىھانى ئۇرۇپتۇ. ئەجدىھا ئىككى پارچىگە بۆلۈنۈپ ئۆلۈپتۇ. خان قورقۇپ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، ۋەزىر، ئەمىر ۋە چۈش ئۆرۈيدىغان مۇئەبىرلىرىنى ھازىر قىلىپ، كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىپ، تەبىرىنى سوراپتۇ. دانا مۇئەبىرلەر" بۇ زاماندا قىبلە تەرەپتە ئۇشبۇ سۈپەتلىك بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، پەيغەمبەرلىك داۋاسىنى قىلارمىش، بەلكى شۇ كىشىنى كۆرگەندۇرسىز " دەپ مەلۇم قىلدى. خان "مەزكۇر ئادەمنى تېپىپ ئېلىپ كەلسۇن " يارلىق قىلدى. ۋەزىرلىرى "ئۇنداق بولسا سوغا- سالاملارنى راسلاپ بەرسەك"دىگەندە، چاي، چىنە، تاۋار ھەدىيە- سوغا قىلىپ، ئىشەنلىك ئادەملىرىدىن قابىلىيەتلىك بىر كىشىنى باش قىلىپ يولغا سالدى. بۇ كىشى شەھەرمۇ- شەھەر يۈرۈپ، ئاخىرى مۇشۇ سۈپەتلىك مەزكۇر ئادەمگە، يەنى پەيغەمبىرى ئاخىر زامانغا ئۇچراشتى ۋە ئەرز ئەھۋالىنى بىر- بىرلەپ مەلۇم قىلىپ، چاي، تاۋار، چىنىلەرنى سوغا قىلىپ، ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزدى. پەيغەمبەر خوش بولۇپ دۇئا قىلدى. شۇڭلاشقا چاي، چىنە، تاۋارلار ھەممە مەملىكەتتە ئەزىز- ئېتىۋار دەيدىكەن.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پەيغەمبەر خەت قىلىپ ئەلچىگە بېرىپ،"ئەمدى سىزگە رۇخسەت" دەپ جاۋاپ بەردى. ئەلچى" مەن ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلغىلى كەلگەن ئىدىم " دەپ ئەدەپ بىلەن تۇرغاندا، پەيغەمبەر "ئۇشبۇ خەتنى ئېلىپ بېرىڭ، ئۇلۇغىڭىز ئۆزى قولى بىلەن ئاچسۇن، بۆلەك كىشى ئاچمىسۇن، مەنمۇ شۇ ۋاقىتتا ھازىر بولىمەن "دىدى. ئەلچى يولغا راۋان بولۇپ، بىر نەچچە مۇددەتتىن كېيىن بىر مەنزىلگە كەلدى. شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى بىلەن خەتنى ئاچماقنى ئىختىيار قىلىپ ئاچتى. خەتنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى چىقىپ كەتكەندەك مەلۇم بولدى، پۇشايمان قىلدى. لېكىن ئۇنىڭدىن پايدا چىقمىدى.

خەتنى بۇرۇنقىدەك يەملەپ، خاننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. خان خەتنى ئېچىپ كۆردى، بۇ خەت بىجىنچە پۈتۈلگەن ئىكەن. تەئەججۇپ قىلىپ "بۇ خەتنى كىم پۈتتى "دەپ سورىغاندا، ئەلچى "مەن بىلمىدىم"دەپ جاۋاپ بەردى. چۈنكى ئۇ ئەسلى ۋەقەنى كۆرمىگەن ۋە بىلمىگەن ئىدى. خان "خەتنى كىم ئاچتى؟ ئەگەر راست ئېيتساڭ گۇنايىڭنى ئەپۇ قىلىمەن، يالغان ئېيتساڭ تىرىك قويمايمان"دەپ سوراپ سىياسەت يارلىق قىلغاندا، ئەلچى يالغانچىلىق قىلالماي، ۋەقەنى مەلۇم قىلدى. ئادالەت شوئارخان بۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ،" ئەپۇ قىلغان گۇناھىڭنى يۈيۈش ئۈچۈن، ئىككىنچى قېتىم بېرىپ، ئۆزىنى ۋە خېتىنى ئېلىپ كەلگىن" دەپ يارلىق قىلىپ بۇيرۇدى.

ئەلچى بىر قانچە مۇددەت يول يۈرۈپ، مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن بۇ بەركەتلىك زاتنىڭ ئالى ۋەتىنىگە باردى. پەيغەمبەر ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا" شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزەڭگىمۇ قىلدىڭ، ئۇلۇغىڭغىمۇ قىلدىڭ، خەتنى ئاچمىغىن دىمىدىمۇ"دەپ ساھابىلىرىدىن ۋەقاس، ئاس، ئەككاش دىگەن ئۈچ كىشىنى بۇيرۇپ، يەنە يەتتە ئادەم قوشۇپ، بۇ ئون كىشىنى مەزكۇر ئەلچى بىلەن يولغا سالدى. بۇلار مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، جايۇەن (جايۇيگۇەن – ت) گە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ بىرسى ۋاپات بولدى. بۇنىڭ مازىرى " ۋەققاس بوۋام"دىگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئەلچى قالغان سەككىز كىشىنى خان شەھرىگە يېقىن ئېلىپ بارغاندا، خان ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا ئادەم چىقىرىپ ۋە ئۆزىمۇ چىقىپ، ئىززەت- ھۆرمەت رەسمىيەتلىرىدىن كېيىن پايتەختىگە چۈشۈردى. خان" مەن چۈشۈمدە كۆرگەن كىشى كەلمەپتۇ"دەپ كۆڭلى غەمكىن بولدى. لېكىن ئۇ ئىمانى شېرىپىنى ئادا قىلدىغان چاغدا ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشتى. ئون ئىككى ۋەزىرى بار ئىدى. بەزىلىرى ماقۇل بولۇپ، بەزىلىرى ماقۇل تۇتمىدى. لېكىن خان ۋەزىرلىرىنى مەخپى ئىسلام دىنى شەراپىتىگە ئىگە بولدى دىگەن گەپلەر بار.

لېكىن، بۇ سەككىز كىشى بېيجىڭ ئەھلىنىڭ سۆزىنى بىلمەيتى. بېيجىڭ ئەھلىمۇ بۇلارنىڭ تىلىنى ئۇقمايتى، ئۇلار ناھايىتى كۆپ تەڭلىكتە قالدى. خان " بۇ مۇسۇلمانلار بۇ يەردە غېرىپ بولۇپ قالدى، بۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، مۇڭ- ئۇلپەت قىلىشىدىغان ئادەم تېپىپ كېلىنسۇن" دەپ يارلىق قىلدى. ئىشەنچلىك بىر ئادىمى سەكسەن ئۆيلۈك پۇقراسىنى ئېلىپ، سەمەرقەنت مەملىكىتىگە باردى. بۇ ئادەملەرگە سەمەرقەنتتىن قىرىق ئادەم تېگىشىپ ئېلىپ كەلدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سانى جەمئىي قىرىق سەككىز ئادەم بولدى. تۇڭگانى تايىپىلىرى "بىز سەمەرقەنتتىن بولىمىز" دىگەنلىرىگە سەۋەپ مۇشۇ بولسا كېرەك. سەمەرقەنت پادىشاسى بۇ سەكسەن ئۆيلۈك ئادەمگە كەڭرى زىمىن ۋە يايلاقلارنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇلار مۇشۇ جايدا ۋەتەن تۇتۇپ قالدى. ئەۋلاتلىرىمۇ كۆپەيدى."خىتاي قىپچاق"دىگەن تايىپىلەرنى ئۇشبۇ ئۇرۇغدىن بولدۇ دەپ رىۋايەت ۋە ھىكايىلەر نەقىل قىلىندۇ.

لېكىن، بەزى ئىناۋەتلىك تارىخى كىتاپلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاخىرقى بىر زامان پەيغەمبىرى دەۋرىدە سەمەرقەنت ئەھلى تېخى ئىسلام دىنى شەرىپىگە ئىگە بولمىغان ئىكەن. بۇ تارىخ كىتاپلىرىدا يەنە "بېيجىڭ بىرەر نامە يازدى ياكى ئۇ تەرەپتىن ئەلچىلەر كەلدى"دىگەن سۆزمۇ كۆرۈلمىدى. لېكىن ئىلگىرىكى ئاخىرقى پەيغەمبەرلەر شەرىئەتپەرۋەر كارامەت ئىگىسى ئۆتكەن بولسا كېرەك. تۇڭگانى تايىپىلىرى بۇنى بىلمەي، بۇ ۋەقە پەيغەمبىرى ئاخىرقى زامان دەۋرىدە بولغان ئىش دەپ، ئۆزلىرىنىڭ نەسەپلىرىنى شۇ ئادەمگە باغلىغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا، ھەممە تۇڭگانلار مۇشۇ قىرىق سەككىز مۇسۇلماننىڭ ئەۋلادىدۇر دىگەن گەپەر بار. لېكىن، شەھەر- شەھەرلەردىكى خىتايلار ئەھلى توغرا يول تېپىپ، تۇڭگانلارنىڭ دىن، مەزھەپلىرىنى ئىختىيار قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇپتۇ. تۇڭگان ئەھلى بولسا، ئۆز دىن ۋە مىللىتىنى تاشلاپ كاپىر ۋە دىنىنىڭ ئاسىسى بولماپتۇ. تۇڭگان گۇرۇھى بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ دەپ بايان

قىلىندۇ.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، توغرا يول ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت شەرىپىگە ئىگە بولغان خان ئۆز يۇرتىرىغا "ئىسلام دىنى مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغان ھەرقانداق ئادەم تارخان (ئەركىن ـ ت) بولىدۇ ۋە ئامان ساقلىنىدۇ. ئەگەر ئاتائى- ئەجداتلىرىنىڭ قائىدە- رەسمىيەتلىرىدىن چىقمايسىز دىسىمۇ ئىتيار ئۆزىدە بولىدۇ"دەپ يارلىق چۈشۈردى. خاقانى چىنىنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى قائىدە- رەسمىيەتلەر بويىچە، پۇقرالار قايسى دىن ۋە قايسى مەزھەپكە كىرسە، بۇنىغا ھىچ كىمنىڭ كارى يوق ئىدى. ئۆز دىنىدىكىلەرنى باشقا دىن ياكى مەزھەپكە تەرغىپ ۋە تەكلىپ قىلمايتى. ھەر كىم ئۆز دىنىدە ۋە مىللىتىدە مۇستەھكەم بولسا، ياخشى ئىش دەپ قارىلاتتى. خان يەنە مۇساپىر بولۇپ كەلگەن مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بىيجىڭدا تۇرۇشىغا ھەر خىل بانا- سەۋەپلەرنى قىلىپ، ئۆز قائىدە- رەسمىيەتلىرى بويىچە چاڭشىلە يەنى ئويۇن- تاماشا ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، "ئەر ۋە ئايال، ياش ۋە قېرىلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئويۇنغا جەم بولسۇن، ئەگەر بۇ تاماشىغا كەلگەن ياش خوتۇنلار ياكى كىچىك قىزلار بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تەبئىتىگە ياقسىلا، مەن ئۇلارنى بۇيرۇپ بېرىمەن، ئەگەر بۇلارنىڭ ئېرى ياكى پەرزەنتى بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا رىئايە قىلمايمەن" دەپ يارلىق قىلدى.

بۇ مۇسۇلمانلار كۆڭلى ۋە تەبئىتى خالىغانلارنى تۇتتى. خاننىڭ يارلىغى بىلەن ئۇلارنى شەرئىتى مۇستاپاۋىيە (پەيغەمبەر شەرئىتى ـ ت) قائىدىسى بويىچە ئەمىر- ئەقدىگە ئېلىپ، ئۆي- تەئەللۇق تۇتۇپ قالدى. بۇلار " تۇگانى" دەپ ئاتالدى. لېكىن، ئۇلار يىغىلغان باشقا ھەرقانداق جايلاردىمۇ ئېرى بار خوتۇنلار ۋە قىز باللارنى ئىگەللەپ ئېلىپ، پۇقرالارنىڭ نەزىرىدىن يىراقلاشتى. شۇڭلاشقا پۇقرلار ئۇلارنى"سوخەي خوي ئىكەن" دىيىشتى. بۇ "يۈزى يوق ئىكەن"دىگەن سۆز بولىدىكەن. خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار جىدەل- ماجرا قىلىپ قالسا، خىتايلار ئۇلارغا "سوخەي خوي"دەپ دەشنەم

بېرىدىكەن. لېكىن، خاقان ئەللىك خىتايىنى بىر تۇڭگانى بىلەن تەڭ قوياتتى. ئەللىك خىل گۇنا ئۆتمىگىچە تۇڭگانلارنى سىياسەتتىن ئۆتمۇزمەيتى. دېمەك، تۇڭگانلار بۇنىڭغا ئوخشاش بىر قانچە ئىشتا يۈز- خاتىرە قىلىنىپ كەلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى كۆتىرىلىپ، خىتايلارنى كۆزىگە ئىلمايدىغان بولدى، شەرئىەتنىڭ دوستى بولغان خان بىر نەچچە يىلدىن كېيىن باقى ئالەمگە پەرۋاز قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئوغلى ئىگەللىدى. بىر قانچە ئەۋلات ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە توغرا يولدىن چىقىپ، ئۆز دىنىلىرىغا ياندى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ۋەققاس بوۋامىۇ مەڭگۈلۈك باغچىسىغا چىرايلىق يۈرۈپ كەتتى. [130] ئۇنىڭ مازىرى تا ھازىرغىچە مەشھۇر دەپ ھىكايە قىلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تۇڭگان تايىپىلىرى ئەنە شۇنداق بىر قانچە ئەسىر ۋە بىر قانچە يۈز يىللارغىچە ئەركىن ئۆتتى. ئاقىۋەت ئۇلار شى نەن فۇ [131] دىگەن بىر شەھەردە مەدرىسدەك بىر خانىقا بىنا قىلىپ، بىر مۇنچە بىنەم زىمىن خاندىن تىلەپ سۇ چىقىرىپ، مەھسۇلاتنى خانىقاغا ۋەخپە قىلىپ، مەدرىسىدە تۇرىدىغان تالىپ ۋە ئەلەم ئاخۇنلارنى تەيىنلەپ ياشاپ كەلگەن ئىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ۋەخپە ئاشلىقتا خىتايلارنىڭ تۇڭگۇزى كىرىپتۇ. بىرقانچە ئادەم ھەيدەپ چىقىرىپ، ئارىدا جىدەل- ماجىرالار بولۇپتۇ. ئاخىرى بۇغدايىنى خامان قىلىۋاتقان چاغدا، چەچ بۇغدايىغا يەنە تۇڭگۇز كىرىپ يەپ كېتىپتۇ. تۇڭگۇزنىڭ ئىگىسى خىتاي بىلەن ماجىرا قىلىپ بىر- بىرىنى ئۇرۇپتۇ. خىتايلار خىتايغا، مەدرىسىدە ياتقان تالىپلار تۇڭگانلارغا ھامى بولۇپتۇ. جىدەل- ماجىرا ئۇلغىيىپ، بۇنى شەھەرنىڭ ئۇلۇغى ئاڭلاپ، جىدەلنى پەسەيتىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغىغا خەت يېزىپ " بۇ ۋەخپە زىمىننى تۇڭگانلار نەچچە يىلدىن بۇيان تىكىپ- تېرىپ، ھوسۇلنى ئالدى. ئەمدى بۇ يەرنى خىتە (دۆلەت – ت) ئىختىيارىغا تاپشۇرۇۋېلىپ، يەرنى سېتىپ پۇلنى غەزنىگە تاپشۇرساق"دەپ مەلۇم قىلىپ، ئۇلۇغنى ماقۇل قىلىپتۇ. يەرنى سېتىش قارارىغا كېلىپ ئادەم چىقىرىپ، يەرنى چىزىلاپ، نەرقىنى

تەيىن قىلىۋاتقاندا، مەدرىسىدىكى موللىلار ۋە تۇڭگانلار غەلۋە قىلىپ، يەر ساتقىلى چىققارن مۇلازىملارنى ھەيدەپ ئۇرۇپ شەھەرگە قوغلاپتۇ. بۇلار شەرھەرگە كىرىپلا دەرۋازىنى مەھكەم قىلىپ، جەڭ- مۇھارىبەرگە كىرىشىپتۇ. تۇڭگانلار گورۇھى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۆز ئىچىدىن ماخالۇڭ موللا (132) دېگەن پىر ئۆلىمانى خان كۆتىرىپ، چىلىك جۇڧۇ [133] دېگەن بىر كاتتا شەھەر بىنا قىلىپ، خاننى بۇ شەھەردە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

لېكىن بۇ چاغدا خاقانى چىنگە بىرمۇنچە جايلارغا ئەنگلىس (ئېنگلىز – ت) خرىستىيانلىرى غالىپ كېلىپ، بېرما دېگەن بىر قانچە شەھەرنى خاراپ ۋە ۋەيران قىلىپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇسۇڭكۇي يەنى جەن مۇزا [134] دېگەن تايىپىلەر خانلىق تالاشتى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن تۇڭگانلارنىڭ جىدەل- ماجراسى بولدى. ئاقىۋەت تۇڭگانلار چىلىك فۇدا تۇرالماي، ئۆزىنى بىر ياقا يۇرتقا ئالماقنى غەرەز قىلىپ، غەرپ تەرەپكە قەدەم قويۇپتۇ. ئۇلۇغ خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ يەردىكى ۋىلايەتلەرنىڭ چوڭلىرىغا "بىر نەچچە تۇڭگانلار ئەمىر- ئىتائىتىدىن چىققان ئىكەن، بۇلار تەشۋىق- نەسىھەت ھەم ۋەدىلەرنى قىلساقمۇ ئاڭلىماي، ئۆزلىرىنىڭ ئەيىپلىرىدىن قورقۇپ ئەندىشە قىلىپ تۇرالماي، غەرەپ تەرەپكە يۈزلىنىپتۇ. ئەگەر بۇلار ئۇ تەرەپكە بارىدىغان بولسا، ئۇ جايدىكى تۇڭگانلار بۇلارغا يار- ھەمدەم بولۇپ، ئۇششاق پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىدىغان ئېھتىمالى بار. بۇ يارلىقنى كۆرگەن ھامان ھەر قايسى شەھەرلەردىكى تۇڭگانلارنى تامامەن يوق قىلىپ، ئۈچۈر مەنكى ئۇلۇغ خانغا يەتكۈزۈلسۇن" دەپ يارلىق بېرىپتۇ.

بۇ يارلىق ئىلى جانڭجىنگىمۇ كەلگەن ئىكەن. ئىلى جاڭجۇنى ھەيران بولۇپ، "بۇ تۇڭگانلار تولا خەلقتۇر ، ئۇلارنىڭ پىيئىل- خۇيلىرىمۇ باشقىچە. ئەگەر بۇلار بۇ ئەھۋالدىن ئازلا پۇراق سەزسە، بىز ئاخشاملىق قىلغىچە، بۇ تايىپىلەرنىڭ ناشتىلىق قىلىش ئېھتىمالى

بار. ئىچكىرىدىن كېلىدىغان تۇڭگانلارنىڭ مەنزىلى تېخى ئۇزۇن، ئۇنىڭغىچە بۇ تۇڭگانلارنى ئېلىپ كىرىپ، مۇلايىم سۆزلەر بىلەن تەشۋىق- نەسىھەت قىلىپ، ئەھدى- پەيمانلارنى مەھكەم قىلىپ قويساق، بۇلارمۇ خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز كەسىپ ۋە ھۈنەرلىرىنى، پۇقراچىلىقىنى قىلىدۇ "دەپ بىر نەچچە ر تۇڭگاننى ئېلىپ كىرىپ، ئەھدى- پەيمان ۋە ئانت ئىمانلار بىلەن نەسىھەت قىلىپ چىقاردى. ئەمما تۇڭگانلار خاتىرجەم بولالماي، كېچىلىرى ئۇيقۇغىمۇ بارالماي، مىچىت، مازارلاردا تۈنەپ، نەزىر- چىراقلارنى قىلىپ، بىر ئايدا بىر نۆۋەت تەرەت ئالمايدىغانلارمۇ ھەر كۈنى نەچچە نۆۋەت غۇسۇل- تەرەت قىلىدىغان بولدى. غەم- ئەندىشىسى كۈندىن كۈنگە كۆپەيدى. جاڭجۈن تۇڭگانلارنىڭ پېئىل-ئەتۋارىنى بىلىپ ۋە ئۆز- ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەھدى- پەيمانلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، خاننىڭ يارلىغىنى جارى قىلىپ، شەھەر- شەھەرلەرگە ئۆز ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىپ، "پالانى كۈنى، پالانى سائەتتە تۇڭگانى تايىپىلىرىنى قىرىپ تشلاڭلار"دەپ خەت ئەۋەتتى. ئەمما ئۈرۈمچىدە سودالويە [135] دىگەن بىر تۇڭگاننى ختاي ئىچىدە مەنسەپدار ئىدى. ئوغلى بولسا بىر جام- ئۆتەڭدە سىيە (خەت- چەك باشقۇرىدىغان ئەمەلدار – ت) ئىكەن. مەزكۇر سىيە بۇ قىرغىنچىلىق يارلىغىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، دادىسىغا دەپ قويۇپتۇ. دادىسى شەھەر- شەھەردىكى تۇڭگانلارنىڭ چوڭلىرىغا سۆرەت- ۋەقەنى ئىزھار قىلىپ خەت يېزىپتۇ. جاڭجۈننىڭ خېتىنى بولسا بېسىپ قويۇپتۇ. سودالويەنىڭ خېتى كېلىشى بىلەنلا، كۆچاردىكى تۇڭگانلار بىر كېچىدىلا بۇزۇلۇپ، بازار ۋەيشاڭلارغا ئوت قويۇپ، ئۇچرىغان ختايلارنى ئۆلتۈرۈپ، قەتئى ئىتائەتتىن چىقىپتۇ. تېخى ئۆتكۈزۈلمىگەن گۇناغا جاۋاپكار قىلىش بولسا، ھىچقانداق مەزھەپتە دۇرۇس ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇلار ئۇنى قىلدى- دە ، جازاسىنى تاپتى.

يەنە ئۆز قىسسىمىزغا كېلەيلى. تۇڭگانى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، باش قايتۇرۇشىغا يەنە مۇنداق بىر سەۋەپ بار ئىدى. يەنى ئاۋالقى زاماندا فەغفۇرچىنى چىرىك

ئەۋەتىپ، بۇ يەتتە شەھەرنى تۈنجى قېتىم ئىگەللىگەن چاغدا، خان ئىلتىپات بىلەن "مۇسۇلمانلار پۇقرالار قەدىمدىن بۇيان قانداق قائىدە-رەسمىيەتلەرنى تۇتۇپ، قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ پىشقەدەم سالنامىچىلىرى ۋە دانا ئادەملىرىدىن سوراپ بىلىپ ماڭا ئۇچۇر بېرىڭلار" دەپ يارلىق قىلغان ئىكەن. مەنساپدارلار يۇرتنىڭ دانا پازىللىرىنى يىغىپ، خاننىڭ يارلىغىنى ئوقتۇرۇپ سورىغاندا، بۇلار:" بىز مۇسۇلماندۇرمىز، خۇداۋەندەكېرىم بىزگە بەش پەرزنى يەنى بىنائى مۇسۇلمانچىلىقنى ئەمر قىلغان ئىدى . بىز بۇ بەش پەرزنى ئادا قىلىپ كەلدۇق "دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ . ئۇچۇرنى ئۇلۇغ خاندىن يەنە "ئانداق بولسا مەنمۇ ئۇششاق پۇقرالىرىمغا بەش تۈرلۈك ئىشنى بۇيرۇدۇم . يەنى ئۇلارتېرىغان ئاشلىقلىرىدىن دەيەك ( ئوندا بىر خىراج – ت ) بەرسۇن ، ئۆتەڭدە خىزمەت قىلىپ ، قارادىن قاراغىچە خەت ، ئەرز ئېلىپ بارسۇن ۋە قارارلاردىن خەۋەر ئالسۇن . شاڭ بۆز – خامنى بۇرۇنقى قائىدە – رەسمىيەت بويىچە تۆلەپ تۇرسۇن . بۇ بەش تۈرلۈك ئالۋاڭنى تەيىنلەپ توختىتىپ بەردىم . مۇندىن ئارتۇق نەرسە بېرىلمىسۇن ۋە ئېلىنمىسۇن ، بەلگىلەنگەن مەزكۇر ئالۋاڭنى كەم ۋە ئارتۇق قىلماي تۆلەپ ، تېنچلىق بىلەن ئۆز پۇقراچىلىغىنى قىلسۇن "دەپ يارلىق قىلىپتۇ . مەنسەپدارلارغىمۇ ئەھۋالغا قاراپ كۆمۈش . زېمىن ۋە ئادەملەرنى تەيىنلەپ مائاش – كۈلەن بەلگىلەپ ، ھەر قايسى يۇرتلارغا دەستۇر – ئەمەل يەنى ئەن – قائىدىلەرنى توختىتىپ بەرگەن ئىكەن . مەنسەپدارلار ئۇزۇن زامانغىچە بۇ يارلىقنى چىڭ تۇتۇپ ، كەم ياكى زىيادە قىلماي ( يولدىن چىقماي ) ئىش قىلىپتۇ .

لېكىن ، مەنسەپدارلار ۋاقىتلار ئۆتكەنسېرى بۇ يارلىقلارغا چېكىدىن ئاشقان ھەر خىل بەلگىمىلەرنى قوشۇپ ، ھەر خىل يامان قائىدە – يوسۇنلارنى پەيدا قىلىپ ، جەۋرى – زۇلۇمنى كۈچەيتىپتۇ . شۇڭلاشقا ، پۇقرالار بۇ ئەھۋاللارغا تاقەت قىلالماي ، ئەرز ئەھۋالنى ئامبان ، دالويە ۋە ھاكىملارغا مەلۇم قىلدى . مەسلەن ، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى باي

زىمىندىن ئەيسا گۇنبەز ، مۇھەممەت ئەلى بۇغرا دىگەن كىشىلەر باشچىلىغىدىكى باي خەلقى ئەرز قىلىپ" خان بىزگە ئەن – قائىدە قىلىپ توختىتىپ بەرگەن بەش تۇرلۇك ئالۋاننى بىرىمىز ، لېكىن ، مەنسەپدارلار مۇندىن ئارتۇق ئالمىسۇن ۋە بەرمىسۇن دىگەن يارلىق بىرىلگەن ئىدى ھەم مەنسەپدارختاي ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارغىمۇ ئۆز مائاشىنى توختىتىپ بەرگەن ئىدى . مەنسەپدارلىرىم ئۆز مائاشىنى يەپ ئۇششاق پۇقرالىرىمدىن تىنچلىق بىلەن خەۋەر ئالسۇن دەپ يارلىق بىرىلگەن . ئەمما بىزنىڭ ئۇلۇغ خان بىزنىڭ ئارتۇق بەرگەن ئالۋانلىرىمىزنى بىلمەيدۇ . بۇ ئالۋانلار خاننىڭ غەزىنىسىگىمۇ كىرمەيدۇ . بىز ئۇلۇغ خاننىڭ يارلىغىدىن چىقمايمىز ، لېكىن بەلگىلەنگەن بۇ بەش تۇرلۇك ئالۋاندىن ئارتۇق بېرىشكە ئاجىزدۇرمىز " دەپ مەلۇم قىلدى . لېكىن ، بۇ خىل بەش تۇرلۇك ئالۋانلارنى تۆلەشنى توختاتماي ۋە ئۇنىڭغا تاقەتمۇ قىلالماي ، يەنە بىر نەچچە ۋاقىت ياشىدى . ختاي ۋە يەرلىك مەنسەپدارلار بىر نىمە دەپ جاۋاپ بېرەلمەي چارىسىز قالدى . ئاقىۋەت يۇرت بەگلىرى ۋە تۇڭچى – تىلماچلار مەسلىھەت قىلىشىپ ،"بىر نەچچە ئادەم ئۇلۇغ خاننىڭ ئەمىر – ئىنتائەتلىرىدىن چىقىپ باغى ۋە تاغى بولۇپ ( مالىمان بولۇپ – ت ) ، چوماق ، كالتەكلەرنى كۆتىرىپ توپىلاڭ كۆتەردى" دەپ ئامبانغا مەلۇم قىلدى . مەنسەپدارلارمۇ بىلمەيدىغان كىشى بولۇپ ، بۇ بەگلەرنىڭ ئەرزىنى ھىساپقا ئېلىپ ، چېرىك ئەۋەتىپ ، ئۇلارنى باغلاپ تۇتۇپ كەلدى . ئەيسا گۇنبەز باشلىق ئون يەتتە ئادەمنى دارغا ئاستى . بىر قانچىسىنى مەھكەم نەزەربەنت قىلدى . بەزلىرىنى ئۇسسۇز ۋە ئاچ قويۇپ ، ھاكىنى دوغاپ قىلىپ بېرىپتۇ . ئۇنى ئىچكەنلەر شۇ ئورۇندىلا قېتىپ قاپتۇ . بۇلارنى مەنسەپدارلارغا كېسەل بولۇپ ئۆلدى دەپ مەلۇم قىلىپ كۆمدۈرۈۋېتىپتۇ .

يەنە كۇچار ئادەملىرىمۇ بۇنداق زىيادە ئالۋاڭ – ياساقلارغا تاقەت قىلالماي ، نۇرغۇن ئادەمنى توپلاپ ، مۇھەممەت ئەلى شەيخ ، موللا مۇسا ئىماملار باشچىلىقىدا

مەنسەپدارلارغا ئەرز سۇنۇپتۇ . مەنساپدارلار ئاڭلىماي دىسە، بۇ ئەرزلەر ئەن- قائىدە بويىچە راست ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار پۇقرالارنىڭ دادى ئەھۋالىغا يەتكەن بولۇپ، چەكتىن چىقماسلىققا ۋەدە- ئەھدىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى پەسەيتتى. لېكىن، ئۇلار مەنسەپدارلارنىڭ پىئىل- ئەتىۋارىغا قاراپ بىقىپ، خاتىرجەم بۇلالماي، مازارلاردا قونۇپ، نەزىر- چىراق، خەتمە- قۇرئان ۋە زىكىر ئىبادەت قىلىشىپ، "سوپىلار"دىگەن نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان بىر ھالەتتە، بەگلەر"بىر نەچچە ئادەم ئۇلۇغ خانغا دۈشمەن بولۇپ، ئەمىر- ئىتائەتتىن چىقىپ قارىشلاشتى"دەپ ئامبانغا مەلۇم قىلدى. بۇنى بانا قىلىپ چېرىك ئەۋەتىپ ئالدۇرۇپ كېلىپ، مۇھەممەت ئەلى شەيخ، ئىبراھىم ئەرباپ بېكلەر باشلىق ئون نەچچە ئادەمنى بەدىنىنى تېنىدىن ئاجىرىتىپ چاناپ ئۆلتۈردى. بىر نەچچىسىنىڭ پىيىنى كېسىپ ئىشتىن چىقارد.ى ئىلىم كۆكباشى، تەلەي كۆكباشى، توختى كۆكباشى باشلىق قىرىق نەچچە ئادەمگە ئېغىر زەنجىر- كىشەن سېلىپ، ئۇلارنى دېڭىزىغا (تۆرمە – ت) تاشلىدى.

يەنە باشقا شەھەرلەردىكى ئادەملەرمۇ يار كەنتتىكى خان ئامبانغا ۋە ئىلىدىكى جاڭجۈنگە بېرىپ ئەرز- داتلىرىنى سۇندى. ئۇلار بۇ ئەرزلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى ئۇلۇغلارغا قايتۇردى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇلۇغى "سەن ماڭا ئەرز قىلماي، باشقا شەھەرنىڭ ئامبانغا ئەرز قىلدىڭمۇ" دەپ ئازاپ- ئۇقىبەت ۋە قەبرى- زۇلۇم ئىسكەنجە- سىقىملارغا مۇپتىلا قىلدى. پۇقرالارنىڭ ياخشى ياكى يامان ئەرز- داتلىرىنى ئاڭلاپ بىلىپ، ئۇلارغا رەھىم- شەپقەت قىلىش بولسا، پۇقرلارغا باشچىلىق قىلىدىغان ئۇلۇغلارنىڭ بويىندىكى ۋاجىپ ھەتتا پەرز ئىدى. لېكىن، ئۇلار مۇنداق قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىمىدى. بەلكى ئۇلارنى يوق قىلدى. ئەگەر ئۇلۇغ خان بۇ ئەرزدارلارنىڭ راستىنى ئاڭلاپ بىلسە ئىدى. ختاي ۋە يەرلىك مەنسەپدارلار ئۆز مەنسۋىدىن ئايرىلغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ جان- تېنى ۋە مال- مۈلكىمۇ ئاسان قۇتۇلماس ئىدى. چۈنكى مەنسەپدارلار ئۆز

مەنسۇى، پۇل ۋە جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن، رست ئەرزنى يالغان ۋە يالغان ئەرزنى راست قىلىپ، ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خۇن- قېنىنىڭ تۆكۈلىشىگە زامىن بولغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى باشلاپ ئۇلۇغ خاننىڭ يارلىغىدىن چىقىپ، قەدىمدىن بويان كېلىشۋاتقان داۋلى ۋە ئەن- قائىدىلىرىنى بۇزۇپ، شەھدى- پەيمانلارنى يىرتىپ تاشلاپ، بەلگىلەنگەن مۇئاشقا قانائەت قىلماي، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، يەنە پۇقرالارنىڭ مال- مۈلكىگە قول ئۇزارتىپ، زۇلۇم- سەتەملەرنى هەددىدىن زىيادە ئېغىرلاشتۇردى. يەنە ئۇلار ئۆزىنىڭ نالايىق مەقسەت ۋە هەرىكەتلىرىنى پۇقرالارغا تېڭىپ، ئۇلارنى تۆهمەت ۋە بۆهتانغا قويدى. هەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزى باغى ۋە تاغى بولۇپ، ئۇلۇغ خاننىڭ قىلچىغا ئۆزلىرىنى لايىق قىلدى. شۇڭلاشقا، پۇقرالار ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئۈستىگە ئۇلۇغ بولۇپ كەلگەن بۇ مەنسەپدارلارنىڭ بوينىغا تىغ تارىسنى تارتىنماستىن سالدى. (خۇدا ئۇلارغا پانا بەرگەي!). هالبۇكى، غازات قىلغان بۇ ئادەملەرنى غازى ۋە شېهىت دىمەلىككە يەنە قانداق سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان خۇداۋەندەكېرىم ئۆز ئىلمى قەدىملىرى بىلەن ئۇلۇغ قىلىپ بەرگەن ۋە ئاللىق مەنسۇى بىلەن يۇقىرى ئورۇن بەرگەن شانۇ- شەۋكەتلىك ئۇلۇغ پادىشالارغا هەم ئۇلارغا تەئەللۇق نەۋكەرلەرگە تىغ تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئەمىر- ئىتائىتىدىن چىقماسلىق بولسا، هىچقانداق مەزهەپ ۋە مىللەت- قەۋملەرنىڭ قائىدە- رەسمىيەتلىرىدە توغرا ۋە راۋا كۆرۈلمەيدۇ. ئالەمنىڭ مەخپى سىرلىرى، هەممە زۇلۇم- خورلۇقلىرى، مەخلۇقلىرىنىڭ يامان پېئىل- ئەتتۋارى هەم نالايىق شۇم نىيەتلىرىنى، پەقەت ئالەمنىڭ داناسى بولغان ئاللانىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ. (خۇدا بولسا هەقىقەتنى ۋە ئىنچىكە سىرلارى هەممىدىن بەك بىلگۈچىدۇر).

سۆزنىڭ هاسلى شۇكى، پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىكى ئۇلۇغلار پۇقرالارنىڭ ئەزر- داتلىرىنى ئاڭلىماي، بىپەرۋالىق قىلىپ، بۇنداق ئۇلۇغ دۆلەت- مەنپەئەتكە شۇكرى قىلماستىن

شۇملۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت-مەنپەئەتىدىن ئاجراشقا، ھەتتا ئۇلۇغ خاننىڭ دۆلەت ئابرۇيىغا نوقسان يەتكۈزۈشكە سەۋەپ بولدى. پۇقرالار بۇنداق زۇلۇم-سەتەملەرگە چىداش بېرەلمەي، قۇدرەتلىك ھەقىقىي ئاللا يەنى ئۇلۇغ سۇلتان دەرگاھىغا تاۋاپ قىلىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، قاخشاپ يالۋۇرۇپ، ھەممىنىڭ ھالىنى بىلگۈچى بۈيۈك قۇدرەتلىك ئاللانىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدىن قانداق ئەھۋاللار كېلەر ئىكەن دەپ تۇرغاندا، بۇ ناھەق ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ قېنى ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ ئۆرلەپ، مەنسەپدارلارنىڭ پۇقرالارغا قىلغان زۇلۇم- جەۋرلىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قايتتى. كۈچاردىكى تۇڭگانلار خۇددى ئاسماندىن بالا كەلگەن ۋە ئاللادىن قازا كەلگەندەك، بىر كېچىدىلا بۇزۇلۇپ، كاپىرلارنىڭ بېشىغا تىغ تارتتى. مەزكۇر تەلەي كۆكباشى قاتارلىق قىرىق نەچچە ئادەم دېڭىزدا ياتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. تۇڭگانلار دېڭىزنى چېقىپ، گۇناكارلارنى ئاجرىتىپ ئالدى. تۇڭگانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئىناق- ئىتتىپاق بولۇشۇپ، خىتايلارغا تىغ ئۇردى. بۇنىڭ ۋەقەسىنى كېيىنرەك سۆزلەيمىز. (ئاللا سەبىر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر) ئىنشائاللا.

بۇنىڭدىن ئون تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەنسەپدارلار پۇقرالارنىڭ ھال- ئەھۋالىنى خانغا راستلىق بىلەن مەلۇم قىلدى. ئۇلۇغ خان پۇقرالارنىڭ گۇنايىنى ئەپۇ قەلەملىرىنى سۈرۈپ چېرىك ئەۋەتىپ، ئۇلارنى يوقلىدى. لېكىن گۇنانى مەنسەپدارلارغا قويۇپ، بۇ مەنسەپدارلىرىم ۋە چېرىكلىرىم نەگە كەتتى ۋە نىمە بولدى دەپ سورىمىدى. مۇبادا بۇ ئەھۋالنى سورىغا بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا بۇ يەتتە شەھەردىكى يەتتە نەپەر چىڭ چەي (چىن چەي – ت) خان ئامبانىنىڭ ھەر بىرسىنىڭ قېنىنى بىر شەھەر ئادەملىرىنىڭ خۇنىغا تەڭ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بولار ئىدى. باشقا ۋاڭ، ھاكىم، مەنسەپدار، چېرىكلەرنىڭ خۇنلىرىغا يەنە نىمە قىلىشى لازىملىغىنى خان ئۆزى بىلگەن بولار ئىدى.

ئەلقىسسە، فەغفۇرچىنىنىڭ دۆلىتىگە بۇزۇلۇشى ۋە زەئىپلىك كەلمەكىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى

شۇكى، بۇ چاغدا خانلىق نۆۋىتى شەنفۇڭ خانغا [136] يېتىپ، خاقانى چىننىڭ دۆلەت ئۇستۇنلىگى ناھايىتى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى. پەرەڭلەر [134] ناھايىتى كۆپ شەھەرلەرنى ئىستىلا قىلىپ، تالان- تاراج قىلىپ، ئىگىدارچىلىق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، چەن مۇزا دىگەن تايىپىلەر خانلىق تالاشتى. جەڭ- جېدەللەر كۆچەيتى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن تۇڭگانلار ئۆز ئىچىدىن خان كۆتۈرۈپ، ئەمىر- ئىتائىتىدىن چىقتى. يەنە ئەتراپىدىكى كىنىزەكلەرنىڭ پادىشالىرى پادىشالىق ئەلەملىرىنى تىكلەپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھەر خىل سۆز پەيدا قىلىپ، ئۇلۇغ خاننى ئۆز ئورنىدا قويمىدى. تىنچلىق ۋە ئاراملىق ئۇلۇغ خاننىڭ مەملىكەت ۋە پۇقرالىرىنىڭ بېشىدىن كۆتۈرۈلدى. خاقانى چىنى بۇ تەرەپتىكى شەھەلەرنى"كۇبەي"(كۇۋەي- ئىچكىرىنىڭ تېشىدىكى تەرەپ – ت) دەپ ئاتايدىكەن. كۇبەيدىن خەۋەر ئېلىشقا پۇرسەت بولمىدى. شۇڭلاشقا "كۇبەيگە تەئەللۇق مەنسەپدار، چېرىكلەرگە مۇئاش ئەۋەتەلمەيمەن. نەچچە يىلدىن بۇيان غەزنىدىن كۆمۈش ئەۋەتىپ، كۇبەيدىكى مەنسەپدار، چېرىكلەرنى باقتىم. تولا غەزنىلەرنى سەرپ قىلدىم. لېكىن كۇبەيدىن غەزنىگە بىرەر نەرسە كەلمىدى. ئۇلار كۇبەينى تاشلاپ يېنىپ كەلسۇن" دەپ يارلىق چۈشۈردى. لېكىن بۇ تەرەپتىكى خىتايلار ئۇلۇغى جاڭجۈن، خان، ئامبان ۋە مۇسۇلمانلار ئۇلۇغى مىرزا ئەھمەت ۋاڭ بېگىم باشلىق ھەممە ھاكىمى ۋىلايەتلەر مەسلىھەت قىلىشىپ، ئۇلۇغ خانغا : "بۇ شەھەرلەرگە غەزنىدىن كولەن- مۇئاش كەلمىسمۇ، بىز بۇ شەھەرلەردىن كان تېپىپ، ئالتۇن، كۆمۈش، مىس، قوغۇشۇن، تۆمۈر، گۇڭگۇرت قاتارلىق كانلارنى ئۆز كۈچىمىز بىلەن ئېچىپ، ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرىنى باقالايمىز. بىز بولساق ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇپ، دۆلىتىنى كۆرۈپ كەلگەن ئىدۇق. يارلىققا بوي سۇنۇپ، بۇ يەرنى تاشلاپ كەتسەك، ئۇلۇغ خاننىڭ شان- شۆھرىتىگە مۇناسىپ ئىش بولماسمىكىن"دىگەن مەزمۇندا بىرقانچە ماقۇل سۆزنى مۇندەرىجە قىلىپ ئەرز بەرگەن ئىكەن. بۇ ئەرز ئۇلۇغ

خانغا ماقۇل چۇشۇپ، ئۇ ”ئەگەر ئانداق بولسا ئۆزەڭلەر كان تېپىپ، چېرىكلەرنى بېقىڭلار، ئۇششاق پۇقرالىرىمىزغا ۋابال بولىدىغان ئىشلارنى ئەسلا قىلماڭلار“دەپ يارلىق ئەۋەتىپتۇ. يارلىقنى كۆرۈش بىلەنلا، مەنسەپدارلار تاغمۇ- تاغ، دەشتمۇ- دەشت ۋە جەزىرلەردە كان ئىزدەپ، پۇقرا خەلقنى ھاشار قىلىپ ھەيدەپ، تاغ ئېتەكلىرىنى گويا چاشقان ئۇۋۇسىدەك ھۆتمە- تۆشۈك قىلىۋەتتى. كانمۇ تاپالمىدى. تاپقاندىمۇ پۇقرالارغا جەبرى- زۇلۇم كۆپ بولدى. مەنسەپدارلار ئۆز قولىدىن پۇل بەرمىدى. چىققان كانمۇ يوق بولۇپ كەتتى ۋە يەنە نەچچە تۈرلۈك باجنى پەيدا قىلدى. پۇقرالاردىن ھەر ئايدا ئالىدىغان بىر خىل پۇل بولۇپ، بۇنى ”چوقا بېشى“دەپ ئاتايتى.

ئومۇمەن، پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئالۋاڭ- ياساقلار بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئاراملىق خۇددى ئەنقا قۇشنىڭ تۇخۇمىدەك يوق بولدى. تىنچلىق بولسا خۇددى سۇمرۇغ قۇشىدەك كۇيپاقنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى. پۇلى بار ئادەملەر ختايغا ۋە كاتتا بەگلەرگە پۇل بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. يۇرتنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقى پۇلى يوق بىچارە، غېرىپ يېتىملارغا قالدى. ئۇلار بۇنىڭغا چىدىماي، يەر، سۇ، چاھار پاي ۋە ئەسۋاپلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ختايلارغا گۆرۆگە قويۇپ، دەرگاھى ئىلاھىغا كۆز ياشلىرىنى تۆھپە قىلىپ، يىغا- زارىگە تولدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ھەر قايسى شەھەردىكى چېرىكلەر داقا- دۇمباقلىرىنى كۆتىرىپ، مەنسەپدارلارنىڭ دەرۋازلىرىغا كېلىپ،” بىزنىڭ بەنسى كولەنلىرىمىزنى (ئىش ھەققىمىزنى – ت) بەرسۇن، بولمىسا يۇرتىرىمىزغا قايتىپ كېتىمىز ياكى مەنسەپدارلارنىڭ ئۆي- تەئەللۇقاتلىرىنى بۇلاپ- تالاپ ئالىمىز“ دەپ غەلۋە قىلىپ، ھىچ ئارام بەرمىدى. مەنسەپدارلار ئۆزىدىن غەم- ئەندىشە قىلىپ ” ھەر قانداق ئادەم چېرىكلەرگە كۆمۈش جىنلە (ھەدىيە – ت) قىلسا، ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىمىز“ دەپ بازار- كوچىلاردا ئېلان چاپلاپ، كۇسى خەت (گۇڭسى خەت ـ ت) تارقاتتى. بۇنى كۆرگەن بەزى پەس تەبىئەتلىك ئادەملەر مەنسەپنى تاما قىلىپ، پۇل بېرىپ، مەنسەپنى سېتىۋالدى ۋە پۇقرالارغا بولغان زۇلۇم- ستەملىرىنى كۆچەيتكىلى تۇردى. ھەر قانداق جايدىكى نامسىز ۋە نىشانسىز ئوغرى، قىمارۋاز، سەرگەردان بولسىمۇ، پەقەت پۇللا بەرسە مەنسەپكە ئىگە بولالايتى. بۇ تايىپىدىكى ئادەملەر بولسا پۇقرالارغا ۋابال بولىدىغان ئىشلارنى ھەتتا ئويلاپمۇ قويمىدى. پۇقرالار ختاي مەنسەپدارلىرىغا ئەرز بەرسە، ئۇلار چەنتو پۇقرالارنىڭ ئەرزىنى ھاكىم بىلدۇ

دەپ تاشلاپ بەردى. ھاكىملار بولسا باقى قالغان زۇلۇم- جەۋرىلىرىنى ئۆزى خالىغانچە قىلالايتى. بۇنى بىلگەن پۇقرالار بولسا قورقۇنچىدىن ئۇلارغا زادىلا ئەرز قىلمايتى. ھەتتا توڭچى- تىلماچلارمۇ دەللال تەرىقىدە بولۇپ، مەنسەپنى خۇددى ئال- ساتچىلاردەك ئاشكارە پۇلغا ساتىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئەسلىدە ئاتا- بوۋىلىرىدىن بويان ئۇلۇغ خانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، يۇرت سوراپ، ياخشىلىق قىلىپ كەلگەن بەگلەر ۋە بەگزادىلەر بولسا خانىنىڭ يېڭى ئەمەلدارلىرى ۋە مەنسەپنى سېتىۋالغانلارنىڭ ئالدىدا خار ۋە ئېتىۋارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرپانلىق ئەپەندۇن ۋاڭ بېگىم ياركەنتكە ھاكىم ئىدى. مۇھەممەت ۋاڭ بېگىمنى بىكار قىلىپ، خوتەنلىك رۇستەم بېك دېگەندىن ئىككى مىڭ يامبۇ ئېلىپ، ئۇنى ياركەتكە ھاكىم قىلدى. رۇستەم بېك بولسا ئەسلىدە مۇھەممەت ئىمىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى يېتىلەپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلغان ۋە نەۋكەر مۇقامىدا ئىززەت- ئېكراملىرىنى قىلىپ. بۇنى ئۆزىگە پەخرى- ئىپتىخار دەپ بىلىپ كەلگەن ئادەم ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن ۋاڭ بېگىم بۇنداق بىر ئادەمنى پۇل بەردى دەپ ۋاڭ كىشىنىڭ ئۈستىگە ھاكىم قىلىپ، ۋاڭ كىشىنى يەنىلا ئىشىك ئاغالىق مەنسۇبىدە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە قويغانلىقىنى ئار ۋە نومۇس قىلىپ، مۇنداق يۈرۈپ ياشىغىنىمدىن ئۆلگىنىم مىڭ مەرتىۋە ياخشى دەپ، ئۆزىنى ھالاكەتكە يەتكۈزدى دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ. يەنە كۇچارلىق مىرزا ئىسھاق ۋاڭ بېگىم ۋە مىرزا ئەھمەت ۋاڭ بېگىملەرگە نەۋكەر بولۇپ كەلگەن كۇچارلىق قۇتلۇق بېك قەشقەرگە ھاكىم بولدى. ئۇنىڭ ئىنىسىنى سەئىد بېك بەش يۈز يامبۇ بېرىپ ئاقسۇغا ھاكىم بولدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇرۇنقى بەگلەر بىكار بولدى. بىكار پۇقرالار بەگ بولدى. يۇرت ياخشى پازىللىرىنى كۆزگە ئىلمىدى. پۇقرالارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ھەرگىز ئېھتىيات قىلمىدى. ۋابال دېگەننى ئويلاپمۇ قويمىدى، مەنسەپ ئارزۇسى ۋە بەرگەن پۇل، كۈمۈشلەردىن باشقا غەم ئۇلارنىڭ دىلىغا زادىلا كەچمىدى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە خانغا خىزمەت قىلىپ، چېرىكلىرىنى يىغىپ، يۇرتلىرىنى ساقلىدۇق دېگەن بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇلار ئۇلۇغ خان ئىلكىدىكى دۆلەتنىڭ بىخ- نوتىلىرىنىڭ كېسىلى قۇرۇشىغا سەۋەپ بولدى. ياخشى پازىللار ۋە بۇرۇنقى بەگزادىلەر بۇلۇڭ- پۇشقاقلارنى ئىختىيار قىلدى. ئاجىز پۇقرالارنى بولسا ئاتنى بالىغا، بالىنى ئاتىغا قوشماي ۋە ئۇلاشتۇرماي، ئالۋان- ياساقتا ھەيدىدى. پۇقرالارنىڭ تاقەتلىرى تاق بولۇپ، جان ئاچچىقى ۋە پۇل ئاچچىقىدا ئۇ ياراتقان ئاللانىڭ دەرگاھىدىن مەدەت تىلەپ، كۆزلىرىدىن تامچا- تامچا، ھەتتا دەريا- دەريا ياشلارنى ئاققۇزدى. بۇ ئاچچىق ياشلار خانىنىڭ دۆلەت

دەرەخلىرىنىڭ يىلتىزىغا تەسىر قىلىپ، قۇرۇماقلىققا سەۋەپ بولدى. ئاز ئۆتمەي بارلىق خىتاي ۋە يەرلىك مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسلا يوق بولۇپ، يەر بىلەن يەكسەن بولدى. ھەزرەت مەۋلان جالالىدىن رومى قۇددۇسىرە [138] مۇنداق بىر ماقالە يازغان ئىدى:

تادىلى مەردمۇدا يەر بەرەرد،

ھىچ مەردى رامۇدا رەسۋانەگەرد.

دىمەك، بۇ ماقالە ئەنە شۇنداق ئىشنىڭ شاھىدىدۇر.

① تەرجىمىسى:

” خۇدانىڭ بىرەر بەندىسىنىڭ دىلى

رەنجىمىگىچە، خۇدا ھىچقانداق

بەندىسىنى رەسۋا قىلمايدۇ“

بىر دىلى ئويغاق كىشىنىڭ سەھەردە تۇرۇپ قىلغان ئاھۇ- نالىسى بەلكى ئۇ قۇدرەتلىك ۋە ھىممەتلىك ئاللانىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنىپ، ئاللانىڭ ئىجاۋەتلىك دۆلىتىگە ئېرىشكەن بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا، ئۇ بۇ موغۇلىستان يۇرتلىرىنى نام ۋە نىشانسىزلارنىڭ قولىغا بەرگەن بولسا كېرەك. ئالەمنىڭ قۇدرەتلىك ئىگىسى بولغان خۇداۋەندە كېرىم” كىمنى خالىسام ئەزىز قىلىمەن ۋە كىمنى خالىسام خار قىلىمەن“دىگەن سۆپىتىنى ئاشكارە كۆرسەتتى. بۇ تىل رەڭلىك تەتۈر چۆگىلەيدىغان پەلەك چاقى بولسا ئۆزىنىڭ نەيرەڭبازلىق ئويۇنلىرىنى ئوينىتىپ، ھەر زاماندا بىر تايىپىنى پەس ۋە زەئىپ ۋە يەنە بىر تەبىقىنى يۇقىرى ۋە ئۇستۈن قىلىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى شۇنى بىلىشى لازىمكى، بۇ

ئاجايىپ ئىشلاردىن تەجرىبە ئېلىپ، ھەممىگە بىردەك سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ، ئىبرەت ئېلىپ، زۇلۇم چەككەن ئاجىزلارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن قەتئىي ئېھتىيات قىلىپ، ئۇلارنىڭ دات ـ پەرياتلىرىغا يېتىپ، بۇ ئۇلۇغ تەجرىبىگە ۋە خەلق ئالدىدا چىرايلىق نامغا ۋە ماختاشقا ئىگە بولالايدۇ. «ھەدىس شېرىپ» تە بىر سائەت ئادالەتلىك قىلغانلىق بولسا، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ ئىبادەتلىرىدىن ئەۋزەلدۇر دەپ يېزىلغان. بۇ خىل دۆلەت ۋە ئىبادەتكە پەقەت پادىشالار، ھاكىمى ۋىلايەتلەر، دادخۇالار، ئەمىرى مەملىكەتلەر ۋە شەرىئەت قازىلىرىدىن باشقا ئىنسانىيەت تايىپىلىرى ئىگە بولالايدۇ. ئەي ئىلاھىم! ئۆزكامالى قۇدرىتىڭ بىلەن ھەممە ھاكىم، دادخۇا، شەرىئەتپانا باشلىقلارغا، ئەمەلدارلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ، يۈزىگە ئادالەت ئىشىگىنى ئېچىپ، زۇلۇم ۋە جەۋرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئەتكەيسەن، ئامىن!

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بۇ خوش يۇرۇشلۇك قەلەم ئالى دەرىجىلىك خان، پادىشا ۋە ئېھتىرام ئىگىلىرىنىڭ تۈگىمەس ھىمايە ۋە نەسەپ مەرتىۋىلىرىنىڭ پايانسىز دەرياسىغا نەچچە قېتىم شۇڭغۇپ، يەنە ئۇنىڭدىن چىقىپ، مۇرات گۆھىرىنى مەقسەت ئالقىنىغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى تەھرىر يىپىغا تىزىپ، بايان قاتارىغا قويىدى ۋە بۇ كىتاپنىڭ مۇقەددىمە قىسىمىنى تۈگىتىپ، خوش يۇرۇشلۇك قەلەم تىزگىنىنى ئەسلى مەقسەت بولغان قىسسە ۋە داستان تەرەپكە تارتىپ، كەڭ مەيدان ۋە ئىگىز جەۋلان ئۈستىدە ئات چاپتۇرغىلى ماڭدى. زامان خالايىقلىرىنىڭ دىل ئەينىگىدىن چىقىپ ئۇنتۇلۇپ يوق بولغان ۋە زامان ئوغلانلىرىنىڭ ئېسىدىن چىقىپ، ياۋايى ھايۋانلار ۋە قۇشلاردەك ئۇچۇپ كەتكەن قىسسىلەر، يۈرەكتىكى سۆز ـ ئەپسانىلەر، بۇ قەلەم ئىگىسىنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، جاھاننى كۆيدۈرەتتى. شۇڭلاشقا، بۇلارنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، بۇ ۋاراق بەتلىرىنىڭ قەلئەسىگە مەھكەم بېكىتىپ، ئۇلارنى، كېيىنكىلەرگە نەمۇنە ۋە يادىكار قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، شەرھىنى باشلاشقا قەلەم قويۇپ قەلەم سۈردۈم. ئاللانىڭ پەزىلىتى ۋە كەرەمى بىلەن سۆزۈمنى باشلايمەن. ئاللا بۇ ئىشىمغا مەدەتكارلىق قىلغۇچىدۇر

.

# ئاۋالقى داستان

# 1

## مىننەتدارلىق، پەزىلەت، ئېھسان مۇلۇك ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ پەزىل- ئىنايىتى بىلەن ئۇلۇغ ئىسلامنىڭ دۇنيانى يورۇتىدىغان ئاپتىۋى كۇچار شەھرى ئۇستىگە چۇششى، راشىدىن غوجامىنىڭ ئۇلۇغ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇشى ۋە شەرق بىلەن غەرپ چېگرىلىرىغا لەشكەر

## ماڭدۇرۇشى ھەم بۇ ۋەقەلەر ئارىلىغىدا بولغان ئىشلارنى بايان قىلىدۇ

غارايىپ قىسسەلەر، ئاجايىپ ھىكايىلەر ۋە دىلنى ئالدايدىغان چۆچەكلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ ئويۇنچى پەلەك ۋە ئىقلىمنىڭ چاقى، ھەر زاماندا ھامان تەتۇر چۆگىلەپ، تاماشا پەيدا قىلىپ، جاھاننى ئاستىن- ئۇستۇن قىلىدۇ، ھەتتا بۇ زاماندىمۇ ئاجايىپ تاماشىلار باشلاپ، شانۇ- شەۋكەتلىك پادىشالارنىڭ دۆلەت- ھۆكۇمىتىنى پاراكەندە قىلىپ، پۇقرا- خالايىقنىڭ تىنچلىقىنى، جەمئىيىتىنى بۇزىدۇ. بۇ ھال بولسا ۋاپاسىز نائەھلى ئالەمنىڭ ئەزەلدىن قىلىپ كەلگەن كونا ئادىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

شۇنى ئاڭلىماق كېرەككى، ئۆزىنىڭ چەكسىز ۋە چوڭقۇر ھىكمىتى بىلەن ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقان بۈيۈك سۇلتان- ئاللانىڭ ئۆز پەزلى ۋە كەرەمى بىلەن مۇقەددەس ئەرۋاھلارنىڭ مەدەت- ياردىمى ئاستىدا، بۇ يەتە شەھەر قەدىمقى سۇلتان خانلىرىنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ، بىر يۈز ئون سەككىز يىل مىقدارى خاقانى چىنىگە تەۋە بولۇپ، خانقان ھۆكۇمىتى تەختى سەلتەنەتى ئاستىدا ياشىدى. بۇ دەۋر بولسا، پۇقرالارنىڭ يۇرتدارلىق ئىشلىرىدىن خار ۋە زار بولۇپ، زالىم خىتاي ۋە بەگلەرنىڭ زۇلۇم- جاپالىرى تۆپەيلىدىن بېشى تۆۋەنلەپ، ئۇلار چىن ئىخلاسى بىلەن ئىلاھى دەرگاھىدىن مەدەت تىلەپ، يىغا- زارە قىلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ نىجاتلىقىقا يېتىشى ۋە كاپىر زالىملارنىڭ خانى- ۋەيران بولۇشى ئۈچۈن دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلىپ تۇرغان بىر مەزگىل ئىدى. دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئۇشتۇمتۇت

ئاسماندىن بالا، خۇدادىن قازا كەلگەندەك بىر قانچە تۇڭگانى بىر كېچىدىلا بوزۇلۇپ، كوچار شەھرىدىكى ۋەيشاڭ بازارلىرىغا ئوت قويۇپ ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن كاپىرلارنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا يېڭى ھىسار ھاكىمىنىڭ ئوغلى ئاللا يار بېك بىر قانچە دەرتمەن مۇسۇلمانىنى باشلاپ، يار ۋە ھەمداستان بولۇپ، ھەممە يەكدىل ۋە بىر تەرەپ، بىر ئىتتىپاقتا بولغان ھالدا مەنسەپدار ئامبانلارنىڭ يامۇنلىرىغا ئوت قويۇپ، تاڭ ئاتقۇچە تولا كاپىرلارنى يوق قىلدى. كۈن چىققاندىن كېيىن، مەنسەپدارلار چېرىكلىرىنى ئېلىپ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى. بۇ ۋەقە ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ ھىجرەت تارىخ يىلىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بىرىنچى يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ بىرىنچى كۈنى يەنى شەنبە كېچىسى، جەۋزا جەسلى ۋە يىلان يىلىدا (مىلادى 1864- يىلى 6- ئاينىڭ 6- كۈنى) يۈز بەرگەن ئىدى.

بۇ چاغدا ئەھمەت ۋاڭ بېگىم ياركەنت ھاكىملىرىدىن بىر گۇنا بىلەن بىكار قىلىنىپ، خاننىڭ يارلىغى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋەتىنى بولغان كوچاردا يارلىق ساقلاپ تۇراتتى. تۇڭگانلار ۋە مۇسۇلمانلار ئەھمەت ۋاڭ بېگىمگە ئىلتىجا قىلىپ،" سىلەر ئابائى- ئەجداتلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن بولۇپ، ھۆكۈمەتدارلىق ئاساسىنى ۋە سىياسەتدارلىق رەۋشىنى ئوبدان بىلىسىلە، شۇڭلاشقا، بىزدەك چوڭ- كىچىك مۇسۇلمانلارغا ئاتىدارلىق قىلىپ، ئۆز ھۆكۈملىرىنى جارى قىلىپ بەرگەن بولساڭلا، بىز سىلىگە جان دىلىمىز بىلەن خىزمەتكار ۋە پەرمانچىلىق يولىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ھەممە بىلەن مەمۇرى مەملىكەتدارلىق ئىشلىرىدا سىلىنى مۇقەددەم ۋە پېشىۋا بىلىپ، خان مۇقامىدا كۆرسەك " دەپ ئىلتىجا ۋە ئىلتىماس قىلدى. ئەھمەت ۋاڭ بېگىم" سىزلەر ئاز ئادەم، خىتاي گورۇھى بولسا ناھايىتى تولا، بۇلارغا باراۋەرلىك قىلغىلى بولماس، مەن بولسام نەچچە ئاتا بوۋامدىن تارتىپ ئۇلۇغ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، چوڭ مەنسەپ تېپىپ، يەر، سۇ، زىمىن بەلكى نەچچە ئۆيلۈك ئادەم ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، پۇشتۇمدىن پۇشتۇمغىچە جۇلدۇ- جاساقدارلىق بولغاندىن تاشقىرى، يەنە نەچچە نۆۋەت ئۇلۇغ خاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. مەن ئۇلۇغ خانغا قانداق قىلىپ يامانلىق قىلالايمەن؟ گەرچە ئۇ كاپىر ۋە دىنسىز بولسىمۇ، ئاباىئى- ئەجداتلىرىمدىن تارتىپ ئۇنىڭ تۇزىنى بەرگەن ئۇلۇغىمىزدىن يۈز ئۆرمەيمىز، تۇز ھەققىنى ساقلاش بولسا ھەممە ئىنسان گورۇھىغا پەرز ۋە ۋاجىپ بولىدۇ. سىزلەرنىڭ سۆزلىرىڭىزگە كىرىپ ئۇلۇغ بولۇپ ئۆزەمنى ھالاكەتكە تاشلىمايمەن. كىمنى ئىختىيار قىلىپ باشلىق قىلمەن دىسەڭلار، شۇنى قىلىڭلار. ھازىر يېشىم يەتمىشكە يەتتى. كۆرىدىغان دۆلەت ۋە ئىززەتنى كۆرۈپ بولدۇم. ئەمدى مەندە بۇنداق ئارزۇ ۋە ھەۋەس قالمىدى "دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ چاغدا پۇقرالار بىر ئىتتىپاق، بىر

نىيەتتە بولۇپ، بىردەكلا يۈزىنى ئۆرۈپ،" ھىلىمۇ خىتايلىرىڭىزدىن ئۈمىدىڭىز بارمۇ"دەپ چوقان كۆتۈرۈپ، ئوردىسىدىن ئېلىپ چىقىپ شاھادەتلىككە يەتكۈزدى.

بۇ چاغدا كۇچار خوجىلىرىدىن راشىدىن خوجام دىگەن مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ مازىرىدا دۇئا- تەلەپ بىلەن ياتقان، ھىچ كىشىگە ئارلاشمىغان ۋە دەرۋىش تەرىقىسىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر ئادەم بار ئىدى. ھەممە مۇسۇلمان گورۇھى ۋە تۇڭگانى تايىپلىرى ئۇنىڭغا مۇرىت- مۇخلىس بولۇپ، بۇ ئادەمگە باش ئېگەتتى. مەزكۇر ئادەمنى ئىپادەتخانىدىن ئىختىيارسىز ئېلىپ چىقىپ،" سىلە بىزگە بۇرۇنمۇ پىشىۋا ۋە يولباشچى ئىدىلە، ئەمدىمۇ بىزگە پىشىۋا ۋە يولباشچى بولۇپ، خانلىق ئورنىدا ئولتۇرۇپ، بىزگە باش بولۇپ، ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىپ بەرسىلە"دەپ، ئۇنىڭ خالىغان ياكى خالىمىغانلىقىغا قويماي، ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بۇرۇنقى سۇلتانلىق قائىدىسى بويىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. توختى ئىشىك ئاغا بېكنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. ھەممىسى بىر نىيەت بىلەن كۇچار ھاكىمى قۇربان بېك باشلىق سەككىز نەپەر بەگنى ئۆلتۈرۈپ، تەئەللۇق مال- مۈلكىنى تالان قىلدى. نەتىجىدە باشقا مەنسەپدارلارمۇ قورقۇچ ۋە تىترەك- دەھشەتكە چۈشۈپ، مەزكۇر خان راشىدىن خوجامنىڭ ئەمىر- ئىتائىتىگە تەۋە بولۇپ، بۇيرۇغىغا بوي سۇنۇپ باش ئەگدى. ئەگەر بۇ مەنسەپدارلار قەدىمدىن بۇيان يولغا قويۇلۇپ كەلگەن لاۋايىن قائىدىلىرى ۋە ئەھدى- پەيمانلارنى بۇزۇپ، ئۆزىنى مۇنداق ھالاكەتكە ۋە پالاكەتكە تاشلىمىغان بولسا ئىدى (ئاللا ئۇلارنى ساقلىغاي!)، ئۇ چاغدا، ئېھتىمال پۇقرالارمۇ باغى ۋە تاغى بولۇپ بۇزۇلمايتى ھەم غازىلىققمۇ مۇيەسسەر بولالمايتى. (ئاللا ھەممە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئوبدانراق بىلگۈچىدۇر).

بۇ ۋەقەنى ئىككى كۈن كېيىن بۇرھانىدىن خوجامنى يەنى مەشھۇر ئىسمىلىرى خېتىپ خوجامنى ئەمىر لەشكەر تەرىقىدە باش قىلىپ، كىچىك ئوغلى مەھمۇد خوجامنى ھەمرا قىلىپ، موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى قازى ئەسكەر قىلىپ، بىر يۈز ئەللىك لەشكەر، ئون سەككىز تۇڭگاننى ئون زەمبىرەك بىلەن غەرپ تەرەپكە يولغا سالدى ۋە ئۇلارغا:" نەچچە ئەسىر ئۆتتى، مۇسۇلمانلار دىنسىز كاپىرلارنىڭ ۋە زالىم زۇلۇمخورلارنىڭ ئىشىگىدە خار ۋە ئېتىۋارسىز بولۇپ، خىزمەتكارچىلىق قىلىپ، بويىنىنى تۆۋەن قىلىپ، پەس ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى خوتۇن، باللىرىدىن ئايرىلىپ، بالا- پەرزەنتلىرى ئاتا- ئانىلىرىدىن جۇدا بولۇپ، ئاجىز ۋە بىچارىلىق بىلەن نە يىمەكتە لەززەت ۋە نە كىيمەكتە راھەت كۆرمەي، ئالبانكەشلىك قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەمدى ھەممىگە رەھىمدىل ۋە مەرھەمەتلىك

خۇداۋەندەكىرىم بىز مۇسۇلمانلارغا يار ۋە ھەمدەم بولۇپ، بىزگە كۈچ- قۇدرەت بەردى. كاپىرلارنىڭ بېشىغا ئىسلام قىلىچىنى ئايىماي ئۇردۇق. ئەمدى بۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن جان تېنىمىزدىلا بولسىلا، سىزلەر ۋە بىزلەر ئۈنى غازات يولىغا سەرپ قىلىشىمىز ھەممىدىن مۇھىمدۇر. ئۇلۇغ غازات قىلىش بولسا ھەممىدە پەرز بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەسىپ ۋە ھۈنەرلىرى ھەتتا مۇھىم سۈننەتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. خۇداۋەندەكىرىم ئۆزىنىڭ چوڭقۇر سىرلىق ھېكمىتى بىلەن بۇرۇن مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ قول ئاستىدا قىلغا بولسا، ئەمدى ئۆزىنىڭ كامىل قۇدرىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ۋە ئېتىۋار قىلىپ، كاپىرلارنى خار ۋە تۆۋەن قىلدى. بۇ كىمنى خالىسا ئەزىزلەيدۇ، كىمنى خالىسا خار قىلالايدۇ دىگەن سۈپىتىنى كۆرسەتتى. سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، سىزلەر باي ۋە سايىرامنى تەۋە قىلىپ، بۇ جايدىن بىر مۇنچە ئەسكەر ئېلىپ ئاقسۇغا بېرىڭلار، ئۇ تەرەپتە مۇسۇلمان تولا، كاپىر ئاز، سىزلەر بارغۇچە تۇڭگانى ۋە مۇسۇلمانلار كاپىرلارنى يوق قىلىپ، ئالدىڭىزلارغا چىقىشى مۇمكىن. مۇبادا كاپىرلار ھۇجۇم قىلىپ، جەڭ- جىدەلگە تەييار بولسا، ئاللانىڭ:" كاپىرلارنى نەدە كۆرسەڭلار ئۆلتۈرۈپ، ھەممىسنى يوق قىلىڭلار دىگەن ئۇلۇغ ئەمرى بويىچە، ھايال قىلماي ۋە ئايىماستىن كاپىرلارغا تىغ ئۇرۇڭلار. پەيغەمبەرنىڭ «ھەدىس» شېرىپىدە كۆرسەتكەن" جەننەت قىلىچ سايىسىنىڭ تېگىدە"دىگەن سۆزىدىن ۋاقىپ ۋە ئاگاھ بولۇڭلار. ئاقسۇ، قەشقەر، ياركەنت ئىشلىرىدىن بىكار بولغاندىن كېيىن، قوقەنت، بۇخارا ئۇلۇغلىرى ئاشناچىلىق قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئىناۋەت قىلىپ باش ئېگىشنى ئۆزلىرىگە لازىم ۋە راۋا كۆرسە، ئىش تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بۇنى لايىق كۆرمەي باش ئەگمەي، توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسا سىزلەرگە يەنە ياردەم قىلىپ كۈچ ئەۋەتىمەن. ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە غەرەپ تەرەپتىكى يۇرتلارنى قولغا كىرگۈزۈڭلار. سىزلەرگە ئىشەنچ باغلاپ ۋە ئۆزەمگە ۋەكىل قىلىپ، بۇ جايدىكى مەملىكەت ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ ھەممە ئىختىيار تىزگىنىنى تۇتقازىم" دەپ قۇياش نۇرلۇق يارلىغىنى ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىپ، غازاتچىلارنى يولغا سالدى.

شۇنداقلا، ئىسھاق خوجامغا سىدىق دادخۇا، مەمۇر باھادۇر، توختى مۇھەممەت يۈز بېشى قاتارلىقلارنى قوشۇپ، بىر يۈز سەكسەن مۇسۇلمان، ئەللىك تۇڭگاننى ئون ئىككى زەمبىرەك بىلەن شەرىق تەرەپكە يولغا سېلىپ، يۇقىرىدا خېتىپ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ يولغا سالدى. بۇ باپ ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن تۈگىدى.

# 2

# جانابى راشدىن خان خازى خوجامنىڭ پاك نەسەپ ئەسلى توغرىسىدا ئاشكارە بايان ۋە زىكرى

## قىلماقنىڭ لازىملىغى

ئەقىدىلىك يارەنلەر ۋە مۇھەببەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ پاك زېھىنلىرىگە روشەن ۋە ئاشكارە بولغايكى، راشىدىن خوجام بولسا شەيخ نىزامىدىن خوجامنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى. نىزامىدىن خوجام بولسا مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ نەۋرە- ئەۋلاتلىرىدىن ئىدى. مەۋلانە ۋەلىيۇللا بولسا مەۋلانە جالالىدىن كىتىكى (ئاللا ئۇنىڭ سىرىنى پاك ۋە مۇبارەت قىلسۇن!)نىڭ پەرزەنتى. مەۋلانە جالالىدىن خوجا بولسا ئەبۇ ھەفس كەبىر بۇخارى [139] (ئاللا ئۇنىڭ سىرىنى پاك، مۇبارەك ۋە ئەزىز قىلسۇن!) نىڭ ئەۋلادى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. تارىخ ھىجرى ئالتە يۈز ئون يەتتىنچى يىلى (مىلادى 1220- 1221- يىلى – ت) پادىشا جاھانگىر چىنگىزخان بۇ تەرەپكە چىقىپ، بۇ خارائى شەرىپنى قىرغىن قىلغا چاغدا، خوجا ھەفسى كەبىر بۇخارىنى شاھادەتكە يەتكۈزۈپ، ئەھلى ئەۋلادىنى ئاق ئۆيلۈك (سۈرگۈن – ت) قىلىپ، ئۆز يۇرتى بولغان قارا قۇرۇم ۋە كىلوران دىگەن جايغا ئېلىپ كېلىپ قويىدى. ئالتە ياكى يەتتە ئەۋلات ئۆتكەندىن كېيىن، مەۋلانە جالالىدىن دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇلار شەھرى كىتىك دىگەن جايغا كۆچۈپ كەلدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئاللانىڭ غەزىۋى تۈپەيلىدىن كىتىك شەھرىگە قۇم يېغىپ، بالايى-ئاپەت بولدى. مەۋلانە جالالىدىن يەنە ئاللانىڭ ئىلھامى ئارقىسىدا كېچىسى ئۇخلىماي بىر نەچچە مۇرىتلىرى بىلەن بىللە مېڭىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئايكۆل دىگەن يەرگە چۈشتى. بۇ چاغدا ئاقسۇدا تۇغلۇق تېمۇرخان تېخى يېڭىدىنلا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغا ۋاقتى ئىكەن. ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ياشلىق توغلۇق تېمۇرخان مەۋلانە جالالىدىن بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر مۇنچە ۋەز ۋە پەندى نەسىھەتنى ئاڭلاپ كۆڭلى يۇمشاپ،"بۇ تاجىكنىڭ [140] سۆزى قۇلىغىمغا ناھايىتى ياخشى

ئاڭلاندى، مەن ئىلى شەھىرىگە بېرىپ پايتەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ كىشىمۇ يېتىپ بارسۇن، مەن بۇ كىشىنىڭ دىن مەزھىپىگە كىرىمەن، بۇ يەردە كىرگىنىم بىلەن كاتتا ئەمىرائى سەركەردىلىرىم يوق. يۇرتىنىڭ تولىسى ئىلىدا، ياخشى بولمايدۇ"دەپ يارلىق قىلىپ ھەم مەۋلانە جالالىدىنغا ۋەدە ۋە ئىنئاملارنى قىلىپ ياندۇردى.

تۇغلۇق تېمۇرخان بولسا چىنگىز قائانىنىڭ يەتتىنچى نەۋرىسى ئىدى. بۇ مەسىلە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان. لېكىن مەۋلانە جالالىدىن ۋاقىت تېپىپ ئىلىغا بارغىچە، ئەجەل پۇرسەت بەرمەي، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئايكۆل دىگەن جايىدا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ مازىرى ھىلىمۇ مەشۇر. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللاغا ۋەسىيەت قىلىپ،"مەن بىر چىراقتا ياغ قويۇپ، پىلىك سېلىپ تەييارلىغان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرۇشقا پۇرسەت بولمىدى. شايىتىكى، بۇ چىراقتا مەن ئۈچۈن سىز ئوت ياقسىز، بۇ چىراقتىن شەرق تەرىپىگە روشەنلىك چۈشسە ئەجەپ ئەمەس"دەپ ئالەمدىن كەتتى.

بىر نەچچە مۇددەتتىن كېيىن، مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، ئىلىغا بېرىپ خان بىلەن كۆرۈشتى. خان:" دادىڭىز قېنى؟" دەپ سورىدى. ئۇ " ئالەمدىن كەتتى مەن دادامنىڭ شۇ ۋەسىيىتى بىلەن كەلدىم"دىگەندە، بەختى ئويغاق، دۆلىتى يار بولغان خان بۇنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ شەرىپىگە ئىگە بولدى ۋە قول ئاستىدىكى ئەل بەگلىرى، جايىساڭ قاتارلىق كاتتا ئەمرائىلىرىنى بىر- بىرلەپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارغا پەندى- نەسىھەت ۋە تاتلىق ۋەزلەرنى ئېيتىپ، دىنغا دالالەت قىلىپ" دۇنيادا بۇنىڭدىن ياخشى ئىش بولمايدىكەن"دەپ مۇسۇلمان قىلدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شۇ كۈنى يەتمىش مىڭدىن ئارتۇق دىنسىز موغۇللار ئىسلام دىنىغا كىرىپ، ئالالانىڭ بىرلىگىنى تونۇپ مۇسۇلمان بولغان ئىكەن. بۇ ۋەقە ئالى مۇقام خانىنىڭ يىگىرمە تۆت يېشىدا، يەنى تارىخ ھىجرى يەتتە يۈز ئەللىك ئالتىنچى يىلى (مىلادى 1355- يىلى) يۈز بەرگەن ئىدى. ئىسلام دىنى شۇ كۈندىن باشلاپ موغۇللار ئىچىدە ئاشكارە ۋە روشەن بولۇپ قارارلاشتى.

خان مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللاغا : " ئەي ئۇلۇغ موللام، ئەمدى ئىختىيار ئۆزلىرىدە، قايسى شەھەردە تۇرۇشنى ئۆزلىرى بىلسىلە"دەپ يارلىق قىلغاندا، مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا" مەن كۇچاردا تۇرسام" دەپ ئىختىيار قىلدى. رۇخسەت بىلەن كۇچارغا بېرىپ، كەدخۇدا (يۇرت ساھىبى – ت) بولۇپ ۋەتەن تۇتتى. خان كۇچاردىكى ئىچبېرىق دىگەن جايىنى ئۇنىڭغا ئىنئام جۇلدۇ قىلىپ بەردى. بۇ يەر ھازىرمۇ خانىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى يارلىغى بويىچە ۋەخپە

تەرىقىسىدە ئۇلۇغ موللامنىڭ ئەۋلاتلىرى قولىدا تۇرماقتا. ئاخىرى موللام بۇ پايانسىز تۇپراق ئالەم غورۇرىدىن مەڭگۈلۈك شاتلىق سارىيىغا كەتتى. كۇچاردا دەپنە قىلىندى. ھازىر بۇ ئالى مازار " ئۇلۇغ موللام"دىگەن نام بىلەن مەشھۇر.

مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ بىۋاستە ئەۋلادى نىزامىددىن شەيخ خوجام بولۇپ، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى راشىدىن خان خوجام، تۆتىنچى ئوغلى پەخرىدىن خان، بەشىنچى ئوغلى جالالىدىن خوجا ئىدى. خېتىپ خوجام بىلەن ئىسھاق خوجاملار بولسا شەيخ نىزامىددىن خوجامنىڭ بىر تۇققانلىرى ۋە تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى بولۇپ، ھەممىسىلا بىر دەرىجىنىڭ شېخى ۋە مۇئسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 3

## سەيىت خېتىپ خوجام ۋە كۆز قارچۇغى مەھمۇددىن خوجاملارنىڭ ئاقسۇ شەھىرىنى پەتھى قىلىش غازاتىغا ئەۋەتىلىشى ۋە مەقسەدىگە يېتەلمەي ئۆز يۇرتىغا قايتىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلاجىسىز شېھىتلىك شەرۋىتىنى ئىچىشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايانى

مۇھەببەت شۇئارلىق دوستلار ۋە ئەقىدىلىك ئەسەرلەرنى يازغۇچى بۇرادەرلەرنىڭ گۈلدەك كۆڭۈللىرىگە يېتىپ روشەن بولۇپ ئېتىۋارغا ئىلىنغايكى، راشىدىن خان خوجام خېتىپ خوجامنى غەرىپ تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا رۇخسەت بىرىپ خوشلاشقان ئىدى. خېتىپ خوجام كۇچاردىن چىقىپ قىزىل دىگەن مەنزىلگە چۈشتى. ئاندىن سايرامنى ئىلكىگە

ئېلىپ، تۆت ئادەمنى سىياسەتتىن ئۆتكۈزۈپ دارغا ئاستى ۋە چاپتى. ئاندىن ئۆتۈپ بايىغا كېلىپ، ئىككى كۈن تۇرۇپ، ئالتە ئادەمنى دارغا ئاستى. بۇ ئادەملەر بولسا بۇزۇق ۋە ئەسكى يوللاردا يۈرگەن ئادەملەر بولغانلىقتىن، ئۆز جاجىسىنى تاپتى. ئەكرەمشاھ ئالەم ئاخۇننى سايرامغا، موللا ئاخۇننى بايىغا ھاكىم قىلدى. ئاندىن يۈرۈپ ياقېرىق دىگەن جايغا چۈشۈپ، رۇزى تۆرەم دىگەن ئادەمنى يۈز ئەللىك كىشى بىلەن مۇز داۋانغا يولغا سالدى ۋە" ئۆتەڭلەردىكى سىيەنويان (پوشتىكەش ۋە قاراۋۇلچى – ت) ختايلارنى ئۆلتۈرۈپ، چارشەنبە كۈنى جامغا كېلىپ ھازىر بولغىن، بىز بۇ تەرەپتىن، سەن ئۇ تەرەپتىن كېلىپ جامدا يىغىلەن سۈقۈپ ياتقان ختايلارنى ئوتتۇرغا ئېلىپ يوق قىلايلى "دەپ بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغدا باي، سايرام ۋە تاغ ئېتەكلىرىدىكى ئادەملەر ھەممىسى بىردەك قولىغا قارا كالتەك ئېلىپ،" ئاللا! ئاللا!"دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، " خوجاملارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئاقسۇغا بېرىپ، زۇلۇم-سەتەم قىلغان كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئېلىپ، غازىلىق دەرىجە ۋە مەرتىۋىسىنى تاپىمىز. ئەگەر ئەجەل يەتكەن بولسا شېھىتلىك شەرۋىتىنى ئىچىپ، ئالى جەنەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى جايىدىن ئورۇن ئالىمىز"دىگەن مۇددىئا ۋە ئۈمىت بىلەن، ھاياتلىق دۆلىتىنى تاشلاپ، ئەجەل شەرۋىتىنى ياخشى كۆرۈپ، ئاتىسى بالىسىغا، بالىسى ئاتىسىغا قارىماي، پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ خوجاملارنىڭ كەينىدىن يولغا چىقتى. خوجاملار " بىر قانچە ۋاقىت توختاپ تۇرۇپ تۇرۇڭلار، سىزلەر ئۈچۈن بىز غازات قىلايلى"دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ، ئۇلار: " بىز زۇلۇم-سەتەمگە تاقەت قىلالماي، نائىلاج ھالغا يەتتۇق. مۇنداق ياشىغىچە ياكى قان بېرەيلى، ياكى جان ئالايلى"دەپ، ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىدىن كېچىپ، يىغلاپ-يىغلاپ كەينىگە يېنىشقا ئۇنىمىدى ۋە ئۆزلىگىدىن ئۇزۇق-تالقان، چۇماقلىرىنى كۆتىرىپ، يولغا بىللە راۋان بولدى. بۇلارنىڭ سانى تەخمىنەن يەتتە مىڭ ئادەمگە يەتكەن ئىدى.

ئەي ئەزىز يارەنلەر، ھەرقانداق پادىشا ياكى ۋىلايەت ھاكىملىرىدىن پۇقرالارغا زۇلۇم-جەۋرىلەر ئۆتكەندە، پۇقرالار ئۆزىنىڭ شىرىن جېنىدىن كېچىپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا يۈز كەلتۈرۈپ، كۆز ياشلىرىنى تۆھپە قىلىپ، چىن ئىخلاسى بىلەن يىغلىسا، خۇداۋەندەكېرىمنىڭ رەھمەت دەريالىرى جۇش ئۇرۇپ دولقۇن بولۇپ، ئاجىز ۋە كۈچسىز بەندىلىرىنى قۇرال-ياراقسىزلا شان-شەۋكەتلىك ئۇلۇغ پادىشالارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ قىلىپ، " مەندىن غەيرى پادىشا يوق"دەپ دەۋا قىلىدىغان زالىم تەكەببۇرلارنى بىر سائەتتە مەغلۇپ قىلىپ يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى كۆككە توزىتىپ، ئاجىز ۋە كۈچسىز ھەتتا شور پىشانە بەندە-مەخلۇقلىرىغا تەخت-سەلتەنەت ئاتا ئەيلەپ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى شانۇ-

شەۋكەتلىك ئۇلۇغ پادىشالارنىڭكىدىنمۇ ئارتۇق ۋە يۇقىرى قىلسا، بۇ ئاللانىڭ ھۇزۇرىدا ھېچ كەم ۋە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان خۇدايىم بولسا ھەممىگە ئوخشمايدىغان ۋە ھەممىدىن قۇدرەتلىك ھەم ھەممىنى دەرھال ياراتقۇچىدۇر. " قۇرئان"دىمۇ ئاللا خالىغىنىنى قىلالايدۇ، خالىغىنىنى ئىرادە ۋە ھۆكۈم قىلالايدۇ. ئۇ ھەممىنى قىلىشقا قۇدرەتلىك دەپ يېزىلغان.

نەزىم:

گادانى شاھ ئېتەر يوق ھەراسان(قورقماي)*،
ئاڭا شاھنى گاداي قىلماق ھەم ئاسان

خوجاملار ياقىرىقتىن ئاتلىنىپ، ناماز بامدات ۋاقتىدا قارا يۇلغۇنغا كەلدى. بىر نەچچە ئىراۋۇلچى (قاراۋۇلچى – ت) ختايلارنى تۇتۇپ يوق قىلدى. بۇ كۈننىڭ ئەتىسى بولسا خېتىپ خوجام بىلەن رۇزى تۆرە ئۇچرىششقا ۋەدە قىلىنغان كۈنى ئىدى. جامدىكى چېرىكلەر ئۈستىگە بارماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ھاۋا بۇزۇلۇپ يامغۇر ياغدى ۋە شۇرىغان قوزغالدى. خېتىپ خوجام باشلىق ھەممە ئادەم ئۆي- ئۆيىگە كىرىپ ئۇيقۇغا كەتتى. لەشكەرلىرىمۇ دەەخ ۋە تام قاتارلىق نەرسىلەرنى پانا قىلىپ، ئات ئىگەرلىرىنى بېشىغا قويۇپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى. دەل مۇشۇنداق پەيتتە جامدىكى ختايلار ۋە ئاقسۇ ھاكىمى سەئىد بېك باشلىق نۇرغۇن چېرىكلەر باستۇرۇپ كېلىپ، زەمبىرەكلەرگە ئوت تۇتاشتۇردى. بۇلار ئويغىنىپ قارىسا، قارا چېرىكلەر ئالىقاچان قورشاپ بولغان ئىكەن. ئۇلار دەرھال تۇرۇپ، بەزىلىرى ئىگەرلىك ئاتلىرىغا، بەزىلىرى يايداق ئاتقا مىنىپ، بەزىلىرى پىيادە بولۇپ، قورقۇنچ ۋە زىرىلە ئاستىدا ئارقىغا قاچتى. ختاي چېرىكلىرى چاپ- چاپ قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ھالاك قىلدى. ئەجەل شەرۋىتىنى ئىچىسەك دىگەنلەرنىڭ ئارزۇسى، خۇداۋەندەكېرىمنىڭ ھېكمەتلىك مېھربانلىقىغا سازاۋەر بولدى. نەچچە ئادەم چۆلگە كىرىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلدى. ئىككى مىڭ سەككىز يۈزدىن كۆپرەك ئادەم ۋاپات بولدى.

ئومۇمەن، ئىسلام لەشكەرلىرى قالايمىقانلاشتى. خوجاملار كۇچارغا قاراپ يولغا چىقتى. ئاقسۇ هاكىمى سەئىد بېك بۇلارنى تۇتماقچى بولۇپ، ئالتە پوتەي يەرگە قوغلاپ بارغاندا، ختايلار" قاچقان دۈشمەننى قوغلاش لى (قائىدە - ت) ئەمەس. جامىۇ قولدىن كەتتى، دەرهال يېنىپ كېلىڭ" دەپ خەۋەر قىلدى. سەئىد بېك بۇ دەهشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرهال جامىغا كەلسە، رۇزى تۆۋە ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتدا جامىغا كېلىپ، بۇ يەردە قالغان پىلتىرىچ، قوشچى، مۇراخور ختايلارنى تامامەن ئۆلتۈرۈپتۇ. لېكىن بۇ قارا يۈلغۇندىكى مۇسۇلمانلارنى قاچۇرۇپ ۋە ئۆلتۈرۈپ، بىر مۇنچىسنى ئەسرى قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، جامدا تۇرالماي، ئۆستەڭبوي دىگەن كەنتكە قېچىپ بارغاندا، تۇتۇلۇپ قېلىپ، ختايلارغا تاپشۇرۇلۇپ يوق قىلىنغان ئىكەن.

بۇ يەردە مەنكى بۇ هەرپلەرنى تىزغۇچى مۇئەللىپنىڭ يادىغا شۇنداق ئاجايىپ ئىشلار كەلدىكى ، بۇنى سۆزلىمەي بولمىدى. يەنى خاقانى چىننىڭ زور ۋە كاتتىلىغى هەممە ئىنسان گۇرۇهىغا خۇددى قۇياش نۇرىدەك ئايدىڭ. كۇچار بولسا كىچىككىنىلا بىر قەلئە بولۇپ، بۇ چوڭ شەهەرلەرگە قارىغاندا، هېچقانداق نام- نىشانىسى يوق. هالبۇكى، شۇنچىلىك بىر يەردىن ئازلا مۇسۇلمان باش كۆتۈرۈپ، چوڭ بىر ئىلمىغا باراۋەر كەلگەن كىشى بولۇپ، خېتىپ خوجام بىر مەپىگە چۈشۈپ، موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى بىر مەپىگە چىقىرىپ، ئۆزىگە ئۆزى قانائەت قىلىپ، ئۆزىدىن ئۆزى خۇرسەن ۋە خوشال بولۇپ، باي بىلەن سايرامدەك ئىككى راباتنى ئۆزىگە تەۋە قىلىش بىلەنلا، هەممىدىن بىغەم ۋە خاتىرجەم بولۇپ، تېخى بەش مەنزىل يەرگە كەلمەي تۇرۇپلا، كىيىم- كېچەكلىرىنى سىلىپ، خاتىرجام بولۇپ ئۇخلاپ، يا ئەسكەرلىرىدىن خەۋەر ئالماي، يا دۈشمەننىڭ خەۋپىنى بىلمەي غەپلەتتە يېتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىغا زامىن بولدى. ئەي مۇئەللىپ موللا مۇسا! ئىنساپ قىل، تەنە- تەئەررۇزدىن تىلىڭنى يىغ!

نەزىم:

قادالسا بىر تىكەن، ياچۇشسە بىر قىل،

ئىرادىسىز ئەمەس هېچ ئىش يېقىن بىل.

ھەرقانداق چوڭ- كىچىك ئىش ۋە ھادىسىنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادە تەقدىرىدىن تاشقىرى ئەمەس.” قالۇبەللا“دا (قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسى – ت) ئاللەم ئىگىسىنىڭ قۇدرەتلىك قەلىمى بىلەن شۇنداق يېزىلغان. بۇ ئاللەم يۈزىدە، ئۇنى كۆرمەسلىككە ئەسلا ئىلاج ۋە چارە يوق.

شۇنداق قىلىپ، قازى ئەسكەر موللا ئوسمان ئاخۇنۇم قارا يۇلغۇندا ئولجا چۈشتى. سەئىد بېك ئەسلىدە ئۇنىڭ شاگىرتى ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ خىتاي مەنسەپدارلىرىنىڭ ماقۇللىغىدىن ئۆتكۈزۈپ، ”بۇ ئادەم مۇشۇ تايىپىلەرنىڭ باشلىغى ئىكەن. بۇ ئادەم ئۇ ئىشلارنى قانداق سەۋەپ بىلەن قىلغانلىغىنى بىلىشكە لازىم بولىدۇ. بۇنى ئۆلتۈرمەي ساقلاپ قويساق بولارمىكىن“دەپ ئاقسۇنىڭ ئامبانىغا خەت يازغان ئىكەن. بۇ ئاقسۇ ئامبانىغا ماقۇل چۈشۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي تۈرمىگە تاشلاپ، نەچچە خىتايىنى ساقلاشقا قويۇپتۇ. خېتىپ خوجام كۇچارغا بېرىپ، يەنە لەشكەر باشلاپ، بىر ئايدىن كېيىن ئاقسۇنى پەتھى قىلدى. ئۇنىڭغىچە خوجاملار موللا ئوسمان ئاخۇن سەئىد بېك تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئەيىپلەپتۇ. ئاقسۇ شەھرىنى پەتھى قىلغان چاغدا، بىر نەچچە ئەسكەر خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ بىر ئۆيگە كىرسە، موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ قول- پۇتلىرىغا مەھكەم ئىشكەل ۋە زەنجىر سېلىپ سولاپ قويغان ئىكەن. ئۇلار موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى شۇ ھالىتى بويىچە خوجاملارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىشكەل- زەنجىرلەرنى چېقىپ ئاجراتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەيىپتىنمۇ قۇتۇلدى. جېنىمۇ سالامەت قالدى. لېكىن بۇنى ساقلىغان خىتايلارنىڭ بەزىلىرى شەھەر پەتھى بولۇش بىلانىلا ئۆزىنى ئۆزى ئېسىپ ئۆلتۈردى. بەزىلىرى باشقا ئۇسۇل بىلەن ئۆلۈپتۇ. بىراق، ئۇلار موللا ئوسمان ئاخۇنۇمغا دەخلى قىلالماپتۇ. بۇنى يېزىشتىكى مەقسەت شۇكى، خىتاينىڭ ئۇلۇغلىرى سۆز- بايراقنى ناھايىتى چىڭ تۇتىدىكەن. ھەرقانداق بولسىمۇ بىر مۇسۇلمان دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن ئۆلەي دىمەيدىكەن. موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنى بەلكى ھەقىقى مۇھاپىزەتچى ۋە ئەيىپسىز ئاللانىڭ ئۆزى ساقلىغاندۇر. خېتىپ خوجام بولسا ناھايىتى ساددا، رەھىمدىل ۋە زامان تەجرىبىلىرىدىن خەۋەرسىز بىر كىشى ئىدى. لېكىن ئۇ مۇسۇلمان مۆمىنچىلىكىدە ئېتىقادى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ناھايىتى ئىنساپلىق كىشى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆتكەندىكى مەغلۇبىيەت خىجالەتچىلىكىدىن بېشىنى زادىلا ئۇستۈن قىلالمىدى.

# 4

## جامالىدىن خوجامنى باش قىلىپ ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇ غازاتىغا يارلىق سۇرۇلگىنى ۋە ئاقسۇنى پەتھى قىلىشقا مۇيەسسەر بولۇپ، مۇرات باغچىسىدىن گۇللەنى ئۈزگىنى ۋە گۇللەر بىلەن كۆڭۈلدىكى مەقسەت ھاسىل بولغىنى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ ئومۇمىي باياننىرى

پىشقەدەم يارەنلەر ۋە سەممىي يولداشلار بۇنداق ھىكايە ۋە قىزغىن قىسسە قىلىدۇركى، بۇ ياخشىلىق بىلەن قوشكېزەك بولغان زاماندا، جانابى سەيىد راشىدىن خان خوجام سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، بەدەن قامەتلىرىگە ھۆكۈمرانلىق كىيىملىرى ۋە بېشىغا سەلتەنەت تاجىسى يارىشىپ، يۇرتنىڭ ھەممە چوڭ ـ كىچىكلىرىگە يارلىغىنى يۇرگۈزدى. يارلىق ۋە نىشان، ئۇنۋانلىرىغا"زۇبدەئى ئەۋلادىرەسۇلىللا (پەيغەمبەرنىڭ تاللانغان ئەۋلادى)، ئەبۇلمۇزەففەر ۋە ئەلمەنسۇر (زەپەر ۋە نۇسرەتچىلەرنىڭ ئاتىسى ـ ت)سەيىد غازى راشىدىن خوجام خان خوجام" دەپ يازاتتى. خېتىپلار مۇنبەرلىرىنى بۇ خان خوجامنىڭ ئىسمى شەرىپلىرى ۋە گۈزەل لەقەملىرى بىلەن بېزەپ زىننەتلىدى. خان خوجام خاقانى چىنىنىڭ پۇلىغا ئوخشاش قىلىپ پۇل قۇيدۇردى. پۇلنىڭ يۈزىگە " راشىدىن خان غازى"ۋە يەنە بىر تەرىپىگە " كۇچار سەلتەنەتىنىڭ سوققان پۇلى"دەپ خەت ئويدۇردى. بۇ پۇل ھازىرمۇ داۋاملىق خەجلەنمەكتە.

راشىدىن خان خوجام خېتىپ خوجامنىڭ قارا يۇلغۇندا شىكەست يەپ قېچىپ كەلگەن قورقۇنچلۇق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، غەزەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ، بىر قانچە گۇناسىزنى سىياسەت قىلىپ دارغا ئېسىپ، ئۇلارنىڭ تەن ـ ۋۇجۇت خامىنىنى سورىدى، ھەمدە چوڭ ـ كىچىكلەر گۇنادىن ئۆتۈشنى تىلەپ ۋە يالۋۇرۇپ، تۇۋا قىلىپ، ئىناۋەت ۋە ئىتائەت ھالقىسىنى يېڭىۋاشتىن بىكىتىپ، چىن ئىخلاسى بىلەن بويى سۇنۇپ ۋە ئىتائەت قىلىپ، ئۆزرە ـ ئىززەتتىن ئېغىز ئاچتى. بۇ چاغدا

ئاكسى جامالىدىن خوجامنىڭ قىياپىتىدىن لەشكەركەشلىك، سىياسەتلىك ۋە پۇقراپەرۋەرلىكتە ناھايىتى قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكى بىلىندى. خان خوجام يارلىق قىلىپ، ئۇنى سەككىز يۈز لەشكەر ۋە توپ- زەمبىرەكلەر بىلەن ئاقسۇغا يولغا سالدى. بۇ كىشى بولسا يىراكنى كۆرەلەيدىغان، تەدبىرلىك، دۆلەت ئىشلىرىدا شجائەتلىك، تىبابەتچىلىك ئىلمىدە ناھايىتى ماھىر، دىلى قاتتىق ۋە غەيرەتلىك كىشى ئىدى. كۇچاردىن تارتىپ سايرام ۋە بايغا قەدەر ھەممە جايىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىشقا يارايدىغان ياش، كۈچ- قۇدرەتلىك، پالۋان ۋە جۈرئەتلىك ئادەملەرنى تېپىپ تاللاپ، ئىككى مىڭچە ئادەم تەييارلاپ ئىراۋۇلچى، قاراۋۇلچىلارنى قويۇپ، تولۇق ئېھتىيات ۋە ھوشيارلىق بىلەن چوڭ يولنى تاشلاپ، ئىلى تەرەپكە ماڭغان بولۇپ، بۇ يولدىكى ئاراشۇر دىگەن يەرگە چۈشتى. بۇ جايدا لەشكەرلىرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئات- ئۇلاقلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، ختاي چېرىكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بىلىپ، ياخشى ۋە يامان كۆنلەرنى مۇلاھىزە ۋە سىناق قىلىپ، يۇلتۇز ۋە پەلەكلەرنىڭ بەلگىلىرىگە قاراپ يىگىرمە كۈنچە تۇرۇپ قالدى.

بۇ كۈنلەردە كاشغەر، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىن ئىلگىرى ئەۋەتىدىغان شاڭ- خىراجلار مۇزارت داۋىنىغا بارغاندا، يۇرت پاراكەندە بولۇپ، يولدا توختاپ قالغان ئىكەن. خوجاملار بۇ شاڭلارنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. " شاڭ"دىگەن سۆز " بۆز- خام" دىگەن سۆز بولىدىكەن. بۇ سۆزنىڭ تەپسىلاتلىرىغا كەلسەك، بۇرۇنقى زاماندا مۇسۇلمان خانلىرىدىن ئىسمائىل خاننىڭ زامانە- ئەسىرلىرىدە ۋىلايەت تەرەپتىن مەخدۇم ئەززەمنىڭ نەۋرىلىرى خوجام يۇسۇپ خوجام ئوغلى خوجا ئافاق بىلەن ياركەنت تەۋەسىگە كەلدى ۋە ئىسمائىل خاندىن خاپا بولۇپ، ئىلىغا چىقىپ، قۇن تەيجى تۆرىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئەرز- ھالىنى بايان ئەيلەپ، " مىنى ھەيدەپ چىقاردى، يار مەدەت بەرسىڭىز" دەپ ئىلتىجا قىلغاندا، قۇن تەيجى بىر مۇنچە قالماقنى ھەمرا قىلىپ بېرىپتۇ، بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن يۇرتقا ئىگە بولۇپ، ئىسمائىل خاننى ئائىلە تەئەللاقاتى بىلەن ئەسىر قىلىپ ئىلىغائېلىپ كېتىپتۇ. قالماقلار يانماقچى بولغاندا، بۇلارنىڭ قۇرۇق يېنىشى مۇناسىپ ئەمەس دەپ، بۇ يەتتە شەھەردىن بىر مۇنچە بۆز- خام يىغىۋېلىپ، ئەھۋالغا يارىشا ئىنئام ۋە ئېھسان قىلدى. قالماقلار ھەر يىلى بۇنداق بۆز- خامنى تەمە قىلاتتى، بەرمەسلىككە مۇمكىن ئەمەس ئىدى. " قالماققا بۆز، ختايغا سۆز"دىگەن تەمسىل شۇ چاغدىن قالغان ئىدى. چۈنكى بۇ چاغلاردا بۇ دىياردا خامدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. سودا- سېتىق ئىشلىرىدا پۇل ئورنىدا بۆز- خام ئىشلىتىدىكەن. كېيىنچە بۇ يۇرتلار خاقانى چىنغا تەۋە بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئەھۋال باقى قالغان ئىكەن. شۇڭلاشقا بۇ خايىچە "

شاڭ"دەپ ئادەتلەنگەن ئىكەن.

ئۇ زاماندىن راشىدىن خان زامانىغىچە ئىككى يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. يۇرت ھاكىملىرى ۋە باشلىقلىرى مەزكۇر بۆز- خامنى ئىلىغا ئېرىپتۇرغان ئىكەن. لېكىن بۇ بۆز- خامنىڭ مىقدارى يىلدىن- يىلغا كۆپىيىپ تۇراتتى. خوجامىلار مەزكۇر بۆز- خاملارنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار بۇنى كېپەن ۋە ئېھرامدەك قىلىپ يۆگىنىپ، بېشىغا پارا ۋە سەللە قىلىپ يۆگەپ"ئەمدى كېپەنلىگىمىز مۇشۇ بولىدۇ" دەپ ھەممىسى تېخىمۇ بىر نىيەت- بىر دىل بولۇشۇپ، يىغلاپ قاخشاپ، ئىلاھى دەرگاھىغا ئاجىزلىغىنى بىلدۈرۈپ، خوجامىلار بارلىق ھەممىسىلا ئاق ماتاغا يۆگىنىپ، گويا ئاق قويدەك بولۇپ، ھىممەت ۋە جۈرئەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، بىر كېچىدە ئاراشۇردىن ئاتلىنىپ، مۇزداۋان يولى بىلەن كېلىپ جامدا قورغان سوقۇپ ياتقان چېرىكلەرنىڭ ئۈستىگە خۇددى تۇيۇقسىز كەلگەن بالا- قازادەك ئۆزىنى ئۇردى. بۇ چاغدا كاپىرلار تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان ئىكەن. شۇڭلاشقا، مەيلى خىتاي بولسۇن ياكى ياردەم ئۈچۈن كەلگەن مۇسۇلمان چېرىكلىرى بولسۇن، ھەممىسىنىلا تىغ سىياستىدىن ۋە غەھرىيەتتىن ئۆتكۈزدى. پەقەت ناھايىتى ئازدىن ئازقىسمىلا جېنىنى جايلاپ، ئۆزىنى ئاقسۇ شەھرى ئىگە ئالدى.

بۇ كۈنلەردە ئىلىدىن كاشغەرگە بېرىپ شەھەر ساقلايدىغان بەش يۈز سولۇن، قالماق ئوقيا، ساغداق، ئوق- دورا ۋە ياراقلىرى بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، كاشغەرگە ماڭغىچە، كۈچارنىڭ بۇزۇلغانلىغى خەۋىرى كېلىپ، بۇلارنى كاشغەرگە ماڭدۇرماي، جامغا بىللە ئېلىپ چىققان ئىكەن. يەنە سوكۇ- سالتاڭ، قىمارۋاز، سەرگەردانلاردىن بىر مىڭچە ئادەم يىغىپ، خىتايچە كىيىم- ئاياق كىيدۈرۈپ، ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ جامغا ئېلىپ بارغان ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا تىغ سىياستىدىن ئۆتتى. جام ۋە ئاقسۇدا بولۇپ، خىتاي، قالماق، مۇسۇلمان مۇناپىقلاردىن تۆت مىڭدىن ئارتۇق كىشى يوق قىلىندى. ئاقسۇ ھاكىمى سەئىد بېك قەشقەرگە قاچتى. باي ھاكىمى تېمۇر غەزنىچى بېك خوتەنگە كەتتى. خوجامىلار خىتايلارنى قوغلىنىغىچە ئاقسۇغا كىرىپ، بۇ جاينىڭ دار سەلتەنەتىگە ئورۇنلاشتى. تارىخ ھىجرى ماھى سەپەر مۇزەپپەرنىڭ ئون ئىككىنچى يىلى (مىلادى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى - ت) ئاقسۇنىڭ چىگچەي ئامبانى باشلىق ھەممە مەنسەپدارلىرى بۇ ئىش- ئەھۋالنى كۆرۈپ، بارلىق بالا پەرزەنتى، خوتۇن- تەيتەيلىرىنى ئۆز ئوردىسىغا يىغىپ، ئەتراپىغا دورىلارنى قويۇپ، بېيجىن تەرەپكە قاراپ ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىرنىمىلەرنى دەپ يىغلاپ- يىغلاپ تاماكىسىنى چېكىپ، غاڭزىسىدىكى ئوتنى دورىغا تاشلىغان ئىدى. ھەممىسىلا دەرھال يوق بولۇپ، جەھەننەمگە كەتتى.

موسۇلمانلار شادى- خورام بولدى، مۇناپىقلار غەم- ئەلەمگە تولدى. مۇبارەكباتلىق ئۈن- ساداسى ئاسمەن پەلەكنىڭ ئۈسدە ياڭرىدى. غەلبە ۋە نۇسرەتتىن كېيىن، جامالىددىن خوجام ئاقسۇ تەخت سەلتەنەتدە ئولتۇرۇپ، خىتايلاردىن ئېلىنغان ئولجىلارنى ئەسكەرلەرگە ئىنئام قىلىپ بەردى. ھەر كىشى ئۆز كۈچ- قۇدرىتىنىڭ بىرىچە ئولجا ۋە غەنىمەتلەرگە ئىگە بولدى. كۇچارلىق ئابدۇلراخمان دوپ بېگنى دادخۇا قىلىپ تەيىنلىدى. ئاقسۇلۇق قاسىم قازى بېكنى ئەمىر لەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى. بۇرۇنقى ئەلمە، مۇپتى، قازىلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا قويۇپ، ئۆز مەنسەپلىرىنى مەرھەمەت قىلدى. ھېچ كىمگە دەخلى- تەئەرۇز قىلىنماي، ھەممە ئادەم ئىلگىركىدەك ئۆز ئورۇن ۋە دەرىجىسىدە قالدى.

جامالىددىن خوجام ئاقسۇغا ئاتلانغان چاغدا، خېتىپ خوجامنىڭ چوڭ ئوغلى ھامىددىن خوجامنى يۈز لەشكەر بىلەن مۇز داۋاندىن خەۋەر ئالدۇرغىلى ماڭدۇرغان ئىكەن. ئۇ مۇز داۋاندا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاقسۇ پەتھى بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىدا ئادەم قويۇپ، ئاقسۇغا كېلىپ دادىسى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كۈنلەردە ئىلىدىكى جاڭجۈن ئاقسۇ ئامبانىغا يار ۋە مەدەت بولۇش ئۈچۈن يەتتە مىڭ خىتاي چېرىگى ، ئۈچ مىڭ قالماق چېرىگىنى ئوق- دورا ۋە قورال- ياراق بىلەن ئاقسۇغا ماڭدۇرغان ئىكەن. بۇلار مۇز داۋاندا ئادەم توسۇپ ياتقانلىقىنى بىلىپ، ئەللىك كۈنچە تۇرۇپ يېنىپ كېتىپتۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خوجامالار ئاقسۇنىڭ ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولغان ئىكەن. كاشغەر، ياركەنت، ئۈچتۇرپان تەرەپتىن تېخى خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۈچتۇرپاننىڭ شەھرى بولسا مۇستەھكەم ۋە چېرىكلىرى كۆپ ئىدى. خېتىپ خوجام ئۈچتۇرپان غازاتىغا بېرىشنى ئويلاپ، جىددى تەييارلىق قىلماقتا ئىدى – ۋەسالام.

5

# سەيىت غازى خوجام ۋە ئۇنىڭ كۆز قارىغۇچى ھامىددىن خوجامالار ئۇچتۇرپاننى پەتھى ۋە تەسخىر قىلىشقا ماڭغىنى، ئىچىلىپ، مۇرات ـ مەقسەتنىڭ قولغا كەلگىنى ۋە باشقا ھادىسە ھەم ۋەقەلەر بايانى

سادىق دوستلارنىڭ ۋە مۇۋاپىق بۇرادەرلەرنىڭ توغرا زېھنلىرىگە يېتىپ روشەن ۋە مەلۇم بولغايكى، ماھى سەپەر مۇزەپپەرنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى (مىلادى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ـ ) ئىدى. سەئىد غازى خېتىپ خوجام ۋە چوڭ ئوغلى ھامىددىن خوجامالار باش بولۇپ، ئالتە يۈزچە لەشكەر، توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن بىللە، بىر قانچە ئىش بىلەرمەن ۋە ھۆرمەتلىك ئەمەلدار بەگلەر ۋە بەگزادىلەرنى ھەمرا قىلىپ، ئاقسۇلۇق موللا ئابدۇللا فازى ئاخۇنۇمنى قازى ئەسكەر قىلىپ، ئۇچتۇرپان تەۋەسىدىكى ئاچا تاغ دىگەن يەرگە چۈشتى. ئۇچتۇرپان خىتايلىرى ئۇچتۇرپان ھاكىمى توختى بېكنى نۇرغۇن ئادەم بىلەن ئاچا تاغدا قاراۋۇلچى قىلىپ قويغان ئىكەن. بۇلار خوجامالارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلانلا خالار ـ خالىماس تۆركۈم ـ تۆركۈملەپ خوجامالارنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ، خىزمەتكار ۋە غولام مۇقامىدا بېلىنى مەھكەم قىلىپ، ئەمىر ـ ئىتائەت يولىنى ئۆزىگە پەرز ۋە ۋاجىب دەپ بىلىشتى. بۇنىڭ كەينىدىن ھەممە ئۇچتۇرپان ئەھلى توپ ـ توپ ۋە گورۇھ ـ گورۇھ بولۇپ كېلىپ، خوجامالارنى زىيارەت قىلىشنى ئۆزلىرىگە پەخرى ـ ئاتاق دەپ بىلىشىپ، خىتاي شەھرىنى پەتھى قىلماقنى مەسلىھەت قىلىشىپ، شۇنىڭ تەرەددۇتلىرىغا چۈشتى. خوجامالار باشلىق ھەممىسى بىر نىيەت بولۇپ، خىتاي شەھرىنى قورشاپ جەڭگە تەييار بولدى. خىتايلار سېپىلدىن مىلتىق، زەمبىرەك ئېتىپ، بولا ئادەمنى نابۇت قىلدى. ئىسلام لەشكەرلىرى بىر تەرەپتىن ئىگىز ھۇجۇم شاخاپچىلىرىنى باغلىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەلجەر دىگەن تاغنىڭ كەينىگە لەخمە كولىتىپ تۇرغان بىر ھالەتتە، خىتايلار ئۇشتۇمتۇت دورىخانىغا ئوت تاشلىدى. ئوت كەتكەن ھامان مەيلى خىتايلار ياكى تاملار، قورال ـ جابدۇقلار، بۇتخانىلار ۋە مەلجەر تېغى خۇددى تۇزاڭدەك كۆككە ئۇچتى. كىشى كىشىنى تونۇمىدى. ھەتتا بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيتى. كۈندۈزى كۈن گۇياكى كېچىنىڭ قاراڭغۇسى ئىدى. كاپىرلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى دورىنىڭ كۈچى بىلەن بىر تاش ياكى ئىككى تاش مىقدارى يەرگە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بەزىلەرنىڭ باش ياكى بەدىنى دەل ـ دەرەخلەرگە ئېسىلىپ قاپتۇ. ئۇچتۇرپاندىكى بۇ دورىخانا پۈتۈن ئەلتە شەھەرنى

قامدايدىغان چوڭ دورىخانا ئىكەن .

گەپىنىڭ قىسقىسى، ئۇچتۇرپان يۇقارقى ئۇسۇللار بىلەن پەتھى قىلىندى. خېتىپ خوجام زەپەر ۋە غەلىبىلەردىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بارگاھى ياكى ئارامگاھلىرىدا ئولتۇرۇپ، ياخشى- يامان ياكى ھەزەرلىك ئادەملەرنى بىر- بىرلەپ ئايرىپ، ئۇلارنىڭ گۇنالىرىغا ئەپۇ قەلىمىنى سۇرۇپ، بەزىلىرىگە شاھانىلىق ئىنئام ۋە خوسرەۋانىلىق مەرھەمەتلەر كىرگۈزدى. ئامما بەزى جالاپ ۋە پاھىشۋاز خوتۇنلارنى ۋە كاپىرلارنىڭ پېئىل- خۇيلىرىنى كەسىپ قىلىپ كاپىرچە يۈرگەن ۋە يامانلىقتا باشلىغان پاسقلارنى ئىبرەت ئۇچۇن تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزۈپ سىياسەتلىدى. ئۇچتۇرپاننىڭ بۇرۇنقى ئەلىمى موللا ئاتاۋۇللا ئاخۇننى يەنە ئەلەم قىلدى. توختى ھاكىم بېكنى يەنە قەدىمقى دەستۇرى بويىچە ھاكىم ۋە دادخۋا قىلىپ تەيىنلىدى. باي مۇھەممەت قازى بېكنى يەنە قازى بېك قىلىپ تەيىنلىدى. دوستلار خۇرسەن ۋە شات، دۈشمەنلەر غەمكىن ۋە پەرىشان بولدى. مۇبارەك بادلىق ساداسى گۈمبەزدەك بۇ يېشىل ئاسماننى ھالقىق كەتتى.

ئەلقىسسە، بىر مۇنچە ئىشەنچىلىك ئادەمنىڭ ئارقا- ئارقىدىن بەرگەن نۇرغۇن خەۋەر ۋە رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا يەنى فەغفۇرچىنى بۇ يەتتە شەھەرنى تەسەۋۋۇر قىلغان چاغدا، جامالى جاھان ئارا ئاپتاپ نۇرىدەك ۋە تەڭدىشى يوق يەككە گۆھەردەك ئون ئالتە ياشلىق بىر قىز [141] مەنسەپدارلارنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇلار" ئۇلۇغ خانغا بۇنىڭدىن ئارتۇق ئازرۇ قىلغۇدەك مەھبۇب سوغا- سالام ۋە تۆھپە بولماس" دەپ، فەغفۇرچىننىڭ خىزمەتلىرىگە تارتۇق ۋە تۆھپە قىلىپ ئېلىپ بارغان ئىكەن. ئەمما بىر كۈنى خان بۇ قىز تۇرغان ھۇجرىغا كىرسە، ئۇنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانىغىنى كۆرۈپ خىيال قىلىپ، يەر يۈزىدە مەندىن چوڭ ئۇلۇغ خان بولمىسا، نىمە ئۈچۈن يىغلايدۇ، بۇنىڭ سوراپ راستىنى بىلەي دەپ قىزغا سۇئال قويغاندا، قىز سۆز تاپالماي، " مېنىڭ يۇرتۇمدا مۇشۇلىك بىر دەرەخ بار. ئۇنىڭ مۇۋىسى ئالتۇندىن، يوپۇرماقلىرى كۆمۈشتىن، يىلىمى ئەتتىردىن ئىدى، شۇ يادىمغا كېلىپ يىغلايمەن"دەپتۇ. خان يارلىق قىلىپ، " ئۇچۇرپاندا بۇنداق بىر دەرەخ بار ئىمىش، ئۇ تېزلىك بىلەن يەتكۈزۈپ كېلىنسۇن، بۇ دەرەخ مېنىڭ باغلىرىمغا لايىق ئىكەن" دەپ يارلىق بېرىپتۇ. يارلىق كېلىشى بىلانىلا مەنسەپدارلار ئۇچتۇرپان ھاكىمى رەھمتۇللا بېك [142] دىگەننى ئاگاھ قىلىپ،" بۇ خىل دەرەخنى كۆچەت قىلىپ بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ، ئۇلۇغ خاندىن ئىلتىپات كۆرۈپ يانىسىز"دەپ بۇيرىغاندا، ھۆكۈمنى رەت قىلالماي، جىگدە كۆچىتىنى ئېلىپ، ئادەملەرنى ھاشا قىلىپ، كۆچەت كۆتەرتىپ، زۇلۇم- جەۋر قىلىپ، تۆت پوتەي يەرگە يەتكەندە، كۆچەت

كۆتەرگەن ئادەملەر بىر كېچىدىلا بۇزۇلۇپ ئىتتىپاقلىشىپ، " بۇ كۆچەتلەرنى بىچىنگە ئېلىپ بارغۇچە تۇلا ئادەم هالاكەتكە ئۇچرايدىغاندەك، بۇ ئەھۋالنىڭ سىرىنى رەھمىتۇللا بېككە ئىزھار قىلساق، بىز بىلەن بىر سۆز- بىر نىيەتتە بولسا ناھايىتى ياخشى، ئەگەر سۆزىمىزگە كىرمەي قارىشلىق قىلسا بۇنى ئۆزى بىلەر"دەپ ئەھۋالنى رەھمىتۇللا بېككە بايان قىلىشتى. بۇنى رەھمىتۇللا بېكمۇ ماقۇل كۆرۈپ، مەزكۇر كۆچەتلەرنى كالتەك قىلىپ كۆتۈرۈپ، بىللە ماڭغان خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، خان، ئامبال باشلىق مەنسەپدار ۋە چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، رەھمىتۇللا بېكنى ئۆزىگە مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ، ئۇچتۇرپاننى توققۇز ئاي سوراپتۇ.

بۇ ۋەقە ـ ھادىسە بىچىنگە ماڭغاندا، لەنجۇ سېڭنىڭ بۇ تەرىپىدىن ناھايىتى كۆپ قارا چېرىكلەر كېلىپ، تولا ئۇرۇش بولۇپ، ئۇچتۇرپاننى ئىككىچى قېتىم تەسەررۇپ قىلىپ، ئادەملىرىنى قىرغىن قىلغان ئىكەن. تىغدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى ئۇ تەرەپ قامۇلدىن، بۇ تەرەپ ئىلىغىچە، ھەتتا كاشغەر، خوتەنگىچە بولغان ھەر قايسى ئۆتەڭلەردە تۆت ئۆيلۈكتىن ئادەم تەيىن قىلىپ، خەت توشۇيدىغان ۋە خىتايلارغا خىزمەتچى قىلىپ بەلگىلەپ تارقىتىۋەتكەن ئىكەن. بۇ ئادەملەرنىڭ ئەۋلادىنى تا ھازىرمۇ " تۇرپانلىق"دىگەن نام بىلەن ئاتايدۇ. لېكىن، ئىلى تەرىپىگە بارغان ئادەملەر بولسا بىر نەچچە ئەۋلاتتىن كېيىن، قالماقلىرىنىڭ ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قالماققا ئوخشاش بولۇپ كېتىپتۇ. بۇلار ھازىر ئۆزىنى " بىز مۇسۇلمان قالماق بولىمىز "دەيدىكەنمىش. بۇ ۋەقە خاقانى چىنى يەتتە شەھەرنى تەسەررۇپ قىلىپ ئون يەتتىنچى يىلى [143] يۈز بەرگەن ئىكەن.

بۇ قېتىم ئۇچتۇرپان ئېلىنىپ دورىخانىغا ئوت كەتكەندە، بىر قانچە كونا كىتاپنىڭ ۋارقلىرى، قورال ـ ياراقلار، ئەگەر-توقۇم، لىڭىرچاق، بوقۇسا، ئارا قاتارلىق نەرسىلەر چېچىلىپ يېتىپتۇ. مەن بۇ نەرسىلەرنى مۇئەللىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن ئۇچۇق كۆرۈپ، ۋەقە سەۋەپلىرىنى سورىسام، ئۇلار " رەھمىتۇللا بېكنىڭ قوزغىلىشىدا بۇ ئەساۋاپلارنىڭ ئىگىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ نەرسىلەرنى گۇناكار قىلىپ ساقلىغان ئىكەن. دورىخانىغا ئوت كەتكەندە، ھەممە نەرسە كۆيۈپ كۈل بولۇپ ئۇچۇپ كەتكەن. بولمىسا بۇنداق نەرسىلەر تېخىمۇ كۆپ ئىدى، كۆرگەنلىرىڭىز بولسا پەقەت ئۇلاردىن ئېشىپ قالغانلىرى"دەپ تولا ھىكايە قىلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ جاۋاپلىرىغا قانائەت قىلىپ بەس دەپلا قويدۇم.

ئىلگىرى خاقانى چىنى بۇ يەتتە شەھەرنى ئالغاندا، ئۇچۇرپاننى پايتەخت ئورنىدا قىلىپ، خان، ئامبانىنى ئۇچتۇرپاندا توختىتىپ، ئالتە شەھەرنىڭ مەنسەپدار ۋە ھەممە ئەمەلدارلىرىنى ئۇچتۇرپانغا قاراشلىق قىلىپ قويغان ئىكەن.

يۇقارقى ۋەقەدىن كېيىن ئۇلۇغ خان ئۇچتۇرپاندىن كايىپ، ئادەملىرىنى قىرغىن قىلىپ، تامامەن يوق قىلىپ، ئالتە شەھەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، كۆچمەن قىلىپ ئولتۇرغان ئىكەن. بۇ ۋەقەدىن بۇرۇن بۇ جاينىڭ نامى" ئۈچ"دىگەن سۆز " تۇرپان"سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇچتۇرپان"ياكى ئۇشتۇرپان"دەپ ئاتالغان ئىكەن. بۇ قېتىمقى ۋەقەدىن كېيىن بولسا ئۇچتۇرپان يەتتە شەھەر ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك شەھەرلەرنىڭ بىرى قىلىنغان ۋە مەنساپدارلىرىنىڭ دەرىجىسىمۇ پەسەيتىلگەن ئىكەن. خان، ئامبانى بولسا ياركەنتتە تۇرسۇن دەپ يارلىق قىلغان ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇچتۇرپان خەلقى ھېلىمۇ " كۆچمەن"دىگەن نام بىلەن مەشھۇر.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتۈپتۇ. ئۇ ھەقىقي پادىشا ئاللا كۆچمەندىن بۆلەك شەھەرلەرنى ئۆز مۇھاپىزىتى ئىچىدە ئاسراپ، ئۇلارنى خۇددى ئۇچتۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ۋەقەلەرگە ئوخشاش ھادىسىلەردىن ساقلىدى. ئەي ئىلاھى پادىشا، ھەر يۇرت ۋە ھەر شەھەرنىڭ ئادەملىرىنى، سېنى نىقاپ قىلىپ پادىشا تونىنى كىيگەن مەجازى ئادەملەرنىڭ غەزەپ ئوتلىرىدىن زۇلۇم- جەۋرلىرىدىن ساقلاپ، ئۆز پانايىڭدا ئاسرىغايسەن — ئامىن!

لېكىن، بۇ نۆۋەتتە سەئىد غازى خېتىپ خوجام ئۇچۇرپاننى پەتھى قىلىپ، زۇلۇم ئىشىگىنى تاقاپ،ئادالەت بابىنى ئېچىپ، شەرئەت مۇستافاۋىيەنىڭ شەرئەت نىزاملىرى ۋە ناماز تەھىيەلىرىنى كۈچلۈك راۋاجلاندۇرۇپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، پۇقرا- خالايىقنى ياخشى يولغا باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىپ تىرىشتى. خوجا ۋەسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى دىن ھۆكۈمرانلىقى مەيدانى ۋە ئادالەت سەھنىسىنى ئىگەللەپ، توغرا يولنى قولدا مەھكەم تۇتۇپ ئىلگىرلىدى. چۈنكى، خوجاملارنىڭ ھەممىسلا ياشتا چوڭ ۋە ئابرۇيدا زىيادە ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار گەرچە پەلەكنىڭ كاجلىقى ۋە نەسلىگىگە ئۇچۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنە ناھايىتى تېزلا يۇقۇرى سائادەتكە ئېرىشتى. ئەگەر خۇداۋەندەكېرىم شەرئەت پانا ئەنبىيا- مۇرەسسەلەرگە، پەزىلەتلىك ۋە توغرا يوللۇق ئەۋلىيالارغا، رەھىمدىللىق ۋە قۇدرەتلىك ماشايىخلارغا ھەم ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئالى دەرىجىلىك پادىشالارغا شانۇ- شەۋكەت ئاتا قىلىشنى ئىرادە ۋە تەقدىر قىلماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ئارقىلىق ئۇلارنى ئالدى بىلەن ئېغىر ھىجران ۋە خارۇ- ئەلەمگە مۇپتىلا قىلىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق ۋە سوغاقلىرىنى كۆرسىتىپ، مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەرنىڭ قايغۇسىنى تېتىتىپ، ئاھۇ- نادامەت تۇزاق- تۇپراقلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، پۇشايمان ئوتى بىلەن پۇششۇرۇپ، خار ۋە

بىئويىتىۋار كوچىلاردىن ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن كېيىن دەرىجىمۇ- دەرىجە ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئەۋجىگە قەدەممۇ- قەدەم ئېلىپ چىقىپ، بەزىلىرىنى ئۆزىگە ھەققى يېقىن دەرىجىگە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەھبۇبى ۋە قۇبۇل تۇتقان بەندىسى قىلىدۇ. بەزىلىرىنى بولسا تەخت- سەلتەنەتتە ئولتۇرغۇزۇپ، قەدىر- مەنزىلىنى پەلەك دەرىجىسىدىنمۇ يۇقىرى ئۆرلىتىپ، ئۇلۇغلۇق سۈپىتىنىڭ سايىسىنى يايدۇرۇپ، ھەقىقىي پادىشالىق دەرىجىسى ۋە دۆلىتىنى ئىلتىپات قىلىپ، دۆلەت ئاپىتۇۋى سولىشىنىڭ ئاغامچىسى بىلەن زۇلۇم قۇدۇقىغا چۆككەن زۇلۇمكەش ئاجىزلارنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت سايىسى بىلەن پەرۋىش قىلدۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، «ھەدىس شىرىپ» تە ” پادىشالار خۇددى قويچىغا ئوخشاش بولۇشى ۋە ئۆز خەلقىگە مەسئۇل بولۇشى لازىم“دەپ يېزىلغان. ھەرقانداق قويچى قوينى ئوبدان بىقىپ، ئوبدان خەۋەر ئالسا، قويلار سىمىز بولىدۇ، قوي كۆپىيىدۇ. قويچىنىڭ مەرتىۋىسىمۇ ئاشىدۇ. ئەگەر قويىدىن ئوبدان خەۋەر ئالماي، بىپەرۋالىق قىلسا، قوي ئىگىسى قويلىرىنى يەنە باشقا ئوبدان قويچىغا تاپشۇرۇپ، ئىلگىركى قويچىنى ئالدىدىن ھەيدىۋېتىدۇ. جۈملىدىن، ئەگەر ھەرقانداق پادىشا پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالسا، ئۇنىڭ دۆلىتى ئارتۇق، مەرتىۋىسى يۇقىرى قىلىپ، يۇرتلىرىنى ئاۋات ۋ مەمۇر قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇ بىپەرۋالىق قىلىدىكەن، مۈلكى ئالەمنىڭ قۇدرەتلىك ئىگىسى بولغان ئاللا، ئۇنىڭ مەملىكىتىنى يەنە بىر پۇقراپەرۋەر مەخلۇققا تاپشۇرىدىكەن. چۈنكى، بىر زالىم ملك بۆرىدىن بەتتەر ياماندۇر. مەملىكەت بولسا ئادالەتلىك بىلەن ئاۋات ۋە زۇلۇم بىلەن خاراپ- ۋەيران بولىدۇ.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، سەئىد غازى خېتىپ خوجام ئۈچتۇرپاندا ئۈچ ئاي مىقدارى تۇرۇپ قالدى. كاشغەردە سىدىق بېك قىپچاق دىگەن باش كۆتىرىپ ئىستىلا تاپتى دىگەن خەۋەر ئاڭلاندى ۋە كاشغەرگە بېرىشنى پىلانلىدى.

## 6

## سەئىد غازى خېتىپ خوجام ۋە توغرا يوللۇق پەرزەنتى ھامىدىدىن خوجاملار كاشغەرنى پەتھى ۋە تەسەررۇف قىلىشنى تاما قىلىپ لەشكەر تارتقىنى ۋە يولدا بولغان ۋەقلەر ئەھۋالاتى، خوجاملار ساددىلىق قىلىپ، سىدىق بېككە گىرىپتار بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ

# دۆلەت خالاسلىغىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئۆز ماكانىغا مۇراجەت قىلغانلىقى ۋەقەلىرى بايانى

دىل كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ئەرباپلار ۋە بىلىم خاتىرىلىك دوستلارنىڭ يۈرۈق دىللىرىغا روشەن ۋە ئايدىڭ بولغايكى، سەئىد غازى خېتىپ خوجام شۇ يىلى جامادىلئاخىرنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى (مىلادى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى – ت) كاشغەرنى پەتھى ۋە تەسەررۇف قىلىشنى مەقسەت قىلىپ يولغا چىقىپ، ئۆز- خەرگاھلىرىنى ۋە چېدىر- بەرگاھلىرىنى ئوت بېشى دېگەن جايغا تىكىپ، هامىددىن خوجامنى ئىككى (مىڭ) لەشكەر بىلەن چاپاۋۇل قىلىپ ئالدىدا ئەۋەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، بىر مىڭ بەش يۈز مەھرەم، ياساۋۇل بىلەن زەپەرگە ئاتلىنىپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، قارا بۇلاق دېگەن مەنزىلگە بارغاندا، نىيىتى بۇزۇلغان بىرقانچە باشباشتاق قىرغىزنى ئولجا- ئەسىر قىلىپ، جازاسىنى بەردى. بۇ چاغدا، ئاقسۇ هاكىمى سەئىد بېك جام جېگدىن جىننى ساقلاپ، كاشغەرگە قېچىپ، ئاكىسى قۇتلۇق بېكنىڭ ئالدىغا بارغان ئىدى. قۇتلۇق بېك بۇ چاغدا كاشغەرگە هاكىم ئىدى. سەئىد بېك ئاكىسىنىڭ مەسلەھەتى ۋە مەنساپدار ئامبانلارنىڭ كېلىشى بىلەن قاخشال يولىنى بويلاپ، ئىلى جاڭجۈنگە خەت ئېلىپ، ياردەمچى چېرىك ئېلىپ كېلىشنى نىيەت ۋە مەقسەت قىلىپ يولغا چىققان ئىكەن. بۇنى بىر قانچە قىرغىز تۇتۇپ كەلدى. هامىددىن خوجام ئۇنىڭ تەن- ۋۇجۇت خامىنىنى كۆككە سورىماقچى بولۇپ تەييارلانغاندا ، قول ئاستىدىكى دۆلەت ئەركانلىرى سەئىد بېكنىڭ قېنىنى تىلەپ ئىلتىجا ۋە ئىلتىماس قىلدى. هامىددىن خوجام ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق گۇناھلىرىغا ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ، ئەماراتلىك (ئەمىرلىك – ت)، ئەمىرلىك مەنسۇۋىنى بېرىپ، سەئىد بېكنىڭ توڭچىسى ئىسمائىل كۈتۋال نامىلىق بىر كىشىنى تۇغقا قان قىلدۇرۇپ، (قەسەم ئىچكۈزۈپ – ت)، مەقسەت مەنزىلى بولغان كاشغەرگە ماڭدى. بۇلار ئۇستۇن ئاتۇشقا بېرىپ، ئەتىسى كاشغەرگە كىرىمىز، قۇتلۇق بېك بولسا مۇسۇلمان ۋە بىز بىلەن بىر يەرلىك، شۇڭلاشقا ئۇ تەرەپتىن قۇتلۇق بېك، بۇ تەرەپتىن بىز هۇجۇم قىلىپ، سىدىق بېك قىپچاقنى ئوتتۇردىن كۆتۈرىمىز

دەپ خام خىيالنى ئوت قالىماي پۇشۇرۇپ، بۇنى چىشىنىز، ئېغىزىنىز نادان دىل تەسەۋۋۇردا چايناپ لەززەتلىنىپ خوش بولۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە، ئۇشتۇمتۇت كاشغەر تەرەپتىن بىر ئۇلۇغ تاغ نامايەن بولدى. يۇقىرىدىن سىنچىلاپ قارىسا، تۇغنىڭ كەينىدىن نۇرغۇن قوشۇن ئۇچۇق كۆرۈندى. بۇلار ئىلاجىسىز جەڭگە كىرىشتى. ئۇ تەرەپتىن قىپچاقلار كېلىپ، ئۆز-ئارا جەڭ باشلاندى. ئىككى تەرەپتىن بىر مۇنچە ئادەم زىيان بولدى. بۇ چاغدا سىدىق بېك تەرەپتىن ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭ " خوجامالار بىلەن ئۇرۇشماي، تىنچلىق ۋە ياخشىلىق بىلەن شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ كېلىڭلار، ھەر قانچە بولسىمۇ، ئۇلار ئىسلام ئاچقان سەئىد غازىلاردۇر ۋە يۇرتىمىزغا كەلگەن مېھمىنىمىزدۇر" دىگەن خەۋىرىنى يەتكۈزدى ۋە ئالدىغا ئادەم چىقىرىپ ئىلتىجا ۋە ئىلتىماس قىلىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن شەھەرگە چۈشۈردى. ياخشى مۇلايىملىق بىلەن نۇرغۇن زىياپەتلەرنى قىلىپ، خىزمەتكار ئورنىدا تۇرۇپ ئۆزرە- مۇئەززىرەتلەر قويدى. لېكىن، لەشكەرلەرنىڭ ئات- ئۇلاغلىرىنى تارتىۋالدى. خوجامالارنىمۇ ئات- ئۇلاغ ۋە چېدىر- بارگاھلىرىدىن ئايرىپ، كەڭرى ۋە خوش ھاۋالىق بىر ھويلىدىن ماكان تەييارلاپ بەردى. خىزمىتىگە ئادەملەرنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممە ئېھتىياجىنى جان- دىلى بىلەن ئادا قىلدى. ئەمما، ئۇلارنى ئاتلىنىپ چىقىشقا يول قويمىدى ۋە كىشلەر بىلەنمۇ كۆرۈشتۈرمىدى. شۇ ھالەت ۋە رەۋىشتە توققۇز كۈن ئۆتتى. سىدىك بېكنى شۇ كۆرگىنىچە يەنە كۆرمىدى ۋە كۆرۈشەلمىدى.

ئاقۇۋەت كاشغەرنىڭ بىر نەچچە ياخشى ئادەملىرى ئارىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈلھى ۋە مۇرەسسە قىلىپ، خوجامالارنى قەشقەرنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى قىلمايدىغان ۋە ئارلاشمايدىغان ، سىدىق بېكنىمۇ ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان تەرىپىگە بارمايدىغان قىلىپ، ئەھدى- پەيمان قىلىپ، قائىدىلىرى ۋە ئانت- ئىمانلارنىڭ چىڭ ۋە مۇستەھكەم قىلىپ، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق قائىدە- رەسمىيەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن چىڭىتىپ، ئالاھىدە قوش باغلىشىپ، قۇچاغلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆپ ياخشى ۋەدىلەرنى قىلىشىپ، بىر- بىرىنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولۇپ، دوستلۇق قائىدىسىنى باشقىدىن تىكلىدى. خوجامالارنىڭ ئات، ياراق ۋە چېدىر- ئۆيلىرىنى بېرىپ، تولا ئۆزرە- خالىقلارنى قويغان بولۇپ، مۇناسىپ تون- سەرپايلارنى كىيدۈرۈپ، لەشكەرلەرنىڭمۇ ئات، ياراقلىرىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ، مارالۋېشىدىن ئۆتمەيدىغان قىلىپ، چوڭ يول بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە راۋان قىلدى. خوجامالارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئامان- ئېسەن قۇتۇلغانلىغى ئۈچۈن ناماز ئوقۇپ شۈكرى قىلىپ، ماھى رەجەپ ئېيىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى (مىلادى 12- ئاينىڭ 27- كۈنى – ت)

ئۆز ۋەتەن- مەلۇپى ئۇچتۇرپانغا يېنىپ كەلدى. بۇ ئەقرەپ پەسلى ئىدى. قىشنى ئۇچتۇرپاندا ئۆتكۈزدى. يۇرتدارلىق ئىشنى كىچىك ئوغلى مەھمۇدىن خوجامغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ھېچقانداق ئىشقا ئارلاشماي، كۈننى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ باھارغا ئۇلاندى.

# 7

## سەئىد غازى خېتىپ خوجام ۋە ئۇنىڭ كۆز قارچۇغى ھامىددىن خوجام ھەم شەيخ نەزەرىددىن خوجاملار ياركەنتنىڭ غازات پەتھىنى قارار قىلىپ ئاتلانغىنى ۋە مەقسەت گۈلى ۋە ئۆز جامالىنى كۆرسەتكىنى، لېكىن زامان ھادىسىلىرىنىڭ توسقۇنلىغى تۈپەيلىدىن بىرمۇ گۈل ئۈزۈلمەي ئۆز ۋەتەن- يۇرتلىرىغا قاتتقانلىغى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ بايانى

مەقسەتكە يەتكەن دوستلار ۋە مەقسەتنىڭ لەززەتلىك مىۋىسىنى يىگەن بۇرادەرلەرنىڭ ھەققانى كۆڭۈللىرىگە ئاشكارە بولۇپ، مەخپى ۋە ئېتىۋارسىز قالمىغايكى، مۇنداق بىر قىسسە ۋە ئەپسانىلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، شەيخ نەزىرىدىن خوجام كۇچاردىن تۆت مىڭ بەش يۈز ئەسكەر بىلەن بىللە ياركەنت غازاتىغا يولغا چىقىپ، ئاقسۇدىن بىر مىڭ بەش يۈز لەشكەر ئالدى. خېتىپ خوجام ئۇچتۇرپاندىن بىر مىڭ بەش يۈز لەشكەر بىلەن كەلدى، جەمئىي يەتتە مىڭ لەشكەر ۋە توپ- زەمبىرەك، ئوق- دورىلار بىلەن ئاتلىنىپ، مەنزىل- مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، مارالبېشىغا باردى. مارالبېشىدىكى ئىككى مىڭچە خىتاي، تۇڭگانى- خۇيجالار بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قورال- ياراقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ تەسلىم

بولۇپ، ئۆزىرىنى ئىمان- شېرىپىگە لايىق ۋە سازاۋەر قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇردى. خوجاملار ئۇلارنىڭ ھەممىسگە تەلقىن- شاھادەت ئۆگىتىپ، ئىسلام شېرىپىگە ئىگە قىلدى. ئۇلارىنىڭ قورال- ياراقلىرىنى ۋە ساڭدىكى ئاشلىقلىرىنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، يېڭى مۇسۇلمان بولغان بۇ خىتايلارغا ۋە تۇڭگانلارغا مادالويە دىگەننى چوڭ قىلىپ، تىنچلىق ئورنىتىپ، خاتىرجەم بولۇپ ياركەنت تەۋەسىگە يېتىپ باردى.

لېكىن بۇ چاغدا ياركەنتتە ئابدۇل راخمان ھەزرىتىم بىر تەرەپ بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋە يەنە بىر تەرەپتىن تۇڭگانلارنىڭ ئىمامى ئۆز پەرمانلىرىنى يۈرگۈزىۋاتقان ھەم خىتايلار بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن خوجاملار بىلەن ئابدۇل راخمان ھەزرىتىم ئوتتۇرسىدا جەڭ- جەدەل پەيدا بولدى. ئاقۋەت جانابى ھەزرەت چەتكە چىقىپ، بۇ ئىشلارغا ئارلاشماسلىقنى لازىم تۇتتى. لېكىن خوجاملار بىلەن تۇڭگانلار بەزىدە ئىتتىپاق، بەزىدا نائىتتىپاق بولۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە، ياركەنتلىك نىياز ئىشكائى بېك باش بولۇپ، بىر قانچە ئادەمنىڭ ئىسمىنى غايىپتىن يېزىپ، كاشغەردىكى ياقۇپ بېك قۇشبېگىنى ياركەنتكە تەكلىپ قىلىپ خەت ئەۋەتتى.

ياقۇپ بېك قۇشبېگى خەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۈمىد بىلەن بىر قانچە يىگىت (ئەسكەر) نى ئېلىپ ياركەنتكە كەلدى. خوجاملار بىلەن تۇڭگانلار ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ باشلىدى. بۇلار بەزىدە غەلبە قىلىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە، بىر مۇناپىق قىپچاق خېتىپ خوجامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، دولىسىغا قىلىچ ئۇرۇپ زەخىملەندۇردى. خوجام ئارامسىزلاندى. ياقۇپ بېك غەلبە قىلىپ ياركەنتنى ئالدى، ھەممىدىن خوجام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سەۋرى- تاقەت قىلالماي، ھىممەت ۋە شجائەت كۆرسىتىپ، شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم ئېتىپ ئۇرۇشۇپ، ياقۇپ بېكنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ھالاكەتكە يەتكۈزدى. قۇشبېگىنىڭ سىپاھلىرى بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جان غېمى ۋە ئەندىشلىرىدىن قورقۇپ، سېپىلدىن ئات سەكرىتىپ چۈشۈپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ قاچتى ۋە بىرقانچىسىنىڭ پۇت- قوللىرى سۇنۇپ ياردار بولدى. لېكىن بىر دەرۋازا ئۇچۇق قالغان ئىكەن. قۇشبېگى جىنىنى جايلاپ قېچىپ چىقىپ، قاراڭغۇدا خەندەككە چۈشۈپ كېتىپ، ئاتتىن ئاجراپ قالغاندا، مۇھەممەت بابا دەھباشى (ئون بېشى ـ ت) دىگەن ئادەمگە ئۇچراپ، ئۇنىڭ ئېتىغا مىنگىشىپ، ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى ـ دە، كاشغەرگە كەتتى. ياقۇپ بېك قۇشبېگى ھامىددىن خوجامغا باراۋەرلىك قىلالماي قېچىپ كىتىۋېتىپ،" ئاتىدىن ئوغۇل تۇغۇلساد ھامىددىن تۆرەدەك تۇغۇسا ئىكەن" دەپ، ئۇنىڭ شجائەت ۋە ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ھامىددىن

خوجام بولسا قۇشبېگى مىنىدىغان ئارغىماق ئېتىنى، ئىگەر- توقۇم ۋە ھەممە جابدۇغىنى ئولجا ئېلىپ ئۆچتۇرپانغا كەلدى.

ئاخىرى خوجامالار بىلەن تۇڭگانلار ئىتتىپاقلىشىپ، ياركەنت شەھىرىنى تامامەن قولغا كەلتۈرۈشكە تەييارلاندى. شەھەر ئىچىدىكى خىتاي ھىچ ئادەمگە باش چىقارغۇزمايتى ۋە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالسىلا ئوق قىلاتتى، ئوقى زادىلا زايە كەتمەيتى. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئوق ئاتىدىغان بولسا، سېپىلنىڭ قوقتىلىرى دالدا بولۇپ، چارىسىز قالاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى مۇئىلىك ۋە مۇئىسىز دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى مەجبۇرىي كەستۇرۇپ كېلىپ، شەھەرنىڭ بىر قانچە تەرىپىگە ئېگىز ياغاچ پوتەي باغلاپ كۆزىتىش ئورنى ياسىدى. بىر نەچچە يەردىن لەخمە كولاپ، يەر ئاستى بىلەن كىرىپ سېپىل ۋە پوتەيلەرنىڭ ئاستىدىن توغرىسىغا دورا قويۇپ ئوت تۇتاشتۇردى. دورا كۈچى سېپىلنىڭ ئون غۇلاچ ۋە يىگىرمە غۇلاچ يېرىنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا تاشلىدى. خىتاي لەشكەرلىرى قوم، تۇپراقلارنى قاپ، تاغارلارغا سېلىپ تەييارلاپ قويغان ئىكەن. ئىسلام لەشكەرلىرى يېتىپ بارغۇچە قاپ، تاغارلارنى سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىگە تىزىپ، بۇرۇنقىدەك قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارنى تولا زىيانغا ئۇچراتتى. شەھەر پەتھى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتتى. خىتايلارنىڭ ئوق- دورا ۋە ئۇزۇق- تۈلۈكلىرى كۆپ ئىكەن. ئۇلارغا تەڭلىك قىلغىلى بولمايتى. ئۇلار ھەر كۈنى دىگۈدەك تىمەن چېرىك ۋە كۈچ- قۇۋۋەت بىلەن چىقىپ ئۇرۇش قىلاتتى.

بىر نەچچە كۆڭۈل ئەيىنگى بىلەن يىراقنى كۆرەلەيدىغان، دانا ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئىلگىرى خاقانى چىنى بۇ يەتتە شەھەرنى تەسەررۇپ قىلىپ، شەھەر- شەھەر ئادەملىرىنى ھىساپلاپ، ئۇلارنىڭ سانىنى ئالغان چاغدا، ياركەنتتە ئىشقا يارايدىغان تىمەن ياش ئەر كىشلەر ئوتتۇز مىڭ، ئاقسۇدا ئالتە مىڭ، كۇچاردا ئۈچ مىڭ، قەشقەردە ئون ئالتە مىڭ، خوتەندە يىگىرمە ئىككى مىڭ ئىكەن دەپ دەپتەرگە ئېلىنغان ئىكەن. ياركەنتتىكى خىتايلارمۇ ئوتتۇز ئىككى مىڭ مۇسۇلماننى، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئادەمنى يوق قىلىپ، ئاندىن ئۆزى يوق بولغان ئىكەن دەيدىكەن. خۇدا ھەققى بەلكى بۇ راست گەپتۇر.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، ياركەنتنى پەتھى قىلىش مەقسىدى ئەنە شۇنداق قىيىن يوللار بىلەن ھەل بولدى. شەھەردىكى نەچچە ساڭ ئاشلىق، قورال- ياراق، ئوق- دورا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشتى. مۇبارەك بادىلىق ساداسى ۋە ناغرا، كاناي ئاۋازى ئاسمان- پەلەككە يەتتى. لېكىن بۇ چاغدا، بىر تەرەپتىن تۇڭگانلار

بىلەن مۇرەسسە پۈتمەي، يەنە بىر تەرەپتىن ئابدۇل راخمان ھەزرىتىم ۋە يەنە بىر تەرەپتىن قاغىلىقتىكى جامالدىن خوجا، ھەتتا ياركەنتتىكى ھەممە ھەزرەت ئىشان ۋە ساھىپجامالىلارنىڭ ھەر قايسىسى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياركەنت ھۆكۈمرانلىغىدىن تەمە قىلىپ، ئۆز- ئارا ئىتتىپاق بولالمىدى. ھەتتا ياركەنتى ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدە تۇتالمىدى ۋە ئېھتىيات قىلىپ ساقلىيالمىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا خېتىپ خوجام ئىشان مىرغىياسىددىنىنىڭ نەۋرىسى مىرزا جاننى پىرزادەم دەپ، ئۇنى باشقا ھەزرەتلەردىن قاچۇرۇپ، ئۇچتۇرپانغا مەخپى ئەۋەتتى. ئەگەر بۇنداق قىلمىغان بولسا، يەنە بىر مۇنچە ناھەق قان تۆكۈلگەن بولار ئىدى. يەنە بۇ چاغدا مۇھەممەت ئەلى خاننىڭ (بۇرۇن بايان قىلىنغان قوقان خانلىغىنىڭ پادىشاسى – ت) ئوغلى مۇزەپپەر خان كەشمىردىن ياركەنتكە كەلدى. بۇ ئىلگىرى كوھستان 145] تەرەپتە ياشايدىكەن. بۇ چاغدا ئۇ بۇ تەرەپتىكى جىدەل- ماجرالارنى ئاڭلاپ ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، تىبەت داۋنى ئارقىلىق ياركەنتكە كەلدى. ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى ۋە نام- نەسەپلىرىنى ئىزھار قىلدى. خېتىپ خوجام ئۇنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مۇناسىپ جاي- ماكانغا چۈشۈرۈپ، ئۆز لايىغىدا مائاش- تەمىنات بەلگىلىدى. لېكىن، بۇنىڭ ھەركەت- تەرەددۇتى باشقىچە ئىكەنلىگىنى بىلىپ،"بىزنىڭ ئۇلۇغىمىز كۇچاردا، شۇڭلاشا كۇچارغا بېرىپ يارلىغىنى قۇبۇل قىلسىلا "دەپ ئادەم قوشۇپ، كۇچارغا يولغا سالدى. كۇچاردىكى خان خوجامۇ ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ، تېگىشلىك تەمىنات بەلگىلەپ، مۇۋاپىق يەردىن خوتۇن ئېلىپ بەردى. شۇڭلاشقا، ئۇ كوڭلى خاتىرجەم بولۇپ تىنجىپ، ئۆزى خالىغان يەردە سەيلى- تاماشا قىلىپ، بۇ جايدا بىر نەچچە ۋاقىت ئىستىقامەت قىلىپ ياتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە كورلىغا بارسام رۇخسەت بىلەن كورلىغا باردى. ياقۇپ بېك غازى كۇچارنى ئالغان چاغدا تۇرپان تەرەپكە سەپەر قىلدى. بۇنىڭ ۋەقەسى كېيىنكى داستاندا بايان قىلىنىدۇ. (ئاللاسەۋىر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر!) خېتىپ خوجام يەنە مەزكۇر جامالدىن خوجامنى كۇچارغا ماڭدۇردى. ئاقىۋەت خوجامالار تۆڭگان بىلەن ئىتتىپاق بولالماي، ياركەنتنىمۇ قولدا تۇتۇپ مۇھاپىزەت قىلالماي، ئۆز ۋەتەن- يۇرتىغا قايتتى. بۇلارنىڭ يۇرتىغا يانمىغىنىدا يەنە بىر قانچە سەۋەپ بار. بۇنىڭ بىرى شۇكى، تۆڭگانلارنىڭ سانى يىگىرمە بەش مىڭ بولۇپ، قورال- ياراقلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. شۇڭلاشقا، خوجامالار ئاز ئادەم بىلەن كەلگەن ئىكەنمىز، ئېغىر جابدۇق قىلىپ كەلگىنىمىز تۇزۇك ئىكەن دەپ يانغان ئىدى. يەنە بىرى، نەزەرىددىن شەيخ خوجامنىڭ مىجەزى مۇقىم ۋە تۇراقلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ گويا ئۆزىنى ئىككىنچى ئەمىر كەبىر تېمۇر كوراگانى دەپ چاغلاپ، ياركەنتتىكى كاتتا ھەزرەت

ئىشانلارنى، تۆڭگانى ئىماملىرى باش يۇرت ئىسلزادىلىرىنى ئادەم ئورنىدا كۆرمىدى. بۇ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشماسلىققا سەۋەپ بولدى. لېكىن سەئىد خېتىپ خوجام بولسا مىجەز- شېرىپلىرى نەپىس ۋە خۇش خۇي، خۇش پېئىللىق، خۇش مۇئامىلىلىك كىشى ئىدى. ياقۇپ بېك قۇشبېگى بىلەنمۇ ئوبدان كۆرۈشۈپ، ئۆز- ئارا مۇھەببەت ۋە يېقىن مۇناسىۋەت يىپىنى باغلىدى ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئەسەر- نەتىجىسىنى كۆردى.

نەزىم:

ئەگەر پادىشا بولسا مۇلايىم سۇخەن،

كى مۇشكۇلنى ئاسان ئەلگەى ھاپىزى ھەي.

.

## 8

## سەئىد جامىلىددىن خوجام پادىشانىڭ ياركەنت ۋە كاشغەرنى ئېلىش ئارزۇ – تەقەززاسى بىلەن بىر سەپەردە ئىككى شەھەرنى ئېلىش تەمەنناسىنى يەنى ئىككى كىيىكنى ئوۋلاش قەستىدە داقا – دۇمباق ئۇرۇپ مەغرۇرلىنىپ ئات چاپقىنى ، بىرىنى ئوۋلاش يەنە بىرىنى ئوۋلاپ يەنە بىرىنى قەستلەپ ئات چاپتۇرۇپ ، ھەر ئىككى كىيىكتىن خالاسلىق دۆلتىنى ھاسىل قىلىپ ، بىردىنلا ئىگىزدە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتقان يامان بۈركۈتنىڭ يىرتقۇچ چاڭگىلىغا گىرىپتار بولغىنى ۋە ھەر ئىككى كىيىك مەشۇغدىن مەھرۇم قېلىپ كۆڭلى مالال ۋە يېرىم بولۇپ ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋە شادى – خورام ۋەتەن – يۇرتىغا قايتىشى قاتارلىق ۋەقەلەر

ئاق كۆڭۈللۈك دوستلار ۋە چوڭقۇر بىلىملىك ئەرباپلارغا مەخپى ۋە يىپپىق قالمىغايكى ، نەقىل ۋە ھىكايىلەرگە ئاساسلانغاندا ، شەيخ نەزەرىددىن خوجاملار يار كەنتنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇتۇپ تۇرالماي يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئاقسۇ ھاكىمى جامالىددىن خوجام پادىشانىڭ ھىممەت ۋە جۈرئىتى جۇش ئۇرۇپ ، غەيرەت ۋە شىجائىتى قوزغىلىپ "ئۆزەم ئاتلىنىپ چىقىپ يار كەنت ۋە كاشغەرنى پەتھى ۋە تەسەررۇپ قىلىپ ، قۇشبېگى دىگەننى تىرىك تۇتۇپ باغلاپ قۇل ئەسىر قىلىپ ، ئۇنى ئىنسان گۇرۇھى كۆرمىگەن خارلىق ۋە زارلىقلارغا يەتكۈزۈپ ، ئېتىمنىڭ ئالدىدا پىيادە ھەيدەپ ھەيۋىسىنى يوقاتمىسام ، نىزامىددىن خوجا شەيخنىڭ ئوغلى بولماي قالاي ۋە سەييىتلىگىممۇ بىكار بولسۇن "دەپ چوڭ گەپلەرنى قىلىپ ، ئاچچىق سۆزلەر بىلەن قەسەم ئىچتى . ئۇنىڭ ھەممە دۆلەت ئەركانلىرى ۋە خۇشامەتچى تۈزكۈرلارمۇ "ئەلۋەتتە شۇنداق، ئۆز يۇرتىدىن قېچىپ كەلگەن ئىگىز ئادەملەرنىڭ نىمە ئېتىۋارى بولسۇن"دەپ ھەددىدىن ئارتۇق خۇشامەت سۆزلەرنى قىلدى . پۈتۈن قىش بويى قورال – ياراقلارنىڭ تەرەددۇتى ۋە ئات – ئۇلاقلارنىڭ غېمىنى قىلىپ باھارغا ئۇلاشتى . يەر يۈزىدىن ئوت – گىيالار بىخ ئۇرۇپ باش كۆتىرىپ چىققان باھار پەسلى كەلگەندە ، ئۆز ئىنىسى جالالىدىن خوجامنى ئۇرنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ۋاكالىتەن ئاقسۇ زىمىننى باشقۇرۇشقا قويۇپ تەييار بولدى . بۇ چاغدا كۇچار خوجىلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئەلىمى ۋە سەئىدلەرنىڭ ئۇلۇغ پىشۋاسى بولغان ئاخۇن خوجام ئەلەم دىگەن بىر كىشى بار ئىدى . بۇ كىشى ئەللىك يىل ئەلەملىك مەنسۇپنى ئۆتەپ ، شەرئەت شېرىپىنى راۋاجلاندۇرغان ۋە خاس ئاممىنىڭ مۇراجىئەتچىسى بولغان بىر مويسىپىت كىشى ئىدى . بۇ كىشى باش بولۇپ كۇچار ، شەھيار لەشكەرلىرىنى باشلاپ كەلدى . سەئىد خېتىپ خوجام ۋە ھامىددىن خوجاملار ئۇچتۇرپان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كەلدى .

سەئىد جامالىددىن خوجام پادىشا سائادەتلىك زامان ۋە شەرەپلىك دەۋراندا ، غەلىبە ئۈزەڭگىسىگە ئاياق قويۇپ ، ئاقسۇدىن موللا ئابدۇل باقى مۇپتى ئاخۇنۇم ، قاسىم قازى بېك ، باقىش مىراپ بېك ۋە مۇھەممەت شېرىپ بېكلەرنى ، كۇچار بەگلىرىدىن ھەججى غەزنىچى بېك ، ياقۇپ دىۋان بېك ، موللاش مىراپ ، ئاقمۇللا مىراپلارنى ، ئۇچتۇرپان بەگلىرىدىن ئاق بېك ، مۇسا بېك ، قۇربان مىراپ ، ئىبراھىم مىڭ بېگى قاتارلىق كارغا يارايدىغان ۋە ئىشنىڭ

ئەھدىسىدىن چىقالايدىغان ، ۋۇجۇدىدا ھىممەت ۋە غەيرىتى بار بەگ ۋە بەگزادىلەرنى ھەمرا قىلىپ يار كەنتكە ئاتلاندى . ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى يىگىرمە ئالتە مىڭ دەپ دەپتەرگە ئالدى . بازارچى ، پىلتىرچى ، قۇشچىلار بۇ ھىساپنىڭ سىرتىدا ئىدى . بۇلار دۆلەت دەبدەبىسى ۋە سۆلتى بىلەن يوللارنى بېسىپ ، يار كەنتكە ئۈچ مەنزىل قالغاندا ، ياركەنتنىڭ ۋالى ۋە ئاھالىلىرى ، ھەزرەت ئىشانلار ، تۆڭگانى ئىماملىرى قاتارلىق چوڭ – كىچىك ئۇلۇغلار ، مۆتىۋەر زاتلار توپ – توپ ، گۇرۇھ – گۇرۇھ بولۇپ ، سوغا – سالاملارنى ئېلىپ ئالدىغا چىقىپ ، زەپەر ئۈزەڭگىلىرىگە يۈزنى سۈرتۈپ ، قوللىرىنى كۆتىرىپ ، ئاللا دەرگاھىنىڭ ئالدىدا ئاجىز ۋە سۇنۇقلۇغىنى ئىپادىلەپ دۇئا قىلىشىپ ، پەتھى ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ، خوجامىلارنىڭ ئۆمۈر دۆلەتلىرىگە دۇئالارنى قىلىپ ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، خىجالەتنىڭ قارا تەرلىرىگە غەرق بولۇپ ، ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تۇردى . خوجامىلار بۇنى بىلىپ شاھانە ئىنئام ۋە پادىشالارچە مەرھەمەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ گۇنالىرىنى كەچۈرۈپ ، دىل – كۆڭلىنى كۆتىرىپ ، ئاللا دەرگاھىنىڭ ئالدىدا ئاجىز ۋە سۇنۇقلۇغىنى ئىپادىلەپ دۇئا قىلىشىپ ، پەتھى ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ، خوجامىلارنىڭ ئۆمۈر دۆلەتلىرىگە دۇئالارنى قىلىپ ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، خىجالەتنىڭ قارا تەرلىرىگە غەرق بولۇپ ، ئىلگىرى قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تۇردى . خوجامىلار بۇنى بىلىپ شاھانە ئىنئام ۋە پادىشالارچە مەرھەمەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ گۇنالىرىنى كەچۈرۈپ ، دىل – كۆڭلىنى كۆتىرىپ ، ھەممىسىنى خوش قىلىپ ئۇلۇغلاپ ، دەبدەبە ۋە داغدۇغىلارنى قىلىپ ، خوشاللىق بىلەن يار كەنت پايتەختىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى ، مەيلى تۇڭگانلار بولسۇن ياكى ھەزرەت ئىشانلار بولسۇن ، ئومۇمەن ھىچقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىدە خوجامىلارغا نىسبەتەن بىرەر غەيرى ئويلارنى ئويلاشقا كۈچ – قۇۋۋەت ياكى مادار يوق ئىدى . ھەممە ئەئيانى ئەشرەپلەر ئىتائەت بەلۋىغىنى مەھكەم باغلاپ ، خوجامىلارنى قۇت – مۇبارەكلەپ ، شاھانە ناغرا ، كانايلىرىنى ۋە سۇناي ، دۇمباقلىرىنى چېلىپ ، شادىيانە سادا ئاۋازلىرىنى ياڭراتتى . ھەر قايسى يۇرتلاردىن توپ – توپ بولۇپ مۇبارەكلەشكە كەلگەن خالايىقنىڭ شاۋقۇن ئاۋازى بۇ خۇددى كۆك گۈمبەزدەك ئاسمان راۋىقىغا چىرماشتى . خوجامىلار ئىنئام ئىشىگىنى ئېچىپ ، ئادالەت كىگىزىنى يايدى . قوي بىلەن بۆرە بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچتى . لاچىن بىلەن كەپتەر بىر تاكچە ئۇۋۇدا چۈجە چىقاردى . ئىنسان گۇرۇھى ۋە بەلكى ھەممە مەخلۇقات ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت مەدەن – جىسىملارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ يوقالدى. ئۈلپەت ۋە مۇھەببەت قائىدە – يوسۇنلىرى خۇددى قۇياش ئاپتۇۋىدەك نۇر چاچتى . خوجامىلارنىڭ ھالى رەۋىشلىرى يۇقۇرى

ئۆرلەپ ، خالايىققا كۆپتىن ـ كۆپ ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلىپ ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا خاتىرجەم ئولتۇردى .

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە مەقسەتلىرى قەشقەرنى پەتھى قىلىش ئىدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇزۇق- تۈلۈك تەييارلاش، لەشكەر، قورال- ياراق راسلاش ئىشلىرىنىڭ ئارزۇ ۋە ئىشتىياقى ئۇلارنىڭ دىل ئەينەكلىرىگە چۈشتى. ياركەنت تەۋەسىدىن كۆپ ئەسكەرنى يىغىپ، شەرەپلىك دەۋران ۋە سائادەتلىك زاماندا قەشقەرگە يۈرۈشنى پىلانلىدى. ياركەنت ھۆكۈمىتىنى مەزكۇر ئەلەم ئاخۇن غوجامغا تاپشۇرۇپ، مەملىكەتنىڭ بارلىق ئىشىدا ئۇنى ھاكىم مۇتلەق قىلىپ بەلگىلىدى. لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ھېساپلىدى. قۇشچى، پىلتىرچى، بازارچى، مىراخورلاردىن باشقا يەتمىش ئىككى مىڭ مۇسۇلمان ۋە تۇڭگانلارنى دەپتەرگە ئالدى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلىكىدىن پوش-پوش دىگەن ئاۋازلار، كوچا- بازارلادا تاماشا قىلىپ چۆرىدەپ ساقلاپ تۇرغۇچىلار ۋە ئەسكەرگە ماڭغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ" يول بولسۇن" دېگەن پاتىھە ساداسى، كاناي- سۇناي، داقا- دۇمباقلارنىڭ پەريات ئاۋازى، مۇغەننىلەرنىڭ ئايرىلىش ئالدىدا ئوقۇغان ئاھ-نالە جان سۆزلىرى ۋە ئوتلۇق غەزەل، مۇقام جىگەر سۆزلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن لەشكەرلەرنىڭ ئات ئاياقلىرىدىن چىققان چاڭ-تۇزانلار بولسا بۇ چاڭ- تۇپراق ئالەمدىن ئاسمانى پەلەككە ئۆرلىدى. بۇ ھال گويا كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزىنى كور ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قۇلاقلىرىنى گاس قىلدى ، ئەقىل – ئىدرەك ھىسسىياتلىرى ئۆزىنىڭ ھىسسى قۇۋۋەتلىرىدىن ئاجراپ چىقىپ توختاپ قالدى ، گۇياكى قىيامەت كۈنىدىكى يىغىلىش مەيدانىدىن بىر نەمۇنە ۋە ئەرسات غەۋغالىرىدىن بىر نىشانە ئاشكارە پەيدا بولغاندەك بولدى .

تارىخ ھجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى جامادىيەل ئاۋالنىڭ ئىككىنچى كۈنى ( مىلادى 1866- يىل 9- ئاينىڭ 12- كۈنى – ت ) ئىدى . خوجاملار قورال – ياراقتىن باشقا يەنە ئىككى يۈز ھارۋىدا غول زەنجىر كىشەنلەرنى ئېلىپ"كاشغەرگە بارىمىز ۋە بۇ جاينى ئالىمىز ، قىپچاق ، ئەنجانلىقلارنى قۇل ئەسىر قىلىپ ، غول زەنجىرلەر بىلەن مەھكەم باغلاپ ئېلىپ كېلىمىز"دەپ خام تامالارنى ئوت ياقمىغان قازانغا سېلىپ تەييارلاپ پىشۇرۇپ، چىشى يوق قۇرۇق ئاغزىدا چايناپ لەززەتلىنىپ، خوش بولۇپ ماڭغان ئىدى . ئەمما خوجاملار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەر قانداق دەۋر ۋە زاماندا ، بۇنداق كۆپ ئەسكەر توپلىنىپ ئاتلانغان ئەمەس ئىدى. ھەتتا بۇ ئەھۋال كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بولۇپ باقمىدى. ئالەمنى ياراتقان ھىممەتلىك ئاللانىڭ فەزىل ئىنايىتى بىلەن سەئىد جامالىددىن خوجام پادىشا رەھمۇ – رەڭ شاھانىلىق كىيىمنى ئۈچىسىغا كىيىپ ، شاھى تاجىسىنى بېشىغا قويىدى ۋە ئىسپان قىلىچىنى

قۇۋۋەتلىك بىلىگە باغلىدى. ياخشى ئاتقا مىنىپ، چوڭ سۆلەت ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن جابدۇنۇپ تەييارلىنىپ، يولغا تىككىلگەن ئۆي زەربگاھ ۋە چېدىر – بارگاھلىرىغا چۈشتى . بۇ يەردە ئىككى كۈن ئارام ئېلىپ . چوڭ – كىچىك ئەسكەرلەرگە ئۆز لايىغىدا خىراجەت ۋە تون – كىيىملەرنى بېرىپ ، ئۈچىنچى كۈنى ئارزۇ ۋە مەقسەت تەرەپكە قەدەم تاشلاپ ، ئاستا – ئاستا يۈرۈپ خانىرىق تەۋەسىگە پادىشاھانە بارگاھنى تىكلەپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئارقا ۋە ئالدىنى رەتلەپ مۇلاھىزە قىلىپ ”ئەگەر ياقۇپ بېك قۇشبېگى بۇنچىلىك نۇرغۇن ئەسكەرنىڭ كەلگىنىنى بىلسە ، ئىختىيارسىز كاشغەردە تۇرالماي ئۆزىنى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئېلىشى ۋە كاشغەر ئەھلى ئاتنىڭ ئايىغىدا قېلىشى ئېھتىمالى بار “دەپ، ئەسكەرنىڭ كۆپلۈگىنى تەكيە – يۆلەنچۈك قىلدى . لېكىن ، مۇلۇك ئىگىسى بولغان خۇداۋەندەكېرىمنىڭ كامالەت – قۇدرىتىنى تەكيە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالدى . ھەتتا بۇ پەلەكنىڭ خىلمۇ – خىل خىيالىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. بۇ ئەڭ بۈيۈك ئالەم ئىگىسىنىڭ زاۋال ئاقىۋەتكە يەتكۈزۈشىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى .

دەل مۇشۇنداق چاغدا يىگى ھىسار تەرەپتىن بىر تۇغ نامايان بولدى . تۇغ ئىچىدىن ھەر خىل ئەلەم – بايراقلار كۆرۈندى . سەپسىلىپ قاراپ تۇرسا ، كۆرۈنگەن بۇ تۇغ ئەلەملەرنىڭ ئىچىدىن قۇشبېگىنىڭ قوشۇنى ئايان ۋە ئاشكارا بولدى ، ھەر تەرەپكە قويغان ئىراۋۇلچى ۋە قاراۋۇلچىلار يېتىپ كېلىپ كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىنى مەلۇم قىلدى ، جامالىددىن خوجام”قۇشبېگىنىڭ يىگىتى ئاز، بىز بولساق كۆپ“دەپ لەشكەرلىرىنى ئوڭ ۋە سولغا بۆيرۇپ ” ئىككى تەرەپتىن خۇددى ئەجدىھادەك باش تارتىپ ، قۇشبېگىنىڭ يىگىتلىرىنى ئوتتۇرغا ئېلىپ ، ئۇلارنى تاش سېپىلدەك مۇھاسىرىگە ئېلىپ سەپنى ئۈيۈشتۈرۈڭلار ، ھەر كىم قولغا چۈشسە تىرىك ئېلىپ كېلىڭلار “دەپ پەرمان ۋە ھۆكۈم قىلىپ ، ئۆزى ئوتتۇرىدا خاتىرجەم تۇردى . دەرۋەقە بۇ قوشۇنغا قارايدىغان بولسا ، قۇشبېگىنىڭ يىگىتلىرى گويا ئاسماندىكى بىر توپ فەرقۇن ( ئۈكەر – ت ) يۇلتۇزغا ئوخشايتتى . خوجامىلارنىڭ يىگىتى بولسا يەتتە قات ئاسماندىكى ھەممە يۇلتۇزنىڭ سانى باراۋىرىدەك كۆپ ئىدى . شۇ كۆنلەردە گولاپىنىڭ ئۇلۇغى ھەمراخان دىگەن ئىككى يۈز ئەللىك كۈچلۈك جەڭگىۋار ئادىمى بىلەن خوجامىلارغا ياردەمگە كەلگەن ئىدى . خوجامىلار”بىزگە غەيرى يۇرتلارنىڭ ئادىمى كېرەك ئەمەس“ دەپ چەتكە قاقتى . ھەمراخان نائۈمىت بولۇپ قۇشبېگىگە ياردەم قىلىپ ، نۇرغۇن ئىشنى قىلدى .

لېكىن ، قۇشبېگى خوجامىلارنىڭ يىگىتىنىڭ كۆپلۈگىگە قاراپ ئەندىشە قىلىپ ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئازلىغىنى ، پەملەپ ، ئاللا دەرگاھىغا تەۋەككۈل قىلىپ ، يىگىتلىرىنى توپ – توپ قىلىپ ھەر تەرەپكە قۇشلىدى . ئابدۇللا نامىلىق بىر

پانسەت باھادۇرلىرنى باشلاپ ، خۇددى بالا – قازا ياغدۇرىدىغان قىياپەتتە كېلىپ ، خوجامىلارنىڭ لەشكىرىگە ئۆزىنى ئۇردى . خوجاملارنىڭ ئىككى قانات قوشۇنلىرى ئارىلىغىدا توپ – زەمبىرەكلەر بىلەن توپلىشىپ تۇرغان تۇڭگانىلارنىڭ يېنىغا كىلىپ ، يەنە كەينىگە ياندى . يەنە بىر تەرەپتىن غازىبىك پانسەت ، ئەزىز بىك جالالاتلار چەپ تەرەپتىن ئات ئوينىتىپ كېلىپ ئۇرۇش مەيداندىكى جەڭ ۋە قىرغىنچىلىق مەركىسىنى ئەۋجىگە يەتكۈزدى . ئابدۇللا پانسەت ئىككى – ئۈچ نۆۋەت جەۋلانبازلىق قىلىپ ئارقىغا چېكىنىپ تۇرغان بىر ھالەتتە ، خوجاملارنىڭ لەشكەرلىرى چەپ قول تەرەپتىن زەربىگە ئۇچراپ ئارقىغا چېكىندى . بۇ ئارىلىقتا بىر مۇنچە ئادەم ھالاك بولغانلىقى ئۈچۈن "ئارقىغا يېنىڭلار"دىگەن ئاۋازنىڭ ساداسى كەلدى . خوجاملار ئىلاجسىز بۇلۇپ ۋە «ھەدىس شېرىپ» تە كۆرسەتكەن "كۈچى يەتمەي چىداشلىق بېرەلمىگەن چاغدا، قاچماقلىق بولسا پەيغەمبەرنىڭ يولىدۇر" دىگەن سۆزىنى ئۆزلىرىگە لازىم ۋە ۋاجىپ دەپ ھىساپلاپ، قوش پىلتىرلىق قورال-جابدۇقلار ھەم چېدىر-بارگاھ ۋە باشقا قورال-ياراقلىرى، يىمەك-ئىچمەكلىرى، مال-دۇنيا غەزىنە قاتارلىق خىلمۇ-خىل ئەشيالىرىغا قارىماي، ئات قامچىسىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇرۇپ، ئاقسۇ يولىغا قاراپ مېڭىشنى ئىختىيار قىلدى.

نەزىم:

پاراكەندە لەشكەرلەر قولدىن ئىش كەلمەگەي،

ئىككى يۈز مەردانە جېڭى ياخشىراق يۈز مىڭدىن.

بۇ ھال ئاللانىڭ قۇرئانى كېرىمدە يېزىلغان« ئاللانىڭ ياردىمى ئاستىدا ئاز سانلىق قۇشۇن ھامان ئۆزىدىن كۆپ سانلىق بولغان قۇشۇننى يېڭەلەيدۇ» دىگەن ئايىتى مەزمۇنىغا بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. غوجاملار ئىككى يىل ئىچىدە ئاقسۇ، كۇچار، ياركەنت، ئۈچتۇرپان ۋە كورلىغىچە بولغان يۇرتلارنىڭ خىراجىتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل ھەم جېنى بىلەن تەييارلانغان ئۈسكۈنە ۋە قورال-ياراقلارغا ئىگە بۇلۇپ تۇرۇپ، ئەقەللى ئىككى سائەتمۇ باراۋەرلىك قىلالماي، خۇددى چاڭ-تۇزاڭدەك تۇزۇپ كەتتى. قىتئە:

خۇدا يكىم ئىرۇرلەر مالىكۇل مۇلك،

كى ھەركىمگە بەرسە تۇتتۇل مۇلك.

نەھەددى بولغاي كىشىغە مۇلك ئالماق،

شەھەنشاھىكى ئولدۇر تەنزۇلمۇلك.

غوجاملار قۇشبېگى ھەققىدە ھەر خىل گەپلەرنى قىلغان ئىدى. بۇ قايرىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلدى.«ھەدىس شېرىپ»تە يېزىلغان”بىر تۇغقان بۇرادىرىگە ئورا كولىغان ئادەم، ئاخىرى بۇ ئورىغا ئۆزى چۈشىدۇ “دىگەن سۆز دەل بۇلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. غوجاملارنىڭ ئىچىدە بىر قانچە ياخشى ئادەم بىھۇدە ئۆلۈپ كەتتى. بىر مۇنچىسى ئەسىرگە چۈشتى، بىر مۇنچىسى ئات-ئۇلاقلىرى، كىيىم-كېچەكلىرىدىن ئايرىلىپ يالىڭاچ بولۇپ، يە تائام ۋە يە سۇ تاپالماي ئاچ قىلىپ، چۆل-جەزىرىلەردە يوقاپ كەتتى. بەزىلىرى يېرىم جان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. مەغلۇبىيەت كۆنى گويا ئۇلارغا قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى. ”مەن ۋە مەندىن غەيرى ئادەم يوق“ دەپ ناغرا چالغان غوجاملار بولسا ئۆز جېنىدىن بىزار بولۇپ، بەزىدە ھوشىغا كېلىپ، بەزىدە ھوشنى يوقىتىپ، بىخۇت بولۇپ، چۈش كۆردۇمۇ ياكى شۇنداق بىر خىيال بۇ ئەھۋاللارنى ماڭا كۆرسەتتىمۇ؟ مېنىڭدە قانداق ئەھۋاللار يۈز بەردى؟ مەن نېمە بولدۇم دەپ نەششە چېكىپ كاللىسى ئايلانغان بەڭگىلەردەك، ياكى ئەپيۇن چېكىپ كۆڭلى خىيالغا چۈشۈپ كەتكەن ئەپيۇنكەشلەردەك، كۆڭلى ئايلىنىپ، تىلى كالۋالىشىپ، جېنى چىققۇدەك بولۇپ ياكى يېرىم جان بولۇپ، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتچىلىك ۋە ئاۋارىچىلىق بىلەن ئاران دىگەندە تۇرماقچى بولغان ئارامگاھقا كېلۋالدى. ئېھتىمال بۇ كۆك ئاسمان ۋە كاج شۇم پەلەك ئۆزىنىڭ سېھىرلىك ئۇيۇنلىرىنى كۆرسەتتى بولغاي.

بۇ چاغدا ياركەنت پايتەختىدە تۇرغان سەئىد ئەلەم ئاخۇن خوجام خانئېرىقتىن قېچىپ كەلگەنلەردىن بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ، تاقىتى تاق بولۇپ ئولتۇرالماي،”مەن كاشغەرگە بارىدىغان بولۇپ قالدىم“دىگەن بانا بىلەن ئۆزىنى ياركەنتتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئاقسۇ تەرەپكە راۋان بولدى. دىمەك، خوجاملار شۇنداق قىلىپ بىر دودا ئىككى شەھەرگە ئاياق تاشلىدى. كاشغەرنى ئالىمەن دەپ ياركەنتنىمۇ قۇرۇق قالدى. نەتىجىدە ئۇلار ئاران دىگەندە ھۇشىغا

كېلىپ، كاشغەر بىلەن ياركەنتتىن تەمە قىلىپ، بۇ جايلارنى زادىلا كۆڭلىمىزدە تۇتمايلى، ئۇ تەرەپنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ ۋە ھەۋەس قىلمايلى دىيىشتى. ئۇلار كېيىن دەرۋەقە بۇ جايلارغا كېلەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن نىمە چىققان بولسا ئۆزلىرىمۇ نەتىجىنى كۆردى.

نەزىم:

خۇدا بەرگەن سەن ھەرگىز ئۆچەشمە،

ئاتا ئەيلەپ ئۆزى بەردى خۇداۋاندە.

لېكىن بۇ چاغدا تۇڭگانلار ئون ئىككى مىڭ كىشىدىن ئارتۇق ئىدى. ئۇلار گۇيا ئۆكەر يۇلتۇزدەك توپ بولۇپ، توپلىرىنى پىلتىرلاپ، نۇرغۇن ئادەمنى زەخمە قىلىپ تاكى نامازشامغىچە قۇشبېگىنىڭ يىگىتلىرىنى يېقىن كەلتۈرمىدى. قۇش بېگى بولسا يوتىسىغا ئوق تېگىپ دەرمانسىزلاندى. ئاقۋەت تۇڭگانلار بىلەن سۈلھى شەرتلىرىنى تۈزۈپ، ئۇلارنى توپ ۋە توپ خانلىرى بىلەن بىللە كاشغەرگە ئاپىرىپ، ھەر بىرىگە ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە مۇۋاپىق ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلىپ، ھەر خىل ۋەدە- قەسەملەرنى بېرىپ، داغدۇغا قىلىپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. قورال- ياراقلىرىنى ئېلىۋېلىپ، تون كىيدۈرۈپ، ھەر خىل ئەمەل- مەنسەپلىرىنى بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە رام ۋە قۇش قۇشلايدىغان قىلىۋالدى

## 9

## سەئىد خېتىپ خوجامنىڭ ۋۇجۇت باغىستانىنىڭ غۇنچە نەۋ باھارى ۋە قەلبى سەدەپلىرىنىڭ تېپىلماس گۆھىرى، يەنى مەھمۇدىن خوجام پادىشانىڭ ھۆكۈمرانلىغى ۋە مەنكى كەمىنە بۇ ئەسەر ئىگىسى موللا مۇسانىڭ سەرگۈزەشتە ماقالاتلىرى، بىر قانچە سۆزلۈك پىرقەلىرىنىڭ ئېتىقادى قاتارلىق ئەھۋاللار بايانلى

ھۆرمەتكە ئىگە يارەنلەر، پەملىك بۇرادەرلەرنىڭ ئالى مۇقام زېھنلىرىگە مەخپى ۋە ئېلانسىز قالمىغايكى، سەئىد بۇرھانىدىن خېتىپ خوجام كىچىك ئوغلى مەھمۇت خوجامنى ئۆز يۇرتىغا ۋەكىل قىلىپ ئۇچتۇرپان مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ، ئۇچتۇرپان ھاكىمى توختى بېك ۋە كۇچارلىق تەلەي دادخۋانى ئۇنىڭ خىزمىتىگە بەلگىلەپ غازاتقا ئاتلانغان ئىدى. بۇ پادىشا خوجام ئۇچتۇرپان مەملىكىتىنىڭ ئالى ھۆكۈمرانى بولغاندىن كېيىن، «ھەدىس شېرىپ» تە يېزىلغان" ئىسلام دىنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ھەممىنى يوق قىلىدۇ – ت)"دىگەن مەزمۇن بويىچە، ئىلگىركى مەنساپدار كاپىرلار، زالىم جەۋرىكەشلەرنىڭ رەسمىيەت- يوسۇنلىرىنى يوق قىلىپ، سەلتەنەت رەۋىشى ۋە يۇردارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى شەرىئەتنىڭ ئىنچكە ھۆكۈملىرى بويىچە ئۆلچەپ بىر تەرەپ قىلدى. شەھەردىكى چوڭ بۇتخانىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر كاتتا مەسچىت جامە بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋەخپە ۋە باشقا مال- مۈلۈكلەرنى تەيىنلىدى. بۇ خوجامنىڭ ئومۇمەن ئۈچ يىل بىر ئايدەك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە، ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئىشلىرىغا دەخلى قىلىپ ئارىلىشالمىدى. چۈنكى، بۇ خوجام گەرچە باشقا خوجىلاردىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن پەم- پاراسەتلىك ۋە ئىلىم- دىيانەت، پەزىل- كامالەتتە ھەممىدىن چوڭ ئىدى. ئۇزۇن مۇددەتتىن بۇيان، كاپىرلارنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرى ۋە زۇلۇم- جاپالىرى، قەدىمقى بەگلەرنىڭ ئۆزىچە پەيدا قىلغان رەسمىيەت- تۈزۈملىرى ۋە ئەسكى ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ كەلگەن بۇ شەھەرلەردە، مەزكۇر خوجام «ھەدىس شېرىپ» تە ئېيتىلغان"سۆھبەتداشلىق تەسىر قىلىدۇ - ت"دىگەن مۆجىزىلىك ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ ۋە ئۆزىنىڭ خۇي- مىجەزىنىمۇ بۇنىڭغا توغرىلاپ، خالايىقنىڭ دىل- كۆڭلىگە ئورناپ مۇقىملىشىپ كەتكەن ۋە يامانىنى ياخشىدىن ئايرىمايدىغان ئەسكى مېرەز ۋە بىدئەت ئىشلارنى قىلىش ۋە نەيزە ئۇچى بىلەن يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پەيغەمبەرنىڭ شەرىئەت- سۈننەتلىرى ۋە ھۆرمەت پەزىلەتلىرىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى سىياسەت شەمشىرىنىڭ سۇيى ۋە تۇپرىغى بىلە پەرۋىش قىلىپ كۆكەرتىپ، پۇراقلىق مايىسا رەيھان گۈلىنى ئۆستۈردى. چۈنكى، «ھەدىس شېرىپ»تىمۇ "جەننەت قىلىچنىڭ سىياسى ئاستىدا"دەپ كۆرسىتىلگەن مەزمۇن بۇ ئىشلارغا گۇۋالىق بېرىپ تۇرىدۇ.

مەھمۇدىن خوجام يەنە شەھەر، سەھرالاردىكى مەسچىت، خانىقالارغا ئىمام، مۇئەززىنلەرنى توختىتىپ، بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئۆتەشنى بەرپا قىلدۇردى. شەرىئەتنىڭ ھەممە قائىدە- يوسۇنلىرىنى رەسۇلۇللانىڭ سۈننەت

كىتاۋىغا (ھەدىسىگە – ت) ۋە توغرا يوللۇق ئۆلىمالارنىڭ سۆز- پىكىرلىرىگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇلۇغ شەرىئەت قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، شەرىئەتتىن چىققان ھېچقانداق ئادەمگە يۈز- خاتىرە قىلماي، ھۆكۈم جارى قىلدى. ھەتتاكى، قىمارۋاز، كەپتەرۋاز، كەكلىكۋاز، توخۇمباز قاتارلىق ھەممە بازارلارغا قەتئىي ئەدەپ بېرىپ يوق قىلدى. لېكىن، ئۆزى شاخماتچى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۇلۇغ شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرىنى مەھكەم ھىمايە قىلىپ، خالايىقنىڭ غەم- ئەندىشە ۋە راھىتىنى ئىستىگەنلىكتىن، چوڭ ۋە كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن رازى ۋە خوشال ئىدى.

بۇ ئەسەرگە قەلەم تەۋرەتكەن مەنكى، كەمىنە مۇسا مەزكۇر خوجام پادىشانىڭ ھوزۇرىدا ئۈلپەتداش ۋە سۆھبەتداش ئىدىم. مەيلى بىرەر ئۆلىما ياكى پازىللار بولسۇن ۋە ياكى ھاكىم ھەم دادخوۋالار بولسۇن، مەندىن مەسلىھەتسىز بىرەر ئىشنى قىلالماس ئىدى. چۈنكى، مەن بۇ خوجام پادىشا بىلەن كۇچاردا يەتتە يىل مىقدارى بىر مەدرىس ۋە بىر ھۇجرىدا بىللە تۇرۇپ، ساۋاقداش، قۇرداش ۋە دوست- ئاداش بولۇپ كەلگەن ئىدىم. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۈچتۇرپانلىق باي مۇھەممەت قازىبېك مەن پېقىرنى ئىپتارغا تەكلىپ قىلدى ۋە "ئىپتار قىلىپ، قونۇپ قۇنۇپ ئەتە كىرسىلە، پادىشا خوجامدىن مۇشۇنداق دەپ رۇخسەت ئېلىپ چىقسىلا"دەپ تەكىد قىلدى. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ھويلىسى شەھەرنىڭ تېشىدا ئىدى. مەن بولسام بىرەر كىچىمۇ خوجام پادىشادىن بىجاۋاپ باشقا يەرگە بارماس ئىدىم. چۈنكى، مەن خوجام پادىشا قاتنىشىغان بەش ۋاقىت نامازغا ئىمام ۋە مەسچىت جامەگە خېتىپ ئىدىم. مەخپى گەپ- سۆز ۋە خەتلەرگە سىرداش ئىدىم. توققۇز قاراۋۇلدىن كىرگەن ۋە چىققان ئادەملەرگە مەن مەسئۇل ئىدىم. قاراۋۇللارنىڭ يول خېتىمۇ مېنىڭ قولۇمدا ئىدى.ھېچقانداق كىشى مەندىن بىجاۋاپ قاراۋۇلدىن زادى ئۆتەلمەيتى.

يەنە بىرى شۇكى، خوجام پادىشا پادىشالىق ئورنىدا تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭغا بىر مۆھۈر لازىم بولۇپ قالدى. مۆھۈرنى قانداق ئويدۇرۇش ھەققىدە ھەر كىم ھەر خىل قاپىيەلىك سۆزلەرنى تۈزگەن ئىدى. مەنمۇ شۇ كىشلەرنىڭ قاتارىدا بىر سەجئى (قاپىيەلىك سۆز - ت) تۈزۈپ،" يافەت ئىززىتى زى ھەررىتى مەئۇبۇد، ئىبنى بۇرھاندىن خوجە مەھمۇد"(ئۇلۇغ ئاللانىڭ دەرگاھىدىن ئىززەت تاپقان بۇرھاندىن خوجا ئوغلى مەھمۇت - ت) دىدىم. خوجا پادىشا بۇ سەجئىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ماقۇل كۆرۈپ، مېنى مۆھۈر ئويدۇرۇشقا تەيىنلىدى. مۆھۈركەند (تامغا ئويغۇچى - ت) نىڭ ئالدىدا قاراپ تۇرۇپ مۆھۈرنى راسلاپ، ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. خوجا پادىشا ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، مېنى مۆھۈردار قىلىپ،

مۆھۈرنى تاپشۇردى. ھەرقانداق نىشان ۋە دەستەككە مۆھۈر بېسىش توغرا كەلسە ماڭا بۇيرۇيتى. مەن ئۇلارغا مۆھۈر بېسىپ بېرەر ئىدىم. يەنە خىتايلاردىن قالغان بىر بۇغداي ئۇنى سېڭى، بىر بۇغداي سېڭى ۋە بىر ئارپا سېڭى بار ئىدى. بۇ ئۈچ ساڭنى باشقۇرۇشنىمۇ ماڭا تاپشۇرغان ئىدى. ئالى ئوردىنىڭ ئاشخانا، ئاتخانا ۋە مەھرەملەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا چىقىملىرى مۇشۇ ساڭدىن سەرپ قىلىناتتى. مەن بۇ ئىشلارنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇشنى ئۆز ئىنىم مۇھەممەت خەلپىگە تاپشۇرغان ئىدىم. ئۇ بۇيرۇق ۋە نىشانلار بويىچە ئاشلىقنى سەرپ قىلاتتى. بۇرچىخانىغا كېرەكلىك گۆش، گۈرۈچ، سەۋزە ۋە پىيازغىچە بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەزكۇر ساڭنىڭ ئاشلىغىنى سېتىش ئارقىلىق كۈندىلىكنى كۈندىلىك بازاردىن ئېلىپ بېرىلەتتى. بۇ ساڭدىكى شۇنداق ھېساپسىز كەڭرى ئىدىكى، ئىككى يىلدىن كېيىن ساڭغا كىرسەم ئاشلىقنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىمۇ تېخى سەرپ بولۇنماپتۇ. لېكىن ئۆزەمگە تەسقىم قىلىنغان ئۇن ۋە بوغۇزدىن ئەقەللى بىر جىڭ ياكى بىر سەرمۇ ئالمىغان ئىدىم. مەن ئىنىم بىلەن بىر ھويلىدا تۇراتتىم. ئەگەر بەزىدە چىراققا ياغ ياكى شام لازىم بولۇپ قېلىپ، ساڭدىن بىرەر نەرسە ئېلىپ چىقسام، بازار نەرقى بىلەن ھېساپلاپ پۇلنى بېرەتتىم. بۇ بولسا مېنىڭ ھەرگىزمۇ ھارامدىن ساقلانغىلى ياكى تەقۋادارلىغىمدىن ئەمەس. بەلكى مېنىڭ ئىنساپ ۋە ئېھتىيات قىلغانلىغىم ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە توققۇز ساڭدا لىپمۇ-لىق ئاشلىق بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى كۈندە مۇھەممەت ياقۇپ بېك قۇشبېگى ئاتالىق غازىنىڭ قولىغا چۈشتى. بىز بولسا بۇ ئاشلىقنى ياكى كەڭرى سەرپ قىلمىدۇق ياكى پۇل قىلىپ ھەمرا قىلمىدۇق.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، باي مۇھەممەت قازى بېكنىڭ دىگەن گېپى بويىچە خوجام پادىشادىن رۇخسەت ئېلىپ ئىپتارغا باردىم. ناماز تاراۋىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ نەغمە ۋە دىل سۆزلەرنى ئېيتىپ مەشرەپ قىلدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە مېنى مەجلىسى مەشرەپتە ئولتۇرغان خاس ئاممىدىن ئايرىپ، يالغۇز يەنە بىر مەخسۇس مېخمانخانىغا ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆيدە ئۇچتۇرپاننىڭ كونا بەگلىرىدىن قۇربان غەزنىچى، ئىسمائىل باجگەر، موللا ئىمىن شەيخ، موللا نۇر قاتارلىق ئون بەشكە يېقىن ئادەم بار ئىكەن. بۇ ئۆيدىمۇ ياخشى زىياپەت ئۆتكۈزدى. تائامدىن كېيىن ئۇلار” خېتىپ خوجام بولسا ياشانغان ۋە كۆڭلى يۇمشاق، مۇلايىم ئادەم، ھامىددىن خوجام ناھايتى غەيرەتلىك ۋە غەززەپلىرى ئارتۇق ئادەمدۇر. پادىشا خوجام بولسا يۇرتنى ناھايتى ئوبدان سورىدى. بىز ھەممە چوڭ-كىچىكلەر بۇلاردىن رازىمىز. خېتىپ خوجام بىلەن ھامىددىن خوجام يۇرت ئىشلىرىغا ئارلاشسا ئوبدان

ئاقىۋەت بولماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەت پەيدا بولاتتى. ئەگەر بۇنداق بولمىسا يامان ئىشلار بولارمىكىن “دەپ سۆزلىرىنى ئاياقلاشتۇردى. ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ بۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى پادىشا خوجامغا بىر- بىرلەپ مەلۇم قىلدىم. پادىشا خوجام” بۇ سۆزنى ياكى دادام ياكى ئاكامغا زادىلا ئىزھار قىلمىسىلا، مەن بۇنى ئۆزەم بىر يول بىلەن ئېيتىپ ماقۇل قىلسام“ دىدى. ئۇنىڭغىچە ئۇچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تۆتىنچى كېچىسى ئۇچتۇرۇپپان ئەھلى قارا كالتەك بولۇپ، ئىتائەتتىن باش قايتۇردى. خېتىپ خوجام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا، كۇچارلىق موللا توختى مۆتىسىپ دىگەن بىر قېرى ئادەمنى، پادىشا خوجام بولسا مېنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى. بىز ئىككىمىز ئەلچى بولۇپ شەھەردىن چىقتۇق. كۈن چىققان مەھەلدە مازار تېرەك دىگەن جايغا باردۇق. بۇ جايغا ھەممە ئادەم باغى ۋە تاغى بولۇپ توپلانغان ئىكەن. ھەممە ئادەم ھۆكۈمەتتىن يۈز ئۆرۈپ، مىرزاجان ھەزرەت دىگەننى ئۆزلىرىگا ئۇلۇغ قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمىر- پەرمانلىرىغا بوي سۇنۇپتۇ. ھاۋا ناھايىتى سوغاق كۈنلەر ئىدى. ئۆيگە باشلاپ كىردى. بىز ئەلچىلەر تەرىقىسىدە ” ھەممە چوڭ- كىچىك بۇ قول- پېئىللىرىدىن يانسۇن، ئەگەر يۇرتدارلىق ئىشلىرىدا قايىسى ئىش بەجا قىلىنمىغان ياكى ئورۇندالمىغان بولسا، بىز ئۇنىڭ چارىسىنى قىلايلى، ئەگەر كۆڭۈللىرى ئاغرىغان بولسا، تون كىيدۇرۇپ، چاي قويۇپ كۆڭۈللىرىنى ئالايلى دەپ بىزنى بۇ يەرگە چىقاردى “دەپ سۆزىمىزنى تۈگەتتۇق. ھەزرەت باشلىق چوڭ- كىچىكلەر بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ھەيران بولۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە، ئىمىن شەيخ دىگەن ئادەم ”قازاقلارمۇ ئۆز يۇرتىنى ئۆزى سوراپ تۇرۇپتۇ. بىزمۇ قىرغىز، قازاقلاردىن كەم ئادەم ئەمەس. خوجاملار قانچە مېھنەت ۋە مۇشەققەت تارتقان بولسا، بەلكى ئۇنىڭ ئەجرىمۇ شۇنچىلىك قولغا تەككەندۇر. قورال- ياراقلىرىدىن باشقا نەرسىلىرى بولسا، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسە، بىز ئات- ئۇلاغ بېرىپ، ئوبدان جابدۇپ يولغا سالساق، ئەمدى بىزنىڭ ئىچىدىغان چايلىرىمىز بولسا ئەجەل شەربىتى، كىيىدىغان تونىمىز بولسا كېپەن بولۇپ قالدى. سۆزىمىز تۈگىدى“دىدى. موللا توختى مۆتىسىپكە ئەۋەتكەن ئەلچى ئورنىدا بارىمتاي تۇتتى.

شۇ كۈنى جۈمە كۈنى ئىدى. مازار تېرەكتە بىر مەسچىت بار ئىكەن. ھەممە ئادەم بۇ يەرگە يىغىلىپ ناماز جۈمە ئاداسىدىن كېيىن، ھەزرەتنى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە پادىشا قىلدى. ھەممىسىلا يىغا- زارە قىلىشىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئەمما ھەزرەت كىگىز ئۈستىدىن يىقىلىپ كەتتى. بۇنى پالنىڭ شۇملىقىغا ئۆردى. بۇ ئالامانچىلار بارغانلىرىچە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرىپ، يەنە بىر دەرۋازىنى ئاچقان ھامىدىن خوجام توپ

زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ چىقىپ، ئوت بېرىپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، دەرۋازىنى مەھكەم قىلىپ، سېپىل ئۈستىگە يىگىتلىرىنى چىقىرىپ ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئالامانچىلار بولسا ئالتە كېچە- كۈندۈزگىچە جېنىنىڭ بېرىچە ھەرىكەت- تەرەددۇت قىلىپ، ھېچ نەتىجە چىقىرالمىدى. بەلكى نۇرغۇن ئادىمى زايا بولدى. مېنى بولسا بىر ئۆيگە قاماپ قويۇپ، نەچچە ئادەمنى كۆزەتچە قويدى. يەتتىنچى كېچىسى بولغاندا بۇ پېقىرنى ھەزرەت ئېلىپ چىقىپ، " ئۆزلىرى ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىدىلە، ئەمدى بىز تەرەپتىن ئەلچى بولۇپ شەھەرگە كىرىپ، خوجاملار بىلەن بىزنى كېلىشتۈرۈپ، يۇرتنى ياخشى خوپ قىلىپ قويسىلا. چوڭ- كىچىك يۇرتقا نەسىھەت قىلدىم. يۇرت ئىلگىرىكىدەكلا پۇقرا ۋە خوجاملار پادىشا بولىدىغان بولدى" دەپ بىر نەچچە گەپنى قىلىپ مېنى يولغا سالدى. مېنىڭ ئېتىمنى سابىت يۈز بېگى دېگەن ئۇلجىغا ئالغان ئىكەن. تاپتۇرۇپ كېلىپ ئۆزەمگە قايتۇردى. تۆت بەگنى قوشۇپ " تۇمشۇق تېغىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىڭلار، ئادەم كۆپ، زىيان- زەخمەت قىلىپ قويمىسۇن "دەپ بۇيرۇق قىلدى. خوجاملار مەندىن كېيىن يەنە سەمەرقەنتلىك موللا قەلەندەر ئاخۇن دېگەن بىر مۆتىۋەر، ئەزىز ۋە سودىگەر كىشىنىمۇ ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەن. بۇ كىشى بىلەن بىر ئۆيدە قامالغان ئىدى. مەن بۇ كىشىنىمۇ سوراپ ئېلىپ، ھەمرا قىلىپ شەھەرگە كىردىم. كېچە كاراڭغۇ ئىدى. چېرىك بارلىغىنى بىلمەپتىمەن. تۇمشۇق تاقىقا كەلگىنىمدە، مەزكۇر بەگلەردىن بىرى ماڭا ئاستا" مېنى پالاكەت بېسىپ بۇلارغا قوشۇلۇپ قالغان ئىكەنمەن، بىللە شەھەرگە كىرىپ كەتسەم، مېنى يوق قىلارمۇ "دەپ ئىزھار قىلدى. مەن ئەھۋالنى چاغلاپ بىلىپ ئاشكارىلا " ئەي نۇرۇز مىڭ بېگى ئاكا، مېنىڭ بىلەن شەھەرگە كىرسىلە، ھەرقانداق مەسىلە بولسا مەن ھىمايە قىلىپ قۇتقۇزۇپ ئالاي، بۇ ھەقتە مەن كېپىل بولاي "دېدىم. باشقىلارمۇ بۇنى ئاڭلاپ، بىزمۇ كىرىپ كەتسەك دېيىشتى. ھەممىسىگىلا كاپالەتلىك قىلىپ شەھەرگە بىللە ئېلىپ كىردىم.

بۇ چاغدا ئۈچ خوجام دەرۋازىدا ئىكەن. مېنى ھامىددىن خوجام بار دەرۋازا بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر- بىرلەپ مەلۇم قىلدى. ئۇ ناھايىتى خوش بولۇپ، ماڭا سەللە، كۇلاھ ۋە تون قاتارلىق ئىنئاملارنى بېرىپ" موللا قەلەندەر ئاخۇن باشلىق بەگلەر قېنى؟"دەپ سورىدى. مەن" دەرۋازا تېشىدا توختىتىپ قالدى "دېسەم، ئۇ" كىرسۇن "دەپ بۇيرۇدى. ئۇنىڭغىچە كۈن چىقتى. خېتىپ خوجامدىن ئادەم كېلىپ مېنى ئېلىپ باردى. بۇ خوجامغىمۇ ئەھۋالنى بىر- بىرلەپ مەلۇم قىلدىم. بۇمۇ ھەددىدىن زىيادە خوشال ۋە خۇرسەن

بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى ئابى نىسياندەك(4- ئاينىڭ بەركەت ياغمۇرىدەك - ت) تامچا- تامچا تۆكۈپ يىغلاپ دۇئا قىلدى. چۈنكى، ئالتە كۈننىڭ ئىچىدە بۇ خوجاملار شەھەرگە سۈلىنىپ، تاقىتى تاق بولۇپ، شەھەردىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي ياكى بۇ ئالامانچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمەي، خۇدانىڭ قازا ۋە ھۆكۈمىگە رازى بولۇپ، گەدىنىنى قازا جازىسىغا سۇنۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە ئىكەن. لېكىن شۇ كۈنى ئىپتارغا يېقىنلاپ قالغان مەزگىلدە، ھامىددىن خوجام توپ- زەمبىرەك، مەھرەم، سەرۋازلىرىنى بىللە ئېلىپ، مازار تېرەككە بېرىپ، ھەزرەتلىرىنىڭ ھويلىسىنى ئىككى تەرەپتىن قورشاپ زەمبىرەككە ئوت بەرگەن ئىكەن. بۇ چاغدا ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىپتار بىلەن مەشغۇل ئىكەن. بۇلارنى چاپ- چاپ قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ھەزرەتنى تىرىك تۇتۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. ئۇچتۇرپان ھاكىمى توختى بېك ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئاق بېك، باي مۇھەممەت قازىبېك قاتارلىق كۆپ ئادەمنى تىرىك قولغا چۈشتى. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقىچە ئۇچتۇرپان ياخشى ۋە يامان ئادەملەرنىڭ ھەممىسنى ھالاكەتكە يەتكۈزدى. قىرغىزلار باشزلىق بىر قانچە ئادەم قېچىپ كاشغەرگە بېرىپتۇ. بەزىلىرىنى بولسا ياخشى- يامانىنى پەرق ئەتمەيدىغان قىرغىزلار تالان- تاراج قىلىپ يوق قىلىپتۇ. بەزىلىرى بولسا چۆل- جەزىرىلەردە ۋە سوغۇقتا ھالاكەتكە ئۇچراپ ئەجەل شەرۋىتىنى ئىچىپتۇ. ئىمىن شەيخ باشلىق بىرقانچە ئادەم ئىلى تەرىپىگە قاچقان ئىكەن. بۇلار سىرت دىگەن بىر چۆل- دەشتتە ئۆلۈپتۇ ۋە كېپەنمۇ تاپالماي، بۇلارنىڭ جەسەتلىرى چۆل- جەزىرىدىكى قارغا- قۇزغۇنلارغا تائام بولۇپتۇ. ئاتىسى بالىسىدىن ۋە بالىسى ئاتا- ئانىسىدىن خەۋەر ئالالماي ۋە بىر- بىرىگە پەرۋا قىلماي، گوياكى قىيامەت سەھراسىغا يۇلۇققاندەك، ھەممە ئادەم ئۆز ئەھۋالى ۋە جېنى بىلەن سەرسان ۋە سەرگەردان بولدى. ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق دەپ ھىساپقا ئېلىندى. دەشت- جەزىرىلەردە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ. ھاۋا ناھايىتى سوغاق كۈنلەر ئىدى. خوجاملار شەھەرنى پەتھى قىلغاندا شوپاڭخانىنىڭ ھاراق قايىنتىدىغان بىر چوڭ قازىنىنى ئولجىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى قولتۇقمازار دىگەن بىر مازارغا ۋەخپە قىلىپ بەرگەن ئىكەن. ئالامانچىلار بۇ قازاننى ھەزەتنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئىپتارلىق ئۇماچ قىلغان ئىكەن. خوجاملار زەمبىرەككە ئوت بەرگەندە، قازاندىن ئۇماچ ئۇسۇپ بېرىۋاتقان ئىككى ئالامانچى قازاندىكى ئۇماچقا چۈشۈپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. قولغا تىرىك چۈشكەنلەرنى بولسا ھامىددىن خوجام سۆز سوراپ، ھەر كېچىسى نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قۇدۇققا تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ يەتتە قۇدۇق ئادەم ئۆلۈكى بىلەن تولدى، بۇنى كۆيدۇرۋەتتى.

كۆچمەنلەر دەپ ھېساپلانغان ئۇچتۇرپانلىقلارغا مۇنداق پالاكەت ۋە ھالاكەتنىڭ بولۇشىغا بىر مۇنچە سەۋەپ بار ئىدى. سەۋەپسىز مۇنداق ئىشلارمۇ سادىر بولمايتى. چۈنكى، ئەسلىدە ئۇچتۇرپانلىقلار ئەھلى مۇسۇلمانچىلىق ۋە ئۇلۇغ شەرىئەت قائىدىلىرىنى چىڭ تۇتۇدىغان خەلق ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ يەنە باشقا ئاجايىپ ئەقىدىلىرىمۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى كۇبرەۋىيە، [146] ئىسھاقىيە، [147] نەئمەتىيە، [148] رەبۇرىيە، [149] دەۋانىيە [150] قاتارلىق تەرىقەت سۇلۇكلىرىدەدۇرمىز دەپ ھىساپلايدىكەن ۋە بەزىلىرى بولسا " ئاللا خاسلىغى خوجاملارغا خاس " ياكى " ئاللا خوجام "دەپ خوجاملارغا ھەددىدىن زىيادە ئەقىدە ۋە ئىخلاس قىلىپ، ئۇلارنى ھەممىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك دەپ ھىساپلاپ، ئاللا بىلەن خوجاملارنىڭ ئارىلىغىدا تۇرىدىغان ھېچقانداق بىرەر يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىنسان ياكى جاننىڭ بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن ۋە بۇنىڭغا يولمۇ قويمايدىكەن. شۇڭلاشقا، خوجاملار ئۇچتۇرپانغا يېڭى بارغان چاغلاردا، ئۇلار " ئەمدى بىز تىلىگەن ۋە ئارزۇ قىلغان خوجىمىزنى تاپتۇق "دەپ، ئۇلارغا ناھايىتى يۇقىرى ئەقىدە باغلاپ، ئاتلىرىنى يىلقا ئۇيۇرى بىلەن، كالىلىرىنى ئېغىلى بىلەن، قويلىرىنى قوتىنى بىلەن ۋە قىزلىرىنى قىزلىق ئۆيپەتلىرى بىلەن، سىكىلەك بولسا سىكىلەكلىگى بىلەن ئېلىپ كېلىپ، خوجاملارغا تارتۇقلاپ، نەزىر- ھەدىيە قىلىپ،" ئەمدى بىزگە ھېچقانداق نەرسە لازىم ئەمەس "دەپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، " ئاللا خوجام "دەپ تۇرغان ئىدى. لېكىن خوجاملار بولسا " ھەممە پۇقرا مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنى ئوخشاش بىر ئادەم "دەپ، بۇ ھەدىيىلەرگە نەزەر سالماي، ھەممىنى باراۋەر- تەڭ كۆرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ تايىپىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، " بىز دىگەن خوجىمىز بۇلار ئەمەس ئىكەن "دەپ، كەينى- كەينىدىن بۇلاردىن يۈز ئۆرىدى.

يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، بۇ تايىپىلەر ئەر- خوتۇن ئارىلاش بىر چوڭ ئۆيگە يىغىلىپ، چوڭ قازانغا جىق چاي سېلىپ، نەچچە تاۋاقتا قايماق چاي ئېلىپ كېلىپ، قازانغا قويۇپ قايىنىتىپ، بىر مۆتىۋەر كىشىنى چايغا مۇئەككەل- ۋەكىل قىلىپ، غۇسۇل- تاھارەتتىن كېيىن چۆمۈچنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، تويلانغان ئادەملەرگە" تەۋەرۇك كۆك چاي "دەپ ئاز- ئازدىن يېتىشچە بېرىدىكەن ۋە چاينى ناھايىتى تۆۋەن تازىم بىلەن، ھەتتا رۇكۇغا ئېگىلگەندەك ئېگىلىپ تۇرۇپ قولىغا ئېلىپ بېرىدىكەن. ئاندىن كېيىن نەغمە- ناۋا ساداسى ئىچىدە ئەر- خوتۇنلار ۋە باشقىلارمۇ بىر- بىرىگە ئارىلاش ھالدا رەقسى ساماغا چۈشۈپ، شاۋقۇن- سۈرەن قىلىپ، بەزىدە يىقىلىپ، بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، بەزىدە مەسلەرچە غەرق بىخوت بولۇپ، ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ، ھۆزۈرلۇقتىن بىھۇزۇر ھالىتىگە كېلىشىدىكەن ھەم "

ھۇزۇرۇم "دەپ بىر نەغمە مۇقام ئىجات قىلغان ئىكەن. بۇ نەغمە ئەنە شۇ تايىپە سۆلۈكلىرىدە كۆپ ئېيتىلىدۇ. بەزى مۇغەننىلەرمۇ بەزى مەجلىس - يىغىنلاردا ئۆز نەغمىلىرىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ ئېيتاتتى.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، ئۇلار يەنە شۇنداق بىر نەچچە سائەت ھۇشسىز- بىخۇتلۇقنى مەقسەت قىلىپ ياتقان ھالىتىدىن يەنە ھۇشىغا كېلىپ، ئۇھ دەپ كۆزلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرىدىكەن. مۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى" كۇبرەۋىيە "سۆلۈكى دەپ ئاتاپ ئەقىدە قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى شەرىئەتكە تامامەن خىلاپ ئىكەن. بۇ پىرقىنىڭ ئۇلۇغ پىشۋاسى خەلپىسى بىر كۈنى خوجامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەۋەررۈك چاي تىلەپ " بىزگە دۇئا قىلىپ بېرىشكە بىر دۇئاگۇي تىلەيمىز "دەپ ئەرز قىلغاندا، خوجام مەرھەمەت قىلىپ مەن كەمىنىنى بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ ئۆستىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى كۆزۈم بىلەن ئېنىق كۆردۈم. ئالدى بىلەن ئۇلار مېنى " خوتۇنلار بىلەن بىللە رەقسى ساماغا چۈشۈپ بەرسىلە "دەپ ئىلتىماس قىلدى. مەن " تېخى ئۆزەم ياش "دەپ بىر قېرى ئادەمنى ئۆزەمگە ۋەكىل قىلىپ مەيدانغا چۈشۈردۈم. پائالىيەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار مەندىن " ئۆزلىرى بۇ سۆرلۈك بىلەن كەم شۇغۇللانغانلىقلىرى مەلۇم "دەپ سورىدى. مەن ئۇلارغا " ھېلى مەن ياش، شەرىئەت سۆلۈكلىرىنى تېخى تاماملىيالمىدىم، شەرىئەت سۆلۈكىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ سۆلۈك بىلەن شۇغۇللانسام دەپ نىيەت قىلىپ تۇرۇۋېتىمەن "دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇلار خوجاملارنى بىلمەي تۇرۇپ، بىزنىڭ خوجىمىز دەپ ئىنزھار قىلغان ۋە مېنىمۇ تونۇماي تۇرۇپ تەۋەررۈك چايغا ئېلىپ چىققان ئىدى. كېيىنچە ئۇلار بۇنىڭ ھەممىسنى قىلغان ئۆزىمىز دەپ، قىلغان ئەقىدىلىرىگە گۇمان قىلىپ پۇشايمان يېدى. لېكىن پايدا بەرمىدى.

لېكىن شەرىئەت پانا خوجام پادىشا بولسا بۇ يولدىن ئاداشقان گۇرۇھلارنىڭ زالالات يولىنى توغرا يول دەپ، يامان ئىشلاردىن جۇدا بولالماي ۋە ئىگە بولالماي، يامان ئىشلاردىن سۈننەتنى پەرق قىلىپ ئايرىيالماي يۈرگەنلىكىنى بىلىپ، پەيغەمبەر مۇستافاۋىيەنىڭ شەرئىتى ۋە مىللەت سىراجىدىيە [151] چىرىغىنىڭ ھۆكۈم قائىدىلىرى ۋە يول كۆرسەتكۈچى ئىماملارنىڭ پىكىرلىرى، ئۆلىمايى ئىزاملارنىڭ پەتىۋالىرى بويىچە، توغرا ھەق يولىنى ئېلان قىلىپ، " ھەدىس شېرىپتە "تە بايان قىلىنغان " ھەممە ئىشتا نەسىھەت ۋە توغرىلىقنى تۇتۇشنىڭ ئۆزى دىن دىمەكتۇر "دىگەن سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىپ، مۇلايىم مىجەز ۋە شىرىن سۆز- ماقالالار بىلەن پەندى - نەسىھەت ھەم تەشۋىقاتلارنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇخالىپ كىيسەللىرىنى پەندى - نەسىھەتنىڭ مەجۇنى شەرۋىتى ۋە باشقا مەنىۋى دورىلار بىلەن داۋالاپ باقتى.

لېكىن ئۇلارنىڭ قەساۋەت بېسىپ كەتكەن قەلبىگە بۇ دورىلار پايدا بەرمىدى. پەردە- پەرەنجىسىز بىر يەرگە توپلانغىنىنى بىلىپ ئالدىراپ كېلىپ، شەربەت قامچىسى ۋە دورىلىرى بىلەن قاتتىق ئەدەپ ۋە ئېھتىساپ بەردى. بۇ ئۇسۇللار ئۇلارنىڭ خاس مىجەزلىرىگە ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئاداۋەت ئۇرۇغىنى چېچىپ، دۈشمەنلىك تىكەنلىرىنى كۆكەرتتى ھەم باغى ۋە تاغلىق دۇمباقلىرىنى جىننىڭ بىرىچە ئاشكارە سوقتى. ئاخىرى بۇ سەرەنجامسىزلار ئىشنىڭ يولىنى ئۇرۇش ۋە قان تۆكۈش تەرەپكە تارتتى. نەتىجىدە، ئۆزىنى خۇددى شامغا ئوخشاش يېنىپ تۇرغان ئوت ئاتەشكە پەرۋانىدەك ئۇردى ۋە ھالاكەت مەنزىلگاھىدىن جاي ماكان تۇتتى.

نەزىم:

چىرغىنكى ھەق ياندۇردى، قويدى،

كىشكىم پۈۋ دىدى سەقالى كۆدى.

بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى دەل مۇشۇ يولدىن ئازغانلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىقتۇر. ئەگەر ئۇلاردىن " ئاللا خوجام دەپ كىمنى دەيسىلەر؟ ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى شېرىپلىرى كىم بولىدۇ "دەپ سورىسا، ئۇلارنىڭ خەلپە، ماشايىخلىرىمۇ" خوجاملارنىڭ ئىسمى شېرىپلىرىنى ئاغزىمىزغا ئالالمايمىز، ئاتا- بوۋىلىرىمىزمۇ، ئاللا خوجام دەپ كەلگەن ئىكەن، بىزمۇ ئاللا خوجام دىسەك، خوجىمىز ئۆزى تېپىپ ئالالايدۇ، بەلكى ئىسمى شېرىپلىرىنى ئەسلا ئاڭلىمىغان ئىدۇق "دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. جانابى ئاللا يار سوپىۇم [152] «سۇبباتىل ئاجىزىن» دىگەن كىتاۋىدا مۇنداق مەسنۇىنى زىكرى قىلىپ:

بولۇپتۇر ھەم تەقى بىر فىرقە پەيدا،

ئاتى مۆمىن ۋەلى نەفسىگە شەيدا.

يىغارلار پارە ۋە بوينى يوغاننى،

سالۇرلار ئوتتۇراغا قىزۇ- جۇۋانى.
ئالىپ بارسا كىشى ئەھلى ئايالىن،
كۆتەرۈر بىھىممەتلىك ۋەبالىن.
هارام ئىشىنكى تائەت بىلسە ئىنسان،
ئىرۇر بۇل ئېتىقادى نامۇسۇلمان.
بۇ ئايغان فىرقە كىم زاللى مۇزىلدۇر،
شەرىئەت ئەھلى بۇ ئەلدىن خىجىلدۇر.

دەپ يازغان ئىدى. بۇ مەسنۋىنىڭ مەزمۇنى دەل مۇشۇ تايىپىلەرنىڭ شەنىگە ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ.
ئىسھاقىيە، نەئمەتىيە قاتارلىق باشقا پىرقىلەرمۇ مۇشۇ تايىپىلەرگە ئوخشاش ياكى بۇلاردىنمۇ بەتتەر بولسا كېرەك. ھەر قايسى تايىپىلەر ئۆز ئەقىدە- سۈلۈكلىرىدىنمۇ ناھايىتى مۇستەھكەم ئىكەن.تويى- مەرىكە، نەزىر- چىراق ۋە ئامما ئولتۇرۇشلىرىدا بىر بىرى بىلەن ئارىشىدىكەن. لېكىن سۈلۈكلىرىنى ناھايىتى مەخپىي- سىر قىلىپ ساقلايدىكەن. بىر- بىرىنىڭ تەۋەرۈك چاي ۋە نەزىرلىرىگە بارمايدىكەن ۋە بىر- بىرىنى چىللىمايدىكەن. ئەگەر ئارىلىشىپ قالسا چىكىپ كېتىدىكەن ياكى چىقىرۋېتىدىكەن. بەزى پىرقىلەر نەزىر- چىراقلاردا خوجاملار ھەققى دەپ چوڭ بىر نان، خۇدايىم يولىدا دەپ ئۈنىڭدىن كىچىگرەك بىر نان ۋە ئۈنىڭدىنمۇ كىچىك بىر نانىنى پەيغەمبىرىم ھەققىدە دەپ ئوبدان پۇشۇرۇپ، نانىنىڭ يۈزىنى سۇ يېغىدا ياغلاپ، ئۈستىگە نوكچا شاملارنى قاداپ يۇرۇتۇپ، ئۇ نانلارنى نامازشام ۋاقتىدا ئوتتۇرغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، دۇرۇت ۋە پاتىھە ئوقۇپ خەتمە قۇرئان قىلىپ، دۇئا- پاتىھىلەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بۇ نانلارنى ئۈششاق- ئۈششاق قىلىپ پارچىلاپ، توپلانغان چوڭ- كىچىك ھەممە ئادەمگە " تەۋەرۈك "دەپ بېرىدىكەن دىگەن گەپ- نەقىللەرمۇ بار.

بۇ تايىپىلەر ئۈچتۇرپان كۆچمەنلىرىگە خاس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەتتە شەھەرنىڭ ھەممە جايىدا بار . يەنە" كۇبرەۋىيە دەپ قايسى تەرىقەتنى دەيسىلەر "دەپ سورىسا، ئۇلار بۇنىمۇ " بىلمەيمىز "دەپ جاۋاپ بېرىدىكەن. بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، بۇ مەزھەپ شەيخ نەجمىدىن تامىتىلكۇبراغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەلۇم ھەم كۇبرەۋىيە

تەرىقەتنىڭ سەرھەلقىسى شەيخى نەجمىدىن كۇبرا بۇ ئۇلۇغ زات دەل شۇ رەقسى ساماغا قايىل ئىدى ئەلۋەتتە دەيدۇ. ۋاھالەنكى، شەيخ نەجمىدىن تاممىتىلكۇبرانىڭ تەرىقەتلىرى بۇلارنىڭ يامان تەرىقەتلىرىگە ھەرگىز ئوخشىمايتى. بۇلار ئۆزىنى خىيالىچە ئۇ زاتنىڭ تەرىقەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ، ئۆزىچە بىر سۈرلۈك پەيدا قىلىپ، خوتۇنلىرى يۈزىنى ياپماي باشقا يات ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن رەقسى بىلەن ساماغا چۈشۈپ، ئۆزىنى ئاشكارە ھالدا چوڭ گۇناغا گىرىپتار قىلىپ، بۇ گۇنالىرىنى سۈلۈك قىلدۇق ۋە كۇبرەۋىيە تەرىقىتىنى تەۋرەتتۇق دەپ نەسھەت بېرىشى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى جاھىللىقى ۋە نادانلىقى، توغرا يولدىن چىققانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، شەيخ نەجمىدىن كۇبرا بولسا كۇمرەۋىيە تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ماشايىخلىرىنىڭ سەردارى، ئىلمى قال (شەرىئەت ـ ت) ۋە ئىلمىي ھال (تەرىقەت ـ ت)دا ناھايىتى كامالەتكە يەتكەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ كىشىنى يەنە تەربىيلەپ سۈپەتلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئەمدى ئاياللارنىڭ يۈز، ئەۋرەتلىرىنى يېپىش پەرزلىگى بولسا نەس ۋە ئايەت بىلەن قاتتىق چەكلەنگەن ئىدى. بۇ ئۇلۇغ زات ھەتتا شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ سىرتىدىكى مۇستەھەب (پەرز ۋە ۋاجىب ھىساپلانمايدىغان ـ ت)ئاددى ئىشىرىگىمۇ ھىچقاچان خىلاپلىق قىلغان ئەمەس. ئەمدى پەرزنى تەرك ئېتىش بولسا، بۇ كىشىدىن قانداق سادىر بولۇشى مۇمكىن؟ ئىلاھىم، بەلكى ھەممە مەخلۇقلىرىڭنى راست يولغا باشلاپ، تەۋپىق ۋە ھىدايەت بەرگەيسەن. ئەي توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئاللا، يولدىن ئازغانلارغا توغرا يول كۆرسەتكەيسەن، ئامىن!

## 10

## خوجا ئىسھاق خان خوجامنىڭ خوتەن ۋە ئىلىغا ماڭدۇرغان ئەسكەر ۋە ئەلچىلىرىنىڭ ۋەقەلىرى ۋە ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ خەت ـ ئالاقە مۇراسىلە قاتارلىق ئىشلارنىڭ قىسقىچە بايانى

پەلەكنىڭ ئالى تەربىيىسىگە ئىگە يارەنلەر ۋە ئىدرەك ئىگىسى بولغان بۇرادەرلەرنىڭ چاققان، سەزگۈر تەبىئەتلىرىگە مەخپى ۋە خەۋەرسىز قالمىغايكى، نەقىل ۋە ھىكايىلەرگە ئاساسلانغاندا، كۇچار شەھرى بۇزۇلۇپ، خوجا ئىسھاق خان خوجام خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئىسلام قىلىچىنى كاپىرلارنىڭ بېشىغا ئاشكارە تارقاتقانلىقىنىڭ خوش

خەۋەرلىرى ۋە مۇبارەكباتلىق چوڭ تەنتەنىسى يەتتە شەھەرنىڭ ۋالىلىرى ۋە ئاھالىسىگە ئاڭلاندى. بەلكى ھەر تەرەپكە تارقالدى. نەتىجىدە شەھەر- شەھەرلەردىكى مۇسۇلمان ۋە تۇڭگانلار ئىتتىپاقلىشىپ، ئىسلام شەرىپىنى ئاچماقنى ۋە زالىم كاپىرلارنىڭ بېشىغا تىغ چاپماقنى مەقسەت ۋە ئىشتىياق قىلىپ، كۇچارنىڭ كەينىدىن ئىلىدىكى يەتتە شەھەرنىڭ تۇڭگانى ۋە تارانچىلىرى كاپىرلارنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، ئەلەم موللا شەۋكەت ئاخۇننى ئۆزىگە باشلىق ۋە مۇستەقىل ھاكىم قىلدى. بۇ ناھايىتى پازىل ۋە دىندار كىشى ئىدى. جۈملىدىن خوتەن ئەھلىمۇ خىتايلارنىڭ ئىلكىدىن چىقتى. ياركەنت، كاشغەر خەلقىمۇ ئىتائەت ۋە پەرماندارلىق يىپىنى ئۈزدى. چۈنكى، بۇ ئالتە شەھەرگە كۇچار گۇيا بىر دەرۋازا ئورنىدا بولۇپ، بېيجىڭدىن كەلگەن چېرىكلەر ئالدى بىلەن كۇچارنى باسماي تۇرۇپ، باشقا يەرگە بارالمايتى. بۇنى بىلگەن يەتتە شەھەر ئادەملىرى كەينى- كەينىدىن بۇزۇلۇپ، ھەر قايسى شەھەرنىڭ ئادەملىرى بىر ئادەمنى سەردار قىلىپ، يەنە بىر ئادەمگە پەرماندار بولۇپ ئۆز ئالدىغا مۈلكى تاۋايىف (تەۋەلىك – ت) قۇردى.

خۇسۇسەن خوتەندە موللا ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى دېگەن بىر تەقۋادار- پەرزگار ۋە شەرىئەتشۇئار، دىن- دىيانەتلىك بىر كىشى بار ئىدى. ھەممە خوتەن ئەھلى بىر ئىتتىپاق بولۇپ، بۇ كىشىنى ئۆزىگە سەردار قىلىشنى لايىق ۋە سازاۋەر بىلىپ، بېشىدا كۆتۈرۈپ، خوتەن كاپىرلىرىنىڭ ئۈستىگە تىغ تارتىپ، تۇڭگانى تايىپىلىرىنىمۇ كاپىرلارغا قوشۇپ تامامەن يوق قىلىپ، يۇرتنى پەرزگار ۋە تەقۋادارلارنىڭ دىلىدەك پاكىز ۋە ساپ قىلىپ، تەختى سەلتەنەتتە ئولتۇرغۇزى، بۇ چاغدا شەيخ نەزەرىدىن خوجام ياركەنتنى پەتھى ۋە تەسەررۇپ قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئاتلىنىپ ياركەنتكە باردى. بۇنىڭ بىلەن ھاجى غەزنىچى بەگمۇ بىللە بارغان ئىدى. شەيخ نەزەرىدىن خوجام ياركەنتكە بارغاندىن كېيىن، ھاجى غەزنىچى بەگنى بىر مىڭ يەتتە يۈز مۇسۇلمان، ئۈچ يۈز تۇڭگانى چېرىگى بىلەن خوتەنگە يولغا سېلىپ، ئۇنىڭغا" سىلىنىڭ خوتەنگە بارغانلىرىنى موللا ھەبىبۇللا ھاجى پادىشا ئۆزىگە پەخرى- ئىپتىخار دەپ بىلىپ، ئىتائەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، گەدىنىنى تۆۋەن قىلىپ ئالدىلىرىغا چىقىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، سىلىنى تەختى سەلتەنەتكە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى خىزمەتدارلىق رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەيدىغان بولسا ناھايىتى ياخشى. ئەگەر سىلىدىن يۈز ئۆرۈپ قارىشلىق قىلسا ياكى سىلىگە بوي سۇنۇشتىن باش تارتىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا جان- دىلى بىلەن كۈچ كۆرسىتىپ، خوتەننى قولغا كىرگۈزۈپ، ھاجى پادىشانى ئەۋلادى بىلەن مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ئەۋەتسىلە" دەپ بىرقانچە سىياسىي تەھدىت ۋە لاپ- قاپ، تۈزسىز- مەزىسىز ۋە ئاچچىق سۆزلەرنى قىلىپ يولغا سالدى. ھاجى غەزنىچى

بىك مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، سانجۇغا بارغاندا، خەتنى كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىپ،" بۇ خەتتىن ئاشنا- دوستلۇقنىڭ پۇرىغى كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، بۇ خەتتىن دۈشمەنلىك ۋە خۇسۇمەت ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋ ياخشىسى مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىشى چىقىراي. قېنى، غايىپ پەردىسىدىن نىمە ئىش- ئەھۋاللار كۆرۈنەر ئىكىن"دەپ چوڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇدۇرنى باش قىلىپ، ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن ئالدىغا چىقاردى. زاۋا دىگەن شەھەردە ئىككى تەرەپ جەڭ- قىرغىنچىلىققا كىرىشتى. نۇرغۇن ئادەم ھالاك بولدى. ئىبراھىم خان سۇدۇرغا ئوق تىگىپ، ئالەم باقىغا سەپەر قىلدى.[153] ئاقىۋەت ھاجى غەزنىچى بەگمۇ باراۋەرلىك قىلالماي، مەغلۇپ بولۇپ ياركەنتكە كەتتى. ھاجى پادىشانىڭ مۇلازىملىرى بولسا غالىپ بولۇپ، ئولجا- غەنىمەتلەرنى ئېلىپ، قايغۇ ۋە ماتەم بىلەن خوتەنگە باردى.

ھاجى پادىشانىڭ ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلماسلىغىدىكى سەۋەپ شۇكى، ھاجى غەزنىچى بىك ئەسلىدە كۇچارنىڭ بەگزادىلىرىدىن ئىكەن. ئاتا تەرەپتىن خوجاملارغا تۇققانلىغى بار ئىدى. لېكىن، خىتايلارغا خىزمەت قىلىپ كەلگەن بۇرۇنقى بەگزادىلەردىن ئىدى. ئۇ بۇ ۋەقە بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى خان، ئامبانغا تۇڭچى بولۇپ، ياركەنتكە بېرىپ مەنسەپ ئىشىنى تۇتۇپ، خىتاي تىلى بىلەن سۆزلەپ، خىتايچە كىيىم- كېچەكلەرنى كىيىم- ياسىنىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، ھاجى پادىشا" مېنىڭ ئۇستۇمگە ھاجى بىك دىگەننى ئەۋەتكىنى قانداق ئىش؟ خوجاملاردىن بىرسىنى ئەۋەتمەك لازىم ئىدى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندىمۇ ئۇلارغا شەرىئەت ئىچىدە بولغان، شەرىئەت كىيىمنى كىيىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن بىر مۇسۇلمان مۆمىن ئادەم تېپىلمىغاندىمۇ؟ مېنىڭ ئۇستۇمگە بىر خىتاي يېتىمنى ئەۋەتكىنى نىمىسى"دەپ ئۆز يۇرتىغا مەھكەم ۋە ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ تۇردى.

شۇنداقلا، بۇ چاغدا ئىلى تارانچىلىرىمۇ كاپىرلاردىن يۈز ئۆرۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە چوڭ- قىرغىنچىلىققا ھەرىكەت ۋە تەرەددۇت قىلىپ، غازىلىق مەرتىۋىسىگە ئۇلىنىپ، ناھايتى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ،" جانپىدارلار"دىگەن نامغا ئېرىشىپ، نۇرغۇن ئادەم توغرا نىيەت بىلەن جېنىنى پىدا قىلىپ، قېنىنى تۆكتى. لېكىن، كاپىرلارنىڭ ئۆلۈغى جاڭجۇن تۇرغان كۆرە شەھىرى تېخى پەتھى بولمىغان ئىدى. بۇ دەۋردە سائادەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغى موللا شەۋكەت ئاخۇن باشقىلارغا مەسلىھەت قىلىپ،" كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆپ ئادەم زىيان بولدى. كۆپ كاپىرلارمۇ يوق قىلىندى. شۇڭلاشقا، بىزنىڭ ئۇستىمىزدە تۇرۇپ دۇئا قىلىپ بېرىدىغان پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان بىر ساھىپ دۇئا ئادەم كېرەك ئىدى. ئەلۋ دەسلەپتە كۇچاردا ئىسلام ئېچىلغان ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ

يۆلەك ۋە مەدەتلىرىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ، ئىلىدىكى كاپىرلارغا تىغ تارتقان ئىدۇق. شۇڭلاشقا، خوجا ئىسھاق خان خوجامنى مۇبارەكلەپ، ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ پەرمان ۋە ئىتائىتىگە كىرگۈزسەك، ھەممىمىزلا بىر مەزھەپ ۋە بىر مىللەت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىق بېشىنى بىر ياقىدىن چىقىرىپ، بېشىمىزغا مۈشكۈل ئىش كەلگەندە بىر- بىرىمىزگە دوستلۇق ۋە ياردەم كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ راھىتى ۋە يۇرتلارنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن تىرىشساق"دەيدى. بۇ گېپنى ھەممە ئاكابىر ئەشرەپلەر ماقۇل تۇتۇپ، ئىتتىپاق بىلەن بىر پارچە بەيئەتنامە يېزىپ، بىر ساھىپ دۇئا ئادەم تەلەپ قىلىپ، موللا قۇربان خېتىپ ئاخۇننى باش قىلىپ، ئۇنىڭغا قىرىق نەچچە ئادەمنى قوشۇپ، مۇۋاپىق سوغا- سالاملار بىلەن ئەلچى ماڭدۇرغان ئىكەن. مەزكۇر ئەلچىلەر ئىلىدىن چىقىپ، سىرت دىگەن داۋاندىن ئېشىپ، ئۈچتۇرپانغا كەلدى. چۈنكى، بۇ چاغدا مۇزداۋان بىلەن ئۆتكىلى بولمايتى. ئۈچتۇرپاندىكى خوجاملار ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، لايىق جاي- ماكانغا چۈشۈرۈپ، بەيئەتنامە بىلەن سوۋغا- ۋەقەنى خان خوجامغا سۇندى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، خان خوجامدىن ئەلچىلەر ئۆزىنىڭ يارلىغى بىلەن كەلسۇن دىگەن يارلىق كەلدى. خوجاملار ئىشەنچلىك خىزمەتكارلارنى بىللە قوشۇپ، مەزكۇر ئەلچىلەرنى كۇچارغا ماڭدۇردى. خان خوجام بۇلارنى كۇچاردا ئىككى ئاي مىقدارى توختىتىپ، ئىنئام ئېھسانلارنى قىلىپ قايتىشقا جاۋاپ بەردى.

خان خوجام يەنە باھاۋىدىدىن خوجامنىڭ ئوغلى سەئىد خوجامنى باش قىلىپ، يۈز ئەللىك لەشكەر، ئەلەم، تۇغ، بايراق، داقا- دۇمباق، قورال- يراق، ئوق- ساغداقلار بىلەن ئىلىغا يولغا سالدى. بۇلار مۇزداۋان يولىنى ياساپ، ناھايىتى قىيىن- مۇشەققەت ۋە مېھنەتلەر بىلەن داۋاندىن ئۆتۈپ، تەڭداشسىز ئاللا دەرگاھىغا شۈكرى- سانالارنى بەجا كەلتۈرۈپ، قالماقلارنىڭ زىيان- زەخمىتىگە ئۇچراشتىن غەم- ئەندىشە قىلىپ تېكەسكە يېتىپ بارغاندا، بىر نەچچە ئاتلىق ئالدامچى قالماق يولنىڭ توغرىسىدىن چىقىپ، بۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ" سىزلەر قانداق ئادەم؟ قايسى جايدىن كەلدىڭىزلەر ۋە قايسى جايغا بارىسىزلەر"دەپ سوراپ، بۇلارنىڭ ئاز- كۆپلىگىنى بىلىپ، بۇلارغا" بۇ يەردە ھەر خىل باشباشتاق يامان ئادەملەر بار. مەن ئادەم قوشۇپ بەرسەم، سىزلەرنى تىنچ- ئامان ئۆتكۈزۈپ قويسا، بۇ ماڭىمۇ بىر خىزمەت بولۇپ قالار"دەپ، ئۇچ- تۆت قالماقنى قوشۇپ،" بۇ خوجا كىشلەرنى پالانى يەرگىچە ئاپىرىپ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ يېنىڭلار، بۇلارغا بىرەر ئادەم زىيان- زەخمەت قىلىپ قويمىسۇن، ئەگەر بۇنداق بولسا بىزگىمۇ ئوبدان بولمايدۇ" دەپ مۇناپىقلارچە مۇبالىغە سۆزلەرنى تەكىتلەپ ئادەم قوشتى.

سەئىد خوجام باشلىق بۇ ئادەملەر" خۇدانىۋەندە كېرىم بۇ ئەندىشىلىرىمىزنىمۇ ئاسان قىلغۇدەك"دەپ، ئىككى- ئۈچ مەنزىلگە بېرىپ، ئات- ئۇلاقلىرىنى ئوتلاقتا قويۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن غىزا- تاماقتا تەييارلىنىپ، غىزالارنى يەپ- ئىچىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مەزكۇر قالماقلار ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، بايىقى قالماقلارغا خەۋەر بېرىپتۇ. ئۇشتۇمتۇت خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن بالا- قازادەك، نۇرغۇن قالماق كېلىپ، تالان- تاراج قىلىپ، بۇلارنىڭ بىرقانچىسىنى ئۆلتۈرۈپ نابۇت قىلىپتۇ. بىرنەچچىسىنى ئولجا ئەسىر قىلىپتۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى قېچىپ، ئۆزلىرىنى ئىسسىق كۆل قاتارلىق يەرلەرگە ئېلىپتۇ. لېكىن سەئىد خوجام ئانىدىن تۇغۇلما يالىڭاچ، يېرىم جان، ئاچ ۋە سەرسان- سەرگەردان بولۇپ، ئىلىدىكى كەنتلەرنىڭ بىرىگە بېرىپتۇ. بۇ كەنتنىڭ ئۇلۇغى بۇنىڭغا ئىگىن- ئاياق بېرىپ، ئىلىنىڭ سۇلتانى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپتۇ. خان خوجام پادىشا يەنە موللا ئاللا يار ئاخۇنۇمنى ئىلىغا ماڭدۇرغان ئىكەن. بۇ بىر شاگىرتى بىلەن تىنچ- ئامان ئىلىغا كىرىپتۇ. سەئىد خوجام بولسا، ئۆز بېشىغا كەلگەن ھادىسىلەرنى ئىلىنىڭ سۇلتانىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، سۇلتان ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا تون كىيدۈرۈپ، تەمنات تەيىنلەپ، ئوبدان جاي- ماكان قىلىپ بېرىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭغا بەيئەت ۋە ئىناۋەت قىلماپتۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ" يالىڭاچ خوجام"دېگەن نام بىلەن داڭقى چىقىپتۇ. چۈنكى، بۇ خوجاملار بارغىچە ئالامانچىلار ۋە جانپىدالار موللا شەۋكەت ئاخۇننى بىر گۇنا بىلەن بىكار قىلىپ، قاپقا سولاپ، تىرىك پېتى دەرياغا تاشلاپتۇ – دە ، باشقا بىر ئادەمنى ئۆزىگە ئۇلۇغ قىلىپ سايلاپتۇ. بۇ ئۇلۇغنىڭ سەئىد خوجام قاتارلىقلار بىلەن كارى بولماپتۇ. بۇلار ئىلىدا ئىستىقامەت قىلىپ تاكى دەۋرى زامان مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆز يۇرتى كۇچارغا قايتىپ كېلىپتۇ.

بۇ چاغلاردا پادىشا ھاجى بېك غەزنىچىنى باسۇرۇق قىلىپ يانغاندىن كېيىن،" ھەرقانداق بولسىمۇ، بۇ ياخشى ئىش بولمىدى"دەپ، بىر تەرەپتىن شاتلىق ۋە يەنە بىر تەرەپتىن غەم- ئەندىشە قىلىپ، بۇ ئەھۋالنى بىر نەچچە كۈن مۇلاھىزە قىلىپ، " بىز بولساق خوجاملار بىلەن بىر مەزھەپ، بىر دىندىكى مۇسۇلمانلارمىز، ھەرقانچە بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن كېلىشىپ ئوبدان ئۆتۈشىمىز لازىم ئىدى"دەپ، خوتەننىڭ ئوبدان ۋە كېلىشكەن زىلچىلىرى، مال- ماتالىرى، ئات- ياراقلىرى ۋە نەقدىنە پۇل قاتارلىق سوغا- سالاملارنى راسلاپ، دوستانىلىق رىشتىنى باغلاپ، ھەتتا ئىتائەت تۇزۇمگە كىرىپ، زاۋا شەھرىدە بولۇپ ئۆتكەن يامان ئىشلارغا ئۆزرە- خالىق قويۇپ، ئىنساپ ماقامىغا كېلىپ،" ھاجى بېكتىن باشقا بىر ئادەم كەلسە ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلىپ، خىزمەتكارلىق قائىدە- رەسمىيەتلىرىنى كەلتۈرەر ئىدىم.

شۇنداقلا ئۆزلىرى خاقانى چىننىڭ بىر سۆزلۈك ۋە بىر قۇللۇق ئوبدان ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يامان ئادەملەر بىلەن ئىتتىپاق بولۇپ پادىشالىق قىلىپلا، يەنى ختايلارنى ئۆلتۈرۈپ، تۇڭگانىلار بىلەن ئىتتىپاق بولۇپلا، ئەگەر تۇڭگانىلارنىمۇ يوق قىلغان بولسىلا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلار ئىدىم. ھېلىمۇ ئۆزلىرى بىزدىن بۇرۇن پايتەختتە ئولتۇرغان. بىزنىڭ ئىتائەت قىلىشىمىز لازىم "دىگەن يۇسۇنلۇق بىر نەچچە مۇلايىم ياخشى سۆزنى بەتكە تىزىپ خەت يېزىپ، ئەخمەت مىراپ بېك دىگەن ئادەمنى باش قىلىپ، ئەللىك نەچچە ئادەم قوشۇپ ئەلچى قىلىپ كۇچارغا ماڭدۇردى. مەزكۇر ئەلچىلەر ئاقسۇغا كېلىپ، بىر نەچچە كۈن توختاپ، ئاندىن كۇچارغا راۋان بولدى. بۇلار كۇچارغا بىر مەنزىل قالغاندا، خان خوجام ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇلارنىڭ سوغا- سالاملىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئەخمەت بېك باشلىق ھەممە ئەلچىنى ئات- ئۇلاغ، سەرەمجانلىرىدىن ئايرىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى سايرامدىكى ئۆز ئورنى بىلەن تەڭ ئادەملەرگە چۇشكۈن ئورنىدا تۇتقۇن قىلىپ بېرىپ، بۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرسۇن دەپ قاتتىق يارلىق قىلدى. ئەلچىلەر سايرام كەنتلىرىدە بىر يىلچە تۇرۇپ، كۆرستىپ بەرگەن جايلىرىدىن ۋەتەن تۇتتى. ئاتالىق غازى بۇ جايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇلارمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى يۇرتى ۋە ئەھلى ئاياللىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئەي ئاللا، چېچىلغانلارنى جەم قىلغۇچىدۇرسەن.

# 11

## ئۇ ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە ساقلىغۇچى ئاللانىڭ لۇتفى ئىنايىتى بىلەن سەيىد خوجا ئىسھاقنىڭ شەرىقىي تەرەپكە يۈرۈش قىلغىنى ۋە ئۇششاقتالدا نۇرغۇن پەتھى قىلىپ ئىگەللەشكە مۇيەسسەر بولغانلىغى ھەم بەزى باشقا ۋەقەلەر بايانى

ئاقىۋەتنى ئويلايدىغان يارەنلەر، دەۋرىدىن ئەندىشە قىلغۇچى بۇرادەرلەرنىڭ كۆڭۈل ۋە كۆزلىرىدىن مەخپىي ھەم يۇشۇرۇن قالمىغايكى، بۇنداق قىسسە- ھىكايە ۋە نەقىل- ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، راشىدىن خان خوجام (ئاللا ئۇنىڭغا غەلبە نۇرسەت ئاتا قىلغاي!) تەختى ئورنىدا ئولتۇرۇپ، مەشرىق تەرەپتىكى قارا شەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى كاپىرلاردىن ئەندىشە قىلىپ جار سېلىپ،" خۇدا ۋە رەسۇلىللانىڭ ھەق يولىدا جىھىنى پىدا ۋە تەقدىم قىلىپ، كاپىر- دىنسىز ۋە مۇشرىك زالىملار بىلەن غازات قىلىپ، غازىلىق مەرتىۋىسىنى خوش كۆرىدىغان ۋە شاھادەتلىك دەرىجىسىنى ئىزدىگەن بىر مەرت باھادۇر بارمىكىن؟ "دىگەن چاغدا، توختى مۇھەممەت يۈز بېشى دىگەن بىر ئادەم كېلىپ،" مەن بولىمەن، ئۇشبۇ خىزمەتنى بەجا كەلتۈرۈپ، بۇ دەرىجىلەرنى ئارزۇ ۋە ھەۋەس قىلغان ئىدىم"دەپ ئوتتۇرغا چىقتى. خان خوجام ئىلتىپات قىلىپ، يۈز ئادەم تەيىنلەپ، باھاۋىددىن خوجام بىلەن ئايدىن خوجامنى باش قىلىپ، كاپىرلار بىلەن قىلىدىغان ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىققا يارلىق قىلدى. بۇلار بۇگۇرگە بېرىپ، ئۇ جايدىكى يۈزگە يېقىن كاپىرنى ئۆلتۈردى ۋە ئۇ جايدىن بىر مۇنچە ئادەم ئېلىپ كورلىغا ماڭدى. بۇ چاغدا بۇگۇردە سومۇللا دىگەن بىر تۇڭگان بار ئىدى. ئۇ تۇڭگانلارغا باش بولدى. خان خوجام ئۇلارنىڭ كەينىدىن خوجا ئىسھاق خوجام يەنە سىدىق دادخۋا، مەمۇر خەلپىلەر باشلىق بىر يۈز ئەللىك ئادەم ماڭدۇردى. بۇگۇرلۇك دۇئايى خەلپە يەنە بۇگۇردىن يۈز ئادەم ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتىپاق بولۇپ كورلىنى بېسىۋالدى. ئۇلار يەنە كورلىدىنمۇ ئادەم ئېلىپ، سانىنى كۆپەيتىپ، قارا شەھەرگە قاراپ قەدەم تاشلاپ راۋان بولدى. نەتىجىدە تۇغ- بايرام، ئەلەم، دەھۇل- دۇمباق، ئوقيا- ساغداق، زەمبىرەك، مىلتىق، قورال- ياراق، كاناي- سوناي ۋە داقا- دۇمباقلارنىڭ ياڭرىغان ساداسى بىلەن لەشكەركەشلىك دەبدەبىسى ۋە پادىشالىق داغدۇغىسى مەيداندا ياڭرىدى. ھەممە ئادەم خوشال- خوراملىق بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلاپ، غازاتنى نىيەت قىلىپ، مەقسەت تەرەپكە قاراپ دەريا لېۋىگە باردى.

بۇ چاغدا، كاپىرلار دەريادىكى كېمىلەرنى چىقىرۋېلىپ، زەمبىرەك، مىلتىقلاردىن ئوق ئېتىپ، ئۇلارنى ئۆتكىلى قويمىدى. ئۇلار ئامالسىز بولۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە، كورلا باتۇرلىرىدىن ئىسلام خەلپە دىگەن ئادەم" بۇ چوڭ يول بىلەن قارا شەھەرگە كىرگىلى بولمايدىغاندەك، شۇڭلاشقا باغراش كۆلىنىڭ ئايىغى بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇششاقتالىغا بېرىپ،ئاندىن ئارقىمىزغا يېنىپ قارا شەھەرنى ئالساق" دەپ خۇددى ھەق تائالا ئىلھام بەرگەندەك، ناھايىتى ياخشى ۋە نۇرغۇن مەسلىھەت- كېڭەشلەرنى كۆرسەتتى. بۇ كېڭەشنى ھەممە ئادەم قوبۇل تۇتۇپ قوبۇل قىلىپ، كورلىغا يېنىپ

كېلىپ، باغراش كۆلىنىڭ ئايغى بىلەن ئايلىنىپ، توققۇز كۈندە ئۈششاقتالغا بارسا، ئۇ يەردە ئۇرۇمچىدىن كېلىپ ياتقان ئون سەككىز مىڭ ختاي چېرىگى بار ئىكەن. شۇ كۈنى يامغۇر يېغىپ چېرىكلەرنىڭ ھەممە ئەسۋاپلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن، ئۇلار زەمبىرەك، مىلتىق ـ ياراقلىرىنىمۇ ھۆل بولمىسۇن دەپ، ئۇلارنى قۇمغا كۆمۈپ بىپەرۋا ياتقان ئىكەن. غازاتچىلار بارغان ھامان جەڭ باشلاندى. كۆپ ئۇرۇش بولدى.

ئىلگىرى خوجا جاھانگىر تۆرەم بۇ يەتتە شەھەرنى ئالغان چاغدا، بېيجىڭ تەرەپتىن كەلگەن چېرىكلەرنىڭ باشلىقى ئاي جاڭجۈن دىگەن ئادەم بۇ شەھەرلەرنى تۆرەمدىن تارتىۋالغان خىزمىتى ئۈچۈن، خاقان ئۇنى بۇ شەھەرنىڭ تەربىيەتكەردىسى ۋە ساقلايدىغان ئىگىسى دەپ، ئۇنىڭ نامىغا بېغىشلاپ، بۇ يەردە بىر كاتتا بۇتخانا تەييارلاپ، ئۇنىڭ سۈرەتلىرىنى قويۇپ، ئەقدە قىلىدىغان بىر بۇتخانىسى بار ئىكەن ـ ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تاش ساپال ۋە قارا تۇپراق تولسۇن! بۇ قېتىم كاپىرلارل شۇ بۇتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ كۆپ ئۇرۇش قىلدى. ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ ھەممىسلا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، تىغ سىياسەتتىن ئۆتۈپ، سەرەنجان تاپتى. بىجىن تەرەپكە بىرەر كاپىرمۇ قاچالمىدى، ئاز قىسمى ئۆزىنى قارا شەھەرگە ئالدى. بۇ چاغدا تۇرپان تەرەپتىن ئىككى نەپەر ئاتلىق ختاي بىپەرۋا ۋە بىغەم چىقىپ كەلدى. قالماقلار بۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ خوجاملارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈردى. تەكشۈرۈپ كۆرسە، ئۇلارنىڭ يېنىدىن خەت چىقىپ قالدى. بۇ خەت قارا شەھەر ئامبانىغا بېرىلىدىغان خەت ئىكەن. خەتتە بىر قانچە كاتتا مەنسەپدارنىڭ نام ـ نەسەپلىرىنى يېزىپ،" بىز ئۇلۇغ خاننىڭ يارلىغى بىلەن سىزلەرگە يار ۋە مەدەت بولۇش ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ (كېيىنكى مەزمۇنلاردا " يىگىرمە تۆت مىڭ" دەپ بايان قىلىنىدۇ ـ ت) چېرىك، تۆت يۈز يەتمىش زەمبىرەك، ئىككى يۈز ھارۋىدا ئوق ـ دورا ۋە قورال ـ ياراق بىلەن كەلدۇق. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈششاقتالغا بارىمىز. بىزگە كەڭرى ئۇزۇق ۋە ئوت ـ بوغۇز چىقارسۇن"دىگەن مەزمۇندىكى خەت ئىكەن. خوجاملار بۇ ئەھۋالنى ھەممە ئادەمگە ئېلان قىلىپ،" ئۇلاردىن ۋاقىپ بول، ھازىر بول"دەپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇ تەرەپتىن تۇغلار نامايان بولدى. تۇغ ئىچىدىن قارا چېرىكلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئىسلام لەشكەرلىرى بۇ چاغدا چۆلنىڭ ئاغزىنى ۋە سۇنىڭ ياقىسىنى قولدا تۇتۇپ ياتقان ئىدى. مەزكۇر چېرىكلەر بىپەرۋا، بىخەۋەر ھالدا" بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۇزۇق ئېلىپ چىققان ئادەملەر ئوخشايدۇ"دەپ تېخىمۇ يېقىن كەلدى. بۇ چاغدا خۇددى ئاللانىڭ بالا ـ قازاسى كەلگەندەك، بىر تەرەپتىن باھاۋىدىن خوجام، مەمۇر خەلپىلەر ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئايدىن خوجام، دۇئاي خەلپە سۇمۇلالار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن" ئاللاھۇ

ئەكبەر“ دەپ تەكبىر ئېيتىپ، ئات چاپتۇرۇپ قىرغىنچىلىققا ئۆتتى. لېكىن، تۇساتتىن قارا چېرىكلەر ئايدىن خوجامنى كەينىگە چېكىندۇردى. ئىش ئەكسى نەتىجىگە قاراپ ماڭدى. بۇ ئەھۋال ئاستىدا ئىسھاق خوجام دۇئاغا قولىنى كۆتۈرۈپ، ئاللا دەرگاھىغا ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ شىپا تىلەپ، لەشكەرلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى جەڭ- غازاتقا تەرغىپ قىلىپ رىغبەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا يىغا- زارلىەرنى قىلىپ،” ئاللاغا تەۋەكۇل“ دەپ، جان- دىلى بىلەن ئۇرۇش ۋە سۇقۇشقا تۇردى. ئوڭ قاناتنى سول قاناتقا، سول قاناتنى، ئوڭ قاناتقا يۆتكەپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ۋە كەچتىن تاڭ ئاتقىچە، ھەتتا چۈشتىن پېشىنگىچە بولغان ئارلىقتا چاپ-چاپ دىگەن ئاۋازلار، ” ھازىر بول“، ” ۋاقىپ بول“دىگەن سادالار ۋە توپ- زەمبىرەكلەرنىڭ پەريات پىغانى يۇلتۇز پەلەكتىن ئۆرلىدى. ئاقىۋەت پەتھى ئىشىگى ئىسھاق خوجام تەرەپتىن ئېچىلدى. بىر كىچە ۋە ئىككى كۈندۈز كۆچلۈك كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى تازىلىدى. ئۇلارنىڭ بەشنى ئۆلتۈرگىچە ئونى ۋە ئوننى ئۆلتۈرگىچە ئوتتۇزى ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە يەتكۈزدى. ئۇلار دۈشمەن قولىدا ئۆلۈشنى ئار ۋە نومۇس دەپ بىلىدىكەن. ئەگەر ئۇلار ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەت قىلىشىپ بەرمىگەن بولسا، بۇ بەش كېچە- كۈندۈزدە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولماس ئىدى. چۈنكى، ئىسلام لەشكەرلىرى ئىككى مىڭغا يەتمەيتى. كاپىرلار بولسا يىگىرمە تۆت مىڭ بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىدى. پەقەت مىڭ ئادىملا جېنىنى جايلىيالىدى. قالغانلىرى تامامەن يوق بولدى.

بۇ ئارلىقتا ئىسلام لەشكەرلىرى ياكى سۇ ئىچىشكە پۇرسەت بولمىدى ۋە ياكى تائام يېيىشكە ئارام ۋاقىت چىقمىغان ئىدى. ئۇلار بىر ئاز سەرەنجام بولۇپ، غىزا- تاماققا مەشغۇل بولۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە، قارا شەھەردىن يەتتە مىڭ ختاي چېرىكى، ئۈچ مىڭ قالماق چېرىگى ئەللىك ئالتە ھارۋىدا ئوق- دورا، توپ- زەمبىرەك ۋە ئىككى يۈز ئەللىك تۆگىگە ئۇزۇق ھەم جەڭ ئەسۋاپلىرىنى يۈكلەپ، قارا شەھەرىن چىقىپ تېۋىلغۇ دىگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى دىگەن خەۋەر كەلدى. ئۇلارنىڭ گېلىدىن يا تاماق ئۆتمىدى ۋە يا باشقا ئىشلارنى قىلىشقىمۇ پۇرسەت بولمىدى. ھەممىسى بىر نىيەت، بىر ئىتتىپاق بولۇپ، غازات قىلىپ، جاننى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە كاپىر ھەم قالماقلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى نىيەت ۋە مەقسەت قىلىپ، قارا شەھەرگە قاراپ راۋان بولدى. ئوتتۇز يول مىقدارى يۈرۈپ چۇقۇر دىگەن جايدا ختايلار بىلەن ئۇچراشتى. ئاربدا جەڭ قىرغىنچىلىقى باشلاندى. ئاقىۋەت خوجا ئىسھاق خوجام ئۇژمە چومىغىنى قولىغا ئېلىپ، شۆھرەتلىك باتۇرلىرى بىلەن بىللە كاپىر چېرىكلىرىنىڭ ئوستىگە ئات چاپتۇردى. بۇ چاغدا كاپىرلار تۆگىلىرىنى

چۆكتۈرۈپ، ھارۋىلىرىنى قاتار قىلىپ تىزىپ، دالدا ۋە پانا قىلىپ، ئوق ئاتماقتا ئىدى. ئۇلار ئات چاپتۇرغاننى كۆرۈپ، " ئەمدى ئىشىمىز يامان بولدى"دەپ تۆگىلىرىدىكى دورىغا ئوت قويىدىمۇ، ياكى خۇداۋەندەكېرىمنىڭ پەزىل ئىنايىتى بىلەن ئۆزى ئوت كەتتىمۇ، ئىش قىلىپ، نۇرغۇن دورىغا ئوت كەتتى. تۆگە ۋە قورال- ياراقلارنى ئاسمان- پەلەك كۆتۈرۈپ، دورىلارنىڭ ئىس- تۈتۈنلىرى ۋە ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ- توزانلار، بۇ تۇزاڭلىق زېمىن يۈزىنى قاپلاپ قاراڭغۇ قىلىپ، ئاپتاپ يۈزىنى سۇسلاشتۇرۇپ خىرە قىلدى. ھېچقانداق ئىنسان گۇرۇھىنىڭ كۆز نۇرى كۆندۈز بىلەن كېچىنى ئايرىپ پەرقلەندۈرۈشكە مۇمكىنچىلىك تاپالمىدى. گويا ئالەمدە قىيامەتنىڭ جازا مەيدانىدىن بىر نەمۇنە ۋە ئاخىرەت كۈنىدىن بىر نىشانە ئاشارە بولدى. كاپىرلار قاچتى. خوجاملار قوغلىدى.

شۇنداق قىلىپ، خوجاملار تېۋىلغۇ دىگەن مەنزىلگە بېرىپ ئارام ئېلىپ، ئەتىسى قالماقلارغا يول باشلىتىپ، قارا شەھەرگە يېقىن يەتكەندە، ئىراۋۇلچى ختايلاردىن ئىككى ختاي قولغا چۈشتى. بۇلار سوراقتا« چوڭ يولغا تەيپو- زەمبىرەكلەرنى قۇرۇپ تەييارلاپ قويىدى»دىدى. خوجاملار قالماقلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە چوڭ يولنى تاشلاپ، سول قولغا قاراپ، قارا شەھەرنىڭ كۈن يۈرۈشى تەرىپىدىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تېرەكلىك دىگەن يەرگە چۈشتى، بۇ يەرنىڭ بىر تەرىپى دەريا، بىر تەرىپى تاغ ۋە بىر تەرىپى چوڭقۇر ئۆستەڭ ئىدى. شۇ كۈنى شەھەرنىڭ تېشىدىكى ۋەي شاڭ بازارلىرىدا تۇرغان كاپىرلارنى تامامەن ئۆلتۈرۈپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، قاتتىق جەڭلەرنى قىلدى. كاپىرلارنىڭ ئۆلۈگىنىڭ كۆپلۈكىدىن ماڭغىلى يول تېپىلمىدى. لېكىن، ئۇرۇش قىلغان يەردە ئىككى كاتتا ئۆستەڭ بار ئىكەن. چوڭقۇرلىقى ئىككى نەيزە مىقدارى بار ئىدى. بۇ ئۆستەڭلەر كاپىرلارنىڭ ئۆلۈگى بىلەن تۇشۇپ، سۈيى تولغىنىپ تېشىپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئۆستەڭ سۈيىنىڭ رەڭگى قىزىل قانغا بويىلىپ، سۇدىن قانغا ئايلىنىپ كەتتى. قارىماققا قىپ-قىزىل قان ئاقاتتى.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، مۇشۇنداق ئۇرۇش-جەڭلەردىن كېيىن، سېپىل ئىچىدىكىلەردىن باشقا جايدا كاپىر قالمىدى. لېكىن، سېپىل ئىچىدىكى كاپىرلار سېپىلدىن ئوق ئېتىپ، خودەن تاشلاپ، ئەسلا يېقىن كەلتۈرمەيتتى. شۇ ھالەتتە خوجاملار ھارۋىلارنى ئېلىپ كېلىپ قاتار قىلىپ، تۆگىلەرنىڭ جازىسىنى سۇغا چىلاپ ھۆل قىلىپ، ھارۋىلارنىڭ ئۈستىنى توشقۇزۇپ، بىر قانچە باتۇرنى ھارۋىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ، ھارۋىنى ماڭدۇرۇپ دەرۋازىغا ھەيدەپ بېرىپ ئوت قويىدى. كاپىرلار دەرۋازىنىڭ كۆيگەنلىگىنى كۆرۈپ ھۇش- كاللىسىدىن كەتتى. ئوي- سەزگۈلىرىدىن تامامەن

ئايرىلىپ، يۇرۇق جاھان ئۇلارنىڭ كۆزىگە گويا قاراڭغۇ كۆرۈندى. قوللىرىدىن قورال- ياراقلار چۈشۈپ كەتتى. پۇتلىرى ھەرىكەتتىن توختىدى. ئۆلۈك- تىرىكلىگىدىن بىخەۋەر بولۇپ ھاڭۋېقىپ، دىلى تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا قالماقلارغا خوجەك قازى دىگەن تۆكچى بولغان ئىكەن. ئۇ قالماقلارغا « سىلەر خوجاملارغا ئوق چىقارماڭلار، ئەگەر ئۇلار بىرلا دۇئا قىلسا ھەممە نەرسىگە ئوت كېتىدۇ» دەپتۇ. بۇ سۆز قالماقلارغا ماقۇل چۈشۈپ، بۇلارمۇ ختايلارغا « بىز خوجا جاھانگىر زامانىسىدىن تارتىپ، نەچچە قېتىم خاننىڭ يارلىغى بىلەن كاشغەرگە بېرىپ خوجاملار بىلەن ئۇرۇشتۇق، بىزگە ياخشىلىق كەلمىدى، ئارىمىزدا كېسەل پەيدا بولۇپ نۇرغۇن ئادىمىمىز ئۆلۈپ كەتتى. چارۋا ماللىرىمىزغا چېچەك چىقىپ قالدى. بىز خوجاملارغا ئوق ئاتمايمىز » دەپ ئۆزلىرىنى ياقىغا ئالدى ۋە زادىلا ئوق چىقارمىدى. بۇ چاغدا ئىسلام لەشكىرى شەھەرگە كىرىپ، بىر تەرەپتىن ئوت قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن قىرغىن قىلىپ، شەھەرنىڭ ئىچىنى ۋەيران قىلىپ، قارا شەھەرنى شۇم قۇشلارغا ۋە دۆ- پەرىلەرگە جاي- ماكان قىلىپ بېرىپ، كاپىرلارنىڭ جېنىنى جەھەننەم تەرەپكە يولغا سالدى.

نەزىم:

شاھقا ئەگەر بولسالار بەختى يار،
بولۇپ پەتھى نۇسرەت شاھلارغا دۇچار.

نەتىجىدە بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆلگەن مەنسەپدارلار، چېرىكلەر، مەيمەنچىلەر ۋە خۇيجالار بولۇپ چوڭ- كىچىگى ئىككى يۈز مىڭدىن زىيادە كاپىر مۇشرىك نىستى نابۇت بولدى. لېكىن، مۇسۇلمانلاردىن شاھادەتلىك دەرىجىسىگە ئېرىشكەنلىرى ئىككى يۈزگە يەتمەپتۇ. ئۈچ يۈزگە يېقىن ئادەم يارىدار بولۇپتۇ. سەيىد غازى خوجا ئىسھاق ياراتقۇچى ئاللانىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن ھەممە ئەسكەرلىرى ۋە باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشىپ، ياراتقۇچى ۋە ساقلىغۇچى ئاللا دەرگاھىنىڭ پاك مۇبارەكلىرىگە شۈكرى ۋە سانالارنى بەجا كەلتۈرۈپ، تەشەككۇر نامىزى ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلدى. ھەممە ئادەم مۇبارەكباتلىق ساداسىنى كۆك رەڭلىك پەلەكتىن، ھەتتا يەتتە قات ئاسماندىن

ئۆتكۈزۈپ، پەرىشتە- مەلائىكە گۈزەللەرنىڭ ئىچىگە غۇلغۇلا ۋە پەرىشانلىق سالدى.

دەرۋەقە، بۇ يۇرتلاردا، بەلكى ھەممە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بۇ دەۋرگىچە بولغان يەر يۈزىدە، مۇنداق نۇرغۇن دىنسىز چېرىكلەرنىڭ جەڭ غازاتتا قورال- ياراقلىرى ئۆزىدىن كەمدىن- كەم ۋە ئازدىن- ئاز مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا ۋە بىرلا جايدا نىست- نابۇت قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق تارىخ كىتاۋىدا بىرەر مەلۇمات يېزىلمىغان ۋە ئاڭلانمىغان. لېكىن «رەۋزە تۇسسافا» ۋە «ئاتەشكىدە» (ئوتخانا – ت) دىگەن كىتاپلار ۋە يەنە باشقا كىتاپلاردا بايان قىلىنىشىچە، بىرلا ۋاقىتتا بۇنىڭدىن كۆپ مۇسۇلمانىنىڭ ھالەك بولۇپ شاھادەتلىككە يەتكەنلىگى ۋە كاپىر- مۇشرىكلارنىڭ غالىق بولغانلىغى مەلۇم. لېكىن بۇ قېتىمقى غازاتتا مۇسۇلمانلار غالىپ بولۇپ، كاپىر- مۇشرىكلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. بىراق غەمكىن ۋە مالاللىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلگەن مۇسۇلمانلارغا يۈزلىنىپ، كاپىرلارنىڭ ئۈستىدىن ئىستىلا تېپىشقا سەۋەپچى بولغان بۇ غازات خوشاللىغىنى بۇ زامان كۆزى ۋە دەۋران قۇلىغى تېخى كۆرمەپتۇ ۋە ئاڭلىماپتۇ.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، بۇ رەسۇلىللا ئەۋلادى بولغان سەيىد غازى خوجا ئىسھاق (ئاللا ئۇنىڭغا غەلبە ۋە نۇسرەت ئاتا قىلغاي!)يەنى ساھىبى ياراق ھەم قورال چوماقنى ھەممە خەلىپە، باتۇرلار، شۇنىڭدەك بىر نىيەت، بىر ئىتتىپاققا ئۇيۇشقان مۇسۇلمان، تۇڭگانى ۋە قالماقلار بىرلىشىپ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ناغرا، كاناي ۋە داقا-دۇمباق تەنتەنە بىلەن ئۆزلىرىگە چوڭ ۋە ئەمىرى لەشكەر قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭغا بولغان پەرمانبەردار ۋە خىزمەتكارلىق ئورنىنى ئۆزلىرىگە پەخىر ۋە ئىپتىخار بىلىشىپ، بويىنىنى تۆۋەن ئېگىپ، تازىم ۋە ھۆرمەت قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، قارا-كۆڭۈللۈك ۋە دۈشمەنلىكتىن خالاس بولدى.

نەزىم:

مەسنەدى شاھلىقتا ئولتۇردى سائادەت كۈنلەرى،

تەختىكە چىقتى ئاچىلىپ غۇنچە يەڭلىغ باغلارى.

ئەسلىدە يەتتە پۇشتىدىن بۇيان جىنازە سۇپەتلىك ئۇرۇق ئاتقا لىڭگىرچاقتا ئوخشاش ئىگەر تۇقۇپ، ياغاچتىن ئۇزەڭگە ۋە شوينىنى قۇشقۇن قىلىپ كەلگەن بۇ سەھرالىقلار بۇ قېتىمقى غازات جەڭدىن كېيىن قالماق ئاتلىرى ۋە قازاق تويچاقلىرىغا يۇز سەر كۇمۇشكە ئەرزىيدىغان بىجىن ئىگەرلىرىنى توقۇپ، ئالتۇن-كۇمۇش بىلەن سۇۋارى قىلىپ بېزەلگەن ئۇزەڭگە، قۇشقۇنلارنى سېلىپ ئاتلىق بولدى. ئەسلىدە بېشىغا ئوڭلۇققىنا بۆك كىيمىگەن، سوغاق ۋە ئىسىق كۇنلەردە كىيىشكە تۇماق تاپالمىغان ھەم ئىككى يېرىم باغلىق بۆز خامنى مېھمانلىق تون، كۆينەك ۋە تامبال قىلىپ كىيگەن، بەش تەڭگە پۇلنى خىراجەت ئۇچۇن يېنىغا سېلىپ باقمىغانلار، ئەمدىلىكتە كەشتە قۇيۇلغان تۇماق ۋە تۇلكە سۆلۆسۇندىن تىكىلگەن جۇۋا كىيىپ، تاۋار-دۇردۇننى پايتىما قىلىپ، شوينا خۇرجۇنلارغا تولغان پار-پۇر ئالتۇن، كۇمۇش ۋە لوپ تاغارلىرىغا تولغان تاۋار-دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىگە بولدى. ۋاھالەنكى، پانسەت، يۇز بېشى، خەلپە، باھادۇرلارنىڭ قولىغا چۇشكەن ئولجا-غەنىمەتلەرنىڭ يەنە قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن قىياس قىلىپ بىلگەيسىزلەر.

ئەلقىسە، قارا شەھەر پەتھى بولۇپ يۇرتنى سەرەنجام قىلغاندىن كېيىن، خوجاملار ئوتتا كۆيمەي قالغان توپ-زەمبرەك، مىلتىق ۋە باشقا قورال- ياراقلارنى ۋە غەنىمەت ئېلىنغان غەزنە مۇلۇكلىرىنى يىغىش ھەم جان تالاشقان ياكى يېرىم جان بولۇپ ياتقان قارا چېرىكلەرنى يەنە ئۆلگەنلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇش ئۇچۇن، ئۇششاقتالغىچە بولغان جايلاردىن خەۋەر ئېلىپ، تەكشۇرۇپ بارسا، ئۇششاقتالنىڭ شەرقىدىكى تاشلىق قارا ساي كاپىرلارنىڭ قېنى بىلەن گويا قىزىل كىگىز يايغاندەك قىزىل سايغا ئايلىنىپتۇ ھەم پەرھات قەۋرىسىنىڭ ئۇستىدىكى تۇۋرۇكسىز تاغ بولسا ئۇنىڭ دەشتىدىكى لالىزارلىقتىنمۇ رەڭگا- رەڭ بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى بۇ سوقمىسىز يىڭى تاغ لالىزارلىق بولسا پەرھات قەۋرىسىنىڭ ئەتراپىدىكى لالىزارلىق بىلەن بەس- بەس قىلىپ، ئۇششاقتال قىزىللىغىدىن بىر نەمۇنە ۋە نىشان بولۇپ قاپتۇ. خوجاملار بۇ جايلارنى سەير- تاماشا قىلىپ، خۇداۋەندەكېرىمنىڭ تولۇق ئىلتىپاتىغا شۇكرى سانالارنى بەجا كەلتۇرۇپ، قورال- ياراق، ئىگەر- تۇقۇم ۋە ئات- ئۇلاغ ھەم ئالتۇن- كۆمۇشلەرنى ئېلىپ ياندى. ئەمدى بۇ پەتھى تەلەي- بەخت خوش خەۋىرىنى پەتھنامە قىلىپ، كۇچار دار سەلتەنەتىگە ئەۋەتىش لازىم ۋە زۆرۈر بولدى. خوجاملار قورال- ياراق، توپ- زەمبرەك، ئالتۇن- كۆمۇش، پاكىز ۋە خۇش پۇراقلىق چاي، چىرايلىق چىنە- قاچا ۋە كۆزگە يېقىملىق تاۋار- دۇردۇن قاتارلىق سوغا- سالاملارنى راسلاپ، توختى مۇھەممەت يۇز بېشىنى باش قىلىپ، كۇچارغا ماڭدۇردى.

لېكىن، كۆچار بۆزۈلگان كۆنلەردە ئەخمەت ۋاڭ بېگىم كۆچاردا بولغان ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى قەغەز بېتىگە بىر ـ بىرلەپ تىزىپ، ئۇلۇغ خانغا ئەرز قىلىپ، ئوغى ھامىت تاجى ھاكىم بېگىمگە ئۈچ نەپەر ئىشەنچلىك ئادەم قوشۇپ، تاغلارنىڭ ئىچى ۋە قالماقلارنىڭ ئارىسى بىلەن قارا شەھەر ۋە ئۇرۇمچىگە ماڭدۇرغان ئىكەن. مەزكۇر تاجى بېك مالماقلارنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ قارا شەھەرگە بېرىپتۇ. ئەرزنى ئۆتەڭ ـ پوچتا ئارقىلىق خانغا ئەۋەتىپ، قارا شەھەردە تۇرۇپ قالغان ئىكەن. قارا شەھەر پەتھى بولغاندىن كېيىن مەزكۇر تاجى بېگىم جېنىنى ئېلىپ ئىسلام لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ئۆزرە ـ خالىقىن گەپ ئېچىپ، توۋا ـ ئىستىخپار قىلىپ تۇرۇپتۇ. مەزكۇر پەتھى ئىگىسى بولغان سەيىد غازى ئىسھاق خوجام ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۇلۇغلۇغى ۋە بىر يۇرتداش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ گۇناھىدىن ئۆتۈپ، كۆڭلىنى خوشال قىلىپ، ئەپۇ قەلىمنى سۈردى ھەم ئۇشبۇ بانا ۋە خوشلۇقنىڭ سەۋەپلىرى تۆپەيلىدىن راشىدىن خان خوجامدىن ئۇنىڭ گۇناھىدىن تىلەپ، ئالاھىدە ئەرز قىلىپ، ئۇنى توختى مۇھەممەت باتۇر يۈز بېشىغا قوشۇپ كۆچارغا ماڭدۇردى. توختى مۇھەممەت باتۇر يۈز بېشى قارا شەھەردىن چىقىپ كۆچارغا كېلىپ، سوغا ـ سالام تارتۇقلارنى خان خوجام ئالىيلىرىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈپ تەبرىكلىدى. جۈملىدىن ئەرز بىلەن قوشۇپ تاجى بېگىمنىمۇ خان خوجام ئالى مۇقاملىرىنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزدى. خان خوجاممۇ شاھانىلىق ئىلتىپات ۋە ئۇلۇغ مەرھەمەتلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھىغا ئەپۇ قەلىمنى سۈرۈپ، خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، ئىككى ئادىمنى سىياسەتتىن ئۆتكۈزۈپ دارغا ئاستى.

تاجى بېگىم خوجا ئىسھاق خوجامنىڭ بۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئادىمگەرچىلىك ياخشىلىقلىرى بىلەن قايتۇرۇپ، ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىنى تىكلەشنى قارار قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۇ نومۇس پەردىسى ئىچىدىكى قىممەت باھا بىر يەككە گۆھەردەك، خۇش مۇئامىلە، ئاپتاپ كۆزىدىن باشقا كۆزنىڭ كۆزى چۈشمىگەن ۋە ئاي نۇرىدىن باشقا نۇرنى كۆرمىگەن، ئىپپەت زامان، ياخشى دەۋران، چولپان يۇلتۇزدەك يالغۇز بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ بۇ قىزنى ئىسھاق خوجامنىڭ كۆز نۇرى بولغان پەررۇخشاھ خوجامنىڭ ئەقدە ـ نىكاھىغا سۇندى. بۇ خوجام سەيىد بولغىنى بىلەن، پۇقرا ـ خالايىقتا بولسا ئاتا ـ بوۋىلىرىدەك دۇئاگۇيلۇق ئورنىدا ئىدى. بۇ ۋاڭ بېگىملەر بولسا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن پادىشالىق مۇقامى ۋە جەرە كەسىدە ئىدى. ئەگەر خۇداۋەندەكېرىم مۇشۇنداق يوللار بىلەن مۇيەسسەر قىلمىغان بولسا ئىدى، بۇ خوجامالار ئۇ ئۇلۇغلارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك خاندانلىرىغا تىل سۇرۇشكە مۇيەسسەر

بولالمايتى. بۇ سۆزىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ۋەقەرنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى تولۇق ئىسپاتلىدى.

يەنە خاقانى چىن ئەھلى كېلىپ بۇ يەتتە شەھەرنى ئىتائەتكە كىرگۈزگەن چاغدا، مەزكۇر تاجى بېگىمنى كاشغەرگە ھكىم قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىركى ئىسلام دەۋرىدە ئاتالىق غازىنىڭ پەرمانى بويىچە خوجا ئىسھاق خوجام بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن ياركەنتتە تۇراتتى. خاقان مەنسەپدارلىرى بىلەن چېرىكلىرى بۇ يەرگە كەلگەندە، خوجام ئۇلاردىن قورقۇپ ئەندىشە قىلىپ، بالا- پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ فەرغانە ۋىلايىتىگە چىقىپ، ئۇش دىگەن شەھەردە تۇرۇپ قالغان ئىدى. تاجى بېگىم دەل مۇشۇ كۈنلەردە كاشغەرگە ھاكىم بولغان ئىدى. بۇ ئوشتىكى ئىسھاق خوجامغا قىزىمنى سىگنىدىم دىگەن بانا بىلەن خەت يېزىپ، قىزىنى ئەۋەتىشنى سورىدى ۋە ئالدۇرغاندىن كېيىن ئۇنى چىقىرىپ ئالماقچى بولدى. ئىسھاق خوجام ئوغلى پەررۇخشاھ خوجامغا بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە يەنە بىر ئوغلىنى قوشۇپ،« قاراۋۇلغىچە ئاپىرىپ قويۇپ بۇلارنى تىنچ- ئامان قاراۋۇلدىن ئۆتكۈزۈپ ، قايتىپ كېلىڭلار، كاشغەرگە كىرمەڭلار» دەپ كۆپ تەكىتلەپ يولغا سالدى. لېكىن، تاجى ھاكىم بېگىم ئالىلقاچانلار قاراۋۇلچىلىرىغا« ئەگەر خوجاملار قاراۋۇلغا كەلسە، مەيلى قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇلارنى تۇتۇپ كاشغەرگە ئەۋەتكىن» دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىكەن. بۇ خوجىلار قاراۋۇلغا كېلىشى بىلانلا ئۇلارنى تۇتۇپ، دەرھال كاشغەرگە ئېلىپ كەلدى. خوجاملار ئۈچ- تۆت كۈن كوچا- بازارلاردا يۈرگەندىن كېيىن، تاجى بېك" ئىلگىرى يۇرتنى بۇزغان كوچارلىق خوجىلار يەنە ئەنجەندىن كېلىپتۇ"دەپ لوشەي دارىنغا [154] مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنى دېڭىزدا نەزەربەنت قىلىپ، قىزىنى چىقىرىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇ قىزىمۇ نەچچە باللىرىم بار ئىدى دەپ، بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، لوشەي دارىن بۇ خوجازادىلەرنى يوقلاپ سوراپ، بىر مەنسەپدارى بىلەن بىر تۇڭچىسىغا ئىككى يۈز سەر كۆمۈش بېرىپ، « كوچارلىق خوجىلارنىڭ ئوغانلانلىرى بىزنى كەلدى دەپ قورقۇپ ئەندىشە قىلىپ، ئەنجانغا كەتكەن ئىكەن. ئەمدى يەنە ئۆز يۇرتىمىزغا كەلسەك دەپ، ئۇلۇغ خاننىڭ كەڭچىلىكىنى سىغىنىپ كەلگەن چاغدا، ھاكىم بېك خوجىلار ئەنجاندىن كەلدى دەپ ناھەق مەلۇم قىلغاندا، مەن ئۇلارنى سولاپ قويسۇن دەپ يارلىق قىلغان ئىدىم، سەنلەر بۇ كۆمۈشنى ئېلىپ بېرىپ، خوجىلار ياتقان ئۆيگە كىگىز- كېرەكلەر، قازان، چۆگۈن، چىنە قاتارلىق لازىملىق نەرسىلەرنى راسلاپ بېرىپ، ئاشقان كۆمۈشنى خوجىلارنىڭ خىراجىتىگە بېرىڭلار » دەپ يارلىق قىلىپ ئەۋەتتى. بۇلار بۇيرۇق بويىچە لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى خوجازادىلەرگە تەييارلاپ بېرىپ ئۇچۇرنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خوجازادىلەر ئون ئالتە ئاي

مىقدارى نەزەربەنتتە ياتتى. ئاخىرى لوشەي دارىىن تاجى هاكىم بېگىمگە يارلىق قىلىپ،« بۇ خوجىلارغا ئۇزۇن بولدى، يەنە ئۆزىڭىز ئۇلارنى تىلەپ ئالسىڭىز» دېدى. تاجى هاكىم بېگىم تىلەپ ئەرز تۇتتى. لوشەي دارىىن بۇ ئىككى خوجازادىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، « ئۇلۇغ خانغا چوڭ خۇدانىڭ ئاچچىغى كېلىپ كايىپ كېتىپ، بۇ يۇرتلارنى سىزلەرنىڭ دادىڭىزلارغا تاپشۇرغان ئىكەن. ئەمدى چوڭ خۇدا ئاچچىغىدىن يېنىپ يۇرتلارنى ئۇلۇغ خانغا تاپشۇردى. ئۇلۇغ خان بۇرۇن ھەرقانداق ئادەمنىڭ گۇناسىدىن ئۆتكەن ئىدى. ئەمدى بىز كەلگەندىن كېيىن سىزلەردىن يەنە بىر گۇنا ئۆتسە، قائىدە بويىچە بەنلەيمىز (جازا بېرىمىز – ت). ئىلگىرى قىلغان گۇنايىڭلارغا بۇيۇجىڭ (كېرەك يوق – ت)، تىنچ بولۇپ پۇقراچىلىق قىلىڭلار » دەپ قويۇپ بەردى.

يەنە شۇ كۈنلەردە ئۇلۇغ خاندىن« پۇقرالىرىم ئالغان خوتۇنلىرىنى قويۇپ بەرمەسلىگى لازىم. ئەگەر خوتۇننى قويۇپ بەرسە، ياكى خوتۇنلار ئەرلىرىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇلارغا قاتتىق جازا بەرگەندىن تاشقىرى، بۇ گۇنايىدىن ئۆمۈر باقى ئۆتمەيمەن» دەپ يارلىق كەلگەن ئىدى. بۇ يارلىقنى شەھەر- شەھەرگە ئېلان قىلىپ، بازار- گۇزەرلەرگە كوسى خەت (گۇڭسى خەت – ت) چاپلىدى. بۇنى كۆرگەن تاجى بېگىم كۆڭلىدىكى مەقسەت مۇددىئالىرىنى ئاشكارە قىلالمىدى.

سەيىد غازى ئىسھاق خوجام بولسا مۇلايىم، خۇش خۇي، كۆڭلى ئوبدان ۋە ساددا مىجەز، خۇش مۇئامىلىلىك، شجائەتلىك، پۇقرا ئەندىشە، ئىش ھۆكۈمدە ئادالەتلىك كىشى ئىدى. خۇددى «ھەدىس شېرىپ»تە، ئەمەل بولسا نىيەتكە باغلىق دەپ يېزىلغاندەك، سەيىد ئىسھاق خوجامنىڭ نىيىتى راست ۋە توغرا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەممە ئادەم غازىلىق دەرىجىسىگە ئىگە بولدى. ئەگەر پەرەز، ۋاجىپ ۋە سۈننەتنى تۇتقۇچىلار ياكى پەرز ۋە سۈنەتتىن تاشقىرى ياخشى ئىشنى تۇتقانلارنىڭ نىيىتى توغرا بولمايدىغان بولسا، ئۇلار ساۋاپ ۋە ياخشى نەتىجىگە ئىگە بولالمايدۇ. غازات ئەلۋەتتە ئۇلۇغ پەرز ئىشتۇر. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭغا توغرا نىيەت كېرەك. چۈنكى بۇ چاغدا بىرەر ئولجا ياكى بۇ بانا بىلەن بىرەر شەھەرگە ھاكىم بولاي ۋە ياكى باتۇر دەپ نام قازىناي دىگەن يامان خىيال ۋە كاسات سەۋدالىغى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كىرىپ باقمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ئىنتىپاق ۋە بىر نىيەت بىلەن كاپىر ۋە قالماقلارنىڭ ئۇستىگە ئىسلام تىغىنى تارتىش، ئەجەل يەتسە خۇدا يولىدا جېنىنى پىدا قىلىپ قۇربان بېرىشتىن باشقا مەقسەت ۋە مۇددىئاسى يوق ئىدى. ئۇ ھاكىم مۇتلەق ئۇلۇغ سۇلتان ئاللا ئۆزىنىڭ ياخشى پەزىلىتى بويىچە، بۇلارنى

غازىلىق دۆلتى ۋە مەنسۋى، شاھادەتلىك ئالى دەرىجە ۋە مەرتىۋىلىرىگە ئىگە قىلدى. ئاللانىڭ كىتاۋى، رەسۇلىللانىڭ سۈننەتلىرى ۋە ماشايىخ، ئالىملارنىڭ يولىيورۇق ۋە كۆرسەتمىلىرىگە لايىق غازات قىلغان تايىپىلەر بولسا، دەل مۇشۇ ئادەملەردىن ئىبارەت. خۇدا ئۆزى قىلغان ھەممە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئوبدانىراق بىلگۈچىدۇر. ئەي خۇدا، ئۇلۇغ پەزىلىتىڭ ۋە كامىل قۇدرىتىڭ بىلەن ھەممىگە مۇۋاپىق توغرا يول، راست نىيەت ۋە خالىس ئەقىدە بەخش ئاتا قىلغايسەن – ئامىن ! بۇ مەزمۇنلار ئۇلۇغ پەزىلەت ئىگىسىنىڭ فەزلى ۋە كەرەمى بىلەن ئاياقلاشتى.

## 12

# قۇدرەتلىك ئاللانىڭ فەزلى ئىنايىتى بىلەن سەيىد غازى خوجا ئىسھاق تۇرپان غازاتىغا بارغىنى، پەتھىگە مۇيەسسەر بولۇپ، نەچچە بازارلارنىڭ ئاسانلا كىلىشى، قارا خىتاي ئەھلىنىڭ چىكەتكە ۋە چۈمۈلىدەك يوقىتىلغانلىقى ۋە بۇ ئارىلىقتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بايانى

دۆلەتكە يېقىن دوستلار ۋە مۇھەببەتپەرۋەر ئاغىنىلەرنىڭ يىراقنى كۆرگۈچى كۆزلىرىگە يېتىپ مەلۇم ۋە يېقىن بولغايكى، شۇنداق قىسسە ۋە ئەپسانىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەقىقەتنىڭ ۋارىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ نامايەندىسى بولغان سەيىد غازى خوجا ئىسھاق قارا شەھەردىكى كاپىر- مۇشرىك ۋە قالماقلار جېڭىدىن كېيىن، خاتىرجەم بولۇپ، كونا تۇرپاننى پەتھى ۋە ئىتائەت قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، دادخۋا، خەلىپە ۋە باتۇرلارنى يىغىپ، مەسلىھەت- كېڭەش قىلىپ، مەسلىنى ئوتتۇرغا قويدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر نىيەت ۋە بىر ئېغىزدىن « تۇرپان يولىنىڭ قاتتىقلىغى تەرىپى بولسا ھەممە ئىنسان گورۇھىغا خۇددى قۇياش نۇرىدەك روشەن. بۇ يول مۇشەققەت ۋە قاتتىق بولغانلىغى ئۈچۈن، بۇ يولدىكى ئايغىر بۇلاق دىگەن جايدا مىتىن بىلەن تاققا ئۇيۇپ يېزىلغان بىر چوڭ خەت بار ئىكەن. بۇ خەتتە، بۇ

يولدىن بىر نۆۋەت ئۆتكەنلەر بولسا ئۆزىنىڭ بىلمەسلىكى ۋە ناھايىتى نادانلىقىدىن ئۆتىدۇ. ئىككىنچى مەرتىۋە ئۆتكەنلەر بولسا مازارلارنى زىيارەت قىلىشنى ئويلاپ، تىجارەت، نەپسەقە، ئەھلى ئايال زۆرۈرىيىتىدىن ئۆتىدۇ. ئۈچىنچى مەرتىۋە ئۆتكەنلەر بولسا، ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق بولىدۇ دېگەن گەپلەر يېزىلغان ئىكەن. بۇ خەتنىڭ قايسى زامان ۋە قايسى دەۋرلەردە يېزىلغانلىقىنى كىشى بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، يېتەرلىك ئوزۇق ـ تاماق، ئات ـ ئۇلاغ ۋە قورال ـ ياراق راسلاپ تەييار قىلىپ، ئاندىن قەدەم قويساق بولارمىكىن » دەپ مەسلىھەت بېرىپ ئەرز قىلدى. بۇ مەسلىھەت سەيىد غازى خوجا ئىسھاق خوجامغا ماقۇل چۈشۈپ، نەچچە ـ نەچچە ھارۋا، تۆگە، ئات ۋە ئىشەكلەرگە ئوق ـ دورا، زەمبىرەك ۋە قورال ـ ياراق، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ بوغۇزلارنى يۈكلەپ، سائادەتلىك زامان ۋە ياخشى بىر ۋاقىتتا غەلبە ئۆزەڭگىسىگە ئاياقلىرىنى قويۇپ ئاتلاندى. لەشكەرلىرى كۆپ خىتايىنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىگە توختاپ، كۆزىرى قىزىرىپ، ئاجىزلىرى كۈچلۈك بولۇپ، كۈچلۈكلىرى باتۇر بولۇپ، ھەر قايسىسى گويا ئۆزىنى ئىسپەندىيارى روينتەندەك [155]، دەلاۋۇرى تۆھمەتەندەك [156] پالۋان ـ باتۇر چاغلاپ، رۇستەم [157] بەرزۇدىن [158] ئارتۇق بىلىپ، خۇداۋەندەكېرىمنىڭ لۇتپى ئىنايىتىگە يۆلىنىپ، ھەممىسى بىر نىيەتتە، بىر دىل، بىر جەھەت ۋە خالىس نىيەت، خالىس ئەقىدە بىلەن ، ئاللا تەۋەككۇلنى تىلىغا ئېلىپ،« ئەي ئىلاھىم! دىنىغا نۇسرەت بەرگۈچىلەرگە نۇسرەت بەر، دىنىنى خار قىلغۇچىلارنى خار قىلغىن» دېگەن دۇئانى ھەممىسى بىرلىكتە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ، مەقسەت تەرەپكە راۋان بولدى. كاناي ـ سۇنايلارنىڭ ساداسى، توپ ـ زەمبىرەكلەرنىڭ غەۋغاسى« ھۇزۇرۇم» نەغمىسىنىڭ دىل مىسرا ئاۋازلىرى ھەم ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ كۆركەم ھەشەمەت تام ـ تاماشىسى، ئوق ـ نەيزە، قىلىچلارنىڭ ئوتتەك پارقىراشلىرى تىقىلغان، سىقىلغان جامائەتنىڭ پوش ـ پوش دېگەن ئاۋازلىرى بۇ كۆك گۈمبەزدەك پەلەك ـ ئاسمانغا چۈشتى.

خوجاملار ئاخىرى تېۋىلغۇ دېگەن يەردە قونۇپ، ئەتىسى ئۇششاقتالغا بارسا، كاپىرلارنىڭ نىجىس تەنلىرى توپ ـ توپ، دۆۋە ـ دۆۋە بولۇپ ياتقان ئىكەن. ئۆلۈكلەرنىڭ كۆپلىكىدىن يولدىن ئۆتكىلى بولمايتى. يولنىڭ بىر تەرىپى تاغ ئېتىكى، يەنە بىر تەرىپى دەريا لېۋى ئىكەن. ھاشار ۋە مەدىكارلار ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ نىجىس تەنلىرىنى ھەر تەرەپكە تارتىپ، يوللارنى ئېچىپ ئاتتى. بۇ دەشت ـ باياۋاندىكى ئۆلۈكلەر خۇددى دىخان ئەشرەپلەرنىڭ ئېتىزىدىن ئۈرۈپ ئالغان بۇغداي ئەنجۇسىدەك، ھەتتا قاراساي تاشلىرىدەك قۇرۇپ، چىرىپ كەتكەن ئىكەن. خىتايلار ئىككىنچى

قېتىم كەلگىچە بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭەكلىرى يول ئۈستىدە قۇرۇپ ياتقان ئىكەن. ھاۋانىڭ ئىسسىق تەپتىدىن بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ بەزىسى باش ئۇرۇپ چوقۇنغاندەك، بىر قانچىسى« چەنكەن» بولۇپ ئالدىغا ئېڭىشكەندەك ۋە بەزىلىرى سوراقچىلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندەك بولۇپ قالغان ئىكەن. كېيىنچە ھەر قانداق مۆمىن مۇسۇلمان ۋە سودىگەر ئەشرەپلەر بۇ يولدىن ئۆتكەن ھامان تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇپ، خوجاملارغا ۋە غازات قىلغان ئەرلەرنىڭ ھىممەت ۋە شجائەتلىرىگە دۇئا پاتىھە قىلىپ ئۆتىدىكەن.

كېيىنكى كۈنلەردە خاقان لەشكەرلىرىنىڭ قەدىمى بۇ يەرگە يەتكەندە، چوڭ گۈمبەزلەرنى ياسىتىپ، ئۇستىخانلارنى جۇغلاپ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە سولاپ، ئاغزىنى مەھكەم ئەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازى ئىسھاق خوجامنى كۆچاردىن ئېلىپ كېلىپ ياركەنتكە ئەۋەتىپ، مۇھەممەت يۇنۇسجان شاغاۋۇلغا تاپشۇرۇپ، كۆنلۈك تەمناتىغا بىر قىزىل تىللا، ھەر جۈمەدە بىر قېتىم مۇناسىپ تون، ھەر يىلدا ئىككى مىڭ چارەك غەللە ئاشلىق قاتارلىق تەمنات ـ ۋەزىپە بەلگىلەپ، قولىغا ئالى مۇبارەكنامە بېرىپ، مېھربانلىق قىلغان ئىكەن. مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازى كېيىنچە ئۆرۈمچى، تۇربان تۇڭگانلىرىغا دەشنەم بېرىشنى مەقسەت قىلىپ تۇرپانغا بارغاندا، ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ ئەمەلدار، سەركارلىرى بۇ نۇسرەت نەمۇنىلارغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىش لازىملىقى بولۇپ، مۇھەممەت يۇنۇسجان شاغاۋۇل ئاتالىق غازىغا ئىلتىماس قىلىپ، « ئۆزلىرىنىڭ مەرھەمەتلىرى بويىچە نەچچە ۋاقتتىن بۇيان ئىسھاق تۆرەگە تەيىنلەنگەن تەمنات ـ ۋەزىپىسىنى بېرىپ تۇردۇم. ئەمدى ھازىرقى خىزمەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەلگىلەنگەن تەمناتنىڭ يېرىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇنى زەپەر نەمۇنە قوشۇنلارنىڭ تەمناتىغا بەرسەم. چۈنكى، ياركەنت ئىچى ئەرزانچىلىق، تەمناتنىڭ يېرىمى ئۆزىگە يېتىدۇ » دەپتۇ. جانابى ئاتالىق غازى شاغاۋۇلنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ، رەنجىپ ئاچچىغلاپ قايتا خىتاپ قىلىپ، خۇش پۇراقلىق ئالى ئىنايەتنامە ۋە ئەنبەرنامە بېرىپ، مېھربانلىق كۆرسىتىپ،« مەن ئۆزەمنىڭ ناھايىت بېجىل ۋە پەسكەشلىگىمدىن ئىسھاق تۆرەگە ئاز تەمنات تەيىنلىگەن ئىكەنمەن. شۇڭلاشقا، بۇ ئالى نىشان ـ بۇيرۇقنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى تەيىنلەنگەن تەمناتنى ئىككى ھەسسە قىلىپ بېرىپ، ئالى دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالغايسىز. ئەگەر ئىسھاق تۆرەنىڭ ئۇششاقتالدا قىلغان جەڭ ـ غازاتلىرىنى ۋە كاپىرلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن ئۇچۇق كۆرسىڭىز ھەم مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولۇپ ئىش باشقۇرغان بولسىڭىز ئىدى، ئىسھاق تۆرەنىڭ داستىخىنىغا پۈتۈن ياركەنتنى ئۆز تەۋەسى بىلەن

ئىنئام قىلىپ بەرگەن بۇلار ئىدىكىز ـ ئەلۋەتتە » دەپ چوڭ ئىنساپ ۋە دىيانەتلەر بىلەن ئىسھاق تۆرەگە تەھسىن ۋە ئاپىرىنلارنى ئوقۇپ، ئالى ئىنايەتنامە بېرىپتۇ. دىيانەتكەر ۋە ئىنساپ شۇئار ئاتالىق غازىنىنىڭ بۇ قۇۋۋەت ئىلھام سۆزلىرى بولسا، ئىسھاق تۆرەمنىڭ شجائەتلىك ۋە جەسۇرلۇق شەنىگە نەق گۇۋادۇر.

ئەلقىسسە، ئىسھاق تۆرەم باشچىلىقىدىكى ھەممە نۇسرەتچى ئەسكەرلەر پىلتىر ۋە قوش ئات قوشۇپ تەييارلاپ، ئوت ـ بوغۇز، نان ـ تۇقاز ۋە تالقانلارنى راسلاپ، ئۇششاقتالدىن مەقسەت تەرەپكە راۋان بولدى. شۇ كۈن دۆڭ دىكىزا دىگەن جايدا قوندى. ئاندىن يۈرۈپ قارا قىرىن دىگەن جايدا ياتتى. ئاندىن ئۆتۈپ كۈمۈش ئۆتىكىدە كېچىلىدى. بۇ جايلار بولسا ئوت ـ خەشەك ياكى سۇ ھەتتا چىش كولايدىغان ياغاچمۇ تېپىلمايدىدان يەرلەر ئىكەن. لېكىن كۈمۈش ئۆتىكىدە ئازراق سۇ بولۇپ، جېنىدىن قىينالغان يىگىرىمە ياكى ئوتتۇز كىشى بالا ـ چاقىسى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرسە بولىدىغان بىر جاي ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردىن ئۇژمەدۆڭ دىگەن جايغا باردى. ئاندىن ئايغىر ـ بۇلاقتا يەتتى. بۇ يەردىمۇ نۆۋەت بىلەن ئات سۇغۇرغىچىلىك ئازراق سۈيى بار ئىكەن. بۇ يەردىن ئۆتۈپ سۇ بېشى، توخسۇنغا باردى. توخسۇن خېلى كاتتى يۇرت ئىكەن ۋە بازار ۋەيشاڭلىرى بار ئىكەن. بۇ جايدىن ئۆتسە تۇرپانغا باردىكەن. خوجاملار شۇنداق قىلىپ، تۇربان تەۋەسىگە كەلدى. بۇ نۇسرەتلىك ئەسكەر يېتىپ بارغۇچە، بۇ جايدا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرغان سايرام خوجىلىرىدىن مەسۇمخان خوجام دەپ بىر سەيىد ئادەم ، تۇرپانلىق قاسىم چاڭگا، ۋايىت خەلپە، زايىت خەلپە، ھاجى باقى خەلپە دىگەن ئادەملەر بىلەن جامائەت پەيدا قىلىپ، تۇرپان سەھرالىرىدىكى چېرىك، مەنمەنچى، خۇيجا قاتارلىق ختايلارنى ئۆلتۈرۈپ، تۇرپان شەھرىدىكى ختايلار بىلەن تۇتۇشۇپ غەلبە قىلغان ۋە ختايلار شەھەرگە كىرىپ دەرۋازلىرىنى مەھكەم قىلىپ سولاقتا تۇرغان ئىكەن. تۇرپانغا قاراشلىق ئون توققۇز يەردىكى بازار ۋەيشاڭلاردا مەيمەنچى، خۇيجا يەنى دىخان ختايلار ناھايتى نۇرغۇن ئىكەن. بۇلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نارسىدە باللىرىغىچە يوق قىلىپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ ۋەيران قىلىپ تۈرۈپتىكەن. بەزى بازارلاردا يەتتە ـ سەككىز مىڭ، بەزى بازارلاردا ئىككى ـ ئۈچ مىڭدىن ختاي بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نابۇت قىسپ، شەھەر ئىچىدىكى ختايلارغا قاراپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئىسھاق خوجام غەلبىچى ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ يېنىغا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكتى. ھەر تەرەپكە قاراۋۇلچى، ئىراۋۇلچىلارنى قويۇپ، جەڭگە ھازىرلىق قىلدى. شەھەر بولسا مۇستەھكەم، ختايلىرى كۆپ ئىكەن. ئىككى كۈننىڭ بىرىدە زەمبىرەك، قورال ـ ياراقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇرۇشۇپ، باراۋەرلىك قىلالماي، يەنە

شەھرىگە كىرىپ كېتىدىكەن. بۇ ئارىدا نۇرغۇن كاپىرلار يوق بولدى، مۇسۇلمانلاردىنمۇ شاھادەت شەرۋىتىنى ئىچكەنلەر بار ئىدى. شەھەر پەتھى بولمىدى. ئاقىۋەت خوجاملار نەچچە يەرگە شىبەلەرنى تەييارلاپ، باتۇر، پالۋانلار بۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شەھەر ئىچىدىكى كاپىرلارنىڭ بېشىنى چىقارغىلى قويمىدى. كاپىرلارنىڭ ئوقى تامغا تېگەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقى بولسا ھەرگىز زايا كەتمەي كاپىرلارغا تېگەتتى.

بۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى سودالويە [159] ۋە داۋۇت [160] خەلىپىلەردىن ئەلچى كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچى ۋەيشاڭلىرىنى ئېلىپ، ختايلارنى شەھەرگە قامال قىلغانلىغىنى خەۋەر قىلدى ۋە« بىزگە يار- مەدەت بېرىپ، خوجاملاردىن بىرىنى باش قىلىپ لەشكەر ئەۋەتسىڭىزلەر» دىگەن ئەرزىنى سۇندى. ئىسھاق خوجام باھاۋۇددىن خوجامنى باش قىلىپ، بىر مىڭ لەشكەر، مەسۇمخان خوجامغا بىر مىڭ لەشكەر، ۋايىت خەلىپە، زايىت خەلىپە ۋە تۇڭگانلاردىن نۇراخۇن، ئەلى خەلىپە قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرىگە يەتتە، سەككىز يۈز لەشكەر تاپشۇرۇپ، ئۇدۇل ئۇرۇمچىگە ماڭدۇردى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە رەھمەت باھادۇر، ھاجى باقى خەلىپىلەرگە مىڭ ئادەم بېرىپ يولغا سالدى. بۇلار ئۇرۇمچىگە بېرىپ جەڭ- غازاتلارنى قىلىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن شەھەرنى پەتھى قىلدى. ئوتتۇز مىڭدىن زىيادىرەك كاپىر يوق بولدى. ئاندىن جىمسار ئالدى ۋە ئەلتە مىڭچەسىنى نابۇت قىلدى. ئاندىن گۇچۇڭزىغا باردى.لېكىن گۇچۇڭزىنىڭ شەھرى ناھايىتى كاتتا ۋە ھەممىسلا ختاي بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت مۇسۇلمان يوق ئىكەن. گۇچۇڭزا دىگەن سۆز ختاي تىلىدا« ئىتنىڭ قۇرتى»يەنى « ھىساۋى يوق»دىگەن سۆز بولىدىكەن. ۋەيشاڭ بازارلىرىمۇ ناھايىتى كاتتا ۋە زور بولۇپ، ئۇزۇنلىغى ئۈچ پوتەي، ھەتتا تۆت پوتەي كېلىدىكەن دەپ نەقىل قىلىشىدۇ. بۇنىڭغا قاراشلىق يەنە بىر قانچە جايدا بازارلىرى بار ئىكەن. ھەممىسى بولۇپ تەخمىنەن ئىككى يۈز ئائىلىدىن ئارتۇق [161] ئادەم ياشايدىكەن.غازاتچىلار بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ قىرىپ تاشلىدى. لېكىن بەزىلىرى تاغ، جەزىرىلەرگە قېچىپ جانلىرىنى قۇتقازدى.

غازاتچىلار بۇ جايدىن ئۆتۈپ سىنتەنىگە باردى. بۇ يەردىمۇ ئون بەش مىڭنى يوق قىلدى. ئاندىن يۈرۈپ فۇكانغا (فۇكاڭ – ت) باردى. بۇ يەردىمۇ ئون مىڭ ئادەم يوق بولدى. ئاندىن ئۆتۈپ جىبەركۇغا باردى. سەككىز مىڭچە ئادەم نابۇت بولدى. ئاندىن ئۆتۈپ قاراباسۇنغا باردى. ئون مىڭدىن تولاراق ئادەم يوق بولدى. ئاندىن ماناسقا باردى. كۆپ ئۇرۇش بولدى. ئەللىك مىڭچە ئادەم يوق بولدى. ئاندىن ئۆتۈپ جىڭخۇغا باردى. يىگىرمە مىڭدىن تولاراغى

يوق بولدى. بۇ يەردە ناھايتى قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. خۇداۋەندەكېرىم ئۆز مەرھمىتى بىلەن ئاسانلىق ئاتا قىلدى. بىر نەچچە خەلىپە، باتۇرلار مال غەنىمەت ـ ئولجىغا ئىگە بولدى. بۇ چاغدا سوغاق شىددىتى ۋە قار ـ شۇۋرغان دەھشىتى قاھايتى قاتتىق بولدى. غازاتچىلار نائىلاج تۇرپانغا يېنىپ چۈشتى. ئىككى ئاي ئىچىدە مەزكۇر بازار ۋە شەھەرلەرنى سەرەنجام قىلىپ، ھەممە جايىنى ۋەيران قىلىپ، قاغا ـ قۇزغۇنلارغا ئۇۋا، دىۋە ـ پەرىلەرگە جاي ـ ماكان قىلدى.

بۇ كۈنلەردە ئىسھاق خوجام ئايدىن خوجامنى باش قىلىپ، ھەسەن قاسىم باھادۇر، تۆگۈگانى خەلىپە، ھىدايەت خەلىپە، مۇسا مىك بېگى قەشقەرلىك مۇسا خەلىپە، قۇربان خەلىپە، كۇچارلىق توختى مۇھەممەت خەلىپە، شايارلىق ئوسمان شەيخ باھادۇر، يولداش مىرزا، ئىدرىس خەلىپە، ئاقسۇلۇق ھۇشۇر خەلىپەلەرنىڭ ھەر بىرىگە يەتتە ـ سەككىز يۈز، ئەقەلى تۆت ـ بەش يۈزدىن لەشكەر تەيىنلەپ، ئوق ـ دورا ۋە قورال ـ ياراقلار بىلەن ئون ئىككى مىڭ ئەسكەرنى مورخۇ تەرەپكە ئەۋەتتى. بۇلار چوڭ يول بىلەن يۈرۈپ، بەش مەنزىلدە چىقتىم دىگەن بازارلىق ئۆتەڭگە بېرىپ، ئاندىن چوڭ يولنى تاشلاپ سول قولغا قاراپ، تاغنىڭ ئىچى بىلەن داۋاندىن ئۆتۈپ تاز بولاق دىگەن يەرگە باردى. ئاندىن ئۆتۈپ يەسانگە چەنزە دىگەن جايغا باردى. بۇ كاتتا بازارلىق ۋەيشاڭ ئىكەن. ختايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئون مىڭچە ئادەمنى نابۇت قىلدى. ئاندىن يۈرۈن يەبا چەنزىگە باردى. ئو ئىككى مىڭغا يېقىن ئادەم يوق بولدى. ئاندىن تاللىق بىلەن ئۆتۈپ موخۇرغا باردى. بۇ جايدا كۆپ سوقۇش بلدى. بۇ سېپىلى يوق چوڭ بازارلىق جاي ئىكەن. ختايلىرى كۆپ ۋە ھەممىسلا باتۇر ـ غەيرەتلىك ئىكەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يوق بولدى. ئاز قىسمى مۇسۇلمانداارچىلىققا مۇيەسسەر بولۇپ، ئامانلىق دۆلىتىگە ئىگە بولدى. ئاندىن ئۆتۈپ دۇڭچىنغا باردى. بۇ يەرنىڭ سېپىلى مۇستەھكەم، ختايلىرى كۆپ ئىكەن. ناھايتى قاتتىق جەڭ ـ مۇھابىرلەر بولۇپ، قىرىق مىڭغا يېقىن دىنسىز مۇشرىك يوق بولدى. لېكىن، كاپىرلارنىڭ كۆپلىگىدىن بۇ يەر زادى پەتھى بولمىدى. ئاقىۋەت كاپىرلار غەلبە قازاندى. ئۈنىڭ ئۈستىگە قار ـ شۇۋرغان چىقىپ قاتتىق جۇدۇن بولۇپ، لەشكەرلەر بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي تۇرپانغا يېنىپ چۈشتى.

بۇرۇنقى زامانلاردا فەغفۇرچىنى بۇ يەتتە شەھەرنى تەسەررۇف قىلىپ، ھەتتا پۈتۈن موغۇلىستان مەملىكىتىگە ئىگە بولغان چاغدا، بۇ يەتتە شەھەردىكى قەدىمقى مۇسۇلمان خانلىرى، يەنى چىنگىز قائان ئەۋلاتلىرىدىن بولغان موغۇل خانلىرى ۋە ئۈنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى بۇغرا خانلار زامانىدىن نەمۇنە قالغان ساۋۇت ـ ئولپاق، دەۋۇلغا ـ قالپاق، نەيزە،

قىلىز، ئوقيا، ساغداق ۋە ئىچىگە پولات سالغان مەشۈت چاپانلار ۋە تۆمۈر زىرەدە نىمچە تونلار، مىلتىق، گۈرزە ئايپالتا، نەيزە قاتارلىق قورال ـ جابدۇقلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ھەممىسىنى دۇڭجىن شەھىرىدە ساقلىغان ئىكەن. ھەتتا خاقانى چىن بۇ غەزنىدىن جابدۇقلارنىڭ باراۋېرىدە، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ جابدۇقنى ئېلىپ كېلىپ، دۇڭجىن شەھىرىدە غەزنە قۇرۇپ، چېرىكلىرى بىلەن ساقلىغان ئىكەن. كېيىن دۇڭجىن شەھىرى پەتھى بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ساقلانغان ھەر خىل ۋە ھەر رەڭدىكى قورال ۋە جابدۇق بويۇملارنى، پارچە تۆمۈرلەرنى بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ھەممە كىراكەشلىرى يەتتە يىلغىچە توشۇپ بولالماپتۇ. ئۇنىڭغىچە خاقانى چىن ئەھلى يېتىپ كېلىپ بۇ بۇيۇملارغا ئىگە بولدى.

بۇ چاغدا تۇرپان شەھىرى تېخى پەتھى بولمىغان ئىدى. ئارلىقتا بىرمۇنچە ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولسا، بۇرۇن بۇگۈردە قالغان سۇمۇللا دىگەن تۇڭگانى خوجاملارنىڭ كەينىدىن يېتىپ كېلىپ، تۇرپاننىڭ ئېلىنمىغانلىقىنى كۆرۈپ« تۇرپاننى پەتھى قىلمىغۇچە ھىر نەرسە يىمەيمەن» دەپ ئەھدى ئىمان قىلىپ، قەسەم ئىچتى ھەم ئادەملەرنى باشلاپ شەھەرگە چاپتى. بارغانلىرىچە خىتايلارنى قوغلاپ شەھەرگە كىرىپ قالدى. نەچچە كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ، كاپىرلارنىڭ بېشىنى بېشىنى، پۇت ـ قوللىرىنى، ھەتتا ھەممە ئەزاسىنى سىپىلنىڭ تېشىغا تاشلاپ، ناھايتى چوڭ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. بۇ پەيتتە ئۇنىڭ كۆزىگە بىر ئەجەل ئوقى كېلىپ تەگدى. جېنىنى جان ئالغۇچى ئەرۋاھقا تاپشۇردى. كاپىرلار بۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرغاندا، يۇنچۇغىدىن بىر مۆھۈرى چىقتى. بۇنى غازاتچىلارنىڭ چوڭ باشلىغى ئىكەن دەپ، ئۇنى ئوتتا پۇشۇرۇپ كاۋاپ قىلىپ يەپ كەتتى. چۈنكى، شۇ يىلى باھاردا ئۇلار ساڭدىكى ئاشلىغىنى پۇقرالارغا ئۆتنە بەرگەن ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاشلىغى تامامەن تۈگەپ كېتىپ، ئىت، ئىشكە، مۈشۈكلەرگىچە، ھەتتا قېرىلىرىدىن ـ ياشلىرىغىچە ئۆلتۈرۈپ يەپ، تاقتى تاق بولغان ئىدى. شەھەر پەتھى بولماي سەككىز ئايدىن ئاشتى. بۇ چاغدا خوجاملار بول ئېرىق تەرەپنى توسىغان لەشكەرلىرىنى ياندۇرۇپ كېلىپ،« ئەمدى خىتايلار بىچىن تەرەپكە كەتسۇن، شەھەرنى بىكار قىلسۇن، بىز يول بېرىمىز» دەپ ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەممە خىتاي شەھەردىن چىقىپ بول ئېرىققا بارغاندا، چاپ ـ چاپ قىلىپ ھەممىنى قىردى. تىغ سىياسەتتىن ئاشقانلىرىنى بولسا ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ خىزمىتىگە سالدى. شەھەر ئىچىدىكى قورال ـ ياراق، توپ ـ زەمبىرەك قاتارلىق پادىشالىق ئىشلىرىغا كېرەكلىك جابدۇق ۋە سايمانلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، مۇسۇلمانلار شات خاندان، كاپىر مۇناپىقلار غەم بىلەن

ھەيران ۋە سەرگەردان بولدى. شۇنداق قىلىپ، تۇرپان شەھىرىدىكى مەنسەپدار، چېرىك، مەيمەنچى، خويجا ۋە ئون تۇققۇز ۋەيشاڭدىكى خىتايلار بولۇپ، جەمئىي بىر يۈز ئەللىك مىڭدىن ئاردۇق كاپىر نابۇت بولدى. مۇسۇلمانلاردىن تۆت يۈزچە كىشى شاھادەتلىككە يەتتى. ئومۇمەن بۇ يەتتە- سەككىز ئاي ئىچىدە تۇرپاندىن باشقا بۇ تەرەپ ئۈرۈمچى، ئۇ تەرەپ مورخو ۋە دۇڭجىندىن بولۇپ جەمئىي بەش يېرىم لەكدىن (بىرلەك 50 مىڭ – ت) ئارتۇق كاپىر مۇشرىك ھالاكەتكە يەتكەندۇر. بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر. بۇنىڭ ئېنىق ھېساۋىنى ئۇ ئاللەمۇل غەيىپ ۋەششەھادەت ئاللادىن باشقا بىرەر ئەھدى ئىنساننىڭ ئەقلى ئىدرىكى ۋە پىكىر تەسەۋۋۇرى ئېنىق ئويلاپ ھېساپلاپ تەكتىگە يېتەلمەيدۇ – خۇدانىڭ ئۆزى ھەددىدىن بەك بىلىدۇ.

ئەمدى بۇ قەلەمنىڭ خۇش يۈرۈشى ۋە خۇش تېزگىنىنى ۋە چۇلۇۋۇرىنى سەل- پەل مۇبالىغە تەرەپكە مايىل قىلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ تەپسىلىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلساق، ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا مالالىق يېتەمدىكىن دەپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ مىڭدىن يۈزنى، يۈزدىن ئوننى ۋە ئوندىن بىرنى ئىلغاپ قىسقارتىپ تاللاپ، بۇ ۋاراق سەھىپىسىگە ئورناتتىم. گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ موغۇلىستان يۇرتىغا كاپىرلىقنىڭ قارا سىياھى تارقىلىپ، ھەممىنى قاراڭغۇ ۋە زۇلمەتتە تۇتقان ئىدى. كېيىنچە پېڭۋاشتىن روشەنلىك پەيدا بولدى. ئىلاھىم مۇسۇلمانلارغا پەتىھى ۋە نۇسرەت ۋە خاتىرجەملىك، كاپىرلارغا خارلىق ۋە رەنجىشلەرنى بېرىپ، بىزگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغايسەن. ئامىن!« تاھا» ۋە « ياسىن» سۈرىلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن.

## 13

## ياخشى ئەخلاقلىق سەيىد غازى خوجام ئىسھاقنىڭ مورخۇغا ئىككىنچى قېتىم لەشكەر ماڭدۇرغىنى ۋە مەقسەتكە يېتەلمەي قايتىپ كەلگىنى، قامۇل ۋاڭ خانلىغىدىن [162] ئەلچى ۋە مەرغۇپ ھەدىيىلەر كەلگىنى، لۈكچىن شەھىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئېلىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ بايانى

ياخشى تەبىئەتلىك يارەنلەر ۋە ياخشى نىيەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ ساپ دىللىرىغا يېتىپ روشەن ۋە ئاشكارە بولغايكى، شۇنداق نەقىل ۋە ھىكايىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئايدىن خوجامنى ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن دۈشمەن تەرىپىگە ئەۋەتكەندە، ئۇ شىددەتلىك سوغاق تۇپەيلىدىن تۆرپانغا يېنىپ كەلگەن ئىدى. يەنە لەشكەر تەييارلاپ باھاۋۇددىن خوجامنى باش قىلىپ، تۇغىنى خو خەلپە ، توختى مۇھەممەت خەلپىلەر باشچىلىقىدىكى ئون بەش مىڭدىن ئارتۇق داڭلىق پالۋان- باتۇرنى توپ- زەمبىرەك قاتارلىق قورال- ياراقلار بىلەن ئىككىنچى قېتىم موخۇر ۋە دۈشمەن غازاتىغا يولغا سالدى. بۇلار مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ مورخوغا يەتتى. بۇ ئەتراپتىكى يېزا- قىشلاقلاردا بۇرۇن تىغدىن ئېشىپ قالغان كاپىرلار يەنە جەم بولۇپ جەڭگە كىرىشتى. كاپىر ۋە مۇسۇلمان ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم زىيانغا ئۇچرىدى ۋە جەڭمۇ ناھايىتى قاتتىق بولدى. ئاقىۋەت كاپىرلار يەنە غەلبە قىلىپ، ئىسلام لەشكەرلىرى تۆرپانغا يېنىپ كەلدى. بۇ چاغدا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ئاشلىقى تۈگەپ ، گۇجۇڭغا ئاشلىققا ئەۋەتكەن سۆپۈرگە بېك دىگەننى ئەللىك ھارۋا ۋە يۈز تۆگىسى بىلەن يولدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەلدى. خوجا ئىسھاق خوجام بۇلارنى سوراق قىلىپ كۆچارغا ماڭدۇردى. راشدىن خان خوجام سۆپۈرگە بېككە ناھايىتى تولا ئىلتىپاتلارنى قىلدى. سۆپۈرگە بېك بولسا قۇمۇلنى مەن ئېلىپ بەرسەم دەپ ۋەدە- ۋەئىيەتلەرنى قىلدى. شۇڭلاشقا، ئىسھاق خوجامنىڭ ئالدىغا قايتۇرۇلدى. ئاڭغىچە قامۇلنىڭ بىر ئەلەمى بىر قانچە ئادەمنى ھەمرا قىلىپ، ۋاڭلىقنىڭ ئەۋەتكەن سوغا- سالاملىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن سوغا- سالاملارنىڭ ئىچىدە ھەر خىل ۋە ھەر تۈرلۈك قىممەت باھا ۋە ياخشى بۇيۇملار بار ئىدى. بولۇپمۇ، بۇ بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە جاھانگىر خان تۆرەم ختايلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە ئۆزى كىيگەن بىر زەررە داۋۇدى تون بار ئىدى. (داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تونىغا ئوخشاش – ت) بۇ تونىنىڭ ئىككى مۈرىشى، ئىككى جەينىكى، كۆكرىكى ۋە ئىككى تىزىغا خۇددى چىنىنىڭ ئاغزىدەك دۈگىلەك ئالتۇن قۇببە تىكىلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە « ئىنناپە- تەھنا» (قۇرئاندىكى« غەلبە»سۈرىسى – ت) سۈرىسى ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلغان ئىدى. بۇ قۇببىلەرنىڭ ھەر بىرى جاھان ئاپتۇۋىدەك پاللىداپ تۇراتتى. بۇ بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە يەنە جاھانگىر خان تۆرەمنىڭ ئوقيا، ساغداقلىرى، ھەتتا ئۆزى ئىشلىتىدىغان پادىشالىق ئەينەكلىرىمۇ ئۈنىڭدىن ئارتۇق ۋە ھەممىسىلا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىدى. يەنە

جاھانگىر خان تۆرەمنىڭ بىر مەپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە جابدۇقلىرى خۇددى يىپەك تىكىلگەندەك ۋە ئىگەر، كۆيچەكلىرىگىمۇ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىكەن. بۇنى تۆرەم« سىز تەۋەررۇك قىلىپ ساخلاڭ» دەپ ۋاڭ خانلىغىغا ئىلتىپات قىلىپ بەرگەن ئىكەن. ۋاڭمۇ بۇنى تەۋەرۇك قىلىپ غەزنىدە ساقلىغان ئىكەن. ۋاڭ بۇ مەپە بىلەن ياراق-جابدۇغلارنى خوجاملارغا لايىق دەپ، خان خوجامنىڭ دارسەلتەنەتىگە ماڭدۇرغان ئىكەن. ئەلچىلەر بۇ سوغا-سالاملارنى ئېلىپ ئىسھاق خوجامنىڭ ئالدىغا كەلدى.خوجام ئۇلارنى بۇ يەردە ئۈچ- تۆت كۈن ئارام ئالدۇرۇپ، ھەممە سوغا- سالام تارتۇغى بىلەن يەنە ئادەم قوشۇپ كۇچارغا كېلىپ، ھەممە سوغا- سالام ۋە تەۋەرۇك تارتۇغىنى خان خوجامنىڭ مۇبارەك ئالى مەنزۇر- نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋە ئۇنىڭ قوبۇل شەرەپلىرىگە ئېرىشتى. خان خوجام ئەلچىلەرنى بىر قانچە كۈن دەم ئالدۇرۇپ، ۋاڭ خانلىغىغا ئالتۇن تالالىق سەللە، كىمخاپ تون، شاپ- خەنجەر ۋە ئالى يارلىقلارنى مەرھەمەت قىلىپ، ئەلەم ئاخون باشلىق ھەممە ئەلچىلەرگە ئۆز لايىغىدا تون-كىيىم، سەللە، كۇلا ۋە خەشلەيدىغان تىللا قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلىپ قايتىشقا رۇخسەت قىلدى.

بۇ ئارىلىقتا ئىسھاق خوجام موللا تۆمۈر خەلىپە، توختام باھادۇر باشلىق ئون مۇسۇلمان ۋە ئالتە تۇڭگاننى ئەلچى قىلىپ قامۇلغا ماڭدۇرۇپ، سوپۇرگە بېككە ھەم رۇخسەت بەردى. ئەلچىلەر قامۇلغا كېلىپ، ۋاڭلىق خانلىغى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئەلچىلىك يوللىرىنى بەجا كەلتۈردى. لېكىن، قامۇلدىكى مەنسەپدارلارغا ۋە شەھەر ئىچى- تېشىدىكى ختايلارغا ھېچكىم دەخلى قىلمىغان ئىدى. موللا تۆمۈر خەلىپە« قامۇلدىكى كاپىرلارى بىز پەتھى قىلساق» دەپ ۋاڭلىق خانلىغىغا مەلۇم قىلدى. ۋاڭ خان بۇنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ، بەش يۈزلۈك كىشلىك قورال- ياراق، زىرە تون ، ساۋۇت، ئولپاق، مىلتىق، ئوقيا، ساغداق، ئەلەم، بايراق قاتارلىق جەڭگە لازىملىق نەرسىلەرنى بەردى. بۇلار ئادەم جەملەپ ئۇرۇشۇپ پەتھى قىلدى.

ئەلقىسسە، دۇڭجىندىن ئەسكەر ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۈكچىنىنىڭ خوجا ۋە بېكزادە ئىسسىلىرىدىن بولغان ئىبراھىم خان، ھىپزۇللاخان، يولباس خان، شاھ مەھرەم قاتارلىق بىر نەچچە ئاكابىرى ئەشرەپلەر بىرلىشىپ، مورخو تەرەپتىن تۆت- بەش مىڭ ختاينى مەخپى ئېلىپ كېلىپ بىرەر يەردە مەخپى توختىتىپ، ئىبراھىم خاننى خان كۆتۈرۈپ، دۈشمەنلىك ۋە قارىشلىق ناغرىسىنى ئاشكارە سوقتى. خوجا زايىت خەلىپە، ۋايىت خەلىپەلەرنى ئۆزىگە تارتىپ يۆلەنچى مەھرەم قىلدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ بىر نەۋرىسى بار ئىكەن. ئۇنى خوجا زاھىد خەلىپىگە تارتۇق

قىلدى. زاھىت خەلىپە بۇنىڭ خوشلۇغىدا« بۇ دولانلارنىڭ قانچە ئىتىۋارى بولسۇن، مەن ئۇلارنى بوي سۇندۇرۇپ بېرىمەن» دەپ ۋەدىلەرنى بېرىپ جەڭگە تەييارلاندى. بۇ چاغدا خوجا ئىسھاق خوجام ناسىرىددىن خوجامنى باش قىلىپ، توختى مۇھەممەت، موللا ئوسمان شەيخ باھادۇر، بەختىمەن خەلىپە، سايىراملىق مۇھەممە ئەلى خەلىپە، كاشغەرلىك مۇسا خەلىپە، قۇربان خەلىپە، ئاقسۇلۇق ھىدايەت خەلىپە، نىياز خەلىپىلەر باشلىق سەككىز مىڭ باتۇر ۋە قەھرىمانلارنى ئۇرۇشقا يولغا سالدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا كىرىشىپ، ئارىدا قاتتىق جەڭلەر بولدى ۋە كۆپ ئادەم زىيانغا ئۇچرىدى. ئاقىۋەت خوجاملار مەغلۇپ بولۇپ تۇرپانغا قايتتى.[163]

لېكىن، لۈكچىنلىك خوجىلار بولسا كۈچارلىق بۇ خوجىلارنى تۇتۇپ ئالساق، يۇرتلارنى ئۆزىمىز سورىساق، ئەگەر ئىچكىرىدىن خىتايلار چىقىپ قالسا، بىز بۇ خوجىلارنى ئۇلارغا تارتۇق قىلىپ مەنسەپ تاپساق دېگەن خام خىياللارنى ئويلاپ، بېھۇدە مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خۇن- قانلىرىغا زامىن بولدى. بۇ چاغدا لۈكچىندە تۆت يۈز ئۆيلۈكتىن ئارتۇق تۇڭگانى بار ئىدى. لۈكچىنلىك خوجاملار بۇلارنىڭ ئۆي- ماكانلىرىغا ئوت قويۇپ، نارسىدە باللىرىغىچە يوق قىلدى. بۇنى ئۇرۇمچىدىكى سودالويە ئاڭلاپ، غەيرەت- ھىممەتلىرى ئۆرلەپ، ئۈچ مىڭ تۇڭگانىنى بۇ تۇڭگانلارغا ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇ قوشمۇ- قوش شاتلىق زاماندا، شەھرىيارى ئاپاق سەئىدئەئىنى سەيىد غازى خوجا ئىسھاق ئۆزى باش بولۇپ، بىر نەچچە تەڭداشسىز باتۇر بىلەن بىللە ئىككىنچى قېتىم لەشكەر تارتىپ، ئون بەش مىڭ قان خۇمارى ئەسكەرلەرنى ھەمرا قىلىپ لۈكچىنگە ماڭدى ۋە ئاۋات دېگەن جايغا چۈشۈپ، بۇ جايدا ئاۋاتلىق پەيدا قىلدى. بۇ چاغدا تۇرپانلىقلار ھەر ئىككى تەرەپكە ياردەم بەرمەي ئوتتۇرىدا تىنچ تۇرغان ئىدى. لۈكچىنلەر بولسا نۇرغۇن ئادەم تەييارلاپ كېلىپ ئۇرۇش قىلدى. بىر قانچە قېتىم غەلبە قىلدى ۋە بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولدى. ئاقىۋەت پەتھى زەپەر شامىلى نۇسرەت ئەسەرلىك لەشكەرلەر تەرىپىدىن نامايەن بولۇپ، بۇ دۆلەت ۋە ئىقبال شامالىرى دۈشمەنلىكتە ۋەدە تۇتقانلارنى خۇددى خەس- خەشەكتەك ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈپ ئۇچۇرۇپ، دەشت- باياۋان غارىنىڭ ئىچىگە تىقتى. ۋايى خەلىپە ئىشنىڭ ئەكسىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى بىلىپ، لۈكچىنلىك خوجاملارنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرقانچىنى باغلاپ تۇتۇپ كېلىپ خوجاملارغا كۆرۈنۈش بەردى. خوجاملار ئۇنىڭغا ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ گۇناھىدىن ئۆتتى. ئاندىن شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ كىرىپ، نۇرغۇن ئادەمنى ھالاكەتكە يەتكۈزدى. شەھەر ۋە سەھرالارنى تالان- تاراج قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىدىن بىر قانچىسىنى سىياسەتتىن ئۆتكۈزدى ياكى دارغا ئاستى.

بۇلارنىڭ بەزىلىرى قامۇل ياكى بالەكۆل (بارىكۆل – ت) قاتارلىق جايلارغا قېچىپ جېنىنى جايلىدى. قىسقىسى، ئۇلار لۈكچىن ئىشلىرىنى سەرەنجام قىلىپ خاتىرجەم بولۇپ، لۈكچىنلىك ھاشىر تاجى بېكنى لۈكچىنگە ھاكىم قىلدى. تۇرپانغا قاسىم چاڭگانى ھاكىم قىلدى ۋە ئۆزى مازارى ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىپ، خەتمە قۇئارن قىلدۇرۇپ، نەزىر- سەدىقە ۋە خەيرىيەتلەرنى بېرىپ، شۈكرى سانالارنى قىلىپ، دۇئا ۋە ئىلتىجالار بىلەن تۇرغان كۈنلەردە تەكلىپ قىلىپ قامۇلدىن كىشى كەلدى. ئىسھاق خوجام قامۇلغا ئاتلىنىشقا قارار قىلدى.

# 14

## شەھرىيارى ئافاق ئەئنى سەيىد غازى خوجا ئىسھاق قامۇلغا ماڭغىنى ۋە بېجىن تەۋەسىگە ئات سۈرگىنى، چۈن ۋاڭ خان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قامالنىڭ بوي سۇنغىنى ھەم ۋاقىتسىز ۋە ئۇرۇنسىز يارلىق پەرمانلىرى ھۆكۈمى بويىچە قايتىپ كەلگەنلىكى ۋەقەلىرى بايانى

كونا يارەنلەر، سەممى دوستلارنىڭ زېھنى ۋە ئەقىللىقلىرىدىن يۇشۇرۇن ۋە مەخپى قالمىغايكى، بۇنداق بىر نەقىل ۋە ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكەن ئىككىنچى يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى (مىلادى 1865- يىلى 6- ئاينىڭ 13- كۈنى – ت) دېكى بىر ئۇلۇغ دەۋران ۋە ياخشى ۋاقىت- زاماندا، ياخشى ئەخلاقلىق سەيىد غازى خوجا ئىسھاق ئەسكەر، ئەلەم، بايراق ۋە قورال- ياراق، كاناي- سۇناي، داقا- دۇمباقلارنى ئېلىپ، بۇلارغا شادى- خورام ۋە بىغەم ئۆزى باش بولۇپ، نۇسرەتلىك ئون ئالتە مىڭ لەشكەر بىلەن

قامۇلنى ئېلىش مەقسىتىگە قەدەم قويىدى. بۇ چاغدا قامۇلغا بۇرۇن بارغان موللا تۆمۈر خەلپە باشلىق ئادەملەر قامۇلدىكى خىتايلارنى تازىلاپ، خوجامالارنىڭ قەدەم ـ تەشرىپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى.

قامۇل بولسا تۇرپاندىن ئون ئىككى مەنزىل يول ئىكەن. بۇ يوللار ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئوت ـ بوغۇز، ئاش ـ تاماق تېپىلمايدىكەن. خوجامالار مەنزىلمۇ ـ مەنزىل يۈرۈپ، قامۇلغا بەش مەنزىل قالغاندا، ۋاڭ خانلىغىدىن نەچچە هارۋا ۋە تۆگىدە كەڭرى چۈشكۈن، قۇنئالغۇ، قوي، قوي، ئوت ـ بوغۇز، نان ـ توقاچ ۋە يەل ـ يېمىشلەر يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ كەينىدىن ۋاڭ خانلىقمۇ كېلىپ خوجامالار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. ھەممە ئەسكەرلەرگە نان ـ توقاچ، چاي ۋە ئاشلارنى تارتىپ هال سورىدى. ئاندىن ئۇلارغا ناھايىتى مول سوغا ـ سالاملارنى بەردى. بۇ سوغا ـ سالاملارنىڭ ئىچىدە تۆت يۈز يامبۇ، سەككىز مىڭ ئاختا ئات بار ئىدى. بەرگەن قويلارنىڭ بولسا ھېساۋى يوق ئىدى. باشقا سوغا ـ سالاملارنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ئىكەنلىكىنى پەقەت مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلىپ بىلگەيسىلەر. سوغا ـ سالاملار ۋە زىياپەت ـ مېھماندارچىلىق ئاياقلاشقاندىن كېيىن ۋاڭ خان ئالدى بىلەن ياندى ۋە يول باشلاشقا ئادەم تەييارلىدى. جانابى خوجام يۈلتۈزدەك نۇسرەتلىك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، مەنزىلمۇ ـ مەنزىل يۈرۈپ شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، ۋاڭ يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، چوڭ بىر ئالىي ئوردىغا چۈشۈردى. باشقا خەلپە، باتۇرلارغىمۇ ئۆز لايىغىدا ۋە ئۆز دەرىجىسى بويىچە ئورۇن هازىرلىدى. ھەممىسى ئورۇنلىشىپ سەرەمجان بولغاندىن كېيىن، يەنە ئالاھىدە سوغا ـ سالاملارنى تارتۇق قىلدى. بۇ سوغا ـ سالاملارنىڭ ئىچىدە سەككىز مىڭ يامبۇ، سەككىز مىڭ ئاختا ئات، قورال ـ ياراق سايمانلىرى، تۇرمۇش بويۇملىرى، چىرايلىق كىمخاپ قاتارلىق ناھايىتى كەڭرى نەرسە ـ كېرەكلەر بار ئىدى. خەلپە ۋە باتۇرلارغىمۇ ئۆز لايىغىدىن ئاشۇرۇپ سوغا ـ سالام بەردى. ھەر تۆت كۈندە تۆت كىشىگە بىر قوي، ئىككى جىڭ كۆك چاي قاتارلىق تەمىناتلارنى ئاشۇرماي ۋە كېمەيتمەي بېرىپ تۇردى. چوڭلىرىغا بۇنىڭدىن كۆپ بەردى. بۇ يەرگە بارغانلار بىر قامۇلدا ئۈچ ئاي ياكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ تۇردۇق. تەمىناتنى يەنىلا شۇنداق بېرىپ تۇردى. قامۇل ۋاڭلىغىنىڭ مەنسۇۋى چوڭ، دۇنياسى كۆپ ۋە ھىساپسىز ئىكەن. خوجامالار مەزكۇر ئاتلارنى ئەسكەرلىككە تەقدىق قىلدى. لېكىن قاراپ باقساق، ھەممە ئاتلىرى قېرى بولۇپ، يىگىرمە ياشتىن كەم ئات زادى يوق ئىكەن. قويلىرىنىمۇ ئاغزىدا چىشى يوق ئىكەن. بىز بۇنىڭ سەۋەۋىنى سورىساق، ئۇلار ۋاڭ خانلىغىنىڭ يىلقىلىرى ناھايىتى كۆپ، سانىنى بىلمەيمىز. قويلىرى بولسا ئىككى يۈز ئاتمىش قوتان، ھەر بىر قوتان قوي يەتتە يۈزدىن

كەم ئەمەس، بىر مىلىك ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئەمەس، باھار پەسلى كىرگەن چاغدا، بىر بېك بىلەن ئۈچ مىرزا ئاتلىرىنى خەتلىگىلى بارىدۇ. بىر بېك بىلەن ئۈچ مىرزا قويلىرىنى خەتلىگىلى بارىدۇ. بۇلار بەش ئاي ياكى ئالتە ئايدا خەتلەپ ـ ساناپ دېرىگىنى ئېلىپ ۋاڭ خانغا مەلۇم قىلىدۇ. يايلاق ـ قىشلاقلىرىغا بىر ئايدا ئاران بارغىلى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك كۆپلىگىنى بىز بىلمەيمىز دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

نەقىل، ھىكايىلەرگە قارىغاندا، سۇ يەنشەي (يۈەنشۈەي ـ ت) [164] ۋە دايەنشەيلەر [165] ئوتتۇز مىلىك تۆڭگانى بىلەن قامۇلغا بېرىپ تالان ـ تاراج قىلماقچى بولغاندا، قامۇل ۋاڭ ئەلچى چىقىرىپ، ئوتتۇز مىلىك تۆڭگانغا بىردىن ئاختا ئات، بىردىن تاختا يامبۇ بەرسەم، چوڭلىرىغا كۆپ بەرسەم، تالان ـ تاراج قىلمىسا دەپ تەلەپ قىلدى. تۆڭگانلار بۇنىڭدا ماقۇل دېمەي، تالان ـ تاراج قىلىپ، قامۇل ۋاڭنى شاھادەتلىككە يەتكۈزدى. كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە قولغا چىققانلا نەرسىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ ياكى ئولجا قىلىپ ياكى ئەسىرگە ئېلىپ ئۇرۇمچىگە ھەيدەپ كەلدى.

بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولغان مەن ئۆزەمنىڭ كۆرگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، قامۇل ۋاڭ خوتۇنىنىڭ بىر ھەمبىلى بار ئىدى. بۇ ھەمبەل تامامەن مەرۋايىت، زۇمرەت، لەلى ـ ياقۇت، يېشىل رەڭلىك ئىسىل تاش، ئالماس قاتارلىق قىممەت باھا پاكىز تاشلارنى تىزىپ توقۇپ تەييارلانغان ئىكەن. بۇ كۈچارلىق ئاق موللا باينىڭ قولىغا چۈشكەن ئىكەن. ئۇ بۇنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ زاكاتچىنىڭ ئالدىدا مەرغىلانلىق بىر مەھمۇت بايغا ئون يەتتە يامبۇغا ساتتى. چۈنكى ئولجىغا چۈشكەن مال بولغانلىقتىن، ئەرزان سېتىلدى. قالغان ئەشيالار قانچىلىك ئىكەنلىگىنى بۇنىڭدىن بىلگەيسىزلەر. گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، قامۇلدا ئون بەش مىلىك ئۆيلۈكتىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. بۇلار» ھەممىمىز قامۇل ۋاڭ خانلىغىغا ئىشلەيمىز، مەيلى قىش ياكى ياز بولسۇن، ختايلارغا بىر نەرسە بەرمەيمىز. ئەگەر ختايلار قامۇلغا تەئەللۇق زىمىندىن بىر كەتمەن توپا ـ تۇپراق ئالماقچى بولسا، ۋاڭ خانلىغىنىڭ غەزنىسىگە كۈمۈش بېرىپ ئاندىن ئالالايدۇ. قامۇل ۋاڭ خاقانى چىننىڭ ئۇلۇغ خاندىن باشقا مەنسەپدارلارغا تازىم قىلىپ باش ئەگمەيدۇ. ختاي مەنسەپدارلىرى بولسا شاكتاڭ ۋە شاڭ يامۇن ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ يامۇنلىرىدا قىلماي، بەلكى ۋاڭ خانلىغىنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ بېجىرىدۇ. ئون بەش ئەۋلات بەلكى بۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقتىن بېرى ئۇلۇغ خان بىزنى قامۇلنىڭ زىمنى بىلەن قوشۇپ قامۇل ۋاڭغا جۇلدۇ ـ جاساق قىلىپ بەرگەن ئىكەن. شۇڭلاشقا، بىز قۇل قاتارىدا ئىشلەيمىز. جۇلدۇ ـ جاساق دېگەننىڭ

مەنىسى شۇ» دەپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. ۋاڭ خانلىق بولسا ئۇلۇغ خانغا ھەر يىلدا ئۈچ يۈز ئاتمىش قوغۇن، توققۇز بىلەي تاش تارتۇق قىلاتتى. ئۇ بۇنىڭ ھىساۋىدا ئۇلۇغ خاندىن نۇرغۇن ئىنئام ئالاتتى. يەى ۋاڭ خانلىق ھەر يىلى ئۇلۇغ خاننىڭ غەزنىسىدىن يەتمىش تۆت يامبۇ، خان ئاغچا پۇچۇن خانىم ئوتتۇز بەش يامبۇ ۋە بىر نەچچە توپ تاۋار- دۇردۇن ئالاتتى. قامۇل ۋاڭ ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېجىنگە بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش بېرەتتى. بېرىپ كەلگەن چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى خاننىڭ غەزنىسىدىن بېرەتتى. قامۇل ۋاڭ ھەر قېتىم بېجىنگە بېرىپ كەلگەندە، ئاز دىگەندىمۇ بەش يۈز يامبۇ پايدا ئېلىپ كېلەتتى دەپ ھىكايە ۋە تەرىپلەرنى قىلىشىدۇ. ۋاڭنىڭ پايدىسى بەلكى بۇلارنىڭ دىگىنىدىنمۇ ئارتۇق بولسا كېرەك.

خاقانى چىنغا قارايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە قامۇل ۋاڭدەك كاتتا ئۇلۇغ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قەدىمدىن بويانقى قائىدە- قانۇنلىرى ۋە ئادەت- رەسمىيەتلىرى ھەتتا كامالى دۆلەتلىرى شۇنداق ۋە شۇ قەدەر ئۇلۇغ ئىدىكى، مەيلى باشقا ۋاڭ، گۇڭ قاتارلىق كاتتا مەنسەپدارلار بولسۇن، ياكى موللا، پازىل، ئۆلىما، ئىشان ھەزرەت ۋە ئەپەندىلەر بولسۇن، ۋاڭ ئۆزى ئۇلارغا بىۋاستە گەپ- سۆز قىلمايتى. ئۇلارنىڭ گەپ- سۆزلىرىنىمۇ بىۋاستە ئاڭلىمايتى. ئاڭلىغان تەغدىردىمۇ بۇ گەپ- سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىۋاستە كىرەلمەيتى. ئۇنىڭ بىر ياكى ئىككى نەپەر«مەلۇمچى»دىگەن بېكلىرى بار ئىدى. ۋاڭ خانلىغىنىڭ بۇ يارلىق- بۇيرۇقلىرىنى «ۋاڭ خاننىڭ يارلىغى ۋە بۇيرۇغى»دەپ ئېلان قىلىدىكەن. ئەگەر باشقىلارنىڭ گەپ- سۆزلىرى بولسا، مەلۇمچىلار «ئۇ مۇنداق بىر تەرىقىدە ئەرز قىلىدۇ‘‘دەپ مەلۇم قىلىدىكەن. ئەگەر بىرەر ئادەم ۋاڭ خان بىلەن بىر ئۆي ۋە بىر جاي- ماكاندىكى بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ سۆزلەشسىمۇ، مەلۇمچىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ۋاڭ خان ئۆزىنى زور، يارلىقلىرىنى ناھايتى ئۇلۇغ ۋە بۇ ئۇلۇغ سۆزلەرگە ئۇششاق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى چىدىمايدۇ دەپ ھىساپلاپ، ئۇلارنىڭ مەلۇمچىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر دەرىجە پەسەيتىپ ئاندىن ئۇلارغا يەتكۈزۈشنى يارلىق قىلغان ئىكەن. مەلۇمچىلار بولسا باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ناھايتى تۆۋەن دەرىجىدە دەپ بىلىپ، بۇنىڭ ۋاڭ خانغا ئۆز پېتىچە يەتكۈزۈشكە لاياقتى يوق دەپ ھىساپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەقىدىسى بىلەن ئارىدا دەرىجە پەيدا قىلىپ، ۋاڭ خاننىڭ ئاڭلىشىغا لايىق قىلىپ، ئاندىن يەتكۈزۈدىكەن ياكى ئۇلار مۇنداق قىلىشنى ئالاھىدە بىر مەنسەپ دەپ بىلسە كېرەك. مۇنداق بىر ئاجايىپ رىۋايەت باركى، ئىسھاق خوجام تۇرپان، ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەنسەپدارلار، چېرىكلەر ۋە

نەچچە تۈمەن، نەچچە مىليون كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ، بوي سۇندۇرۇپ، ئاندىن قامۇلنى بوي سۇندۇرماقچى بولۇپ، نەچچە مىڭ قان خۇمار ئەسكەر بىلەن ئاتلىنىپ، «ئەگەر ۋاڭ ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭ مال- جېنىنى ۋە يۇرت ئەھلىنى ئۆزىگە ئىنئام قىلىپ، ئامانلىق بېرىمەن. مۇبادا ئىتائەتتىن باش تارتسا، ۋاڭ باشلىق ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىمەن»دەپ ۋاڭلىق بېشىغا تىغ تارتىپ بارغان چاغدا، ۋاڭ خان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، خان خوجام بىلەن ئىككىسى بىر يا مىقدارى يېقىن بولغان ئىككى سەندەلدە ئولتۇرغان ئىكەن. شۇ چاغدا ۋاڭ خان «خوجامنىڭ ئىسلام ئېچىپ قەدەم- تەشرىپ قىلغانلىرىغا مۇبارەك بولغاي"دەپتۇ، مەلۇمچى بۇ سۆزنى ۋاڭ خانلىق بۇ تەرىقىدە يارلىق قىلدۇ دەپ ئىسھاق خوجامغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئىسھاق خوجامنىڭ سۆزلىرىنى بولسا خوجام بۇ تەرىقىدە ئەرز مەلۇم قىلدۇ دەپ ۋاڭغا يەتكۈزۈپتۇ. مەلۇمچى يەنە سۆز باشلىغاندا، ئىسھاق خوجام« ئەي مەلۇمچى بېك، ئۆز جايىڭىزغا بېرىڭ. ۋاڭ خاننىڭ تىلىنى مەن بىلىمەن. مېنىڭ سۆزۈمنى ۋاڭ خان پەملىيەلەيدۇ» دەپ ئۆزلىرى بىۋاستە سۆزلىشىپتۇ. دېمەك، قامۇل خاقانى چىننىڭ ئارتۇق ئىلتىپاتى ۋە پۇل دۇنياسىنىڭ كۆپلىگى، ئۆزىنىڭ بىغەم- خاتىرجەملىگى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق مەغرۇر ۋە مەپتۇن بولغان ئىكەن.

قامۇل ۋاڭلىرى ئۆزىنىڭ نەسەپ ۋە ئەسلىنى« تارىخان بېك»لەرگە باغلايدىكەن. «تارىخي زەفەرنامە»[166] دىگەن كىتاپتا يېزىلىشىچە، چىنگىز قانا يېڭىدىن باش كۆتەرگەن زاماندا، نايماننىڭ ئۇلۇغى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ قولىغا چۈشتى ۋە ئەپۇ قىلىپ ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى ھەم قىزىنى بېرىپ كۈيۈغۇل قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىپ خاتىرجەم بولالماي كېيىنگە چۈشۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. خاننىڭ ۋەزىرى « تېمۇچىننى خان ئۆلتۈرمەكچى بولدى»دەپ خوتۇنىغا ئېيتىپ قويدى. ئاق ئۆيىنىڭ تېشىدا تۇرغان ئىككى مەھرىمى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تېمۇچىنغا خەۋەر قىلدى. تېمۇچىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى بۇ ھالاكەت ئورنىدىن قۇتقۇزۇپ، خالاسلىق سائادىتىگە ئۇلاشتۇردى. چىنگىز قائاننىڭ بۇرۇنقى ئىسمى تېمۇچىن ئىدى. ئۇ كاتتا پادىشا بولغاندا، يۇقارقى ئىككى مەھرەم ئوغۇلنى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقىچە تارخان قىلىپ يارلىق تاپشۇرۇپ، ئۆز يېقىنلىرىدىنمۇ ئۈستۈن قويۇپتۇ. چىنگىز قائان ئەھۋالاتلىرى زاماندا، ھەتتا ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ زامان- ئەسىرلىرىدىمۇ بۇ تارخان بەگلىرىنىڭ ئەۋلادى ناھايىتى مۆتىۋەر ۋە ئەزىز نامدار باتۇرلار جۈملىدىن ئىبارەت ئىدى. ئومۇمەن، بارلىق تارخان بەگلىرى ئۆز نەسەپلىرىنى بۇ ئىككى مەھرەم ئوغۇلغا باغلايدۇ دىگەن رىۋايەتلەر بار. بۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى پاكىز، ئىخلاسلىرى زىيادە، شەرىئەت

ئەھكاملىرى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆلىما ۋە فۇزۇلالارنى (پەزىلەتلىكلەرنى – ت) يېتىشتۈرۈش، مەدرىسە، مەكتەپ، خانىقالارنى ئېچىپ گۈللەندۈرۈش، ئىلىم ئۆگەنگۈچى تالىپلارنى تەربىيلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەتتا ئىلمىي تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى تېرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى سۆيەتتىن تاشقىرى ئۇلۇغ تەرەپلىرى بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ھەممە قامۇل ئەھلى ئاللانىڭ ھەممە پەرزلىرى، شەرىئەت مەسىلىلىرىنى ئادا قىلىشتا ۋە ئۇنى ئۆگىنىشتە، ھەتتا تىبابەتچىلىك بابىدا ناھايىتى دانا خەلق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلىمسىز- تۈركلەر ناھايىتى كەم.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى. خوجا ئىسھاق خوجام قامۇلدا تۇرغان چاغدا، ساجۇ [167] تۇڭگانلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ،« ختايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە قوغلاپ شەھىرىگە كىرىپ قالدۇق ۋە شەھەرنى ئالدۇق. لېكىن ختايلار يەنە بىر دەرۋازىدىن چىقىپ بىزنى شەھەرگە قورشاپ ئالدى. بىز شەھەرگە سولىنىپ قالدۇق.شۇڭلاشقا يار- مەدەتتە بولۇپ، لەشكەر ئەۋەتىپ بىزنى قۇتقۇزۇپ ئالسىڭىزلەر »دېگەن ئەرز خەتنى تاپشۇردى. لېكىن، بالەكۆلگە تۇرپان، ئۇرۇمچىدىن قېچىپ بارغان ختايلار ۋە ئۆز شەھرىنىڭ ختايلىرى بولۇپ، جەمئىي بىر لەكتىن ئارتۇق ختاي توپلانغان ئىكەن. بالەكۆلدىكىلەر قېچىپ بارغان ختايلارنى شەھەرگە كىرگۈزمەي، شەھەردىن بىرمەنزىل يىراقتا يېڭىپەن سوقۇپ، ئاش- ئۇرۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى قاراۋۇلچى تەرىقىسىدە توختىتىپ قويغان ئىكەن. بۇ چاغدا، ئىسھاق خوجام خەلپە باتۇرلارنى باش قىلىپ، ئون مىڭ لەشكەرنى بالەكۆلگە بۇيرۇدى. بۇلار بالەكۆلگە يېتىپ بېرىپ، بىر نەچچە قېتىم يېڭىپ ۋە بىر نەچچە قېتىم يېڭىلىپ، يېڭىپەندىكى ختايلارنى بوي سۇندۇرۇپ، شەھەرگە باردى. شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدە قالماقلار بىنا قىلغان بىر شەھەر بار ئىكەن. بالەكۆلنىڭ ختايلىرى ناھايىتى باتۇر ۋە يامان ئىكەن. ئۇرۇشقا چىققان نەچچە مىڭ ختاينىڭ ئىگەر- جابدۇقلىرى، ھەتتا كۆرپىچە- يۇپۇقلىرىغىچە ھەممىسىلا ئەنجانچە ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىساق، ئۇلار« بۇ ختايلار كاشغەرگە ئۇرۇشقا بارغان ۋە تولا ئۇرۇش كۆرگەن»دەپ جاۋاپ بەردى.

بالەكۆلدىكى ئۇرۇش بازىرى ناھايىتى قىزىپ، جانلارنى بېرىپ، جانلارنى ئېلىپ تۇرۇشقان ھەم شەھەرنى پەتھى قىلىشنىڭ خوشاللىق مەۋسۇمى چىرايىنى ئېچىپ يېقىنلاشقان، مۇرات- مەقسەت باغچىلىرىدىن گۈللەرنى ئۈزىدىغان كۈنلەر يېتىپ كېلىپ، ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ دۆلەت ئىقبالى مەرتىۋىسى كۈندىن- كۈنگە يۇقىرىلاپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىقبال نۇر شولىسى كۆتىرىلىپ ۋە ئۇلغىيىپ، ھەممە جەھەتتىن ئاسانلىق ۋە سائادەتمەنلىك يەتكۈزۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، راشىدىن خان خوجامدىن بىر يارلىق كەلدى. يارلىقتا« قىرغىز، قىپچاقلار كاشغەرنى

ئالدى ۋە ياركەنتنىمۇ بېسىۋاپتۇ. بۇ تەرەپتىكى خوجىلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كەلدى. تولا لەشكەر، قورال- ياراق ۋە غەزنە زىيان بولدى.ئۆزلىرى دەرھال لەشكەر باشلاپ كېلىپ، ئەنجانلىق ۋە قىپچاقلاردىن بۇ شەھەرلەرنى ئاجىرتىپ ئالمىسلا، بۇ دۈشمەنلەر كۆچىيىپ كەتكەندىن كېيىن ئىش ياخشى بولماس. چۈنكى، بۇلار بىزگە يېقىن كېلىپ قالغان ئەڭ يامان دۈشمەندۇر، تامام » دەپ يېزىلغان ئىكەن. بۇ خەۋەر لەشكەر ئارىسىغا تارالدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسلا ئاتا- ئانا ئۇرۇق- قاياشلىرىنى، بالا- پەرزەنتلىرى، خوتۇن- ئاياللىرى ۋە قېرىنداشلىرىنى ياد ئېتىپ سېغىنىپ تۇرغان بىر ھالەتتە تۇراتتى. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جەڭ غازاتتىن پۈتۈنلەي كۆڭلى سوۋۇپ، ئۆز يۇرتىغا يېنىش ھەۋەس- ئارزۇسىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ چوڭ- كىچىك ھەممىسلا بىر ئىتتىپاق- بىر نىيەتكە كېلىپ،« ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىپ، ئالاھىدە ئايرىم كېلىپ يەنە قالغان شەھەرلەرنى پەتھى قىلساق؛دەپ خوجامىلارنىڭ ئاياقلىرىغا يۈزلىرىنى سۈرۈتۈپ يىغلىشىپ پاراكەندە ۋە بىسەرەنجان بولدى. خوجاملار بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىشكە ھەيران بولۇپ، ساراسىمدە قالدى.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، ھەر قانداق تىك تۇرغاننىڭ يىقىلىشى ۋە ئۆرلىگەننىڭ تۆۋەنلىشى بولسا، قەدىمقى زاماندىن بۇ بىئىنتىزام ۋە بىسەرەنجام دەۋرىگىچە داۋاملىشىپ، ۋەقە ۋە جارى بولۇپ كەلگەن بىر ئەھۋالدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق دۆلەت ئىنتىزام ۋە سائادەت سۆلەت لەشكەرلەر نۇسرەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تۇرغان بىر ھالەتتە، مۇنداق مەھەلسىز ۋە پايدىسىز يارلىقنىڭ كېلىشى ، خۇددى ۋەيران خارابىلىقتا ھۇقۇش سايرىغاندەك ۋە قاتتىق زاۋال ۋاقتىدا خوراز چىللىغاندەك، جەمئىيەتنىڭ پاراكەندە بولۇشى، ئىقبال شام چىرىغىنىڭ بەختسىزلىك بورانلىرى تەرىپىدىن ئۆچۈرۈلۈشى، دۆلەت ئاپتىۋىنى زۇلمەت بۇلۇتلىرىنىڭ خىرە قىلىشىغا سەۋەپ بولدى. ئاقىۋەت، ئىسھاق خوجا بالەكۆلنى چالا تاشلاپ، قامۇلنى چۈن ۋاڭ خانلىغىغا بېغىشلاپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق تۇڭگانى شەھەرلىرىنى داۋۇد خەلىپە بىلەن سوداليەگە مەرھەمەت قىلىپ، تۇرپاننى ئايدىن خوجام بىلەن سۇ يۈەنشۈەيگە ئىنايەت قىلىپ، كورلىنى ئۆزىنىڭ كۆز نۇرى بولغان پەررۇخشاھ خوجامغا تاپشۇرۇپ، بۈگۈرگە تاھىر قازى بېكنى سۈيۈرغال قىلىپ، خۇداۋەندەكېرىمنىڭ ئىلتىپاتى ھەم دۆلەت ئىقبال ئۇلۇغ مەرتىۋىلىرى بىلەن ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ دەبدەبە ساداسى، سۇناي، كاناي، نەغمە- ناۋاسى بىلەن ھاي- ھۇيلارنى قىلىپ، دارۇل سەلتەنەت كۇچار زىمىنىغا يېتىپ باردى. ئالدىغا چىققانلارنىڭ كۆپلۈگى، ئاتا- بالا قېرىنداشلارنىڭ كۆرۈشۈشى، شاھادەت شەرۋىتىنى

ئىچكەنلەرنىڭ ئاتا- ئانىلىرى، خوتۇن- باللىرىنىڭ يىغا- زارى ۋە ئاھۇ- پىغانى، تاماشىبلارنىڭ هاي- هۇي دىگەن غۇلغۇلا ئاۋازى پەلەكتىن ئۆتۈپ پەلەككە چىقىپ، توققۇز راۋاقتىكى پەرىشتە- مالايىكلەر قۇددۇس گۇرۇھىنىڭ ئىچىگە قوزغىلاڭ سالدى. خوجاملار مۇشۇنداق داغدۇغا ئىچىدە كوچارغا چۈشۈپ، كەڭ- كۇشادە ۋە كۆكلۈلگە لايىق جاي- ماكانلارغا ئورۇنلىشىپ، دۆلەت ئىقبالى ئۇلۇغ مەرتىۋىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خىش- ئەقرىبالىرى، دوست جامائەتلىرى ۋە ئەھلى ئايالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، غېرىپ ۋە ئاجىزلارغا نەزىر- چىراقلارنى قىلىپ، خىش- ئەقرىبالىرىغا كىيىم- كېچەك، خىراجەت تىللا قاتارلىقلارنى ھەدىيە ۋە ئېھسان قىلىپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. ئاللانىڭ بەرگەن مەرھەمەت ۋە ھەممە ھالىغا شۈكۈر.

## 15

# ياخشى ئەخلاقلىق سەيىد خوجا ئىسھاقنىڭ ياركەنت ۋە كاشغەر غازاتىغا قەتئى نىيەت باغلىشى ۋە ئاتالىق غازى مۇھەممەت ياقۇپ بېك قۇشبېگى بىلەن سۈلھى شەرتىنى تۈزۈپ ئۆز ۋەتەن ئەسلىگە قايتقانلىغى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ بايانى

مۇھەببەتلىك خالىس يارەنلەر، ئىخلاسلىق خاس بۇرادەرلەرنىڭ دىللىرىغا ئاشكارە ۋە مۇئەييەن بولغايكى، كوچار دار سەلتەنەتىدە گويا مۇشتىرى (يوپىتېر – ت) بىلەن ناھىد (ۋېنېرا – ت) سەييارىلىرى بىر سىزىقتا ئۇچراشقاندەك، راشىدىن خان خوجام بىلەن ئىسھاق خوجام بىر بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئېيتىشىپ، سوغا- سالام ۋە زىياپەت- مېھماندارچىلىقلار ئادار قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسھاق خوجام غەلبە- نۇسرەتلىك ۋە ياخشى ئاقىۋەتلىك لەشكەرلىرىنى باشلاپ، مۇرات- مەقسەتنىڭ غەلبە ۋە ئۆزەڭگىسىگە ئاياغلىرىنى تاشلىدى. تارىخ ھەجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئىككىنچى يىلى ماھى باراتنىڭ (ھجرى 8- ئاي – ت)ئىككىنچى كۈنى (مىلادى 1865- يىلى 12- ئاينىڭ 21- كۈنى – ت) ئىسھاق خوجام كوچاردىن يولغا چىقىپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، ئاقسۇغا باردى ۋە ئالى دەرىجىلىك، كەڭ- كۇشادە خانلىق باقتا چۈشتى. لېكىن، قامۇلدىن ئىسھاق خوجامنىڭ تۇغلىرىغا ئەگىشىپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى كوچاردا تۇرۇپ قالدى. ئىسھاق خوجام بولسا ئۆزىگە خاس مەھرەم ۋە

مۇلازىم، دادخۇا ۋە ياساۋۇل باتۇرلىرى بولۇپ جەمئىي ئۈچ مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى باشلاپ كەلگەن ئىدى. چۈنكى ئۈچتۇرپان لەشكەرلىرنى ھامىددىن خوجام باشلاپ بارىدۇ دىگەن يارلىق چۈشكەن ئىدى. ئىسھاق خوجام ئاقسۇدا ئون كۈنچە تۇرۇپ، نۇر ماشايىخلارنىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلىپ، غېرىب- بىچارىلەرگە نەزىر- چىراق ۋە خەير-سەدىقىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ پەتە ۋە دۇئالىرىنى ئېلىپ، توختى مۇھەممەت باتۇر، ئىبراھىم باتۇرلارنى باش قىلىپ، ئىككى مىڭ لەشكەرنى بىر كۈن بۇرۇن يولغا سالدى. ئىسھاق خوجام بولسا ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق مەھرەم، دادخۇا ۋە باتۇرلارنىڭ كەينىدىن يولغا چىقتى. بۇلارنىڭ دەبدەبىلىرى، قورال- ياراقلىرى ھەم سۆلەتلىرىدەك ئەھۋا بۇ موغۇلىستان يۇرتىدىكى ھېچقانداق پادىشادا بولۇپ باقمىغان بولسا كېرەك. بولۇپمۇ سەپنىڭ ئالدىدا ئىككى ئاتلىق لەشكەر لەئلۇجەھۋەر، ئالماس، ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھا بۇيۇملاردىن كۆز قويدۇرۇپ ياسالغان قالماقچە كانايىنى چېلىپ ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى ئاتلىق سۇنايچى، ئالتە ئاتلىق ناغرىچى ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئىككى ئاتلىق كانايچى ماڭغان ئىدى. بۇ ئون ئىككى ئاتلىق كانايچى ۋە سۇنايچىلارنىڭ كانات-سۇنايلىرى بىر بىرىدىن ئارتۇق بولۇپ، خۇددى لەلۇ ياقۇت ۋە ئۈنچە- زۇمرەتتەك پارقىراپ تۇراتتى. بۇ ئون ئىككى ئادەم مىنگەن ئاتلارنى ئون ئىككى پىيادە ئادەم مەنزىلمۇ- مەنزىل يېتىلەپ ماڭغان ئىدى. ئالدىدىكى بىر جۈپ كانايىنىڭ ئاۋازى پەس، ئۇنىڭ كەينىدىكى بىر جۈپ كانايىنىڭ ئاۋاز- ساداسى ۋە باشقا كانايلارنىڭ ئاۋازى بىراز پەسلىشى بىلەن، ئارقىسىدىكى سۇنايلارنىڭ مۇڭلۇق غەزەل- مۇقاملىرى،كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان زىل- بوم جىگەر سۆزلىرى، «ھۇزۇرۇم» نەغمىسىنىڭ دىلنى ئاچقۇچى بېيىتلىرى بۇ كۆك ئالەم گۈمبىزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يۈلتۈزى پەلەككە چىرماشتى.

بۇ چاغدا، ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە بويى سۇنماي، ئانىسىنىڭ پەرمانىغا باش ئەگمەي، باغ سەيلىسى ۋە قىزىل گۈل تاماشىسىنى خىيال قىلىپ ياكى ئاتا- ئانىسىدىن خەۋەر ئالماي ياكى خوتۇن، بالىسى بىلەن كارى بولماي، بىھۇش ۋە بىخوتلارچە ئۆزىنى يوقاتقان ئۈچ مىڭ ياكى تۆت مىڭ ياش يىگىت ئۇلارنى ئەگىشىپ ئىككى ئۈچ مەنزىل يەرگە بارغاندا، بەزىلىرى ئۆزىنى توختىتىپ كەينىگە ياندى. بەزىلىرى ئۆزىنى توختىتالماي، يۇقارقىدەك شېرىن خىياللار بىلەن يارىكەنتكە ماڭدى. بەزىلىرىنى بولسا ئاتا- ئانىلىرى ياندۇرۇپ كەلدى. بەزىلىرى ئاتا- ئانىلىرى مىنىپ بارغان ئاتلارنى مىنىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن يەتتى. ئىسھاق خوجا ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يارىكەنت تەۋەسىگە باردى

ھەم ياراتقۇچى ئاللانىڭ خەيرخاھلىغى ۋە لۇتپى ئىنايىتى بىلەن ياركەنت شەھىرىگە كىرىپ تەينلەنگەن زىننەتلىك، كەڭ بىر ھويلىغا چۈشتى. لېكىن ھامىددىن خوجامدىن ھېچقانداق خەۋەرنىڭ ئەسىرى ياكى لەشكەرلىرىدىن بىرەر نىشان- نەمۇنە بولمىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن جامالىددىن خوجام خانئېرىقتىن قاچقان چاغدا، مۇھەممەت ياقۇپ بېك قۇشبېگى ياركەنتنى بوي سۇندۇرۇپ، كىچىك خان تۆرەمنى ياركەنتكە ھاكىم قىلغان ئىدى. ئىسھاق خوجام ياركەنتكە بېرىشى بىلەنلا، تۇڭگانلار كىچىك خان تۆرەمنى يېڭى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ زادىلا سىرتقا ھىقارمىدى. نەتىجىدە ياركەنتنىڭ بىر قىسمىغا خوجاملار، يەنە بىر قىسمىغا تۇڭگانلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئىسھاق خوجامنىڭ ياركەنت تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى قۇشبېگى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ شاخماتۋازلىق ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇن قوشۇن بىلەن مارالۋېشىغا كېلىپ، تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، بۇ جاينى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ شاخماتۋازلىقىنى شۇنىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى، بىر ئات سەكرەتمەكلىك بىلەنلا مات قىلىپ ئۆلتۈرۈش ئويۇنىنى ئويناپ، شاھنى بەنت قىلدى. يەنى ئىسھاق خوجام ياركەنتكە سولىنىپ قالدى. بۇ چاغدا، قۇشبېگى ياركەنتكە بېرىپ، ھەفتى مۇھەممەدان مازىرىدا چېدىر بارگاھلىرىنى تىكتى. قۇشبېگى شەھەرنىڭ تېشىدا، خوجاملار كونا شەھەردە، تۇڭگانلار بولسا كىچىك خان تۆرەم بىلەن يېڭى شەھەر ئىچىدە تۇراتتى. بۇ ئۈچ تەرەپ بىر نەچچە كۈنگىچە ئۇرۇش قىلماي، بىر بىرىنى ماراپ تىنچ تۇردى. ئاقىۋەت تۇڭگانلار ئىسھاق خوجام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جەڭ جىدەلگە تەييارلاندى. بۇ چاغدا نىياز ئىشكاھى بېك بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، قۇشبېگىگە «پالانى كېچىسى توققۇز مىڭ تۇڭگانى ۋە ئىككى مىڭ يەرلىك كىشى چىقىرىپ، كېچىلىك ھۇجۇم قوزغىماقچى، بۇنىڭغا تەدبىر قىلسىلا، بۇنىڭدىن باشقىغا قولۇم كەلمەيدۇ، تامام» دەپ خەۋەر قىلدى. قۇشبېگى بۇ خەۋەردىن ۋاقىپ بولۇپ، شۇ كېچىسى لەشكەرلىرىنى تۆت تەرەپكە چىقىرىپ، چېدىر- بەرگاھلىرىنى بوشىتىپ، دىققەت بىلەن قاراپ تۇرسا، تۇڭگانلار توپ- زەمبىرەك، قورال- ياراقلىرىنى كۆرسىتىپ چىقىپ، قۇشبېگىنىڭ قوشۇنىغا كېچىلىك ھۇجۇم باشلاپ، بارگاھقا خۇددى پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئاتتى. لېكىن ئۇلار قاراپ باقسا، بۇ يەردە ھېچ ئادەمنىڭ نىشان ياكى ئەسىرى يوق ئىدى. ھەممە چېدىر- بارگاھلار بولسا ئۆز جايىدا خالى تۇرۇپتۇ. شۇ پەيتتە قۇشبېگىنىڭ قوشۇنلىرى خۇددى بالايى ئاپەتتەك چۈقان- قىقاس ساداسىنى ياڭرىتىپ، تۆت تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ، تۇڭگانلارنى ئارىغا ئېلىپ، چاپ- چاپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نەس- نابۇت قىلدى. ئالتە يۈزچە تۇڭگانى ۋە سەككىز يۈزچە مۇسۇلمان جېنىنى جايلاپ ئامان قالدى.

قالغانلىرى بولسا غەزەپ ـ قەھرىيەت ۋە تىغ سىياسەت ئاستىدا ھالاك بولۇپ يوقالدى.

ئىسھاق خوجام بىلەن تۇڭگانىلارنىڭ جەڭ ـ جىدەلگە مادارى قالمىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار سۈلھى قىلىشتىن باشقا يول تاپالماي، ئامالسىزلىقتىن سۈلھى تۈزۈشكە قارار قىلدى. چۈنكى، لەشكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بولغان ئىدى. تاماشا ئۈچۈن بارغانلارنىمۇ كۆپ قىسمى نابۇت بولدى. بۇنىڭدىن كۆپ قىسمى ئولجا ئەسىرگە چۈشتى. قۇشبېگىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، ئىسھاق خوجام قۇشبېگىنىڭ چېدىرىغا تۆۋەنچىلىك بىلەن يېتىپ بېرىپ سۈلھى تۈزۈشتى. قۇشبېگى كاتتا زىياپەتلەرنى قىلىپ، كۆپ سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنى مىرزا ئەھمەت قۇشبېگىنىڭ چېدىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز لەشكەرلىرىنى ئايرىپ قويدى ھەم ئۇنى يەنە ئالدىغا چاقىرىپ، مېھرىۋانلىق قىلغاندەك بولۇپ، ئىسھاق خوجامنىڭ خاپا بولغانلىقىنى سېزىپ، چاقچاق تەرىقىدە «ئەگەر مۇشۇنداق يول بىلەن بىز ئۆزلىرىنىڭ قولىغا چۈشسەك نېمە قىلار ئىدىلە» دەپ سورىدى. خوجام «مۇبادا سىز مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن بولسىڭىز ئىدى، سىزنىڭ ئاتقا تېڭىپ مەھكەم باغلاپ، كوچارغا ماڭدۇرار ئىدىم. بۇ كەمگىچە سىز مارالۋېشى ئەتراپىغا يەتكەن بولار ئىدىڭىز» دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ سۆز ئاتالىق غازىغا ناھايىتى ماقۇل چۈشتى. ئۇ خوشال بولۇپ، «ئەي تۆرەم، راست سۆزنى ئېيتىلا، ئۆزلىرى بولسا راست سەييد ئىكەنلا، مەن تەستىق سالدىم» دەپ كۆپ ياقتۇرۇپ ئاپىرىن ئوقۇدى. قۇشبېگى يەنە «راشىدىن خان خوجا ئاقسۇنى ئۆزلىرىگە بەرسۇن، ئۆزلىرى ئاقسۇدا تۇرۇپ مارالۋېشىنىڭ ئۆز تەرىپىگىچە بولغان جايلارنى سورىسىلا، بىز بۇ تەرەپنى سورىساق، ئۆزلىرى خىتايلار بىلەن كۆپ غازات قىلىپ، غازىلىق دەرىجىسىگە مۇيەسسەر بولۇپتىلا. ئەمدى بىز ئىتتىپاقلىشىپ، ئارىمىزدا خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنى قىلىپ تۇرساق، مۇبادا بىر بىرىمىزنىڭ بىرسىگە بىر تەرەپتىن دۈشمەن كەلسە، بىر بىرىمىزگە يار ـ مەددەت بەرسەك، ئەگەر خان خوجا ئاقسۇنى ئۆزلىرىگە بەرمىسە، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بېرىشىم مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئالەمنىڭ قۇدرەتلىك ئىگىسى بولغان ئاللا پەتھى غەلىبىنىڭ ئىشىگىنى قايسىمىزغا قارىتىپ ئاچسا، بىز بۇنى ئۆزىمىزنىڭ بەخت ـ تەلىيىدىن كۆرسەك» دەپ، ئۆز لايىغىدا ياخشى تون ـ كېچەك، سەللە، كۇلا ۋە بارلىق جابدۇقلىرى بىلەن ئارغىماق ئات تەييارلاپ، خوجامنىڭ قولتۇغىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇرۇپ، ئولجا ـ ئەسىرلەرگىمۇ ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، يول خىراجىتى ۋە ئۆزۈق ـ تۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغلارنى بېرىپ، ئۇلۇغلاپ، كوچارغا يولغا سالدى.

بۇ چاغدا ياركەنتتىن ئاقسۇ، كوچار تەرەپكە ۋە ئاقسۇ، كوچاردىن ياركەنت تەرىپكە بىرەر ئادەم ئۆتەلمەي ۋە

نىمە ئىش بولغانلىغىنىمۇ بىلگىلى بولماي تۇرغان بىر ۋاقىت ئىدى. بۇ كۈنلەردە خان خوجام يارلىق قىلىپ، ھامىددىن خوجامنى ئاقسۇ ۋە ئۈچتۇرپان لەشكەرلىرىگە باش قىلىپ ماراۋېشىغا ماڭدۇرغان ئىدى ھەم بۇلار ئالدى بىلەن مارالۋېشىنى ئېلىپ، ئاندىن يارتكەنتكە بېرىپ، ئىسھاق خوجامغا مەدەت ۋە ياردەم بەرسۇن دەپ ئويلىغان ئىدى. ھامىددىن خوجام جەمئىي بىر مىڭ لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ، چار باغ ئۆتىڭىدە تۇرغان ھېكىم خان تۆرەمنىڭ ئىراۋۇلچىلىرىنى تۇتۇپ باغلاپ، ئولجا- ئەسىرگە ئالدى. بەزىلىرىنى يوق قىلدى. بەزىلىرى قېچىپ بېرىپ ھېكىم خان تۆرەمگە خەۋەر قىلدى. تۆرەم لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ جەڭگە كىرىشتى. ئۈچ كېچە- كۈندۈز قاتتىق جەڭ بولدى. ئاخىرى ھامىددىن خوجامغا شىكەستىلىك يېتىپ، ئارقىغا چېكىندى. ئەجەل يەتكەنلىرى كەتتى. تىرىك قالغانلىرى بولسا پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ، ئاچ- يالىڭاچ ئاۋارىچىلىكلەرنى تارتىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ماكانلىرىغا جېنىنى ئېلىپ، ئامان كەلگەنلىكلىرىگە ناماز شۈكۈر ۋە ھەمدۇ- سانالارنى قىلىشتى.

ئىسھاق خوجام قۇشبېگىنىڭ دەستى- چاڭگىلىدىن تىنچ ئامان قۇتۇلۇپ، مالال ۋە غەمكىن ھالدا مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ ئاقسۇغا كەلدى. لېكىن، ئاقسۇدا خوجاملار يارتكەنتنى بىر ئاتقا سېتىپ كېلىپتۇ دېگەن تەنە گەپلەر تارقالغان ئىدى. بىراق خان خوجام ئىسھاق خوجام بىلەن قامۇل، تۇرپان ئەتىراپلىرىدىن كەلگەن لەشكەرلەرنى كۈچاردا قالدۇرۇپ، ئىسھاق خوجامنى ئاز ئادەم بىلەن ياركەنتكە ماڭدۇرغان ئىدى. ئاقسۇدىنمۇ چېرىك قوشمىغان ئىدى. ھامىددىن خوجامنى بارىدۇ دەپ يارلىق قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇنى ئەۋەتمىدى. خان خوجامنىڭ نىيەتلىرى بولسا باشقىچە بولۇپ، ئۆزگەرگەن ئىدى. چۈنكى، ھەممە چوڭ- كىچىكنىڭ ئاغزىدا ھەتتا ھەممە شەھەردە ئىسھاق خوجامنىڭ نامى شۆھرەت تېپىپ، ھەممە لەشكەر ۋە پۇقرالار ئىسھاق خوجام تەرىپىگە مايىل بولغان ئىدى. شۇنداقلا ئىسھاق خوجام قانداق شەھەرگە قەدەم قويسا، شۇ جايدا زەپەر ئىشىگە ئېچىلىپ، غەلبىگە ئېرىشىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خان خوجام ياركەنت ۋە كاشغەرنى بانا قىلىپ، ئۇنى لەشكەرلىرى، قورال- ياراقلىرى ۋە سۆلەت شەۋكەتلىرىدىن ئايرىماقچى بولغان ئىدى. خان خوجام ئاقۋەت بۇ مەقسەتكە يەتتى. شۇنىڭدەك، خان خوجام ئىسھاق خوجامنى ئاز ئادەم بىلەن كۆپ دۈشمەن ئۈستىگە بېرىشنى يارلىق قىلغان ئىدى ھەم دۈشمەنلەر مارالۋېشىنى قولغا كىرگۈزۈپ، يوللار ئېتىلىپ، ئىسھاق خوجامغا ياردەم ۋە مەدەت ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىدى. خان خوجام بۇ ئەيىپنى ۋە بىخەستەلىكنى ئۆزىدىن كۆرمەي، بەلكى ئىسھاق خوجامغا قويدى. گەرچە ئىسھاق خوجامنىڭ كەينىدىن

بىرمىڭ بەش يۈز لەشكەر ئەۋەتكەن بولسىمۇ، مەھەللىسىز ئەۋەتىلگەن بۇ لەشكەرلەر ياركەنتكە بارالماي، ئاقسۇدا تۇرۇپ قالدى. بۇ لەشكەرلەر بولسا قامۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئىسھاق خوجامنىڭ خىزمىتىدە بولغان لەشكەرلەر ئىدى. ئىسھاق خوجام بۇ ئەھۋاللاردىن خاپا بولۇپ كۇچارغا قاراپ يولغا چىققاندا، بۇ لەشكەرلەر بىلەن بۇرۇن ئاقسۇدا تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىسھاق خوجامغا ئەگىشىپ يولغا چىقتى ۋە بۇ جايدىن ئۆزى خالىغانچە ئايرىلماقچى بولدى.

بۇ چاغدا، ئاقسۇدىكى جامالىددىن خوجام ئىسھاق خوجامنىڭ ئالدىغا ئۆزى كېلىپ، ئۆزرە- خالىق سوراپ، بارلىق گۇناھنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ۋە ئالاھىدە سوغا- سالاملارنى بېرىپ، زىياپەت ۋە مېھماندارچىلىقلارنى قىلدى. بىر بۆلۈم ئەسكەرلەرنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئىتتىپاق ۋە ئىناقلىقنىڭ يىپىنى يېڭىۋاشتىن باغلىدى. خۇش پېئىل ۋە ئالى مۇقاملىق ئىسھاق خوجا جامالىددىن خوجامنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئەسكەرلەرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە تاھىرىددىن خوجام، ھوللاش غەزنىچى، ئابدۇلۋايىت بېك، ئەيسا بېكلەرنى باش قىلىپ، بىر مىڭ لەشكەرنى جامالىددىن خوجامغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. جامالىددىن خوجام ناھايىتى خوش بولۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، مەزكۇر لەشكەرلەرگە تون- كېچەك بېرىپ خوشال قىلدى. لېكىن، لەشكەرلەرنىڭ ئىتتىپاق ۋە ئىناقلىق يىپى بوشاپ، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئەندىزىسى بوشاپ سۇسلۇققا قاراپ يۈزلەندى. سەيىد غازى ئىسھاق خوجام بولسا دۆلەت ئىقبالى بىلەن ئاتلىنىپ، كۇچار شەھرىگە كېلىپ، قۇدرەتلىك ئاللا دەرگاھىدىن قانداق ئىشلار يۈز بېرەر ئىكىن دېگەن خىياللار بىلەن يالۋۇرۇپ قاخشاپ، ئۇنىڭ مەرھەمەتلىرىگە يۈز كەلتۈردى. بەش ۋاقىت نامازنى تولۇق ئۆتەپ، نەزىر- چىراقلارنى ئۆتكۈزۈپ، خىش- ئەقرىبا ۋە دوس- بۇرادەرلىرىگە رەھىم- شەپقەتلەرنى كەلتۈرۈپ، كېيىم- كېچەك، تىللا قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ياتتى – تامام.

16

# كۇچارلىق خوجامالارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىغى ۋە ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ھالەتلىرى، ئىرىشكەن بۇ ئۇلۇغ دۆلەتكە شۈكرى قىلماي، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتتىن تامام ئايرىلىشى، كۈتۈلمىگەن بەزى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بىرىشى، ئاتالىق مۇھەممەت ياقۇپ بېك غازىنىڭ ئىستىلاسى ۋە ھۆكۈمرانلىغى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ بايانى

ياخشى ئاقىۋەتلىك ئەزىز يارەنلەر، ئاقىۋەتى خەيرىيەتلىك ۋە لەززەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ ئالى مۇقام زېھنىلىرىگە روشەن ۋە ئاشكارە بولغايكى، مۇنداق ھىكايە ۋە ئەپسانىلەرگە ئاساسلانغاندا، بىردىن- بىر قۇدرەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك ئاللانىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن، سەيىد غازى خوجا ئىسھاق ياركەنتتە ئاتالىق غازى بىلەن سۇلھى تۈزۈپ، خالايىقنىڭ رىقابەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇرت، پۇقرالارنىڭ راھىتىنى ئىزدەپ، ۋەدە- قەسەملەر، ئانت- ئىمانلارنى ئەھدى پەيمان شەرتلىرى بىلەن چىڭىتىپ، ئۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، كۇچارغا يېنىپ كېلىپ ئىستىقامەت قىلىپ ياتتى. لېكىن، راشىدىن خان خوجام ۋە جامالىددىن خوجام ئاكا- ئۇكىلار بىلەن جامالىددىن خوجامنىڭ پەرزەنتى يەھيا خوجام باشلىق چوڭ- كىچىك خوجامالار ئۆز مەزھەپلىرى ۋە مىللەتلىرىنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرى ھەم تەختى سەلتەنەت تۈزۈملىرىگە قارىشى بولغان بەدخۇي ئەخلاق ۋە قىلىقلارنى قىلىپ، بەزى لايىق ياكى نالايىق ئىشلارنى پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ھامىددىن خوجام بولسا «نەچچە يىللار مابەينىدە ياركەنت، كاشغەردىكى دۈشمەنلەرگە زەربە بەردىم ۋە دۈشمەنلەردىن زەربە يەپ قېچىپ، كۆپ مۇشەققەت تارتتىم. ئاقىيار دىگەن جايىنى دەستۇر خېنىمغا لازىم قىلسام» دەپ جامالىددىن خوجامغا ئەرز قىلدى. جامالىددىن خوجام بۇنى ماقۇل كۆرمىدى. ئاقىۋەت ئۇ ئۆزىنىڭ غەيرىتى ۋە كۈچ- قۇۋۋىتىگە يۆلىنىپ، نىشان ۋە دەستەك بىلەن ئاقىيارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىگە تەۋەپ قىلىپ بېكىتتى. ئاقسۇدىن ئاقىيارغا ھېچقانداق دورغا ياكى مۇلازىملار بارالمىدى. بارغانلارنى بولسا قاتتىق جازا بېرىپ ياندۇردى. شۇڭلاشقا، ھېچبىر دورغا ياكى مۇلازىم ئاقىيارغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاقىۋەت نۇرغۇن ھىلە- مىكىرلىك ۋە مۇناپىقلارچە ئۇسۇللارنى ئويلاپ، مەككارلىق تۇزاقلىرىنى قۇرۇپ، يالغانچىلىق ئۇرۇغىنى چېچىپ،

ئۆچتۈرپاندىكى خوجاملارغا خەت يازدى. بۇ خەتتە «هامىددىن خوجام دەرۋەقە تولا مېهنەت ۋە مۇشەققەت تارتتى. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ مەھسۇلاتىنى مەن سەرپ قىلسام دېگەن سۆزى ماڭا ئانچە ماقۇل كەلمىگەن ئىدى. خىيال قىلسام، بۇ ئوبدان ئىش بولمىغان ئىكەن. ئۇكام بۇ يەرگە بىر كېلىپ كەتسە، مەن ئۇنى بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ زىياپەت قىلىپ، بۇ يەرنى ئۆز قولۇم بىلەن بەرسەم، ئەگەر ئۇ ئۆزىچە بۇ يەرنى تەۋە قىلسا، بىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىمىز يىراق ۋە يېقىن دۈشمەنلەرگە ئاشكارە بولۇپ قالىدىغان ئېهتىمال بار. بۇ ئوبدان بولماسمىكىن» دەپ يېزىلغان ئىكەن. هامىددىن خوجام بولسا راست ۋە توغرا پەزىلەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇناپىقلارچە يېزىلغان بۇ خەتنى دوستانە خەت دەپ چاغلاپ، ئالدىنىپ ۋە مەغرۇرلىنىپ، ئاقىۋىتىنى تاما قىلىپ، ئىشتىھالىرىنى پاكىزلەپ، چىشلىرىنى بۇلەپ، يېقىن مۇلازىم، مەھرەم ۋە دادخۇالىرىنى باشلاپ، داغدۇغا ۋە ھەشەمەت بىلەن ئاقسۇغا قاراپ ماڭدى. جامالىددىن خوجام بۇنىڭغان ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئالدىغا ئادەم چىقىرىپ، ناھايىتى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەمىرلىك مەھكىمىسىگە چۈشۈردى. ئادەملىرىنىمۇ ئۆز لايىقىدىكى لايىقىدىكى جايلارغا چۈشكۈنگە بەردى. زىياپەتتىن كېيىن جامالىددىن خوجام مەھرەملىرىگە قاراپ، «سىلەر ئارام ئېلىڭلار، بىز ئاكا ۋە ئۇكا ئۇزۇن مۇددەتتىن بۇيان ئەسلا بىر يەردە بولۇپ كۆرۈشەلمىگەن، ھال - ئەھۋاللىرىمىزنى بايان قىلىپ، گەپ - سۆزلىرىمىزنى تۈگىتىپ، ئاندىن ئارام ئالارمىز» دەپ رۇخسەت بەردى. مەھرەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەمدى مۇشتەرى بىلەن زۆھرە يۇلتۇزى بىر سىزىقتا ئۇچراشقاندەك بولدى دەپ خاتىرجەم بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. جامالىددىن خوجام بىر نەچچە ئادەمنى بىر يەردە مەخپىي تەييارلاپ قويغان ئىكەن. دەل هامىددىن خوجامنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا بېرىشى بىلەن، مەخپىي تەييارلانغان مەزكۇر ئادەملەر چىقىپ باغلىۋالدى. ئۇنىڭ ئادەملىرىنىمۇ ئۆي - ئۆيدە مېهمان بولغان يەرلىرىدە تۇتۇپ باغلىدى. خوجامنى ئۈچ ئادىمى بىلەن قوشۇپ ئاتقا مىندۈرۈپ مەھكەم باغلاپ، بىر كېچە - كۈندۈزدە كۇچارغا يەتكۈزۈپ نەزەربەنت قىلدى. ئاقسۇلۇق مۇسا بېك دېگەن ئادەمنى قۇمغا باستۇرۇپ ھالاك قىلدى. دېمەك، هامىددىن خوجام گويا ئۆز قولى بىلەن ئۆز پۇتىغا كەكە چاپقاندەك بولدى. بۇ ئۇنىڭ دۆلەت چىرىغى ئۆچكەنلىكىنىڭ نىشانىسى ئىدى.

قىرغىزلار بۇ ئاجايىپ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، كاشغەرگە بېرىپ، قۇشبېگىگە يەتكۈزدى. قۇشبېگى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولۇپ، خەۋەر بەرگەن قىرغىزلارغا تون - كىيىم ۋە ئات بېرىپ، «ئەلھەمدۇلىللا، ئەمدى ئاقسۇ، كۇچار جەڭ - جېدەلسىز قولۇمغا كىرىدىكەن» دەپ خۇرسەن بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر ۋەقە بولۇپ، ئۈچتۈرپان

ئەھلى يۇرتىمىزنى ئۆزىمىز سورايمىز دەپ بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ، كۆپ ئادەم جېنىنى ئېلىپ پانا ئىزدەك كاشغەرگە قېچىپ بارغان ئىدى. بۇ ۋەقە يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. كاشغەرگە قېچىپ بارغانلار بولسا ئۆزىنى قۇشبېگىنىڭ ھىمايىسىگە تاشلاپ، ئەرز- ھالىنى مەلۇم قىلىپ، يول باشلاپ بېرىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئاقسۇدىكى كۈچارلىق ئابدۇراخمان دادخۇا، ئاقسۇلۇق ئابدۇللا دىۋان بېگى قاتارلىقلار ئەسلىدە جامالىددىن خوجام پادىشانىڭ خىزمىتىدە ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت ئىشلىرى بۇلارنىڭ راي- ئىپتىخارىغا باغلىق ئىدى. بۇلار خوجاملارنىڭ ئەھۋال ۋە ۋەزىيەتلىرىنى چاغلاپ كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ جان مۇھاپىزىتىنى كۆزلەپ، قۇشبېگىنىڭ دۆلىتى ئۇلغۇيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قۇشبېگىنى تەكلىپ قىلىپ بىر پارچە مەخپى خەت ئەۋەتتى. كۈچاردىكى ۋەزىر جۈملە تولىمۇلۇك توختى ئىشك ئاغا بېكمۇ «بۇ يۇرتلارنى ئۆزەم ئېلىپ بەرسەم» دەپ ۋەدە قىلىپ ئەرز ئەۋەتتى. ئاتالىق غازى مۇھەممەت ياقۇپ بېك قۇشبېگى بۇ خەت- ئەرزلەرنى بىر- بىرلەپ كۆرۈپ، غەيرەت تومۇرى جۇش ئۇرۇپ سوقتى. مەملىكەت تاماسى تېخمى شاۋقۇنغا كەلدى.

ئەمما، ئەسلىدە كۈچاردىكى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللارنىڭ نۇرلۇق مازىرىدا شەيخلىق دەرىجىسى ۋە ئورنىنى ئۆزلىرىگە پەخرى ئىپتىخار بىلىپ، بۇ مازارنىڭ بېغىغا پېتىپ- سىغىپ كەلگەن خوجاملار ئەمدى بۇ يەتتە شەھەرگە، ھەتتا موغۇلىستان ئۆلكىسىگە سىغماي- پاتماي قالدى. ئۇلارنىڭ بىر تۇققان- ئەقرىبالىغى ۋە ئىتتىپاقلىقى بولسا ئۆز- ئارا قارىشلىق ۋە مۇناپىقلىققا ئايلاندى ۋە بۇ ئۆز- ئارا قارىمۇ- قارىشلىق ھەم مۇناپىقلىق بولسا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەتكە ئايلاندى. ئۇلار بۇ ئۇلۇغ دۆلەت قەدرىنى بىلمىدى. ئۇنىڭغا شۈكرى قىلمىدى. بەلكى بۇنى كاپىرلارچە نېئمەت دەپ بىلىپ مەغرۇرلىنىپ، ئىپتىخار قىلدى – دە، ھەممىنى قولىدىن بېرىپ قويىدى. بۇنىڭغا ئەپسۇس ۋە مىڭ- مىڭلارچە ئەپسۇس ۋە نادامەت! يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەش كېرەككى، ئەسلىدە مازارى شېرىپلارنىڭ ۋەخپە ئەشايلىرىغا قانائەت قىلىپ، دېخان ئەشرەپلەرنىڭ ئۆشرە- زاكات ۋە نەزىر- سەدىقلىرىگە مۇھتاج بولۇپ، مازار شېرىپلىرىدىن ماكان تۇتۇپ، ھۇجرا ئىچىگە بورا سېلىپ تائەت ۋە ئىبادەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن، بىر جۈپ قۇرۇق نان ۋە بىر تاۋارىق گۆلە قاقىقا خۇرسەن بولۇپ كەلگەن بۇ خوجىلار مەرھەمەتلىك ۋە ھەممىگە يول كۆرسەتكۈچى ھەم رىسق بەرگۈچى ئاللانىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن بىردىنلا پادىشالىق تەختى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقىچە بولغان ئاتا- بوۋىلىرى ئۆز ھاياتىدا، بەلكى بۇ موغۇلىستان شەھەرلىرى ئىچىدىكى ھېچقانداق بىر ئادەم-

ئىنسان بۇنداق دۆلەت ۋە ئىززەتكە مۇيەسسەر بولمىغان بولسا كېرەك. لېكىن بۇنىڭغا دەل مۇشۇ خوجامىلار مۇيەسسەر بولالىدى.

قىتئە:

تەكيە قىلما ئەي ئەزىزلەر دۆلىتى يىلدا مىنى،

باش يانىڭدىن پات ئالۇرلەر دۆلىتى ئىقبالىنى.

ياتقۇزۇپ جىسمى لەتىفىڭنى بۇ تەرەپاك ئۈزە،

يوق ئېتىپ دۆلەت ھەشەمنى بەس قىلۇرلەر نايىتى.

خوجامىلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتىلىرىنى ھەر خىل ھالۋا، مەۋىز قەندالات، ھەر خىل مۇراببا، مەجۇنى، شەرۋەت، كەيپلەندۇرگۈچى تائاملار ۋە يۇمشاق پاخلان گۆشىنىڭ كاۋاپلىرى، خوشاڭ، تاڭ بۇفا ھەم لەززەتلىك ۋە شىرىن بىجىنچە تائاملارنى، ھەر تۈرلۈك نازۇ- نىمەتلەرنى يېگەنلىكى، ھۆر- پەرىلەردەك خوتۇن- قىزلار ئالدىدا تەييار تۇرغانلىغى ئۈچۈن، ئۇلار بۇرۇنقى ھالەتلىرىنى تامامەن ئۇنتۇدى. بولۇپمۇ ئۇلار ئۆز كۈچىمىز بىلەن ئىسلام ئېچىپ پادىشالىقنى تاپتۇق ۋە كەتمەس دۆلەتكە ئۇلاندۇق دەپ، ئەترابىغا پادىشالىق تۇغ- ئەلەملىرىنى كۆتەرگەن پادىشالار بىلەن ياخشى ئۆتمىدى. چىقىشالمىدى، ھەتتا كۆزگە ئىلمىدى. خوجا ھاپىز شىرزاتىنىڭ (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى جەننەتتە قىلسۇن!)«لىسانۇلغايىپ» (غالىپلارنىڭ سۆزى – ت) دىگەن كىتاۋىدا نەقىل كەلتۈرگەن مۇنداق ئىبرەتلىك ماقالىلىرىغا رىئايە قىلمىدى.

ھاپىز:

ئاسايىش دوگىتى تەفسىرى ئىندۇ ھەر پەست،

بادۇستان مۇرەۋۋەت بادۇشمنان مادار [167].

خوجامالار ھەممدە قائىدە بولۇپ قالغان بۇ سۆزلەرنى نەزەرگىمۇ ئالمىدى. ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرى، ئاكا- ئۇكىلىرى بىلەن بىر نىيەت ۋە بىر ئىتتىپاقلىق يولىنى تۇتمىدى. بىر بىرىگە رەھىم- شەپقەت قىلمىدى. دۇنيادىكى ھەممە ئېھتىياجدىن ھاجەتسىز بولدۇق، دىگەن خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ، ناھايىتى تەكەببۇرلىشىپ، ھەر بى خوجىنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىكى مەغرۇرلۇقى ئىچ- ئىچىدىن ئۆرلەپ «مەندىن باشقا ھىچىمە يوق» دىگەن ناغرىسىنى ئالاھىدە ياڭرىتىپ چېلىشقا باشلىدى. خۇددى «قۇرئان كەرىم» دە «ئىنسان پۇل ۋە بايلىق بىلەن يامان يولغا كىرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەندەك، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىنسانى تەبىئىتىدىكى يۇشۇرۇن تەكەببۇرلىغى ئاشكارە بولۇشقا باشلاندى.

نەزىم:

ئۆزىگە سازاۋەردۇر كىبرىيا ئۇ مىنى،

كى مۈلكى قەدىمدۇر زاتى غەنى.

دەل مۇشۇنداق بىر چاغدا، مۇھەممەت ياقۇپ ئاتالىق غازى خۇددى ئاللانىڭ قازاسى ۋە ئاسماننىڭ بالاسى كەلگەندەك، مۇشۇك چاشقان كۆتەرگەندەك، قۇرغۇي قۇشقاچ ئالغاندەك ۋە ئىگىز ئۇچقان بۈركۈتتەك بىر شاھانە قىياپەتتە بۇ جايغا قەدەم- تەشۋىق قىلدى. خوجامالارنىڭ دۆلىتىنى ئۆزلىرى بىلەن قوشۇپ خۇددى چاڭ- توزاندەك تۇزۇتتى. بۇ رەھىمسىز ئالدامچى پەلەك چاقى تەتۈر چۆگىلەپ، ئۆزىنىڭ قەدىمقى ئادىتىنى يەنە تەكرارلىدى.

نەزىم:

بىرىنىڭ باشىغا تاجۇ- تەختىنى قويۇپ،

بىرنى تاجۇپ تەختىدىن ئالىپ يەرگە ئۇرۇپ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاقىل ۋە دانالار بۇ دۇنيا ئىشلىرىنىڭ دۆلەت ئىقبالىغا ۋە ئۇلۇغلۇققا يەتكۈزۈش بىلەن، ئاياق ئاستى قىسىپ تۆۋەنلەشتۈرۈش ئويۇنلىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭ غەم ۋە خوشاللىقىغا باراۋەر ۋە بىردەك قاراشلىرى لازىم.

قىتئە:

قەنى ئول كەسرائى گۆر خەۋەر نەق،
بۇ ئالەمدىن ئۇچۇپ كەتتى ھاۋالىق.
ئەگەرچە ياخشىلىققا يوق ۋاپائى،
ۋەرەق ئىچرەسۇخەن باردۇر ۋەفالىق.

ئەلقىسسە، جامالىددىن خوجام چىلان ۋە يايدى قاتارلىق جايلارغا توختى خەلپە دىگەننى ئىككى يۈز ئەللىك ئەسكەرگە باش قىلىپ قاراۋۇلچى قىلىپ قويغان ئىدى. بىر كېچىسى ئەتىگەندە قۇشبېگىنىڭ يىگىتلىرى كېلىپ بۇ جايلارنى بېسىۋالدى. ئات سۇغۇرغىلى چىققان بىر يىگىت بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ، كەينىگە قېچىپ جامالىددىن خوجامغا خەۋەر قىلدى. قۇشبېگىنىڭ يىگىتلىرى بولسا قالغانلىرىنى ئولجا ـ ئەسىر قىلىپ كاشغەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئاندىن ئۇلار سايئېرىقتىن قونالغۇ قىلىپ ئاقسۇغا ئۆتتى. ئاتالىق غازى چىلان دىگەن جايدىن خوجا نەزەر بېك دىگەننى باش قىلىپ مۆمىن يۈز بېشى باشلىق ئوتتۇز توققۇز يىگىت بىلەن ئۇلچىتۇرپانغا بۇيرۇغان ئىكەن. بۇ قۇرۇق ئۇزۇم يولى بىلەن ئاچا تاققا بارغاندا، يولىچىلار خەۋەر تېپىپ شەھەرگە خەۋەر قىلىپتۇ. خوجاملار بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، خوجا نەزەر بېككە چۇشكۈن قۇنئالغۇ چىقاردى ۋە ئاتالىق غازىنىڭ كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ، مۇبارەكبادلىق قىلىپ، ياقۇپ خوجا ئىشان، مۇھەممەت ئەلى دادخۇالار ئارقىلىق ئاتالىق غازىغا سوغا ـ سالاملار بىلەن ئىناۋەتنامە ئەۋەتىپ ئىتائەت

قىلدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىسى خوجا نەزەر بېك شەھەرنىڭ شىمالىدىكى تۆگمەنبېشى دىگەن جايغا چۈشتى. ئىككى يىگىتنى خېتىپ خوجامنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپ ساقلىدى، قورال ـ ياراق ۋە غەزنىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى بەرسۇن، ئۆزلىرى تاۋابىئاتلىرى بىلەن جانابى ئاتالىق غازى بەدۆلەتنىڭ خىزمەتلىرىگە بېرىپ، دۇئا قىلىپ كۆرۈشۈپ يانسۇن، ئاتالىق غازىنىڭ ئالى پەرمانىمۇ مۇشۇنداق ئىدى دىدى.

ھەممىمىزلا شەھەردىن چىقىدىغان بولدۇق. ئاقىۋەت پىشىن ۋاقتىدا دەرۋازا ئالدىغا كەلدۇق. ئۇلار ئىككى خوجامنى، موللا توختى مۆتىۋەللىنى ۋە مەنكى بۇ ئەسەرنى يازغۇچىنى بىر مىراخۇر بىلەن دەرۋازىدىن چىقاردى، قالغانلارنى توساپ قالدى. «بۇ زاماندا زامان، زامان ئاتالىق غازىنىڭ زامانى» دەپ جار سېلىپ، توپ ـ زەمبىرەكلەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، شادىيانە ناغرا ساداسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، بىز بەش كىشىنى خوجا نەزەر بېكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بىزگە يىگىرمە بەش ئاتلىق ئادەم قوشۇپ ئاقسۇغا ماڭدۇردى. ياڭخى دىگەن قىشلاقتا قونۇپ، ئەتىسى يولغا چىقىپ توشقان دەرياسىغا كەلدۇق. بۇ يەردە مۇھەممەت بابا يۈز بېشى يولۇقتى. بۇنىڭغىچە ئاتالىق غازى ئاقسۇغا كېلىپ، مەزكۇر يۈز بېشىنى ئۇچتۇرپانغا توقسابە قىلىپ خېتىپ خوجامغا مېھرىۋان يارلىق قىلىپ ماڭدۇرغان ئىكەن، يارلىقنى بەردى. يارلىق مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئاتالىق غازى تەرەپكە قاراپ دۇئار قىلدۇق. توقسابە ئۇچتۇرپانغا كەتتى. بىز ئاقسۇغا قاراپ ماڭدۇق. مەن بۇ يارلىق مەرھەمەتنامىسىنى كەم ۋە زىيادە قىلماي، تەۋەررۈك ئورنىدا ئۆز ئەينى بىلەن كۆچۈرۈپ، بۇ ۋاراق سەھىپىسىگە ئورناتتىم.

سىيادەت① پاناھى بۇرھاندىن خوجا ئىشان زاد ئىززە:

دەئۋات مۇتەۋاففىرە ② ۋە تەسلىمات مۇتەكاسىرە ③ ئىبلاغىدىن ④ سۇگرە، خاتىرە ـ خەتىر ⑤ ۋە زەمىر مۇنىرلارىغە ⑥ رەۋشەن ۋە مۇبەرھەن ⑦ ئۇلغايكىم : بۇ ئاۋان ⑧ مەيمەنەت ⑨ نىشانىدە ھەزرىتى ھەق سۇبھانەۋە تەئالەنى ئەۋنى ⑩ ئىنايەتى بىرلە ئىسلام شرىف ئاچماق ۋە شەرىئەتى غەررا (11) نەبەۋەيە (12) قىلچىنى «ئەلجەننە تۇ تەھتى زىلالەسسىيۇف» (13) مەزمۇنى شرىفچە چافماق نىييەت خەيرىييەسى (14)

---

① سىيادەت ـ سەيتلىك، ئۇلۇغلۇق.

② دەئۋات مۇتەۋاففىرە ـ كۆپتىن ـ كۆپ دەۋەت.

③ تەسلىمات مۇتەكاسىرە ـ ناھايىتى تۆۋەنچىلىك.

④ ئىبلاغ ـ يەتكۈزۈش.

⑤خاتىرە ـ خەتىر ـ كۆڭۈل خاتىرى.

⑥ زەمىر مۇنىرلارىغە ـ نۇرلۇق دىللىرىگە.

⑦ مۇبەرھەن ـ ئېنىق.

⑧ ئاۋان ـ ۋاقىت، زامان.

⑨ مەيمەنەت ـ بەخت ـ سائادەتلىك.

⑩ ئەۋن ـ ياردەم.

(11) غەررا ـ پارلىداق.

(12) نەبەۋەبىيە ـ پەيغەمبەرلەر.

(13) «ئەلجەننە تۇ تەھتى زىلالەسسىيۇف» ـ جەننەت قىلىچنىڭ (14) خەيرىيىيە ـ ياخشى.

بىرلە بەلكى ئابدانە ① تەقدىر ئىلاھا بىرلە بول دىيارلارغە نەسەبەمىز تۇشدى ـ ھاسىلۇل كالام. مۇھەررەمە ئەلھەرەمە يىگىرىمە بەشدە ② ئاقسۇ مەسەندىدە ③ نۇزۇل ئىجلال ④ كىرگۈزۈپ تۇرغان ۋەقتىمىزدە، كامالى خولۇس ⑤ يولدىن ۋە ناھايەتى مۇھەببەت خۇسۇس ⑥ يۈزىدىن يەئقۇپ خوجا ئىشان ۋە مۇھەممەت ئەلى دادخۋالار قولىدىن ئىزھار ئىتائەت ۋە ئىنقىياد ⑦ ئەيلەپ « ئەتئۇ ئۇلۇۋەلەلئەمرى »⑧ فەھۋاسى شىرىفىغە ئامىل بولۇپ بىر فارچە رۇقئە ئىرسال ⑨ ئەيلەگەن ئىكەنلەر. ياخشى سائەتدە ۋارىد ⑩ ئولۇپ، مەزمۇنى مەفھۇم (11) بولپۇ، خۇرسەندى ھاسىل ئۆلدى. تەھاددۇ ۋە تەھابىۇ (12) مەزمۇنىچە تۆت ئات ۋە بىر نەچچە لىباس ۋە بىر كالامى شىرىف ھەدىيە ئىبەرگەن ئىكەنلەر، بى كەم ـ كاس (13) كېلىپ تەگدى. مۇندا جامالىددىن خوجە بەئىزى ئىشلاردىن ۋەھشەت قىلىپ قاچقان ئىكەن.

---

① ئابدانە ـ تاپشۇرۇق .

② مۇھەررەمە ئەلھەرەمە يىگىرىمە بەشدە ـ ھىجرى بىرىنچى ئاينىڭ 25ـ كۈنى

③ مەسەند ـ ئورۇن، جاي

④ نۇزۇل ئىجلال ـ نۇرلاندۇرۇش، رەۋشەنلىك چۈشۈرۈش

⑤ خولۇس ـ خالىسلىق، توغرىلۇق

⑥ خۇسۇس ـ مەخسۇس

⑦ ئىنقىياد ـ بوي سۇنۇش

⑧ « ئەتىئۇ ئۇلۇۋەلئەمرى » ـ ئەمرگە بوي سۇنۇش

⑨ رۇقئە ئىرسال ـ خەت ئەۋەتىش

⑩ ۋارىد ـ كېلىش، تېگىش

(11) مەفھۇم ـ چۈشىنىش

(12) تەھاددۇ ۋە تەھابىۇ ـ سوغا ۋە سالام

(13) بى كەم ـ كاس ـ كەم ـ كۈتسىز، تولۇق

يىگىتلەر ئالىپ كېلىدۇ. بەئزى ئۆتكەن ئىشلاردىن تەۋبە قىلدى. بىزمۇ «ۋەلىكازىمىنەلغەيزە ۋەلئافىن ئەنناس »① مەزمۇنچە جەرايىم ماتەقەددەلارىغە ② ئەفۋە قەلەمنى سۈرۈپ مەرفۇئ ③ قىلدۇق ۋە سەپايى مۇناسىپ بىرىپ مەرھەمەت قىلدۇق. ئۇزلەرى بولسالەر بۇ تەرەفدەكى سەئىدلەر زۇبدەسى ④ نىيەتلىرىمۇ سافدۇر. ئۆزلەرى ۋە تەۋابىئات (لارىدا) ھەرزىلىك ⑤ خۇلۇق بولسا گۇناھىنى ئەفۋە قىلدۇق. بۇ بارە ⑥ دىن كۆڭۈللەرىفە بىر نىمە كېلمەسۇن. بىز بولساق ھەممەدىن ئىلگىرى تانىغان، مۇتلەقەن ۋەھشەت ۋە ھەراس ⑦ قىلماسۇنلەر ۋەللەھۇ ئەلا مانەققەلۇشەھىد، ۋەسسالام. 1284 ـ سىننەت».

بۇ خەتنى ئېلىپ شۇ كۈنى ئاقسۇغا كەلدۇق. بىزنى كونا ئۆتەڭگە چۈشۈردى. بىر سائەت ئۆتمەيلا ھەمدەم باتۇر بېشى دىگەن ئادەم نەچچە پەتنۇستا قەن، ناۋات، پىستە، بادام، مىنر قەندالات قاتارلىق نەرسىلەر ئېلىپ كېلىپ دەستۇرخان سالدى ۋە ھايال بولماي بىر چوڭ قازان گۈرۈچ ئاشنى قازنى بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىپ، خوجاملارنىڭ ئالدىدا ئاغزىنى ئېچىپ ئاشنى تارتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە كېمتمەي داستىخان سېلىپ زىياپەت قىلدى. تۆتىنچى كۈنى سارايلاردىن تون، نىمچە، قەن، ناۋاتلارنى لىگەن ـ لىگەنلەپ

① «ۋەلىكازىمنەلغەيزە ۋەلئافىن ئەنناس» ـ «ئۆز گۇناھىغا تولۇق تۆۋە قىلغانلار كەچۈرىمگە سازاۋەردۇر»

② جەرايىم ماتەقەددە – بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇنالىرى

③ مەرفۇئ ـ ئورنىنى كۆتۈرۈش

④ زۇبدە ـ ياخشى، ئىسىل

⑤ ھەرزى – يامان، پايدىسىز

⑥ بارە ـ سەۋەپ

⑦ ھەراس ـ قورقۇنچ

ئېلىپ چىقىپ ۋە مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىمىزنى يېتىلەپ بارگاھ ئالدىرىغا ئېلىپ بېرىپ تارتۇق قىلدۇ. ئىككى خوجامنى ئاتالىق غازى ئۆز چېدىرىغا باشلاپ كىرىپ زىياپەت بەردى. بىزنى بارگاھ ئىچىگە ئولتۇرغۇزۇپ داستىخان سالدى. مۇنسىپ تون ـ كىيىم، سەللە، كۇلا قاتارلىقلارنى مەرھەمەت قىلدى. پەرمان بويىچە ئاقسۇ شەھرىنى ئايلاندۇق. پەتە قىلىدىغان يەرلەرگە بېرىپ پەتە قىلىپ، ئۆز جايىمىزغا كېلىپ ئارام ئالدۇق.

بۇ كۈنلەردە كۇچار تېخى پەتھى بولمىغان ئىدى. راشىدىن خان خوجام كۇچاردىن ئىبراھىم باھادۇر، يۈسۈپ باھادۇر، تەلەي باھادۇر، ياقۇپ باھادۇرلارنى تۆت مىڭ لەشكەرگە باش قىلىپ، قۇشبېگىگە قارىشى ئۇرۇشقا چىقارغان ئىكەن. بۇلار ياقا ئېرىق تەۋەسىگە كېلىپ، چوغا دىگەن جايغا چۈشۈپ، يولنى توساپ، سۇ بەرمەي، كۆپ ئۇرۇش قىلىپ، قۇشبېگىنىڭ يىگىتلىرىنى قىستاپ، قۇشتام، ياقا ئېرىق ۋە چوغا قاتارلىق جايلاردا كۆپ زىيان ـ زەخمەتكە سېلىپ، ناھايىتى باتۇرلۇق قىلىپ غەلبە قازاندى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ مەھەلسىز باتۇرلىغى ھساپقا كىرمىدى؛ ئاقىۋەت قۇشبېگىنىڭ يىگىتلىرى غەلبە قىلىپ، ئۇلارنى تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن لۈكچىنلىكلەرنىڭ كونا ئاداۋىتى قوزغىلىپ، بىر مۇنچە تۇڭگانىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، تۇرپاندىكى ئايدىن خوجامنى لەشكەر بىلەن قوشۇپ ھەيدەپ چىقىرىپ، تۇرپاننى ئۆزى سوراپ، كۇچار تەرەپكە قەدەم قويۇپ بۇگۇرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا خان خوجام ئىسھاق خوجامنى كورلىغا ئالاھىدە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئىسھاق خوجام يېتىپ بېرىپ غەلبە قىلىپ تۇرغان پەيتتە، خان خوجام ئۇنىڭ كەينىدىن ھامىددىن

خوجامنى ھمايە ئۇچۇن ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزرە- خالىق سوراپ، كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، تۆت مىڭ لەشكەر، توپخانا، قورال- ياراق، ئەلەم، تۇغ، بايراقلار بىلەن تۇڭگانىلارغا قارىشى تۇرۇشقە ئەۋەتكەن ئىدى. ئىسھاق خوجام، ھامىددىن خوجاملار تۇڭگانىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى قوغلاپ قارا شەھەردىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان كۈنلەردە، قۇشبېگىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىگى توغرىسىدىكى دەھشەتلىك خەۋەر ئاڭلاندى. خان خوجام ھامىددىن خوجامنى قارا شەھەردىن قايتۇرۇپ كېلىپ، يەنە ئۆزرە- خالىقنى قويۇپ، كىيىم- كېچەك، پۇل- تىللا قاتارلىق ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ قىلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن قۇشبېگىگە قارىشى ئۇرۇشقا ماڭدۇردى. بۇ كۇچاردىن چىقىپ بايغا كېلىپ، بەھۇزۇر بىر ئوت- چۆپلۈك يايلاقنى جاي- ماكان قىلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن كارى بولماي «ئىختىيار ئۆزەڭلەردە» دەپ جاۋاپ بېرىپ، سۇرەت- ۋەقەنى قۇشبېگىگە مەلۇم قىلىپ، ئەرز ئەۋەتتى. بۇ خەت جانىبى ئاتالىق غازى ياقا ئېرىققا كەلگەن چاغدا تەگدى. قۇشبېگى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا «ھامىددىن تۆرە دەرھال يېتىپ كەلسۇن، بىز تاقەتسىز كۈتىمىز» دەپ مەھرەم ماڭدۇردى. ھامىددىن تۆرەم قايتىپ بېرىپ كۆرۈشتى. تەبرىك- مۇبارەكلەشلەر ئۆتكەندىن كېيىن، قۇشبېگى «ئەي تۆرەم! يەنە بىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان ئادەم بارمۇ» دەپ سورىغاندا، ھامىددىن تۆرەم «جانابىڭىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان مەن ئىدىم. خىزمىتىڭىزگە كەلدىم. ئەمدى ئۇرۇشىدىغان ئادەم يوق. دىمەك، كۇچارمۇ قول ئاستىڭىزغا ئۆتتى دىگەن سۆز. مۇبارەك بولسۇن» دەپ جاۋاپ بەردى. قۇشبېگى ناھايىتى خوش بولۇپ، «بىر نان تاپساق تەڭ- باراۋەر ئوتتۇرىغا بولسۇن» دەپ نەچچە قەۋەت كىيىم- كېچەكنى ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ، «بىز كۇچاردىن يېنىپ بارغىچە ئۆزلىرى كاشغەردە دۇئار قىلىپ تۇرسىلا» دەپ كاشغەرگە يولغا سالدى. ھامىددىن خوجام ئاتالىق غازى دۆلەت سۈرگەن زاماندا، بىر نەچچە مۇددەت ئۇنىڭ تۆرىلىرى قاتارىدىن ۋە كاتتىلىرىنىڭ سورۇنلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، غەللە- تەمىنات ۋە كىيىم- كېچەكلەر بىلەن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تەمىنلەنگۈچىلەر بىلەن ئوخشاش تەمىنلىدى.

قۇشبېگى ياقا ئېرىقتىن ئاتلىنىپ چىقىپ، مەنزىل يۈرۈپ كۇچارغا كەلدى. بىر قانچە يىگىت كىرىپ راشىدىن خان خوجامنى ئېلىپ چىقتى. لېكىن، خان خوجام بىر تەرەپتىن بىر نەچچە ئېغىز تەنە ۋە ئاچچىق سۆز قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تون- كىيىملەرنى بەرگەن بولۇپ، بۇلارنى ئوردىسىغا باشلاپ كىردى. بىراق خان خوجام بىردىنلا قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئاتالىق غازىنىڭ بىر مەھرىمىنى چاپتى ۋە قولىغا قورال ئېلىپ سىپىلىنىڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ،

«مېنىڭ باتۇرلىرىم قاياقتا كەتكەن، بۇ قىپچاق، ئەنجانلىقلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ شەھەردىن ھەيدەپ چىقارمامسىلەر!» دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ تۇرغان پەيتتە، ئاتالىق غازىدىن ئىككى كىشى كېلىپ، خان خوجامنى تۇتۇپ باغلاپ بارگاھقا ئېلىپ كىردى.

راشىدىن خان خوجام بولسا ئۆزىنىڭ خاتا خاھىشلىرى بويىچە شەرىئەتكە خىلاپ بىر قانچە يامان ئىشنى ئۆزىگە ۋە لەشكەرلىرىگە لازىم ۋە راۋا دەپ بىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرى بولسا، خان خوجام تۆرىنى ۋە شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاش ئۈچۈن، ئۆزىگە خاس مەھرەم، يىگىت، سەرۋازلىرىنىڭ كېچىلەردە ئۇخلىماي قىمار ئويناپ سەگەك تۇرۇش ۋە شۇنداق يوللار ئارقىلىق شەھەرگە پاسبانلىق قىلىش دىگەن تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەرىئەتكە تامامەن خىلاپ بولغان بۇ خىل يامان ئىشلارغا يول قويىدى ۋە رۇخسەت قىلدى. ھەتتا قىمارۋازلارغا غەزنىدىن پۇل ئاجرىتىپ قىمار ئوينىتىپ، بۇ ئىشلارنى راۋاجلىنىشىغا كۈش- كۈش قىلدى. شۇڭلاشقا شەرىئەت پانا جانابى ئاتالىق غازى شەرىئەت ئالىملىرىدىن «قۇرئانى كەرىم» ۋە «ھەدىس شېرىپ» تە قاتتىق چەكلەنگەن بۇنداق بىشەرىئەت ئىشلارغا مەملىكەتكە ئۇلۇغ بولغان ئادەملەر ئۆزى خىلاپلىق قىلسا ۋە ئۇنى چەكلىمەي راۋاجلاندۇرسا، نازۇك شەرىئەت قانداق ھۆكۈم قىلىدۇ دەپ سوراپ، ئۇلاردىن پەتىۋا ئېلىپ، پەتىۋانىڭ مەزمۇنلىرىنى ئاشكارە ئېلان قىلىپ، خان خوجامنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ گۇناھلىرىنى ئۆز بويىنغا ئارتىپ يوق قىلدى. خان خوجامنىڭ نىمە بولغىنىنى ۋە قايسى جايغا دەپنە قىلىنغانلىغىنى كىشى كۆرمىدى ۋە بىلمىدى. بۇ ۋەقە تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۆتىنچى يىلى ماھى سەپەر مۇزەپپەرنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى (مىلادى 1867 يىلى 6- ئاينىڭ 17- كۈنى – ت) يۈز بەردى. خان خوجام بولسا ئاتمىش ياشقا يېقىنلاشقاندا، سىرىق چىراي، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى چوڭ چىشلىرى كۇشادە، بېشى يوغان ۋە كەينى دوقسى چوڭ كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئىنىسى پەخرىدىن خوجا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا بويسۇنماي، قازى، مۇپتىلارنى ھەتتا ئۇلۇغ شەرىئەتنى ھاقارەتلەپ، كۆزگە ئىلمايدىغان بىر ئادەم ئىدى. يەنە بىر ئىنىسى جالالىدىن خوجا بولسا، ئۆز ئىرىگە ئىددەت ساقلىغان ۋە تېخى ئۇنىڭ ئەمر- ئىتائىتىدىن چىقمىغان بىر خوتۇننى ئۆز ئەمر ئەقدىسىگە ئالغان ئىكەن. ئاتالىق غازى «ئۆلىمالارنىڭ توغرا ھۆكۈمى ئاللا ۋە ھەممىنى رازى قىلالايدۇ – ت) دىگەن پەتىۋا ھۆكۈمى ۋە ئۇلۇغ ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسى بويىۇچە بۇ پەتىۋە مەزمۇننى مەزكۇر خوجىلارغا ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى ئاممىغا ئىبرەت قىلىپ ئۆلتۈردى. جامالىددىن خوجىنى ياركەنتتە يوق قىلدى. شەيخ خوجا، باھاۋىدىن خوجا ۋە

ئىبراھىم تۆرىلەرنىمۇ تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزدى. خىتىپ خوجام ۋە ئوغلى مەھمۇدىن خوجاملارنى كاشغەرگە ئېلىپ بېرىپ، مەھمۇت خوجا ھەزرىتىمگە تاپشۇردى. بۇلار ھەزرەتنىڭ ئاشخانىسىدىن ئاش- تاماق يەپ، تون، كىيىم- كېچەكلەرنى كىيىپ، ئون بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. بىجىن ئەھلى بۇ جايلارغا ئىككىنچى قېتىم ئىگە بولغاندا ، بۇلارمۇ ئاتا يۇرتلىرىغا قايتىپ، قەھىي- قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق- قاياشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىسھاق خوجام، ھامىددىن خوجام، مەھمۇدىن خوجاملار ئەنە شۇ جايدا خاتىرجەم ھايات كەچۈرمەكتە.

راشىدىن خان خوجام شۇنداق قىلىپ تولۇق ئۈچ يىل ۋە بىر ئاي يەنە ئوتتۇز ئالتە ئاي پادىشالىق قىلىپ، شەرقىي ھۇدۇدى قامۇل، بالەكۆلگىچە، شىمالىي ھۇدۇدى قالمۇقستانغىچە [169]، غەربى ھۇدۇدى ياركەنت، ماراۋېشى، جەنۇبىي ھۇدۇدى لوپ، چەرچەنگىچە بولغان جايلارغا ھۆكۈمرۇنلىق قىلدى. ئۇلار بولۇپمۇ بىجىن كاپىرلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ھالاكەتكە يەتكۈزدى. بۇ شەھەرلەردىكى غەزنە- مۈلۈك، قورال- ياراقلارغا ئىگە بولدى. ناھايىتى كۆپ غەزنە توپلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇلار شۇنچىلىك دۆلەت ھۆكۈمەتكە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن مال- مۈلۈك توپلىغان چاغلاردا، يا ئۆزىنىڭ بىرەر ئۇرۇق- قاياشلىرىغا رەھىم ۋە شەپقەت قىلىپ باقمىدى، يا بىرەر دۇئاگۈيى ئەھلى پەزىل ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە كەڭرى ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال- دۇنياغا بولغان ئېھتىياجىدىن چىقمىدى. يا بىرەر دەريا- ئۆستەڭگە كۆۋرۈك سالدۇرۇپ ياخشىلىق قىلمىدى. يا مىچىت، خانىقا بىنا قىلىپ، كۆل، قۇدۇقلارنى كولىتىپ، ۋەخپە ئەشيالارنى توختاتمىدى. ھەتتا ئۆزلىرى ئولتۇردىغان بىر- ئىككى ئېغىزلىق مېھمانخانا تەييارلىمىدى. ياكى ئاتا- ئانا قەۋرىلىرىنى پىشۇۋاشتىن ئىسلاھ قىلىپ، بىرەر نەمۇنە يادىكار ياكى ياخشى ئىش باقى قالمىدى. بىراق، ئىلگىرى يۇرت سورىغان ھاكىم، ئەمىرا ۋە بېكلەر، ھەتتا باي سودىگەرلەرمۇ ئۆز ئەھلۇۋالىغا قاراپ، بۇ پانى ئالەمگە بىرەر يادىكار ۋە نەمۇنە قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئۆز يېنىدىن پۇل، كۈمۈش سەرپ قىلىپ، مىچىت، مەدرىسلەرنى بىنا قىلىپ كەلگەن ئىدى. ھەتتا خىتاي، ئۇرۇس، پەرەڭ قاتارلىق مۇشرىكلەرمۇ مۇسۇلمانلار قىلالمىغان مىچىت، مەدرىسە، كۆۋرۈكلەرنى بىنا قىلدۇرۇپ، مازارلىرىنى تۈزىتىپ، نامىم قالسۇن دېگەن ئۈمىت بىلەن كۈمۈش، ئاقچىلارنى سەرپ قىلىپ كەلگەن ئىكەن.

لېكىن، شۇنداق ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئېرىشكەن خان خوجامنىڭ بىرەر نەمۇنە يادىكار قويمىغانلىقىنى قانداق يول بىلەن ۋە قانداق ئەيىپكە بۇيرىساقمۇ توغرا بولىدۇ. مۇسۇلمانلارغا لەنەت ئوقۇش ياخشى ئەمەس. بۇ لەنەت ئىسھاق

خوجابىننى سارىمساق خوجا باشلىق خوجىلار ۋە ئۇلارنىڭ خىش- ئەقرىبالىرى، ئەھلى- ئايماقلىرىنىڭ ئىلمىي ھىكمەتلىرىنى ۋە ئەمىلىيەتلىرىنى بىلەلمىدى ۋە قىلالمىدى. ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى قەدىمقى پادىشالارنىڭ ئەمەل- دەستۇرلىرى ياكى ئۇلۇغ شەرىئەتنىڭ رىئايىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز خىيالى ئىجادى بويىچە قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار نامىسىز ۋە نىشانىسىز كەتتى. ياكى ئۆزلىرى راھەت- پاراغەت كۆرەلمىدى. ياكى پۇقرالارغا ئاراملىق بولمىدى. ئۇلار دۆلەت سۈرگەن يىللاردا ھەممە پۇقراغا تەڭلىك ۋە تارلىق يۈز كەلتۈرگەنلىگى ئۈچۈن، ھېچبىر ئادەم ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى سېغىنىپ ياكى ئارزۇ- قاياشلىرى، قەۋمى- قېرىنداشلىرى ۋە يۇرت ئەھلىمۇ نارازى بولمىدى.

ئەي ئىلاھىم! ئۇلۇغ بولغانلارنى بۇ يول بىلەن نالايىق ئىشلارنى قىلىپ، خالايىق- پۇقرالارنىڭ نارازىلىغىنى قوزغاشتىن ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ساقلاپ ئامان تۇتقايسەن، ئامىن! سائادەتلىك پەيغەمبەرنىڭ رىغبىتى بىلەن سۆز دېگىنىزدىن چىقىپ، بۇ باپنى تاماملىغا كىرگۈزدۇق. ئەمدىكى سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بۇ كاژ پەلەكنىڭ چاقى ۋە پايدىسىز دۇنيا خوجاملارنىڭ پىئىل- ئەتۋارلىرىغا رەھىم ۋە مۇۋەپپەقىيەت قىلماي، ئۆزىنىڭ قەدىمقى بىۋاپالىق يولىنى كۆرسەتتى. بۇ يەتتە شەھەرنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمرانلىغى، ئىززەت- سەلتەنەتىنى جانابى مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنىڭ پەزىلەتلىك ۋۇجۇدىغا ئامانەت تاپشۇردى. بۇ خۇش خۇي قەلەممۇ ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى كۇچارلىق خوجاملارنىڭ قىسسە- ئەپسانىلىرىدىن تارتىپ، شەھرىيارى ئاتالىق غازىنىڭ قىسسە ۋە داستانلىرى تەرەپكە يۆتكەپ، ئۇنىڭ كەڭ مەيدانلىرىدا تىرىشىپ ئىلگىرلەپ ئات چاپتۇرۇپ، بۇلارنى شەرھلەشكە قەدەم قويىدى.

ئاللا مۇۋەپپىقىيەت ۋە ياردەم بەرگۈچىدۇر.

# ئىككىنچى داستان

## 1

# ئالەم ۋە شۆكرى مىننەت ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ ئىرادە ۋە تەقدىرى بىلەن مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنىڭ بۇ يەتتە شەھەر- موغۇلىستان مەملىكىتىگە ئىستىلا قىلىشى، ئۇنىڭ ۋەقە ۋە سەرگۈزەشتىلىرى، بۈزرۈك كخان تۆرەمنىڭ تەختى سەلتەنەتىگە ئولتۇرۇشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ بايانى

ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ ئەركانلار، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئالى مۇقام زېھنلىرىگە يېتىپ روشەن ۋە ئاشكارە بولغايكى، شۇنداق قىسسە ۋە ھىكايىلەرگە قارىغاندا، مۇھەممەت ياقۇپ بېك قۇشبېگىنىڭ ئەسلى يۇرتى تاشكەنت تەۋەسىدىكى پىسكەنت دىگەن جايدا بولۇپ، ئۇ شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىكەن ۋە كىچىگىدىن باشلاپ سىپاۋەرلىك ۋە باتۇرلۇقنى ئادەت قىلغان ئىكەن. ئۇ ۋاقىتتا نار مۇھەممەت قۇشبېگى دىگەن بىرسى تاشكەنتكە ھاكىم بولۇپ، بۇ ياقۇپ بېكنىڭ ھەمشىرىسىنى ئەمرى ئەقدىگە ئالغان ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن، ياقۇپ بېك ئۇنىڭ مەھرەملىرى قاتارىدا خىزمەت قىلىپ، ئورنى كۈندىن- كۈنگىچە ئۆرلەۋاتقان بىر مەزگىلدە، قانائەت شاھ غازى دىگەن بىرسى تاشكەنتكە ھۆكۈمران بولۇپتۇ. بېك بۇنىڭغىمۇ مەھرەم بولۇپ ئىشلەپ، كېيىنچە مەھرەملەر يۈز بېشى بولۇپتۇ. ئۇندىن كېيىن، دەشتى قىپچاقنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بولغان ئاق مىچىتكە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ. بۇ شەھەر تاشكەنتكە ئون ئىككى يول مەنزىل كېلىدىكەن. بۇ ۋەقە تەخمىنەن تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىشىنچى ياكى يەتمىشىنچى يىللىرى (مىلادى 1844- 1854- يىلى – ت) ئارلىغىدا توغرا كېلىدۇ.

بۇ چاغدا ئۇرۇسنىڭ بىر قانچە ئادىمى ياقۇپ بېكنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى تىكلەپ «ئۇشبۇ دېڭىز (دەريا – ت) دىكى بېلىقلارنى سېتىپ بەرسىڭىز، بىز ئۇنى تۇتۇپ قاق قىلىپ ئىچكى شەھەرلىرىمىزگە ئېلىپ كەتسەك» دەپ ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. ياقۇپ بېك بۇ دەريانىڭ بېلىقلىرىنى قىرىق مىڭ سومغا سېتىپ، ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئىشەنچ- ھۆججەت ئېلىپتۇ. ئورۇسيە بۇ بېلىقنى بانا قىلىپ فەرغانە ۋىلايىتىگە كېلىپ ئۇ جاينى بېسىۋاپتۇ. شۇنىڭدەك ئاق مىچىت ئەتراپىدىكى قازاق، قىرغىزلار بۇرۇندىن تۆلەپ كېلىۋاتقان زاكار-

سېلىقلاردىن باش تارتىپ، زاكاتقا چىققان ئادەملىرىنى ئۇرۇپ، ئولجا- ئەسىر قىلىپتۇ. بۇنى مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاڭلاپ، نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ بېرىپ قىرغىن قىلىپ، نۇرغۇن چارۋا- ماللىرىنى غەنىمەت ئېلىپ ئۆزى تۇرغان يەرگە قايتىپ كېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۆلتى ۋە ئىقبالى كۈندىن- كۈنگە يۇقۇرلاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە مۇھەممەت ياقۇپ بېك قوقەند دارىسلتەنەتىگە ئەرز بېرىپ، «كەمىنە كەمتەردىن قۇللىرى خان ھەزرەتكە [170] دۇئا قىلىپ، يۈكسەك ئاستانىلىرىنى سۈرمەگە ئوخشاش تۇتىيا قىلىپ، كۆزلىرىمگە سۈرتىپ، خىزمەتكارچىلىغىمنى مەلۇم قىلىپ يانسام، دىگەن ئارزۇ- ھەۋىسىمنى مۇبارەك ئالىلىرىغا مەلۇم قىلدىم. ئۇمىتدۇركى، قوبۇللۇق دەرىجىسىگە مۇيەسسەر بولسا» دەپتۇ. بۇنىڭ بەرگەن ئەرزى خان ھەزرەتكە ماقۇل چۈشۈپ، «كەلسۇن» دەپ يارلىق قىلىپتۇ. مۇھەممەت ياقۇپ بېك شۇ ھامانلا سوغا- سالاملارنى تەييارلاپ توققۇز توققۇز قىرغىز، قازاق قىزلىرىنى ناھايتى كەم ئۇچرايدىغان رەڭگا- رەڭ ئىسىل كىيىم- كېچەكلەر بىلەن بېزەپ كىيدۇرۇپ، توققۇز توققۇز بىساقال كېلىشكەن ياش بالا- يىگىتلەرنى ھەر خىل توقۇلما كىيىملەر بىلەن كىيىندۇرۇپ، شاپ خەنجەرلەر بىلەن مۇكەممەل قىلدى. توققۇز توققۇز قازاق، قالماق ئاتلىرىنى ئىگەر- جابدۇقلىرى بىلەن تولۇقلاپ تەييارلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر خىل مال- ماتا، تەپىس جابدۇق- ياراقلارنى تەييارلاپ، سائادەتلىك ۋاقىت ۋە ياخشى سائەتتە قوقەندىنىڭ گۈزەل تەختى سەلتەنىتىگە كېلىپ، سوغا- سالاملىرىنى خان ھەزرەتنىڭ مۇبارەك كۆزلىرىدىن تامامەن ئۆتكۈزدى. خان ھەزرەت ئۇنىڭ بۇنداق خىزمەتكارچىلىقىغا ناھايتى خوش- خۇرسەن بولۇپ، شاھانە ئىلتىپات ۋە پادىشا مەرھەمەتلىرىنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەممە ۋەزىر ۋە ئەمىر- سەركەردىلىرىدىن ئۈستۈن قويۇپ، ئۆز ئورنىغا قايتىشقا رۇخسەت بەردى. دەشتى قىپچاق تەرىپىدىن ياكى باشقا سەركەردىلەر تەرىپىدىن تا بۇ كەمگىچە بۇنداق سوغا- سالاملار كەلمىگەن ئىدى.

مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاق مىچىتكە كەتكەندىن كېيىن، ۋەزىرلا ۋە ئەمىرالارنىڭ ئاچچىق ھەسەت تومۇرلىرى ھەركەتكە كېلىپ، ياقۇپ بېكنى سۇندۇرۇپ ئاياق ئاستى قىلىشقا تىرىشتى. ياقۇپ بېكنىڭ بۇ خىل سوغا- سالاملارنى قىلىشتىكى مەقسىسى بولسا تاشكەنتكە ئوخشاش بىرەر چوڭ يۇرتقا ھاكىم بولۇش ۋە تاشكەنت قولغا كەلگەندىن كېيىن، ئىلاھى غايىپ ئۇنىڭغا قوقەند پايتەختىنى مۇيەسسەر قىلسا ھەجەپ ئەمەس دىگەن خىياللار خۇددى تاشقا ئويۇلغان نەقىشتەك ئورۇنلاشقان ئىدى. چۈنكى ئاللا ئۇنىڭ ھىممەتلىرىنى يۇقىرى، كۆڭلىنى ئىززەت بىلەن ياراتقان ئىكەن.

مەزكۇر ئەمىرالار ئۆزلىرىنىڭ غەيۋەت- شىكايەتلىرىنى خان ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا يەتكۈزۈپ، «مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئۆزى تۇپىلىغان دۇنيانىڭ ئوندىن بىرىنى، ھەتتا يۈزدىن بىرىنى تارتىۋق قىلدى. ئۇنىڭ ئالغان ئولجا- غەنىمەتلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىگە تەرىپ ۋە سۈپەت ئاجىزلىق قىلىدۇ دەيدىكەن. ئۇنىڭ تاشكەنتكە ھاكىم بولۇش تاماسى بار ئىكەن. ئەگەر ئۇنىڭغا تاشكەنت ياكى باشقا بىرەر كاتتا شەھەرنى ئىلتىپات قىلسىلا، ئۇ ناھايىتى تېز پۇرسەتتە بۇ دۆلەتنىڭ ئۇلىنى خاراپ ھەم ۋەيران قىلىشقا ئەيمەنمەي قەدەم قويالايدۇ. بۇنداق غەرەز ئۇنىڭ قىياپەت ئەسەرلىرىدىن ئاپ- ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋېتۇ» دەپ كەينى- كەينىدىن بىر- بىرلەپ ئەرز تۇتتى. بۇلارنىڭ غەيۋەت شىكايىتى خان ھەزرەتكە تەسىر قىلىپ، «ياقۇپ بېكنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى يىغىشتۇرۇپ كېلىپ، پادىشاھى ئاسمان پەلەك ۋە ئالى مۇبارەك دۆلەتخانىغا (غەزنىگە - ت)يەتكۈزۈلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپ قىرىق ياساۋۇلنى يولغا سالدى.

بىراق، ياقۇپ بېك خان ھەزرەتنىڭ ئالدىدىكى خاس مەھرەملىرىدىن «ئىنسان ئېھسانىنىڭ قۇلى» دىگەندەك ئابدۇللا يۈز بېشى قاتارلىق بىر قانچە مەھرەمگە كۆپ ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەيلىنى تارتىپ، ئىخلاسىنى باغلاپ يېقىن قىلىپ، «ئەگەر خان ھەزرەتنىڭ ئالدىدا ھەرقانداق ياخشى ۋە يامان گەپ- سۆزلەر بولسا ماڭا خەۋەر قىلىڭلار» دەپ تاپشۇرغان ئىدى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئىخلاس باغلىغان ئابدۇللا يۈز بېشى باشلىق بۇ مەھرەم نامەھرەملەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىڭلار دىگەن تەمسىلگە ئاساسەن، ئۆز ۋەدىسى بويىچە بۇ پىتنە خەۋەرنى مۇھەممەت ياقۇپ بېككە يەتكۈزدى. مۇھەممەت ياقۇپ بېك بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، «دارىسەلتەنەت قوقەنددىن مېھمان كېلىدۇ. ئالدىغا بېرىپ، ئۇچرىغان يەردە توختىتىپ زىياپەت بېرىپ، ماڭا ئۇچۇر بېرىڭلار، ئۆزەم ئالدىغا چىقىپ باشلاپ كېلىمەن» دەپ ياساۋۇللىرىنى يولغا سېلىپ، ئۈچ مەنزىلگىچە بولغان يەرگە ئادەم تەيىنلەپ ئەۋەتتى. بارغان مۇلازىملار ياساۋۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇچۇرنى بەرگەندىن كېيىن، ياقۇپ بېك يەنە قالغان ئەمرا يىگىتلىرىنى بۇ ياساۋۇللارغا بېرىپ تۇرۇڭلار، مەن يېرىم كېچىدە ئاتلىنىپ ئارقاڭلاردىن بارىمەن دەپ شەھەرنى خالى قىلىپ، كونا خىزمەتچىسى ئالاش بىينى ھەمرا قىلىپ، پۇل- نەقدىنلەرنى يەكدانلارغا قاچىلاپ، كېچە بىلەن يولغا چىقىپ، بۇخارا شېرىپىگە راۋان بولدى. خان ھەزرەت ئەۋەتكەن ياساۋۇللار ياقۇپ بېك چىقماپتۇ، نىمە ھادىسە بولغاندۇر دەپ شەھەرگە كەلسە، ئۇنىڭدىن ئەسەر- نىشانىمۇ يوق. ياساۋۇللار خان ھەزرەتنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ، ياقۇپ بېكنى

قوغلاپ سىر دەرياسىنىڭ بويىدا كەينىدىن يەتتى. ياقۇپ بېك بىر نەچچە ئۆشكىنى تۇلۇمدەك قىلىپ سويۇپ تەييارلىغان ئىكەن. ئۇ بۇ تۇلۇملارنى پۇدەك ئىچىگە يەل توشقۇزۇپ، ئاغزىنى مەھكەم قىلىپ ئېتىپ، ئۇستىگە چىقىپ، ئاتلىرىنى ئۈزدۈرۈپ، خەتەرلىك دەريادىن خەتەرسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللار بولسا دەريادىن ئۆتەلمەي، نائىلاج كەينىدىن قاراپ يېنىپ كەپتۇ. ياقۇپ بېك تىنچ - ئامان بۇخارا شەرىپكە بېرىپتۇ.

بۇ چاغدا مەللە خاننىڭ [171] قوقەنددىن بۇخاراغا بارغان بولۇپ، زامان ھادىسلىرى ۋە دەۋران بالا - قازالىرىدىن قۇتۇلۇپ، بۇخارا ئەمىرىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن ئىدى. بىر نەچچە كۈن تىنچ - ئامان مەھەللە خان بىلەن بۇخارادا تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە مەللە خان بىلەن دار سەلتەنەت قوقەندگە كەلدى. بۇ ئادالەت نىشانلىق زاماندا، خۇدايار خاننىڭ دۆلەت ئاپتىۋى كۈن پېتىش تەرەپكە قەدەم قويۇپ، مەللە خاننىڭ ئاي نۇرى كۈنچىقىش تەرەپتىن كۆرۈنۈپ، جاھان يۈزىنى نۇرلاندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە ياقۇپ بېك خوجەند ھاكىملىقىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ بۇ جايغا ناھايىتى خاتىرجەملىك بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان كۈنلەردە، ئۇنىڭ رەقىپلىرى يەنە مەللە خانغا گەپ يەتكۈزۈپ ماقۇل قىلدى. خان ھەزرەت ياقۇپ بېكنى ئېلىپ كېلىپ سىياسەتتە ئۆلتۈرگۈزۈشنى نىيەت قىلىپ ئادەم بۇيرۇدى. ئەمما سەگەك، بەختلىك، يولى دۆلەتلىك ياقۇپ بېك بۇنىڭدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، مەزكۇر ئادەملەرنىڭ شەھەرگە كىرىشى بىلەنلا، ئارقا ئىشىك بىلەن قېچىپ چىقىپ، دەريادىن بىخەتەر ئۆتۈپ، يەنە بۇخارا شەرىپكە كەتتى. چۈنكى ئىشلارغا پىشقان ۋە دەۋر سىناقلىرىدىن ئۆتكەپ ياقۇپ بېك بولسا، زامان تەجرىبىلىرىدىن ھەممە ۋاقىت خەۋەردار ئىدى. بۇ چا غدا خوجەند شەھىرىنىڭ بىر تەرتىپى دەرياغا تۇتاشقان بولۇپ، شەھەرنىڭ ئىچكى قەلئەسى دەريا لېۋىدىكى ئېگىز بىر جايغا ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ يەنە بۇخارا تەرەپتىكى يوللارغا ئات ۋە ئادەم قويۇپ باقتۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ بۇ دەملەپ سوۋۇتقان تەييار ئاتلارغا مىنىپ، مەقسەت قىلىنغان بۇخارا تەرەپكە راۋان بولدى. كەلگەن ئادەملەر مەيۈسلۈك بىلەن ئۈمىت ئۈزۈپ، مەقسىدىگە يېتەلمەي، دارسەلتەنەت قوقەندگە يېنىپ كېلىپ، ئۆتكەن ئەھۋالنى خان ھەزرەتكە بىر - بىرلەپ مەلۇم قىلدى. خان ھەزرەتنىڭ غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ، ناھايىتى ئاچچىق بىلەن بۇخارا ئەمىرىگە خەت يېزىپ، «ياقۇپ بېك دېگەن بىر پىسكەنتلىك گۇنا ئۆتكۈزۈپ، بۇخارا شېرىپكە قېچىپتۇ. بۇنىڭ يامان ۋە بەدنىيەتلىكى ھەممە ۋىلايەتكە مەشھۇر. ئۇنى ھەپسىگە ئېلىشقا پەرمان بەرگەيلا، بۇنداق قىلىش ئۆز دۆلەتلىرىگىمۇ ياخشى» دېدى. بۇخارا ئەمىرى خەتنى كۆرۈپ، ياقۇپ بېكنى زىندانغا تاشلاشقا

پەرمان بەردى.

ياقۇپ بېگنىڭ بۇ قېتىمقى بۇخارا سەپىرىدە ئالاش بىي، مۇھەممەت بابالارمۇ بىللە ئىكەن. ياقۇپ بېگ زىندانغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار بۇنىڭغا ئاش - ئوزۇق توشۇپ بېرىپ، نەرنەچچە ۋاقىت ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپتۇ ۋە زىندانبانلارغا تىللا - تەڭگە بېرىپ دوستلۇق ئورنىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە، سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بۇخارا ئەمىرى شەھىرى سەبزگە لەشكەر تارتىپ بارىدىغان بولۇپ، زىنداندىكى گۇناھكارلارغا ئەپۇ قەلەمنى سۈرۈپ، ئۇلارنى نۇسرەت ئەسەرلىك قوشۇنلار بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىپ بېكىتىپتۇ. بۇ چاغدا بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئىلگىرى ياقۇپ بېگ بىلەن دوستانە ئۆتكەن بىر قانچە يېقىنى ياقۇپ بېگنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى ۋە كارغا يارايدىغانلىقىنى ئەمىرگە مەلۇم قىلىپتۇ. بۇ ئەمىرگە ماقۇل چۈشۈپ، ئۇنى ئوردا - بارگاھىغا ئالدۇرۇپ، تۇرقىدىن قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چاغلاپ، پانسەد دەرىجىسىدە ئات ، ياراق ۋە بايراق بېرىپ، خىزمەتكە تەيىنلەپتۇ. ياقۇپ بېگ بولسا، ئۇرۇش - جەڭلەردە مەردانەت باتۇرلاردەك نۇرغۇن خىزمەت كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭغا ھەممە ئادەم خوش بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ياقۇپ بېگمۇ قەدىر - قىممىتى ئۆرلەپ، خاتىرجەم بولۇپتۇ. لېكىن بۇ كۆڭلەردە، مەللە خان ئورنىدىن چۈشۈپ، خۇدايارخان ئىككىنچى قېتىم قوقەند پايتەختى دار سەلتەنەتىگە چىققان بىر ۋاقتى ئىدى. بىراق، يۇرتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئالىم قۇل قىرغىزنىڭ قولىدى ئىدى. ياقۇپ بېگ ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ، سەمەرقەنتكە بېرىپ، مازار - ماشايىخلارنى زىيارەت قىلسام، خەتمەن قۇرئان قىلدۇرۇپ، ئاجىزلارغا ئۆز لايىغىدا نەزىر - سەدىقە بېرىپ، خان ھەزرەتلىرىگە بولغان دۇئاسىنى ئېلىپ كەلسەم دەپ بۇخارا خان ھەزرەتلىرىدىن رۇخسەت سوراپ سەمەرقەنتكە كەلدى. بۇ جايدا ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، بىر كېچىدە قاچتى ۋە فەرغانە ۋىلايىتىگە كېلىپ مولla ئالىم قولىغا چۈشتى.

ئەلقىسسە، بۇ كۈنلەردە كۇچار شەھرى بۇزۇلۇپ، راشىدىن خوجامنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى ھەر قايسى شەھەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىرىگە ئاڭلانغان ۋە كاشغەردە سىدىق بېگ دېگەن قىپچاق باش كۆتۈرۈپ، جەمئىيەت پەيدا قىلىپ، خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ ۋە شەھەرگە قاماپ، كاشغەرگە ئىگە بولۇپ، قوقەند دار سەلتەنىتىگە «تۆرەملەردىن بىرسىنى تىلەيمەن، بۇ يەرگە كېلىپ دۇئا قىلىپ بەرسە، مەنكى كەمىنلىرى كاشغەرنى قوقەند دار سەلتەنەتىگە ئىتائەت ۋە ئىنئام قىلدۇرسام» دېگەن مەزمۇندا ئەرز ئەۋەتتى.

موللا ئالىم قۇل بۇ ئەرزىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، بۇزرۇك خان تۆرەمنى قەشقەرگە بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا ھەمدەم باتۇر بېشى، تۇراپ خوجام ياساۋۇل بېشى، ئابۇدللا يۈز بېشى، غازى بۆز بېشى قاتارلىق يۈزدەك ئادەمنى قوشتى. بۇلار ئوش دىگەن جايغا كەلگەندە ئەرزىجالات، ياقۇپ كاناي باشلىق يەنە يۈزدەك ئادەم قوشۇلدى.

بۇ ئارىدا موللا ئالىم قۇلغا بۇخارا ئەمىردىن يارلىق كەلدى. يارلىقتا «پىسكەنتلىك ياقۇپ بېك بىرسى مەللە خانغا باش ئەگمەي، بۇ جايغا قېچىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇنى بىر قانچە ۋاقىت ھەپسىدە تۇتتۇم ۋە يەنە مۇساپىر ئىكەن دەپ مەرھەمەت شەپقەت قىلىپ، ئۆز يېنىغا يېقىن جايدىن ئورۇن بەردىم. لېكىن، ئۇ ماڭىمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ بارغان ھامان دەم قىلىچىنىڭ تىغىدىن ئۆتكۈزگەيلا مۇبادا يارلىقنى كېچىكتۈرسىلە ياكى ئىجرا قىلمىسىلا، بۇخارا ئەمىرنى ئۆزىنىڭ نۇسرەت قىياپەتلىك ئەسكەرلىرى بىلەن فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئۈستىدە كۆرگەيلا. ئەگەر ئاجىز بىچارىلەر ئاتالارنىڭ ئايىغىدا قالىدىغان بولسا، بۇنىڭ ۋابالى سىلىنىڭ گەدەنلىرىدە بولسۇن، ۋەسسالام» دەپ يېزىلغان ئىكەن. بۇ تەھدىت يارلىغى كەلگەندىن كېيىن موللا ئالىم قول ھەيران بولۇپ، بىر كېچىدە ياقۇپ بېكنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، بۇخارا ئەمىردىن كەلگەن يارلىقنى كۆرسەتتى ۋە «ئەمدى فەرغانە ۋىلايىتىدە تۇرۇشلىرى مۇناسىپ ئەمەس، بۇزرۇك خان تۆرىنى كاشغەرگە ماڭدۇردۇم. لېكىن ئۇ خوجا يۇرداشلىق رەۋىشى ۋە ئەسكەرلىك ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز بىر بىپەرۋا ئادەم. سىلە ناھايىتى چاپسان مېڭىپ بۇزرۇك خان تۆرىنىڭ ئارقىسىدىن يەتسىلە، مەن سىلىنى ئۇنىڭغا قوشبېگى قىلىپ تەيىنلىدىم» دەپ يولغا سالدى. ئۇنىڭ قولىغا مۇبارەكنامە بېرىپ، بۇزرۇك خان تۆرىگىمۇ مەلۇم قىلدى. ياقۇپ بېك بۇزرۇك خان تۆرەمگە داۋان ئۈستىدە يېتىشىپ كەلدى. خان تۆرەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، كەلگىنىگە ناھايىتى خوشال بولۇپ ئىپتىخار بىلىپ، ھەممە يىگىتلىرىنى مەزكۇر قوشبېگىگە تاپشۇردى. نەتىجىدە بۇزرۇك خان تۆرەم تۆرىلىك مەنسۇپىدە، قوشبېگى خىزمەتكارلىق دەرىجىسىدە تۇرۇپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، كاشغەر تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. بۇ تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكەن بىرىنچى يىلى (مىلادى 1864- 1864- يىلى – ت) جەددى (ئوغلاق – ت) پەسى ئىدى.

بۇ چاغدا، سىدىق بېك ئۆزى قىلغان ئىشقا خاپا ۋە پۇشايمان بولۇپ، ئىلاجسىز خان تۆرەمنىڭ ئالدىغا كىشى چىقاردى. كەينىدىن نائىلاج ئۆزىمۇ چىقتى. چوڭ- كىچىك كاشغەر ئەھلى توپ- توپ بولۇپ تۆرەمنىڭ ئالدىغا چىقىپ زىيارەت قىلىپ، شادى- خوراملىق بىلەن شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، سىدىق بېكنىڭ جاي- ماكانىغا چۈشۈردى. دەل

مۇشۇ چاغدا، كاشغەر ئەھلىنىڭ ئىچىدىكى تۆرەمگە ئەقىدە- ئىخلاس قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «خوجاملار كەلدى، قىپچاقلارنى ئۇرۇپ ھەيدەپ چىقىرىش كېرەك» دىگەن ئۈن- ساداسى ئاڭلاندى. كاشغەر ئالامانچىلىرى قىرغىز- قىپچاقلارنى تاياق، چوماق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. شىددەتلىك تاياق زەربىسىدىن قىرغىز- قىپچاقلار قېچىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سىدىق بېكمۇ تۇرالماي ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئۆز يۇرتى بولغان پاراشقا باردى. بۇ يەردە يەنە ئالتە- يەتتە مىڭ ئادەمنى توپلاپ، ئۇرۇشقا تەييار قىلىپ، شەھەرنى قامال قىلدى. بۇزرۇك خان تۆرەم بىلەن قۇشبېگىمۇئۆزىنىڭ يىگىتلىرىنى ئېلىپ، شەھەردىكى نۇرغۇن باشباشتاق ئادەملەرنى توپلاپ ئۇرۇشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا، سىدىق بېككە ئوق تېگىپ يىقىلدى. لەشكەرلىرى پارانكەندە بولدى. تۆرەملەر ئولجا ۋە غەنىمەتكە ئىگە بولۇپ، غەلىبە بىلەن ئۆز تەختى بەرگاغىغا قايتىپ ئارام ئالدى ۋە يەك- دۈشمەنلەردىن خاتىرجەم بولدى.

بۇ چاغدا قۇشبېگى ھەرقانداق ئىشنى تۆرەمدىن بىجاۋاپ قىلمايتى. چوڭ ئوردىنى تۆرەمگە بارىگاھ ۋە ئارامگاھ قىلىپ تەيىنلەپ بەردى. تۆرەم بولسا كېچە- كۈندۈز نەغمە- ناۋا ئويناپ، شادى- خوراملىق، ئويۇن- كۈلكە، ھاي- ھۇيلىرى بىلەن بىغەم- خاتىرجەم بولۇپ، ياكى يۇرتدارلىق ئىشى ياكى دادخۋا- ئەسكەرلەرنىڭ ھال- ئەھۋالىنى سوراش ۋە ياكى بىرەر ئىشقا تەدبىر ياكى مەسلىھەت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى زادىلا ئۆزىنىڭ دىل ئەينەكلىرىگە چۈشۈرمىدى. لېكىن قۇش بېگى كۈچارلىق ئۆمەر ھاكىم بېك دىگەننىڭ مەدىرىسىنى ئۆزىگە مىسكىن ماكان قىلىپ، تىنماي ۋە ھارماي يىگىت تەييارلاش تەرەددۇتلىرى، قورال- ياراق راسلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تۈزۈككىنە ئارام ئالالمىدى ياكى يىمەك- ئىچمەك ۋە ياكى ئۇيقۇ بىلەن پەرۋاسى بولمىدى. سىدىق بېكنىڭ غەزنىسى ۋە يۇرتلاردىن ئېلىنغان غەللە- پاراقنى يىگىتلەرگە سەرپ قىلدى. ئۇ بۇ جايلاردا يەرلىك ۋە قۇساپىر بايلاردىن خالىغانچە پۇل، كۈمۈش قەرز ۋە ئىئانە توپلاپ، يىگىت تەييارلاشتىن باشقا مەقسەت ۋە ھەۋەسنى زادىلا ئويلاپ قويمىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ ئىچىدە نىياز ئىشكائى بېك بىرقانچە ياركەنت كاتتىسىنىڭ غايىبانە نامىنى يېزىپ، ياركەنتتىن قۇشبېگىگە خەت ئەۋەتىپ، ياركەنتكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئۇ خەتتە «خوجالار، تۇڭگانلار ۋە ھەزرەتلەر ئوتتۇرىسىدا جىدەل ۋە تالاش- تارتىشلار پەيدا بولۇپ، ياركەنت شەھىرى بىكار قالدى. تۆت- بەش يۈز ئادەم بىلەن كەلسىلە بۇ يەرنى تەسەررۇپ قىلغىلى بولىدۇ» دەپ يازغان ئىدى. قۇشبېگى ناھايىتى چوڭ ئۈمىت بىلەن دۈشمەننى سەل چاغلاپ، ياركەنتكە بارغان چاغدا، ھامىدىن خوجام بىلەن تۇڭگانلار بىر ئىتتىپاق بولۇپ، ئۇرۇش- جەڭگە كىرىشتى.

قۇشبېگى باراۋەرلىك قىلالماي، چېدىر- بارىگاھلىرىنى تاشلاپ، ئۆز جېنىنى جايلاپ، ياياداق ئاتقا ئاران ئۇلىشىپ، كاشغەرگە قاچتى. ھەممە تاۋابىئات ۋە تەئەللۇقاتلىرى ھامىدىن تۆرە قولىغا چۈشتى. بۇ ۋەقە ئاۋالقى داستاندا زىكرى قىلىنغان ئىدى. ئىلگىرى ھامىددىن تۆرەم نىياز ئىشكائى بېكنىڭ مەككار ھەم ۋاپاسىزلىغىنى بىلىپ، ئۇ سالامغا كەلگەندە تۇتۇپ باغلاپ، يالىڭاچ قىلىپ، تېرەككە ئېسىپ قويغان چاغدا، دادىسى خېتىپ خوجام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئاجىرىتىپ ئالغان ئىدى. نىياز ئىشكائى بېك دەل مۇشۇ ئاچچىغىدا قۇشبېگىگە خەت ئەۋەتكەن ئىكەن. قۇشبېگى قاچقان چاغدا، خىجالەت بولۇپ، كەينىدىن بېرىپ كۆپ ئۆزرە- خالىقلارنى قويۇپ يەنە ياركەنتكە قېچىپ كەلدى. بۇنىڭدىن خوجاملار خەۋەرسىز قالدى.

بۇ كۈنلەردە، قۇشبېگى ئەزىز بېك جاللاتنى يېڭى ھىسار مۇھاسىرىسىگە تەيىنلىگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن «شەھەرنىڭ پەتھى يېقىنلاشتى. تۆرەم باشلىق بىرەر ئۇلۇغ قەدەم تەشرىپ كەلتۈرسە، بىز جاناپلارنىڭ قەدەم- تەشرىپ قىلىشىغا قاراپ قالدۇق» دەپ ئەرز يازدى. بۇزرۇك خان تۆرەملەر بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ھەشەمەت ئىنتىزام بىلەن يېڭى ھىسارغا ئاتلاندى. ئەزىز بېك جاللات لەخمىلەرنى كولىتىپ، دورىلارنى قويۇپ تەييارلاپ قويغان ئىكەن. تۆرەملەر بارغان ھامان دورىغا ئوت تۇتاشتۇردى. سېپىل پوتەيلىرى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. نۇسرەت نەمۇنە قوشۇنلار تېزلىك بىلەن شەھەرگە يۇگۈرۈپ كىرگىچە، دورىنىڭ كۈچى بىلەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا- تۇپراقلار قايتىپ چۈشۈپ، شەھەردىكى مۇسۇلمان، تۇڭگانى ۋە خىتايلاردىن مىڭدەك كىشىنى نابۇت قىلدى. بىر مۇنچىسىنى تۇپراق ئىچىدىن تارتىپ چىقاردى. شۇنداق قىلىپ شەھەر پەتھى بولدى. دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بولدى. بىر قىسمى مۇسۇلمان بولدى. دوستلار شادى- خورام بولدى. دۈشمەنلەر غەم- ئەندىشىگە چۈشتى. قوشۇنلار نۇرغان ئولجا- غەنىمەتكە ئىگە بولدى. بۇزرۇك خان تۆرەم بۇ ئۇرۇشنىڭ پەلەكەكە يەتكەن بەخت خوشاللىقنى موللا ئالىم قۇلنىڭ مۇبارەت قۇلاقلىرىغا يەتكۈزۈشنى لازىم دەپ تاپتى ۋە توققۇز توققۇ خىتاي زەمبىرەكلىرى، بىر توققۇزتىز پاكىز، دىلىغا مۇۋاپىق ماچىن يىگىتلىرى، بىر توققۇق قازاق ۋە قالماق ئېتى، بىر قانچە توققۇز بېجىن يامبۇ، كۈمۈشلىرى، توققۇق توققۇز جانان چىنە، خەسە، تاۋار- دۇردۇن قاتارلىق كەم ئۇچرايدىغان يېڭى ماللار ۋە كۆڭۈلگە ياقىدىغان خۇش پۇراق چاي قاتارلىق نۇرغۇن سوغا- سالاملارنى راسلاپ، قوقەند دار سەلتەنەتىگە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك خىزمەتچىلىرى بىلەن يولغا سالدى. بۇ خىزمەتچىلەر خوپ ۋاقىت ۋە ياخشى سائەتتە قوقەندگە يېتىپ بېرىپ، موللا ئالىم قۇلغا كۆرۈنۈش پۇرسىتىگە ئىگە

بولدى. موللا ئالىم بولسا بۇ سوغا- سالاملارنى كۆرۈپ ناھايتى خۇرسەن بولۇپ ، بارغان خىزمەتچىلەرگە تون- كېچەك، خەجلەيدىغان تىللا، قورال- ياراق ئېھسان ۋە ئىنئام قىلىپ، بۈزرۈك خان تۆرەمنى خان كۆتىرىپ، ناھايتى قىممەت باھا تاشلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تاج، ھەممە ئىگە جابدۇقلىرى تامامەن ئالتۇندىن يېرىم چەمبىرەك قىلىپ بېزەپ نەقىشلەنگەن ئات، ئىككى نەپەر كۈچلۈك ۋە ئاۋازى ياخشى شاتىر، توققۇز توققۇز نىمچە تون، خەسە، ئىگەر جابدۇقلىرىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن توققۇز ئات ۋە بىر توققۇز مىلتىق قاتارلىق سوغا- سالاملارنى ئەۋەتىپ مۇبارەكلەپ، ھەددىدىن زىيادە مەرھەمەت ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، ناھايتى زور مېھرىبانلىق قىلدى. بۇ خىزمەتچىلەر شەرەپلىق ۋاقىت ۋە گۈزەل سائەتتە يېتىپ كېلىپ، بۈزرۈك خان تۆرەم بىلەن كۆرۈشتى، تۆرەم شاھلىق تاجىسىنى مۇبارەك بېشىغا قويدى. ئاتقا مىنىپ، قورال- ياراقلارنى قولغا ئالدى. ھەممە چوڭ- كىچىكلەر مۇبارەكبادلىق ساداسىنى ۋە خۇشلۇق ئاۋازىنى بۇ كۆك رەڭلىك پەلەكتىن ئۆتكۈزدى. سۇلتان، پادىشالارنىڭ قائىدە- ئۇسلۇبلىرى بويىچە پادىشالىق تەختىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئاتۇشلۇق مەھمۇت خاننى شاغاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى ۋە باشقا ھۆدەيچى، پەرۋانىچى، ئىشىك ئاغىسى قاتارلىق مەنسەپدارلارنى بەلگىلىدى. ئىلاھىم ئۇنىڭ ئاپتاپ دۆلەتلىرى سايىسىنى ئۈستۈن قىلغايسەن – ئامىن!

# 2

## زەفەر ئاتىسى جانابى سەئىد بۈزرۈك خان تۆرەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە كۈچارلىق خوجاملارغا قىلغان ئىستىلاسى، فەرغانە ۋىلايىتىدىن قېچىپ كەلگەن كاتتىلارنىڭ ئەھۋالى، مۇھەممەت ياقۇپ بېك قۇشبېگىنىڭ ماقاللىرى، قىپچاق بۇزغۇنچىلىرىنىڭ ۋەقەلىرى بايانى

باتۇر خىسلەتلىك دوستلار، يېقىن مۇھەممەتلىك سۆھبەتداشلارنىڭ ئۇچۇق كۆڭلىگە مەلۇم ۋە يېقىن بولغايكى، بۇنداق قىسسە ۋە ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، ئۇلۇغ پەيغەمبەر ۋە سەئىد ئەھۋالى بۇزرۇك خان تۆرەم بولسا جاھانگىر خان تۆرەم بولسا سالىھ خان تۆرەمنىڭ ئوغلى، بۇ بولسا بۇرھانىددىن خان خوجام پادىشانىڭ ئوغلى، بۇ ئەخمەت خان تۆرەمنىڭ ئوغلى، بۇ بولسا سەيىد ئاپاق خوجامنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇزرۇك خان تۆرەم تەخت سەلتەنەتىدە ئولتۇرۇپ، كەشغەر، يېڭى ھىسار تەۋەسىگە مۇناسىپ ئادەملەرنى تەيىنلەپ، ھەر قايسىسىغا ئۆز لايىقىدا تون ـ كېچەكلەرنى بېرىپ، شاھانىلىق مەرھەمەت ۋە پادىشالىق ئىنايەتلىرىنى قىلىپ خاتىرجەم بولدى. قالايمىقان ۋە بىسەرەمجان كۈنلەر ئۆتۈپ، ئىنتىزام ئورنىتىلدى.

ياقۇپ بېك قۇشبېگى بولسا لەشكەر تەييارلاشنىڭ ھەرىكەت ۋە تەرەددۇتلىرىگە چۈشتى ۋە جانابى تۆرەمگە ئەرز سۇنۇپ. «يۇرت ـ پۇقرالىرىدىن نەرسە ئېلىپ يىگىت تەييارلىساق» دىدى. جانابى تۆرەم پۇقرالارغا زۇلۇم بولارمىكىن دەپ ئانچە ماقۇل تۇتمىدى. قۇشبېگى خاپا بولۇپ، ھەر كۈندىكى ۋەزىپە سالامغا كەلمەي، بەلكى كېتىمەن دەپ، سەرمەن دىگەن جايغا چىققاندا، تۆرەم كىشى ئەۋەتىپ، ئىلتىجا بىلەن ياندۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا، كاشغەر تەۋەسىدىكى مۇغال تېرىملىق مۇنەررەپ شابېك، غازى پانسەت ، ئەززى بېك جاللات، موللا ئىبراھىم قاتارلىقلار ئەرز قىلىپ، «قۇشبېگىنىڭ نىيىتى باشقىچە، دۆلەت ئاللىرىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۆزى مۇستەقىل ھۆكۈمران بولۇش تەقەززاسىدا ھەرىكەت قىلىپ، دىمىغىنى بۇزۇپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر .جاھانشۇمۇل ھۆكۈم يارلىقلىرى بىز كەمىنىلىرىنىڭ قولىغا چۈشسە، قۇشبېگىنىڭ بېشىنى كېلىپ كېلىپ، ئاستانە پەلەك ئالى بارگاھلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلىساق» دىدى. بۇزۇرۇك خان تۆرەم مېھرىۋان بولۇپ، «سەۋرى قىلىڭلار، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەھدى ـ ئەيمانلار ۋە ئانت ـ قەسەملەر بار» دەپ، ماقۇل تۇتمىدى. لېكىن بىر مەھرەم بۇ سىردىن ۋاقىپ بولۇپ، بەختى ئويغاق قۇشبېگىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇنى غەپلەتتىن ئويغاتتى. قۇشبېگى ۋاقتنى غەنىمەت بىلىپ، مەزكۇر پىتنە ـ پاساتچىلارنى تۇتۇپ سىياسەتتىن ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا، كاتتا خان تۆرەم باشلىق كاتتىلار ئارىغا چۈشۈپ، بۇلارنىڭ گۇنا قىلمىشلىرىنى تىلەپ، «ھەرقانداق قىلسىلمۇ بۇلارنىڭ ئورنىغا بىزنى قىلسىلا» دەپ تۇرغاندا، قۇشبېگى ئۇلارنى ئىلاجسىز ئەپۇ قىلىپ،

ھەپسىگە بۇيرۇدى. ئۇلار ئۆز گۇنالىرىغا تووۋا ـ پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەرھەمەتكە ئېرىشتى. بەلكى ئوتتۇردا يەنىلا زىددىيەت پەيدا بولدى. مۇقەررەپ بېك بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، بىر مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى. بۇزرۇك خان تۆرەم، قۇشبېگى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ، تالان ـ تاراج قىلىپ ياندى. مۇقەررە بېك باراۋەرلىك قىلالماي، كۇچار خوجىلىرىنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. بۇ خوجاملار بولسا مۇقەررەپ بېكنى ئۆزىگە يېقىن ھىساپلىدى. ئۇلارنىڭ قۇشبېگى بىلەن ئۇرۇشۇش مۇددىئاسى يېڭىۋاشتىن ئويغاندى. ئەنە شۇنداق ھالەتتە كۇچار خوجىلىرى نۇرغۇن پاراكەندە لەشكەر بىلەن خان ئېرىققا كەلدى. بۇ ۋەقە ئاۋۇالقى داستاندا يېزىلغان ئىدى. يەنە تەكرارلانسا ئوقۇغۇچىغا مالالىق يېتىپ قالىدۇ.

لېكىن قۇش بېگى خوجاملارنىڭ كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ ۋە لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلىگىنى بىلىپ، ئاللا دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلىپ، يالۋۇرۇپ مۇناجەت قىلىپ، ھاجەتلىرىدىن چىقىشنى تەلەپ قىلىپ، «ئەي ئالەم سىرىنى ۋە مەخپىيەتلىكلىرىنى بىلگۈچى ئاللا! بۇ كەمىنەنىڭ دىلىدىكى يۇشۇرۇن سىرلار سېنىڭ دەرگاھىڭدا روشەن ۋە ئاشكارىدۇر. ئەگەر ھەق خوجالار تەرىپىدە بولسا، ئۇلارغا پەتھى نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن ۋە ئەگەر ھەق بەندەڭ تەرىپىدە بولسا زىمىن يۈزىدىكى بارلىق بەختى قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك ئەۋلىيا ئەزەملەر، ئۇلۇغ پەرىشتىلەر ھەتتا ئىنسى جىن ۋە دىۋە پەرىزاتلارنى ماڭا يار ـ مەدەت ۋە يۆلەكچى قىلغايسەن» دەپ سۇبھان ئاللا تائاللادىن نۇسرەت ۋە زەپەر ئۈمىت قىلىپ، ئەسكەرلىرىنى تەييارلاپ، بۇزرۇك خان تۆرەمنى باش قىلىپ، جەڭگە يولغا چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەسكەلىرى ئىككى مىڭغا يەتمەيتى. بۇ سائادەت ۋە ئىنتىزارلىق زاماندا، گۇلاپ ھاكىمى ھەمراخان دىگە ئىككى يۈز ئەللىك نەپەر تەييار ئادىمى بىلەن ياردەمگە كەلدى. بۇلارنىڭ كېلىشى مۇبارەك بالىنىڭ ئالدى دەپ ھىساپلىدى. خوجاملارنىڭ لەشكەرلىرى بولسا ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى جەڭگە كىرىشتى. بىرقانچە باتۇر ۋە قەيسەر يۈرەكلەر ئوتتۇرغا ئات سېلىپ كېلىپ، ئۇرۇشقا كىرىشتى. نۇرغۇن ئادەم نابۇت بولدى. كۇچار لەشكەرلىرى بىرقانچە قېتىم غەلبە قىلىپ، قۇشبېگىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئارقىغا ياندۇردى. ئاخىرى ئابدۇللا پانسەت ۋە غازى پانسەتلەر خوجالار سېپىنىڭ بىر تەرىپىنى بۇزدى. بۇ چاغدا قۇشبېگىنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ توختاپ قالدى. ئۇ ناھايىتى بىھۇزۇر بولۇپ، ئابدۇللا پانسەتكە «ماڭا ئوق تەگدى. ئاتقا ئولتۇرالماتدىغان ھالەتكە يەتتىم» دەپ ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشى بىلەن، مەزكۇر پانسەت «ئەي نامەرت! مۇشۇنداق چاغدىمۇ بۇنداق گەپنى قىلامدىكەن. بىزلەر كىم ئۈچۈن جان بېرىپ ۋە

جان ئېلىپ تۇرۇۋېتىمىز؟ قانداق پادىشا ئۇلۇغلار بۇنداق جەڭ مەيدانىغا ھازىر بولغان؟ ھەر نىمە بولساڭمۇ ئات چۇشمەن دىمىگىن» دەپ بىر تەرەپتىن ئىچى ئاغرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتخالىق يولىنى قىلىپ، قاتتىق سۆزلەر بىلەن دەشنام بېرىپ، يەنە جەڭگە كىرىپ كەتتى. ئەنە شۇنداق پەيتتە ئۇرۇشنىڭ غەلبە شاملى قۇشبېگى قۇشۇنلىرى تەرەپكە يۈزلەندى. كۇچار لەشكەرلىرى ئارقىغا يېنىپ قاچتى. بۇلار ئىككى تاش ياكى ئۈچ تاش مىقدارى كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئولجا- ئەسىرلەرنى ئېلىپ ياندى.

قىتئە:

گەر گادا ۋە شاھقا كەلسە قازادىن چارە يوق،

تارتماي بولماس ئىلاج دەفئغە ئانىڭ چارە يوقل

سەختىلىغىنى ئەھلى دۇنياغا مۇقەررەر قىلدىلەر،

باشقا كېلسە بىنا گاھى سەبىر قىلماي چارە يوق.

نەزىم:

لەكەرى فەراكەندەدىن ئىش كەلمەي،

ئىككى يۈز مەدانە جەڭچى ياخشىراق يۈز مىڭدىن.

لېكىن بۇ چاغدا ئون مىڭ تۆڭگانى تايىپلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى توپ، زەمبىرەكلەرگە ئوت بېرىپ، تا نامازشامغىچە ئورنىدىن زادىلا يۆتكەلمىدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ ئەلچىلىشىپ، ئەھدى- فەيمانلارنى قىلىشىپ، سۆلھى شەرتنامىلەر بىلەن ياراشتى. قۇشبېگىنىڭ ئۇلارنى كاشغەر دار سەلتەنەتىگە ئېلىپ ماڭدى ۋە توپ، زەمبىرەك، قورال- ياراق، ئالتۇن- كۆمۈش، ئوق- دوراق قاتارلىق ئولجا- غەنىمەتلەرگە ئىگە بولدى. بۇ ۋەقە تارىخ ھىجرى بىر

ملك ئككى يۈز سەكسەن ئىككىنچى يىلى جامادىل ئاخىرنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى (مىلادى 1865- يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى – ت) يۈز بەرگەن ئىدى.

قۇشبېگى قەشقەرگە قايتقاندىن كېيىن، زامان سىناقلىرىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىك جاراھەتلەرنى ھازىرلاپ، ئۇستۇرا بىلەن يوتىسىنى يىرىپ ئوقنى ئالدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جاراھەتچى بەدۆلەت ئالىلىرىنىڭ يولتىسىنى تىغ بىلەن يىرىپ ئوقنى ئېلىۋاتقان چاغدا، ئۇ بىر مىرزىنى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئىنايەتنامىلەر يېزىشقا سۆز سۆزلەپ تۇرۇپتۇ. مىرزا بولسا ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ياكى رەڭ- چىرايى ئۆزگەرمەپتۇ ۋە بۇنىڭغا پەرۋا قىلماپتۇ. ياكى بۇيرۇق- پەرمانلىرىدىن ئازماپتۇ. دېمەك، قۇشبېگىنىڭ غەيرەت ۋە جۈرئەتلىرىنى بۇنىڭدىن قىياس قىلىپ بىلگەيسىزلەر.

بۇزرۇك خان تۆرەم، قۇشبېگىلەر غەلىبە بىلەن دارىسسەلتەنەت كاشغەرگە بارغاندىن كېيىن، مۇلايىم سۆز ۋە شىرىن تىللار بىلەن تۆڭگانىلارغا نۇرغۇن ئىنئام- ئېھسانلارنى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىپ، قولىدىكى قورال- ياراقلىرىنى جەڭ جىدەلسىز قولىغا ئېلىپ، ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ، قورقۇنچىن خالاس قىلدى. لېكىن، بۇ چاغدا خىتايلار شەھىرى تېخى ئېلىنمىغان ئىدى. خىتايلارنىڭ بولسا ئاش- ئۇزۇقلىرى تۈگەپ، ئاچلىق دەردىدىن قېرىدىن قېرىلىرىنى ۋە كىچىك نارسىدە باللىرىدىن ئىت، مۈشۈكلىرىگىچە ئۆلتۈرۈپ يەپ تۈگىتىپ، گويا ھەر بىرى خۇددى بىر پانۇستەك بولۇپ، ئۆز جېنىغا رازى بولۇپ، دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ، خۇددى شاھادەت ئېيتقاندەك ئاغزىدا بىر نىملەرنى دەپ تۇردى. دەسلەپكى مۇھاسىرەدىن بۇ دەمگىچە تولۇق ئون ئۈچ ئاي ئۆتكەن ئىدى. بۇ پادىشاھى بەختىيار ۋە سائادەت ئەسار بۇزرۇك خان تۆرەم بارلىق خىتايلارغا رەھمى- شەپقەتلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى ئىمان شېرىپىگە دالالەت قىلدى. ھەممىسىلا شاھادەت ئېيتىپ بۇسۇلمان بولدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تېگىشلىك ئىنئام- ئېھسانلارنى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى ۋە خۇدالويە دېگەن باشلىغىنى يەنە چوڭ قىلىپ، بۇلارنى خادالويەگە تاپشۇردى. خۇدالويە دېگەننىڭ خۇددى يەككە ئۇنچىدەك، گۆھەر قىياپەتلىك، پەردە نومۇسلۇق گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنى ئۆز ئەقدىسىگە ئېلىپ، نىكا رىشتىسىگە ئالدى. ناھايىتى زور مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتلار بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەمنۇن قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئەقىسسە، كاشغەر شەھىرى پەتھى بولۇپ تېخى ھەپتە ئۆتمىگەن ئىدى. تاشكەنتنىڭ ملك ئۇرۇك دېگەن جايىدا

موللا ئالىم قۇل ئورۇسىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ، شاھادەتلىك شەرۋىتىنى ئىچتى. ئۇنىڭ ھەممە نۇسرەت ئالامەت ئەسكەرلىرى خۇدايارخاننىڭ ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، تېزلا پارچىلىنىپ، ھەر تايىپە ھەر تەرەپكە يۆزلەندى. چۈنكى، بۇلار موللا ئالىم قۇلنىڭ ئىنائام - ئېھسانلىرىغا مەغرۇرلىنىپ ۋە ئالدىنىپ، ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنىڭ بىر قانچە كاتتىسى جان ساقلاشنىڭ ھەممىسى ۋە قايغۇسىدا كاشغەرگە قاراپ راۋان بولدى. بۇ ۋەقە بۈزرۈك خان تۆرەم كاشغەرگە كېلىپ يەتتە ئايدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىدى. كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە كاتتا خان تۆرەم، كىچىك خان تۆرە، ۋەلى خان تۆرەم، ئىسرائىل خان تۆرەم، مۇھەممەت رىھىم خان تۆرەم ، ھېكىم خان تۆرەم، مىرزا مۇھەممەت قۇشبېگى، مۇھەممەت نەزەربېك، قادىر قۇلى بېِ ك، خۇدايقۇلى بېك، ئۆمەر قۇل باھادۇر بېشى، مىر بابا دادخۋا، تۇردى قۇل دادخۋا، باقى بېك ، بېك مۇھەممەت قۇرچى، تاش دادخۋا، پەيزۇللا دادخۋا، تاشباي دادخۋا، ئاۋغان جامدار دادخۋا ۋە خەيىر مۇھەممەت توپچى، دار بوخچە بەردار قاتارلىق بىر قانچە زامان ئىشلىرىدىن تەجرىبىلىك باتۇرلار ۋە بالا - چاقىلىرى بولۇپ، يەتتە مىڭدىن كۆپرەك باتۇر ۋە تەييار ئادەمنىڭ كاشغەرگە كەلگەنلىگى خەۋىرى ئاڭلاندى. بۈزرۈك خان تۆرەم، قۇشبېگىلەر ئاڭلاپ، ئىككى پانسەتنى يىگىتلىرى بىلەن ئالدىغا چىقاردى ۋە بۇلارغا «ئەگەر ئۇلار ئىتائەت ۋە فەرماندار بولۇپ كەلگەن بولسا، بىزگە ئۇچۇرىنى بېرىپ، يول باشلاپ كېلىڭلار، مۇبادا باشقا غەرەز مۇددىئالىرى بولسا، قاراۋۇلدىن بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزمەي، بىرگە خەۋەر بېرىپ، توساپ ئۇرۇشۇڭلار، ئۇستۇڭلەرگە بېرىپ، يار - مەدەت بېرىمىز» دەپ بۇيرۇق بېرىپ يولغا سالدى. مەزكۇر پانسەتلەر ئۇلار بىلەن قىزىل سۇيىنىڭ لېۋىدە ئۇچراشتى. كاتتا خان تۆرەم، مىرزا ئەخەت قۇشبېگىلەر پانسەتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، «يۇرتىمىزنى ئورۇسىيە بېسىۋالدى، بىز جاننى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ھەرقانچە بولسىمۇ ھەمدىيارلىق رىئايە شەپقىتى بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسلام ئېچىپتۇ. ئەگەر خىزمەتكە سالسا بەقەدەر ئەھۋال خىزمەت قىلارمىز. ئەگەر خىزمەتكە سالمىسا، بىر نىمە قىلىپ كۈن ئالارمىز دەپ باشپاناقاپ كەلدۇق» دەپ قاتتىق قەسەم - شەرتلەرنى تەكىتلەپ قاراپ تۇردى. پانسەتلەر بۇنى ئاڭلاپ، بۈزرۈك خان تۆرەملەرگە ئۇچۇرىنى بېرىپ، باشلاپ كېلىپ ئۇچراشتۇردى. ئوتتۇردا باشقىدىن ئەھدى - پەيمانلار ۋە ئانت - قەسەملەر ئادا قىلىنغاندىن كېيىن، خان تۆرەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز لايىقىدا تون - كېچەك كىيدۈرۈپ، جاي - ماكان تەيىنلەپ ئورۇنلاشتۇردى.

لېكىن، ۋەلىخان تۆرەم كاشغەر شەھىرىگە كىرىشى بىلەنلا، ھېچ تارتىنماستىن «زاماننىڭ زامانى ۋەلىخان تۆرەمنىڭ

زامانى» دەپ كوچىلاردا جار سېلىپ، ناغرا، كاناىيلارنى شادىيانىگە سوقتى. قۇشبېگى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئىككى پانسەتنى دەستەسى ياردەمچىلىرى بىلەن بۇيرۇپ، ۋەلىخان تۆرەمنى باگاھىغا ئېلىپ كېلىپ، غەزەپ بىلەن قاتتىق ئەيىپلەپ، «بىزلەر بۇ يەردە ختاي شەھىرىنى ئالالماي بىر مۇنچە جاپا- مۇشەققەتنى چېكىپ، ھەر نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتىمىز. سىز بولسىڭىز بەش، ئوندەك باشباشتاق ئادەمنى تېپىپ، ئۆزىڭىزگە بۇ يۇرتلارغا ئىگىدارچىلىق ئىشتىياقىنى قىلىپ يۈرىسىز، ئىلگىرى كېلىپ كاشغەرنى ئالالماي مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىدىن كالا مۇنارلارنى ياساپ، كۆپ ناھەق قانلارنى تۆكۈپ، نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ خۇنىغا زامىن بولۇپ قېچىپ كەتتىڭىز. ئەمدى بىز بۇ ختايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، جاپا- مۇشەقەتلەرنى تارتىپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا، سەن نىمە ئادەم دېيىشكە ئاغزىڭىز بارماي، شەھەرنى ئۆزىڭىزنىڭ قىلغىلى قەست قىلىسىز» دەپ قاتتىق سۆزلەرنى قىلىپ، غەزەپ ئاتەشلىرى ئۆرلەپ، خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ چاپقىلى تەمشەلگەندە، كاتتا خان تۆرەم باشلىق چوڭلار ئارىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، گۇناسىنى تىلەپ ئالدى. لېكىن، ئىككى ناغىرچىسى ئۈچ ئادىمىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. ۋەلىخان تۆرەمنى يېڭى ھىسارغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ نىمە بولغانلىغىنى ھىچ كىشى كۆرمىدى ھەم بىلمىدى. گەپنىڭ ھالسىلى شۇكى، كۇچارلىق خوجاملار خان ئېرىقتىكى جەڭدە شىكەست يەپ قاچتى. ياركەنت قۇشبېگىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتى. ياركەنتتىكى خوجاملارمۇ ئەندىشە قىلىپ قورقۇپ، بۇ جاينى قۇشبېگىگە قوشۇپ بېرىپ يانغان ئىدى. بۇ سائادەت يار ۋە دۆلەت ئاسارىنىڭ دۆلتىدە مۇلاھىزە قىلىپ تاماشا قىلماق لازىمكى، ئۇ بىر تال ئوق بىلەن ئىككى كىيىكنى ئاتتى. بىر ھۇجۇم بىلەن ئىككى شەھەرگە ئىگە بولدى. قۇشبېگى ياركەنتنىڭ بوش قالغانلىغىنى بىلىپ، بۈزرۈك خان تۆرەم باشلىق كاتتىلارنى ھەمرا قىلىپ ياركەنتكە بېرىپ، بۇ جاينى رەسمى ئۆزىنى مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىغى دائىرىسىگە ئالدى. لېكىن، ياركەنتتىكى تۇڭگانىلار ئىتائەت قىلماي، شەھىرنى مەھكەم ساقلاپ دەرۋازىنى ئاچمىدى. تۆرەم باشلىق ھەممە قوشۇنلار ياركەنتتىكى تۇڭگانىلار شەھىرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان بۇ كۈنلەرنىڭ ئىچىدە بىك مۇھەممەت قۇرچى بىر قانچە بۇزغۇنچى قېچقاق ئەھلى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، توغرا ئىتتىپاق يولدىن چىقىپ، شەيتان سۈپەتلىك پىتنە- پاساتلارنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ، بۈزرۈك خان تۆرەمنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، قورال- ياراقسىز ئېلىپ قېچىپ، كاشغەرگە ئاپىرىپ، يېڭى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ قارىشلىق ۋە ئۇرۇش دۇمبىغىنى سوقۇشقا باشلىدى. قۇشبېگى بۇ پىتنە خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كاتتا خان تۆرەم بىلەن جامدار دادخۋانى بىر قانچە يىگىت بىلەن كاشغەرگە ماڭدۇردى.

بۇلار كېلىپ بۈزرۈك خان تۆرەمنىڭ قايسى جايدا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ ئەلچى كىرگۈزدى. ئەلچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئەسەرمۇ بولمىدى. شۇڭلاشقا، ئىككى تەرەپ جەڭگە تەييارلاندى. ئارىدا يەنە ئون كۈن ئۆتمەيلا، قۇشبېگى كىچىك خان تۆرەمنى ياركەنتتە قالدۇرۇپ كاشغەرگە كەلدى. ئارىدا ھەر كۈنى دىگۈدەك جەڭ-جېدەللەر يۈز بېرىپ، نۇرغۇن ئادەم زىيان بولدى. بۇ كۈنلەردە ياراتقۇچى سۇبھان ئاللانىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدىن چۈشكەن دەلۋە پەسلىدىكى قىش- زىمىنستان ھاۋاسى ۋە دەھشەتلىك قار- شىۋىرغان سوغاقلىرى دوست بىلەن دۈشمەنگە باراۋەر تەسىر قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاتمىش كۈن ئۆتتى. ئاخىرى ئۇزاق تەدبىرلىك، نازۇك تەمكىنلىك ۋە قاتتىق دۆلەتلىك قۇشبېگى غازى ئاتالىق ئۆزىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرىنى چىقىرىپ سۈلھى يولى بىلەن بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزۇشنى ئويلىدى ۋە پىتنە- پاساتچى بېك مۇھەممەت قۇرچىنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزدى. مەزكۇر ئەلچى مەقسەت مەقسەت- مۇددىئاسىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، قۇرچى «ئەمدى بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئىتتىپاقلىق كۆتىرىلدى. ئەمدى ئىككىنچىلەپ مۇرەسسە قىلىپ يالغان دوست بولۇشنىڭ ئېھتىمالى يوق. ياخشى مەسلىھەت شۇكى، قۇشبېگى جاۋاپ بېرىپ بىزگە زىيان- زەخمەت قىلمىسا، بىز بارلىق قىپچاقلار بالا- چاقىلىرىمىزنى ئېلىپ يۇرتىمىزغا چىقىپ كەتسەك» دەپ جاۋاپ قايتۇردى. ئەلچى قۇرچىنىڭ جاۋابىنى بىر- بىرلەپ قۇشبېگىگە مەلۇم قىلدى. قۇشبېگىمۇ ماقۇل بولۇپ جاۋاپ بەردى. قىپچاق گورۇھى ئۆزلىرىنى جابدۇپ، ئىككى يۈزدەك كاتتىلىرى دەرۋازىدىن چىقىشى بىلان، قۇشبېگى دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىپ قالغانلىرىنى چىقارمىدى. چىققانلىرى چىقىپ كەتتى. قالغانلىرى شەھەردە قالدى. قۇچى باشلىق يولغا چىققانلارنىڭ خوتۇن- بالىلىرى قۇشبېگىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزدى. بەزىلىرىنى نەزەربەنت قىلدى. پىتنە- پاساتلار بىر تەرەپ بولۇپ، يۇرتقا تىنچلىق ھاسىل بولدى.

لېكىن، بۈزرۈك خان تۆرەم خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى ئۈستۈن ئالالمىدى. شۇنداق ھالەتتە قۇشبېگى ئۇنىڭ يىگىت، مەھرەملىرىگە ئىنئام ئىشكىلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارغا تون- كېچەكلەرنى ياپتى. تىللا- تەڭگىلەرنى چاچتى. ھەممە قوشۇن يىگىتلىرى قۇشبېگىگە ئۇلاشتى. خۇددى «ئىنسان ئېھساننىڭ قۇلىدۇر» دىگەندەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا قۇشبېگىنىڭ كەينىگە ئەگەشتى. بۈزرۈك خان تۆرەمنىڭ ئالتە يۈزچە خاس يىگىتلىرى بار ئىدى. بۇلارمۇ ئىنئام- ئېھسانلارنى كۆرۈپ قۇشبېگى تەرەپكە ئۆتتى. تۆرەم پەقەت ئەللىكچە يىگىتى بىلەنلا قالدى. ئاخىرى قۇشبېگى تۆرەمنى بەش نەپەر يىگىتى بىلەن يېڭىسارغا ئەۋەتتى ۋە بۇ بەش نەپەت يىگىتنىمۇ ئايرىپ تەنھا تۇتۇپ، ئۆز يىگىتلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى

تۆرەمنىڭ خىزمىتىگە قويۇپ، ئۇنى نەزەربەنت ئورنىدا مۇھاپىزەت قىلدى.

بۇ چاغدا بېك مۇھەممەت قۇرچى قوقەندگە بارغاندىن كېيىن، ئالى مۇقاملىق خۇدايارخان ئالىلىرى خەۋەردار بولۇپ «سەن قىپچاقلار بۇ شەھەرلەرنى بىسەرەمخان قىلىپ ئۇرۇسلارغا بەردىڭ، ئاندىن كاشغەرگە قېچىپ بېرىپ كاشغەرنىمۇ سەرەمجان قىلدىڭ» دەپ غەزەپ ئاتەشلىرى ئۆرلەپ، قۇرچى باشلىق قىپچاقلارنى دەم تىغدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇرۇنقى پانا يولىغا قەدەم قويۇپ، كەتسە كەلمەس بولۇپ كەتكەن كارۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن ناھايىتى تېز يولغا سالدى . شۇنىڭدىن كېيىن، قىپچاقلار كاشغەردىن قېچىپ بارالمىدى. مەزكۇر قۇرچى بولسا قەدىمقى ئاباۋ ئەجداتلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراپ كەلگەن ۋە دەشتى قىپچاقلار ئىچىدە ئۇلۇغلۇق بىلەن ئۆتكەن گۆز ئوغلى [172] باتۇرنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ بارلىق قىپچاقلار گەدەنلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، بويىنىنى سۇنۇپ، ئەمىر ئىتائەت ۋە پەرمانداراقنى ئۆزلىرىگە لازىم ۋە راۋا دەپ بىلدى. بۇمۇ قۇشبېگىنىڭ دۆلەت ئىقباللىرىنىڭ ئۆرلىشىگە سەۋەپ بولدى.

نەزىم:

شاھقا ئەگەر بولسەلەر دۆلەت بەختى يار،

بولۇر شالارغا پەتھى نۇسرەت دۇچار.

## 3

## ياراتقۇچى سۇبھان ئاللا ئىگەمنىڭ پەزىل ئىنايىتى بىلەن مۇھەممەت ياقۇپ بېك قۇشبېگى غازىنىڭ تەختى سەلتەنەتتە ئولتۇرغانلىغى، مۇخاپىلار سەرەمجانى ۋە قەشقەركەشلىك قانۇن ـ تەرتىپلىرى، ماراۋېشى، ياركەنتنىڭ ئېلىنىشى، خوجا ئىسھاق تۆرەنى ئىستىلا تاپقىنى قاتارلىق ۋەقلەرنىڭ بايانى

ئەقىدىسى سادىق بۇرادەرلەر ۋە مۇۋاپىق مۇھەببەتلىك دوستلارنىڭ توغرا سەۋىيىلىرىگە يېتىپ ئۇچۇق- ئاشكارە بولغىنىكى، نەقلى ھىكايە ۋە قىسسە- ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق بارلىق سەرەمجان ۋە باشباشتاقلىقلارنى ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەت ۋە نىشانى بويىچە تىنجىتىپ ۋە ئىنتىزامغا سېلىپ، ئۇ مېھرىبان ھەم قەھرى- غەزەپلىك ئۇلۇغ ئاللانىڭ ھەممىگە تېگىشلىك لۇتپى ئىنايەتلىرىگە پۈتۈنلەي تەۋەككۈل قىلىپ، كاشغەر، يېڭى ھىسار ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كەنت- زېمىنلارغا ئۆزى مۇستەقىل ۋە ئىختىيارەن ھۆكۈمران بولدى. جاي- جايلارغا ھاكىم، سۇيۇرغاللارنى تەيىنلىدى. دۆلەت ئىقباللىرى بويىچە بارلىق يىگىتلىرىگە لۇتپى ئېھسانلارنى قىلىپ، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، خاتىرجەم بولدى. ئۇ جالالەتلىك خۇدانىڭ پەزىل ئىنايىتى بىلەن يۈلتۈزلىرى يۇرۇقلۇق بۇرجىدا ياندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىگە كېچە- كۈندۈز يىگىت راسلاش، سەرۋاز تەييارلاش، جەڭ قورال- ياراقلىرىنى سوقتۇرۇشتىن باشقا خىيال ياكى ئىشتىياق چۈشمەيتى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە شەرق تەرەپتىكى كۇچار خوجىلىرىدىن بولغان ئىسھا تۆرە قىيامەت ئەسىرلىك لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، ياركەنت شەھىرىگە كىرىپ ئولتۇردى دىگەن يامان خەۋەر قۇشبېگىنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغىلى تۇردى. بۇ يىگىت ۋە سەرۋازلىرىنىڭ سانىنى خەتلەپ تىزىمغا ئالدى. نەتىجىدە ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق يىگىت ۋە ئۈچ مىڭ پىيادە سەرۋاز دەپتەرگە چۈشتى. جامىدار دادخۇانى ئۈچ مىڭ سەرۋاز ئەمرى لەشكەر قىلىپ، توپ- زەمبىرەك، تۇغ، ئەلەم، بايراق، داقا- دۇمباق قاتارلىقلارنى تەقسىم قىلىپ، قول ئاستىغا سەككىز پانسەتنى تەيىنلەپ، ئۇنى يارلىق جاھاننامە بىلەن ئورنىنى كۆتۈردى؛ يەنە مىرزا ئەھمەت قوشبېگىنى ئەمرى لەشكەر قىلىپ، ئۇنى قۇياش نۇرىدەك يارلىق بىلەن مەمنۇن ۋە ئۇستۈن قىلدى؛ ئۆمەر قۇل باتۇر بېشىنى ئەمرى لەشكەر قىلىپ، سەككىز پانسەت تەيىنلەپ، مىڭ يىگىت، تۇغ، بايراق، ئەلەم بىلەن مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا مۇبارەك يارلىق بويىچە ئالاھىدە ئورۇن بەردى؛ ئابدۇللا پانسەتنى ئەمرى لەشكەر قىلىپ، سەككىز پانسەت بىلەن ئۈچ مىڭ يىگىت ئايرىپ، تۇغ، بايراق، ئەلەملەرنى ئىنايەت قىلىپ، ئۇنى ئالەم ئىتائەت يارلىغى بويىچە ئىززەتلىدى. قۇشبېگى جانابى يىگىتنى خاس قالدۇرۇپ ئۇلارغا كاتتا تۇغ تاپشۇردى. بۇ زامان ئىنتىزامىنىڭ ھۆسنى نىشانى بولغان مىرزا ئەھمەت قۇشبېگىنى

چاپاۋۇل قىلىپ يىگىتلىرى بىلەن مارالۋېشىنى مۇھاسىرە قىلىشقا چوڭ يارلىق چۈشۈردى. قالغان ئەمىرى لەشكەرلەرنى قىل قۇيرۇق قىلىپ، كەينى- كەينىدىن ماڭدۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى پادىشالىق دەبدەبىسى ۋە سەلتەنەت داغدۇغۇسىنى نامايىش قىلىپ، دۆلەت ئەركانلىرى ۋە بۇرۇندىن بىللە بولغان ھۆكۈمرانلارنى باشلاپ غەلبە ئۆزەڭگىسىگە ئاياق قويدى ۋە مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ مارالۋېشىغا كېلىپ چېدىر- بارگاھلىرىنى تىكتى.

مارالۋېشى شەھرىدە تۇڭگانى ۋە مۇسولمانلار بولۇپ، ئۈچ مىڭ ئادەم بار ئىدى. بۇ جايدىكى تۇڭگانلار كۇچارلىق خوجاملارغا ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلىپ، مۇسۇلمانلار گۇرۇھىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن كۈن ئېلىپ تۇرغان ئىكەن. بۇلار قۇشبېگى قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرۋازىلارنى مەھكەم ئېتىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جەڭگە تەييارلاندى. ئادىن ئىككى تەرەپ بىر ھەپتە جەڭ قىلىشقاندىن كېيىن، قۇشبېگىنىڭ قوشۇنلىرى لەخمە كولاپ، دورا قويۇپ، ئوت قويۇپ بەردى. بۇ سېپىلنىڭ بىر تەرىپىنى بۇزۇپ ئاسمان قەھرىگە كۆتەردى. ئاندىن لەشكەرلەر چاپسان يۈگۈرۈپ شەھەرنى پەتھى قىلدى. ئەجەل بىلەن ۋەدىلەشكەنلەر كەتتى. ئەجەل يەتمىگەنلەر ساق قالدى. قۇشبېگى ساق قالغان تۇڭگانلار ۋە مۇسۇلمانلارغا مادالويە دىگەنى باش قىلىپ، ھەممە تۇڭگانلارنى كاشغەرگە يولغا سالدى. مارالۋېشىنى ھېكىم خان تۆرەمگە تاپشۇردى ھەمدە مىڭبېشى باتۇرنى بېشى قىلىپ تەيىنلەپ، مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن قولىغا مۇبارەكنامە تاپشۇردى. بۇ ۋەقە تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى رەبىئول ئاۋۋىلىنىڭ ئىككىنچى كۈنى (مىلادى 1866- يىلى 7- ئاينىڭ 15- كۈنى - ت) يۈز بەردى.

ئەي جان يارەنلەر! بۇ پادىشانىڭ شاخماتۋازلىقىنى شۇنىڭدىن تاماشا قىلىپ بىلىڭلاركى، ئۇ بىر ئات سەكرىتىش بىلەنلا شاھنى مات قىلدى. يەنى ئۇ ئىسھاق خوجامنى ياركەنتكە بەنت قىلىپ قويدى. ئاقسۇ، كۇچاردىن ياركەنتكە ياكى ياركەنتتىن ئاقسۇ، كۇچار تەرىپىگە ھېچقانداق كىشى بارالمىدى، ھەتتا بۇ يولدىن ئادەم ئۆتەلمىدى ۋە ھەر قايسى تەرەپتە كىم قانداق بولغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. بەختى تەلەيلىك بۇ جەڭ ئاياقلاشقاندىن كېيىن، قۇشبېگى غازى نۇسرەت ئەسەرلىك ئەسكەرلىرىنى ھەمرا قىلىپ، ياركەنتتىكى ئىسھاق خوجام بىلەن جەڭ قىلىشقا ئاتلاندى. بۈزرۈك خان تۆرەمنى نۇسرەت ئۆلگۈلۈك قوشۇنلىرى بىلەن نەزەرنەت ئورنىدا ھەمرا قىلىپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ ياركەنتكە بېرىپ، شۆھرەت- تەنتەنە قىلىپ ،كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەرنىڭ ئالدىدىن قورقماي ئۆتۈپ، ھەقىقي مۇھەممەدان دىگەن بىر ئۇلۇغ مازارنىڭ ئالدىدا تۈپ- تۈز كەتكەن بىر پارچە كەڭ ۋە ئېگىز مەيدانغا چېدىر- بارگاھ

تىكىپ ئورۇنلاشتى.

بۇ چاغدا، تۇڭگانلار يېڭى شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىسھاق خوجام بولسا كونا شەھەرگە ئايرىم پەرمان قىلاتتى. ئاتالىق غازىمۇ بۇ جايدا ھۆكۈمرانلىقنى جارى قىلدى. ئىسھاق خوجام ياركەنتكە بارغان چاغدا، تۇڭگانلار كىچىك خان تۆرەمنى يېڭى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، دەرۋازىنى مەھكەم سولاپ، ئۇنى تاشقىرىغا چىقارمىدى. راشىدىن خان خوجام بۇ چاغدا ئاتلىق غازىنىڭ مارالۋېشىنى ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھامىددىن خوجامغا بىر مىڭ لەشكەر تاپشۇرۇپ، مارالۋېشىغا ماڭدۇرغان ئىدى. ھېكىم خان تۆرەم بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ، چارباغ ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇشتى. شۇنداق قىلىپ، ئون نەچچە كۈن ئۆتتى. بەزىدە غەلىبە قىلىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ تۇرغان چاغدا، ئاخىرى قۇدرەتلىك غۇپۇر ئاللانىڭ پەزلى ئىنايىتى بىلەن ھېكىم خان تۆرەم غەلىبە قىلىپ، ئولجا- غەنىمەتلەرگە ئىگە بولدى ۋە بۇ ئىقبال خۇش خەۋىرىنى نۇرغۇن سوغا- سالاملار بىلەن قوغۇپ، ئاتالىق غازىنىڭ پەلەككە ئوخشايدىغان بارگاھىغا ئەسەتتى. بۇ خەۋەر سائادەتلىك ۋاقىت ۋە شەرەپلىك سائادەتتە يېتىپ بېرىپ، ئاتالىق غازىنىڭ ئۇلۇغ نەزەر ۋە بۈيۈك نىشانلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئاتالىق غازى بۇنىڭغا ناھايىتى خۇرسەن ۋە مىنەتدارلىق بىلدۈرۈپ، خەۋەر يەتكۈزگەن خىزمەتچىلەرگە تون- خەجلەيدىغان تىللا، قورال- ياراق قاتارلىقلارنى ئالاھىدە ئىنئام- ئېھسان قىلىپ، ھېكىم خان تۆرەمگىمۇ خەسسە تون، ئات، تۇغ، بايراق، قورال- ياراق قاتارلىق نۇرغۇن سوغا- سالاملارنى مۇكەممەل تەييارلاپ ئەۋەتىپ، شاھانىلىق ئىلتىپات ۋە پادىشالىق مەرھەمەتلەرنى قىلدى.

بۇ چاغدا، ياركەنت تېخى قولغا كىرمەي، مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىدى. تۇڭگانلار بولسا ھەرقانداق چارە بىلەنمۇ شەرت- سۈلھىگە مايىل بولمىدى. چۈنكى، بۇ تايىپىلەرنى سانى يىگىرمە بەش مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، قورال- ياراقلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئاقىۋەت تۇڭگانلار بىلەن ئىسھاق خوجام ئىتتىپاقلىشىپ، يەتتە مىڭ تۇڭگانى، ئىككى مىڭ مۇسۇلمان ۋە توپ- زەمبىرەك، جەزايىل، خودەن، قەللاپ قاتارلىق قورال- ياراقلار بىلەن بىر كېچىدە مەخپىي چىقىپ كېچىلىك ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. بەختى ئۇچۇق، دۆلىتى بىللە ئاتالىق غازى نىياز بېكنىڭ ئىملاسى بىلەن بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، شۇ كېچىسى قوشۇنلىرىنى تۆت تەرەپكە پارچىلاپ، چېدىر- بارگاھلىرى ۋە تۇرار جايلىرىنى خالى قىلىپ، ئاللا دەرگاھىغا يالۋۇرۇپ تۇرغان بىر ھالەتتە، تۇڭگانى گۇرۇھى خۇددى چېكەتكىدەك ئۇشتۇمتۇت يېتىپ كېلىپ چېدىر- بارگاھلارغا ھەر تەرەپتىن زەمبىرەك ئېتىپ كۈچ كۆرسىتىپ، ئاندىن ئات يۈگۈرتۈپ كېلىپ قارىسا،

چېدىر- بارگاھالار خۇددى دىۋە- جىنلارنىڭ ماكانىغا ئوخشاپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ئىنسان خىلى ياكى ئادەم گۇرۇھىدىن ئەسەر يوق ئىكەن. بۇلار ئەھۋالنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپ ھەيران بولۇپ تۇرغان ھالەتتە، خۇددى ئاسماندىن كەلگەن بالا- قازادەك ئۇشتۇمتۇت تۆت تەرەپتىن نۇسرەت بىشارەتلىك قوشۇنلار يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىپ، ئىقاس- سۈرەن ساداسىنى ئاسمان- پەلەككە كۆتىرىپ يېتىپ كېلىپ، شۇنداق چاپ- چاپ قىلدىكى، گۇڭگانىلارنىڭ جەسەتلىرى خۇددى ئۇلۇغ دىخانلارنىڭ زىرائەتگاھىدىكى ئۆنجىلەردەك يەر يۈزىدە توپ- توپ ۋە دۆۋە- دۆۋە بولۇپ يېتىپ قالدى. بۇلارنىڭ قانلىرى بىلەن قارا تۇپراقلارنىڭ يۈزى خۇددى دەستى دالادا ئۆسكەن لالىزاردەك قىزىل گۈلىستانغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ بىر كېچە- كۈندۈز، بەلكى ئىككىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتىغىچە ئۇرۇش قىرغىنچىلىق ئوتلىرى كۆيۈپ تۇردى. نەتىجىدە، ناھايىتى ئاز ئادەم بۇ ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بالا- قازادىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى نىجات شەھرىستانىغا ئالدى. بىر مۇنچىسى ئولجا- ئەسىرگە چۈشۈپ تىغ سىياسەت ۋە غەزەپ- قەھرىيەتتىن ئۆتتى. ئۇرۇش غەلىبىسى ئالغا ئىلگىرلەۋاتقان بىر پەيتتە، ئاتلىق غازى ئاللىرى«ئىككى مىڭ نەپەر سەرۋاز پىدائىلار بىرلا ۋاقىتتا يالىڭاچ بولۇپ سېپىلغا يۆگۈرۈپ چىقىپ، شەھەرنى پەتھى قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلسۇن» يارلىق قىلدى. بۇ چاغدا ئەمرى- لەشكەرلەر ۋە كاتتا ئەمرائىلار ئارىغا چۈشۈپ، «مەرھەمەتپانا سەرۋازلار يۆگۈرۈپ بېرىپ شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن كۆپ ئادەمنىڭ قېنى تۆكۈلەرمىكىن، شۇڭلاشقا ئالدى بىلەن ئەلچى كىرگۈزۈپ كۆرۈلسە، ئەگار ئۇلار ماقۇل بولمىسا، ئاندىن سېپىلغا يۆگۈرۈپ شەھەرنى ئالغىلى بۇلىۋېرىدۇ» دەپ ئەرز مەلۇم قىلدى. ئاتالىق غازى بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، ئابدۇخالىق نىشاننى ئەلچى قىلىپ، خوجالار ۋە تۇڭگانىلارغا كىرگۈزدى. بۇ كۈنى جۈمە ئىدى. شۇڭلاشقا ئالى پەرماندا «بۈگۈن جۈمە نامىزىغىچە سۈلھى شەرتلىرىنى ئۆزلىرىگە لازىم تۇتۇپ، بىزنىڭ نۇسرەت بىشارەتلىك قوشۇنلارنىڭ مۇبارەت بارگاھلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار، ئۆزلىرى ۋە مال- جانلىرى، تەئەللۇق تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئامانلىقىغا كېپىللىك قىلىمىز، ئەگەر قارىشلىق قىلىپ شەرتكە كۆنمىسىلە، چوڭ- كىچىك ۋە ياش نارسىدىلەر ئات ئاياقلىرىدا ھالاكەتكە ئۇچراپ، تالان- تاراج ۋە بالايى- ئاپەتلەرگە دۇچار بولۇپ، ئولجا- ئەسىر بولغۇسىدۇر- ۋەسسالام» دەپ يېزىلغان ئىدى.

خوجا ۋە تۇڭگانىلار بۇ شەرتكە كۆنمەسلىككە چارە تاپالماي، بارلىق تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئاتالىق غازى گۇمانى پەلەكنىڭ بارگاھىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى ۋە شاھانە مەرھەمەت، پادىشاھنامە ئىلتىپاتلارغا ئېرىشتى. توپ-

زەمبىرەك، قورال- ياراق قاتارلىق پادىشالىق ئىشلىرىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالى دۆلەتخانا ۋە غەزنە ئىمارەتكە تاپشۇردى. ئاتالىق غازى ئىسھاق خوجام بىلەن يانمۇ- يان يېقىن ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن گەپلەرنى ئارىغا سېلىپ، دوستانىلىق قائىدىلىرىنى تۈزۈپ، ئاشنادارچىلىق يىپىنى باغلاپ، ئۈنى قاتتىق قەسەم- شەرتلەر ۋە ئەھدى كېپىللىك بىلەن مۇستەھكەملەپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، مۇناسىپ كىيىم- تونلارنى ياپتى. ئۆزى مىنىدىغان چوڭ ئارغىماق ئاتنى بارلىق ئىگەر- تۇقۇم ۋە جابدۇقلىرى بىلەن مەرھەمەت قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئاتقا يۆلەپ مىندۇرۇپ، كۆچار تەرەپكە يولغا سالدى. قالغان ئەسكەرلەرگىمۇ ئۆز لايىغىدا تون- كېچەك، خەجلەيدىغان تىللا، ئۈزۈق- تۈلۈك، ئات- ئۇلاغلارنى بېرىپ يولغا سالدى. تۈگۈنلىرى تايىپلىرىگىمۇ كۆپ شەپقەتلەرنى كۆرسىتىپ، ھەممىسىنى ئۆزىگە ئىتائەتمەن ۋە پەرمانبەردار قىلىپ، بىر قانچىسىنى كاشغەرگە ئەۋەتىپ مادالىيەگە تاپشۇردى. قالغانلىرىنىڭ گۈنالىرىغا ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ كەچۈرۈم قىلدى. ياركەنتنىڭ مۇھەممەت يۇنۇسجان شاغاۋۇلغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەملىكەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىدىغان يۇقىرى ئورۇن بەردى. نىياز ئىشكائى بېكنى شاغاۋۇلغا شاغاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى. كېپەك لاۋۇرنى باتۇر بېشى، قازى زىيائىددىن داموللامنى قازى كالان قىلىپ ئالاھىدە يارلىق ۋە مەنسۇرنامە بەردى. يۇرتقا تىنچلىق ئورناتتى. بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ بەختى دۆلەتتىن خۇرسەن ۋە خوشال بولۇپ، تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى رەبىئۇلسانىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى (1866- يىلى 9- ئاينىڭ 6- كۈنى - ت) يەنى قوي يىلى دارسەلتەنەت كاشغەرگە قايتتى

**4**

## جانابى بەدۆلەت ئاتالىق غازىنىڭ خوتەن ئۈرۈشىغا ماڭغىنى ۋە ھىلە- تەدبىرلىرى، ھاجى پادىشانىڭ قۇياش ئاپتىۋى پېتىپ تامامەن يوق بولۇشى، مەقسەتتىكى ئاھۇ كېيىكنىڭ خوتەن زېمىنىدا جىلۋە قىلىشى ۋە مەھبۇبىنىڭ

# مۇراد قۇچىغدا گىرەلىششقاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ بايانى

مۇۋاپىق رەۋىش دوستلار، ساداقەتلىك ئەرباپلارنىڭ ئايدىڭ كۆڭۈللىرىگە يېتىپ روشەن ۋە مۇئەييەن بولغايكى، شۇنداق نەقلى ھىكايە ۋە قىسسە. ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، پادىشادەك بەختلىك زاماندىن تەجرىبە تاپقان ۋە مادارى پەلەككە يەتكەن مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازى ياركەنت ئۇرۇشنى ئاياقلاشتۇرۇپ، كاشغەر دار سەلتەنەتىگە قايتىپ، ئادالەتلىك ئىشكلىرىنى ئېچىپ، جەۋرى- زۇلۇم بابىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، پۇقراپەرۋەرلىك تۈزۈملىرىنى ئورناتتى. يۇرت ياخشىلىرى ۋە چوڭلىرى، بەلكى ئاما- خاسلىرىنىڭ دىل ئۇچار قۇشلىرىنى ئىنئام- ئېھسان دان- يمەكلىكلىرى بىلەن ئۆزىگە تارتىپ، كىيىك ئوۋلاشقا باشلاپ، ئۆزىنى دۈشمەن رىقابەتلىرىدىن ئامان ساقلىدى. بازارى ماشايىخلاردىكى ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا خەتمە قۇرئان قىلدۇرۇپ خەيرى ساخاۋەت تىلەپ، دۇئا ۋە پەتىھەلەرنى ئادا قىلىپ، داشقازانلارغا ئۆز قولى بىلەن ئوت قالاپ ۋە سۇ ئىستىپ، ئاجىز- بىچارىلەرگە كەڭرى نەزىر، خەيرى- سەدىقىلەرنى بېرىپ، ھەممە ئادەمنى شاد- خورام ۋە پاراۋان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتالىق غازىنىڭ دۆلەتلىرىگە بى ئىختىيار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، دۇئار قىلىشقا مەشغۇل بولدى.

بۇ چاغدا ئاتالىق غازىنىڭ يۇرتلارنى كېڭەيتىش ھەۋەسلىرى ۋە مەملىكەت ئېلىش داغدۇغىسى كۈندىن- كۈنگە ئۆلغىيىپ، ئۇنىڭ خىيالىغا مەھكەم يېپىشتى. بولۇپمۇ گۈزەل خوتەننى بوي سۇندۇرۇش مۇددىئاسى ئۇنى بىئارام ۋە بىقارار قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، خوتەن پۇقرالىرى ھاجى پادىشاغا ناھايىتى قاتتىق ئىخلاس ئەقىدە قىلاتتى. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە چوڭ- كىچىكلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن پادىشغا لەشكەر بولۇپ جانپىدا ئىدى. ئاتالىق غازى بۇنى ناھايىتى ئوبدان مۆلچەرلەپ، ئەركانلىرىغا «ئەگەر پادىشانىڭ پۇقراغا ئىشەنچىسى ۋە ئۇقرانىڭ پادىشاغا ئىنتىپاقى مۇۋاپىق بولسا، ئاندىن شەھەرگە بىر يىگانەنىڭ قول سېلىپ بوي سۇندۇرۇپ، مۇرات باغچىلىرىدىن مەقسەت غۇنچىلىرىنى ئۈزگەنلىكى ھېچقانداق زاماندا ياكى بىرەر تارىخ كىتاۋىدا كۆرۈلمىگەن ۋە سۆزلەنمىگەن. مۇۋەپپەقىيەتلىك بار جايدا دۆلەتمۇ بار. دۆلەت بار يەردە ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەت تەيياردۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ئادەم بىر تەرەپكە كېتىپ بارغان ئىكەن. يەنە بىر ئادەم يولدا ئۇچراپ نەگە بارىسى ۋە

نەندىن كەلدىڭىز ۋە ئېتىنىز كىم دەپ سوراپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئېتىم دۆلەت، قايسى مەملىكەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، مەن شۇ جىغىغا بارىمەن ۋە قايسى مەملىكەتتىن مۇۋەپپىقىيەت ۋە ئىتتىپاق كۆتۈرۈلسە، مەنمۇ ئۇ يەردىن ئۆزەمنى باشقا تەرەپكە ئالىمەن دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. دىمەكچىمەنكى، خوتەندە مۇۋەپپەقىيەت ۋە بىرلىك بار. ئۇ جايىنى زورمۇ- زور زەمبىرەك، تەپپۇ ۋە قىلىچ، گەرزۇ بىلەن بوي سۇندۇرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ھاجى پادىشانىڭ پېشى يەتمىشكە يەتتى. ئەقىل- پىكرى بولسا ئاجىزلىق تەرەپتىن يول تاپتى. ئۆمۈر ئاپتىۋى غەرپكە قايتىش مەھەلگە يېقىنلاشتى» دەپ، ئىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، تەپەككۇر بېشىنى خىيال تىزىغا قويۇپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن ۋەزىيەتنى ھىساپقا تىزىپ، ئىمتىھان كۆزى بىلەن قاراپ، بىرەر تەدبىر قىلسام، بۇ ئۈمىت تەدبىرىم ئاللا تەقدىرىگە مۇۋاپىق چۈشۈپ قالسا، خوتەننى قولغا كىرگۈزۈش ئىمتىھاندىن يىراق ئەمەس دەپ ئويلىدى. ھىلە- مىكىر تەدبىرىگە قەدەم قويۇپ، مەككارلىق تورزاقلىرىنى يېيىپ يالغانچىلىق ئۇرۇق دانلىرىنى چېچىپ نەيرەڭلىق ھۆنەرلىرىنى ئويىنتىپ، دەۋرنىڭ ئۆزۈن ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىپ، پىكىر- خىياللىرىنى چەكسىز دەرياغا غەرق بولدى. ۋە دەرياغا چۆمگەن تەپەككۇرى ئىچىدە مۇرات- مەقسەت گۈلىنىڭ تەسەۋۋۇر جىلۋىسىنى كۆردى. شۇ ئاندا ئۇ بېشىنى ئۈستۈن قىلىپ كۆتۈرۈپ، نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلىرىغا نەزەر سالدى – دە «راسلىنىپ تەييار بولۇڭلار، مازارى شىرىپ زىيارىتىگە بارىمىز» دەپ ئالى پەرمان قىلدى. چوڭ تۇغلار بىلەن تۆت نەپەر ئەمرى لەشكەر، قىرىق پانسەت، سەرجاڭ، لاۋۇر، توپچى قاتارلىقلار بولۇپ، ئون بەش مىڭ ئەسكەر، سەرۋاز، جانبازلار بىلەن ئاتلىنىپ، بۇزرۇك خان تۆرەمنى ھەمرا قىلىپ، تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى (قوي يىلى) ماھى بارات ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى (مىلادى 1866- يىلى 12- ئاينىڭ 16- كۈنى ياركەنتكە يېتىپ كەلدى.

ئاتالىق غازى ياركەنتە بىر كۈن تۇرۇپ، يىگىت، سەرۋازلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارغا تون- كېچەك، خەجلەيدىغان تىللا، ئات ۋە قورال- ياراقلارنى بېرىپ تەييارلاندى. جۈملىدىن، بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ نامىدا ھاجى پادىشاغا خەت يازدى. بۇ خەتتە «كاشغەر زىمىنىغا كەلگىلى ئۇزۇن بولدى. بۇ مەملىكەتلەردىكى مازارى ماشايىخلارنىڭ زىياتىرىنى ئىماكىيەتىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلدى. ئەمما ئارزۇ- ھەۋىسىم شۇكى، بابام ئىمام جەپىر سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ [173] مازارلىرىنى بىر زىيارەت قىلىپ يانسام دىگەن مۇددىئا ۋە غەرىزىم بار ئىدى. ئەگەر ھاجى پادىشا ئاغام يول بېرىپ، ئەزەن- ئىجازەت قىلسا، بۇ مازارى ماشايىخنى زىيارەت قىلغات، ھاجى پادىشا ئاغام

بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ يانسام دىگەن تەلىۋىمنى مۇبارەك قۇلاقلىرىغا ئىزھار قىلىپ، ئەرز ئىخلاسىمنى مەلۇم قىلىپ مەكتۇپ قۇلاقلىرىغا ئىزھار قىلىپ، ئەرز ئىخلاسىمنى مەلۇم قىلىپ مەكتۇپ يازدىم – ۋەسسالام» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئاتالىق غازى ھىلە- مىكىر بىلەن يېزىلغان بۇ خەتنى بۇزرۇك خان تۆرەمنىڭ ئۇلۇغ مۆھرى بىلەن مۆھۈرلەپ، ئىشەنچلىك خىزمەتچىسىنى ئەۋەتتى. كەيىندىن ئۆزىمۇ يولغا چىقىپ، ياركەنت زىمىنىنىڭ ئاخىرى ۋە خوتەن زىمىنىنىڭ باشلىنىدىغان بىر يېرىگە ئۆز چېدىر- بارگاھلىرىنى تىكتى.

ھاجى پادىشا بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، ئوغلى نەمتۇللا خاننى قونئالغۇغا لازىملىق سوغا- سالاملار بىلەن ئالدىغا چىقاردى. ئاتالىق غازىمۇ بۇلاردىن خەۋەر تېپىپ ئالدىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئىززەت- ئىكراملار بىلەن باشلاپ كېلىپ، ياخشى زىياپەتلەرنى قىلدى. ئاندىن كېيىن، ئالتۇن سەللە، تەتۇللا تون، ھەممىسى ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن قورال- جابدۇق، ئىگەر- تۇقۇم ۋە باشقا جاپدۇقلىرى تامامەن ئالتۇن، كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ئارغىماق ئات قاتارلىقلارنى ئىنئام- ئېھسان قىلىپ تارتۇقلىدى. يىگىت، مەھرەملىرىگە تون- كېچە، خەجلەيدىغان تىللا قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلىپ، «ئەلھەمدۇلىللا بۇ يەرگە كەلدىم. پادىشا زادەمنىڭ جاھان ئارا جامالىنى كۆرۈپ، كۆزۈمنى روشەن ۋە نۇرلۇق قىلىپ مۇرادىمغا يەتتى. ئەمدى ھاجى پادىشا دادامنى بىر كۆرمەسكە مۇيەسسەر بولامدىكىن دىگەن ئارزۇ- ھەۋەسنى قىلىمەن. بۇ كەمىنە كەمبەغەل خىزمەتكارلىرى پادىشا ئاتامنىڭ ئوردا ھۇزۇرىغا بېرىشقا مۇيەسسەر بولسام ۋە پادىشا ئاتامنىڭ ئاياقلىرىنى، تۇغلىرىنى ساقىلىم بىلەن سۈپۈرسەم دەيمەن. ئەگەر بۇ نادان غۇلامنى ئۆزىنىڭ كەمتەردىن غۇلام- چاكارلىرى قاتارىدا كۆرۈپ، مۇبارەك نەزەرلىرى بىلەن مەرھەمەت قىلىپ، يارلىقنامە ۋە ئالى نىشاننامە بىلەن مېھرىبانلىق كۆرسەتسىلە، بۇ قارا تۇپراق ئۈستىدىكى خار ۋە ئېتىۋاسىز بېشىمنى ئاسمان قۇتۇپتىكى فەرقەدان (شىمالى قۇتۇپ يۇلتۇزىنىڭ يېنىدىكى ئىككى يورۇق يۇلتۇزنىڭ ئورتاق نامى – ت) يۇلتۇزلىرى بىلەن تەڭ قىلغاندەك بولاتتىم. بۇ كەمىنەنىڭ ساددا كۆڭلىدە ئەنە شۇ ھەۋەسلەردىن باشقا يەنە ھېچقانداق مۇددىئا ۋە مەقسەت يوق. ئەگەر پادىشا دادام شەرەپلىك قەدەملىرىنى ئاياپ بۇ يەرگە كېلىشنى خالىمىسا، مەن ئۆزەم بېرىپ، پادىشا دادامنىڭ ئۇلۇغ ئاستانىلىرىگە يۈزۈمنى سۈرتۈپ، خىزمەتكارچىلىقىمنى جان- دىلىم بىلەن مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاپتاپ دۆلەتلىرى نۇرىنىڭ بىر قەترە شولىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ جاھان ئارا جامالى بىلەن كۆزۈمنى روشەن قىلىشىدىن باشقا تاقەت ئىلاجىم زادى قالمىدى» دىگەندەك خوشامەت گەپلەر، پىتنە سۆزلەر ۋە نەيرەڭ تەدبىرلەر بىلەن پادىشا

زادىنىڭ كۆڭلىنى ئىتائەتمەن بۇركۇتتەك ئوۋغا سالدى ۋە ھاجى پادىشانىڭ دىل ـ قەلبىنى بولسا قارارسىز ئاشقلاردەك بىئارام قىلدى. شۇنداقلا، پادىشا زادىگە ئابدۇللا ئەمىرى لەشكەر قوشۇپ، سېھىرگەردەك بىر نەچچە ئىبغىز پىتنە ـ ئەپسۇن سۆزنى قۇلاقىا ئاسقان مۇنچاقتەك بىر ـ بىرلەپ تىرزىپ بېكىتىپ، بىر پارچە پۇختا خىشنى «كالامى شېرىف» دەك قىلىپ ياساپ، ئۇنى نەچچە قەۋەت تەتۇللا، تاۋار، ئەتلەسلەر بىلەن ئوراپ، لېپاپىدەك قىلىپ تەييارلاپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئەمىرى لەشكەرگە بەردى ۋە ئۇنىڭغا «مېنىڭ ئۆچۈن ھاجى دادامنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، ئەقىدە ۋە ئىخلاسىمنى ئۇنىڭ ئۇلۇغ قۇلاقلىرىغا بىر ـ بىرلەپ مەلۇم قىلىڭ. ئەگەر ئىشەنمىسە ئۇشبۇ قۇرئانى كالامنى مېنىڭ ئۆچۈن ئىگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق ئەھدى ـ پەيمان ۋە ئانت ـ قەسەملەرنى قىلىپ، سۆز تەكتىنى مۇستەھكەملەپ، كاپالەتلىك قىلىپ، ھاجى دادامنىڭ خىزمەتلىرىدە بولۇپ باشلاپ چىقىڭ. قالغان ئەرز ئىخلاسىمنى بولسا بۇ پادىشا زادەم بىلەن قۇللىرىغا ۋاكالىتەن ئەرز ئەيلەيدۇ» دەپ يولغا سالدى.

نەمتۇللا خان زادە بىلەن ئابدۇللا ئەمىرى لەشكەر ھاجى پادىشانىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ كۆرۈشتى. زىياپەتلەر ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مەزكۇر ئەمىرى لەشكەر ئاتالىق غازىنىڭ دىگەنلىرىنى ئەسلى پەرماندەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇپ ھاجى پادىشانىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ قوۋۇشتۇرۇپ، پادىشانىڭ مۇلازىملىرى قاتارىدا ئىتائەتمەن بولۇپ، پەگادا تىك تۇردى. لېكىن، سۈت بىلەن سۇ ئارىلاشسا ئاجراتقىلى بولمىغاندەك، ھاجى پادىشا بۇ سۆزنىڭ راست ياكى يالغانلىغىنى پەرق قىلىپ ئايرىيالماي، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئوغلىدىن سورىدى.

ئوغلى پادىشا زادە بولسا بۇ پەلەك ئىقلىمىنىڭ ھىلىگەرلىكىنى كۆرمىگەن، زامانە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى تېتىمىغان ۋە توشقان ئۇيقۇسى غەپلەتتىدىن تېخىچە ئويغانمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا، مەزكۇر ئەمىرى لەشكەر ھاجى پادىشانىڭ ئاتالىق غازى ئالدىغا چىقىرىشنى ئەمىرى لەشكەر ھاجى ئاتالىق غازى ئالدىغا چىقىشنى ئوبدان دەپ بىر مەرتىۋە تەرغىپ قىلسا، مەزكۇر ياش نادان شاھزادە بۇ ئىشنى ھەر خىل تەرىپ ۋە سۈپەتلەر بىلەن مىڭ مەرتىۋە تەرغىپ قىلدى. نەتىجىدە ھاجى پادىشانىڭ نۇرلۇق پىكرى ئاتالىق غازىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا قارار تاپتى.

ئەگەر خۇداۋەندەكېرىم ئالىميان بەندىلىرىنىڭ يۈزىگە دۆلەت ئىشكلىرىنى ئاچماقنى ئىرادە ۋە تەقدىر قىلسا، ئۇ ھەر خىل بانا ۋە سەۋەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە ئىززەت بېغىشلايدىكەن. دىمەك، قۇشبېگىنىڭ تەدبىرى بۇ تەقدىرى

سۈبنهانىگە مۇۋاپىق چۈشتى. هىلە- ئەپسۇنلىرىنىڭ ئەسىراتى نەتىجە بېغىشلىدى. هاجى پادىشاغا بولسا دۆلەت ئىشىگى ئېتىلدى. زۇلمەت دەرىزىسى ئېچىلدى ۋە ئەقلى كۆزى يېپىلدى. پادىشازادە بىلەن ئەمىرى لەشكەر ئىككىسى گويىاكى تەقدىر جازاسىنىڭ قۇدرەتلىك ئىككى هايداقچىسىدەك هاجى پادىشانى جاهالەت- زۇلمەتكە ۋە هالالەت تەرەپكە هەيدىدى. شۇنداق قىلىپ، هاجى پادىشا ئۆز ئايىغى بىلەن ئاچ شىر ۋە ئۇسسىز ئارسلانغا دۇچار بولدى. بىراق، هاجى پادىشا چۈشۈم بۇزۇلغان ئىدى. غايىپ ئۆز پەردىسىدىن يەنە قانداق ئىشلارنى كۆرسىتەر دەپ ئېھتىيات قىلىپ، بىر مىڭ مەھرەم، يىگىت، ياساۋۇلنى ئېلىپ مەقسەت تەرەپكە راۋان بولدى ۋە يېتىپ كېلىپ چېدىر- بارگاهلارغا كۆزى چۈشتى. قۇشبېگىمۇ يىراقتىن كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، هاجى پادىشانىڭ ئۆزەڭگىسىگە يۈز- كۆزىنى سۈرتۈپ، ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قولغا ئېلىپ، بەزىدە چۇلۇۋۇرنى بويىنىغا سېلىپ، تۆت پانسەت تۆت تەرەپتىن يۈگۈرۈپ، بارگاه ئالدىغا كەلگەندە ئاندىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ، قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ بارگاهقا ئېلىپ كىرىپ هەدىس شېرىپتە «كىمكى بىر هاجىمنى ياكى غازاتچىنى قۇچاغلاپ بويىنىغا قول سېلىپ كۆرۈشسە، مىڭ پەيغەمبەرنى قۇچاغلاپ كۆرۈشكەندەك بولىدۇ» دىگەن پەيغەمبەرنىڭ بۇ سۆزى بويىچە، «ئۆزلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قول سېلىپ كۆرۈشۈشكە مۇمكىن بۇلارمىكىن» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تىك قاراپ تۇردى. هاجى پادىشامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇچاغلىدى. قۇشبېگى هاجى پادىشانىڭ بويىنىغا قول سالغانچە كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆيگە ئادەم تەييارلاپ قويغان ئىكەن. ئۇلار هاجى پادىشانى – دە، يىقىتتى. باغلاپ ئىگىن- ئاياقلىرىنى سالدۇرۇپ ئالدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ نىمە بولغانلىغىنى هېچكىم كۆرمىدى ۋە بىلمىدى. ئىست! ئىست! ئادەم جىنسى ۋە ئىنسان گۇرۇھىنىڭ هىلە- مىكىرلىك تەدبىرلىرىنى ئەنە شۇنىڭدىن كۆرۈپ تاماشا قىلىش كېرەك – ئەلۋەتتە.

نەزىم:

ئىنسان ئەگەر ئاچسە تەلبىسغە* ئەغىز،

بىچارە بولۇر ئىبلىس لەئىن*بي تەمىز*.

بۇ چاغدا ھاجى پادىشاغا قاراشلىق يىگىت، مەھرەملەر ئىتائەت بىلەن ئاتلىرىدىن چۈشمەي، ھاجى پادىشانى مۇھاپىزەت قىلىپ

*تەلبىس – ھىلە- مىكىر، نەيرەڭ.

*لەئىن – مەلئۇن، لەنەت.

*بى تەمىز – ئاق- قارىنى پەرق ئەتەلمەيدۇ.

ئەمىر كۆرۈپ قاراپ تۇرغان ئىكەن. ئاتالىق غازى قۇشبېگى دەرھال ھاجى پادىشانىڭ نامىدىن «مەن ئۇكام قۇشبېگى بىلەن بىر كىچە مۇڭدىشىپ بىللە قونۇپ، ئەتىلىكە يول باشلاپ شەھەرگە كىرىمەن. سىلەر خاتىرجەم بولۇپ شەھەرگە قايتىپ ھەر بىرىڭلار ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىپ تۇرۇڭلار. ئەتىلىكە نەمتۇللا خان ئالدىمىزغا چىقسۇن» دىگەن بىر پارچە خەت چىقاردى. جۈملىدىن، ئىشقا يارايدىغان ۋە بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان يىگىرىمە- ئوتتۇز نامدار باتۇرنىڭ نامىنى تىزىپ، «ئەتىلىكە بىللە ئالغاچ چىقىڭ» دەپ بىللە چىقاردى. ئەسكەرلەر بۇ خەتنى كۆرۈپ،ئەمدى شۈملۈق كەتتى، ئۇلۇغ سائادەت يۈزلەندى، مۇشتەرى (مارس – ت)يۇلتۇزى بىلەن ناھىد (ۋېنىرا – زۆھرە – ت) يۇلتۇزى بىر بۇرجىدا تەڭداش بولدى دەپ خوشال بولۇپ، ئاتلىرىدىن چۈشمەيلا شەھەرگە قاراپ چاپتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئاتالىق غازى شەھەرگە قاراپ ئاتلاندى. ئىككى پوتەي مىقدارى يەرگە بارغاندا پادىشازادە نەمتۇللا خان ئىشقا يارايدىغان يىگىرىمە- ئوتتۇزچە چوڭ ئەمىرانى ھەمرا قىلىپ ئەبدى دۆلەت ئىگىسى ئاتالىق غازىغا ئۇچراشتى. ئاتالىق غازى ئۇلار بىلەن ناھايىتى ياخشى كۆرۈشۈپ، «ھاجى پادىشا دادام كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، سىلەر بىللە بېرىپ كەلسىلە» دەپ يولغا سالدى. بىراق، ئۇنىڭ ئادەملىرىنى بىر- بىرىگە قوشماي چېدىر- بارگاھلارغا ئېلىپ كىرىپ يوق قىلدى ۋە ھاجى پادىشانىڭ غەزنە بايلىغىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن ئەزىز بېك جاللاتنى يىگىتلىرى بىلەن چاپاۋۇل قىلىپ ماڭدۇردى. بۇ شەھەرگە كىرىپ ھاجى پادىشانىڭ بالىلىرىنى بىر تەرەپكە ھەيدەپ چىقىرىپ، ئوردا ئىچى ۋە غەزنىلىرىگە ئىگە بولدى. جانابى ئالى بەدۆلەت ئىقبالى سەلتەنەت بىلەن كەينىدىن يېتىپ بېرىپ،

چېدىر- بارگاھلىرىنى تىكتى. ئاندىن ئەمىر لەشكەر، سەرچەك لاۋۇر، ياساۋۇللىرىنى بىر- بىرىنىڭ كەينىدىن قىل قۇيرۇق قىلىپ شەھەرگە كېلىپ، بەزىلىرىنى تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزدى ۋە بەزىلىرىنى نەزەربەت قىلدى.

بۇ چاغدا، ھاجى پادىشانىڭ خوتۇن- بالىلىرى، ئەسكەر ۋە پۇقرالىرى بىر- بىرىگە قاراپ «ھاجى پادىشاھىم كەلدىمۇ؟ نەدە قاپتۇ؟ نىمە ئۈچۈن شەھەرگە كىرمىگەندۇ؟ بۇ قىپچاق ئەنجانلىقلار شەھەر بىسىۋالدى، نىمە ھادىسە ۋە نىمە ۋەقەلەر بولغاندۇر؟» دەپ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمەي، ھەيران ۋە سەرگەران بولۇپ، ھاڭ قېتىپ دىڭ تۇرۇپ قالدى. بۇنىڭغىچە ئىككى كېچە- كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىنلا ئۇلار ۋەقەتنىڭ قانداقلىغىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئۇن ملىڭ ۋە ئۇن بەش ملىڭ ئادەم قورال- ياراق، چوماق- كالتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، شەھەرنىڭ تەرەپ- تەرەپلىرىدىن كىلىپ، «ھاجى پادىشاھىم قېنى؟» ، «پادىشا زادىمىز قېنى؟» دەپ، قۇشبېگىنىڭ كوچا- بازارلاردا ئۇچرىغانلار يىگىت، سەرۋازلىرىنى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ، قوغلاپ، ھەر خىل قاتتىق گەپلەرنى قىلدى. ھەتتا قەلەم بىلەن يازغىلى بولمايىغان ھاقارەت ۋە دەشناملارنى قىلدى. ھەرقانچە نەسىھەت، تەرغىباتلارنى قىلسىمۇ ئاڭلىمىدى. قۇشبېگىنىڭ ئادەملىرى بۇئالامانلارنىڭ ھاقارەتلىرىگە چىداشقا تاقىتى نائىلاج بولدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا، ھاجى پادىشانىڭ بىرمۇنچە ئادىمى كالتەك- چوماقلىرىنى كۆتۈرۈپ بارگاھقا چاپتى. شۇ ئاندا ئاتلىق غازىدىن «ئۇرۇڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار» دىگە ئالى يارلىق كەلدى. لېكىن بىرنى ئۆلتۈرسە ئونى ۋە ئوننى ئۆلتۈرسە يەنە ئوتتۇزى كېلىپ «غۇلى نىمە دەيدۇ بۇ» (بۇلار نىمە دەيدۇ – ت) دەپ تېخىمۇ ئىلگىرلەپ، ئۆلۈكلەرنى دەسسەپ ئۆتۈپ بارگاھقا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئاتالىق غازىمۇ چىداپ تۇرالماي ئاتقا مىنىپ قىرغىن قىلىشقا يارلىق قىلدى. ھەممە ئەسكەرلەر قىرغىنغا چىقىپ، چاپ- چاپ قىلىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىت، ئىشەك، مۈشۈكلىرىگىچە بولغان جانلىقلىرىنى ئۆلتۈرۈپ جانسىز قىلدى. ئەتىسى ئون مىڭدىن ئارتۇق چوماقچى ئالامانلار چوماق- تاياقلىرىنى كۆتۈرۈپ، بىردىن تۇلۇمغا ئۇزۇق تالقانلىرىنى سېلىپ، ئاغزىنى بۇغۇپ مەھكەم قىلىپ، گەدەنلىرىگە ئېسىپ قارا كالتەك بولۇپ قاشتىن كەلدى. ئاتالىق غازى بۇلارنىمۇ قىرغىن قىلىپ، ئىلگىرى ئۆلۈمگە ماڭغانلارغا قوشتى. ئاندىن كېيىن چىرەلىكلەر قىل قۇيرۇق بولۇپ، چوماق، ئۇزۇقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆيۈپ تۇرغان ئوت ئاتەشكە خۇددى پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئاتتى. بۇلارمۇ ھالاكەت مەنزىلىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ چاغدا، خوتەن تەۋەسىدە ئالتە شەھەر بار ئىدى. ھەر قايسى شەھەرنىڭ ئادەملىرى بەش ملىڭ ياكى ئون مىڭدىن

بولۇپ، بىر- بىرىدىن خەۋەرسىز خوتەنگە ئۇلاشتى. ئاتالىق غازى بۇلارنىمۇ بىر- بىرىگە قوشماي، كەتكەنلەرنىڭ كەينىدىن كەلمەس يولغا سېلىپ ۋىدالاشتى. خوتەن خەلقى «غۇلى نىمە دەيدۇ بۇ» دەپ بىر ئىشنى ئويلاپ ئاسانلىقچە ئورنىدىن قوپمايدىكەن. ئەگەر ئورنىدىن تۇرسا، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلماي قويمايدىكەن. دىمەك، بۇ قېتىم ئورنىدىن قوپماي تىنچ تۇرغانلىرى سالامەت ۋە ئامان قالدى. بۇ ئىشنى ئويلاپ ئورنىدىن قوپقانلىرى بولسا شەھەرگە كېلىپ، «هاجى پادىشاھىم، ئاھ پادىشاھىم» دەپ زار- زار يىغلاپ «پادىشاھىمىزدىن ئايرىلىپ تىرىك قالغانلىغىمىزدىن ئۆلگىنىمىز مىڭ مەرتىۋە ياخشىراق» دەپ ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە تاشلىدى. چۈنكى، خوتەن ئەھلى جان ساقلايمەن دەپ ھالاكەتتىن قاچمايدىكەن ۋە قېچىشنىمۇ لازىم كۆرۈپ راۋا تاپمايدىكەن. ئۇلارنىڭ كامانى جاھىللىغىنى ئەنە شۇ مىجەزىدىن ئۇچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

قۇشبېگىنىڭ يىگىت، سەرۋازلىرى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن چارچىدى. قوللىرى قاپاردى ۋە بۇنى ئاتالىق غازىغا ئەرز قىلدى. ئاتالىق غازى بازارغا كەلگەن خوتەنلىك قاسساپلارنى نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلىرى بىلەن بىللە مۇساپىر قاسساپلارنى نۇسرەت قىياپەتلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە پەرمان بەردى. بۇلار خەندەكلەرنىڭ لىۋىدە تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكلەرنى خەندەككە ۋە چوڭقۇر يەرلەرگە تاشلىدى. خەندەك ۋە باشقا چوڭقۇرلۇقلار جەسەت بىلەن لىقمۇ- لىق تولدى. دەرۋازىلارغا ئەمرى لەشكەر ۋە پانسەتلەر، سەرۋازلارنى قويۇپ، تۇتۇلغانلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ، سەرۋازلارغا تاپشۇردى. بۇلار ئۇلارنى بىر- بىرىدىن يېتىلەپ، ئۆلتۈردىغان يەرگە ئېلىپ ماڭدى. بارغىچە «بىر نەرسەڭ بولسا ماڭا بەرگىن، ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرەي» دىسە، بەزىلىرى بۇنى ماقۇل كۆرمەي، ئۆلۈمنى لايىق ۋە سازاۋەر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتتى. بەزىلىرى يۈز ئەقەللى بىر تەڭگىچە پۇل بېرىپ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ، جېنىنى جايلاپ، يۇرت- ۋەتىنىگە قايتتى. بەزلىرى قولۇمدا ھازىر پۇل يوق ئىدى، تېپىپ بەرسەم ياكى ئەكىلىپ بەرسەم دىسە، نەسيە قىلىپ قويۇپ بەردى. ئاتالىق غازىنىڭ ئادەملىرى تۆت ياكى بەش تاشقىچە يەرلەرگە ھەتتا تېخىمۇ يىراققا بېرىپ، تالان- تاراج قىلىپ ياندى. شۇنداق قىلىپ، بەش كېچە- كۈندۈز ئۆتۈپ كەتتى. ئۆلۈم بازىرى ناھايىتى قىزىپ كەتتى. پۇقرا- خالايىق خاراپ ۋە ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندى. پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا جانابى ئاتالىق غازى پەرمان بېرىپ قىرغىنچىلىقنى توختاتتى. تارىخ كىتاپلىرىدا «بىر تۈمەن ئادەم ھالاكەتكە يەتكەن بولسا، بىر مۇردا قولىنى ئۈستۈن كۆتۈرىدۇ، ئىككى تۈمەن ئادەم ھالاكەتكە يەتكەن بولسا، ئىككى ئۆلۈك قولىنى كۆتۈرىدۇ، ئەگەر ئون تۈمەن

ئادەم ھالەك بولسا، بىرئۆلۈك ئۆرە تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ چاغدا خوتەندە بەش ئۆلۈك قولنى كۆتەرگە ئىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا ئەللىك مىڭ ئادەم ھالاك بولغانلىغى مەلۇم. بەختى ئويغاق، دۆلتبار ۋە پەلەك ھەيۋەتلىك مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازى ئەنە شۇنداق تەدبىر ۋە ھىلە- مىكىرلەرنى قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇ خوتەننى قولىغا كىرگۈزۈشكە مۇيەسسەر بولالمايتى. چۈنكى، پۇقرا- خالايىقنىڭ ھاجى پادىشاغا بولغان ئەقىدە- ئىخلاسلىرى، ھەتتا ئەڭ يۇقىرى تەسەۋۋۇر چېكىدىنمۇ ئاشتى.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، ئاتالىق غازى بۇ قېتىمقى ئومۇمىي قىرغىنچىلىقتىن بىكار بولۇپ، ھاجى پادىشانىڭ غەزنە بايلىغىنى تىزىمغا ئېلىپ، ئالى دۆلەتخانىغا تاپشۇردى. ئۇنىڭ قورال- ياراقلىرى ناھايىتى مۇكەممەل ۋە تولۇق ئىكەن. كۈمۈش تىلا ۋە پۇلدىن باشقا يەنە ئون ئالتە قاپتەك چوڭ ۋازىغا ساپ ئالتۇن تولۇپلىغان ئىكەن. بۇنىڭدىن يىگىتلىرىگە تۈزۈك بىر نەرسە بەرمەپتىكەن. ئىسراپ بولىدۇ دەپ ئۆزى ۋە ئەھلى ئاياللىرىغىمۇ بۇ ئالدۇندىن سەرپ قىلمىغان ئىلەن. ئوتتۇز ئاي پادىشالىق قىلغان مەزگىل ئىچىدە، ھەتتا ئۆز ئاشخانىسىغىمۇ ئابائى ئەجداتلىرىدىن مىراس قالغان زىمىنلىرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئىشلەتكەن ئىكەن. كىيىم- كېچەكلىرىگىمۇ شۇنى سەرپ قىلىدىكەن. شەرئەت بويىچە يۇرتتىن كەلگەن نەرسىلەر ۋە خىتايلار ياكى بەگلەردىن ئولجا چۈشكەن مال- دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئۆز پېتى بويىچە دەپتەرگە ئېلىپ، زايا قىلماي غەزىنىدە ساقلىغان ئىكەن. جانىبى بەدۆلەت ئالىلىرى بۇنى كۆرۈپ بىلگەندىن كېيىن «مەن بۇرۇن دادام دەپ يۈرگەن ئىدىم. بۇ راستىنلا مېنىڭ دادام ئىكەن» دەپ تەبەسسۇم قىلىپ ئاپىرىن ئوقۇدى. ھاجى پادىشا بولسا بۇرۇن ئۆتكەن سۇلتانلارنىڭ قائىدە- يوللىرىنى، بولۇپمۇ ئۆمەييە خەلىپىلىگىنىڭ [174] خەلىپىسى ئۆمەر بىننى ئابۇلئەزىز خەلىپە ھەزرەتلىرىنىڭ (ئاللا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلغاي!) [175] يول ۋە رەۋىشىنى تۇتقان ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ جازا يەلپۈشلىرى چوڭ ماۋۇتتىن، نوقتا ۋە بويىندىكى پۆپۈكلىرى مەشۇت- يىپەكتىن ئىشلەنگەن، بۇ پۆپۈكلىرىگە قاتار- قاتار جەرس- قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ بېزىگەن تۆت چوڭ نار تۆگىسى بار ئىدى. بۇ زاماندا ھېچقانداق جايدا تۆگىلەرنى بۇنچىلىك بېزەپ ياسىمىغان ئىكەن. بۇ نار تۆگىلەر بارلىق تاماشىچىلارنىڭ ئەقلىنى ھەيران، كۆزلىرىنى خىرە قىلىپ قاماشتۇرغان ئىكەن. تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاتالىق غازىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئاتالىق غازى ھاجى پادىشانىڭ غەزنە بايلىغى، قورال- ياراقلىرى، ئەسۋاپ- سايمانلىرىنى بۇ تۆگىلەرگە يۈكلەپ، كاشغەر دار سەلتەنەتىگە ئېلىپ ماڭدى.

نەزىم:

شاھقا ئەگەر بولسالەر دۆلەت بەختى يار،

بولۇر پەتھى نۇسرەت شاھلارغا دۇچار.

ئاتالىق غازى ئەمىرى لەشكەر، پانسەت، ئەمىرالىرى باشلىق ھەممە يىگىت، سەرۋازلىرىغا ئىنئام- ئېھسانلارنى يەتكەنچە بېرىپ، مەمۇن قىلىپ ھاجەتتىن چىقاردى. ئاندىن خوتەندىكى شەھىدان ئىماملارنىڭ مازارلىرىغا قوي، كالا، گۆرۈچ، پۇل، تون ئەۋەتىپ، بۇ جايلارغا ئىشەنچلىك مۇلازىملارنى تەيىنلەپ، غېرىپ- بىچارىلەرگە كەڭرى نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈپ، خەتمە قۇرئان قىلدۇرۇپ ساۋابىنى ئېلىپ، ماشايىخلارنىڭ روھىغا ئاتاپ بىچارە دۇئاگۇيلارغا تون- كىيىم، پۇل- تىللا سەدىقە قىلىپ، دۇئاسىنى ئېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ياركەنتلىك نىياز ئىشكائى بېكنى خوتەنگە ھاكىم ۋە مۇستەقىل سۇيۇرغال قىلىپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى ئۆزى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلىش، مۇھىم ئىشلارنى ئۆزى خالىغانچە ھەل قىلىش، ئەمەلدارلارنى ئىختىيارى تىكلەش ۋە ئورۇندىن قالدۇرۇش قاتارلىق مۇھىم ھوقۇقلارنى تۇتقازدى. يەنە خوتەندىكى ئالتە شەھەرنىڭ قىرىق كۆنلۈك تەۋەسىگىچە بولغان جايلارنى يارلىق بويىچە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا قوشۇپ بېرىپ، ئورنىنى كۆتۈردى.

ئاتالىق غازىنىڭ نىياز ئىشكائى بېككە مۇنچىلىك ئالاھىدە مەرھەمەت ۋە مېھرىبانلىق قىلىشىدا بىرمۇنچە سەۋەپلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى، جانابى ئاتالىق غازى ئىلگىرى نىياز بېكنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ياركەنتكە كەلگەن ئىدى ۋە ھامىددىن تۆرە بىلەن ئۇرۇشۇپ، باراۋەرلىك قىلالماي قاچقان چاغدا، نىياز بېك كەينىدىن يېتىپ بېرىپ، ئىككى تاش يولغىچە ئۇزەتكىداش بىللە مېڭىپ، ئۆزرە- خالىق ئېيتىپ تەسەللى بېرىپ، نۇرغۇن سۆز ۋە مەسلىھەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇڭدىشقان ئىدى. شۇ چاغدا قۇشبېگى بۇنى كاشغەرگە بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئېتىنى سۇغارغان بولۇپ ئارقىغا يېنىپ، ئېتىغا بىر قامچا ئۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ياركەن تەرەپكە قېچىپ، ئۆزىنى بىر دالدىغا ئالدى. بۇ چاغدا قۇشبېگى ئۇنىڭ كەينىدىن ناھايىتى زور ئاپرىن ئوقۇپ، «ناھايىتى ھوشيار ئادەم ئىكەن، بىزنىڭ يۈز-

خاتىرىمىز ۋە رايىمىزنى قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن بۇ يەرگە كەلدى – دە ياركەنتتىكى بالا- چاقىلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ ياندى. قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن» دەپ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، ياركەنتتىكى ئىسھاق خوجام تۇڭگانلار بىلەن توققۇز مىڭ چېرىك چىقىرىپ كېچىلىك ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، نىياز بېك مەخپى ئادەم ئەۋەتىپ «بۇ كېچە نۇرغۇن چېرىك چىقىدۇ. تەدبىر ۋە مەسلىھەتتە بولغايلا، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ» دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدى. سەگەك تۇخۇدەك زېرەك قۇشبېگى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، ئامالىنى قىلىپ مەقسەتكە يەتكەن ئىدى. بۇ ۋەقەلەر ئاۋالقى داستاندا زىكرى قىلىندى. يەنە بىر، نىياز بېك بىلەن ئاتالىق غازى ئۇسۇل- تەدبىردە، ئىش- كەسپتە ۋە ھىلىگەرلىكتە ھەمساۋاق ئىدى. ئۇلار بى ھەرپلىك، ئوخشاش قاپىيىلىك، ھەتتا يۈلتۇزلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر بۇرجىدا كۆرۈنگەن، بەخت- تەلەيلىرى باراۋەرلىكتە بىر خانىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. شۇڭلاشقا، ئاتالىق غازى ئۇنىڭغا خوتەندەك ئالتە شەھەرنى قىرىق كۇنلۇك تەۋەسى بىلەن قوشۇپ، پۈتۈنلەي مەرھەمەت قىلدى. ئۇ بىرەر قېتىممۇ خوتەننىڭ زىيان- زەخەتلىرى قانداق بولغاندۇر دەپ ئاغزىغا ئالمىدى، ھەتتا ئويلاپمۇ قويمىدى. نىياز بېك بولسا ھەرقانداق ئىشنى ئۆزى خالىغانچە قىلالايتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاتالىق غازىغا بولغان نىيىتى زادىلا راست ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ئاتالىق غازىنىڭ قۇتۇلماس ۋەقەگە دۇچار بولۇشىغا دەل مۇشۇ نىيىتى يامان نىياز بېك سەۋەپ بولدى. شۇ ۋەقە ئىنشائالللا كېيىن چىكىر تاپقۇسىدۇر.

شۇنداق قىلىپ، ئاتالىق غازى نىيىتى بۇزۇق نىياز بېككە خوتەننى ئۇچچە تاپشۇردى. خالمان پانسەتنى ئەمىرى لەشكەر، ھاجى تۇراپنى قازى ئەسكەر قىلىپ، يارلىق- مەنسۇر بىلەن مېھرىبانلىق قىلدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئەمىرى لەشكەرنى بوشاتتى ۋە قازى ئەسكەرنىمۇ بوشىتىپ، ئۇنى جەۋرى- زۇلۇم ۋە زەھەرلىك قىيىن- قىستاقلار بىلەن ئازاپلىدى. تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئۈچىنچى يىلى ماھى شەۋۋال ئېيىنىڭ يىگىرمىنە سەككىزىنچى كۈنى (مىلادى 1867- يىل 3- ئاينىڭ 5- كۈنى – ت) ئاتالىق غازى دۆلەت ئەركانى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن دار سەلتەنەتكە ياندى. تۆت مەنزىل قالغاندا ئەزىز بېك جالالتنى تۇتۇپ يوق قىلدى. چۈنكى، ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن خوتەن شەھىرىگە كىرىپ، ھاجى پادىشانىڭ غەزىنىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويۇلغان ئىدى. لېكىن، ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەققىدىن ئىككى يۈز يامبۇغا خىيانەت قىلغان ئىكەن. گۇناسىنى بويىنىغا ئارتتى. ئۇ يەنە بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاتالىق غازىغا نىيىتىنى بۇزۇپ، بۇزرۇك خان تۆرەمگە يېقىنلىق قىلغان ئىكەن. بۇ ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بۇنى «جاللات»

دەپ ئاتاشتىكى سەۋەپ شۇكى، ۋەلىخان تۆرەم ئىلگىرى كاشغەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا جاللات بولۇپ خىزمەت قىلغان ئىكەن. ئەسلىدە بولسا پىڭى ھىسارلىق ئادەم ئىكەن. بۇ تۇزبەرگەن نىيىتىنى بۇزۇپ خىيانەت قىلدى – دە، جازاسىنى تاپتى. ھەر قانداق ئادەم بۇ ئالەم زىرائەتگاھىغا ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئۇرۇغىنى چاچسا، ئۇ ھامان بۇ بىباقى ئالەمدە ئۇنىڭ ھوسۇلىنى كۆرمەي، لەززىتىنى تېتىماي تۇرۇپ، ئۇ ئاخىرەت ئالىمگە كەتمەيدۇ. ئىلاھىم ئۇ ئۇلۇغلۇغۇڭ بىلەن ھەممە بەندىلىرىڭنى راست يولغا باشلاپ، ئەگرى - توقاي يوللاردىن ساقلاپ، ئادىللىق ۋە راستلىق دەرىجە- مەرتىۋەڭ بىلەن ھەممىنى ئۆز ئادالەت سايەڭدە ساقلىغايسەن – ئامىن!

# 5

# ھاجى پادىشا ئەئنى موللا ھەبىبۇللا خاننىڭ ياخشى ئەزىلەتلىرى، سەلتەنەت - دۆلەت ھۆكۈمرانلىغى ئەھۋاللىرىنىڭ قىسقىچە بايانى

ئۆلەپتداش يارەنلەر، ھەمسۆھبەت بۇرادەرلەرنىڭ قىممەتلىك زېھنلىرىدىن يوشۇرۇن ۋە بىخاتىر قالمىغايكى، قىسسە ۋە ھىكايىلەرگە قارىغاندا، ھاجى پادىشا ئەڭ بۇرۇن مۇفتى ئىكەن ۋە ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇلۇغ شەرىئەت خىزمەتلىرىدە ئەمەلدار بولۇپ، شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇلۇغ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى جارى ۋە ئىجرا قىلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ ناھايىتى پەتىۋاچى، دىندار ۋە پەرز ئىشلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە تاھارەتسىز يەرگە قەدەم قويمىغان، مەيلى بىر يەردە تۇردۇن ياكى سەپەردە بولسۇن، ناماز تەھەججۇدنى (كېچىسى ئوقۇيدىغان ناماز – ت) تەرك قىلمىغان، يېرىم كېچىدىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا بارمايدىغان ئادەم ئىدى. ئەجاتلىرىدىن مىراس قالغان زېمىننىڭ بىر پارچىسىغا ئۆزى ئىشلەپ كەتمەن چېپىپ، قوشنى ئۆزى ھەيدەپ، ئومنى ئۆزى ئورۇپ، ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ، پىشانىسىدىن تەر تۆكۈپ، بىر پارچە نان بولسىمۇ ھالال يەيمەن دەپ ھەرىكەت قىلاتتى. يەردىن چىققان ھوسلنى ئۆزى يەپ، ئۆزى ئىچىپ، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقاتتى. ئەمەلدار بېكلەر ۋە ئاخۇنلار، ھەتتا ھەر قايسى مۇسۇلماننىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇلارنىڭ ئاش، چايلىرنى، نان-

توقاچلىرىنى يىمەيدىكەن ۋە ئىچمەيدىكەن. بىر ئادىمگە چايجۇستا چاي كۆتەرتىپ، بارغان جايدا ئۆز چىينى ئىچىپ، دۇئا قىلىپ ياندىكەن.

بۇ زاماندا مۇفتى ھەبىبۇللاخان بىر ئىش بىلەن ئاقسۇغا كېلىپ، بېك، ئاخۇنلارنىڭ ئۆيىگە پەتىگە بېرىپتۇ ۋە بۇ جايلاردا ئۆزى چايجۇشتا ئېلىپ بارغان چىينى ئىچىپ، دۇئا قىلىپ يېنىپتۇ. بۇ چاغدا ئاقسۇدا ئىشانجان ھەزرىتىمگە خەلىپە بولۇپ، سەججادە نەشىنلىكتە (تەرىقەتچىلەرنىڭ سەجدىسىگە باشلامچىلىق قىلىدىغان ـ ت) تۇرغان ھادى خەلىپە دىگەن ئاقسۇلۇق بىر پىشۋا تەرىقەت ئۇستازى بار ئىكەن. مۇفتى بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇنىڭ چىينى ئىچمەي، ئۆز چىينى ئىچىپ يېنىپتۇ. بەزىلەر «ھادى خەلىپىمۇ دىندار، پەرزگار ئادەم تۇرسا، نىمە سەۋەپتىن ئۇنىڭ چىينى ئىچمىدىلە» دەپ سورىسا ئۇ «ھەقىقەتەن دىندار ۋە ئىقتىدارلىق ئادەم ئىكەن. لېكىن، ئۆزى ئەمگەك قىلىپ، پىشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ ھوسۇل ئېلىپ يىمەيدىكەن، نەزىر ياكى ئۆشرە ـ زاكات دەپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئاشخانىسىغا سەرىپ قىلىدىكەن. كىشىنىڭ نەزىرىگە كۆز تۇتقان ئادەم ئەلۋەتتە تامادىن خالى ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىمۇ زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئادەم ئىكەن. زاكات بېرىشكە تېگىشلىك ئادەمنىڭ زاكات يىگەنلىگى شەرىئەتتە ھالال ئەمەس. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭ چىينى ئىچمەي، ئۆز چىيىمنى ئىچىپ ياندىم» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ھەممە ئادەم ماختاپ، ئاپىرىن ئوقۇپتۇ . لېكىن، بۇ زات ئۆز پىشانە تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئۆشرە ـ زاكاتنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئادا قىلىدىغان دېھقان ئەشرەپلىرىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇلارنىڭ ئاش ـ تاماق، نان ـ توقاچلىرىنى توختىماي يەيدىكەن.

مۇفتى ھەبىبۇللا مۇفتىلىق ئەمەلدىن بىكار بولۇپ، ھەرەمەين شېرىپكە زىيارەتكە باردى ۋە مەددە مۇكەررەمە بىلەن مەدىنەئى مۇنەۋۋەرەئىككى ھەرەمدە يەتتە يىل مىقدارى ئىستىقامەت قىلىپ، مۇجاۋۇرلۇق دەرىجىسىگە ئېرىشىپ، مەككە مۇئەزەمە ۋە مەدىنەئى مۇنەۋۋەرنىڭ دۆلەتلىرىنى ھاسىل قىلدى. مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپ ئۆز ۋەتەن ئەسلىگە قايتىپ كەلدى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە، كۇچار خوجىلىرى ئىسلام ئېچىپ، جامدا بولغان جەڭدە خاقانى ئەھلىگە باراۋەرلىك قىلالماي جىنىنى جايلاپ قاچقان كۈنلەردە، خوتەن ھاكىمى ئەلشىرە ھاكىم بېك مەرھۇمنىڭ ئوغلى تۆمۈر غەزىنچى بايغا ھاكىم ئىدى. بۇ چاغدا، تۆمۈر غەزىنچى ئاقسۇ تەۋەسىدە ئۇچ ـ تۆت كۈن مەخپى تۇرۇپ، ۋەقەنى كۆزىتىپ خوتەنگە باردى. خوتەن ئامبانى بۇ جايدىكى ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتىنى سوراپ خەۋەردار بولۇپ تۇرغاندا،

خوتەن ئەھلىمۇ كۈچار ۋەقەسىدىن خەۋەردار بولۇپ، داغدۇغا بىلەن ئىسلام ئېچىپ، خىتايلارنى يوق قىلماقچى بولۇپتۇ. يۇرت پۇقرالىرى كىمنى باشلىق قىلىمىز دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ، ئاخىرى مەسلىھەتلىرى مۇفتى ھەبىبۇللاخان ھاجىغا توختاپتۇ. ھەممىسى بىر ئىتتىپاق ۋە بىر نىيەت بىلەن بۇرۇن ئۆتكەن پادىشالارنىڭ قائىدە ـ رەسمىيەتلىرى بويىچە ھاجى ھەبىبۇللاخاننى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە پادىشا قىلىپتۇ. ئاندىن كاپىرلارغا قول سېلىپ، مەيلى خىتاي ياكى تۇڭگانى بولسۇن ـ ھەممىسنى يەر بىلەن يەكسان ۋە قىرغىن قىلىپتۇ. ھەتتا نارسىدە باللىرىغىچە ئۆلتۈرۈپ، تەختى سەلتەنەتكە چىقىپ ھۆكۈمرانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇقراپەرۋەرلىك مەئىشەتلىرىدە مول سەپەرلەرنى قىلغان ئىكەن.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە، كۇچارلىق نەزەردىن شەيخ خوجا ياركەنتتىن ھاجى غەزنچى بىلەن دىگەننى باش قىلىپ، مۇسۇلمان ۋە تۇڭگانلاردىن ئۈچ مىڭ ئەسكەرنى ھاجىغا پادىشا ئۈستىگە ئەۋەتىپ، ناملايىم ئەسكى سۆزلەرنى تىزىپ خەت ئەۋەتتى. بۇ ئەھۋال ھاجى پادىشانىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كېلىپ، ئوغلى ئاغۇراخمان سۇدۇرنى باش قىلىپ، بىرمۇنچە ئەسكەر بىلەن ئالدىغا ئەۋەتتى. ئارىدا جەڭ ـ قاتاللار يۈز بېرىپ، كۇچار لەشكەرلىرى شىكەست يەپ كەينىگە قاچتى ۋە كۆپ ئادىمىدىن ئايرىلدى. سۇدۇرخانغا ئوق تېگىپ ئالدەمدىن كەتتى. گەرچە بۇ ئەھۋال يۈز بەرسىمۇ، ھاجى ھەبىبۇللا خان يەنىلا كامالى ئىنساپ بىلەن «بىزنىڭ ئىسلامى شېرىپ ۋە ئەززەمنى دۆلەتكە مۇيەسسەر بولۇشمىزغ يەنىلا كۇچارلىق خوجاملار سەۋەپ بولدى. مۇبادا بۇلار ئىسلام ئاچمىغان بولسا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلارنى قىلىشقا ھەددىمىز يوق ئىدى. يەنە بىرى شۇكى، ئۇلار خاقانى چىنىنىڭ بىر سۆزلۈك ۋە بىر قۇلۇق ئوبدان ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ياما ئادەملىرى، يەنى تۇڭگانلار بىلەن شېرىك ۋە ئىتتىپاق بولۇپ يۇرت سوراپتۇ. بۇ ۋەجىدىن ئۇلارغا ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلمىغان كىم دىگەن بىر مۇنچە ماقول سۆزنى خەتكە يېزىپ، كۆڭلىدە مايىل بولۇپ، ئەھمەت مۇراپ بېكنى باش قىلىپ، لايىق سوغا ـ سالاملارنى راسلاپ، ئۆزىنىڭ ئىتائەت قىلىپ، پەرمانلىرىغا بويى سۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، راشىدىن خان خوجامغا ئەللىك نەچچە كىشلىك ئەلچى ئەۋەتتى. لېكىن، خان خوجام بۇلارنى قوبۇل قىلمىدى. بۇ ۋەقە ئاۋالقى داستاندا زىكىر قىلىندى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، مۇفتى ھەبىبۇللاخان قوقەنت دار سەلتەنەتىدىن مەدەت ۋە ياردەم تىلەپ، بەلكى ئىتائەتلىرىگە كىرمەك بولۇپ، ئوغلى ئابدۇراخمان خاننى ئەۋەتكەن ئىدى. پادىشا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر نەچچە كۈن

تۇرغۇزۇپ، زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭغا سۇدۇرلۇق مەنسۇۋنى بېرىپ، ئات، ياراق، تون- كېچەكلەرنى بېرىپ ئۇلۇغلىدى. ئادەملەرگىمۇ تون- كېچەك، تەڭگە- تىللا قاتارلىقلارنى ئاتا ئەيلەپ مېھرىۋانچىلىق كۆرسەتتى. ھاجى پادىشادىمۇ ئۆز لايىقىدا تون- كېچەك، كۇلا، قورال- ياراق قاتارلىق سوغات تەۋەررۇكلەرنى ئەۋەتتى. نار مۇھەممەت پەرۋانىچىنى ئەمرى بېشى قىلىپ، ئەللىك يىگىت مۇكەممەللەر بىلەن سۇدۇرخانىغا قوشتى. بۇلار كاشغەرگە كەلسە، مۇھەممەت ياقۇپ بېك قۇشبېگى ھامىددىن تۆرە بىلەن ياركەنتتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىكەن. بۇلار قۇشبېگى بىلەن ياركەنتتە كۆرۈشتى. قۇشبېگى نار مۇھەممەت پەرۋانىچىنى يىگىتلىرى بىلەن ۋە مىرزا بابا بېكنىڭ ئادىمى بىلەن يېنىدا قالدۇرۇپ، مىرزا بابا بېكنى پەقەت ئىككىلا ئادىمى بىلەن سۇدۇرخانىغا قوشۇپ، يارلىق ۋە قورال- ياراق قاتارلىق سوغا- سالاملار بىلەن خوتەنگە ماڭدۇردى. ھاجى پادىشا مىرزا بابا بېككە مۇناسىپ جاي- ماكان تەيىنلەپ، ھەر كۈنلۈكىگە تەمىنات توختىتىپ، ئىززەت- ئىكراملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئوبدان يەردىن ئۆيلەندۈرۈپ، ئۆزىگە ئۈلپەتداش ۋە سۆھبەتداش قىلدى.

ھاجى پادىشا قەدىمقى خىتاي شەھرىنى «ئەسكەر خانا» دەپ ئاتاپ، كاتتا بىنا سالدۇردى. مىچىت، جامە ۋە خانقا بىنا قىلدۇردى. خوتەن ئەھلىنىڭ شەھەر ۋە سەھرادىكى چوڭ- كىچىك ئەر- خوتۇنلارغا شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تەلىم بېرىپ، شەرىئەت قائىدىلىرىنى جارى قىلدى. ئون ئادەمگە بىر خەلپەت بېكىتىپ، مۇسۇلمانچىلىق بويىچە سۇبھان ئاللانىڭ بىرلىك سۈپىتى ۋە يول- تەرىقەتلىرىنى، توقسان توققۇز پەرز ناماز، تورا، ئۆشرە- زاكات، ھەج، ئىلمى ھەيز (ئاياللاردىن ئادەت كېلىشنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم – ت) قاتارلىق زۆرۈر مەسىلىلەردىن ھەممە كىشىگە تەلىم بېرىپ، يادى ئالدۇرۇپ ئوقۇتۇپ، يامانىدىن ساقلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئەر- خوتۇن خۇددى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاش ساۋاق ئېلىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ئۆگىنىپ تەكرارلايتى. ھەر جۈمە كۈنى چوڭ مىچىتكە ئۆزىنى جوۋدا كۆتەرتىپ باراتتى. نامازغا تۇرغاندا ئۇنىڭ كەينى- يانلىرىدا ئالتىدىن ئون ئىككى ئادەم چوڭ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، خۇددى ھازىرلا بىر چاپىدىغان قىياپەتتە بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن ئۆرە تۇراتتى. نامازدا رۇكۇ- سۇجۇت قىلماس ئىدى. بەلكى ئىما- ئىشارەت بىلەن ئوقۇسا كېرەك. چۈنكى، نامازغا كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە بىرەر دۈشمەننىڭ قەستلەپ، زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن ئېھتىيات قىلسا كېرەك. مۇشۇنداق ئېھتىيات قىلىدىغان بىر پادىشا قازا ۋە تەقدىر يەتكەندە، ياقۇپ بېك غازىنىڭ

بارگاھىغا ئۆز پۈتى بىلەن قەدەم دەسسەپ بىرىپ، نىمە بالايى ئاپەتلەرگە دۇچار بولمىدى؟ بۇ ۋەقە يۇقىرىدا زىكرى قىلىندى. ھاجى پادىشا خوتەننى گويا مىسىر [176] دەپ بىلدى. ئىككى رەكەت جۇمەنى ئوقۇدى – دە، ئېھتىيات ئۈچۈن نامازنىڭ پىشىن ۋە سۈننەتلىرىنى ئوقۇتمىدى.

ھاجى پادىشا يەنە خوتەندە بىر مىستەقىللىق شەرئى ئاق تەڭگە سوقتۇردى. ئۇنىڭ بىر يۈزىگە «لائىلاھە ئىللا للا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» (ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەت بولسا ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر – ت) دەپ، يەنە بىر يۈزىگە «زەربى خوتەن لەيىق» (گۈزەل خوتەندە سوقتۇرۇلدى – ت) دىگەن خەتلەرنى ئويدۇردى. ئۆزىنىڭ مۆھۈرىگە «ھۇۋەلھەببۇللەزى تۇرجا سىغائەتھۇ» (پەيغەمبەر بولسا ئاللانىڭ ھەبىب ـ دوستى، ئۇنىڭدىن شىپائەت ئۈمىت قىلىندۇ – ت) دىگەن سۆزنى نەقىش قىلدۇرۇپ ئويدۇرغان ئىدى. ھاجى پادىشا ھەببۇللاخان ئەگەر ئوغرى، قىمارۋازلارنى تاپسا، ھايال قىلماي دەرھال ئۆلتۈرەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر ئادەم سەھرادا ئېتىزلىقتىن بىر كەتمەن ئوغرىلىغان ئىكەن، ئۇ ئىقرار قىلغاندىن كىيىن بىر چوڭ توپىنى يەرگە كۆمۈپ، ئاغزىنى ئۈستۈن قىلىپ، دورا سىلىپ پۇختا بىكىتىپ، مەزكۇر ئوغرىنى توپىنىڭ ئاغزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، دورىغا ئوت تۇتۇشتۇرۇپتۇ. دورا ئوغرىنىڭ بەدىنىنى تۆت پارچە قىلى ھاۋاغا كۆتۈرۈپتۇ – دە، خالايىقنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولۇپ، يەنە يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇ ئىشنى شۇ كۈنى جۇمە نامىزىدىن كىيىن قىلغان ئىكەن. توپ ـ توپ بولۇپ تۇرغان خالايىق بۇنى كۆرۈپ، يۈرەكلىرى ئورنىدىن قوزغىلىپ، لەرزىگە كىلىپ تىترەپتۇ. يەنە بىر ئادەم سەھرادا قوناقلىقتىن ئالتە باش چۈرۈش قوناقنى ئۈزۈپ ئالغان ئىكەن. ئۇنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، سوراق قىلىپ، ئىقرار قىلدۇرۇپ دارغا ئاسقان ئىكەن. ئومۇمەن، سەللا گۇنا ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ خۇنىنى تۆكۈپ ئىبرەت قىلاتتى. ئۇنىڭ قەھرى سىياستى ناھايتى چېكىگە يەتكەن ئىدى. ھاجى پادىشا ناھايتى قېرى ئادەم بولۇپ، ئاغزىدا چىشى قالمىغان ئىدى. ئەگەر ئۇ لىۋىنى چىشلىسە، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇت خامىنىنى كۆككە سورۇلاتتى. سەھرادا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئادەملەر كەتمەن، ئورغاقلىرى ۋە باشقا ئەسۋاپلىرىنى دېھقانچىلىق قىلىدىغان قىشلاقلاردا تاشلاپ، ئۆزىنى ئۆيىگە كىلىپ قونۇپ، ئەتىسى بىرىپ ئىشنى قىلسۇن، ئىشىك ـ دەرۋازا ۋە دۇكانلىرىنى ئۈچۈق قويۇپ ياتسۇن دەپ يارلىق قىلىپ، قەھرى سىياتىنى ئەۋجىگە چىقاردى. ئەگەر تەپسىلي بايان قىلىنسا، ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا مالالىق بولغۇسىدۇرۇ.

خوتەن ئەھلىگە ھادىسىلەر يۈز كەلتۈرۈشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ھاجى پادىشانىڭ چۈشى بۇزۇلۇپ ئەندىشە

قىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ سالامدىن كېيىن ئۆلىمالار، مۆتىۋەرلەر، پازىللار ۋە مۇئەببىرلەرنى (چۈش ئۆرىگۈچىلەرنى – ت) ھازىلاپ، كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىپ «مەن ئۇيقۇدا، خوتەن ئەھلىنىڭ تەنلىرى بار، باشلىرى يوق چۈش كۆرۈپتىمەن. بۇ چۈشنىڭ تەدبىرى نىمە؟» دەپ سوراپتۇ. ھەممە كىشى ھەيران بولۇپ، تەپەككۇر قىلىپ، بىر نەرسە ئېيتالماي تۇرغاندا، ھاجى پادىشانىڭ ئۆزى «بۇ چۈشنىڭ تەبىرى بەلكى خوتەن ئەتراپىدىكى بارلىق مۇلىك ۋە مۇئىسىز دەرەخلەرنى ئادەم بويى مىقدار قىلىپ كېسىپ باش ياسالسۇن دىگەنلىك بولسا كېرەك» دەپ تەدبىر بەردى. ھەممە ئۆلىما ۋە پازىللار تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇڭلاشقا، خوتەن ئەتراپىدىكى ھەممە مۇلىك ۋە مۇئىسىز دەرەخلەرنى ئادەم بويى مىقدارى قويۇپ، باشتەك قىلىپ كېسىلگەن ئىكەن. بۇنداق تەدبىر ۋە تەدبىر تەقدىر سۇبھان ئاللاغا مۇۋاپىق چۈشمىدى. ئاقىۋە ھاجى پادىشانىڭ بېشىغا ۋە پۇقرالارنىڭ كاللىسىغا تەقدىرىن قازا ۋە ھادىسىلەر يۈز بەردى. بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

ھاجى پادىشا گەرچە ئاتا- بوۋىلىرىدىن تارتىپ، بولۇپمۇ ئۆزى دەرۋىشلىكنى كەسپ قىلىپ، دىندار دىگەن ئاتاق بىلەن ھەممىگە پىشىۋا ۋە يولباشچى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇرتدارلىق ئىشلىرى ۋە سىپاۋەرلىكنىڭ نازۇك ئىلمى ھىكمەتلىرىدىن بىخەۋەر ئىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، دەرۋىشلىك بىلەن سىپاۋەرلىك بىر- بىرىگە ماسلاشمايتى. ئەگەر ئۇ بۇرۇندىنلا بىرەر ئالى پادىشانىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، سىپاۋەرلىك ئىلىملىرىنى كەسپ قىلىپ، مەرتىۋىلىك ئورۇن پەيدا قىلىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغان بولسا ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە بۇ ھادىسىلەردىن ساقلىنىشقا بىرەر چارە ياكى تەدبىر قوللانغان بولاتتى. شۇڭلاشقا، تارىخ كىتاپلىرىدا يېزىلغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇرۇنقىلار ئەزەلدىن بۇيان، ئاتا- بوۋىلىرىدىن بۇيان ئۇلۇغ بولۇپ، ئورۇن- مەرتىۋە بىلەن يۇرتدارلىق ھۆكۈمرانلىقنى قىلىپ كەلگەن ئادەملەرنى ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنى تېپىپ تەختى سەلتەنەتتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا ئىنايەت ۋە بەيئەت قىلىپ كەلگەن ئىكەن. بۇلارنىڭ قەدەم شېرىپلىرى بەركىتىدىن پۇقرالارغا تىنچلىق ۋە يۇرتقا جامائەت- ئىتتىپاقلىق ھاسىل بولۇپ، دۆلەت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇزۇن ۋە مەڭگۈ بولۇشىغا سەۋەپ بولىدىكەن. ھەتتا زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۇزۇن مۇددەت يوقسۇزلۇق كوچىسىغا كىرىپ، يەنە دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئۈستىگە چىقىپ، يۇرتدارلىق ئىشىنى ئالى دەرىجىگىمۇ كۆتەرمەي، تۆۋە دەرىجىگىمۇ چۈشۈرمەي، پەقەت ئوتتۇرا مۇقام بىلەنلا تۇتۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنىڭ چارىسىنى تاپلىسىلا، پۇقراپەرۋەرلىكنى نەق ئۆزىنىڭ جاي ۋە مەركىزىدە قىلالىغان

بولىسمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆز ئەجدادىنىڭ ئەسلى يولىنى تېپىپ كېتەلەيدىكەن. ھۆكۈمالارنىڭ «ھەممە مەقام ئۈچۈن بىر ماقال ۋە ھەممە ئەمەل ئۈچۈن بىر ئەركېرەك» دىگەن سۆزلىرى بۇ تايىپەلەرنىڭ شەنىگە مۇۋاپىق ۋە ماس كېلىدۇ. يەنە ماشايىخلارنىڭ «ئوۋ ئوۋلىسا، قەدىمقى ئوۋچى بىلەن» دىگەن مەسەللىرى بار. كىچىك باللارمۇ ئۆز ئويۇنلىرىدا «ئاتاڭ نىمچى» دەپ سورىسا «ئاتام تۆمۈرچى» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ ۋە شۇ چاغدا يەنە بىرى « بېرىپ تۆمۈرچىلىك قىل» دەيدۇ. ئەگەر «ئاتام دېھقان» دىسە «بېرىپ دېھقانچىلىقىڭنى قىل» دەپ ئويىنايدۇ. بۇ گەپلەر زادى بىكار سۆز ئەمەس.

نەزىم:

ئاتا قىلماقنى قالماق لازىم ئېرمىش،

خۇدايىم رىزقىنى ئىبەرمىش.

دىمەك، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەر قانداق ئادەم ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ كەسپ، ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىپ ۋە لايىق كۆرۈپ، خۇداۋەندەكېرىم ئاتا قىلىپ بەرگەن نازۇ- نېئمەتلەتگە شۈكۈر قىلىپ، ئۆز مەرتىۋە ۋە مەقاملىرىدىن زىيادە، ئۆلچەملىرىدىن ئارتۇق ئىشلارغا قەدەم قويۇش ياكى كۆچەشكە ئورنۇشتىن تامامەن ئېھتىيات قىلىشى، ئاللانىڭ پەرز سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشى لازىم. ئەگەرئۆز دەرىجۋە مەرتىۋىسىدىن ئۈستۈن قەدەم قويۇپ، بۇرۇنقى ھالەتلىرىنى ئۇنۇتسا، ئۇنداق ئادەمگە ھاجى پادىشانىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر كېلىدۇ.

نەزىم:

ئۆرگەنەي دەپ قارغا كەكلىك ماڭىشىن،

ئۆرگەنئەلمەي ئۇنۇتتى ئۆز ماڭىشىن،

هاجى پادىشانىڭ بۇرۇنقى ئاتا- بوۋىلىرىدىن داۋام قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان دەرۋىشلىك دەرۋىشلىك سۈپەت رەۋىشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن كەتمەس دۆلەت ۋە تۈگىمەس راھەت ئىدى. ئۇ ئۆز قەدىر- قىممىتىنى بىلمىدى- دە، ئۆتكە ئۆمرى ۋە ئەۋلاتلىرىغا پۇشايمان قىلدى. ھەتتا ئار- نومۇس قىلدى. لېكىن ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىدى. كېيىنكى پادىشالىق بولسا بىۋاپا ئىدى. بۇنى ئۆز قامەت ۋە ئىستەكلىرىگە الىق ۋە مۇۋاپىق كۆرۈپ سۆيۈندى ۋە كەتمەس دۆلەتكە ئۇلاندىم دەپ مەغرۇرلىنىپ ئالداندى. ئۇنىڭ ئەھلى ئاياللىرى، چوڭ- كىچىك، ياش- قېرىلار، قەۋمى- قېرىنداشلار، ھەتتا پۇل، جان باشلار، ئومۇمەن خوتەن ئالتە شەھەر، قاراقاشلارغىچە بولغان پادىشالىغى چوڭ بالايى- ئاپەت، ھۆكۈمرانلىغى ئازاپ ۋە ئەلەم ئاقىۋەت بولدى. ھەممىسىنىڭ جان ماللىرى، يامان نىيەتلىك قەھرى غارىغا دۇچار بولۇپ، يوق بولۇپ كەتتى.

نەزىم:

دۆلەت يىلدامىغا يوقتۇر باقا،

ئات، زەن، شەمشەرگە يوقتۇر، ۋاپا.

ۋەسسالام



جانابى بەدۆلەت ئاتالىق غازىنىڭ ئاقسۇ، كۇچارنى ئېلىشنى مەقسەت ۋە نىيەت قىلىپ ئات چاپتۇرغىنى ۋە بىر ھۇجۇمدا نەچچە شەھەرنىڭ پەتھى نامايەت ۋە ھۆۋەيدا بولۇپ

# قولغا كىرىشى، ئۇنىڭ مۇرات باغچىلىرىدىن غۇنچىلارنى ئۈزۈپ، مەقسەت-مۇددىئالىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ،ئۆز مۇقەررەر گاھىغا قايتىشى، بۇ ئارلىقتا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق ۋەقەلىرى قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ بايانى

ئەقلى زېرەك دوستلار ۋە سادىق قۇللۇق بۇرادەرلەرنىڭ دىل قاينامىلىرىغا يېتىپ روشەن ۋە ئۇچۇق بولغايكى، شۇنداق رىۋايەت قىسسە ھىكايىلەرگە قارىغاندا، جانابى بەدۆلەت ئالىلىرى خوتەن، ياركەنت، ماراۋېشى، يېڭى ھىسار قاتارلىق جايلارنى ئۆز تەۋەسى بىلەن بىر سۈندۈرۈپ، خوتەننى نىياز ئىشكائى ئاغا بېككە، ياركەنتنى مۇھەممەت يۇنۇسخان شاغاۋۇلغا، كاشغەرنى ئالاش بىيگە، يېڭى ھىسارنى كاملخان تۆرەمگە، ماۋالۋېشنى ھېكىم خان تۆرەمگە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا ھۆقۇقلۇق سۇيۇرغال قىلىپ تەيىنلەپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، يىگىت،سەرۋازلار ھەرىكەت تەرەددۇتى، قورال- ياراق تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن بولدى. بۇ خوشال ئىنتىزارلىق چاغلاردا، ئۇچتۇرپاندىن بىر قانچە ئادەم كۇچارلىق خوجاملارنىڭ ئەمىر- ئىتائەتلىرىدىن چىقىپ، ئاتالىق غازىنىڭ ھىمايەتلىرىگە كىرىپ، ئاقسۇ تەرەپكە ئاتلانماقتا تەرغىپ قىلىپ ھەرىكەت باشلىدى. ئاقسۇدىن ئابدۇراخمان دادخۋا، ئابدۇللا دىۋان بېگى قاتارلىقلارنىڭ تەكلىپ بىلەن يازغان ئەرز خەتلىرى ئاتالىق غازىغا يەتتى. كۇچارلىق توختى ئىشك ئاغا بېكمۇ بۇ شەھەرلەرنى مەن ئېلىپ بېرىمەن دەپ ھۆددە قىلىپ ئەرز تۇتتى. كۇچارلىق خوجاملار بۇنداق شاتلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك قارىمۇ- قارشىلىقتا يۈزلەندى. بۇنداق شاتلىق خەۋەرلىرى ئاتالىق غازىنىڭ سائادەتلىك قۇلاقلىرىغا يەتتى. كۆڭۈل ئەينەكلىرىدە باشقىدىن قوزغىلىشقا باشلىدى.

ئەنە شۇنداق ھالەتتە جانابى بەدۆلەت ئالىلىرى ئۆزىگە خاس مەھرەم، ياساۋۇل، پانسەتلەر بولۇپ ئۈچ مىڭ نەپەر يىگىت، سەرۋاز، جانباز داقا- دۇمباقچىلار، ئەلەم، بايراق، كاناي- سۇنايچىلار، توپ، جەزائىل زەمبىرەكچىلەر، ئۆمەر قۇل ئەمىرى لەشكەرگە تەئەللۇق ئۈچ مىڭ نەپەر مۇكەممەل قوراللانغان يىگىتلەر، ئابدۇللا ئەمىرى لەشكەرگە تەقسىم قىلىنغان ئۈچ مىڭ نەپەر يۈرەكلىك باتۇرلار، مىرزا ئەھمەت قۇشبېگىگە مۇقەررەر قىلىنغان ئۈچ مىڭ يىگىت تەييار جەڭگىۋارلارنى تەييارلاپ، شەرەپلىك زامان ۋە گۈزەل دەۋراندا، ئەمىرى لەشكەرلىرىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ،

«ماراۋىشىنىڭ قورغىنى بۇزۇلغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ھەممە قوشۇن بىلەن بېرىپ، تۇزۇتۇپ يانساق قانداق بولاركىن» دەپ، ئارىغا مەسلىھەت سالدى. ھەممىسىلا بىر نىيەتتە «ناھايىتى ياخشى بولىدۇ» دەپ جان- دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ تەييار بولدى.

تارىخ ھجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۆتىنچى يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ تۆتىنچى كۈنى (مىلادى 1867- يىلى 5- ئاينىڭ 8- كۈنى – ت) جەۋزا پەسلىنىڭ ئاخىرى، يەنى مايمۇن يىلى، ئاتالىق غازى دۆلەت ئىقبال ۋە ئۇلۇغ ھەشەمەت بىلەن ئاتلىنىپ، مارالۋېشىغا كېلىپ چېدىر- بارگاھلىرىنى تىكىپ، تۆت كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا ھېچقانداق پەرمان چۈشمىدى. بەشىنچى كۈنى بولغاندا، ئۇ ئەمىرى لەشكەرگە «ئاقسۇ، كۇچارغىچە بېرىپ، مازار- ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىپ يانساق، نىمە دەيسىزلار» دىگەندە، ھەممىسىلا بىر نىيەتتە «پارمانبەرداردۇرمىز، خىزمەتكارچىلىقىمىزنى جان- دىلىمىز بىلەن كۆرسىتىمىز» دەپ جاۋاپ بېرىشتى. ئاقىۋە ئەمىرى لەشكەر مىرزا ئەخمەت قۇشبېگىنى چاپاۋۇل قىلىپ ئىلگىرى ماڭدۇردى ھەمدەم باتۇر بېشىنى، غازى پانسەتلەرنى پىش جەڭ (ئالدى ھۇجۇمچى – ت) قىلدى. ھەر بىر ئەمىرى لەشكەرگە سەككىزدىن پانسەت تەيىنلەپ، تۇغ، بايراق ۋە ئەلەملەرنى ئىنئام قىلىپ، ھەر بىر ئەمىرى لەشكەرگە ئىككىدىن ئالدۇن جابدۇقلۇق تۆگە، ئات ۋە ئالتىدىن كۈمۈش جابدۇقلۇق تۆگە، ئات مەرھەمەت قىلدى. ھەر بىر پانسەتكە ئىككىدىن كۈمۈش جابدۇقلۇق ئات سوغا قىلدى. ئەمىرى لەشكەر ۋە پانسەتلەرنىڭ ئالدىدا مەزكۇر ئالتۇن جابدۇق ۋە كۈمۈش جابدۇقلۇق ئاتلارنى سۆلەت ھەم ھەشەمەت ئۈچۈن يېتىلەپ يۈرەتتى. ھەر بىر ئەمىرى لەشكەرنىڭ داغدۇغىسى گويا ئۇلۇغ شاھى پادىشالارغا ئوخشايتى. ھەر بىر پانسەتنىڭ داغدۇغىسى بولسا، گويا بىر ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ ھەشەمەتلىرىگە تەڭ ئىدى. ھەر بىر ئەمىرى لەكشەر ۋە پانسەتكە تەيىن ۋە مۇقەررەر قىلىنغان قارى مۇرەتتىپ، ئىماملار بولسا رەتلىك تىزىلىپ، يولدا قۇرئان تۇتۇپ ئالدىدا ماڭاتتى.

ئاتالىق غازى ئەنە شۇنداق زور سۆلەت- داغدۇغا ۋە ھەشەمەت بىلەن مارالۋېشىدىن ئاتلىنىپ چىلانغا كەلدى. دولانلىق بىر كىشىنى تۇتۇپ «يولدا خوجالارنىڭ چېرىگى بارمۇ» دەپ سورىسا، ئۇ «يايدى تەرەپتە ئىككى يۈز چېرىگى بار. سايئېرىقتا ئەللىك چېرىگى بار» دەپ مەلۇم قىلدى. ئاتالىق غازى بۇنى ئۇقۇپ، يايدىنىڭ ئاياق تەرىپىدىن كېچىلەپ يۈرۈپ، سەھەردە چېرىكلەر ياتقان جايدىن ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، بىخەۋەر ياتقان چېرىكلەرنى باغلاپ، ئولجا- ئەسىر قىلىپ، مارالۋېشىغا ماڭدۇردى.ئۇلارنىڭ چوڭى توختى خەلپە دىگەننى تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزدى،

لېكىن، بۇ چېرىكلەرنىڭ بىرى ئات سۇغارلغىلى چىققان ئىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئاقسۇدىكى جامالىدىن خوجامغا كېلىپ «سايىئىرىقتىكى چېرىكلەرنى تۇتۇپ قۇل ئەسىرى قىلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. ئاتالىق غازى دەريا لىۋىگە ئىككى تاش مىقدارى يېقىن كەلگەندە، جامالىددىن خوجام ئوغلى يەھيا خوجامنى باش قىلىپ، ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن دەريدا لىۋىگە چىقاردى ۋە «كېمىنى تارتىۋېلىپ، ھازىرلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپ، دەريادىن بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزمەڭلەر» دەپ تەكىت مۇبالىغە سۆزلەرنى قىلىپ يولغا سالدى. لېكىن ئاتالىق غازىنىڭ يىگىتلىرى زادىلا نەزەر سالماي، قانداق جاي توغرا ۋە ئۇتتۇر كەلسە، شۇ جايدىن ئات بىلەن ئۆتۈپ، كېمىنى زادىلا لازىم قىلمىدى. كۇچار لەشكەرلىرى بىر ھۇجۇم بىلەنلا كەينىگە قاچتى. لەشكەرلىرى پاراكەندە بولۇپ، جېنىنى جايلاپ ھەر تەرەپكە قاچتى. ھەمدە باتۇر بېشى ۋە غازى پانسەتلەر ئۇلارنى قوغلىغانچە ئاقسۇ شەھرىگە كىرىپ، ئوردىغا چىقىپ، «زامانىنىڭ زامانى بولسا مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق زامانى» دەپ جار سېلىپ، ناغرا ساداسىنى شادىيانىغا كەلتۈردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جامالىددىن خوجام ئاغچىسى بىلەن ئوردىنىڭ كەينىدىكى ياردىن ئۆزىنى پەسكە تاشلىدى. جامالىددىن خوجام پەخرىددىن مازارىغا بېرىپ يوشۇرۇندى. ئاغچىسىنىڭ پۇتى چىقىپ كېتىپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئۆزىنى ئالدى. توپ-توپ نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلانىڭ كاناي-سۇناي، داقا-دۇمباق ساداسى ۋە نۇسرەتلىك قوشۇنلانىڭ ھاي-ھۇيتلىرى، سەرۋاز-جانبازلارنىڭ مەشق تاماشىسى ئىچىدە، ئاتالىق غازى ئۆزىنىڭ دۆلەت ئەركانلىرى، ئەمەلدارلىرى بىلەن داغدۇغا، سەلتەنەتلەرنى قىلىپ، ئاقسۇ دار سەلتەنەتىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئەنە شۇنداق پەيتتە يىگىتلەر جامالىددىن خوجامنى تۇتۇپ كەلدى. ئاتالىق غازى ئۇنىڭغا بىر قانچە قەھرى-غەزەپلىك سۆزنى قىلىپ، يەنىلا گۇناسىغا ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ، مۇنسىپ تون-كىيىملەرنى بېرىپ ياركەنتكە ئەۋەتىپ، ھاجى پادىشا بىلەن بىر ئۆي، بىر ماكاندا بىللە مەڭگۈ ئۇيقۇغا سالدى. ئاقسۇنىڭ ھەممە شەھەر، قىشلاقلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ خاتىرجەم بولدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى چىلاندا تۇرغان چاغا، ئاتالىق غازى بۇ يەردىن خوجا نەزەر بېك ھىسارىنى باش قىلىپ، مۆمىن يۈز بېشى بىلەن ئوتتۇز توققۇز يىگىتنى ئۇچتۇرپانغا بۇيرۇپ «ئۇچتۇرپان ئەھلى خوجىلاردىن، خوجىلار بولسا ئۇچتۇرپان ئەھلىدىن بىزار بولۇپ زېرىكىدىكەن. بۇرھانىددىن خوجىنىڭ بىزگە ئىشەنچىسى بار ئىكەن. مەزكۇر خوجىنى ئوغلى بىلەن ئازار بەرمەي ئالى دۆلەتخانا ئوردىمىزغا ئەۋەتىپ، يۇرتتىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ يولغا سالغان ئىدى.

بۇلار ئۇچتۇرپانغا كېلىپ، قورال- ياراق، غەزنە، ساڭلارنىڭ ئاچقۇچ- كىلىتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بۇرھانىدىن خوجامنى ۋە ئوغلى بىلەن يەنە ئۈچ ئادەمنى مۆمىن يۈز بېشىغا قوشۇپ، ئاقسۇغا ماڭدۇردى. بۇ ۋەقە ئاۋالقى داستاندا زىكرى قىلىنغان ئىدى.

ئەلقىسسە، ئاتالىق غازى ھېكىم خان تۆرەمنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ، باي، سايرام ئەتراپىنمۇ قوشۇپ مەرھەمەت قىلىپ، بۇ جايلارغا سۈيۈرغال ۋە مۇستەقىل ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلىدى. ھەمدەم باتۇر بېشىنى ئۈنىڭغا ئالاھىدە باتۇر بېشى قىلىپ بەردى. خوتەنلىك موللا ئابدۇللا ئاخۇنۇمنى قازى كالان قىلىپ، ئالاھىدە يارلىق- مەنسۇرلەر بىلەن ئورنىنى كۆتۈرۈپ مەمنۇن قىلدى. ئاندىن كېيىن تاش خوجا پانسەتنى ئىككى يۈز ئەللىك يىگىتى بىلەن چاپاۋۇل قىلىپ كۇچارغا ماڭدۇردى. بۇ باي شەھرىگە بىر يېرىم تاش مىقدارى كېلىدىغان سايەنلەر دىگەن مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا، كۇچارلىق غوجاملار ئىبراھىم تۆرە، باقى تۆرە، يۈسۈپ باھادۇر، ياقۇپ باھادۇر، تەلەي باھادۇرلارنى باش قىلىپ، تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن ئالدىغا چىقاردى. بۇلار قوشتام دىگەن جايدا خوقا پانسەتنى تۇتۇۋېلىپ، ئۈنى بىر يۈز يەتمىش يىگىتى بىلەن ئۆلتۈردى. ئىككى ئايدىن كېيىن، تاش خوجا ئىشاننىڭ ئۈستىخنى بىلەن، بىللە ئۆلتۈرگەن يەنە بىر مۆتىۋەر ئۈستىخانلىرىنى ئېچىۋېلىپ، دەريا سۈيىگە باغلاپ تازىلاپ ۋە بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئۈستىخانلىرىنى خالتىغا قاچىلاپ، كاشغەرگە ئېلىپ بېرىپ، ھەززەت ئاپپاق مازىرىدا دەپنە قىلدى. چۈنكى، بۇلار مۆتىۋە ۋە ئەزىز ئادەملەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەن.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، كۇچار لەشكەرلىرى يۇقرىدا بايان قىلىنغاندەك، بەدۆلەت غازىنىڭ قانخۇمار لەشكەرلىرىنى قوغلاپ ئارقىغا ياندۇرۇپ، جوغا دىگەن جايدىن ئۆتكۈزۈپ، جۇغنى ئۆزلىرىگە جان- ماكان قىلىپ، سۈنى توسۇۋېلىپ يول بەرمەي تۇردى ۋە كۆپ ئادەمنى ياقىبېرىقتا توختىتىپ، تاغ ئىچىدىكى غارپ ئېغىزلارغا بولۇقتۇرما قىلىپ قويۇپ، نۇرغۇن ئادەمنى نابۇت قىلدى. تىرىك قولغا چۈشكەنلىرىنى تىرىك پېتى ئېسىپ، تېگىدىن ئوت قالاپ كۆيدۈرۈپ، كاۋاپ قىلىۋەتتى. ئاتالىق غازى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ، نۇرغۇن سەرۋاز- جانبازلارنى قىل قۇيرۇق قىلىپ، ھۇجۇمغا پەرمان بەردى. ئارقىدىن جانابى بەدۆلەت ئاتالىق غازى زەپەر ئۈزەڭگىسىگە ئاياقلىرىنى قويدى. ئەمرى لەشكەر، پانسەتلەر جانابى ئالىنىڭ غەزەپ ئوتلىرىدىن قورقۇپ، ھەممىسى بىردەك ئات چاپتۇرۇپ، جوغنى ئېلىپ، ياقىبېرىققا يېتىپ بېرىپ، لەشكەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ھادىسىلەرنى ئۇچۇق كۆرۈپ،

تاقتى- تاق بولۇپ، غەزەپلىرى ئۆرلەپ، ساي لىۋىدە شۇنداق جەڭ- قىرغىنچىلىقلارنى قىلدىكى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈك- مۇردىلىرى خۇددى سايىنىڭ قارا تاشلىرىدەك يېتىپ كەتتى. ئاخىرى بۇ نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلار غالىپلىق قىلدى. كۇچار لەشكەرلىرىدىن ئىبراھىم تۆرە باشلىق ئاز ئادەم جېنىنى جايلاپ قاچتى. باشقىلىرى تىغ سياسەت ۋە غەزەپ قەھرىيەتتىن ئۆتتى. بەزىلىرىنى ئولجا- ئەسىر قىلىپ ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى. كۇچار لەشكەرلىرىدىن ئۈچ مىڭغا يېقىن نابۇت بولۇپتۇ. ئاتالىق غازى تەرەپتىن سەككىز يۈزدىن كۆپرەك ئادەم زىيان بولۇپتۇ. بۇ چاغا كۇچاردىن ھامىددىن تۆرە باشلىق يەنە تۆت مىڭ لەشكەر چىقتى. بۇ زامان ۋەزىيىتى ۋە تەققازاسىغا قاراپ ئەل بولۇپ، ئىتائەت قىلىشنى لازىم كۆرۈپ،ئاتالىق غازىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۆزىنى باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ياقىئېرىقتا ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش دۆلەتلىرىگە مۇيەسسەر بولدى. ئاتالىق غازى ھامىددىن تۆرەندىن ناھايىتى خوش بولۇپ، تون- كېچەك ۋە جەرجى تىللا ئىنئام- ئېھسان ئاتا قىلىپ، «بىزلەر كۇچاردىن يېنىپ بارغىچە كاشغەرگە بېرىپ دۇئار قىلىپ تۇرسىلا، بىر نان تاپساق ئوتتۇردىن تەڭ بۆلۈپ بىللە يەيمىز» دەپ ئەھدى- پەيمانلارنى قىلىپ، مۇلازىملارنى قوشۇپ يولغا سالدى ۋە «ھەدىس شېرىپ» نىڭ «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار» دىگەن مەزمۇنى بويىچە، ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، تۆرىلەر قاتارىدىن كاتتا ئورۇن بەردى. ئالدى ئالدى تەمنات ئالغۇچىلار قاتارىدا تون- كېچەكلەرنى بەردى. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كايىپ ھەززەت ئاپاق مازىرىغا تاشلىدى.

جانابى ئاتالىق غازى ئاندىن كېيىن دەبدەبە سۆلەت ۋە ھەشەم سەلتەنەت بىلەن ياقېرىقتىن كۇچارغا ئاتلاندى. مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ، قىزىل دىگەن جايدا قوندى. خەير مۇھەممەت توپچىدار پانسەتنى يىگىتلىرى بىلەن چاپاۋۇل قىلىپ ماڭدۇرى. بۇ چاغدا راشدىن خوجمۇ بىرمۇنچە ئەسكەرنى چىقارغان ئىكەن. بۇلارنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا كەينىگە قاچۇردى. ئاندىن كۇچارنى قولغا كىرگۈزۈپ، شامالباغ دىگەن جايىنى مەنزىل قىلىپ، جانابى ئالىلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئەرز ماڭدۇردى. جانابى غازى بەدۆلەت مەڭگۈلۈك ئىقبال ۋە ھەشەمەت بىلەن كۇچارغا كېلىپ، شامالۋاغ ئاستىدىكى بۇلاق بېشىدا چېدىر- بارگاھىنى تىكلەپ ئورۇنلاشتى. خان خوجىنى ئېلىپ چىقىپ دۇئا قىلدۇرۇپ، غەزەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ، بىر قانچە قاتتىق سۆزلەرنى قىلىش بىلەن تەڭ، يەنە گۇنالىرىغا ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ، مۇناسىپ تون- كېچەكلەرنى بېرىپ، مەھرەم قوشۇپ، ئۆز ئوردىسىغا قايتۇردى. خان خوجا ئوردىغا كىرىپ بىر مەھرەمنى چېپىپ يوق قىلدى. ۋە قولىغا قوراق- ياراق ئېلىپ سىپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ «مېنىڭ لەشكەرلىرىم نەگە كەتكەن، بۇ قىپچاق-

ئەنجانلىقلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، شەھەردىن قوغلاپ چىقارمامسىلەر» دەپ قىقاس- شاۋقۇنلارنى سېلىپ، مەس دىۋانىلەردەك يۇگۇرۇپ يۈردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن بىرسىمۇ يوق بولۇپ، ھەر قايسىسى جېنىنى جايلاپ ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئىدى. بۇ چاغدا ئاتالىق غازىدىن مۇلازىملار كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ نىمە بولغانلىغىنى، نەگە بارغان ۋە تۇرغانلىغىنى ۋە قانداق جايدا دەپنە قىلىنغانلىغىنى ھىچ كىشى كۆرمىدى ۋە بىلمىدى. ئۇ بىر دەرەك، بىخەۋەر، بىئەسەر يوقالدى. باشقا ئەھۋاللىرىمۇ ئاۋالقى داستاننىڭ ئاخىرىدا زىكرى بولۇپ ئۆتتى. بۇ جايدا قايتا تەكرارلانمايدۇ.

ئاتالىق غازى ئىشەنچلىك مۇلازىملارنى تەيىنلەپ، خان خوجامنىڭ غەزنە، قورال- ياراق، توپ، زەمبىرەك قاتارلىق پادىشالىققا لازىملىق ئەشيا- كىنىزەكلەرنى خەتلەپ، ئۆز غەزنىسىگە ئالدى. قامۇلدىن تارتىپ بۇ ئالتە شەھەر خىتايلىرىنىڭ غەزنىلىرى، قورال- ياراقلىرى، تامامەن خان خوجىنىڭ غەزنىسىگە توپلانغان ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا جانبى بەدۆلەت ئالىلىرىنىڭ ئالى دۆلەتخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ، كاشغەر دار سەلتەنەتىگە ماڭدۇردى. ئاندىن ئۇ كۇچارنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسھاق خوجامنى كورلىدىن ئالدۇرتۇپ كېلىپ، كۇچار،شاھيار، بۈگۈر، كورلىغىچە بولغان جايلارنى مەرھەمەت قىلىپ، مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، ئالى يارلىق بىلەن ئورنىنى كۆتۈردى. توختى ئىشىك ئاغا بېكنى ياساۋۇل بېشى دەرىجىسى بىلەن ئىسھاق خوجامنىڭ خىزمىتىدە قويدى. موللا يۈسۈپ ئاخۇنۇمنى قازى كالان قىلىپ، يارلىق- مەسۇرە بىلەن ئىشقا تەيىلىدى. غازى كۇچاردا ئىككى ئاي مىقدارى تۇرۇپ، نۇرلۇق مازارى ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىپ، غېرىپ ھەقدارلارغا نەزىر- سەدىقە بېرىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا بېغىشلاپ خەتمە قۇرئان قىلدۇرۇپ ساۋابى ئالدى ۋە سائادەتلىك شەراپەتلىك زامان، سائەتتە دار سەلتەنەت كاشغەرگە يولغا چىقىپ، ئاقسۇدا بىر ئاي مىقدارى تۇرۇپ قالدى. ئاقسۇنىڭ چوڭلىرىدىن موللا ئابدۇل باقى مۇفتى ئاخۇنۇم، مۇھەممەت ئابدۇللا ئىشىك ئاغا بېك ئابدۇللا قازىم، قاسىم قازى بېك باشلىق ئون يەتتە ئۆيلۈك ئادەمنى جازالاپ، ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ياركەنتكە ھەيدىدى. ئاقسۇدىكى مازارى مۇتەبىرىكاتلەر ھەققىدە بۇرۇن كەم قالغان خەتمە قۇرئاننى تولدۇرۇپ،غېرىپ- ھاجەتمەنلەرگە كەڭرى سەدىقە بېرىپ، ئاش قايىنتىپ، ھەر خىل ئىنئام- ئېھسانلارنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئېلىپ، زەپەر ئۆزەڭگىسىگە ئاياقلىرىنى قويۇپ، ئۇچتۇرپانغا باردى. بۇ يەردە يىگىرمە كۈن مىقدارى تۇرۇپ، ئالاۋدىن بېكنى مۇھەممەت بابا توقسابىيىگە سەركار قىلىپ بەردى. مازارى

ماشايىخلارغا كەڭرى نەزىر- نىيازلارنى ئۆتكۈزۈپ، دۇئالىرىنى ئېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، قاقشال ئىچى ۋە قىرغىزلارنىڭ ئارىسى بىلەن كاشغەر دارىسەلتەنەتىگە راۋان بولدى. مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، كاشغەرگە ئىككى مەنزىل كېلىدىغان ساغۇن قاراۋۇلى دىگەن جايدىكى بىر سۇ ئېغىزنى ئوتلاق- يايلاق يەر ئىكەن دەپ، بۇ جايغا نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلىرى بىلەن چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. ئەمما كېچىسى ھاۋا بۇزۇلدى. چېقىلغان ئاۋازىنىڭ ساداسى جىلۇگىگە كەلدى.

كەيىندىنلار ئازراق يامغۇر ياغدى ئۇلار بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي تۇراتتى. لېكىن، يېرىم كېچىدە تاغنىڭ ئاغزىدىن بالادەك بىر كەلكۈن چىقىپ، غەزنە، قورال- ياراق، تۆگە، ئات، ئارغىماق، سەرۋاز، توپخانا، بازارچى، پىلتىرچىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ پالاكەت ۋە ھالاكەتكە غەرق بولۇپ، نەس- نابۇت بولدى. لېكىن جانابى ئەلىنىڭ بارگاھىنى ئېگىز يەرگە تىككەن ئىكەن. كەلكۈن بالاسى تەسىر قىلالماپتۇ. زايا بولغان غەزمە. قورال- ياراق، يىگىت، سەرۋازلارنىڭ بەزىسىنى بىر كۈنلۈك ياكى ئىككى كۈنلۈك يەرلەردىن ئىزدەپ تېپىپتۇ. كۆك قىسمىنى تاپالماي يېنىپ كېلىپتۇ. بۇ ۋەقە- ھادىسىنى زادىلا ئىزھار قىلماي ۋە بىلىندۈرمەي، قالانلىرىغا تون- كېچەك، ئات، ياراقلارنى ئىنئام- ئېھسان قىلىپ خوش قىلىپتۇ. مىزان پەسلى ئىدى. كاشغەر تەرەپتىن نۇرغۇن ئىشەكتە قوغۇن، تاۋۇز، شاپتۇل، ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىق يەل- يېمىشلەر يېتىپ كەلدى. جانابى ئاللىرى قوغۇنلارنى ئۆز قولى بىلەن تىلىپ، ھەر قوغۇندىن ئۆزى بىر تىلىم يەپ. قالغىنىنى چوڭ- كىچىك سەرۋازلارغىچە ئوبدان مۇئامىلە، تەسىرلىك گەپلەر ۋە مۇلايىم سۆزلەر بىلەن تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاھىدە رام ۋە ساييىاد قىلدى. ئاندىن ئۆتۈپ ئاتۇشتا قونۇپ، كاشغەر دار سەلتەنەت تەختىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ كۈنى تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن تۆتىنچى يىلى (مىلادى 1867- يىلى – ت) يەنى مايمۇن يىلى ماھى جامەدىلئاخىرىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى (مىلادى 10- ئاينىڭ 21- كۈنى – ت) ئىدى. ئاندىن كاشغەردىكى مازاردا نەزىر- سەدىقىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، غېرىپ بىچارىلەر، يىتىم- ئاجىز دۇئاگۈيلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئەمىرى لەشكەر، پانسەت، يەككە يىگىت، سەرۋازلار، ھەممە چوڭ- كىچىك جانبازلارغا ئۆز لايىغىدا مەنسەپ، يارلىق، تون- كېچەك، خەرجى تىللا قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلدى. ئەمىرى لەشكەر مىرزا ئەھمەت قۇشبېگىدىن كايىپ، ئۇنى يوق قىلدى. بۇزرۇك خان تۆرەمگە ئون مىڭ قىزىل تىللا بېرىپ، بەدەخشان يولى ئارقىلىق ھەرەم شېرىپ زىيارىتىگە يولغا سالدى. شۇنداق قىلىپ، ئون

ئاي ئىچىدە ياركەنت، خوتەن، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچار، كورلىغىچە بولغان جايلارنى قول ئاستىغا كىرگۈزدى. يەنە موغۇلىستان مەملىكىتىگە ئىگە بولۇپ، ھەممىنى يەك قەلەم بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلدۇردى ۔ ۋەسسالام.

## 7

## ياراتقۇچى ئاللانىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن بۇ زىمىننىڭ ئۇلۇغ شاھى جانابى مۇھەممەت ياقۇپ بېك خوش ئەخلاقىنىڭ بۇ يەتتە شەھەر۔ موغۇلىستان يۇرتىغا ئىستىلاسى ۋە ئادالەت گىلەملىرىنى يايغىنى، بىر نەچچە پاراكەندىچىلىك ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ بايانى

ئەقدەتكەش ئەھبابلار، خەيرىيە ئەندىشە دوستلارنىڭ دانا كۆڭۈللىرىدىن مەخپى ۋە يېپىق قالمىغايكى، ئۇستا گەپچىلەر ۋە تالانتلىق ۋەزىنچىلەرنىڭ شۇنداق قىسسە داستانلىرىغا قارىغاندا، ئاقسۇ، كۇچار شەھەرلىرى قولغا كىرىپ بوي سۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، جانابى ئاتالىق غازى دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى بىلەن دارسەلتەنەتتە تەختى كاشغەرگە كېلىپ خاتىرجەم ئارام تاپتى.موغۇلىستان تەۋەسىدىكى دۈشمەنلەر بىر تەرەپ قىلىندى. ھۆكۈمدارلارغا بوي سۇنۇشلار دىگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىچە، بۇ زىمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىتائەت بەلۋېغىنى مەھكەم باغلىدى. ئاتالىق غازى بۇ قىشنى تىنچ۔ راھەت ۋە ئەيشى۔ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى. ئاخىرى يىل ئۆرۈلۈپ، باھار كۈنلىرى كەلدى. گۈل۔ رەيھانلار گۈل يۈزىدىن باش كۆتەردى. ئەنە شۇنداق ھالەتتە ئاتالىق غازى كاشغەر، ياركەنت، خوتەندە

ئىشخانا قۇرۇشقا پەرمان قىلدى. شۇڭلاشقا، زەرگەرلەر ئالتۇن، كۈمۈشتىن كەسسە كەمەر، تىردان، يۈگەن، قۇشقان، پۇشتان قاتارلىق جابدۇقلارنى تەييارلاشقا باشلىدى. تۆمۈرچىلەر شاپ ـ قىلىچ، ئۆزەڭگە قاتارلىق پادىشاھقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى راسلاشقا مەسئۇل بولدى. قازانچىلار كاتتا توپ ۋە چاچما ئوقلارنى ياساشقا تەيىن قىلىندى. كىيىم تىكىدىغان خەيياتلار كىمخاپ، تەتۈللا، تاۋار، بەقەسەم، شايى ـ ئەدرەس، بىنارەس، چىت چەكمەن ۋە خەسسە يەكتەكلەرنى تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن قىزىپ كەتتى. پوستىندۇزلار (جۇۋىچىلار ـ ت) قۇندۇز- بۇلغۇن، سۆلەسۈن، تۈلكە تېرىسىدىن تۇيۇق كۆرپە، ئۇرۇشتا كىيىدىغان جىببە تون، رۇمچە نىمچە، شىم، تەلپەك، تۇماقلارنى تىكىشكە مەشغۇل بولدى. موزدوز- ساراچىلار ھەر خىل كەسسە كەمەر، تىردان، پۇشتان، ئۆزەڭگە بېغى، يۈگەنلەرنى راسلاشقا كىرىشتى. ياغاچچى، قونداقچى، مىخگەر، قۇيماگەر، ئىلمەدۇز، زەردۇز، چېدىرچى- خىمەگەر قاتارلىق ھەممە ئەھلى كەسىپ ۋە ھۈنەرمەنلەرنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ھۈنەرلىرىگە كىرىشىپ، پاتپاراق بولدى. قوقەند دار سەلتەنەتىنىڭ ئىشخانىلىرىدىن چىققان ئۇستا ۋە ماھىر ئۇستىلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، بۇ يەردىكى ئۇستىلارغا ئۇستا بېشى قىلدى. مەللە خانىنىڭ نامىدا تىللا سوقتۇردى. فەرغۇچىنىنىڭ پۇلىغا ئوخشىتىپ مىل پۇل قۇيدۇردى. ھەممە ئۇستا بېشىلارنىڭ ئۇستىدە يەنە ئىش بېشىلارنى تەييارلاپ، ھەممە ھۈنەرۋەنلەرگە ئايلىق تەمىنات بەلگىلىدى. ھېچقانداق ئادەمگە زورلۇق ياكى تەھدىت سالمىدى. ھەرقانداق ئادەم ئۆزى خالىغانچە كېلىپ، ئۆز ھۈنەرلىرىنى قىلىپ، قىلغان خىزمىتىگە لايىق ھەق-ئەجرىنى ئالدى.

ئاتالىق غازى ئادالەت ئىشىگىنى ئاچتى. زۇلۇم ۋە دەرت ـ ئەلەملەر خۇددى سۇمرۇغ قۇشدەك كۆيۈپ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى. ھەممە پۇقرا ۋە خالايىق ئاتالىق غازىنىڭ دۇئاي دۆلەتلىرىگە بىئىختىيار قوللىرىنى ئېچىپ، مىچىت-مەسچىتلەردە بەش ۋاقىت نامازنى ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتالىق غازىنىڭ ئۆمۈر دۆلەتلىرىنىڭ زىيادىلىكىگە دۇئالارنى قىلىشتى. ئادالەت سىياسىتىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن يۈرگۈزۈپ، پۇقرا ۋە خالايىقنىڭ پۇل ۋە جېنىغا ئەسكەرلەرنىڭ قول ئۇزۇتۇپ دەخلى قىلماسلىقىنى قەتئىي قەيت قىلىپ بېكىتتى. بىر كۈنى نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلار ياركەنتتىن كاشغەرگە ئەمدىلا كېلىپ، چۆلدىن ئاۋادانلىققا چىقىپ تۇرغان بىر ھالەتتە، بىر كەمپىر مەزلۇم بىر نەچچە تاۋاق قېتىقنى يولغا ئېلىپ چىققان ئىكەن. بىر يۈز بېشى بىر تاۋاق پۇل بەرمەي ئىچىپ كېتىپتۇ. ئاڭغىچە ئاتالىق غازى كېلىپ قاپتۇ. كەمپىر مەزلۇم ئۇنىڭغا «بىر سىپاھى بىر تاۋاق قېتىقىمنى ئىچىپ، پۇل بەرمەي كەتتى» دەپ ئەرز قىلىپتۇ. ئاتالىق

غازى ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن «قېتىق ئىچكەن سىپاھنى تونۇمسىز» دېگەندە ئۇ «تونۇيمەن» دەپتۇ. قوشۇن ئىچىگە كىرگۈزسە ، ئۇ «مانا مۇشۇ سىپاھ شۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىكەن. ئاتالىق غازى پەرمان بىلەن «ئەي ئانا، بۇ يىگىتنىڭ قورسىقىنى يېرىپ كۆرىمەن، ئەگەر قېتىق ئىچىدىن قېتىق چىقمىسا، سىزنى سويسام ۋابال بولمايدۇ» دېگەندە ئۇ «ۋابال بولمايدۇ» دېگەن ئىكەن. ئاندىن يىگىتنى دەرھال سويۇپ قارنىنى يېرىپ كۆرسە، مەزكۇر قېتىق تېخى ئۆزگەرمىگەن ئىكەن. بۇ يىگىتنىڭ تون - كىيىملىرىنى مەزكۇر كەمپىرگە بېرىپتۇ. شۇنداقلا جانابى ئالى غازى تۇنجى قېتىم ئاقسۇغا كەلگەندە، بىر يىگىت بىر بىدىيچىنىڭ ئىككى باغ بىدىسىنى پۇل بەرمەي زورلۇق قىلىپ ئېلىپ ئېتىۋېرىپتۇ. بىدە ئىگىسى ئەرز قىلىپتۇ. ئاتالىق غازى تەھقىقلەپ بىدە ئالغان يىگىتنى تېپىپ، زورلۇق قىلغانلىقنىڭ سازايىسى دەپ، قىلمىشىنى ئېلان قىلىپ، ئاممىغا ئىبرەت ئۈچۈن سويۇپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يىگىتلەر بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر نەرسىسىگە زورلۇق قىلىشقا ياكى بازار نەرقىدىن كەم سوراپ قاتتىق - يىرىك سۆزلەرنى قىلىشقا ھەددى بولمىدى ۋە بۇنداق ئىشلارمۇ تامامەن يوقالدى. ئالماق - ساتماق ئىشلىرىدا ھەممە ئادەم مۇلايىم ۋە شىرىن سۆز بولۇپ، تىنچ مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. يەنە بىر قېتىم جانابى ئاتالىق غازى ئاقسۇغا كەلمەكچى بولۇپ مارالۋېشىدىن ئۆتكەندە، ئۆز پەرزەندى بىر نەرسىگە ئوق ئېتىپتۇ. ئۇ تەرەپتە بىر ئىشەك ئوتلاپ يۈرگەن ئىكەن. ئوق بېرىپ خاتا تېگىپ ئىشەكنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئىشەكنىڭ ئىگىسى «ئۇشبۇ يىگىت ئىشىكىمنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى»دەپ ئەرز قىلىپ، يىگىتنى كۆرسەتكەن ئىكەن. قارىسا ئۆز پەرزەندى. ئۇنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ، رىئايە قىلماي تاياققا تۇتۇپ، «سىز ئاتىلىق غازىنىڭ ئوغلى بولىمەن دەپ پۇقرانىڭ ئىشىكىنى ئاتسىڭىز ۋە سەۋەپسىز ئوق چىقارسىڭىز بولامدۇ» دەپ غەزەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ، قاتتىق ئەدەپ بەرگەن ئىكەن. بۇ بالا شۇ سەۋەپ بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەمىرى لەشكەر، پانسەت، ئەمرائى، سەرۋازلار كۆڭلىگە قورقۇنچ ۋە زىل - زىلە، ۋەھشەت - لەرزەلەر چۈشۈپ، ھەممىسىلا يېڭىۋاشتىن تۆۋە - ئىستىغپار بىلەن ياقىلىرىنى تۇتۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر ئىتائەت ۋە ئىناۋەتكە بەل باغلىدى.

ئەلۋەتتە، پادىشالا مۇلازىم - خىزمەتكارلىرىنىڭ زۇلۇم تەئەددىلىرىنى سەل چاغلاپ، گۇنالىرىغا غاپىل ۋە سۇسلۇق قىلىپ، سىياسەتتە ئولتۇرغۇزمىسا، باشقا مۇھىم ئىشلارغا مەسئۇل بولغان ياكى مۇھىم ئىشلارنى ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان كاتتا ئەمەلدار ۋە ئۇلۇغ ئەمىرلەر، بۇنىڭدىن ئۈرنەك ئېلىپ، ھۆكۈمەت شىرازى - ئىنتىزامى سۇسلۇققا، يۇرتدارلىق ئۆلچەملىرى بۇشاشقا يۈزلىنىپ، خالايىقنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ رايى قايتىپ، ئىنتىزامى قوزغىلىپ كەتسە،

كېيىن بۇنى ئۆز جاي- مەركىزىگە ئېلىپ كېلىشكە تەدبىر ئاجىزلىق قىلىدۇ ياكى يېتىشمەيدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خەيرىيەتلىك كۇنلەر ۋە دۆلەت ئىنتىزامى كۈچەيگەن زامانلارغا، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە خالىغانچە زورلۇق ۋە تەئەددىي قىلىدىغان ئەھۋاللار، مەيلى ئەل ئىچىدىنياكى يىگىتلەر ئارىسىدىن تامامەن كۆتۈرۈلدى. جانابى ئالى غازىنى ھەممىسىلا ھازىر تۇرغاندەك كۆرۈپ، «يىراق يېقىندۇر، غايىپ ھازىردۇر» ، «كېچەپ كۈندۈز دۇر» دېيىشىپ، ھەر قانداق كىشى سەۋەپسىز ۋە ئورۇنسىز بىر ئىشقا قەدەم قويالمىدى. بەلكى بۇنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ مەيلى غايىپ بولسۇن ياكى يېقىن- يىراق بولسۇن، ئۇنى خۇددى ھازىر قاراپ تۇرغاندەك كۆردى ۋە ئۇنى شۇنداق بىلىپ ئېتىقات قىلدى. ئەمما ۋەقەنى خەتلەپ تۇرىدىغان ماراقچىلار ھەر زامان، ھەر ماكان ۋە ھەر جايدا ھازىر بولۇپ تەييار تۇراتتى. بۇ تايىپىلەرنى ھېچبىر كىشى زادى بىلمەيتى ۋە تونۇمايتى.

ئەلقىسسە، ئاتالىق غازى مۇھەممەت ياقۇپ بېكنىڭ يىگىتلىرى سانى ئەللىك مىڭدىن ئاشتى. ئىشخانىلاردا ئايلىق- تەمىنات ئالىدىغانلارنىڭ سانىمۇ ئەللىك مىڭغا يېقىنلاشتى. غەزنە بايلىغىمۇ خېلى بوشاپ قالدى. بۇ چاغدا ئاتالىق غازىنىڭ دۆلەت ھۆكۈمرانلىغى شەرقىي تەرەپتە باغراش ۋە ئۈششاقتال، شىمالى تەرەپتە مۇزتاغ ۋە زەۋقى، غەربىي تەرەپتە ئالاي ۋە بەدەخشان، جەنۇبىي تەرەپتە قاراقۇرۇم مۇز تاغ، لوپ، چەرچەنگىچە بولغان جايلارغا سوزۇلغان ئىدى. ئاتالىق غازى مۇلازىملارنى چىقىرىپ بۇ ھۆدۈت ئىچىدىكى تاغ- جەزىر، يايلاق ۋە قىشلاق، جاڭگال ۋە تاشلاق (ئىگىسىز جايلار – ت) بولۇپمۇ، ئۆلجا ۋە خىنىيە زېمىنلار (خان ياكى دۆلەتكە تەۋە زېمىن – ت)، باغلار، شەھەر، سەھرا ۋە كەنت- قىشلاقلارنى ساتماقچى تەرەددۇت قىلدى. جۈملىدىن ئاقسۇغا مۇھەممەت نەزەر قۇشبېگى، مىرزا قاسىم مۇھتەر، مىرزا ئابدۇلئەزىز بۇخارى قاتارلىقلارنى چىقىرىپ، ئاقۇسلۇق ئابدۇللا دىۋان بېكنى مۇباسىركار- مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەپ، خىتاي، تۇڭگانلاردىن قالغان باغ، زېمىن، بىنەم- جاڭگال، يايلاق ۋە قىشلاقلارنى ۋە خىنىيەلەرنى ساتماقچى بولدى.

بۇرۇنقى چاغلاردا خاقانى چىنى ئەھلى بۇ يەتتە شەھەرگە ئىگە بولۇپ ۋالىلىق قىلغاندا، ئاقسۇدىكى ھاكىم ئىشك ئاغا باشلىق قىرىق ئالتە بېكنىڭ ھەر بىرىگە قىلغان خىزمىتى ئۈچۈن خىنىيەدىن بېرىدىغان مائاش-كولەن كۆمۈش ئورنىغا زېمىن ۋە ئادەم تەييارلاپ بەرگەن ئىكەن. چوڭلىرىغا كۆپرەك، كىچىكلىرىگە ئازراق بېرىدىكەن. مەسلەن ئاقسۇغا ھاكىم بولغان كىشىگە بىر يۈز ئۆيلۈك، ئىشك ئاغا بولغان كىشىگە ئاتمىش ئۆيلۈك، مەرتىۋىسى كىچىكلەرگە

تۆت ئۆيلۈكتىن ئادەم ۋە شاڭلاپ زېمىن بەرگەن ئىكەن ۋەن بۇ ئادەملەر تەيىنلەنگەن شۇ بەگلەرنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلسۇن، خىزمىتىنى ئۆتىسۇن دەپ جۇلدۇ-جاساق قىلىپ يارلىق بەرگەن ئىكەن. تا ئىسلام بولغىچە ھەر قانداق ئادەم قايسى مەنسەپكە يەتسە، بۇ يارلىق ھۆكۈمى بويىچە، جۇلدۇ قىلىپ بېرىلگەن مەزكۇر زېمىننى تېرىپ، ئادەملىرىنى ئىشلىتىپ، خىزمىتىگە سېلىپ كەلگەن ئىكەن. بۇ قائىدە-ئۇن يەتتە شەھەرنىڭ ھەممىلا جايىدا بۇرۇندىن بۇيان جارى بولۇپ كەلگەن ئىكەن. بۇ ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىكى بەگلەر بولسا ئۇلارنى خۇددى سېتىۋالغان مۈلكى ۋە ئالتۇنغا تېگىشكەن قۇللار ياكى ئاتا مىراسى قۇللىرىدەك كۆرۈپ، مەزكۇر ئادەملەرنى خالىغانچە پۇل، ئوتۇن، ياغاچ قاتارلىق ھەر خىل نەرسىلەرنى ئالغانلىقىنى ۋە يەر تېرىتىپ غەللە ھاسىل تاپقانلىقىنى ئۆزىگە ھالال دەپ قاراپ، بۇ ئىشقا ئەقىدە قىلىدىكەن. بۇ ئادەملەر يۇرت، خالايىقتا ئارلاشمايدىكەن ياكى ھەر قانچە پۇل بېرىپ، ئەقەللى ئون بېشى، مۇئەززىن، جارۇپ قاتارلىق ئەمەللەرنىمۇ ئالالمايدىكەن. بۇلار يۇرت ئىچىدە، «قوشقى تامغىلىق ياچى» دەپ ئېتىۋارغا ئېلىنمايدىكەن.

يەنە يەتتە شەھەر خىتايلارغا قارىغاندىن كېيىن، خىتايلارمۇ سۇ چىقىرىپ ئاۋات قىلغان زېمىنمۇ، خىنىيە دەپ ئاتايتى. ئاتالىق غازى مەزكۇر خىنىيە زېمىندىكى يايلاق ۋە قىشلاقلارنى، شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق ياكى ئۇنىڭغا يېقىن كەنت، مەھەللىلەردىكى كىشىلەرگە سېتىپ بېرىپ، پۇلنى دۆلەتخانىغا ئالدى. ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئاقيار، كەلپىن، تا قوشتام، ئونباشقىچە بولغان زېمىنلارنى بەش لەك ئەللىك ئالتە مىڭ تەڭگە پۇل بەردى. باي، سايرام قاتارلىق جايلار بولسا ئەڭ كەم دېگەندىمۇ تۆت لەك تەڭگە پۇل بولدى. ئالتە شەھەرنىڭ قالغان جايلىرىدىكى ئەھۋالنى مۇشۇنداق بەلكى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق دەپ بىلسە ۋە ئىمتىھان قىلىپ كۆرسە بولىدۇ. شۇنداقلا، ھەر يىلدا بىر كاتتا سىپاھى بىر نەچچە مىرزا بىلەن كېلىپ، پادىشالىق زېمىن سېتىلماي قالغان ئىكەن.بىز تەكشۈرۈشكە كەلدۇق دەپ تەھقىقلەپ، بانىلارنى كۆرستىپ، كەمنى تولدۇرىمىز دەپ، نەچچە مىڭ تەڭگە پۇلنى دۆلەتخانىغا ئالاتتى. يەنە «مەزكۇر زېمىنلارنى جانابى بەدۆلەت ئاتالىق غازى سېتىپ، پۇلىنى مەن ئالدىم» دەپ خەت- چەك يېزىپ، ئۆز مۆھرىنى ۋە ئۆلىمائى- ئەززەملەرنىڭ چوڭ مۆھۈرلىرىنى باستۇرۇپ بېرەتتى. كېيىنچە يەنە ساتقان زېمىنلارنىڭ مۆھۈر پۇلىنى بەرمىگەن ئىكەن دەپ، بىر تەڭگىگە بىر داچەن، يۈز تەڭگىگە زېمىن ئالغان ئادەمگە تۆت تەڭگىدىن مۆھۈرانە پۇل قويۇپ، يەتتە شەھەردىن نەچچە لەك تەڭگە پۇل ئالدى.

بۇ كۈنلەردە كاشغەردە پۇقرالار جەم بولغان بىر مەجلىستە، بىر ئادەم ئۇستىلىق، بەلكى تەنە بىلەن «ھەجەپ تىنچلىق ئوبدان زامان بولدى، قويىنىڭ ئۇچۇسدا تورغاي ئۇۋۇسى سالىدىغان زامان بولدى» دېگەندە ، كاشغەر تالىپلىرىنىڭ ئەلەملىرىدىن بولغان موللا زەرىپ «جانابى ئالىلىرى يەتتە قەۋەت زېمىننى تۆگەتتى. تورغاي ئۇۋۇسى سالىدىغان جايمۇ قالمىدى، ئەمدى قويىنىڭ ئۇچىسىغا ئۇۋا قىلماي نەگە قىلسۇن» دەپ ئۇستىلىق بىلەن جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كۈچارلىق خوجىلار زامانىدا، كەشمىر تەرەپتىن مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ ئوغلى مۇزەپپەرخان ياركەنت مەملىكىتىگە كېلىپ، ئاندىن كۈچارغا بېرىپ، كۈچاردىن كورلىغا كەلگەندە، ئاتالىق غازى ئۆزىنىڭ نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلىرى بىلەن كۈچارغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، كورلىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە ۋاقىت غۇربەتچىلىك بىلەن ئۆمۈر كەچۈرۈپ تۇرغان كۈنلەردە، ئىلى تەرەپتىن بارغان فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ بەزى سودىگەر بايلىرى مۇزەپپەر خاننى تونۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىززەت-ئىكراملىرىنى قىلىپتۇ. تۇڭگانلارنىڭ ئۇلۇغى داۋۇد خەلپە بۇنى ئاڭلاپ، ئارتۇق ئىززەتلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا نەچچە ساندۇق چاي ۋە كۈمۈش بېرىپتۇ. باشقا تۇڭگانلارمۇ نەزىر-سەدىقىلەرنى قىلىپتۇ. قولىغا پۇل كىرگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە ئادەم جەم بولۇپتۇ. بۇ كۈنلەردە قوقەندتىن قېچىپ كەلگەن ۋە مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ خىزمىتىدە بولغان كونا ۋە چوڭ سىپاھلاردىن مىرزا ئەھمەت قۇشبېگى، نار مۇھەممەت پەرۋانچى، مىربابا دادخۋا غازى پانسەت قاتارلىقلار مۇزەپپەر خانغا « ئىلاجى بولسا ئاقسۇ تەرەپكە، ئەقەللىسى كۈچار تەۋەسىگە قەدەم-تەشرىپ قىلسىلا، ئۆزلىرىنى خان كۆتۈرۈپ، يەتتە شەھەرگە خان قىلىپ، خىزمەتكارچىلىق قىلساق، سىلى ھەممىمىزنىڭ ئۇلۇغ خانزادىمىز ۋە خوجىمىز» دەپ كەينى-كەيندىن خەت يېزىپتۇ. ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ يۇرت سوراشنى كەسپىي ھۈنەر قىلىپ كەلگەن مۇزەپپەر خاننىڭ ئۇلۇغ بولۇپ، سەلتەنەتتە ئولتۇرۇش ئارزۇ-ئىشتىياقى ئۇنىڭ دىل كۆڭلىنى بىقارار ۋە بىئارام قىلىشقا باشلىدى. پاراكەندە تۇڭگانلاردىن بىرقانچىسى ۋە مۇساپىر نەمەنگانلار جەم بولۇپ جەمئىيەت پەيدا قىلدى. بىر نەچچە بايلار ھۆكۈمەت تاماسىدا قولىدىكى دەسمايىلىرىنى قەرز بەردى ۋە باشقىلاردىنمۇ قەرز ئېلىپ بەردى. ئات، قورال-ياراق، بايراقلارنى ھازىرلاپ، شاپاشلاپ، ناغرا، كانايلارنىڭ ساداسىنى ياڭرىتىپ، كورلىنى ئىشغال قىلدى. كورلىنىڭ ھاكىمى ھاجى بېك كۈچارغا قېچىپ كېلىپ، ۋەقە-سۆرەتلەرنى بىر-بىرلەپ تىزىپ، خۇددى كۆز قاماشتۇرىدىغان چېقىلغاندەك تېز يۈرۈشلۈك بىر ئەرزىچىنى كاشغەر دارسەلتەنەتكەر ئىلدام يولغا سالدى.

جانابى ئاتالىق غازى مۇزەپپەر خاننىڭ كورلىغا كىرگەنلىگىنى ئاڭلاپ، كونا ۋە كاتتا ساھىپلىرىدىن ئەندىشە قىلدى. چۈنكى، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلۇغى ۋە خانزادىسى ئىدى. شۇڭلاشقا، دەرھال ئىسھاق خوجام نامىغا پەرمان چۈشۈرۈپ «مۇزەپپەر خاننىڭ ئۈستىگە ئۆز يىگىتلىرىڭىزنى ئېلىپ بېرىپ، ئىلاجى بولىسا مۇزەپپەر خاننى تىرىك قولغا كەلتۈرۈڭ. ئەگەر مۇيەسسەر بولمىسا ھەر قانداق قىلىپ ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈپ، خىزمەتكارچىلىقىڭىزنى مەلۇم قىلغايسىز» دىدى. بۇ ئىنايەتنامە يېتىپ بېرىشى بىلانلا، ئىسھاق خوجام قول ئاستىدىكى ئىككى مىڭ يىگىتى بىلەن كورلىغا يېتىپ بېرىپ، مۇزەپپەر خان بىلەن ئۇرۇشتى. مۇزەپپەر خان ئاز ئادەم بىلەن قېلىپ، باراۋەرلىك قىلالماي بىر چېدىرغا يۇشۇرۇندى. چۈنكى، ئۇ ئىلگىرى بىرمۇنچە ئەسكى قالماق بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئىدى. بۇلار ئىسھاق خوجامنىڭ نۇسرەتلىك ئەسكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزلىرىنى ياقىغا ئالغان ئىدى. ئىسھاق خوجام چېدىرنى قورشاپ، تەرەپ- تەرەپتىن ئوق ئېتىپ، مۇزەپپەر خاننى ھالاكەتكە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ چېدىر ئوق زەربىسىدىن گويا غەلۋىردەك بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقە تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بەشىنچى يىلى (مىلادى 1868- يىلى ت) يەنى مۇرغ (توخۇ يىلى – ت) مىزان پەسلىدە يۈز بەرگەن ئىدى. ئاقسۇ ھاكىمى ھېكىم خان تۆرەم ئالى پەرمان بويىچە قىزىل دىگەن يەردە قارا كۆرسىتىپ، ھىمايە قىلىپ تۇرغان ئىدى. لېكىن مۇساپىر نامىدىكى پانسەت، يىگىت قاتارلىقلارنى كۈچارغا كىرگۈزمىدى. چۈنكى، ئۇلاردىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا شۇنداق پەرمان بېرىلگەن ئىدى. مۇزەپپەر خان بىر تەرەپ قىلىنمىغۇچە بۇ خەۋەرنى كاشغەردىكى ئەمرى لەشكەر، پانسەتلەرگە زادى ئىزھار قىلمىغان ئىدى. ئەمما بايلار قاتارىدا كەلگەن نەمانگانى مۇسا كالال بايىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئادىمىنى كاشغەرگە ئاپىرىپ يوق قىلدى. مۇزەپپەر خاننىڭ ئۈستىدىن زەپەر قىلىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. يەنە شۇ كۈنلەردە فەرغانە ۋىلايىتىدىن سەيىد ۋە پازىللاردىن بولغان ئەھرارخان تۆرەم ۋە سەيىد ئەردىلەرنى داموللام قاتارلىقلار كاشغەرگە كەلدى. بۇ كۈنلەردە يەنە بىر ۋەقە بولدى. يەنى ئىراق تەرەپتىن شەيخ مۇھەممەت ۋە شەيخ ئەخمەت دىگەن ئىككى ئادەم ساياھەت قىلىپ، بەدەخشانغا كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنى مۇبارەكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ خەت- ئەرز بەرگەن ئىكەن. بۇ خەتتە "بىزلەر مەككە- مۇئەززەمە شېرىپلىرىنىڭ ساپ نەسەپلىك ئەھلاتلىرىدىن بولىمىز. پەيغەمبەر ھەزرەتنىڭ قەۋرە- باغىستانلىرىدىن بىشارەت بولۇپ، نېسىپ- رىسقىمىز بۇ دىيارغا چۈشتى. خېلى مۇددەتتىن بويان بەدەخشان ئۇلۇغلىرىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن بۇ جايدا تۇرۇپ قالدۇق.

جاناپلىرىنىڭ ئىسلام ئىچىپ پادىشا بولغانلىرىنى خۇداۋەندەرگىرىم مۇبارەك قىلغاي، ئەمما ئۆزلىرىگە دۇنياۋىلىق ۋە ئاخىرەتلىك توغرىسىدىن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىش لازىم ۋە زۆرۈر كۆرۈلدى. ھازىر بەزىلەر ئالەمۇلغايىپتىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ئۆزلىرى باشلىق جەمئىي يۇرتلىرىغا ئىلاھى قازاسى بىلەن بىر ئاسماندەك ئاپەت چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بىر ئىلاجى قىلىپ ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش لازىم. جاناپلىرى باشلىق ھەممە چوڭ ـ كىچىك ئۆلىما ۋە پەزىلالار، ئەمىر ۋە ئەمرالار، پۇقرا ۋە خالايىق، ئاتا ـ بوۋا، ئۇلۇغ ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ، يىغىۋاشتىن تۆۋە قىلىپ، يالۋۇرۇپ يىغا ـ زارە قىلىپ، نەزىر ـ نىياز، خەير ـ سەدىقىلەرنى ئادا ئەيلەپ، بۇ بالايى ئەززەمەدىن ئامان ۋە نىجات بولۇشقا دۇئا ۋە ئىلتىجا قىلغايلا. بىزمۇ كېچە ـ كۈندۈز دۇئاغا مەشغۇلدۇرمىز" دىگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن.

بۇ خەت ـ ئەرز يېتىپ كەلگەن ھامان، جانابى ئالى غازى چوڭ سەيدلەر، قازى ئۆلىما ۋە پەزىلالار، ئەمرى لەشكەر، پانسەت، ئەمرالارنى ھازىر قىلىپ، بۇ خەتنىڭ مەزمۇننى ئايان ۋە بايان قىلىپ، ئۆزى باشلىق ھەممىسلا يىغىدىن ئالاھىدە توۋا قىلىپ، يۇرت، ۋىلايەتلەرنىڭ ھاكىملىرىغا ۋە پۇقرا ـ خالايىققا ئېلان چىقىرىپ، "ھەر بىرىڭلار مەنئىي قىلىنغان يامان ئىشلاردىن يېنىپ، توۋا قىلىپ يالۋۇرۇپ، نەزىر ـ سەدىقىلەرنى بېرىڭلار" دەپ ئالى ئىنايەتنامە چۈشۈردى. شەھەر ـ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ۋاقىپ بولۇپ، ھەممىسلا چىن قەلبىدىن يالۋۇرۇپ يىغا ـ زارە قىلىشىپ، توۋا ـ ئىستىخپار بىلەن شۇغۇللاندى. ئاتالىق غازى مەزكۇر شەيخلەردىنمۇ ئامانلىق سوراپ، تۆھپە ـ ھەدىيە ئەۋەتىپ، ئىنايەتنامە بەردى. مەزكۇر ئىككى شەيخ بۇنى ئاڭلاپ بىلىپ، بىزنىڭ دىگەنلىرىمىز ياقۇپ بېك باشلىق يەتتە شەھەر ئادەملىرىگە تەسىر قىلىپتۇ. ئەمدى ئۆزىمىز بىرىپ فەزىل-كارامەت قىلىپ كۆرەيلى. قېنى ئىشىمىز نەدىن چىقىدۇ دىيىشىپ، رام ھىلىنى يېيىپ، يالغانچىلىق دانلىرىنى چېچىپ، ھىلە ـ مىكىر ۋە نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ يالغان دەۋالارنى تەييارلاپ، شەيخ مۇھەممەت ئۆزىنى "مەھدى ئاخىر زامان [177] دىگەن مەن بولىمەن" دەپ، شەيخ ئەھمەت ئۇنىڭغا ۋەزىر بولۇپ، ياركەنت زىمىنىغا كەلدى ۋە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن "مەن سىزلەرنى بەيئەت ۋە ئىناۋەت قىلدۇرتۇپ، راست يولغا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن كەلدىم" دەپ ئىمام مەھدىلىك دەۋاسىنى قىلدى.

بۇ چاغدا، ئەينى زامان دىنىي ھوقۇقلار ئىلمىنىڭ ئالىمى قازى زىيائىددىن داموللام ياركەنتتە قازى كالان ۋە شەرئەت باشلامچىسى بولۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇ شەيخلەرگە "بۇ مەنىسىز دەۋلارنى قىلىپ، ساراڭ ئەسەبىلەردەك كاللاڭلارنى بۇزماڭلار" دەپ، شەرئەت يوللىرىنى كۆرسىتىپ، پەند ـ نەسىھەت قىلدى. لېكىن، بۇ ئۇ خىل يولدىن

ئازغان يامان نىيەتلىك شەيخلەرنىڭ قارا كۆڭلىگە تەسىر قىلمىدى. قازى كالان بۇ ئەھۋالنى بەدۆلەت ئاللىرىغا ئەرز قىلدى. ئاتالىق غازى ئەرز مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى ھەم ئۇنىڭدىن "شەرىئەت ۋە مىللەتنىڭ توغرا ۋە پاك ھۆكۈم- يۈللىرى بويىچە، بۇ دەۋاگەر كاززاپلارنىڭ كاساپىتىدىن ئامان قالغايسىزلەر" دىگەن ئىنايەتنامە كەلدى. قازى كالان بۇ ئىنايەتنامىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇ ئالدامچىلارغا يەتكۈزۈپ، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى چۈشەندۈرسە، ئۇلار يۇقارقى دەۋالىرىدىنمۇ چوڭ ۋە ئاجايىپ دەۋالاردىن ئىغىز ئىچىپ، "خۇداۋەندە ئالەمىيان ئۆز ئىرادىسى ۋە تىلىگى بويىچە ئۆزىنى ياقۇپ بېكنىڭ ۋۇجۇت- شەكلىدە كۆرسەتكەن. ھالبۇكى، بۇ زىمىن يۈزىنىڭ خۇداسى ياقۇپ بېكتۇر. بۇنى سىزلەر بىلىشىڭىزلەر كېرەك. بىزنى ياقۇپ بېك ئەۋەتكەن، بۇنى ئۆزى بىلىدۇ، مۇبادا بىزنى ئۆلتۈرسەڭلار، بىزنىڭ ھەر بىر قەترە قېنىمىزدىن نەچچە مىڭ قورال- ياراقلىق ئەسكەر تۇغۇلۇپ، يەتتە شەھەرنى، ھەتتا زىمىن يۈزىنى خاراپ ۋە ۋەيران قىلىدۇ. بىزنى سەل چاغلاپ، بىرەر چوڭ بالا- قازاغا مۇپتىلا بولماڭلار" دەپ يەنە بىمەنە دەۋالارنى قىلدى. بۇنى يېزىشقا قەلەم تەۋرىمەيدۇ ھەم ئىغىز بارمايدۇ – خۇدا ئۆزەڭ پانا بولغايسەن!

ئەھۋال بۇ يەرگە يەتكەندە، ھەممە شەرىئەتشۇئار ئۆلىمارلار بىر نىيەتتە بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، دىن مۇجتەھىدلىرىنىڭ قوللىرى بىلەن، بۇ يالغانچى ئازغۇنلارنى ئۆلۈم ھۆكۈمىگە بۇيرۇپ، ھەممە چوڭ- كىچىك مەملىكەت ئەئيانلىرى، پۇقرا- خالايىق ھازىر بولۇپ، ئۇلارنى بىر كەڭرى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، يەرگە بېلىگىچە كۆمۈپ، ئالدى بىلەن قازى كالان، مەزكۇر ھۆكۈم بويىچە تاش ئاتتى. ئاندىن چوڭ- كىچىك ھەممەيلەن ئۇلارنى ئۆلگىچە تاش- كېسەك قىلىپ يوقىتىپ، بۇ پاكىز زىمىننى ئۇ كاپىر بۇزۇقلارنىڭ يامانلىغىدىن تازىلىدى.

بۇ كۈنلەردە يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى. بۇ چاغدا بىر قانچە سودىگەرلەرگە ھىندىستان تەرەپكە بېرىشقا رۇخسەت بېرىلگەن ئىدى. شۇغنان قاراقچىلىرى يولدا بىر سودىگەرلەرنى بۇلاپ، ئۇلجا- ئەسىر قىلغانلىغى خەۋىرى ئاتالىق غازىنىڭ سائادەتلىك قۇلاقلىرىغا ئاڭلاندى. ئۇنىڭ غەزەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ، يەتتە مىڭ لەشكەر تەييارلاپ، ئابدۇللا ئەمىرى لەشكەر بىلەن ھاجى مىرزا بېشىنى باش قىلىپ، يىگىرىمە پانسەت ۋە ئىشقا يارايدىغان بىر قانچە ئەمرائىلەرنى ھەمرا قىلىپ، ئالتە يۈز تۆگىدە ئاز- ئۇزۇق، قورال- ياراق ۋە ئون مىڭ قوي قاتارلىق قورال- جابدۇق، ئۇزۇق- تۈلۈك بىلەن شۇغنان تەرەپتىكى ئەسقەر ئەلى خان ئۈستىگە يارلىق بىلەن يولغا سالدى. يارلىقتا " سىزلەر بېرىپ شۇغنان ئۇلۇغىغا دەپ سودىگەرلەرنىڭ پۇل- ماللىرىنى تامامەن ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇ ئەگەر بىزگە ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىللسا،

ئەھدى- پەيمانلارنى توختىتىپ كېلىشلار، مۇبادا باش تارتىپ قوبۇل كۆرمىسە، ئۇرۇشۇپ تالان- تاراج، قىرغىن ۋە ئۇلجا- ئەسىر قىلىشلار" دەپ يېزىلغان ئىدى. بۇلار دەشت- جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، شۇغنانغا بېرىپ، ئەسقەر ئەلى خانغا سىياسەت قىلىپ خەت يېزىپ، ئەلچى كىرگۈزدى. ئەسقەر ئەلى خان بۇنى ئاڭلا هۇش كالىلسىنى يوقاتتى. سودىگەرلەرنىڭ پۇل- ماللىرىنى تامامەن قايتۇرۇپ، ئۇلارنى خوش ۋە رازى قىلدى. ئاندىن دوستانىلىق رەسمىيەتلىرىنى تۈزۈپ، ئىتائەت ۋە پەرمانغا بويي سۇنۇپ، ئەلچى بىلەن ئەرز- خەت چىقاردى. خەتتە "بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرى يوق، ئۇنى باشباشتاق پۇقرالار قىلغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ قاتتىق جازاسىنى بېرىپ، ئۆزەم باشلىق ھەممىمىز بۇ نالايىق ئىشلاردىن تولۇا قىلدۇق. ئەگەر قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ- تالاڭ قىلمىمەن دىسە، بۇ ياقۇپ بېك خاننىڭ ئۆز ئىختىيارىدا، ئەگەر ئىلتىپات قىلىپ،بىزنى قۇل ۋە خىزمەتكار ئورنىدا كۆرۈپ مەرھەمەت قىلسا، مەنكى قېرى قۇل چاكارلىق قىلمەن. بۇرۇنلا ئەرز بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇبارەكبادلىق قىلىپ، دوستلىق ئورنىتىش لازىم ۋە زۆرۈر ئىدى. ئەيىپ مەندىن ئۆتۈپتۇ، ھىلىمۇ دوستانىلىق قائىدە- رەسمىيەتلەنى تۈرغۇزۇپ، ئۇنى قەدەم، ئىمانلار بىلەن مۇستەھكەملىسەڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نومۇس پەردىسى ئىچىگە يۇشۇرۇنغان بىر غۇنچە نەۋ باھارىم بار. بۇنىڭغا ھېچقانداق سەھەر شاملىنىڭ بۇيي- پۇراقلىرىمۇ تەگمىگەن، ئۇنىڭ باغىستان- ئانارىستانىغا ھېچكىم قول ئۇزاتمىغان. ئەگەر جانابى ئالىنىپ پاك تەبىئەتلىرى خالايدىغان بولسا، ئۇنى قۇل- چۆرىلىرى قاتارىدا تارتۇق قىلسام" دىگەن بىر قانچە سۆز يېزىلغان ئىدى. ئۇ يەنە " بۇ ئەرز- خەتنى ياقۇپ خاننىڭ سائادەتلىك قۇلاقلىرىغا ئىزھار قىلىپ قويسىلا" دەپ ئۆتۈنگەن ئىدى.

ئابدۇللا ئەمىرى لەشكەر قاتارلىقلار بۇ خەت- ئەرزنى يېتىپ كەلگەن ھامان جانابى غازى ئالىلىرىغا ماڭدۇردى. جانابى ئالىلىرى خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، خۇرسەنلىك بىلەن ئەسقەر ئەلى خاننىڭ قىزىنى ئۆز ئاياللىرىنىڭ قاتارىغا قوشماقنى ئىختىيار قىلىپ، كەڭرى جابدۇقلار بىلەن پانسەت توختى خان ئايىمنى باش قىلىپ ئادەم ماڭدۇردى. ئەسقەر ئەلى خان بىلەن دوستلۇق قائىدە- رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. ئۇشبۇ ھەيۋە ۋە سۆلەت بانىسى بىلەن كانجۇت ئۇلۇغى سەفدەر ئەلى خانمۇ ئىتائەت ۋە ئىناۋەت رىشتىسىنى بويىنىغا سالدى. ۋاجاقنىڭ ئۇلۇغىمۇ پەرمانبەردارلىق رىشتىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئەتىراپتىكى كوھىستان- تاغلىق رايۇنلارنىڭ ھەممە ئۇلۇغلىرى جانابى ئالىلىرىنىڭ قەيد- ئىتائەتلىرىگە كىردى. يۇرتلارغا ئاراملىق، يوللارغا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك

پەيدا قىلدى.

بۇنىڭغىچە جەددى پەسلى يېقىنلىشىپ، "توقسان" [178] كىرىشكە باشلىدى. جانابى ئاللىرى تەۋەسىدىكى ئەمىرى ھۆكۈمرانلىقتا ئىگە بارلىق ۋىلايەت ھاكىملىرى، ئەمەلدارلار، ئىش باشقۇرغۇچىلار، قەدىمقى ئالى دەرىجىلىك خان ۋە قائان، ئىپتىراملىق پادىشالار، ئۇلۇغ سۇلتانلارنىڭ قائىدە- قانۇنلىرى، يول- رەسمىيەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئىزىغا چۈشۈرۈپ ۋە شۇ بويىچە توقسان تارتۇق قىلىش ھەرىكىتى ۋە تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى ئۆزىدە بولغان ھەر قانداق نەرسىنى جان- دىلى بىلەن تەييار قىلىپ، يەتمىسە ئۆستىگە قەرز ئېلىپ، سوغا- سالام ۋە تۆھپە- تارتۇقلىرىنى تىرىشچانلىق بىلەن راسلاپ، دارسەلتەنەت كاشغەرگە ماڭدۇردى. جۈملىدىن، خوتەن ھاكىمى نىياز بېك سەككىز چارەك ساپ ئالتۇن، مىڭ دانە يامبۇ، تۆت يۈز ئات، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈزى ئىگەر- جابدۇقلىرى، ھەتتا قامچىلىرىغىچە مۇكەممەل قىلىپ تەييارلانغان، يەنە ئىككى يۈزى يۈگەن، نوختا، يالپۇش، كۆرپىچىلىرى بىلەن راسلانغان ئىدى. يەنە تۆت يۈز ئاتقا تەييارلىنىپ يۈكلەنگەن سۇلەسۈن، تۈلكە تېرىسى ۋە پاخلان كۆرپىسىدىن تىكىلگەن مىيانەجۇۋا، شىم، تەلپەك، رۇمچە نىمچە چاپان، تەتۈللا، كىمخاپ، تاۋار، بەقسەم، شايىم، بىنارەس،ئەدرەس، قارامتۇل توق يېشىل رەڭلىك چەكمەن تولن، ئالاھىدە رەختتىن ئىشلىنىپ، بوققۇش، يانقۇچلىرىغىچە بىللە راسلانغان ئىشتان، نەق خۇرۇم، كۆندىن تىكىلگەن ۋە پاكىز پايتىملىرىغىچە بىللە راسلانغان ئۆتۈك، يەنە ئالاھىدە نەقىشلەن توققۇز توقۇز چاي چۆگۈنى، توققۇز توققۇز مىس قازان، كەپكۈر، چۆمۈچ، توققۇز توققۇز ئاپتۇۋا ۋە چىلاپچىن قاتارلىق قاپ، غىلاپلىرى بىلەن تەييارلانغان بۇيۇملار، لاھۇردا ئىشلەنگەن توققۇز توققۇز چىرايلىق قىرما، ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى بىلەن تەييارلانغان توققۇز توققۇز زىلچە قاتارلىق كۆڭلىگە ئەرزىيدىغان ھەددى- ھېساپسىز تۆھپە- تارتۇقلارنى ئېلىپ كاشغەرگە كېلىپ، ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك كۆز- نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر نەچچە كۈن تۇردى. ئۇ ھەر كۈنى ناشتا ۋاقتىدا بۇر توققۇز يامبۇ، بىر توققۇز بوخچە نەپىس بۇيۇملار، ئىگەر- جابدۇقلىرى مۇكەممەل بىر توققۇز ئار ئېلىپ كىرىپ، ئاتالىق غازىغا تازىم- ئىپتىراملارنى بىلدۈرۈپ، دۆلەت مۇددەتلىرىنىڭ مەڭگۈ بولۇشىغا دۇئا قىلىپ، بىللە ئولتۇرۇپ، ناشتا قىلىپ ياناتتى. ھەممە دۆلەت ئەركانلىرى تەھسىن- ئاپرىن ئوقۇپ، كۆڭلىدە ھەيران بولۇپ بارماقلىرىنى چىشلەيتى. باشقا ۋىلايەت ھاكىملىرىمۇ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ، خۇددى شۇنداق تۆھپە- تارتۇقلىرىنى كەينى- كەينىدىن ئېلىپ كېلىپ، ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىدىن ئۆتكەزدى. ئاتالىق

غازى ھەممە سەركەردىلىرىدىن خۇرسەن ۋە مىننەتدار بولۇپ، ھەر بىرىگە نەچچە قەۋەت ۋە نەچچە قاتار تون- كىيىم، سەللە، كۇلا، قورال- ياراق ۋە ئالاھىدە نىشان- ئالامەتلەرنى مەرھەمەت قىلىپ، شاھانىلىق كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرىغىمۇ تون- كىيىم، خەجلەيدىغان تىللا بېرىپ مېھرىبان بولۇپ، ھەر بىرسىنى ئۆز مۇقەررەرگاھلىرىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىپ، تارتۇقلاپ مەمنۇن قىلدى. ئىلاھى ئۇنىڭ ئاپتاپ دۆلەتلىرىنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەڭگۈ ۋە دائىم قىلغايسەن – ئامىن!

## 8

## ئاتالىق غازىنىڭ ھەرەمەيىن ئەشرەفىنىنىڭ خادىمى، مۇسۇلمان مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى، ئىسكەندەر قۇۋۋەت ئابدۇلئەزىزخانغا ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلىپ ئەرز بىلەن ئەلچى ھەدىيە- سوغا ۋە بەيئەتنامە ئەۋەتكىنى، بۇ يەر يۈزى خەلىپىسىنىڭ نۇرلۇق تەبىئەتلىرىگە قوبۇل چۈشۈپ، يارلىق، دەرىجە- مەنسە- ۋە ئالاھىدە تاج ئەۋەتىپ، ئۆز ھىمايەتلىرىگە ئېلىپ، رۇمغا [179] تەۋە قىلغانلىقى ۋەقەلىرى بايانى

تەبىئىتى ساغلام ئەھباپلار، توغرا زېھىنلىك ئەرباپلارنىڭ ئالىجاناپ دىللىرىغا روشەن، ۋە ئاشكارە بولغايكى، نەقىل- ھېكايە، قىسسە- ئاپسانىلەرگە قارىغاندا، ئاتالىق غازى يۇرت ھاكىملىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا رۇخسەت بېرىپ ماڭدۇرۇدى. قىش پەسلىنىڭ سوغاق ھاۋاسى ئۆز ۋەتەن ئەسلىگە ياندى. يېڭى يىل ئۆرۈلدى. باھار كۈنلىرى كەلدى. زېمىن يۈزىدىن گىياھ- ئۇسۇملۇكلەر باش كۆتەردى. پاختەك- قۇمرى قۇشلىرى ساداغا كەلدى. خۇش ناۋالىق بۇلبۇللارنىڭ نالە- پىغانلىرى بولسا ئەمدىلا كۆرۈشكەن ئاشىقلارنىڭ دىل ئەينەكلىرىدىكى پىغانلىرىنى قايناتتى. گۈل- رەيھانلار ئېچىلىپ، رەڭمۇ- رەڭ گۈللەر ئۆزىنىڭ گۈل ئاپتىۋى بىلەن بۇ زېمىن يۈزىنى خۇددى تۆتىنچى پەلەكنىڭ يورۇقلىغىدەك نۇرلاندۇردى ۋە ناھايىتى زور خوشاللىق بېغىشلىدى. مۇشۇنداق ئەيشى- تاماشا ۋە كۆڭۈل شاتلىغى بىلەن، ياراتقان ئاللا

دەرگاھى ئەزىز ئۇلۇغقا ھەمدۇ- سانا ۋە چەكسىز شۈكرى - شاتلىقلارنى ئادا قىلىپ، دۇئا پاتىھلەر بىلەن تەلەپ، ئىلتىجا قىلىپ تۇرغان ھالدا، تاشكەنتلىك ياقۇپ خان قازى تۆرەم ھەرەمەيىن شەرىپ زىيارىتىدىن يېنىپ كاشغەرگە كەلدى. ئاتالىق غازى بىلەن ھەر باپ، ھەر مەسلە توغرىسىدا سۆز- سۆھبەتلەرنى قىلىشىپ، ئاخىرى جانابى ئالى بەدۆلەتنى زىمىننىڭ خەلىپىسى، ھەرەمەيىن شەرەفىنىڭ خادىمى،، مۇسۇلمان مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى يەنى ئابدۇلئەزىزخان بىننى ئابدۇلمەجىدخان – خۇدا ئۇنىڭ مۈلكى ۋە دۆلىتىنى ھەمىشە قىلسۇن- ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، رۇمغا تەۋە بولۇپ، بوي سۇنۇشقا تەرغىپ ۋە دالالەت قىلدى. جانابى ياقۇپ خان قازى تۆرەمگە ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن " ئۇ زات مۇسلىمان مۆمىنلىرىنىڭ ئەمىرى، يەر يۈزىنىڭ خەلىپى تۇرسا، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئادەم؟ قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سالىمىنى يەتكۈزەلەيمەن؟" دەپ نەپسى سۇنۇقلۇق بىلەن ئۆزرە ئېيتتى. بۇ ھالدا قازى خان تۆرەم ئەرز قىلىپ، "تاشكەنتنى ئورۇسيەلەر بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆلىما پەزىلالار، سەيد كىبىرا- رىسالار ئەمدى بىزگە بۇ يۇرتلار ھارام بولدى دەپ، ئورۇسىيگە ئىتائەت ۋە ئىنايەت قىلىشتىن باش تارتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت- شەرىئەت يولىنى جارى قىلىپ ۋە پەيغەمبەرنى تەقلىت قىلىپ، ھىجرەتنى ئىختىيار قىلىشتى. جۈملىدىن، مەنمۇ ھىجرەتنى ئىختىيار قىلىپ، ئىككى ھەرەم ئاللىرىنىڭ زىيارىتىنى تۈگىتىپ رۇمغا كېلىپ، بىر نەچچە كۈن ئىستىقامەت قىلدىم. بۇ جايدىكى ئەركان ۋە ئەئيانلار بىلەن ئۇلپەت ۋە سۆھبەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇلار فەرغانە ۋىلايىتىنى ئورۇسيە بېسىۋاپتۇ. لېكىن خاقان ۋىلايەتلىرىدىكى بىر نەچچە مۇسۇلمان ئىتائەتتىن چىقىپ، ئىسلام ئېچىپ غەلبە قىلىپتۇ. جانابى خەلىپە ھەزرەت ئاڭلاپ، مەسچىت- مەسچىتلەردىكى بەش ۋاقىت نامازدىن كېيىن، شەرق تەرەپتە ئىسلام ئاچقان مۇسۇلمانلارنىڭ راۋاجى ئۈچۈن دۇئار قىلىنسۇن دەپ يارلىق قىلىپ، ئۆزى باشلاپ شەرق تەرەپكە دۇئا قىلىپتۇ. ئىسلام ئېچىپ باشلىق بولغان ئۇلۇغنىڭ ئىسمى- نامىنى ھاجىلاردىن سوراپتۇ. بەزلەر خوتەنلىك ھاجى پادىشا دەپتۇ. بەزىلەر كۇچارلىق خوجىلارنى خەۋەر قىلىپتۇ. بەزىلىرى ئىلى سۇلتانىنى مەلۇم قىلىپتۇ. خەلىپە ئىسلام ئاچقان كىشىنىڭ نەق ئېتىنى بىلەلمەپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پۇشتى- پاناھى بولغان ئوسمانىيە دۆلىتى – رۇم خەلىپىلىگى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر يۈزىدىكى مۇسۇلمانلار باش كۆتۈرۈپ راۋاج تاپسا، ھەر زاماندىكى رۇم خەلىپىلىرى خوشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ راۋاجى ئۈچۈن دۇئا قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ شىكەستە يەپ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۇقسا، كۆڭلى يۇمشاپ، غەمكىن بولۇپ، ئوكۇشلۇق

تىلەپ دۇئا قىلىدىكەن. ئەتىراپتىكى باش كۆتۈرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىنى ئاڭلىسا، ئۇنى دەپتەرگە ئېلىپ، ئاللەمگە ئاشكارە قىلىپ، شۆھرەتكە ئىگە قىلىش بولسا، ھەر قانداق زاماندىكى خەلىپىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەن. بۇ موغۇلىستان يۇرتلىرى جانابىڭىزغا قاراپتۇ. ئۆزىڭىزنى خەلىپىگە مەلۇم قىلىشىڭىز ئەلۋەتتە زۆرۈر ۋە لازىمدۇر" دەپ مەلۇم قىلدى.

بۇ سۆزلەر سائادەت ئەسەر ۋە دۆلەت يار، بەختى ئۇچۇق مۇھەممەت ياقۇپ بېك غازىغا ماقۇل چۈشۈپ، خاقانى چىنىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئارزۇغا لايىق تۈرلۈك چىرايلىق ۋە پاكىز ماللىرى، تاۋار- دۇردۇن، خۇش بويلۇق چايلار، جانان چىنىلەر، ئالتۇن- كۈمۈش، قالماق ۋە قازاق ئاتلىرى، توققۇز توققۇز يېڭى جۇۋان ۋە زىبا بويلۇق بىچىن غۇلاملىرى قاتارلىق سوغا- سالام ۋە تارتۇق ھەدىيىلەرنى راسلاپ، سائادەتلىك زامان، شەرەپلىك سائادەتتە، قازى خان تۆرەمنى باش قىلىپ، خىزمىتىگە ئىشەنچلىك مۇلازىملارنى تەيىنلەپ يولغا سالدى. بۇلار مەنزىل يۇرۇپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۇرۇپ، خوپ، ۋاقىت، كۆڭۈلدىكىدەك سائەتتە رۇم دارىلخىلاپەتكە يېتىپ بېرىپ، مۇسۇلمان مۆمىنلىرىنىڭ ئەمىرى، يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى، ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاسى ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئېھتىرام بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئىگە بولدى. سوغا- سالام تارتۇقلىرىنى ئۇنىڭ ئالى نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەلچىلىك قائىدە- يۇسۇنلىرىنى بەجا كەلتۈردى.

مۇسۇلمان مۆمىنلىرىنىڭ ئەمىرى، ھەرەمەيىن شىرەفىنىڭ خادىمى، ئاللانىڭ مەڭگۈ بەندىسى ئابدۇلئەزىزخان بۇ سوغا- سالام تارتۇقلار، ئەرز ۋە ئەلچىلەرگە ھەددىدىن زىيادە خۇرسەن ۋە مەمنۇن بولۇپ، قازى خان تۆرەم باشلىق ھەممە مۇلازىملارغا تولۇق ئىززەت ۋە ئارتۇق ئابرۇيلارنى قىلدى. ئۇلارغا نۇرغۇن ئىنئام- ئېھسانلارنى بەخش ۋە ئاتا قىلىپ، بىر نەچچە مۇددەت تۇرغۇزۇپ، زىياپەتلەرنى قىلىپ، قايتىشقا يارلىق قىلدى. ئاتالىق غازى بەدۆلەتكە "مىراخور باشى" لىق ئەمەل بېرىپ، بۇ يەتتە شەھەرنى رۇمغا تەۋە قىلىپ، ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئۇنى كاتتا پادىشالارنىڭ دەرىجىسىدە كۆرۈپ، مەرۋايىت، ئالماس، ياقۇت، گۆھەر تىزىپ كۆز قويىدۇرۇپ بېزىگەن بىر كاتتا ئالتۇن تاج ـ شاھ ئالى تۇماق ۋە جىيەك، ئېتەكلىرىدىن، كۆكرەكلىرىدىن، ئەتراپىدىن ياقىلىرىغىچە ئالتۇن بىلەن پار- پۇر ئالماس، لەلى- ياقۇت قاتارلىق قىممەت باھا تاشلار بىلەن قاتار- قاتار كۆز قويۇپ بېزەلگەن رۇمچە نىمچە، ھەممە قاپ، باغلىرى ئالتۇن بىلەن ئالماس، لەلى- ياقۇت- سۈزۈك گۆھەر، يېشىل زۇمرەت بىلەن راسلانغان بىر شاپ قىلىچ، ھەتتا سۇمبۇللىرىغىچە ئالتۇن- كۈمۈش بىلەن راسلانغان ياكى ئالتۇن- كۈمۈش بىلەن سۇۋاد قىلىنغان بىر دانە

ملتىق قاتارلىق نەزەر سالغۇچىلارنىڭ كۆزلىرىنى خىرە، تاماشىبىنلارنىڭ نەزەرلىرىنى قاماشتۇرىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك چىرايلىق چىرايلىق نەرسىلەرنى جاھان ئالى ئالەم يارلىغى ۋە شاھانىلىق ئىنايەتنامە بىلەن ئەلچىلەرنى ياندۇردى.

ئەلچىلەر شەرەپلىك دەۋران ۋە گۈزەل زاماندا كاشغەرگە يېتىپ كېلىپ، تۆھپە- ھەدىيىلەرنى جانابى ئاتالىق غازىنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزدى. جانابى ئاتالىق غازى گۈل غۇنچە ئېچىلگە سىغماي ئېچىلغاندەك خوش بولۇپ، تاجى شاھى- تۇماق ئالىنى دۆلەتلىك بېشىغا كىيدى. قىلىچ ئالىنى مۇبارەك بېلىگە تاقىدى. ملتىق ناياپنى قوللىرىغا ئېلىپ، رۇم تەرەپكە قاراپ ئەدەپ بىلەن تازىم قىلىپ، دۇئا قىلدى. گويا ياقۇپ بېك غازىنىڭ تەن- ۋۇجۇدىدا پالىلداپ جىلۋە قىلغاندەك بولدى. مۇبارەكبادلىق شاۋقۇن ساداسىنى پەلەك گۈمبىزىدىن ئۆتكۈزدى. ئاتالىق غازى بىر نەچچە كۈن تويى- تاماشا ئۆتكۈزۈپ، ئۆلىما ئەززەملەر، ئېھتىراملىق پازىللار، ھۆرمەتلىك سەيدلەر، ئەمىرى لەشكەرلەر،ئالى دەرىجىلىك ئەسلەر ۋە چوڭ- كىچىك ئەمەلدارلارغا تون- كېچەك بەخش قىلىپ، ھەممىنى مەمنۇن ۋە بىنىياز قىلدى. ئاندىن كېيىن ئابدۇلئەزىز خاننىڭ نامىدا تىللا- تەڭگە ۋە چاقا پۇل قۇيدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى جارى قىلىپ، بۇ يەتتە شەھەرنى خەلىپە رۇم- دۆلەت ئوسمانىيەنىڭ تەۋەلىگى دەپ ئاتىدى. بۇ ۋاقىت تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن ئالتىنچى يىلى (مىلادى 1869- يىلى ــ ت) ئىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ئوسمانىيە سۇلتانلىرىنىڭ ئەسلى نەسەپلىرى ۋە ئۇلۇغ ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ نەسەپ ئالى ئېكراملىرىمۇ تۈرك بىننى يافەس بىننى نوھ ئەلەيھىسسالامغا باغلىنىدۇ دەپ زىكرى قىلىنىدۇ. تۈرك تايىپىلىرى بولسا باشقا قەبىلىلەردىن كۆپ ھەم شجائەت- غەيرەتتە يەكتا، ساخاۋەت ۋە ھىممەتتە تەڭدىشى يوق تايىپىدۇر. بەزىر تارىخ كىتاپلىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىسلام شېرىپ يېڭى ئاشكارە بولغان چاغدا، ھەق تائالا قۇرئانى ئەزىمنى (قۇرئانى ــ ت) ھىندىستانغا ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇلار ھۆرمەتلىك قىلىپ، ئۇنى يەرگە تاشلاپتۇ. ئاندىن تۈركىستانغا ئەۋەتىپتۇ. تۈركلەرنىڭ سەردارى ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاپتۇ. بىر ۋاقىتتا بۇ خەۋەر ئەرەپ ئۇلۇغلىرىغا يېتىپتۇ. شۇ زاماندىكى ئەۋلىيالارنىڭ پىرى "ھىندىلار ھەمىشە خار ۋە بى ئەتىۋار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق شەھەر ۋە سەھرالاردا ئىززىتى بولمايدۇ. تۈركلەر ھەمىشە ئۇلۇغ ۋە دەستى ئۈستۈن، ئەزىز ھەم ھۆرمەتلىك بولۇپ، ھەممە ۋاقىت غالىپ بولىدۇ. بۇلارغا كىشلەر كەمدىن- كەم غالىپ بولالايدۇ" دىگەن گەپنى نەسەپلىرىدىن چىقارغان ئىدى. ئەۋلىيالارنىڭ سۆزى خۇدانىڭ سۆزىدۇر. ئەۋلىيالارنىڭ سۆزى ھەممە ۋاقىت زاھىر ۋە ئاشكارە بولۇپ كەلگەن.

دۆلەت ئوسمانىيىنىڭ پايتەختى قۇستەنتىيە [180] بولسا ناھايتى ئۇلۇغ، ناھايتى كەڭرى ۋە ئاجايىپ شەھەردۇر. قۇستەنتىيە شەھرىنى سام بىننى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى قۇستەنتىيە دىگەن بىر ئۇلۇغ ئادەم بىنا قىلغان. پۈتۈن يەر يۈزىدە بۇنداق شەھەر يوق. بۇ شەھەر قەدىمقى زاماندا قەيسەرلەر ۋە نىسارىلەرنىڭ تەختگاھى ۋە تايانچ نىشانگاھى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ۋاھەلەنكى، ئالى ئوسمانىيە سۇلتانلىغى دەۋرىدە "ئىستانبول" دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. دۆلەت ئوسمانىيەلەر بولسا قاي خان بىننى كۈن خان بىننى ئوغۇز خان نەسلىدىندۇر. بەزى تارىخ كىتاپلىرىدا ئۇلارنىڭ نەسلىنى قالى ۋە قەۋاي ئەۋلادى دەپمۇ يېزىلغان. ئەمما ئوغۇزخان بولسا قاراخاننىڭ ئوغلى، قاراخان بولسا موغۇلخاننىڭ ئوغلى ۋە تۈرك بىننى يافەسنىڭ نەۋرىسى.

خۇددى ئىلگىرىكى مۇقەددىمىدە زىكىر قىلىنغاندەك، قاراخان كاپىر مۇشرىكتىن ئاللانى بىر دەپ تونۇغان ئوغۇزخان مۇسۇلمان ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ ئۇۋەيسى (تۇغما ئەۋلىيا ئىدى ــ ت ) بىر يۈز يەتمىش يىل قورۇقلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا پادىشالىق قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. ھەر ئوغلىغا خۇداۋەندە كېرىم تۆتتىن ئوغۇل ئاتا قىلدى. ھەر بىر ئوغلىغا بىردىن ئات قويدى. نەتىجىدە بۇلار يىگىرمە تۆت شۆبە، يەنى يىگىرمە تۆت شاخا بولدى. ھەر بىر شاخنىڭ بالا- پەرزەنتلىرى بىر قەبىلە، يەنى بىر ئۇرۇق بولۇپ، بىز پالانى ئۇرۇقدىن بولىمىز دەپ، ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىغا نىسبەت قىلدى دەپ ئىما- ئىشارەت قىلغان ئىدۇق.

تارىخ ھىجرى ئالتە يۈز يىگىرمە ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1225- يىلى) چىنگىزخان غەرپ تەرەپكە سەپەر قىلغان زاماندا، ئۇشبۇقاي قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغى سۇلايمان شاھ قاي [181] دەگەن ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆزىگە تەۋە ئەللىك مىڭ ئۆيلۈك ئەل- ئۇلۇسنى كۆچۈرۈپ، فەرات ۋە دەجلە دەريالىرىدىن ئۆتۈپ، رۇم تەرەپكە بېرىپتۇ. سۇلايمان شاھ قاي بۇلارغا بېك ۋە سەردار بولۇپ تۇرغان چاغلاردا، ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى تۈركىستاننىڭ ماھان دىگەن يېرىدە ئىدى. ئۇ يۇقارقىدەك بالايى ۋەيرانچىلىق ئاپەتلىرىدىن تىنچ ئامان قۇتۇلۇپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئارتۇغرۇلبېك [182] پەم- پاراسەتلىك ۋە ئەقى پاكىز ئاەم بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ بەگلىك قىلىپتۇ. ئۇنىڭ يېشى يۈزگە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ ئوسمان بېك دىگەنىنى ئورنىغا دەسسىتىپتۇ. بۇ ئوسمان بېك سۇلتان ئالائىددىن سەلجۇقنىڭ [183] خىزمىتىنى قىلىپ، نىسارىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، تولا غازاتلارنى قىلىپ، نەچچە شەھەرنى پەتھى قىلغانلىغى ئۈچۈن، ئالائىددىن سەلجۇقى پادىشا خوش بولۇپ، ئۇنىڭغا سۇلتانلىق مەنسەپ بېرىپ، ئاش يەيدىغان، ئاتلىنىدىغان ۋە

ئاتتىن چۈشۈدىغان چاغلاردا ناغرا چېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ناغرا ئەۋەتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئوسمان سۇلتاننىڭ دەرۋازىسىدىن ناغرا ئاۋازى چىقىپتۇ. سۇلتان بۇ نىمە ئاۋاز دەپ سورىغاندا، مۇلازىملىرى پادىشا ئالائىددىن سەلجۇقى نۆۋەت ناغرىسى ئەۋەتىپتۇ. بۇ شۇنىڭ ئاۋازى دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. سۇلتان پادىشالىق ناغرىنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئورنىدىن قوپۇپ ئۈچ قەدەم مېڭىپ، ھەر قەدەمدە بىر تازىم قىلغان ئىكەن. ھالبۇكى، ھەر قاچان نۆۋەت ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈچ قەدەم يۈرۈپ، ئۈچ تازىم قىلىدىغان قائىدە- رەسمىيەت تا بۇ زامانغىچە جارى ۋە باقىدۇر.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بىر قەۋمگە بىر كاتتا ئەمىر باشچىلىق قىلىدىكەن. بۇ ئوسمان بېك زامانغا كەلگەنە، سەلجۇقى پادىشالارنىڭ دۆلىتى بىرلىككە كېلىپ، قەۋملەرنىڭ تارقاقلىغى تامامىغا يەتتى. ئۇلار ئىسلامى شېرىپنىڭ زۇۋال ۋە زەئىپ بولۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، جەمھۇر ئەھلى ئىسلام ئەمىرلىگى ھۆكۈمەتنىڭ تىزگىنىنى ئوسمان سۇلتانغا تاپشۇرۇپ، ھەممىسى ئىتتىپاق بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت ۋە ئىناۋەت قىلىپتۇ. ئۇ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى تامامەن قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە "ئوسمانخان" دەپ لەمەم قويۇپتۇ. دىمەك، بۇ ئوسمانىيە دۆلىتىنىڭ ئەسلى قۇرغۇچىسىدۇر. ئەڭ ئاۋالقى پادىشالىق سۇلتان ئوسمانخاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغانلىغى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خانلىق ئەۋلادىمۇ "ئوسمانىيە سۇلتانلىغى" دەپ ئاتالغان ۋە بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى. ئەرەپلەرنىڭ ئەبجەت ھىساۋى بويىچە "ئوسمانىيە" يىلىدىن باشلاپ ھىساپلانغان ئىكەن. ئوسمانجانمۇ شۇ يىلدىن باشلاپ ئۆز نامىدا پۇل چىقىرىپ، خۇتبە ئوقۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ دۆلەت سەلتەنەتى كۈندىن- كۈنگە زىيادە بولۇپ، پەيھى- ئۇرۇشلارنى كېڭەيتىپ، نەچچە ۋىلايەتنى قولغا كىرگۈزۈپتۇ. يۇرتدارلىق نىزاملىرى، مەملىكەت ئىشلىرى ۋە پۇقراپەرۋەرلىك تۈزۈمى توغرۇلۇق جەمھۇرى دانالارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئېلىپ، قائىدە ۋە قانۇنلارنى تۈزىتىپ، ماقۇل يول- ئۇسلۇپقا سېلىپ، دەستۇرى ئەمەل ئورناتتى. بۇ قائىدە ۋە قانۇنلار، ئۇنىڭ بۈيۈك ئەۋلاتلىرى ئىچىدە تا ھازىرغىچە ھەمىشە جارى قىلىنماقتا. ئوسمانخان توختاتقان بۇ قائىدە ۋە قانۇنلار، قىلچىلىكمۇ بۇۋۇلماي ۋە ئۆزگەرتىلمەي كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ مەنسەپ-، مەرتىۋىلىرى، بايلىق ھەشەمەتلىرى ۋە ئۆز ئالدىغا ھوقۇق- ئىستىقالىرى كۈندىن – كۈنگە زىيادە ۋە ئارتۇق بولۇپ كەلمەكتە.

ئوسمانخان تارىخ ھجرى ئالتە يۈز ئەللىك بەشىنچى يىلى (مىلادى 1257- يىلى – ت) دۇنياغا كەلدى. ئالتە يۈز

توقسان توققۇزىنچى يىلى (1299ـ1300ـ يىلى ــ ت) تەختكە چىقتى. يىگىرمە يەتتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يەتتە يۈز يىگىرمە ئالتىنچى يىلى (1325ـ 1326ـ يىلى ــ يىلى ــ ت) ئۇلۇغلۇق ئالەمگە سەپەر قىلدى. يەتمىش يىل ئۆمۈر كۆردى. ئاندىن كېيىن ئوغلى ئۇرخان تەختتە ئولتۇردى. ئوتتۇز بەش يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى مۇرادخان ئاۋال تەختكە چىقتى. بۇ ناھايىتى باتۇر، شجائەتلىك، يۈرەكلىك كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىگە "خۇداۋەندە كار" (خۇدانىڭ ئىشىنى قىلغۇچى ــ ت) دەپ لەقەم قويدى. رۇم سۇقۇشىدا شېھىت بولدى. ئاندىن كېيىن سۇلتان بايزە يىلدەرەم تەختتە ئولتۇردى. بۇ ئەمىر تېمۇر بىلەن زاماندash ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن جەڭلەر بولغان ئىدى. بۇ ئەھال تارىخ كىتاپلىرىغا يېزىلغان. ئاندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەت خان ئاۋال تەختتە ئولتۇردى. ئالتە يىل ھۆكۈمران قىلدى. ئاندىن كېيىن، مۇرادخان سانى تەختكە چىقتى. ئوتتۇز يىل ھۆكۈم سۈردى. ئىستانبۇلنى پەتھى قىلدى ۋە "مۇھەممەت خان فاتىھ" دەپ ئاتالدى. ناھايىتى داڭدار ۋە مەشھۇر كىشى ئىدى. ئىستانبۇل بۇ زامانغىچە نىسارىلەرنىڭ تەختى تەسەررۇفىدا ئىدى. ئىستانبۇلنىڭ بوي سۇندۇرۇلۇشى ئەبجەتچە "بەلدەتەن – تەييىبەتەن" [185] يىلدىن باشلاپ ھىساپلاندى. بۇ مۇھەممەت خان فاتىھ بولسا ئۇلۇغ ئوسمانلارنىڭ يەتتىنچى سۇلتانى ئىدى.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، بۇ ئۇلۇغ دۆلەت ـ ئوسمانىيە سۇلتانلىرىنىڭ ئىپتىداسى بولغان ئوسمانخان ئاۋالدىن تا بۇ زامانغىچە ئاللانىڭ باقى بەندىسى، ئىتائەتچىسى ۋە ئېھسانى بولغان سۇلتان ئابدۇلھەمىد خان بىننى ئابدۇلمەجىد خان دەۋرىگىچە جەمئىي ئوتتۇز بىر خەلىپە ئالتە يۈز قىرىق بىر يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ كەلدى. ئىسلام پادىشالىرىدىن بولغان ئۇمەييە، ئابباسىيە، سەلجۇقىيە، غەزنەۋىيە، [186] سامانىيە، [187] خۋارەزىم شاھىيە، [188] چىغتائىيە، [189] تېمورىيە [190] ئەۋلاتلىرى قاتارلىق نۇرغۇن پادىشاھى ئىسلاملار ئۆتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ دۆلىتى ئالتە يۈز يىلغا يەتمەپتۇ. چۈنكى، بۇ پادىشالار جەبرى ـ زۇلۇم، ئەيشى ـ ئىشرەتلەرنى كۆپ قىلىپ، نۇرغۇن غەپلەتكە يۇلۇققان. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ دۆلەت سەلتەنەتلىرى ئىنقىرازغا دۇچار بولۇپ، تېزلا زۇۋالىققا يېتىپتۇ. لېكىن، ئوسمانىيە سۇلتانلىغىنىڭ ھەممىلا ئەۋلاتلىرى ئەھلى سۈننەت (سۈننى ــ ت) مەزھىپىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، خەلققە پاراۋانلىق ۋە تىنچىق پەيدا قىلىپ، پۇقرا پەرۋەرلىكتە غەپلەت ۋە سۇسلۇقنى راۋا كۆرمىدى ۋە بۇنىڭغا ئورۇنمۇ بەرمىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە ئىگە بولدى. ئىلاھا بۇ دۆلەت سايىسىنى ھەمىشە بارلىق ئەھلى ئىسلامنىڭ بېشىغا تىكلەپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئاياقلىرىنى پۈتۈن قوشۇنلىرىغا ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن!

مەقسەتكە كەلسەك، رۇم ئانداق ئۇلۇغ شەھەركى، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، سۈپەتلەپ بايان قىلىشقا ئەقىل- پىكىر يەتمەيدۇ. خوش، قەلەمنىڭ يۈرۈشى ئاجىزلىق قىلىدۇ. رۇم شەھىرىنى رۇم بىننى ئەيس بىننى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام [191] بىنا قىلغان دەپ قىلىنىدۇ. رۇم بولسا بىر مەملىكەتكە خاس ئىسىم ئەمەس. بەلكى ئۇ نەچچىلىگەن كاتتا ۋە كەڭرى ئۇلۇغ مەملىكەتتە ۋە ئىقلىمدىن تەركىپ تاپقان. شەھەرنىڭ ئەتراپى ئون ئۈچ تاش مىقدارى قاتارلىق قوش بازىرى بىر تاش مىقدارى كېلىدۇ. قالغان ئەھۋالنى بۇنىڭدىن قىياس قىلغايسىزلەر.

دانىشمەن ئەرباپلارغا مەخپىي قالمىغايكىم، بۇ تارىخچىدا كاشغەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلارنى زىكىر قىلىش بىلەن تەڭ، يەنە قۇستەنتىيە زىكرى ۋە ياخشى سۈپەتلىك نەسەپ دانالىرىنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ بايان قىلىشنى توغرا تاپتۇق. بۇنداق قىلىشتىكى مۇددىئا ۋە غەرەز شۇكى، يەر يۈزىنى ۋە ئىقلىملارنى ئۆلچەپ، تەھقىق ۋە تەپتىش قىلغۇچى قەدىمقى ھۆكۈمالار، رۇم ۋە قۇستەنتىيە قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئالتىنچى ئىقلىم [192] جۈملىدىن دەپ ھىساپلاپ، يەتتە شەييارە ئىچىدىكى ئاتارىد (مىركۇرى ــ ت) سەييارىسىگە مىسبەت قىلىپتۇ. ئالتىنچى ئىقلىمدا بولسا قۇتۇپنىڭ ئېگىزلىگى قىرىق بەش دەرىجە ۋە ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىدە دەپ ھىساپلاپتۇ. قۇستەنتىيە بىلەن موغۇلىستان شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى بۇ ئىقلىمغا تەۋە. ئادەملىرىنىڭ رەڭگى- روپى، خۇي- پېئىلى، كېچە- كۈندۈز سائەتلىرىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى بىردەك- ئوخشاش ئىكەن. شۇنداقلا، بۇ موغۇلىستان شەھەرلىرىدىن بولغان كاشغەر ئەتراپى بولسا، رۇم خاقانى ئەززەملىرى ۋە شاھىنشاھى مۇئەززەملىرىنىڭ ئەمىر- ئىتائەت ۋە ھىمايەتلىرىگە كىرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، رۇم ۋە قۇستەنتىيە زىكرىنى بۇ ۋاراقچىغا كىرگۈزۈش لازىم بولدى.

بۇ كۈنلەردە يەنە بىر ۋەقە يۈز بەردى. يەنى بۇ كۈنلەردە ئورۇسىيە ئىقلىمى ئاق پادىشادىن ئەلچى كەلدى. ئاتالىق غازى ئۇلارنىڭ ئىززەت- ئىكراملىرىنى قىلىپ، ئوبدان ئۇزاتتى. بۇ ئەلچىلەرنىڭ كېلىشىدىكى مەقسىدى شۇكى، ئۇلار ئاتالىق غازى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، ھەتتا ئۇزىگە ئىتائەت ۋە پەرمانبەردار قىلىپ، بۇ يەتتە شەھەر ھۆكۈمىتىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاق پادىشادىن نەچچە قېتىم ئەلچى كەلدى. ئوبدان خىزمىتىنى قىلىپ، جاۋاپ بېرىپ قايتۇردى. ئۇلار يەنە خۇددى ئاق مىچىت ھىلىسىنى يەنە تەكرارلاپ، بىلىق بانىسى بىلەن فەرغانە ۋىلايىتىگە ئىگە بولغاندەك، بۇ يەتتە شەھەرگىمۇ بىر بانا ۋە سەۋەپ بىلەن ئىگە بولغىلى بولامدىكىن دېگەن مەقسەتنى ئويلىغان ئىدى. ئاتالىق غازى ئۇلارغا زادى سىر بەرمىدى. بەلكى، ئۇلارنى كىشلەرگىمۇ

كۈرۈشتۈرمەي ، ناھايتى ئېھتيات ـ مەخپىيەتلىك بىلەن يولغا سالدى.

يەنە بۇ ئارلىقتا فەرەڭ [194] مەلىكىسى فۇرسەت سائىپ [195] دىگەن بىر ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئاتالىق غازى بەن دوستلۇق مۇناستىنى پەيدا قىلىپ خەت يازدى. خەتتە "باشقا دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق قىلماي، بىزگە دوستلۇق قىلسىلا، ئەگەر قورال ـ ياراق ۋە ئەسكەر لازىم بولسا كاشغەردە بىر كونسۇل بىلەن ئون، يىگىرمە مىڭ قوراللىق ئەسكەر توختاتسام، ئەگەر دۈشمەن غەلبە قىلماقچى بولسا، يەنە كۆپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، ھىمايەت ۋە ئىنايەت يەتكۈزسەم، ئەسكەرلەرنىڭ تەمناتىنى تەڭ تۆلىسەك، شۇنداق قىلىپ ئاتمىش يىل ئۆتسە، ئاتمىش يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەتتە شەھەرنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسىلە، ئاندىن بىز سورىساق، شۇ چاغدىمۇ ئەۋلات ـ نەۋرىلىرىگە تەربىيە ۋە شەپقەتلىرىمىزنى ئايىمايمىز. بۇ ھەقتە ئانت ـ ئىمان ۋە ئەھدى ـ پەيمانلىرىمىزنى قاتتىق شەرتلەر بىلەن مۇستەھكەم قىلساق" دىگەن مەزمۇنلار يېزىلغان ئىدى. ئەلچى يېتىپ كېلىپ، ئەلچىلىك قائىدە ـ رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاتالىق غازى ئوبدان خىزمەت ۋە ياخشى زىياپەتلەرنى قىلىپ، بىر نەچچە كۈن مېھمان قىلدى ۋە مەلىكىنىڭ بۇ مۇددىئالىرىنى ماقۇل كۆرمەي، سىلىق سۆزلەر ۋە ئاشكارە گەپلەر بىلەن دوستلۇق قائىدە ـ قانۇنلىرىنى بەرپا قىلىپ، خەت ۋە ئەرز بىلەن ئەلچىلەرنى يولغا سالدى.

بىر تەرەپتىن ئاق پادىشا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ يەتتە شەھەر ھۆكۈمىتىدىن تاما تۇتقان، يەنە بىر تەرەپتىن مەلىكە كونسۇل بىلەن ئەسكەر توختىتىپ ئىنايەت قىلسام دەپ خەت يېزىپ، ئەلچى ئەۋەتكەن كۈنلەردە، فەغفۇرچىنى بۇ قەدىمقى مۈلكىنى يوقلاپ تېپىپ ئالماق ئۈچۈن چېرىك ماڭدۇرۇپتۇ دىگە خەۋەر ئاڭلاندى. بۇ چاغدا ئاتالىق غازى دۆلەت ئەركانلىرى بۇ سەلتەنەت ئەيىالىرىغا "ياخشى مەسلىھەت شۇكى، ئۇ شاھنشاھ، يەر يۈزىنىڭ خەلىپىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى بولغان دۆلەت ئوسمانىيە خىزمەت ئالىلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەرز مەلۇم قىلسام، بىر پادىشا بىلەن يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر ئەۋەتسە، يەتتە شەھەرنى ئۇلۇغ ئوسمانىيە دۆلىتىگە تاپشۇرۇپ ، بۇ ئۇلۇغ شاھنشاھنىڭ تۇزىنى يىگەن كىچىك بىر خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پەلەك ئاستانە بارگاھىنىڭ بوسۇغىسىنى كۆزۈمگە سۈرمە تۇتيا قىلىپ سۈاۋپ، ھەرەمەيىن شېرىپىنىڭ زىيارىتىگە مۇيەسسەر بولسام دىگەن نىيەت ۋە ئارزۇدىن باشقىنى دىلغا سىغدۇرالمايمەن. ئەگەر ۋاقىت پۇرسەت تۇغدۇرسا ئۇشبۇ مۇرادىمغا يەتسەم دەيمەن" دىگەندە، ھەممە دۆلەت ئەركانلىرى ۋە سەلتەنەت ئەئيانلىرى "تولا ئوبدان بولىدۇ" دەپ رازى بولۇپ، ئاپىرىن ئوقۇدى. بۇ چاغدا بېجىن

تەرەپتىن خۇددى قارا چۇمۇلىدەك نۇرغۇن قارا چىرىكلىرىنىڭ قارىسى قامۇلدا كۆرۈندى دېگەن خەۋەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاتالىق غازى قادىر ئاللانىڭ ئىرادە ۋە تەقدىرى بىلەن تۈرپانغا ئاتلاندى. ئوسمانىيە دۆلىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇراد ۋە تەلەپلىرىگە يېتىشكە پۇرسەت بولمىدى. بۇنداق ئالىي دەرىجىگە ئىگە بولغان ئاتالىق غازى بولسا ساھىبنى ئىختىيارلارنىڭ تىزگىن ئىختىيارى، قازا ۋە تەقدىر بارگاھىنىڭ مۇقەددەسلىگى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىپ يوق بولدى. ھەممىگە ئاللا تائاللا ئۆزى قادىر ۋەسسالام!

## 9

## ئۇرۇمچى تۇڭگانلىرىنىڭ كورلا، كۇچار ئەھلىنى ئۆز يۇرتىدىن بەجا قىلىشى، جانابى بەدۆلەت غازى ئاتالىقنى زەپەر قىياپەت قوشۇنلار بىلەن شەرقىي تەرەپكە ۋە تۇڭگانلار ئۇرۇشىغا بەل باغلاپ ئات چاپتۇرغىنى ۋە مۇرات باغچىلىرىدىن مەقسەت گۈللىرىنى مۇرات ۋە مەقسەتتىكىدەك ئۈزگىنى ۋە باشقا ھادىسىلەرنىڭ بايانى

ھەمدەقەم يارەن ۋە زاتلار، ياخشى سۈپەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ خاس دى مەۋجۇدىيەتلىرىگە روشەن ۋە ھىكايە بولغانكى، زامان خەۋەرلىرىنى نەقىل قىلغۇچى ئەخبارلارنىڭ قىسسە ۋە ئەپسانلىرىگە قارىغاندا، جانابى ئاتالىق غازىنىڭ دۆلەت ئىقباللىرى كۈندىن- كۈنگە تەرەققىي قىلىپ يۈكسەلدى. دۆلەت سەلتەنەتتە گويا ئىككىنچى ئەمىر تىمۇر كوراگانى بولدى. شۇنداق قىلىپ يىل ئۆرۈلۈپ، باھار كۈنلىرى كەلدى. سەۋر پەسلىنىڭ ئاخىرى ئىدى. ئۇشتۇمتۇت تۈرپان تەرەپتىن ئۆزى يەنشەي دېگەن ئۇرۇمچى تۇڭگانلىرى سەن تۇر، مەن چاپاي دېگەن يىگىرمە مىڭ تۇڭگانغا باش بولۇپ كېلىپ، كورلا تەۋەسىدە نامايەن بولدى. بۇ چاغ تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن يەتتىنچى يىلى (مىلادى 1870- يىلى ــ ت) ئىدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئاتالىق غازى مىر بابا دادخۋا، ھاجى مىرزا بېشنى كورلىغا بۇيرۇپ، ھاجى مىرزىنى كورلىدا بىر زاكاتخانا سېلىشقا، مىربابا دادخۋانى ئۇششاقتالدەك بىر يەرگە چوڭ قاراۋۇلخانا بىنا قىلىشقا تەيىنلەپ، بۇ جايدا

قاراۋۇل بېگى بىلەن يىگىتلەرنى توختىتىپ، تۇڭگانلار بىلەن پاسىل ئايرىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. لېكىن، ئەۋەتكەن يىگىتلەر ئازلىق قىلىپ، تۇڭگانلار بىلەن باراۋەرلىك قىلالماي، كورلا بېگى ھاجى بەگ باشلىق ھەممىسىلا كۇچارغا قېچىپ كېلىپ، بۇ ۋەھشەت خەۋەرنى خۇددى بىرىنچى ئاسماندا تېز يۈرۈپ سەيىر قىلىدىغان ئايدەك بىر ئىلدام يۈرۈشلۈك ئەرزىچى ئارقىلىق گۇمانى ئاسمان-پەلەكتەك بارگاھىغا يولغا سېلىپ، ئاتالىق غازىغا مەلۇم قىلدى. بۇ خەۋەر يېتىپ بارغان ھامان ئاتلىق غازى ھاكىم خان تۆرەمنىڭ ئىككى مىڭ لەشكىرى بىلەن تۇڭگانلارغا قارىشى جەڭ قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. ئۇ يارلىقنى كۆرۈش بىلەنلا، ئاقسۇنى مىرزا بابابېك زاكاتچى بىلەن مۇھەممەت سەيىد قۇر بېشىغا تاپشۇرۇپ، سەرۋاز، توپ، زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ، كۇچار شەھرىدىن بىر پوتاي قارايىغاچ دېگەن يەردە تۇڭگانلار بىلەن ئۇچراشتى. ئارىدا جەڭ باشلىنىپ، ئاتلىق يىگىتلەر قاچتى، سەرۋازلار جانازلار بىر باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ، پاناقاپ ئوق ئېتىپ، تۇڭگانلارنى يېقىن كەلتۈرمەي تۇران چاغدا، ئۇلارنىڭ دورىلىرى تۈگەپ نائىلاج بولدى. تەرەپ-تەرەپتىن تۇڭگانلار ھۇجۇم قىلىپ، بۇلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ نابۇت قىلىپ، كۇچار شەھرىنى بېسىۋالدى. نەتىجىدە ئىككى مىڭغا يېقىن يىگىت، سەرۋاز زىيان بولدى. ھېكىم خان تۆرەم، ئىسھاق تۆرەم باشلىق ئاتلىق يىگىتلەر قېتىپ چىقىپ ئاقسۇغا كېلەلمەي. باي تەۋەسىدە تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا نۇرغۇن كۇچار ئەھلى بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ يۇلتۇز باغ، مۇقار يولى بىلەن ئاقسۇغا كەلدى. ئاقسۇدا يىگىت، سەرۋاز قالمىغان ئىدى. مىرزا بابابېك زاكاتچى ئاقسۇدىكى ياقا-يۇرتلاردىن كەلگەن مۇساپىر بايلار ۋە سودىگەر بەچچىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، قورال-ياراق بېرىپ، يىگىتلەر قاتارىدا كېچە-كۈندۈز شەھەرنى ساقلاپ، يۇرتتىن خەۋەر ئالدى. كۇچاردىن بولۇپ، نەچچىسىنى نەزەربەنت قىلدى. ئاقسۇ ئىچىمى ساراسىمىگە چۈشتى. شۇ ئارىدا بىرسى "ئاقسۇدىكى تۇڭگانلاردىن كۆپ خەۋەر ئېلىش كېرەك، بىر ئىش پەيدا قىلىپ قويىمىسۇن" دېدى. مىرزا بابابېك زاكاتچى يىگىتلەرنى بۇيرۇپ، "ھەر قانداق جايدىكى تۇڭگانلارنى تۇتۇپ كېلىڭلار" دەپ چىقاردى. بۇلار بېرىپ تىنچ-ئامان ئۆز ھۈنەر-كەسىپلىرىنى قىلىپ تۇرغان ۋە تىرىكچىلىك بىلەن سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئون توققۇز گۇناسىز تۇڭگانلارنى تۇتۇپ كېلىپ قاماپ قويدى. تەكشۈرۈپ كۆرسە، بۇلار تىنچ تۇڭگانلار ئىكەن. ئەمدى سولاپ قويۇپ يەنە قويۇپ بېرىشتىن ئېھتىيات قىلدى. تۇتۇپ كەلمىسەك بولۇپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئېھتىيات ئۈچۈن كاشغەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىككى ھارۋىغا سېلىپ، ئىككى يىگىت قوشۇپ كاشغەرگە ماڭدۇردى. بۇ ۋاقىتتا جانابى ئاتالىق غازى كاشغەردىن ئاتلىنىپ يولغا چىققان كۈنلىرى

ئىكەن. ئاتالىق غازىنىڭ غەززەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ، قاراقچىن دىگەن جايغا كەلگەندە، بۇلار يېتىپ بېرىپ دۇئا قىلىپتۇ. ئاتالىق غازى"بۇ نىمە تۇڭگانىلار ئىكەن" دەپ سورىغاندا، "ئاقۇسدىكى زاكاتچى قۇلىڭىز ئەۋەتتى" دەپ ئەرزنى تۇتۇپ بەرگىچە، بىر هارۋىدىكىلەرنى يولنىڭ بۇ تەرىپىگە، يەنە بىر هارۋىدىكىلەرنى يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە تارتىپ "بۇلارنى سۇيۇپ تاشلا" دەپ جاللاتقا پەرمان قىلىپتۇ ۋە ئون توققۇز بىگۇناھ تۇڭگانىنى سويۇپ تاشلاپتۇ. ئەرزنى كۆرمەپتۇ. ھەتتا قولىغىمۇ ئالماپتۇ. بۇ ھىكايىنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەي يارەن ئەزىزلەر، ئەلھەزەر- ئەلھەزەر ، پادىشانىڭ غەزىۋىدىن باس قىلىپ پانا تىلىمەكلىك بولسا، ئەلۋەتتە مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇ كۈنەرنىڭ ئىچىدە تۇڭگانىلار كۇچاردا توققۇز كۈن تۇرۇپ، بۇلاڭ- تالاڭچىلىقتىن ئىبارەت مۇسۇلمانچىلىق دائىرىسىدىن تاشقىرى بولغان قاناھەت ئىشلارنى ئۆزلىرىگە راۋا دەپ بىلىپ، بىر كېچىدىلا تۇرپانغا قاراپ چىقىپ كېتىپتۇ. كورلىدىمۇ شۇنداق ئىشلارنى بەلكى ئۇنىڭدىمۇ ئارتۇق ئىشلارنى قىلىپ، بۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ دىگەن خەۋەر كەلدى. بۇ چاغدا ئاتالىق غازى مارالۋېشىنىڭ ھاكىمى دەرۋىش مىراخور باشنى يىگىتلىرى بىلەن ھېكىم خان تۆرەمنىڭ كەينىدىن ياردەمگە ئەۋەتكەن ئىدى. ھېكىم خان تۆرەم بىلەن ئىسھاق تۆرەم ۋە مارالۋېشىنىڭ ھاكىمى باشلىق يىگىتلەر كۇچارغا بېرىپ، ۋاپات بولغان يىگىتلەرنى دەپنە قىلدۇرۇپ كۇچاردا تۇردى. بۇ ئەسنادا جانابى شەھىرى يارى ئاتالىق غازى لەشكىرى قىيامەت ئەسكەرلەر بىلەن كېلىپ، ئاقسۇدىكى سارىيىگە چۈشتى ۋە تۇڭگانىلارنىڭ يېنىپ كەلگەنلىگىنى ئاڭلاپ غەزەپ ئوتلىرى خېلى پەسەيدى. لېكىن، مۇسۇلمانىلارنىڭ مال- جانلىرىغا ئىچى ئاغرىپ ناھايىتى خاپا بولدى. ئاقسۇلۇق شەمشىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم ئوغلى باۋاھىدىن ئوغلى ۋە ھادى خەلپەم، مۇھەممەت خوجا خېتىپ ئاخۇن، موللا ئەيسا ئاخۇنلارنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ قەشقەرگە ھەيدىدى. ئاقسۇنى موللا جىيەن مىرزا بېشىغا مەرھەمەت قىلىپ، ئاقسۇدا كاتتا ئودا بىنا قىلىشقا پەرمان بەردى. بۇ جايدا ئون كۈندەك تۇرۇپ، ئەمىرى لەشكەرلەرنى قىل قۇيرۇق قىلىپ ماڭدۇرۇپ، كەينىدىن غەلبە ئۆزەڭگىسىگە ئاياقلىرىنى قويۇپ كۇچارغا باردى. ھېكىم خان تۆرەمگە كايىپ، تۇرپانغا بىللە ئېلىپ ماڭدى. ھەمدە باتۇر بېشى، مىر بىربا دادخوۋالارغا كايىپ مەخپى يۇقاتتى. بۇلارنىڭ نەگە بارغانلىگىنى ۋە نىمە بولغانلىغىنى كىشى كۆرمىدى ۋە بىلەلمىدى.

ئاندىن جانابى ئاللىرى سەككىز ئەمىرى لەشكەرگە سەككىزدىن پانسەت ۋە ھەر بىر پانسەتكە بەشتىن يۈز بېشى

تەيىن قىلىپ، ئۆزىگە خاس مەھرەم، ياساۋۇللار بولۇپ دەپتەرگە ئېلىنغان يىگىرمە بىش مىڭ يىگىت، سەرۋاز قاتارلىق مۇكەممەل قوراللانغان تەييارىلار بىلەن راۋان بولدى. قۇشچى، پىلتىرچى، بازارچىلار بۇ ھىساپ دەپتەردىن تاشقىرى ئىدى. ھەر بىر ئەمرى لەشكەرنىڭ شەنى گويا پادىشاھى ئەزەملىرىگە ئوخشايتى. پانسەتلەرنىڭ سۆلتى بولسا گويا ھاكىمى ۋىلايەتلەردىن زىيادە ئىدى. قالغان سۆلەت، ھەشەمەتلىرى بولسا ئۆز ئورنىدا زىكىر قىلىندى. بۇلارنىڭ كەينىدىن بىر پانسەت ئارلىقى مىقدارى قۇر بىشى، جاللاتلار ۋە مۇرشاپ غەزەپخۇۋالار بىلەن نەچچە ھارۋىدا گۇناكارنى ماڭدۇردى. بۇ گۇناكارلارنىڭ بەزىلىرى بويىنىغا غول زەنجىر بېكىتىلگەن، بەزىلىرى تۆمۈر ھالقا بىلەن ھارىۋىغا باشلانغان، بەزلىرى ھارۋا ئىچىدە مۇستەھكەم ئىشكال بىلەن بەنت قىلىنغان ئىدى. ھارۋىلار بولسا تۆمۈر سىم بىلەن تورلانغان بولۇپ، ئەتراپىدا ئايپالتا ۋە كىچىك پالتىلارنى دىۋەيلەپ كۆتەرگەن جاللاتلار ھازىر ئىدى. يەنە بىر پانسەت ئارلىقى مىقدارى بەگگە، قەلەندەر- دىۋانە، باكارچىلار توپ- توپ بولۇپ، ئەلەم، بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ، نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلارنىڭ كەينىدىن پىيادە ياكى ئاتلىق يۈرۈپ، چۈشكەن مەنزىللەردە دائىم چەت- ياقا جايلارغا چۈشۈپ، ھەر ئەتىگەندە قوشۇنلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئارىلاپ "خۇدا ھەققى بىر نەرسە بىرىڭلار" دەپ تىلەمچىلىك قىلى، نەزىر- سەدىقىلىرى بولسا ئېلىپ، ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىپ، ئاقساقال- بوۋىلىرىنىڭ ئەمرى ئىتائىتىدە تۇراتتى. جانابى ئالىلىرى كىيىم تارقاتقان چاغدا، بۇلارغىمۇ كۆلا، تەڭگە، تىللالارنى بەخش قىلىپ، ئۆز لايىغىدا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنى خۇش ۋە مىننەدار قىلار ئىدى. ئەمما بۇلار مەمۇرى تەپتىش ۋە ھىساپ- ھۆكۈمدىن خالى ئىدى. باشقا نۇسرەت قىياپەتلىك ئەسكەرلەرنىڭ سۆلەت ۋە ھەشەمەتلىرىنى بۇنىڭدىن قىياس قىلىپ مۇلاھىزە قىلغايسىزلەر.

ئاتالىق غازى چىدىر- بارگاھلىرىنى تىكىدىغان جايغا ئىككى كۈن ئىلگىرىلا رەستە- بازار قىلدۇرۇپ، گۆش- ياش، گۈرۈچ، بۇغۇز، نان- تۇقاچ، ئوت، ئوتۇن ۋە ھەر خىل كۆكتات، مىۋە، ھالۋا، يەل- يىمىش، قەندەلەت، ھەر خىل مەئجۇن، مۇرابىا، خوش كەيىپ دورىلار قاتارلىق شەھەردە تېپىلمايدىغان نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ، قوشۇن بازارلىرىدا تەييار قىلدۇرۇپ تۇراتتى. مەيلى كۆل، يۇرتلار ئىچى ياكى چۆل ۋە تاغلاردىنمۇ بۇ ئەھۋال ھامان مۇشۇنداق بولۇپ تۇراتتى. ھەر زامان ۋە ھەرقانداق سەپەرگە ئاتلانسا، بىللە ماڭىدىغان ئەللىك ھارۋىدا تىللا، ئاق تەڭگە، كۈمۈش ۋە يەنە ئەللىك ھارۋىدا قىزىل پۇل، چاقا پۇل، ئىككى يۈز نار تۆگىدە ھەر خىل خاس توۋان، جۇۋا، شىم، تەلپەك ۋە ئۆتۈك،

ئىككى يۈز تۆگىدە مۈكەممەل ئىگەر، توقۇم قاتارلىق ئات جابدۇقلىرى، بەش يۈزى مۈكەممەل ئىگەر، جابدۇقلار بىلەن تەييارلانغان ۋە بەش يۈزى يەلپۈش، كۆرپىچىلەر بىلەن راسلانغان يايداق ئات، جەمئىي مىڭ ئاتنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. ھەر بىر ئاتنى بىر قول يېتىلەپ ماڭاتتى. بۇ ئاتنى ئېتى ئۆلۈپ پىيادە يىگىتلەرگە ئىنئام قىلاتتى. ئۆزىگە خاس نەچچە هارۋىدا بورداق- سېمىز قازاق ۋە ھىسارى قويلىرى، نەچچە هارۋىدا توخۇ، تۇخۇم، نەچچە هارۋىدا قوي يېغى، سۈ يېغى ، نەچچە هارۋىدا كولال تونۇر، نەچچە هارۋىدا كەتمەن، پالتا، چوتك، چىراق، شامدان ۋە نەچچە هارۋىدا چوڭ- كىچىك سۈپۈرگە ھازىر ئىدى. چوڭ تۇغلۇق ئەمرى لەشكەر، پانسەتلەرنىڭ بولۇپ جەمئىي بەش يۈزدىن زىيادە سۇچى- مىشكاپچىلار مەشلەرگە سۇ تولدۇرۇپ، ئاتلىق كۆتۈرۈپ يۈرەر ئىدى. مەيلى كۆلدە بولسۇن ياكى چۆلدە بولسۇن ۋە سۇ- دەريالىق مەھەللىلەردە بولسۇن، ياكى بىر جايدا تۇرغاندا ياكى سەپەردە بولسۇن، مەشلىرىدىن زادى سۇ كەم بولمايتى. بارگاھ ئاللىرىنى قاچان قەيەرگە تىككەن بولسۇن، ئاشقان سۇلاردىن بارگاھا ئالدىغا سېپەر ئىدى. يەنە تۆت مىڭ ياكى بەشمىڭ قوي، سىغىر ئىنەك،موزاي، توپاقلارنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە چوڭلار باشلىق ھەممە يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا يېڭى قايماق بىلەن ناشتىلىق شىرە- چاي، يۇمشاق ۋە ئىسسىق نان، گۈلچە، تۇقاچ، قەن، لەززەتلىك ھالۋا، رىشالە، تەمى شىرىن شويلا، شوۋاگۇرۇز قاتارلىق تاماقلار بىلەن پاكىز، خۇش پۇراق چايلارنى ئېلىپ چىقاتتى. ئاش قىلىدىغان بورچىخانىلىرى ئىككى قاتاردىن بولۇپ، ھەر كۈنى بىر قاتارغا نۆۋەت كېلەتتى. ھەر بىر مەنزىلگە يەتكەندە ئاشلارنى تەييارلاپ تۇراتتى. ھازىر بولغان چوڭ- كىچىك ئەمرى لەشكەرلەر، ئەمرائىلەر، پانسەت، ياساۋۇل، مەھرەم قاتارلىقلارغا بارغان ھامان تەڭ- باراۋەر ئاش تارتاتتى.

جانابى ئاللىنىڭ دەستۇرخانلىرى شۇ قەدەر كەڭ ئىدىكى، قاغا، پاختەك، قۇشقاش قاتارلىق ياۋايى ئۇچار جانىۋارلارغىمۇ تۇرغاندا ۋە سەپەردە بېرىدىغان بىر توققۇز تاۋاق ئاشلىرى بار ئىدى. بۇنىڭغا نەچچە مەھرەم ۋە ياساۋۇللار مەسئۇل ئىدى. ھەر كۈنلىگى يىگىتلەرگە ئاش تارتقاندا، تاۋاقلارغا ئاش ئۇسۇپ، ئۈستىگە گۆش قويۇپ، پارچە- پارچە توغراپ، جانابى ئاللىرىنىڭ كۆز ئالدىدا، ئوردا ئالى سەھنىلىرىدە ياكى بارگاھ ئالدىدا قويۇپ بېرەتتى. ئاشقا ياكى قولغا كۆنگەن قاغا، پاختەكلەر تاما قىلىپ سايراپ بولۇپ، ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك ياراتقۇچى ۋە رىسقى بەرگۈچى مۇقەددەس ئاللا دەرگاھىغا ئۆز تىللىرى بىلەن تەشەككۇر ۋە مەدھىلەرنى ئوقۇپ، ئاندىن ئۇچۇپ كېتەر ئىدى. بۇلارغا ھېچقانداق ئادەم دەخلى قىلىپ تېگىشمەيتى. دېمەك، جانابى ئاللىنىڭ دەرستۇرخان ۋە تۈرلۈك نىمەتلىرىدىن بۇ

خىل مەخلۇق ـ جاندارلارمۇ پەيدا كۆرۈپ، بەھرىمەن بولۇپ، ناتۇمەت ۋە ناماھرەم قالمايتى. جانابى ئاللىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاشخانىلىرىغا ھەر كۈنلىگى ئاتمىش چارەك گۈرۈچ دەرىپ قىلاتتى. ھەر بىر ئەمىرى لەشكەر پانسەتلەرنىڭ بۇرچخانىلىرىغمۇ ئەنە شۇنداق ئالاھىدە خىراجەتلەر سەرىپ قىلىناتتى. ھاكىملار يۇرتى ۋە ۋىلايەتلىرىدىن ھەر كۈنلىگى ئىككى، ئۈچ يۈز ئىشەكتە گۈرۈچ، تۆت يۈز ياكى بەش يۈز ئات ھارۋىدا ئوتۇن، بوغۇز كەم بولماي ۋە ئۆكسۈمەي يېتىپ كېلىپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، سائادەت ئۈچار، دۆلەتيار ۋە پەكەك قىياپەتلىك مۇھەممەت ياقۇپ بېك غازى ئەنە شۇنداق داغدۇغا ۋە ھەشەمەت بىلەن مەنزىلمۇ مەنزىل يۈرۈپ، مۇبارەك بارگاھىنى كۇچار تەختگاھى ئۇستىگە تىكلىدى. ئۇ پەزىلەت ۋە ھۆرمەت ئىگىسى بولغان جانابى مۇھەممەت ئەنھەزرەت ئەلەيھىسسالات زاماندىن بۇ زامانغىچە بولغان ئارلىقتا، بۇ موغۇلىستان يۇرتىدا ئىسلام ئىچىقان پادىشالار، مۇھەممەت ياقۇپ بېك غازىدەك سۆلەت ۋە ھەشەمەت بىلەن جەمئىيەت پەيدا قىلىپ، بۇ يولدا ماڭغانلىقىنى ھېچ زاماندا بىرەر ئىنساننىڭ قولىغى ئاڭلىمىغان ياكى كۆزى كۆرمىگەن ئىدى. ئاتالىق غازى كۇچاردىن ئىسھاق خوجامنى تەئەلۇقاتلىرى بىلەن كۆچۈرۈپ، ياركەنتكە ئەۋەتىپ، شاغاۋۇل دادخۋاغا تاپشۇرۇپ، ئايلىق ۋە يىللىق مائاش ـ ۋەزىپە تەيىنلىدى. توختى ئىشىك ئاغا بىكنىمۇ ئورنىدىن ئېلىپ ، يەككە يىگىت قاتارىدا قىلىپ قويىدى. كۇچارنى نار مۇھەممەت پەرۋانىچىغا مەرھەمەت قىلدى. ئاندىن كۇچاردىن ئاتلىنىپ، كورلىنى مەقام مەنزىل قىلىپ، نىياز مۇھەممەت توقسا بىيىنى كورلىغا ھاكىم قىلدى. بۇ شاتلىق ئۇستىگە پاراغەتلىك پەيدا بولغان زاماندا، كورلا، كۇچاردا بۇلاڭ ـ تالاڭغا يۇلۇقۇپ، پۇل ـ ماللىرىدىن ئاجراپ، پەقىر يوقسۇزلۇق كوچىلىرىغا كىرىپ قالغان، ھەيران ۋە سەرگەردان مۇجاۋۇر ـ مۇساپىر سودىگەر بايلار يىغلاپ ـ يىغلاپ، ئۆزلىرىنى يەرگە تاشلاپ، ئەرز ـ ھالىنى مەلۇم قىلدى. ئاتالىق غازى مەرھەمەت قىلىپ، بەزىلىرىگە تون ـ كېچەك، بەزىلىرىگە پۇل، تىللا ئاتا قىلىپ،" سىزلەرگە ۋابال بولغانلىقىنى ئاڭلاپ بىلدىم، ئەمدى پۇلۇڭلارنى غەزنىدىن بەرسەم، دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار، مىرزا چىقىرىمەن، دەسمايە پۇلۇڭلارنى راستى بىلەن خەتلەپ بېرىڭلار، شۇنىڭغا قاراپ پۇل بېرىمەن" دەپ يارلىق چۈشۈرۈپ، زەيىنۇلئابىدىن مەخزۇم مىرزا بېشىنى چىقاردى. بەزىلىرى راستىنى خەتلەيتى، بەزىلىرى بولسا بىرنى ئون قىلىپ كۆرستەتتى. جانىبى غازى بەدۆلەت پاراسەت نۇرى بىلەن ئۇلارنىڭ يالغان ۋە خىيانەت قىلغانلىقىنى پەملەپ "قۇرئان پەتىھى بولغاندىن كېيىن بېرىمىز، دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار" دەپ ئىلتىپات قىلدى. گەپنىڭ

خۇلاسىسى شكى، تۇرپان ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۆلىمائى ئىسلاملاردىن پەتىۋا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى دۆلەتخانا ئالىغا تاپشۇرغان زاكاتلىرىنىڭ سانىغا قاراپ، پەتىۋا بويىچە پۇل بەردى.

ئەلقىسسە، جانابى ئالى بەدۆلەت ئۈششاقتالدىن يۈرۈپ قاراقچىنغا بارغاندا، ئۆمەر قۇل ئەمرى، ئۆمەر قۇل ئەمرى لەشكەرنى پانسەتلىرى بىلەن پىلانلىق يولى ئارقىلىق توخسۇنغا بۇيرۇدى. ئابدۇللا ئەمرى لەشكەرلىرىنى پانسەت ۋە يىگىتلىرى بىلەن ئايغىر بۇلاق يولى ئارقىلىق توخسۇنغا يارلىق قىلدى. ھەر ئىككى ئەمرى لەشكەر ئىككى تەرەپتىن تەڭ باراۋەر توخسۇندىكى تۇڭگانىلارنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ، جەڭ ـ جىدەللەرنى قىلىپ، غەلبە بىلەن توخسۇننى قولغا كىرگۈزدى. بۇ يەردە ئىككى مىڭچە تۇڭگانى بار ئىكەن. ئىككى يۈزچىسى جېنىنى جايلاپ تۇرپانغا قاچتى. قالغانلىرى تىغ سياسەتتىن ئۆتتى. شۇ ھالدا جانابى ئالى تۇرپانغا بېرىپ، بارگاھى ئالىلىرىنى داداڭ دىگەن جايغا تىكلىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، تۇرپان شەھرىدىن يەمشى دىگەن جايغا ئالتە مىڭ تۇڭگانى چىقىپ ئۇرۇش قىلدى. قاتتىق جەڭلەر بولدى.ئاخىرى تۇڭگانىلار قاتتىق جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، ئاز بىر قىسمى ئۆزىنى شەھەرگە ئالدى. قالغانلىرى بولسا تىغ سياسەت ۋە غەزەپ قەھرىيەت بىلەن يوق بولدى. دادوڭ دىگەن جاي بولسا شامال ـ بورانىنىڭ كان ـ مەدەنى ئىكەن. بۇ جايدا تۇرغىلى بولماي، چېدىر ـ بارگاھلىرىنى يار دىگەن مەنزىلگە تىكتى. ئۇرۇمچىدىكى داۋۇد خەلپە يەنى لورىن جا دىگەننىڭ ئون يەتتە مىڭ نامدار تۇڭگانىلىرى تۇرپاندىكى تۇڭگانىلارغا يار ـ مەدەت بولۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، تۆت كۈندىن كېيىن يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن تۇرپاندىكى تۇڭگانىلارمۇ خەۋەردار ئىكەن. نەتىجىدە سەككىز مىڭ تۇڭگانى شەھەردىن چىقىپ قارىسىنى كۆرسىتىپ ئاتالىق غازىنىڭ نۇسرەت قىياپەتلىك قوشۇنلىرىنى ئىككى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا ئالماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئۆمەر قۇل ئەمرى لەشكەر بىلەن ئابدۇللا ئەمرى لەشكەر ئىككى تەرەپكە تەڭ باراۋەر جەڭگە چىقتى. باشقا ئەمرى لەشكەر ۋە پانسەتلەرنىڭ ھەر بىرىمۇ خۇددى رۇستەمى ساستان [196] ۋە سام [197] نەرىماندىن [198] زىيادە باتۇرلۇق ۋە جاسارەتلىك كۆرسەتتى. ئاقىۋەت ئۇرۇشنىڭ غەلبە ئىشىگى نۇسرەت قىياپەت قوشۇنلار تەرەپكە ئېچىلدى. تۇڭگانىلارنىڭ ئاز بىر قىسمى جېنىنى ئۆز يۇرتىغا ئالدى. قالغانلىرى بولسا ئولجا ـ ئەسىر چۈشۈپ، كەتسە ـ كەلمەسلەرنىڭ كەينىدىن راۋان بولدى.

ئاندىن كېيىن، ئاتالىق غازى چېدىر ـ بارگاھ ۋە ئۆي ـ ياتاقلىرىنى تۇرپان شەھرىگە بەش يول مەنزىلى مىقدارى بىر يەرگە تىكىپ، ئەتراپىغا خەندەك، سېپىل، قوختا، دەرۋازىلار ۋە پوتەيلەرنى سالدۇرۇپ مۇستەھكەملەپ، بىر قوشۇن

شەھىرى پەيدا قىلدى. ھەممە چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار، يىگىت، سەرۋازلارنى سىپىلىنىڭ ئىچىگە ئالدى. ھەر كېچىدە بىر پانسەت بەش يۈز يىگىتى بىلەن نۆۋەتلىشىپ بۇ شەھەرنى چۆرىدەپ ساقتاللىق (ساقچىلىق ـ ت) ۋە پاسىبانلىق قىلدىغان بولدى. بازارچىلاردىن بىرمۇنچىسى بۇ شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا قار، يامغۇر، شامال، شۇئرغان، ئىسسىق ۋە سوغاقتىن پانا بولغۇدەك جاي - ماكان تەييارلىدى. لېكىن تۇرپان شەھىرى ئېلىنماي، مۇھاسىرىسى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ھەر ھەپتە ئون كۈندە نۇرغان تۆگىلار شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىپ، باراۋەرلىك قىلالماي ، يەنە شەھەرگە كىرىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا لۈكچىن تۆگىلىرى گېپىنى بىر قىلىپ، ئىتائەتتىن چىقىپ، جەڭ - مۇھارىبىگە تەييارلاندى. ئاتالىق غازى ئۆمەر قۇل ئەمىرى لەشكەر ۋە ئابدۇللا ئەمىرى لەشكەرلەرنى تەۋە يىگىتى بىلەن كۆنچىنگە بۇيرۇدى. بۇلار يېتىپ بېرىپ، ئۇرۇش - جەڭلەرنى قىلىپ، لۈكچىننى غەلبە بىلەن قولغا كىرگۈزۈپ، تېخى ئەمدىلا غىزا - تاماقنى قول ئۈزتىپ تۇرغاندا، ھايال بولماي دەرھەمەل يېتىپ كېلىشلار دىگەن ئىنايەتنامە ئالى كەلدى. بۇلار كەلسە ئۇرۇمچىدىن يەنە ئون ئىككى مىڭ تۆگىنى كەلگەن ئىكەن. ئەمىرى لەشكەر كەلگەن ھامان ئۇرۇشقا كىرىشتى. ئاخىرى بۇ تۆگىلارنىمۇ ئوتتۇردىن كۆتۈرۈپ، ئاللا دەرگاھىغا شۈكرى - سانالارنى بەجا كەلتۈرۈپ تۇرغان كۈنلەردە، ئەمىرى لەشكەر ئاۋغان خەيىر مۇھەممەت توپچىدار ئالدىن يۈز ئۆرۈپ، تۆگىلار شەھىرگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. تۆگىلارنى قورقماي ۋە ئەيمەنمەي جەڭ - جىدەلگە تەرغىب قىلىپ كۈشكۈرتۈپ، تولا ھەرىكەتلەرنى قىلدى. بىر كېچىدە خەيىر مۇھەممەت نۇرغۇن تۆگىلارنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ قوشۇن شەھىرگە چىقتى. بۇ ئىشتىن جامدار دادخۋا خەۋەردار بولۇپ، ئالدىراشلىقتا توپ، زەمبىرەكلەرگە ئاق تەگكە، چاقا پۇلالرنى سىلىپ بىرمۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرمۇنچىسىنى قولغا تىرىك چۈشۈرۈپ يوق قىلدى. خەيىر مۇھەممەت توپچىدار زەخمدار بولۇپ، ئۆزىنى تۆگىلار ئىچىگە ئالدى. سەرەنجام بولغاندىن كېيىن سەرھساپ قىلىپ كۆرسە، ئىراۋۇلچى يىگىتلەردىن پەقەت يىگىرىمە - ئوتتۇزىلا ئۇخلاپ قالغان يېرىدە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. باشقىلىرى كېلىپ توپقا قوشۇلۇپتۇ. باشقا زىيان - زەخمەت بولماپتۇ.

جانابى ئالى مېھرىۋانلىق بىلەن جامدار داخۋادىن"بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەدىن قانداق يىگىت خەۋەر تېپىپ ئاگاھ قىلدى " دەپ سورىغاندا، ئۇ "ئىككى ئاۋغان يىگىتى ئاگاھ قىلدى" دەپ مەلۇم قىلدى. مەزكۇر ئىككى ئاۋغان يىگىتتىن "قانداق خەۋەر تېپىپ خەۋەر بەردىڭلار " دەپ سورىغاندا، ئۇلار" گۇنايىمىزنى ئەپۇ قىلسىلا، ئاندىن مەلۇم قىلساق" دىدى. ئاتالىق غازى "ئەپۇ قىلدىم" دەپ ئىلتىپات كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۇلار "بىز بەڭ تارتماقچى بولۇپ،

ئوت ئىزدەپ چېدىرغا باردۇق. ئوت تاپالماي يېنىپ كېلىۋېتىپ غەيرى مۇخالىق ئادەملەرنى كۆردۇق – دە، جامدار دادخۇانى ئاگاھ قىلدۇق" دەپ مەلۇم قىلدى. ئاتالىق غازى بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەك – نەشە چەككەن ئادەملەرنى كۆرسە ئازاپ – ئەلەم قىلاتتى. ھەتتا يوق قىلاتتى. بۇ كۈندىن باشلاپ بەك – نەشە چېكىشكە ئىجازەت بەردى. چۈنكى، بەڭگىلەر بەك خۇماردا ئۇخلىمايدىكەن. ئاتالىق غازى مەرھەمەت ئەيلەپ ئىككى ئاۋغاننى توپچىلارغا يۈز بېشى قىلىپ، ئالاھىدە ئات جابدۇغى، زەر باسقان تون، ئالاھىدە يۈز بېشى قىلىپ، ئالاھىدە چېدىر قاتارلىقلارنى ئىنئام قىلىپ، يارلىق بىلەن ئۇرنىنى كۆتۈردى.

شۇ كېچىشى ئاجايىپ بىر كېچە بولغان ئىدىكى، جانابى ئاتالىق غازى باشلىق ھەممە قوشۇنغا ئۇيقۇ لەشكىرى غالىپلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇيغۇ ۋە ھەرىكەتلىرىنى تالان – تاراج قىلىپ، قوشۇنلارنى ئوتتۇردىن كۆتۈرۈپ پاراكەندە قىلشقا تاسلا قالغان بىر كېچە ئىكەن. لېكىن بۇلارنى خۇداۋەندە كېرىم ئۆز مۇھاپىزىتى ئىچىدە ساقلاپتۇ. شۇڭلاشقا، ھەممىسى قەدىر ئاۋال نەزىر – سەدىقىلەرنى بېرىپ، ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇغىغا شۈكرى – سانالارنى ئادا قىلىشتى. ئاندىن كېيىن تۇرپاننىڭ چوڭلىرىدىن ئابدۇلقاھھار بېك، خوجا ئابدۇللا بېكلەر ئۆز غەللە مەھسۇلاتلىرىدىن كەڭرى ئاق، قارا ئاشلىقلارنى غەلبە قىياپەت قوشۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، كۆپ خىزمەتلەرنى قىلدى ۋە جانابى ئالىنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىدىن ئۆتۈپ، بۈيۈك يارلىق ئاللىرىغا بەھرىمەن ۋە مەمنۇن بولۇپ كۆتۈرۈلدى.

گەپنىڭ ھاسىلى، تۇرپان شەھىرى تولۇق توققۇز ئاي مۇھاسىرىدە ياتتى. ھېچ پەتھى مۇيەسسەر بولمايتى، تۇڭگانلارمۇ قامالدا قېلىپ كۆپ تەڭلىك تارتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسلا بىر نىيەت بىلەن كاتتا خانىقالىرىغا جەم بولۇپ، يىغىشۋاشتىن ئەھدى – پەيمانلارنى مەھكەم قىلىپ، ئاللاغا تۇۋا قىلىپ يالۋۇرۇپ، جان – دىلى بىلەن ئاتالىق غازىنىڭ نۇسرەت نىياپەتلىك قوشۇنلىرىغا ئۆزلىرىنى پەرۋانىدەك ئۇرماقچى بولۇپ، مەسلىھەتلىرشىپ تۇرغاندا، جامدار دادخۇا تۇرپاندا قويدۇرغان بىر كاتتا بام توپنى سىناپ كۆرمەك ئۈچۈن، ئوق سېلىپ، بىر ئەتىگەنلىگەى تۇڭگان شەھرىگە قارىتىپ ئاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ چاچما ئوقىمۇ رەسمىي بىر قازاندەك بار ئىكەن. بۇ چاچما ئوق بېرىپ تۇڭگانلار مەسلىھەتلىشىپ تۇرغان خانىقا ئىچىگە چۈشۈپ، يېرىلىپ نەچچە پارچە بولۇپ نۇرغۇن تۇڭگاننى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىپتۇ. بەزىلىرىنى زەخمىدار قىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ تۇڭگانلارنىڭ كۆڭلىگە ئالەمنى غايىپتىن قورقۇنچ ھەم ھەھشەت زىل – زىلىسى چۈشۈپ، بۇ لاۋ پادىشا ئۇلۇغ ئىكەن. بىزنىڭ يامان نىيەت قىلغانلىقىمىزنى بىلىپ، بىزگە ئوق ئاتتى

دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئەمدى بولمىدى، ئامانلىق تىلەپ كىشى چىقىرىپ ئىتائەت ۋە بەيئەت قىلايلى دەپ مەسلىھەتلىشىپ، مۇددىئا ۋە غەرەزلىرىنى بىر- بىرلەپ بايان ۋە ئىزھار قىلىپ، بوي سۇنۇپ، باش ئەگمەكچى بولۇپ ئەلچى چىقاردى. جانابى ئالى ئۇلارنىڭ ئىلتىجا ۋە ئىلتىماسلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ قوبۇل تۇتۇپ، مەرھەمەت قىلدى. تۇڭگانلارنىڭ ئۇلۇغى سۇ يەنشەي باشلىق ھەممە تۇڭگانى قورال- ياراقلىرىنى بويىنغا ئېسىپ، گۇمانى پەلەك دەرگاھىغا ئۈزلىرىنى تاشلىدى. مۇلازىم ۋە دۆلەتخۇالارنى ئېلىپ كېلىپ، دۆلەت ئاللىرىنىڭ كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئىگە بولدى. ئاتالىق غازى سۇ يەنشەينىڭ باشلىق ھەممە تۇڭگاننى مېھمان قىلىپ، زىياپەت بېرىپ، تون- كېچەكلەرنى ئىنئام قىلىپ، ھەممىسىنى خاتىرجەم قىلىپ، پەرمانبەردار قىلدى، گەپىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئاتالىق غازى ئەنە شۇنداق يوللار بىلەن مەقسەتكە يېتىپ، تۇرپان شەھىرىنى بوي سۇندۇردى. ھېكىم خان تۆرەمنى مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ مەرھەمەت قىلدى. ھەيدەر قۇلى پانسەتنى ئەمىرى لەشكەر قىلىپ بەردى. تۇرپانلىق خوجا ئابدۇللا بېكنى سەركار. قازى سۇرخ ئاب بېنى قازى كالان قىلىپ، يارلىق نىشانلار بىلەن بېكىتتى. ئادىن تۇرپان ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئاۋالقى داستاندا بايان قىلىنغان سايراملىق مەسۇم خان خوجام ۋە تۇرپانغا ھاكىم بولغان ۋەيىد خەلىپىلەر تۇڭگانلار ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇلارغا كۆپ خىزمەتلەرنى قىلىپ، كۆپ يىگىتلەرنى زىيانغا ئۇچراتقان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇلارغا كايىپ، گۇناھكار قىلىپ، مەسۇمخان تۆرەمنى كورلىدا يوق قىلدى. ۋەيىد خەلىپىنى باي ھاكىمى ئەخەت بېككە ئەۋەتىپ، بۇ ئالى ئەمىر بويىچە ئەخمەت بېك ۋەيىدنى ئۆز قولى بىلەن سويدى. لېكىن ئەخمەت بېك كىچىسى ۋەيىد قولىغا پىچاق ئېلىپ قوغلاپ يۈرگەن بىر چۈش كۆرگۈپ قورقۇپ كېتىپ، يەتتە كۈن يېتىپ ئۆلدى. ئاغاچەسى نىيازخان باي، سايرامنى ئالتە ئاي سوردى. ئاندىن كېيىن باي، سايرامنى مۇھەممەت ئىمىن توقسابەغە ئىنايەت قىلدى – ۋەسسالام.

## 10

## ئاتالىق غازى بەدۆلەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تەرەپكە ئاتلىنىپ پەتھگە مۇيەسسەر بولۇشى، نەنسەندىكى ختايلار ئۇلۇغى شى- شى گۇڭنىڭ [199]، ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلىش ھەم

# تۆۋگانىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ بۈيۈك غەلىبىگەى ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ ئىززەت - ئىكرام تامامىدىن كېيىن ئۆز تەختىگاھىغا قايتىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ بايانى

قۇدرەتلىك ئەزىز يارەنلەر ۋە لەززەت تەمىنى بىلدىغان بۇرادەرلەرنىڭ يېقىن ئالى كۆڭۈللىرىگە روشەن ۋە ئىزھار بولغايكى، بۇنداق قىسسە ۋە ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، ئۇ شەھرىيار ئاتالىق غازى تۇرپان ۋە لۈكچىن غازاتلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، بۇ جايدا ئون ئاي مىقدارى ئىستىقامەت قىلدى. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى لورۇن جا يەنى داۋۇد خەلىپە دىگەن ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تەۋە تۆۋگانىلار ئىچىدە گويا بىر شانى - شەۋكەتلىك ئۇلۇغ پادىشا بەلكى مۇستەقىل خانلاردەك ئورۇنغا ئىگە بولدى. ئۇ نەچچە قېتىم لەشكەر ئەۋەتىرىپ جەڭ - مۇھارىبە قىلدى. بەزىدە ئاشناچىلىق يىپىنى باغلاپ خەت - ئالاقە ۋە بېرىش - كېلىشلەرنى قىلىپ تۇردى. بۇ چاغدا جانابى ئاتالىق غازى ئەزىم پانسەتكە يەنە تۆت پانسەتنى قوشۇپ، بىر مىڭ بەش يۈز يىگىت بىلەن ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلىپىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ئىدى. داۋۇد خەلىپە بۇنى ئاڭلاپ، ئالدىغا كىشى چىقىرىپ، ئىززەت - ئىكراملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ، كەڭرى چۈشكۈن - قۇنئالغۇ چىقىرىپ، ئوبدان خاتىرجەم قىلدى. لېكىن، ناماز شام بولغاندا، نۇرغۇن تۆۋگانىنى ئەۋەتىپ بۇشاڭغۇ ۋە بىپەرۋالىق بىلەن تۇرغان يىگىتلەرگە بىرلا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن يىگىتنى يوق قىلدى. مەزكۇر پانسەتلەر تۆت يۈزچە يىگىتى بىلەن جېنىنى جايلاپ، ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك بارگاھىغا ئۆزىنى ئالدى.

شۇنداقلا، بۇ چاغدا، ئۈرۈمچى بىلەن يۇلتۇز ئارىسىدىكى نەنسەن دىگەن جايدا ئون مىڭ ئۆيلۈكتىن كۆپرەك خىتاي بار ئىدى. بۇلار ئىسھاق خوجامنىڭ قىرغىنچىلىغىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغىنى شى - شى گۇڭ دەپ ئاتايتى. بۇلار تۆۋگانىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، بەزىدە غالىپ بولۇپ، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ يۈرگەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ جانابى ئالى بەدۆلەتنىڭ تۇرپان ئەتراپىغا كەلگەنلىگىنى ۋە تۆۋگانىلارنى ئۆلتۈرۈپ يوق قىلغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئىنىسى ماشويەنى ھەمرا قىلىپ، تولۇق قۇراللانغان ئىككى مىڭ بەش يۈز خىتاي لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، جانابى ئالىنىڭ ھىمايەتلىرىگە ئۆزىنى تاشلاپ، سەككىز مىڭ قوي، سەككىز يۈز ئات، سەككىز يۈز كالا ۋە نەچچە يۈز قوي ھەم تۆگىگە يۈكلەنگەن ئاش - ئوزۇق، يامبۇ - كۆمۈش، چىنى تاۋار ۋە خۇش بۇي پاكىز چايلارنى

تارتۇق قىلىپ، راسلاپ كەلگەن ئىدى. ئاتالىق غازى بۇ خىتايلارغا ھەددىدىن ئارتۇق ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ،ئىنئام-ئېھسانلارنى قىلدى. شى- شى گۇڭ بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئىنىسى مايشويەنى بىر مىڭ بەش يۈز خىتاي بىلەن خىزمەت قىلسۇن دەپ تاشلاپ، ئۆزى بىر مىڭ ئادىمى بىلەن نەنسەنگە ياندى. بۇ خىتايلار تۇرپاندىكى تۇڭگانلار بىلەن بولغان جەڭلەردە كۆپ مۇۋاپىق خىزمەت كۆرسەتتى.

ئاقۇەت، جانابى ئالى ئۇرۇمچىدە ئاتلىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. جانابى ئالى تۇرپاننى پەتھى قىلىپ ،ئۇرۇمچىنىڭ ئېلىنماسلىقى بولسا، زادىلا ھساپ ۋە ئېتىۋارغا كىرمەيدىغانلىقىنى نۇرلۇق پانسەتلىرى بىلەن سېزىپ، تارىخ ھجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن يەتتىنچى يىلى ماھى رەجەپنىڭ ئون تۆتتىنچى كۈنى (مىلادى 1870- يىلى 10- ئاينىڭ 10- كۈنى – ت)، يەنى قەۋس پەسلىدە ئۇرۇمچىگە ئاتلاندى. ئابدۇللا ئەمىرى لەشكەرنى چاپاۋۇل قىلىپ ئىلگىرى ماڭدۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزى غەلبە ئۆزەڭگىسىگە ئاياقلىرىنى قويۇپ ئۇرۇشقا ماڭدى. داۋانچى تۇڭگانلىرى تارتۇق ھەدىيە بىلەن ئالدىغا چىقىپ ئىتائەت ۋە ئىناۋەت قىلىپ، ئامانلىق دۆلەت شەراپىتىگە ئىگە بولدى. ئاندىن ئۇرۇمچى تەۋەسىنىڭ چېتىدىكى بىر تاغنىڭ ئاغزىدىن ئۇرۇمچىگە سۇ كىرىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان دەقيانۇس [200] شەھرى دىگەن جايغا ئورۇنلىشىپ، سىپىل، خەندەكلەرنى بىنا قىلىپ ياتتى. بۇ يەر ئۇرۇمچىگە ئوتتۇز يول مىقدارى بار ئىدى. ئەمما بەھمەن (شەمسىيە 11-ئاي – ت) ئايلىرىدىكى قىشنىڭ سوغاق شىددەتلىرى ۋە قار- شۇېرغانلارنىڭ قاتتىق سوغاقلىرى يىگىتلەرنىڭ ھالىنى خاراپ ۋە زەئىپلەشتۈرۈشكە باشلىدى. بىر مۇنچە بازارچى ۋە پىلتىرچى ئۆلدى. بۇ چاغدا شى- شى گۇڭ نەچچە يۈز ھارۋىدا تاشكۇمۇر يەتكۈزۈپ بېرىپ، كۆپ خىزمەت كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ يىگىرمە يەتتە كۈن ئۆتتى. ئۇشتۇمتۇت لورىنجانىڭ يارلىقى بىلەن ئاتمىش مىڭ تۇڭگانى كىچىلىك ھۇجۇم باشلاشقا تەييارلىنىپ، ناماز شام مەھەللىدە غەلبە قىياپەت قوشۇنلارغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ھارۋا بۇزۇلدى، قار ياغدى، شۇېرغان قوزغالدى، تۈن- كېچىسىمۇ خۇددى تۇڭگانلارنىڭ كۆڭلىدەك قارا ۋە قاراڭغۇ بولدى. ئۇرۇمچى شەھرى بىلەن تۇڭگانى قوشنىلىرىنىڭ ئارلىغىدا بىر تاش مىقدارى كېلىدىغان تاغ- ئېدىر بار ئىدى. بىر مۇنچە تۇڭگانى بۇ تاغ ئېغىزىغا كىرىپ قالدى ۋە يەنە بىرمۇنچىسى ئېدىرغا كىرىپ قېلىپ يول تاپالماي، ھەيران ۋە سەرگەردان بولدى. گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، بۇلار ئۇرۇمچىدىن ئۈچ بۆلەك ۋە تۆت بۆلەك بولۇپ چىققان ئىكەن. ئوتتۇز يول مىقدارى يەرگە كېچىسى ئۆزۈن بولغان بۇنداق بىر كېچىدىمۇ يېتىپ بارالماپتۇ. بەلكى بۇ خالىس خۇداۋەندە

كېرىمنىڭ ئۇلۇغ رەھمى- مەرھەمىتى بولسا كېرەك. جانابى ئالى ئاتالىق غازى ناماز بامدات ئاداسىدىن كېيىن قاراپ باقسا، تاغ ئۈستىدە ئەلەم، بايراقلار نامايەن بولۇپتۇ. ھەممىسى بىردەك ئاتلىنىپ، بۇلار بىلەن يۈزمۇ- يۈز ئۇرۇش قىلىپ تۇرغاندا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلەم، بايراق كۆرۈنۈپتۇ. بۇلار بىلەنمۇ جەڭ قىلىپ ئۇرۇش ئوتىنىڭ شولىسى ئۆرلەپ تۇرغاندا، تۇڭگانلار يەنە بىر تەرەپتىن ئەلەم- بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپتۇ. ئارىدا ناھايىتى قاتتىق ۋە كەڭ دائىرىلىك جەڭلەر بولۇپ، ئۈشتۈمتۇت تۇڭگانلار ئاتالىق غازىنىڭ سەرۋازلىرىغا غالىپلىق قىلىپ كەينىگە قاچۇردى.

بۇ چاغدا جانابى ئالى بىلەن ئالتە مىڭ ئەسكەر ھەمرا ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا جەڭگاھتا ئۇرۇش قىلماقتا ئىدى. ئاتالىق غازىنىڭ يېنىدا مەھرەم، ياساۋۇللار بولۇپ، پەقەت ئۈچ يۈزچە يىگىت قالغان ئىدى. ئۇنىڭ قېشىدا يەنە بىر مەزگىل جانابى ئالىنىڭ پەرمانى بويىچە، نىسار مەسۇم ھەزرىتىم تۇرپانغا ئاپىرىپ، سۇئا قىلدۇرتۇپ، ئىلتىپاتلار كۆرستىپ يەككە يىگىتلەر قاتارىغا كىرىپ، ئەمدىلا نەزەربەنتچىلىكتىن نىجات تاپقان مىرزا ئەخمەت قۇشبېگىمۇ بار ئىدى. جانابى ئالى سەرۋازلىرىنىڭ قېچىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، مىرزا ئەخمەت قۇشبېگىگە قاراپ،” بۇ قاچقان سەرۋازلارنى ئۇرۇڭ، ئۆلتۈرۈڭ، چېپىڭ “دەپ ئالى پەرمان قىلدى. بۇ يېتىپ بېرىپ بەش- ئالتە سەرۋازنى چاپتى. بۇنى كۆرگەن سەرۋازلار كەينىگە يېنىپ بېرىپ تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆزىگە تەۋە مەھرەم، ياساۋۇللارنىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يولغا سالدى. ئۆزىمۇ ئۈستىگە بېرىپ قاراپ تۇرى. شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، بۇنىڭغا تەرىپ ۋە بايان ئاجىزلىق قىلىدۇ. تۇڭگانلارنىڭ كۆپ قىسمى پىيادە ئىكەن. سوغاق شىددەتلىرىدىن ئەھۋالى خاراپلىققا يۈزلەندى. نەچچىسى مۇزلاپمۇ قالدى. لېكىن ئىگىز بىر تاغ بار ئىكەن. تۇڭگانلار مۇز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوق ئاتقىلى تۇردى. يىگىت، سەرۋازلار بولسا پەستە تۇرۇپ ئوق ئاتاتتى. تۇڭگانلارنىڭ ئۆلۈكلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ مۇمۇلاپ- يۇمۇلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. يىگىت سەرۋازلار تۇڭگانلارنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆزلىرىگە دالدا ۋە قوقتە قىلىپ قارىغا ئېلىپ ئېتىپ، ئاخىرىدا غەلبە قىلىپ يەڭدى. جانابى ئاتالىق غازىنىڭ قەھرىيەتلىك بىلەن دۆلەت سۈرگەن دەۋرىدە، بۇنداق ئۇرۇش- جەڭ زادىلا بولۇپ باقمىغان ئىدى. بەلكى ئۇ قادىر ئاللا ئۆزىنىڭ كۈچ- قۇدرىتى ۋە تېگىشلىك مەرھەمەتلىرى بىلەن بۇنداق كۈچلۈك دۈشمەننى قەھرى- غەزەپكە دۇچار قىلىپ، مەغلۇپ قىلىپ بەرگەن بولسا كېرەك. ئاتلىق تۇڭگانلارنىڭ ئازلا قىسمى بۇ ئۈشتۈمتۇت زەربىدىن جېنىنى قۇتقۇزۇپ، لورىنجاغا ئۇچراشتى. قالغانلىرى ھالاكەت گىردابىغا مۇپتىلا بولۇپ، قارنىڭ ئاستىدا قاتتى ــ دە ، قالدى. بۇ پەتھى پەلەك بەختى يار مىرزا ئەخمەت قۇشبېگىنىڭ

نامىغا تۇغۇلدى. ئاتالىق غازى بۇ غەلىبىدىن كېيىن قۇشبېگىگە ھەددىدىن زىيادە مەرھەمەتلەرنى كۆرسەتتى.

ئەسلىدە ئۈرۈمچىدىن چىققان تۇڭگانلار «بارىمىز- دە، ئالىمىز، ئۆلتۈرۈپ ئات- ئۇلاغ، قورال- جابدۇقلىرىنى، ئالتۇن- كۈمۈش ئەسۋاپلىرىنى ئولجا- ئەسىر قىلىمىز» دىگەن خام خىيال بىلەن كەلگەن ئىكەن. ئۇلار ئاتلىنىشتىن بۇرۇن بالا- چاقىلىرىغا «ئەتە ئەتىگەندە ئولجا ئاتلارنى باغلىغىلى ئاغامچا ئېلىپ ئالدىمىزغا چىقىڭلار» دەپ چوڭ گەپلەرنى تاپشۇرۇپ چىققان ئىكەن. ئاتالىق غازىنىڭ يىگىت، سەرۋازلىرى قاچقان تۇڭگانلارنى قوغلاپ كېتىپ بارسا، ئۇلارغا ئون ياش ياكى ئون ئىككى ياشلاردىكى ئونمىڭ تۇڭگان باللىرى ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىدا بىر- ئىككىدىن ئاغامچا بار ئىكەن. ئۇلار دادىسى ئولجا ئېلىپ كەلگەن ئاتلارنى باغلاپ مىگىلى چىققان ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاكەتكە يەتكۈزۈپ،دادىلىرىنىڭ كەينىدىن كەتسە- كەلمەس يولغا راۋانە بولدى.

بۇ چاغدا لورىنجىغا قېچىپ بارغانلاردىن ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە ۋە شەھەرگە بىر ئىلاج بۇلارمىكىن دىگەن خام خىيال بىلەن ئون مىڭچە ئوغۇل- قىز نارىسىدە تۇڭگانى باللىرىغا كالامى شېرىپنى كۆتەرتىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلدۇرۇپ، نۇسرەت نىزاملىق قانخۇمار ئەسكەرلىنىڭ ئالدىغا چىقاردى. قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كىرگەن ئابدۇللا ئەمىرى لەشكەر ۋە پەيزى يۈز بېشى باھادۇرلار باشلىق يىگىتلەر بۇ باللارغا قارىماي ۋە پەرۋا يۈز- خاتىر قىلماي، باللارنى باستۇرۇپ، دەسسىتىپ، دەرۋازا ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ئوق چىقىرىپ تۇرغاندا، ئاتالىق غازىدىن « شەھەرگە كىرمەڭلەر» دىگەن پەرمايىش ئالى سادىر بولدى. بۇلار شەھەرگە كىرمەي، ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىپ تۇرۇشتى. ئاقىۋەت ئەمىر لەشكەر ئابدۇللا پانسەتنىڭ شام- چىرىغى ئۆچۈپ كۆزى كور بولدى. بەلكى مۇشۇ بىئەدەپسىزلىك ۋە ھۆرمەتسىزلىك ئۇنىڭ كور بولۇشىغا سەۋەپ بولغاندۇر. پەيزى يۈز بېشىمۇ تېز سۈرئەتتە يوق بولدى. بۇ ئارىدا بىرمۇنچە يىگىت، سەرۋازلار تۇڭگانلارنىڭ ئوغۇل- قىز باللىرىنى ئولجا- ئەسىر قىلىپ ئېلىپ چىققان ئىكەن. جانابى ئالى بۇنى كۆرۈپ، «بۇ دۈشمەنلەرنىڭ باللىرىنى نىمە ئۈچۈن تىرىك ئېلىپ چىقتىڭلار» دەپ ناھايتى غەزەپلىنىپ، ئولجا ئېلىپ چىققان يىگىت، سەرۋازلارنى ۋە ئولجا باللارنىمۇ بىردەك چاپتى. نەتىجىدە بىرمۇنچە گۇناسىز نارىسىدە ئوغۇل- قىزلار ۋە باشقا تۇڭگانلار بىردەك يوق قىلىندى.

بۇ چاغدا داۋۇت خەلىپە لورىنجادىن ئەلچى چىقىپ « دا پادىشا (چوڭ پادىشا – ت) باشلىق قوشۇنلار شەھرىمىزگە كىرمىسە، بىزنىڭ خوتۇن- باللىرىمىز ناھايتى قورقىدۇ. بىز ئىتائەت قىلساق، ئەگەر نىمىگە يارلىق قىلسا،

بىز بەجاندىل قوبۇل تۇتۇپ خىزمەتكىرچىلىغىمىزنى مەلۇم قىلساق» دىدى. جانابى شەھريارى ئاتالىق غازى ماقۇل بولۇپ قوبۇل تۇتۇپ، ئوبدان بولدۇ دەپ قىرغىنچىلىقنى توختاتتى. داۋۇت خەلپە نەچچە توققۇز يامۇ، كۈمۈش، ئالتۇن، جانان چىنە، ئالاھىدە تاۋار، دۇردۇن، خۇش بۇيلۇق پاكىز چاي، ئات،قورال- ياراق قاتارلىق بىجىندىن چىقىدىغان قىممەت باھا ئىسىل ماللار ۋە غەزنىدىكى ھەممە بار ئەشيا نەرسىلەرنى تارتۇق قىلىپ، ئاتالىق غازىنىڭ گۇمانى پەلەك بارگاھىغا چىقاردى. لېكىن ئۆزى چىقماي، ئارتۇق ئۆزرە- خالىقنى ئادا قىلىپ، ئىتائەت بەلبىغىنى بىلىگە مەھكەم باغلاپ، «ئەگەر تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزىمەن دىسە، جان ۋە تېنىم ئۇلۇغ لاۋ پادىشا ھەققىدە پىدا ۋە يوق بولسۇن، ئەگەر مەنىكى قېرى كەمتەردىن دۇئاغا قولىنى كۆتەرگەندە، جانابى ئالى ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ، كەچۈرۈم قىلسا، بۇ ئۇنىڭ پادىشادەك ياخشىلىق قىلغانلىقى بولىدۇ» دەپ خەت- ئەرز چىقاردى. شەپقەت ئەسەر ۋە دۆلەتيار ئاتالىق غازى بۇنىڭغا رازى بولۇپ، كۇپايە دەپ ئامانەتنامە بەردى. بۇ چاغدا ئاتلىق غازى تۇرپاندىكى تۇڭگانلارنىڭ ئۇلۇغى سۇ يەنشەينى خىزمەتچىلىرى قاتاردا بىللە ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ ئىلگىرى قىلغان گۇناسى ئۈچۈن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا بۇنى ئۇرۇمچىگە دايەنشەي قىلىپ، ئالتۇن كەمەر، كىسە- خەتدان، مىلتىق، ئالاھىدە پەينەكلىك قورال- ياراقلار پاكىز توغ، بايراق، ئەلەم ۋە ئىسىل كىمخاپ تون، ئالاھىدە يارلىق نىشان- ئالى شانلارنى بېرىپ، ئۇرۇمچىگە قاراشلىق قۇتۇبى، گومادى، ماناس قاتارلىق ئالتە شەھەرنى ھەممە تەۋەلىگى بىلەن قوشۇپ ئىنئام- ئېھسان قىلىپ ئۇلۇغلىدى. ئەمدى بۇ دايەنشەيگە ئۆزى خالىغان ۋە لايىق تاپقان تۇڭگانىنى بۇ ئالتە شەھەرنىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىگە يەنشەي قىلىپ بەلگىلەش، ئۇلارغا ئات، قورال- ياراق بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئەمىر- ئىتائىتىگە قاراشلىق قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلارنى بەردى. لېكىن بۇ چاغدا دايەنشەي ئەرز قىلىپ «ئىسلام پادىشالىرىنىڭ قائىدە- قانۇن ۋە رەسمىيەتلىرىنى بىلمەيمەن. خەت- ئالاقە يوللىرىغا ئاجىزدۇرمەن. دۆلەتخۇالىرىدىن بىر كىشى ماڭا بۇ قائىدە- رەسمىيەتلەرنى ئۆگەتسە دەپ تىلەيمەن» دەپ ئەرز مەلۇم قىلدى. ئاتالىق غازى بۇنى قوبۇل قىلىپ،زەينۇلئابىدىن مەخدۇم بىرزا بېشىنى سالام ئاغىسى قىلىپ ئۇرۇمچىدە قويدى.

ئۇرۇمچىنىڭ سوغاقلىقى ھەممە ئىنسان گورۇھىغا خۇددى قۇياش نۇرىدەك ئاشكارە، ئەگەر شى- شى گۇڭ نەنسەندىن تاشكۆمۈر يەتكۈزۈپ بەرمىگەندە ئىدى، جاننى مۇھاپىزەت قىلىش ئەلۋەتتە مۈشكۈل بولغان بۇلار ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ماشويەمۇ چېرىكلىرى بىلەن تولا خىزمەت قىلدى. بۇ چاغدا شى- شى گۇڭ يەنە كۆپ تارتۇق- ھەدىيە بىلەن كېلىپ،

جانابى ئاتالىق غازى بىلەن كۆرۈشۈش دۆلىتىگە مۇيەسسەر بولدى. ئاتالىق غازى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، شى- شى گۇڭغا قاراپۇشقاق كىمخاپ تاشلىق جۇۋا، ئالتۇن سەللە،كۇلا، پەيىنەكلىك مىلتىق، ئالتۇن كەمەر ۋە كىسە، جابدۇقلىرى ئالتۇندىن ياسالغان ئارغىماق ۋە ئىگەر توقۇم، كاتتا تۇماق قاتارلىقلارنى ئىنئام- ئېھسان قىلدى. ئىنىسى ماشىيەگىمۇ خۇددى شۇنداق ناھايىتى ئىلتىپاتلارنى قىلدى. قالغان چېرىكلىرىگىمۇ ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ سۆلەسۇن، تۇلكە، پاخلان تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، شىم، تەلپەك- تۇماق، تىللا ۋە تەڭگە قاتارلىقلارنى ئاتا قىلدى. دايەنشەيدىن شى- شى گۇڭغا ئۇن مىڭ تاغار ئاشلىق بۇيرۇپ بېرىپ، ئۇنى قايتىشقا رۇخسەت قىلدى.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، جانابى ئاتالىق ئالى مەقام ئۇرۇمچىدە ئۈچ ئاي تۇرۇپ، ئۇنىڭ دائىرە ۋە تەۋەلىكىنى تىنچلاندۇرۇپ، نۇسرەت ئىتتىزام ئەسكەرلىرى بىلەن يولغا چىقىپ تۇرپانغا كەلدى. بۇ جايدا ئىككى ئايدەك تۇرۇپ، بىرمۇنچە تۇڭگانىنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپانغا ھەيدىدى. ئاندىن كېيىن ئۆزى خوشال- خۇراملىق بىلەن غەلبە ئۆزەڭگىسىگە پۇتىنى تاشلاپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، ھەمەل پەسلىدە قارا شەھەرگە كەلدى. بۇ جايدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇشنى ئىختىيار قىلىپ، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ لېۋىدە بىر شەھەر بىنا قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى ۋە ئۆزى باش بولۇپ فالى سوقۇپ، خىش كۆتۈرۈپ خىزمەت قىلدى. بۇنى كۆرگەن ئەمرى لەشكەر، پانسەت، ئەمرائىلەر ئۆلىمائى ئەززەملەر ۋە پەزىلائى ئەكرەملەر، ھەممە ياش- قېرىلارمۇ ئورنىدا تۇرالماي، سېپىل سوقۇش ۋە شەھەر بىنا قىلىشنىڭ ھەرىكەت- تەرەددۇتلىرىغا چۈشۈپ، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە شەھەر قۇرۇلۇشنى تۈگەتتى.

بۇ كۈنلەردە قالماقلارنىڭ خاتۇن خان دېگەن بىر خېنى كورلىغا يېقىن قارا مۇرۇن دېگەن بىر جايغا كەلگەن ئىكەن. ئاتالىق غازى بۇ تايىپىلەرنىمۇ ئەمر ئىتائىتىگە كىرگۈزۈپ بويى سۇندۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنى تەكلىپ قىلىپ كىشى ماڭدۇردى. لېكىن خاتۇن خان ئۆزى قارا شەھەرگە كىرىشنى رەت قىلىپ، لاما ۋە كىچىل قاتارلىق مەنسەپدارلىرىنى ۋەكىل ۋە باش قىلىپ، تارتۇق- ھەدىيىلەر بىلەن جانابى ئالىنىڭ خىزمەتلىرىگە كىرگۈزدى. بۇلار بىلەن بەش يۈزچە قالماق بىللە كىرگەن ئىدى. ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن توختىتىپ مېھمان قىلىپ زىياپەت بەردى. ھەر كۈنلىگى قەندىن بادام، پىستە، مېغىز، قەندالەت، مۇراببا، شىر بەرەنجى، تاتلىق شويلا ۋە خۇش بۇي پاكىز چاي قاتارلىق يېمەك- ئىچمەكلەر بىلەن ناھايىتى كەڭرى مېھمان قىلدى. بۇ ئارىدا مۇھەممەت مۇسا توقسابىينى بىرمۇنچە يىگىت بىلەن ئەۋەتىپ، خاتۇن خاننى ئۆز ئىختىيارىغا قويماي ۋە بۇ قالماقلارغىمۇ بىلىندۇرمەي، قارا شەھەرگىمۇ كىرگۈزمەي، باشقا

يول بىلەن ئېلىپ مېڭىپ كورلىغا ئاپىرىپ، ئاخۇن جىيىغان دېگەننىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن بۇ قالماقلارغا سېرىق لاڭگا ۋە سېرىق دابا قاتارلىق رەختلەردىن تون - كېچەكلەرنى تىكتۇرۇپ تەييارلاپ قويغان ئىكەن. بۇلارغا بۇ خىل نەرسىلەر ۋە تەڭگە تىللا، ئۈزۈق - تۈلۈكلەرنى ئىنئام ۋە ئاتا قىلىپ قايتىشقا جاۋاپ بەردى. بۇ قالماقلار بولسا خاننىڭ كورلىغا كەلگەنلىگىدىن بىخەۋەر ھالدا خوشال - خورام ئۆز يۇرتىغا چىقىپ كەتتى. ئاتالىق غازى مەزكۇر خاتان خانغا ۋەزىپە مائاش تەييارلاپ كورلا ھاكىمى ھاجى مىرزا بېشىغا تاپشۇردى.

بۇ ئارىدا ئۇرۇمچىدىكى نەنسەندىن شى - سى گۇڭ نۇرغۇن چېرىك بىلەن ئۇرۇمچىگە كېلىپ، دايەنشەينى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ - تالاپ چىقىپ كەتتى دېگەن خەۋەر ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا كېلىپ يەتتى. بۇ خەۋەر كېلىپ ئارقىدىنلا زەينۇلئابىدىن مەخدۇم ئوتتۇز نەچچە تۆگىدە يامبۇ، كۈمۈش، چاي، تاۋار، چىنە قاتارلىق سوغا - سالام بىلەن بىللە ئەللىك نەچچە تۇڭگاننى ئېلىپ كېلىپ، ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، دۇئا قىلدى. ئەسلىدە زەينۇلئابىدىن مىرزا بېشى دايەنشەي تەرەپتىن شى - شى گۇغا ئەلچى بولۇپ بارغان ئىكەن. شى - شىك گۇڭ ماقۇل تۇتماپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ، سوغا - سالاملارنى ئېلىپ جانابى ئالىنىڭ خىزمەتلىرىگە بېرىپ دۇئا قىلىپ يانسام، ئۇرۇمچىنىڭ ھاۋاسىمۇ ياقماي تۇرىدۇ دەپ دايەنشەيدىن رۇخسەت ئېلىپ يولغا چىققان ئىكەن. يۇقارقى ۋەقە مىرزا بېشى يولغا چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن يۈز بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن مىرزا بېشىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. جانابى ئالى مېھرىبان بولۇپ، ئۇرۇمچىدە شى - شى گۇڭ بىلەن بولغان ۋەقەنى مىرزابېشىغە ئۇقتۇرۇپ، «خۇداۋەندە ئالەميان ئۆزىنىڭ ھىكمەت ئىشارىتى بىلەن بىر بانا - سەۋەپ قىلىپ، سىز مىرزا بېشىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، بارگاھى ئالىغا ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈپتۇ» دەپ شۈكرى - سانالارنى بەجا كەلتۈرۈپ، تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. چۈنكى، بۇ مىرزا بېشى بولسا پەزىلەتلىك ئالىم، شائىر ۋە ھەممە باپتا يېتىشكەن ئەرباپ، نەچچە خان ھۇزۇرىدا مىرزا بېشى بولۇپ ئۆتكەن، كۆپ ئىززەت ۋە ئابرۇي تاپقان، جانابى ئالىنىڭ خىزمەتلىرىدىمۇ زور تەقدىر - قىسمەتكە ئىگە بولغان، مۇنشىلىكتە يەكتا، خەت قەلەمدە تەڭداشسىز بىر زات ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەبئىي ئىدىرىكى، ئۆتكۈر زېھنى قۇۋۋىتى ۋە مۇھاپىزىتى بىلەن «دىۋانى فۇزۇلى» [201] ئۇسلۇبىدا بىر جىلدلىك دىۋان نەزمە - غەزەل يازغان ئىكەن. ئۇنىڭ تەخەللۇسى «مەھجۇرى» («چەتتە قالغان»، «جۇدا بولغان» دېگەن مەنىدە ـ ت) ئىدى. مەزكۇر دىۋاندا كۆپ پەندى - نەسىھەت،مائارىپ ۋە ھەقىقەتلەرنى ئىما ۋە ئىشارەتلەر بىلەن كۆرسەتكەت ئىدى. بۇنى ھەممە پازىلار

ئۆز ئولتۇرۇش- مەربكىلىرىدە ئوقۇپ بىقىپ، ھەيرانى بارماقلىرىنى تەپەككۇر چىشلىرى بىلەن چىشلەپ قالاتتى. ھەر ئەھدى ئۇنىڭ يازغان كۆي قاپىيىلىرىگە پەقەت يۇقىرى ئىنساپ بىلەنلا قارايدىغان بولسا، ئاندىن ئۇنىڭ ماھارىتىنى بىلەلەيدۇ. بۇ ئىككى قىتئە ئۇنىڭ دىۋان جاملىسىدىندۇر.

نەزم:

گەر نەسىپ ئولسا بۇ مەھجۇرە تاۋافى كەئبە،

باش ئۇرۇپ ئۆتكەن ئىشەتە ۋىبە تەزرئىدە لىم.

سۆزنىڭ ھاسلى شۇكى، جانابى غازى ئاتالىق ئالى مەقامىنىڭ ئۇنچە- گۆھەر تىلىدىن شۇنداق شاھانە ئىلتىپاتلىق سۆز چىقتىكى، ئۇ «ئەگەر ئۇرۇمچى ئىتائەتتىن چىقسا، يەنە لەشكەر ئەۋەتىپ، ئىتائەت ۋە پەرمان ئالىغا كىرگۈزگىلى بولار، دايەنشەيىنى ئۆلتۈرسە، يەنە بىر تۇڭگانىنى يارلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلساق، بەلكى بۇمۇ دا يەنشەي بولۇپ كېتەر، ئەمما- سىزدەك مىرزا بېشىنى ئىككىنچى قېتىم تېپىشقا مۇيەسسەر بولغىلى بولماس ئىدى» دەپ مېھرىبانلىق قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئېھسانلارنى قىلدى. جانابى بەدۆلەت غازى كورلا، قارا شەھەردە بولۇپ، ئۈچ مىقدارى ئىستىقامەت قىلدى. ئاندىن باگاھى مۇبارەكلىرىنى يۇلتۇززلارغا تاقاشقان دۆلەت بىلەن قوزغاپ، دۆلەت ئەركانلىرى ۋە دائىمىي ئەمەلدارلىرى بىلەن ئاقسۇ بارگاھىغا كېلىپ، يېڭى بىنا قىلىنغان ئالى ئوردىغا چۈشتى. بۇ يېڭى ئوردا بولسا فەرغانە ۋىلايىتىدىكى خانلارنىڭ ئىچكى شەھەر ۋە ئوردىلىرىنىڭ شەكلى ۋە سىياقىدا بىنا قىلىنغان ئىدى. جانابى ئالى ئوردىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ، ئىش بېشى نىياز باقى ۋە باشقا ئۇستىلارغىمۇ چوڭ ئىنئام- ئېھسانلارنى بېرىپ تارتۇقلىدى. بۇ ۋاقىتتا تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1871- يىلى – ت) يەنى مۇچ (چاشقان - ت) يىلى ئىدى.

11

# ئۇ شەھرىيارى ئاتالىق غازىنىڭ ئالى پەرمايىشى بىلەن ھېكىم خان تۆرەمنىڭ ئۆرۈمچى تۇڭگانلىرى ئۈستىگە لەشكەر تارتقىنى ۋە توغرا يوللۇق پەرزەنتى بېك قۇلى بېگىمنى ھىمايەت ئۈچۈن كەيىندىن ماڭدۇرغىنى، بەزى ھادىسلەرنىڭ يۈز بېرىشى، مۇراق- مەقسەت گۈللىرىنى ئەسلى مۇرات- مەقسەتلىرىدەك مۇراق قولىغا كەلتۈرۈپ، يۈزىنى گۈمانى پەلەك بەرگاھىغا سۈرتۈشى قاتارىق ۋەقەلەرنىڭ بايانى

مۇلايىم تەبئەتلىك دوستلار، راست كۆڭۈللۈك قەدىمقى يارەنلەرنىڭ رۇلۇق كۆڭۈللىرىدىن يۇشۇرۇن ياكى مەخپى قالمىغايكى، مۇنداق بىر نەقلى ھىكايە ۋە قىسسە- ئەپسانىلىگەر قارىغداندا، ئۇ غازى ساھىبى دۆلەت ئاتالىق ئۇلۇغ ئىقبال ۋە بەخ بىلەن ئاقسۇدىكى ئۇلۇغ تەختتە مۇقىم بولۇپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاتالىق غازى ئاقسۇغا ئىككى مەنزىل قالغاندا، كورلا ھاكىمى ھاجى مىرزادىن ئىككى مىڭچە يامان نىيەتلىك قالماق قورال- ياراق ۋە بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، بىر دىل ۋە بىر نىيەتتە بولۇپ، بىر كېچىدىلا كورلىغا كىرىپ، ئىككى يۈزچە ئادەمنى نابۇت قىلىپ، جېنىنى ئېلىپ، يۈلتۈز ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى دېگەن بىر ئەرز كەلدى.

بۇ ۋەقەگە كەلسەك، ھاجى مىرزا قالماقلارنىڭ توپىلىڭىدىن خەۋەر تېپىپ، يىگىتلىرى بىلەن قالماقلار كېلىدىغان خال خامان دېگەن مەنزىلگە چىقىپ يولنى توساپ ياتقان ئىكەن. بۇ قالماقلارن باشقا يول بىلەن كورلىغا كىرىپ خاتۇن خاننى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا يەنە ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا نەنسەندىكى شى - شى گۇڭ چېرىكلىرى بىلەن ئۆرۈمچىگە كىرىپ، دايەنشەينى ئۆلتۈرۈپ، بۇلاپ- تالاپ چىقىپ كەتتى دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى.

بۇ ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى: سۇ يەنشەي بىلەن شى- شى گۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا كونا ئاداۋەت بار ئىدى. شۇڭلاشقا شى- شى گۇڭ جانابى ئالىغا يار- مەدەت يەتكۈزۈپ، سوغا- سالام ۋە چېرىكلىرى بىلەن كېلىپ خىزمەت قىلغان بۇلۇپ، سۇ يەنشەينى يوق قىلماقچى ئىكەن. لېكىن بۇ ئۇنىڭ مۇددىئاسىدەك بولماي، سۇ يەنشەينىڭ ئۆرۈمچىگە دايەنشەي قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى ۋە چوڭ مەرتىۋە بېرىلگەنلىكىگە چىدىماي، قاتتىق ھەسەت قىلىدىكەن. شۇنداقلا، ئاتالىق غازى شى- شى گۇڭغا دايەنشەيدىن ئون مىڭ تاغار ئاشلىق بېرىشكە يارلىق قىلغان ئىدى. شى- شى گۇڭ بۇنى ھازىر

ئالمەن دەپتۇ. دايەنشەي بولسا پۇقرانىڭ قولدا ئاش يوق، خامان ئالغاندا بەرسەم دەپ ئۆزىرە ئېيتپتۇ. ئۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولماي، بانا قىلىپ ئۇرۇش پەيدا قىلىپتۇ.

ئاقىۋەت شۇنداق بىر خەيرىيەتلىك چاغلاردا ، جانابى ئالى كۇچاردىن نار مۇھەممەت پەرۋانىچىنى ئەمرى لەشكەر دەرىجىسگە كۆتىرىپ، ئون ئىككى مىڭ لەشكىرى بىلەن ھەممە لەشكەرلەرگە باش قىلىپ، ئۇرۇمچى ئۇستىگە يۈرۈش قىلىشقا پەرمايىش قىلدى. كورلىدىن ھاجى مىرزا بېشىنى بەش يۈز يىگىتى بىلەن بۇيرۇدى. ھاجى مىرزا ئۆز ئورنىدا تاشلان قازىبەگنى تاشلىدى. تۇرپاندىن ھېكىم خان تۆرەمنى يىگىتى بىلەن پەرمايىش قىلدى. نەتىجىدە ھېكىم خان تۆرەم نار مۇھەممەت پەرۋانىچى، ھاجى مىرزا بېشى، ھەيدەر قۇل ئەمرى لەشكەر، مەھمۇت بېك پانسەت ئۆرگەنچى قاتارلىقلار باشلىق سەككىز مىڭ يىگىت، سەربازلىرى بىلەن ئۇرۇمچى ئۇستىگە باردى. ئۇرۇمچىدىكى تۇڭگانلار سۇ دايەنشەي ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى تالىپ ئاخۇننى دادىسى ئورنىدا بىلىپ دايەنشەي قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلدىكەن. جانابى ئالىمۇ بۇ تالىپ ئاخۇنغا تەلەپكار بۇلۇپ، دايەنشەي قىلىپ مۇبارەك يارلىغى بىلەن بېكىتكەن ئىدى. بۇ ئەسنادا ھېكىم خان تۆرەملەر تۇڭگانلىلارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن شى- شى گۇڭدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن نۇسرەت ئەسەرلىك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ نەنسەن ئۇستىگە بېرىپ ئۇرۇشقا كىرىشتى. كاپىرلار باراۋەرلىك قىلالماي كىچىك نەنسەننى تاشلاپ، چوڭ نەنسەنگە قاچتى. تۆرەم باشلىق ھەممە قوشۇن كىچىك نەنسەندە تۇرۇپ، سۈرەت- ۋەقەنى جانابى ئالىغا ئەرز- مەلۇم قىلدى. جانابى ئالىدىن خىتايلار قاچقان بولسا ئىشىڭلار بولمىسۇن، ئەمدى بۇ قىشنى ئۇرۇمچىدە چىقىرىڭلار دىگەن ئالى ئىنايەتنامە بىلەن پەرمايىش سادىر بولدى.

قەۋىس پەسلى ئىدى. تۆرەملەر ئۇرۇمچىگە كەلسە تۇڭگانلار دايەنشەي تالىپ ئاخۇننى ئورنىدىن بىكار قىلىپ، داۋۇت خەلىپىنى ئۆزلىرىگە چوڭ قىلىۋالغان ئىكەن. ئۇلار تۆرەملەرنى ئۇرۇمچىگە كىرگۈزمىدى. بۇ ھالدا ھېكىم خان تۆرەم مۇھارىبىگە قول سالدى. تۇڭگانلار غالىپلىق قىلدى. تۆرەم بۇنىڭ ئۈچۈرىنى جانابى ئالىغا ئەرز تۇتتى. لېكىن ئۇرۇش جەريانىدا پەيزى يۈز بېشى، ئارسلانقۇل قىپچاق ۋە تاغاي قۇرشاقلار شۇنداق باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك قىلدىكى، خۇددى قىسسە ۋە داستانلاردا ئالاھىدە مۇبالىغە قىلىپ بايان قىلىنغان رۇستەمى داستان ۋە سام نەرىمانلار ئاشكارە كېلىپ قالغاندەك بۇلۇپ قالدى. تۆرەمنىڭ لەشكەرلىرى ساق قالدى. بۇنىڭغا خۇداۋەندەكېرىم ئۆزىنىڭ لۇتپى ئىنايىتى بىلەن باشتىن- ئاياق مۇھاپىزەت قىلىشى ھەم بۇ باھادۇر- مەرتلەرنىڭ يار- يۆلەنچۈك بۇلۇشى بائىس ۋە سەۋەپ

بولدى.

گەپنىڭ ھاسىلىغا كەلسەك، تۆرەمنىڭ ئۇچۇر ئەرزى جانابى ئاللىنىڭ ئالدىغا بارغان ھامان، ئۇ ئاقسۇدىن ئۆمەر قۇل ئەمرى لەشكەر ۋە ئەزىم پانسەتلەرنى باش قىلىپ، بىر مىڭ بەش يۈز ئەسكەر بىلەن تۆرەم ۋە پەرۋانىچىلەرنىڭ ھىمايىتىگە راۋان بولدى. بۇلار يېتىپ بېرىپ ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ، لورىنجا داۋۇت خەلىپىنىڭ پايتەختى لوچىلىك (كونا شەھەر-ت) دىگەن شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈپ ئورۇنلاشتى. خەنچىلىك (خەنزۇلار شەھىرى-ت) شەھىرىمۇ بۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتتى. بۇ ھالدا لورىنجامۇ تۇڭگانى بىلەن ماناسقا قېچىپ كەتتى. تۆت پانسەت يىگىتلىرى بىلەن تۆرەمنى مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتىگە تەيىنلەندى، ئون ئالتە پانسەت لوچىلىك شەھىرى بىلەن خەنچىلىك شەھىرى ۋە تەۋە بولغان تۇڭگانلارنى ساقلاپ ماناس تەرەپتىن كېلىدىغان يوللاردىن خەۋەر ئېلىپ، ھازىرلىق قىلىپ، قاراۋۇلچىلار قاتارىدا ساقتالىق قىلىشقا مەسئۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇز بەش كۈن ئۆتتى. لورىنجا بولسا ماناسقا بارغاندىن كېيىن، نەنسەندىكى شى- شى گۇڭ بىلەن يارۇ-ھەمدەملىك ۋە ئىتتىپاق تۈزدى. شى- شى گۇڭ ئىنىسى ماشويە بىلەن تۆت مىڭ خىتايىنى ھەمرا قىلىپ لورىنجاغا قوشۇلدى. تۇڭگانلار ئون ئالتە مىڭ چېرىك راسلاپ، جەمئىي يىگىرمە مىڭ كىشى بولۇپ كېلىپ، مەزكۇر يولدىكى پانسەتلەرنى قوغلاپ خەنچىلىك شەھرىنى قايتۇرۋالدى. تۆرەم باشلىق ھەممە يىگىت لوچىلىك شەھرىگە قامىلىپ قالدى. ئىسلام لەشكەرلىرى كامىل تۆت ئايغىچە ئەسلا باش چىقىرالمىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ قەدىمقى شەھرى بولسا خەنچىلىك دەپ ئاتىلىدىكەن. داۋۇت خەلىپە خانلىقتا كۆتۈرۈلگەندە تۇڭگانلار بۇ شەھەرگە يېقىن يەنە بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ، ئۇنى داۋۇت خەلىپىگە پايتەخت قىلىپ بېرىپ، لوچىلىك دەپ ئاتاپتىكەن. بۇ ئىككى شەھەردە ئوق- دورا، نەيزە، قىلىچ، قورال- ياراق قاتارلىق جەڭ ئەسۋاپلىرى ناھايىتىسىز تولا ئىكەن. جۇملىدىن، سەككىز مىڭ كاتتا توپ ۋە تەييو زەمبىرەك، ئوقتا، ساغداقلار تەييار ئىكەن. ساڭدا بولسا غەللە ئاشلىق ۋە ياغلىرىمۇ كوپ ئىكەن. بۇلارنى تىنچلىق زامانىدا بېجىن تەرەپتىن مەينەنچىلەر ئېلىپ كېلىپ، ساراي ۋە دەڭلەردە ساقلاپ ياتقان ئىكەن. ھەر خىل ۋە ھەر قىسىم پاكىز خۇش بۇي چاي چىنە، تاۋار، دۇردۇنلار، بېجىننىڭ ھەر خىل پاكىز ۋە چىرايلىق نەپىس مال- ئەشيالىرىمۇ ھەددىدىن زىيادە تولا ئىكەن. تۇڭگانلار مەزكۇر مال ئىگىلىرى بولغان مەيمەيچىلەرگە ئىسمانى ئىسلام ئۈگىتىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانچىلىق تايىپىسىگە داخىل قىلىپ، ئۆز ماللىرىغا ئۆزى ئىگە ۋە پاسىبان قىلىپ قويىغان ئىكەن ۋە بۇنى لازىم بولغاندا خالىغانچە ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرىدىكەن.

شەھەر قولغا چۈشكەندە، تۆرەم بىر نەچچە سارايدىكى پۇل، ماللارنى پادىشالىققا خەتلەپ ئالدى. باقماندىسنى يىگىتلەرگە ئىنئام قىلدى. ھەر بىر ئاددى يىگىتمۇ ئەقەلى ئوتتۇز مىڭ تەڭگە قىممىتىدە مال- مۈلۈككە ئىگە بولدى. لېكىن، بۇ مال- مۈلۈك، بۇنداق قىممەتچىلىك كۈنلىرىدە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمىدى- دە، يوق بولۇپ كەتتى. يىگىتلەر بولسا تاۋار، دۇردۇننى كۆيىنەك، باش پايتىما قىلىپ ئىشلەتتى. چۈنكى، بۇنىڭدىن باشقا خەسە چىلەك ۋە بۆز- خامدەك نەرسە يوق ئىدى. ھەر خىل چاينىڭ كۆپلۈكى شۇ مىقدارغا يەتكەن ئىدىكى، يىگىتلەر ئاتلىرىغا ئوقۇر ياساش ئۈچۈن بۇ خىل چايلارنى ئىشلەتكەن. يەنىلا ئۇلار تاختا چايلارنى خام خىش ئورنىدا ئاتىبېشى يېتىدىغان جايغىچە تىزىپ، ياغاچ ئورنىدا ئۇنىڭدىن تۈرۈك ياساپ، ئۈستىگە لاي سۇۋاپ، ئاتلىرىغا ئوقۇر قىلىپ بېرەتتى. ئاتلار ئوت تاپالمىغان كۈنلەردە بولسا، ناھايىتى ئاچلىقتىن مەزكۇر چايلارنى پارچە- پارچە قىلىپ ۋە ئاياقلىرىدا دەسسەپ يوق قىلىۋېتەتتى.

ئەلقىسسە، بۇ چاغدا يەنە بىر ئاجايىپ ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى. يەنى تۈڭگانلار لورىنجاغا شەھەر بىنا قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا يۈز قەدەم مىقدارى كېلىدىغان جايغا بىر كاتتا مەسچىت جامە سالدۇرۇپ، مۇنارە مۇئەززىنە (ئەزانخانا – ت) لىرىنى ناھايىتى ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ ياساتقان ئىكەن. تۆرەملەر سولىنىپ قالغان كۈنلەردە، بىر كېچىسى بىر مۇنچە تۈڭگانى مەسچىت جامەنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، دەرۋازا، مۇنارە مۇئەززىنلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، شەھەرگە قارىتىپ ئوق ئېتىپ، ھېچ ئەھدىنى ئىشىگىدىن باش چىقارماي، ناھايىتى ئامالسىز ئەھۋالدا قويدى. ئاخىرى مەسلىھەت شۇنىڭغا قارار تاپتىكى، بۇ تۈڭگانلار بىلەن يۈزمۇ- يۈز ئۇرۇشۇپ مەسچىت جامەنى ئېلىشمىز مۇمكىن ئەمەس، ئاخىرى مەسلىھەتنىڭ ياخشىراقى شۇكى، بىر مۇنچە يىگىت سەرۋازلارنى يۆگۈرتۈپ ئالمىساق ئەسلا ئىلاج يوق دەپ، ھەممىسى بىر نىيەتكە كېلىپ، ھەر پانسەتتىن ئون ياكى ئون بەش باھادۇر تەلەپكارنى ئىلغاپ ۋە تاللاپ، جەمئىي ئۈچ يۈز ئادەمنى تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك يالىڭاچ تامبالچاق قىلىپ، شاپ خەنجەرلەرنى يالىڭاچ بېلىگە باغلاپ، قىلىچلارنى قولغا ئېلىپ، بىرمۇنچە بورىنى ياققا چىلاپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ، مەسچىت جامەگە يۈگۈردى.

دەلۋە پەسلى، ھاۋاس سوغۇق، ئاسمان بىلەن باراۋەر قار ۋە مۇز بىلەن قاپلانغان ئىدى. بۇلار بارغان ھامان دارۋازىغا ئوت ياقتى. ھەر تەرەپتىن تاملىرىنى بۇزۇپ، مەسچىت جامە ئىچىگە كىرىپ ئوت قويۇپ، غەلبە قىلىپ، جامەنى قولغا كىرگۈزدى. ئۈچ يۈزچە تۈڭگاننى تىرىك تۇتۇپ، بىرىنى يەنە بىرىگە چېتىپ ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە ياغاز،

كىگىز، بورا قاتارلىقلارنى تاشلاپ، نۇرغۇن ياغلارنى چېچىپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە يەنە بۇ تۆشۈكلەرنىڭ يامانلىرىدىن ئۈچ يۈز قىرىق ئادەمنى سىرتاپ ۋە ئىلغاپ گۇنا- جىنايەتلىرىنى بوينىغا ئارتىپ، ھەر بىرىنى بىر تۆۋرۈككە باغلاپ، ھەر بىر پانسەتنىڭ يىگىتلىرىگە بۇ تۆشۈكلەرنىڭ يىگىرمە ياكى ئوتتۇزىنى تەيىنلەپ بىر سائەت ئوق ئېتىشقا پەرمايىش قىلدى. بۇلار ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە بىر سائەت ئوق ئاتتى. ئۆلارنىڭ ئۇستىخانلىرى زىرە ۋە قىيما- چىيما بولۇپ، گويا خېمىردەك بولۇپ كەتتى. گۆشلىرى بولسا ئوقنىڭ زەربى ۋە ئەسرادىن ئۇچۇپ يوق بولۇپ كېتىپتۇ. بىر سائەتتىن كېيىن ئېتىشنى توختىتىپ، ئۆلارنىڭ خىش ئەقرىبالىرى كېلىپ، ئۆلۈكلىرىنى دەپنە قىلسۇن دەپ پەرمايىش قىلدى. تۆشۈكانلار كېلىپ قارايدىغان بولسا، بۇلارنى ئىگىن، ئاياق ياكى رەڭگى رويىدىن تونۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆلارنى ئېلىپ بىرىپ دەپنە قىلدى. بۇ جەرياندا تۆشۈكانلاردىن بىر مىڭ بەش يۈزكىشى يوق بولۇپتۇ. يىگىت، سەرۋازلارنىڭ ئۈچ يۈزدىن زىيادە رەگى زايا بولۇپتۇ.

تۆرەملەر قاملىپ ياتقان كۆنلەردە، بىر ئىلاج قىلىپ بىر ئەرزىچىنى ئەرز بىلەن كاشغەرگە ماڭدۇرغان ئىدى، بۇ جانابى ئاتالىق غازى ئاقسۇدا توققۇز ئاي تۇرۇپ كاشغەرگە بارغان كۈنلىرى ئىدى. ئاتالىق غازى ئەرزىچى يېتىپ بارغان ھامان ئەھۋالدىن ۋاقىپ ۋە ئاگاھ بولۇپ، توغرا يوللۇق پەرزەندى بېك قۇلى بېگىمنى باش قىلىپ، مۇھەممەت كېرىم دادخۋا، ئەلى بېك پانسەت، مۇھەممەت سەئىد پانسەت، نۇرۇز پانسەت، خالمان پانسەت، ئەشمۇھەممەت پانسەت، بوخچە بەردار، بىر كېرىم قۇرچىلارنى قوشۇپ، بەش مىڭ يىگىت ۋە تۆرە قۇل لاۋرۇ، مۇھەممەت رەھىم پەھلىۋان، خەلىل ئەپەندىلەرگە ئىككى مىڭ سەرۋاز، دەھول- دۇمباق، ئەلەم- بايراق ھەم ئۆمەر خوجا ئىشانغا تۆت چوڭ بام توپ ۋە چاچما ئوق- دورىلىرى بىلەن ئادەملىرىنى قوشۇپ، تۆرەملەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن يولغا سالدى.

بېك نەچچە (بېك قولى بېك –ت) سۆلەت ۋە سەلتەنەتلىرىنى، لەشكەركەشلىك تەرتىپ، قائىدىلىرىنى خۇددى جانابى بەدۆلەتنىڭ تەرىقە رەۋىشىگە ئوخشاش خوشامەت بىلەن راسلاپ، بارلىق ھەشەمەتچىلىك ئەرباپلىرى بىلەن غەلبە ئۆزەڭگىسىگە ئاياقلىرىنى قويۇپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ، ئوتتۇز ئالتە كۈندە توخسۇنغا يېتىپ كەلدى. توخسۇن ھاكىمى جاھان دادخۋا بەقەدەر ئەھۋالغا قاراپ خىزمەتكارچىلىقنى بەجا كەلتۈردى. جانابى بېك بەچچە بۇ تەرەپلەرنىڭ بۇرۇنقىدەكلا تۇرغانلىقىنى لورىنجاغا ئالاھىدە ئىناۋەت قىلىپ، يۈز ئۆرۈپ قارشىلىق قىلىپ، مۇخالىيەتلىككە ئەدەپسىزلىك بىلەن يۈز قويغان ئىدى. شۇڭلاشقا، داۋانچىنى قولغا كىرگۈزمەي تۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە

بىرىشقا مۇيەسسەر بولماس ئىدى. ئامالسىز داۋانچىن شەھىرىنىڭ مۇھاسىرىسگە قەدەم قويۇپ، قىرىق كۈندىن كېيىن ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ قولغا كىردى. بۇ جەرياندا مىڭدىن زىيادىرەك تۇڭگانى يوق بولۇپتۇ. ئىككى يۈز ئەللىكچە يىگىت زايا بولۇپتۇ. داۋانچى پەتھىدىن كېيىن تۆرەملەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، تېز سۈرئەت بىلەن ئۈرۈمچى ئۈستىگە يېتىپ باردى. تۆرەم شەھەرنىڭ ئىچىدىن، بىك بەچچە شەھەرنىڭ تېشىدىن نۇرغۇن ھەرىكەت ۋە تەرەددۇتلارنى قىلدى. قاتتىق ۋە زور جەڭلەر بولدى، ئاقىۋەت بۇلار غالىپلىق قىلىپ تۇڭگانلارنى بوي سۇندۇردى. بۇ ۋاقىت تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1872- يىلى – ت) ئىدى. ئۇن بەش مىڭغا يېقىن تۇڭگانى ۋە خىتايلار يوق بولدى.شى- شى گۇڭنىڭ ئىنىسى ماشىيەمۇ تەينلەنگەن ئورنى جەھەننەمنىڭ تۆۋىگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى. يىگىتلەردىن مىڭدىن كۆپرەكى زايا بولۇپتۇ. بىك بەچچە بۇ پەتھى ئىسقبال بەختىنى پەتھنامە قىلىپ بارگاھى ئەلاغا ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۆرەملەر شەھەرگە سولىنىپ تۇرغان كۈنلەردە، يىگىتلەرنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خاراپ بولغان ئىدى. قىممەتچىلىكمۇ ناھايىتى قاتتىق بولغان ئىدى. بىر سەر كۈمۈشكە بىر جىڭ نان تېپىلمايتى ۋە نۇرغۇن قىممەت باھا ئاتلارمۇ ھالاك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا تاملارنى بۇزۇپ، سۇۋاقلىرىنى سۇدا يۇيۇپ، ئۇنىڭ سامانلىرىنى پاكىز قىلىپ ئاتقا بەرگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىش ھەل بولمايتى.

ئۈرۈمچى پەتھى بولغاندىن كېيىن، بىك بەچچە تۆرەمگە تەۋە يىگىتلىرى بىلەن بىللە تۇرپانغا قايتىشقا رۇخسەت بەردى ۋە قالغان يىگىتلىرى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئاندىن ئەمرى لەشكەر، پانسەت، يىگىت ۋە سەرۋازلىرى بىلەن گۇمادىغا ئاتلاندى. گۇمادىدىمۇ ئون مىڭدىن كۆپرەك كارغا يارايدىغان تىمەن تۇڭگانى بار ئىكەن. گۇمادى تۆت ئاي مىقدارى مۇھاسىرىدە بولدى. ئارىدا كۆپ قاتتىق جەڭ مۇھرىبىلەر بولۇپ، ئاقىۋەت تۇڭگانلار باراۋەرلىك قىلالماي، ئەمرى ئىتائەتكە بويۇنلىرىنى سونۇپ، ھەدىيە- تارتۇقلار بىلەن ئالدىغا چىقىپ، ئامانلىق دۆلەت شەراپىتىگە ئىگە بولدى. ببك بەچچە ئۇلارنىڭ يۇرتىنى ئۆزىگە ئىنئام قىلىپ، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ياندى. خالمان پانسەت بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا شاھادەتلىك شەرۋىتىنى ئىچتى.

بۇ كۈنلەردە يەنە جانابى ئالى بەدۆلەت مەرغىنانلىق يەھيا يۈز بېشىنى كاشغەردىن ماناستىكى لورىنجىغا ئالدىغا خەت، سوغات ۋە بال، ناۋاتتەك شىرىن گەپلەر بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. مەزكۇر يۈز بېشى ماناسقا بىرىپ، ئەلچىلىك قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. مەزكۇر يۈز بېسى ماناسقا بىرىپ ئەلچىلىك قائىدە- رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ

تۇرغاندا، لورىنجا يەنى داۋۇد خەلپە «مەن ئەنجانلىقلارنىڭ خەت- سۆزلىرىنى ئاڭلىمايمەن ۋە ئەلچىنىمۇ كۆرمەيمەن» دەپ ناھايىتى غەزەپ جاھالەتتىن مەزكۇر يۈز بېشىنى دارغا ئاستى. ئۇنىڭ ئۈچ ئادىمىنىمۇ يوق قىلدى. جانابى ئالى غازى لورىنجانىڭ بۇ خىل نالايىق قىلىش ئىشلىرىنى ئاڭلاپ، غەزەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ، ئاللا بېك پانسەت، ھىسامىدىن پانسەت، ئاخۇن پانسەتلەر باشلىق ئون پانسەت ۋە ئىككى مىڭ نەپەر خۇن ئىچەر ئەسكەرنى تەيىنلەپ يولغا سالدى. بۇلار يېتىپ بېرىپ جانابى بېك بەچچە بىلەن كۆرۈشۈپ، سائادەتلىك زامان ۋە شەرەپلىك ۋاقىتلاردا ئاتلىنىپ يولغا چىقىپ، مانسا تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى. شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ، جەڭ- مۇقابىلىگە كىرىشتى. بىر قانچە قېتىم غەلبە قىلىپ، بىر قانچە قېتىم مەغلۇپ بولدى. ئۇ ياراتقۇچى غەپپۇر ئاللانىڭ فەزلى ئىنايىتى بىلەن ماناس شەھىرىنىمۇ ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. لېكىن شەھەر ئېلىنىۋاتقان كۈنلىرى لورىنجا دورا يەپ جېنىنى جان ئالغۇچى ئەرۋاھقا، مال- دۇنياسىنى بولسا غەلبە نىشانلىق قوشۇنلارغا تاپشۇرۇپ، ئامانلىق ھاسىل بولدى، بۇ جەرياندا ئۈچ يۈزدىن كۆپرەك يىگىت زايە بولدى. مىڭدىن ئۇشۇق تۇڭگانلار يوق بولدى. شۇنداق قىلىپ تۇڭگانلارنىڭ شەھىرى ئىككىنچى قېتىم جانابى ئاتالىق غازىنىڭ ئەمرى ئىتائەتىگە كىردى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن، بېك بەچچە ئۈرۈمچىگە قاراشلىق ئالتە شەھەردىكى چوڭ- كىچىك ۋە باي ياكى كەمبەغەل تۇڭگانلارنى خەتلەپ تىزىمغا ئېلىپ، بايلارغا مىڭ سەردىن، قالغانلارغا ئۆز دەرىجىسى بويىچە سەككىز يۈز سەر، ئالتە يۈز سەردىن تارتىپ، ئەڭ ئەقەللى ئون سەرگىچىلىك كۈمۈش پۇل غەللە قويۇپ، دۆلەتخانىغا ئالدى. بۇ يارغۇ كۈمۈشنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، تۇڭگانلار ئاجىزلىق ۋە زەئىپلىككە يۈز قويۇپ، ئۆز ئورنىنى تونۇپ بىلىپ، ئۆز كەسپى- ھۈنەرلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان بولدى. بۇ چاغدا كاشغەردە سالارلىق (سالاتايىپىسىدىن – ت) كەنجى ئاخۇن بىگەن بىر نامدار كاتتا تۇڭگانى بار ئىدى. ئاتالىق غازى ئۇنى ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارغا دايەنەشەي قىلىپ، تۇڭگانى يۈسۈپ بېك ياساۋۇلنى ياساۋۇل بېشى قىلىپ، ئات، قورال- ياراق، ئەلەم، بايراق قاتارلىق ئىنئام- ئېھسان قىلىپ، ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى. بۇلار ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، بېك بەچچىمۇ ئۈرۈمچىنىڭ چوڭ تۇڭگانلىرىنى كەنجە ئاخۇنغا تاپشۇرۇپ، غەلبە نىشانلىق قوشۇنلىرى بىلەن تۇرپانغا يېتىپ چۈشتى. تۇرپاندىكى ئۇلۇغ مازار- ماشايىخلار ھەققىدە ئالەم ئىگىسىنىڭ كالامىنى خەتمە قىلدۇرۇپ، غېرىپ- بىچارىلەرگە كەڭرى نەزىرلەرنى قىلىپ، سەدىقە بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ خاتىرجەم بولدى.

لېكىن، كورلا ھاكىمى ھاجى مىرزا بېشىنى بۇرۇن بىپارۋارلىق قىلىپ خاتۇن خانىنى قولدىن بەرگەن ۋە قالماقلارنىڭ بىرنەچچە ئادەمنى زايا قىلىشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى. بۇنى گۇنا- جىنايەتلىرىنى بوينىغا قويۇپ، ئورنىدىن بىكار قىلىپ، كاشغەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ يىل ئىستىقامەت ۋە تووۋا- نادامەتكە تاشلىدى. كورلىنى بولسا نىياز مۇھەممەت توقسا بىيىگە مەرھەمەت قىلدى. نار مۇھەممەت پەرۋانىچىنى بولسا پىشقەدەم ۋە كاتتا سىپاھ دەپ، تۆرەم بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە بۇيرۇغان ئىدى ھەم ئۇنىڭغا ئەمرى لەشكەرلىك مەنسۇۋى بېرىلگەن ئىدى. ھەتتا ئۈرۈش ۋاقتىدا تۆرەمنىمۇ بۇ پەرۋانىچىنىڭ ئەمرى پەرمانىغا بوي سۇنۇش توغرلۇق مۇبارەك يارلىق بېرىپ، ئورنىنى كۆتەرگەن ئىدى. لېكىن بۇ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، مەخپى تۆردە مەرھۇم دايەنشەينىڭ ئوغلى تالىپ ئاخۇندىن مەخپى ھالدا بىر مۇنچە نەق پۇل ئېلىپ، جانابى ئالىغا خەت يېزىپ، تالىپ ئاخۇننى دايەنشەي قىلىپ بېرىلسە. چۈنكى ھەممە تۇڭگانىلار تالىپ ئاخۇننىڭ تالىپى ئىكەن دەپ تەلەپ قىلغان ئىدى. جانابى ئالىمۇ تالىپ ئاخۇنغا تەلەپكار بولۇپ دايەنەشەي قىلىپ ئالى يارلىق چۈشۈرگەن ئىدى. لېكىن، تۇڭگانىلارنىڭ چوڭلىرى ھەتتا پۇقرا ئاممىسىمۇ تالىپ ئاخۇنغا ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلىشنى ئۆزلىرىگە ئار- نومۇس بىلىپ، ئىككىنچىلەپ لورىنجاغا ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك شى - شى گۇڭ بىلەن تالىپ ئاخۇننىڭ دادىسى سۇ يەنشەي ئوتتۇرىسىدا كونا ئاداۋەت بار ئىكەن. شۇنداقلا، تۇڭگانىلارنىڭ خاس پۇقرالىرى ۋە ھەممىسىلا داۋۇد خەلىپىنى كەسپى كارامەتلىرى ئاشكارا، دەۋەت ئىگىسى دەپ جان- دىلى بىلەن ئەقىدە ئىخلاس قىلىدىكەن. ئەگەر نارمۇھەممەت پەرۋانىچى ئىككىنچى قېتىم داۋۇد خەلىپىنى تۇڭگانىلارغا ئۇلۇغ قىلىپ بېرىلسە دەپ ئەرز بەرگەن ئىدى. بەلكى مۇبارەك يارلىق ئارقىلىق داۋۇد خەلىپە تۇڭگانىلارغا ئۇلۇغ قىلىنغان ۋە ئارىدا جىدەل- ماجىرا چىقمىغان، يىگىت، سەرۋازلارنىڭ قانلىرىمۇ تۆكۈلمىگەن بولار ئىدى. ئاتالىق غاھى ئەنە شۇ ۋەقەلەرنى بانا- سەۋەپ قىلىپ، نار مۇھەممەت پەرمانىچىنى كۈچاردىكى مەنسۇۋىدىن بىكار قىلىپ، كاشغەرگە ئېلىپ بېرىپ، مۇزلۇق ئۆيگە سولاپ قويۇپ، مۇزلىتىپ يوق قىلدى. كۈچارنى بولسا ئاملىخان تۆرەمگە ئىنايەت قىلدى ۋە ئۈرۈمچى ماناس ئۇرۇشلىرىدا باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئارسلان قۇل قىپچاقنى پانسەتلىككە كۆتەردى. تاغاي قۇرشاقنى ياساۋۇللارغا يۈز بېشى قىلىپ تەيىنلىدى. پەيزى يۈز بېشى ئۆز باشلىقى مەھمۇت بېك پانسەتكە ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كايىپ مۇزداۋاندا قويدى. لېكىن، ئۇ مۇزداۋاندىن قاچقاندا تۇتۇۋېلىپ، كاشغەرگە ماڭدۇرسا، يولدىن يەنە قاچتى. ئۇنىڭ گۇناسىنى گەدىنىگە يۈكلەپ،

سۇيۇپ تاشلىدى. يەنە ئۇرۇمچىنىڭ كونا شەھرىدە بىر مىڭ يىگىت تۇرۇشقا يارلىق قىلدى. تۇردى قۇلى دادخۇانى ئەمىرى لەشكەر قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە تۆت پانسەت تەيىنلەپ، ئۇرۇمچىدە توختاتتى ۋە ھەر يىلى تۆت پانسەت نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدىغان بولدى.

تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان (مىلادى 1872- يىل – ت) ئىدى. جانابى بېك بەچچە غەلبە ۋە نۇسرەتتىن كېيىن، دۆلەت- ئىقبال بىلەن كاشغەر دارۇس سەلتەنەتىگە مۇراجەت قىلىپ، بۈيۈك ئاستانىگە بېرىپ، جانابى ئالىينىڭ شەرەپ ۋە قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. تۇڭگانلاردىن ئولجا ۋە يارغۇ قىلىپ ئالغان مال غەنىمەت- يامبۇ، كۇمۇش، چاي، چىنە، تاۋار- دۇردۇن، قورال- ياراق قاتارلىق نەرسىلەرنى بىرمۇ بىر خەتلەپ، ئۇلارنى ئۆز تىزىمى بىلەن ئالى بايلىق غەزنىسىگە تاپشۇردى ۋە تۇڭگانلار شەھرىدە بولغان ۋەقە- ھادىسىلەرنى جانابى ئالىينىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا بىر- بىرلەپ مەلۇم قىلدى. جانابى ئالى ماختاپ ۋە تەقدىرلەپ، ئۇنى نۇسرەت ئۈلگىسى بولغان ھەممە قوشۇنلارنىڭ ئەمىرالار ئەمىرى ۋە لەشكەر بېشى دىگەن ئالى مەنسەپ بىلەن مۇكاپاتلاپ ئورنىنى كۆتۈردى. باشقا ئەمىرى لەشكە، پانسەت ۋە يەككە يىگىت ئەمىرالىرى، ھەتتا سەرۋازلارىمۇ ئۆز لايىغىدا مەنسەپ، تون- كىيىم قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى شاھانە ئىنئام ۋە پادىشالىق ئىلتىپاتلار بىلەن مەمنۇن قىلىپ، كۆڭلىنى كۆتەردى. شۇنداقلا، بۇنىڭ شەرىپىگە كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ، ئۆلىما، فەزىلا ۋە سەيىد پۇقرالار، ھەتتا ھەممە ئادەم، ئاجىز- بىچارىلەر، غېرىپ- غېرىبالارغىچە تون- كىيىم، تەڭگە، تىللا بەخش- ئېھسان ئاتا قىلدى ۋە ئۇلارغا ئۆز لايىغىدا نەزىر- سەدىقىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ پەتە ۋە دۇئاسىنى ئالدى. نەچچە قارى مۇرەتتىپلەر ۋە قىرائەتچىلەرگە ئۇلۇغ ئاللانىڭ مۇقەددەس كالامىنى تامام قىلدۇرۇپ، ساۋابىنى پاك ۋە مۇقەددەس ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا بېغىشلاپ دۇئا قىلدۇردى.

دەسلەپتە جانابى ئاتالىق غازى ئۇرۇمچىگە بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە بىر قېتىم تەۋە قىلىپ يانغان ئىدى. ئىككىنچى قېتىم بېك بەچچە بېرىپ ئۇ جاينى ئالاھىدە بويسۇندۇردى. بۇ ئارىدا تولۇق ئۈچ يىل ئۆتتى. غەزنە تولا سەرپ بولۇپ كەتتى. ھەتتا بۇ يەتتە شەھەرنى باج- خىراجەتلىرىمۇ يەتمەي قالدى. خۇسۇسەن كاتتا قىممەت باھا ئارغىماق ئاتالار ھالاكەتكە يەتتى. قىممەتچىلىك كۈنلىرىدە يىگىت سەرۋازلار ئات گۆشىنى يەپ قويغان سەۋەپ بىلەن ئىسسىق كۈنلەردە قورساق ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ، ئىچىدىن قان كېلىپ ئاللانىڭ قۇدرەتلىك قازا ئوقلىرىغا دۇچار بولدى.

شۇنداقلا، تىغ شەھىرى ۋە شاھانە سىياسەت، ھەتتا قۇدرەتلىك ۋە ھەممىگە ئىگە بولغان ئاللانىڭ قەدىرى بىلەن ئىككى يۈز مىڭغا يېقىن تۇڭگان ھالاكەت سەيلىسىدە غەرق بولۇپ، بالايى ـ ئاپەتكە ئۇچراپ، يوقلۇق شەھىرىستانىنى ئاۋات ۋە باي قىلدى. ھالبۇكى، مۇنچە تۇڭگانىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ھەتتا ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆلگەن چوڭ ـ كىچىك نارسىدە ئوغۇللار ۋە بويىغا يەتكەن ياكى يەتمىگەن قىز باللارنىڭ سانىنى بولسا، ئۇ غايىپ ئالەم شاھى بولغان ئاللادىن باشقا بىرەر ئىنسان ياكى بىرەر جاننىڭ ئەقىل ئىدرىكى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. جۈملىدىن، بۇ چاغدا مۇسۇلمانلاردىنمۇ ئۆلگەنلەر بار ئىدى.

سۆزىمىزنىڭ ھاسىلى شۇكى،ئاۋالقى ئىسلام دەۋرىدىن تا بۇ زامانغىچە ختاي، قالماق، تۇڭگان ۋە قازاقلارنىڭ باللىرىنى ئەسكەر ۋە سودىگەرلەر خالىغىنىچە ئولجا ۋە ئەسىر قىلىپ ئالاتتى. بەزىلىرىنى ئازغىنا ئاش ـ ئۇزۇق، نان ـ توقاچقا ساتاتتى. ياكى ئۇلارنىڭ قوسىغىنى بېقىپ خىزمىتىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئازادىلىكى ۋە مىننەتدارلىقىغا ئىگە بولاتتى. ياكى قىزلارنى چوڭ قىلىپ خالىغانچە ئۆز ئەمرى ئەقدىگە ئالاتتى. ياكى يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەمرى ئەقدىسىگە مۇستاپانىڭ سۈننەت يولى بىلەن بېرەتتى. بۇلار ئۆي تەئەللۇق بولۇپ، بالا ـ پەرزەنتلىك بولۇپ قالاتتى. بۇلاردىن تۇغۇلغان باللار چوڭ بولۇپ ئادەم قاتارىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلار قاتارىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى. بۇلار مەزكۇر ئولجا باللارنى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتۇپ ساۋادىنى چىقىرىپ، خەت ئۆگىتىپ، بەزىلىرىنى بولسا ھۈنەرۋەر قىلىپ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندۇراتتى. بەزىلىرىنى بولسا قارى مۇرەتتىپ قىلىپ، پەزىلەت كامالەتكە ئىگە قىلاتتى. ئۇ زاماندا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئەقەللىسى بىر ئىككى ئولجا مۇسۇلمان بالا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا مۇسۇلمانچىلىق دائىرىسىگە كىرەتتى. ھەتتا ئۇلارنى بۇ شەھەرلەردىن چىقىپ فەرغانە ۋىلايىتى ، بۇخارا مەملىكتى، تۈركىستان، بەدەخشان بەلكى رۇم، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ باراتتى. ئۇلار تا ھازىرغىچە مۇسۇلمانچىلىق قائىدىسىدە مەھكەم تۇرۇپ، يەر، سۇ، جاي ۋە مۈلۈك سېتىۋېلىپ ئۆمۈر كەچۈرمەكتە. ئىلاھا ئۆز كامالى قۇدرىتىك ۋە «لائىلاھۇ ئىللالا، مۇھەممەدۇن رەسۇلىللا» دىگەن ئۇلۇغ كەلىمە شېرىپىنى تىللىرىدا جارى قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق چوڭ ـ كىچىك گۇنالىرىنى ئەپۇ قىلىپ، خۇددى مۆجىزىلىك ھەدىس شېرىپىنىڭ بىر مەزمۇنىدا «ئاللانىڭ بىرلىگى ۋە مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمىگەن مۇخلىسلار بولسا جەزمەن جەننەتكە كىرەلەيدۇ» دەپ بايان قىلىنغاندەك، ئۇلارنى ئۆزەڭنىڭ جالالەتلىك ۋە ئۇلۇغ دىدارىڭنى كۆرۈشكە نىسىپ قىلىپ، جەننەتى

نىمەتنىڭ ئىشكىلىرىنى ئۆز ئۇلۇغ سۆپىتىڭ بىلەن بۇ بەندە گۇناھكارلارنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاچساڭ، بۇ سېنىڭ ئۇلۇغ دەرگاھىڭ ئالدىدا ھېچقانداق بىر ئاجايىپ ئىش ئەمەس. ئۇلۇغلۇغۇڭغا مەرھەمەت – ۋەسسالام.

# 12

## ئۇ بەدۆلەت ئالى غازى ئەئنى مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىقنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇرپانغا يۈرۈش قىلىش نىيىتى، بەزى پاراكەندىچىلىك ۋەقەلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، دۆلەت ئىنتىزامىنىڭ ئەينى قىيامىدىن زاۋالغا مايىل بولۇشى، تەلەيگە قارشى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى تۈپەيلىدىن دۆلەت ئاپتىنىڭ مەغرىبكە قاراپ پېتىشىنى

دىيانەت ئەسەرلىك يارەنلەر ۋە مۇھەممەت شۇئارلىق بۇرادەرلەرنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللىرىگە روشەن ۋە ئاشكارە بولغايكى، بۇ تەرىقە قىسسە ۋە خەۋەرلەرگە قارىغاندا، تارىخ ھىجرىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1871- يىلى – ت)، ئىككى چاشقان يىلى جەۋزا پەسلىنىڭ ئاخىرىدا، جانابى شەھرىيارى ئاتالىق غازى ئۈرۈمچى، تۇرپان غازاتلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، دارسەلتەنەت ئاقسۇغا كەلدى. مۇلاجىيەت مىرزا بېشىنى بىكار قىلىپ، كۇچارلىق ئابدۇراخمان دادخۋانى ئاقسۇغا ھاكىم قىلدى ۋە مەھمۇت مۇسا توخسابىينى سالام ئاغسى ھەم ئورۇنباسار قىلىپ تەيىنلەپ، توققۇز ئاي ئاقسۇدا تۇرۇپ، ئاندىن كاشغەرگە بېرىپ، ئىككىنچى ئوغلى ھەق قۇلى بېگىمنى ئاقسۇدىكى پانسەت، يىگىت، سەرۋازلارغا ئەمىرى لەشكەر ۋە ئۆزىنىڭ ئاقسۇدىكى ئورۇنباسارى ھەم سالام ئاغسى قاتارلىق مەنسەپلەرگە تەيىنلىدى.

تارىخ ھىجرىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن توققۇزىنچى يىلى (مىلادى 1872- يىلى – ت) بېك قۇلى بېگىمنى ھېكىم خان تۆرەملەرنى ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۈرۈمچىنى ئىككىنچى قېتىم تەسەررۇپ قىلىشقا پەرمان بەردى. ئۇلار ئۈرۈمچى تەۋەسىنى ئون تۆت ئايدا سەرەنجان قىلىپ، تارىخ ھىجرىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسانىنچى يىلى (مىلادى 1873- يىلى - ) سەرەتان پەسلىدە يېنىپ كېلىپ، جانابى شەھرىيار غازى بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئىگە

بولدى. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىدى. بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان بىرىنچى يىلى (1874- يىلى –ت ) تىنچ- ئامانلىق بىلەن ئۆتتى.

لېكىن، تارىخ ھىجرىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1875- يىلى - ت)، خۇددى بۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە ئاخىرىدا بايان قىلىنغاندەك، قامۇل ۋە لەنجۇ سىرتىكى تەرەپتىن داخۇ، شوخۇ [202] دېگەن ئىكى نامدار تۇڭگانى ئوتتۇز مىڭدىن كۆپرەك باتۇر ۋە جەسسۇر تۇڭگانى بىلەن تۇرپان ئىقلىمىغا بېسىپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئىسلام ئاچقان پادىشاھى ئىسلام، يەنى مۇھەممەت ياقۇپ بېك غازى ئالى خىزمەت كىراملىرىغا ئۆزىمىزنى تاشلاپ، ھىمايەتلىرىگە ئۇلىشىپ، ھەممىمىز بىر نىيەتتە تۇرۇپ بىجىن مۇشرىك ۋە دىنسىزلىرىغا قارىشى كۇرەشتە بىللە بولساق دېگەن مۇددىئا ۋە ئەرزىلىرى بار ئىكەن. ئۇلار بىجىن تەرەپتىن چىققان نۇرغۇن خىتاي چېرىكلىرىگە باراۋەرلىك قىلالماي قېچىپ چىققان ئىكەن. ھېكىم خان تۆرەم ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئاش- ئوزۇق چىقىرىپ، تۇرپانغا چىقىرىپ، تۇرپانغا كىرگۈزمەي، بىر چەت- ياقا بىلەن ئۇرۇمچى، ماناس تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ، تېرىقچىلىق قىلسا ھوسۇق ئالالىغۇدەك كەڭرى زېمىن، ئوتلاق ۋە يايلاقلارنى كۆرسىتىپ، بەدى. ئۇلار دېھقانچىلىق ھەرىكىتى ۋە تەرەددۇتلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. لېكىن، ئۇ تۇڭگانىلار قامۇل ئەھلىنى بۇلاپ- تالاپ، شەھەر، سەھرايى- كەنت، ئايماقلارنىڭ چوڭ- كىچىك ئادەملىرىنى، ئۇلارنىڭ خوتۇن- بالىلىرى بىلەن بىللە كۆچۈرۈپ ئالدىغا سېلىپ، بەزىلىرىنى پىيادە، بەزىلىرىنى ئاتلىق ۋە ئاچ-يالىڭاچ ھالدا خېلى ئاۋارە قىلىپ ھەيدەپ، بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ھېكىم خان تۆرەم بۇلارغىمۇ رەھمى- شەپقەت قىلىپ ، بۇ شەھەر، شەھەر، سەھرايى- كەنت، ئايماقلاردىن كەلگەنلەرگىمۇ ئاش- ئوزۇق چىقارتىپ، كۆپ مەرھەمەتلەرنى قىلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى جانابى ئالى تۇرپانغا قەدەم- تەشرىپ كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، تۇڭگانى دايەنشەي، ۋاڭ- خانلىقىنى يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئاغچىسى بىلەن فۇچىن خانىنى ئوغلى ۋە بىرمۇنچە ئادىمى بىلەن ئولجا- ئەسىر قىلىپ ۋە بۇلاپ- تالاپ تۇرپانغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

يەنە بىر ۋەقە شۇكى، جانابى ئالى بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن نۇرغۇن ھەدىيە ۋە سوغا- سالام راسلاپ، دوستلۇق ئىزھار قىلىپ خەت يېزىپ، ئابدۇلسەمەت ئىشىك ئاغىسىنى لەندەندىكى [203] مەلىكە پەرەڭگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەن . مەلىكە پەرەڭ بۇنىڭغا تولا ئېتىۋار بىلەن قاراپ، يىگىرمە مىڭ دانە پىستانلىق پاكىز ۋە قىممەت باھا كارخانا

ملتىغى ئەۋەتكەن ئىكەن. بۇ قورااللار يىتىپ كەلگەندىن كىيىن، ھەممەت يىگىت، سەرۋازلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىكەن. ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەھدارخان تۆرەم بىلەن مۇھەممەت جانبايلارنى لاياقەتلىك نۇرغۇن سوغا- سالام بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپ، قورال- ياراق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىللا ۋە تەڭگىلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى. بۇلار مەلىكە پەرەڭ بىلەن ياخشى سائەتتە ئۇچرىشىپ، قىرق مىڭ دوملە پاكىز پەرەڭ كالتۇس ملتىغى ۋە ملتىق ياسايدىغان ئون ئىككى نەپەر ماھىر پەرەڭ ئۇستىسى بىلەن بىر بىر شىرىسى يۈز جىڭ كېلىدىغان ئىككى يۈز شىرە ۋە خۇش پۇراق چاي ئېلىپ كېلىپ، جانابى ئالىنىڭ نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزدى. جانابى ئالى بۇ ئىككى يۈز شىرە چاينىڭ شىرىلىرىنى ئېچىپ، ئوردا ئالىنىڭ سەھنىسىنى خامان قىلىپ تۆكتۈردى. سەھنىدە گويا بىر كاتتا دۆۋە كۆمۈك پەيدا بولغاندەك بولدى. ئەمىرى لەكشكەر، ئەمىرائى پانسەتلەر، يىگىت، سەرۋازلار، ھەتتا چوڭ- كىچىك ھەممە مىراخىر پاراشلارغىچە ئون لىگەن ياكى بەش لىگەن، ئەقەللىسى بىر لىگەنگە چاي مەرھەمەت- ئىنئام قىلدى. ھېچبىر مۇلازىم خىزمەتچى بۇ ئومۇمىي ئىنئامدىن مەھرۇم ياكى نائۈمىت قالمىدى. بۇ شۇنداق خۇش پۇراق ۋە پاكىز چايلار ئىدىكى، گويا ئوردا ئىچى، ھەتتا پۈتۈن شەھەر ئىچىگە خۇش پۇراق ئەتتىر تۆكۈلگەندەك، ياكى مۇشكى ئەزفەردەك ھەممە ئادەمنىڭ دىمىغىنى خۇش پۇراقلىق ئەتىر قىلىپ ياراتتى.

بۇ كۈنلەردە جانابى ئالى غازىنىڭ دىل ئەينەكلىرىدە يەنە بىر سەپەر قىلىش ئارزۇ- ئىشتىياقى پەيدا بولدى. دەل شۇ چاغدا فەرغانە ۋىلايىتى تەرەپتىن قىپچاق ئاپتابەچىدىن ئەلچى كەلدى. ئۇ توپ، زەمبىرەك قاتارلىق ياراقلار بىلەن قوراللانغان ئىككى مىڭ تۇڭگانى بەرسلە، ئورۇس دىنسىزلار بىلەن غازات قىلىپ، فەرغانە ۋىلايىتىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاجراتسام دەپ تەلەپ قىلغان ئىكەن. مەزكۇر ئاپتابەچى بۇ كۈنلەردە بىر مۇنچە قىپچاقلارنى ئۆزىگە يار ھەمدەم قىلىپ، ئورۇسىينىڭ ئىناۋات ۋە ئىتائىتىدىن تارتىپ، بىر چەت ياقىدا كۈن كۆرۈپ تۇرغان ئىكەن. جانابى ئاتالىق غازى ئۆزىنىڭ دەرھال جاۋابىدا خۇددى رەببانى خۇددى ئاللادىن ئىلھام كەلگەن ۋە سۇبھانى خۇددى كۆڭلىگە سالغاندەك «ماڭا ئۇرۇمچى تەرەپتە دۈشمەن پەيدا بولۇپتۇ، مەن بۇنىڭغا ئۆزەم ئاتلانماقچى بولۇپ قوشۇن ماڭدۇرۇپ تۇرۇپتىمەن. پات- يېقىندا تىنجىتىپ قايتىپ كېلىپ ، نۇرغۇن قوشۇن بىلەن چىقىپ يار- مەدەت بەرىمسەم، بۇنداق چوڭ دۈشمەننى ئىككى مىڭ تۇڭگانى بىلەن يوقاتقىلى بولمايدۇ» دەپ شىرىن گەپ ۋە تاتلىق سۆزلەر بىلەن بىر بانا قىلىپ ئەلچىنى يولغا سالدى.

لېكىن، بۇ ۋاقىت ئاتالىق غازىنىڭ دۆلەت قۇياشىدىن چىچىلغان نۇرلار ئۆز قىيامىدىن زاۋالغا قاراپ ماڭغان ۋە يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەۋاتقان، دۆلىتى بولسا ئىگىزلىكتىن پەسكە قاراپ قەدەم قويغان بىر ھالەتكە كىرگەن ئىدى. ئامما زامانى ئۇلۇغ ۋە زاۋالى گۈزەل ئاتالىق غازى تارىخى ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1875- يىل – ت) يەنى نەھەڭ (ئەجدىھا – ت) يىلىنىڭ مىزان پەسلىدە، نەھەپ ئاغزى تەرەپكە يۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ قەدەم تاشلاپ، يېڭىسارغا كەلدى. لېكىن، بۇ ئاتلىنىشنىڭ ئالدىدا جامدار دادخۇا، ئۆمەر قۇل ئەمىرى لەشكەرلەر باشلىق بىر نەچچە كاتتا ئەرباب دۆلەتخالىق ھەققىدە ئىلتىماس مەلۇم قىلىپ، «جانابى ئالى بۈيۈك بارگاھى- سەلتەنەتتىن قوزغالمىسا، ھەرقانداق خىزمەت بولسا بىزدەك كەمىنە قۇللىرىغا پەرمان ئالى چۈشۈرسىلە، بىز بېرىپ بۇ خىزمەتنى قىلىپ بەرسەك» دېگەن چاغدا جانابى ئالى بېھىربانلىق بىلەن «سىزلەر قەشقەردە بېك بەچچە ئالدىدا تۇرۇڭلار، ئۆزەم بېرى كېلەي» دەپ، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى ماقۇل كۆرمىدى. چۈنكى، جامدار دادخۇا، ئۆمەر قۇل ئەمىرى لەشكەر قاتارلىقلارنىڭ بىز بارماي تۇرۇپ ھېچقانداق دۈشمەن ئېلىنغان ئەمەس دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن. شۇڭلاشقا بۇلارنى ئەۋەتمىدى ۋە بىللىمۇ ئېلىپ ماڭماي، ئۆزى ئاتلانغان ئىدى دېگەن گەپلەر بار.

بۇ كۈنلەردە زامان رىۋايەتلىرىنىڭ خاقانى چىنى تەرەپتىن نۇرغۇن قارا چېرىكلەر چىقىپ قامۇلغا كىرىپتۇ دېگەن يامان خەۋەرلىرى كەلدى. جانابى غازى ئالى مەقام ياركەنتكە كېلىپ چۈشتى. ياركەنتتىكى قازى رەئىس موللا نەمان ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ، يولدىن چەتنەپ، باشقا قول ئۇزارتىپ، بىھۇدە ئارتۇق ئىشلارنى قىلغان ئىكەن. خۇسۇسەن خۇددى بىر ئالى ئوردا سىياقىدا بىر كاتتا ھويلا ئىمارەت بىنا قىلدى دېگەن گەپ جانابى ئالىنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا ئاڭلانغان ئىدى. ئۇ بىر كېچىدە مەخپى بېرىپ، بۇ ھالنى ئۆز كۆزى بىلەن ئەينەن كۆرۈپ، ئەتىسى مۇلازىم بۇيرۇپ ئالدۇرۇپ كېلىپ، بۇ قازى رەئىسنى ئەيىپلەپ نەزەربەنت قىلىپ، مال- ئەشيالىرىنى ئالى دۆلەتخانىغا تاپشۇرۇپ ئالدى. ئىككى يۈز سەرۋاز بۇيرۇپ ئىمارەتلىرىنى تامامەن بۇزۇپ، ئورنىغا خالا جاي سېلىشقا پەرمان قىلدى. ئۇلار بۇ ئىمارەتنى ئون بەش كۈندە بۇزۇپ، ئورنىغا تەرەتخانا سالدى. جانابى ئالى ياركەنتتە يىگىرمە كۈن تۇرۇپ، تەنتەنە ۋە سەۋلەت ھەم ناھايىتى قاتتىق زىل- زىلىلەر بىلەن ئاقسۇدىكى دار سەلتەنەت تەختگاھىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

بۇ كۈنلەردە خوتەن ھاكىمى نىياز بېك توقسان تارتۇق ئېلىپ كۆرۈنۈشكە كەلدى. ئۇنىڭغا جاۋاپ بەرمەي توختىتىپ قالدى. قىش ھاۋاسى ئۆزگىرىپ، باھار كۈنلىرى كەلدى. بۇ جەرياندا تۇرپان، ئۈرۈمچى تەرەپلىرىگە قىل قۇيرۇق لەشكەرلىرىنى ماڭدۇرۇپ تۇردى. تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 1876- يىلى – ت)جانابى ئالى كۆزلىگەن مەقسەتنى نىيەت قىلىپ، نىياز ھاكىم بېكنى ئۆلپەت ۋە ھەمرا قىلىپ، زەپەر ئۆزەڭگىسىگە ئاياق قويدى ۋە يەنە ئەمرى لەشكەر تۈڭگانى ماداۋىيە، ھەيدەر قۇل دادخۋا، كىرىمبايى مىرزا شاغاۋۇلنىڭ ئوغلى ئىسھاقجان پانسەت، ئابدۇراخمان دادخۋانىڭ ئوغلى ھاپىز بېك پانسەت، قادىر پانسەت، مەمۇر پانسەت، مۇھەممەت ئەلى پانسەت، سەپەر پانسەتلەر باشلىق ئون مىڭ يىگىت ھەم تۆرە قۇل لاۋۇر، كىپەك لاۋۇر، مۇھەممەت ئەپەندى، خېلىل ئەپەندى، مۇھەممەت رىھىم پەھلىۋان، ئۆمە خوجا ئىشانلار بىلەن ئۈچ مىڭ سەرۋاز ۋە دوھۇل- دۇمباق، ناغرا- كانات، توپ، جازا يىل، زەمبىرەك، تۇغ، بايراق قاتارلىق سۆلەت ۋە داغ- دۇغا ھەشەمەتلەر بىلەن ئاستا- ئاستا كۈچار- دارۇس- سەلتەنەتىگە كېلىپ چۈشتى. بۇ جايدا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن ئۆتۈپ، كورلىنى مەقامى مەنزىل قىلدى. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىدى.

بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى تۈڭگانى كەنجى ئاخۇن دايەنشەي تەرەپتىن يۇسۇپ بېك ياساۋۇل باش دېگەن ئادەم سوغا- سالاملار بىلەن بىر ئەرز ئېلىپ كېلىپ دۇئا قىلدى. ئەرزنىڭ مەزمۇنىدا «بېجىن تەرەپتىن بىرمۇنچە خىتاي چىقىپ، گۇچۇڭزىغا كېلى ئورۇنلىشىپتۇ» دېگەن گەپ بار ئىكەن. جانابى ئالى بۇ ئەرزنى كۆرۈپ، يەنىمۇ تەھقىق ۋە تەپتىش قىلىپ ،ئۇنىڭ راس- يالغانلىغىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن، تاغاي يۈز بېشىنى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭزا قاتارلىق جايلارغا ماڭدۇردى. مۆزكۈر يۈز بېشى ئۈرۈمچىگە بېرىپ يېنىپ كېلىپ، بىر مۇنچە پاراكەندىلەردىن يىغىلغان خىتاينىڭ گۇچۇڭغا كەلگەنلىگىنى راست ئىكەن دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ ئارلىقتا جانابى ئالى كورلىدىن قوزغىلىپ، قەشقەردىنمۇ ئۆتۈپ، ئۇششاقتالنى قارار ۋە ئارامگاھ قىلغان ئىدى. ئەمدى بۇ جايدىنمۇ يولغا چىقىپ، مەنزىلمۇ- مەنزىل يۈرۈپ توخسۇنغا كەلدى.

لېكىن، ئۇ كورلىدىكى چاغدا ئاقسۇدىك ئوغلى ھەق قۇلى بېگىمنى دەرھال يېتىپ كەلسۇن دەپ بىر نەچچە ئەمرائى پانسەتنىڭ نامنى ئالى ئىنايەتنامىگە كىرگۈزۈپ خەت ئەۋەتكەن ئىقدى. بۇ ئالى پەرمان بويىچە مۇھەممەت كېرەم دادخۋا، بەچچە باتۇر پانسەت، ئالىمباي پانسەت، ئەلى بېك پانسەتلەر قاتارلىق باشلىق يىگىرمە نەچچە

پانسەت ۋە سەرەجەڭلەر ئون ملك لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ توخسۇنغا بېرىپ، جانابى ئالىنى دۇئا قىلدى. بۇلار كەلگىچە توخسۇندا بىر شەھەر بىنا قىلغان ئىدى. بېك بەچچىنى يىگىتلىرى بىلەن مەزكۇر شەھەرگە چۈشۈردى.

ئەسەد پەسلى ئىدى. جانابى غازى توخسۇندا تۇرۇپ، ئەمىرى لەشكەر مادالويەنى بىر ملك بەش يۈز تۆگىگانى يىگىتى بىلەن ئەزىم قۇل پانسەتكە يەنە تۆت پانسەت قوشۇپ، يىگىتلىرى بىلەن گۇمادىغا ماڭدۇردى. بۇلار ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن ئەزىم قۇل پانسەت ئۇرۇمچىدىن گۇمادىغا ئاتلاندى. مادالويە بىلەن قالغان پانسەتلەر ئۇرۇمچىدە قالدى. بۇ چاغدا گۇچۇڭ تەرەپتىن بىر مۇنچە خىتاي چىقىپ، ئەزىم قۇل پانسەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى بىر نەچچە كۈن شەھەرگە سولاپ قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈردى. ئاخىرى قارا چېرىكلەر غالىبلىق قىلىپ، گۇمادىنى ئالدى. ئەزىم قۇل پانسەتنى بىر مۇنچە يىگىتى بىلەن شاھادەتلىككە يەتكۈزدى. كەينىدىن مادالويە چېرىكلىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ھامى بولۇش ئۈچۈن گۇمادىغا ئاتلاندى. بۇ تېخى يېتىپ بارماي تۇرۇپلا چىداۋان دىگەن شەھەردە خىتايلارغا دۇچار بولۇپ، قاتتىق جەڭ قىلدى. غالىبلىق قىلىپ تۇرغان بۇ بىر پەيتتە، خىتايلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، مادالويە چېرىكلىرى بىلەن دەرھال يېنىپ كەلسۇن دىگەن ئنايەتنامە پەرمان كەلدى. مادالويە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، يۈزچە تۆگىگانى بىلەن كاشغەرگە ماڭدۇرۇپ، كاشغەرگە بېرىپ ، تۆگىگانلاردىن بەش ملك يىگىت ئېلىپ تەييارلاپ تۇرۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە ئنايەتنامە بېرىمەن، شۇنىڭغا قاراپ كېلەرسىز دەپ پەرمان قىلىپ يولغا سالدى. لېكىن ئەزىز قۇل پانسەت بىلەن گۇمادىغا بارغان يىگىتلەرنىڭ تولىسى زىيانغا ئۇچۇردى. زەخمدار بولغانلىرى جانابى ئالىنىڭ خىزمىتىگە كەلدى. لېكىن ئۇلارغا ئىلتىپات قىلمىدى.

بۇ چاغلاردا كورلا ھاكىمى نىياز مۇھەممەت توقسابى، ھەيدەر قۇل پانسەت، ئەشمۇ ھەممەت پانسەت قاتارلىق يەتتە پانسەتنى داۋانچىنغا پەرمان قىلىپ، داۋانچىندا بىر شەھەر بىنا قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. شەھەر ناھايىتى تېزلا پۈتتى. ھەممە قوشۇن شەھەرگە كىرىپ ئولتۇردى. بۇ كۈنلەردە داخو، شوخۇ دىگە تۆگىگانلار ماناس، ئۇرۇمچىدىن كېلىپ، جانابى ئالىغا دۇئا قىلدى. ئۇلارنى بىر نەچچە كۈن توختىتىپ زىياپەت قىلىپ، ئىنئام - ئېھسانلارنى بېرىپ، ئۇرۇمچىگە ياندۇرۇپ، كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، كىيىم، تون، خەجلەيدىغان پۇل، تىللالارنى بېرىپ خاتىرجەم قىلدى. بىراق، بۇ ھەر قايسى ئەمىرى لەشكەر، پانسەتلەرگە تەكىت ۋە مۇبالىغىلەر بىلەن خەت يېزىپ، خىتايلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار دەپ ئالى ئنايەتنامە ۋە پەرمان ئەۋەتتى. يىگىتلەر ئۇرۇشماي تىنچ تۇردى. لېكىن، خىتايلار كېلىپ ئۇرۇش باشلىدى.

يىگىتلەرمۇ جانىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۆز جېنىنى ساقلاشقا تىرىشىپ سەۋەپلەرنى قىلدى. بىراق، جانابى ئالى نىمە ئۈچۈن ئۇرۇشتۇڭلار دەپ بۇنىڭدىن خاپا بولدى. چۈنكى، جانابى ئالىنىڭ خاقانى چىنى بىلەن يارىشىپ، ياخشى سۈلھى- شەرتلەر ۋە ئەھدى- پەيمان قائىدىرىلىنى ئانت- ئىمان بىلەن مۇكەممەل ۋە مۇستەھكەم قىلسا دىگەن مۇددىئا ۋە غەرەزلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ مۇددىئاسى ئەمەلگە ئاشمىدى. خىتايلارنىڭ بىر نەچچە كاتتا مەنسەپدارى قولغا تىرىك چۈشتى. ئۇلارغا دەخلى- تەرزۇ قىلدۇرماي، ئاقسۇ، كۇچار ۋە باينىڭ هاكىملىرىغا تاپشۇرۇپ، ئايلىق مائاش- كۈلەنلەرنى تەيىنلەپ، ئۇلارنى بىر نەچچە زامانغىچە ئوبدان ئاسراپ باقتى. لېكىن بۇ هاكىملار كېيىن ئىنايەتنامە كەلدى دەپ ھەممىنى يوق قىلدى. ئۇ يەنە بۇ كۈنلەردە خىتايلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن، ئىنئام خوجا ئىشانىنى جاسۇس قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ بېرىپ ئەھۋالنى بىلىپ يېنىپ كېلىپ، خىتايلار گورۇھى ھەددى- ھىساپسىز تولا ئىكەن. ئەلەم، بايراقلىرىنىڭ باش- ئايىغى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلار فەغفۇرچىنىنىڭ يارلىغى بىلەن چىققان چېرىكلەر ئىكەن دەپ ئەرز مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا تۆرەمنى يىگىتلىرىدىن ئاقسۇلۇق باقىش مىراپ، سىدىق بېك، يۈسۈپ بېكلەر باشلىق ئالتە شەھەر يىگىتلىرىدىن بىر نەچچىسى خىتايلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تۇرپان بەگلىرىدىن مۇقبۇل بېك،شاھنىياز بېك يۈز بېشلار خىتايلارغا خەت بەرگەن ئىكەن. بۇ خەت جانابى ئالىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ بۇ بەگلەرنىڭ خوتۇن- بالىلىرىنى ۋە يەنە خىتاي تەرەپكە مايىل بولغان بىر نەچچە ئادەمنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ، (ئۆي- ماكانسىز قىلىپ – ت) ياركەنتكە ھەيدىدى. ھەتتا سېرىق قولغىمۇ ماڭدۇردى. شۇنداقلا ئۇ ئەگەر خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلبە قىلسام نۇر ئۈستىگە نۇر قۇنار، ئەگەر ئىش ئەكسىچە نەتىجە بەرسە، مۇنداق كۈنلەردە قەيەرگىمۇ يېتىپ بېرىش مۇمكىن، چۈنكى يول ئۇزۇن ۋە چۆلدۈر، ھالبۇكى، بۇنداق ھالەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ خۇن ۋە مال- جېنىغا زامىن بولۇشۇم مۇمكىن دىگەن ئەندىشىلەرنى قىلىپ، خىتايلار بىلەن ئۇرۇشمەن دىمەڭلەر دەپ ئىنايەتنامە بېرىپ، تۇرپاندىن كورىغا يانىدىغان بولدى. ئۇ توخسۇندا تۆت ئاي مىقدارى تۇرۇپ، ئەقرەپ پەسلىدە كورلىغا كەلدى. ئۇ دەسلەپتىلا كورلىدىغان قوزغالماي تۇرغىنى ياخشى ئىدى. لېكىن، تەدبىرى تەقدىر سۇبھانىگە مۇۋاپىق چۈشمىدى. ئۆز ئاياقلىرى بىلەن مۇشەققەتلىك قەدەم تاشلاپ ھالاكەت ئاغزىغا بارغان ئىكەن.

جانابى ئالىنىڭ ئەقلى ۋە پەھمى زېرەكلىكى شۇ قەدەر ئىدىكى، ھېچقانداق بىر ئالى دەرىجىلىك پادىشانىڭ

ۋۇجۇت زېھنىدە بۇنداق ئەھۋال بولمىغان بولسا كېرەك، ئۇ بۇ يەتتە شەھەرنى ئون تۆت يىل سورىدى. ھەممە ئىشنى ئۆز ئەقىل- پاراستى بىلەن بىر تەرەپ قىلدى. ئۇ بۇ جەرياندا بىرەر دىيانەتلىك ۋەزىر ئىشلەتمىدى. ياكى بىرەر كىشى دۆلەت ئىشلىرى ھەققىدە بىرەر سۆزنى ئۇنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا مەلۇم قىلالمىدى. ياكى بىرەر كىشى گۇناغا لايىق بولغان بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ گۇناسىنى تىلەپ ئالالمىدى. ئۇنىڭ دۆلەت قەھرىدە بۇنداق ئىشلارنىڭ مەۋجىت بولۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، دۆلەت ئىقبال يۈز كەلتۈرگەندە ، مەيلى ئۇ ئەقىللىق دانا بولسۇن ياكى ئەقىلسىز- نادان بولسۇن، ھەممە ئىش ئۆز- ئۆزىچە بىر بانا- سەۋەپ بىلەن راست ۋە تەييار بولىدىكەن. ئەگەر دۆلەت ئىقبال يانغاندا، گەرچە ئۇ بۈزۈر جەمھۇردەك [204] دانا ۋەزىر ياكى كاتىپ بولغان بىلەنمۇ، قازا ۋە قۇدرەتلىك ئۆز مۇددىئاسىنى يەنىلا ئۆز خاھىشىدەك قىلىدىكەن. ناۋاينىڭ «كىشىدىن يانسا دۆلەت، ئالغان ئالتۇن تۇپراق بولغۇسى، بەخت كېلىپ يار بولسا، ئالغان گۈلدىن كۆمۈش پۈتكۈسى» دىگەن تەمسىلى بۇ خىل ئىش ۋە ئەھۋاللارغا مۇۋاپىق توغرا كېلىدۇ.

بۇ چاغدا، جانابى ئالى كورلىغا يانىدىغان بولدى. سۈيۈملۈك پەرزەندى ھەق قۇلى بېگىمنى ئون مىڭ يىگىت، سەرۋازنى قورال- ياراق، توپخانىلىرى بىلەن توخسۇندا قويۇپ، ختايلارغا ئۇق چىقارماڭلار دەپ ئالاھىدە تەكتىلىدى. يېڭى ھىسارلىق ھۇشۇر مەھرەم بولسا غەزنىچى ئىدى. جانابى ئالى كورلىغا مېڭىپ، بىر كۈن كېيىن غەزنىلەرنى قوزغاپ، بىر مۈنچە نەق پۇلنى ئېلىپ، بىر نەچچە ئادەمنى ھەمرا قىلىپ ختايلارنىڭ ئىچىگە قاچتى. بىر مۇنچە يىگىت ئارقىدىن قوغلاشتى. لېكىن بۇلار يېقىن يەتكەندە ھۇشۇر غەزنىچى تىللا، تەڭگىلەرنى يولغا چاچتى. قوغلاپ باغانلار تىللا، تەڭگىگە ئولاشتى. ئۇلار بولسا ئۇزاپ ختايلارغا ئۇچراشتى. جانابى بەدۆلەت باشلىق ھەممە كىشى لەۋلىرىنى چىشلەشتى ۋە ئىلاجى بولماي ئامالسىزلىقتىن پەسلەشتى. ھۇشۇر مەھرەم بۇ خىزمىتى ئۈچۈن كېيىن ياركەنتنىڭ ھاكىملىقىغا ئۇلاشتى.

بۇ كۈنلەردە ختايلار داۋانچىنغا كەلگەن ئىدى. نىياز مۇھەممەت توقسانى نەچچە كۈن ئوق چىقارماي سەۋر قىلدى. ئاخىرى ئىلاج بولمىدى. بۇ يەردىكى ئىككى مىڭچە يىگىت، سەرۋازلارنىڭ ئىچىدىن تۆت يۈزچە كىشى تەرتىپ- نىزام بويىچە مەشق قىلىپ، دەرۋازىدىن چىقىپ كاپىرلارغا ئوق چىقاردى. ئازلا مۇددەت ئىچىدە بىر مىڭغا يېقىن كاپىرنى يوق قىلدى. لېكىن جانابى ئالىدىن ئوق چىقارماڭلار دىگەن پەرمان كەينى- كەينىدىن كەلگىلى تۇردى. شۇڭلاشقا ئەمرى لەشكەر ياكى يىگىتلەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، دىللىرى غازاتتىن تامامەن سوۋۇدى. ئاقىۋەت ختايلار كۆپلەپ كېلىپ،

توپ، زەمبىرەكلەر بىلەن ئېتىپ داۋانچىننى بېسۋالدى. ئالتە شەھەرلىك ئادەملەرنىڭ قورال- ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قويۇپ بەردى. لېكىن نىياز مۇھەممەت توقسابى باشلىق يەتتە پانسەت، بىر نەچچە مۇساپىر يۈز بېشىنى تامامەن نەزەربەنت قىلىپ، بىر نەچچە زاماندىن كېيىن، پانسەتلەرنى شاھادەتلىككە يەتكۈزدى. قالغانلىرىنى بولسا بېجىندىن ئۈچ ئايلىق نېرى بىر خىتاي شەھرىگە ماڭدۇردى. بۇلار خىتايلار ئىچىدە يىگىرمە يىل تۇرۇپ، بەزىلىرى ۋاپات بولۇپتۇ. بەزىلىرى يېنىپ كېلىپ فەرغانە ۋىلايىتىگە چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ھەق قۇلى توخسۇندا ئىدى. ساڭدىكى ئاشلىق قاتارلىق ئېغىر نەرسىلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇپ بېرىپ كورلىغا قاچتى. خىتاي چېرىگى يەمشى دىگەن يەتمىش يول يەرگە كېلىپ چۈشتى. ھېكىم خان تۆرەم تۇرالماي توخسۇنغا كەلدى. شۇ كۈنى خىتايلار تۇرپان شەھرىنى تەسەررۇپ قىلدى. يىگىتلەر يارلىق بويىچە خىتايلارغا ئور چىقارمىغان ئىدى. ئەگەر ئوق چىقىرىپ ئۇرۇشقان بولسا ئىدى. ئوتتۇز مىڭ يىگىتكە ئون يىلدىن ئارتۇق يەتكۈدەك ئاش- ئۇزۇق، بوغۇز- ئوت، ئوتۇن قاتارلىق نەرسىلەر پەقەت تۇرپان، توخسۇنغىلا توپلانغان ئىدى. توخسۇندىكى ئاشلىق كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى. تۇرپاندىكى ئاشلىق خىتايلارغا نېسىپ بولدى. خىتايلار توخسۇننىڭ بوشاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەش كۈندىن كېيىن بۇ يەرگە كەلدى. بۇ چاغدا ھېكىم خان تۆرەم بېك بەچچە ۋە ئەمىرى لەشكەر، سەرۋاز، يىگىتلەر قارا شەھەرگە كەلدى. جانابى ئالدىن ئۇلارغا كورلىغا كەلسۇن دىگەن يارلىق كەلدى. ئۇلار قورقۇپ بارالماي، بىزگە پەرمان بولسا غازات قىلساق دەپ ئەرز مەلۇم قىلدى. جانابى ئالى ئىلاجىسىزلىقتىن قارا شەھەردە ئىلگىرى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە بىنا قىلىڭلار دەپ پەرمان بەردى. بۇ شەھەر ناھايىتى ئاز ۋاقىتتىلا پۈتۈپ تامام بولدى. جانابى تۆرەم ۋە ھەق قۇلى بېگىملەرگە ئوتتۇز مىڭ يىگىت ھەمرا بولدى. جانابى ئالىنىڭ ئالدىدا بولسا ئۈچ مىڭدىن كۆپرەك مەھرەم، ياساۋۇل ۋە يىگىتلەر ھازىر بولدى.

دەسلەپكى باھار پەسلى ئىدى. تۆرەملەر ئىككى ئاي مىدارى قارا شەھەردە ئىستىقامەت قىلدى. بۇ چاغدا جانابى ئالىنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، غەزەپ ئوتلىرى كۈندىن- كۈنگە ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ تاشدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى تاسادىپى موللا كامالدىن مىرزادىن قاتتىق كايىپ، ئۇنى تاياقتا تۇتتى. ياساۋۇللار كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇردى. غەزنۇگە چىدىماي ئۆزىمۇ ئۇرۇپ كەتتى. چارچاپ ۋە ھالسىراپ «سوغاق چاي» دىدى. بىر مەھرەم سوغاق چاي كەلتۈرۈپ بەردى. قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئىچتى. لېكىن ئۇ سوغاق چاي ئىچمىدى. بەلكى ئەجەل شەربىتى ئىچتى.

يىقىلدى ـ دە، قېتىپ قالدى. رەڭگى كۆكەردى. بەدىنى چاك ـ چاك يېرىلدى. بىز خۇداغا مۇخسۇسىدۇرمىز ۋە ھەممىمىزلار ئاقىۋەت ئۇنىڭ دەرگاھىغا بارىمىز. بۇ چوڭ ھادىسە يۈز بەرگەندە تارىخ ھىجرىي بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆتىنچى يىلى سەرەتان پەسلى ماھى رەبىئۇساتىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى (مىلادى 1877 ـ يىلى ـ ت) يىلى باھار پەسلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ـ ت) ئىدى.

گەپ ـ سۆزلەرگە قارىغاندا، جانابى ئالى نىياز ھاكىم بېكتىن كۆڭلى ئىمىن ئەمەس ئىدى. نىياز ھاكىم بەك ئۇنىڭدىن ئارتۇق قەست قىلىپ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، يوقىتىشنىڭ بىر ۋاقتى ـ ئامالىنى تاپالماي ۋە تەدبىرنىڭ كۆپلىگىدىن جېنىنى ساقلاپ يۈرگەن ئىدى. ئەمدى ئۇ ۋاقىتنى غەنىمەت كۆردى. ئۇ «ئىنسان ياخشىلىقنىڭ بەندىسى» دېگەن مەزمۇن بويىچە، جانابى ئالىنىڭ بىر نەچچە مەھرىمىگە تىللا، تەڭگىلەرنى بېرىپ ئۆزىگە رام ئەسرار قىلىپ كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بادزاد» ئۇرۇغى ۋە ئەسلى يامان بىر مەھرەم بولسا ئۆزۈندىن بۇيان نىياز ھاكىم بېكتىن ۋەزىپە ـ ئىنئام ئېلىپ كەلگەن ئىدى. نىياز ھاكىم بىلەك ئۇنى خاس ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، بەدۆلەتنى يوقىتىش تەدبىرلىرىدىن تەلىم بەردى. نۇرغۇن تىللالارنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ۋەدە ـ ئەھدىلەرنى قىلىپ، «بىر چىنە چايغا ئۆزىڭىز بىلىدىغان ياكى جانابى بەدۆلەت كىشلەرگە يىگۈزۈپ تەجرىبە ھاسىل ئەتكەن زەھەردىن قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇ قاتتىق غەزەپكە كەلگەندە بۇنى قۇشۇپ ئېلىپ چىقىپ بەرسىڭىز، ئاچچىغىدا بىلمەي پەرق ئېتەلمەي ئىچىۋېتىدۇ. شايىتكى، بۇ تەدبىر بىلەن ئۇنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولار» دېدى. مۇزكۇر مەھرەم بۇنداق ئىغۋا ھەم ۋەسۋەسە ھىلە ـ نەيرەڭلەرنى خۇددى نىياز ھاكىم بېكتەك ئۇستا شەيتان ئادەمدىن ئۆگىنىپ ھەم بۇ ھىلە ـ نەيرەڭلەرنى كەسىپ قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن جانابى ئالىنىڭ ئاتەش غەزەپ دۇتلىرى شۇلا ئۇرغان چاغدا، بۇ زەھەرلىك چاينى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ پەرق ئەتمەي ئىچتى. ئۇنىڭ تەدبىرى ئىلاھى تەدىرىگە مۇۋاپىق چۈشۈپ تامام بولدى دېگەن گەپلەر بار. بەزىلەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، جانابى ئالى شۇ چاغدا چاينى قولىغا ئالغان ۋە پارسەت نۇرى بىلەن زەھەرنى بىلىپ، قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، «يا رۇسۇلىللا» نى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ، ئۇنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچكەن ئىكەن. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇ سۈننەت يولى بويىچە چاينى ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچكە بۆلۈپ ئۈچ مەرتىۋە ئىچەر ئىدى دېگەن گەپلەر بار. دېمەك، قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مەيلى ئالى مىقدار گەردۇن پادىشا بولسۇن ياكى خارلانغان ئاجىز گاداي بولسۇن، ھەممىسلا ئەجەل شەربىتىنى ئىچمەي ۋە جان ئاچچىغىنى تېتىماي ئەسلا ئىلاج

ۋە چارە يوقتۇر. ئەجەل سائىتى يەتكەندە ھەممە ئىنسان ۋە جان ئىگىلىرى باراۋەر ۋە ئوخشاشلا يەكسان بولىدۇ. قۇئانى كېرىمدە «ئىنسانغا ئەجەل كەلسە بىر سائەتمۇ ئىلگىرى كەلمەيدۇ ۋە بىر سائەتمۇ كېيىن قالمايدۇ» دېگەن ئايەت بار. بۇنىڭغا قارىغاندا، ھەممە ئىنسان ۋە جان ۋاقتى كەلگەندە بىرەر بانا سەۋەپ بىلەن بۇ بىباقى ئالەمدىن ئاخىرەت دۇنياسىغا كېتىدىكەن . «ھەممە شەيئى ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا ئاللانىڭ ئادىتى شۇ تەرىقە بىلەن بولۇپ كەلگەن ۋە بۇنى ھەققى ئىجرا قىلغۇچىمۇ دەل ئاللانىڭ ئۆزىدۇر. ئاللا نىمىنى خالىسا، شۇنى قىلالايدۇ ۋە نىمىنى ئىرادە قىلسا شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

قىتئە:

پادىشاھ سايەئى لوتفى ئىلاھ،

نۇر شەمئىدىن پەلەك تاپىپ زىيا.

تاتەئى نۇرى تاپىپ ئەپسۇس زۇۋال،

كەتتى ب فانى جاھاندىن ئاھ- ئاھ.

ئاللانىڭ «بارلىق ھايات ئۆلۈمنى تېتىيدۇ» دېگەن ھۆكۈمى بويىچە، ئەنبىيائى مۇرسەلىن ئەلەيھىم ئەسسالاۋات ئەتتىھىيە ۋە ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن قەدىمقى ئەۋلىيالار، ھەتتا بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھەممىسلا ئەجەل شەرۋىتىنى ئىچمەي قالمايدۇ. «بارلىق ئىنسان يۇقالغۇچىدۇر» دېگەن ئايەتكە قارىغاندا، بۇ قارارسىز ئالەم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۆلىمالار ۋە فازىللار تايىپىسى بەلكى ئادەم ئەۋلادىنىڭ چوشەنچىسىگە روشەن ۋە ئاشكارىدۇردىكى، ئۇ ھەمىشە ھايات ئاللا ئۆزىگە تېگىشلىك ئۇلۇغ مەرتىۋىسى ۋە ھەممىگە يەتكۇدەك لۇتپى ئارقىلىق ئادەم خىلىدىن بىرنى تاللاپ، «ئۆز مۇلكىنى ئاتا قىلالايدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە تاج ئەفسەر ۋە زىننەت تۇمغىنى ئۇنىڭ مۇبارەك بېشىغا لايىق ۋە سازارەر قىلىپ، ئۇنى تەختى سەلتەنەت ئۈستىدە مۇقىم قارارلاشتۇرۇپ، «سۇلتان ئاللانىڭ

سايىسى» دىگەندەك، ئۇنى ھەممە ئادەم گورۇھىغا پادىچى ياكى سۇلتان قىلىدىكەن. ئاخىرى يەنە ئېھتىياجسىز ھايات ئىگىسى ئۆزىنىڭ كامىل قۇدرىتى ئارقىلىق بار مەملىكەت دۇنياسىدىن ئۇنىڭ قولىنى قىسقا قىلىپ، خۇددى قۇرئان ئايەتلىرىدە ئېيتىلغاندەك، ئۇنى يەنە ھېچبىر كۆزكۆرمىگەن ۋە مەخسۇس چىدىرلاردا ئورۇنلاشقان ھۆر قىزلىرى بار ئالى دەرىجىلىك جەننەتكە يۆتكەپ، ئاستىلىرىدىن ئېرىق سۇلار ئېقىپ تۇرغان جەننەتنىڭ رەھىتى تەرىپىگە مايىل ۋە ئىختىيار قىلدۇرىدىكەن.

مەسنىۋى :

ئۆمۈر كۆرمەك ئۈزۈن ئەمرى ماھالىدۇر①.

ئۆمۈر كۆرمەك ئۈزۈن ئەمرى ماھالدۇر①،

بۇ دۇنيانىڭ باسى ②پات زۇۋالدۇر.

ھەمىسە بولماغايلار پادىشاھلىق،

ئۇمىت يوقمۇ بەلكى دۇنيادىن ۋاپالىق.

ۋاپا يوق دۇنيانىڭ نىمەتلىرىگە،

جاھان فانى دۇرۇر ئەي خاۋاجە زىنھار③.

كى سەن باقى تەسەۋۋۇ ئېتمە ئەي يار،

كى ھەق دۇرۇر دۇنيا ئەرۇسى④.

ئېرۇر فانى ۋەلى ⑤ كۆرگۈزسە ئانى،

ھەسنىۋى: بىۋاپا دۇر پەلەك كىبۇ قەلەمۇن⑥.

ساز ئاھاڭغا يوق بىر قانۇن⑦،

يوق باقا شەھ ئىلە شەۋكەتكە داغى⑧.

يوق ۋاپا ئۆمۈر ئىلە دۆلەتكە داغى،

كۆركى ھەر شەھكى يۈرۈپ ئالدى جاھان.

بارچە باردۇرمۇ قارا يەرگە نىھان⑨،

---

① ئەمرى ماھال – مۇمكىن بولمادىغان ئىش ياكى ئارزۇ.

②باقا – باقى، ھەمىشە بار بولغان.

③زىنھار - ھەرگىز.

④ئەرۇسى – كېلىن، يېڭى توي قىلغان قىزى.

⑤ۋەلى – ۋەلەيكىن.

⑥قەلەمۇن – ھەر خىل قىياپەتلىك دەۋر.

⑦قانۇن – قالۇن (چالغۇ ئەۋابى).

⑧داغى – يەنە، تېخى.

⑨نىھان – يۇشۇرۇن.

ھەم كيۇرمىس ئىلە ھۇشىن قالى①؟

ئىككىگە تاج ئىلە ئەۋرەڭ قانى ②؟

قانى جەمشت، فەرىدۇن ئاخىر③،

بىرنى گەردۇن④ قويمادى ئاخىر.

ئەكيانى بار، نەسا سانى ⑤،

نە ئىسكەندەر داغى نە ئىشكانى⑥.

قانى رۇستەم ئىلە سام داغى⑦؟

يەزدىجەرد ئوتى جەھرام داغى⑧؟

قانى خانلار خانى ئول چىنگىز خان؟

ئوكتاي خانىكەم ئېردى قائان.

قانى تېمۇر شەھ ئىسلام پاناھ⑨؟

كى جاھان ئالدى چېكىپ خەيلى سىپاھ⑩.

تاقەلىك يىلدى تەئەددى فەننى،

قايسىدىن ئالمادى ئۆز بەرگىنى.

---

①كيورمىس ئىلە ھۇشىك ـ ئىران پادىشالىرى،

②ئەۋرەڭ ــ تەخت.

③جەمشىت، فەرىدۇن ـ ئىران پادىشالىرى،

④گەردۇن ــ زامان، دەۋر.

⑤ئەكيانى ، ساسانى ــ ئىران سۇلالىرى،

⑥ئىشكانى ــ ئىران سۇلالىسى.

⑦رۇستەم ،سام ـ «شاھنامە» دىكى ئەپسانىۋى قەھرىمانلاردۇر،

⑧يەزدىجەر، بەھرام ــ ئىران پادىشاسى نوشرۋاننىڭ نەۋرىلىرى.

⑨تېمۇر شەھ ـ ئەمىر تېمۇر كوراگانى،

⑩ خەيلى، سىپاھ ــ كۆپ قوشۇن.

كىمكى قۇياش بەردى ئەۋجىگە شەست ①،

كىمنى يەنى قىلمادى تۇپراققا پەست.

كىمگە بىر تۇتاش ئىلە يەتكۈزدى بەھىر②،

كىم يەنە تۇتمادى ساغىرى زەھىر③.

چۇن بۇ مەئنى بۇ سۇپەت بولدى ئادا،

كىمنى شەھ قالغۇسى باقى نە گادا④.

لوپتىپ قىلغاي ئاڭا كىم ھەيبى دەفۇر ⑤،

دۇنيەۋى ئ 13

## ئۇ پادىشاھى ھەفتە شەھەر⑦ ئەئنى مۇھەممەت غازى دىنپەۋەرنىڭ دۆلەت ئىقبالىغا بولغان ياخشى ئەخلاقلىرى ۋە دۆلەت ئىقبالىنىڭ زاۋالىغا قاراپ مېڭىشىغا سەۋەپ بولغان سۇپەتلىرىنىڭ بايانى

جاھان ئاقىللىرىنىڭ ئاق نۇرلۇق كۆڭۈللىرىگە ۋە دەۋران

---

①شەست ـ ئۇق.

②بەھىر ــ پايدا.

③زەھىر ـ زەھەر.

④گادا ــ يوقسۇل، كەمبەغەل، گاداي.

⑤ھەيبى دەفۇر – گۇناھلارنى كەچۈرگۈچى دايىمى ئاللا،

⑥مەئمۇر – باي، ئاۋاتچىلىق.

⑦ ھەفتە شەھەر- يەتتە شەھەر.

فازىللىرىنى قۇياشتەك ئۇچۇق نەزەرلىرىگە روشەن ۋە ئاشكارە بولغايكى، خۇداۋاندەكېرىم ئۆزىنىڭ كامىل قۇدرىتى بىلەن ئۇ شەرىئەتكە راۋاج بەرگۈچى ۋە ئۇنى نۇرلاندۇرغۇچى، يامان ئادەملەرنى تۈگەتكۈچى، زۇلۇملارنى يوقاتقۇچى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاتا، يەنە مۇھەممەت ياقۇپ بېك غازىنىڭ ئەسلى تەبئىتى ئۇستۈن يارىلىشنى ئىززەتلىك قىلىپ ياراتقان ئىكەن. ئۇ پەم- پاراسەت ۋە ئەقىل- ئىدراكتا تەڭداشسىز، قۇۋۋەت مۇھاپىزەتتە مىسلىسىز، سىياسەت ئىجراسىدا ئوخشىشى يوق ئىدى. بۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ھەرقانداق پادىشانىڭ ۋۇجۇدىدا بولمىغان بولسا كېرەك. كۆپچىلىك ۋە خەلق ئۇنىڭ پاراسەتلىرىنى كارامەت دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ ئورنى ۋە قۇۋۋىتى يەتكەن ۋىلايەتلىرى ھەققىي ۋەلىلەرنىڭ دەرىجە ۋە مەرتىۋىسىگە يەتسە يەتتىكى، لېكىن ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق يۇرتلار شەرقتە گۇمادى، غەرپتە سىرىق قولغىچە يۈز كۈنلۈك ئىدى. شىمال مۇزداۋان ۋە زەۋقى، جەنۇبى قاراڭغۇ تاققىچە سەكسەن كۈنلۈك يول ئىدى. ئۇ بۇ ھۇدۇت ئىچىدىكى ئۈرۈمچى تەۋەسى ۋە يەتتە شەھەر دائىرىسىدىكى چوڭ- كىچىك ئوتتۇز تۆت ھاكىملىق شەھەرگە ئون تۆت يىل پادىشا ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سۇلتان بولدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ توغرا مىجەزىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش ياكى غەيرىلىك بولمىدى. نەپسىنىڭ تۆۋەنلىگى ھەم مەنسەپكە بېرىلمەسلىگى تۈپەيلىدىن، ئۇ ھېچقاچان ئۆزىگە پادىشا، ياكى سۇلتان ۋە ياكى خان دەپ لەقەم قويغان بولۇپ، مۆھۈرنىڭ چوڭلۇغى پەقەت تاۋۇزنىڭ ئۇرۇغچىلىكلا بولۇپ، ئۇنىڭغا «مۇھەممەت ياقۇپ» دىگەن خەت نەقىش قىلىنغان ئىدى. دەسلەپكى مەنسۇپىگە بەدۆلەت غازى دىگەننى قوشتى. مەندىن غەيرىسى يوق دىگەن سازدىن سادا چىقىرىدىغان ۋە ئۆزىدىن ئۆزگە پادىشالارنى كۆزگە ئىلمايدىغان مەرتىۋىلىك بەش پادىشا ۋە خانىنى [205] ئۆزىنىڭ ئىدارە ئاستىغا كىرگۈزۈپ، غەزنە بايلىق، قورال- ياراق،ئەسكەر ۋە پۇقراسىغا ئىگە بولدى.

ئۇنىڭ قىياپىتىدىن بۇغداي ئۆڭلۈك، چىچەكتەك ئىللىق چىراي، يۇملاق ساقاللىق ،ئوتتۇرا بويلۇق دوغلاق كىشى ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن شەرىئەت ئۆلچىمى ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ پېئىل ئېتىۋارى ۋە

ئش- ھەربكەتتە خۇددى بىر تەقۋادار ئىشان ياكى ئەدەپلىك ئۆلىماغا ئوخشايتى. كىيىم- كېچەكلىرى خۇددى بىر سودىگەر ئەشرەپنىڭكىدەك، مىنىدىغان ئات ۋە ئىشلىتىدىغان قورال- جابدۇقلىرى بولسا بىر پىنجابىيشى مىقدارى كېلەتتى. ئۇ دائىم ئاق جايىنامازغا ئولتۇرغاندەك يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بەل تاسمىسىنى بىلدىن يەشكەنلىكى ياكى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ ئىگىز يەردە ياكى كات تەخت ئۈستىدە ئولتۇرمايتى. ئەكسىچە، كۆپ ۋاقىتلاردا چېدىر- بارگاھ ئالدىغا سېلىنغان بورا ئۈستىدە ۋە پەس جايدا ئولتۇراتتى. يەرگە تاھارەتسىز ئاياق قويمايتى.

«خەلق ئۆز پادىشاسىنىڭ دىنى بىلەن» دىگەن ماقال بويىچە، ئۇ چاغدا ھەممە چوڭ- كىچىك ئادەم ھەمىشە تاھارەتسىز مۇئەززىنى يۈرەتتى. ناماز ۋاقتى كەلگەندە، ئالى بارگاھ مەسچىتىنىڭ مۇئەززىنى ئەزان ئوقۇش بىلانلا، باشقا ھەممە مۇئەززىنلەرمۇ تەڭلا باراۋەر ئەزان ئوقۇيتى. ھەتتا بازارچىلارنىڭ ھەر بىر دۇكىنىدىمۇ بىر بىر ئادەم ئەزان ئوقۇيتى. شەھەر، سەھرالاردىكى مەسچىتلەرنىڭ مۇئەززىنلىرىمۇ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ- باراۋەر ئەزان ئوقۇيتى. ئىلگىرى- كېيىن ئوقۇمايتى بىر مەرتىۋە ئەزاننى دۇئا مۆقەررەرىنى ئوقۇپ تاماملىغىچە، بىر شەھەرنىڭ ھەممە مۇئەززىنلىرى ئەزاننى تاماملاپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ھەممە مۇئەززىنلەر مۇئەززىندە تۇرۇپ جانابى ئالى ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت مۇئەززىنىڭ ئەزان ئوقۇشىغا قاراپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇلارمۇ كېچىلەردە سەھەر قوپۇپ، تاھارەت بىلەن مەسچىتلەرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، سالاۋەت ئېيتىپ، دۇئا ئىستىخپار بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەسچىت ئالىنىڭ ئەزىنىغا قۇلاق سېلىپ ھازىر تۇراتتى. رەئىس ۋە مۇئتەسسىپلەر كوچا- بازارلاردا يۈرۈپ «ئەي مۇئەززىنلەر، ئەزانغا ھازىر بولۇڭلار، ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ قالمىسۇن» دەپ تەھقىق ۋە تەپتىشلەرنى قىلاتتى.

جانابى ئالى ھەر قېتىملىق نامازنى ئەقەللىسى بەش يۈز كىشى بىلەن بىللە ئادا قىلاتتى. نىياز ھاكىم بېك ئېلىپ كەلگەن تارتۇقلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ياساتقان بىر كاتتا مەسچىت بار ئىدى. ئۇنىڭ تېشى مەللە چەكمەن، ئىچى زەيتۇن چەكمەندىن ئىشلەنگەن بولۇپ، سەككىز تۈۋرۈك قويۇلغان ئىدى. ھەر قايسى تۈۋرۈكلەر مەشتۇت تازاپ ئارقان بىلەن بىر- بىرىگە چېتىلغان ئىدى. قىرىق نەپەر مەھرەم بىلەن قىرىق نەپەر پاراش كېچە- كۈندۈز بۇ مەسچىتكە مەسئۇل ئىدى. بۇنى تىكىدىغان ۋە يىغىپ ئالىدىغان چاغدا يەنە يۈز نەپەر ياساۋۇل ياردەمدە بۇلاتتى. سەپەرگە ماڭغاندا بۇ مەسچىتنى يىگىرمە ئاتقا، جايىنامازلارنى تۆت ئاتقا يۈكلۈپ ئېلىپ ماڭار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئون سەپ

كىشى ناماز ئوقۇيتى. ھەر بىر سەپتە ئەللىكتىن يۈز كىشى تىزىلىپ تۇراتتى. بۇ مەسچىت باشقا ھەممە مەسچىت ۋە چېدىر- بارگاھلاردىن ئەقەللى تۆت- بەش گەز ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ تۆت تۆۋرۈكى ئۈستىگە ئادەم ئولتۇرغۇدەك قىلىپ تۆت ئاق قۇببە ئورنىتىلغان ئىدى. بۇ خۇددى كۆن ۋە ئايغا ئوخشاش نۇر چېچىپ پاللىداپ تۇراتتى. بۇنىڭ نۇرىنى ئىككى ياكى ئۈچ تاش مىقدارى يىراقتىنمۇ كۆرگىلى بولاتتى.

شۇنداقلا، بۇ چاغدا ھەرقانداق چوڭ- كىچىك ئەسكەر ياكى پۇقرا ۋە ئېھتىساپچىلارنىڭ تەھقىق ۋە تەپتىشى ناھايىتى قاتتىق ئىدى. ئەگەر ئۇلار تۇماق ۋە دوپپا بىلەن يۈرگەن كىشىنى كۆرسە، ئۇنىڭ تۇماق ۋە دوپپىلىرىنى قايچىدا كېسىپ ياكى يىرتىپ پارە- پارە قىلىۋېتەتتى. ھاراقمۇ- شاراپ، بەڭ- بوزا، تاماكا، نەغمە- ناۋا ۋە ئۇسۇل- ساما قاتارلىق مەنئىي قىلىنغان پايدىسىز نەرسىلەرنىڭ مەخپى ۋە ئاشكارە بولۇشىغا زادىلا يول قويۇلمايتى. ھەتتا بۇ ئەھۋال خالايىقنىڭ ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان ئىدى. مۆتىسىپلەر شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە قارشى دائىم تەييار تۇراتتى. يولسىز باشباشتاقلار، پىتنە- پاساتچىلار، ئۇرۇس- تالاشچىلار، بىكار تەلەپ بۇزغۇنچىلار، ئوغرى، قىمارۋازلار، سوكۇ كەپتارۋازلار قاتارلىق بىھۇدە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جانابى ئاتالىق غازىنىڭ قەھرى سىياستى ۋە پاللىداق قىلىچ قەھرىيىتى، دۆلەتۇ- ھەشەمەتلىرىدىن قورقۇپ، يالۋۇرۇپ تۇۋا ئىستىخپار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئەگەر ئۇرۇش- تالاش ياكى تۆھمەت ۋە خۇسۇمەت قىلغان ئادەملەر ئالدىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇلارنى دەرھال يۈز بېشى، پانسەت ياكى جاللاتتەك ئادەملەرگە تاپشۇرۇپ سەرباز قىلاتتى. جانابى ئالى ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئەرزان دات سورايتى. يىگىت، ياساۋۇللار كوچا، بازارلاردا «ئەرزى داتلىرىڭ بارمۇ» دەپ جار سېلىپ، دەردى بارلارنى ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا توغرا قىلاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئەرزى داتلىرىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ كۆرۈپ، يىگىت قوشۇپ شەرىئەت قازىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتەتتى. ھەرقانداق چىرماش جىدەل ياكى دەۋا، خۇسۇمەتلەرمۇ ئۇلۇغ شەرىئەت ھۆكۈملىرى بويىچە بىر سائەتتىلا بىر تەرەپ بولاتتى. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم جانابى ئالىنىڭ سۆلەت ۋە سىياسەتلىرىدىن قورقۇپ ياكى ئەندىشە قىلىپ، تۆھمەت ۋە خۇسۇمەتلەرنى تىلغا ئالالماس ئىدى. دەۋاگار ۋە جاۋاپكارلار راستىنى بايان قىلىشنى باشقا چارە ياكى ئىلاج تاپالماس ئىدى. ھازىرقى چاغدا بىر يىلدا تۈگمەيدىغان دەۋالار، ئىسلام زامانلىرىدىكى شەرىئەت ھۇزۇرىدا بىر كۈندىلا تۈگەپ كېتەتتى. بۇرۇنقى تەكەببۇر بەگلەر، ئەيانى ئەشرەپلەر ۋە بەگزادىلەر يانچى، كانچى، پۇقرائى خالايىقنىڭ ئورنىنى باراۋەر قىلىپ، پەرقىنى يەكسان قىلدى. ئۇ زاماندا بۆرە قوي

بىلەن بىر كۆلچەتىن سۇ ئىچەتتى. كەپتەر لاچىن بىلەن بىر شاختا چۆجە چىقاردى دېيىشكە بولاتتى. ئۆتكەن سۇلتانلار پادىشا موجازىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلغاچ تارىخ كىتاپلىرىدا، ئەمىر تېمۇر كوراگانى ، مىرزا سۇلتان ھۇسەيىن بىننى مىرزا بايقارا قاتارلىق ئۇلۇغلار تەرىپىلەنگەن ئىكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ يۇرت ۋە ئەسكەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت ۋە ھەشەمەتتە جانابى ئالى بەدۆلەت ئۇلاردىن ئەسلا كەم ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا بۇ ئۆتكەن سۇلتانلار ھاراقۇ- شاراپ ۋە باشقا مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن خالى ئەمەس ئىدى. لېكىن جانابى ئالىنىڭ كۆچلۈك دۆلىتىدىكى پۇقرائى- خالايىق، ھەتتا ئۇنىڭ ئومۇمي تەۋەلىگىدە بۇ خىل مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنىڭ بولغانلىقى ياكى ئاڭلىغانلىقى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. خەلپائى بەرھەق يەنى خەلىپە ئاببىاسلارمۇ بۇ خىل ئىچىملىك ۋە مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن خالى ئەمەس بولۇپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ئىشلارنى قىلىشقا ئىھتىھات بىلەن تىرىشاتتى. شۇڭلاشقا جانابى ئاتالىق غازىنى بۇ ئۆتكەن سۇلتانلاردىن ئۈستۈن قويسا ھەرگىزمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، جانابى ئالى مۇقام شەرىئەت شىرىپىنىڭ يوللىرى، ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىش ۋە يولدىن چىقىش قاتارلىق ئىشلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭلاشقا، شەرىئەت ئۆلىمالىرى، ئىمام پىشىۋالار، دىنىي يولباشچىلار، ۋىلايەت ياكى يىگىت ئەمرائىرى ۋە باشقا ئەمەلدار كاتتا باشلارنىڭ بىرەرسىمۇ زورلۇق شەرىئەتكە تاجاۋۇز قىلالماس ئىدى. ئەگەر ئۆلىمالاردىنمۇ سەللا گۇنا ياكى خاتالىق سادىر بولىدىكەن، ئۇلارمۇ ئازاپ- ئەلەم ۋە ئىسكەنجە- سىقمىغا مۇپتىلا قىلىناتتى. ھەر قايسى شەھەردىكى ھەر قانداق پەقەت موللا ياكى شەرىئەتپەرۋەرلا بولىدىكەن، ئۇ ئاتا- بوۋىسى ۋە ئەجدادى نەسەپلىرىنىڭ ئۇلۇغ ياكى پەس بولۇشىدىن قەتئى نەزەر «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى» دېگەن ھەدىس شىرىپىنىڭ مەزمۇنى بويىچە، ھامان قازى، ئەلەم، مۇفتى، رەئىس، مۆتىسىپ، موللا مۇدەررىسى، ئىماملىققا تەيىنلەپ، يارلىق ۋە مەشۇرنامە بىلەن ئۇلۇغلىناتتى. نۇسرەت نىشانلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ قازى ئەسكەر، مۇفتى ئەسكەر، رەئىس، ئىھتىساپچىلار ھازىر ۋە تەييار ئىدى. جىدەل- ماجرا، خۇسۇمەت- دەۋالارمۇ شەرىئەتنىڭ ئادىل ھۆكۈم ئۆلچەملىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىناتتى. بۇ زاماندا ئاتالىق غازى بۇ يەتتە شەھەرئاھالىسىگە ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ «ئىسلام ئۆزىدىن بۇرۇنقىنى يىقتىپ ۋەيران قىلىدۇ» دېگەن ھەدىس بويىچە، نەچچە زامان ۋە نەچچە دەۋران خىتايلار ئىستىلاسى جەريانىدا ئادەت ۋە جارى بولۇپ كەلگەن بىدئەت يامان ئىشلار، خۇددى ھەدىس شىرىپتا «بىللە بولسا تەسىر قىلىدۇ» دېگەنىدەك خالايىقنىڭ دىل- كۆڭۈللىرىگە خۇددى

سۈننەت قائىدىلىرىدەك ئوبدان كۆرۈنۈپ ياكى ئاڭلىنىپ جارى ۋە رەسىم بولۇپ قالغان يامان ئادەتلەرنى ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ھەممە دىنىي ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرىغا سىلىشتۇرۇپ ۋە تەدبىقلاپ يوق قىلدى.

ئەسلىدە بۇ يەتتە شەھەر ئىچىدە ھاممام بولمىغان ئىدى. كاشغەر، ياركەنت، ئاقسۇدا ھامما بىنا قىلدۇردى. زاكىرجان قارىنى مەككە مۇئەززەمگە ئەۋەتىپ، بۇ يەتتە شەھەر نامىدا تەكيە خانا (مېخمانخانا- ت) بىنا قىلىشقا تەيىنلىدى. قۇرۇلۇش ئەمدىلا باشلىنىپ تېخى پۈتكىچە ئۇنىڭ ئۆمرى ۋاپا قىلمىدى. ئۇ يەنە ھەر قايسى شەھەرنىڭ ئەمەلدارى ۋە كاتتا باشلىرىغا بۇ يەتتە شەھەر ئىچىدىكى نۇرغا تولغان مازار- ماشايىخلارنىڭ سەنالىرىنى كېڭەيتىش ياكى يېڭىۋاشتىن بىنا قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. ئۇ يەنە ئۇستا بېشلارنى تەيىنلەپ، خانىقا، مەسچىت پەشتاقلىرىنى ئېگىزلىتىپ ۋە پۇختا تاش خىش، مەرمەر قاتارلىقلار بىلەن زىننەتلەپ، سىر، گۈل، گەچ قاتارلىق بىلەن سىرلاپ پاقىرتىپ، تېخىمۇ ئالاھىدە قىلىپ يېڭىلىدى. يوللاردىكى قونئالغۇ- راباتلارغا قورغانچە بىنا قىلىپ، چىرايلىق ئىمارەتلەرنى تەييار قىلدۇردى. جۈملىدىن كاشغەردىكى ھەزرتى ئاپاق خوجامنىڭ خانىقا پەشتاقلىرىنى يېڭىدىن بىنا قىلدۇردى. بولۇپمۇ گۈمبىزىنى بۇزۇپ كېڭەيتىپ، پىششىق خىش بىلەن بىر ئالى گۈمبەز بىنا قىلدىكى، بۇ يەتتە شەھەر ئىچىدە بەلكى موغۇلىستان ئۆلكىسىدىنمۇ بۇنچىلىك ئالى ۋە كۆركەملىك گۈمبەز ھېچقاچان بىنا قىلىنغان ئەمەس. بۇنىڭ مەسچىت، خانىقا ۋە ئېگىز پەشتاقلىرى ھېلىمۇ ئۆز ئورنىدا مۇستەھكەم تۇرماقتا. بەلكى بۇ نەچچە ئەسىردىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداقلا تۇرسا كېرەك. جانابى ئالىنىڭ دەبدەبە ۋە سۆلەت يۇلتۇزى، ھەشەمەتلىرى كۆزدىن غايىپ بولدى. لېكىن بىنا قىلىپ ياساتقانلىرى نەمۇنە ۋە نىشانە قالدى.

شۇنىڭدەك، جانابى ئالى غازى ھەر بىر شەھەرگە قەدەم- تەشرىپ قىلسا، بۇ شەھەرگە بىر مەنزىل قالغاندا، بىر ئىشەنچىلىك مەھرەم ئارقىلىق شۇ جايدىكى مەكتەپدار مولالارغا كىيىم- تون، بىرەردىن قىزىل تىللا ھەدىيە- سوغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، مەكتەپ باللىرىنى ئازات قىلدۇرۇپ، مەكتەپخان باللاردىن جانابى ئالى ھەققىدە دۇئا ئالاتتى. مەزكۇر مەكتەپدار موللىلار باللىرىنى شەھەرنىڭ تېشىغا ئېلىپ چىقىپ دۇئا قىلاتتى. جانابى ئالىمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ مۇلايىم چىراي بىلەن باللارنى كۆۋرۈك كۆرۈپ ئون تەڭگە، بەش تەڭگە، ئەقەللىسى بىر تەڭگىگىچە ئاق تەڭگە ئىنئام قىلاتتى. كالامى شېرىپ ئوقۇيدىغان باللارغا كالامى شېرىپ، ھەپتىيەك ئوقۇيدىغان باللارغا ھەپتىيەك شېرىپ ئېھسان قىلىپ، ئاندىن ئاتقا مىنىپ شەھەرگە ياكى ئالى بارگاھلىرىغا بېرىپ چۈشەتتى.

جانابى ئالى يەنە ھەر ۋاقت زەپەر ئۆزەڭگسگە ئاياق قويغان چاغدا، ئەقەللىسى ئون مىڭ يىگىت، سەرۋاز بىلەن بىللە سەپەر قىلاتتى. بۇنداق چوڭ قوشۇن ئىچىدىمۇ جاراڭ - جۇراڭ يۇقىرى - پەس ئاۋاز چىقمايتى. ئۇلارنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى شۇ قەدەر ئىدىكى، يىگىت ۋە مەھرەملەر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، سۆز قىلالمايتى. بەلكى ئاتلىرىمۇ كىشنىيەلمەيتى. ئۇ يىگىتلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن بىر دەقىقىمۇ خەۋەرسىز ئەمەس ئىدى. راھەت ۋە پاراغەتنى ئۆزىگە ئەسلا راۋا كۆرمەيتى.

نەزم:

«ئەگەر خۋايىش ئەتسەڭ ئۆز ئاسايىشىڭ، دىيارىڭدا، ئارام ئالالماس كىشى» دىگەن گەپلەر بۇ ئاتالىق غازىنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يارلىق ۋە نىشانلىرى گويا بىر سەجدىگە باش قويۇپ ئولتۇرغان ماشايىخلارنىڭ ئىرشادلىرىدەك ياكى بىر ئايەت ھەدىسلەردىن ھۆكۈم چىقارغۇچى مۇجتەھىدلەرنىڭ ھۆكۈم شىرىپلىرىدەك باشتىن - ئاياق تەربىيە - نەسىھەت ۋە شەرئەت شېرىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەم گۈللەندۇرۇشكە پايدىلىق بولغان ياكى تەربىيۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەزمۇنلار يېزىلغان نىشان ۋە ئىنايەتنامىلەر ئىدى. ئۇنىڭ يارلىقلىرى ئىچىدىن ئىككى پارچە فارسى ۋە بىر پارچە تۈركى تىلدا يېزىلغان يارلىقنى تەۋەررۇك ئۈچۈن كەم ياكى زىيادە قىلماي، ئۆز ئەينى بويىچە كۆچۈرۈپ بۇ سەھىپىگە بېكىتتىم. تا كېيىنكى زامانلاردا بۇنى كۆرگەن ۋە مۇتالىيە قىلغان دىيانەتلىك مەنسەپدارلارنىڭ دۇئا قىلىشىغا سەۋەپ بولارمىكىن دەيمەن.

ئىنايەتنامە ۋە ئەنبەر شەمامە فارىسى

دۇئاگۇيى سەممى قازى ئەسكەررا!

بەئداز تەبلىغ پەيام نەمۇدە ئەنكى، دەرىن ھەنگام ئانچە مۇكالىمان بەردادخۇۋاھ ۋە ئانچە مۇئەخخەزات بەتەخمىن زۇلم ئىقتىناھ ۋە قەلەمئۈچى ۋە غەيرىھا ۋە ئانچە مەئرىفەت ئەز- شەرئەتى ئىلاھە بەسۇۋبى كوۋمە مۇھەممەت ئەزىم بېك راھەۋانە ساختەن ۋە بەساھىپ ئەزىز مەرگەن رەۋانە داشتە يودەئىد، رەسد ئەزمەزمۇنەش

مۇتتەلەۋ شۇدە سەۋەپ تەزا يۇد خۇرسەندى گەردىد. دۇنياكى فەنايى ئۇ زاھىر ۋە دۇر ئالاتى زۇلم خۇداۋەند قاھىر ئەست، دايىما دەرھال ئەفئال ۋە ئەھمال ھازىر ۋە نازىر ئەست. ئەزخاتىر دۇرنە ساختەراستى بەمەشھۇن ھەق رۇستى كارنەمەيەندىكى كورھەق ئەست، مارابا دادخۋاھ دەريەك نەماندە شەفائەت زۇلم ھىچ مەھەل ۋەفا نەمسازەد، ھەق گويى ۋە ھەق جويى ۋە ھەق پويى كارنەمائىدكى رەددى مەزالىم ئەزھەر ئەمۇر ئەتنىابى ئىھتىمام تەمام كۇنند، باقى لىسان سىدق ئەست ۋە مۇئەككەد ئەسى ۋەسسالام. 1289.

«خۇش پۇراقلىق ئىنايەتنامە فارىسى» نىڭ تەرجىمىسى»

سەمىمى دۇئاگۇيىمىز قازى ئەسكەرگە!

سالامدىن كېيىن يېتىپ مەلۇم بولغايكى، بۇ كۈنلەردە ...* دادخۋادىن ئۆتكەن مەسلىلەر، يەنى تەخمىنەن نەرسە ئېلىش، زۇلۇم بىلەن جاپا قىلىش، قەلەم ھەققى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئالغانلىغى توغرلىق يازغان مەلۇماتىڭىز پەقەت ئاللانىڭ مەرىپتى ۋە شەرىيتى ئۈچۈندۇر. گۇما بازىرىدىن مۇھەممەت ئەزىم بىكە ئەزىز مەرگەننى ھەمرا قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەنسىز. بۇلار يېتىپ كەلدى. مەلۇماتىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇق. بۇ بىزنىڭ خۇرسەن بولۇشىمىزغا سەۋەپ بولدى. دۇنيانىڭ فانىلىغى زاھىردۇر، زۇلۇم بولسا

*بۇ يەردە سۆز چۈشۈپ قالغان (ئەسلى كىتاپتا مۇشۇنداق ـــ يوللىغۇچىدىن)

ئۆتكۈنچىدۇر. خۇدا بولسا قەھرى قىلغۇچىدۇر. ئۇ ھەر دائىم ھەر بىر ئىشتا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ھازىر ۋە نازىر (نازارەت ـتـ ) دۇر. بۇنى خاتىرىڭىزلەردىن چىقارمىغايسىزلەر، راستلىق ۋە ھەقلىق بىلەن ئىش قىلغايسىزلەر، گۆر ھەقىقەتەندۇر. خۇدا بىز بىلەن دادخۋانى بىر جايدا قويمايدۇ. زۇلۇمنى ھىمايە قىلىش بولسا ھىچقاچان ۋاپا بەرمەيدۇ. ھەقىقەتنى سۆزلەش ۋە ھەقىقەتنى ئىستەش لازىم ۋە لايىقتۇر. ئاللانىڭ خوشنۇۋدىلىغى، مۇجتەھىتلەرنىڭ خۇرسەندىلىگى بويىچە ئىش قىلغايسىزلەر. زۇلمنى يوقىتىشقا ۋە ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا غەيرەت قىلغايسىزلەر. قالغان ئىشلاردا بولسا

راست تىللىق ۋە راست بولۇشىڭىزلارنى تەكتلەيمىز. ھىجرى 1289- يىلى (مىلادى 1872- يىلى – ت).»

ئىككىنچى ئىنايەتنامە فارىسى

فەقاھەت پاناھى قازى ئەسكەررا!

اخىرەتنى نى مەئمۇر⑥.

بەئىداز تەبلىغ پەيام مەرھەمەت فەرجام نەمۇدە ئەنكى، دەرىن ھەنگان ۋە بەھجەت ئىنتىزام ئەزدەست مۇھەممەت رەسۇل مەرگەن ئەزۋەجى رەسىدەن مىلاتىغە ئەزمەسھۇب لۇتفۇللا ياساۋۇل قەۋائىد سىياسى دارى ۋە مۇراسىم دۇئابە تەقدىم رىسانىدە. فۇقراايىن گۇماۋەزانگويا ۋە دۇئائى پىيالمەبەكۇللى مۇزافات ئەزمىراھىم ئەئلام ھىمايۇنى ئاگاھ ۋە دادە دۇئاگىرىفتەن ۋە ئەيزەن ئەدەم لىياقەت قازى ئەزەنجابى دەرۋىلايەت گۇما مەئەمۇزافات تەھقىقى نەمۇدە ھوقۇق فۇقرايان بىر زىممەئى دىۋان بىگىيان بۇ دە بىئاقساقلان قەمتۇ نەمۇدە دەرگەردەن ئەنھامانىدە رەددى ھوقۇق بىنەلىھەق بەرەزائى تەرەفەيىن ئەھەق گەردانىدە قەتئى خۇسۇمەت ۋە رەفئى نىزائى ۋە جىخدەل ماھىزا بەيىنەمھۇم نەمۇدە بىلكۇللىيە ئەتمام رىسانىدىن مۇھەممەت كىرىمن مىرزا مەئەلۇتفۇللا ياساۋۇل بىبەلدەئى مەھرۇسە ياركەند ئەربابەت تەھققات مىيانە دۇئاب ئەزتاۋابىئات ۋىلايەت مەھرۇدە ياركەند. ئەربابەن مۇھەممەت ئەزىم نام بىئەزىز ئەرزۇرىسانىدىن شۇدەن ئەززۇۋەججە جەبرۇ- زۇلۇم، تەئەددى ئەھمەدىيارسەر كار بەسۇپ قىرائىنى مەزكۇرە شرىف تەھقىقى نەمدە بىئەزىز ئەرزى رىسانىدىن شۇدەن ئەزىرە نىيازمەندى ۋە سەھپە ئەبۇدىيەتمەندى راۋانە داشتە بۇدىد دەر ئەھسەن زامان ۋە ئەشرەف ئاۋان ئامدە شەرف ۋۇسۇل يافتەمىزامىن مۇندەرەجەئى ئۇمۇبمۇ بۇ ۋەززەۋە پەيۋەستە بائىس تەزائىدى خۇاسەندى ۋە سەبەبى فەرھەمەندى گەردىد رەفئى تەئەددى ۋە دەفئى زۇلۇم ئەزكاففە ئەنام لازىم ۋە مۇھەممات ئەس چىنىن خۇۋائىد ساختە سانىيازىن ئىنكى دەربابەت ئەمرى شەئىر ۋە راۋاج ئۇجنان كۇشدكى ئەگەرمەردە دەرىن ئەمرى مۇردەھرى ئائىنە خىسلەت شاھادەت ئۇدەر مەيداند ئەست شەرف ھىممەتى نەمايد، رىئايە ئەئنى سادىر نەگەردەدكى،ئەزئەۋۋەل ۋە ئاخىردا دەرگى نەمەكرا ئەزىشمارازى نەمشۇىم ئىجتىناب رىئايە ئەھرى ئىكتىساب رىئايە شەرئى سازىد، ھالامەرھەمەت نەمۇدە مۇھەممەد رەسۇل مەرگەن لىباس ۋە خەرجى دادە گەردانىدە ئەيىم ۋە سالام. 1289.

«ئىككىنچى ئىنايەتنامە فارىسى» نىڭ تەرجىمىسى: «دىنى ھوقۇق ئىلمىنىڭ ئالىمى قازى ئەسكەرگە! مەرھەمەتلىك سالامىم يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئىنتىزاملىق كۆڭلەردە خوشاللىق تەقدىم قىلغان سوغا- سالاملىرىمىزنىڭ يەتكەنلىكى توغرىسىدا مۇھەممەت رۇسۇل مەرگەن نامىدىن لۇتپۇللا ياساۋۇل ئارقىلىق تەشەككۇر بىلدۈرۈپ ئەۋەتكەن مەكتۇبىڭىزلار قولىمىزغا كېلىپ تەگدى. بىزنىڭ مۇبارەك ئىلانىمىز گۇما، زانگۇي، پىيالما تەۋەسىدىكى پۇقرالارغا ئۇقتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئېلىنغانلىقى ھەم ئۇ تەرەپ قازىسىنىڭ لاياقەتسىزلىگىدىن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى گۇما ۋىلايىتى تەۋەلىگىدە تەكشۈرۈلۈپ- تەھقىقلانغانلىقى، پۇقرالارنىڭ دىۋان بەگلەر بويىنىدىكى ھەققىنى يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن بىللە يۈزمۇ- يۈز تۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بويىچە ھەق ئىگىلىرىگە ئېلىپ بېرىلگەنلىكى ۋە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يۈز بەرگەن خۇسۇمەت ۋە نىزالارنى تېخىمۇ قەتئى تۈگىتىش ئۈچۈن مۇھەممەت كېرىم مىرزىنى لۇتپۇللا ياساۋۇل بىلەن ياركەنت ۋىلايىتىدىكى ئىككى سۇ ئارىسىغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەنلىكى ، ياركەنت ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى ئەھمەت يارسەركەرنىڭ مۇھەممەت ئىلىم ناملىق كىشىگە زۇلۇم تەئەددى توغرىلىق ئەرز- دات قىلىپ، ئۇنى جانابى ئالىنىڭ يارلىغى بويىچە ۋە شەرئىەتكە مۇۋاپىق تەكشۈرۈلگەنلىگى ھەققىدىكى ئەرز مەلۇماتىڭىزلارنى مەنكى كەمتەرىڭىزلەر ياخشى زامان ۋە شەرەپلىك چاغدا تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن بىرمۇ- بىر ۋاقىپ بولدى. خەلققە قىلىنغان تەئەددى زۇلۇمنى ئەلۋەتتە ئاممىنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاش كېرەك. بۇ ناھايىتى مۇھىم – بىرىنچى ئىشتۇر. ئىككىنچىسى، شەرئىەت ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ شان ۋە خىسلەتلىرى شېھىتتۇر. شۇنى بىلىڭىزلەركى، بۇ ھەقتە غەيرەت ۋە ھىممەت كۆرسىتىڭىزلەر. شەرئىەتكە خىلاپ بىرمۇ ئىشنى باشتىن- ئاخىر قىلمىڭىزلار، ئەگەردە شەرئىەتكە قارىشى بىرەر ئىش قىلسىڭىزلار، بەرگەن تۇزۇمغا رازى بولمايمەن. خەلقپەرۋەرلىككە رىئايە قىلىڭلار، شەرئىەتكە رىئايە قىلىڭلار، مەرھەمەت قىلىپ مۇھەممەت رۇسۇل بەرگەن خىراجەت، كىيىم- كېچەك بىلەن قايتۇرۇلدى- ۋەسسالام. ھىجرى 1289- يىلى (مىلادى 1872- يىلى – ت).

## ئىنايەتنامە ئالى تۈركى

فۇقاھىيەت پانا ① موللا ئابدۇللا قازى كالامغا ! پىيام ② مەرھەمەت فەرجام③ سۇڭدە مەفھۇم④ ئولكى، بۇ

ئەيىيام⑤ مەيمەنەت ئەنجام⑥دا فەزىل⑦خۇداۋەندە ۋە دۆلەت ئىسلامدا مەئەتتاۋابات⑧لەيلەن ناھارەن⑨ھەرزرىتى رەبۇل ئىززەت⑩ دەرگاھىغە ئىلتىجائى تەمام⑪ ۋە ئىستىد ئايى مەدام⑫ سىباتى دۆلەت ⑬جونۇدى مۇنقادى مىللەتنى⑭ فانۇس ئىسمەت ئىچرە ئەفانى تۇۋەرى ۋە بىللىيات

---

① فۇقاھىيەت پانا – دىنىي ھوقۇق ئىلمىنىڭ ئالىمى.

② پىيام – سالام، خەۋەر.

③ مەرھەمەت فەرجام - رەھىم- شەپقەتلىك.

④ سۇگىدە مەفھۇم – مەزمۇن.

⑤ ئەيىيام – كۈنلەر.

⑥مەيمەنەت ئەنجام - مۇبارەك چاغ.

⑦فەزىل – پەزىلەتلىك.

⑧مەئەتتاۋابات – تەۋەلىرى بىلەن.

⑨لەيلەن- ناھارەن – كېچە- كۈندۈز.

⑩رەبۇل ئىززەت – تۈنجى ئىززەتلىك.

⑪ئىلتىجا تەمام – تولۇق ئىلتىماس.

⑫ئىستىد ئايى مەدام – داۋاملىق تەلەپ قىلىش.

⑬ سىباتى دۆلەت – دۆلەتنىڭ مۇقىملىغى.

⑭مۇنقادى مىللەت – مىللەتكە بوي سۇنغۇچى ئەسكەرلەر.

مەئنىۋىدىن ①مەھفۇز ② ۋە فەتھى زەفەر ئەتاسى ③ بىرلە مەھزۇز ④بولماقتىن سالاۋەت خەمسە⑤ئاداسىدىن سۇگرە تىلەپ، شكەستە- دىل⑥غۇربا⑦ۋە ئاجىز فۇقرالار ھاجىتى شەرئى شرىف ھۆكۈمت بىرلە ئىجرا قىلماق بىرلە خۇرسەندى

ئەيلەپ ۋە بۇ دۆلەت زىياسى⑧ئەھلى ئىسلام باشدىن مەھۋى⑨ئولماسلىغى دۇئاسىغە مەشغۇل ئىكەنىگىزنى قۇبۇلىيەت شەرىفتىن مۇشەررەف⑩ بولماقى ئۈمىدىدە ئەرىزە داشت⑪مەئەلۇم قىلىپ ئىنىڭىز موللا ئابدۇلكېرىمنى بىر بوخچە، بىر ئات بىرلە ئىبەرتىپ ئىكەنىسىز، مۇھەررەم ئەلھەرەم يىگىرمە بەشى جۈمە نامازى ئاداسىدىن سوڭرە، سائادىتى مۇۋاسىلەت⑫ ۋە شەرافىتى قۇبۇلىيەت كۆرگۈزدى. مەزامىن⑬ مۇندەرەجەلەرى مۇبەمۇ ئىتتىلاھ⑭دەرەجەسىغە مۇشەررەف تافىسپ بائىس.

---

①بىليات مەنىۋى –مەنىۋى ئاپەت.

② مەھفۇز – ساقلاش.

③ فەتھى زەپەر ئەتاسى – ئۇرۇش غەلىبىسى.

④مەھزۇز – ساقلىنىش.

⑤ سالاۋەت خەمسە – بەش ۋاقىت ناماز.

⑥ شىكەستە دىل – جارائەت دىل.

⑦ غۇربا – غېرىپلار.

⑧ زىيا – نۇر.

⑨ مەھۋى – يوقىلىش.

⑩ مۇششەرىف – شەرەب.

⑪ئەرىزە داشت – توغرا قىلغان.

⑫ مۇۋاسىلەت – ئېرىشىش.

⑬مەزامىن – مەزمۇنلار.

⑭مۇبەمۇ ئىتتىلاھ – بىرمۇ- بىر ۋاقىت بولۇش.

ئېھتىياج ① ۋە مۇسسەرەت ② ئولدى. ئەلتافى خۇدايى ئالميان ③ شاملۇ ھالدۇركىم، ئافتابى شەرئەت ھەزرتى سەيدىلئىنس ۋە ئەلجان ۋە رەسۇلىر رەھمان پەرتۇ شئائى ④ بۇ يەتتە شەھەر ئاھالى فەرقدە ⑤مۇشەئئەلداۋر⑥مۇنىسىق بادىيانەت ۋە فۇقەھا ئۇمەت ئۇشبۇ دۆلتى شەرئەتغە دۇئا ۋە ئىستىدامەت ⑦ئىلتىزامى ھىممەت⑧مەبزۇل⑨ئەتمىشدۇر، بۇ خاكىراھى⑩ ھەرزتى شەرئەتنىڭ شەرئى شرىف تەرۇيجى⑪ ۋە فۇقرائى ئەھلى تەرفھى⑫ دىن ئۆزگە مۇددىئا ۋە مەقسۇت قاچان بولسۇن. ھەممە ھال بۇ مەقسەد مەرام⑬ دۇركىم، شەرىيتى خەيرىلبەشەر⑭سالاۋاتۇللا ۋە ئەتتەھىيە لاۋاسى زىياسىدىن⑮ مەقسۇد ئېتىپ ئۆمۈر شەرئىيە نەبۇۋىيە ⑯ئەلا شەرئىھا

---

① بائىس ئېھتىياج – ئېھتىياجغا سەۋەب.

② مۇسسەرەت - خوشال.

③ ئەلتافى خۇدايى ئالميان-ئالەم خۇداسىنىڭ لۇتپى

④ پەرتۇ شئائى –پارلاق نۇرى، روشەن

⑤ فەرقدە – پىشانىسىدە.

⑥ مۇشەئئەل-مەشئەل

⑦ ئىستىدامەت- تەلەپ قىلىش.

⑧ ئىلتىزامى ھىممەت – ھىممەتلىك مەجبۇرىيەت.

⑨ مەبزۇل – مول.

⑩ خاكىراھى – كەمتەر.

⑪تەرۇيجى – تەرەققىيات.

⑫تەرفھ – ئۇلغايتىش.

⑬مەرام – ئارزۇ.

⑭خەيرىلبەشەر – ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى- پەيغەمبەر.

⑮ زىيا – نۇر.

⑯ئۆمۈر شەرئىيە نەبۇۋىيە – شەرئەت ئەمرى بولغان ئىشلار.

ئەسسالاۋات ۋە ئەتتەھىيە ۋە ئەھكامى مۇجتەھىددىن ① رىزىۋانۇللار ئەلەيھىم ② ئەجمەئىن ۋە رەۋناقلىسقىغە مۇستەدام شۇغۇل③ تامام قىلىسىڭىز كېرەك. بۇ زىيا ۋە رەۋناق خاسىيەتنى ئىزدەپ، خاسىيەت ۋە نەتىجەسى رىئايە رىفاھىتى ④ سەۋەبى بولۇشىدىن ئەلتازام قىلىك ⑤بەش كۈنلۈك ئالەم فانى ئۆتكۈنچىدۇر. رۇزى جازا⑥ بۇ فەجھىدە ⑦جاۋاپ بىسا مۇشەققەت⑧دۇر. ئەمما سىزلەر زىمىمە ئالدىدا سىزلەرغە مۇفەۋۋەز⑨ ۋە مۇئەممەل⑩ دۇر. ئوقۇبا سەئىدە⑪بولۇڭ. ئۇمىد رەجا⑫ بۇكى، دۇئايى بى رىيا ⑬ ۋە ئىلتىجاھى ⑭ دەرگاھى بەھەمتا جەھەتى ⑮ ئىستىدامەت دۆلەت مۇئەللا زىيادە

---

①مۇجتە ھىددىنى – ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن شەرئەت قانۇنلىرىنى تۈزگۈچىلەر.

② رىزىۋانۇللار ئەلەيھىم

③مۇستەدام – داۋاملىق.

④رىئايە رىفاھىتى – پۇقرالار مەئىشتى.

⑤ئەلتازام – مەجبۇرىيەت.

⑥رۇزى جازا – قىيامەت كۈنى.

⑦فەجھى ـ ھەققىدە.

⑧بىسا مۇشەققەت – كۆپ مۇشەققەت.

⑨مۇفەۋۋەز – تاپشۇرۇلغان.

⑩مۇئەممەل – بېكىتىلگەن.

⑪ئوقۇبا سەئىدە ــ ئاقىۋەتكە تىرىشىش.

⑫ رەجا- ئۈمىت.

⑬ بى رىيا ــ راست.

⑭ئىلتىجا ــ سەجدە

⑮بەھەمتا ــ تەڭداشسىز.

قىلىك ۋە ئەلھال ھەمزە موللا ئابدۇلكىرىمغە سەرۇپا ۋە خەرجى ئىلتىھات ئىتىپ ۋە سىزغە لىباس ۋە سەللا كۇلاھ، رويمال مەرھەمەت ئەيلەپ ئىبەردۇك- ۋەسسالام. 1294 (مىلادى 1877- يىلى ــ ت)».

جانابى ئالى بەدۆلەتنىڭ دۆلەت ۋە سەلتەنەتكە ئىگە بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، ئىشەنچىلىك ئادەملەر جۇملىدىن مەلۇم بولغان بىر ئادەم تۆۋەندىكىدەك پاكىتلارنى كەلتۈرىدۇ. يەنى ئۇ بىز مەغناندىن ئىدۇق. دادام سودىگەر ئىدى. ئانام باشلىق ھويلىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، قازاق ئىچىگە سودىگەرچىلىككە كەتتى. بىز ئۇزۇن مۇددەت بۇ قېرى مەزلۇمنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇردۇق. بۇ موماي بولسا قوپسا ياكى ئولتۇرسا، تۇرسا ياكى ماڭسا، ھەتتا كېچە- كۈندۈزمۇ زىكرى تەسبىھ ۋە تەھلىل ئورنىدا «ياقۇپ بېك جېنىنى دۆلەتمەن قىلغايسەن» دىگەندىن باشقىنى زادىلا تىلغا ئالماس ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن سەككىز- ئون ياشلاردىكى كىچىك بالا ئىدىم. تەئەججۈپ قىلىپ ئانامدىن بۇ مومايىنىڭ نىمە دىگىنى دەپ سورىسام، ئانام بۇ مومايىنىڭ ياقۇپ بېك دەپ ئوغلى بار. شۇ ئوغلىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ دىدى. لېكىن بۇ كۈنلەردە ياقۇپ بېك بەزى يۇرتلارنى سوراپ، سەركەردە بولۇپ، يىگىتلەرنىڭ ئۈستىدە چوڭ ئەمەلدار ئىكەن. ئۇ ئانىسىنىڭ قىلغان دۇئالىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇزۇنغا ئۆتمەي كاشغەردە تەختى سەلتەنەتكە چىقتى.

ئانىسىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنىمۇ ئارتۇق قىلاتتى دەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن راستتۇر. بىر كۈنى بىرسى يەنە بىرسىدىن سۇئال سوراپ، قوي ھەر يىلدا پەكەت ئىككىنىلا تۇغىدۇ. نىمە ئۈچۈن ئۇ يەنە كۆپ؟ ئىت بولسا ھەر يىلى يەتتە، سەككىزنى كۈچۈكلەيدۇ، نىمە ئۈچۈن ئۇ ئاز؟ دىگەندە، ئۇ «ئىتنىڭ كۈچۈكى ئانىسىنى ئىززەت قىلماي بېسىپ تۇرۇپ ئىمىدۇ. قوينىڭ قوزىسى بولسا ئانىسىنى ئىززەتلەپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئىمىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قوي كۆپ، ئىت ئاز، يەنە بىرى شۇكى، قوي بولسا يۈۋاش ۋە مۇلايىم، ئىت بولسا ئازار بەرگۈچى، زالىمدۇر. ھەرقانداق مەخلۇق

زالىملىق قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭغا خارلىقمۇ بار. بالا- پەرزەنتلىرىگىمۇ بەركەت يوق. ھەرقانداق مەخلۇق يۇۋاش ۋە مۇلايىم بولسا، دۆلەت ئۇنىڭغا ياردۇر، بەركىتىمۇ ناھايىتى كۆپ بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن. خوش مۇبارەك ۋە ئاخىرەتتە بەخت- سائادەتكە يېتىشكەن ئادەم جەزمەن ئاتا- ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئادەمدۇر. ئاتا- ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغانلار، پەقەت بۇ دۇنيادا ئىززەت ئابرۇيغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاخىرەتكە پۈتۈلگەن خوش پۇراقلىق جەننەتتىن ئورۇن ئېلىشى مۇقەررەر. ئىلاھا ئۆزكارامىتىڭ بىلەن ھەر ئەھدىنى ئاتا- ئانىسىنىڭ دۇئاسىغا ئىگە بولۇشنى نېسىپ قىلغايسەن، ئامىن، پەزىلەت ۋە كارامەت ئۆزەڭگە مەنسۇپ.

ئەلقىسسە، جانابى ئاتالىق غازىنىڭ ياخشى ئەخلاقلىرى ھەققىدىكى بەزى ۋەقە ۋە سۆزلەر يۇقىرىدا ئاز- تولا بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ باپتا تېخىمۇ ئازقىسمى كۆرسىتىلدى. چۈنكى، تەپسىلى ۋە بىر- بىرلەپ بايان قىلساق، ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا مالالىيەت يېتىپ قېلىشى مۇمكىن دىگەن ئەندىشە بىلەن ئېھتىيات قىلىپ، شۇنچىلىكلا يېتەر دىگەن خىيال بىلەن سۆزنى بۇ جايدا توختاتتۇق. لېكىن، ياخشىلىق بار جايدا يامانلىقمۇ تەييار. نەپ بار جايدا زىيانمۇ ئۇنىڭغا ياردۇر. گۈل تىكەنسىز ئەمەس. ھەسەل ھەرىسىز ئەمەس. ھەر قانداق بىر مەخلۇقتا ياخشى خىسلەتلەر بولىدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ يامان ۋە قاباھەت پېئىللارغىمۇ دۇچار بولىدۇ. ھۆسنى گۈزەللىك بىلەن قەبىھ سەتلىك بىر- بىرىدىن زادى جۇدا بولمىغان قوشكىزەكتۇر. ئالالانىڭ ئادىتى بۇرۇندىنلا شۇنداق جارى بولۇپ كەلگەندۇر. قەھرى چاقماق نامايەن بولسا، رەھمەت يامغۇرىمۇ بىللە كېلىدىغان ئادىتى بار. ھالبۇكى، جانابى ئالىنىڭ يامان خىسلەتلىرىنى قىسقىچە ئىندەك بايان قىلساق، سۆزىمى گويا ئىسكەنجىدەك ئۇغۇراپ، ئۇنىڭ ئاچچىق- چۈچۈك تەمى ئوقۇغۇچىلىرنىڭ تىللىرىغا تاتلىق تېيىپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قۇلاقلىرىغا لەززەت بېغىشلاپ، ئۇلارغا ئارزۇلۇق بىر مەرغىبە ۋە مەھبۇبە بولۇپ كۆرۈنسە ئەجەپ ئەمەس.

لېكىن تارىخ كىتاپلىرىدا ئۆتكەن سۇلتانلارنى زىكىر قىلغاندا، مۇئەللىپلەر ئۇلارنىڭ ياخشى خىسلەت ۋە يامان سۈپەتلىرىنى بىر- بىرلەپ بايان قىلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق يېزىشىدىكى مۇددىئاسى بولسا كېيىنكى زاماندىكى پادىشا، ھاكىمى ۋىلايەت ۋە ئەمەلدارى مەملىكەتلەر بۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرى زىيادە، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولۇپ، پەرزەنت، دۆلتى، نەۋرىلىرىگىچە مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى نام ۋە ئوبدان سۈپەتلىرى جاھان سەھىپىسى ۋە ئەھلى ئالەم ئارىسىدا باقى قىلىپ، نامى ئۆچمەي، خالايىقنىڭ دۇئا قىلىشىغا سەۋەپ

بولدۇ. مۇبادا يامان بىدئەت ئىشلارنى پەيدا قىلىپ، خەلققە زۇلۇم ۋە جەۋرى قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا، دۆلەتلىرى كەم بولۇپ، زىمىن يۈزىدە يامان سۈپەت بىلەن مەشھۇر بولۇپ، خالايىق ئۇنداق ئۇلۇغلارغا ئەسىردىن-ئەسىرگىچە لەنەت ئوقۇيدۇ. بالا- پەرزەنتلىرىمۇ ئەسكى كۈنگە دۇچار بولۇپ خارلىققا قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار بۇ خىل ئەھۋاللاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزلىرىنى مەجبۇرى ياخشى يول تەرەپكە مايىل قىلىپ، ياخشىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلسۇن دىگەنلىكتىن ئىبارەت ئىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ جايدا جانابى ئاتالىق غازىنىڭ يامان سۈپەت ۋە نالايىق ئىشلىرىنىمۇ قىسقىچە ۋە ئىندەك بايان قىلىش لازىم.

جانابى ئاتالىق غازى ناھايىتى ئۇلۇغ بىر پادىشا ئىدى. لېكىن ئۇ بىرەر قابىلىيەتلىك، دىيانەتلىك ۋە ياكى بىرەر ھۇشيار ئادەمنى ۋەزىر قىلمىدى. مەملىكەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆزىلا ئىشلىدى. باشقا كىشىگە ئىشەنمىدى. ئۇ خۇداۋەندەكېرىمنىڭ تىل يەتمەس ۋە كەمچىلىكسىز كالامى مۇلكۇلئەللالىمدا كۆرسىتىلگەندەن « ھەر ئىشنى كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ ئىشلەڭلار» دىگەن شەرت ۋە مەسلىھەتلىرىگە بويى سۇنماي، خىلاپلىق قىلدى. ئۇ ئۇلۇغ سەيىدلەردىن بولغان كاتتا خان تۆرەم ۋە كىچىك خان تۆرەملەرگە خۇددى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە نېسىپ بولغان شەربەتنى ئىلتىپات قىلدى. بۇ شەربەت ئىچىش بىلەنلا تەسىر قىلىپ، ئۇلار بۇ تۇپراق ئالەمدىن مەڭگۇلۈك باغچىسىغا ئۇچۇپ كەتتى. ۋەلى خان تۆرەمنى تامغا باستۇرۇپ يوق قىلدى. بۇزرۇك خان تۆرەمنى بولسا ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، «تۆرەمنىڭ پەرمايىشى بىلەن كەلدىم» دىگەن بولۇپ، ئۇنى نەزەربەنت قىلغان ھالدا بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، بۇ يەتتە شەھەرنى تەسەررۇف قىلىپ تىنجىتقاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇ ھەج قىلىپ كەلسۇن دەپ يۇرتتىن ھەيدىدى.

ئۇ دەسلەپتە بىر ئادەمدىن بىر گۇنا سادىر بولسا، ئۇنىڭغا تەربىيە-نەسىھەت قىلىپ ئەپۇ قىلاتتى ۋە ئازلا خىزمەت قىلىپ قويسا تولا ئىلتىپاتلارنى قىلىپ كېتەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بولسا، كۆپ خىزمەت قىلسا ئاز ئىلتىپات قىلىدىغان، ھەتتا ئۇلارنى بىر سەۋەپ بىلەن قاتتىق ئازاپلايدىغان بولدى. بۇرۇن بىر باغ بىدە ياكى بىر ئاياق قېتىق ئۇچۇن بىر ئادەمنى سويغان ئىدى. ئاخىردا نەچچە ئادەمنىڭ خانلىرى ۋەيران، ساھىپخانلىرى سەرگەردان بولغانلارنىڭمۇ دادى- پەريادىغا يەتمىدى. باشلىق ۋە ھاكىملارنىڭ زۇلۇم- جەۋرلىرىنىڭ ئۇلغۇيىشىغا يول قويدى. خۇسۇسەن كېيىنكى سەپەرلىرىدە، بولۇپمۇ تۇرپانغا ئىككىنچى مەرتىۋە ئاتلانغاندا، بىرەرىمۇ ئادەمنىڭ ئەزر- دادلىرىغا يەتمىدى ۋە بۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمىدى. كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ مال- مۈلكىنى ئېچىپ كۆرۈپ خەتلەپ، ھەممىسىنى ئالى

دۆلەتخانىغا ئالاتتى. مال ئىگىلىرى ئېلىپ چىقىپ ئارقان ۋە مال ئوراپ كەلگەن پارچە كىگىزلەرنىلا ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. ھەتتا زاكاتچىلار زاكات شەرئىنى بەرسۇن دەپ ئۇلارنىڭ كەينىگە ئادەم قوشۇپ قوياتتى. بۇ بايلار « ماللىرىمىزنى ئالى دۆلەتخانىغا ئالغان» دەيدىغان بولسا، بۇ زاكاتچىلار «ئەمىسە دۆلەتخانىدىن پۇل چىققاندا پۇلۇڭلارنى ئالىسىلەر، ھازىر زاكات شەرئىنى كېچىكتۈرمەي ئادا قىلىڭلار» دەپ زاكاتنى ئېلىۋالاتتى. بۇ بايلار جازانىغا پۇل ئېلىپ ياكى قەرز قىلىپ زاكاتنى بېرەتتى ۋە ئۆزىمۇ بۇنىڭغا خىراجەت قىلىپ جان باقاتتى. ئەگەر دۆلەتخانىدىن پۇل چىقىپ قالسا پۇلنى ئالات تى.ئەگەر چىقماي قالسا سەرگەردانلىق بىلەن پېقىر- يوقسۇللۇق كوچىسىغا كىرىپ قالاتتى. مىراس تەقسىم قىلىدىغان تەركەچىلەرنىڭ ھال- ئەھۋاللىرىمۇ خۇددى شۇنداق، بەلكى ئۇنىڭدىن يامان ئىدى. يۇرت ھاكىملىرى، ۋىلايەت باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى بولسا سەھرايى، كەنت، قىشلاقلارغا غەللە خىراج، ئۆشرە- زاكات، تاناپ ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىپ پۇل يىغىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئون مىڭ ياكى يىگىرمە مىڭ تەڭگە پۇلنى كېچىدە بارسا كۈندۈزگە ئۈلىماي، كۈندۈزدە بارسە كېچىگە قوندۇرماي ھەم پەقەت كېچىكتۈرمەي تېز ۋە ئالدىراشلىق بىلەن ئالاتتى. بۇ بولسا ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ناھايىتى تېز ۋە ئەتتىكلىكىنىڭ نىشانىسى. بولۇپمۇ خوتەننى نىياز ھاكىم بېك، ئاقسۇنى ئابدىراخمان دادخۋا، باي ۋە سايرامنى مۇھەممەت ئىمىن توقسابى دىگەنلەر خاراپ ۋە ۋەيران قىلدى. ھەر بىر ياغۇچىنىڭ پاناسى ئۆزى بىلەندۇر دىگەن مىسال ناھايىتى مەشھۇر. بۇ ھاكىملار پۇلنى يۇقىرادىن ئالدى. ئۇنى دۆلەتخانىغىمۇ بەردى، ئۆزلىرىمۇ غەزنە قىلدى. لېكىن ئەيىپنى بەدۆلەت ئالىغا قويدى. جانابى ئالىنىڭ ئەيۋى بولسا يۇرتنىڭ كىرىم ۋە چىقىمىنى كۆرمىگەنلىگى ھەم سورىمىغانلىقىدىن ئىبارەت. ھەر بىر ھاكىمى ۋىلايەتنىڭ بەش يۈز، ئالتە يۈز، ئەڭ ئاز دىگەندىمۇ يەتمىش، سەكسەن دىۋانلىرى بار ئىدى. ئۇلار ھەر يىلى ھەر قايسى كەنت ئىچىدىن بىر باينى تۇتۇپ، ئۇنىڭ خالىغان ياكى خالىمىغىنىغا قويماي دىۋان قىلىپ بەلگىلەيتى. ئۇنىڭغا نىشان ۋە پەتتە بەرگەن ھامانلا، ئادەم قوشۇپ پۇل ئالغىلى باراتتى. ئۇلار بىر يىل توشقىچە خالايىقتىن شەرئەتكە مۇۋاپىق زاكات، ئۆشرە، خىراج، تاناپ پۇل يىغىپ تاپشۇراتتى. بىر يىل توشقاندىن كېيىن ئۇلارغا قوشۇپ قويۇلغان بۇ خىل جاللات سۈپەت مىرزا ۋە زالىم تەبىئەتلىك ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، بۇ پالاكەت باسقان دىۋانلارنى تەكشۈرۈپ تەپتىش قىلاتتى. بۇلار بىرنى ئون، ئوننى يۈز قىلىپ خەتلەپ، دىۋانلارنىڭ زىممىسىگە ئون مىڭ، يىگىرمە مىڭ تەڭگە پۇلنى ئارتىپ قوياتتى. بۇلار ياكى زېمىن- چارپاي ۋە ياكى كىگىز- بىسات، قازان، قۇشلۇقلىرىغىچە سېتىپ پۇل قىلىپ، باشلىقلىرىغا بېرەتتى. ئەگەر

ئۇلارنىڭ بۇنى تۆلەشكە مال- ئەشياسى يەتمەي قالسا، «مەن پالانى دىۋانىدۇرمەن، ئالى دۆلەتخانىغا قەرزدارمەن» دەپ ھۆججەت خەت بېرەتتى. بۇرۇن دىۋانىلار يۇرت پۇقرالىرىدىن ئالغان پۇلنى شەرىئەت ئۇچۇن دەپ ئاتايتى. كېيىن دىۋانىلار تۆلەيدىغان قەرزنى بولسا ھەقىقەت ئۇچۇن دەپ ئاتايدىغان بولدى. مۇبادا بۇلار ئەرز- دات قىلسا، ئۇنى يەنە شۇ ھاكىمى ۋىلايەت باشلىقلىرىنىڭ ئۆزىگە بۇيرۇپ بېرەتتى. بۇلار بولسا ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە ۋە قولىدىن كەلگىنىچە زۇلۇم قىلىپ، گەندىندىكى پۇلنى ئالاتتى. ئەگەر خىتايلار بەرگەن ئوتاغات ۋە قالپاقلىرىنى ساقلاپ، يەنىلا ئۇلاردىن ئۈمىت ۋە ئىشەنچە كۈتۈپ تۇرغان قەدىمقى بەگلەرنىڭ بەگزادىلىرىگە ياكى كۆڭۈللىرى دۈشمەنلىككە تولغان بەگلەرگە پۈتۈلگەن ئەجەل يەتكەن بولسا، بۇنى جانابى ئالى بەدۆلەت نۇرلۇق پاراستى بىلەن كۆرۈپ، زالىم، بەدنىيەت تەركە ۋە شۇ تەلەت مىرزىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ مۈلكىنى تاتىۋالاتتى. مەسلەن، مىرزا قاسىم مۇھتەر ۋە ئابدۇلئەزىز بۇخارى مىرزىلارنى ئاقسۇلۇق ئابدۇللا دىۋان بېكنىڭ مىراس تەقسىماتىغا ئەۋەتتى. مەزكۇر مىرزىلار كېلىپ، ئۇنىڭ كۆز قويۇلغان پۆپۈكلۈك ئوتاغاتىنى ئون مىڭ تەڭگەك، كۆز قويۇلغان خىتايچە قالپىغىنى بەش مىڭ تەڭگە، يەنى بىر كۆز قويۇلغان خىتايچە قالپىغىنى بەش مىڭ تەڭگە دەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن مىراس تەقدىم قىلىش ھەققىنى ھىساپلاپ تەركە ئالدى. باشقا مال- مۈلكىنمۇ مۇشۇنداق باھالاپ، قىرىق تەڭگىدىن بىر تەڭگىنى تەركە ۋە ئەسكەر ھەققى دەپ ھىساپلاپ، ئۇنىڭغا قىرىق ئالتە مىڭ تەڭگە تەركە ۋە ئەسكەر ھەققى ئالدى. ئۇ بارلىق مال- مۈلكىنى سېتىپ، ئاران دىگەندە يىگىرمە سەككىز مىڭ تەڭگە پۇل قىلدى. يەتمىگەنلىرىنى ئۇرۇق- تۇققانلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىدىن تىلەپ تېپىپ تاپشۇردى. ۋاھالەنكى، ئۆلگۈچىنىڭ قىزى بولسا ئالى ئوردىنىڭ ئىگىسى جانابى ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك ئەقدىگە نىكالانغان خوتۇنلار قاتارىدىكى بىر خوتۇن ئىدى.

بۇ چاغدا جانابى ئالىنىڭ ئەمرى ئەقدە ۋە ئىلكى مۈلكىدە بولغان مۇسۇلمان، تۇڭگانى خىتاي، شوغنان، قالماق، قازاقلاردىن ئولجا ئېلىنغان جوۋان، چوكان، كاتتا ئۇلۇغلارنىڭ ئەۋلادى قاتارلىق ئايىم ئاغىچا- خوتۇنلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن ئالتە يۈزدىن ئارتۇق ئىدى دىگەن قىسسە ھىكايىلەر بار. ئۇنىڭ خۇتۇنلىرى ئىچىدە توختىخان ئايىم دىگەن بىر ئايال پانسەت بار ئىدى. ئۇ ھەممە خوتۇنلارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، تەلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىپ، جانابى بەدۆلەتنىڭ سۆھبەتلىرىگە لايىقلاپ تەييار قىلاتتى. جانابى ئالى ھەر شەھەردە بىر كاتتا ھويلا قىلىپ، ئىچىگە نەچچە ھۇجرىنى تەيىنلەپ، ھەر بىر ھۇجرىغا نەچچە خوتۇننى سولاپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە كىچىك ۋە ياش مەھرەم ئوغۇللاردىن

بىر قانچىسىنى قويۇپ خەۋەر ئىلىشقا بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ بەزى خۇتۇنلارنى بىر ئىككى قېتىم ئىلكىگە ئىلىپلا قارىماي قوياتتى. مەزكۇر مەزلۇملار ئۆز نەپسى شۆھرىتىنى مۇھاپىزەت قىلالماي، بالاغەتكە يەتكەن ياش باللارغا ئىسلىپ، شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارغا خىلاپلىق قىلاتتى. شۇڭلاشقا بۇنداق خۇتۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋە نۇرغۇن ياش ئوغۇل باللارنىڭ قانلىرى نەچچە قىسىم ئازاپ- ئەلەملەر بىلەن ناھەق تۆكۈلۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئۆيلىرىگە كۆمدۈرگەن ئىدى. جانابى ئالى ئۆزى ئالغان خۇتۇننى باشقىسى ئالالماس ئىدى. ئالغانلار بولسا ئۆز جېنىدىن ئۈمىت كۈتمەس تۇتماس ئىدى. ئەگەر جانابى ئالى ئۆزى خالىسا بەزى خوتۇنلىرىنى ئەمرائى پانسەت، يىگىتلەرگە ئىنئام قىلاتتى. ئەگەر سەپەرگە چىقسا، ئون، ئون بەش هارۋىنىڭ ئۈستىگە ئۆي- ھۇجرا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئايىملىرىنى سولاپ، كىشىگە كۆرسەتمەي يۈرەتتى. ئۇلار بىلەن كۆڭلى خالىغان چاغدا سۆھبەت قىلالايتى. مۇنچە نۇرغۇن خۇتۇنلارنىڭ ئەقد نىكايىنى شەرىئەتنىڭ قانداق يولىغا مۇۋاپىق قىلىدىكىن- تاڭ.

يەنە بىر ۋەقە شۇكى، فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئادەملىرى مىجەز- خۇلقى جەھەتتىن ئايغىر ئاتنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئاختا ئاتنى ناھايىتى كەم مىنىدىكەن. بىر ۋاقىتتا نىياز ھاكىم بېك بىر مۇنچە كاتتا ۋە ياخشى قالماق، قازاق ئاتلىرىنى تارتۇق قىلغان ئىكەن. بۇ ئاتلار ئاتخانىغا بۇيرۇپ بېرىلگەن ئىدى. بىر چاغدا بەدۆلەت ئالى ئاتخانىغا كىرىپ نەچچە ئاتنى ئالدىغا ئالدۇرتۇپ كېلىپ كۆرسە، بۇنىڭ ھەممىسىلا ئاختا قىلىنغان ئاتلار ئىكەن. ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، مىراخور بېشىدىن «بۇ ئاتلارنى قانداق ئادەم ئاختا قىلغان؟» دەپ سورىغاندا ئۇ «كۇچارلىق يۈسۈپ بېك دەپ ئات كېسىدىغان بىر ئادەم بار. خوتەنگە بېرىپ نىياز بېك ھاكىم بېكنىڭ ئاتلىرىنى ئاختا قىلغان ئىمىش. ھازىر بۇ يەرگە كېلىپتۇ» دەپ مەلۇم قىلغاندا، ئۇ يىگىت بۇيرۇتۇپ ئالدۇرتۇپ كېلىپ، «سىزنى ئات كېسىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، سىز ئوبدان ئۈستىمۇ» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئالتە شەھەردە مەندەك ئات كېسىدىغان ئادەم يوق» دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. «نەچچە ئات ئاختا قىلغانسىز؟» دىگەندە، «ئەڭ ئاز دىگەندىمۇ، يىگىرمە مىڭ ئات ئاختا قىلغاندۇرمەن» دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. يەنە «قانداق ئۇسۇل بىلەن ئاختا قىلىسىز» دەپ سوراپ، ئۇنىڭ ئاختا قىلىش ئۇسۇلىنى ئوبدان كۆرىۋېلىپ، «چىقىپ تۇرۇڭ» دەپ چىقىرۋېتىپ، مىراخور بېشىغا «ئات كېسىشنىڭ يولىنى كۆردۈڭمۇ، سەنمۇ كېسەمسەن» دەپ سورىغاندا ئۇ مىراخور بېشى «پەرمان بولسا كېسىمەن» دىگەن ئىكەن. «ئانداق بولسا يۈسۈپ كۆرستىپ بەرگەن يول بويىچە، ئۆزىنى ئۆزى ئەسۋاپلىرى بىلەن ئاختا قىلىپ قويغىن» دەپ پەرمان بېرىپ،

ئاتخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. يۇسۇپنى تۇتۇپ كېلىپ، ئاختا قىلغانىنىڭ جازاسىمۇ دەپ، ئۆز ئەسۋاپلىرى بىلەن بىر جۈپ تېشىنى قىسىپ تۇرۇپ، بىرلا تولغاپ تارتىپ تاشلاپتۇ. بۇ ئادەم ئىككى كۈن يېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، دۆلەت ئىقبالى زاۋالىغا قاراپ يۈزلەنگەندە، ئالدى بىلەن پادىشاھى ئۇلۇغلارنىڭ مىجەز-خۇلقى ئۆزگىرىپ قالىدىكەن. پۇقرالار، بەلكى ئەسكەرلەر، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئەھۋالى ۋە تەرتىپ-نىزاملىرىمۇ باشقىچە بولۇپ قالىدىكەن. بۇ چاغدا مەيلى ئەمىلەر، ئەسكەرلەر ياكى يىگىت دۆلەتخۇالار جانابى ئالىنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە پوستلىرىنى كىيىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، تىللا ۋە پۇللىرىنى خىراجەت قىلىپ، خوتۇنلىرىنى ئېلىپ، كۆڭلى خالىغان تاماق-غىزالارنى تەييارلاپ، ئېغىز ۋە چىشلىرىدا چايناپ ۋە چىشلەپ تۇرۇۋلۇق، يەنىلا دۆلەت ئىگىسى ئاستىدە شەك-ھىكايىلەردىن تىلىنى زادىلا يىغمىدى. تۈز ھەققىدە رىئايە قىلماي، كاپىرانە نېمەت قىلغانلار ئاقىۋەت جازاسىنى تاپتى. نەتىجە ۋە تەسىر-ئاقىۋەتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

نەقىللەرگە قارىغاندا، كاشغەردىكى پەيزاۋات كەنتىدە بىر ئادەم قوش ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىپ تۇرغان چاغدا، يەنە بىر ئادەم كېلىپ «ئەي بۇرادەر، بۇ يەرگە نىمە تېرىدىڭىز» دەپ سورىغاندا، ئۇ «نىمە تېرىماقچى ئىدىم، خىتاي تېرىدىم» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. سوىغۇچى تەبەسۇم قىلىپ خوش بولۇپ كېتىپتۇ. ئالتە ئايغا قالماي مەزكۇر زىمىنىنىڭ ئۈستىگە خىتايلار توشۇپ يىگىپەن سوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ھازىر بۇ جايدا خىتايلار بىر شەھەر بىنا قىلدى دەيدۇ. بۇ چاغدا ئىككى ئادەم بىر يەردە بولسا خىتايلارنىڭ كېلىدىغانلىغى توغرلۇق راست ياكى يالغان سۆزلەپ توقۇپ، ئۆزلىرىنى خوش قىلار ئىدى. كاشغەردە بىر يىغىلىشتا ئولتۇرغان ئادەملەر ئىچىگە يەنە بىر ئادەم كىرىپ ئولتۇرۇپ «ئۇھ! ئۇھ!» دەپتۇ. باشقىلار «ئۇھ؟» دەپ نىمە بولدىڭىز» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئىسلام دىگەن ئالتە ئاي ۋە يا بىر يىل بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئون تۆت يىلمۇ ئىسلام بۇلامدۇ؟ ئىسلام ئۇزۇنغا سۇزۇلغانلىقتىن، مەن كۆپ ھېرىپ كەتتىم» دىگەن ئىكەن. بۇ سۆزنى تەستىقلايدىغان بىر ۋەقە ئىسىمگە كەلدى: زامانە ئاۋالدا زامانە زاھىد ۋە دەۋران ئابىدىلىرىدىن ئۈچ نەپەر دەۋەتچى ئاغىنە بىر تەرەپكە يولغا چىققان ئىكەن. يول ئۈستىدە ئۆلارنىڭ چىرىگەن، كونىرغان بىرمۇنچە ئۇستىخانلارغا كۆزى چۈشۈپتۇ. بىرسى «بۇ كونا ئۇستىخانلار قانداق مەخلۇقلارنىڭ ئۇستىخانلىرى بولغىيدى، بۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلسەك» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. دەرھال شامال قوزغالدى-دە، ئۇستىخانلار بىر-بىرىگە ئۇلاندى. يەنە بىرى دۇئا قىلسا، ئۇستىخانلارغا گۆش، پەي، تومۇرلار پەيدا بولدى. يەنە بىرسى دۇئا قىلسا، ئۇتىخانلارغا جان كىردى-

دە، ئاچ ۋە ئۇسسۇز، ھەيۋەتلىك، زور بىر شىر سەكرەپ قوپتى. چۈنكى ئۇ ئاچلىق دەردىدىن ئۆلگەن ئىدى. ئۇ ئۈچ نەپەر ئابىدنى كۆرۈپ پارە- پارە قىلىپ يەپ كەتتى. ھازىر بۇ تىلەپ تاپقان خىتايلارمۇ خۇددى جان كىرگەن بۇ ئاچ شىرغا ئوخشاش بولدى.

ئەي يارەن ئەزىزلەر، تارىخ كىتاپلىرىدا شۇنداق ئايدىڭ بايان قىلىنغانكى، قەدىمقى پادىشالارنىڭ سۈپەتلىرى لۈتۈپ بىلەن قەھرىيەت، جامان بىلەن جالالەت ھەم يۇمشاق سۈپەت بىلەن سىياسەتتە ئىپادىلەنگەن ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پادىشا ۋە ھاكىمى ۋىلايەتلەردىمۇ دەل ئەنە شۇ سۈپەتلەر جارى بولسا كېرەك. چۈنكى، پادىشا ۋە ھاكىملارغا لۈتپى ئېھسان قىلماقتىن باشقا چارە يوق. غەزەپ- سىياسەت يۈرگۈزمەيمۇ ئىلاج يوق. ئەگەر پادىشالار يۇمشاق سۈپەت بولۇپ، سىياسەت قىلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرسە، پۇقرالارنىڭ مەنپەئەت ۋە پايدىسى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. يۇرتلار قالايمىقانچىلىق ۋە ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ئەگەر زۇلۇم ۋە قەھرىيەتلىك سۈپەت بىلەن بولۇپ، ئادىل سىياسەتنى ئۆزىگە كېرەك قىلمايدىكەن، پۇقرالارغا تىنچلىق ۋە ئاراملىق بولمايدۇ. بىرەر زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋە سەھەردە تۇرغان دىلى سۇنۇق بىرسىنىڭ نالە ۋە ئاھۇ- زارلىرى ھەممەتلىك ئاللا دەرگاھىغا يېتىپ قوبۇللۇق شەرىپىگە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاھۇ- نادامەتىدىن يىغلىغان كۆز ياشلىرىنى قات دەرياسىنىڭ دولقۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، ئانداق پادىشانى، ھەتتا ئۇنىڭغا تەۋە خادىملىرى، ھەشەمەتلىك تۇغ، بايراق، ئەلەم، دەھۇل، دۇماق، نەي، سۇناي ۋە تەرتىپ- تۈزۈملىرىنى بۇ خورلۇق تۇپرىغى ئۈستىگە ئۇرۇپ، تۇگىمەس ئېقىنغا تاشلاپ غەرق قىلىپ، ئاجىز ۋە نابۇت قىلىدىكەن. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ پەلەك ھادىسىلىرىدىن پايدىلىق تەجرىبىلەرنى ھاسىل قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك. خۇدا قۇرئاندا «ئەي ئەقىل ۋە كۆز ئىگىلىرى ئىبرەتلىك بولۇڭلار» دىگەن ئايەتنى كۆرسەتكەن ئىكەن.

قىتئە:

تەكيە قىلماي ئەزىزلەر دۆلتى يىلدامىغە①،

باش يىپىندىن پات ئالۇرلەر دۆلتى ئىقبالىنى.

ياتقۇزۇپ جسمى لۇتفكنى② بۇ تىره خاك ③ئۇزه،

يوق ئېتىپ سۆلەت ھەشەمنى④بەس قىلۇرلەر نا يىنى.

خۇداۋەندە كېرىم ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھىكمىتى بىلەن ھەر بىر دۆلەت ئىگىسى ۋە نېمەت ئىگىلىرىنىڭ دۆلەت نېمەتلىرىنى ئېلىشنى ئىرادە تەقدىر قىلماقچى بولسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوبدان خۇلقى مىجەزلىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا نالايىق قىلمىشلار ۋە يامان ئەخلاقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ھالال نېمەتتىن ھارام نېمەتكە كەلتۈرۈپ، ئاندىن دۆلەت ئاپتىۋنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، بەخت- ئىقبال نۇرىنى خىره، بەلكى ئۆچۈرۈپ يوق قىلىپ، يەنە بىر لاياقەتلىك دۆلتى ئىگىز ۋە بەختى يۇقىرىنىڭ بېشىغا سەلتەنەت تاجىسنى قويۇپ، نەي نۆۋىتىنى ساداغا كەلتۈرىدىكەن. خائى ئالى دەرىجىلىك پادىشالار بولسۇن، ياكى ئاجىز گاداي ۋە بىئېتىۋارلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ بەش كۈنلۈك دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى بەرپا قىلىپ، ياخشى نام قالدۇرغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ دۇنيادىن كەتمەكلىكىنى نېسىپ قىلغايسەن

قىتئە:

---

① يىلدام – شامالدەك.

② لۇقۇ – يۇمشاق.

③ تىره خاك – قارا تۇپراق.

④ھەشەم – ھەشەمەت.

بۇ ئالەم ئىچرە ياخشى ئەت ئىمارەت،

كى قالغاي نىك نام ①ھەم باقالىق ②.

ۋەرەق ئىچرە قالىپدۇر ياخشى ئاتلار،

ئەگەر كىسراغا ③ ئوخشە قىلسا شەلق④.

# 14

## ئالى دەرىجىلىك ئەمىرلەر ۋە ئاقۋەتسىز قوشۇنلارنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ھېكىم خان تۆرەمنىڭ خانلىق تەختى ۋە سەلتەنەت ئورنىغا ئولتۇرغۇزغانلىرى، بۇ كاج چەرخى پەلەك مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلماي، ئۇنىڭ «سۆيۈملۈك ۋەتەن ئىماندۇر» دىگەن ئىستىگى بويىچە ئۆز ئەسلى ۋەتىنىگە قايتقانلىقىنىڭ بايانى

ئەزىز ئۇلۇغ دوستلار ۋە شىرىن لەتاپەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ شاراپەتلىك دىللىرىدىن مەخپى ۋە يۇشۇرۇن قالمىغايكى، قىسسە ھىكايىلەرگە قارىغاندا، بۇ ۋاقىتتا جانابى ئاتالىق غازى بەدۆلەت دۆلەت خانىنى تاشلاپ، ئاخىرەت باقىنى خوش ئېتىپ، جېنىنى قابىزۇل ئەرۋاھ- ئەزرائىلغا، مال- مۈلكى ۋە ئوغلانلىرىنى بىر قىپچاقلا ھەتتا خىتاي بىلەن قالماقا تاپشۇردى. نىياز ھاكىم بېك ۋە

---

①نىك نام - ياخشىلىق نام.

② باقاللىق - مەڭگۈلۈ

③ كىسرا - قەدىمقى ئىران پادىشاسى.

④ شەقىق - شاھلىق.

ئەھرار خان تۆرەملەر ئۇنىڭ ئالى خىزمەتلىرىنى ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇپ، قارا شەھەردىكى ھېكىم خان تۆرەم بىلەن ھەق قولى بىگىملەرگە بۇ دەھشەتلىك سۈرەت- ۋەقەنى بايان قىلىپ، تېزلىك بىلەن خەت ماڭدۇردى.

ئۆچىنچى كۈنى بېك بەچچە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا نىياز ھاكىم بېك ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەرزى ـ دار بولسا، خۇددى بۇرۇنقىدەك بەدۆلەت ئالدىغا ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، يەنە يېنىپ چىقىپ، «جانابى ئالىنىڭ مىجەز شىرىپلىرى ئىندەك ئۆزگىرىپ قاپتۇ. ھىللا چىقماقچى» دەپ پەرمان بېرىپ، كىشلەرنى كىرگۈزمەي ۋە بىلدۈرمەي ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى. بۇ چاغدا تۆرەم باشلىق ئەمرى لەشكەر، يىگىت سەرۋازلامۇ يېتىپ كەلدى. ئاندىن نىياز بېك ھاكىم، ئەھرارخان تۆرەم، كېرىم باي مىرزا، مۇھەممەت مۇسا توقسابى، تاشباي دادخۇا، ئاتاباي پانسەتلەر باشلىق بارلىق ئەمرائى ئەسكەرلەر ئىتتىپاق بىلەن بىللە كېڭەش ـ مەسلىھەت قىلىپ، ھېكىم خان تۆرەمنى ئاق كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، بۇرۇنقى سۇلتانلارنىڭ قائىدە ـ رەسمىيەتلىرى بويىچە كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىگە خان ۋە ھۆكۈمران قىلدى. غەزنە ئىشكلىرى ۋە ساندۇقلارنىڭ ئاغىزىنى ئېچىپ، دادخۇلار باشلىق ھەممە چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلارغا تون، كېچەك، پۇل، تىللا، قورال ـ ياراق، ئىگەر جابدۇقلىرى مۇكەممەل ئاتلارنى بېرىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ يەتتە كۈن ئۆتتى. بىر كېچىدە بېك بەچچە جانابى ئالىنىڭ جىنازىسىنى ئېلىپ ماڭدى. دادخۇالار باشلىق ھەممە كاتتىلار ئەرز قىلىپ، «بېك بەدۆلەتنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ تېز سۈرئەت بىلەن ئاقسۇغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئاقسۇغا بېرىپ غەزنىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن كاشغەرگە بېرىپ، كاشغەردىكى غەزنىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن غەزنىلەرنى قولغا ئېلىپ، بىزگە قارىماي ئەنجانغا چىقىپ كەتسە، غەزنە بولمىغاندىن كېيىن بىز خىتايلار بىلەن قانداق ئۇرۇشىمىز» دەپ تۆرەمنى ماقۇلغا كىرگۈزدى. بۇ چاغدا تۇڭگانى دادخۇالارمۇ كورلىغا چىققان ئىدى. تۆرەم كورلىنى دادخۇاغا تاپشۇردى. ئاقسۇلۇق كوچى ۋاڭنىڭ ئوغلى ئاخۇن نىياز بېكنى ئۇنىڭغا توڭچى ـ تىلماچ ۋە ياساۋۇل بېشى قىلىپ بەردى. بۇ ئاخۇن نىياز بېك بۇرۇن بەدۆلەتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، خىتاي، تۇڭگانلارغا تىلماچلىق قىلاتتى ۋە ياساۋۇلباشى دىگەن دەرىجە بىلەن ناھايىتى ئىززەت ۋە ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. باي مۇھەممەت جاچى باشنى بەش يۈز يىگىتى بىلەن دادخۇانىڭ ئالدىدا قويۇپ كورلىغا ماڭدۇردى. ئاندىن تۆرەم باشلىق ھەممە قوشۇنلار ئاقسۇغا قاراپ راۋان بولدى. ناھايىتى تېز ئالدىراپ ئاقسۇغا كەلدى. بېك بەچچە ئاقسۇغا ئالدىدا كېلىپ، غەزنىلەرنى سەرەمجان قىلىپ تۇرغان ھالەتتە، بارلىق قىرغىز ـ قىپچاق ئەسكەرلەرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغىچە ئىككى كۈن ئۆتتى. بېك بەچچە جانابى ئالىنىڭ جەسدىنى ئېلىپ كاشغەرگە ماڭدى. ئۇ ئەسلىدە دادامنىڭ جەسدىنى كاشغەرگە ئېلىپ بېرىپ، ھەزرىتى ئاپاقتا دەپنە قىلىپ، ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ياكى ئاكام ياكى مەن كېلىپ خىتايلار بىلەن غازات

قىلارمىز دىگەن ياخشى نىيەت ۋە مەقسەت بىلەن يولغا چىققان ئىدى.

بۇ چاغدا نىياز ھاكىم بېك باشلىق بىر نەچچە پىتنە- پاساتچى، ئۇرۇغى بۇزۇق بەدنىيەتلەر پىتنە- پاسات ئوتىنى شۇم نەپسى بىلەن پۈدەپ تۇتاشتۇرۇپ، كاشغەردىكى چوڭ بېككە خەت يېزىپ، «كىچىك بېگىم كەتتى، خۇي- پەيلى باشقىچە، ئەلۋەتتە ئېھتىيات قىلغايلا- ۋەسسالام» دەپ خەۋەر قىلدى. چوڭ بېك خەتنى كۆرۈپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇرۇنمۇ كىچىك بېكتىن ئەندىشە بار ئىدى. بۇ ئەنسىسى يېڭىدىن تېخىمۇ كۆپىيىپ، ياساۋۇلنى ئالدىغا چىقاردى. ئۇلارنى «ھەق قۇلى بېكنى ئۇچرىغان يەردە ھالاكەتكە يەتكۈزۈپ، مال- ئەشيالىرىنى ئۆزەڭلەر ئېلىڭلار» دەپ ئانت- قەسەم ئىچكۈزۈپ ماڭدۇردى. بۇلارمۇ لوڭكۇ دىگەن جايدا ھەق قۇلى بېك بىلەن ئۇچرۇشۇپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، بىر- بىرى بىلەن ئوبدان كۆرۈشۈپ، بىر پىيالىدىن چاي ئىچىشىپ يەنە ئاتقا مىنىپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئۆز- ئارا بايان قىلىشىپ، بىخەۋەر كىتىپ بارغان چاغدا، قەمبەر مەھرەم دىگەن ئۇشتۇمتۇت ئوق چىقىرىپتۇ. ئوق ئەگىپ كېتىپتۇ. ھەق قۇلى بېك بۇ نىمە پوق يىگىنىڭ دەپ، قىلىچىنى غىلاپىدىن تارتىپ ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىشىگە ، يەنە بىر مەھرەم ئوق ئېتىپتۇ. ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ- دە ، ئۇلارنىڭ مال- ئەشيالىرىنى تاشلاپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن بىر نەچچە كاشغەرلىك خەۋەر تېپىپ، بىر جىلغا ئىچىگە دەپنە قىلىپ، بىر نىشان قاداپ قويۇپتۇ. بۇ جاي ھېلىمۇ « ھەق قۇلى بېك جىلغىسى» دىگەن نام بىلەن مەشھۇر. بۇ ۋەقە تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆتىنچى يىلى جامادىلئەۋۋەلنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى يەنى مىزان پەسلى (مىلادى 1877- يىلى 6- ئاينىڭ 4- كۈنى – ت) بولغا ئىدى.

سۆزلىنىڭ ھاسىلى شۇكى، جانابى ھېكىم خان تۆرەم ئاقسۇ دارسەلتەنەتىدىن ئورۇن ئېلىپ خانلىق تەختىگە چىقتى. بۇ چاغدا قىپچاق- قىرغىزلار غەزنىنى بۇلاپ كەتتى. بۇ تالان- تاراجنى «خان تالانى» دەپ ئاتايدىغان بولدى. بۇنداق پاراكەندە كۈنلەرنىڭ ئىچىدە نىياز ھاكىم بېك، يىگىت، مەھرەم ۋە مۇلازىملىرىنى ئېلىپ خوتەنگە قاراپ قاچتى. ھېكىم خان تۆرەم بۇرۇنقى دەستۇر بويىچە ئابدىراخمان دادخۇانى مۇبارەك يارلىق بىلەن ئاقسۇغا ئالاھىدە ھاكىم قىلدى. كۇچاردىن ئالىمخان تۆرەمنى ئېلىپ كېلىپ، مۇھەممەت رەھىم باقى پانسەتكە ياردەمچى قىلدى. باي ، سايرامنى بولسا مۇسامىس بېگكە ئىنئام قىلدى. مۇھەممەت مۇسا توخسابى بىلەن ئاتاباي پانسەتنى ھەدەيچى قىلىپ، ئالتۇن يارلىق بىلەن مېھرىبانلىق قىلدى. بەچچە باتۇر پانسەتنى ھەممە لەشكەر ئۈستىگە ئەمرى لەشكەر قىلدى. كېرىم باي

دادخۇا، موللا ئالىم قۇلىنىڭ ئوغلى شىر مۇھەممەت مىرزىلارنىمۇ ئەمرى لەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى. پانسەتلەرنى دەپتەرگە ئېلىپ، تىزىمنى ئۇلارغا تاپشۇردى. كېپەك لاۋۇر، مۇھەممەت رېهىم پالۋان، مۇھەممەت ئەپەندىلەرنى سەربازلارغا ئەمرى لەشكەر قىلىپ، بارلىق توپ، زەمبىرەك، دۇھۇل، دۇمباق، قورال ـ ياراق ۋە بايراقلارنى بۇلارغا تاپشۇردى. قوشۇنلارنى جەمئىي سەككىز ئەمرى لەشكەرگە تەقسىم قىلىپ، ئۈچ مىڭ يىگىتنى بىر پانسەتكە قوشۇپ، يەتكۈدەك قورال ـ ياراق، ئات ـ ئارغىماقلارنى بېرىپ،ئۇلارنى نۇرانە يارلىق ۋە شاھانە ئىلتىپاتلار بىلەن مەمنۇن ۋە خاتىرجەم قىلدى.

بۇ كۈنلەردە كاشغەردىن قۇلى بېك، جامدار دادخۇا، ئۆمەر قۇل ئەمرى لەشكەر، ئالاش بىي دادخۇالار باشلىق سانسىز قوشۇنلار ئاقسۇ قەستىدە يولغا چىقتى دېگەن دەھشەتلىك خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. ھېكىم خان تۆرەمۇ بەچچە باتۇر لەشكەر بېشىنى باش قىلىپ، قالغان ئەمرى لەشكەر ۋە ئەمرائىلارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى قىل قۇيرۇق قىلىپ، يىگىرمە بەش مىڭ يىگىت، سەرباز بىلەن ئاتلىنىپ، مەنزىلمۇ ـ مەنزىل يۈرۈپ، ئاقسۇدىن تۆت مەنزىل يىراقتىكى يايدى دېگەن جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. بېك بەچچەنىڭ چاپاۋۇل ئالاس بىي دادخۇا دېگەن بولسا چۆلقۇدۇق دېگەن يەرگە ئورۇنلاشقان ئىكەن. جانابى تۆرەمنىڭ پەرمانى بىلەن مۇھەممەت سەيد پانسەت، ھاپىز بېك پانسەتلەرمۇ چاپاۋۇل بولۇپ، بۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ جەڭگە كىرىشتى. ئالاش بىي دادخۇانى يىگىتلىرى بىلەن قوشۇپ ئارقىغا ياندۇردى. بىر نەچچە يىگىتنى ئولجا ـ ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، جانابى تۆرەمگە دۇئا قىلدى. كاشغەرلىك ئاخۇن پانسەت ئۆز يىگىتلىرى بىلەن تۆرەم تەرىپىگە قېچىپ ئۆتۈپ دۇئا قىلدى ۋە ھەممىگە مۇبارەكبادلىق ۋە خۇرسەنلىك ئېلىپ كەلدى. ئۇ كۈنى ئارام ئېلىپ، ئەتىسى ئىككى تەرەپنىڭ خۇددى دەريادەك ئاققان ۋە مۇكەممەل قوراللانغان قانخور قوشۇنلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشى سەپ تارتىپ جەڭگە كىرىشتى. ئۆلتۈرۈش قىرىش ئوتلىرىنىڭ شولىسى جۇش ئۇرۇپ ئۆرلەپ، ھەر ئىككى تەرەپمۇ زىيانغا ئۇچراشقا باشلىدى. تۆرەمنىڭ باتۇرلىرى بېك بەچچەنىڭ يىگىتلىرىنى ئارقىغا ياندۇرۇپ، ئىگەلەپ تۇرغان بىر ھالەتتە، ئاتابايى ھۆدەچى سەپنى بۇزۇپ، يىگىتلىرىنى ئېلىپ، تۆرەمدىن يۈز ئۆرۈپ بېك بەچچە تەرەپكە قېچىپ كەتتى. نەتىجىدە بېك بەچچە تەرەپكە قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. تۆرەم تەرەپ زەئىپلەشتى. مۇشۇنداق ھالەتتە تۆرەمنىڭ مۇقەررەپلىرىدىن ھۆسەيىن مەھرەم بېشىغا ئوق تېگىپ جان ئۈزدى. تۆرەم ئارقىغا ياندى. ئەمرى لەشكەر كېرەم قۇل داخۇا، كېرىم باي مىرزا، ئەلى بېك پانسەتلەرمۇ

ئارقىغا ياندى. مۇھەممەت مۇسا توقسابى، مۇھەممەت رېھىم پەھلىۋان، كېپەك لاۋۇرلار بىرمىڭ بەش يۈز يىگىت، سەرۋازلىرى بىلەن كەلپىننى ئارىلاپ، قاقشال ئىچى بىلەن ئەنجانغا راۋان بولدى.

ئىككى تەرەپ ئالتە سائەت ئۇرۇش قىلغان ئىدى. ئىككى تەرەپتىن بىر مىڭ بەش يۈز يىگىت، سەرباز زىيان بولۇپتۇ. ئاتابايى ھۆدەيچى بېك بەچچە تەرەپكە ئۆتۈپ دۇئا قىلىپ تۇرۇپ، «يايىدىدا بىر مۇنچە غەزنە بار ئىدى، زايا بۇلارمىكىن» دىگەندە، بېك بەچچە «ئانداق بولسا سىز ئىلگىرى بېرىپ غەزنىلەرنى ئېلىشقا ھازىرلىق قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ پەرمان قىلدى. ئۇ تېزلىك بىلەن بېرىپ، غەزنىلەرنى ئېلىۋاتقان چاغدا جانابى تۆرە يېتىپ كەلدى. ئاتابايى قاچقان بولسىمۇ، ئۇنى تۇتتۇرۇپ كېلىپ، يالىڭاچ قىلىپ باغلاپ «سەن مەندىن نىمە يامانلىق كۆردۈڭ؟ مەن سىنى ھۆدەيچى قىلىپ ئىلتىپات قىلدىم. سەن بولساڭ ماڭا تۈزكورلۇق قىلدىڭ» دەپ يامان بىر سەركەش يامان ئات تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرۈتۈپ قويۇپ بەردى. ئۇ پارچە ـ پارچە بولۇپ يوقالدى. غەزنىنى تالاشقا بۇيرۇق قىلدى. ھەممىسىلا تالاپ كەتتى.

نەزىم:

نالە قىلما غەيرىدىن ئۆزەڭ ئىشىدىن بول مەلۇم

كى زەرەرنى تارىپ ئېرىدىك ھەم زەرەر تاپتىڭ ھوسۇل

نەزىم:

شەمسى پەرۋانەنى كۆيدۈردى،

ھەم كۆيگۈسى ئۆز ئاياغى بىلەن.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، جانابى ھېكىم خان تۆرەم ئايكۆلگە كېلىپ،ئاندىن ئارالغا بېرىپ، بۇ جاينى ئارىلاپ

ئۆچتۇرپانا ئۆتتى. ئاندىن بەدەل داۋاننى ئېشىپ ئىسسىقكۆلگە بېرىپ، ۋە بۇ جايدىمۇ تۇرالماي، فەرغانە ۋىلايىتىدىكى ئەسكە دىگەن جايدىكى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. تۆرەم ۋە مۇھەممەت مۇسا توقسابىيلەر بىلەن بىللە ئون مىڭغا يېقىن يىگىت، سەربازلار چىقىپ كەتتى. بەچچە باتۇر باشلىق بىرمۇنچە يىگىت توختاپ قېلىپ، بەڭ بەچچىنى دۇئا قىلىپ ئىلتىپاتقا يەتتى. بىك بەچچىگە ئىشەنچىسى يوق بىر نەچچە ئەمەلدار-مەنسەپدار ۋە يىگىت، سەربازلار خوتەن قاتارلىق تەرەپ-تەرەپتىكى جايلارغا قېچىپ سەرگەردان بولدى. چۈنكى، جانابى ئاتالىق غازى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئىسلام روۋناقى بىلەن راۋاجىمۇ كەتكەن ئىدى. جانابى ئالى ئاتالىقنىڭ ئىسمى لەقەملىرى «بەدۆلەت» ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن لايىق لەقەم ئىكەن. ئىلاھا مۇسۇلمانلارنىڭ دىل كۆڭۈللىرىدىن ئىسلامى شېرىپ نۇرى ۋە مۇھەببىتىنى يىراق ۋە يوق قىلمىغايسەن ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلار جامائىتى بىلەن بىللە قويغايسەن، ئىلاھىم قىيامەتتە بىزنى مۇسۇلمانلار ۋە مىسكىنلەر (يوقسۇللار قاتارىدا) ھەشر قىلغىن (قىيامەتكە يىققىن - ت) نەبى ۋە مۇرەل پەيغەمبەرلەرنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئامىن !

## 15

## جانابى بىك قۇلى ئىبنى مۇھەممەت ياقۇپ بىك ئاتالىقنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىغى ۋە ئاقسۇ، خوتەننى ئىلكىگە ئېلىشى ھەم دۆلىتىنىڭ تامامەن يوق بولۇشى ۋە بۇ جەريانىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ھادىسە-ئەھۋاللارنىڭ بايانى

ئەزىز تەمكىنلىك يارەنلەر، لەۋزى لەززەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ ياخشى-يامانىنى ئايرىيدىغان كۆڭۈللىرىگە روشەن ۋە ئۇچۇق بولغايكى، بۇنداق بىر خىل ئەقلى ھىكايە ۋە قىسسەئى ئەپسانىلەرگە قارىغاندا، جانابى ئاتالىق غازىنىڭ جەسسەدىنى بىك قۇل بېكنىڭ بۇرادەر ئىنىسى ھەق قۇلى بىگىم ئېلىپ كاشغەرگە ماڭغان ئىدى. بىر نەچچە پىتنە-

پاساتچى يامان غەرەز ئادەمنىڭ ئۇستىلىق بىلەن پىلانلىشى، بەلكى ئۇ قادىرى مۇختار ئاللانىڭ ئىرادە تەقدىرى بىلەن، ئۇ ئەڭ ئاۋال ئۆزىنىڭ بىگۇناھ ۋە ئەيىپسىز بۇرادەر ئىنىسى بىلەن ناھەم قان ئارقىلىق ۋىدالىشىپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھاقارەت ۋە نەپرەتكە نىشانە بولدى. ئاندىن كېيىن جانابى سەيىد ھېكىم خان تۆرەم بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇنى يوق قىلىشنى قەتئىي نىيەت قىلدى ۋە ئەمرى لەشكەر ئۆمەر قۇل دادخۇا، جامدار دادخۇا، ئالاش بىي دادخۇالار باشلىق ئون بەش مىڭدىن ئارتۇق سانلىق قوشۇن بىلەن تارىخ چىچى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆتىنچى يىلى ماھى جامادىلئاخىرنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى (مىلادى 1877 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ـ ت) ناھايىتى داغدۇغىلارنى قىلىپ، ئاتلىق يۈرۈپ چۆلقۇدۇق ۋە يايدى قاتارلىق جايلاردا تۆرەم بىلەن ئۇرۇشتى. مۇھەممەت قاۋۇل ياساۋۇلبېشى ۋە پىسەر پانسەتلەر ئوقتا ئۆلتى. جامدار دادخۇانىڭ بەشماداق قولىنى ئوق ئۇچۇرۇپ زەخمدار قىلىپ، كاردىن چىقاردى. ئۇ مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت غەلبە چىرايىنى كۆرستىپ، ھېكىم خان جانابى بېك بەچچەئەركانى دۆلەتلىرى بىلەن مەنزىلمۇ ـ مەنزىل يۈرۈپ ئاقسۇدا رۇس سەلتەنەتىگە ئۆرۈنلىشىپ، ئاتا ـ مىراسى تەختىگاھىغا چىقتى. نەتىجىدە ئاقسۇ، كۇچار، ئۇچتۇرپانغىچە بولغان جايلارنى بېك بەچچەنىڭ ئىرادىسىگە ئۆتتى.

ئۇ ئىلگىرى تۆرەمگە قارايدىغان چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر، پانسەتلەرگە جازا قويۇپ ئەيىپلەپ، بەزىلىرىنى نەزەربەت قىلدى. بەزىلىرىنى كاشغەر، ياركەنتكە ھەيدىدى. ئۇ ئاقسۇدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئابدۇلرەخمان دادخۇائىنى ئاقسۇغا ئالاھىدە ھاكىم قىلدى. مۇھەممەت رېھىم خان تۆرەمنى كۇچاردىكى ئورنىدىن ئېلىپ ئامىل خان تۆرەمگە ياردەمچى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇچتۇرپاندىكى مۇھەممەت بابا توقسابىينى بىكار قىلىپ، كۇچارغا ئاپىرىپ نەزەربەنت قىلغان ئىدى. كېيىن يەنە ئۇنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۆز يۇرتىنى مەرھەمەت قىلدى.

لېكىن، ئامىل خان تۆرەم كۇچارغا بارغاندىن كېيىن خاتىرجەم يېتىپ بىپارۋالىق قىلدى. ئۇ دەسلەپتە كۇچارلىق قادىر بېك پانسەت، شەھرىيارلىق مەمۇر پانسەت، ئالاش دادخۇانىڭ ئىنىسى يولداش بىي پانسەت باشلىق بەش پانسەتنى يۈگۈرگە قاراۋۇلچى قىلىپ قويغان ئىدى. بۇ پانسەتلەر زامانىنىڭ ئىش ئەھۋاللىرىغا قاراپ، نىيەتلىرىنى بۇزۇپ، ھەممىسى بىللە ئولتۇرۇپ كېڭەش ـ مەسلىھەت قىلىپ، يامان نىيەت بىلەن «كۇچارنى ئەڭ دەسلەپتە بىز بۇزۇپ، ختايلارنى ئۆلتۈرۈپ، يۇرتلارغا ئىگە بولغان ئىدۇق. ھازىر ختايلار يەنە چىقىپ تۇرپانغا كىردى. بۈگۈن ياكى ئەتە كۇچارغا كېلىش ئېھتىمالى بار. خاقانى چىننىڭ زور ۋە كاتتا دۈشمىنى داخۇ، شوخۇ دىگەنلەر ئىكەن. بىز كۇچارنى

ئەنجانلىقتىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئۆزىمىز باشقۇرساق ۋە داخۇ، شوخۇلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ختايلارغا تارتۇق- سوغا قىلساق، بۇ بانا بىلەن خاقانى چىنى بىزنىڭ بۇرۇنقى گۇنالىرىمىزغا ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ، كەچۈرۈم قىلسا ئەجەپ ئەمەس» دېيىشىپ، بىر كېچىدە بۇگۇردىن قوزغىلىپ، كۇچارغا قاراپ يولغا چىقتى. كۇچارغا بىر مەنزىل كېلىدىغان ياقا توقۇناي دىگەن ئۆتەڭگە كېلىپ، تاغ ئېرىغى كەنتلىرىدىن ئىككى مىڭ توپىلاڭچىنى توپلاپ، ئاندىن يۈرۈپ كېچىلەپ كۇچارغا كېلىپ، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىنى قورشىدى. بۇ ۋەقەنى ئامىل خان تۆرەمگە مەلۇم قىلسا، ئۇ «قادىر پانسەتنىڭ هەددى بارمۇ، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلما» دەپ، پەرۋا قىلامي، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. كۇچاردا توپ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان بىر مىڭ تۇڭگانى ۋ سەرۋازلار بار ئىدى. قادىر پانسەت مەخپى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭغىچە تاڭ ئاتتى. تۆرەمۇ ئۇيقىدىن كۆزىنى ئېچىپ قاراپ باقسا، ئىش ئەكسىچە بولۇپتۇ. ئۇ هەيران بولۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى. ئىككى تەرەپمۇ ئوق چىقىرىپ ئۇرۇشقا كىرىشتى. تۆرەمنىڭ ئادەملىرىدىن ئابدۇللا بېك باشلىق بىر يۈز سەكسەنچە ئادەم نابۇت بولدى. تۆرەم باراۋەرلىك قىلالماي، ئۆزىنى ئاقسۇغا ئالدى. قادىر پانسەت كۇچارنى ئىگەللىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتمەيلا تۇڭگان داخۇ، شوخۇلارنىڭ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىللە كورلىدىن قوزغىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. قادىر پانسەت ئاڭلاش بىلانلا بەش مىڭ ئادەم تەييارلاپ، قاراياغاچ، ئۈچ قارا دىگەن جايغا چىقىپ، ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشتى. ئۈچ يۈزچە ئادەم زىيان بولدى. تۇڭگانلار غەلبە قىلدى. كۇچار لەشكەرلىرى باراۋەرلىك قىلالماي، قالايمىقان بولۇپ قاچتى. قادىر پانسەتمۇ ئۆز جېنىنى جايلاپ يۇشۇرۇندى. تۇڭگانلار كۇچارنى بېسىۋالدى. ئۇ قادىر مۇختار ئاللانىڭ قۇدرەت كۈچىنى شۇنىڭدىن كۆرۈش كېرەككى، كۇچار بىر ئاي ئىچىدە ئامىل خان تۆرەمدىن قادىر پانسەتكە ئۆتتى ۋە قادىر پانسەتتىن تۇڭگانلار ئالدى هەم تۇڭگانلارنىڭ قولىدىن ختايلارغا ئۆتتى.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بۇ دۇنيا بىر قېرى مومايدۇر. ئەمما ئۇ ئۆزىنى گۈزەل جۇۋاندەك ساھىپ جامال كۆرسىتىپ، هەر كۈنى كېچىدە دىلىنى بىر ئەرنىڭ مېھرى- مۇھەببىتىگە بېغىشلاپ ئۇلپەت بۇلالايدۇ. شۇنداقلا بۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ سائادەت- سەلتەنەت شادىيانلىرىنى هەر زامان باشقا بىر يەردە ئۇرىدۇ. سەلتەنەت خۇتپىسىنى بولسا هەر جۈمە كۈنى بىر ئادەمنىڭ ئىسمى-ناملىرىغا ئوقۇيدۇ. بۇ دەھرى ئالەم ۋە بىنىزام دۇناي ئۆزىنىڭ بەش كۈنلۈك نۆۋىتىنى هەر بىر ئېھتىرام ئىگىلىرىگە ئەنە شۇنداق كۆرسىتىپ كەلگەن.

ئەلقىسسە، نىياز ھاكىم بېك ئاقسۇدىن قاشقىنچە خوتەنگە بېرىپ، قارىشلىق ۋە دۈشمەنلىق نەغمىسىگە كۆچەپ سادا بېرىپ، ئۇنىڭغا «مەندىن باشقا غەيرى يوق» دىگەن سەككە (پېچەت – ت) چاپلىدى. بېك بەچچە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كاشغەرنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجان قىلىپ تەييارلاندى. ئەمرى لەشكەر ئۆمەر قۇلى دادخۋا، مىرزا ئەھمەت قۇش بېگى، جامدار دادخۋا، ئالاش بىي دادخۋا، ئەمرى لەشكەر تۇڭگان مادالويە ۋە شىر مۇھەممەت پانسەت، ئاخۇن پانسەت، ئەبۇلقاسىم پانسەتلەر ۋە توپ، زەمبىرەك، دۇھۇل، دۇمباق، ئەلەم، بايراق، قورال ـ ياراق، ئات ـ ئارغىماق قاتارلىقلار بىلەن مۇكەممەل قوراللانغان تەڭداشسىز يىگىرمە تۆت مىڭ ئەسكەر بىلەن ئاتلىنىپ، زىل ـ زىلە ۋە ھەشەمەت بىلەن مەنزىلمۇ ـ مەنزىل يۈرۈپ، جانابى ئاتالىق بەدۆلەتنىڭ تەرتىپ ۋە سۆلەت، قائىدە ـ قانۇن ھەم سەلتەنەتلىرىگە ئوخشاش داغ ـ دۇغا بىلەن ياركەنتكە قەدەم قويدى ھەم ياركەنتتىن شاغاۋۇل دادخۋانى بىر مىڭ يىگىتى بىلەن ھەمرا قىلىپ، خوتەن تەۋەسىدىكى زاۋا دىگەن شەھەرگە چۈشتى. بۇنىڭدىن نىياز ھاكىم بېكمۇ خەۋەردار بولۇپ، ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن لەشكەر بىلەن ئۆز ئوغلىنى باش قىلىپ، ئون مىڭ يىگىت ، سەرۋاز ۋە جېنىدىن كەچكەن يىگىرمە مىڭ توپىلاڭچى بولۇپ، جەمئىي ئوتتۇز مىڭ ئادەم بىلەن بېك بەچچەنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ھەر ئىككى تەرەپمۇ سەپ تۈزۈپ جەڭگە كىرىشتى. خوتەن ئادەملىرىنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن پاراكەندە چۇماقچىلار ئۆلۈپ كەتتى. ئاقىۋەت بېك بەچچەنىڭ يىگىتلىرى غەلبە قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن بېك پاراكەندە ئادەملىرى بىلەن پېتراپ قاچتى. نىياز ھاكىم بېكمۇ تەييار تۇرۇپتۇ. ئوردا ئىچىدىكى غەزنىلەرنى بولسا يىگىت سەرۋاز ۋە توپىلاڭچىلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا ھۆكۈم قىلدى. بېك بەچچە زەپەرگە ئىگە بولۇپ، نىياز ھاكىم بېكنىڭ قاچقانلىغىنى ئاڭلاپ، ئەبۇلقاسىم پانسەت، مىرزا ئەلى پانسەتلەرگە سەككىز يۈز ئىلغار يىگىتنى قوشۇپ، نىياز بېكنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن پەرمان قىلىپ، زاۋا دىگەن جايدىن يولغا سالى. غەلبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇ مىرزا ئەھمەت قۇشبېگى، ئۆمەر قۇل دادخۋا، جامدار دادخۋا، شاغاۋۇل دادخۋا باشلىق كاتتىلار بىلەن ئادەتتىكىدەك مەسلىھەت قىلىپ، «خوتەننى ئالدۇق، ئەمدى خىتايلار بىلەن غازات قىلساق، ئۇدۇل كەنت يوللىرى ئارقىلىق ئاقسۇغا چىقىپ ئۇرۇشقا بارىمىزمۇ، ياكى ئالدى بىلەن كاشغەرگە بېرىپ ئاندىن ئۇرۇشقا بارىمىزمۇ، قانداق مەسلىھەت دەيسىزلەر» دىگەن گەپنى ئوتتۇرغا تاشلىدى. ھەممىسلا باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، پىكىر ـ تەپەككۇر قىلالماي تۇرغان بىر پەيتتە، شاغاۋۇل دادخۋا سۆز ئېچىپ «خاقانى ئىقلىمى بولسا ھەممىدىن چوڭ ۋە كاتتادۇر. دادىلىرىمۇ بۇنى بىلىپ ئۇرۇشمىغان. بىر نەچچە ياخشى باتۇرلار

يايدى جېڭدىن يانغاندىن كېيىن يۇرتىغا چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە باتۇرلار بولسا ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى ياخشى مەسلىھەت شۇكى، خاقانى چىنى بىلەن ئۇرۇشمىز دىمىسەك، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىغا زامىن بولمىساق، قەشقەردىن ئايىملارنى ئېلىپ كەلسە، ياركەنت بىلەن چىقىپ، خەلىپەئى رۇمنىڭ خىزمىتىگە بارساق ياكى ھەرەم شېرىپنىڭ زىيارىتىگە كەتسەك» دەپ مەلۇم قىلدى. بېك بەچچە باشقىلارغا قاراپ « سىزلەر نىمە دەيسىزلار» دىگەندە، ئۇلارمۇ « دادخوا تاغامنىڭ مەسلىھتى ياخشى، ياخشى مەسلىھەتتۇر. بۇ بىزگىمۇ ماقۇل» دىيىشتى. بېك بەچچىمۇ ماقۇل بولۇپ، «ئانداق بولسا بىزلەر خوتەندىن يانغىچە ئايىملارنى ياركەنتكە ئېلىپ كەلسۇن» دەپ ئۇشۇر مۇھەممەت سەركانى ئايىملارغا ماڭدۇردى ۋە ئۆزى خوتەن شەھرىگە چۈشۈپ، خوتەننى كۆچارلىق سەئىد بېككە مەرھەمەت قىلىپ، بۇ مەملىكەتنىڭ بارلىق مەمۇرى ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ، خوتەننىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ماھى شەۋۋالىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى (مىلادى 10- ئاينىڭ 26- كۈنى – ت) ياركەنتكە قايتىپ كەلدى.

كەشقەردىن ئايىملارنى ئېلىپ چىققان ھامان، كاشغەردىكى ئەمرى لەشكەر خۇدالويە ئەمرى ئىتائەت رىشتىسىنى ئۈزۈپ، قارىشلىق ۋە دۈشمەنلىك قىلىشقا تەييارلاندى. نىياز ھاكىم بېكنىڭ كەيندىن ماڭدۇرغان ئەبۇلقاسىم پانسەت نىياز ھاكىم بېكنىڭ كەيندىن قوغلاپ ئون ئالتە كۈنلۈك يولنى تۆت كېچە- كۈندۈزدە مېڭىپ، نىيە دىگەن شەھەردە قوغلاپ يەتتى. نىياز بېكنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن ئەمرى لەشكەر يىگىتلىرى بىلەن توختاپ تۇرۇپ جەڭگە كىرىشتى. ئىككى تەرەپتىن ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم زىيان بولۇپتۇ. مىرزا ئەلى پانسەتكە ئوق تېگىپ شاھادەت شەرۋىتىنى ئىچتى. تۆت كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە مېڭىپ بارغاچ، كۆپ يىگىتنىڭ ئاتلىرى قۇملۇقتا ھېرىپ توختاپ قالغان ئىدى. ئاخىرى ئۇ پانسەتلەر كەينىگە ياندى. نىياز بېك خىتايلار تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئەبۇلقاسىم پانسەتلەر خوتەنگە يېنىپ كەلسە، سەئىد ھاكىم بېك نىيىتىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى تۇتۇشنى قەستلىدى. ئاقىۋەت مەزكۇر پانسەتلەر يىگىتلىرىنى جەملەپ توپ بولۇپ، ئامان- ئېسەن ياركەنتكە كېلىپ، بېك بەچچىگە دۇئا قىلدى. بېك بەچچە كىشى ئەۋەتىپ، سەئىد بېكنى ئەيىپلەپ گۇناكار قىلىپ، خوتەندىكى خىزمىتىدىن بىكار قىلدى. باي ھاكىمى مۇھەممەت ئىمىن توقسابىينى قارىقاشقا ھاكىم قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا خوتەننى مەرھەمەت قىلدى.

ئەلقىسسە، جانابى بېك بەچچە ئاقسۇدىكى بارلىق ئەمرى لەشكەرلەرگە بەچچە باتۇر ئەمرى لەشكەرنى چوڭ قىلىپ تاپشۇرغان ئىدى ۋە ھاجى ئارتۇق مىرزا بېشىنى بارلىق سەرۋازلارغا ئەمرى لەشكەر قىلىپ، توپ، زەمبىرەك،

دۇھۇل، دۇمباق ۋە قورال ـ ياراقلارنى تاپشۇردى. بەش ملك يىگىت، سەرۋاز ئاقسۇدا تۇراتتى. بۇ چاغدا كۇچاردىكى قادىر پانسەت ئەمرى ئىتائەتتىن چىقىپ، كۇچارنى ئىگەللەپ ئولتۇرغان ۋە ئامىل خان تۆرەم ئاقسۇغا قېچىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭلاشقا تۆرەم بۇ كۈنلەردە ئۈچتۇرپان ھاكىمى مۇھەممەت بابا توقسابىينى ئاقسۇغا ئەكلىپ، قادىر پانسەتنى تۇتۇپ، كۇچارنى قايتۇرۋېلىشنىڭ تەرەددۇت ۋە مەسلىھىتىدە بولۇپ، ھىسامىدىن پانسەتنى باش قىلىپ، ئۇنى يەنە تۆت پانسەت بىلەن قارا يۇلغۇنغا ئەۋەتتى. بۇلار تېجەك يولى بىلەن كۇچارغا كىرمەكچى بولدى. يەنە بەش پانسەتنى باش قىلىپ ياقئېرىققا ماڭدۇردى. بۇلار چوڭ يول بىلەن كۇچارغا كىرىپ، قادىر پانسەتنى تۇتۇپ، كۇچارنى قولغا كىرگۈزمەكچى ئىدى. دەل مۇشۇنداق مەسلىھەت بولىۋاتقان مەزگىلدە، ختايلار كۇچارغا كىرىپتۇ. تۇڭگانلار سايرامغا قېچىپ كەپتۇ دىگەن خەۋەر كەلدى. كۇچاردىكى مۇساپىر پانسەتلەر تۇڭگانلاردىن بۇرۇن ياقئېرىققا كېلىپ، ياقئېرىقتىكى پانسەتلەر بىلەن بىرلە تۇرۇپ ختايلار بىلەن ئۇرۇشتى. ختايلار غەلبە قىلىپ چوڭ يولغا كىردى. پانسەتلەر قىزىلبۇلاق يولى بىلەن قېچىپ، ئاقسۇغا كېلىپ مۇھەممەت بابا تۇلسابىي ئەمرى لەشكەر قاتارلىقلارغا خەۋەر قىلدى. ھەممىسلا ھەيران بولۇپ،ئاقسۇدىكى ئابدۇلراخمان دادخۇادىن گۇمان قىلىپ، ئۇنى نەزەربەنت قىلدى. ياساۋۇل بېشىغىمۇ گۇنا قويۇپ تۇتۇپ، كاشغەرگە ماڭدۇردى. ئاقىۋەت ئۇلار ھەر خىل مەسلىھەتلەرنى قىلىشىپ، باش ـ ئاياقلىرىنى تاپالماي، ھەيران ۋە ساراسىمگە چۈشۈپ، ناماز خۇپتەن بىلەن مۇقىم جان ئىش بېشىنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلدى. كېچىچە ئابدۇلراخمان دادخۇانىڭ غەزنىلىرىنى خەتلىدى. لېكىن تاڭ ئاتقاندا ئۇلارنىڭ يىگىتلىرى پاراكەندە بولدى. ئەمرى لەكشەر ۋە پانسەتلەر تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشمىز دەپ يولغا چىقتى. ئەمما تۇڭگانلار قېچىپ كېلىۋاتىدۇ، كەينىدىن ختايلار دۇم ـ دۇم قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ دىگەن خەۋەرلەر كەينى ـ كەينىدىن كەلگىلى تۇردى. ئەمرى لەشكەرلەر يولغا چىقىپ قويۇپ، تۇڭگانلارغا تاقابىل تۇرالماي ۋە شەھەرگىمۇ قايتىپ كىرەلمەي، ئىلاجىسىز كاشغەرگە راۋان بولدى. بۇنىڭغىچە ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاشتى. تۇڭگانلار گوياكى چېكەتكىدەك كېلىپ، شەھەرگىمۇ كىرمەي، ئۈچتۇرپان تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، ئوتتۇرا يول مىقدارى بىر جايغا چۈشتى. شۇ كېچىسى تۇڭگانلار گورۇھى تامامەن ئۆتۈپ بولدى. كېچە قاراڭغۇسى كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ، شەرقىي تەرەپتىن خۇددى يالغان تاڭدەك نۇسرەت ئەسەرلىك قارا چېرىكلەر نامايەن بولدى. بۇ تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆتىنچى يىلى، يەنى ئات يىلى ماھى شەۋۋالنىڭ ئون يەتتىسى چارشەنبە كۈنى ئۇقرەپ پەسلى (مىلادى 1877ـ يىلى

10-ئاينىڭ 25- كۈنى- ت) ئىدى. فەغفۇرچىننىڭ قارا چېرىكلىرى مىنگەن قارا ئاتلىرىنىڭ قارا تۇياقلىرى ئاقسۇ زېمىنىغا بېسىپ كىردى.

ئەلقىسە، مەزكۇر ئەمىرى لەشكەر ۋە يىگىتلەرمۇ ئاقسۇ ۋە كۇچاردىن ئۇمىدىنى ئۈزۈپ، ئۇ ئاللا مالىكۇلمۇلۇك ئەلمەنانىنىڭ ئەمىرى- پەرمانلىرىغا بوي سۇنۇپ، بەزىلىرى ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئىسسىقكۆل تەرەپكە كەتتى. بەزىلىرى كاشغەر ، ياركەنتكە باردى. بىك بەچچەمۇ ھادىسىلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، ياركەنتتىكى يىگىتلەر ئىچىدە مالىمان پەيدا بولۇپ، بەزلىرى كاشغەرگە، بەزىلىرى يېڭى ھىسارغا قاچتى. بىك بەچچىنىڭ غەزەپ ئوتلىرى ئۆرلەپ، يېڭى ھىسارغا كەلدى. قاچقانلارنىڭ ئىچىدىن ئاخۇن پانسەتنى چاپتى. نەچچە مەھرەم، يىگىتنى دارغا ئاستى. بەزىلىرىنى نەزەربەنت قىلدى. مۇشۇ يول بىلەن قاتتىق تۇتقانلىقتىن، يىگىتلەر يەنە يىغىلدى. ئۇ كاشغەردىكى يېڭى مۇسۇلمان خۇدالويەنى بىر تەرەپ قىلىپ ئادىن خىتايلار بىلەن غازات قىلسام دىگەن مەسلىھەت بويىچە، تۇركور خۇدالويە ئۇستىگە تاشلاندى. بۇ چاغدا ئۇنى ئالاش دادخۇا مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان ئىدى. بىك بەچچە باشلىق ھەممە ئەمىرى لەشكەر ۋە يىگىت ئەسكەرلەر جەڭگە جان- تېنى بىلەن كىرىشتى. چۈنكى ، بارلىق غەزنە ۋە چوڭ- كىچىك ئەمىرى لەشكەر، ئەمرائى پانسەتلەرنىڭ خوتۇن- بالىلىرى، ئۆي تەئۇللۇقات ئەسۋاپلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى شەھەردە ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە خودالويە بىلەن خىتايلار ئىگە بولغان ئىدى.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، ئۇلار ياغاچ ۋە شوتىلاردىن پوتەي- ئىستىھكام قۇرۇپ، كۈچىنىڭ يېتىشى ۋە تاقىتىنىڭ بېرىچە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ باقتى. شۇنداق قىلىپ، يىگىرمە سەككىز كۈن ئۆتتى. شەھەرنى ئالالمىدى. زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى (مىلادى 12- ئاينىڭ 15- كۈنى - ت) شەھەر سېپىل پوتەيلىرىنىڭ تېگىگە لەخمە كولاپ، تېگىگە دورا قويۇپ تەييارلاپ، ئەتىسى ئوت تۇتاشتۇرۇپ شەھەرنى ئالىمىز دىگەن چاغدا، شۇ ئەتىسى خىتاي چېرىكلىرى يېتىپ كەلدى. سېپىلغا ۋە باشقا ئىشلارغا قاراشقا ئەسلا پۇرسەت ۋە ئارام بولمىدى. ئۇلار ئىلاجىسىز ئەنجان يولىغا قاراپ راۋان بولدى. مىرزا ئەھمەت قۇشبېگى بىر مىڭدىن كۆپرەك يىگىت بىلەن قۇم دەرۋازىدا تۇرۇپ، يىگىتلەر ۋە مۇساپىر سودىگەر بايلارنى ئامان- ئېسەن شەھەردىن چىقىرىپ، كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى. خىتاي چېرىكلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، مىرزا ئەھمەت قۇشبېگى يىگىتلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، ئۆزىنى فەرغانە ۋىلايىتى تەرەپكە ئالدى. خىتايلار ئاتا- بوۋا ئەجداتلىرىدىن بشلاپ ئىگەللەپ كەلگەن مىراسىغا يەنە ئىككىنچى قېتىم ئىگە

بولدى. دىمەك جانابى ئاتالىق غازىدەك ئۇلۇغ ۋە شەۋكەتلىك پادىشاھى ئەزەمنىڭ نەمۇنە ۋە نىشانلىرىدىن، قىسسە ھىكايىدىن باشقا، بىرمۇ نەمۇنە يادىكارى قالمىدى. ئۇ ئاجايىپ ۋەقەلەر بولسا ئەلۋەتتە تەجرىبە- ساۋاق ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر. «ئەي ئىبرەت كۆزىنىڭ ئىگىلىرى ئىبرەت ئېلىڭلار» دېگەن ئەيەتمۇ بار.

قىتئە:

خۇداكىم ئېرۇر مالىكىلمۇلك،

ھەر كىمگەكى بەرسە تۇتتى ئەلمۇلك.

ئەھەددى بولغايكى كىشگە مۇلك ئالماق،

شەھنشاھكى ئۇل تەنزىئىلملمۇلك.

نەزىم:

ھەرچە خالىق خۇائالاغانى ئول بولۇر،

ئانچە مەخلۇق خۇائالاغانى قايدا بولۇر.

گەپنىڭ خۇلاسسى شۇكى، ئۇ دايىمى خۇدانىڭ ئېھتىياجسىسز ۋە شەپقەتسىز شامىلى قوزالدى. بۇ يەتتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ پېشانىسىدىن ئىسلام نۇرىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈردى. شەرق تەرەپتىن كەلگەن قارا چېرىكلەرنىڭ زۇلۇم بورانلىرى ئۆرلىدى ۋە بۇ يەتتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ باشلىرىغا قارا پالاس ياپتى. دىيانەت نەسىلىك مۇسۇلمانلارغا گويا بىر ئەلەم مۇسىبەت ۋە غەم يۈزكەلتۈرلدى. لېكىن مۇسۇلمان سۈرەتلىك ۋە دىلى مۇناپىقلارغا گويا بىر توي- مەرىكە، شادى- خوراملىق ۋە چىن كۆڭلىدە بىپايانلىق ھاسىل بولدى. ئۇ ئاللا خالىقى مۇختار ئۆزىنىڭ ئىرادە تەقدىرى بىلەن قازا ھۆكۈمىنى مۇنداق يول بىلەن ئىجرا قىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئەمرى ئىتائىتى ۋە پەرمان- بۇيرۇغىغا بوي سۇنماي،

ھېچ چارە- ئىلاجىنىڭ يوقلىغى بولسا ھەممە ئىنسان تېپىغا خۇددى قۇياش نۇرىدەك ئايدىڭدۇر. شۇڭلاشقا، ئۆلىمائى ئەززەملەر، دىدارلار، ئالى دەرىجىلىك ئەئيانى كېرەملەر ئىلاجىسىز ۋە ئىختىيارسىز بەللىرىنى مەھكەم باغلاپ ، ئۆز خىزمەتلىرىگە تەييار بولدى.

بېيت:

شاھلاركەتتى چىقىپ مۈلكى جاھان بەندەنەنكى،
نەچچە ۋاقىت بولدى ھۆكۈمەتنىڭ بارى كەندە نەكى①.
سورادىم بائىسنى ئەھلى خەرد② ئەيدىماكى،
بىلسەڭىز ئۇشبۇ جاھان ھەممە شەرمەندە نەكى.
رىشە③دۇر ئەھلى خەردەلەرنىڭ دىلى غۇسسە بىلەن،
ئىشرە تۇ ئەيشى جاھان ئاغزى تۇلا خەندە نەكى④.
سىغمادى ئەھلى خەردنىڭ باشى ھەر يەرگە تۇزۇك،
مۈلكى جاي ھەممە ئەسۋاپ پاراكەندە نەكى.
پۇقرادۇر رەمە قوي⑤باقىقالى چوپانى خىتاي،
بۆرىلەرنىڭ يولى بولدى رەمەدە دەرەندە نەكى⑥.
ياشۇنۇپ ئەھلى خەرە تارتتى ئۆزىنى پەزلى راسا،
ئاشكارە بولدى پۇرجۇر⑦ ھەممە سۆز مەيخۇا رەنەكى.
گەريە⑧ قىل فىر دوس ئەھلى تەرسەندە نەكى.

①كەندە نەكى - سىپىسقالارنىڭكى.

②خەرد ـ ئەقىللىق.

③رىشەدۇر ـ جاراھەت.

④خەندە ـ ۋالاقتەككۇر.

⑤رەمەقوي ـ قوي پادىسى.

⑥دەرەندە ـ يىرتقۇچلار.

⑦پۇجۇر ـ بۇزۇق.

⑧گەريە ـ يىغا ـ زارە.

## 16

# ئىككى يۈزلۈك نىياز ھاكىم بېكنىڭ قىسسە ۋە ھىكايىلىرى، يامان ـ مىجەزلىرى، ئەھۋال ئاقىۋەتلىرى ۋە يوقىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە بايانى

ئىنساپ دىيانەتلىك ۋە مۇھەببەت، ساداقەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ توغرا كۆڭۈللىرىگە روشەن ۋە ھىكايە بولغايكى، بۇنداق نەقلى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، نىياز ئىشىك ئاغا بېك چەت ـ ياقىدا ياشايدىغان ياركەنتلىك بىر دېھقان ئەۋلادى ئىكەن. ئۇ كىچىگىدىن باشلاپلا خىتاي مەنسەپدارلىرىغا مەھرەم ۋە خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەپ، ھەدىس شىرىپتە «سۆھبەت تەسىر قىلدۇ» دەپ كۆرسەتكەندەك، خىتايلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى بىلەن تەربىيىلىنىپ، قەدەممۇ ـ قەدەم چوڭ مەنسەپ تېپىپ، ئىشىك، ئاغا بولغان چاغدا، بۇ يەتتە شەھەردە مالىمانچىلىق پەيدا بولدى. تۇڭگانلارنىڭ خىزمىتىنىمۇ قىلدى. كۇچارلىق خوجاملار بارغاندا، ئۇلارغىمۇ خىزمەتكار ۋە پەرمانچى بولدى. مۇھەممەت ياقۇپ قۇشبېگى يېڭىدىن باش كۆتەرگەن چاغدا، قۇشبېگىنىڭ خىزمىتىنىمۇ قىلىپ، ھەر قايسى تەرەپ بىلەن ياخشى چىقىشىپ، ئۇلار بىلەن مەخپى ياكى ئاشكارە ئالاقىلەرنى قىلىپ تۇردى. بۇنىڭدىن كۇچارلىق ياقۇپ دىۋان بېگى

خەۋەردار بولۇپ «ئۆزلىرى ھەممىسى بىلەنلا تەڭ- باراۋەر كۆرۈشكەندىلا، بىرلا ئۇلۇغنىڭ خىزىتىدە بولمايدىكەنلا، بۇ ئىشلىرى ئوبدان ئەمەس» دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەندە، ئۇ «بۇ يۇرت ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە قارار تېپىشنى بىلمەيمەن. شۇڭلاشقا، ھەممىسىگىلا باراۋەر خىزمەت قىلىۋاتىمەن. ئەگەر ئۆزلىرى بىلگەن بولسىلا بىرەرسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەرسىلە،ئۇ چاغدا مەن بىر ئىشكتىن باشقا ئىشىككە ئەسلا بارمىغان بولاتتىم» دەپ چاخچاق- كىنايە بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ مۇقەددىمىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ ئالەمنى ياراتقۇچى ئاللا نىياز بېكنىڭ ئەسلى يارىتىلىشىنى ئۆز قەدىمى ئىلمى ئارقىلىق خۇددى تاغدىن چىقىدىغان تۇزغا ئوخشاش، تۇركور قىلىپ ياراتقان ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ تۇزكورلۇقنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ باقى ئالەمدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەتتى. بىز بۇنى تۆۋەندە يەنە تېزلا بايان قىلىمىز – ئاللا سەۋىر قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر – ئىنشائاللا!

ئەسلى سۆزىمىزگە كەلسەك، جانابى ئاتالىق غازى ياركەنتنى ئىلكىگە ئېلىپ، بۇ جاينى مۇھەممەت يۇسۇپچان شاغاۋۇلغا ئىنئام قىلدى. نىياز بېكنى شۇ ئارقىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىدىن تەلىم ئالسۇن دېگەننى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئاتالىق غازى خوتەننى بېسىۋالغان چاغدا بولسا، نىياز ئىشىك ئاغا بېكنى خوتەنگە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ ، ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن بېكنى ئەمرى لەكشكەر قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇلارغا يەنە سەككىز پانسەت تەيىن قىلىپ خوتەندە توختاتتى. ئۇ خوتەنگە ئون ئىككى يىل ھاكىم بولدى. ھاكىم بولغان كۈندىن باشلاپ ئون ئىككى يىلغىچە ئۇ ھەر جۈمەدىن يانغاندىن كېيىن، بىر ئەرزىچى بىلەن يىگىرمە يامبۇلۇق قىممەتكە ئىگە ساپ ئالتۇننى ئەۋەتىپ، ئاتالىق غازىغا دۇئا قىلىپ تۇردى. ئۇ بۇ ئادەتنى زادىلا توختاتمىدى ۋە كەمۇ بەرمىدى. يەنە ھەر يىلى ئىككى قېتىم تارتۇق ئەۋەتتى. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بۇ جايدا يەنە تەكرارلانمىدى،

بىر چاغدا جانابى ئالى بەدۆلەت مۇھىم بىر مۇددىئا ئۈچۈن نىياز ھاكىم بېككە ئىنايەتنامە ئەۋەتىپ، «بۇ ئىنايەتنامە تەككەن ھامان بىر مەھرەم بىلەن ئاتنى قامچىلاپ، كىشلەرگە بىلدۈرمەي، مەخپى ھالدا كېچىلەپ مېڭىپ، پالانى كۈنى كېچىسى ئالى دۆلەتخانىغا كېلىپ، پالانى ۋاقىتتا دۇئا قىلىپ يانسىلا، بىز ناھايىتى تاقەتسىز كۈتمەكتىمىز» دېگەن ئىكەن. ئۇ ئىنايەتنامە بارغان ھامان ئاتنى قامچىلاپ، بىر مەھرەم بىلەن دېگەن ۋاقىتتا كاشغەر يېڭى شەھەر دەرۋازىسىغا كەلسە، ئىككى مەھرەم پانۇس تۇتۇپ، نىياز ھاكىم بېك ھېلى كېلىدۇ دەپ تۇرغان ئىكەن. ئاتتىن چۈشۈپ جانابى ئالى بىلەن كۆرۈشۈشكە كىرىپ كېتىپتۇ. ئاتلىرىنى بولسا ئاتخانىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇ ئاتالىق غازى

بىلەن تۆت سائەتچە سۆزلىشىپ يېنىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئىككى كىچىك ساندۇقچىغا ئۈچ مىڭ سەردىن ئالتە مىڭ سەر نەق زىنچە ئالتۇن قاچىلاپ كەلگەن ئىكەن. كېچىدە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى ئاتالىق غازىنىڭ ئالى نەزەرلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، شاھانە مەرھەمەتكە ئىگە بولۇپتۇ. ئۇنى ئىككى كېچە تۇختىتىپ خوتەنگە قايتىشقا جاۋاپ بېرىپتۇ.

جانابى ئالىنىڭ بۇ قېتىمقى بۇيرۇغى بويىچە خوتەندە ئىشخانا قۇرۇلماقچى بولدى. چۈنكى ئەقى- پاراسەتلىرى بىلەن ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىغا ئاتۇقچە تەدبىر قوللىناتتى. بولۇپمۇ ئۇ زىلچە ئۇستىلىرى ئارقىلىق يىپەك زىلچىلەرنى تەييارلىدى. ھىچقانداق زاماندا بۇنداق زىلچىلەر ئىشلەنمىگەن ئىدى. ئۇ جانابى ئالىنىڭ تارتۇقلىرىدىن ئاشۇرۇپ، تۆت توققۇز مېھراپلىق يىپەك زىلچە تەييارلاپ، مەككە مۇئەززەمگە ھەدىيە قىلدى. يەنە تۆت توققۇز مېھراپلىق يىپەك زىلچە راسلاپ مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھەدىيە قىلدى. ھەر بىر زىلچىنىڭ ۋەزنى يۈز جىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. يەنە بىر توققۇق يىپەك زىلچە ۋە بىر توققۇز يىلك زىلچە تەييارلاپ، ئەسھانبۇل ەھەپكە ھەدىيە قىلدى. خوتەندىكى بارلىق بەركەت نۇرلۇق مازارلارنىڭ مەسچىت، خانىقالىرىنى بۇزۇپ ۋە كېڭەيتىپ، ئۇلارنى يېڭىدىن بىنا قىلدۇردى. شەھەردىكى مەسچىت ۋە جامە ھېيتكار مەھەللىرىدىكى مەسچىتلەرنى پۇختا خىش ۋە گەج- ھاك بىلەن پۇختا قىلىپ زىننەتلىدى. خوتەنگە تەئەللۇق بارلىق يول قۇنئالۇغلىرىغا كۆل كولىتىپ ۋە قۇدۇق قازدۇرۇپ، ھەر بىر مەنزىلگە بىر توققۇزدىن گۈمبەز، ھۇجرا، مەسچىت، ئاتخانا، ئاشخانا، مېھمانخانا سالدۇرۇپ، قارايدىغان ئادەملەرنى ئولتۇرغۇزۇپ، بۇ جاينى ئاۋات ۋە مەمۇر قىلدى. جانابى ئالىمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى بارلىق مەنسەپدارۋە ئەمەلدارلاردىن نىياز بېكنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىزەت ۋە ھۆرمەت قىلاتتى. ۋاھالەنكى، فەرغانە ۋىلايىتىدىن مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق، موغۇلستان مەملىكىتىدىن نىياز ھاكىم بېك تۇغۇلغان ئىكەن.تەدبىر ۋە مەسلىھەتتە، كەسىپ ۋە دىنىي سۈلۈكتە بىر-بىرىدىن كەم ۋە ئارتۇق ئەمەس ئىكەن، خۇددى"ھەر قانداق جىنس ئۆز جىنسىغا مايىللىق قىلىدۇ " دىگەن مەزمۇن بۇلارنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ۋە ماس كېلىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرگەندە گويا ھەسەل بىلەن سېرىق ماي بىر-بىرىگە ئارلاشسا ئۆز ئەيىنى يوقاتقاندەك، بىر-بىرىگە ئەبجەش بۇلۇپ ئارىلىشىپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇلار يەنە بىر-بىرىگە قەست قىلىپ، بىر-بىرىنى يوقىتىشنىڭ تەدبىر ۋە مۆرتىنى تاپالماس ئىدى.

جانابى ئالى بەدۆلەتنىڭ بۇ يەتتە شەھەرنى پەتھى قىلىپ، ئىلكىگە ئېلىشتا ۋە بۇ جاينى باشقۇرۇشتا تاتقان مېھنەت-مۇشەققەتلىرىنى يېزىشقا بۇ قەلەم ئاجىز، تىل قىسقا كېلىدۇ. لېكىن، پاراغەت ۋە ئەيشى-ئىشرەتنى نىياز ھاكىم

بېك ۋە ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى كۆردى. بۇنى تەرىپلەپ يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇ گويا كى جانابى ئالى بەدۆلەت فەرغانە ۋىلايىتىدىن پەقەت نىياز ھاكىم بېك ئۈچۈن كەلگەندەك ئىدى، ئۇنىڭ ئىككى جايدا پىشىق خىش بىلەن ياسالغان ئالى ئىمارىتى ۋە چوڭ باغچىسى، باغنىڭ ئىچىدە چوڭ كۆللىرى بار ئىدى. كۆلنىڭ ئەتراپلىرى ۋە باغقا سۇ كىرىدىغان ئېرىق ياقىلىرى تامامەن پۇختا خىش بىلەن ياسالغان ۋە گەج بىلەن سۇۋاپ بېزەلگەن ئىدى. ئۇ بالا-چاقىلىرى بىلەن ھەر كۈندە كۆلدىكى كىمىگە چىقىپ، سەيرۇ-تاماشا ۋە نەغمە-ناۋا بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ كەيپى-ساپا سۈرەتتى. بۇلۇپمۇ ئۇ بىر باغ قىلدۇرۇپ، ئۇنى" چىكىتلىك ئوردا " دەپ ئاتىدى. ئىككى تاغار ئۇرۇق بارىدىغان زىمىننى نەيزە بويى كولىتىپ، ئورنىنى پەسەيتىپ، توپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەتراپىغا پۇختا خىش بىلەن ئىگىز ئىھاتە تام سالدۇردى. مەزكۇر باغنىڭ زىمىن دائىرىسى مىقدارىدا مەشۈت ۋە يىپتەكتىن تور تۇقۇتۇپ، ئىچىگە كىگىز تۇۋرۇكلەر ئولتۇرغۇزۇپ، تۇۋۇكتىن- تۇۋرۇككە يىپەك تاناپلارنى تارتىپ، ئۇۋۇتىنى يەپ تور بىلەن ياپتۇرۇپ، تۆت ئاياقلىق ۋە ئىككى قاناتلىق ۋەھشى ۋە ياكى قولدا بېقىلغان ھەر خىل ھايۋان- جانىۋارلاردىن بىر جۈپ قىلىپ، يەنە ھەر خىل مۇۋىلىك ۋە مۇۋىسىز دەرەخللەرنى ھەم جاڭگالدا ۋە مەھەللىدە، ئۆسىدىغان ھەر خىل ئوت- گىيا، دەرەخلەر، قىزىل ياكى سېرىن گۈللەر، ھەتتا چىغ ۋە تىكەنگىچە كۆچەت قىلىپ تىكتۈردى. جاڭگال ۋە سەھرالاردا تېپىلمايدىغان دەل- دەرەخ ۋە چۆپ- گىيالارمۇ بۇ باغنىڭ ئىچىدىن تېپىلاتتى. ھەر كۈنلىگى نەچچە تاغار ئاشلىقنى ئۇچار قۇش جانىۋارلارغا چېچىپ بېرەتتى ۋە نەچچە ئىت، ئىشەكنى ئۆلتۈرۈپ، بۆرە، يولۋاس، تۈلكە قاتارلىق يىرتقۇچ جانىۋارلارغا تاشلاپ بېرەتتى. ئۇ كۆڭلى خالىغان چاغدا بۇ باققا چىقىپ سەيرۇ- تاماشا قىلىپ، كۆڭلىنى ئېچىپ قايتاتتى. نىياز ھاكىم بېك نىمىنى خالايدىغان بولسا، دەل شۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىدەك قىلالايتى.

ئۇ خوتەننى شۇنداق باشقۇردىكى، بىرەر ئادەم نىياز ھاكىم بېك توغرىسىدا گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي مادارى يوق ئىدى. خوتەننىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بارلىق ئادەملىرى نىياز ھاكىم بېك ۋە پادىشالىقنىڭ خىزمىتىدىن زادىلا بىكار بولۇپ ئارام ئالالمايتى. زۇلۇم- جەۋرىنى شۇ قەدەر قىلىدىكى، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جەۋرى- زۇلۇم بولمايتى. ئەگەر بۇلارنى بىر- بىرلەپ بايان قىلساق، سۆزىمىز ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىپ، كۆڭۈل قارىلىغىدىن باشقا نەرسە پىكىر ۋە تەپەككۇردىنمۇ ئارتۇق ھەم تاشقىرى ئىدى. ھەرقانچە يىراقنى كۆرەلەيدىغان زامان بىلەرمەنلىرى تەپەككۇر بېشىنى خىيال تىزىغا قويۇپ، پىكىر دەرياسىغا چۆمۈپ، سەكرەپ- سەكرەپ چىقىپ جەۋلان قىلسىمۇ يەنىلا

ئۇنىڭ مۇرات ساھىلى ۋە مەقسەت قىرغىقىغا يېتەلمەيتى ۋە ئۇنىڭ نەزەرلىرىگە جىلۋە قىلىپ تەڭ كېلەلمەي، ئەگەر ئۇنىڭ تەرىپىنى يازماقچى بولغان خوش قەلەممۇ دۆۋەت دەرياسىغا چۆككىنىچە بېشىنى ئۈستۈن تارتىپ ئالالماس ئىدى. دىمەك، مۇشۇنداق ئەقىل- پاراسەتلىك ۋە زېھنى زىرەكلىك خىسلەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا نىياز بېكنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن بولۇپ، يەنە بۇلارنىڭ ھەممىسىلا جانابى بەدۆلەتنىڭ ئاپتاپ دۆلەتلىرىنىڭ نۇرى شولىسىدىن پەيدا بولغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن بىر نەمۇنە ۋە نىشانە ياكى بىر زەررىچە ئەسەر ئىدى. دىمەك، يەنە بىر تەرەپتىن جانابى ئاتالىق غازىنىڭ كاتتا ۋە زورلۇقىنى يەنە بۇنىڭدىنمۇ قىياس قىلىپ بىلەلەرسىزلەر. ھالبۇكى، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نىياز ھاكىم بېكنىڭ تەدبىرى جانابى ئاللىنىڭ تەدبىرلىرىدىن غالىپ كېلىپ، ئاقىۋەت جانابى بەدۆلەتنى قەھرى ھالاكەت بىلەن مەغلۇپ قىلدى. لېكىن، ئالى مۇقاملىق جانابى ئاتالىقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىلتىپات ئىشەنچلىرى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما نىياز ھاكىم بېكنىڭ ئۇنىڭ بولغان ھىلە- مىكىر ۋە خىيانەتلىرى يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىدى.

بىر چاغدا نىياز ھاكىم بېك ئۆزىنىڭ بىر تاغىسىنى لەنجۇ سېڭغا بىرىپ، ئۇ جايدىكى خىتاي مەنسەپدارلىرىن ئامان- ئېسەنلىك سوراپ، بەلكى ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ يول باشلاپ كېلىش ئۈچۈن، لوپ ئىچىدىكى بىر جەزىرىدىكى يول بىلەن ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ نەچچە ئاي ۋە بىرقانچە مۇددەت چۆل- جەزىرىلەردە مۇشەققەت تارتىپ يولسىز بىرىپ، ئۇلاردىن خەت- خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ. ئوبدان پەملەپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيىنىڭ ئىچىگە قۇدۇق كولىتىپ، ئاغزىنى ئەخلەت بىلەن ياپتۇرۇپ، ئۈستىگە كىگىز بىساتلارنى تاشلاپ، بىلدۈرمەستىن مەزكۇر تاغىسىنى شۇ ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، قۇدۇق تەرەپكە تەكلىپ قىلىپتۇ. تاغىسى بۇنى ئۇقماي بىر قەدەم دېسىلا قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ – دە، نىياز ھاكىم بېك زەمبىللەردە توپا- تۇپراق، قۇملارنى ئالدۇرۇپ، قۇدۇقنا توشقۇزۇپ كۆمدۈرىۋېتىپتۇ. بىر مەھرەم بۇنى كۆرۈپ سۈرەت- ۋەقەنى جانابى بەدۆلەتكە مەلۇم قىلىپتۇ. ئۇ مەلۇماتنى ئوبدان كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، نىياز ھاكىم بېككە ئىنايەتنامە چۈشۈرۈپ، «پالانى مەھرەم سىزدىن شىكايەت قىلىپ ئەرز بەرگەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئەسلا ئىشەنمىدىم، مەزكۇر مەھرەمنىڭ جازاسىنى بەرگەيسىز» دەپتۇ. ئىنايەتنامە تەككەن ھامان نىياز ھاكىم بېك مەھرەمنى يوق قىلىپتۇ.

شۇنىڭدەك، جانابى ئالى ئاتالىق باقى ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن، نىياز ھاكىم بېك خوتەنگە بىرىپ، ئۆزىنىڭ تەن- ۋۇجۇدىدا مەخپى ساقلاپ كەلگەن ئاداۋىتىنى ئاشكارە قىلىپ، دۈشمەنلىك ۋە قارشىلىق نەغمىسىنى

ئالاھىدە چالدى، بېك بەچچە خوتەنگە بارغاندا، ئوتتۇز مىڭ ئادەمگە ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن بېك ۋە ئۆزىنىڭ ئوغلىنى باش قىلىپ جەڭگە چىقاردى. زاۋا دېگەن شەھەردە قاتتىق جەڭ- جېدەللەر يۈز بېرىپ، ناھەق قانلارنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەپ بولدى. خوتەن لەشكەرلىرى باراۋەرلىك قىلالماي قاچتى. نىياز بېك ھەممە ئەسكەرلىرىنى توپلاپ، توپ، زەمبىرەكلىرىنى تەييارلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ لەشكەرلىرىنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، توپ، زەمبىرەكلىرىگە ئوت قويۇپ، خوتەن خەلقىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى قىرىشنى قەستلىدى. خىزمەتچى ۋە باشقا مۇھىم دۆلەتخانىلىرى بۇ قەبىھ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ يىغلاپ تۇرغاندا، بۇ نالايىق پەيلىدىن توختاپ، «مەيلى ئەسكەر ياكى پۇقرا بولسۇن، ئوردا ئىچى ۋە غەزنىلەرنى بۇلاپ- تالاپ ئالسۇن» دەپ تالان- تاراج قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، خاس ئىشەنچلىك ئادەملىرى بىلەن نەخدانلارغا نەقدىنەلەرنى قاچىلاپ، كىرىيە يولى بىلەن خىتايغا قاراپ ۋە خىتايدىن ياخشىلىق ئۈمۈت كۈتۈپ، كورلىنى كۆزلەپ راۋان بولدى. ئۇ بۇرۇنلا بۇ جايدىكى ھەر بىر مەنزىلدە ئاتلارنى تەييارلاپ باقتۇرۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ئەمدى ھەر بىر مەنزىلگە يەتكەندە بۇ دەملەنگەن ئاتلارنى ئالماشتۇرۇپ مىنىپ داۋاملىق يولغا چىقتى. لېكىن، بۇرۇن مىنىپ بارغان ئاتلىرىنىڭ پەيلىنى كىسىپ ئىشتىن چىقاردى. شۇنداق قىلىپ ئون ئالتە كۈنلۈك يولنى تۆت كۈندە بېسىپ تۈگەتتى. ئۇ قاچقان يوللىرىدا ئۇچرىغانلا ئەنجانلىق يىگىت ۋە ياكى سودىگەر قاتارلىق مۇساپىر نامىدا ياشىغانلارنىڭ ھەممىسىنىلا يوق قىلدى. قاراۋۇلدا تۇرغان تاش بەچچە دېگەن ئادەم باشلىق ئوتتۇزچە مۇساپىر يىگىت بارئىدى. ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئويدۇردى. ئاندىن كېيىن ھەممىسىنى يوق قىلدى. ئەبۇلقاسىم پانسەتلەر سەككىز يۈز يىگىت بىلەن قوغلاپ بارغان ئىدى لېكىن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئاتلىرى چارچاپ قۇملۇقتا توختاپ قالدى. پەقەت تۆت يۈزچە يىگىت نىيە دېگەن شەھەردە ئۇلارغا يەتتى. ئاردا جەڭ- قاتال باشلاندى. ئىككى تەرەپتىن ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم زىيان بولدى. يىگىتلەر ئازلىق قىلىپ ئۇنى تۇتالمىدى. بۇ ۋەقە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىدى.

نىياز بېك شۇنداق نىيەت بىلەن كورلىغا چىقىپ، خىتايلارغا قوشۇلدى. بۇ چاغدا خوتەندىن قازى كالان موللا ئوسمان قاتارلىق ئىسلامى شەرىئەتپانا دىنىي ئۆلىما ۋە شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە پەتىۋا چىقىرىپ، ئاسى نىياز بېكنى مۇناپىق ۋە كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلدى- ئەئۇزۇبىللا، مۇنداق نىيەتتىن خۇداغا پانا تىلەيمىز.

بۇ كۈنلەردە خىتايلارنىڭ ئۆلۈمى لىگشەي دارىن بايىدا، زۇڭتۇڭ دارىن [207] ئاقسۇدا ئىدى. نىياز بېك ئېلىپ

بارغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ختايلارغا بەردى. لوشەي دارېن بىلەن زۇڭتۇڭ دارىنغا نىياز بېكنىڭ كەلگەنلىگى خەۋەر قىلىندى. «كەلسۇن» دىگەن يارلىق بويىچە، بۇ مۇناپىق نىياز بېك كېلىپ لوشەي داپرېن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاندىن كاشغەرگە باردى. بۇ چاغدا لوشەي دارېن ئاقسۇدا، زۇڭتۇڭ دارېن كاشغەردە، دۇڭ دارېن [208] ياركەنتتە ئىدى. كۆرۈشۈپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، بۇ مەنساپدارلارغا ئەھۋالنى سۆزلەپ «خوتەنگە ئون ئىككى يىللىق ھاكىم بولدم، خوتەن ئەھلىنىڭ ئۈلۈغ خانغا بېرىدىغان ئون ئىككى يىللىق مەھسۇلاتنى ئېلىپ، مەخپى ساخلاپ قويغان ئىدى. ئەگەر يارلىق بولسا، مەخپى ساقلاپ ئۈلۈغ خانغا بەرمەكچى بولغان غەزنە ھەقلەرنى ئېچىپ چېرىكلەرگە تاپشۇرسام، بۇرۇنقى پادىشاغا بولسا بۇنىڭ ئارتۇق قىسمىنى بېرىپ، ئۇنى ئالدام تۇرغان ئىدىم» دىگەندە، زۇڭتۇڭ دارېن «مەن ياركەنتتە تۆتىنچى جەرەكلىك ئىشلىك ئاغا ئىدىم» دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. ئاندىن زۇڭتۇڭ دارېن «سىنىڭ كۆڭلۈڭ يامان ئىكەن،ئىشنى چوڭ قىلىپ بىر چوڭ شەھەرگە ھاكىم قىلسا، تۆر بەرگەن ئۈلۈغۇغۇڭغا خىيانەت قىلىپسەن، ئانچە ئوبدان ئادەم ئەمەس ئىكەنسەن، دەپ پىسەنت قىلماپتۇ» ئاخىرى مەنسەپدارلارنى خوتەنگە ئاپىرىپ، مەخپى ساقلىغان غەزنىلىرىنى بىر- بىرلەپ ئېچىپ، چېرىكلەر ھەققى دەپ ئالدىغا قويىدى.

ئەسلىدە خوتەن شەھىرىدىكى ئوردا بېشىنىڭ بىر تەرىپى پەس، يەنە بىر تەرىپى ئېگىز زىمىن ئىدى، نىياز بېك بۇ جايدا شىپتلار بار ئىكەن دەپ ، ئەتراپىغا ئېگىز تاملارنى سالدۇرۇپ، ئىچىگە قارىخانا، ئەھتىكاپخانا، مېھمانخانا، ئاشخانا، ئاتخانا، مەسچىت، زىيارەتگاھلارنى بىنا قىلدۇرۇپ، يەنە ئىككى قەۋەت ياساتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر مىڭ بەش يۈزدىن يامبۇ ۋە نەچچە چارەك زىقچە ساپ ئالتۇن كۆمگەن ئىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە كاتتا تۇغ شادا ۋە ئەلەم، بايراقلارنى ئورنىتىپ، بىر كاتتا ئالى مازار زىيارەتگاھلارنى پەيدا قىلغان ئىدى. يەر- زىمىن، دۇكانلارنى ئېلىپ، مەزكۇر مازارغا ۋەخپى قىلىپ، ھوسۇلنى قارىلارغا ۋە ئەھتىكاپچى دۇئا گۈيلارغا بېرەتتى. ھەر دۇشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى كالا ۋە نەچچە قوينى سويدۇرۇپ، كەڭرى نەزىر قىلىپ، غېرىپ، بىچارىلەرگە بېرىپ، دۇئاسىنى ئالاتتى. ھىندىستان، تۈركىستان ياكى فەرغانە ۋىلايىتى، بەدەخشانلاردىن كەلگەن ھەزرەت، ئەپەندى، ئىشانلارنى مەزكۇر مازاردا بىر ھەپتە، ئەقەللى ئۈچ كۈن دۇئا ئېھتىكاپتا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، «بۇ مازارى شېرىپنىڭ پەيزى سىرلىرى قانداقراق ئىكەن. بىرەر كەشپى كارامەتلەر بولدىمۇ- قانداق؟» دەپ سورايدىكەن. دۇئاگۆي تاماخورلار بولسا، «ناھايىتى ئۈلۈغ مازارى شېرىپ ئىكەن. بىزگە ھېچقانداق بىر مازارى شېرىپتە بۇنچىلىك پەيزى

بولمىغان ئىدى. پەيزى كارامەتنى بۇ مازارى شېرىپتىن كۆردۇق» دىگەندە، ئۇ تەبەسسۇم قىلىپ، «بۇ مازارى شېرىپ ئىلگىرى مەخپى ئىكەن. پەقەت جانابى ئاللىنىڭ دۆلەت كۈچىدىنلار ئاندىن ئاشكارە بولدى. نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاجىتى راۋا بولۇپ، مۇرات- مەقسەتلىرىگە يەتتى» دەيدىكەن. مەزكۇر جايغا كۆمۈلگەن ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى كۆتۈرۈپ بارغان ياكى يەرنى كولاپ كۆمگەن ھاشارچى ۋە ياكى يىگىت مەھرەملەرنىڭ بىرنىمۇ قويماي، غەزنە ئويغان جايغا بىللە دەپنە قىلىدىكەن ياكى بۇ سىردىن ئازاقلا خەۋىرى بولغان ئادەملەرنىمۇ ھەر خىل يوللار بىلەن بىللە يوق قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا بۇ غەزنىنىڭ بارلىغىنى ھېچكىممۇ بىلمىگەن ئىدى. ئاخىرى ئۇ خىتايلارنى خوتەنگە باشلاپ بېرىپ، مەزكۇر مازارنىڭ تۇغ،ئەلەم ۋە بايراقلىرىنى تامامەن يۇلۇپ تاشلاپ قەۋرىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئېلىپ، چېرىكلەرنىڭ ھەققى دەپ تاپشۇردى. ئەسلىدە بولسا بۇ ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى مەخپى ساقلاپ، ئۇنى مازارى شېرىپ دەپ، ھەزرەت، ئىشان، دۇئاگۈيلارنى ھاماقەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئالداپ يۈرگەن ئىكە.

نەزىم:

ئىنسان ئەگەر ئاچسا تەلبىسغە① ئېغىز،

بىچارە بولۇپ ئىبلىس لەئىن بى تەمىز②.

دىگەن تەمسىل بۇ بېكىنىڭ شەنى ئەھۋالىغا بەمۇ ماس كېلىدۇ.

ئۇ يەنە بىر باغدا يەنە بىر مىڭ يامبۇنى مەخپى كۆمۈپ، ئۈستىگە ئانار، ئۈزۈم، شاپتۇل قاتارلىق كۆچەتلەرنى تىكىپ باغ قىلغان ئىكەن. ئەمدى بۇ دەرەخلەرنى يۇلاپ تاشلاپ، يامبۇلارنى ئېچىپ خىتايلارغا تاپشۇردى. يەنە باغنىڭ ئىچىدىكى كۆلنىڭ تېگىگە كۆمگەن ۋە بېجىن ئەھلى كۆرسە ناھايىتى مەمنۇن بولىدىغان ئىسىل قاش تاشلارنى ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. يەنە يەتتە يۈز يامبۇ ۋە بىرمۇنچە ئالتۇننى ئېلىپ، چېرىكلەر ھەققى دەپ تاپشۇردى. ئۇ ئەنە شۇنداق قىلىپ تولا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە پاكىز قاش تاشلىرىنى

① تەلبىس ــ ھىلە ـ مىكىر.

② لەئىن بىتە مىز ــ لەنەتلىك.

مەخپىي ساقلىغان ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ، مەنسەپدارلارنىڭ ئادىغا قويىدى. ھەممە چوڭ ـ كىچىك خىتايلار بۇنى كۆرۈپ، تەھسىن ـ ئاپىرىنلارنى قىلىپ، بۇنداق ئەقىدە ـ ئىخلاسلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياركەنت ھاكىملىقىنى بەردى.

لېكىن، نىياز بېك ئۆز كۆڭلىدە مەنساپدارلار ناھايىتى چوڭ جۇلدۇ ـ جاساق يەنى مىراسى مەنسەپ بېرىدۇ دىگەننى كۆزدە تۇتقان ئىكەن. ياركەنت ھاكىملىقىنى بولسا نەزەرگە ئالمىدى ۋە «مەن ئەقىدە قىلىپ، ئارزۇ ـ تەلەپ قىلغان خىتايلار بۇ خىتايلار ئەمەس ئىكەن» دەپ كۆڭلىنى بۇزۇپ، يەنە بۇرۇنقى ئادىتىنى يىغىلاپ، بۇ خىتايلارغىمۇ نىيىتىنى بۇزدى. ياركەنت مەخپىي ئىشخانا پەيدا قىلىپ، قورال ـ ياراق تەييارلاشقا باشلىدى. شەھەر، سەھرالاردىكى بۇرۇنقى تونۇش ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ مەخپىي چاقىرىپ، ۋەدە ھەم ئايەتلەر بىلەن خوش قىلدى. قاتتىق قەسەم ـ ئانت ۋە شەرتلەرنى قىلىپ ئۆزىگە تارتتى. ئۇلارنى ئۈمىتۋار قىلىپ، ۋاقىت ۋە پۇرسەتنى تەيىنلىدى. لېكىن ھەدىس شېرىپتە «ھەر قانداق ئادەم كىمگە ئورا كولىسا، دەل شۇنىڭغا ئۆزى چۈشىدۇ» دىگەن بويىچە ئىش ئۆزىگە ياندى. چۈنكى، بىر قونداقچى ئۇستىنىڭ نىياز بېكتىن كۆڭلى ئاغرىغان ئىدى. دۇڭ دارىنغا بۇ ۋەقەنى بايان قىلدى. دۇڭ دارىن مەخپىي كىشى ئەۋەتىپ،ئەھۋالنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، بىر خان ئوقى بىلەن يىگىرمە چېرىك ئەۋەتتى.ئۇلار نىياز بېك ئولتۇرغان ئۆيگە ئوقنى قاداپ قويىدى. ئۇنىڭ ئۆز ئۆيى خۇددى زىندانغا ئوخشاش ھەپسخانا بولدى. ياركەنتنى كۇچارلىق قادىر ئىشىك ئاغاغا بەردى. بۇ ئارىدا يىگىرمە كۈن ئۆتتى. كاشغەردىن بىر ئامبان بىر لەڭزە چېرىكلىرى بىلەن كېلىپ، نىياز بېكنى قۇرۇق ھارۋىغا سېلىپ، مەھكەم بېكىتىپ، كوندىزى يالاپ بازار ئايلاندۇرۇپ، خار ۋە ئېتىۋارسىز قىلىپ، كاشغەرگە ئېلىپ ماڭدى. نىياز بېكنىڭ ئەسلى تەبئىتى مۇسۇلمانلارغا، بەلكى ئىسلام شېرىپقا ئاداۋەت بىلەن تولغان ئىكەن. بىر نازىم مەرھۇم خۇددى بۇنى بىلىپ كارامەت قىلغاندەك، ئۇنىڭ زالىم ۋۇجۇدى بۇ دۇنيا نۇرانىغا كېلىشىدىن بۇرۇنلا، ئۇنىڭغا لايىق كېلىدىغان مۇنداق بىر شېئىرنى ئېيتقان ئىكەن.

نەزمى:

گەر قارا تۇتۇلسا ئەزەلدىن كىشىنىڭ گىلەمى،
ئابى زەمزەم① بىرلە ئاقارماس ھەرنەچە يۇيغان گىلەمى.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، نىياز بېك ئالدى بىلەن كۇچارلىق خوجاملارنىڭ دۆلەت چىراقلىرىنىڭ خىرە بولۇپ ئۆچۈشىگە سەۋەپ بولدى. ئاندىن جانابى ئاتالىق بەدۆلەتنىڭ ئەمرى پەرمانى بىلەن خوتەندە ئالتە ھاكىملىق كاتتا يۇرتقا ۋە يەتتە يۈز دىۋان، قىرىق كۇنلۇك مۇساپە ئارلىغىدىكى كەڭ زىمىنغا مۇستەقىل ھاكىم بولۇپ، ئۆز ھۆكۈمىنى ئۆزى خالىغانچە ۋە ئۆز مەقسەتلىرىنىڭ بېجىرىلىشىگە ئىگە بولدى. لېكىن ئۇ شۇنداق دۆلەت ۋە مەنسەپكە قانائەت قىلماي، مۇسۇلمانچىلىقتا ئۆتكەن ئۆمرىنىڭ قەدرـ قىممىتىنى بىلمەي، شۇكرانە نېئمەت ئورنىغا كۇفۇرانە نېمەتنى ئالماشتۇرۇپ، خىتايلار ۋە دىنسىزلاردىن مەنسەپ تاما تۇتۇپ، ۋاپا ئۇمىت قىلىپ، مۇناپىق ۋە كاپىر بولغانلىغى بولسا، ئۇنىڭ كامالى ھاماقەت ۋە بەدۆلەتلىك نىشانىسىنىڭ ئاشكارە بولغانلىغى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

نەزمى:

نېئمەتنىڭ ئارتار شۇكرانە نېئمەت ئەيلەسەڭ،
قوللارىڭدىن پات كېتەر كۇفرانە نېئمەت ئەيلەسەڭ.

(1) ئابى زەمزەم – زەمزەم سۈيى.

شۇنىسى ئايانكى، ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلەتكە ئىگە بولۇشىغا سەۋەپ بولغان ئۇلۇغ نېمەت ئىگىسىگە خىيانەت قىلدى.

بەلكى ئۇنىڭ يوق بولۇشىغا كۆچلۈك سەۋەپچى بولدى كېچىك بىكنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئۇنى چوڭ بىكنىڭ ناھەق قانلىق ئوقىغا نىشان قىلدى. بۇ ۋەقە يۇقىرىدا سۆزلەندى.

نىياز بېك جانابى ئالىغا بەرگەن زەھەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزگىنىڭ كۆزىدە ساقلىغان ئىكەن. ئۇ خىتايلارنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ، زەھەرنى ئۇزۇك كۆزىدىن ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. يۇرۇق جاھان ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، بۇ جاھان بىلەن خوشلاشتى. بۇنداق قەبىھ ئەتىۋار ۋە مىجەز- خۇلقنىڭ جازا مۇكاپىتىنى دەل مۇشۇ ئالەمنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇچۇق كۆردى. مەنسەپدارلار ئۇنىڭ جەسىدىنى ئۆلگەن جايىدىن يۆتكەتمەي ۋە ناماز، خەيرى- سەدىقىلەرنىمۇ قىلدۇرماي، قىرىق كۈن توختىتىپ، ئاندىن هاراق- شاراپلار بىلەن يۇيغۇزۇپ، سېسىتىپ، نىجىس جەسەت قىلىپ، چېرىگەندىن كېيىن دەپنە قىلىشقا جاۋاپ بەردى.

نەزم:

يامان قىلماق پەيدا قىلۇر، ياخشى ئىش ياخشى.
ئارپادىن ئۈنەر ئارپا، كى بۇغدايدىن ئۈنەر بۇغداي.

ئەلقىسسە، ئاڭلىماق كېرەككى، مۇھەممەت يۇنۇسجان شاغاۋۇل ياركەنتتە ئون ئىككى يىلدىن كۆپرەك مۇستەقىل هاكىم بولدى. ئۇنىڭ دۆلەت ئابرۇيلىرى نىياز هاكىم بېكنىڭ دۆلەت ئابرۇيلىرىدىن ئارتۇق ئىدى. يۇرتدارچىلىق، غەللە- پاراق ئېلىش ئىشلىرىدا بولسا شەرىئەت شېرىپىگە قىلچىمۇ مۇخالىپ ئىشلارنى قىلمايتى. هەر قانداق ئەھۋالدىمۇ شەرىئەتنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى قاتتىق ئېھتىيات بىلەن ساقلايتى ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلاتتى. ئۆز ۋاقتىدا هېچبىر كىشىگە زۇلۇم تەئەدى قىلىشنى راۋا كۆرمىگەن ئىدى. لېكىن خاقانى ئەھلى قەدەم قويغان چاغدا، قورقۇنچىدىن نۇرغۇن ئەمرائىلار، يىگىت، سەرۋازلىرى بىلەن بىللە سېرىق قول تەرەپكە قاچتى. لېكىن، داۋانلارغا قار چۈشۈپ، سوغاق قاتتىق بولۇپ ئۆتەلمەي، ياركەنتكە يېنىپ كەلدى- د ە، مەنسەپدارلارغا ئۇچراپ قالدى. مەنسەپدارلار بۇلارنىڭ بىرقانچىسىنى شاھادەتلىككە يەتكۈزدى. بەزىلىرىنى نەزەربەنت قىلدى. خۇسۇسەن مەنسەپدارلار شاغاۋۇل دادخۋاغا

قاراپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن «سىز ناھايىتى ئۇيدان ئادەم ئىكەنسىز، مەن ئاڭلاپ قالدىم. لېكىن سىزنىڭ ئەيىبىڭىز بولسا، يېرىن يەنى بۆلەك ۋىلايىتنىڭ ئادىمى بولغانلىقىڭىزدا، تۇرىمەن دىسىڭىز ئادەم قوشۇپ، يول خىراجىتى بېرىپ يولغا سالىمەن» دەپ ئىلتىپات قىلغاندا، ئۇ «يۇرتۇمغا چىقىپ كەتسەم» دەپ ئەرز مەلۇم قىلدى. زۇڭتۇڭ دارىيىن ئاشكارە دۈشمەنلىكى بىلەن، بەش يۈز سەر كۆمۈش ۋە ئات بېرىپ ئادەم قوشۇپ، فەرغانە ۋىلايىتىگە تاپشۇردى. ئۇ خەلققە قىلغان ياخشىلىقىنىڭ نەتىجىسىنى بۇ ئالەمدە ئۆز كۆزى بىلەن ئۇچۇق كۆردى.

نەزم:

جاھاندا ياخشىلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاتى ئۆچمەيدۇ،
يامانلىق قىلغان ئادەمنى قايان كەتتى دىمەس ھېچكىم.

بۇ سۆزلەرنى تەپسىلى ۋە ئۇزۇن بايان قىلىشتىكى تەلەپ ۋە مۇددىئا شۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمى ۋىلايەت، مەملىكەت ئەمەلدارلىرى دىيانەتلىك مەنسەپدارلارنىڭ يۇنۇسجان شاغاۋۇل بىلەن نىياز ھاكىم بېكنىڭ ۋەقەلىرىدىن ئىبرەت ئالسۇن دىگەنلىكتىن ئىبارەت، چۈنكى، مۇھەممەت يۇنۇسجان شاغاۋۇل بىلەن نىياز ھاكىم بېك ھەر ئىككىسىلا بىر پادىشانىڭ ھۆكۈم ئىلكىدىكى ئادەملەر بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا بىر زاماندا ئىككى كاتتا شەھەرگە ئوخشاشلا مۇستەقىل ھاكىم بولغان ئىدى. سائادەتلىك يارلىق ۋە پەرمانلار بولسا ھەر ئىككىسىگىلا تەڭ ۋە باراۋەر چۈشەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىش ئەھۋاللىرى ۋە ئاقىۋەت ھاللىرىغا چوڭقۇر نەزەر بىلەن قاراپ، تاماشا ۋە ياخشى سەير قىلىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى دۈشمىنى سەممى دوست بولۇپ، ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ خاھىش ۋە مۇرادىنى ئۆز خاھىشى ۋە مەقسەتلىرىدەك ئادا قىلىپ، ھال ـ جاھانلىرىغا ئامانلىق بېرىپ، ھەتتا نەق پۇللارنىمۇ ئاتا قىلىپ، ئۆز ئۆلۈش ۋە خىش ئەقرىبالىرىغا ئۇلاندۇرۇپ قوشتى. يەنە بىرىسىگە بولسا ئۆزىنىڭ جان دوستى، ھەتتا ئىككى ئالەملىك قېرىندىشى ئۇنىڭ جان دۈشمىنىگە ئايلىنىپ، ئۆز ھىمايىسىگە ئالماي، ئىززەت ۋە ئېتىۋاردىن ئايرىپ، خارلىق ۋە بىچارلىك دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ، پۇل ۋە مال ـ

جانلىرىنى ئېلىپ، مەقسەت ۋە ئارزۇلىرىدىن بىبەھرە ۋە نائۈمىت قىلىپ، ئەل- ئۇلۇسى، قەۋمى- قېرىنداشلىرىدىن جۇدا قىلىپ، پۇل ۋە ماللىرى، بەلكى شېرىن جانلىرىغىمۇ ئامانلىق بەرمەي، زېمىن قەھرىگە تاپشۇردى. دىمەك، پۇقرا- خالايىقنىڭ مول ئەقىل- ئىشتى ۋە تىنچ- پاراۋانلىقىنى كۆزلەپ، ئادالەت ۋە ئىنساپ يولىنى ئۆزىگە لازىم تۇتقانلار، ئۇنىڭ نەتىجە ۋە ئەسراتىنى بۇ مۇكاپاتى ئالەمدە ئۇچۇق- ئاشكارە كۆرەلەيدۇ. پۇقرا- خالايىقنىڭ پۇل ۋە ماللىرىنى سەل چاغلاپ، زۇلۇم تەئىدى قىلىپ، خالايىقنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئېھتىيات قىلغانلارمۇ، ئۇنىڭ نەتىجە ۋە ئەسراتىنى بۇ رەھىمسىز ئالەمدىن كۆرەلەيدۇ. لېكىن، ياخشىلىق قىلغانلار بولسا قىيامەت جەننىتى فىر دەۋسىنى جان- ماكان قىلىش ھەققەتتۇر. مۇبادا يامان خۇلقى- مىجەزنى ئۆزىگە ازىم تۇتقانلار بولسا، ئۇلارمۇ خۇددى ئايەت كېرىمدە كۆرسىتىلگەندەك جەھىم ئاتلىق دوزاققا سىقىم ۋە ئازابۇ- ئەلەملەرگە مۇپتىلا بولۇپ، ئەبدىل- ئەبەت بۇ جايدا قېلىشىمۇ ھەققەتتۇر.

## 17

## ئۇ زۇلھەلدەك① يۈكسەك دەرىجىلىك جانابى بەدۆلەتنىڭ زامانە- ئەسرلىرىدىكى مۇشتەرى② تەلئەتلىك ۋە سالاھىيەتلىك ئۆلىمالات، ئەتارىد③ تەربىيىلىك مۇنشى- مىرزىلار، بەھرام④ سەۋلەتلىك قانخۇمار ئەسكەرلەر بايانى

زامانى دانالىرى ۋە گۈزەل سۆزلۈك مەۋزۇن ساز تەبئەتلىك

① زۇلھەل – ساتۇرىن.

② مۇشتەرى – يۇپىتېرى.

③ ئەتارىد – مىركۇزى.

④ بەھرام – ئىران ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمانى.

دەۋران فازىللىرىنىڭ زېھنلىرىدىن مەخپى قالمىغايكى، بۇ يەتتە شەھەر تەۋەسىدىكى ئالى دەرىجىلىك مازارى ماشايىخلار روھىنىڭ ئۇلۇغ مەدەتلىرى ۋە پەزىلەتلىك دۇئاي-دەۋەت ئىگىلىرىنىڭ دۇئاي خەيرات ئاسارەتلىرىنىڭ ئىجابىتى شاراپەت بەرىكىتىدىن، جانابى ئالى بەدۆلەت بۇ يەتتە شەھەر ئاھالىسىگە ئون تۆت يىل ھۆكۈمران بولدى. ئەگەر ئەرۋاھى ھەزرەتلەرنىڭ مۇقەددەس روھى ۋە ئەھلى قۇتۇپ، چىلتەنلەرنىڭ مەدەت-ياردەملىرى بولمىسا، ئۇنىڭ بۇنداق ئۇلۇغ دۆلەتكە مۇيەسسەر بۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«نەفھاتئۇلئونس»(209) دېگەن كىتاپتا زىكىر قىلىنىشچە، ئاسماندىن يامغۇر يېغىشى ۋە زىمىن ئۈستىدىكى گىيا-ناباتاتلارنىڭ كۆكۈرىشى بولسا، ئەۋلىيائى ئەززەملەرنىڭ قەدەم شېرىپلىرىنىڭ بەركىتىدىن بولغان، مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار ئۈستىدىن غالىپ بۇلۇشمۇ، ئۇ ئەۋلىيائى كېرەملەرنىڭ ھىممەت ۋە نۇسرەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. بۇ زاتلارنىڭ سانى تۆت مىڭ، ئالەمنىڭ ئىگىسى ئەنە شۇلاردۇر. بۇلار بىر-بىرىنى تونىمايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىغىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ھەرقانداق چاغدا خالايىقتىن مەخپى يۈرىدۇ. ئەقدە مەسلىلىرىنى يەشكۈچى زاتلار ۋە دەرگاھى ھەقنىڭ ئۇلۇغلىرى بولسا ئۈچ يۈزدۇر. بۇلارنى " ئەخيار" دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قىرىق تەننى "ئەبدال" دەپ ئاتايدۇ ۋە يەتتە تەننى "ئەبرار" دەپ ئاتايدۇ. تۆت تەننى بولسا "ئەۋتاد" دەيدۇ ئۈچ تەننى "نۇقۇبا" دەيدۇ.بىرىنى بولسا "قۇتىپ" ۋە "غەۋس" دەپ ئاتايدۇ.بۇلار بولسا بىر- بىرىنى تۇنۇيدۇ. ھەر بىر ئىشتا ئۇلار بىر- بىرىنىڭ رۇخسەت-ئىجازەتلىرىگە مۇھتاج بولىدۇدەپ بايان قىلىنغان.

بۇ مۇقەددىمنى يېزىشتىكى تەلەپ ۋە مۇددىئا بولسا جانابى ئاتالىق غازى دەۋرىدىكى ئۆلىمالارنى ۋە ئۇلارنىڭ خىسلەتلىرىنى تۇنۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت.جانابى ئاتالىق غازىنىڭ دەۋرى ۋە زامانلىرىدا ئۇلارغا ئوخشاش سەيىت كۇبرائى كېرەملەر، ئۆلمائى ئىزام ۋە پەزىلەتلىك ئالى مۇقاملار كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ نۇسرەت نەمۇنىلىق قۇشۇنلىرى سەكسەن مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. بۇلۇپمۇ ئۇنىڭ غەلبە ئەسراتلىق قۇشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە پەزىلەتلىك بىرنەچچە دىندار كىشى بار ئىدى. ئۇ زامانىنىڭ ماشايىخ ۋە ھەزرەتلىرى ئۇلارنىڭ ئىبادەت ۋە رىيازەتلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ بەرپا ۋە ئادا قىلالمايتى.ئەمما ئۇلار بىپاك يامان ئادەتلەردىنمۇ خالى ئەمەس ئىدى. دىمەك، سالاھىيەتلىك ئۆلمائى ئەززەملەر دائىرسى ۋە غەلبە ئەسراتلىق ئەسكەرلەر ياكى پۇقرا-خالايىقنىڭ ئىچىدىكى ئەخيارى كېرەملەر ۋە ئەبرارى ئەززەم ئالى

مۇقاملار بۇنداق ئىشلاردىن خالى ئەمەس بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ زاتلار مەخپىي ۋە مەستۇرە ئىدى. ئەڭ دەسلەپكى هايات ئىگىسى بولغان ئاللا تائالا بۇ دەرىجە ۋە مۇقاملارغا ھەر كىمنى خالىسا يەتكۈزىدۇ، بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنى كىمنىڭ يۈزىگە ئېچىشنى خالىسا شۇنىڭغا ئاشكارە قىلىدۇ. ئايەت كېرىمدىمۇ "بۇ بولسا خۇدانىڭ پەزلى، خۇدا ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، خۇدا چوڭ پەزلەتنىڭ ئىگىسىدۇر" دەپ كۆرستىلگەن.

بۇ زاماندا پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مەنسۇپ سەيدلەر، پەزىلەتلىك دۇئا ئىگىلىرى، شەرىئەت ئۆلىمالىرى، فۇقۇها ئىلىمنىڭ ئالىملىرى كۆپ ئىدى. بۇلار بولسا ئاتالىق بەدۆلەتنىڭ دۆلەت سۈرگەن ۋە ئىنتىزاملىق مەملىكەت قۇرغان دەۋرىدىكى پەزىلەتلىك ئالىملار بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ زاماندا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق ئامانەت كىيىمنى تاشلاپ، ئۇ دۇنيادىكى مەڭگۈلۈك ھايات كىيىمنى كىيىشنى خالىدى. بەزىلىرى بولسا بۇ دۇنيادىكى ھاياتلىق دائىرىسىدە قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە بۇزرۇك خان تۆرەم بىننى جاھانگىر خان تۆرەم بار ئىدى. ئۇ بۇ جايدا بىر نەچچە يىل تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەسلى ۋەتەنلىرىگە قايتتى. بۇنىڭ زىكرى يۇقىردا بايان قىلىندى. يەنە بىرىسى جانابى سەيىد كاتتا خان تۆرەم ئىدى.ئۇ "ئاللا ئۆز دوستىغا جەننەت ئاتا قىلىدۇ " دىگەن ھۆكۈم ئىشارىتى بويىچە مەڭگۈلۈك باغچىسىغا سەپەر قىلدى ۋە كاشغەردە دەپنە قىلىندى. يەنە بىرى كاتتا خان تۆرەمنىڭ ئىنىسى كىچىك خان تۆرەم ئىدى، ئاقسۇدا دەپنە قىلىندى. يەنە بىرىسى ئىسرائىل خان تۆرەم بولۇپ، كونا تۇرپاندا دەپنە قىلىندى. مۇھەممەت رېھىم خان تۆرەم ساق-سالامەت ئۆز يۇرتىغا چىقىپ كەتتى. ھېكىم خان تۆرەم بىننى كاتتا خان تۆرەمنىڭ زىكرى يۇقىردا بايان قىلىندى، ئۇ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ، تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە بىرىنچى يىلى(مىلادى 1903-1904-يىلى-ت)

بۇ ئالەم يۈزىدىن مەڭگۈلۈك باغچىسىغا كەتتى دىگەن خەۋەرلەر بار. ئەھرارخان تۆرەم بولسا سالامەت ئۆز ۋەتىنىگە كەتتى. بۇ پەزىلەتلىك كىشلەرنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىرى بولسا خۇددى ئاسماندىكى قۇياشتەك مەلۇمدۇر.

ئىشان تەبەقىلىرىدىن مەھمۇد خوجا ھەزرەتلىرى بار ئىدى. ئۇ پەزلى كامالەتتە تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ يەنە جانابى ئاتالىق بەدۆلەتنىڭ پىر ۋە پىشۋالىرىدىن بىرى ئىدى، بۇ كىشى كاشغەردە ۋاپات بولۇپ، شۇ جايدا دەپنە قىلىندى. يەنە ئەخمەت خوجا شەيخۇلئىسلام بار ئىدى. بۇ كىشىنىڭ پەزىلەت ۋە تەبىئەت ئەخلاقىنى تەرىپلەپ يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ كىشى ھەرەم شېرىپ زىيارىتىگە كەتتى. يەنە بىرىسى سەيىد ئەردىلانى بولۇپ، ئۇ موللا،

ئۆلما ۋە فۇقۇھا ئىلمىنىڭ دانا ئالىمى ئىدى. ئۇ ھەزرىتى ئاپپاقتا دەرسگۇيلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن تالىپلار بۇ كىشىدىن ئىلىم ئوقۇپ مەنپەئەتدار بولغان ئىدى. يەنە شەيخ خۇداۋەندى تۆمۈرنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىشان تاجى خوجاسۇدۇر بار ئىدى، بۇ مەللە خاننىڭ يېنىدىن مەلىكەئى پەرەڭگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ خىزمەت قىلغان ئەزىز ۋە مۆتىۋەر كىشى ئىدى. كېيىن يەتتە شەھەردىن يۇرتىغا چىقىپ كەتتى. يەنە ھىندىستانلىق دىۋانە ئاتا ناملىق قەلەندەر مجەزلىك لېكىن پادىشا سۆلەتلىك بىر قېرى ئاجىز كىشى بار ئىدى. بۇ قادىرىيە[210] تەرىقىتىدە رىيازەت قىلىدىغان، كەشپى كارامەت ئادەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سوپىلاشقان ئادەم ئىدى. ئۇ يەنە ئاتلىق غازىنىڭ پىرى ۋە ئىشەنچلىك پىشۋالىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ھازىر بىر يۈز ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تىمەن ۋە قۇۋۋەتلىك بولۇپ، ھازىر غەۋسىيە داشلىرىنى قايىنتىپ، غېرىپ- بىچارىلەرگە ئاش بېرىپ، ئاجىز- بىچارىلەرگە يار- يۆلەك بولۇپ، ئۆچتۇرپاندا ۋەتەن تۇتتى.

بۇ چاغدا مەرتىۋىلىكلەر قاتارىدا ھساپلانغان يەنە بىر مۇنچە قارى بار ئىدى. ھېچقانداق زامان ۋە ئەسىردە بۇنداق بىر جەمئىيەت تەبەقىسى پەيدا بولغان ئەمەس. بۇلارنىڭ ئىچىدە قارى موللا سالىھ دىگەن ئادەم بولسا ئىمام، پازىل، ھاپىزى قۇرئان، خۇش ئاۋاز، مۆمىن دىندار ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «سالىھ» (دىنغا ياخشى ئەمەل قىلغۇچى – ت) دىگەن دىنىي ئىسىم بېرىلگەن ئىدى. يەنە پەزىلەتلىك ئۆلىما ئۇستازلاردىن كاشغەرلىك موللا مۇھەممەت شېرىپ خەلپىتىم بارئىدى. ئۇ ئەللىك يىل، بەلكى ئاتمىش يىل مىقدارى دەرسخۇيلۇق مۇقامدا ئولتۇرۇپ، تالىپلارغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈپ، پۈتۈن ئۆمرىدە ئەنە شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كەچۈردى. تولا ئىلمى تالىپلار ئەنە شۇنىڭدىن يېتىشىپ چىقتى. ئۇ ئۆزۈندىن بويان ئىلمنى كەسىپ قىلغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يەنە ئۈچ يۈزگە يېقىن تالىپى خەتمىگەردلىك لاياقىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن دەرس بېرىشكە رۇخسەت ۋە ئىرشات (گۇۋاھنامە –ت) ئالدى دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆمى سەكسەن بەشكە يېتىپ، تارىخ ھىجى بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئونىنچى يىلى ماھى شېرىپ رەمەزاننىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى (مىلادى 1894- يىلى 3- ئاينىڭ 24- كۈنى – ت) ئالدەمدىن ئۆتتى. يەنە بىرى موللا بىر مۇھەممەدى ئاخۇنۇ قازى كالان بولۇپ، ئۇ فۇقۇھا ئىلمىنىڭ ئالىمى، شەرئەتشۇناس، دىندار ۋە ئىنساپلىق كىشى ئىدى. يەنە موللا ئابدۇلرەشت ئاخۇنۇم ئەلەم بولسا موللا، دىياناتشۇئار، شەرىپەتۋەر كىشى ئىدى. يەنە موللا مۇھەممەت ئاخۇنۇم بولسا ئالىم، خۇش خۇي، گۈزەل سۆزلۈك، دەرسگۇر، شېئىر

مۇئەممادا تەڭداشسىز، مۇشكۈل ئىلملەردە ئوخشىشى يوق كىشى ئىدى. يەنە ئابدۇلخالىق ئىشان بوللا موللا بىر مۇھەممىدى ئاخۇنۇم قازى كالاننىڭ بىر تۇققان ئىنىسى ئىدى. ئۇ قادىرىيە ۋە چەشتىيە [211] سۆزلۈك ۋە تەرىقەتچىلەرنىڭ چوڭ پىشۋاسى ئىدى. جانابى ئاتالىق دۆلەتيارنىڭ پىرى ۋە ئىشەنچلىك پىشۋالىرىدىن بىرى ئىدى. يەنە ياركەنت ۋىلايىتىدىن قازى زىيائىددىن داموللامۇ ئىلىم ئۇستازى ۋە ئابرۇيلۇق قازى كالان ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ئىسلام پەتىۋا ئىلمىگە، ئەمرى شېرىپلىرى بولسا «كىشلەرگە بولغان ھۆكۈم ھەق بولۇش كېرەك» دېگەن ئايەتكە مۇۋاپىق ئىدى. بۇ ساق- سالامەت ئۆز يۇرتىغا چىقىپ كەتتى. يەنە موللا قاسىم ئاخۇنۇم ئەلەم ۋە موللا نەئمان قازى رەئىسلەرمۇ دەل ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

ئىشانلار تەبەقەسىدىن بولسا كىبىر ساھىپ ھەزرىتىم، مىسكىن ساھىپ ھەزرىتىم ۋە ئابدۇلراخمان ھەزرىتىملار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى گويا زامان پادىشاسى ۋە دەۋران ھاكىمىغا ئوخشايتى. ئۇلارنىڭ تەپسىلى تەرىپلەشنىڭ ھاجىتى يوق. خوتەندە موللا ئىبراھىم قازى كالان [212] دېگەن ئادەم بارئىدى. بۇ ئالىم، دىيانەتلىك، ھەق سۆزلۈك، ھەقىقەتچى كىشى بولۇپ، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ھەممە قازىدىن ئۇستۈن ۋە غەيرەتلىك، شەرىئەت رىئايەتلىرىنى بەراپ قىلىشتا ھەممە فۇقۇھالاردىن يۇقىرى ۋە پەۋقۇلئاددە كىشى ئىدى. ئاقسۇدا خوتەنلىك موللا ئابدۇللا ئاخۇنۇم قازى كالان دېگەن ئادەم بار ئىدى. بۇ كىشى مۆمىن، دىندار، ئىنساپ ۋە دىيانەتتە تەڭداشسىز، فۇقاھىيەت ۋە ئادالەتتە ئوخشىشى يوق، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بولسا ئىماملار ۋە مۇجتەھىدلەرنىڭ يولى بويىچە ئىجرا قىلاتتى. ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق، ئىككى كىشىنىڭ دەۋاسى ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇپ، خۇسۇمەت قىلىشقا قەتئىي يول قويمايتى. قازى كالانلىق مەنسىۋى بولسا بۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغ زاتىغا ناھايىتى مۇۋاپىق ئىدى. بۇ زات تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئۈچ يۈز يەتتىنچى يىلى (مىلادى 1889- 1890- يىلى - ت) ۋاپات بولدى. يەنە موللا مۇھەممەت ھەسەن ئاخۇنۇم دېگەن بىر ئەلەم بار ئىدى. ئۇ ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق ئۆلىمائى ئەلەم، پەزىلەتلىك پازىل ۋە ھەممە ئىلىمگە ماھىر ۋە سەۋىيىسى دېڭىزدەك چوڭقۇر، زېھنى ئىدراكلىرى تېز، مۇئەززىن تەبىئەتلىك نازۇك كىشى ئىدى. تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئونىنچى يىلى ماھى شېرىپ رەمەزاننىڭ يىگىرمە يەتتىسى (مىلادى 1893- يىلى 4- ئاينىڭ 15- كۈنى - ت) يەنە پەيشەنبە كۈنى ئالدەمدىن ئۆتتى. يەنە موللا ئىسمايىل ئاخۇنۇم دېگەن ئادەم مۇختى، شەرىئەت قانۇنشۇئاسى، خۇش خۇي، خۇش تىللىق، شىرىن سۆزلۈك، مۇلايىم، ھەرقانداق تەبەقەغە ماقۇل كىشى

ئىدى. يەنە بايلىق موللا ئوسمان ئاخۇنۇم دىگەن كىشى بار ئىدى. بۇ كىشىنىڭ زىكرى ئاۋالقى داستاندا بايان قىلىندى. بۇ ئۆز ۋاقتىدا ھەممىدىن پىشقەدەم، دىنىي دىيانەت بابىدا مۇستەھكەم، پەرز تەقۋادارلىقتا ھەممىدىن ئىشەنچلىك،ئىلمىي فۇقۇھا ۋە ئىلمىي سەرەپتە ھەممىدىن بىلىملىك، لېكىن ئىلمى مۇشكۇلاتتا ئاساسى كەم ئادەم ئىدى. بۇ كىشى بولسا مەزكۇر سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىۋاتقان مەنكى مۇئەللىپنىڭ ئۇستازى ۋە پىشقەدەمى ئىدى، يەنە موللا ئابدۇللەتىپ ھاجى ئاخۇنۇم دىگەن ئادەم بار ئىدى. بۇ ئادەم بۇخارائى شېرىپتە ئىلمىي تەتقىقات شۇغۇللانغان، ئىلمىي پەن، ئىلمىي ئەلەم، دۇئاگۇي، پىقىر ۋە ھەر ئىشنىڭ ئاخىرىنى ئويلايدىغان، مۇلايىم، لاتاپەتلىك كىشى ئىدى. بۇرۇندىن بۇيان ئاقسۇدا ئاخۇنزادە ۋە شەرىئەت ئىگىسى بولۇپ كەلگەنلەردىن يەنە شەمسىدىن ئەلەم ئاخۇنۇم دىگەن كىشى بار ئىدى. بۇ مۆمىن دىندار، ساددا مجەز،ئىستىخارە (كېچىلىك) نامىزىنى تاشلىمايدىغان، دۇئا ئىجاۋىتىنى كۈچلۈك مۇھاپىزەت قىلىدىغان كىشى بولۇپ، ناتىقلىقتىمۇ تەڭدىشى يوق ئىدى. تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان بەشىنچى يىلى (1878ـ يىلى – ت ) ۋاپات بولدى. يەنە ھادى خەلىپەم دىگەن ئادم بار ئىدى. بۇ كىشى شەجىقە دەنىشىن (زىكرى تالاۋات – ت) لىق بىلەن ئۆمۈر كەچۈرگەن ئىشان مىرغىياسىدىن ۋەلىلۇللانىڭ نەۋرىسى ئىشانجان ھەزرىتىمىنىڭ خەلىپىسى ئىدى. جانابى ئالى زامانىدا كاشغەردە ۋاپات بولدى. يەنە موللا ئابدۇلباقى ھاجى مۇفتى دىگەن كىشى بولۇپ، بۇ ئەقىل ـ پاراسەتتە تەڭداشسىز ، دانا، فۇقۇھا ئىلمىنىڭ ئىھالىمى، تەڭداشسىز شائىر ۋە كىتاپ يازغۇچى بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا گويا بىر ئۇلۇغ پادىشادەك ئىدى. ھەممە ۋاقىت نەغمە ـ ناۋا ۋە جەزمەدىل ئارالىق بىلەن ياشايتى. بەزىدە بىرەر پىيالە مەي ئىچىپ روھىنى خوشال قىلىپ، شادى ـ خوراملىق بىلەن بەزمە قىلاتتى. ئۇ ناھايتى خوش تەبىئەتلىك، خوش مۇناسىۋەتلىك، مەرت ۋە مۇساپىر كىشى ئىدى. تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئۈچ يۈزىنچى يىلى (مىلادى 1882ـ 1883ـ يىلى – ت) ۋاپات بولدى.

ئىشان تەبەقىلىرىدىن يەنە ئىمام رەببانى [213] ۋە مۇجەددىد ئەلىف سانى ھەم قۇتبى غەۋس سەەدانى، (يەنى جانابى ئەھمەت فارۇقى سەھەرندىنىڭ [214] نەۋرىلىرىدىن ناسارمەسۇم ھەزرىتىم دىگەن كىشى بارئىدى. بۇ كىشى ئاقسۇدا ۋەتەن تۇتۇپ، ھاپىزى كالام رەببانى زىيارەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋە ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىشىنىپ، نەقى ئىسپات قىلىپ، دائىم سەجىد بىلەن شۇغۇللىناتتى. تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1875ـ يىلى – ت) ئاقسۇدا ۋاپات بولۇپ، شۇ جايدا دەپنە قىلىندى. يەنە بۇ خاندانلاردىن ھەزرەت كالاننىڭ

پەرزەنتى ۋە ئائىلىسىنىڭ پەزىلەتلىك ۋاستىسى بولغان سادىق ھەزرىتىم دېگەن ئادەم ئىدى. بۇ كىچىلىرى ئۇخلىماي كالامى شېرىپ ئوقۇيدىغان، دائىم زىيارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئۇچۇق قوللۇق، غېرىپپەرۋەر، قەلەندەر رەۋىش، كەمبەغەل ،مىجەزلىك، پادىشا سۆيەتلىك كىشى ئىدى. بۇ كېيىن ۋىلايەت تەرەپكە چىقىپ كەتتى. يەنە ۋىلايەتلىك موللا ئىبراھىم ئاخۇن قازى ئەسكەر دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ دىندار، شەرىپەتۋەر، شەرىئەت ئالىمى ۋە پەرزگار كىشى ئىدى. يەنە قىپچاق موللا ناقۇلى ئاخۇن مۇفتى ئەسكەر دېگەن كىشى بولۇپ، بۇ توغرا نىيەتلىك ۋە شىر سۆپەتلىك كىشى ئىدى. يەنە موللا سائادەت ئاخۇن رەئىس دېگەن كىشى ھىساپ ئىلمىگە ناھايىتى قىزىقاتتى. يەنە باي سايرادا قازىلىق ئەمىلىگە نېسىپ بولغان موللا ئەكرەم شاھ قازى دېگەن ئادەم ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ، تەر ئاققۇزۇپ ئۆزىنىڭ رىسىقىنى تېرىپ ياشايتى. بۇ تەقۋادار ۋە فۇقۇھاشۇناس ئالىم ئىدى. تۇڭگانىلار دەسلەپ كەلگەن چاغدا، تۇڭگانىلارنىڭ زۇلمەتلىك ئوقى بىلەن تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆتىنچى يىلى (مىلادى 1877- يىلى ـ ت) گۇناسىز ئۆلتى ۋە شېھىتلىك دەرىجىسىگە ئۇلاندى. بۇ چاغدا كۇچاردا موللا يۈسۈپ ئاخۇنۇم قازى كالانلىق مەنسۇۋىگە نېسىپ بولدى. ئۇ فۇقۇھا ئىلمىنى شەرھىلىگۈچى ۋە تەكشۈرگۈچى ھەم ئۇستا ناتىقلار قاتارىدىكى كىشى ئىدى. ئۇنىڭ مىخەزى نازۇك، سىپايى تەبىئەتلىك كىشى ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن خىزمىتىدىن بوشىتىلدى. كېيىن يەنە مەرھەمەت قىلىپ، ئاقسۇدا قازى مۇتلەقلىق ئەملىنى بەردى. كۇچاردا بولسا موللا ئالللا يار ئاخۇنۇمنى قازى كالان قىلدى. بۇ ئالىم مۆمىن، دىندار، ساددا، فۇقۇھاچى، دىيانەتشۇئار، تەمكىن كىشى ئىدى.ئۇنىڭ قازىلىق ھۆكۈملىرى پەيغەمبەر شەرىئەتلىرىدە، ئەمرى شېرىپلەر، ئىماملارنىڭ تۇتقان يوللىرىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى غەيرەتلىك كىشى ئىدى ۋە ئۇ مەنكى بۇ ھەرپلەرنى يازغۇچىنىڭ ئۇستازى ۋە باش قويىدىغان پىشۋاسى ئىدى. ئۇ تارىخ ھىجرى مىر مىڭ ئۈچ يۈز تۆتىنچى يىلى (مىلادى 1886ـ1887- يىلى ـ ت) ھەرەم شېرىپ زىيارىتىدىن يانغاندا ئەنبەرسەر دېگەن جايدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىنىسى مولا ئەلى ھاجى ئاخۇنۇم بىر مەزگىل ئەلەم بولدى. بۇ مولللا، خۇشخۇي ۋە خۇش سۆزلۈك كىشى ئىدى. يەنە مولا ئالدۇلقادىر ئاخۇن مۇختى دېگەن مولللا فۇقۇھار شەرىئەتشۇناس، خۇش تەبىئەتلىك، خۇش مۇئامىلىلىك، شائىرلىق ئىلمىگە مايىل، بەزمە ئارىلىقتا قايىل بىر كىشى بار ئىدى. ھازىر ئۇ كىشى ھايات بولۇپ، قازى كالانلىق مەنسۇۋىنى ئۆتىمەكتە. كورلىدا بولسا مولللا ئەخمەت ئاخۇن دېگەن كىشى قازى كالان ئىدى. بۇنىڭ ئىلمى ئازراق، ئىنساپ دىيانەتلىرى تولىراق كىشى ئىدى. تۇرپانغا قازى سورخ ئابى دېگەن كىشى قازى كالان قىلىپ

تەيىنلەندى. بۇ موللا، دىندار، قۇقۇھ ئالىمى، تەقۋادار كىشى بولۇپ، مىجەز شىرىپلىرى نازۇك، غەيرەتلىك ۋە چۇس ئادەم ئىدى. بىراق، مەنسۇپدىن تېزلا بىكار قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇرپانلىق موللا تومۇر ئاخۇننى قازى كالان قىلدى. بۇ موللا، فۇقۇھا ئىلىمنى شەرھىلىگۈچى، دىندار، پەرزگار كىشى ئىدى. ئۇنىڭ پەرزگارلىغى شۇنچىلىك ئىدىكى، ھېكىم خان تۆرەم تۇرپانغا ھاكىم بولغان بۇ زامان قالايمىقان، ئىنقىلاپچىلار پارتىلىغان بىر چاغدا، ئۇ ھېكىم خان تۆرەمدىن بىر مىڭ بەش يۈز قىزىل تىللا ئامانەت ئالغان ئىكەن. بۇنى قايتۇرغىچە مالىمان بولۇپ، ئوتتۇردىن ئون ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. ئاندى قازى كالان «بۇ ۋاقىتقىچە بۇ ئامانەتنى ئىزدەپ كىشى كەلمىدى، ھايات چېغىمدا بۇ ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بەرگاچ، ھەرەم زىياتىگە مۇيەسسەر بولۇپ كېلەي» دەپ تۇرپاندىن چىقىپ فەرغانە ۋىلايىتىگە كېلىپ، ھېكىم خان تۆرەمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، بۇ ئامانەت ئالغان تىللانى ئالدىغا قويغاندا، تۆرەم «بۇ قانداق نىمە؟ قاچان ئامانەت ئالغانسىز» دەپتۇ. چۈنكى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن. قازى كالان ۋەقەنى بايان قىلىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، تۆرەم ئاندىن قازى كالاننى تونۇپ، تەھسىن-ئاپرىن ئوقۇپ، «ئۇشبۇ زاماندىمۇ بۇنداق ئىنساپ- دىيانەتلىك ئادەم بار ئىكەن،ئېسىمدىن چىقىپتۇ» دەپ خوش بولۇپ، دۇئا قىلىپ، بىر ەچچە كۈن توختىتىپ مېھمان ۋە زىياپەتلەرنى قىلىپ يولغا سالغان ئىكەن. تۇرپان بىلەن فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئارلىغى ئەقەللى ئاتمىش كۈنلۈك مەنزىل ئىدى. ئۇ سەمەركەنتكە بارغاندا كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى بىللە ھەمرا ئىكەن.ئۇ ئوغلىغا «مۇبادا مەن ھەق تائالانىڭ ھۆكۈمىگە بوي سۇنسام، سەن بۇ جايدىن ھەجگە بارساڭ راۋا بولمايدۇ. تۇرپانغا بېرىپ، سەنمۇ ئۆز ھەققىڭنى ئايرىۋېلىپ، ئۆز پۇلۇڭ بىلەن ھەج قىلساڭ بولىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن. ئوغلى دادىسىنىڭ ئەمرى بويىچە تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، ئۆز ھەققى بىلەن ھەجنى ئادا قىلىپ كەلدى. يەنە موللا سايىت ئاخۇن دەپ بىر ئۆلىما كىشى بار ئىدى. ھەممە ئىلىمدە ماھىر، سەۋىيىسى دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇر ئىدى. نۇرغۇن ئىلىملىك تالىپلار بولسا «بۇ كىشىنىڭ ئىلمى خۇدا تەرىپىدىن بىۋاستە بېرىلگەن» دەيتى. بۇ كىشى ئۆمۈر بويى دەرسگۇيلۇق بىلەن ئۆتتى. يەنە ئەسھابۇل كەھەب شەيخلىرىدىن موللا پولات شەيخ دىگەن ئەزى، مۆتىۋەر ۋە باي بىر كىشى بارئىدى. ئۇنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ئاقسۇدا توختاتت.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بۇ يەتتە شەھەردە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزكار ئۆلىما ۋە سالاھىيەت ئىگىلىرىدىن باشقا يەنە ئەتىۋالىق ئالىملار ۋە پازىللار تولا ئىدى. لېكىن سۆزىمىزنى شۇنىڭ بىلەن بەس ۋە كۇپايە قىلدۇق. بۇ

زاماندا يۈرت سوراپ، هاكىمى ۋىلايەت بولغانلىرىدىن يەنە كاشغەردە ئالاش بىي داخۋا، ياركەنتتە مۇھەممەت يۇنۇسجان شاغاۋۇل دادخۋا، خوتەندە نىياز هاكىم بېك دىگەنلەر بارئىدى. بۇلارنىڭ زىكرى ئۆز هۆرمىتىدە بايان قىلىندى. ئاقسۇغا ئەۋ دەسلەپ هېكىم خان تۆرەم هاكىملىق قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن موللا جىيەن مىرزابېشىنى هاكىم قىلدى. بۇ ئاقۇسنى ئون ئىككى يىل سوردى،. ئاندىن كۇچارلىق ئابدۇلراخمان دادخۋانى هاكىم قىلدى. ئۈچتۇرپانغا مۇھەممەت بابا توقسابىينى هاكىم قىلدى. باي سايرامغا مۇھەممەت ئىمىن توقسانىينى هاكىم قىلدى. كۇچارلىق ئىسھاق خوجامنى هاكىم قىلدى. ئاندىن ئامىل خان تۆرەمگە ئىنايەت قىلدى. تۇرپاننى هېكىم خان تۆرەمگە هۆكۈم قىلدى. ئۇرۇمچىنى تۇڭگانىكەنجە ئاخۇنغا يارلىق قىلدى.

ئەلقىسسە، ئاتالىق غازى (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان ئورنىنى نۇرلۇق قىلسۇن!) يۇرتدارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسنى ئۆزى قىلاتتى. دانا ۋە پازىل كىشلەردىن ئاشكارە هالدا بىرەر ۋەزىر تەيىنلىمىدى. لېكىن، ئۇ مەملىكەتدارلىق ئىشلىرىنى هەل قىلىش، قىيىن مەسلىنى بىر تەرەپقىلىشى، ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ۋە ئورنىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە دىندار، هۇشيار مىرزىلار ۋە تەجرىبىلىك كىشلەرنى، خۇددى ۋەزىرلەرنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، شۇلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. ئەمەلدارلىق، دۆلەتۋازلىق، پۇقراپەرۋەرلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسنىلا ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئىجرا قىلاتتى. يۇرتلارنىڭ بارلىق كىرىم- چىقىملىرى، ئەمرائىلار، لەشكەرلەر سانى، ئات، ياراقلارنىڭ ھىساۋى، غەزنە، ئىشخانا، ئاشخانىلارنىڭ خىراجەت سەرپىياتى قاتارلىق ئىشلار مىرزىلارنىڭ باشقۇرۇشغا بېرىلگەن ئىدى. هۆكۈمدارلىق ئىشلىرىنى ئاساسەن مىرزىلار بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن جانابى ئالىغا مەلۇم قىلاتتى. ئەرزىچىلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرىمۇ مىرزابېشىلار ئارقىلىق هەل قىلىناتتى. جانابى ئالىنىڭ هوقۇقىدىن قالسا، مىرزا بېشىلارنىڭ هوقۇقى چوڭ ئىدى. مىرزا بېشىلارنىڭ ئىززەت ۋە هۆرمىتى ناھايىتى چوڭ ئىدى. لېكىن ئۇلار غەزەپ سىياسەتتىنمۇ خالى ئەمەس ئىدى.

بۇزرۇك خان تۆرەم جانابى ئالى دەسلەپ كەلگەن چاغدا، موللا ياقۇپ مىرزا بېشى دىگەن ئادەم ئۇنىڭ بىللە كەلگەن ئىدى. ئۇ ئەقىل- پاراسەتتە تەڭداشسىز، مۇنشى خەتتاتلىقتا ئوخشىشى يوق ئىدى. ئۇ ئۈچ يىل مىقدارى مىرزىلىق ئەمەلنى ئۆتتىدى. ئاندىن كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىرزا باراتنى مىرزا بېشى قىلدى. لېكىن ئۇ ئىش ئېلىپ بارالمىدى. ئاندىن موللا ئەيسانى مىرزا بېشى قىلدى. ئۇ راۋاج تاپالمىدى. ئاقۇەت كاشغەرلىق

ھاجى ئەلەم ئاخۇننىڭ ئوغلى مۇھەممەدىن مەخزۇمنى مىرزا بېشى قىلدى. ئۇنىڭ مەشھۇر ئىسمى مىرزا فەرسەخ ئىدى. چۈنكى، ئۇ كاشغەردىن تۇرپانغىچە بولغان يوللارنى فەرسەخ قىلىپ، (ئۆلچەپ – ت) تاش توختىتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ناھايىتى ھۇشيار، تەجرىبىلىك، قاۋۇل، زىرەك، تېز قەلەم ۋە مۇنشىققا رىسالىلەر يازغان، ھەممە ئىلىمدە دانا ۋە ھەممىگە ماقۇل كىشى ئىدى. يەتتە خىل تىل بىلەتتى. ئالتە تايىپىنىڭ خېتىنى يازاتتى ۋە ئوقۇيتى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بۇخارالىق موللا كامال مىرزا، تۇسلۇق كامالىدىن مىرزا، موللا بارات مىرزا، ئەۋلىيا مىرزا، كاتتا خوجا مىرزا، شادى مىرزا، كاشىق خان تۆرە قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرغىلانلىق زەينۇلئابىدىن مىرزا دېگەن كاشغەرگە كەلدى. بۇ زاتنىڭ تەرىپى يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

بىك بەچچە ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا، مەزكۇر مىرزا بېشىنى قىرىق ئاتلىق يىگىت بىلەن خاقانى مەنسەپدارلىرىغا ۋە زۇڭتۇڭ دارىنىغا ئەلچى قىلىپ ماڭدۇردى. قورال- ياراق بىلەن كېلىپ مارالۋېشىدىن ئۆتكەندە، زۇڭتۇڭ دارىننىڭ چاپاۋۇل چېرىكلىرىگە ئۇچراپ، بىر- بىرىنىڭ مەقسىدىنى ئۇقۇشماي، تىل- زۇۋانلىرىنى بىلىشمىگەنلىكتىن، زۇڭتۇڭ دارىننىڭ چېرىكلىرى قورال- ياراقلىق بۇ ئادەملەرنى كۆرۈپ ئوق چىقىرىپتۇ. مەزكۇر يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى يوق قىلىپتۇ. مەخزۇمنىڭ ئاغزىغا ئوق تېگىپ، بوغۇزىدا توختاپ قاپتۇ. بۇ بىھوش بولۇپ ياتقاندا، زۇڭتۇڭ دارىن يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭغا جانابى ئاللىنىڭ غەزنىچىسى ھۇشۇر مەھرەم، ئاقسۇلۇق سىدىق بېكلەر تىلماچ بولۇپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلار بۇنى تونۇپ زۇڭتۇڭ دارىنغا مەلۇم قىلىپتۇ ۋە «بۇ كىشى لاۋ پادىشانىڭ (كونا پادىشانىڭ – ت) كاتتا ئادىمى ئىدى. بەك تىنچ ئادەم ئىدى» دېگەندە، ئۇ «ئانداق بولسا مەن چۈشكەن يەرگە تىنچ ئېلىپ بارسۇن» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، جاراھەتچى بىر خىتاي ھازىر قىلىپ سۆز سورىسا، جاۋاپ بېرەلمەي، ئىما- ئىشارەتلەر بىلەن «ماڭا دۇۋەت، قەغەز، قەلەم كېرەك» دەپتۇ. بۇلارنى كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇددىئالىرىنى خەتكە يېزىپ بېرىپتۇ. خەت مەزمۇنىغا قاراپ تۇرۇپ «ئۇلۇغ خاننىڭ مەنسەپدار ۋە چېرىكلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىلىپ تۇرۇپ، قورال- ياراق بىلەن ئۇلارغا دۇچار بولغىنىڭ قانداق» دەپ سورىغاندا، ئۇ خەتكە يېزىپ، « مېنىڭ خەۋىرىم يوق، بىك بەچچە ئۆزىدىن قورقۇپ، مېنى ئەلچى قىلىپ بۇيرىغان ئىكەن»دېگەندە، بۇ «سېنى ئۆلسۇن دەپ بۇيرىغان ئىكەن» دىسە، يەنە خەتكە يېزىپ «بىك بەچچە ياش ئىدى، ياشلىق قىلىپ بىمەسلىھەت مېنى بۇيرۇدى، بارمايمەن دېگىلى بولمىدى» دەپتۇ. بۇ «راستىڭنى ئېيت» دەپ قايىل بولۇپ

ئادەم قوشۇپ، كاشغەرگە ئېلىپ بارسۇن دەپ، يولدا خەجلەيدىغان كۆمۈش ئىئام قىلدى ۋە كاشغەرگە بارغاندا، ئۇنىڭغا ئوبدان جاي ـ ماكان تەيىنلەپ، ۋەزىپە مۇئاش بەلگىلەپ، تۆت ـ بەش كۈندە سۆز سوراپ ئىلتىپات قىلىپ تۇردى.

ئاخىرى قىشنىڭ سوغاقلىرى ئۆز ماكانىغا كەتتى. باھار كۈنلىرى كەلدى. پاختەك، قۇش ـ قۇمرىلەر سايراشقا باشلىدى. مەخزۇم مىرزا بېشىمۇ سۆزگە كىرىپ، «ئەمدى يۇرتۇمغا چىقىپ كەتسەم» دەپ ئەرز مەلۇم قىلدى. زۇڭتۇڭ دارىن «چېرىكلەر سىزنى بىلمەي ئېتىپ قويۇپتۇ، كۆڭلىڭىزگە ئالماي، رازى بولۇپ ئەپۇ قىلىڭ» دەپ ئۆزرە ـ خالىق ئېيتىپ، ئىككى يۈز سەر كۈمۈش ۋە ئات بېرىپ، فەرغانە ۋىلايىتىگە كېتىشكە رۇخسەت بېرىپتۇ. ئۇ ياخشىلىقنىڭ ئەسراتىنى بۇ ئالەمدە كۆرۈپ، مەرغىنانغا ساق ـ سالامەت بېرىپ، ئۇرۇق ـ قۇياشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەرەم شېرىپ زىيارىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مۇرات ـ مەقسەتلىرى ھاسىل بولۇپ، يەنە يېنىپ كېلىپ مەرغىنانغا ۋاپات بولۇپتۇ.

يەنە نەجمىدىن مىرزا، ھاجى ئارتۇق مىرزا، موللا ئەيسا مىرزا، موللا قاسىم مىرزا، موللا كېرەم مىرزا قاتارلىق كۆپ مىرزىلار بار ئىدى. يەنە تاشكەنتتە غازى ئاتالىققا مىرزا بېشى بولۇپ، ئاندىن مەرغىنانغا ھاكىم بولغان ۋە كېيىنچە موللا ئالىم قۇل ئەمرى لەشكەر خوتەندىكى ھاجى پادىشاغا مىرزا بېشى قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە قاغىلىققا ھاكىم بولغان قانائەتشاھ دىگەن كىشى بار ئىدى. ھىسار بېك زادىلىرىدىن مىرزا بابابېك ھىسارى بولسا جانابى ئاتالىقنىڭ پەرمانى بىلەن ئاقسۇغا زاكاتچى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۈچتۇرپاندىن كورلىغىچە بولغان جايلاردىن زاكات يىغىش ۋە زاكات ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىش، قاراۋۇللاردىن ئۆتىدىغان يول خېتى قاتارلىقلارغا دەل بۇ زاكاتچىنىڭ مۆھرى بېسىلاتتى ۋە ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن بىر تەرەپ قىلىناتتى. بۇ مۆمىن، دىندار،ئىنساپلىق كىشى ئىدى. ھەر ھەپتىدە قۇرئانى كېرىمنى بىر قېتىم ۋە دالايىلنى بىر قېتىم خەتمە قىلىپ چۈشۈرەتتى. مەزكۇر كىتاپنى يازغۇچى مەنكى كەمىنە موللا مۇسا ئەيسا خوجا سايرامىمۇ مەزكۇر زاكاتچىنىڭ خىزمىتىدە يەتتە يىل ئىشلەپ، ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزدۈم. ئۇنىڭ تاھارەتسىز يەرگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرمىدىم. ئۇ قىش ۋە يازدا سوغاق سۇدا تاھارەت قىلاتتى. نازۇك شەرىئەتكە قىلچىلىكمۇ تاجاۋۇز ياكى خىلاپلىق قىلمايتى. بىر ھۇجرىنى پەقەت تالاۋەت قىلىشقا تەيىنلىگەن ئىدى. بۇ ھۇجرىدا ئىككى خام خىش، ئىككى پارچە بورا، بىر پارچە كالامى شېرىپ، بىر پارچە دالايىل، بىر دانە رېھلىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. بۇ ئۆيگە مەندىن باشقا ئادەمنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىلمەيتى. ھاۋا سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر مۇھىم ئىش

ئۇچۇن ئۇنىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇ يېڭىلا تاھارەت ئالغان ئىكەن. تاھارەت سۈيى ئۇنىڭ بۇرت، ساقال ۋە قاش، ماقاللىرىدا مۆزلاپ قاپتۇ. مەن چىقىپ بىر خۇفۇڭغا جىق كۆمۈر سېلىپ ئوت يېقىپ، ئىس- دۇتلىرىنى چىقىرىپ، كۆتىرىپ كىرىپ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ قول ۋە يۈزلىرىنى بىر قاتار ئېتىۋېتىپ، دۇئا قىلىپ تۇرۇپ «ئەي بوتام، بۇ ئوتنى ئېلىپ چىقىپ ئۆزەڭلەر ئىسسىڭلار، مېنى بۇنداق راھەتكە ئادەت قىلىپ قويماڭلار» دەپ چىقىرۋەتتى. ئۇ قۇرئان تالاۋەت قىلدىغان ئۆيگە زادى ئوت قالمايتى ۋە «يېشىم ئاتمىشقا يەتتى، ئاقنى قارا قىلدىم. قارنى ئاق قىلدى. ئۆمرۈمنى غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزدۈم، دەرگاھى ئىلاغا قايسى يۈزۈم ۋە قايسى كۆزۈم بىلەن بېرىپ، ئۇنىڭ جامالىغا قانداق قارايمەن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئاق ساقلىمنى قىزىل قانغا بوياپ تۆھپە قىلىپ ئېلىپ بارسام، بىر غازات قىلىپ ئۆتسەم» دەپ يىغلاپ- يىغلاپ، كۆز ياشلىرىنى خۇددى يامغۇردەك تامچە- تامچە قىلىپ تۆكەتتى. مەن كەمىنە ئۆز كۆڭلۈمدە «مۇبادا خىتاي كەلسە جاننى ساقلاش ئۇچۇن قايسى داۋان ياكى قايسى قاراۋۇلدىن ئېشىپ كېتەر ئىكەنسىز» دەيتىم. ئاخىرى ئۇ ياركەنتتە كاپىرلارنىڭ قولىدىن شەربىتىنى شاھادەتنى ئىچتى ۋە مۇرادىغا يەتتى. ئۇ تولا كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز تالاۋەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. تالاۋەتتىن باشقا ئىشلارنى كەم قىلاتتى. نەقىل قىلىشلارغا قارىغاندا، خىتايلار قادىر قۇلى بېك، ئامىل خان تۆرە، مۇھەممەت ئىمىن توقسانىي، قارى مۇھتەر باشلىق ئون يەتتە كاتتا بېكنى بىر كۈندە شاھادەتلىككە يەتكۈزگەن ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەزكۇر زاكاتچىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپ، نەچچە سەكرەپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگىلى چىققان خالايىق ئاڭلاپ ۋە ھەيران بارماقلىرىنى تەپەككۇر چىشلىرىغا قويۇپ چىشلەپ، تەھسىن- ئاپىرىنلارنى ئوقۇغان ئىكەن. بۇنىڭغا جاللات كاپىرلارمۇ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان ئىكەن. ياركەنتتىن كېلىپ بۇ ۋەقەنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ئىشەنچلىك سودىگەرلەر مەندىن «بۇ زاكاتچىدا قانداق ياخشى كارامەت ۋە خىسلەت بار ئىدى. ئۇ قانداقچە مۇنداق بولدى» دەپ ماھىيىتىنى سورىدى. بىلگەنلىرىمنى بايان قىلدىم. ئۇلار ئاپىرىنلارنى قىلىپ دۇئاغاد قول كۆتۈردى.

شۇ سائادەت ئەسەر ۋە دۆلەت يار زاماندا، ھۇشيار مىرزىلارنىڭ خۇش ئىنشا ۋە قەلەملىرىنىڭ سۆزلەرنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تىزىش ئۇسۇلى گويا مىرزا ئابدۇلقادىر بىيدىلى ئەررەھمەنىڭ [215] خەت ۋە سۆز ئۇسلۇبىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرپىدىن گۈل يۈزلۈك بىر مەھبۇب، ھەر بىر چېكىتلىرىدىن بىر سۆزۈك لەئىلە پەيدا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا گويا بىر باقى جاھاندەك سەيىر- تاماشا قىلىپ، كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزلىرىگە روشەن نۇر، كۆڭۈللىرىگە

ھەددىدىن ئارتۇق خوشالىق بەخش ۋە ئاتا قىلاتتى. بۇ تەدبىرچى مىرزا ساھىپ ۋە دەپتەرچىلەرنىڭ خوش قەلەملىرىدىن چىققان گۈزەل ۋە شىرىن سۆزلەرنىڭ ھەر بىر ھەرىپى بولسا پۇقرالارنىڭ مول مەئىشتى ۋە پاراۋانلىقىغا سەۋەپ بولاتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر چېكىتى بولسا كۆڭۈللەرنىڭ تەشۋىشلىرىنى ئورنىغا چۈشۈرۈپ، خاتىرجەملىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپ بولاتتى.

بۇ چاغدا يەنە بەزى بەدبەخ مىرزىلار بار ئىدىكى، ئۇلار بولسا زالىم، خىيانەتچى، ئىنساپسىز ئادەملەردىن ئىبارەت بولۇپ، بىرنى ئون قىلىشتىن قورقمايتى. ئۇلارنىڭ قەلىمى بولسا گويا بىر چايانىنىڭ چېقىشى ياكى بىر جاراھەتچىنىڭ زەھەرلىك نەشتىرىگە ئوخشايتى. دېمەك، ئۇ زامان مۇنداقلاردىنمۇ خالى ئەمەس ئىدى.

ئەلقىسسە، ئۇ ئادالەت ئىنتىزام ۋە ئاقىۋەتتى خەيرىلىك زاماندا، جانابى بەدۆلەت غازىنىڭ ئالى دەرىجىلىك ۋە ئىنتىزام ئاقىۋەتلىك ئەسكەرلەر تەبەقىسى ئىچىدە مۇھەممەت نەزەر بېك، قادىر قۇلى بېك دېگەن ئادەملەر بولۇپ، بۇلار نەسەپ جەھەتتە فەرغىنانە ۋىلايىتىدىكى بابۇرىيە [216]خانلىرىنىڭ نەسەپلىرىگە مەنسۇپ ئىدى. خۇداي قۇلى تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئاندىن تەختتىن چۈشتى. بۇنىڭ نامى بولباقچى خان دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر. يەنە ئىلگىرىكى خوقەند خانلىرى زامانىسىدا خىزمەت قىلىپ، خانلارنىڭ مۇبارەك نەزەرلىرىدىن ئۆتۈپ يۇرت سوراپ، ئىسىلزادىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلاردىن مىرزا ئەھمەت قۇشبېگى، نار مۇھەممەت پەرۋانچى، باقى بېك دادخۇا، مىرزا بابا دادخۇا، پەيزۇللا دادخۇا، قوش دادخۇا ھەمدەم باتۇر بېشى، مىرزا قاسىم مۇھتەر، بۇخارالىق ئابدۇل غاپپار بېك، ھىسارلىق مۇھەممەت ئىمىن بېك، خوجا نەزەر بېك بوخچە، بەردار ھۆدەيچى قاتارلىق ئىسىل كاتتا بېك ۋە بېكزادىلەر تولا ئىدى. بۇلار جانابى ئالىنىڭ مۇبارەك دۆلەتلىرى سايىسىدە خاتىرجەم ۋە ئىززەت، ئابرۇي بىلەن ئۇنىڭ ئوبدان ئەمرائىلىرى بولۇپ ئۆمۈر كەچۈردى

بۇلاردىن باشقا يەنە ئەمەلدىن بىكار قىلىنغان، ئەمما تەجرىبىلىك ئىسىل ئەمرائىلەرمۇ تولائىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە جەڭ- ئۇرۇش كۈنلىرىنى تاماشا ۋە بەزمە قاتارىدا كۆرۈپ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىلىپ ئىش قىلىدىغان ئەمرى لەشكەرلەرمۇ بارئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە جانابى ئاتالىق غازىنىڭ پەرزەت رىشتىسى بولغان بېك قۇلى بېگىم بولسا، ئۇ چاغدا ئەمرۇل ئەمرا ۋە لەشكەر بېشى ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى ھەق قۇلى بېگىم ئەمرى لەشكەر ئىدى. مىرزا ئەھمەت قۇشبېگىمۇ ئەمرى لەشكەر ئىدى. بۇرۇنقى خانلار زامانىدا تاشكەنتنى نەچچە يىل سورىغان ۋە فەرغانە

ۋىلايىتىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە، بۇ كىشىدەك كاتتا ۋە چوڭ ئەمەلدار يوق ئىدى. جانابى ئالى بۇ كىشىنى ئەمىرى لەشكەر قىلدى. لېكىن ئۆز- ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ، بىر مەزگىل نەزەربەتتە تۇتۇپ، يەنە ئۇنىڭغا مېھرىبان بولۇپ، ئەمىرى لەشكەرلىككە تەيىنلىدى. بۇنىڭ زىكرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. قىپچاق ئۆمەر قۇل دادخۇاھ دىگەن كىشى بار ئىدى. بۇنىمۇ ئەمىرى لەشكەر قىلدى. بۇ ئەسلىدە فەرغانە ۋىلايىتىدىكى خانلارنىڭ ھۇزۇرىدا چوڭ ئەمەلدار ئىدى. بۇ ئون تۆت يىل ئەمىرى لەشكەر بولۇپ، دۆلەت ئىزنىتى بىلەن يۇرتىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئابدۇللا پانسەتنى ئەمىرى لەشكەر قىلدى. ئۇ بىر نەچچە يىل خۇددى رۇستەمى داستان ۋە سام نەرىمانلىرىدىنمۇ ئارتۇق ئىشلارنى قىلدى. ئاخىرى كۆزى نۇردىن قالدى. بىر نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭا ئىككى يۈز يامبۇ ئىنئام قىلىپ، ئادەم قوشۇپ، بەلخدىكى مازارى شېرىپكە ماڭدۇردى. ئۇنىڭ ئورنىغا بەچچە باتۇر پانسەتنى ئەمىرى لەشكەر قىلدى. بۇ جانابى بەدۆلەت غازىنىڭ قول ئاستىدا ئۆسكەن ئىدى. يەنە قىپچاق تۇردى قۇلنى ئەمىرى لەشكەر قىلغان ئىدى. بۇ كېيىن ئورنىدىن بوشاپ كۇچاردا تۇردى. بۇ مۆمىن مۇسۇلمان، دىندار ۋە تالاۋەتتىن باشقا ئىشلار بىلەن كەم شۇغۇللىنىدىغان كىشى ئىدى. بۇ جانابى ئالى تەرىپىدىن ئاقسۇدا سالام تاغىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلەنگەن ئىدى. يەنە ئاۋغان جامدار دادخۇانى ئەمىرى لەشكەر قىلىپ، توپ، زەمبىرەك سەرۋازلىرىنىڭ ئۈستىگە قويغان ئىدى. بۇ ساق- سالامەت ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ھەرەم شېرىپىنىڭ زىيارەت ئاللىرىغا مۇيەسسەر بولۇپ، مەقسەت- مۇرادىغا يېتىپ، ۋاپات بولۇپتۇ. يەنە كىچەك لاۋۇر، ئابدۇلرەھىم پەھلىۋان، ئۆمەر خوجا ئىشان، تۆرە، قۇل لاۋۇر، مۇھەممەت ئەپەندى، خېلىل ئەپەندى قاتارلىقلارمۇ ئەمىرى لەشكەرلىك دەرىجىسىدە تۇرغان ئىدى.

ياساۋۇلباشلار جامەسىدىن كاتتا ئەمەلدار ۋە ئەمىرى لەشكەرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلەردىن تۇراپ خوجا ياساۋۇلبېشى دىگەن بار ئىدى. كېيىن ئۇ بىكار قىلىنىپ، ئورنىغا مۇھەممەت قاۋۇل بېك يۈز بېشىنى ياساۋۇل باشى قىلدى. ئۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق ناھايىتى قاۋۇل كىشى ئىدى. يايدى ئۇرۇشىدا ئوق تېگىپ ئۆلدى. يەنە كورلا ھاكىمى نىياز مۇھەممەت توقسابىينى ئەمىرى لەشكەر قىلىپ داۋانچىندا قويدى. ھەيدەر قۇلى پانسەت، ئەشمۇھەممەت پانسەت باشلىق ئالتە پانسەتنى ئۇنىڭغا ھەمرا قىلدى. بۇلار خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، شاھادەتلىككە يەتتى. يەنە باتۇر ۋە ناملىق پانسەتلەردىن ئەزىم قۇل پانسەت دىگەن بار ئىدى. ئۇ گۇمادىدا خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، بىر نەچچە يىگىتى بىلەن شاھادەتلىككە ئۇلاندى. كېرىم باي دادخۇاھ، كېرىم باي مىرزا، شىر مۇھەممەت پانسەتلەرمۇ

ئاخىرىدا ئەمىرى لەشكەر بولدى. مىرزا بېشىمۇ پانسەت، ئەمىرى لەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان، موللا پازىل قارى بولسا كېلىشكەن مۇنشى ئىدى.

يەنە ئۆرگەنچ بېكلىرىدىن مەھمۇت بېك ئۆرگەنچى بولسا چوڭ پانسەت، مۆمىن، دىندار، غەيرەت ـ شىجائەتتە بىگۇمان كىشى ئىدى. ئورا تۆپە بەگزادىلىرىدىن ئەلى بېك پانسەت، ۋەلىلۇللا پانسەتلەرمۇ كاتتا ۋە ياخشى ئادەملەر ئىدى. يەنە ئۇبۇلقاسىم پانسەت، ئاسامىدىن پانسەت، ئالىم باي پانسەت،ئەيت مۇھەممەت پانسەت، باقى بېك پانسەت، مىر كېرىم قۇرچى، باي مۇھەممەت پاراش بېشى، كاشغەرلىك ئاخۇن پانسەت، نۇرۇز پانسەت قاتارلىق پانسەت، لاۋۇر، سەرجەڭلەر بولۇپ، ئومۇمەن ئالتۇن كەمەر ۋە ئوقدانلىق پانسەت، ئەمىرائىللار ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئىدى.

ئالتە شەھەر ئادەملىرىدىن نىياز ھاكىم بېكنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن بېك ئەمىرى لەشكەر ئىدى. تۇڭگانى مااولايە، يېڭى مۇسۇلمان خۇدالويەلەرمۇ ئەمىرى لەشكەر ئىدى. تۇڭگانى ۋە يېڭى مۇسۇلمانلارم،ۇ يەنە بىر مۇنچە پانسەت، ئەمىرائى، يۈز بېشىلار بار ئىدى. ئاقسۇلۇق ئابدۇلراخمان دادخۇانىڭ ئوغلى ھاپىز بېك دىگەن پانسەت بار ئىدى. ئۇ موللا ئۆلىما بولۇپ، شۇ زامانىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئىلمي پەزىلەتلەردىن خالى ئەمەس ئىدى. دەسلەپتە ئۇ دادىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، بىللە ھەج ئىسلامىنى ئادا قىلىپ كەلدى. بۇ يىلمۇ ھەرەم شېرىپ زىيارىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى. لېكىن پەلەك ۋەزىيىتى ھاپىز ھاجىنىڭ تەبئەت ـ ئىدراكلىرىگە مۇۋاپىق كەلمىگەنلىگى، زامانە ئادەملىرىنىڭ پىئىل ئەتىۋارىمۇ ئۇنىڭ نۇرلۇق مىجەزىگە ياقمىغانلىغى تۈپەيلىدىن، ئۇ شەھەرنى تاشلاپ سەھرانى خالىدى. بىر نەچچە مۇددەتتىن كېيىن شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ، قازى كالانلىق مەرتىۋىسىگە تەيىنلىدى. ھازىرمۇ قازىلىق ئورنىدا تۇرماقتا. يەنە كۇچارلىق قادىر پانسەت دىگەن بارئىدى.

ختايلار كەلگەندە ئاز ۋاقىت مەنسەپ تۇتتى. ئاندىن ھەرەم شېرىپ زىيارىتىگە سەپەر قىلىپ ۋاپات بولدى. بۇنىڭ زىكرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. يەنە شەھيارلىق مەمۇر پانسەت دىگەن ئادەم خاقانى چىنى لەشكەرلىرى ۋە مەنسەپدارلىرى كەلگەندىن كېيىن، ئەمىرى ئىتائەتتىن چىقىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، سۈننەت يولى ۋە رازىلىغىنى ساقلاپ، ھىجرەتنى ئىختىيار قىلى، بىر مۇنچە ئادەملىرى بىلەن كۆچۈپ ھەرەم شېرىپ زىيارىتىنى كۆزلەپ، شەھياردىن قوزغىلىپ، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئاۋات دىگەن جايغا كەلگەندە، زۇڭتۇڭ دارىن بىر كېچىدە لەشكەرلىرى بىلەن بېرىپ،

ئادەملىرىنى تۇتتۇالدى. مەزكۇر پانسەت بىر نەچچە ئادىمى بىلەن قىچىپ ياركەنتكە بارغاندا تۇتۇلدى. مەنسەپدارلار ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ، نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىپ، «ئەمدى يەنە نىمە مەقسىدىڭىز بار» دىگەنىدە ئۇ «ئاتالىق غازى بەرگەن ئېتىمنى ۋە قورال- ياراقلىرىمنى بەرسىڭىز، سىز چېرىكلىرىڭىز بىلەن بىر كاتتا ئۇچۇق مەيدانغا چىقسىڭىز، ئۇ يەردە مەن چېرىكلىرىڭىز بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلسەم دىگەن ئارزۇ- ھەۋىسىم بار، بۇنىڭدىن بۆلەك مەقسىدىم يوق» دەپتۇ. مەنسەپدارلارنىڭ ناھايتى غەزىۋى كېلىپ، ئاممىغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىپ، ئاقسۇ، كۇچارغا ئاپىرىپ شۆھرەت قىلدى. يەنە ئاقسۇلۇق مۆغەننى ئەخمەت ئاخۇن بىننى موللا رۇستەم دىگەن ئادەم بار ئىدى. بۇ جانابى ئالى بەدۆلەتكە يىگىت ۋە مەھرەم بولۇپ، ئۇ جانابى ئالىدىن زادىلا ئايرىلمايدىغان ياردەمچى ئىدى. ئۇ تۇرپان ۋە ئۇرۇمچى ئۇرۇشلىرىدا جانابى ئالى بىلەن يەتتە يىل مىقدارى بىللە بولدى. ئۇ نەقلى ھىكايە ۋە خەۋەر قىسسىلەرگە ناھايتى ئۇستا ئادەم ئىدى. ئۇرۇمچى خەۋەرلىرى ۋە باشقىلارنىڭ دىگەنلىرىگە سېلىشتۇرۇپ تەھقىقلاپ، بۇ ۋەرەق سەھىپىسىگە بېكىتتىم. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ ھەممە جايدا ھازىر بولۇپ كۆز بىلەن كۆرۈشى ھەم ۋەقەلەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغانلىغىنى ھەممە ئەقىل ئىگىلىرىگە روشەن ۋە ئاشكارىدۇر- ۋەسسالام.

## 18

## بۇ مەجۇئە مۇئەللىپنىڭ ئىسمى نەسەپلىرى، سەرگۈزەشتە خەۋەرلىرى قىسسەئى ئەپسانىلىرى ھەم ۋەقەلىرى بايانى

مۇۋەپپىقىيەتكە يېقىن يارەنلەر ۋە سادىق قىلىقلىق بۇرادەرلەرنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللىرىگە روشەن ۋە يېقىن بولغايكى، بۇ كەمىنە موللا مۇسا ئىبنى موللا ئەيسا خوجا سايرامى زەررىدىن كەم ۋە بى ئېتىۋار بىر ئەرز قىلىدۇكى، ئەڭ دەسلەپتە يەنى بالاغەتكە يەتكەن دەسلەپكى چاغلاردا، ئاتام مەرھۇم ئىلىم ئارزۇسى ۋە تەلۋىدە، مېنى كۇچارغا ئېلىپ بېرىپ، موللا مۇسا ئوسمان ئاخۇنۇم ئەلەھىررەھمەنىڭ خىزمىتىگە قويغان ئىدى. مەن بۇ جايدا بىر نەچچە يىل مەدرىسنىڭ

تۇپرىغى، ئىلىم تالىپلىرىنىڭ دەپسەندىسى بولۇپ، تېخى ئەمدىلا توغرا بىلەن ناتوغرىنىڭ مەنىلىرىنى ئايرىتىپ ئىگەللەشكە كۈچ-قۇۋۋىتىم يېتىشكە باشلىغان چاغدا، كوچاردىكى تۆگىگانىلار ئۇلۇغ خانىنىڭ ئەمرى ئىتائىتىدىن چىقىپ ئىسلام ئاچتى. بۇ كۆنلەردە بۇ ھەرپلەرنى يازغۇچى- مەن سايرامدا ئىدىم. ئۇشتۇمتۇت كوچار تەرەپتىن بۇرھانىدىن خېتىپ خوجام ۋە پەرزەندى مۇھەممۇدىن خوجام ھەم موللا ئوسمان ئاخۇنۇملار ئىسلام شېچىپ ئاچماق ۋە ھەدىسنىڭ «جەننەت قىلىچ سايىسىنىڭ ئاستىدا» دىگەن مەزمۇنى بويىچە شەرئەت قىلىچىنى چاپماقنى نىيەت قىلىپ، ئاقسۇ تەرەپكە سەپەر قىلىپ، سايرامغا چۈشتى. كەمىنە مەنمۇ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۆز ئىختىيارىمغا قارىماي، بىللە ھەمرا بولۇپ، قارا يۇلغۇنغا كەلدۇق. ئاقسۇ ھاكىمى سەئىد بېك باش بولۇپ، نۇرغۇن ختاي چېرىگىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇرۇشتى. باراۋەرلىك قىلالماي قاچتۇق. كەمىنە مەنمۇ بىر نەچچە ئادەم بىلەن موقۇر يولىغا كىرىپ، چۆل- جەزىرىلەر بىلەن كوچارنىڭ يۇلتۇز باغ دىگەن كەنتىگە چىقتۇق. بۇ جايدىكىلەر كىيىم- كېچەك ۋە ئات- ئۇلاقلىرىمىزدىن ئايرىپ، مېنى ختايلارغا تۆھپە- سوغا قىلىپ ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە كوچارلىق خوجاملار ئادەم راستلاپ، ئاقسۇ تەرەپكە ماڭغانلىغىنىڭ خەۋىرى ئاڭلاندى. ئۇلار بىزنى بوشاتتى. يۇلتۇز باغدىن پىيادە ۋە يالغۇز كوچار تەرەپكە باردىم. كوچار ئادەملىرىنىڭ قىياپىتىدىن گويا قىيامەتنىڭ ئەسرى ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پانا قىلغۇدەك بىرەر جاي- ماكانمۇ تېپىلمىدى. ئاخىرى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىلۇللانىڭ مازاراتلىرىغا باردىم. بۇ چاغدا بۇ چاغدا موللا ئاللا يار ئاخۇنۇم ۋە موللا ياسىپ ئاخۇنۇملار مازارنىڭ بېغىدىكى خوجاملار ئەجدادىنىڭ ئاياقلىرىدا ئەھتىكاپ نىيىتى بىلەن دۇئا- تەلەپ قىلىپ تۇرغان ئىكەن. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، سەرگۈزەشتە ۋە باشقا ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا يىگىرمە كۈنچە تۇردۇم. ئۇشتۇمتۇت مەھمۇددىن خوجام ئاقسۇ ئېلىنغانلىغىنىڭ خوش خەۋىرىنى ئېلىپ كوچارغا كەلدى. ئۇ خوجاملار بىلەن كۆرۈشۈپ، تۆت بەش كۈن تۇرۇپ ئاقسۇغا ياندىغان بولدى. مەنمۇ بىللە ياندىم. سايرامغا كېلىپ نەزەر سالسام، يۇرتنىڭ ئەھۋالى باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ جايدا تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئاقسۇغا بىللە ياندىم. ئاندىن ئۈچتۇرپانغا باردىم. بۇ يۇرتلار ئاتالىق غازى بەدۆلەتكە تەۋە بولغىچە ئۈچتۇرپاندا ئۆمۈر كەچۈردۈم. بۇ ۋەقەلەر ئاۋالقى داستاندا زىكىر قىلىنغان ئىدى. ئاندىن كېيىن جانابى ئالى بەدۆلەت ئاقسۇدا قويغان زاكاتچىنىڭ قول ئاستىدا مىرزىلىق، ھەمتاۋاق ۋە ھەمپىيالە بولۇپ، خاتىرجەم ۋە تىنچ كۆڭۈللۈك ئۆتتۇم. ئۇ قادىر ئاللانىڭ جالالىنى ۋە ئىرادە تەقدىرى بىلەن ئۆمرىمىز ئۆتتى.

هازىر بۇ قېرى ئاجىز باشتىن- ئاياققىچە گۇناغا چۆمگەن، ھېچنىمىنىمۇ بىلمەيدىغان بىچارە ئاقسۇ ئىچىنى جاي- ماكان تۇتۇپ، بىر بۇلۇڭدا دۇئا ۋە ئىلتىجا بىلەن پۈتكۈل كۈچىنى، پۈتۈن ھەممىدىن خالى بولۇپ، پاك ھاياتلىق دائىرىسىدە ئۆمرىمىز ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ – ئەڭ ئالى ماختاش ئاللاغا مەنسۇپتۇر !

ئەلقىسسە، مەن يۇقىرىدا سايرامدىن بولمەن دىدىم. ئەگەر سايرامنىڭ ۋەقە ئەھۋاللىرىنى ئىندەك بايان قىلمىساق، بۇ غېرىپ- بىچارە دىلسىزنىڭ دىللىرى ۋە جاي مەركىزىگە چۈشەنمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. بوۋا- ئەجداتلىرىمىز، ياشانغان باشقا قېرى دانا ئادەملەرنىڭ يۇزمۇ- يۈز ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئىلىدا جوراس [217] نەسلىدىن چىققان قۇنتەيجى دىگەن بىر مۇناپىق قالماق بۇ موغۇلىستان يۇرتىغا تەۋە بولۇپ، خان دەرىجىسى بىلەن چوڭ ئورۇنغا ئىگە بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ شەرقىي ھۇدۇدى قۇمۇل، بالەكۆل (بارىكۆل – ت)، شىمالى ھۇدۇدى كاتتا دېڭىزغا (بالىقاش كۆلى – ت)، غەربى ھۇدۇدى تاشكەنت، سايرامغىچە، جەنۇبى ھۇدۇدى قاراڭغۇ تاققىچە بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمى مۇشۇ دائىرىدە جارى بولغان ئىكەن. بۇ چاغدا ئۇ ئۇششۇمتۇت لەشكەر تارتىپ، تاشكەنتنىڭ سايرام دىگەن جايىنى بېسىۋېلىپ، ئەمرى ئىتائىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۆز ئورنىدا بىر قالماقنى چوڭ قىلىپ، يەنە نەچچە قالماقنى ئۇنىڭغا يارۇ-ھەمرا قىلىپ، ئۆزى چېگرىسىغا يېقىن كەلگەندە، سايرام ئەھلى ئىتائىتىدىن چىقىپ ۋەقە قوزغاپ، مەزكۇر قالماقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىپ پەرمانىدىن چىقىپتۇ. بىر نەچچەق قالماق جېنىنى جايلاپ قېچىپ كېلىپ، قۇنتەيجىگە يېتىشىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، قۇنتەيجى ئىلىغا كىرمەي، ئۆزىنىڭ ئادەت رەسمىيەتلىرى بويىچە قەن- قەسەمياتلارنى تىلغا ئېلىپ، سايرامغا يېنىپ بېرىپ، بۇ جاينى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋېلىپ، بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، تالان- تاراج قىلىپتۇ.

بۇ چاغدا سايرام ئەھلى خوجا ئۇرۇغى، شاھ ئۇرۇغى، ئەمىر ئۇرۇغى دەپ ئۈچ قەبىلە ياكى ئۈچ ئۇرۇقتىن ئىبارەت ئىكەن. قۇنتەيجى بۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ئىسىل ۋە كاتتىلىرىنى ئىلغاپ، ھەر ئۇرۇقتىن يىگىرىمە ئۆيلۈكتىن ئاتمىش ئۆيلۈك ئادەمنى ئەھلى ئاياللىرى ۋە بالا- پەرزەنتلىرى بىلەن ئاق ئۆيلۈك قىلىپ كۆچۈرۈپ، ئۆز يۇرتى ئىلىغا ئېلىپ كېلىپتۇ. بۇ جايدا بىر يىل ئەتراپىدا تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۇلارنى تۇرپانغا ئەۋەتىپتۇ. يوقلۇق ماكاندىن ئورۇن ئېلىپتۇ ۋە خاقانى لەشكىرى ئىلى بىلەن ئالتە شەھەرگە كەلگەنلىكى خەۋىرى ئاڭلاندى. بۇ ئاتمىش ئۆيلۈك ئادەم ئەمدى ئۆز يۇرتىمىزغا كەتسەك بولىدىكەن دەپ، ھەددىستە « ۋەتەننى دوست بىلگەنلىك ئىماندۇر» دەپ كۆرسىتىلگەندەك، ئۆز يۇرتىغا

كېتىپ، قەۋمى قېرىنداشلىرىغا يېتىش ئارزۇ- ئىشتىياقى بىلەن تۇرپاندىن قوزغىلىپ، مۇزداۋانغا كەلگەندە، ختاي چېرىكىنىڭ ئۇلۇغى ئۇچراپ، «سىزلەر نىمە ئادەم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەرزى ھالىنى بايان قىلىپتۇ. ئاندىن ئۇ ختاي ئۇلۇغى شەپقەت يۈزىسىدىن «ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرى كەلدى، يوللار قالايمىقان، بۇ يۇرتلار تىنجىپ بولغىچە دېھقانچىلىق قىلىپ كۈن ئېلىپ تۇرساڭلار» دەپ بانا- سەۋەپ كۆرسىتىپ، كېتىشكە جاۋاپ بەرمەي، ياقئېرىق دىگەن جايغا ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلار بۇ يەردىمۇ بىر نەچچە يىل تۇرۇپ، ئاخىرى باي تەۋەسىگە بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ يەدىمۇ بىر نەچچە مۇددەت تۇرۇپ، يەنىلا كۆنەلمەي، تاغنىڭ ئاغىزى ۋە كەڭرى جاي ئىكەن دەپ، ئۇشبۇ سايرامغا بېرىپ توختاپ قاپتۇ. ئۇلار ئەسلى تاشكەنتنىڭ سايرام دىگەن جايىدىن كەلگەنلىگى ئۈچۈن، باشقىلار بۇلارنى سايرامى دەپ ئاتاپتۇ. ئاخىرى يۇرتلارمۇ ختايغا قاراپتۇ. ئۇ چاغدا بۇ يەتتە شەھەردە ئادەم ئاز، تېخى ئاۋات بولمىغان ۋاقتى ئىكەن. ختاي مەنسەپدارلىرى بۇ سايرام خەلقىنى ئۆزگىچە پۇقرا ۋە ئىتائەتمەن قىلىشنى نىيەت قىلىدىكەن. بۇ چاغدا سايرامدا ئەمرلەر ئۇرۇغىدىن بىر كىشى ئەمەلدارلىققا ئاشىق، مەنسەپكە جانپىدا ئىكەن. خاقانى مەنسەپدارلىرى ئۇ ئادەمدىن بۇ «ئادەملەر قانداق قىلسا، ئۇلار خانغا تەۋە بولۇپ، خىزمىتىنى قىلىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ «بۇ ئادەملەر مېنىڭ سۆز ۋە بۇيرۇغىمدىن چىقمايدۇ.ماڭا چوڭ مەنسەپ بەرسىڭىز، مەن ئۇلارنى ئۇلۇغ خانغا تەۋە قىلىپ بېرەي» دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. ختاي مەنسەپدارى بۇنى ماقۇل كۆرۈپ خانغا مەلۇم قىلىپتۇ. ختاي ئاقسۇ، كۇچارنىڭ ھاكىملىرى بىلەن ئوخشاش قىلىپ، ئۈچىنچى جەرەكلىك مەنسەپ بېرىپتۇ. شۇڭلاشقا سايرامنىڭ ھاكىملىرى بۇرۇندىنلا ئاقسۇ، كۇچارنىڭ ھاكىملىرى بىلەن جەرەكە ۋە مەرتىۋىدە باراۋەرئىدى. لېكىن ئۇلارغا قارىغاندا پۇقراسى ئاز ۋە يۇرتى كىچىك ئىدى.

سايرامدىكى بۇ ئۈچ ئۇرۇق نەچچە ئەسىر ۋە يىللار مابەينىدە، بىر- بىرىگە ئارلىشىپ، سىڭىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇناسىۋەتتە يەنىلا ئۆزلىرىنى ئايرىم دەپ ھىساپلايدۇ. شاھ ئۇرۇغى دىگەنلەرئۆزلىرىنىڭ نەسەپلىرىنى قەدىمقى كىيان پادىشالىرى [218] ۋە تاجىك شاھلىرىنىڭ [219] نەسەپلىرىگە ئاپىرىپ باغلايدۇ. ئەمىر ئۇرۇغى بولسا ئىلگىرى يۇرت سوراپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتكەن ۋەزىرا، ئەمرا ۋە ئەمرلەر بىلەن نەسەپداش دەيدۇ. ئەمما خوجا ئۇرۇشى دىگەنلەر ئۆزىنى ئەلەۋىلەر [220] يەنى ئەلى كىرە موللا ۋەجھۇ بىلەن نەسەپداش دەپ ھىساپلاپ، بىز ئۇنىڭ ئەھۋلادى بولىمىز دەپ ئىسپات قىلىپ پەخىرلىنىدۇ. كەمىنە مەنمۇ ئۇشبۇ ئۇرۇغدىن بولىمەن. ئاتا- بوۋىمىزدىن

قالغان خوش مۇبارەك شەجەرە هازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ، مەن ئۇنى تەۋەررۇك قىلىپ ساقلىماقتىمەن.

بۇ مۇقەددىمىنى يېزىشتىن مەقسەت ۋە تەلەپ شۇكى، تامامى دىن ۋە مىللەتتە، ئۇلۇغ ئەشرەپلەر ئارىسىدا ياكى ئەرەب،ئەجەملەر ئىچىدە تۈرك، تاجىك، موغۇل تايىپىلىرىدە ئۆزىنىڭ نەسەپلىرىنى مۇهاپىزەت قىلىپ، هەر بىر تايىپە ئۆزىنى قەلبىگە تەسەپداش قىلىپ، بىر نەسلگە باغلاپ كېلىپتۇ ۋە ئەجداتلىرىنىڭ ئۇستىخان- سۆڭەكلىرىگە هۆرمەت قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ كېلىپتۇ. هازىر خىتاي، قالماق، قىرغىز ۋە قىپچاقلار ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ نەسەپلىرىنى ساقلاش بىلەن تەڭ، پەرزەنت ۋە نەۋرىلىرىنى ئاگاھ قىلىپ، نەسەپلىرىنى تەكتلەپ ئۆگىتىدۇ. هەر بىر قەبىلە ئۆز ئۇرۇغىنى ئىسپات قىلىپ، ئۇنى ئابرۇي دەپ بىلىپ، بىزلەر پالانى ئۇرۇغدىن بولىمىز دەپ پەخرى ئىپتىخار قىلىدۇ. مىللەت ۋە دىندىن بىگانىلارمۇ ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ ئۇستىخان ۋە ئىسمى- نەسەپلىرىنى بايان قىلىشىپ خۇرسەن بولىدۇ – بەس. شۇڭلاشقا كەمىنە مەنمۇ ئەجاتلىرىمنىڭ زىكرى نەسەپلىرىنى ئىزهار قىلىپ بايان قىلىشنى لازىم ۋە زۆرۈر دەپ تاپتىم.

مېنىڭ نەسەپنامەم بولسا، مەنكى موللا مۇسا بولسا، موللا ئەيسا خوجامنىڭ ئوغلى، ئۇ ئەزىزخان خوجامنىڭ ئوغلى، ئۇ نىيازخان خوجامنىڭ ئوغلى، ئۇ ئىشان سۇلتان خوجامنىڭ ئوغلى، ئۇئىشان پادىشانىڭ ئوغلى، ئۇ ئىشان شاهى جاهان خوجامنىڭ ئوغلى، ئۇ ئىشان غېرىپ شاهى خوجامنىڭ ئوغلى، ئۇ ئىشان سەئىد جالالدىن بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئىشان سەئىد جامالدىن بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئىشان سەئىد كامالدىن بابىنىڭ ئوغلى،ئۇ سەئىد ئىبراهىم بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ سەدى ئابدۇلجاپپار بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ سەئىد ئابدۇلكەرىم بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ سەئىد ئابدۇلمەجىت بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ سەئىد ئابدۇلۋاهاپ بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ سەئىد ئابدۇلئەزىز بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ سەئىد ئارسلان بابىنىڭ ئوغلى،ئۇ سەئىد ئىلياس بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ سەئىد مەهمۇت بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ سەئىد ئىپتىخات بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئوسمان بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئۆمەر بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئىسمايىل بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئىسهاق بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئابدۇلكېرىم بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئابدۇلجەلىل بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئابدۇلرەهمان بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ئابدۇلجەپپار بابىنىڭ ئوغلى، ئۇ ، ئۇ ئابدۇلفەتتاھ بابىنىڭ ئوغلى،ئۇ ئىمام مۇهەممەت هەنىپەنىڭ ئوغلى، ئۇ ئەلى كىرەموللا ۋەجهۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاللا ئۇلارنىڭ هەممىسىدىن رازى بولغاي! بۇ شەجەرەئى مۇبارەك بولسا، سەمەرقەنت ۋىلايىتى ئەبەيدۇللاخان غازى [221] زامانىدا، يەنى تارىخ هجرى توققۇز يۈز قىرىق بەشىنچى يىلى (مىلادى 1538- 1539- يىلى – ت)

ئالاھىدە يېڭى تۈرغۇزۇلۇپ، ئۇ زاماندىكى ئۆلىمائى ئەززەملەرنىڭ مۆھرى كېرەملىرىنى بېسىپ بېكىتىپ، خاننىڭ يارلىق مۆھرى ۋە ئىمزاسى بىلەن توغرالاپ ۋە زىننەتلەپ، سەئىد كامالىدىن بايغا مۆھۈرلۈك ئالتۇن نىشان بىلەن قوشۇپ بەرگەن ئىكەن. بۇ ھازىر مەۋجۇت. تەۋەررۈك ئۈچۈن، بۇ ئالى يارلىق نىشاننى ئۆز ئەينى بويىچە يېزىپ بېكىتتىم.

## ئالى يارلىق نىشانى

ئەبۇلغازى ئەبەيدۇللاخان سۆزىمىز، ئەزىز كامگار① قېرىنداشلار بىرلە جۇۋان ② بەختى بەرخوردار③پەرزەنتلەر ۋە ئالى مۇقدار بېكلەر بىرلە دىيانەت ئاسار سەدىرلەر④ ۋە بائېتىۋار⑤ ۋەزىرلەر بىرلە ئامانەت شۇئار ۋەكىللەر ئەلا ئەفۇسۇس سايرام ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى ۋە سەججادە نەشىنلىرى ⑥ ۋە ماشايىخى قۇززات، مەدرىسە دانىشمەنلىرى ۋە يۈز بېگى، ئون بېگى ئەربابى كالانتەر⑦،خوجاشېرىك رەئىيەت ⑧ئايماق، ئايماق ۋە كەنتنىڭ ئۇلۇغ كىچىك تۈرك، تاجىك، كەدخۇدا ساكىن⑨مۇتەۋەتتەنلا⑩رىغە مەلۇم بولسۇنكىم، ھەممەكى ھىممەت شەرىئەت ئايىن (11)ۋەتەنامى نىئمەت سائادەت قەرنىمىزدىن(12)ئىسلامى شېرىف راۋاجى ۋە رەۋنەقىغە ھەزرىتى سەيدىلئىنس ۋە لەجىن ئەفزەلۇسسالاۋات ۋە ئەكمەلۇسسالام(13)مىللەت شەرىئەتىنىڭ تەرەۋۋىيەت (14)

---

① كامگار – بەختلىك.

② جۇۋان – يىگىت.

③ بەرخوردار – بەھرىمەن، لايىق.

④ سەدىر – ئالى ئەمەلدارلار.

⑤ ۋە بائېتىۋار – ئەتىۋارلىق.

⑥سەججادە نەشىن – جايىنامازدا ئولتۇرغۇچى.

⑦كالانتەر – چوڭراق.

⑧رەئىيەت ـ خالايىق.

⑨كە خۇدا ساكىن – ئۆيلۈك ـ ئۇچاقلىق.

⑩مۇتەۋەتتەنلار – ۋەتەن تۇتقۇچىلار.

(11)ئايىن – گۈزەل.

(12)فەرىن – يېقىن.

(13) ئەكمەلىسلام – مۇھەممەت پەيشەمبەر.

(14)تەرەۋۋىيەت – كۆچەيتىش.

ۋە تەمەششىغە ① مەسرەف②ۋە مۇتەۋەججە③بولغانى ئۈچۈن، سايرام تۇمانىنىڭ④سەججادە نەشىنلىك مەنسەبىن ئالى جاناپ ۋە مۇتە ئالى نىساب⑤ۋە كامالەت ئىسكاب⑥تەئبىرى ئەكابىرى ئەززام⑦ نەھمە ـ تۇل⑧مەشايىخ ئىكرام كامالىرىدىن بانى سەيىدىمنى شەيخۇل ئىسلاملىقىقا مۇسەللىم⑨تۇتۇپ سۇيۇرغادۇق. ئەمدى بۇ نىشانە ئالىنى كۆرگەچ ئالىجاناپ مۇشارئىللا ⑩نى شەيخۇئىسلام ۋە مۇقتىدا (11)بىلىپ، بۇ ئالى مەنسەبغە تەئەللۇق ئىش كۆرگەچ،ئالىجاناپقا رۇجۇئ(12) قىلىپ، ئىززەت ۋە ئىكرامنى لازىم بىلىپ، ھىچكىمەرسەنى بۇ مەنسەپتە ئۇلارغەشېرىق بىلمەسۇنلەر ۋە ھىچ ئافرىدە(13)ئۇلارنىڭ مۇھەممەتىغە(14)

---

① تەمەششىيەت – ئىلگىرى سۈرۈش.

② مەسرەف – سەرپ قىلىش.

③ مۇتەۋەججە – يۈزلىنىش.

④ تۇمان – پىرقە.

⑤ مۇتەئالى نىساب – ئالى نەسەپلىك.

⑥ ئىسكاب – ھاسىل قىلىش، تېپىش.

⑦ ئەكابىرى ئەززام – ئۇلۇغ ئەكابىرلار.

⑧ نەھمە ـ مەنە ئېيتقۇچى.

⑨ مۇسەللىم ـ ئىشىنىش.

⑩ مۇشارئىلَلا ـ ئىشارەت بىرىلگەن، مەزكۇر.

(11)مۇقتىدا ـ رەھبەر.

(12)رۇجۇئ ـقايتىش.

(13)ئافرىدە ـ مەخلۇق.

(14)مۇھەممات ـ ئېھتىياج.

دەخلى قىلمايسۇنلەر ۋە شەرئەت مائارىپى ①قازى فەرىدۇن بىرلە ئۆزگە قازىلار ئالىجاناپ مۇشاتئىللانى مۇقەددەم بىسلۇنلار ۋە خۇتۇت② شەرئىيەنى ئۇلارنىڭ تەۋەققۇھ③ۋە مۆھرى كىراملارىغە يەتكۈزسۇنلەر، يارلىغدىن خىلاپ ئەتمەسۇنلەر ۋە ھەففاز④ئىمام، مۇئەززىن ۋە خەير بۇقئەلەرنىڭ ⑤مۇاۋۇرۇ مۇتەددىلەرى⑥ئالىجاناپنىڭ سۆزۈ مەلەھەتكەم شەرئى شېرىفاھ مۇۋاپىق ۋە مىللىتى زەھراغا ⑦مۇتابىق⑧بولغىسىدۇر، چىقمانسۇنلار. مۇمەددۇ⑨مۇئاۋىن بولۇپ ئەكرەم⑩ ۋە تەئەززىمنى بەجا كەلتۈرۈپ، تەخالىپ(11)ۋە تەمەررۇد(12) قىلماسۇنلەر. بەل سالۇنكى (13)نىشانە ئالماسۇنلەر ۋە فەاۋانەچى تىلەمەسۇنلەر ۋە ئول جاناپنىڭ شەك ـ شكايەتنى تابىغايەت مۇئەبسەر (14)بىلسۇنلەر.(15)
ئوسال ۋە تەقسىر

---

① مائابى ـ يۆلەنچۈك.

② خۇتۇت خەتلەر.

③ تەۋەققۇھ بېكىتىش.

④ ھەففاز ـ ھاپىرزلەر.

⑤ خەير بۇقئە ـ خەيرىيەت ئورنى.

⑥ مۇاۋۇرۇ مۇتەسەددى ـ راھت ۋە باشلامچى.

⑦ زەھرا – گۈزەل.

⑧ مۇتابىق تەدبىق، ئاساسەن.

⑨ مۇمەددۇ مەدەت، ياردەم.

⑩ ئەكرەم ھۆرمەتلەش.

(11)تەخالىپ مۇخالىپ.

(12)تەمەررۇد قارىشى.

(13)بەل سالۇنكى –

(14)مۇئەبىسەر – تەسىرلىك.

(15) ئوسال ۋە تەقسىر – يامان ئەيىپ.

بولماسۇنلەر دەپ ئىت يىلى شەفەر ئايىندە تارىخ توققۇز يۈز قىرىق بەشتە (مىلادى 1538- يىلى 6- ئايدا –ت) سەمەرقەنت بەلدەسىدە ① مۆھۈرلۈك نىشانە پۈتۈلدى – ۋەسسالام. 945 (مىلادى 1538- يىلى – ت)»

بۇ ئىلگىرى ئۆتكەن ئادەم نامىلىرىنى ۋە كونا تۈزۈپ كەتكەن يارلىقنى بۇ ۋاراق ئىچىگە مۇندەرىجە قىلىپ تىزىشتىكى سەۋەپ شۇكى، بۇ ئۆتكەنلەرنىڭ شەراپىتى ۋە خانلارنىڭ تەقدىم قىلغان يارلىق ۋە نىشانە ئىشارىتى بىلەن، بۇ سەھىپە پارچىلىرىمۇ شەرەپكە ئىگە بولۇپ، قاتارغا كىرىپ قالارمىكىن دېگەنلىكتىن ئىبارەت. شۇنداقلا بۇنى ئوقۇغان ياكى ئاڭلىغانلارنىڭ بۇ يارلىق ئالىنى تەقدىم قىلغان ئەزىز ۋە مۇبارەك خانلار ھەققىدە دۇئا ۋە پاتىھە قىلىشقا سەۋەپ بولارمىكىن دېگەن تەلەپ ۋە مۇددىئادىن باشقا تەلەپ ياكى غەرەز بۇ كەمىنە مۇئەللىپنىڭ دىلىدىن ھېچقانداق يول تاپقان ئەمەس.

تارىخ كىتاپلىرىنىڭ ئۈچۈق بايان قىلىنىشىچە، خان، خاقان، پادىشا، سۇلتان ياكى ئەمىر بولۇش ئۈچۈنمۇ بۇ نەسەپ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ كەلگەن. تارىختىكى ئادەملەر ھەرقانداق زامان ياكى چاغلاردا نەسەپ ئادەتلىرىگە ھەددىدىن زىيادە رىئايە ۋە مۇبالىغە قىلىپ، ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ نەسەپ ئاساسلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۆزلىرىگە ئوبدان پادىشا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەمرى- پەرمانلىرىغا بوي سۇنۇپ ئۆتۈپتۇ ۋە ئۆمۈرلۈك ئىگىسى، ھاكىملارنىڭ

ھۆكۈمرۇن سۇلتانى بولغان ئاللانىڭ پەزىل ئىنايىتى بىلەن، ئۇ پادىشالار بۇنداق ئۇلۇغ دۆلەتكە ۋە ئىززەت ھۆرمەتكە يېتىپتۇ. ئەگەر بۇ ئاتالمىش پادىشالارنىڭ پۇقرا، خالايىق ئىچىدىكى بىرەر كەمتەر پۇقراسى خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ نەزەرلىرىدىن بىر قېتىم ئۆتكەنلىك بىلەنلا، ئۇلارغا شاھانىلىق ئىلتىپاتلارنى ئاتا قىلىپ، ئايلىق ۋە يىللىق مائاش-ۋەزىپە، كۇلەنلەرنى تەيىن قىلىپ بەلگىلەپ، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە ۋە ئەسىردىن-ئەسىرگىچە جۇلدۇ-جاساقلىق مەنسىۋى، تارخانلىق دۆلىتىگە ئىگە قىلىپ، يارلىق ۋە نىشان بېرىدىكەن. كېيىنكى خانلار، پادىشالارمۇ خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئەۋلاتلىرىنى ئىزدەپ سوراپ، ئۇلارغا ئەجاتلىرىنىڭ مەنسەپ ۋە ئايلىق-ۋەزىپىلىرىنى يەنە ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مەمنۇن ئېتىپ، ئورنىنى كۆتۈرۈپ، نەچچە يىلدا بىر قېتىم دەرگاھى بارگاھىغا ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىمتىياز ۋە ھاجەتلىرىدىن چىقىدىكەن.

ئەي پادىشالارنىڭ پادىشاسى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمرانى، ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، ھەقىقىي پادىشالىق پەقەت ساڭىلا تېگىشلىك ۋە خاستۇر. ئۆز قەدىمى ئىلمىڭ بىلەن مەخلۇق ۋە بەندىلىرىڭدىن بەزى ئىنسانىنى ئىلغاپ، ئۆز ئىلتىپاتىڭ بىلەن ئۇلارغا ئۇلۇغ دۆلەت ۋە كاتتا دەرىجە مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىپ، ئورنىنى كۆتۈرۈپ، يۈكسەك دەرگاھى بارگاھىغا يېقىنلاشتۇرساڭ ۋە ئۇنداق بەندىلىرىڭگە بىرەر سەۋەپ قىلىپ، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە ، ھەتتا ئىنقىدازى ئالەمگىچە ئۆز كامالى قۇدرىتىڭ بىلەن، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا توغرا يولغا سېلىپ، راستلىققا باشلاپ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى چوڭ-كىچىك گۇنالىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۆزەڭنىڭ يېگانە جاھانۇ جامال سۈپەت كامالىتىڭنىڭ دۆلەت شارائىتىگە مۇيەسسەر قىلساڭ ۋە كەمىنە مەن مۇئەللىپىمۇ ئۇلارنىڭ دائىرىسى ۋە دەرىجىسى قاتارىدا ھىساپلاپ، ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى خاتالىرىمغا ئەپۇ قەلەمنى سۈرۈپ، ئۇلۇغ ۋە كەچۈرىم قەلەمتۇراچلىرى بىلەن گۇنالار چېكىتلىرىنى تاراشلاپ، ئۇنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇپ، لايىق دەرگاھىڭغا يېقىنلاشتۇرساڭ، بۇ سېنىڭ ئەزىمەت دەرگاھىڭدىن ھىچبىر يېتىشمەيدىغان ۋە ئاجايىپ نەرسە ئەمەس. «ئاللا بەندىلىرىنىڭ گۇناھىنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرغۇچىدۇر» ، «ئەي ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، رەھىمدىللىكلەنىڭ رەھىمدىللىكى، سەن بولساڭ دۇئالارنى ئىجابىيەت قىلغۇچىدۇرسەن» - ۋەسسالام.

19

# فەغفۇرچىننىڭ بۇيۇك ئىتائەت يارلىغى بويىچە كاتتا مەنسەپدارلارنىڭ بۇ يەتتە شەھەر زىمنى بەلكى موغۇلىستان تەۋەسىگە ئىككىنچى قېتىم ئىستىلا قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇلكى مىراسىغا يەنە ئىگە بولغانلىغى ۋەقە ـ ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

ئىپتىخارلىق ئەزىزى دوستلار ۋە خۇش لەززەتلىك ئالى مۇقتار بۇرادەرلەرنىڭ قەلبى ئىزھارلىرىغا روشەن ۋە ئېتىۋار بولغايكى، بۇنداق قىسسە، ئەپسانە ۋە خەۋەرلەرگە قارىغاندا، خاقانى چىنى ئىقلىمنىڭ خانى داۋاڭ [222] زاماندا، خاقانى مەملىكەتنىڭ تەۋەسى ناھايتى تىنچلىق، مەمۇرچىلىق بىلەن ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىمۇ ئامانچىلىق بىلەن ياشىغان ئىكەن. ئۇ ئوتتۇز ئىككى يىل [223] ھۆكۈمران بولۇپتۇ. ئاندىن كېيىن شەنفۇڭ خان ئون ئىككى يىل [224] خان بولۇپ ئۆتۈپتۇ.بۇ كۈنلەردە جەن موزا دىگەن تايىپلەر خانلىق تالىشىپ جەڭ-جەدەل پەيدا قىلىپتۇ. ئاندىن تۇڭجىرخان [225]تەختكە چىقىپتۇ. بۇ خان تەختكە چىقىپ يەتتىنچى يىلى [226] يەتتە شەھەردىكى تۇڭگانى تايىپلىرى باش كۆتىرىپ، ئىتائەتتىن چىقتى. بۇ ۋەقەلەر مەزكۇر كىتاپنىڭ مۇقەددىمە ئاخىردا بايان قىلىندى.

تۇڭجىرخان دەۋرىدە خاقانىڭ چىننىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتلار ناھايتى پاراكەندە بولدى.خان قۇرئەنداز-پالچى، مۇنەجىم-يۇلتۇزشۇناسلارنى ھازىر قىلدى. خاننىڭ تەلىپنى سىناپ، يۇلتۇزلارنىڭ پالغا چۈشكەن ئۇرۇن ۋە دەرىجىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ، يۇلتۇزلارنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە يۈنىلىشىنى تەكشۈرۈپ، سىناقلارنى قىلىپ "بۇ ئۇلۇغ خان خانلىقنى بىرىپ، يەرنىڭ ئاستىغا كىرمىگۈچە، خاننىڭ يۇرتىدىن يامانلىق ۋە شۇملۇق زادىلا كۆتۈرۈلمەيدۇ. پەلەكنىڭ ۋەزىيتى ۋە يۇلتۇزلار كۆرسەتكەن دەلىللەردىن بۇنى كۆرگىلى بولىدۇ" دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. خان پالنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ، ئۆز پايتەختىدىن بىر پوتەي يىراقلىقتىكى ئەجدادلىرىنىڭ گۆرۈستانلىغىغا بارىدىغان بىر لەخمە كولتىپ، يول پەيدا قىلىپ، خانلىقنى ئوغلى، يەنى خانزادىلەر بولغان كاڭشۇي [227]دىگەنگە بىرىپ، باشلىرىنى چۈشۈرتۈپ بەرەھمەن[228] شەكلىگە كىرىپ،"ئەمدى مىنىڭ يەر يۈزىدە يۇرۇشۇم ھارام بولدى دىگەن ئەقىدىسى بىلەن يەر ئاستىغا كىردى ۋە بۇ گۆرۈستانلىقتىن چىققاندىمۇ، كىشىگە كۆرۈنمەيدىغان بولدى" دەپ ھىكايە قىلدۇ. پايتەختتىن گۆرۈستانلىققا بارىدىغان

بۇ لەخمە ئىلگىركى خانلار زامانىدىن باشلاپلا بار ئىدى. ئەگەر ھەر قانداق چاغدا يۇقىرقىدەك ۋەقە يۈز بەرسلا خانلار ئەنە شۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلارنى قىلاتتى دەيدۇ.

لېكىن، كاشغەرىي خان تېخى كىچىك بولۇپ، ئۈچ ياشتا ئىدى. جۇڭغار زۇندۇلىرى ( ئوردا ئەمەلدارلىرى ياكى باش ۋالىلار ـ ت) ئۆز قائىدە ۋە نالايىق ئەقىدىلىرى بويىچە ئاسماندىن بىر ياش تىلەۋېلىپ خانغا بېرىپتۇ. خان تۆت ياشلىق بولۇپتۇ. زېمىندىن بىر ياشنى تىلەپ ئېلىپ خانغا بېرىپتۇ. خان بەش ياشلىق بولۇپتۇ. ئانىسى بىر ياش بېرىپتۇ، خان ئالتە ياش بولۇپتۇ. جۇڭغار زۇندۇلىرى باشلىق ئەمەلدارلار بىر ياشنى تارتۇق قىلىپتۇ، يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خانىمىز يەتتە ييشىدا تەختكە ئولتۇردى دەپ ئەقىدە ئېتىۋار قىلىدىكەن. لېكىن، ئانىسى قۇچاقلاپ ئېلىپ ئولتۇرۇپ، خانلىق ھۆكۈمنى جارى قىلىدىكەن دەيدۇ.بۇ رىۋايەتنىڭ راستلىقىغا پەقەت رىۋايەتچىنىڭ ئۆزىلا ھۆددە قىلىدۇ.

ئىنتىزاملىق ۋە ئادالەتلىك بۇ زاماندا، يەنە قۇرئەئەنداز مۇنەججىملەرنى ھازىر قىلىپ، قۇرئە تاشلاپ، خاننىڭ تەلىيىنى كۆرۈپ، ئانا ـ ئادىمزات، ئۆسۈملۈك ـ ناباتاتلارغا شاھىت يۇلتۇزلارغا نەزەر سېلىپ، ئۇلارنىڭ ۋاقىت ۋە ئورنىنى مۇلاھىزە ـ سىناق قىلغاندىن كېيىن "ھازىر ئۇلۇغ خاننىڭ يۇلتۇزى يۇقىرى دەرىجە ۋە مەرتىۋىگە چىقىپتۇ. تەلىيى ئوڭ ۋە ئۈستۈن ئىكەن، دۈشمەنلىرىنىڭ يۇلتۇزى تۆۋەنلەپتۇ. يۇرتى تىنىچ، پەلەك ۋەزىيىتىنىڭ دەلىللىشى ۋە يۇلتۇزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا، ئەجدادلىرىنىڭ مۈلكى ـ مىراس يۇرتلىرى يەنە ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ قول ئاستىغا كىرىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭلاشقا ھەر قانداق تەرەپكە چېرىك ماڭدۇرسا، جەزمەن غەلبە قىلالايدۇ" دېگەن مەزمۇندا ئەرز مەلۇم قىلىپتۇ. بۇ چاغدا جۇڭغارنىڭ لى خۇڭجاڭ[229] باشلىق ۋەزىر، باشقا كاتتا ئەمەلدارلىرى ئۇلۇغ خانغا قاراپ "غەرب تەرەپتىكى لەنجۇسىڭ قاتارلىق كۆپ شەھەرلەرنى تۇڭگانلار ئىگەللەپ غالىپ بولۇپ، يۇرت، يۇقىرالارنى خاراپ ۋە ۋەيران قىلىپتۇ. ئىلىخونى ئورۇسىيەلەر ئىشغال قىلىپتۇ ـ نەنلۇ باچىڭدىكى ( جەنۇبىي ئالتە شەھەر ـ ت) چەنتۇلارغا ( ئاق داستارلار ياكى مۇسۇلمانلار ـ ت) غەرب تەرەپتىن بىر ئادەم كېلىپ پادىشا بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرۇپتۇ.ئۇلۇغ خاننىڭ دۆلەتلىرىدە بۇ تەرەپتىكى دۈشمەنلەر يوق بولدى.قەدىمكى زاماندىن بۇيان ئۇلۇغ خانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە قول ئاستىدا بولۇپ كەلگەن غەرب تەرەپتىكى يۇرتلارغا چېرىك ئەۋەتىپ، ئۇ جايدىكى ئۆششاق پۇقرالارنى يوقلىساق"[230] دەپ مەلۇم قىلدى. ئاندىن ئۇلۇغ خان "ئانداق بولسا چېرىك بېرىپ، مەزكۇر شەھەرلەرنى تېپىپ

ئالسۇن، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشقا چىقسا ئۇرۇشۇپ ئالسۇن، ئۇرۇشماي ئەل بولغانلارنى يۇرت قىلسۇن،ئاتا-بوۋىلىرىمدىن قالغان بىر پۇتۇك زېمىننى بىر مىڭ چېرىك يوق بولغىچە ئۇرۇشۇپ ئېلىپ، دۈشمەندىن خالى قىلسۇن، مەن بولسام ئۇلۇغ خان، ئۇششاق پۇقرالىرىمنىڭ گۇناسىدىن ئۆتۈپ ئەپۇ قىلدىم“ دەپ كەڭچىللىك قىلىپ يارلىق قىلدى. چىڭ جاڭجۈننى[231] قىرىق مىڭ چېرىك بىلەن ئىلىغا بۇيرۇدى، لۇشې دارېننى يىگىرمە بەش مىڭ چېرىك بىلەن نەنلۇ باچېڭغا بۇيرۇدى. نۇسرەت ئەسەرلىك بۇ مەنسەپدارلار غەلبە ئەسەرلىك چېرىكلەر بىلەن لەنجۇ سېڭغا كەلگەندە، لەنجۇ سېڭنىڭ زۇڭدۇسى زۇڭتۇڭ دارېننى[232] يىگىرمە مىڭ چېرىك بىلەن لۇشى دارېنغا قوشتى.

ئەلقىسسە،ئاڭلىماق كېرەككى، تۇڭگانلار فەغفۇرچىننىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، ئۆز ئىچىدىكى ماخالۇڭ دىگەن ئۆلماسنى خان كۆتىرىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە يارلىق ھۆكۈملىرىنى جارى قىلدى. بۇ ۋەقەلەر يۇقىردا مەزكۇر كىتاپنىڭ مۇقەددىمە ئاخىرىدا بايان قىلىندى. مەزكۇر ماخالۇڭ يوقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باتۇرلىرىدىن داخۇ، شوخۇ دىگەن داڭلىق ئىككى باتۇر تۇڭگانلارغا باش بۇلۇپ، ختاي ئەھلى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بەزىدە غالىپ، بەزىدە مەغلۇپ بولۇپ، قېچىپ يۈرۈپ، لەنجۇسېڭ ئەتىراپىدىكى شەھەر ۋە سەھرايى كەنتلەردە، ئون يىل، بەلكى ئون ئىككى يىلغىچە ختايلارنى بۇلاپ-تالاپ ئۆتكەن ئىدى[233] بۇ چاغدا ئۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ يارلىغى بىلەن مەزكۇر چېرىكلەرنىڭ لەنجۇسېڭغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىغىنى ئاڭلاپ، بۇ جايلاردىمۇ تۇرالماي، قامۇلغا چىقىپ، ئىككى ئايچە تۇرۇپ، قورقۇپ ئەندىشە قىلىپ، قامۇل ئەھلىنىمۇ قورقۇتۇپ، زورلۇق بىلەن چوڭ-كىچىك ئون مىڭغا يېقىن ئادەمنى ھەيدەپ، تۇرپانغا چۈشتى. بۇ ۋەقە بايان قىلىنغان ئىدى.

بۇ كۈنلەردە ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرى قامۇلغا كەلدى. چىڭ جاڭجۈن لەشكەرلىرى بىلەن شىخوغا قاراپ ماڭدى. لوشى دارېن قامۇلغا جايلاشتى. زۇڭتۇڭ دارېن گۇچۇڭغا كەلدى.[234] ئۇ تۇرپان تەرەپكە ئاتلىنىدىغان بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، ئاتالىق غازى بەدۆلەت ئوتتۇز مىڭ لەشكەر ۋە توپخانلىرى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ چۈشتى دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەندىشە قىلىپ، لەنجۇسېڭ زۇڭدۇسىغا ”لاۋ پادىشا ئوتتۇز مىڭ چېرىكى بىلەن ئۆزى باش بولۇپ تۇرپانغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. كۇچ-قۇۋۋىتى ئارتۇق، قورال-ياراقلىرى تولا، ئادەملىرى باتۇر ۋە ياماندەك مەلۇم بولىدۇ.يەنە بىر مۇنچە چېرىك ياردەم ئىلتىپاتى بولسا“ دىگەن مەزمۇندا ئەرىز ئەۋەتتى. زۇڭدۇ گۇڭزۇڭبۇ ئەرىزنى كۆرۈپ،”مەن ئۆزەم ئاتمىش مىڭ چېرىك بىلەن ئاتلاندىم، ئەندىشە قىلماي، مەقسەت، مۇددىئا تەرەپكە قەدەم

قويغايسىزلەر“ دىگەن مەزمۇندا يارلىق كەلدى. مەنسەپدارلار ۋە چېرىكلەردە قۇۋۋەت ۋە شجائەت پەيدا بولۇپ يولغا چىقتى. ئۇلار قامۇلدا ئون ئايغىچە تۇرغاندۇر. ئاندىن لوشى دارىن چوڭ يول بىلەن تۇرپانغا كىردى. زۇڭتۇڭ دارىن ئۈرۈمچى ماناس يولى بىلەن تۇرپانغا كىردى. بۇلار تۇرپاندا توققۇز ئايغىچە تۇرغان بولسا كېرەك. ئاندىن ئۇلار ئاتلىنىپ كورلىغا چىقتى. ئۇلار كورلىدىن چىققانچە داخۇ، شوخۇلارنى قوغلاپ تۇڭگانلار مۇسۇلمانلارنىڭ مال-جانلىرىنى بۇلاپ-تالاپ ۋەيرانچىلىق قىلمىسۇن ھەم ئۇلار بىر جايدا توختاپ، پۇقرالارنىڭ جانلىرىغا قول ئۇزارتمىسۇن دىگەن ياخشى نىيەت ۋە ئوبدان كۆڭلى بىلەن، يىگىرمە كۈنلۈك يولنى ئون ئىككى كۈندە بېسىپ، كورلىدىن ئاقسۇغا كەلدى. داخۇ، شوخۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئالەمنى غايىپتىن بىر ۋەھشەت-قورقۇنچ سالدى. ئۇلار ھىچقانداق يەردە ئارام ئېلىپ تۇرالماي، قاچقانلارچە شەھەرلەرگىمۇ كىرەلمەي، كۆزى كۆرگەن ۋە قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەرنى بۇلاپ-تالاپ ماڭدى. داخۇ ئۇچتۇرپاننى ئارىلاپ، قاقشال ئىچى بىلەن كاشغەرگە كىردى. شوخۇ ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ، چوڭ يول بىلەن كاشغەرگە كىردى. زۇڭتۇڭ دارىن ئاقسۇغا كەلدى. بۇ تارىخ ھجىرى بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان تۆتىنچى يىلى، يەنى ئات يىلى ماھى شەۋۋالنىڭ ئون يەتتىسى چارشەنبە كۈنى ( مىلادى 1877-يىلى 10-ئاينىڭ 25-كۈنى-ت) قەۋس پەسلى ئىدى. بۇلار بۇ جايدا قىرىق كۈنچە تۇرۇپ، ئاندىن زۇڭتۇڭ دارىن[235] چوڭ يول بىلەن كاشغەرگە ئاتلاندى. لاۋيىڭ ئاۋچۇ [236] ئۇچتۇرپانغا بېرىپ، قاقشال ئىچى بىلەن كاشغەرگە باردى. زۇڭتۇڭ دارىن بىلەن لاۋيىڭ ئاۋچۇ ئىككىسى كاشغەرگە بىرلا ۋاقتتا كىردى. دۇڭ دارىن بولسا چېرىكلىرى بىلەن ياركەنتكە ماڭدى. بۇ قارا چېرىكلەر كاشغەرگە كىرىشى بىلەن مىرزا ئەھمەت قۇشبېگى ئۆزىنى فەرغانە تەرەپكە ئالدى. دۇڭ دارىن ياركەنتنى بېسىۋالدى، خوتەنمۇ تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەتتە شەھەر، بەلكى موغۇلستان يۇرتىغا فەغفۇرچىنى مەنسەپدارلىرى ئىگە بولدى. ئىسلام نۇرىنىڭ شولىسىنى بۇ زۇلمەتلىك بۇلۇت خىرە ۋە قاراڭغۇ قىلدى. خۇددى ھەدىستە ”ئىسلام غېرىپلىق ھالەتتە باشلانغان، ئۇ يەنە غېرىپلىق ھالىتىگە ياندۇ“ دىگەندەك ئەھۋال پەيدا بولدى.

داخۇ، شوخۇلار باشلىق تۇڭگانلار كاشغەرگە بېرىپ، بىك بەچچىگە ھامى بولۇپ، خۇدالىيە بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغان بىر چاغدا، قارا چېرىكلەر يېتىپ كەلدى. داخۇ، شوخۇلار چاقماق قاراۋۇلى ئارقىلىق، ئورىسىيە ئىچىگە قاچتى. لېكىن شوخۇنىڭ بىر مۇنچە يىگىتلىرى خاقانى چېرىكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ يوق بولدى. داخۇ قىرىق مىڭغا يېقىن تۇڭگانى بىلەن ئورۇسىيە ھىمايىسىگە يەتتى. ئاق پادىشا ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ قاتارىدا

يەر، سۇ ئىنئام قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا باي، ، دۆلەتمەن ھەم ۋەلى نېمەتلىك خاتىرجەم بولۇشتى.

لېكىن ئۇلۇغ خاننىڭ زەپەر ئەسەرلىك چېرىكلىرى تۇرپاندىن چىقىپ كاشغەرگىچە بولغان جايلارنى قولغا كىرگۈزگىچە، بىرەر ئادەم ئۇلارنىڭ يولىنى توساپ ئوق چىقارمىدى. بەلكى ھەر قايسى شەھەرلەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى ئەئيانلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت - ئىكراملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، قولىدىن كېلىدىغانلا خىزمەتكارچىلىقىنى كۆرسەتتى. لېكىن، خاقانى مەنسەپدارلىرى ھەر قايسى شەھەرگە كىرگەندە، «يامان ئادەملەر بولسا بىزگە چىقىرىپ بېرىڭلار، بىز ئۇلارنى ئىبرەت ئۈچۈن تىغ سىياسەتتىن ئۆتكۈزىمىز» دەپ يارلىق قىلدى. لېكىن يۇرت ئۇلۇغلىرىنىڭ «ئەسلى ياخشى ئەرباپلار ۋە يامان ئادەملەر ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ قورقۇپ، تۇرالماي قېچىپ كېتىشتى. ئۇبدان ئادەملەر ئۆز جاي - ماكانلىرىدىن قوزغالمىدى» دېگەن گەپلىرىنى ماقۇل تۇتتى. مۇبادا «يامان ئادەم ئىدى» دەپ مەلۇم قىلسا، بۇلارنىڭ جازاسىنى بەردى. لېكىن، ئۆزىچە بىرەر ئادەمنى ياخشى ياكى يامان دېمىدى. مۇجاۋۇر ياكى مۇساپىر ۋە ياكى پۇقرا ياكى ئەسكەر بولسۇن، ئۇلارغا ھېچقانداق دەخلى قىلمىدى. بەلكى «تىنچ بولۇپ پۇقراچىلىق قىلىڭلار، ئوبدان بولۇپ، كۆڭلۈڭلەرنى يامان قىلماڭلار، ئۇلۇغ خان سىزلەرنىڭ ئىلگىركى گۇنايىڭلارنى . ئەپۇ قىلىپ يارلىق چۈشۈرگەن» دەپ، ھەر قايسى شەھەر ۋە سەھرايى كەنتلەرگە گۇۋسى خەتلەرنى چاپلىدى. چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم بۇنى ئوقۇپ خاتىرجەم بولدى. ئاندىن كېيىن، كاشغەرگە مىرزا ئەھمەت ۋاڭ بېگىمنىڭ ئوغلى مىرزا ھەمتاجى بېگىمنى ھاكىم قىلدى. كۇچارغا يۇسۇپ شاڭ بېگىنى، ئاقسۇغا قاسىم قازىبەگنى، باي - سايرامغا مۇھەممەت توختى بېگنى، ئۈزتۇرپانغا ئالائىددىن بېگنى، خوتەنگە ئەھمەت مۇراپ بېگنى، ياركەنتكە توختى نىياز يۈز بېشىنى ھاكىم قىلدى. چۈنكى، بىدك بەچچە خوتەننى بوي سۇندۇرۇپ يانغاندا، خاقانى لەشكىرى بىلەن ئۇرۇشمەن دەپ، مارالبېشىغا ئوت، بوغۇز، ئۇن، گۈرۈچ ماڭدۇرۇڭ دەپ شاغاۋۇل دادخۇاغا پەرمان بەرگەن ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ مەزكۇر ئوت، بوغۇز قاتارلىق ئاشلىقلارنى مارالۋېشىغا ماڭدۇرۇپ، توختى نىياز يۈز بېشىنى باش قىلىپ ئەۋەتكەن ئىكەن. بۇ مارالۋېشىغا كېلىپ ساقلاپ تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت زۇڭتۇڭ دارىنلار مارالۋېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. توختى نىياز يۈز بېشى مەزكۇر ئاشلىقلارنى ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرىگە تەقدىم قىلىپ، «ئۇلۇغ خاننىڭ نۇرغۇن چېرىكلىرى ئۇزۇن يەردىن بىز قەدىمقى ئۇششاق پۇقرالارنى يوقلاپ تېپىپ ئېلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئۆزەم دېھقانچىلىق قىلىپ ئالغان ئاشلىقلىرىمنى ئۆز ئۇاقلىرىم بىلەن قوشۇپ،ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ساقلاپ تۇرغان

ئىدىم» دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. زۇڭتۇڭ دارىن ناھايىتى خوش بولۇپ، «كۆڭلۈك ئوبدان ئادەم ئىكەنسە» دەم ماختاپ، مۇشۇ سەۋەپتىن ئۇنى ياركەنتكە ھاكىم قىلىپتۇ.

ئاندىن ھەر قايسى شەھەردىكى ئاشلىق ساڭلىرىدىكى ئاشلىقنى خەتلەپ، دۆلەت خېنىيەسىگە ئالدى. يۇرت ۋە پۇقرالاردىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئاشلىق، ئوتۇن، سامان، بېدە، ئوت قاتارلىق ئىنسان گورۇھىغا لازىم بولىدىغانلىكى نەرسىنى خەتلەپ، يۇرتنىڭ ئۇلۇغ ئەئيانلىرى ۋە سودىگەرلەرگە چىقاردى. يەنە ئۇلارغا «بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ بازار نەرقىنى توختىتىپ بەرسۇن، بىز بۇ توختاتقان باھاغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇششاق پۇقرالار تۆلگەن نەرسىلەرگە ئۇلۇغ ھىچ نەرسە ئالمايمىز. يەنە بىزگە يۈز قاراپ، نەرقىنى ئەزان ياكى كەم باھالاپ، پۇقرالارغا ۋابالىق قىلىدىغان ئىشلارنى ئەسلا قىلماڭلار» دەپ قاتتىق تەكىتلەپ جاكا چىقاردى. لېكىن بېكلەر، ئۇلۇغ ئەئيانلار ئاشلىقنى تارتىپ تىكەن، چىغ، تۇزغىچە نەرق توختىتىپ تىزىمغا ئېلىپ كۆرسەتتى. مەنسەپدارلار بۇنى كۆرۈپ « بۇ نەرقتە پۇل كۆمۈش بەرسەك، پۇقرالارغا ۋابال بولمامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار «ۋابال بولمايدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. «ئانداق بولسا ۋابال بولمايدۇ دەپ كاپالەتلىك قىلىپ چى خەت (تىل خەت – ت) بېرىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بېكلەر «ئۇشبۇ نەرقتە پۇل بېرىلسە ۋابال بولمايدۇ، مۇبادا ۋابالى بولسا بىزلەر ھەر ئىككى دۇنيادا زامىندۇرمىز» دەپ كاپالەت قىلىپ، چى خەت، يەنى ھۆججەت بەرگەندىن كېيىن، پۇقرا- خالايىقتىن نۇرغۇن ئاق، قارا ئاشلىق، ئوت، ئوتۇن، بېدە، سامان، ياغاچ، بادىرا قاتارلىق ئىنسانغا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالدى. توختىتىپ بەرگەن باھا بويىچە ئۇنىڭ پۇل كۆمۈشلىرىنىمۇ قولىدا توختاتماستىن بېكلەرگە بۇيرۇپ تۇردى. مۇشۇنداق ئەھۋال كەم ياكى ئارتۇقمۇ بولماي، بەش يىلغىچە بىر خىل داۋاملاشتى.

بۇ چاغدىكى يەنە بىر ۋەقە شۇكى، جانابى بەدۆلەت ئاقسۇ، كۇچارنى ئىگەللىگەندە، كۇچارلىق خېتىپ خوجامنى ئوغۇللىرى بىلەن قوشۇپ كاشغەرگە ئاپىرىپ قويغان ئىدى. بۇلار ئۇلۇغ خاننىڭ چېرىكلىرى كەلگەندە بىر تەرەپكە قېچىپ كېتەلمەي، كاشغەردە تۇرۇپ قېلىپ، ھەر قايسى جاي- ماكانلاردا مەخپى يوشۇرنۇپ بىر نەچچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ئاخىرى زۇڭتۇڭ دارىن ئاڭلاپ چاقىرتىپ كېلىپ، كۆپ سۆزلەرنى سوراپ، «بۇ شەھەرلەرنى نىمە ئۈچۈن بۇزۇپ، ئامبان دالويە چېرىكلىرىنى يوق قىلدىڭلار» دىگەندە، ئۇ «بىز كۇچار شەھرىنىڭ تېشىدىكى مازار باغ دىگەن يەردە ئىدۇق. بىر كېچىدە تۇڭگانى، چەنتو قىمارۋاز، سوكو- سالتاڭلار شەھەرگە ئوت قويۇپ، ئامبان، چېرىك،

مەيمەنچىلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەھمەت ۋاڭ بېگىمنى بىزلەرگە چوڭ بولۇپ بەرسىلە دىسە، ئۇ مەن ئۇلۇغ خاننىڭ ئىلتىپاتىغا يەتكەن. ئۇلۇغ بولمايمەن دىسە، تولا ئادەملەر ئۇنى چۇماقلاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. يەنە كۇچارنىڭ ھاكىمى باشلىق سەككىز بېكنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، تەلىقاتلىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بىر مۇنچە تۇڭگانى قىمارۋازلا مازار باققا چىقىپ، بىزنى ئۆز ئىختىيارىمىزغا قويماي، ئۆزلىرىگە ئۇلۇغ قىلغانلىغى راست. بىز ئۇلاردىن قورقۇپ ئۇلۇغ بولدۇق. ئەمما ئىختىيار بىزدە ئەمەس ئىدى. ئاڭغىچە لاۋ پادىشا بۇ يۇرتلارغا ئىگىدارچىلىق قىلدى. بىزنى كاشغەرگە ئېلىپ كېلىپ توختاتتى» دەپ جاۋاپ بەرسە، «ئۇ چاغدا سىز نەچچە ياشتا ئىدىڭىز» دەپتۇ. « ئاتمىش ئىككى ياشتا ئىدىم. ھازىر سەكسەن بىر ياشقا كىردىم» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. خېتىپ خوجامنى كاشغەر ھاكىمى ھەمتاجى ھاكىم بېگىمگە تاپشۇرۇپ، «ئۇلۇغ خانغا ئەرز بېرىمەن، ئەمدى يارلىقتا قارايسىز»دەپ چىقاردى. توققۇز ئايدىن كېيىن ئۇلۇغ خاندىن «قېرى ئادەم ئىكەن، گۇنايىنى ئەپۇ قىلدىم. ئۆز يۇرتىمغا كېتىمەن دىسە يول خىراجىتىنى بېرىپ ماڭدۇرۇڭلار» دەپ يارلىق كەلدى. يارلىق ھۆكۈمى بويىچە ئۇنى چاقىرتىپ، «ئۇلۇغ خان ئىلتىپات قىلىپتۇ. ئۆز يۇرتىڭىزغا يېنىپ كېتىڭ» دەپ، يۈز سەر كۈمۈش خىراجەت بېرىپ، كۇچارغا ياندۇرۇپ، قولىغا ئالاھىدە يارلىق ۋە ئىجازەت خەت بېرىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئوغلى مەھمۇدىن خوجام، ھامدىن خوجاملارمۇ ئىجازەت خەت ئېلىپ، كۇچارغا بېرىپ، ئۇلۇغ- قاياشلىرىغا قوشۇلدى. ھېچقانداق ئادەم ئۇلارغا ئېغىز ئېچىپ دەخلى قىلالمىدى. ئۆزلىرى نىمە خالىسا شۇنداق يۈرىدىغان بولدى.

لېكىن، دۇڭ دارىن دىگەن ئادەم ئۆز دىنىي ئېتىقادىغا ناھايىتى مۇستەھكەم، مۇسۇلمانلارغا بولغان ئىچكى ئاداۋىتى كۈچلۈك ۋە مەھكەم، غەيرەت ۋە باتۇرلۇقتا ھەممە مەنسەپدارلاردىن پىشقەدەم، بالايى- ئەزەم ئى. سېرىق قولنىڭ ھاكىمى ئەلپ بېك [237] دىگەننى سەللا بىر گۇنانى بانا قىلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. يەنە چوڭ پادىشانىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسىتىپ پەرمان بەرسۇن دەپ، كاشغەر ئەھلىنى قىستاپ تەڭلىكتە قويدى. ئۇلار ئىلاجسىز كۆرسىتىپ بەردى. چېرىكلەرنى ئېلىپ چىقىپ، ئاتالىق غازىنىڭ گۆرىنى ئاچتۇرۇپ، نۇرغۇن ئورۇنلارنى دۆۋلەپ، ئۇنىڭ جەسدىنى كۆيدۈرۋەتتى. ھېچ ئىلاج بولمىدى. بۇنىڭدىن دىنى سۇس، ئەسلى زاتى يامان مۇناپىقلار خوشال- خورام بولدى. لېكىن ، مۇسۇلمان سۇپەتلىك دىيانەتلىك ئەندىشلىك خەيرىگاھلار غەمكىن بولۇپ، كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، بەنىيار ئاللانىڭ دەرگاھى تەقەد دۇسدىن كەچۈرۈم سوراپ دۇئا ئىلتىجا بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلۇغ ئۆلىمالار بۇ ئاجايىپ ۋەقەنى كۆرگەندە «بۇنداق قىلىش بولسا ئۆلۈك- موردا ئۇچۇن دەرىجە ۋە مەرتىۋە، لېكىن تىرىكلەرنىڭ

ھەققى ئۈچۈن زۇلۇم ۋە خارلىققا لايىقتۇر» دەپ ئۆردى.

بۇنداق ئاجايىپ ۋەقە ئاتالىق غازى ئۆلگەندىن كېيىن سادىر بولدى. ئىلگىركى پادىشا ۋە خولۇپا بەرھەقلەردىمۇ سادىر بولغان ئىكەن. «تارىخ رەستۇسسافا» دىگەن كىتاپتا، مۇھەممەت بىننى خاۋەندىشاھ بايان قىلىپ، ئابباسلار خەلىپىسىنىڭ دەسلەپكى سەففاھ [238] ئىدى. يەنى ئابدۇللا بىننى، مۇھەممەت بىننى، ئەلى بىننى، ئابدۇللا بىننى، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ بىننى ئومەييە يەنى مۇئاۋىيەلەرنىڭ گۆرىنى ئېچىڭلار، لېكىن ئۆمەر ئابۇلئەزىزنىڭ [239] گۆرىگە دەخلى قىلماڭلار» دەپ ھۆكۈم يارلىق قىلدى. ئۇلار مۇئاۋىيەنىڭ گۆرىنى ئاچتى. قەۋرىسىدىن توپا- تۇپراقتىن باشقا نەرسە تاپالمىدى. يەزىد بىننى ئۇئاۋىيەنىڭ [240] گۆرىنى ئاچتى. كۆلدىن بۆلەك نەرسە يوق ئىكەن. ئابدۇلمۇلۇك مەرۋاننىڭ [241] گۆرىدە بولسا بېشى، ھەشام بىننى ئابدۇلمۇلۇكنىڭ [242] گۆرىدە بولسا ئۇنىڭ جەسدى ۋە ھەممە ئەزالىرى پارچىلىنىپ، بىر- بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن ئىكەن. بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كۆپ قامچىلاپ ئۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ ئاستى- ئۈستىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، كۆلنى كۆككە سورىدى. سۇلايمان بىننى ئەلى، بىننى ئابدۇللا بىننى، ئابباس تەزىلۇللا ئەنھۇ [243] بەسەرەدە [244] ھاكىم ئىدى. ئۇ يەنى ئۆمەييە ئۇلۇغلىرىنىڭ گەدىنىگە تىغ ئۇرۇڭلار ۋەپ بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكلىرىنى كوچا، يوللارغا تاشلىدى. بۇ شەھەرنىڭ ئىت ۋە باشقا يىرتقۇچلىرى ئۇلارنىڭ گۆش ۋە تېرىلىرىدىن نەچچە كۈن بەھرىمەن بولدى. يەنى ئۆمەييە خەلىپىلىرى ئەۋلاتلىرىدىن مۇھەممەت بىننى ئابدۇلمۇلۇك [245]، ئۆمەر بىننى يەزىد [246]، ئابدۇلۋاھىد بىننى سۇلايمانلار [247] ناھايىتى باي ۋە ئەسۋاپ مۈلكى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا ھالاك قىلىپ، مال- مۈلكىگە سۇلايمان بىننى ئەلى ئابباس ئىگە بولدى. يەنى ئۆمەييە تايىپىلىرىدىن ئەجەل يەتمەي قالغانلىرى بولسا پېكىر يوقسۇللۇق كوچىلىرىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنى ئالەمنىڭ بۇلۇڭچىلىرىغا ئېلىپ، مەخپى كۈن ئۆتكۈزدى دەپ بايان قىلىدۇ. ئەي ئەزىز يارەنلەر، بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بۇلۇڭلاركى، ئۇ ۋاقىت تارىخ چىجرىنىڭ بىر يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى يىلى (مىلادى 749-750- يىلى – ت) ئىدى. شۇنداقلا بۇ دەۋر بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاماندىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىگەن، بەلكى پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرىنى كۆرگەنلەرمۇ تېخىچە ھايات ياشاۋاتقان بىر زامان ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر زاماندا، بىرەر مۇسۇلمان خەلىپە ۋە پادىشانىڭ تەبئىتى يەنە بىر مۇسۇلمان خەلىپىگە مۇنداق ئاجايىپ ۋەقەلەرنى قىلىشنى راۋا ۋە دۇرۇس دەپ كۆرگەن تۇرسا، ھالبۇكى، ئۇ

چاغدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامان ئۆتكەندىن كېيىنكى بوگۇنكى كۇندە، بىرەر كاپىر دىنسىزنىڭ مۇسۇلمان ۋە دىندار ئىسلام پادىشالىرىنى يەنە قانداق خار ۋە ئېتىۋارسىزلىقلارغا دۇچار قىلماسلىقى مۇمكىن.

ئۇ چاغدا ختايلار ئاتالىق غازىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆيدۈردى. چۈنكى، ختايلارنىڭ ئېتىقادىچە، ئەگەر بىرەر ياخشىلىقى كۆپ، يامانلىقى ئاز ئادەم ئۆلسە، ئۇنىڭ جېنى يەنە بىر ئادەمنىڭ قوسىقىدا پەيدا قىلىپ، تېز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇنى يەنە تۇغدۇرۇپ، بۇ يەر يۈزىگە كەلتۈرىدىكەن. ئەگەر ياخشىلىقى ئاز، يامانلىقى كۆپ ئادەم بولسا، ئۇلار ئالدى بىلەن ئىت، ئىشەك قاتارلىق نەرسىلەر بولۇپ تۇغۇلۇپ، زېمىن يۈزىگە كېلىپ خىزمەت قىلىپ، زېمىن يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەققىنى ئاداق قىلىپ، ئاندىن يەنە ئۆلۈپ، بىر ئايالنىڭ قوسىقىغا پەيدا بولۇپ، يەنە تۇغۇلۇپ كېلىدىكەن. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ ئازراقلا ھەققى بولسا، ھەققىنى ئادا قىلىپ، ئاندىن تۇغۇلۇپ كېلىپ، تۇخۇم تۇغۇپ بېرىپ، ھەققىنى ئادا قىلىپ، ئاندىن ئادەم بولۇپ تۇغۇلۇپ كېلىدىكەن. كىشىنىڭ ھەققىنى بەرمەي ئىلاجى يوق. پۇل ئىگىسىنىڭ ھەققىمۇ ئەسلا بىكارغا كەتمەيدۇ دىگەن يامان ئەقىدىلىرى مۇستەھكەم ئىكەن، شۇڭلاشقا، ئۇلار كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقۇپ ئەندىشە قىلىدىكەن دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتالىق غازىنىڭ جەسدىنى كۆيدۈرۈشىدىكى ئەقىدىسى بولسا، بۇ لاۋ پادىشانىڭ جېنى يەنە بىر ئايالنىڭ قوسىقىدا پەيدا بولۇپ تۇغۇلۇپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە بىئاراملىق قىلمىسۇن دىگىنى ئىكەن. ئۇلار بۇ ئەقىدىسىنى روھنىڭ يۆتكىلىشى دەپ قارايدۇ. راست ياكى يالغانلىقىنى ئاللا بىلىدۇ.

ئەلقىسسە، خاقانى مەنسەپدارلىرى خەققە بەش يىلغىچە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈزۈم بويىچە مۇئامىلە قىلدى. ئاندىن كېيىن يۇرتدارلىق ئىشلىرىنى ئېنىقلىماقچى بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ يەر- زېمىنىنىڭ ئاز- كۆپلىكىگە قارىماي چىزىلاپ ۋە پۈتۈلاپ ۋە كەملەپ ئۆلچەپ، ئازغا ئازچە، كۆپكە كۆپچە ئاق ياكى قارا ئاشلىق، سامان قويۇپ دەپتەرگە ئالدى. ھەر بىر شەھەرنىڭ چىقىم- كىرىمىنى خەتلەپ توختىتىپ، ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلدى. ئۇلۇغ خاندىن «بىلدىم» دىگەن يارلىق چۈشتى. ھەر قايسى شەھەرنىڭ مەنسەپدارلىرى تەيىن قىلىپ توختىتىلغان ئاشلىقنى كەم ياكى ئارتۇق قىلماي، دۆلەت خەزىنىسىگە ئالدى. مەنسەپدارلار ئالۋاڭنى ئون ياكى ئون ئىككى يىلغىچە مۇشۇ تەرىقىدە ئېلىپ تۇردى. بەلكى بۇ ئالۋاڭنى بارغانسېرى كۆپەيتىۋەردى. ھازىر خاقانى مەنسەپدارلىرى بۇ جاينى ئىگەللىگەنلىكىگە ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى. يەنى تارىخ ھجرى بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە (مىلادى 1909- يىلىغا – ت)

يەتتى. خالايىق شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئەجداتلىرىدىن قالغان مۈلكى مىراس زېمىنلىرىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ھويلا- ئاراملىرى، ھەرەم باغلىرى، مال- مۈلكى ۋەيران بولۇپ، ھۇقۇش، قۇزغۇنلارغا ئاش ، دىۋە- پەرىلەرگە جاي- ماكان بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار يۇرتدارلىق ئالۋاڭلىرىنى تۆلەشكە ئاجىز قېلىپ، يەر- زېمىننى باشقا ئادەمگە بىكارغا بەرسىمۇ ئالمايدىغان بولدى. خاقانى مەنسەپدارلىرىنىڭ ئىچكى كۆڭۈللىرىدىكى مۇددىئا غەرەزلىرى بولسا، چەنتو پۇقرالار ۋە خۇداسىنىڭ رەھمى- شەپقەتلىرىگە سىغىنىپ، خۇداسىدىن باشقا ھېچ مەخلۇقتىن ياخشى ۋاپا ۋە ئۈمىت تۇتمىسۇن، پەقەت بىزنىلا ئازرۇ- ھەۋەس قىلىپ، بىھۇدە جەۋرى- مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئۆمرىنى زايا قىلمىسۇن، يەنە ئىككىنچى مەرتىۋە باشقا تايىپە ۋە پادىشالارنى تەلەپ قىلىپ، بىزگە ناشۇكۇرچىلىك قىلمىسۇن، ئاسمان ۋە زېمىن خۇداسى كىمنى خالاپ ۋە كىمنى ئۇلۇغ قىلىپ بەرسە، شۇلارنىڭ ئەمر- پەرمانلىرىدىن چىقماي، سەۋر قىلسۇن دىگەنلىكتىن ئىبارەت ئىكەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ يۇرت سورايدىغان مۇددىئاسى بولسا ئىدى، پۇقرا- خالايىققا مۇنچىلىك زۇلۇم قىلىشنى راۋا ۋە لايىق كۆرمەس ئىدى. بەلكى ئۇلار مۇسۇلمان زالىملىرى ياكى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، سىياسەت يۈرگۈزگەن بولار ئىدى. خۇداۋەندە ئۆز رەھمى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن بۇ لەنتى زالىملارغا يەنىلا ئىنساپ ۋە ئادالەت ئادا قىلسا ھەجەپ ئەمەس.

ئەي نادان ئاسى، بىمىقدار، خارگۇناكار ۋە بىمادار! سېنىڭ بۇنداق ئىقتىدارلىق پادىشالار ۋە ئەتىۋارلىق ساھىبى يولباشچىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇلار ھەققىدە سۆز ئېچىشقا نىمە ھەققىڭ ۋە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ سەن بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالايسەن؟ ئەي مۇغەننى ئالىملار، سىلەرمۇ بىھۇدە ۋە يوغان سۆزلىرىڭلارنى ئاۋايلاپ سۆزلەڭلار. چۈنكى، پادىشا ۋە ھاكىملارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز قۇۋۋەت ۋە شىجائەتلىرىمىز بىلەن شەھەر ئالدۇق دەپ ئۆزلىرىگە ئىشەنچە قىلىدۇ. ھەقىقەتنى ئايرىغۇچى بولسا، پەقەت ھايات ئىگىسى بولغان ھەققى ئاللانىڭ ئۆزىدۇر. ھالبۇكى، ئۇ ئالەمنىڭ خۇداسى ئۆز ئىلمىي قەدەملىرى بىلەن ئىسلام دىنىدىكى ياكى دىنسىز كاپىر پادىشالارنىڭ قايسىبىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا بىز مەخلۇقلارنىڭ ئۈستىگە ئىگە قىلىپ ئەۋەتكەن – بەس ! شۇڭلاشقا، ھەر زامان ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا پادىشا ۋە ھاكىمى ۋىلايەتلەر، ئەمەلدارلارنىڭ ئىنساپ ۋە ئادالەتلىرى ھەققىدە دۇئا قىلماق لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ ئىسلام پادىشا بولىدىكەن، ئۇنىڭغا دۇئا قىلماق كېرەك ۋە ئۇنىڭ توغرا يولى، ئىنساپ ئادالەتلىرىنى تىلەش لازىمدۇر. چۈنكى، بۇنداق پادىشالارنىڭ نېئمەت ئىلاھى جۈملىدىندۇر.

نەزىم:

ھەممە ھالغا شۈكرى قىلماق لازىم ئېرۇر،

كى مۇبادا ئانىڭدىن ئولغاي يامان.

ئەي ئاقىللار، باغۋەنلەرنىڭ قۇرۇق ئۇستىگە قويغان تىكەنلىرى، قويچى پادىچىلارنىڭ ئىتلىرىمۇ نېئمەت ئىلاھى جۇملىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىشى بولمىسا ئىدى. قويلىرىنى باغچىلارنىڭ قۇرۇق ئۇستىگە قويغان تىكەنلىرى بولمىسا ئىدى. مۇلىرىنى ئوغۇرلاردىن ساقلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، خۇداۋەندەكېرىم ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ھەر قانداق ئىنسان خىلى ئىچىدىكى ئۇلۇغلار نەسلىدىن بىرسىنى بىز مەخلۇقلارنىڭ ئۇستىگە ئىگە قىلىپ بەرسە، بارلىق پۇقرالار ۋە خالايىقلارنىڭ ئۇنىڭغا شۈكرى سانا قىلىپ، ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلىشلىرىمۇ لازىم تۇتۇپ بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار جۇملىسىدىندۇر. ئاھا ئۇلۇغلارغا ئىنساپ ۋە ئادالەت ، پۇقرالارغا توغرا يول ئاتا قىلغايسەن. ھۆرمەت سەيىدىلمۇرسەلىن ۋە ئەنبىيالارغا مەنسۇپ ـ ئامىن !

## 20

# فەغفۇرچىنىنىڭ پۇقراپەرۋەرلىك تەرەپتىكى ئادالەت ـ سۈپەتلىرى، زىمىنىنىڭ كەڭرى ـ چوڭ ۋە ئۇلۇغلۇغى، زىمىن دائىرىسى تەرىپى ھەققىدە قىسقىچە ۋە نەمۇنە بايانى

راست سۆزلۈك يارەنلەر، ئەقىللىق بۇرادەرلەرنىڭ روشەن ۋە ماقۇل كۆڭۈللىرىدىن مەخپىي ۋە نامەلۇم قالمىغايكى، بۇ تارىخچىنىڭ مۇقەددىمە ئاخىرىدا بايان قىلىنغاندەك، فەغفۇرچىنى خانى بۇ شەھەرلەردىكى مەنسەپدارلارنىڭ گەدىنىدىن ئايمۇ ـ ئاي پۇل ئېلىپ تۇردى. بۇنى «چوقا بېشى» دەپ ئاتىدى ھەم تۇزغىچە باج قويىدى دەپ بايان

قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ تەپسىلى بايانى بۇكى، ئاقسۇلۇق موللا نىياز ئاخۇن ناملىق زېرەك ھەم ھۇشيار بىر مىرزا كەمىنە مەنكى بۇ ئېيتىۋارسىز قەلەم تەۋرەتكۇچىگە ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق بىر قىسسىنى ھىكايە قىلىپ بەرگەن ئىدى. يەنى تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىشىنچى يىلى (مىلادى 1844- يىلى – ت) ئەتراپىدا شەنفىڭ خان دەۋرىدە [248] چاڭ مۇزا دىگەن بىر تايىپە، ئەنگىلىيە نىسارلىرى ۋە بۇزۇلغان تۇڭگانىلار ئۇلۇغ خانغا يۇپۇشقان كۇنلەردە خان مەزكۇر تايىپىلەر ئۇستىگە لەشكەر ماڭدۇرۇپ، بۇ نەنلۇباچىلىك تەرەپكە ئىلگىرىكىدەك كۆلەن- ۋەزىپە ئەۋەتىشكە پۇرسەت يەتمىگەن زامانلاردا، بۇ يەتتە شەھەردىكى مەنسەپدارلار «بىزمۇ بۇ شەھەردىن كان تېپىپ ئۇلۇغ خاننىڭ غەزنىسىگە كۈمۈش سالساق، پۇقرالارنىڭ گەدىنىگە پۇل قويۇپ باج يىغىۋېلىپ، بۇنى ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلىپ، مەنسەپ ۋە ئابرۇيي تاپساق» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، ئاقسۇنىڭ چىڭخەيي ئامبانى مەن دارىن دىگەن ئادەم ئاقسۇنىڭ ھاكىمى باشلىق مەنسەپدارلارنى ھازىر قىلىپ، ئاقسۇنىڭ ئادەم ۋە ئۆيي نوپۇسىنى خەتلەپ، ھەر ئۆيلۈك ئادەمگە ئىككى تەڭگىدىن مىس پۇل قويىدى. بۇنى «چوقا بېشى» دەپ ئاتىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ، پۇقرالاردىن ئون تۆت مىڭ تەڭگە چوقا بېشى پۇلنى ئالدى. ئۇلۇغ خانغا بۇنىڭ راستى مەلۇم بولماي ۋە سورىغىمۇ قىلىنماي يوقاپ كەتتى. بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ھەر ھەر ئايدا ئىچىدىغان تۇزىغا ئىككى پۇلدىن باج قويۇپ، ئۈچ ئايدا ئۈچ داچەن، يەنەى ئالتە پۇل ئېلىشنى قارار قىلدى. بۇنى ھىساپلاپ كۆرگەندە، پۈتۈن ئاقسۇ تەۋەلىگىدىن بىر يىلدا ئون بەش مىڭ نەچچە يۈز تەڭگە پۇل يىغىلىدىكەن. نەتىجىدە بۇ پۇلنى ئېلىشقا ھۆكۈم جارى بولۇپ، ئۈچ ئاي توشقاندىن كېيىن، يۇرتنىڭ ئەمەلدارلىرى يۇقىرقى تۈزۈم بويىچە پۇقرالاردىن بۇ پۇللارنى يىغىۋالدى ۋە ئۇنى ھاكىم بېكنىڭ ئورىدىسىغا ئېلىپ كېلىپ، بۇ تۇز بېجىنى ساناش ۋە ساقلاشقا پېقىر موللا ئاخۇن مىرزىنى تەيىنلىدى. بۇ پۇلنى تۇرغان كۈنلەردە قەدىمدىن بۇيان فەرغانە خانلىغىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇپ يەر- زىمىن مۈلكىگە ئىگە بولغان ھەم دېھقانچىلىق قىلىپ ئۇلۇغ چىنى خاقانىنىڭ ساڭلىرىغا ئاشلىق تۆلەيدىغان بىر مىڭ بەش يۈز ئۆيلۈكتىن ئۇشۇقراق پۇقراسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈنلەردە مىرزا باي دىگەن بىر ئاقساقالى بارئىدى. ئاقسۇ ھاكىمى مىرزا بايغا «قول ئاستىڭدىكى پۇقرالىرىڭدىن ھەرئايدا بىر داچەندىن تۇز بېجى ئېلىپ خېنىيەگە تاپشۇرىسەن» دەپ ھۆكۈم خەت بېرىپتۇ. مەزكۇر ئاقساقال «كاشغەردىكى ئوغلۇمغا مەلۇم قىلىپ، ئاندىن كېيىن تۇز بېجىنى ئېلىپ بېرەيي» دەپ، بۇ ھۆكۈم خېتنى كاشغەردىكى چوڭ ئاقساقالغا ئەۋەتىپتۇ. چوڭ ئاقاساقال بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، ئەرز قىلىپ، بۇ ھۆكۈم خېتنى ياركەنتتىكى خان

ئامبانغا ئەۋەتىپتۇ. خان ئامبان بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، يەنىمۇ راستىنى بىلەي دەپ ئاقسۇغا مەخپى ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپتۇ. ئۇ ئادەم ياركەنتكە يېنىپ بېرىپ، ۋەقەنىڭ راستلىغىنى خان ئامبانغا مەلۇم قىلىپتۇ.

بۇ كۈنلەردە باي ھاكىمى قاسىم بېك مەنسەپ توغرىسىدىن ياركەنتكە بارغان ئىكەن. بۇ بىكدىنمۇ راستىنى ئېنىقلاپ چى خەت ئېلىپتۇ. ئاندىن ئۇ ئۇلۇغ خانغا «ئاقسۇدىكى مەن دارىن دىگەن ئەمەلدار ئۇلۇغ خاننىڭ شانى-شەۋكىتىنى سۇندۇرۇپ، خوتۇنلار ئىچىدىغان تۇزدىن باج ئېلىپتۇ. بۇ ھال يىراق- يېقىن مەملىكەتلەرگە ئاڭلانسا ياخشى ئىش بولمايدۇ» دىگەن مەزمۇندا ئەرز ئەۋەتىپتۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ راستىنى ئېنىقلاشقا ئادەم ئەۋەتىپنى تىلەيمەن» دەپ مەلۇم قىلىپتۇ. بۇ ئۇلۇغ خانغا يېتىپ، جۇنلە (تەستىقلىنىپ – ت) كوي دارىن دىگەن ئامباننى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپتۇ. ئاقسۇنىڭ ئامبانى مەن دارىن دىگەن ئۇنىڭ يارلىق بويىچە ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئاقسۇغ كېلىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ، ئۆزىندىن ئەندىشە قىلىپ، ئاقسۇ ھاكىمى باشلىق چوڭ- كىچىك خىتاي ۋە يەرلىك ئەمەلدارلاردىن يەتمىش ئىككى ئەمەلدارنىڭ تىلىدىن « تۇزغا باج ئالمىدۇق، بۇ بىر يالغان سۆز» دەپ چى خەت ئالدى. پېقىر موللا ئاخۇن مىرزىدىنمۇ «پۇل ئالمىدىم» دەپ تاندۇرۇپ چى خەت ئالدى. ئۇنىڭغىچە مەزكۇر تەكشۈرگۈچى ئامبان ئاقسۇغا كەلدى. تۇز بېجى ئالغانلىقنىڭ راستىنى پۇقرالاردىن ئېنىقلاپ بىلدى ۋە كەمىنە مىنىمۇ سۆز ئېلىپ بېرىپ سۆز سورىدى. يالغان سۆزنى راست سۆزنىڭ جايىغا ئەپكىلىش ناھايىتى مۇشكۇل بولدى. «راستلىق خاسلىقتۇر» دىگەن ئەقىدىنى مەھكەم تۇتۇپ، « بىر ئۆيلۈك ئادەمدىن بىر ئايدا ئىچىدىغان تۇز بېجىغا ھەر ئايدا بىر داچەندىن پۇل ئېلىپ ماڭا تاپشۇردى. جەمئىي بىر مىڭ ئالتە تەنگە ئالتە پۇل ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ خان بۇ توغرىدىن كايىپتۇ دىگەن گەپنى ئاڭلاپ،ئۇنىڭدىن ئارتۇق پۇل ئېلىنمىدى» دەپ مەلۇم قىلدىم. ئۇ «بۇ پۇل قولۇڭدا ھازىر بارمۇ» دەپ سورىدى. مەن «بەزىسى ھازىر بار» بەزىسى ئۇستۇمدىكى دىۋان بېگى ئۆتنە ئېلىپ ئىشلەتتى. يەنە بۇنىڭ ئورنىغا پۇل سېلىپ قويىمىز دەپ ئالغان ئىدى. «بۇ دەپتىرىگە يېزىقلىق» دەپ مەلۇم قىلدىم. ئۇ بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىغىنى ئۈچۈن چى خەت ئالدى. ئاقسۇنىڭ ئامبانى بۇنى ئاڭلاپ، «مەن ئىقرار قىلما دىسە يەنە نىمە دەپ ئىقرار بولسەن» دەپ كايىپ، ئىككى جىڭلىق پالاقتا سەكسەن تاياق ئۇردى ۋە دىڭىزدا مەھكەم قىلىپ سولاپ قويدى. ئارلىقتا سەكسەن كۈن ئۆتتى. ئۇلۇغ خاندىن «تۇز پۇلى تۇتقان موللىنى، ئاقسۇ ھاكىمى ھۇشۇر، باي ھاكىمى قاسىم ۋە دىۋان بېگى موللا ھۇشۇرنى ئىلىغا ئېلىپ چىقىپ، جاڭجۇن ۋە خان ئامبانلار ئۆزى سوراق قىلىپ، ۋەقەتنىڭ راست ياكى يالغانلىغىنى ئېنىقلىسۇن»

دىگەن يارلىق كەلدى. يارلىق ھۆكۈمى بويىچە بۇ تۆت كىشىنى ئىلىغا ئېلىپ باردى. بۇ كۈنلەردە ئاقسۇ ھاكىمى ھامىد تاجى ھاكىم بېگىم ھاكىملىقىدىن بىكار بولۇپ، ئورنىغا ھۇشۇر بېك دىگەن كىشى ئارىيەت ھاكىم بولۇپ، تامغا تۇتۇپ تۇرغان ئىدى. جاڭجۈن ۋە خان باشلىق ئون ئىككى نەپەر كاتتا مەنسەپدار دەقەمتۇر قاتار ئولتۇرۇپ، بىزدىن بىر-بىرلەپ، ناھايتى نازۇك ۋە ئىنچىكلاپ ئالدىرماي سورىدى. بىر ئايدا تۆت-بەش نۆۋەت سۆز سواريتى. بەزى كۈنلەردە ئۈچ- تۆت نۆۋەت سورايتى. شۇنداق قىلىپ سەككىز ئاي سوراق قىلدى. شۇنداق نۇرغۇن سۆزلەرنى سورىدىكى، بۇنى يېزىشقا قەلەم ئاجىز كېلىدۇ. ئاخىرى بۇنىڭ راستىنى ئېنىقلاپ، ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلغاندا، ئۇلۇغ خاندىن چىڭ خان ئامبان دىگەنگە «بۇلارنى ئۆز يېرىگە ئاپىرىپ، ئۇششاق پۇقرالاردىمۇ سوراپ ئېنىقلاپ، بىر قارارغا كېلىپ، ئۇچۇر بېرىلسۇن» دىگەن مەزمۇندا يارلىق كەپتۇ. خىراجىتىگە بەش مىڭ سەر كۈمۈش يارلىق قىلىپ، يەنە ھەر كۈنلۈك خىراجىتى ئۈچۈن ھەر ئۆتەڭدىن ئەللىك بىر كۈمۈش ئېلىشقا يارلىق چۈشۈپتۇ. مەزكۇر خان ئامبان ئۇرۇمچى، تۇرپان يولى بىلەن داغدۇغا ھەشەمەتلەرنى قىلىپ ئاقسۇغا كەلدى. ئاقسۇ ئامابانى مەن دارىن، تاجى ھاكىم بېگىم، ھۇشۇر ھاكىم بېك باشلىق خىتاي ۋە يەرلىك مەنسەپدارلاردىن يەنە ئېنىقلاپ سوراپ، راستىنى ئېيتقۇزۇپ، ھەممىسىدىن چى خەت ئالدى. مەن موللاخۇندىن بىرمىڭ تەڭگە ۋە يەنە ئالتە تەڭگە پۇلنىڭ ھىساۋىنى سورىدى. بۇ پۇلنىڭ ھازىرىغا ھازىرچە ۋە يوق بولغان پۇلنىڭ دىرىگىگە پۇل ئالغان ئادەملەرنى تۇتۇپ جاۋاپ بەردىم. لېكىن بۇ پۇلدىن تۆت پۇل كەم چىقتى. ئۇ «نىمە قىلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، مەن «ئېسىمگە ئېلىپ ئاندىن جاۋاپ بەرسەم» دىدىم. ئۇ ماقۇل بولدى. ئاخىرى بۇ ئىككى داچەن يەنى تۆت پۇل ئۈچۈن يەتتە نۆۋەت كاتتا سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىپ سوراق قىلدى. ئاخىرى «بۇ تۆت پۇلغا قەغەز ئېلىپ، باج بەرگەن ئادەملەرگە باغاق ھۆججەت قىلىپ بەردىم» دەپ جاۋاپ بەردىم. بۇ سۆزۈمنى ھۆججەت قىلىپ تۇرۇپ، تاجى بېگىمنى ئېلىپ كىرىپ، «باج تۇتقان بۇ موللىغا خېنىيىدىن بەرگەنمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ «قەغەز بەرمىگەن ئىدى» دەپ جاۋاپ بەردى. خان ئامبان « ئۇنداق بولسا قەغەز بەرمىگەن دەپ مۆھرىڭىزنى بېسىپ چى خەت بېرىڭ» دەپ چى خەت ئالدى. ئاندىن كېيىن مەندىن ئالدىغان ھىساپ سورىغىنى تۈگىتىپ، بۇ سوراقنىڭ ئۈچۈرىنى ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلدى. ئۇلۇغ خاندىن «بىلدىم، مىنىڭ ئۇششاق پۇقرالىرىم ئۈستىدىكى مەنسەپدارلار، ئۇلارغا جەۋرى- زۇلۇم سىلىپتۇ. مەن ئۇلۇغ خان ئاقسۇ ھاكىمى، باي ھاكىمى، باي-سايام ھاكىمى باشلىق خىتاي، يەرلىك ئەمەلدارلاردىن يەتمىش ئىككى مەنسەپدارنى مەنسۇپدىن ئالدىم. بۇلار

ھىچقانداق مەنسەپ ئىشلىرىغا ئارلاشمىسۇن. لى فا قائىدىسىگە سىلىپ، ماددىلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم، بۇ مەنسەپدارلارنى بەش ملڭ يوللۇق يەرگە يالاپ، بۇغۇپ ئۆلتۈردىغان قانۇن بار ئىكەن. لېكىن مەن بولسام ئۇلۇغ خان، خۇددى ئىگىز بىر تاغ، پۇقرالىرىم بولسا كىچىك دەرياغا ئوخشاش. مەن ئۇلارنىڭ گۇناسىنى ئەپۇ قىلدىم. ئۇلار ئۆز يېرىگە بېرىپ پۇقراچىلىغىنى قىلسۇن. يەنە بىرى مەن يېڭى تەختەكە چىقتىم. بۇلارنىڭ گۇناسىنى ئەپۇ قىلدىم» دەپ يارلىق چۈشۈردى. بۇ ۋەقە شەنفېڭ خاننى ئونىنچى يىلى (مىلادى 1860ـ يىلى – ت) يۈز بېرىپ سوراق قىلىنغان ئىدى. سوراق تۈگىگىچە شەنفېڭ خان ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا تۇڭجىر خان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تولۇق ئۈچ يىل ئۆتكەن ئىكەن. مەزكۇر خان ماڭا رەھمى ـ شەپقەت قىلىپ ماختاپ، ئوتتۇز سەر كۈمۈش شاڭلاپ بېرىپ، پۇقراچىلىغىڭنى قىلغىن دەپ جاۋاپ بەردى دەپ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. مەنكى كەمىنە قەلەم تەۋرەتكۈچى ئۇ چاغدا ئۆيلەنگەن ئىدىم. مەنمۇ ئەل قاتارى ئۈچ ئايدا ئۈچ داچەن بەرگەن ئىدى.

ئەي زامانە ئادەملىرىنىڭ رەسالىرى ۋە دەۋرانىنىڭ ئەقىللىق دانالىرى، بۇ ئۇلۇغ خاننىڭ ئادالەتلىگى ۋە پۇقراپەرۋەرلىگى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ يەتتە شەھەر ھىساۋىدا بىر ملڭ تەڭگە ئالتە پۇلنى خىتاي ھىساۋىدا ئاتمىش ئىككى يېرىم سەر كۈمۈش، ئورۇسىيە ھىساۋىدا بىر يۈز ئاتمىش سوم نەچچە تىيىن ئاقچا ھىساپلايدىكەن. دىمەك، ئاران مۇشۇنچىلىك پۇل ئۈچۈن ، ئۇلۇغ خان ئىلىدىن خان ئامبانى بۇيرۇپ، خىراجىتىگە ئۆز غەزىنىسىدىن نەچچە ملڭ سەر كۈمۈش بەرگەننىڭ تېشىدا، پارچە خىراجەتلىرى ئۈچۈن يەنە نەچچە ملڭ سەر كۈمۈش تەيىنلەپ، «مەن ئۇلۇغ خاندىن يارلىق بولماي تۇرۇپ، مەنسەپلىرىم ئۇششاق پۇقرالىرىمدىن ھەر ئايدا بىر داچەندىن پۇل ئېلىپ جەۋرى قىلىپتۇ» دەپ تەكشۈرۈپ، چىڭچەي ئامبان باشلىق ئۈچىنچى، تۆتىنچى جەرەكىلىك مەنسەپكە يەتكەن ھاكىم ۋە چوڭ ـ كىچىك يەتمىش ئىككى مەنسەپدارنى مەنسۇپىدىن ئالدى. بەلكى تۆز بېجى تۇتقان ياكى ئالغان يۈز بېگى، مۇئەززىن، ئاقساقاللارغىچە بىكار قىلدى. يەنە ئىككى داچەن ئۈچۈن نەچچە كۈن سوراق قىلىپ، راستىنى ئېنىقلاپ، بۇ ئىشقا ئەجەپلىنىپ، قىياس ۋە ئىنتىھان كۆزى بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىنساپ ۋە ئادالەتلىرىگە ئىنساپ قوشۇلسۇن! گەرچە ئۇلۇغ خانغا ئاڭلانغىنى بىر داچەن بولسىمۇ، غەزنىدىن نەچچە ملڭ سەر كۈمۈش سەرپ قىلىپ، ياخشى سوراق قىلالاتتى. بىراق، بۇگۇنكى كۇندىكى مەنسەپدارلار بولسا، خېنىيە ئالۋاڭلىرىنى بازا قىلىپ، بىر پۇقرادىن بىر ملڭ تەڭگە پۇلنى ئورۇن ـ سەۋەپسىز ئالماقتا. پۇقرالار دادى ـ پەريادىنى ئۇلۇغ خانغا يەتكۈزەلمەيدۇ ۋە

ئاڭلىتالمايدۇ. ئۇلۇغ خان بولسا چوڭلۇق قىلىپ، مەنسەپدارلىرىنىڭ خۇلقى- مىجەزى ۋە زۇلۇم- جەۋرىدىن خەۋەر ئالمايدۇ. بۇ سۆزلەرنى ييېزىۋاتقان چاغدا، خۇددى مۇشۇنداق يەنە بىر گەپ ئېسىمگە كەلدى.

تارىخ كىتاپلىرىدا بايان قىلىنىشىچە، قەدىمقى زاماندا پادىشا نوشىرۋان ئادىل [249] ئوغا چىقىپ بىر كەنتتە قوندى. بورچىلار ئاشخانىغا توز تەييارىغان ئىكەن. بۇ ئىشنى سەل چاغلاپ، مەزكۇر كەنتتىن توز ئېلىپ ئىشلىتىپتۇ. بۇ ۋەقە نوشىرۋانغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇ باقاۋۇل بېشى باشلىق بورچىلارغا سايىسەت قىلىپ، ئۇلارنى ئىبرەت ئۈچۈن دارغا ئېسىپتۇ ۋە ئۇ «ئاشخانىنىڭ توزى بولسا ئاز ۋە چاغلىق نەرسە، تولا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇنى يارلىق قىلماي تۇرۇپ، ئۆزگە ئېلىپتۇ. بىراق بۇ ئىشنى سەل چاغلاپ ئۆتكۈزۈۋەتسەم، مەندىن بەخسەلىك يۈز بېرىپ، پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە بۇ قائىدە رەسمىي جارى بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، جەۋرى- زۇلۇم بىللە پەيدا بولىدۇ. زۇلۇمنىڭ يىلتىزى كىچىك نەرسە،لېكىن ئۇ پاتلا چوڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنى كىچىك چېغىدا يۇلۇپ تاشلاش ئاسان، مۇبادا ئۇ يىلتىزى چوڭ بولۇپ، رەسمى قائىدىگە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، پۇقرالارغا زۇلۇم پەيدا بولۇپ، يۇرتتىن ئىنتىزام قوزغىلىپ كەتسە، ئۇنى جايىغا ئېلىپ كېلىش ئەلۋەتتە تەس بولىدۇ. بىرەر تەدبىر قوللانغىلىمۇ بولمايدۇ. ھەر ئىشقا كىچىك ۋاقتىدىلا تەدبىر قوللىنىپ، ئالدىنى ئېلىش لازىم دەپ ئاگاھلاندۇردى. شۇڭلاشقا نوشىرۋاننى ئادىل» دەپ ئاتىدى. بۇنداق دەپ ئاتاشقا يەنە باشقا سەۋەپلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ ئۇنىڭ بىر سەۋىۋى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، بۇ چەت- ياقا يۇرتلارغا مەنسەپدار بولۇپ كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ جەۋرى- زۇلۇملىرى ئۇلۇغ خانغا راستى بىلەن مەلۇم بولمايدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇلۇغ خان ناۋادا راستىنى ئاڭلاپ قالسا، ئۇنى ياخشى تەكشۈرۈپ، تەپتىشلەرنى قىلىپ، پۇقراپەرۋەرلىك سىياستىنى ئوبدان يۈرگۈزۈپ، ھەققانى ئادالىتىنى خۇددى ئاپتاپقا ئوخشاش ھەممىگە باراۋەر يەتكۈزۈپ ئىش كۆرىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ئادالەت نەتىجىلىرى ۋە خاسىيەت ئەسەراتلىرى بەركىتىدىن ياكى يەتتە مىڭ يىل مابەينىدە چىنى ماچىنىنىڭ [250] ئەۋلاتلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خانلىق دۆلىتى ۋە بەختىگە قۇسۇر يېتىپ، پادىشا پادىشالارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، باشقا تەختى سەلتەنەت قۇرۇلغانلىقىنى ھېچقانداق تارىخ كىتاۋىدا ئۇچۇق يازغان ئەمەس.

لېكىن تارىخ كىتاپلىرىدىكى تىزما بايانلارغا قارىغاندا، پىشدا دىيان پادىشالىرىدىن ئەسكەر رومى [251]

دىگەن ئادەم ئالەمنى ئۆزىگە قاراتقان بىر پادىشا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاقىۋەت فەغفۇرچىنى بىلەن دىۋاتلۇق ئورنىتىپ، سۈلھى تۈرۈپ ياندى. يەنە كېيىنكى پەيغەمبەر ئاخىر زامان دەۋرىدىكى پادىشالاردىن بولغان چىنگىز قائان بىر مۇنچە يۇرتى ئۆزىگە قاراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ خان سۈلھى تۈزۈشكە مايىل بولۇپ، قىزىنى چىنگىز خانغا بېرىپ، ئۇنى كۈيۈغۇل قىلدى. چىنگىز قائان ئۇنىڭ قىزىنى ئۆز خوتۇنلىرىنىڭ قاتارىغا ئېلىپ، ئۆز يۇرتىغا ياندى ۋە بۇ زېمىنغا مۇستەقىل پادىشالىق ھۆكۈمنى جارى قىلالمىدى. شۇنىڭدەك ئەمىرتېمۇر كوراگانىمۇ (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرلۇق قىلسۇن !) خاقانى چىنى بىلەن غازات قىلىمەن دەپ، ئۆز يۇرتىدا ئۈچ يىل ئەسكەر جەملەپ، ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە مىڭ نەپەر يارامىلىق ئەسكەر تەييارلاپ، بېجىننى مەقسەت قىلىپ، تاشكەنتنىڭ يۇقىرسىدىكى ئوترار دىگەن كونا شەھەرگە كەلگەندە، قىش ـ زېمىنساتانلىغى تۈپەيلىدىن ھاۋا ناھايتى سوغاق بولۇپ كېتىپ، بۇ يەردە قىشلاپ، باھار كىرگەندە ئاتلىنىمەن دەپ تۇرغان چاغدا، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسكەر ۋە ئات ـ ئۇلاقلىرى شىددەتلىك سوغاقتا مۇزلاپ ھالاك بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەمرائى دۆلەتخۇالىرى مەسلىھەتلىشىپ، « سوغاق يامان بولۇپ كەتتى. باھاردا يېنىپ چىقساق» دەپ ئەرز مەلۇم قىلدى. ئەمىر تېمۇر كوراگانى بۇنى ئاڭلاپ، غەزەپ ئاتەشلىرى ئۆرلەپ، «مۇنچىلىك سوغاقتىن قورقۇپ ئارقىغا يانغىنىم قانداق؟» دەپ، بارگاھىنىڭ ئالدىغا يالاڭ كۆينەك بىلەن چىقىپ، ساتراچ چاقىرتىپ چاچ ئالدۇرغىلى تۇردى. بۇ ھاۋا ناھايتى سوغاق دەلۋە پەسلى ئىدى. ساتراچ بولسا ئۇنىڭ چېچىنى ئېلىشقا باشلىدى؛ ئەزرئىل ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشقا باشلىدى. پادىشا شىددەتلىك سوغاق تۈپەيلىدىن مۇزلاپ قېتىپ قالدى دەپ بايان قىلىنىدۇ. ئۇمۇ شۇ سەۋەپ بىلەن بېجىنگە بېرىش مەقسىدىگە يېتەلمەي، كېيىنكى ئالەمگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ بولسا خالىس خۇداۋەندەكرىمنىڭ ئۆز پەزلى ئىنايىتى بىلەن خاقانى چىنىنىڭ يۇرت، پۇقرالىرىغا قىلغان ئادالەتلىك سىياستىنى ساقلىغانلىغى بولسا كېرەك.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئەتراپ ۋە تەرەپلەردە پادىشالىق ئەلەملىرىنى كۆتىرىپ، ئۆزىدىن ئۆزىگە پادىشالارنى كۆزگە ئىلمىغان ئورۇسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە ياكى فەرەڭگى ۋە باشقا پادىشالار بولسۇن، خاقانى چىنىنى قەستلەپ، نىيەتلىرىنى بۇزۇپ، قارا ساناشتى. لېكىن ئۇلۇغ خان ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇددى ئېگىز بىر تاققا ئوخشايدىكەن. ئۇ قىمىرلاپ ھەرىكەت قىلغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، يەنىلا ئۆز پايتەختىدە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان ئىكەن. ئۆزگە پادىشا ياكى ئۇلۇغلار بولسا خۇددى بىر دەرياغا ئوخشايدىكەن. چۈنكى دەريا دىگەن ئۆزىنى ھەرقانچە تاققا ئۇرغان

بىلەنمۇ، تاققا باراۋەرلىك قىلالماي، يەنىلا ئۆز جايىدا ئاقىدىكەن. خاقانى چىننىڭ دۆلىتى زور ۋە مۇستەھكەم بولۇشىدىكى سەۋەپ بولسا، ئۇنىڭ ئادالەتلىكى، لۇتفى سىياسەتلىرىنىڭ نەتىجىسى ۋە خالىسلىغى، كۆڭلىنىڭ كەڭلىگى ۋە خۇي- پېئىلىنىڭ كەڭلىگى، ئېغىرلىغى ئەسراتىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يۇرت- زىمىنلىرىنىڭ كەڭ ۋە مولللىغىنى شۇنىڭدىن بىلىش مۇمكىنكى، ئۇ يۈز مىڭ ئۆيلۈك، ئەقەللىسى ئەللىك ياكى ئاتمىش مىڭ ئۆيلۈك ئادەم جەم بولغان شەھەرگە بىر چىڭچەي مەنسەپ قويىدىكەن. سەككىز چىڭچەي ئۈستىدە بىر خان ئامبان تۇرىدىكەن. تۆپىسىدە بىر خان ئامبان تۇرىدىكەن. تۆت خان ئامبان ئۈستىدە بىر جاڭجان تۇرىدىكەن. ئىككى جاڭجۇن تۆپىسىدە بىر زۇڭ تۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ،ئۇلۇغ خان ئۆز ھۆكۈمنى يىگىرمە بىر زۇڭدۇڭلۇق زىمىن ئىچىدىكى پۇقرالارغا جارى قىلىدىكەن دىگەن ھىكايىلەر بار. يەنە ھەر بىر زۇڭدۇغا قارايدىغان زىمىننى بىر سېلىك (ئۆلدە – ت) دەپ ئاتايدۇ. ھازىرقى كۈندە بىر خان ئامبانغا قارايدىغان زىمىندىن ئىككى داتەيە خەۋەر ئالىدۇ. بۇ ھىساپ بويىچە بولغاندا، ئۇلۇغ خاننىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز ئالتە خان ئامبانلىق پۇقرا زىمىنرىنىڭ بارلىغى مەلۇم. بىز مەزكۇر تارىخچە لاۋ پادىشا مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىقنىڭ سەلتەنەت ھەشەمەتلىرىنى تەسۋىرلەپ تەرپلىدۇق. قىياس بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ پەقەت بۇنداق كەڭ زىمىن ئىچىدىكى بىر خان ئامبانلىق پۇقرا زىمىنغىلا پادىشا ۋە ھۆكۈمران بولغان ئىكەن. دىمەك،ئۇلۇغ خاننىڭ دۆلىتى كاتتا ۋە پۇقرا زىمىننىڭ كەڭرى ۋە تولالىغىنى مانا شۇنىڭدىن پىكرى قىياس ۋە ئىمتىھان قىلىپ بىلگەيسىزلەر.

ئۇلۇغ خاننىڭ ساپ ۋە خالىسلىغى يەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ قەدىمدىن باشلاپ ئۆز ئەجداتلىرىدىن قالغان پۇقرا ۋە زىمىنلىرىنى باشقا پادىشالارغا قويۇپ بەرمىگەن. باشقا پادىشالارنىڭ پۇقرا، زىمىنلىرىغا، ھەتتا ئۆز تەۋەسىدىكى پۇقرالارنىڭ مال- مۈلكىگە، خوتۇن- بالىلىرىغا كۆزىنى ئېچىپ نىيەت بۇزمىغان. چوڭ مەنسەپدارلار ياكى سودىگەر- مەيمەيچىلەردە بولسا يالغان سۆز ياكى يامان خىيانەت ۋە ھىلە- مىكىر يوق بولۇپ، بىر سۆز ۋە بىر قۇللۇقتا مەھكەم ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ كەڭلىگى ۋە ئېغىرلىغى يەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، باشقا ئەتراپىدىكى پادىشالار گەرچە قاتتىق- يىرىك ياكى ئاچچىق- چۈچۈك سۆزلەرنى قىلىپ، ئەلچى كىرگۈزسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇلۇغلۇق ۋە ئېغىرلىق قىلىپ، بۇنى كۆڭلىگە ئالماي، كەڭلىك ۋە مۇلايىم- يۇمشاق سۆزلەر بىلەن جاۋاپ بېرىپ، دوست- ئاشنالىق يولىنى تۇتىدىكەن. ئەگەر ھەرقانداق چوڭ ياكى كىچىك مەنسەپدارلاردىن بىرەر گۇنا سادىر بولۇپ، مەنسۇۋىدىن

ئايرىلىپ كەتسە، ئۇلاردىن جەرىمانە ياكى «بەرگۈ» دەپ پۇل ئالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر قانداق يول بىلەن توپلىغان پۇللىرىمۇ يەنىلا ئۆزلىرىدە قالىدىكەن. ئۇ مەنسەپ ئالغاننى گويا جان ئالغاندەك كۆرىدىكەن. ئۇ ئۇششاق پۇقرالىرى لى- قائىدىدىن چىقماي، ھەر خىل يول بىلەن ئۆز ھۈنەر- كەسپىنى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولسا،ئۇلۇغ خاننىڭ ئۇلار بىلەن ئەسلا كارى بولمايدىكەن. ئۇلاردىن «ھىزانە» دەپ پۇلمۇ ئالمايدىكەن. ئەگەر لى- قائىدە بىلمەيمەن دىسىلا، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىدىكەن ۋە لى- قائىدە ئۆگەنگىن ياكى بىزنىڭ رەسىم- قائىدىلىرىمىزگە كىرگىن دەپ زورلۇق ياكى تەھدىت سالمايدىكەن. ھەر قانداق تايىپە ئۆز دىنىي مەزھەپلىرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، مىللىتىدە مەھكەم تۇرىدىغانلا بولسا، ئۇلارنى ئوبدان كۆرىدىكەن. ئەگەر مەنسەپدارلارنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلمىسا، ئۇلار ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ كارى بولمايدىكەن. ئەگەر ئەرز قىلىدىغان بولسا، ئۇنى ناھايىتى نازۇك ۋە ئىنچىكلەپ سوراپ، راست ياكى يالغانلىغىنىڭ سەۋەبىنى تەپتىش قىلىپ، ھەق بىلەن ناھەقنى بىر- بىرلەپ ئايرىپ، ئاندىن ئۇنى سوراققا تاتىپ، مەسلىنىڭ ماھىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئومۇمەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇلۇغ خاننىڭ ئادالەت تەرپلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئادالەت قەھرى سىياسەتلىرىگە ئۆزى ناھايىتى قاتتىق دەرىجىدە ئەمەل قىلغانلىغىنىڭ سەۋەپ ۋە خاسىيەتلىرى تۇپەيلىدىن، بۇنداق ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە ھىچقانداق زور شەۋكەتلىك پادىشامۇ ئۇنىڭ ھۆكۇمەت سەلتەنەتىگە يامان نىيەت بىلەن لەشكەر تارتىپ كىلىپ، نوقسان ياكى ۋەيران قىلالمىغان. ھەر قانداق خان ياكى پادىشا ئۆزىنىڭ ئادالەت ۋە لۇتفى سىياسەتلىرىنى ھەممە ۋاقىت ئۆز مەرتىۋە دەرىجىسى بويىچە يولغا قويۇپ، پۇقراپەرۋەرلىگىنى ئوبدان قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ ھەقىقى پادىشا ۋە شاھلارنىڭ ئۇلۇغ شاھى بولغان ئاللا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى بىلەن، ئۇنداق پادىشالارنى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا ئاسراپ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھەر قانداق چاغدا مەغلۇپ قىلىپ بىرىدىكەن.

شۇنداقلا، پۇقرالارنىڭ باي ۋە مول مەئىشەتلىك بولۇشى، يۇرتلارنىڭ ئاۋات ۋە مەمۇرلىغى، باغ،ئىمارەتلەرنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا پادىشالار سىياستىنىڭ ئوبدان نەتىجىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ باي ۋە قۇدرەتلىك بولۇشى، پۇقرالارنىڭمۇ باي ۋە تىمەن بولۇشىمۇ ئەنە شۇ توغرا سىياسەت ئەسراتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇرۇن ئۆتكەن ھۆكۇمالار «يۇرت دىگەن پۇقراسىز بولمايدۇ. پۇقراسىز بولسا يۇرت بولمايدۇ، مالسىز دۇنيا بولمايدۇ. مال- دۇنيانى پۇقرا جەملەيدۇ. ئادىل سىياسەت بولمىسا پۇقرا قانداق مال جەملەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن

ئىدى. ئەنبىيانىڭ ھەدىس شېرىپىدىمۇ «بىر سائەتلىك قىلغان ئادالەت بولسا ئىنس- جىننىڭ ئىبادىتىدىن ئەۋزەل» دەپ كۆرستىلگەن. تاڭلا كۈندىكى قىيامەتلىك جازا مەيدانىدا، خان ۋە پادىشالاردىن ئالدى بىلەن ئادالەتلىك توغرىسدا سوراق قىلىنىدىكەن. ئەگەر ئادىل بولغان بولسا، باشقا سۇئاللارنىڭ جاۋابىمۇ ئاسان بولىدىكەن. قۇدرەتلىك ئاللا زامانىنىڭ زاھىدلىرى ۋە دەۋرانىنىڭ ئابىدلىرى يەتتىش يىل رەنجى- مېھنەت تارتىپ، ئىبادەتلەرنى قىلىپ مۇيەسسەر بولمىغان خىسلەتەرنى بولسا، ئادىل پادىشاغا بىر سائەتتىلا كارامەت قىلىپ بېرىدىكەن. بۇنداق ئۇلۇغ دۆلەت بولسا، خان، پادىشا، مەملىكەت ئەمىرلىرى ۋە ھاكىمى ۋىلايەتلەر، قازى- قۇززاتلار، شەرىئەت ئىگىلىرىلا نەسىپ بولالايدىغان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

لېكىن، ئايماقلارنىڭ مىڭ بېشى، يۈز بېشى،ئىمام، مۇئەززىن بەلكى ھەر بىر ئۆيگە ئۇلۇغ بولغانلاردىمۇ، ئەلۋەتتە بىقەدەر تېگىشلىك قانائەت ۋە ئادىل سىياسەت بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئۆزىگە مەنسۇپ ئەھلى ئائىللىرى ۋە بالا- پەرزەنتلىرى، غۇلام- چاكارلىرى قاتارلىقلارغا ئادالەتلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇلار بۇنىڭدىن ساۋاپ ۋە نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئادالەتلىك قىلىدىغان جايغا ئادىللىق قىلماي، سۇسلۇق قىلسا، زۇلۇم پەيدا بولىدۇ. ئەگەر سىياسەت قىلىدىغان جايغا سىياسەت قىلماي، ئەپۇ قىلسا يەنە ئوخشاشلا زۇلۇم پەيدا بولىدۇ. ئادىللىق قانداق ساۋاپ ۋە نەتىجە ھاسىل بولسا، سىياسەتنىمۇ ئۆز ئورنىدا جارى قىلسا، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ساۋاپ ۋە نەتىجىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. پادىشالارغا ئادىللىق قىلماسلىقتا ئىلاجى يوق. شۇنداقلا سىياسەت قىلماسلىقىمۇ ئەسلا چارە يوق. خۇدانىڭ رازىلىقىغا ئىگە بولغان بارلىق شەرىئەتشۇناس مۇجتەھىدلەرنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىك ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، لېكىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە زىيانلىق بولغان بەزى ئىشلارغا رۇخسەت قىلىپ پەتىۋا بېرىپتۇ. شۇڭلاشقا پادىشالار بەزى چاغدا شەرىئەت بويىچە ئۆلۈم ۋاجىپ بولمايدىغان جايلاردىمۇ ئاممىنىڭ مەنپەئەت ۋە زىيانلىرىنى كۆزلەپ، ئىبرەت ئۈچۈن قەتلى سىياستىنى راۋا كۆرۈپتۇ. پۇقرا ۋە خالايىقنىڭ تىنچلىقى، يۇرتلارنىڭ ئاۋاتلىقى بولسا ھامان پادىشاھى ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ سائادەتلىك قەدەملىرى ۋە لۇتفى سىياسەتلىرىنىڭ ئەسەر ۋە خاسىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەي ئىلاھە كەرىما ! ھەممە جاھان خاقان ۋە دەۋران پادىشالىرى، زامان ھاكىملىرىنىڭ مۇسۇلمان ياكى دىنىسىز كاپىر بولۇشىدىن قەتئى نەزەر ، ئۇلارغا ئۆز كامالى ۋە قۇدرىتىڭ بىلەن ئىنساپ ۋە تەۋپىغى ھىدايەت، ساپ نىيەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا ئەيلەپ، ئۇلارنىڭ ئادالىتىنى كۈندىن- كۈنگە تازا ۋە پۇقراپەرۋەرلىگىنى

چەكسىز قىلغايسەن – ئامىن! ئەگەر پادىشا ۋە ھاكىمى ۋىلايەتلەر ئادىللىق ۋە سىياسەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالسا، پۇقرا-خالايىق پادىشالارغا، ھاكىمى ۋىلايەتلەرگە بىرەر ناشۇكرىچىلىك ۋە يامان نىيەت باغلايدۇ – دە، بىر مۇنچە نارسىدە-رىسىدىلەرنى ئاتلارنىڭ ئايىغىدا ھالاكەتكە گىرىپتار بولۇشى ھەممە ئىنسان خىلىغا كۆندىنمۇ روشەن ئىشتۇر. شۇڭلاشقا، ھەممە پادىشا ۋە ھاكىملار ئادىللىق، رەھمى-شەپقەتنى ئۆزىگە ناھايىتى كېرەكلىك بىر پەرز دەپ بىلىشى لازىم. ھەممە پۇقرانىڭ ۋە پادىشا، ھاكىملارغا ھەممە ۋاقىت ئىنساپ ئادالەت ۋە تەۋپىقى ھىدايەت ئاتا قىلغايسەن دەپ دۇئا قىلماقلىرىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز بويىندىكى ۋاجىپ ۋە قەرز دەپ بىلىش لازىم.

## ۋەز- نەسىھەتلەرنىڭ ئاخىرى

ئەي بۇرادەر ئىھتىرام ئىگىلىرى، زېھنى ئالى، ئاقىۋىتى ياخشى بۇرادەرلەرگە خۇلاسە سۆز بولسۇنكى، نىزامىز كاپىرلار ۋە بىسەرەمجانلارنىڭ جەۋرى- زۇلۇم تەئەددۇتلىرىنى ئاجىز پۇقرالار كۆتۈرەلمەي، ئۇ ھايات ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ تەقەددۇسىدىن ئىلتىجا ۋە ئۈمىت ئىزدەپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. ئۇلارنىڭ دۇئاسى، يىغا- زارى ئاللانىڭ ئىجاۋىتىگە مۇيەسسەر بولدى. ئاللا بۇ زالىملارنىڭ ئۈستىگە كۈچارلىق خوجاملارنى تاشلىدى. ھەممە پۇقرالار گويا ئازابۇ- ئەلەم ۋە دوزاخ- جەھەننەمدىن قۇتۇلۇپ، بېھىشى- جەننەت ۋە باقى خوشاللىق ئالىمىگە كىرگەندەك شادى- خورام بولۇپ، مۇبارەكبادلىق ساداسىنى پەلەكنىڭ كۆك گۈمبىزىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ خوجاملارمۇ زۇلۇم ئىشىگىنى تېزلا ئاچتى. لېكىن بۇلارمۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىركى ھالىتىنى ئۇنتىدى. پۇقرا- خالايىق يەنە ئاللا دەرگاھىغا سېغىنىپ، نالە- زارىغا چۈشتى. ئۇ قۇدرەتلىك ئاللا يەنە ئۆزىنىڭ پەزىلەت كەرەمى بىلەن ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئىجاۋەتكە مۇيەسسەر قىلدى. بۇلارنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنى تاشلىدى. خالايىق كۈچارلىق خوجاملارنىڭ دەستى- ئىلكىدىن ۋە ئالۋاڭ چۈشكۈنچىلىرىدىن قۇتۇلغانلىقىغا ناماز شۈكرانە ۋە دۇئا- تەكبىرلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، بىر-بىرىنى مۇبارەكلىدى ۋە پۈت- قولىنى بىر قانچە ۋاقىت كەڭ يايغان بولدى. بىراق، ئاخىرى ئاتالىق غازى بەدۆلەتنىڭ مىجەز- خۇلقى ئۆزگىرىپ، نالايىق ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى. پۇقرا- خالايىقنىڭ تاقىتى يەنە تاق بولۇپ، يۇرت

ئالۋاڭلىرىدىن جاق تويدى. شۇڭلاشقا ئۇلار يەنە شۇ ئالەمنى ياراتقۇچى ئاللا دەرگاھىغا يۈزىنى سۈرۈتۈپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، خاقانى چىننى ئارزۇ ۋە تەلەپ قىلىپ، نالە- زارىنى پەلەكتىن ئۆتكۈزدى. ئاخىرى ئۇ ھايات ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ ئىجاۋەتى بىلەن فەغفۇرچىنى مەنسەپدارلىرىنىڭ قەدىمى بۇ يەتتە شەھەرگە يەتتى. ئۇلار بۇ زىمىننى ئىلكىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئاتا- بابا ئەجداتلىرىدىن قالغان مۈلكى مىراسىغا، بەلكى بۇ جايدىكى تەختى مىراسىغا ئىككىنچى قېتىم ئىگە بولدى. ھەممە پۇقرا- خالايىق، ھەتتا بۇرۇنقى ئەمەلدارلارمۇ خۇددى ئۆزىنىڭ خان -تۆققانلىرى ياكى ئاتا- ئانىلىرى ئىككىنچى قېتىم تىرىلىپ كەلگەندەك خۇرسەن بولۇپ، ئىچ- ئىچىگە سىغماي، خۇددى غۇنچىدەك ئېچىلىپ كەتتى. بۇلار ھەققىدىكى ھىكايە ۋە داستانلار يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىندى.

بۇ سۆزلەرنى يېزىشتىكى مۇددىئا ۋە غەرەز بولسا، پۇقرا- خالايىقنىڭ، بەلكى بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ئۇ ئالەمنى ياراتقۇچى قۇدرەتلىك ئاللا دەرگاھىنىڭ تەقەددۇسى ئۈچۈن يىغا- زارە قىلىپ، قول كۆتۈرۈپ قىلغان دۇئالىرى ھەرگىزمۇ بىكار كەتمەيدىكەن. قۇرئانى كېرىمدە «قىلىنغان دۇئا ئىجاۋەت بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەندەك، خالايىق ھەرقانداق زامان ۋە دەۋردە، پەقەت چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدىغانلا بولسا، ئۇ ھاجەت ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ ئىجاۋەت قىلىشى ھەقىقەتتۇر. يەنە خۇددى «ئىزلىگۈچىلەرنىڭ، ھەتتا بۇ ئىزلىگۈچىلەر كاپىر بولسىمۇ ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن قورقۇڭلار ! چۈنكى، بۇنداق دۇئا ئىجاۋەتكە يېقىندۇر» دەپ كۆرسىتىلگەندەك، ئاجىز رىسىدىلەردىن قورقۇش لازىم. چۈنكى ئۇلار كاپىر بولسىمۇ ئىجاۋەتكە ئىرىشەلەيدۇ. خۇدانۇۋەندەكېرىمنىڭ ئۆز مەخلۇقلىرى ئىچىدىكى قايسى مەخلۇق، قايسى تايىپە ياكى قانداق بىر ئىنسانغا رەھمى قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ دۇئالىرى دەرگاھى ئىلاھىغا يېتىپ، «ئىجاۋەتلىك دەرىجىسى ۋە شارائىتىغا ئىگە بولۇشى، بۇ بەندىلىرىنىڭ ئەقلى ئىدراكلىرى ياكى كۆزلىرىگە نامەلۇمدۇر- بەس. شۇڭلاشقا پۇقرا- خالايىقنىڭ، بەلكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ نالە ۋە ئاھ – زارىدىن ئەلۋەتتە ئېھتىيات قىلىش لازىم.

لېكىن، بۈگۈنكى تارىخى كۈنلەردە خاقانى مەنسەپدارلار يەنە ئىنساپتىن ۋاز كېچىپ، ئادالەت سىياسەتلىرىنى ئۈنتۇماسلىق تەكچىسىگە ئېلىپ قويۇپ، زۇلۇملىرىنى لەھزە- لەھزە كۈچەيتىشكە باشلىدى. ئاجىز بىچارە جاپاكەشلەرنىڭ كۆز ياشلىرى يەنە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئىلاھا ئۆز كامالى قۇدرىتىڭ بىلەن پادىشالارغا ئادالەت، پۇقرا- خالايىققا تەۋپىقى ھىدايەت ئاتا قىلغايسەن. بۇ زاماننىڭ ئاقىللىرى، بارلىق مۆمىن مۇسۇلمانلار ۋە ھەر قانداق

ياخشى ۋە يامانلىق ئاللانىڭ تەقدىرى ۋەئىرادىسىدىن تاشقىرى ئەمەس دەپ بىلىپ ۋە ئەقىدە قىلىپ، راست ۋە دۇرۇس ئەقىدە بىلەن، ئۆز ئىمانلىرىنى توغرىلاپ، مەخلۇقاتلارنىڭ لۇتفى ئىنايىتى ۋە شەپقەتلىرىگە پەرۋا ۋە ئىلتىپات قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر ھەر قانداق ئادەم ياراتقان ئاللانىڭ ئىلتىپات ۋە شەپقەتلىرىنى ئۈنتۇپ، باشقا مەخلۇقلىرىدىن ۋاپا مەرھەمەت ياكى ئىلتىپات، شەپقەت ئۈمىت قىلسا، ئۇنداق ئادەملەرگە مەزكۇر مەخلۇق دۈشمەن بولۇپ، ھەر قانداق ئىش ۋە ھەرقانداق زاماندا، ئۇ ياراتقۇچى ئاللا تەرەپكە مايىل بولۇپ، ئۇنىڭ رەھمى-شەپقەتلىرىگە ئۈمىتۋار بولۇپ، بىر قولىغا نۇرلۇق قۇرئان كىتابىنى، يەنە بىر قولىغا رەسۇلىللانىڭ نۇرلۇق ھەدىس كىتاۋىنى مەھكەم تۇتۇپ، بالا ۋە قازانىڭ ئوتتۇرسىدىن بىر توغرا يولنى تاللاپ ماڭسا، ئۇ سەلتەنەتى ئۇلۇغ بولغان ھەقىقى پادىشا ۋە سۇلتان ئۇلارنى ئۆز ھىمايە چىرىغىنىڭ ئىچىدە ئاسراپ، يامان پادىشالارنىڭ زۇلۇم ۋە غەزەپ سىياسەتلىرىدىن ھەتتا دىنسىزلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاس بەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن بېرىدۇ ھەم ئۆز كامال قۇدرىتىدىن بەھرىمەن قىلىپ، ئەڭ ئالى دەرىجە ۋە مەرتىۋە ئاتا قىلىدۇ. ئەي پەزىلەتلىك ۋە قۇدرەتلىك ئاللا ! سەن ھەممىگە تەۋپىق، مېھرىبانلىق ۋە توغرا يول كۆرسەتككۈچىدۇر سەن - ئامىن !

# خاتىمە

## موغۇلستان تەۋەلىگىنىڭ ھۇدۇدى ۋە ئەھۋالاتى، بۇ يەتتە شەھەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم بايانلىرى، ئادەملىرىنىڭ پېئىل-ئەتۋارى ۋە ئادەت-قائىدىلىرى، مازارى ماشايىخلىرىنىڭ قىسقىچە زىكرى ۋە ئىندەك نەمۇنە بايانى

زامانە ئاقىللىرى ۋە دانالىرى، دەۋران فازىللىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ ئۇقۇق كۆڭۈللىرىدىن يېپىق ۋە مەخپى قالمىغايكى، تارىخ كىتاپلىرىدا، خۇسۇسەن بۇ يەتتە شەھەردە ۋالى ۋە ھۆكۈمەت تۇتقان مىرزا ھەيدەر كوراگانى (خۇدا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرلۇق قىلسۇن !) نىڭ «تارىخي رەشدى» ناملىق كىتاۋىدا قەدىمقى پادىشالارنىڭ يارلىق ۋە

پەرمانلىرى ھۆججەتلەرگە ئاساسەن، بۇ موغۇلىيە ھۇدۇدىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ بايانىچە، بۇ موغۇلىستاننىڭ شەرقىي ھۇدۇدى بالكۆل (بارىكۆل – ت) ۋە قامۇل (قۇمۇل –ت)، شىمالىي ھۇدۇدى كاتتا دېڭىز، غەربىي ھۇدۇدى تاشكەنت تەۋەسىدىكى چاقسمان ۋە ئەنجان تەۋەسىدىكى سامغىر، لەلى كانى، بەدەخشان، جەنۇبى بولسا تىبەت ۋە ئۇيغۇر ۋىلايىتىدۇر [252]، بۇ ھۇدۇد ئىچىدىكى زېمىننىڭ توغرىسى ۋە كەڭلىگى ئۈچ ئايلىق يولدۇر. قەدىمقى ھۆججەتلەردە بۇ ھۇدۇد ئىچىدىكى زېمىننى «موغۇلىستان» دەپ ئاتاپتۇ دەپ زىكىر قىلىنىدۇ. رۇمىچە [253]، چۆچەك [254] قاتارلىق جايلار بۇ ھۇدۇد ئىچىگە كىرىدۇ. موغۇلىستان مەملىكىتى ئىچىدىكى شەھەرلەرنى «يەتتە شەھەر» دەپ ئاتاپتۇ. يەتتە شەھەر دىگەن كاشغار، ياركەنت، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار ۋە كونا تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئىبارەت. لېكىن، خاقانى ئەھلى بۇ يەتتە شەھەرنى «نەنلۇ باچېك» دەيدۇ. بۇ جەنۇپ تەرەپتىكى سەككىز شەھەر دىگەن بۇلار ئىمىش. ھالبۇكى، ئۇنىڭ سەككىزىنچىسى كورلا بولسا كېرەك. قەدىمقى مۇسۇلمان خانلىرى دەۋرىدە بۇ يەتتە شەھەرنىڭ پايتەختى ياركەنت بىلەن تۇرپان ئىكەن.

بۇ يەتتە شەھەر زېمىنىدا ماشايىخ كىرىم ئالىماقام ۋە ئەۋلىيائى ئىزاملارنىڭ زىيارەتگاھى ناھايىتى تولا. لېكىن كۆپچىلىكنىڭ ئىسمى- نەسەپلىرى ۋە نامى تەزكىرلىرى مەلۇم ئەمەس. ئەگەر يەنىلا قەدىمقى كىتاپلارغا مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، ھەر زاماننىڭ ئادەملىرىدىن بىرسى تارىخ كىتاپلىرىغا قارىماي، ئۆز مۇددىئالىرىدەك تەزكىرە قىلىپ پۈتۈپ قويغان بولسا كېرەك. مەسىلەن، بەزى بازارلارنىڭ نامىنى قوشقار ئاتا، خوزار ئاتا، توغراق مازار، كۇمۇر كۆزلۈك ئاتا، ساقال ئاتا، بوغرا ئاتا دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىسمى نامەلۇم بولغانلىقتىن، ئەنە شۇ ناملار بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالغان ۋە ئۇلارنىڭ تەزكىرسىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق قىلىپ توپلانغان بولسا كېرەك. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى بۇ ناملاردىن باشقا بولسا كېرەك. بۇلار ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنغۇسىدۇر. ئىنشائاللا – ئەلغۇفۇر !

گەپنىڭ قىسقىسى شۇكى، ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى ھۆكۈمائى مۇھەندىسلەر پۈتۈن زېمىن دائىرسىنى يەنى جەزىرە- باياۋانلىرى بىلەن ئاۋات يەرلىرىنىڭ دەرىجە دەقىقە جەدىۋەللىرىنى ئۇچۇق تۈزۈپ چىققا ئىكەن. ئۇلار ئاسماندىكى يەتتە يۇلتۇز سەييارلىرى بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىي ئېپتىداسىدىن غەربىي تامامىغىچە بولۇپ، زېمىن يۈزىنى يەتتىگە تەقسىم قىلىپ، ھەر بىر تەقسىمنى بىر ئىقلىم دەپ ئاتاپتۇ. ھەر بىر ئىقلىمغا يەتتە يۇلتۇزنىڭ بىرسىنى مەنسۇپ قىلىپتۇ. مەسىلەن، ئاۋالقى ئىقلىمغا زۇھەلنى، ئىككىنچى ئىقلىمغا مۇشتەرىنى، ئۈچىنچى ئىقلىمغا مىررىخنى مەنسۇپ قىلغان

ئىكەن..... بۇ قىياس بويىچە يەتتە يۇلتۇزنى يەتتە ئىقلىمغا نىسبەتلەشتۇرگەن ئىكەن. ھەر قايسى ئىقلىمغا تەئەللۇق شەھەر، پىئىل خۇيلىرى، رەڭگى- رويى ۋە مىجەزلىرى ، تەئەللۇق شەھەر، دەريا ، جەزىرە- باياۋان ۋە ئاۋات يەرلىرىنى بىر- بىرلەپ بايان قىلىپ، تارىخ توپلىغان دانا مۇئەللىپلەر ئۆز كىتاپلىرىنىڭ خاتىمە ئاخىرىدا، بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، رىسالىلىرىگە زىننەت بېرىپتۇ. لېكىن كەمىنە- مەنكى بۇ نادان ۋە تامامەن يېتەرسىز، ئاجىز، بىچارەلىغىم ئۈچۈن، يەتتە ئىقلىمنى بايان قىلىشنىڭ ئورنىغا، يەتتە شەھەرنى ۋە ئادەملىرىنىڭ بەزھال- ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۇلارنى بۇ ۋاراق سەھىپىسىگە تىزىپ بىكىتتىم. ئاللا ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغۇچى ۋە ياردەم قىلغۇچىدۇر.

## كاشغەر

مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ ئەڭ ئەلا ۋە ئەڭ ئاۋالقى كاشغەر بولۇپ، بۇ ناھايتى كونا، داڭلىق ۋە مەشھۇر شەھەردۇر. ئادەملىرىنىڭ ئەلپازىغا كەلسەك، ئۇلار ئۆلىم ۋە ياخشى كىشلەرگە دوست ۋە ئامراق كېلىدۇ. سەپەر ۋە مۇساپىرلىقنى ھەۋەس قىلىدۇ. گەرچە ئۇلار ئۇلپەت ۋە مۇھەببەتتە دانا ھەم مۇلايىم- سۆزۈلۈك، چاقچاقچى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ئاقىۋەتسىزلىك ۋە نائاشناچىلىق قىلىدۇ. ئەمما، بۇ شەھەردىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىلىم تالىپلىرىغا راۋاج بېرىش، فۇزىلار ۋە ساھىپ دۆئالارغا روناق بېرىش، تىجارەتچىلەر ۋە دىخان ئەشرەپلەرنىڭ ئۆشۈر- زاكات ۋە خەيرى- سەدىقە بېرىشنى،ئەھلى كەسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى جەھەتتە باشقا شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا، ئۈستۈن ۋە زىيادە تۇرىدۇ. خۇسۇسەن، ئۆلىمالار رىۋاجى ۋە سودىگەرلەرنىڭ سودا تىجارىتى بابىدا، ئۇ شەھەر گويا «ئىككىنچى بۇخارا» دەپ ئاتالسا، ئەسلا مۇبالىغە بولمايدۇ. ئادەملىرىگە قارىغاندا، يەر- زىمىنى ئاز، غەللە مەئىشەتلىرى ئۆز شەھرىگە كۇپايا قىلمايدۇ. ھەر ھەپتىدە ئىككى مىڭ ئېشەك ئاشلىق ياركەنتتىن كەم بولماي كاشغەرگە يېتىپ تۇرىدۇ. يايلاق- ئوتلاقلىرى ئاز، چارپايلىرى كەمچىل.

كاشغەر زىمىندا مازارى ماشايىخ كېرەملەردىن ھەزرىتى ئافاق دىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى خوجا ھىدايىتۇللا

خوجا بىننى يۈسۈپ خوجا بىننى مۇھەممەت ئىمىن خوجا بىننى مەخدۇم ئەزەم قۇددۇس سىرە ئەزىزدۇر. بۇلارنى تەرەپلەپ سۆپەتلەشنىڭ يەنە ھاجىتى يوق. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇلتان ساتۇق بۇغراخان غازى دېگەن بولۇپ، ئۇنى ئەفراسىياپنىڭ ئەۋلادى دەپ زىكرى قىلىنىدۇ. ئۇ تارىخ ھىجرى ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى يىلدىن (مىلادى 944ـ يىلى ـ ت) دى ئۆتكەندە، ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ [256] تىرىشىپ دالالەت قىلىش ئارقىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت شەرائىتىگە ئىگە بولۇپتۇ. بۇ يەتتە شەھەر ئەھلىمۇ بۇ زاتى شېرىپنىڭ بەرىكەتلىك قەدەم شېرىپلىرى بەرىكىتىدىن ئىسلامچى شېرىپىنى قوبۇل تۇتۇپ، مۇسۇلمانچىلىق دائىرىسىن ئورۇن ئېلىپتۇ. تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىشىنچى يىلى (مىلادى 980ـ9891 يىلى ـ ت) خوتەن ئەھلىمۇ ئىسلامى شېرىپنىڭ دۆلەت شەرائىتىگە ئىگە بولۇپتۇ. "ھەدىس شېرىپتە " تۈركلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋال ئىسلام دىنىغا كىرگۈچى كىشى بولسا ساتۇقدۇر" دېگەن سۆز دەل مۇشۇ زاتنىڭ شەنىگە مەنسۇپدۇر. بۇنىڭ زىيارەتگاھى ئارتۇش دېگەن جايدا مەشھۇردۇر. يەنە سەيىد جالالىدىن باغدادى قۇتبۇللا خوجام ، ھەسەن پەيزۇللا خوجام ئوردا پادىشايىم يەنى قىزىل ئارسلانخان دەپ ئاتالغان مازار ـ ماشايىخلار بار، تەزكىرلىرى تېپىلمىدى. بۇلاردىن باشقا مازار شېرىپلەر ۋە قەدەمجاھ زىيارەتگاھى ئاللار تولا، قىسقىچە شۇنچىلىك يېزىلدى.

## ياركەنت

ياركەنت قەدىمقى كونا شەھەردۇر. ئادەملىرىنىڭ خۇلقى ـ مىجەزى بىچارە سۆپەت، ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا ۋە پىششىق، ئىشان، ھەزرەت، ئەپەندى ساھىپلارغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرى ۋە ئۇلارغا ياردەم ۋە راۋاج بېرىشلىرى، ھىندى، كەشمىرى، ئافغانى، بەدەخشى قاتارلىق مۇساپىر تايىپلار تولا. ئۆزلىرى بولسا مۇساپىرەتچىلىككە كەم چىقىدۇ. ھەممە ئادىمى دىخان ئەشرەپ بولۇپ، زىمىننى كەڭرى ۋە ياخشى، غەللە ھاسىلى ئۆز شەھىرىگە كۈپايە قىلىدۇ. بەلكى ئېشىپمۇ قالىدۇ. يايلاق ۋە قىشلاقلىرى بىپايان، چارپاي ۋە قوتازلىرى ئىنتايىن كۆپ، يەل ـ يېمىشلىرى پاراۋان، غەللى كەڭرى ۋە ئەرزان، يۇرتلىرى پايانسىزدۇر.

مەشھۇر مازارلاردىن مول نۇر چاچقۇچى خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر بۇزرۇكۋار [256] دېگەن مازار بار يەنە ھەپتە

مۇھەممەدان دىگەن مازارى شېرىپمۇ بار. ھەپتە مۇھەممەدان دىگىنگە قارىغاندا، بۇ جايدا مۇھەممەت ئاتلىق يەتتە ماشايىخ ياتقان بولسا كېرەك. ئۇلار چىلتەنلەردىن ئىكەن دىگەن رىۋايەت بار. يەنە ئالتۇن مازار دىگەن بىر زىيارەتگاھمۇ بولۇپ، ئۇ قەدىمقى مۇسۇلمان خانلىرىدىن بولغان سۇلتان سەئىدخان باھادۇر زاماندىن تا ئىسمائىل خان بىننى ئابدۇلرەھىم خان ۋە مۇھەممەت ئىمىن خان زامانىغىچە بولغان ئىككى يۈز يىلغىچە، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، بىر مۇنچە خانلار يەتتە شەھەرنى سوراپ، ياركەنتنى پايتەخت قىلىپ ئۆتكەن ئىكەن. موغۇللار خانلارنىڭ جەسىدى بار يەرلەرنى، بەلكى خانلارنىڭ جەسسىدىنىمۇ ھۆرمەتلەپ ۋە ئىززەتلەپ "ئالتۇن" دەپ ئاتايدىكە. ھەتتا خانلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن ياكى قولىغا تېگىپ مۆھۈرى باسقان يارلىق ۋە نىشانە خەتلەرنىمۇ ئۇلۇغلاپ "ئالتۇن نىشان" ، "ئالتۇن دەستەك" دەپ ئاتايدىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ مازارمۇ "ئالتۇن مازار"دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا كېرەك. يەنە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن خوجا شۇئەيىپ خوجام خوجاشادى خوجام ۋە دانىيال خوجاملار باشلىق خوجا ئىسھاق بىننى مەخدۇم ئەزەمنىڭ بىر نەچچە پەرزەنت- نەۋرىسى بولغان سەيىد زادىلەرنىڭ مازار تەۋەررۇكلىرى بار. يەنە باشقا مازاراتلارمۇ كۆپ.

## خوتەن

خوتەن ناھايىتى كونا ۋە قەدىمقى مەشھۇر شەھەردۇر. ئادەملىرىنىڭ خۇلقى- مىجەزىگە قارىغاندا، بىر سۆزلۈك، بىر قوللۇق، بىر نىيەتلىك ۋە ئىتتىپاق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. پىششىقلىقتا بىنەزەر، بېخىللىقتا مىسلىسىزدۇر. تەقۋاپەرزگارلىرى تولا، بىپاك يامانلىرىمۇ ئاندىن تولا. ھەممە ئادەملىرى كاسىپ- ھۈنەرۋەن، تەبىئەت ئىدرىكى پاكىز، زېھنى يۈگۈرۈك بولۇپ، ھەرقانداق ھۈنەرنى ئۆز كامالىغا يەتكۈزۈپ، نەق پۇلنى ئېلىشقا كانى بار. سۇ، تېشىمۇ تەييار. سودىگەر ئەشرەپلەر تەرەپ- تەرەپتىن قانچە كۆپ پۇل ئېلىپ كېلىپ مال ئالسىمۇ، پۇلى تۈگەپ كەتسە كېتىدىكى، لېكىن مال تۈگەپ كەتمەيدۇ. خوتەندىن باشقا شەھەرلەرگە مال چىقسا چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن ئالتۇندىن باشقا پۇل ئەسلا چىقىپ كەتمەيدۇ. ئادەملىرىگە قارىغاندا، يەرلىرى ئاز ۋە كۆچسىز، بەلكى كۆپ قىسمى مول ۋە كۆپ. يايالاق- باياۋانلىرى بىپايان، چارۋا- ماللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ.

خوتەن زىمىنىدا ناھايىتى مەشھۇر بولغان ئىمامى جەفىرسادىق [257] رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ قەۋرىسى بار. بۇ چوڭ زىيارەتگاھى ئالى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ھەممە خالايىق ئىمامى جەفى سادىق رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى خوتەن دىيارىدا دەپ ئەقىدە ئىخلاس قىلىدۇ. لېكىن، تارىخ كىتاپلىرىدا، بولۇپمۇ "رەۋزە تۇسسافا" دىگەن كىتاپتا، ئىمامى جەفىر سادىق بولسا ئىمامى مۇھەممەت باقىرنىڭ [258] ئوغلى، ئۇ بولسائىمامى ئەلى، يەنە لەمەپلىرى زەينۇلئابىدىن بىننى ئىمامى ھۇسەيىن ئەنھۇدۇر [259]، ئىمامى جەفىر سادىق بولسا خەلىپە ئاببباسىيە دۆلىتىنىڭ جەھىر دەۋاتىقى زامانىدا، يەنى تارىخ ھىجرىنىڭ بىر يۈز قىرىق سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 765- يىلى – ت) ۋاپات بولدى ۋە دادىسى مۇھەممەت باقىر، بوۋىسى زەينۇا- ئابىدىننىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلىندى. مۇبارەك جەسەتلىرى بەقىئە گۆرىستانلىقىدا دەپ زىكرىقىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، جەفىر نامىلىق بىر ئالى مەقام ماشايىخ سۈننەت يوللىرىنى كامالەت دەرىجىسىگە يەتكۈزگەنلىگى ئۈچۈن، ئىمام ۋە پىشىۋالىق مەرتىۋە ۋە دەرىجىسىنى تاپقان بولسا كېرەك. شۇنداقلا ئۇ زاماندىكى مۇرت- مۇخلىسلىرى بۇ كىشىنى "ئىمامى جەفىر سانى" (ئىككىنچى ئىمامى جەفىر – ت) دەپ ئاتىغان بولسا كېركە. "سانى" سۆزى بەلكى ئاممىنىڭ جانىق تىلىدا "سادىق" دىگەن خاتا سۆزگە ئايلىنىپ قالغان بولسا كېرەك. چۈنكى "سانى" سۆزى بىلەن "سادىق" دىگەن سۆز مەيلى ۋەزىن ياكى مەخرەج جەھەتتىن بىر- بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. بەلكى ھاجەت ئىگىسى بولغان ئاللاتائاللانىڭ ئۆزى زىيارەت ۋە سۈننەتنى ئۆز كامالىغا يەتكۈزگەن ئىمامى جەفىر سانىغا ئىمامى جەفىر سادىق رەزىيەللا ئەنھۇنىڭ پەزىلە- پەزايىللىرى ئاتا قىلىسىمۇ ھەجەپ ئەمەس. چۈنكى "بۇ بولسا خۇدانىڭ پەزىل ئاتاسى، ئۇنى خۇدا ئۆزى كىمنى خالىسا شۇنىڭغا بېرىدۇ" دىگەن ئايەت بار. شۇنداقلا خوتەندە يەنە ئىمامى جەفىر تەران، ئىمامى زەبىھۇللا، ئىمامى قاسىم، ئىمامى ھاشىم قاتارلىق نۇرغۇن ئالى دەرىجىلىك زىيارەتگاھلار ۋە تەۋەررۈك جايلىرى بار.

شۇنداقلا زالىم كۈچلۈك خان بىرمۇنچە ئەھلى پەزلى، سالىھلەرنى قەتلى ئام قىلغان ئىدى. بۇلار "قەۋمى شەھىدان" دىگەن نام بىلەن مەشھۇر. شۇ سەۋەپتىن خوتەن زىمىنىمۇ "شەھىدانى خوتەن" دەپ ئاتالغان ئىكەن. لېكىن ئۇ ئىماملارنىڭ ئادەت كارامەتلىرى زاھىر ۋە ئاشكارە مەلۇم بولۇپ تۇرۇۋېتۇ. ئەگەر بىرەر ئىنسان بىر پىر مۇرشىدىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ، پاك سۈننەتنى تولۇق بەجا كەلتۈرسە، ئۇ خۇداۋەندەكېرىمنىڭ پەزىل ئىنايىتى بىلەن ئۇنىڭ بۈيۈك دەرىجە، ئۇلۇغ مەرتىۋە دۆلەت شەراپىتىگە ئىگە بولۇشىدا ھېچبىر شەك- شۈبھىنىڭ بولۇشى مۇمكىن

ئەمەستۇر. ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەۋلىيالىق قۇۋۋەت بولىدۇ. لېكىن، ئۇ پەقەت كەسپى شۇغۇل ۋە زىيارەت ئارقىلىق بۇنداق قۇۋۋەتنى ئاشكارە قىلىپ، ھەقىقىي ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ھايات ئىگىسى بولغان خۇداۋەندەكېرىم ئەۋلىيائى ئەزىملەر ياكى ماشايىخ كېرىملەرگە دەرىجىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىنى ئاتا قىلسا، ئۇلار بىر ۋاقىت ياكى بىر زامانىنىڭ ئۆزىدىلا شامى شېرىپتە ۋە ياكى مەككە مۇئەززەمدە، ياكى باشقا ۋىلايەتلەردە ئۆزىنى ئاشكارە قىلىدىغانلىقىنى كۆردۇق دىگەنلەرمۇ بار. لېكىن، ئۇ زاتنىڭ ئۆز جاي- ماكانلىرىدىن باشقا يەرگە بارغانلىقىنى، ياكى بىر كۈن، يېرىم كۈن غايىپ بولغانلىقىنى ھېچ كىشى بىلمەيدىكەن. بىراق، بۇنداق قىلىش بولسا ياراتقۇچى ئالla دەرگاھىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئاسان بىر ئىشتۇر. شۇڭلاشقا، خوتەندىكى ئىماملار بولسا خۇددى ئەنە شۇنداق يۆتكىلىپ ياكى غايىپ بولۇپ تۇرغۇچى ئالى دەرىجىلىك تايىپىلەر بولسا كېرەك. بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىر ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

ئىناۋەتلىك تارىخىي كىتاپ بولغان «زەۋزە تۇسسافا» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، زامانە ئاۋالدا يەنە تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئالتە يۈز ئون تۆتىنچى يىلى (مىلادى 1217ـ1218ـ يىلى – ت) نايمان قەۋملىرىنىڭ ئۇلۇغى، تاياڭ خان دىگەن كىشى چىنگىز قائان بىلەن ئۇرۇشۇپ، باراۋەرلىك قىلالماي يوق بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى كۈچلۈك خان ئۆز يۇرتى ۋە ئەل- ئۇلۇسىنىڭ ئىچىدە تۇرالماي، بىر مۇنچە ئادىمى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، بۇ جاينى ئىتائەت ۋەئەمرى پەرمانىغا كىرگۈزۈپ، جەۋرى- زۇلۇم پەيدا قىلغان ئىكەن. ئۇ زىرائەتلەرنى چار- پايلىرىغا دەسسىتىپ يوق قىلىپ، ھەتتا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، نابۇت قىلغان ئىكەن. بۇ زالىمنىڭ چېرىكلىرى بىرەر ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ ئۆيىگە خۇددى ئۆز ئۆيىدەك كىرىپ، ئۇنىڭ خوتۇن- بالىلىرى ئالدىدا ئىختىيارى ئولتۇرىدىكەن. ساھىپخانىنى بولسا زادىلا كۆزگە ئىلمايدىكەن. كۈچلۈك خان ئۆزى ئاتەشپەرەس، خوتۇنى بولسا نىسارا ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇ ھەممە خەلقنى ئۆز دىنى ۋە مىللىتىگە تەكلىپ قىلىپ، زورلۇق ۋە تەھدىت سالىدىكەن. كۈچلۈك خاننىڭ دىن ۋە مىللىتىگە ئىختىيار قىلغانلار بولسا ئامان قالىدىكەن. ئەگەر قارشىلىق قىلغانلار بولسا، ئۇلارنى ھەر خىل ئەلەم ۋە ئىسكەنجە- سىقىملارغا مۇپتىلا قىلىپ يوق قىلىدىكەن. ئاندىن ئۇ خوتەن ئەھلىنىمۇ ئۆز دىنىغا تەكلىپ قىلىپ، بىر كۈنى "ھەر قانداق ئەھلى سالاھىيەت ئىگىلىرى ۋە ئەھلى ئەمامە (سەللە- داستارلىق كىشلەر – ت) دىن تارتىپ پۇقرالارغىچە بولغان ھەممە ئاما ھازىر بولسۇن" دەپ جار سالغان ئىكەن. ھەممە ئاما كەڭرى بىر جايغا چىقىپتۇ. بۇ جايدا ئۈچ مىڭدىن كۆپرەك

ئەھلى ئەمامە ۋە باشقا ئاما ھزىر بولۇپتۇ. بۇ چاغدا كۈچلۈك خان "ئىچكىلاردىن ھەق سۆزنى ياپماي، قورقماي ۋە راستلىق بىلەن دىن ۋە مىللەت ھەققىدە بەس مۇنازىرە قىلىدىغان كىم چىقىدۇ؟" دېدى. بۇ چاغدا خوتەنلىك مەۋلانە ئەلائىددىن مۇھەممەت نامىلىق بىر موللا ئۆلىما ۋە جۈرئەتلىك بىر كىشى ھەقىقەت ۋە راستلىق كەمەرىنى بېلىگە باغلاپ، كۈچلۈكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دىنىي مۇھەممەتنىڭ ئۈستۈنلىكىنى ئىسپاتلاپ دەلىللىدى. ئۇ بىپاك كاپىرنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك باستۇرۇپ قورقۇنچقا سالدى ۋە بۇ ھەقىقەتنى بۇزغۇچى ئالەم جاھىلى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. كۈچلۈكنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، يېڭىلىش ۋە خىجالەتچىلىك پەيدا بولدى. ئاندىن ھەسرەت ۋە خىجالەتتە غەزەپلىرى ئۆرلەپ، مۇھەممەت مۇستاپا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنى ھەققىدىكى يامان سۆزلەرنى تىلغا ئېلىپ، بىئەدەپلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ ياخشى تەبئەتلىك ۋە پاك ئىتىقاتلىق مەۋلانا ئالائىددىن مۇھەممەت ئۆزىنىڭ كامالى غەيرىتى ۋە ھىممىتىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن، بۇ بىھۇدە گەپلەرنى كۆتىرەلمەي، "ئەي قاغىش تەپەككۇر كۈچلۈك، قارا تۇپراقتەك ئاغزىڭغا قارا تۇپراق بولسۇن" دەپ دەشنام بەردى. كۈچلۈك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇ دىندار ئىمامنى ھەپسىگە سالدى ۋە ئىسلامدىن يېنىپ، دىنىي ئاتەشپەرەسلىككە ئۆتكىچە تۇتۇپ تۇرۇشقا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ دىنىي مۇھەممەتتىن يانمىدى. ئاقىۋەت ھەققۇتي ئىمامنى ئۆزى بىنا قىلغان مەدرىسىگە چاھارمىخ قىلىپ، يەنى تۆت مىخ بىلەن مىخلاپ، نەچچە كېچە-كۈندۈز ئازاپقا سالدى. ئۇ ئىمام بۇنىڭغا پىسەن قىلماي، كەلىمە شاھادەتنى تىلغا ئېلىپ، خالايىققا نەسىھەت قىلىپ، "بۇ دۇنيانىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىدىن قورقۇپ، دىنىي مۇھەممەتنى قولدىن بەرمەڭلەر، بۇ فانى دۇنيانى دەپ، ئاخىرەتنىكى دەرەجات ئائىلەر بىكارغا كەتمىسۇن" دېدى. ئايەت كېرىمدە " بۇ دۇنيا ئورۇنسىز ئىش ۋە ئويۇن-تاماشادىن باشقا نەرسە ئەمەس، خۇدادىن قورققانلارغا دارى ئاخىرەت ياخشىراق،ئايا ئۇلەر بۇنى چۈشەنمەيدۇ؟" دىگەن سۆز بار. شۇنداق قىلىپ، ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەننى شاھادەتلىككە يەتكۈزدى ۋە نۇرغۇن ئەھلى ئۆلىما ۋە ئاممىنى يوق قىلدى. بۇ ۋىلايەتلەردە ئەزان ئاقامەت ۋە تەكبىر سالاۋەت، ناماز جۈمە ۋە جامائەت ئىشلىرى تامامەن يوق قىلىندى. زۇلۇم بىداد ۋە پىتنە-پاسات ئىشكىلىرى ئېچىلدى. ئاجىز ۋە پەرزگارلار دۇئاي تەلەپكە قوللىرىنى كۆتەردى. دۇئالىرى ئىجاۋەتلىك نىشانىسىگە تەگدى.

چۈنكى، بۇ چاغدا چىنگىز قائان خىتاي شەھەرلىرىنى ئېگەللەپ، ئۆز تەختگاھىغا يېنىپ، خاتىرجەم بولۇپ تۇرغان ئىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا كۈچلۈك كاشغەر ۋە خوتەنگە بېرىپ، زۇلۇم-جەۋھەرلەرنى قىلىپ، كۆپ ئادەملەرنى ۋەيران

ۋە نابۇت قىلدى دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. چىنگىز قائان ئامرائى نويانلىرىدىن جەتە نويانىنى (جەبە نويانىنى - ت) نەچچە تۈمەن ئادىمى بىلەن تېزلىكتە كۈچلۈكنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. جەتە نويان بارغان ھامان، كۈچلۈك باراۋەرلىك قىلالماي ، بەدەخشەن تەرەپكە قاچتى ۋە شۇ چۆلدە ھالاكەتكە يەتتى. ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، چىنگىز قائانغا ئەۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەتتە شەھەرگە تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ چاغدا جەتە نويان " ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ رەسمى قائىدىسى بويىچە، ئۆز مىللىتى ۋە خاھىشىدا بولۇسن" دەپ بۇيرۇق ئېلان قىلدى. شۇڭلاشقا ئەھلى خالايىق بۇرۇنقى زامانغا قارىغاندا، بۇ زامان گويا ئىسلام زامانى بولدى دەپ بىر- بىرىنى قۇتلۇقلاپ مۇبارەكلەشتى. ۋاھالانكى، نويان ھەممە دىندىن بىگانە قىلماقچى ئىدى دەپ بايان قىلىنىدۇ.

گەپنىڭ ھاسىلى شۇكى، دىمەك، ئىلگىركى زاماندا بۇ يەتتە شەھەر ئەھلىگە ئەنە شۇنداق ھادىسىلەر كەلگەن ئىدى. بۇ ھىكايىنى مەزكۇر سەھىپىگە يېزىشتىن مەقسەت ۋە مۇددىئا شۇكى، بۇرۇنقى زامانلاردا ئابائى ئەجداتلىرىمىزنىڭ باشلىرىغا بۇ خىل ھادىسىلەر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ قىسىم جەۋرى - زۇلۇملارغا چىداپ ، خۇدا ۋە رەسۇللالانىڭ ئەمىر ئىتائەت ۋە پەرماندىن چىقماپتۇ. دىنىي مۇھەممەتىن يانماپتۇ ھەم قايتماپتۇ دېگەننى بىلدۇرۇش ۋە بۇ زامانغا بولىۋاتقان ئىشلارغا شۈكرى سانا بەجا كەلتۈرۈپ، دۇئا قىلىشقا ئۈندەشتىن ئىبارەت. يەنە بىر مۇددىئا شۇكى، مەرھۇم مۇھەققىق ئۆلىما ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى باشلىق مۇسۇلمانلار دىنسىز كاپىرلار ۋە بىپاك زالىملار بىلەن بەس- مۇنازىرىلەرنى قىلىپ، دىنىي مۇھەممەتنى قولدىن بەرمەي، شىرىن جېنىدىن كېچىپ، شاھادەتلىك دەرىجە تاپقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پەخرى شۆھرەت ۋە ئالى دەرەجات ۋەقەسىنى خەلقى خوتەن ئەھلىگە، ھەتتا يەتتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىغا يەنە جاكا قىلىشتىن ئىبارەت. دېمەك، يەتتە شەھەرنىڭ ئۆتكەن دەۋرى، شۆھرىتىنى تەرىپلەش ئۈچۈن، بۇ ھېكايىنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە.

## ئاقسۇ

ئاقسۇ ئەھلى بولسا، ساددە، يۇۋاش، مۇنايىم، كەمتەر، لېكىن غەم- ئەندىشىلىك، ئۆلپەت ۋە ئىتتىپاقى يوق، پاراكەندە، مۇھەببەت ۋە مەسلەھەتى يوق، چېچىلاڭغۇ، مەھسۇلات ساقلىمايدىغان، تەۋەككۇلچى خەلقتۇر. شەھەر خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك كۇنلۇك نانلىرىنى ئۇدۇللۇقچە بازاردىن سېتىپ ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئاشپەز ۋە ناۋايلىرى

ئاسانلار راۋاج ۋە روناق تاپىدۇ. ھۈنەرۋەنلىرى ئاز، دېھقانلىرى كۆپ، مېۋە- يېمىش مەھسۇلاتى ۋە شەھىرىگە كۈپايە قىلىدۇ. گۈرۈچلىرىمۇ پاكىزە بولۇپ، ھەر قايسى شەھەرلەرگە توشۇپ كېتىلىدۇ. يايلاق ۋە قىشلاقلىرى كەڭرى، چار- پايلىرى كۆپ بولۇپ، ئۆزگە يېتىدۇ. ھەتتا ئېشىپمۇ قالىدۇ.

ئاقسۇ زېمىنىدا مەۋلانە جالالىدىن كىتىكى دىگەن بىر ئالى مازارى زىيارەتگاچ بار. بۇ ئايكۆل دىگەن جايدا، بۇ زاتنى خوجا ئەبۇ كەبىر بۇخاراي قۇدرۇسىر ئەزىزنىڭ نەۋرە- زادىلىرىدىن ئىدى دەيدىكەن. بۇ ئەھۋال ئاۋالقى داستاندا بايان قىلىندى. يەنە ئىمامى بەتتا غازى ناملىق بىر بۇزرۇكۋارنىڭ ئالى مەقاملىق بىر زىيارەتگاھى بار. بۇ زاتنىڭ ئىسمى شېرىپلىرى ئىمام ئابدۇلراخمان ئەلەۋە يەنى ئەلى كەرەممۇللا ۋەجھۇنىڭ ئ.وغلى ئىمام مۇھەممەت ھەنىفە رەزىلۇللا ئەنھۇنىڭ تۆتىنچى نەۋرىسى دەيدىكەن. بۇنىڭ ماھىيتى خۇداۋەدە ئالىمىياننىڭ ئۆزىگە مەلۇم. يەنە سۇلتان مەخمۇت غەزنىۋى [260] دەپ بىر مەسھۇر مازارى ئالى دەرەجات بار. لېكىن، سۇلتان ماخمۇت غەزنىۋىنىڭ قەۋرىسى بولسا غەزنە شەھرىدە. بۇ مازارنىڭ ئىگىسى بەلكى ماخمۇت غەزنىۋى بىلەن ھەمنام بولسا كېرەك. ئاممىۋى تىلدا "غازى" سۆزى "غەزنىۋى" دەپ ئۆزگىرىپ قالغان بولسا كېرەك. يەنە شەيخ جۇنەيدى باغدادى [261] ۋە سەرى سەقەتى [262] مازار بار. «نەفاھا تۇلئۇنس» دىگەن كىتاپتا بۇلار باغدات شېرىپىدىكى شونىزىيە مەسچىتىدە دەپنە قىلىندى دىگەن مەلۇمات بار. ئەمدى بۇ جايدىكى سەرى سەقەتى دىگەن ئاممىۋى تىلدا "ساقى" سۆزى "سەرى سەقەتى" دەپ ئۆزگىرىپ قالغان بولسا كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن، بۇلار موللۇق بەخشەش قىلغۇچى مازار ۋە مۇرات بەخشەش قىلغۇچى زىيارەتگاھلاردىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

يەنە ئاقسۇنىڭ شىمالىدا تاش مىقدارى كېلىدىغان بىر تاغ ئاغزىدا چوڭ بىر مازار بولۇپ، بۇنىڭ ئىسمى شېرىپلىرىنى سۇلتان قۇرمىش سەيدىلمۇسلىمىن دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ تەزكىرىسىمۇ بىر. بۇ تەزكىرىدە، تارىخ ھىجرىنىڭ ئوتتۇز ئۈچۈنچى يىلى (مىلادى 653-654- يىلى - ت) پەيغەمبەر ئاخىر زامان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام سۇلتان قۇرمىش سەيدىلمۇسلىمىنى ئوتتۇز ئۈچ مىڭ بۈيۈك ساھابەلەر بىلەن شەھىرى بەربەردىكى [263] قەھقە جادۇ ۋە زۇمرە ئاتەشپەرەسلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. كاپىرلار غالىپ كېلىپ، ئوتتۇز ئۈچ مىڭ بۈيۈك ساھابىلارنى ئۆچتۇرۇپان تەۋەسى ۋە ئاقسۇ كەنتلىرىنىڭ بەزى جايلىرىدا شاھادەتلىككە يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى ئۇشبۇ زېمىندا دەپنە قىلىندى دەپ بايان قىلىنىدۇ. لېكىن، ئىشەنچلىك كىتاپلاردا بۇلارنىڭ دەپنە قىلىنغان جايلىرى بولسا بەقەئە

گۆرىستانلىقى، شامى شېرىپ، كۇففە، مىسىر قاتارلىق جايلاردا دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭدەك تارىخ ھىجرىيىنىڭ ئوتتۇز ئۈچىنچى يىلى (مىلادى 653-654- يىلى – ت) چارىيارلارنىڭ ئۈچىنچى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەختى خىلايەتتە ئىدى. بۇ چاغدا مۇھەممەت پەيغەمبەر ئاخىر زامان بۇ بىپايان ئالەمدىن بىپايان ئالەمدىن باقى ئالەمدىكى جەننەتكە سەپەر قىلغانلىقىغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان ئىدى.

شۇنىڭدەك، بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىرىدىن ۋەلىد بىننى ئابدۇلمۇلۇك [264] زامانىدا ئەمىر قۇتەيبە بىننى مۇسلىمنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە دالالىتى بىلەن بۇخارا، سەمەرقەنت، فەرغانە ۋە تۈركىستان، كابىل قاتارلىق جايلار پەتھى قىلىنىپ، ئىسلامى شېرىپىنىڭ دۆلىتىگە مۇيەسسەر بولغان ئىكەن. بۇ دەۋر بولسا تارىخ ھىجرىنىڭ توقسان بىرىنچى يىلى (مىلادى 709-710- يىلى – ت) ئىدى. ئەمدى سۇلتان قۇرمىش سەيىدلمۇسلىمىن كەلگەن چاغدا بولسا، بۇ شەھەرلەر تېخى ئىسلام شېرىپى دۆلىتىگە مۇيەسسەر بولمىغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇنچىلىك نۇرغۇن ساھىبلەر قايسى زېمىن بىلەن ئۆتۈپ كەلگەندۇ؟ بۇ ئاقىل ۋە دانالارنىڭ پىكىر ۋە مۇلاھىزە قىلىشىغا تېگىشلىك بىر ئىش. ئىشەنچلىك كىتاپلارغا قارىغاندا، ساھابە ئەزىملەر ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپى ئۇ چاغدا تېخى ئىسلامى شېرىپىنىڭ دۆلىتىگە مۇيەسسەر بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، سۇلتان قۇرمىش تەزكىرىسى ئەتىۋاردىن يىراقتۇر، ياكى بۆلەك ۋىلايەت ياكى باشقا زېمىندىمۇ شەھىرى بەر بەر دېگەن بىر شەھەر بولسا كېرەك. بۇ شەھەرنىڭ زۇمرە ئاتەشپەرەس ۋە قەھقە جادۇ دېگەن ئۇلۇغلىرى بولسا كېرە. پەيغەمبەر ئاخىر زامان ساھابىلەرنى ئەنە شۇ شەھەرگە ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قەدىمقى زاماندا ئۈچتۇرپاننىڭ شەھىرى بەر بەر دەپ ئاتالغىلىمۇ ئەلۋەتتە گۇمانلىق ۋە يالغان بولسا كېرەك. لېكىن، بۇ جايدىكى نۇرغۇن مازارات ئالى زىيارەتگاھلار بۇگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا مۇدەققەس ئورۇنلاردىن ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئورۇن شەكلى ۋە كارامەتلىرى زاھىر ۋە روشەن كۆرۈنۈپ ھەم بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ جايدا ياتقانلار بولسا بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن كاپىرلار بىلەن غازات قىلىپ، شاھادەتلىك دەرىجە ۋە مەرتىۋىسىگە يەتكەن كىشىلەر بولسا كېرەك. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىسمى ھەر خىل بولۇپ، باشقا زامان ۋە باشقا ئەسىرلەردە ئۆتكەن كىشىلەر بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا، ماڭا ئوخشاش تارىخ ۋە ئىشەنچلىك سىيەر كىتاپلارنىڭ تەمىنى تېتىمىغان ۋە سۆزنىڭ باش- ئايىغىدىن خەۋەر تاپمىغان بىر نادان ئادەم ئۆز خاھىشى بويىچە بىھۇدە جاپا چېكىپ تەزكىرە يېزىپ قويغان بولسا كېرەك. مەزكۇر تەزكىرىنى مۇتالىئە ۋە مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنى ئىشەنچلىك كىتاپلارنىڭ مەزمۇنىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ راست- يالغانلىقى ئاشكارە

بولدىۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن باشقا مازاراتلارمۇ كۆپ. ئۇلارنىڭ نامى نەسەپلىرى ۋە قايسى زاماندا ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. شۇڭلاشقا ئۇلارنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلىنمىدى.

يەنە ۋىلايەت تەرەپتىن ئەبۇلھەسەن ھەزرىتىم دىگەن كىشى بۇ يەتتە شەھەرگە كېلىپ، ئاقسۇدا بىر نەچچە زامان ئىستىقامەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ زىمىنغا سەپەر قىلىشىدىكى مەقسىدى بولسا بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈك دىللىرىنى تەۋەججۇھ ۋە نەفھ ئىسپاتلار بىلەن جانلاندۇرۇش، ئۇلارنى زەلالەت ۋە ئازغۇنلۇق ھالاكەتلىگىدىن قۇتقۇزۇپ، ھەقىقەت كىنارىسىگە ئېلىپ چىقىش ۋە فەيزى ئىلاھىنىڭ ئۇنچە- مارجاندەك قىممەتلىك سۆزلىرىنى مۇرىد- مۇخلىسلىرىنىڭ دىل ئەينەكلىرىگە بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ مەقام مەرتىۋىلىرىنى يۇيۇكلۈك دەرىجىسىگە كۆتىرىشتىن ئىبارەت. بۇ زاتى شېرىپنىڭ سائادەتلىك قەدەملىرىنى ئاقسۇ زىمىنى ئۇستىگە قويۇپ، مىسكىن ۋە مەقام تۇتقان ۋاقتى بولسا، جانابى ئاتالىق غازىنىڭ بۇ يەتتە شەھەرگە ئەڭ دەسلەپ قەدەم قويغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ زاتى شېرىپ ئاقسۇ زىمىنغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ جايدىكى ھەممە ئۆلىمالار باشقا ئۆلىمائى ئەزىمەتلەرگە ۋە ھەزرەتلەرگە كۆڭۈل بېرىپ، مايىل بولۇشىدىن باش تارتىپ، بۇ كىشىگە چىن دىلى بىلەن مۇرىد- مۇخلىس بولۇپ، ئۇنىڭ دەرىجە ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا جان- دىلى بىلەن ئىناۋەت ۋە ئىتائەت قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇنىڭ خاس مۇرىدلىرىگە ئايلاندى. بۇ زاتى شېرىپ بولسا نەقشە بەندىيە سۇلۇكىدە ۋە خەفىيە تەرىقىدە ئىدى. ئۇ بىرمۇنچە كارامەتلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ كارامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇنىڭ مۇرىد- مۇخلىسلىرىدىن بىرى «كىتابى شاھنامە» ۋە «ئەمىر ھەمزە» قاتارلىق جەڭنامە كىتابلىرىغا ناھايىتى ئاشىق ۋە شەيدا ئىكەن. جانابى ھەزرەتنىڭ بۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ، ئوقۇشنى مەنئى قىلىپتۇ. يەنە بىر كۈنى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ھېلىقى مۇرىدنىڭ يەنە جەڭنامە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. مەزكۇر مۇرىد بۇ چاغدا كۆڭلىدە بۇنداق ئاجايىپ جەڭ- جىدەللەرنى قىلغان ئەفرا سىياپ ۋە كەيكاۋۇس دىگەن قانداق پادىشالار بولغىيدى دەپ ئويلاپ، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كېچىسى چۈشىدە ئىككى زور ھەيۋەتلىك پادىشا بىر- بىرىنى قوغلاپ كېتىپ بارغاندا، خالايىقنىڭ مانا ئەفرا سىياپ ۋە كەيكاۋۇس دىگەنلىكىنى ھەم ئۇلارنىڭ بۇنداق يىغلىشىدىن قورقۇپ بىدار بولغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ھەلقىغە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تەۋەججۇھ ۋاقتىدا جانابى ھەزرەت ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنىڭدىن «ئەفرا سىياپ ۋە كەيكاۋۇسنى كۆردۈڭمۇ، ئۇلار باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىككى كاپىردۇر» دەپتۇ. ئۇ مۇرىدى ئۆز چۈشىدە

كۆرگەنلىرى بولسا جانابى ھەزرەتنىڭ ئىشارىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، يېڭىۋاشتىن تووۋا قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم جەڭنامە ئوقۇغان يەرگە باماپتۇ.

جانابى ھەزرەتنىڭ يەنە موللا ئابدۇلكېرىم ناملىق بىر ياش مۇرىدى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىر ئىشىگىمۇ بار ئىكەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە بۇ ئىشەك بىكار بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىزدەشكە ئادەم بۇيرۇپ، ئۆزى ھەلقە زىكرىگە ھازىر بولۇپتۇ. لېكىن كۆڭلىدە ئىشەك نەگە كەتكەندۇ، قاچان تېپىلىدۇ دەپ، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ تەشۋىشلىنىپتۇ. بۇ چاغدا تەۋەججۇھ نۆۋىتى ئۇنىڭغا كېلىپ قاپتۇ. جانابى ھەزرەت تەۋەججۇھ بېرىپ تۇرۇپ، بېشىنى ئۇستۇن قىلىپ كايىپ تۇرۇپ، «ئەي كىچىككىنە بىر ئىشەكنىڭ يوقالغانلىقىغىمۇ شۇنچە پەرىشان بولامسەن؟ خاتىرەڭنى جەم قىل، ئىشەككىنىمۇ تاپالايسەن، ئاتقىمۇ ئىگە بولالايسەن» دەپ مەرھەمەت قىلىپتۇ. ئۇ يېڭىدىن تووۋا قىلىپ، ئەيۋىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئۆزرە- خالىق سوراپ تۆۋەنچىلىك قىلىپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە موللا ئابدۇلكېرىم قازى رەئىسنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ بۇ ۋەرەقچىگە پۈتتۇم. ئەگەر بۇ زاتى شېرىپىنىڭ لەقەم ۋە تەرىپىنى بىر- بىرلەپ تەپسىلى بايان قىلساق، ئۇ ئالاھىدە چوڭ بىر تەزكىرە كىتابى بولالايدۇ. ئۇنىڭ نام ۋە نىشانلىرى خالايىق ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋەقەلىرىدىن ئىندەك بايان قىلىشقىلا جۈرئەت قىلىندى. بۇ زات تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن بەشىنچى يىلى ماھى سەپەرنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى (مىلادى 1868- يىلى 6- ئاينىڭ 10- كۈنى – ت) ۋاپات بولدى، ۋە سىيتى بويىچە ئۆز ھويلىسىدا دەپنە قىلىندى. تەۋەررۇك كىتاپىرىدا پىر كامىللارنىڭ سۆھبەتلىرىنى كىبرىتى ئەھمەتكە [265] ئوخشىتىدىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ زاتى شېرىپىنىڭ سۆھەتلىرىمۇ ئەلۋەتتە كىبرىتى ئەھمەر ئىدى. پىر كاملىنىڭ ئۆزىمۇ دەل مۇشۇ زاتى شېرىپ ئىدى ئۇنى بۇنىڭدىن ئارتۇق تەرىپلەپ سۈپەتلەشكە خوش قەلەم جۈرئەت قىلمىدى.

بۇ كەمىنە موللامۇسا ئىبنى موللا ئەيسا خوجا سايرامى ئۇ چاغدا ئاملى زاكاتچى، يەنى زاكاتچى ئەمەلدار خىزمىتىدە ئىدىم. ياش ۋە غورۇر ۋاقتىم ئىدى. ئۇنىڭ نەچچە قېتىم سۆھبىتىدە بولدۇم. لېكىن دوستلۇق ئىزدەشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. ھازىر ئۇنىڭدىن تولۇق ئوتتۇز ئالتە يىل ئۆتۈپتۇ. ئۆمرۈم ئاخىرىغا يەتكىچە بۇ زاتى شېرىپىنىڭ سۆھبەت ۋە مۇھەببەتلىرى چىن قەلبىمدە جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. مە ئۇنىڭدىن باشقا بۇنداق بىرەر مۇرشىدىن ئىككىنچى قېتىم تاپالمىدىم ۋە كۆرمىدىم.

نەزىم:

ۋەسلى يار بولدى مۇيەسسەر قەدرىنى ئاھ بىلمەدىم،

ۋەسلى بولماي جاۋدانى فۇرقەت كىلۇرىنى بىلمەدىم.

## ئۈچتۇرپان

ئۈچتۇرپان قەدىمقى كونا شەھەردۇر.ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئېتى ئۈچ ئىكەن. يەنى شەھرى بەر-بەر دەپمۇ ئاتىلدۇ. مەنسۇرخان زامانىسدا[266]،ئۇنىڭ ئادەملىرى بىئەدەپلىك قىلىپ ئىتائەتتىن چىقانلىقى ئۈچۈن كايىپ، ئەمرالار ئەمرى مىرزا جەپپار بەردى بېك دوختۇىنى لەشكەرلىرى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۈچ ئەھلىنى قەتلى- ئام قىلىپ، ساق قالغانلىرىنى يۇرت-يۇرتلارغا تارقىتىۋېتىپ، تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئولتۇرغۇزۇپ ئاۋات قىلغان ئىكەن. شۇڭلاشقا، بۇ جايدىكى كەنت، ئايماقلارنىڭ ئىسمى-نامىلىرى تۇرپاندىكى كەنت، ئايماقلارنىڭ ئىسمى ناملىرىغا ئوخشايدىكەن. شۇڭلاشقا، « ئۈچ » سۆزىگە « تۇرپان » سۆزى قوشۇلۇپ، « ئۈچتۇرپان » دەپ ئاتالغان ئىكەن.ئاممۇى تىلدا بولسا « ئۇشتۇرپان » دەپمۇ ئاتىلدۇ. شۇنىڭدەك خاقانى چىنى بۇ شەھەرنى ئىگەلىگەندىن كېيىنكى ئۈچىنچى يىلى ئۈچتۇرپان ئەھلى خاقانى چىنىنىڭ ئەمرى-ئىتائىتىدىن چىققان ئىكەن.[267] خاقانى چىندىن ناھايتى نۇرغۇن چېرىك كېلىپ بۇ جاينى تەسەررۇف قىلىپ، ئادەملىرىنى قەتلى-ئام قىلىپ، ئالتە شەھەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ ئاۋات قىلغان ئىكەن. شۇڭلاشقا، هازىر بۇلارنى « كۆچمەن » دەپ ئاتايدۇ.بۇ ۋەقە ئاۋالقى داستاندا بايان قىلىندى. شۇڭلاشقا بۇ جايدىكى ئادەملەر بىر قانچە پىرقە ۋە چېچىلاڭغۇ بولۇپ هىسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كاسىپ، هۈنەرۋەنلىرى كەم، ئادەملىرى دىخان، يەر زىمىنى ئوبدان، غەللە هاسلى كەڭرى ۋە ئەرزاندۇر.

ئۈچتۇرپان زىمىندا ئىماملىرىم دىگەن بىر ئالى مازار مەقامات بار. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىمام مۇهەممەت غەززالى[268] دەپ ئاتايدۇ. يەنە قازغاندا بىر ئالى مازارات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەخمەد غەززالى[269] دەيدۇ.

لېكىن، « نەفەھانۇلئۇنس » دىگەن كىتاپتا ئىمام ئەھمەد غەززالىنى قەزۋىن شەھىرىدە دەپنە قىلىندى دەيدۇ « قەزۋىن »ۋە « قازغان » سۆزى ئاھاڭ جەھەتتىن بىر-بىرىگە يېقىن. ئۇنى ئاللانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. يەنە ساۋۇتقى بازار دىگەن بىر قەدىمقى جاي بار. ساۋۇتقى دەپ ئاتاشتىكى سەۋەپ شۇكى، تارىخ ھىجرىنىڭ ئوتتۇز ئۈچىنچى يىلى ( مىلادى653-654-يىلى-ت ) يۇقىرقى قۇرمىش سەيدىلمۇسلىمىن شاھادەتلىككى يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئاخىر زامان رەسۇلىرراخمان ئەلى شىر يەزدانى كىرەموللا ۋەجھۇنى[270] قەھقە جادۇ ۋە زۇمزە ئاتەشپەرەسلەرنىڭ شەھىرىگە بېرىشقا ئەمىر قىلغان ئىكەن. بۇ چاغدا ھەزرەت ئەلى شىر يەزدانى ئەلى شىر خۇدا[271] ئىككى شاھزادە كېرەم ۋە بىر نەچچە ياش ساھابىزادىلەرنى ھەمرا قىلىپ، سودىگەر شەكلىگە كىرىپ، ناھايىتى تىزلىك بىلەن كىچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۇشبۇ شەھىرى بەر- بەرگە كېلىپ، بىر بۇلاق بېشىغا چۈشۈپ، دۇلدۇللىرىنى بۇلاق بېشىدىكى بىر تۈپ سۆگەتكە باغلاپ، ساۋۇت سوۋۇتۇپ قويغان ئىكەن. بۇ بىر تۈپ سۆگەت كۆكلەپ ئۆرە تۇرۇپ، يەنە يىقىلىپ ئۆرە بولۇپ كۆكلەپتۇ. بارغانسىرى ئەتراپىدىن بىر تاغار ئاشلىق ئۇرۇغى كەتكىچە بولغان زىمىن ئىچىدە يەنە يىقىلىپ، يەنە ئۆرە بولۇپ كۆكلەۋېرىپتۇ. ھېچقانداق ئادەم بۇنىڭ مەيلى قورۇق ياكى شېخىنى كېسەلمەپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭغا تېگىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ. بۇ سۆگەتنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئۇنى « ئەينۇل سەئبان » ( يىلانلار بۇلىغى-ت ) دەپ ئاتايدىكەن. بىر زاماندا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ[272] ئەمىر-پەرمانى بويىچە بۇ بۇلاقتا يىلانلار توپلانغان ئىكەن. ھەزرىتى ئەلى كېرەموللا ۋەجھۇنىڭ قەدەم شېرىپلىرى بۇ يەرگە يەتكەندە، ئۇ « ئەي سابانلار ( يىلانلار-ي ) بۇلاق ئۈستىدىن ئۆزۈڭلارنى بىر تەرەپكە ئېلىڭلار، پەيغەمبەر ئاخىر زاماننىڭ بارگاھلىرىنى تىكمىز » دىگەندە، يىلانلار بۇ بۇلاق بېشىدىن كۆچۈپتۇ. لېكىن، بۇلاق سۈيى يىلانلارنىڭ زەھرى بىلەن ئاچچىق بولۇپ قالغان ئىكەن. ئىككى شاھزادە كېرەملەر ئېغىز سۇلىرىنى ( تۈكۈرۈكلىرىنى-ت ) مەزكۇر بۇلاقتا تاشلاپتۇ-دە، سۇ يەنە تاتلىق ۋە شىرىن بولۇپ قاپتۇ. شۇڭلاشقا بۇ جاينى « ساۋۇتقى مازار » دەپ ئاتاپتۇ. خالايىق بۇ جاينى زىيارەت قىلىپ، بۇلاق سۈيىنى شەرۋەتى تەۋەررۈك ھىساپلاپ، تەرەپ-تەرەپكە تەۋەررۈك قىلىپ ئېلىپ كىتىدۇ. بۇ جاينىڭ تەزكىرىسىدىمۇ مەزكۇر مازارنىڭ ئورنىنى ئەلى كېرەموللا ۋەجھۇنىڭ قەدەم قويغان يېرى دەپ بايان قىلغان. لېكىن، بەزى تارىخ كىتاپلىرىدا ئەلى كېرەموللا ۋەجھۇ ئىراق زىمىنىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتمىگەن دەپ بايان قىلىنغان. بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى خۇداۋەندە ئالىمىياننىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئەمما بۇ ئادەتتىكى جاي ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە كارامەتلىك بىر مازاردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا مازارات ۋە زىيارەتگاھى تەۋرۈككانلارمۇ كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنلا ساھابىلارنىڭ ئىسىم-شېرىپلىرى بىلەن ئاتايدۇ. لېكىن، قانداقلىقى مەلۇم ئەمەس ھەم ئىشەنچلىك دەلىلىمۇ يوق، شۇڭلاشقا بۇلارنى بايان قىلىشقا قەلەم جۈرئەت قىلالمىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۆچتۇرپاننىڭ غازات ۋە جەڭلەردە كۆپ بولغان بىر جاي ئىكەنلىكى مەلۇم. ۋەللاھۇ ئەلەم.

# كۇچار

كۇچارنىڭ قەدىمقى ئىسمى كۇسەن ئىكەن. كۇچار ئەھلى پېئىل ئەتىۋارى جەھەتتىن بىر ئىتتىپاق، ئۇلپەتلىگى زىيادە خەلق بولۇپ، ھەممە ئادىمى سىپايە، خۇشخۇي، گۈزەل سۆزلۈك بولۇپ، ئاياللارنىڭ ھىممەت ۋە جۈرئىتى ئەرلەردىن ئارتۇق. ئۇلار ئىلمىي ئەمەل ۋە كەسپى-ھۈنەردىمۇ كەم ئەمەس. بىراق، مۇساپىرلار بىلەن خوشى يوق، لېكىن، بۇ كۈنلەردە كۇچارغا ھەر تەرەپتىن كەلگەن مۇساپىرلار جەم بولۇپ، جەمىيەت پەيدا قىلىپ، سودا خانىلارنى قۇرۇپ راۋاجلانماقتا. كۇچارنىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا زېمىنى كەڭرى ۋە تازا، ھەر ھەپتىدە باي، سايرامدىن ئەقەلىسى بەش يۈز ئېشەك ۋە ئۇلاقتا ئاشلىق ۋە ياغ كېلىپ تۇرىدۇ. ھەر خىل يەل-يېمىشلىرى ۋە باشقا مەئىشەتلىرى باشقا شەھەرلەردىن كۆپ. سودىگەرلەر ھۆل ۋە قۇرۇق يېمىشلىرىنى شەھەر-شەھەرگە توشۇپ، كېتىدۇ. چارۋا- ماللىرى تولا ۋە ئۆز ئېھتىياجىغا يېتىدۇ، ھەتتا ئېشىپمۇ قالىدۇ.

كۇچار زېمىنىدا مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىئۇللانىڭ ئارامگاھى ۋە قەۋرىسى بار. بۇ زاتى شېرىپنىڭ دالالىتى ئارقىلىق تۇغلۇق تېمۇرخان ئۆز تەۋەلىگى بىلەن بىللە ئىسلامى شېرىپنىڭ دۆلىتىگە مۇيەسسەر بولۇش بىلەن تەڭ، ئىلى تەۋەسىدىمۇ دىنىي ئىسلامنىڭ چىرىغىنى ياندۇرغان ئىدى. خان بۇ زاتنى « ئۇلۇغ موللام » دەپ ئاتايتى، بۇ ئاۋالقى داستاندا بايان قىلىندى. يەنە شەيخ نىزامىددىن دېھلىۋى[273] دېگەن بىر مازارات بار. بەزىلەر « دېھلىۋى »نى « دەھبىدى » دەپ ئاتايدۇ. بۇ ناھايىتى كېلىشكەن ۋە ھەيۋەتلىك مازار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يەنە بەلىخ ئاتا دېگەن بىر مازارى ئالمەقام بار، بۇنىڭ ئىسمى ۋە نەسەپلىرى ھەم ئۇنىڭ قايسى زاماندا ئۆتكەنلىگى مەلۇم ئەمەس. يەنە نەۋرە خوجام دېگەن بىر زىيارەتگاھ بولۇپ، بۇ ھەزرىتى باھاۋىددىن نەخشە بەندە قۇددۇسسىرەنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىدى

دىگەن مەلۇماتلار بار.يەنە بابا قەمبەر ۋەلىلۇللا دىگەن بىر مەشھۇر مازار بار. لېكىن، بابا قەمبەر ۋەلىلۇللا بولسا ھەزرىتى ئەلى كېرەموللا ۋەجھۇنىڭ مىراخورلىرىدىن بولۇپ، بۇ مازارنىڭ ئىگىسى ئەنە شۇ زات بىلەن ھەمنام بولسا كېرەك. بابا قەمبەر ۋەلىلۇللا دىگەن مازار يەنە ئۈچتۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ بار يەنە بىر مازارى ئالى زىيارەتگاھنىڭ نامىنى ئىبراھىم ئەدھەم[274] دەپ ئاتايدۇ. لېكىن، مەزكۇر مەشھۇر پىشقەدەم ئەۋلىيا ئىبراھىم ئەدھەم قۇددۇسسىرەنىڭ قەۋرىسى بولسا مەككە مۇئەززەمەدەدۇر. بەلكى بۇ مازارنىڭ ئىگىسىمۇ مەزكۇر ئەۋلىيا بىلەن ھەمنام بولسا كېرەك. ياكى مازارنىڭ ئىگىسىنىڭ نامى ئىبراھىم ئاتام بولۇپ، ئاممىۋى تىلدا « ئاتام » دىگەن سۆز « ئەدھەم » سۆزىگە ئالمىشىپ قالغان بولسا كېرەك. ۋەللۇھۇ ئەلەم بىساۋاپ

## كونا تۇرپان

كونا تۇرپان بولسا كونا ۋە قەدىمقى شەھەردۇر. ئادەملىرى راست قوللۇق، راست سۆزلۈك، پۇختا ۋە پىششىق، ھىلە-مىكرى ۋە خىيانىتى يوق. ئەقىدە-ئىخلاسلىرى ساپ، ھاۋاسى ئىسسىق، سۈيى كەم بولۇپ، ھەممىسىلا كارىز سۈيى بىلەن زىرائەت تېرىيدۇ. زىمىنى ئوبدان، مەھسۇلاتى ئۆزىگە يېتىدۇ. غوزا-كېۋەزلىرى ئوبدان بولىدۇ. تەرەنجۋىل كونا تۇرپاننىڭ خاس مەھسۇلاتىدۇر. كىشمىش ئۈزۈملىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ شەھەر-شەھەرلەرگە توشۇلىدۇ. كونا تۇرپاننىڭ زىمىن دائىرىسى كەڭ، ئارلىغى يىراق.

بۇ زىمىندا ئەسھابۇلكەھفنىڭ ياتقان ئورنى، مازار زىيارەتگاھى بار، لېكىن تەفسىرلەردە ئەسھابۇلكەھفنى رۇمنىڭ تەرسۇس[275] دىگەن شەھىردە دەپ بايان قىلىندۇ. تەفسىرچىلەر ۋە تارىخچىلارنىڭ « رۇم » دىگەنلىرى بولسا ئۇشبۇ رۇمچە شەھىرىدۇر. چۈنكى، رۇمچە بولسا قەدىمقى زامانلاردىن بۇيانلا ئۇلۇغ پادىشا ۋە تۆرىلەرنىڭ مەقام مەنزىلى بولۇپ كەلگەن. خۇداۋەندەكېرىم ئۆز ھېكمەت ئىشارىتى بىلەن ئەسھابۇلكەھفنى خالايىق ئارىسىدا مەخپى قىلىپ كەلگەن. ھەتتا ئۇنىڭ تەكتى ئىسمىمۇ مەخپىيدۇر. ئۇنىڭ زىمىن ئۈستىدە بىر قانچە جايدا زىيارەتگاھى بار دىگەن خەۋەرلەر بار. ئۇنىڭ بىرى رۇمدىكى تەرسۇس شەھىرىدە. تەفسىر ۋە تاۋارىخلاردا بايان قىلىنغىنى دەل مۇشۇ ئەھۋالدۇر. ئىككىنچىسى لىۋان تېغىدا، ياكى پەلەستىن زىمىنىدا، ئۈچىنچىسى ئەدەندە[276]، يەنى ئافرىقا قىتئەسىدە،

تۆتىنچىسى مەغرىپ تاغلىرىدا، بەشىنچىسى ھىندىستاندا، ئالتىنچىسى ئىسپاھاندا[277]، يەتتىنچىسى ئەرمىنىيەدە، سەككىزىنچىسى چىن مەملىكىتىدە دەيدىكەن.

ئۇرۇمچىنىڭ ئەسلى ئىسمى رۇمچە ئىكەن. ئاممىۋى تىلدا « رۇمچە » سۆزىنىڭ ئالدىغا ئەلىف(1) ھەرپىنى، ئاخىرىغا بولسا «يا» (ي) ھەرپىنى ئارتۇقچە قوشۇپ، « رومچى » (ئۇرۇمچى) دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك تۈركى تىلدا « چە » دىگەن ئىبارە « كىچىك» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۈركانلار ( تۈرۈكلەر-ت ) چوڭ نەرسىلەرنى كىچىكلەشتۈرمەكچى بولسا، ھامان « چە » ئىبارىسىنى قوشۇپ سۆزلەيدۇ. يەنى « چە »، « جە » قوشۇپ كىچىكلىتىدۇ. مەسىلەن،« باغچە » ، « ھويلىچە » ، « دەكچە » دىگەندەك. بىراق باغلىرى چوڭ ۋە دائىرلىك بولسا، ئۇنى « باغ » دەپ ئاتايدۇ. كىچىگرەك بولسا « باغچە » دىگەن سۆز بىلەن ئاتايدۇ. « ھويلىچە » ، « دەكچە » دىگەنلەرنىڭ قائىدىسىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش. شۇڭلاشقا بۇ جايدا « رۇمچە » دىگەنلىگى بەلكى « كىچىك رۇم » دىگىنى بولسا كېرەك.

تەفسىر كىتاپلىرىدا ئەسھابۇلكەھفنى رۇمدىكى تەرسۇس شەھرىدە دىگەن مەلۇمات توغرا بولسا كېرەك. « تەرسۇس » سۆزىمۇ ئاممىۋى تىلدا « تۇرپان » بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. بەلكى ختاي، موغۇل، قىرغىز، قىپچاق، تاتار، ئۇيغۇر ۋە قالماقلارنىڭ تىلىدا « تەرسۇس » دىگەن سۆز ئىغىز تەلەپپۇز بولۇپ تۈيۈلغانلىقتىن، ئۇ « تۇرپان » دەپ سۆزلەنگەن بولسا كېرەك. ئەسھابۇلكەھفنىڭ زامانى بولسا، ھەزرىتى ئەيسا ئەنبىيائى ئەلەيھىسسالاۋاتنىڭ زامانىدىن ئىلگىرى ئىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆتكەن بولىدۇ. بۇ ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە، بىر نەچچە زامان تاتار ئەھلى، بىر نەچچە ئەسىر موغۇل قەۋمى، بىر نەچچە ۋاقىت ئۇيغۇر گۇرۇھى، بىر نەچچە دەۋىر مۇسۇلمان پادىشالىرى ۋە بىر قانچە چاغ ختاي تايىپىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئۆتتۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز شەھەرلىرىنى ئۆز تىلى بىلەن ئاتاپتۇ. مەسىلەن، ختايلار ئۈرۈمچىنى « خو مىيۇزە » دەپ ئاتايتى. ھازىر « شىك شاڭ سىن » ( شىنجاڭ ئۆلكىسى-ت ) دەپ ئاتىدى. شۇڭلاشقا تەرسۇس دىگەن ئىسمىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىغىمۇ ئاقىللارنىڭ ئەقلىدىن يىراق ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئەسھابۇلكەھفنى زورمۇ-زور ئۇشبۇ تۇرپان تەۋەسىدىكى تۇيۇق دىگەن جايدا دەپ ئەقىدە-ئىخلاس قىلىشلىرىمۇ ئەنە شۇنداق گەپ بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىلەر خۇداۋەندەكېرىمنىڭ ئۆز

كالامدا ئەسھابۇلكەھەفنىڭ غارى ھەققىدە چۇشۇرگەن ئايەتلىرى دەل تۇيۇقتىكى بۇ غارغا مۇۋاپىق دەپ ھېساپلاپ، پۇتۇن موغۇلىستان، بەلكى فەرغانە، تۇركىستان، ھىندىستان قاتارلىق تۆت ـ بەش ئايلىق يولدىن نەزىر ۋە ھەدىيەلەر بىلەن كېلىپ زىيارەت قىلىپ يانىدۇ. بۇ يەرنىڭ شەيخلىرى زىيارەتكە بارغانلارغا ھەر تۇرلۇك ھىلە ـ نەيرەڭلەرنى كۆرسىتىپ، بۇ يەردە ئاتتىن چۇشىدۇ، بۇ يەردە ناماز ئوقۇيدۇ، بۇ يەردە تاۋاپ قىلىدۇ دەپ، گويا بۇ يەرنى ھەرەم شېرىپتەك كۆرسىتىپ ۋە شۇ جايدىكى قائىدىلەر بويىچە تەلىم بەرگەن بولۇپ، ھىلە ـ مىكىر بىلەن ئۇلارنىڭ نەرسىلىرنى ئېلىۋالىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ھەرەم شېرىپقا بېرىشقا ئاجىزلىق قىلغان تەقدىردە، ئۇشبۇ ئەسھابۇلكەھەفكە بىر قېتىم كېلىپ زىيارەت قىلسا، يېرىم ھاجىلىق ئادا بولغان بولىدۇ دەپمۇ ئەقىدە قىلىدۇ. ئەسھابۇلكەھەف ئورۇنلاشقان جاي بىر ئېگىز تاغ بولۇپ، بۇ جايغا نەچچە ـ نەچچە شوتا بويى پەلەمپەي بىلەن چىقىدۇ. تاغنىڭ ئۇستىدە بىر قانچە ھۇجرا، ئايۋان، راۋاقچە، مەسچىت، مېھراپ، مۇنبەر ۋە دۇئا قىلىدىغان جايلار بار، ئەتراپىدىمۇ كۆپ ئۆيلەر بار. بۇ مازارنىڭ خادىملىرى سىكۇنىت قىلىپ، ۋەخپە ئەۋقاپلىرنى ئىچىپ ـ يەپ كۇن ئۆتكۇزىدۇ. بۇ مازارنىڭ شەيخلىرى ئۇچ يۇز ئۆيلۇكتىن ئارتۇق. بۇرۇن مۇسۇلمان خانلار ۋە ھاكىمى ۋىلايەتلەر، ئەمرالارمۇ ئادىمگەرچىلىك ۋە خەيرىيات ئۇچۇن بىر مۇنچە ۋەخپە ئەۋقاپلارنى بەرگەن ئىدى.دەقيانۇسنىڭ

شەھرى ۋە تەختىگاھىمۇ مۇشۇ تۇرپان تەۋەسىدە ئىكەن ئەسھابۇلكەھەف بولسا دەل مۇشۇ غاردا ئۇخلايدۇ دەپ مۆلچەرلەپ، ئېتىقات قىلىدىكەن. تارىخ ھىجرى بىر مىڭىنچى يىللاردىن (مىلادى 1600ـ يىللار – ت) كېيىن ھەزرتى ئاپپاق خوجا تۇرپانغا بارغان ئىكەن. ئۇ تۇرپان ئەھلىنىڭ بۇ جايغا كېلىپ ئىززەت ۋە ئېھتىرام قىلغانلىغىنى كۆرۈپ، بۇ ئەھۋالنى دەسلەپتە مەنئىي قىلىپتۇ. كېيىنچە بۇ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۇراقىبە ۋە تەۋەججۇھكە چۇشۇپ، كەسپى كارامەتلىرىنى قىلىپ، خالايىققا «بۇ جاي بولسا ئىتلارنىڭ جاي مەنزىلى دەپ گۇمان قىلغان ئىدىم. مۇراقىبەدىن كېيىن ماڭا ئاشكارە بولدىكى، مېنىڭ گۇمانىم توغرا ئەمەس ئىكەن. سىزلەرنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسلىرىڭىزلار راست ئىكەن. ئەسھابۇلكەھەفنىڭ بۇ مەنزىلىدە ئىكەنلىگىدە شەك ـ شۆھبە يوقتۇر. زىيارەت قىلىۋېرىڭلار ۋە بۇنى غەنىمەت بىلىڭلار» دەپتۇ دىگەننى گۇۋۋا ۋە ھۆججەت قىلىپ سۆزلەيدىغانلارمۇ بار.

بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تارىخ ھىجرىنىڭ بىر مىڭىنچى يىللىرىغىچە (مىلادى 1600ـ يىللىرىغىچە –ت)

بولغان ئارلىقتا ئەسھابۇلكەھەف بۇ غارنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ جايدا ئىكەنلىگىنى ھىچقانداق ئادەم بىلمەيدىكەن. ھەتتا كاپىرلارمۇ بۇ غارنى بۇتخانا قىلىپ، لاما لودو ۋە بەرمەنلەرنى توختىتىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمىتىنى قىلىپ كەلگەن جاي ئىكەن. تارىخ ھىجرىنىڭ بىر مىڭ يەتمىش نەچچىنچى يىللىرىغا (مىلادى 1600- يىللىرىغا – ت) كەلگەندە، تۇغلۇق تىمۇر خاننىڭ ئەۋلاتلىرىدىن سۇلتان سەئىد باياخان باھادۇر [278] دىگەن تۇرپان، قامۇلغا پادىشا بولغان ئىكەن. بۇ ئۆز دەۋرىدە خالايىقنىڭ تەرەپ- تەرەپتىن بۇ غارغا كېلىپ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ بۇ جايغا بولغان ئەقىدە ئىخلاسلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ ماقۇل كۆرۈپ، بۇ زىيارەتگاھقا شەيخ، جارۇپكەش. چىراغچىلارنى تەيىنلەپ، ئىمام، مۇئەززىن توختىتىپ، ۋەخپە ئەۋقاپلارنى بەلگىلەپ تەۋلىد قىلدۇرۇپ، مۇتەۋەللىگە تاپشۇرۇپ، ئالى يارلىق نىشانى بەرگەندىن كېيىن، بۇ غار ئەسھابۇلكەھەفنىڭ غارى ئىكەنلىگى رەسمىيلىشىپ، بۇ نام بىلەن مەشھۇر بولۇپتۇ. مەن بۇ يارلىقنى ئۆز ئەينى بويىچە بۇ سەھىپىگە يازدىم.

## يارلىق نىشان ئالى:

ئەبۇلقەفەتتەھ سۇلتان سەئىد باباخان سۆزىمىز، تىلال فەر سەلتەنەت① ۋە ھما يۇن،②دىنى مەئدەلەت③، رۇز ئەفزۇن ④ساھىپقىرانى ئەئزەم، زۇبدە تۇلسلاتىن⑤، ئەرەپ ۋە ئەجەم راپتە⑥ئەمىن⑦بىلاد⑧ۋاستە ئامان ئىباد⑨شۇجائەت شۇئار ۋە ساخاۋەت ئاسار، جۇۋان بەخت بەر خوردار⑩قىرىنداشلار بىرلە جىلللىشەئىنى(11)

① تىلال فەر سەلتەنەت – ئالتۇن نۇرلۇق سەلتەنەت.

② ھما يۇن – مۇبارەك.

③ دىنى مەئدەلەت – دىنىي ئادالەت.

④ رۇز ئەفزۇن – ئۇزۇن كۈنلۈك.

⑤ زۇبدە تۇلسلاتىن – تاللانغان سۇلتان.

⑥ راپتە – باغلاش، ئالاقە.

⑦ ئەمىن – تىنچلىق.

⑧ بىلاد – شەھەر.

⑨ ئىباد – قۇل، قۇللۇق.

⑩ بەرخوردار – لايىق، مېھرىبان.

(11)قېرىنداشلار – ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك.

ئەزىمۇلقۇدەر①، ئەدىلسشەمس شىبە②ئەلبەدىر③فەرزەنتلەرغە ۋە ئەمرائى مۇلكى ئاراي④ئالىسشاندۇر. ئەي نېكۇ⑤ راي كۇفايەت نىشان سەدىر سۇدۇر⑥ئالى مەقام ۋە ئۆلمائى ۋاجىجۇلئېھتىسرام ۋە قۇززاتى ئەنام⑦، شەرىئەت ئەنجام⑧، نوقە بائى كىرام⑨ۋە زۇمرەئى ئەنام⑩ۋە جەمھۇرى خاس ۋە ئاملارغا ئانداق ۋەزىئە(11) ۋە لايىھە بولسۇنكىم، خوجە ئەيۇپ موللا قامۇش ھەبب ئوغلى كىچىك موللا مۇلك بۇ ...... ئۆيلۈك كىشىنى ھەزرىتى سۇلتان ئەسھابۇلكەھەف قۇددۇس سەرھەمىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغان سەۋەپتىن، ئىنايەت شاھانە ۋە ئىلتىپات خۇسراۋانە(12) قىلىپ، بىرىنى چىراقچى ، بىرىنى جارۇپكەش ۋە بىرىنى باكاۋۇل قىلىپ تەرخان(13) قىلدۇق. ئوغلانلىرىدىن ئوغلانلارغا ۋە قىزلاردىن قىزلىرىغا تەرخان دەپ بىلسۇنلەر. ئاقتۇر تاھارەت سۇلارىنى ھەم قىسماسۇنلەر، تىنجى كۆڭۈل

① ئەزىمۇلقۇدەر – ئۇلۇغ قۇدرەتلىك.

② ئەدىلسشەمس شىبە – قۇياشقا ئوخشاش، قۇياش بىلەن تەڭ.

③ ئەلبەدىر – تولۇن ئاي.

④ مۇلكى ئاراي – قاراشلىق يەرلەر.

⑤ نېكۇ – ياخشى، گۈزەل.

⑥ سەدىر سۇدۇر – باشلامچى، يۇقىرى مەرتىۋىلىك.

⑦ قۇززاتى ئەنام ـ جامائەت قۇزاتى.

⑧ ئەنجام ـ ئاقىۋەت.

⑨ نوقە بائى كىرام ـ ئۇلۇغ ھۆرمەتلىك كىشلەر.

⑩ زۇمرەئى ئەنام ـ جامائەت پىرقىسى.

(11)ۋەزئە ـ تەيىنلەش، بەلگىلەش.

(12)خۇسراۋانە ـ شاھانە.

(13)تەرخان ـ ئالۋاڭ ـ ياساقتىن ئازات قىلىنغان تەبەقە.

ۋە فەراغ خاتىرلەر①بىرلە دۇئا ئىشىغە مۇقەييەد② بولسۇنلەر. تەرخانلىق نىشانى ئالىشان كۆرگەچ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى ۋە دارۇغەسى باشلىق تەخسىس يارخى، تۇيۇق ساھىپ تەكبىر فازىلارىغا كىلۇر ۋە بارۇر. ئىشچى ۋە كۇشچى، سۇچى، تاۋاپچى جەمئىي ئەمەلدارلار مۇشار ئىلەيھەلەرغە ③ھىچ جۇملەدىن ۋە ھىچ رەھگۇزاردىن ④مەزاھىم⑤ۋە مۇتەررىز⑥بولماسۇنلار، ئالۋاڭ، ياساق، ئۆزگە قۇنئالغۇ ھەشارمەر دىكار» ئوقۇش پىتىر، چاپار ئۇلاغ قان چىقار شۇ سۇن (نەزىر-چىراقتا سۇيۇلدىغان مال ـ ت ) تەكلىپ قىلماسۇنلەر، سالماسۇنلەر، ئالماسۇنلەر، ھەر كىم بۇ يۇسۇندىن ئۆزگە قىلسە، ھەق سۇبھانە ۋە تائالانىڭ رەھمەتى ۋە مۇھەممەد رەسۇلللا شىپائەتى ۋە پەرىشتىلەر مەغفىرەتىدىن ⑦مەھرۇم بولۇپ، ھەزرىتى ئەسھانۇلكەھەف تەقسىرسىگە⑧قالغاي. بەل سايرۇنناس(9)ۋە ئەججەننىڭ لەنتىگە گىرىپتار بولغاي، قىيامەت كۇنى زالىملار قاتارىدا مەھشۇر⑩ بولۇپ، ئازاپ ئەبەدىگە گىرىپتار بولغاي دەپ

① فەراغ خاتىرلەر ـ خاتىرجەملىك.

② مۇقەييەد ـ قەيت قىلىش.

③ مۇشار ئىلەيھە ـ مەزكۇر

④رەھگۇزار ـ ئاياق ئاستى قىلىش.

⑤مەزاھىم ـ زىيان ـ زەخمەت.

⑥مۇتەرىز – ئېتىراز، قارشىلىق، قىينچىلىق.

⑦مەغفىرەت – ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش.

⑧تەقسىر - گۇنا.

⑨بەل سايرۇنناس – پۇتۇن خەلقنىڭ.

⑩مەھشۇر – يىغىلىش، توپلىنىش، ھازىر قىلىنغۇچىلار.

دارۇسەلتەنەت تۇرپان ۋىلايىتىدە، ئۇشۇر ئاي چىھارشەنبە كۈنى تارىخ ھىجرى بىر مىڭ ئاتمىش سەككىزىنچى يىلى (مىلادى 1657- يىلى 10-ئاي – ت) يەنى چاشقان يىلى نىشان ئالىسى قىلدى. بۇ يارلىقنىڭ ئاخىرىغا ئىككى مۆھۈر بېسىلغان ئىكەن. ئۈستىدىكى خەتنى ئوقۇشقا بولمىدى.

بۇنىڭدىن باشقا يىراق ۋە يېقىندىن زىيارەتكە كەلگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ پەزىل- پەزائىل ۋە كامالەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىززەت- ئابرۇيىنى كۆزلەپ، زامانە ۋەزىيىتىگە قاراپ، شەيخ، جارۇپكەشلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ۋە ئۇلارنىڭ خاھىشىنى ھەم خوش بولۇشىنى ئىزدەپ، ئۇشبۇ غار بولسا ئەسھابۇلكەھفنىڭ جاي مەنزىلى دىگەن بولسا كېرەك. ھەتتا تەفسىر ۋە تەۋارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنىغا نەزەر سالماي، ئۆزى خالىغىنى بويىچە ئويدۇرۇپ، شەيخ ۋە جاراپكەشلەرگە خوشامەت قىلىپ، بۇ جاي راستىنلا ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى ئىكەن دىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەتتا بەزلەر ئۇرۇمچىنىڭ ئەسلى ئىسمى رومچە ئىكە. تەرەسۇس دىگەن نامىمۇ تىلدا تۇرپان دىگەن نامغا ئالمىشىپ قالغان ئىكەن دەپ، ئاساسسىز، پايدىسىز ۋە بىھۇدە سۆزلەرنى كۆچەپ ئويدۇرۇپ، تەۋلىيە ۋە تەزكىرلەرنى پەيدا قىلىپ، مازارى ئالىجاھ ۋە زىيارەتگاھى بارگاھلارنى تىكلەپ، ئەسلىدە ھىچقانداق نامى- نىشانى يوق بىر كونا شەھەرگە دەقيانۇسنىڭ شەھىرى دەپ شۆھرەتلىك نام بېرىپ كەلگەن ئىكەن. قېرى- ياشانغان ئادەملەر ئەنە شۇنداق قىسسە ۋە ھىكايىلەرنى توقۇپ ۋە ئىشنىپ كەلگەن ئىكەن. ئەسھابۇلكەھفنىڭ تۇرپاندا بارلىغىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە باشقا ھىچقانداق دەلىل ۋە ئىسپات زادىلا يوق.

لېكى، بەزى ئۆلىمائى ئىززەملەر ئەسھابۇلكەھف زىيارىتىگە بېرىپ، بۇ غارنىڭ ئالامەت ئەسەرلىرىنى ئايەت شېرىپىنىڭ مەزمۇنىغا سېلىشتۇرۇپ، بۇ غار خۇداۋەندەكېرىمنىڭ ئۆز قۇرئانى كالامىدا تەرىپلەنگەن غار بىلەن تامامەن

ئوخشاشمايدىغانلىقىنى ۋە تۆيۈق غارى بولسا ئەسهابۇلكەهفنىڭ غارى ئەمەسلىكىنى دەلىل ۋە هۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلايدۇ. بەزى ئۆلىمالار بولسا بۇ پىكىرنىڭ قارىشىسىدا بولۇپ، ئەسهابۇلكەهف بولسا ئۇشبۇ تۆيۈق غارىدا دەلىل-ئىسپاتلارنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. دىمەك، بىر ئۆلىما يەنە بىر ئۆلىمانىڭ پىكىرىگە ئاساسەن قارىشى هۆكۈم چىقىرىدۇ.

كەمىنە-مەنكى موللا موللا مۇسا ئىبنى موللا ئەيسا خوجا سايرامىنىڭ كۆڭلىگە شەك-شۆهبە چۈشۈپ، قارىشى پىكىرلەر پەيدا بولۇپ ۋە بۇ قارىشى پىكىرلەرنىڭ مۇلاهىزىسى ئىچىدە غەرق جۇدا بولۇپ، توغرا پىكىرلەر بىلەن خاتا مۇلاهىزىلەرنىڭ دېڭىزغا چۆككەن هەم بۇ ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا قويغان هەر خىل پىكىرلەرنىڭ قايسىبىرى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە ۋە قايسى بىرلىرىنىڭ ئاساسى ئاجىز ئىكەنلىكىنى تەپەككۇر قىلىپ ساراسىمىگە چۈشۈپ هەيران بولۇپ تۇرغان بىر ۋاقتىمدا، ئۇ سەيدىنا ۋە مەۋلانا هەم ئىقتىدارلىق ۋە هەقىقەتنى ئاچقۇچى ئالىم، فۇقۇها ئىلمىنىڭ تاللانغان تەتقىقاتچىسى، تەجرىبىلىك بىلىم ئىگىسى، شەرئەت نىزاملىرىنى توغرا يولغا سالغۇچى، شەيخلەرنىڭ ئەۋلادى سەئىدششەيخ مۇهەممەت بىننى ئەششەخ ئابدۇلۋاهىدبىننى ئەششەيخ ئەلى ئەلئەسلى ئەششامى ئەلتەرا بىلىنىڭ مۇبارەك ۋە ئېهتىياجلىق قەدەملىرى شەرەپ بىلەن بۇ موغۇلىستان يۇرتىغا ئىككىنچى قېتىم قويۇلدى. بۇ چاغدا بۇ قەدىرسىز مەنمۇ ئۇنىڭ سۆهبەت شېرىپلىرىگە مۇيەسسەر بولۇپ، بەش ئاي مىقدارى ئۇنىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈز بىللە سەپەردە بولدۇم. بۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭدىن ئەسهابۇلكەهف غارىنىڭ تېگى-تەكتىنى سورىدۇم. ئۇ «مەن تۇرپاندىكى ئەسهابۇلكەهفكە ئىككى مەرتىۋە باردىم. ئەسهابۇلكەهف غارىنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن، هەق تائالادىن چۈشكەن سۆز-ئايەتلەرنى ۋە مۇئەررەخلەرنىڭ ئۇلۇغ قۇرئان ۋە تەفسىرىگە ئاساسەن يازغان دىللىرىنى قاراپ چىقتىم. شۇنداقلا، بۇ سۆزلەرنى ئۆزەمگە هۆججەت ۋە دەلىل قىلىپ، ئۇنى يەنە بىر قانچە دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن كۈچەيتىپ، ئەسهابۇلكەهف بولسا رۇمدىكى تەرسۇن دىگەن شەهەردە، بۇ تۇرپاندا ئەسهابۇلكەهف دىگەن يوق نەرسە دىگەننى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن بايان قىلىپ، ئىنساپلىق مۇسۇلمان ۋە مۆمىن دىندارلار ۋە بارلىق جامائەت خاس ئاممىنى كۆزلەپ، قاراشلىرىمنى روشەن ئېلان قىلىپ ۋە بىر رىسالە يازغان ئىدىم» دەپ بۇ كىتاپنى مېنىڭ قولۇمغا بەردى. بۇنى كۆرۈپ مۇتالىئە قىلغاندىن كېيىن، تۈركى تىلغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇ زاتنىڭ نەزەر ئالىلىرىدىن ئالاهىدە ئۆتتۈزۈپ تۈزىتىپ، بۇ تارىخچىنىڭ خاتىمە قىسىمغا كىرگۈزدۈم. ئەمما ئىناساپقا كېلىپ ئېتىراپ قىلىپ، تەسلىم باشلىرىنى تەۋرەتكەن زامانە فازىللىرى ۋە خاس ئاممىنى سادىقلارنىڭ جۈملىسىگە توپلاپ ئورۇن بەرگەي. قارىشلىق ۋە

مۇخالىپلىق قىلىپ، سۆزمەنلىك ئويۇنلىرىنى ئويناپ، گەدەنلىرىنى تولغانلارنىمۇ، بۇ غارنى تەرىپ ۋە تەسۋىرلەپ چۈشكەن ئۇلۇغ ئايەت ۋە كالامنى قەدىمىيەتلەر، ھەق ۋە ھۆرمەت ئۈچۈن، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاپ، توغرا ئىنايەت ئاتا قىلغاي ـ ئامىن !

دىمەك، بۇ رىسالىدە ئەسھابۇلدەھەفنىڭ تۇرپاندا ئەمەسلىگى توغرىسىدا بىر قانچە دەلىل ـ ئىسپات ئوتتۇرغا قويۇلغان.

## ئاۋالقى دەلىل:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلاۋات ۋە ئوتتەيە تەختى رىسالەتتە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، تۈيۇق دىگەن بۇ جايدا ھىچقانداق بىرەر قەدىمى بىر كىشىنىڭ قەۋرىسى بولغانلىقى ھەققىدە ھەقىقىي بىر دەلىل يوق. شۇنداقلا، بۇ جايدا گۇمان بىلەن بىرەر ئەنبىيائى ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى بولغان دىگىلىمۇ بولمايدۇ. ھەتتا بۇنداق گۇماننى روشەن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەت ئەھلى پەقەت كىشلەر ئارىسىدا ئىسپاتلايدۇ. زاماننىڭ ئۇزۇنلىغى، تارىخنىڭ گۇمانلىق يىپ ئۇچلىرى ۋە قالايمىقان ھادىسلەرنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلار زادىلا دەلىل ۋە ھۆججەت بۇلالمايدۇ.

بىزنىڭ ئۆلىمالىرىم بىرەر ئەنبىيائى ئەلەھىسسەلاۋات ۋە ئەتتەھىيەتلەرنىڭ قەۋرىسىنى بىرەر شەھەر ياكى بىرەر جاي ماكانىغا خاس دەپ بېكىتمىگەن. پەقەت مۇھەممەت مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھۆسسەلامنىڭ قەۋرىسىلا بۇنىڭ تېشىدا بولۇپ، ئۇنىڭ قەۋرىسى پەقەت مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى بولغان توغرا سۆزلۈك ئايە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىدا ئىكەنلىگىنى بارلىق مۇسۇلمانلار تەستىقلايدۇ. بۇ يەرگە ھەر جايدىن كەلگەنلەر زىيارەت قىلىپ يانىدۇ. بۇنىڭغا ھىچقانداق شەك ـ شۆبھەنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەبىيائى ئەلەيھىسسالاملار بۇنىڭدىن غەيرى بولۇپ، ياتقان ئورنى ئېنى ئەمەس، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورنى پالانى يەردە دىگەن گەپ پەقەت كىشلەر تەرىپىدىن ياساپ چىقىرىلغاندۇر. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەر قەۋرىسى دىگەنلىرى بەلكى پادىشالارنىڭ ياكى كاپىر ۋە زالىملارنىڭ ۋە ياكى ئۇلارنىڭ غەيرىدىكى بىرەر كىشىنىڭ قەۋرىسى بولىسا كېرەك. ياكى بۇت ـ سەنەملەرنىڭ ئورنى ياكى ئىچىدە ھىچبىر كىشىنىڭ جەسىدى بولمىغان قۇرۇق قەۋرە، ياكى پۇل ـ دۇنيانىڭ غەزنىسى دەپنە قىلىنغان

جايلار بولسا كېرەك. بەزىلەر ئۇشبۇ قەۋرە قەدىمقىلارنىڭ قەۋرىسى دەپ گۇمان قىلىپ، ئۆزىچە جاپا- مۇشەققەت تارتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئەنە شۇنداق گۇمان بىلەن مۇسابىننى ئەمرام (179) ۋە داۋۇت [280] ، زىكرىيا [281] ۋە ياكى بۇلاردىن باشقا ئەنبىيائى ئەلەيھىسسەلاۋات ۋە ئەفزەلۇتتە ھەييتلارنىڭمۇ قەۋرىسى دەل مۇشۇ قەۋرە دەيدۇ. بۇمۇ ئاساسسىز بىر گەپ. ئانداق بولسا ئۇلار ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋرىسى قانداق قىلىپ بۇ جايدا پەيدا بولغان ئىكەن ۋە ئۇنى كىم بىلگەن ۋە كۆرگەن ئىكەن. مەسىلەن، ئەگەر بىرەر ئادەم ئاتا ۋە ئانىسىنىڭ ياكى پەرزەنت، قېرىنداشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن مەقبەرەزارلىقتا دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭغا بىرەر ئالامەت ياكى نىشان ئورناتمىسا، ئوتتۇز ياكى قىرىق يىل چەتتە يۈرۈپ قايتىپ كەلسە، ئۇ مەزكۇر قەۋرىسنى جەزمەن بىلەلەيدۇ. بۇنداق ۋەقەلەر ھەر زاماندا كۆپ ئۇچرايدۇ- بەس. ھالبۇكى ئەسھبۇلكەھەفنىڭ جاي- ماكانلىرىمۇ ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

## ئىككىنچى دەلىل:

ئەرەپ ئەجەمنىڭ قەدىمدىن بۇيانقى تەفسىرچى ۋە مۇئەررەخلىرى ئەسھابۇلكەھەفنى رۇم دىيارىدىكى تەرسۇس دىگەن جايدا دەپ بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرەرسىنمۇ ئەسھابۇلكەھەف تۇرپاندىكى تۇيۇق دىگەن جايدا دىگەن ئەمەس. كاشغەر، تۇرپان قاتارلىق بۇ موغۇلىستان مەملىكتىدىنمۇ نۇرغۇن تەتقىقاتچى ئەرباپلار ۋە ئۆلىما- مۇئەررىخلەر مەشھۇر بولۇپ ئۆتكەن. ئۇلار بۇ جايدا قەدىمدىن بويان غازات ۋە جاھاد قىلىپ ئۆتكەن پادىشلارنى بايان قىلغان ئىكەن. لېكىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مىرزا ھەيدەر كوراگانىغا بايان قىلغان ئەمەس. ئەمرالار ئەمرى مىرزا ھەيدەر كوراگانىغا ئوخشاش قىلچى ئەلەم ۋە كىتابى قەلەم ئىگىسى «تارىخ رەشدى» دىگەن بىر كىتاپ يازغان ئىدى. بۇ كىتاپتا قەدىمقى زاماندىن باشلاپ تاكى ئۆزى ياشىغان دەۋرىگىچە بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلغان ئىدى. بۇ تارىخچى ئۆز كىتاۋىدا ئەسھابۇلكەھەف توغرىسىدا بىرەر ئىبارە ۋە ئىشارەتمۇ قىلغان ئەمەس. موغۇلىستان مەملىكتىدە سۇلتان ساتۇق بۇغراخان، يۈسۈپ قىدىرخان، مەۋلانە جالالىدىن كىتكى، مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللار، ئالائىددىن خوتەنى باشلىق شاھادەتلىككە يەتكەن ئۈچ مىڭ نەپەر ئىمامنى بىرمۇ- بىر ئۆز ناملىرى بىلەن بايان قىلغان ئىدى. لېكىن، زاتلارنىڭ ئىچىدە ئەسھابۇلكەھەفنىڭ نامى بايان قىلىنغان.

تارىخ ئەھلىنىڭ قائىدىسى بولسا، بۇ خىل ئۇلۇغلارنىڭ نامى- لەقەملىرىنى ئۆز تارىخ كىتاپلىرىغا بايان قىلىپ بېكىتىشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ نامىنى قالدۇرۇپ قويۇش بولسا تارىخ ئالدىدا يامان ۋە قاباھەت ھېساپلىنىدۇ. «تارىخ زەپەرنامە» نىڭ مۇئەللىپى مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلكى يەزدى ۋە «رەۋزە تۇسسافا» نىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەت ئىبنى خاۋەندىشاھ قاتارلىقلار ۋە ئۆز ئەسەر ۋە تەلىماتلىرىدا تۇرپان، قارا خوجا ۋە دىيارلارنىڭ ۋەقە- ھادىسلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەسھابۇلكەھفنى بايان قىلمىغان ئىدى. بۇلاردىن باشقا تارىخچىلاردىنمۇ بىرەر كىشى ئەسھابۇلكەھفنىڭ بۇ دىيارلاردا ئىكەنلىگىنى يازغان ئەمەس. تارىخ ھىجرى سەككىز يۈز يىگىرمە ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1419- يىلى – ت) ھىرات پادىشاسى شاھرۇھ مىرزابىنى ئەمىر تېمۇر كوراگانى خاقانى چىنغا شادى خوجا دىگەن ئەلچىنى ئەۋەتىپ، بېجىنگە بىرىپ كەلگىچە يۈز بەرگەن ھەرقانداق ھادىسە، ھەر قايسى كەنت، شەھەر، ۋە ھەر بىر دىيار، مەھەللە ئەھۋاللىرىنى، چۆل- دەشتى باياۋان، ياخشى- يامان ۋە مەمۇر- ئاباتلىرى، ئۇلۇغلىرى بىلەن پۇقرالىرىنىڭ خۇي- پىئىللىرىغىچە ۋاقىپ بولۇپ، بىر رۇزنامىدە دەپتەر دەپتەر قىلىپ يېزىپ كەلگەيسىز دەپ پەرمايىش قىلدى. ئۇ بىرىپ كەلگىچە بولغان جەرياندىكى بىلگەن ۋە كۆرگەن ۋەقەلىرىنى بىرمۇ- بىر تەپسىلى دەپتەرگە مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا، تۇرپانغىمۇ كەلگەن ئىدى. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە ئەسھابۇلكەدەھەف توغرىسىدا ھىچقانداق مەلۇمات يوق. چۈنكى ئۇ زاماندا بۇ جايدا بۇت- سەنەملەردىن باشقا رۇزنامىگە يازغۇدەك بىر نەرسە مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن، ئۇ پەقەت بۇت- سەنەملەرنىلا خەتلەپ كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى تەھقىق ۋە تەپتىشلەرنى قىلىپ، رۇزنامىسىگە يازغان ئىدى. ھالبۇكى، خۇداۋەندەكېرىم ئۆز قۇرئانى كالامىدا ياخشى ياراتقان ۋە تەرىپ- تەسۋىرلىرىنى قىلغان ئەسھابۇلكەدەھەفنىڭ بۇ جايدا ئىكەنلىگىنى ئەلۋەتتە يازغان بۇلار ئىدى.

## ئۈچىنچى دەلىل:

تۇرپان ئەھلىنىڭ ئىسلامى شېرىپكە كىرگەن ۋاقتى بولسا تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، فەرغانە ۋىلايىتى ۋە قەشقەر ئەھلىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتىدىن كېيىن ئىكەن. تۇرپان، قارا خوجا، قامۇل ئەھلىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋاقتى تارىخ ھىجرىنىڭ سەككىز يۈزىنچى يىللىرىغا (مىلادى 1397- 139- يىلى – ت) يېقىن بولۇپ، يەنى

خىزىر خوجاخان بىننى تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ كۆچى بىلەن ئىسلام دىنى شەراپىتىگە ئىگە بولغان ئىكەن. ھالبۇكى، بۇ جاينىڭ ئادەملىرى ئەسھابۇلكەھفنىڭ بۇ دىياردا ئىكەنلىگىنى قانداق بىلدۇ ۋە ئۇنىڭ ھادىسلىرىنى قانداقچە ھكايە قىلىپ ئېيتالايدۇ؟

كىشلەر ئەسھابۇلكەھف توغرىسىدىكى ئاساسىي دەلىل ۋە ھۆججەت ئافاق خوجا تۇرپانغا كېلىپ كەسپى مۇراقىبە قىلغان چاغدا ئاشكارلانغان دەيدۇ. لېكىن، ئافاق خوجامنىڭ بۇ كەشپى كارامەتلىرى ھەققىدىكى نەقلى- رىۋايەتلەرنى يەنە باشقا دەلىل ۋە ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، كەشپ ۋە مۇراقىبە پەقەت مۇسۇلمان ئەۋلىيالىرىغىچە خاس نەرسە ئەمەس. باشقا دىندىكى ياكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلاردىكى كاپىر، مۇشرىك لاما لودولار، بەرەھمەن موغۇللار ۋە بۇلاردىن باشقا تايىپىلارمۇ زىيارەت ئارقىلىق كەشپى ئىلھام ۋە كارامەت پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ كارمەتلىرىنى بولسا شەرىئەت شۇئار ئۆلىمائىلار ھۇزىرىدا ئىشەنچىلىك ھۆججەت بولالمايدۇ دەپ رەت قىلىدۇ. ھەتتا موسۇلمان ئەزەملىرىنىڭ كەشپى كارامەت ۋە ئىلھاملىرى ئارقىلىق ئەنبىيائى ئەلەھىسسالاملارنىڭ قەۋرىسى قانداق جايدا ئىكەنلىگىنمۇ ئىسپات قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، ئافاق خوجىدەك بىر ئادەمنىڭ كەشپى ۋە مۇراقىبلىرى ئارقىلىق، ئەسھابۇلكەھف بۇ تۇيۇق دىگەن جايدا دەپ ھۆكۈم قىلىش بولسا، شەرىئەت مىزان بىلەن ئۆلىمالار جامائىتىنىڭ ئۆلچەملىرىگە تامامەن خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر ئەۋلىيالارنىڭ كەشپى ئىلھام ئارقىلىق پەيدا قىلغان سۆز- چۆچەكلىرىنى ئىشەنچىلىك ھۆججەت ئاساسى دەپ قارالسا، ھەر قانداق ئادەممۇ ئەۋلىيالىق دەۋاسىنى قىلىپ، كەشپى كارامەت ۋە مۇراقىبەدە ماڭا مۇنداق نەرسە مەلۇم بولدى دەپ، ئالەم خەلقىنى يولدىن ئازدۇرۇپ كېتىشىدە شەك- شۈبھە يوقدۇر. ئەمما مۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى بولسا، شەرىئەت شېرىپىنىڭ ھۆكۈمىگە خاپتۇر. زامانىنىڭ شەيخ ۋە جاھىل سوپىلىرى ئۆزلىرى قىلالمايدىغان مۆشكۈل ۋە شەرىئەتكە قارىشى ئىشلىرىنى راۋاج ۋە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەزرىتى ئافاقتىن دەلىل كەلتۈرىدۇ. ھەزرىتى ئافاقتىن بولسا مۇنداق ئىش پەيدا بولمىغان بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

مەنسۇرخان ۋە باباخان قاتارلىق پادىشالارنىڭ ۋە ۋاڭلارنىڭ، ئەمرائى ئولۇغلارنىڭ ۋەخپى تەۋەلىيەلەرگە ئۆز قوللىرى بىلەن مۆھۈر بېسىپ، ئۇشبۇ زىمىننى ئەسھابۇلكەھفكە ۋەخپە قىلىپ بەردىم دەپ ئىشارەت قىلغانلىغى ياكى

ئۇشبۇ ئەسھابۇلكەھفكە چىراقچى، مۇتەۋەللى، ئىمام، مۇئەززىن بەلگىلىدىم دەپ ھۆكۈم ۋە يارلىق قىلغانلىقى بىلەنلا، ئەسھابۇلكەھف بۇ زىمىندا بولۇپ قالغان بولمايدۇ ۋە بۇ ئۇنىڭ بۇ جايدا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچلىك ھۆججەتمۇ بولالمايدۇ. پادىشالار بەزى چاغدا ئاۋام خالايىقنىڭ رايىغا قاراپ ئىش كۆرىدۇ. بەزى چاغدا پىتنە ۋە جېدەللەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن، مەملىكەت مەمۇرىيىتىدە بەزى ئىشلارنى كەڭ ۋە ئېھسانلىق بىلەن باشقۇرىدۇ. تارىختا مۇنداق ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن مەنسۇرخان بىلەن باباخانلارمۇ بەزى ماشايىخ سوپىلاردىن ئاڭلىغانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەسھابۇلكەھفنىڭ بۇ جايدا ئىكەنلىكىنى تەستىق قىلىپ، يارلىق چۈشۈرۈپ مۆھۈر بېسىپ بەرگەن بولسا كېرەك. ۋە بۇ ئەسھابۇلكەھف بۇ جايدا زادىلا ئۇنداق دەلىل ـ ئىسپات بولۇپ قالغان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە زادىلا ئۇنداق ئەمەس. پەقەت ئايەت ۋە ھەدىستىن بىردەك مەنە ئېيتقۇچىلار، تەھقىقاتچى، ئەرباپلار، ھەقىقەتچى ئۆلىمالارنىڭ ئۆزى ئىسپاتلىغان ھۆكۈملىرىنىلا ئىشەنچلىك ئىسپات ۋە ھۆججەت دىگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى ھەققىدىكى تەرىپ ۋە تەسۋىرلەر پەقەت ئەنە شۇنداق كەسكىن دەلىللىك ئايەت بىلەن قەيت قىلىنغاندۇر.

## تۆتىنچى دەلىل:

« تۇرپان ئەھلىنىڭ ئەسھابۇلكەھف بۇ جايدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر ئاساسى بولسا، ، تۇرپاننىڭ ئەسلى ئىسمى «تەرسۇس» بولۇپ، زامانە ئۆزگىرىشلىرى تۈپەيىدىن «تۇرپان بولۇپ» بولۇپ قالغان. ئۈرۈمچىنىڭمۇ ئەسلى ئىسمى «رۇمچە» بولۇپ، ئاممىۋى تىل ۋە تاۋۇش يېقىنلىقى تۈپەيلىدىن «رۇمچە» دىگەن سۆز «ئۈرۈمچى» دىگەن سۆزگە ئۆزگىرىپ قالغان دىگەنلىكتىن ئىبارەت. ئۇلار يەنە يۇزەكى چۆچەكلەر بىلەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىمەكچى بولغان مەقسەتلىرىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. بىراق، ئۇلار بۇ كەلتۈرگەن ئىساپتلىرى بولسا ئۆزلىرى خىجىللىق پەيدا قىلىدىغانىغىنى بىلمەيدۇ.

بەزى يېڭى ياكى قەدىمقى تارىخ كىتاپلىرىدا، بۇ زىمىننىڭ نامى «ھارفان» (تەرەفان – ت) دەپ يېزىلىپ كەتكەن. بەزىلەر بۇ جاينىڭ نامىنى ئۇلۇغلاپ «ماۋرفان» (تۇرفان – ت) دەپ يازغان ئىكەن. بىراق «تەرسۇس» دىگەن

سۆزنىڭ قايسى زاماندا «تەرفان» سۆزىگە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. لېكىن، بەزى كېيىنكى تارىخچىلار ئۆز تارىخ كىتاپلىرىدا «تەرسۇس» دېگەن ھەرپ «تەرفان» سۆزىگە ئۆزگىرىپ قالغان دەپمۇ يازغان ئىدى. ئەمما بۇ سۆزگە يەنە دەلىل- ئىسپات كېرەك. بىرەر ئادەمنىڭ گۇمان ۋە ئېھتىمال بويىچە دەپ يازغان سۆزلىرى ھۆججەت ۋە ئاساس بولالمايدۇ. تەتقىقاتچىل ئۆلىمالار ئۆز سۆزىنى پەقەت ئېنىق لۇغەت ئىلمى بىلەنلا بايان قىلىدۇ. ئەقلى قىياس بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ. گەرچە «تەرسۇس» ، «تۇرفان» غا، «رۇمچە» «ئۇرۇمچى»گە ئايلانغان دېگەن سۆزنى راست دېگەندىمۇ، بۇ قاراشقا تەسلىم بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، «تەرسۇس» دېگەن ئىسمنى ئىككى شەھەر ياكى ئىككى دىيارنىڭ نامى قىلىپ ئاتاشنىڭ ئېھتىمالى بار. ئىككى شەھەر ياكى ئىككى كەنتنىڭ نامىنى بىر ئات بىلەن ئاتايدىغان ئەھۋالمۇ بار.

ئەمدى ئۇرۇمچىنىڭ نامى بولسا تارىختا «ئۇرۇمچى»، «ئورۇمچىن»، «ئىرۇمچى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ مەنىسى موغۇل «زېرەك»، «ھۇشيار» ، «باھادۇر» دېگەن سۆز بولىدىكەن. «ئۇرۇمچى» دېگەن نام بولسا موغۇل خانلىرىدىن دۇمنە خاننىڭ نەۋرىسى ئەمىر قاچۇلى دېگەن كىشىنىڭ بىر ئوغلىنىڭ نامى ئىدى. ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ ئالتىنچى بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئۇرۇمچى باھادۇر ئىكەن. بۇ ناھايىتى كاتتا ئەمىر ۋە نويانلارنىڭ تەبەقىسىدىن بولۇپ، لەقەملىرى «بارلاس» ئىكەن. بارلىق بارلاس قەبىلىسىنىڭ نەسەپلىرى بۇ كىشىگە يېتىدۇ. بۇ كىشى ئۆز قەۋمى ۋە نەۋرە، پەرزەنتلىرى بىلەن بۇ جايغا كېلىپ ماكان قىلىپ، ئۆي- ئىمارەتلەرنى ياساپ ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، مەزكۇر ئۇرۇمچى باھادۇرنىڭ ئىسمى بۇ جاينىڭ نامى بولۇپ قالغان ئىكەن. بېجىن بۇ ھال جاھان سەھىپىسىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچراپ كەلگەن. بېجىن ئەھلى ئۇرۇمچىنى «خومىيۇزە» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ رۇم دېگەن شەھەرنىڭ نامى ئەمەس. بەلكى بۇ «ئۇلۇغ مەملىكەت» ياكى «ئىقلىم» دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. رۇم زىمىنى ھەممە خالايىققا مەشھۇر بىر نامدۇر. رۇم شەھرىنى رۇم بىننى ئەيس [282] بىننى ئىسھاق [283] بىننى ئىبراھىم [284] ئەلەيھىسسالام بىنا قىلىپ ئاۋات قىلغان. شۇڭلاشقا، بۇ جاي ئەنە شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. رۇمى ئەسفەر دەپمۇ ئاتايدۇ . رۇمنى ئەسفەر دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنى بىننى ئەسفەر دەپمۇ قويىدۇ. رۇم شەھرىنىڭ پادىشالىرىنى بولسا قەيسەر دەپ ئاتايدۇ. بۇ نام تارىخ ۋە جۇغراپىيە كىتاپلىرىدا ناھايىتى مەشھۇر. رۇم

زىمىنى بولسا ناھايىتى قەدىمقى جاي بولۇپ، ئۇ رۇم شەھىرى بىلەن داڭقى چىقارغان. ئۇنىڭ پايتەختى قۇستەنتىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىجىن ئەھلى بۇ جاينى «رۇم گو» دەيدۇ. بۇ «رۇم ئىقلىمى» دىگەن سۆز بار ئىكەن. خۇداۋەندەكېرىم ئۆز كالامىدا «رۇملۇقلار زىمىنىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بىر جايىدا يېڭىلدى. ئۇلار پات يېقىندا يەنە غالىپ بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. دىمەك، رۇم دىگەن نام ئەنە شۇ ئايەت بىلەن قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن گۇمانلىنىشقا ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. بۇ ئايەتتە دىمەكچى بولغان ۋەقە شۇكى، زامانە ئاۋالدا رۇم ئەھلى بىلەن پارىسلار ئارىسىدا قاتتىق جەڭ ـ جىدەل بولۇپ، بۇ جەڭلەر ئەھلى يەتتە يىلدىن كېيىن، خۇداۋەندەكېرىمنىڭ ياردەم ۋە مەدەتلىرى بىلەن رۇم ئەھلى غەلبە قىلىپ، رۇمنى پارىسلاردىن ئاجرىتىپ ئالدى. نەقىلچىلەر ئەھلى ۋە تارىخچىلار بۇ ۋەقەنى پەيغەمبەرگە ۋەھى كەلگەندىن كېيىن ۋە ھىجرەتتىن بۇرۇن يۈز بەردى دەپ بايان قىلىدۇ. لېكىن، ئەلھى رۇم قەبىلىلىرى ياكى ئەرەپ تايىپىلىرى تۇرپان، خومىيۇزە تۈيۇق دىگەن يەرلەرگە ياكى موغۇلىستان ۋە تۇركىستان مەملىكەتلىرىگە غالىپ بولۇپ، ھۆكۈمرانلىغىنى جارى قىلدى. بۇ جايلارنىڭ شەھەرلىرىدە تۇرۇپ ماكان تۇتتى دىگەن سۆز ھىچقانداق تارىخ كىتاپلىرىدا ئۇچرىمايدۇ. گەرچە ئىسكەندەر رۇمى تۇركىستاندا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ سۇلھى قىلىپ ياندى، ھۆكۈمرانلىقتا تۇرالمىدى. لېكىن تۈركى موغۇللىرى گويا ئاسماندىكى يۇلتۇز ۋە زىمىندىكى قۇملارنىڭ ساندىنمۇ كۆپ بولۇپ، جەڭ ـ جېدەل ۋاقىتلىرىدا، ئۇلارنىڭ شجائەت، قەھرمانلىق ۋە جەڭگىۋارلىغى ھەممىگە روشەن ۋە ئاشكارىدۇر. موغۇل قەۋمىنىڭ زورلۇغى ھەممە خالايىققا مەشھۇردۇر. تۈركى موغۇللىرى رۇم، مىسىر، دەمەشق شام، ھەلەپ قاتارلىق ئەرەپ يۇرتلىرىنىڭ ئۈستىدىن نەچچە قېتىم غەلبە قىلىپ، ھۆكۈمرانلىغىنى تىكلەپ، بۇ جايلاردىن ۋەتەن تۇتتى دىگەن سۆز ھەممىگە مەشھۇردۇر. لېكىن تۈركىستان ۋە موغۇلىستان دىيارلىرىنى، بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆتكەن ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالاۋات ۋە ئەتتەھەييات‌لارنىڭ دىن ۋە مەزھەپلىرىگە تەكلىپ ۋە تەرغىپ قىلغان بىرەر قەۋم ۋە قەبىلىنىڭ بولغانلىغىنى، ھىچبىر تەفسىر ۋە تەۋارىخ بايان قىلغان ئەمەس. ھەتتا بۇنداق نەقىل ۋە ھىكايىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بۇنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئىسپات كېرەك، ئەلۋەتتە.

## بەشىنچى دەلىل:

تارىخچىلار ئەھلى ئەسھابۇلكەھفنىڭ قەددى ـ قامىتىگە قارىغاندا، ئۇزۇن بويلۇق ۋە يوغان باشلىق كىشى ئىدى.بويىنىڭ ئۇزۇنلىغى بىلەن بېشىنىڭ چوڭلىغى قىرىق گەزدىن ـ ئاتمىش گەزگىچە بار ئىدى. دەپ بايان قىلىدۇ. بۇنداق كاتتا ۋە زور قامەتلىك كىشىگە قەددى ـ قامىتى سىغىدىغان كەڭ ۋە زور جاي بولمىسا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ تۆيۈۋقتىكى كىچىك بىر غاردۇر. ئۇنىڭ ئىشىگىگە قويمۇ سىغمايدۇ. ئايەتتە بولسا ئەسھابۇلكەھفنىڭ سان ـ يوتىنى ئۈچ (گەز) دىن سىككىز (گەز) گىچە دەپ بايان قىلىنغان. بۇنچىلىك زور قەددى ـ قامەتلىك كىشى قانداق قىلىپ بۇنچىلىك غارغا سىغىدۇ، بەس. ئەلۋەتتە ئويلاپ پىكىر قىلىش لازىم. چۈنكى، بۇ ئەھۋال پەم ۋە قىياستىنمۇ يىراقتۇر.

## ئالتىنچى دەلىل:

تۇرپانىدىكى غار بولسا ھەق تائاللا ئۇلۇغ قۇرئانىدا بايان قىلىنغان غارنىڭ تەرىپى بىلەن ئوخشىمايدۇ. قۇرئاندا بايان قىلىنغان. غارنىڭ ئەلامىتى بولسا، كۈن چىققان چاغدا، ئۇ غارنىڭ يۈزىگە كۈن چۈشمەيدۇ. بەلكى خۇداي تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن سايىدا تۇرىدۇ. تۆيۈۋقتىكى بۇ غار بولسا تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، كۈن چىققان ھامان ئۇنىڭ يۈزىگە كۈن چۈشىدۇ. چۈش ۋاقتىنىڭ ئالدى ۋە كەيندىمۇ، خۇددى باشقا يەرگە كۈن چۈشكەندەك، ئۇنىڭ يۈزىدە كۈن سايىسى بولىدۇ. ئەسھابۇلكەھفكە بارغان ھەر قانداق ئادەم بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن ئوچۇق كۆرەلەيدۇ ۋە بىلەلەيدۇ. خۇداۋەندە كېرىم بۇ ھەقتە «ئەي كۆرگۈچى ! كۈن چىققان چاغدا ئاپتاپ نۇرى ئۇ غارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بۇرلۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈن پاتىدىغان چاغدا ئاپتاپ نۇرى ئۇ غارنىڭ سول تەرىپىدىن بۇرۇلۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار (ئەسھابۇل كەھەب ـ ت) ئەنە شۇ غارنىڭ بوش ئۇچۇق يېرىدە تۇرىدۇ. بۇ ئاللانىڭ قۇدرەت نىشانىسى بولۇپ، ئۇ كىمنى خالىسا توغرا يولغا باشلىيالايدۇ ۋە كىمنى خالىسا بۇ يولدىن ئازدۇرالايدۇ ـ بەس ! سەن ھەرگىز ئۇنىڭ ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى مۇرىشد ئىزدىمە» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. يەنى (ئەي مۇھەممەت رەسۇلىللا، ئەسھابۇلكەھەف بار جايغا بېرىشنى ۋە بۇ غارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى خالىساڭ، ئۇ غارغا بارغىن، ئەسھابۇلكەھەف ھازىر شۇ غارنىڭ ئىچىدە، بۇ غارنىڭ ئالامىتى ۋە نىشانى شۇكى، كۈن چىقىپ ئاپتۇپ نۇرى غارغا مايىل بولغان چاغدا، ئۇنى ئوڭ تەرىپىگە كۈن چۈشمەيدۇ. ئەنە شۇ غار ئەسھابۇلكەھەف غارىدۇر» دىگەن ئىدى. خۇداۋەندەكېرىم يەنە بۇ ئايەتتە «بۇ غار شۇنداق كەڭ بىر ماكاندۇركى، ئۇنىڭ ئۆگزىسى يوق، سايە قىلىدىغان بىر نەرسىمۇ يوق، ئوتتۇرسىدا ئۇچۇق، كاتتا بىر سەھنە

بولۇپ، بۇ جايغا كۈننىڭ ھاراربتى ۋە نۇرى چۈشمەيدۇ» دەيدۇ. بۇنداق ئالامەت پەقەت خۇداۋەندەكېرىمنىڭ بىرلىگىنىلا كۆرسىتىدۇ ــ بەس. دېمەك، ئەسھابۇلكەھفنى ئەنە شۇ غارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تېنىگە راھەت شامال تېگىپ تۇرىدۇ. بۇ غار ئاپتاپ ھاراربتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئوخشاش غەم ـ ئەندىشە ۋە تەشۋىشلەردىن خالى ۋە ئاماندۇر. بۇ ئەسھابۇلكەھفنى غارىنىڭ ئىشىگى ئاسماندىكى چوڭ ئېيىق يۇلتۇزىنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشىغا، يەنى سەرەتاجان بۇرجىغا يېقىن كېلىدۇ. سەرەتان يۇلتۇزى دەۋرى قىلىپ تۇرىدۇ. كۈن چىققاندا، سەرەتان يۇلتۇزى كەھفنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يەنى غارنىڭ غەرەپ تەرىپىدە، كۈن ئولتۇرغان چاغدا بولسا، كەھفنىڭ چەپ تەرىپىدە، يەنى غارنىڭ شەرق تەرىپىدە بولىدۇ. بۇ ئىككى ۋاقىتتا كۈن نۇرىنىڭ ئەكسى شولىسى غارغا چۈشۈپ، غارنىڭ سېسىق پۇراقلىرىنى چىقىرىپ، ياخشى ھاۋا بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. لېكىن، كۈن نۇرى زادىلا غارغا بىۋاستە كىرمەيدۇ. ئەگەر كۈن نۇرى بىۋاستە غارغا چۈشۈپ قالسا، ئەسھابۇلكەھفنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىگە زىيان يەتكۈزۈپ، كىيىملىرىنى چىرىتىۋاتكەن بۇلار ئىدى. شۇڭلاشقا، كۈن نۇرى زادىلا بىۋاستە غارنىڭ ئىچىگە چۈشمىگەن. بۇ غارنىڭ مۇبارەك ئەتراپ ۋە دىيارلىرىغا كۈن نۇرىنى چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈرمەي، غارنى ئاپەت ۋە بۇزۇنچىلىقتىن ساقلىغان بولسا، خۇداۋەندەكرىمنىڭ بىرلىگى ۋە تەنھالىغىنىڭ ئالامىتى ۋە دەلىلىدۇر. خۇدايىتائالا ئۆز بەندىلىرىنىڭ بىرسىگە تەۋپىق ۋە ھىدايەت ئاتا قىلىدىغان بولسا، ئۇ جەزمەن دوۋزاخ ئوتىدىن قۇتۇلالايدۇ. ئەرگەر بىرسنى يولدىن ئاداشتۇرماقچى بولسا، ئۇ گەرچە توغرا ۋە راستلىقنى ئىزدىگە بىلەنمۇ توغرا ۋە ھىدايەتكە ئىگە بولالمايدۇ. تەۋپىق ۋە ھىدايەتنىڭ ھەممىسىلا، پەقەت خۇداۋەندەكېرىمنىڭ ياردىمى بىلەنلا بولىدۇ. بۇ خىل ئالامەت ۋە مۆجىزاتلار بولسا، جاھان سەھپىسدە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەگەر خۇداۋەندەكېرىم تەۋپىق ھىدايەت، نۇرلۇق نۇسرەت ۋە ئىبرەتنى، ئۆزىنىڭ قەدىم ئىلمى ئارقىلىق ئۆز غايىپ غەزىنىسىدىن ئاتا قىلمايدىكەن. ئەنبىيائى ئەلەيھىسسالاملار، ماشايىخى كىراملار ۋە مازاراتى ئەزاملارمۇ ئۆز خىزمەت ۋە زىيارەتلىرىدىن مەنپەئەت ئېلىشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ. ئاللا ئۆزىنىڭ قەدىمى كالاملىرىدا، ئەسھامۇلكەھفنىڭ نىشانە ۋە ئالامەتلىرىدىن خەۋەر بەرگەندە، ئۆزىنىڭ بۇ تايىپلاردىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا، ھەر قايسى زاماندا ياشىغان ھەرقانداق بىر كىشى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن مەزكۇر ئالامەتلەرنى مەيلى شەرق ياكى غەربىي تەرەپتىن تاپساڭلار، مۇراق ۋە مەقسەتلىرىڭلارنى تاپقان بولىسىلەر. ئەگەر بۇنداق بولمىسا، قىلغان تاما سەۋەپلىرىڭلار ۋە مېھنەت ـ مۇشەققەتلىرىڭلار بىكار بولۇپ، بۇ بىھۇدە زىيان تارتقانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## يەتتىنچى دەلىل:

ئايەت كېرىمدە « سەن ئۇلارنى ئويغاق دەپ گۇمان قىلىشىڭ مۇمكىن، ۋاھالەنكى، ئۇلار ئۇيقۇدادۇر. مەن ئۇلارنى ئوڭغا ۋە سولغا ئۆرۈپ قويىمەن. ئۇلارنىڭ ئىتلىرى بولسا ئىككى پۇتىنى دەرۋازىغا سوزۇپ ياتىدۇ. ئەگەر سەن ئۇلارغا قارايدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلاردىن قورقۇپ قاچىسەن ھەم قاتتىق ۋەھشەتكە چۈشىسەن» دەپ كۆرسەتكەن. يەنى، ئەي مۇھەممەت، ئەسھابۇلكەھفنىڭ كۆزى ئوچۇق ۋە ئويغاق دەپ گۇمان قىلىسەن، ۋاھالەنكى، ئانداق ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۇخلايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى ئۇخلىغان ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ تەتۈرىچە ئوچۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جەسىدىگە زىيان يەتمەسلىكى ئۈچۈن، خۇددى ئۇخلىغان ئادەم ئۇيان ياكى بۇيانغا ئۆرۈلگەندەك، ئۇنى ئۆزىمىز ئۆرۈپ قويىمىز؛ ئۇ بۇجايىدا ئىككى قولىنى يېيىپ ياتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا قارىساڭ قورقۇپ قېچىپ كېتىسەن. ( يەنى ئۇنىڭ سۆلتى ناھايىتى ھەيۋەتلىك، قەددى-قامەت ۋە شەكلى ناھايىتى چوڭ ۋە يوغان، تىرناق ۋە ساقاللىرى بەكمۇ ئۇزۇندۇر ). « بۇ قورقۇنچنى ئىچىڭگە سىغدۇرالمايسەن » دەپ كۆرسىتىلگەن.

پەيغەمبەر ئاخىر زامان مۇھەممەت مۇستاپا سەللەللاھى ئەلەيھە ۋەسەللەم ئاسمان ۋە زېمىن پەرىشتىلىرى بىلەن قورقماي سۆزلەشكەن، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆز شەكلىدە كۆرگەن، ئۇنىڭ ئالتە يۈز قانىتى بار ئىدى. ئەگەر ئۇ ئىككى قانىتىنى يېيىپلا قويسا، زېمىن ئۇستىگە كۈن نۇرى چۈشمەيتى. پەيغەمبەر ئاخىر زامان يەنە جىنلار بىلەن سۆزلەشكەن ۋە ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاپ، قۇرئاندىن تەلىم بەرگەن ئىدى. ئۇ يەنە شەيتاننىمۇ كۆرگەن بولۇپ، بۇ تايىپىلەردىنمۇ قورقمىغان ئىدى. دېمەك، پەيغەمبەر ئاخىر زامان بولسا ھەممە ئىنسان ۋە جاندىن قۇۋۋەتلىك، غەيرەتلىك، قورقماس يۈرەكلىك بولۇپ يارالغان ئاۋالقى زات ئىدى. ھالبۇكى، خۇداۋەندىكېرىم ئۆز ئايەتلىرىدە مۇشۇنداق بىر يۈرەكلىك ئادەمگە « سەن ئەسھابۇلكەھفنى قورقۇپ كۆرەلمەيسەن » دەپ خەۋەر بەرگەن تۇرسا، باشقا ئادەم قانداق قىلىپ ئۇنى قورقماستىن كۆرەلەيدۇ؟ دېمەك، بۇنى ئەقىل بىلەن قىياس قىلىپ، پەم-ئىدىراك بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىزگىچە ئېقىپ كەلگەن گەپ-سۆزلەرگە قارىغاندا، تۇيۇقنىڭ شەيخلىرى ئەسھابۇلكەھفنى ئاشكارە كۆرگەن ئىمىش، چىراق يېقىش ئۈچۈن ئەسھابۇلكەھفكە كىرەرمىش، يۇپۇقلىرىنى ھەر دائىم يېڭىلاپ تۇرارمىش دېگەن سۆزلەر بار.

يەنى مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىقنىڭ زامانىدا بىر ئەرەب بۇ غارغا كەپتۇ-دە، ئۇمۇ ئەسھابۇلكەھفنى باشقا شەيخلەردەكلا كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپتۇ.ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئەسھابۇلكەھفنى ساقلايدىغان ئىتنىڭ جەسىدى كىمخاپ، تاۋار،ئەتلەس بىلەن يېپىلغان ۋە تاشقا ئايلانغان. ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئۆز جەسىدىمۇ تاشقا ئايلانغان دەپ نەقىل قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەسھابۇلكەھفكە بولغان بۆھتان ۋە ئۇ ھەقتە توقۇلغان يالغانچىلىقتۇر. ئايەت شېرىپنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، ئاللا ئەسھابۇلكەھفنىڭ مۇبارەك جەسىدىنى خۇددى تىرىك ئادەملەرنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش قىلىپ ئۇبدان ساقلاشقا قادىردۇر. ئۇنىڭ زىيان-زەخمەت ۋە ئاپەت- بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىشى ياكى ئۆزگىرىپ چىرىپ كېتىشىدىن ئەلۋەتتە مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇبدان كۆرگەن مەخلۇقلىرىنىڭ تۇسنى ھەرگىز ئۆزگەرتىپ باشقا سۈرەتكە ئايلاندۇرمايدۇ. ئەگەر بىرەر ئىنسان ئۆز سۈرىتىدىن يەنە بىر سۈرەتكە ئۆزگىرىپ قالغان بولسا، بۇ ئاللا تائالانىڭ لەنىتىگە گىرىپتار بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. چىرىش دىگەنلىك غەزەپكە ئۇچرىدى دىگەنلىكتۇر. شۇڭلاشقا، خۇدايىتائالادىن پانا تىلەش كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ غەزىۋى كەلسە، خالىسا تاش قىلىدۇ، خالىسا مايمۇن ياكى تۇڭگۇزغا ئوخشاش بىر نەرسە قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممىنى قىلىشقا قادىردۇر. بۇنداق ھېكايىلەر بولسا قىسسە كىتاپلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەگەر مۇشۇ خىل تايىپىلەرنىڭ ئەسھابۇلكەھفنى كۆردۈم دىگەنلىرى راست بولسا، ئۇلار ھەقىقىي ئەسھابۇلكەھفنى كۆرگەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسىنى، ئېيتايلۇق، ئۆزگىرىپ تاش بولۇپ قالغان كاپىرلانىڭ بىر قەۋمىنى، ياكى ئادەم سۈرىتىدە ياساپ قويۇلغان بۇت-سەنەملەرنىڭ شەكلىنى كۆرگەندۇر. بۇنداق ئىشلارمۇ جاھان سەھپىسىدە ناھايىتى نۇرغۇن. نۇرغۇن ئادەم ئەسھابۇلكەھفنى پەيغەمبەر ئىدى دەيدۇ. لېكىن، بەزى كىشلەر ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن گۇمان قىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مۇنداق ئۇلۇغلارنىڭ جەسىدىنى باشقا سۈرەتكە ئۆزگىرىپ كەتكەن دىگەنگە ئىشەنگەنلەر ياكى مۇنداق سۆزگە ئېتىقات قىلغۇچىلار بولسا كاپىر ياكى غەيرى نەرسىلەرگە ئىشەنگۈچى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ- ئاللا ئۆزى ساقلىسۇن! ئەسھابۇلكەھفنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق دىگەنگە ئوخشاش ئادەملەرمۇ كاپىردۇر-بەس. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەق تائالانىڭ ھەق كالامى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاۋاتۇ ۋەسسەللەملەرنىڭ ھەممىسىگىلا يالغان گۇمان قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارنىڭ غەيرەتلىك ۋە

قۇۋۋەتلىك ئىكەنلىكى دەللەر بىلەن ئىسپاتلانغان. ھالبۇكى، بۇ ئەنبىيا ۋە مۇرسەلىنلەر قورقۇپ بارالمىغان ۋە كىرىپ كۆرەلمىگەن جاي ـ ماكانغا، مەزكۇر شەيخلەرنىڭ قورقماي كىرىپ چىراق ياندۇرۇپ، يۇپۇق ياپتۇق دىگەنلىرى بولسا، بۇلارنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىنى پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ مەرتىۋىسىدىنمۇ يۇقىرى قويىماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كاپىرلىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر، شەيخلەرنىڭ بۇ خىل ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئەسھابۇلكەھفنىڭ تۇرپان دىياردا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەسھابۇلكەھفنىڭ قانچە ئىكەنلىكى ھەققىدە يەھۇدى، ئىنسارا ۋە مۇسۇلمان قاتارلىق ئۈچ گورۇھ ئىچىدە ھەر خىل ئىختىلاپ بار. بەزىلەر « ئەسھابۇلكەھف ئۈچ بولۇپ، تۆتىنچىسى ئىتتۇر » دىسە، بەزىلەر « ئانداق ئەمەس، بەلكى ئۇ بەشتۇر، پەقەت ئالتىنچىسىلا ئىتتۇر » دەيدۇ. يەنە بەزىلەر « ئانداق ئەمەس، ئۇ يەتتە بولۇپ، سەككىزىنچىسىلا ئىتتۇر » دەيدۇ. بىراق، خۇداۋەدەكىرىم ئۆز كالامىدا ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە يۇقىرقىدەك خەۋەر بەرگەن، ئەگەر ئۇنى كۆرۈش مۇمكىن بولسا ئىدى، بۇ خىل ھەر تايىپىدىكى گورۇھلار ئادەم ئەۋەتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ سانىنىڭ قانچە ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ئوتتۇردىكى ئىختىلاپلارنى بىر تەرەپ قىلغان بولار ئىدى. ئەسھابۇلكەھفنى ئىنسان گورۇھنىڭ ئاشكارە كۆرىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ سانىمۇ مەلۇم ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ سانى ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھىيدىن مەلۇم بولسا كىرەك. بىزنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئىنچىكىلەپ يىزىشتىكى مەقسەت ۋە مۇدىئايىمىز شۇكى، بۇ شەيخلەر ۋە بەزى ئادەملەرنىڭ ئەسھابۇلكەھف تۇيۇقتا دىگەن سۆزلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن، بىزنىڭ ئەسھابۇلكەھف تۇيۇقتا ئەمەس دىگەن قاراشلىرىمىزنى ئىسپات قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى پەقەت بىزنىڭ پايدىمىزغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا مەنسۇپتۇر. ئۇلار بولسا بۇ ھالنى بىلمەيدۇ. سىزلەرمۇ بۇنى مۇلاھىزە قىلىپ سىناپ باقايسىزلەر.

## سەككىزىنچى دەلىل:

ئەسھابۇلكەھفنىڭ قىسسىلىرى بولسا، زاماننىڭ ئاجايىپ ۋە غارايىپ جۇملىسىدىن بولۇپ، بارلىق ئەھلى تەفسىر

ۋە مۇئەررىخلەرنىڭ زېھنى پىكىرلىرى ۋە قەلەم تىللىرى بۇ بىپايان چوڭقۇر دەريانىڭ ھەقىقىي تېگىگە يېتەلمەي، ھەمىشە ھەيران سەرگەردان بولماقتا. ئەسھابۇلكەھەف بىلەن ئەسھابۇل رەقىم بىرمۇ ياكى باشقا-باشقىمۇ؟ ئۇ بۈگۈنكى كۈندە تىرىكمۇ ياكى باشقا خالايىققا ئوخشاش ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟ ئۇ قايسى زامان ۋە قايسى تارىختا تۇغۇلغان؟ ئۇنىڭ ئىسمى كىم؟ ئاتىسى كىم ۋە قايسى قەبىلىگە مەنسۇپ؟ قايسى جاي ماكاندا ئۆتكەن ۋە سانى قانچە؟ بۇ مەسىلەر ھەققىدە ھەممە تەفسىرچى ۋە مۇئەررىخلەر، جۈملىدىن ھەر قايسى قەبىلىلەر ئارىسىدا ھەر قايسى زامان،ھەر قايسى ماكان ۋە ھەر قايسى تىللاردا ھەر دائىم ئىختىلاپلار بولۇپ كەلمەكتە. دېمەك، ئەسھابۇلكەھەف بۇنداق ئىختىلاپلاردىن زادىلا خالى بولمىغان .

خۇداۋەندەكېرىم ئۆز قۇرئانى كالامىدا ئەسھابۇلكەھەف توغرىلىق خەۋەر بەرگەندە، ئۇ يەنە ئەسھابۇلكەھەف ئۈچ يۈز توققۇز يىلغىچە غاردا ئۇخلىدى،ئاندىن يەنە ئويغاندى ۋە ئاندىن يەنە ياتتى دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدى. ئاللاتائالانىڭ قۇرئانى شېرىپتە بەرگەن خەۋەرلىرىدىن كەم ياكى ئارتۇق گەپ قىلىشقا قۇدرىتىمىز يوق، ئۇ تاھازىرغىچە مۇشۇ ئەھۋالدا تۇرماقتا. بىر ئايەتنىڭ مەزمۇنىدا «ئۇلار ئۇيقۇدادۇر .مەن ئۇلارنى ئويغا ۋە سولغا ئۆرۈپ قويۇمەن» دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنى ئۇلار ئوخلايدۇ! لېكىن ئۇلار تىرىكتۇر. بۇ بولسىمۇ خۇدايىتائالانىڭ بىرلىكى، باقىلىغى ۋە كارامىتىنىڭ كۆپلۈگىنىڭ ئىشەنچىلىك دەلىلىدۇر.

بەزى ئۆلىمالار ئەسھابۇلكەھەفنى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن چۈشكەندىن كېيىن شام شېرىپتە كۆرۈشىدۇ دەپ بايان قىلىدۇ. ئەسھابۇلكەھەفنىڭ تەرىپ ۋە سۈپەتلىرى ھەممە تەفسىر كىتاپلىرى ۋە تارىخلاردا بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بىز بۇ يەردە يەنە ئالاھىدە تەكرارلىمىدۇق. بىزنىڭ بۇ جايىدىكى غەرىزىمىز بولسا ئەسھابۇلكەھەفنىڭ ھەقىقىي تەرىپى ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەھقىق ۋە تەپتىش قىلىپ، زېھنى ئىدىراكلىرىمىزغا مەلۇم بولغانلىرىنى ئاشكارە بايان قىلىپ، ئۇنى كېيىنكىلەرگە يادىكار ۋە نەمۇنە قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، بىز بۇ جايىدا ئەنە شۇنداق ئىرادە بىلەن بىر قانچە سۆزنى ۋاراق سەھىپىسىگە تىزىپ يېزىشقا جۈرئەت قىلدۇق. راست ۋە يالغانلىغىغا خۇدا ئۆزى ئىگە.

ئەسھابۇلكەھەف بولسا، خۇدانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۈممەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇ خۇداۋەندەكېرىمنىڭ ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۇلۇغ قىلغان ئادەمدۇر. شۇڭلاشقا، بىزمۇ ئۇنى ئۇلۇغ دەپ بىلىشىمىز لازىم. لېكىن، مەككە

مۇئەززەمەدىن باشقا جايلاردىكى، يەنى، مەدىنە مۇنەۋۋەر ۋە ياكى باشقا جايلاردىكى ئەنبىياھى ئەلەيهىم ئەسسالاملارنىڭ قەبرىسى ياكى ئەسهابۇلكەھەف ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قەبرىسى قاتارلىقلارنى خۇددى مەككە مۇئەززەمەگە ئوخشىتىپ دەۋىر قىلىش، تاۋاپ قىلىش ياكى ئىبادەت دەپ ئېتىقات قىلىش بولسا كاپىرلىق بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى قىلىش بولسا شەرئى-شېرىككە توغرا كەلمەيدۇ. ھەر قانداق ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەلنى پەقەت ئاللا يولى ئۈچۈنلا قىلىش كېرەك. خۇدادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىش ياكى شېرىك قىلىش بولسا كاپىرلىق بولىدۇ. بىز خۇدايىتائالانىڭ بەندىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا، مازارى ماشايىخلارنىمۇ خۇدانىڭ بەندىسى دەپ تونۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆز يولى بىلەن قىلىش ۋاجىپتۇر.

## توققۇزىنچى دەلىل:

زىمىن يۈزىدىكى بۇ غار پەقەت بىر شەھەر ياكى بىر كەنتكىلا خاس ئەمەس .بەلكى بۇنداق غارلار نۇرغۇن شەھەر ۋە تاغلاردا ناھايىتى كۆپ. ھەر قايسى شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئەسهابۇلكەھەف بىزنىڭ شەھىرىمىزدە دىگەن گۇمانى سۆزلەرنى قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچىلىك دەلىلى يوق. گۇمان بىلەن كەلتۈرگەن دەلىل بولسا ھەر قانداق ۋاقىتتا توغرا كەلمەيدۇ. ھالبۇكى، تۆرپان ئەھلى ئەسهابۇلكەھەف بۇ جايدا دەپ قانداق ئېيتالايدۇ؟ بىز خۇددى يۇقىردا بايان قىلغاندەك،قەدىمقىلاردىن بولغان مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم، ھەزرىتى ئابابەكرى سىدىق[285] ۋە ئۆمەر فارۇق[286] رەزىلۇللا ئەنهۇلاردىن باشقا، يەنە ئەسهابۇلكەھەفنىڭ قايسى جاي ۋە ماكاندا ئىكەنلىكى، خۇددى يۇقىرقىغا ئوخشاشلا نامەلۇمدۇر. بۇنىڭدا سىرلىق بىر ھېكمەت باركى، ئۇ بولسىمۇ ئۇنى خۇداۋەندەكېرىم بىلدۈرگەندىلا بىلگىلى بولىدۇ.

بەزى ئادەملەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئەسهابۇلكەھەفنى بىر قېتىم زىيارەت قىلغانلىق يېرىم ھاجىلىق بىلەن باراۋەر، ئىككى قېتىم زىيارەت قىغانلىق تولۇق ھاجىلىق بىلەن باراۋەر ئىكەن ۋە بۇنداق ئادەملەردىن ھەج ساقىت بولىدىكەن. بۇنداق ئەقىدە قىلغۇچىلار بولسا تۆت مەزھەپ[287] ۋە مىللەتتە مەلئۇن ۋە مۇرتەد كاپىر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، ئىسلامى شېرىپنىڭ بەناسى بەش بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرى بىر ۋاقىتتا ۋەدە قىلىنغان ۋە بىر ماكانغا تەيىن ھەم بىر زامانغا

مەخسۇسدۇر. بۇ مەزكۇر بەنائى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ھەر بىرىسى نەچچە شەرت ۋە روكنىلەر بىلەن بەرپا بولىدۇۋە بۇلارنىڭ ھەممىسى قەتئىي ھۆكۈملەر بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. قەتئىي ھۆكۈم بىلەن بولغان شەرت ۋە روكنىلەرنى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئۇنىڭدىن باش تارتىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ھەجنىڭ روكنىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئادا بولۇشى پەقەت ئايەت ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىدۇ. ئون ئىككى ئاي ئىچىدە بىر ئاي، يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنىدىن ئون ئىككىنچى كۈنىگىچە بولغان ئارلىقتىلا ئاندىن ھەجنىڭ بارلىق روكنىلىرى ۋە شەرتلىرى تامام بولىدۇ. بۇ خىل روكنىنى ۋە شەرتلەرنى بۇ ۋاقىتتىن باشقا چاغ ۋە ماكاندا قىلىسا توغرا بولمايدۇ. ھەتتا بۇ شەرت ۋە رەسمىيەتلەرنى باشقا بىر چاغدا مەككە مۇئەززەمە ياكى مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ ئۆزىدە ئادا قىلىسمۇ توغرا بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇنىڭدىن باشقا جاي ۋە ماكان ياكى زاماندا باشقا بىر دىياردىكى مازاردا، مەسلەن، ئەسھابۇلكەھفى، ئىمام جەفرى سادىق قاتارلىق مازارلادا ھەجنى قانداق قىلىپ ساقىت قىلغىلى بولىدۇ ۋە بۇ جايدا ئادا قىلىنغان «ھەج» نى قانداقمۇ قىلىپ مەككە مۇئەززەمەدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئادا قىلىنغان ھەج بىلەن تەڭ قىلغىلى بولىدۇ .دېمەك، مۇنداق ئەقىدىگە ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزى كاپىر ۋە خوتۇنى تالاقتۇر. بۇنداق ئەقىدە قىلغۇچىلار گەرچە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە ياخشى ئىشلىرى مۇشۇ ئەقىدە بىلەن تامامەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا بۇ ئېتىقاتتا ئازراق ئىشەنگۈچىلەر ياكى بۇنى كۆڭلىگە گۇمان بىلەن مۆكتۈرۈپ قويغۇچىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىمۇ زىيانغا ئۇچرايدۇ.

بۇ دىيارلاردا ئۆزىنى مۇسۇلمان شەكلىدە كىرگۈزۈپ، خالايىقنى ئازغۇنلۇق، زالالەت ۋە جاھالەتكە باشلايدىغان جاھىل، نادان، ئىپلاس سوپىلار ناھايىتى كۆپ، ئەگەر ئىسلامى شېرىپنىڭ قەتئى دەلىللىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلار دەيدىغان بولساق، بۇ ئادەملەر پەقەت جاھىل سوپى ۋە ئالدامچى ماشايىخلارنىڭ ئۆزىدۇر.خۇداۋەندەكېرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ئەمەللىرىنى بۇ خىل ئالدامچى ماشايىخ ۋە سوپىلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ ئامان قىلغايسەن-بەس! بۇ جايدا شۇنچىلىكلا سۆزلەيلى.

دېمەك، يۇقىردا بايان قىلىنغاندەك، خۇداۋەندەكېرىم ئەسھابۇلكەھفنىڭ جاي-مەنزىلى ئاپتاپ چىققان ۋە ياتقان ۋاقىتتا مەلۇم بولىدۇ دېگەن ئىدى. بۇ تۆۋەنتىكى غار ئۇنداق ئەمەس. ئەسھابۇلكەھفنى تۆۋەنتىكى دېگەنلەر بولسا ئاللاتائالانىڭ ھەق سۆزلىرىنى يالغان دېگۈچىلەردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر بولسا ھەممە مەزھەپ، مىللەت ئىچىدىكى كاپىرلاردىن ئىبارەت. خۇدايىتائالانىڭ سۆزلىرى ھەق ۋە راستۇر. ئۇنى زادىلا يالغان دېگىلى

بولمايدۇ. ئەمدى تۇيۇقتىكى غار بولسا، بەلكى ئاللانىڭ بىر بەندىسىنىڭ قەۋرىسى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئەسھابۇلكەھفنىڭ بۇ جايدا ئەمەس. خۇدانىڭ دوستلىرى چۆل-جەزىرە ۋە باياۋانلاردا ناھايىتى كۆپ. يۇرت ۋە شەھەرلەرمۇ بۇلاردىن خالى ئەمەس. شۇنداقلا بۇ غار ئېھتىمال قالماق، موغۇللارنىڭ بۇت-سەنەمخانىلىرى بولسا كېرەك. ياكى بۇ جايدا ئىلگىرى بىر نەرسە بولماستىن، بەلكى بەزىلەرنىڭ نەزىر-نەزىرات، قوي ۋە كالا كەلسۇن دەپ، بىر بانا بىلەن كۆن ئۆتكۆچمەكچى بولۇپ، ھىلە-مىكىرلىك بىلەن ئالدام تورزاقلىرىنى قۇرغان بىر جاي بولسا كېرەك. ئومۇمەن بۇنىڭ ئېھتىمالى ھەممىدىن كۆپ.

خوتەندىكى نىياز ھاكىم بېك، مۇھەممەت ياقۇپ بېك ئاتالىق غازىنىڭ زامانىدا، بىر مۇنچە ئالتۇن، كۆمۈشلەرنى يەرگە كۆمۈپ، ئۈستىگە توغ شادا ۋە ئەلەم، بايراقلارنى قاداپ، بىر كاتتا ئالى مازار پەيدا قىلغان ئىدى. بۇ يۇقىردا نىياز ھاكىم بېك قىسسىدە بايان قىلىندى.بۇنداق ھىلە-مىكىرلىك ئىشلار جاھان سەھىپىسدە ناھايىتى نۇرغۇن ئۆتكەن. ھىلە-مىكىر قىلغۇچىلار بولسا ئۆزىنىڭ مىكىرىدىن پانا تىلەش لازىم-بەس! مۆمىن مۇسۇلمانلار بولسا بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىشى لازىم. بۇ خىل ساختا ۋە يالغان مازارلاردىن ئېھتىيات قىلىش ۋاجىپتۇر ۋە بۇنداق جاي ۋە ماكانلارغا ھۆرمەت قىلىپ ئۇلۇغلاپ زىيارەت قىلىش بولسا دىنىي ئىسلامدىن چەتنىگەنلىك بولىدۇ. بەزىلەر پۇل ۋە غەزىنە ئىزدەپ مازارى ماشايىخلارنىڭ قەۋرىسىنى ئاچسا، موغۇللارنىڭ ئۆلۈكى ۋە ياكى بۇتتەك نەرسىلەر چىقىدىكەن دەپ ھېكايە قىلىدۇ. پەتىۋا كىتاپلىرىدا بايان قىلىنىشىچە بۇتنى ئۇلۇغلاپ ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى زىيارەت قىلىپ دەۋىر-تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللا ۋە رەسۇلۇللانىڭ كىتاپلىرىدىكى سۆزلىرىگە خىلاپ. ئەي ياران ۋە ئەزىزلەر بۇ خىل نالايىق ئىشقاتلاردىن ھەزەر ۋە يەنە ھەزەر قىلىڭلار، بەس ۋە يەنە بەس بۇلۇڭلار.

## ئونىنچى دەلىل:

ئۇ قۇدرەتلىك ئاللا ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل قۇرئانى كالامىدا ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئالامەتلىرىنى مەخسۇس ۋە ئايرىم بايان قىلمىغان بولسا ئىدى، يۇقىرقى كىشلەرنىڭ سۆزلىرىنى شەرق ۋە غەرپتىكى ھەممە غارلارغا تەتبىق قىلغىلى بولاتتى. ھەتتا ھەق سۇبھانى تائالا ئۆز قەدىمى كالاملىرىنىڭ ئىچىدە « ئەسھابۇلكەھف ئاپتاپ چىققان ۋە پاتقان بۇ ئىككى

ۋاقىتتا، كۆن نۇرى بۇ غارنىڭ ئوڭ ۋە چەپ تەرىپىگە مايىل بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىككى ۋاقىتتا ئاپتاپنىڭ ھارارىتى ۋە نۇرى غارغا كىرمەيدۇ » دەپ خەۋەر بەرگەن. ۋاھالەنكى ئۇ غارنىڭ ئۈستى ئوچۇق، ئاپتاپ نۇرىغا سايە بولىدىغان ھەم ئاپتاپنىڭ ھارارىتىنى توساپ تۇرىدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى. ئەگەر يەر يۈزىدىكى بىرەر غار دەل خۇداۋەندەكىرىمنىڭ قۇدرەت كامالىتى ئارقىلىق بولغان بۇ غارغا ئوخشايدىكەن، دەل ئەنە شۇ غار ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى غار بولسا ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ-بەس. ئەگەر تۇرپان شەھرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەسھابۇلكەھف ئۇشبۇ تۇيۇقتا دەپ ئېتىقات قىلىدىكەن، بۇلارنىڭ ئېتىقادى، بىزنىڭچە،شەرئەت شېرىپلىرىنىڭ ھۆكۈمىگە توغرا كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادى ئايەت، ھەدىس، تەفسىر ۋە تارىخلارنىڭ بايانىغا قارشىدۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىرىمۇ زادىلا ئەسھابۇلكەھف تۇيۇقتا دەپ كۆرسەتمىگەن. ئەگەر ئۇ بۇ جايدا بولسا ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭغا جەزمەن دەلىل كۆرسەتكەن بولار ئىدى. سوپى ماشايىخلار ياكى پادىشالاردىن باقى قالغان بىدئەت ۋە بايان ئىشلارنىڭ ئاۋام خەلق ئارىسىدا ئۆرپ-ئادەت بولۇپ قېلىشى بىلەنلا ئۇنى ئىشەنچلىك دەلىل دىگىلى بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملار ۋە ئۆلمائى ئەخبارلار تەرىپىدىن نەقىل كەلتۇرۇپ ئىسپات قىلىنمىغان شۇڭلاشقا، بۇنداق تايىپىلەرنىڭ ھەممىسى كاپىرلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. كەبە شېرىپكە ئوخشىتىپ مازار ۋە قەۋرىلەرگە سەجدە قىلىش، مازار ۋە قەۋرىلەرنى دەۋرى قىلىپ ئايلىنىش ۋە قوي، كالا، تۆگە قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ پەرزەنت تىلەش، رىسقى-رۇزۋانە ۋە شىپالىق تەلەپ قىلىش، ھەدىيە ئەۋەتىپ ۋەسلە تەۋەررۇك ئىزدەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ھەدىس-شېرىپتە بىدئەتچىلىك دەپ كۆرسىتىلگەن. بارلىق بىدئەتچىلىك، زالالەتلىك بولسا، جەزمەن زالالەت ئوتىنىڭ ئىچىگە، يەنى جەھەننەمگە كىرىدۇ.

« سەھھۇل بۇخارى[288] » ، « سەھھۇل مۇسلىمى[289] » ۋە « شەرھى بەقەۋى[290] » قاتارلىق ھەدىس-شېرىپلەردە « ئاتا-ئانىسىغا لەنەت قىلغانلىق بولسا كىشىگە لەنەت قىلغانلىق؛ ئالانىڭ غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغانلىق بولسا كىشىگە لەنەت قىلغانلىق؛ شەرئەت-شېرىپكە خىلاپ بىدئەت ۋە يامان ئىشلارنى قىلغانلىق ياكى ئالانىڭ غەيرىگە ئىئانەت بەرگەنلىك بولسا ئالانىڭ ئۆزىگە لەنەت قىلغانلىق؛ يەر-زىمىننىڭ ھۇدۇت-پاسىللىرىنى (چېگرىسىنى ــ ت) ئۆزگەرتكەنلىك بولسا يەنە ئالاغا لەنەت قىلغانلىق» دەپ يېزىلغان.

ئەندى « ئاتا-ئانىسىغا لەنەت قىلدى »دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، بىرەر كىشى « خۇدا ئاتا ۋە ئانامنىڭ بىرىسىگە لەنەت قىلسۇن ياكى ھەر ئىككىسىگىمۇ تەڭ لەنەت قىلسۇن » دەپ قاغاش ۋە ياكى ئاتا-ئانىسىنى بىۋاستە مەلئۇن دەپ تىللاش شۇنداقلا باشقا ھەر خىل دەشنەم ۋە ئاھانەتلەردىن ئىبارەت. لەنەت ئوقۇشنىڭ سەۋەپلىرى بويىچە ئېيتقاندا، لەنەت دېگەن سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىكى تارماقلىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە «خۇدا ساڭا لەنەت قىلسۇن» دېگىنى، ئىككىنچىسى بولغان ئۇنىڭغا جاۋابەن «خۇدا سەن ئۆزەڭنى لەنەت قىلسۇن» دېگىنىگە قاراپ، ئىككىنچىسىنىڭ «ياق! ئۇنداق ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئاتاڭغا لەنەت قىلسۇن» دېنىگىنى. شۇنداقلا بىرسىنىڭ يەنە بىرسىنى «سەن لەنەت گەردەنىڭ (لەنەت – ت) بالىسى» دېگىنىدە، ئىككىنچىسىنىڭ «سەن ئۆزەڭ لەنەت گەردەنىڭ بالىسى» دېگىنى ۋە باشقا شۇ خىل دەشنام ۋە ھاقارەتلەرمۇ دەشنام سۆزنىنىڭ كۆپ تارماقلىرىدىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دېمەك، ئاتا ۋە ئانىنىڭ دەشنام، ھاراتى ياكى لەنىتىگە سەۋەپ بولۇش بولسا چوڭ گۇنالارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ۋە ئېھتىيات قىلىش بولسا ۋاجىپتۇر.

«خۇدانىڭ غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش» دېگەن سۆز بولسا، بىرەر كىشىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلىش، كەبىگە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملارنىڭ بىرىگە ياكى بۇلاردىن باشقا ئەۋلىيائى ئەزەم، ماشايىخى كىرەملەر، ياكى بۇت، پادىشا ۋە ئەمىرالارنىڭ قەدىمى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەزكۇر مېھمانلار قۇربانلىق قىلغان گۆشىدىن ياكى ئاز، ياكى كۆپ يېسە، ئاشقان گۆش ھالال بولىد. لېكىن بۇ تايىپىلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان گۆشنى بۇلار يېمىگەن بولسا، قۇربانلىق قىلغان گۆشنىڭ ھەممىسىلا ھارام بولىدۇ. شۇنداقلا قۇربانلىق قىلىدىغان چاغدا خۇدادىن باشقىسىنىڭ ئۇلۇغلىغى ۋە ھۆرمىتىنى نىيەت قىلغان، ياكى خۇدادىن باشقىلارنىڭ ئىبادەت ۋە تازىمىنى نىيەت قىلىپ، پىچاق سۈرگەن كىشى جەزمەن كاپىر ۋە بوغۇزلانغان نەرسە ھارام بولىدۇ. چۈنكى، كاپىر بوغۇزلىغان نەرسە ھامان ھارامدۇر. كاپىر دېگەن مۇرتەت (1) بولىدۇ. مۇرتەتتە دىن بولمايدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى جۇداغا (تالاق – ت)، مال-مۈلكى مۇسۇلمانلارغا ئول- غەنىمەت بولىدۇ.ئۇنىڭ ناماز روزا، ھەج، تالاۋەت، زاكات ۋە باشقا بارلىق خەير سەدىقىلىرىنىڭ ھەممىسى راۋا كۆرۈلمەيدۇ. «ئەلئەيەزۇبىللا» (ئاللا ساقلىسۇن - ت)، ياكى «بىسمىللا» (ئاللانىڭ نامى بىلەن – ت) دەپ تۇرۇپ قۇربانلىق قىلسا، لېكىن ئۇ قۇربانلىق ئاللانىڭ غەيرىگە ئاتالغان بولسا، بۇمۇ ھارامدۇر. ھارام دېگەنلىك بولسا، چوڭ گۇنا قاتارىدا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئىشلاردىن ساقلىنىپ ئېھتىيات قىلىش بولسا ۋاجىپتۇر.

«ھۆددەت ۋە پاسىلەلەرنى ئۆزگەرتىش» دىگەن سۆز بولسا، ئۆزى بىلەن ھەمسايىلىرىنىڭ ئارىسىدا توختىتىلغان تاش، ياغاچ، يول، ئېرىق ياكى قىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بەلگە قىلىنغان پاسىلەنى، ھەمسايىلىرىنىڭ رۇخسەت ئىجازىتىسىز مەخپى يۆتكەپ، مەخپى ئۆز يېرىگە قوشۇپ، ئۆز يېرىنى كېڭەيتىش دىمەكتۇر. بۇنداق قىلىش بولسا ھارامدۇر. ئەگەر بۇناق ئىشنى ئازراقلا قىلغۇچىلارمۇ دوزاخنىڭ ئازاۋىغا لايىق ۋە سازارەر بولىدۇ. بۇمۇ چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. يەنە بىر ھەدىس كىتاۋىدا بايان قىلىنىشچە، ئەگەر بىرەر كىشى ئۆز ھەمسايىسىنىڭ ئازراق يېرىنى ئۆز يېرىگە قوشۇپ ئالغان بولسىمۇ، بۇ ئالەمنىڭ ئەللىك مىڭ يىل

(1)مۇرتەت - ئىسلام دىنىدىن يانغان ئادەم ياكى بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ، كېيىن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچى.

بىلەن باراۋەر كېلىدىغان قىيامەتنىڭ شۇنداق ئۇزۇن بىرلا كۈنى، ئاللا ئۇنى ئۆز تىرنىغى بىلەن يەتتە قەۋەت زىمىننى، تاكى تەھتىلسەرىگىچە، يەنى سۇغا يەتكىچە كولىتىپ تۇشۇك قىلىپ، زىمىننى ئۇنىڭ بويىنىغا ھالقا قىلىپ ئېسىپ ئازاپ ۋە ئوقۇبەتكە سالىدىكەن. دىمەك، مۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش ۋە ئېھتىيات قىلىشمۇ ۋاجىپتۇر.

شەرئەتتە شېرىپكە توغرا كېلىدىغان بىدئەت ئىشلارنى قىلىش دىگەن سۆز بولسا، ناھەق قان تۆكۈش، زىنا قىلىش، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلىش ۋە قىمار ئويناش قاتارلىق يامان ئىشلارنى قىلىش دىگەنلىك بولىدۇ. ياكى مۇنداق ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارغا جاي- ماكان بېرىپ، ئۇلارنى ئوبدان كۆرۈشمۇ شەرئى شېرىپكە توغرا كەلمەيدۇ. شۇڭلاشق، بۇ خىل ئادەملەردىن يىراق بولۇپ، ئۇلارغا قارىشى تۇرۇش بولسا ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، ئۇلارغا جاي ۋە ماكان تەييارلاپ بېرىپ، ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئېلىپ ياردەم قىلسا، ئۇنداق ئادەم خۇدايىتائالا، پەرىشتىلەر ۋە بارلىق ئادەملەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. پەرز ۋە ۋاجىپ بولسا ئارتۇقچە سەدىقە خەيرىياتلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنداق ئىشلار ۋە شەرئى شېرىپكە خىلاپ بولغان باشقا ھەرقانداق ئىشتىن ساقلىنىش ۋە ئېھتىيات قىلىش بولسا ئەلۋەتتە ۋاجىپتۇر. دىمەك، يۇقارقى مەسىلىلەر چوڭ ھەسىس كىتاپلىرىدا ئۇچۇق بايان قىلىنغان.

ھەدىس كىتاپلىرىدىكى بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇرۇن ئۆتكەن مۇفەسسىر ۋە مۇئەررىخلەردىن ئىشەنچىلىك بىر

ھۆججەت كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ئەسلى ماھىيىتى نامەلۇم بولغان بىر غارنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارى شۇ بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىپ، بۇ ھەقتە بىر قانچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل پىكىرلەر بەزى ئالىملار ۋە مۇپەسسىرلەرنىڭ سۆزلىرىگە گۇمان بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەنلىرىگە مۇخاپىلىق قىلىپ، بىرەر غارنى ئۆزىچە ئەسھابۇلكەھفنىڭ غارىغا ئوخشىتىپ ياكى شۇنىڭغا قەيت قىلىش، قۇرئان ئايەتلىرىدە بېرىلگەن خەۋەرلەرنىڭ تەتۈرىسىچە تەبىر بېرىپ، شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشمۇ، ھەدىس كىتاپلىرىنىڭ مەزمۇنى بويىچە، زەلالەت ۋە يولدىن چىققانلىق بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھامان دۇزاخقا كىرگۈچىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئاللا ئۆزەڭ ئۇلارنى يامان ئېتىقاتتىن ساقلىغايسەن!

رەھمەتلىك غازى ئىلياس رەھمەتتۇللاھى ئەلەيھى ئۆزىنىڭ «شىپائى شېرىپ» دىگەن كىتاۋىدا، خۇددى باشقا ئۆلىمالارغا ئوخشاشلا «بىرەر كىشى دىنىنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىچە بىرەر قائىدە چىقارسا، ياكى ئاللادىن چۈشكەن ئايەتلەرگە كىنايە قىلسا، ياكى قۇرئانى شېرىپتە خەۋەر بېرىلگەن ھۆكۈملەرنى يالغانغا چىقارسا، ياكى كالا مۇللاردا يېزىلغان گەپلەرنىڭ بىرەر ھەرپىنى كەم ياكى ئارتۇق قىلىپ قويسا، ياكى قۇرئانى شېرىپنىڭ بەزىلىرىنى يالغان دىسە، بۇ قۇرئانى شېرىپنى ھەممىسىلا يالغان دىگەنلىك بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. دىمەك، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بۇنداق ھۆكۈملىرىگە ئاساسلانغاندا، خۇداۋەندەكېرىم ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئالامەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بولسا، باشقا غارلاردىن ئايرىم دەپ جەزمەت ئېيتالايمىز. ھالبۇكى، تۆيۈقتىكى غار بولساكىچىك بىر غار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىگىگە قويمۇ سىغمايدۇ. شۇنىڭدەك ھەر ئىككى ۋاقىتتىلا ئۇستىگە كۈن نۇرى چۈشىدۇ – بەس. دىمەك، بۇ تۆيۈقتىكى كەھەف بولسا، ھەق تائالانىڭ ئۇلۇغ قۇرئاندا بايان قىلىنغان كەھەف بىلەن زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئۇنى ئوخشاش دەپ قارايدىغان بولساق، ھەق تائالانىڭ ھەق سۆزلىرى يالغان بولۇپ قالغان بولار ئىدى. ئاللانىڭ ھەق سۆزلىرىگە گۇمان قىلىش بولسا ئەمرىگە خىلاپتۇر. يالغان نەرسىگە ئېتىقات قىلىش بولسا كاپىرلىق ۋە يولدىن ئاداشقانلىقتۇر – بەس ! ئەگەر بۇلارنىڭ ھەققەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشلەر يەنى ئاللانىڭ بىرلىكىگە، رەسۇلىللانىڭ بەرھەقلىكىگە ئىنسان كەلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ، بۇ ئەسھابۇلكەھەف تۆيۈقتا دەپ ئېتىقات قىلىش زادىلا توغرا ئەمەس. بۇنداق ئېتىقات قىلغۇچىلار بولسا خۇددى فىرئەۋىن [291]، نەمرۇد [292]، ھاناب [293]، فارۇن [294] ۋە ئۇلاردىن باشقا كاپىرلارغا ئوخشاشلا دوزاققا كىرىدۇ ھەم دۇزاقتا ئۇلار بىلەن بىللە ھەمرا بولىدۇ.

ئالەمگە مەشھۇر بولغان تەفسىرچىلەر جامائىتى ۋە ئەرەپ ياكى ئەجەمدە ئۆتكەن بۈيۈك تارىخچى، ساياھەتچى ئەرباپلارنىڭ ھەممىسىلا قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئەسھابۇلكەھفنىڭ ياتقان غار مانجىلۇسنى ۋە نەجلۇس دېگەن جايدا دەپ بايان قىلدۇ بۇ تەفسىرچىلەر جامائىتى ۋە مۇررىخلەرنىڭ ئىچىدە ھەببار ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى ئاببا س [295]، ئەمىرۇلمۆمىنىن مەئاۋىيە بىننى ئەبى سوفيان [296]، ۋە ھەببە ئىبنى مونبىيە [297]، ۋەكەئىبۇل ئەخبەر [2989]، ئىبنى ئەساكىر دەمەشقى [299]، ئىمام ئەبى جەئفە تەبرى [300]، ئىمام مەسئۇت ئىبنى ئەسىر [301]، ئىمام بىننى ھەجەر ئەسقەلانى [302]، ئىمام قەستەلان، [303]، ئىمام ئەينى [304]، ئىمام زەمەخشەرى [305]، ئىمام مۇھسۇننە [206]، قازى بەيزاۋى [307]، ئىبنى كەسىر [308]، ئىبنى خەتىپ [309]، خازەن باغدادى [310]، ئەبى لەيس سەمەر قەند [311]، ئىمام قۇزۋىنى [312]، «ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە ھەيۋە تۇل ھايۋان» دېگەن كىتاپنىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەت بىننى خاۋەندىشاھ ھەم «تەسۋىرۇلبۇلدان» دېگەن كىتاپنىڭ مۇئەللىپلىرى ۋە ئىسلام پەخرىددىن رازى [313]، «رەۋزە تۇسسافا» دېگەن كىتاپنىڭ مۇئەللىپى قاتارلىقلار بار. بۇلار بولسا بىر ئىقتىدار ۋە تەكىيە قىلىدىغان ئەرباپلار بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇلارنىڭ نۇرلىرىدىن يەنە نۇرلۇق كەسپ ۋە بەرىكەت پەيدا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، تۈرك ۋە موغۇللارنىڭ تارىخچىلىرىمۇ بۇ كىتاپلاردا بىرەر ئىبرەت ياكى ئىشارەت بىلەن بۇ ئەسھابۇلكەھف تۈيۈقتا ئىكەنلىگىنى زادىلا بايان قىلغان ئەمەس. بەلكى ئۇلارمۇ بۇنى باشقا جايدا دەپ بايان قىلغان ئىدى. بىز يۇقىرىدا ئەسھابۇلكەھف تۈيۈقتا دېگەن دەۋانى ئىشەنچلىك ھۆججەت بىلەن بەرپا قىلىش كېرەك دەپ تەكرار سۆزلىدۇق. ھالبۇكى، بۇ دەۋانى بىرەر دەلىللىك ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلىماي تۇرۇپ، ئەسھابۇلكەھفنىڭ ھەقىقىتىنى ئاچقان ھەققەتچى ئۆلىمالارنىڭ راست سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولماسمىكىن، ئۆزىچە ئويدۇرۇپ تەييارلاپ چىققان خاتا سۆزلىرىنى راستلىق دەرىجىسىدە جارى قىلىمەن دېگەنلىك بولسا، گويا ئۇرۇمچەك يىپىنى تۇتۇپ ئاسمانغا چىقىمەن دېگەن يامان خىيال ۋە ئەسكى سەۋدالىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تەنبىيە: ھەر قانداق كىشىنىڭ قىلغان سۆزى يەنە بىر كىشىنىڭ سۆزىگە قارىشى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن كۈچلۈك ھۆججەتنى كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ھەقىقەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقى دەۋا سۆزى مەۋجۇتتۇر. بىز يۇقىرىدا بىر

قانچە ھۆكۈملەرنى بۇ ۋاراق سەھىپىسگە تىزدۇق. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقى دەلىلىرى ۋە نەقىللىرى بويىچە بايان قىلدۇق. ئەگەر سىزنىڭ كۆرسەتكەن دەلىلىرىگە شەك- شۈبھە قىلغۇچىلار بولسا، ئۇلار بىز بايان قىلغان دەلىلەرسىزدىنمۇ توغرا ۋە كۈچلۈك ھۆججەت ۋە ئىشەنچىلىك دەلىلەرنى كەلتۈرۈپ، بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى رەت قىلسا، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارغا تەسلىم بولىمىز. چۈنكى، تۆمۈرنى پەقەت تۆمۈر بىلەن كەسكىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنى پاختا ياكى يۇڭ بىلەن كەسكىلى بولمايدۇ. «خۇدا بىزگە ئىمان ئاتا قىلغاندىن كېيىن، خۇدانى بەندە ۋە ئىنسى جىنغا ئەۋەتكەن پەيغەمبىرى، ئەدنانىنىڭ پەرزەندى — خوجىمىز مۇھەممەت بىننى ئابدۇلمۇ تەللىپ شەرىئەتنى مەھكەم تۇتۇشقا يول باشلىغاندىن كېيىن، ئېزىپ ياكى شەرىئەت يولىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن خۇدادىن پانا تەلەپ قىلىمىز. خۇدانىڭ كۆرسەتكەن يولىنى چىڭ تۇتقان ۋە ئۇنىڭ ھۆججىتى بىلەن ماڭغان كىشىگە نىجاتلىق بولىدۇ. ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىدىن كەلگەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىگە نىجاتلىق بولىدۇ.»

يەنە تۇرپان تەۋەسىدىكى ئاستانە دېگەن جايدا سۇلتانئالىپ ئاتا دېگەن بىر ئالىي مازار بار. ئۇ «ئالىپ ئاتا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. «ئالىپ» دېگەن سۆز «باتۇر» دېگەن سۆز بولىدۇ. تۈركىستاننىڭ مازارى ماشايىخلىرىنى «ئاتا» دېگەن سۆز بىلەن ئاتايدۇ. ئالىپ ئاتا بولسا ئىمام مۇھەممەت ھەنىفەنىڭ [314] ئون ئالتىنچى نەۋرىسى ئىدى. ئاللا ئۈچۈن كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ، لەقەبلىرى قۇتلۇق قاراخان بولۇپ، ئىسمى ئابدۇلفەتتاھ بولسا كېرەك. ئامىسىنىڭ خاتا تىلىدا «ئالىپ ئاتا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالسا كېرەك.

يەنە خوجا شەھىد خوجام بىر زىيارەتگاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇلنەسىر خوجادۇر. ئۇ ئالالددىن كىتىكنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولۇپ، كاپىرلار بىلەن غازات قىلىپ، شاھادەتلىك يەتكەنلىگى ئۈچۈن، «خوجا شەھىد مازار» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالغان. بۇلاردىن باشقا مازارات ۋە تەبرىكاتلارمۇ كۆپ. بۇلارنى بىر- بىرلەپ بايان قىلىشقا خوش قەلەم مايىل بولماي، شۇنچىلىككە بەس ۋە كۇپايە قىلىندى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەتتە شەھەردىكى ئاۋات ۋە تاغ- جەزىرلەردە، دەشتى باياۋانلاردا نۇرۇغن ئەۋلىيائى ئەزەملەر، شەھىدائى ئالى مەقاملار دەپنە قىلىنغان. ئۇلار ھىلىمۇ ئۇ ئالەمۇلغايىپ ۋەششاھادەدىن باشقا ھېچبىر جان ۋە ئىنسانىنىڭ بىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئەلقىسسە، يەنە بىر غارايىپ ۋە ئاجايىپ نەرسە شۇكى، بۇ موغۇلىستان تەۋەلىگىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ شەرق ۋە

جەنۇپ بۇرچىنىك ئارلىقىدا لوپ دىگەن بىر چوڭ شەھەر ۋە مەشھۇر زىمىنى بار. «تارىخ رەشىدى» نىڭ مۇئەللىپى مەرھۇم مىرزا ھەيدەر كوراگانى بۇرۇنقى تارىخچىلارنىڭ كىتاپلىرىدىن نەقىل كەلتۇرۇپ يازغان كىتاۋىنىڭ ئىچىدە، لوپ دىگەن جايدا ئۇن يەتتە چوڭ شەھەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسەتكەن ۋە شەھەرنىڭناملىرى، تەكتى ئەھۋاللىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلغان ئىدى ھەم ئادەملىرىنىڭ كۆپلىگى، زىمىنىنىڭ ئاۋاتلىقىنى يازغان ئىدى. شەھرى كىتىك، شەھرى تەركەن، شەھرى چەمەن ۋە لوپ دىگەن شەھەرلەر بولسا ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەھرى كىتىك بىلەن لوپ شەھرى ھازىرمۇ مەشھۇر. باشقىلىرى بولسا قۇم غەزىۋىنىڭ ئاستىدا قالغان. شامال چىقسا بەزىلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ – دە، يەنە كۆمۈلۈپ قالىدۇ دىگەن گەپلەر بار.

بۇ گەپنى بايان قىلىدىغان بولساق، كۆنلەرنىڭ بىر كېچىسى غەزەپ ئىلاھى پەيدا بولۇپ، ئاسماندىن خۇددى بالادەك قۇم ياغدۇرۇپتۇ. شەھەر ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ قۇمنىڭ ئاستىدا قېلىپتۇ. ئەفراسىياپنىڭ قەۋرىسى مۇشۇ جايدا ئىكەن دىگەن گەپلەر بار. لوپنىڭ شەرقىي چېگىرسى لەنجۇسېك تەۋەسىدىكى سۇجۇ [315] ، لاجۇ دىگەن ختاي شەھەرلىرىگە ئۇلىنىدۇ. شىمالىي چېگىرسى بولسا قامۇل، تۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلارغا چېگىرداش، غەربىي تەرىپى بولسا شەھيار، چەرچەن، خوتەن، لاسا، چابە دىگەن ۋىلايەتلەرگە تۇتىشىدۇ. بۇ زىمىنى ناھايتى كەڭ بىر جايدۇر. ئارىلىغى تۆت- بەش ئايلىق يول مەنزىلى كېلىدۇ دىگەن گەپلەرمۇ بار. بۇ زىمىندىن خوتەن، ياركەنت، ئاقسۇ، كورلا دەريالىرى ئۆتىدۇ. بۇ دەريالار بەزىدە قوشۇلۇپ، بەزىدە پارچىلىنىپ ئېقىپ، بېجىن تەرەپكە كېتىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ ئەتراپ ۋە ياقىلىرىدا ياكى ئارالچە ۋە شاخچىلىرىدا تەخمىنەن ئۇن ئىككى مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق قەدىمى ئاھالىنىڭ ياشايدىغانلىغى مەلۇم. ئۇلار زىرائەت تېرىشنى بىلمەيدۇ. بەلكى ئۇلار بۇ خىل نەرسىلەرنى ئەسلا كۆرمىگەن ياكى بىلمىگەن بولسا كېرەك. ئۇلار دەريادىن بېلىق تۇتۇپ تائام قىلىپ يەيدۇ. ھەتتا بېلىقلارنى قۇرۇتۇپ تالقان قىلىپمۇ يەيدۇ. قومۇشتىن كەپە ۋە ئۆي ياسايدۇ. ئۇلارنىڭ چارۋىسىمۇ كۆپ بولۇپ، بىر يەردە تۇرالمايدۇ، چارۋىلىرىنى كۆكلى خالىغان جايدا ھەيدەپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇلار قانداقلا جايدا بارسا قومۇشتىن ئۆي ياساپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار ھەر قانداق چوڭ دەريادىن چوڭ قەچە ياكى سەل ياساپ بىپەرۋا ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ. يەتتە ياشتىن- يەمىش ياشقىچە بولغان ھەرقانداق ئەر ۋە ئايال شىناۋەتلىك، سۇ ئۈزۈش ئىلمىنى بىلىدۇ.ئەگەر چوڭ بىر ھادىسگە

ئۇچرايدىغان بولسا، ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلنە چوڭ دەريالاردىن ئۆتۈپ، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، بىر ئاي ياكى قىرىق كۈنلۈك يەرگە كېتىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇراقلىق جاي ۋە ماكانلىرى يوق. ھەممە زىمىنى قۇمۇشلۇق جاڭگال. دەشتى جەزىرە ۋە پايانسىز قۇم باياۋان بولۇپ، ئىچىدە چوڭ كۆللەر، بۇلاق سۇلىرى كۆپ.

ئوروسىيە ۋە فەرەڭكىيەنىڭ ھۆكۈمائى مۇھەندىسلىرى ساياھەت قىلىپ، بۇ جايلارغا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار لوپ زىمىنىدىن بىر ئالتۇن بۇلاقنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. بىر ختاي مەنسەپدارى بىر پەرەڭ ۋە بىر ئۇرۇس قاتارلىق بىر نەچچە ھەمراسى بىلەن بىللە، بۇ بۇلاقنىڭ بويىدا بۇتخانا ۋە ئىمارەت ياساپ ئولتۇرۇپتۇ دىگەن ھىكايە ۋە گەپلەر بار.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لوپ زىمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق بولۇپ، قىش كۈنلىرى جىق ئوتۇن دۇگلاپ ئوت يېقىپ قۇمنى قىزىتىپ، خوتۇن- باللىرى بىلەن شۇ ئىسسىق قۇمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياتىدۇ. بەزىدە ئۇلار چارۋا يۈڭلىرىنى ئىگىرىپ، شۇنىڭدىن ئىگىن، ئاياق قىلىپ كىيىدۇ. ئۇلار ئۆز خان، پادىشالىرىنىڭ ئەمرى ئىتائەتلىرىگە كىرمىگەن ياكى خان، پادىشالىرىمۇ ئۇلارنى ئۆز پەرمانىدا تەكلىپ ۋە تەرغىپ قىلىپ كۆرمىگەن ئىكەن. لوپ زىمىنى ئۇلۇغ خاننىڭ تەۋەلىگىدە بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇلۇغ خان ئۇلۇغلۇق ۋە كەڭلىك قىلىپ، بۇ زامانغىچە ئۇلارنى ئۆزگە تەۋە قىلمىغان چاغلىرى بولغان ئىكەن. دىمەك، ئۇلار قەدىمقى زامان ۋە ئاتا- بوۋا ئەجداتلىرىدىن تارتىپ، ئەنە شۇ يول بىلەن ياشاپ كەلگەن.

ئۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەۋلاتلىرىدىن ياۋايى ياشاپ كەلگەن بىر تايىپەدۇر. ئۇلارنى مۇسۇلمان دىسە مەسچىدى يوق، كاپىر دىسە بۇتخانىسى يوق، ئۇلار بەلكى دەۋەت يەتمىگەن ئادەملەر بولسا كېرەك. بىراق، بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزگە خوشنا ۋە يېقىن جايدا ياشايدىغان ئادەملىرى بولسا بىزنىڭ تىل- زۇۋانىمىزنى بىلىدۇ. يىراق ۋە چەت ياقىدىكى ئادەملىرى بولسا بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلمەيدۇ. بەلكى ئۆز ئىچىدە ئۆز تىلى بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن ناھايتى كەم چىقىدۇ. بەزىلىرى پەقەت چىخمايدۇ ۋە بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزگە كەلمەيدۇ. بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىكى ئادەملەر بارسا، ئۇلار قورقۇپ يېقىن كەلمەيدۇ. دىمەك، باشقا ئادەملەر بىلەنمۇ ئارلاشمايدۇ. بېرىش- كېلىش قىلمايدۇ. چۈنكى شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە ئارلاشساق چېچەك چىقىپ قالىدۇ، دەپ ئېھتىيات قىلىدىكەن. ئۇلار بۇغداي تاماقلىرىنى يىمگەنلىكى ئۈچۈن چېچەك چىقمايدۇ دىگەن گەپلەر بار.

جانابى ئاتالىق غازىنىڭ زامانىدا، لوپنىڭ كورلىغا يېقىن جايىدا ياشايدىغان ئادەملىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەش- ئالتە نەپەر كاتتىسىنى ئاقسۇغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئاتمىش ياكى يەتمىش ياشلاردىكى مويسىپىت قېرى ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىگە چېچەك چىقىپ، بىر نەچچە كۈن يېتىپ ساقايغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەر چوڭ ياكى كىچىك ئادەمگە چېچەك چىقىدىغان بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ بېشىغا بىلىق گۆشى ۋە بىر قاچا سۇ تاشلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىدۇ ۋە ھەپتە ئون كۈندە بىر قېتىم كېلىپ، ئۇنىڭ تىنچلىقىنى سوراپ كېتىدۇ. لېكىن چېچەك يۇقۇپ قالىدۇ دەپ ئۇنىڭغا زادىلا يېقىنلاشمايدۇ.

يېقىنقى ئون يىلدىن بۇرۇن چىك دۇسىك [316] بىر مۇنچە تۇڭگانى ئۇلۇغ خاننىڭ ئەمرى ئىتائىتىدىن چىقىپ غەۋغا قوزغىغان چاغدا، ئۇلۇغ خان نۇرغۇن چېرىك ماڭدۇرۇپ ئۇرۇشقان. تۇڭگانلار باراۋەرلىك قىلالماي، ئىچىدىن سەكسەن مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق تۇڭگانلار قاچقانچە لوپ تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان. ئارلىقتا تۇڭگانلار بۇ تەرەپتىكى بىر تايىپە قالماقلار جۇدۇن يادا (يادا تاش ئارقىلىق جۇدۇن تەلەپ قىلىش – ت) قىلىپ ئاسماندىن قار- يامغۇر ۋە ماز ياغدۇرغانلىقتىن، تۇڭگانلار نابۇت بولۇپ، قىرىق مىڭغا يېقىن تۇڭگان لوپ ناھىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەتتە شەھەرگە يۈزلەنگەندە، ئۇرۇمچى ۋە كورلىدىن نۇرغۇن چېرىك چىقىپ، ئالدىنى توساپ ئۇرۇشقان. ئارىدا بىر مۇنچە قان تۆكۈلۈشلەر بولغاندىن كېيىن، يەنى سۈلھى توختام قىلىپ يارىشىپ، ئۇلارنى لوپتا توختىتىپ، تېرىلغۇ قىلىپ، بۇ جايىنى ئاۋات قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلۇغ خان بۇنى سەۋەپ قىلىپ، لوپنىڭ ئادەملىرىنى يوقلاپ، ئۆزىگە تەۋە قىلىش ۋە شەھەر بىنا قىلدۇرۇپ، چېرىك بىلەن مەنساپدار قويۇپ، بۇ زېمىننى ئاۋات قىلىش مۇددىئاسىدا بولۇپتۇ. لېكىن لوپ زېمىنىغا غەزەپ قۇملىرى ياققانلىقى ئۈچۈن، زىرائەتلىرى ياخشى ھوسۇل چىقمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ھازىر ھەر قايسى شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئاش- ئۈزۈك، مال، ماتا ۋە باشقا ھەر خىل ئىگىن ئاياقلارنى ئېلىپ بېرىپ، سېتىپ قايتىدىغان بولدى. بەزى لوپ ئادەملىرىمۇ چىت، چەكمە، شال، خەسە، بۆز، خام، چەكمەن، سەگەر قاتارلىق نەرسىلەردىن ئىگىن، ئاياق قىلىپ كىيىدىغان بولدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خوتۇن- ۋە بالا چارپايلىرىنى ھەيدەپ، چوڭ بىر دەريادىن ئۆتۈپ، جاڭگال جەزىرىلەرگە كىرىپ كەتتى ۋەئۇلۇغ خانغا تەۋە بولمىدى دىگەنلەر بار.

لېكىن، بىر ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق زاماندىن بۇيان، بۇ شەھەرلەردىكى ئىشان ھەزرەت، موللا ۋە ئىسلام بىنائى مۇسۇلمانچىلىققا تەرغىپ قىلىپ، ئاللانىڭ بىرلىگىنى ئۆگىتىپ تەلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانچىلىق دائىرسىگە كىرىپ، قۇمۇشتىن مەسچىت، خانىقالارنى بىنا قىلىپ، ناماز ئوقۇيدىغان بولدى دىگەن گەپلەر بار. ئىلاھا بۇ تايىپىلەرگە توغرا ئىنساپ يولىغا باشلاپ، ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى تۈزەپ، دۇرۇس ئەقدەت ئاتا قىلغايسەن – ئامىن يارەببەل ئالەمىن !

ئەزىز يارەنلەر ئىقتىدار ئىگىلىرى ۋە ئەتىۋارلىق، لەززەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ كۆز خاتىر نۇرلىرىدىن مەخپى ۋە يۇشۇرۇن قالمىغايكى، قىممەت باھالىق ئۆمۈر ۋە قەدرى ـ قىممىتىنى بىلمەي ۋە ئۇنى غەنىمەت كۆرمەي، بىھۇدە غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، پېشىم يەتمىشتىن ئاشتى. ئەمدى فانىلىق دەرىجىسىگە يېقىنلاشتىم. بۇ كەمىنە نادان، بىلمىسىزدىن دۇنيا ۋە خالايىق ئاغزىدا بىر ياخشى نام ـ نەمۇنە ۋە يادىگار قالمىغاندىن ئاھ نادامەتلەر چېكىپ، ئۇ ئەيىپلەرنى ياپقۇچى ۋە كەچۈرگۈچى قۇدرەتلىك ۋە كامالەتلىك ئاللانىڭ مۇقددەس دەرگاھىدىن ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم ئۈمىت قىلىپ، سۆزلىرىنى يۇقىرىدا يازغاندەك ئادا قىلىپ، پىكرى خىيال بىلەن تۇرغىنىمدا، بۇ غەملىك كۆڭلۈمگە مۇنداق بىر رۇبائى چۈشتى.

رۇبائى:

ھەيىق (1) غەفلەت بىرلە ئۆتتۈم مەغفىرەت(2).
قىل ياسەبۇ(3).
نىكەرد(4) ئاراسىدىن قوغلاماغىل يەمەن
نۇشۇر(5).
ياخشىلىق ئۈمىت تۇتۇپ تارىخ پۈتۈپ مەن
يادىگار.

مەغفۇر ئولدەپ مۇژدە (6) بەرگەيمۇ شايەد(7).

غەفۇر(8).

مەزكۇر كىتاپ پەيغەمبەرگە مەنسۇپ بولغان تارىخ ھىجرىنىڭ بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە ئالتىنچى يىلى ماھى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى (مىلادى 1908- يىلى 11- ئاينىڭ 25- كۈنى – ت) تامام قىلىندى. مېنىڭ ئاللاغا بولغان مىننەتدارلىغىم شۇكى، ھەرقانداق سۆزنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى ئاللار ۋە رەسۇلىللانىڭ سۆزلىرى بىلەن باشلىنىپ تاماملانسا، ئۇ ئاللانىڭ نۇرۇق ۋە ئەلا دەرگاھى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ۋە ياراتقۇزى ئاللانىڭ ماقۇللىشىغا

---

(1)ھەيىق – ئىست.

(2)مەغفىرەت – كەچۈرۈم.

(3) سەبۇر – سەۋرچان ئاللا.

(4) نىمكەرد – ياخشىلار.

(5) يەۋمەننۇشۇر – قىيامەت كۈنى.

(6) مۇژدە – خوش خەۋەر.

(7) شايەد – بەلكى.

(8) غەفۇر – كەچۈرگۈچى ئاللا.

ئېرىشىپ، خالايىقنىڭ دۇئا ۋە پايىھەسىگە سەۋەپ بولغۇسىدۇر. لېكىن، قەلەم ئۆزىنىڭ گۈزەل يۈرشى بىلەن، ئىندەك ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ پاراكەندە ۋە پەرىشان داستان ھەم سۆز- قىسسەلەرنى توپلىدى. سۆزنىڭ ئىنچكە ۋە نازۇك تەرەپلىرىدىن ۋاقىپ بولغان ۋە كونا ھەم يېڭى داستانلاردىن خەۋەردار بولغان دانا رىسالەتچىلاردىن ئۈمىت شۇكى، ئۇلار بۇ قىسسە ۋە داستاننىڭ كەم ۋە نوقسان تەرەپلىرىنى يېپىپ ئىسلاھ قىلسا ھەجەپ تۇيۇلمايدۇ.

روبائى:

جەمئىي ئېتىپ تارىخچەنى يەتمىشتىن

ئاشقان چاغدا مەن،

ئەقلى ئىدرەك، تەن زەئىپ، سۇرفە

سۇئال (1) بولغاندا مەن.

بۇ پاراكەندە سۆزۈمدە كۆرسەتكىنىز نوقسانىنى،

رەھىم ئېتىپ ئىسلاھ بېرىڭ

چۈنكى مەن بۇ ھالدا مەن.

مەن بىلىمسىز، نادان، كەمبەغەل، ئىلمدە دەسمايىسى يوق ۋە پايدىسىز ئادەم بولسامۇ، لېكىن بۇ كىتاپنى يېزىشقا قۇۋۋەت ۋە ماغدۇرۇمنىڭ يېتىشىچە تىرىشتىم. غەپلەت، سۇسلۇق قىلىپ، ھەر بىر ئۇششاق مەسىلىنىڭ دېرەك ۋە ئىسپاتلىرىنى كەم قىلىپ قويۇشنى ئۆزەمگە راۋا كۆرمۇدۇم. مېنىڭ ئۇ ئېھسان ئاتا قىلغۇچى مۇقەددەس ئاللا دەرگاھىغا بولغان تەلەپ ۋە مۇددىئالىرىم شۇكى، ئۇ دىل ئىلگىرى ۋە ئۇلۇغلارنىڭ زاتلارنى تۇرلەرگە ئايرىشقا قادىر نەزەرلىرىنى قوبۇللۇق دەرىجىسىنىڭ شەرىپىگە ئىگە قىلغايسەن – ئامىن!

ئىلاھ ۋە ئاجىز، قېرى بىچارە بەندەڭنىڭ قارا دىلىنى، ئۆز كامالى قۇدرىتىڭ ئارقىلىق ئىمان نۇرى ۋە مەرىپەت چىرىغى بىلەن روشەن ۋە نۇرلۇق قىلغايسەن. بۇ بەندە يەنە ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن غايەتسىز ئىلتىپات ۋە ناھايەتسىز مەرھەمەتلىرىڭدىن ئۈمىتسىز ۋە مەھرۇم قويمىغايسەن – ئامىن! ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئەلەمىن!

ئالەم مۈلكىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن تارىخ ھىجرى 1329- يىلى ماھى رەجەپنىڭ 10- كۈنى (مىلادى 1911- يىلى 7- ئاينىڭ 7- كۈنى – ت) تامامەن تۈگىدى.

## ئىزاھاتلار

1. مۇھەممەت ئەلەيھسسالام- ئىسلام پەيغەمبىرى، مىلادى 571-يىلى ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھرىدە ياشايدىغان قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئابدۇللابىنى ئابدۇلمۇتەلىپنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 586-يىلىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. مىلادى 630-يىلى 1-ئايدا ئەرەپ ئىسلام خەلىپىلىكىنى تىكلەپ، مىلادى 632-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى مەدىنە شەھرىدە ۋاپات بولغان ھەم شۇ جايدا دەپنە قىلىنغان.

2. ئىبراھىم خەلىلۇللا- « قۇرئان »دىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىبراھىم خەلىلۇللا ئەرەپ قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجداتلىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى ئىكەن. رىۋايەتتە ئۇنىڭ كەئبە ئىبادەتخانىسىنى بىنا قىلغانلىقى ۋە 175 ياشتا ۋاپات بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا، ئۆز ئوغلى ئىسمايىل ۋە ئىسھاقلار تەرىپىدىن ھەبرەۋىن دىگەن يەردە دەپنە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

3. مەقامى مەھمۇد- ئىسلام دىنى ئېتىقادى بويىچە ئاللا تەرىپىدىن ماختالغان ئەڭ يۈكسەك دەرىجىنىڭ بىرى، « مەھمۇد » سۆزى ئەرەپچە « ماختالغان » ، « ياخشى » دىگەن مەنىدە.

4. ئەششەرەئە بەششەرەئە- مىلادى 622-يىلى 9-ئايدا مۇھەممەت پەيغەمبەر مەككە شەھرىدىن مەدىنە شەھرىگە ھىجرەت قىلغاندا ( كۆچكەندە ) ئىسلام ئۆچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغان ۋە ئاللا تەرىپىدىن چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بېرىلگەن ئەبۇبەكرى سىدىق، ئۆمەربىننى خەتتاپ، ئوسمان بىننى ئەففان، ئەلى بىننى ئەبۇ تالىپ،تەلئەبىننى ئابدۇللا، زەبىربىننى ئەۋام، ئابدۇلراخمان بىننى ئەۋف، سەئىدبىننى ۋەققاس، سەئىدبىننى زەيد، ئەبۇئۇبەيدەبىننى جەرراھ قاتارلىق ئون نەپەر ساھابە.

5. بەدرە ئەھلى- مىلادى 624-يىلى 3- ئايدا مۇھەممەت پەيغەمبەر 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، سۈرىيەدىن مەككىگە قايتقان قۇرەيىش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ كارۋانلىرىنى توسۇپ ھۇجۇم قىلغان چاغدا مەدىنە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بەدرە ( ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانغا قارايدۇ ) قەلئەسىدە ياردەمگە كەلگەن مىڭغا يېقىن قۇرەيىش ياردەمچى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ 140دىن ئارتۇق لەشكىرىنى يوق قىلىدۇ. جۈملىدىن بۇ ئۇرۇشتا ئۆز تەرىپىدىنمۇ بىر مۇنچە ئادەم قۇربان بولۇپ، شاھادەتلىك دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ. بۇلار بولسا بەدرە ئەھلى دەپ ئاتىلىدۇ.

6. ئۇھۇد ئەھلى- مىلادى 625-يىلى 3- ئايدا مۇھەممەت پەيغەمبەر باشچىلىقىدىكى مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن قۇرەيىش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئەبۇسۇفيان باشچىلىقىدىكى 3مىڭ قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئۇھۇد ( مەدىنە شەھىرىنىڭ يېنىدا ) دىگەن تاغدا بولغان جەڭدە قۇربان بولغان كىشىلەر.

7. ئەقەبە ئەھلى- مىلادى 621-يىلى يەزرىپ دىگەن جايدىن كېلىپ، ئەقەبە دىگەن جايدا مۇھەممەت پەيغەمبەر بىلەن تۇنجى قېتىم سۆلھى تۈزۈپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قەزرەج قەبىلىسىنىڭ 10 نەپەر كىشىسى ۋە ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئىككى كىشىسى. شۇنداقلا 622-يىلى يەنە شۇ يەزرىپدىن كېلىپ ئەقەبەدە مۇھەممەت پەيغەمبەر بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۆلھى تۈزۈپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان 72 نەپەر كىشى.

8. سۈففە ئەھلى- مىلادى 657-يىلى 3-خەلىپە ئوسمان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ئەلى خەلىپە بولۇپ سايلىنىدۇ. بۇ چاغدا سۈرىيە باش ۋالىسى مائاۋىيە ئوسماننىڭ ئۆلۈمىنى ئەلىدىن كۆرۈپ، ھازىرقى ئەفرات دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى سوففە تۈزلەڭلىكىدە ئەلىگە قارشى چوڭ جەڭ قوزغايدۇ. بۇ جەڭ 110 كۈن داۋاملىشىپ، ئەلى تەرەپتىن بىر مۇنچە ئادەملەر ھالاك بولىدۇ. بۇلار سۈففە ئەھلى دەپ ئاتىلىدۇ.

9. موغۇلستان- ملادى 1348-يىلى چاغاتاي ئەۋلادى تۇغلۇق تىمۇرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە هازىرقى قورغاس ناهىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى ئالمىلىق شەهرىنى پايتەخت قىلىپ، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن باشلاپ كاتتا دېڭىز ( بالقاش كۆلى )غىچە، غەربتە فەرغانە ئويمانلىقى، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرى، شەرقتە قۇمۇلنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت. 1514-يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا يەركەن خانلىقى قۇرۇلغان.

10. فەغفۇرچىنى- بۇ ئەسلىدە « فاكپۇر » ( Fakpur ) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ سۆز ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان قەدىمقى ساك تىلىدا « پادىشا » ، « باشلىق » دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ملادى 10-ئەسىردە نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان « هۇدۇتۇل ئالەم » دېگەن كىتابنىڭ 8-بابىدا « چىنلىقلار (جۇڭگولۇقلار-ت) ئۆز پادىشاسىنى فەغفۇرچىنى دەيدۇ » دەپ يېزىلغان. « تارىخ هەمىدى »دە بولسا بۇ سۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا مەيدانغا كەلگەن هەر قايسى مىللەت سۇلالىلىرىغا قارىتىلغان.

11. ئوسمانىيە- ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن ئىران، ئەرەب رايونلىرى ۋە ئاخىردا كىچىك ئاسىياغا كۆچكەن تۈرك دەپ ئاتالغان قەۋمنىڭ باشلىقى غازى سۇلتان ئوسمانخان تەرىپىدىن هىجرى 699-يىلى ( 1299-1300-يىلى ) قۇرۇلغان چوڭ سۇلالە بولۇپ، بۇ سۇلالە ملادى 1924-يىلى مۇستاپا كامال تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

12. ئابدۇلئەزىزخان بىننى ئابدۇلمەجىدخان- بۇ جايدا ملادى 1860-يىلى قېرىندىشى ئابدۇلمەجىدخان بىننى ماهمۇدخان سانى ( ئىككىنچى ) نىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ملادى 1876-يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن ئابدۇلئەزىزخان بىننى ماهمۇدخان سانى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك.

13. بۇ جايدا ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئىستانبول شەهرى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

14. مىراخور باشى-ئەسلىدە خان، پادىشا ۋە ئەۋلىيائى ئەززەملەرنىڭ ئات باققۇچىلىرى باشلىقى دىگەن مەنىدە بولۇپ، كىيىنچە يەنە خان ۋە پادىشالارنىڭ باج-سېلىق، كىرىم-چىقىم ئىشلىرىغا نازارەت قىلغۇچى باش ئەمەلدارلارمۇ« مىراخور باشى »دىگەن نام بىلەن ئاتالغان.

15. سولتان مۇھەممەت مۇرادخان- يەنى سولتان مۇھەممەت مۇرادخان خامىس بىننى ئابدۇلمەجىت خان. مىلادى 1876-يىلى ئابدۇلئەزىزخان بىننى ماھمۇدخان سانىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ئاز ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

16. ئەرەپ- ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانى، سۇرىيە، ئىراق، مىسىر ۋە ئافرىقىدىكى « ئەرەپ مەغرىبى » قاتارلىق جايلارنىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيىلىك نامى ۋە بۇ جايلاردا ياشايدىغان ئەرەپ تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئېتنىك نامى.

17.ئەجەم- ئەسلىدە ئاسىيادا ياشايدىغان غەيرى ئەرەپ مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېتنىك نامى ۋە جۇغراپىيەلىك نامى بولۇپ، كېيىنچە بۇ نام پەقەت ئىران زىمىنى ۋە ئىراندا ياشايدىغان پارىس مىللىتىنىڭ جۇغراپىيەلىك ھەم ئېتنىك نامى بولۇپ قالدى.

18. ئابدۇلھەمىدخان- يەنى ئابدۇلھەمىدخان سانى بىننى ئابدۇلمەجىدخان. مىلادى 1876-يىلى قېرىندىشى سۇلتان مۇھەممەت مۇرادخان خامىس بىننى ئابدۇلمەجىدخاننىڭ ئورنىغا دەسسەپ، مىلادى 1909-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

19. مىرزاھەيدەر-يەنى مىرزامۇھەممەت ھەيدەر بىننى مىرزامۇھەممەت ھۈسەيىن دوغلاتى. مىلادى 1500-يىلى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەن. ياش ۋاقتىنى يەركەن خانلىقىدا ئىلىم ئۆگىنىش، سىپاھلىك ۋە ئەمەلدارلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن. مىلادى 1541-1551-يىللىرى كەشمىردە تۇرغان مەزگىلىدە مەشھۇر « تارىخى رەشىدى » ناملىق ئەسەر يېزىپ، سۇلتان ئابدۇلرەشىت خانغا تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەردە ئاساسەن قەدىمكى تۈركى قەۋملەرنىڭ تارىخى.

بولۇپمۇ مىلادى 14-ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ، ئاپتورنىڭ ئۆزى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان ۋەقەلەر تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

20. ھەزرىتى ئادەم سەفىيۇللا- يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام. « قۇرئان » ۋە باشقا كىتاپلاردىكى رىۋايەتلەردە، بۇ دۇنيادىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تۇنجى ئاتىسى دەپ بايان قىلىنىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە، ئۇ مىلادىدىن 5584 يىل ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەردىن 6216 يىل بۇرۇن ياشىغان دەپ ھىكايە قىلىنىدۇ

21. قەيسەر- بۇ جايدا قەدىمقى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاسى يولىيوس قەيسەر كۆزدە تۇتۇلدۇ. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 101-يىلى دۇنياغا كەلگەن. كېيىنچە ئاسىيا، ياۋرۇپا ۋە ئافرىقىنىڭ بىر مۇنچە جايلىرىنى بېسىۋېلىپ چوڭ جاھانگىرغا ئايلانغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 35-يىلى ۋاپات بولغان. كېيىنچە ئەرەپ تارىخچىلىرى بارلىق رۇما ئىمپىراتۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنلا « قەيسەر » دىگەن نام بىلەنمۇ ئاتىغان.

22. كىسرا- قەدىمقى ئىران ساسانىلار سۇلالىسى ( مىلادى 224-651- يىلى )نىڭ 20-پادىشاسى خوسرو نۇشرۋان ئاۋال ( بىرىنچى ) بولۇپ، مىلادى 531-يىلى تەختكە چىقىپ، 579-يىلى ۋاپات بولغان. « كىسرا » دىگەن سۆز ئەرەپلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن نام.

23. پىرئەۋىن- مىلادىدىن بۇرۇنقى 3400-يىلدىن باشلاپ مىسىردا ھۆكۈم سۈرگەن يىگىرمە ئالتە سۇلالە پادىشالىرىنىڭ ئومۇمى نامى. ئاپتور بۇ جايدا پىرئەۋنلەر سۇلالىسىنىڭ 4-ۋە 12-سۇلالىلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى مىسىردا ئەلئېھراملارنى بىنا قىلىشقا، كېيىنكىسى بولسا مىسىردا نۇرغۇن ھەشەمەتلىك شەھەر ۋە سارايلارنى بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشقان.

24. نەمرۇد-بۇ قەدىمكى بابىل دۆلىتىنىڭ ( ھازىرقى ئىراق تەۋەسىدە ) بىر قانچە سۇلالە ھۆكۈم سۈرگەن پادىشالارنىڭ

ئومۇمى نامى. ئاپتور بۇ جايدا « تەۋرات »دا بايان قىلىنغان ۋە ئىبراھىم خەلىلۇللا بىلەن جەڭ ماجرالارنى قىلىپ ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرگەن نەمرۇدنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. بەزى رىۋايەتلەردە نەمرۇد ھامىنىڭ ئوغلى، ۋە نوھنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، مىلادىدىن 2640 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىگى سۆزلىنىدۇ.

25. سۇلتان ئابدۇلرەشىت خان- مىلادى 1514-يىلى قۇرۇلغان يەركەن خانلىغىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى بولۇپ، ياش ۋاقتىنى ئىلىم، مۇزىكا ئۆگىنىش، سىپاۋەرلىك، ھەربى ئەمەلدارلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن. بىر مەزگىل يەركەن خانلىقىغا قاراشلىق يەتتە سۇ رايونىنىڭ ( ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ) باش ۋالىسى بولغان. مىلادى 1533- يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادى 1570-يىلى يەركەندە ۋاپات بولۇپ، « ئالتۇنلۇق » قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

26. سۇلتان سەئىدخان- يەركەن خانلىغىنىڭ تۇنجى سۇلتانى، چاغاتاي ئەۋلادى. تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ 7-ئەۋلادى، سۇلتان ئابدۇلرەشىت خاننىڭ دادىسى. مىلادى 1514-يىلى يەركەن خانلىغىنى قۇرۇپ، مىلادى 1533-يىلى شىزاڭدىكى ئالى رايونغا قىلغان ھەربى يۈرۈشىدە ئىس تېگىش كېسىلىگە دۇچار بولۇپ يەركەندە ۋاپات بولغان ۋە « ئالتۇنلۇق » قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

يەتتە شەھەر- بەزى ئەسەرلەردە ھازىرقى تيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچار، كورلا قاتارلىق شەھەرلەر كۆزدە تۇتۇلسا، بەزى ئەسەرلەردە قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار، كورلا قاتارلىق شەھەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. « تارىخى ھەمىدى »دە بولسا قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچار، تۇرپان قاتارلىق يەتتە شەھەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھازىر بۇ تەرەپلەر ئالتە شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ.

نوھ بىننى ئادەم سانى- « تەۋرات »،« قۇرئان » قاتارلىق ئەسەرلەردە، يەر يۈزىدىكى « تۇنجى ئىنسان » ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىدىن 2911 يىل بۇرۇن دۇنياغا كېلىپ، 950 يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەپ رىۋايەت

قىلىندۇ.

29. « موغۇللىيە»ـ 9ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن.

30ـ خاقانى چىنى ـ بۇ « جۇڭگو سۇلالىسى » دىگەن مەنىلەردە بولۇپ، مەملىكىتىمىز جۇڭگودا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا مەيدانغا كەلگەن خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇلالىلار كۆزدە تۇتۇلدۇ. « تارىخى ھەمدى »دە بولسا ئاساسەن مانجۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان چىڭ سۇلالىسى ( مىلادى 1644ـ1911ـ يىلى ) كۆزدە تۇتۇلدۇ.

31.« رەۋزە تۇسسافا »، بۇ ئەسەر خۇراسان دۆلىتىدە ( مىلادى 1451ـ1507ـ يىلى ) ياشىغان ئىران تارىخچىسى مۇھەممەت ئىبنى خاۋەندشاھ ئىبنى مەھمۇت مىرخۇند ( مىلادى 1498ـ يىلى ۋاپات بولغان ) تەرىپىدىن ئەلشىر ناۋايىنىڭ ( مىلادى 1441ـ1501ـ يىلى ) تەشەببۇسى بىلەن ھىراتتىكى « ئىخلاسىيە » مەدرىسىدە يېزىلغان 6 توملۇق ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق نامى بولسا « رەۋزە تۇسسافائى فى سىرە ـ تۇلئەنبىيا ۋە مۇلكى ئەلخەلافە ».

32.« مۇنتە خەببۇت تاۋارىخ »ـ بۇ ئەسەر يەنە « تارىخى خوقەند » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەسەر ھىجرى 1259ـ يىلى ( مىلادى 1842ـ1843ـ يىلى ) قوقانلىق شەيخۇلئىسلام ھاجى مۇھەممەت ھېكىم ۋەلىدىسەيىد مەسۇم خان ( خوجا مۇھەممەت ھېكىم خان تۆرە بىننى مەسۇم خان ) تەرىپىدىن يېزىلغان بىر قەدەر مۇكەممەل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ئەسەر.

33.جۇد تېغى ـ ھازىرقى ئىراق تەۋەسىدىكى دىجلى دەرياسىنىڭ شەرقى يەنى ئىبنى ئۆمەر چۆلۈگگە جايلاشقان بىر تاغنىڭ نامى. « قۇرئان »دا نوھ ئەلەيھسسالامنىڭ بۇ تاقتا چىققانلىغى سۆزلەنسە، « تەۋرات »دا، ئۇنىڭ ھازىرقى سۇۋيېت ئەرمىنىيەسى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسىدىكى ئارارات ( ئاغرى ) تېغىغا چىققانلىغى رىۋايەت قىلىندۇ.

34. بابىل ـ قەدىمقى بابىل دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۇنىڭ خارابىسى ھازىرقى ئىراقنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىدىن 93 كىلومېتىر يىراق. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ شەھەرنى مىلادىدىن بۇرۇن 2640-يىل بۇرۇن ياشىغان نەمرۇد بىنا قىلغان ئىكەن.

35.يەمەن ـ ھازىرقى ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبى قىسمى بولۇپ،رىۋايەتلەردە قەدىمقى ئەرەپ قەبىلىلىرى دەل مۇشۇ زىمىندا پەيدا بولۇپ كۆپەيگەن ئىكەن. دۇنيادا ئۆزىنىڭ زالىملىغى، پىخسىقلىغى بىلەن داڭ چىقارغان شەدداد ( شەددادبىننى ئەملەق بىننى ھام بىننى نوھ ) ئەنە شۇ يەمەننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى.

36.ھەزەرمۇت ـ ھازىرقى يەمەننىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمقى بىر جاينىڭ نامى.

37.ئومان ـ ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ئومۇمى نامى.

38.ئىراقەيىن ـ ھازىرقى ئىراق ئەتراپى.

39.فارىس ـ ئىران رايونى ۋە ئىراندا ياشايدىغان فارس تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ۋە ئېتنىك نامى.

40.يەجۈج ۋە مەجۈج ـ « قۇرئان »رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشايدىغان ۋە ئىنسانىيەتكە بالايى ئاپەت تۇغدۇرىدىغان ئەڭ قەدىمقى ئىككى بەدنۇى قەبىلە. قەدىمقى يەھۇدى ۋە خىرىستىئان رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 356-323-يىلى ) ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىر سېپىل

سوقتۇرۇپ، ئۇلارنى مەڭگۈ قورشاپ قويغان ئىكەن. ئۇلار بۇ سېپىلدىن چىققان كۈنى قىيامەت قايىم بولىدۇ، دېگەن گەپلەر بار.

41. كىيومىرس- ئىراندىكى زەردەش دىنى تەرەپتارلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتاۋى « ئاۋېستا » ۋە مىرزا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ « شاھنامە » دېگەن كىتاۋىغا ئاساسلانغاندا، كىيومىرس ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن 5500 يىل بۇرۇن ياشىغان ئىكەن. زەردەش دىنى تەرەپتارلىرى كىيومىرسنى ئادەم ئەلەيھسسالامنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۇنى « ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئەجدادى » دەپ قارايدۇ. « كىيومىرس » سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ « بۇيۇك ئادەم »دېگەنلىك بولىدۇ.

42.تۈرك- ئىسلام رىۋايەتلىرىدە ئۇ ئادەم ئەلەيھسسالامنىڭ نەۋرىسى يافەسنىڭ ئوغلى بولۇپ، تارىخى ماتېرىياللاردا بولسا ئۇلار ئەسلىدە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالى، مۇڭغۇل يايلاقلىرى، سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى، ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركى تىللار ئائىلىسىدىكى بىر مۇنچە قەبىلە ۋە ئۇلۇسلارنىڭ ئورتاق نامى. مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى، دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىدە « دى »( 狄) ، « بېي دى »(北狄)، كېيىنچە يەنە « دىڭ لىڭ »(丁零) ، « تېيې لې»(铁勒) ، « تۈكيۇ »( 突厥) دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى « تۈرك »دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى.

43.فەرىدۇن- بۇ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ ئالتىنچى پادىشاسى، كىيومىرسنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ئەينى زاماندا ئەرەپ ۋە تۇران ( ئوتتۇرا ئاسىيا ) رايونلىرىنى ئۆزىگە قاراتقان ئىكەن.

44.تۇر-شاھ فەرىدۇننىڭ ئوغلى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، فەرىدۇن ئۆزىگە قاراشلىق زېمىنلارنى تۇر، سلم ۋە ئىرەج قاتارلىق ئۈچ ئوغلىغا تەقسىم قىلغاندا، تۇران رايونى تۇرغا تەۋە ئىكەن ۋە « تۇران » دېگەن ناممۇ تۇرنىڭ

دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ « تۈرك » دېگەن سۆز بىلەن « تۇر » دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلمىسىدىن پەيدا بولغان ئىكەن.

45.تاناسخىيە ۋە ھۇلۇلىيە- مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى ئەلىنى ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ تونۇيدىغان راپىزىيە سۇلۇكىگە تەۋە بولغان دىنى ئىدىيۋى ئېقىم بولۇپ، ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى يەنە يۆتكىلىپ تىرىلىپ قايتىدۇ دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

46.شىئە- ئىسلام دىنىدىكى ئەلى تەرەپتارلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر مەزھەپ بولۇپ، بۇ ئەرەپچە « ئەگەشكۈچىلەر » دېگەن مەنىدە. بۇ مەزھەپ مىلادى 656-يىلى ئەرەپ خەلىپىلىكىنىڭ 3-خەلىپىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەلىپىنىڭ ۋارىسلىقىنى تالىشىش سەۋەپلىرى بىلەن مەيدانغا كېلىپ، ئەلىنىڭ ۋارىسلىقىنى قوللىغان. كېيىنچە ئۇلار ئىسلام دىنى سۈننى مەزھىپىگە قارىشى بىر مەزھەپكە ئايلانغان. ئۇلار ئەلىنى مۇھەممەت پەيغەمبەردىن يۇقىرى قويغان، جۈملىدىن يەنە بىر مۇنچە دىنى ئەقىدىلەرنى ئوتتۇرغا قويغان. مىلادى1502-يىلى، ئىران پادىشاسى شاھ ئىسمايىل ( مىلادى 1502-1524-يىللىرى ئىچىدە تەختتە تۇرغان ) شىئە مەزھىپىنىڭ قاراشلىرىنى ئىراننىڭ دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان.

47.مۇتەسەۋۋۇف- بۇ ئىسلام دىنىدىكى ئالاھىدە بىر ئىدىيۋى ئېقىم بولۇپ، يەنە « تەسەۋۋۇپچىلەر » ، « سوفىلار » ، « تەرىقەتچىلەر » دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىدىيۋى ئېقىم ئىسلام دىنىدىكى ئالاھىدە بىر مەزھەپ بولماستىن، بەلكى ھەممە مەزھەپلەرنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرگەن بىر ئېقىم. ئۇلار جاپالىق زىكرى تالاۋەت قىلىشنى، بۇ يول ئارقىلىق « مۇتلەق ھەقىقەت »كە يېتىشنى، يەنى ئاخىرقى ھىساپتا ئاللا بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شىنجاڭدا بۇ ئىدىيۋى ئېقىمنىڭ نەخشەبەندىيە، قادىرىيە، چەشتىيە قاتارلىق تارماقلىرى بار.

48.ئىمام مۇھەققەق بىننۇلھەزىم ئەلزاھىرى- بۇ ئەسلىدىكى ئىسلام ئەندالۇس رايوندا ( ھازىرقى ئىسپانىيە ۋە

پورتۇگالىيە ) ئۆتكەن مەشھۇر تەفسىر ۋە ھەدىس ئالىمى. ھجرى 384-يىلى ( مىلادى 994-يىلى ) قىرتوپە دىگەن جايدا تۇغۇلۇپ، ھجرى 456-يىلى (مىلادى 1064-يىلى ) ۋاپات بولغان.

49.ئەمىر ئابامۇسلىم مەرۋىزى- يەنى ئابدۇلراخمان بىننى مۇسلىم خۇراسانى. خۇراسان رايونىنىڭ مەرۋىز شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. شۇڭلاشقا ئۇ يەنە « خۇراسانى »دىگەن تەخەللۇسنمۇ قوللانغان. ھجرى 132-يىلى ( مىلادى 750-يىلى ) 600مىڭ قوشۇن بىلەن شام شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەرەپ ئۇمەييە خەلىپىلىگىنى يوق قىلىپ، ئەرەپ ئاباسىيە سۇلالىسىنى تىكلىگەن ھەم ئەبۇ ئاباس سەففاھ ئابدۇللا بىننى مۇھەممەت بىننى ئەلى بىننى ئابدۇللا بىننى ئاباسنى خەلىپە قىلىپ تىكلىگەن. ھجرى 137-يىلى ( مىلادى 754-يىلى ) ۋاپات بولغان.

50 . سۇلتان ئەبۇسە ئىدمىرزا- يەنى ئەبۇسەئىدبىننى مۇھەممەت بىننى ئەمرانشاھ بىننى تىمۇرلەڭ. سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلغان تىمۇرىيە سۇلاسىنىڭ 7- پادىشاسى. ھجرى 859- يىلى (مىلادى1451- يىلى) تەختكە چىقىپ، ھجرى 973- يىلى (مىلادى 1468- يىلى) ئەزەربەيجەن ۋالىسى ئۇزۇن ھەسەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

51. ختاي – چاغاتاي يېزىغىدا يېزىلغان كىلاسسىك ئەسەرلەردە بۇ سۆزنىڭ مۇنداق بىر قانچە مەنلىرى بار: بىرىنچى، بۇ ئەسلىدە ئالتاي تىل سېستىمىسى مانجۇ- تۇنغۇس تىلىرى ئائىلىسىدىكى (بەزىلەر تۈركى تىللار ئائىلىسىدە دەپ قارايدۇ) قەدىمقى بىر ئۇلۇسنىڭ نامى بولۇپ، مىلادى 10- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى دۆلىتىمىزنىڭ شەرىقىي شىمالى رايۇنىدا باش كۆتۈرۈپ، زور ختاي خاندانلىغىنى (لياۋ خاندانلىغىنى) قۇرغان. مىلادى 12- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ختاي خاندانلىغى يىمرىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى غەرەپكە كۆچۈپ، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلاسىنى يۇقۇتۇپ، «قارا ختاي» خاندانلىغىنى قۇرغان. دىمەك «ختاي» سۆزى ئەنە شۇ ئۇلۇسنىڭ ئۆز نامى بولۇپ ھساپلىنىدۇ. ئىككىنچى، بەزى تارىخ ئەسەرلىرىدە (جۈملىدىن ئەرەپچە، فارىسچە ئەسەرلەردە)، مىلادى 13- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا چىنگىز ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى ۋە چىنگىز ئىستىلاسى دەۋرىدىكى شىمالىي جۇڭگو رايۇنى، بولۇپمۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايۇنلىرى. ئومۇمەن «ختاي»، خۇاڭخې

دەرياسىنىڭ جەنۇبى، بولۇپمۇ چاڭجاڭ دەرياسى ۋادىلىرىدىكى خەنزۇ رايونلىرى، «چىن» ياكى «چىنى»، «سىنى» دىگەن جۇغراپىيىلىك ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۈچىنچى، بۇ دەۋردە يەنە «ختاي» سۆزى شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمالى جۇڭگو رايونلىرىدا ياشايدىغان مانجۇ- تۇنغۇس تىلىدىكى بىر مۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر (مۇڭغۇللار بۇنىڭ تېشىدا) «ختاي»، ۋە جەنۇبى جۇڭگودىكى خەنزۇ ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر «چىن»، «چىنى»، «سىنى» دىگەن ئېتنىك ناملار بىلەن ئاتالغان. تۆتىنچى، بەزى ئەسەرلەردە مىلادى 14- ئەسىردىن كېيىنكى چاغاتاي ئەۋلادى هۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىن باشقا بارلىق جۇڭگو زىمىنى، بولۇپمۇ مىڭ سۇلالىسى (مىلادى 1368-1644-يىلى)هۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگو زىمىنىنى ۋە بۇ جايدا ياشايدىغان خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى (مۇڭغۇللار بۇنىڭ تېشىدا) ئومۇمەن «ختاي» ياكى «چىنى» دىگەن جۇغراپىيەلىك ئېتنىك نام بىلەن ئاتالغان. «تارىخى ھەمدى» دە بولسا «ختاي» سۆزى بەزىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى غەيرى ئىسلام دىندە بولغان خەنزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەرنى كۆرسەتسە، بەزىدە بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغان «موغۇلستان» زىمىنىدىن باشقا جۇڭگو زىمنى، بەزىدە ئىچكى ئۆلكىلەردە قۇرۇلغان خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سۇلالە ۋە پادىشالىقلىنى ئاپىدىلەپ «خاقانى چىنى»، «فەغفۇچىنى» دىگەن ناملار بىلەن بىر مەنىدە بايان قىلىنغان. بەزىدە بولسا پەقەت خەنزۇ مىللىتىنى كۆرسەتكەن. بۇ جايدا بولسا جۇرجىت خانلىغى «مىلادى 1115-1234 – يىلى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

52. ئالتانخان – مىلادى 1114- يىلى شەرقىي شىمالدىكى ختاي خاندانلىغىنى يوق قىلىپ، ئورنىغا دەسسىگەن مانجۇ- تۇنغۇس تىللىرى ئائىلىسىدىكى جۇرجىت ئۇلۇسى تەرىپىدىن قۇرۇلغان جىن (金) خاندانلىغىنىڭ هۆكۈمرانلىغىنىڭ ئومۇمىي نامى.

53. 907- يىلى قۇرۇلغان ختاي خاندانلىغىنىڭ ئوتتۇرا پايىتەختى دادىڭفۇ (ھازىرقى ئىچكى مۇڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ نىڭچېڭ ناهىيەسى) دىگەن شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، بۇ جايدا ختاي خاندانلىغىنىڭ تۆۋەنكى (جەنۇبى) پايىتەختى يەنجىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) شەھرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

54. ئۇيغۇر مەملىكىتى – بۇ جايدا مىلادى 866- يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ شاھزادىسى بارچۇق تېكىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان قوچۇر ئۇيغۇر خانلىقى (ئىدىقۇت خانلىقى) نىڭ ئەسلى زېمىنى كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ خانلىق ئەينى زاماندا شەرقتە جايۇگۇەن، غەرپتە كۇچار (بەزى چاغلاردا خوتەن رايونىغىچە)، شىمالدا بۇغدا تاغلىرى، جەنۇپتا قاراڭغۇ تاغ قاتارلىق جايلارغىچە سوزۇلغان ئىدى.

55. خەلىپە مۇستەئىسىم – يەنى ئەبۇ ئەھمەت ئابدۇللا بىننى مۇستەنسىر مەنسۇر بىللا: ئەرەپ ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 37- خەلىپىسى بولۇپ، ھىجرى 654- يىلى (مىلادى 1256- يىلى)، بەزى ماتېرىياللاردا ھىجرى 656- يىلى (مىلادى 1258- يىلى) چىڭگىز خان ئەۋلادى ھىسلا كۇخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. نەتىجىدە ئەرەپ ئابباسىيە خەلىپىلىكى ئاياقلاشقان.

56. ئەبۇ ھەفس كۇبرا - يەنى ئەبۇ ھەفس (ھەفىز) كۇبرا بۇخارى، بۇخارالىق مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى، جۇغۇقا ۋە شەرىئەت ئىلمىنىڭ ئالىمى بولۇپ، 616- يىلى (مىلادى 1219- يىلى) چىنگىزخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بۇخارادا ئۆلتۈرۈلگەن.ئۇنىڭ ئەۋلادى شەيخ جالالىدىن كىتىكى ھازىرقى ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئايكۆل دېگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلاشقان.

57. شەيخ نەجمىدىن كۇبرا – يەنى ئەبۇلجانابى ئەھمەت بىننى ئۆمەر ئەلھەيۋەتى، ئۇ خارەزىملىك مەشھۇر سوپى شائىر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلمى- بەس مۇنازىردىكى ماھىرلىقى بىلەن «ئەتتەمەتۇلكۇبرا»دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. ھىجرى 616- يىلى (مىلادى 1219- يىلى چىنگىز قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

58. جەمشىت – ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى قەدىمقى پىسدادىيان سۇلالىسىنىڭ 4- پادىشاسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ باتۇرلىقى، زىرەكلىكى، كەشپىياتچانلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئىراننىڭ

نۇرۇزكالىندارىنى، ھىيت- بايرام كۈنلىرىنى ۋە باشقا قانۇن- تۈزۈملەرنى بەرپا قىلغان. شاراپ ئىچىشنى ئىجات قىلغان ئىكەن. «جام» (قەدەھ) سۆزى ئەنە شۇ جەمشىدنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

59. ماخمۇت بەگ پالۋاچ – مىلادى 1228- يىلى، چىڭگىز خان ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق رايۇنلارنى ئۆزىنىڭ تۆت ئوغلىغا تەقسىم قىلغان چاغدا، ھازىرقى شىنجاڭ رايۇنىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇنى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا تەقسىم قىلىنغان. بۇ چاغدا چاغاتاي خان ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆزگەنچىلىك چوڭ سودىگەر ماخمۇت پالۋاچقا تاپشۇرغان. مىلادى 1238- يىلى ماخمۇت پالۋاچ بىلەن چاغاتاي ئوتتۇرىسىدا چوڭ زىددىيەت پەيدا بولۇپ، ئۇ خان بالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) شەھرىگە يۆتكىلىپ، بۇ جايىنىڭ باش ۋالىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. مىلادى 1254 يىلى بۇ جايدا ۋاپات بولدى.

60. خەلىپە قادىر بىللا – يەنى ئەخمەت بىننى ئىسھاق بىننۇلمۇقتەدىر بىللاجەئىفر، ئەرەپ ئاببارسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 25- خەلىپىسى، ھىجرى 336- يىلى (مىلادى 947-948- يىلى) تۇغۇلۇپ، ھىجرى 442- يىلى (مىلادى 1031- يىلى) باغداتتا ۋاپات بولغان.

61. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بولۇپ، قۇبلايخان (چىڭگىز خاننىڭ نەۋرىسى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى) 15 يىل ئەمەس بەلكى 31 يىل (مىلادى 1271-1294- يىلى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى.

62. ئەمىر تېمۇر كوراگانى – تېمۇرلەڭ، ساھىپ قىران، ئاقساق تېمۇر دىگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان بولۇپ، ھىجرى 736- يىلى (مىلادى 1335-1336- يىل) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھرى سەبىز دىگەن جاينىڭ كەش دىگەن جايىدا دۇنياغا كەلگەن. نەسەپ جەھەتتىن مۇسۇلمانلاشقان مۇغۇل بارلاس قەبىلىسىگە مەنسۇپ. مىلادى 1360- يىلى موغۇلىستان پادىشاسى تۇغلۇق تېمۇرخان تەرىپىدىن كەش ۋالىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1370- يىلى موغۇلىستان خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بۆلىۋېلىپ، سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىپ، تېمۇرىيە سۇلالىسىنى

تىكلىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، غەرپتە قارا دېڭىز، ئىران، جەنۇپتا ھىندىستانغىچە بولغان جايلارنى بېسىۋالغان. كېيىنچە موغۇلىستان پادىشاسى يۇنۇسخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، «كوراگانى» (خانغا كۈيوغۇل) دىگەن نام بىلەن ئاتالغان. مىلادى 1405- يىلى زور قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا قىلغان ھەربى يۈرۈشدە ئوترار (ھازىرقى جامبىل شەھرىدە) ۋاپات بولغان.

63. بۇ جايدا چۆچەكلىك ئىمام قازى قۇربان ئەلى ۋەلد ھاجى خالىد بېك تەرىپىدىن مىلادى 1908- يىلى يېزىلغان «تارىخ خەمسەئى شەرقى» ناملىق تارىخ كىتاۋى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

61. ئاباسىيە – ھىجرى 132- يىلى (مىلادى 750- يىلى) ئەبۇ مۇسلىم خوراسانى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەپ خەلىپىلىگى بولۇپ، بۇ دۆلەت تۇنجى خەلىپە ئەبۇ ئاباس سەففاھ بىننى مۇھەممەت بىننى ئەلى بىننى ئابدۇللا بىننى ئاباسنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ پايتەختى ھازىرقى ئىراقنىڭ باغدات شەھرى بولۇپ، ھىجرى 656- يىلى (مىلادى 1258- يىلى) چىنگىز خاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇخان تەرىپىدىن يوق قىلىنغان.

65. ماۋارائۇننەھرى – بۇ قەدىمقى يونانچە «ترانسسئوكسانىيە» ئوكسىن – ئامۇ دەريانىڭ نېرقى تەرىپى) دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەرەپچە «ماۋارئۇننەھرى» (دەريانىڭ نېرىقى تەرىپى) دەپ ئاتالغان. ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن بىر دەريانىڭ ئارلىغىدىكى جايلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

66. خوراسان – قەدىمقى زاماندا ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى ئافغانىستاننىڭ غەربى ۋە غەربى شىمال قىسمى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك نامى بولۇپ، بۇ فارىسچە «خور» (قۇياش ياكى شەرق تەرەپ) دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. ھازىر ئافغانىستاندىكى چوڭ بىر شەھەرنىڭ نامى.

67. قەھىستان – بۇ غەرپتە دەشتى كەبىر، جەنۇپتا دەشتى لوت، شەرقتە نائۇمىد ۋە شىمالدا بىر كىچىك چۆللۈك ئارقىلىق

خوراسانغا تۇتۇشىدىغان ئىرانغا قاراشلىق بىر تاغلىق رايۇننىڭ جۇغراپىيەلىك نامى. شۇڭلاشقا بۇ رايۇن يەنە «كوھىستان» (تاغلىق يەر) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

68. رۇكنىددىن خۇرشاھ – يەنى رۇكنىددىن خورشاھ بىننى خۇۋاۋاەندە، ئىراندا قۇرۇلغان مۇلكى ئىسمالىيە ياكى مۇلاھىدەئى قەھىستان (كوھىستان) دۆلىتىنىڭ 8- پادىشاسى بولۇپ، ھىجرى 653- يىلى (مىلادى 1255- يىلى) دادىسى خۇۋاۋاەندە ئالائىددىن مۇھەممەتنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ھىجرى 634- يىلى (مىلادى 1255- يىلى( چىنگىز خاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، دۆلىتى مۇنقەرز قىلىنغان.

69. مەۋلانە نەسىرىددىن تۇسى – يەنى مۇھەممەت بىننى پەخرىددىن مۇھەممەت رازى، مىلادى 13- ئەسىردە ئالەمگە داڭقى كەتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر بولۇپ، ھىجرى يىلى (مىلادى 1200-1201- يىلى) ئىرانغا قاراشلىق تۇس شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ياشلىق دەۋرىدە ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا قاتارلىق ئىلمى ئەجداتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن چوڭقۇر تەلىم ئېلىپ، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترولوگىيە)، ماتېماتىكا، ئىلمى تەپسىر، ئىلمى تەسەۋۋۇپ قاتارىق جەھەتلەردە بىر مۇنچە نادىر ئەسەرلەرنى يازغان. ھىلا كۇخان قەھىستانى تەبىت قىلغاندىن كېيىن، مەۋلانە نەسىرىددىن تىسى زىندانغا تاشلانغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ھىلا كۇخان ئۇنى زىنداندىن بوشۇتۇپ، رەسەت (ئوبسىرۋاتورىيە) باغلاشقا بۇيرۇق قىلغان. ئۇ بۇيرۇققا بىنائەن «ئەزەرىياج ئىلخانىيە» (ئىلخانىيە دۆلىتى ئوبسىرۋاتورىيەسى) رەسەتخانىسى قۇرۇش بىلەن تەڭ، بۇنىڭ قارمىغىدا چوڭ بىر كىتاپخانا تەسىس قىلىپ، يونانچە، ھىندىچە، ئەرەپچە، فارىسچە، خەنزۇچە تىللاردا يېزىلغان 400 مىڭ توملۇق كىتاپ توپلىغان. بۇ ئەينى زاماندا ئەڭ ئەلدىنقى قاتاردىكى چوڭ كىتاپخانە ئىدى. ھىجرى 6772- يىلى (مىلادى 1273-1274- يىلى) مەۋلانە نەسىرىددىن تۇسى باغداتتا ۋاپات بولۇپ، ئىمام مۇساكازىم قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

70. نۇرۇز بىننى ئارغۇن ئاباقا – ھىلاكۇخاننىڭ نەۋرىسى، يەنى ئاباقاخان بىننى ھىلاكۇخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ھىجرى

(694- يىلى (مىلادى 1295- يىلى) ئىسيان كۆتۈرۈپ، قانۇنى پادىشا بايدۇخان بىننى تاراقاي خاننى يىقىتىپ، جىيەنى غازان مەھمۇتخان بىننى ئارغۇنخاننى ئىلخانىيە تەختىگە يۆلەپ چىقارغان.

71.ئىلكانى – مىلادى 1257- يىلى ھىلا كۇخان باغداتنى پايتەخت قىلىپ تۇرغان ئىلخانىيە دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان بىر دۆلەت بولۇپ، بۇ ھىجرى 745- يىلى (مىلادى 1344- يىلى) بۇرۇنقى ئىلخانىيە دۆلىتىگە قاراشلىق ئانتولىيە رايۇنىنىڭ ۋالىسى ئەمىر شەيخ ھەسەن بىننى ئەمىرھۈسەيىن بىننى ئاقبۇغابىننى ئىلكان بىننى جالايىر تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ھىجرى 813- يىلى (مىلادى 1410-1411- يىلى) غىچە داۋاالاشقان. لىكىن «تارىخى ھەمدى» دە ئىلخانىيە بىلەن ئىلكانىيە دۆلەتلىرى بىر دەپ بايان قىلىنغان.

72. تۇغلۇق تېمۇرخان - مۇڭغۇل چاغاتاي ئەۋلادى بولۇپ، ھىجرى 730- يىلى (مىلادى 1329-1330- يىلى) ھازىرقى ئىلقا ناھىيىسىنىڭ ئىرەن قابىرغا دىگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرى 749- يىلى (مىلادى 1348- يىلى) «ماڭلاي سۈيە» (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايۇنى) ھۆكۈمرانە ئەمىر بولاجى دوغلاتنىڭ ياردىمى ئاستىدا ھازىرقى ئاقسۇكونا شەھەردە تەختكە چىقىپ، موغۇلستان خانلىقىنى قۇرغان. ھىجرى 752- يىلى (مىلادى 1351- يىلى) 160 مىڭ مۇڭغۇلنى باشلاپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھىجرى 765 يىلى (مىلادى 1363-1364- يىلى) موغۇلستان خانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمىلىق شەھرىدە ۋاپات بولۇپ، شۇ جايىدا دەپنە قىلىنغان.

73. ئىسمايىل خان – مىلادى 1514- يىلى يەكەن خانلىقىنى قۇرغان سۇلتان سەئىد خاننىڭ ئەۋلادى. مىلادى 1670- يىلى يەركەن شەھرىنى مەركەز قىلغان «قارا تاغلىق» سوپىلارنىڭ قوزغىلىڭدىن پايدىلىنىپ تەختكە چىققان. 1682- يىلى ئاپپاق خوجا (خوجا ھىدايىتۇللا) ۋە ئۇنىڭ باشلامچىغىدا بىسىپ كىرگەن مۇڭغۇل جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈشۈپ، ئىرەن قابىرغا دىگەن جايدا نەزەربەنت قىلىنغان. كېيىنچە شۇ جايدا ۋاپات بولغان. يەركەن خانلىقمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشقان.

74. مۇھەممەت ئىمىن خان – يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى. مىلادى 1690- يىلى «قارا تاغلىق» لارنىڭ قوزغىلىڭىدىن پايدىلىنىپ، ئاپپاق خوجىنى ئاغدۇرۇپ، تەختكە چىققان. 1692- يىلى قوشۇن باشلاپ تىيانشاننىڭ شىمالىغا ھۇجۇم قىلغان. شۇ يىلى «ئاق تاغلىق»لارنىڭ توپىلىڭى تۇپەيلىدىن تەختتىن چۈشۈپ، ئۆز خادىمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

75. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى مۇھەممەت ئىمىن خان دەۋرى ھىجرى 1120- يىلى (مىلادى 1708- يىلى) غىچە داۋاملاشقان بولماستىن، بەلكى ھىجرى 1103- يىلى (مىلادى 1692- يىلى) غىچە داۋاملاشقان ئىدى.

76. سۇلتان سەئىد باھادۇرخان غازى – ھىجرى 655- يىلى (مىلادى 1257- يىلى) ھىلاكۇخان تەرىپىدىن قۇرۇلان ئىلخانىيە دۆلىتىنىڭ 9- پادىشاسى بولۇپ، ھىجرى 716- يىلى (مىلادى 1316- يىلى( 13 يېشىدا تەختكە چىقىپ، ھىجرى 736- يىلى (مىلادى 1335-1336- يىلى) ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئىلخانىيە دۆلىتىمۇ ئاياقلاشقان.

77. توختامىش خان – چىنگىزخاننىڭ ئوغلى جوجى خاننىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھىجرى 777- يىلى (مىلادى 1375-1376- يىلى) دەشت قىپچاقتا تەختكە چىقىپ، روسىيەنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىنى ئۆزىگە قاراتقان. جۈملىدىن ماۋارائۇننەھرى رايونىدا ئەمىر تېمۇر كوراگانى بىلەن بىر قانچە قېتىم قاتتىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. ھىجرى 793- يىلى (مىلادى 1391- يىلى) ئەمىر تېمۇر كوراگان تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ھىجرى 799- يىلى (مىلادى 1397- يىلى ) سىبىرىيەدە ۋاپات بولغان.

78. ھەزرىتى ئىمامەيەن مەزھىپى – ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ ئاساسى تارمىقى بولۇپ، ئاساسەن، ئەلى ۋە ئۇنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولغان «ئەئەممە ئىمامىيە» (12ئىمام) تەرەپدارلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار ئەلى (مىلادى 661- يىلى ۋاپات بولغان)، ئىمام ھەسەن (مىلادى 669- يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان)، ئىمام ھۈسەيىن (مىلادى 680- يىلى

مەدىنەدە ۋاپات بولغان)، ئىمام زەينۇلئابىدىن (مىلادى 713- يىلى مەدىنەدە ۋاپات بولغان)، ئىمام جەئفىر سادىق (مىلادى 765- يىلى مەدىنەدە ۋاپات بولغان)، ئىمام مۇسا كازىم (مىلادى 802- يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان)، ئىمام ئەلى رەزا (مىلادى 818- يىلى ئىراننىڭ تۇس شەھرىدە ۋاپات بولغان)، ئىمام مۇھەممەت جۇۋاد- تەقى (مىلادى 835- يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان)، ئىمام ئەلى هادى- نەقى (868- يىلى باغداتنىڭ يېنىدىكى شەرمەنراي شەھرىدە ۋاپات بولغان)، ئىمان ھەسەن ئەسكىرى (مىلادى 875- يىلى غاغداتتا ۋاپات بولغان)، ئىمام مۇھەممەت مەھدى (مىلادى 892- يىى ئۇشتۇمتۇت غايىپ بولغان) قاتارلىقلار. شىنجاڭ تەرىقەت ئەھلى ئۆز نەسەپلىرىنى بۇ 12 ئىمامغا باغلاش بىلەن تەڭ ھەر قايسى شەھەرلەردە ئۇلارنىڭ مازارلىرىنى تىكلىگەن.

79 ھەزرىتى باھائىددىن نەخشە بەندى – يەنى خوجا مۇھەممەت باھائىددىن نەخشە بەندى، ھىجرى 718- يىلى (مىلادى 1318- يىلى بۇخارانىڭ يېنىدىكى ئارفان دىگەن جايدا تۇغۇلغان. باللىق ۋە ياشىق چاغلىرىنى بۇخارادا ئىلىم ئۆگىنىش، نەققاشچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە «نەخشە بەندى» (نەققاش) دىگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا تەرىقات (سوپىلىق) ئىدىيىۋى ئېقىمىغا مەنسۇپ «تەرىقەت نەخشە بەندىيە» گورۇھىنى تەشكىل قىلغان. شىنجاڭدىكى تەرىقەت ئەھلىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بۇ گورۇھقا مەنسۇپ. ئۇ ھىجرى 791- يىلى (مىلادى 1389- يىلى) ئۆز يۇرتى قەسرى ئارقاندا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئەمىر تېمۇر كوراگانى ۋاپاتىدىن 25 يىل بۇرۇن.

80. ئەمىر سەئىد ئەلى بىننى مۇھەممەت ئەلھەمەدانى – مىلادى 14- ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ئالىمى بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە سەئىد جورجانى تەرىپىدىن يېزىلغان «شەمسىيە» ، «مۇتالىيە» قاتارلىق كىتاپلارنى شەرھىلەپ «ۋەقايە»، «ئىنايە» دىگەن ئەسەرلەرنى يازغان.

81. خوجا ھاپىز شىرازى - يەنى خوجا شەمسىددىن مۇھەممەت ھاپىز شىرازى، 14- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىران شائىرى بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە سەئىد قاسىم ئەنۋەر قاتارلىق شائىرلارنىڭ بىر مۇنچە غەزەللىرىنى توپلام قىلىش بىلەن تەڭ، يەنە ئۆزىمۇ بىر مۇنچە داڭلىق غەزەللەرنى يازغان. ئۇنىڭ غەزەللىرى بۇرۇن شىنجاڭدىكى مەدرىسلەردە

ئاساسلىق دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن. خوجاھاپىز شىرازى بىر رىۋايەتتە ھىجرى 791- يىلى (مىلادى 1389- يىلى)، يەنە بىر رىۋايەتتە ھىجرى 791- يىلى (مىلادى 1392-يىلى) ئىراننىڭ شىرازى شەھرىدە ۋاپات بولغان.

82. ئەللامەتەفتىزانى - يەنى ئەللامە سەئىددىن مەسئۇت بىننى ئۆمەر تەفتازانى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاغلىق ئىسلام ئۆلىماسى بولۇپ، ھىجرى 722- يىلى خوراساننىڭ نىسا ۋىلايىتى تەفتازان شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەمىر تىمۇر كوراگاننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭ زور ھۆرمەت ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئىلمى تەفسىر، ئىلمى فىقھا، ئىلمى ئاقايىدە ۋە باشقا پەنلەردە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. ھىجرى 892- يىلى (مىلادى 1390- يىلى) سەمەرقەندە ۋاپات بولغان.

83. مىرسەئىد شېرىپ ئەللامە – يەنى ئەلى ئەشرەپ ئەبۇلھەسەن ئەلى جورجانى، مىلادى 14-ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخ ۋە ئىسلام ئۆلىماسى بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە «شەمسىيە» ،«مۇتالئە» ، «مۇۋاقىف» قاتارلىق چوڭ ئەسەرلەرنى يازغان.

84. ئىمام گەردىزى – يەنى ئەبۇلمۇزەففەر ئابدۇلغۇپۇر بىننى لوقمان ئەلگەردىزى، مىلادى 14- ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخ ۋە ئىسلام ئۆلىماسى بولۇپ، ھازىرقى خارەزىم شەھىرىنىڭ يېنىدىكى گەردىز دىگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن ۋە شۇ جايدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ «تارىخى ئىمام گەردىزى» دىگەن ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركى قەۋملىرىنىڭ تارىخى، تىلى جايلاشقنا ئورنى ھەم ئورپ- ئادەت، دىنىي ئېتىقاداد قاتارلىق مەسلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

85. ئەللا مەئىبنى خەلدۇن – ئەبۇزەيد ئابدۇلراخمان بىننى مۇھەممەت ئىبىنى خەلدۇن ھەزەرمى. ئەسلىدە ئەرەبىستاننىڭ ھەزەرمۇت دىگەن جايىدا ياشاپ كەلگەن ئەرەپ ئەۋلادى بولۇپ، ھىجرى 732- يىلى (مىلادى 1331-1334- يىلى) ھازىرقى تونىستا دۇنياغا كەلگەن. ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ساياھەت بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئۇنىڭ «مۇقەددىمەتۇل ئىبنى خەلدۇن» (تارىخ ئىبنى خەلدۇن) ناملىق 7 توملۇق ئەسىرى دۇنيادىكى بىر مۇنچە تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ چاغاتاي تىلىدىكى تەرجىمىسىمۇ بار. ھىجرى 806- يىلى (مىلادى 1403-1404- يىلى) قاھىرەدە ۋاپات بولغان.

86. ئىبنى ئەرەبشاھ – يەنى ئىبنى ئەرەبشاھ ئەھمەت. مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى. شائىر ۋە تارىخچى بولۇپ، ھىجرى 804- يىلى (مىلادى 1401- يىلى) دەمەشقتە ۋاپات بولغان. ئۆز ئۆمرىدە «ئاجايىبۇل مەقدۇرفى ئەھۋالى تېمۇر» ، «فاكىمە تۇل خەلافا» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئاپتور بۇ جايدا ئۇنىڭ ئالدىنقى كىتاۋىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

87. بۇخارى ، يەنى مۇھەممەت شەمسىددىن ئەمىر بۇخارى، بۇخارالىق مەشھۇر ئىسلام پەيلوسوپى بولۇپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈركىيەدە ئۆتكۈزگەن ھەم «تارىخى بۇخارى» ناملىق مەشھۇر ئەسەر يازغان. ھىجرى 833- يىلى (مىلادى 1429-1430- يىلى) تۈركىيىدە ۋاپات بولغان.

88. يىلدىرىم بايىزىد – يەنى يىلدىرىم سۇلتان بايىزىد خان ئەۋۋەل ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ 4- سۇلتانى. مىلادى 1360- يىلى دۇنياغا كەلگەن. 1389- يىلى تەختكە چىققان. 1402- يىلى ئەمىر تېمۇر كوراگانى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

89. ئىمام جەزىرى – يەنى ئىمام شەمسىددىن مۇھەممەت ئەلجەزەرى، ئەرەپ چۆللۈگىدىكى جەزىر تۇل ئىبنى ئۆمەت دىگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن. ئۆز ئۆمرىدە «ئەلھەسىن» دىگەن مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ، ھىجرى 733- يىلى (مىلادى 1332-1333- يىلى) ۋاپات بولغان. بىراق «تارىخى ھەمدى» نىڭ بۇ جايىدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى، مەزكۇر ئالىم ئەمىر تېمۇر كوراگانى تۇغۇلۇشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىدى. ئەمىر تېمۇر كوراگانى بولسا ھىجرى 736- يىلى (مىلادى 1332-133- يىلى) ۋاپات بولغان. بىراق «تارىخى ھەمدى» نىڭ بۇ جايىدا بىر

ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى مەزكۇر ئالىم ئەمىر تېمۇر كوراگانى تۇغۇلۇشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىدى. ئەمىر تېمۇر كوراگانى بولسا ھىجرى 736- يىلى (مىلادى 1335-1336- يىلى) دۇنياغا كەلگەن.

90. ئەللامەسيۇتى – يەنى جالالىددىن ئەبۇلخازىل ئابدۇلراخمان بىننى مۇھەممەت سيۇتى. مىسىرنىڭ سيۇت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆز ئۆمرىدە يۈز تومدىن ئارتۇق تارىخ، جۇغراپىيە، تىل ۋە دىنغا ئائىت كىتاپلارنى يازغان. ھىجرى 911- يىلى (مىلادى 1505-1506- يىلى) مىسىردا ۋاپات بولغان.

91. مۇھەممەتخان شەيبانى – چىڭگىز خاننىڭ ئوغلى جۇجىخاننىڭ ئەۋلادى. ھىجرى 900- يىلى (مىلادى 1494-1495- يىلى( ماۋارا ئۇننەھرى ۋە خوراسان رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. ھىجرى 916- يىلى (مىلادى 1510- يىلى) قىزىل باش ئىسمائىل سەفەۋى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ تارىختا «شاھى بېك خان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

92. ئىراقى ئەجەم – تارىختا ئىراننىڭ ئىراقتا قاراشلىق غەيرى ئەرەپ مىللەتلىرى ياشايدىغان رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك نامى.

93. ئىراقى ئەرەپ – تارىختا ئىراقتا قاراشلىق ئەرەپ مىللەتلىرى ياشايدىغان رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك نامى.

94. مەۋلانە شەمسىددىن مۇھەممەت - يەنى شەمسىددىن خەييالى بۇخقرى، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىنى سەمەرقەنتتە ئىلىم ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزگەن. مىرزا ئۇلۇغ بېك بىلەن بىللە ئىلمى تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. بىر مەزگىل ھىراتتا ياشىغان. ئۇنىڭ ئەدەبى ئەسەرلىرى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋارائۇننەھرى ۋە خوراسان رايونىغا كەڭ تارقالغان. مىلادى 1449- يىلى ۋاپات بولغان.

95.ئۇۋەيس خان – تۇغلۇق تېمۇر تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلستان خانلىقىنىڭ 5- پادىشاسى، مىلادى 1418- يىلى

تەختكە چىقىپ، مىلادى 1428- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ جايدا بايان قىلىنغان يۇنۇسخان (ئۇستاد يۇنۇس بولسا ئۇۋەيسى خاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادى 1462-1487- يىللىرى موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرغان.

96. سۇلتان ئەبۇ مىرزا – ئەمىر تېمۇر كوراگاننىڭ ئەۋلادى. مىلادى 1451- يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادى 1468- يىلى ۋاپات بولغان.

97. مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى – ئىراننىڭ مەشھۇر شائىرى ۋە دىنىي ئۆلىماسى بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە «جەۋاھىرۇتتەفسىر»، «رەۋەتۇششۇھەدا»، «كاشىفىيە» ناملىق نادىر ئەسەرلەرنى يازغان. ھىجرى 910- يىلى (مىلادى 1504- يىلى) ھىراتتا ۋاپات بولغان.

98. مەۋلانامۇئەيىنەددىن – خوراسان دۆلىتىنىڭ مەشھۇر ئالىمى بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە «مۇمۇئاجىرىننە بۇۋەت»، «رەۋزە تۇلجەننەت» ناملىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، مىلادى 15- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان.

99. مەۋلىۋى جامى – مەۋلانانۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى- ھىجرى 817- يىلى (مىلادى 1414- يىلى) خوراساننىڭ جام شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش ۋاقتىنى ھىراتتا ئۆتكۈزۈش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن. كېيىنچە خوجا باھائىددىن نەخشەبەندىنىڭ خەلىپىسى سەئىدۇلھەق ۋەلىددىن كاشغەرگە قول بېرىپ مۇرىد بولغان. ئۆز ئۆمرىدە «ھەفتە ئەۋرەڭ»، «باھارىستان» ، «تۆھپە تۇل ئەھرار» ، «يۇسۇپ- زۇلەيخا» ، « لەيلى ۋە مەجنۇن» ، «نەفھاتىل ئونس» ، «رىسالەئى قاپىيە» ، «شەرھى روبائىيات» قاتارلىق 40 دىن ئارتۇق نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان. جامى ئىجادىيىتىنىڭ ئەلىشىر ناۋايىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. جامى ھىجرى 898- يىلى (مىلادى 1493- يىلى) ھەج سەپىرىدىن قايتىپ ھىراتتا ۋاپات بولغان.

100. سەفەۋىلەر – ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر دۆلەت بولۇپ، ھىجرى 907- يىلى شاھ قىزىل باش ئىسمائىل سەفەۋى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە ھىجرى 1135- يىلى (مىلادى 1722- يىلى) ئافغانلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

101. كۆچەم خان بىننى مەھمۇتخان بىننى ئابدۇلراخمان – تارىختا يەنە كۆچەنچى خان، گەرجەم خان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ماۋارائۇننەھرىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئۆزبېك سۇلالىسىنىڭ 2- پادىشاسى بولۇپ، ھىجرى 916- يىلى (مىلادى 1510- يىلى) تەختكە چىقىپ، ھىجرى 936- يىلى (مىلادى 1530- يىلى) ۋاپات بولغان.

102. غەزنەۋىلەر – ئافغانىستاننىڭ غەزنە شەھرىنى پايتەخت قىلغان بىر سۇلالە بولۇپ، ھىجرى 387- يىلى (مىلادى 997- يىلى) سۇلتان مەھمۇت بىننى سەبۇكتېكىن تەرىپىدىن قۇرلۇپ، ھىجرى 545- يىلى (مىلادى 1150- يىلى) سەلجۇق تۈركلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان. بۇ سۇلاسە ناھايتى كۆچەيگەن مەزگىلدە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبى، ئافغانىستان، ئىراننىڭ بىر قىسمى. پاكىستان، غەربى شىمالى ھىندىستان قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن.

103. شىر ئەلى خان – مۇغۇلىستان خانلىغىنىڭ تۆجى پادىشاسى تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ نەۋرىسى. يەنى موغۇلىستاننىڭ 2- پادىشاسى خىزىر خوجاخان (مىلادى 1389-1403- يىلى) نىڭ ئۆچىنچى ئوغلى 6- پادىشا ئۇۋەيسى خاننىڭ دادىسى.

104. خوجا مۇھەممەت پارسا – مىلادى 14- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 15- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ياشىغان مەشھۇر تەرىقەت ئۇستازى ۋە دىنىي ئالىم بولۇپ، نەقشەبەندىيە گورۇھىنىڭ ئەقىدىلىرى ئۈچۈن زور ئاساس سالغان. ئۆز ئۆمرىدە «فەزلۇكىتاب فى ئەلمۇھازىرات» نامىق يىرىك ئەسەر يازغان. ھىجرى 822- يىلى (مىلادى 1420- يىلى) ۋاپات بولغان.

105. دوست مۇھەممەتخان – تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ ئەۋلادى. موغۇلىستاننىڭ 2- پادىشاسى خىزىر خوجاخان (مىلادى 1389-1403- يىلى) نىڭ نەۋرىسى. يەنى شاھى جاھاننىڭ ئوغلى. موغۇلىستاننىڭ 9- پادىشاسى يۇنۇسخان (مىلادى 1462-1487- يىلى)دەۋرىدە ھازىرقى ئاقسۇدىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارنىڭ باش ۋالىسى (قاراندى سۇلتان) بولۇپ تۇرغان ئىدى.

106. خوجا ئەھرار – مىلادى 15- ئەسىردە ياشىغان چوڭ ئىشان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشەبەندىيە گورۇھىنىڭ ئاساسى ۋەكىلى ئىدى. مىلادى 1449- يىلى ئالىم ۋە سۇلتان مىرزا بېكنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان. كېيىنچە سەمەرقەنتتە ۋاپات بولغان.

107. مەخدۇمى ئەززەم – فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ كاسسا دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەخمەت بىننى سەئىد جالالىددىن پىرى بولغانلىقى كاسانى. ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشەبەندە تەرىقەت گورۇھىنىڭ پىرى بولغانلىقى ئۈچۈن «مەخدۇمى ئەززەم» (ئۇلۇغ ئۇستاز) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. شىنجاڭدىكى نەشەبەندىيە تەرىقەتچىلىرىنىڭ چوڭ خوجىلىرى ئۆز نەسەپنامىسىنى ئەنە شۇنىڭغا باغلايدۇ. يەركەن خانلىقىنىڭ 2- سۇلتانى سۇلتان ئابدۇلرەشت خان دەۋرىدە، يەنى ھىجرى 942- يىلى (مىلادى 1535-1536- يىلى) مەخدۇمى ئەزەم يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېلىپ نەقشەبەندىيە سۇلۇكىنى تارقاتتى. ھىجرى 940- يىلى (مىلادى 1542- يىلى) ئۇ كاسانغا قايتىپ، دەھبىددە ۋاپات بولغان.

108. سۇلتان سەئىدخان بىننى ئەخمەتخان – 26-ئىزاھاتقا قارالسۇن.

109. مۇھەممەت سادىق كاشغىرى - قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بىر مۇنچە مۇھىم تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان. ھىجرى 1182- يىلى «تەزكىرەئى ئەزىزان» («تەزكىرەئى خوجاكان»)

دىگەن ئەسەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىچىدە (زۇبدە تۇل مەسائىل» (مىلادى 1840- يىلى)، تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھەف» (1844- يىلى) قاتارلىقلار بار. ئۇ يەنە «تارىخى رەشىدى» (مىلادى 1837- يىلى)، «تارىخ تەبرى« (تارىخى ئىسكەندەرى ۋە تاجنامەشاھى» ، مىلادى 1848- يىلى) قاتارلىق پارىچە ۋە ئەرەپچە كىتاپلارنى ئۇيغۇر تىلىگە تەرجىمە قىلغان. مىلادى 1849- يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان.

110. قادىرىيە – ئىرانلىق مەشھۇر تەرىقەت ئۇستازنى ئابۇلقادىر جىلانى – گىلانى (مىلادى 1077- 1160- يىلى) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك گورۇھى. بۇ گورۇھنىڭ مۇرىتلىرى شىنجاڭ ۋە گەنشى قاتارلىق جايلاردىمۇ بار.

111. ئەبۇنەسر سامانى – ھجرى 287- يىلى (مىلادى 900- يىلى) ئىسمائىل بىننى ئەخمەت تەرىپىدىن تۇخرادا قۇرۇلغان سامانىلار سۇلالىسىنىڭ 2- پادىشاسى ئەخەت بىننى ئىسمائىلنىڭ ئوغلى. ھجرى 301- يىلى (مىلادى 913-914- يىلى( دادىسى ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەبۇ نەسر سامانى چەت جايلارغا قېچىپ،ئۇزۇن يىللىق مۇساپىرچىلىق تۇرمۇشنى ئۆتكۈزگەن. ئۇ ھجرى 320- يىلى (مىلادى 932- يىلى) قەشقەر رايۇنىغا كېلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى ساتۇق تېكىننى ئىسلام دىنىگە دەۋەت قىلدۇ. ساتۇق تېكىن ئوردا ئۆزگىرىشىنى قوزغاپ، قاراخانىلار تەختىگە چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەبۇ نەسر سامانى ۋاپات بولىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ قەۋرىسى ئاتۇشنىڭ مەشئەت يېزىسىدا.

112. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى بۇ چاغدىكى قەشقەر ھۆكۈمرانى ھارۇن بۇغراخان بولماستىن، بەلكى ساتۇق تېكىن (سۇلتان ساتۇق بۇرا قاراخان ئابدۇلكېرىم) نىڭ ساتۇق بۇغرا قارا خاننىڭ نەۋرىسى يەنى مۇسا بۇغراخاننىڭ ئوغلى. مىلادى 987-992- يىلى ھۆكۈم سۈرگەن.

113. ئەفراسىياپ – رىۋايەتلەردىكى بۇ تارىخي شەخس ھەققدە ھەر خىل ماتىرىياللار بار. بىر رىۋايەتتە ئەفراسىياپ قەدىمقى تۇران پادىشاسى بولۇپ، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرى فەرىدۇن

(ئەفرىدۇن)، زال قاتارلىقلار بىلەن بىر قانچە قېتىم چوڭ جەڭلەرنى قىلىپ، بىر مەزگىل ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىكەن. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پايتەختى قەشقەر ئىكەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ فەرىدۇننىڭ ئوغلى تۇرنىڭ نەۋرىسى دەپ بايان قىلىنىدۇ. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بارلىق پادىشالىرى ئۆز نەسەپلىرىنى ئەفراسىياپقا باغلايدۇ.

144. بىجىن ـ «تارىخى ھەمىدى» دە، «بىجىن» دىگەن نام بەزىدە ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنى كۆرسەتسە، بەزىدە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ بىرەر شەھىرىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان جۇڭگو سۇلالىلىرىنىڭ پايتەختىنى (پايتەخ دىگەن مەنىدە) كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بولسا ئىچكى ئۆلكىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

115. مەۋلانە شەرەفىددىن ئەيەزدى – ئىراننىڭ يەزد شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆز ئۆمرىدە «ھۇلۇل» ، «مۇنازىرە» «مۇنتەخەپ» ۋە «زەفەر نامە» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «زەفەرنامە» ناملىق ئەسرى تېمۇرىيە سۇلالىسىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ فرونسۇزچە، ئىنگىلىزچە تەرجىمىلىرى بار. مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلىيەزدى ھىجرى 858ـ يىلى (مىلادى 1454ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

116. شىيخ مۇسلىھىددىن شىرازى – يەنى شىيخ مۇسلىھىددىن سەئىد شىرازى. مىلادى 1190ـ يىلى ئىراننىڭ شىراز شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ 12 يىلىنى باللىق ۋە ئۆگىنىش بىلەن، 30 يىلىنى ئىلمى تەتقىقات بىلەن، 30 يىلىنى ساياھەت ۋە سىپاۋەرلىك (ئەسكەرلىك) بىلەن، 30 يىلىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىكەن. ئۇ دۇنياغا مەشھۇر «گۈلىستان» ، «بوستان» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مىلادى 1922ـ يىلى 102 يېشىدا ۋاپات بولغان.

117. خوجا ئىسھاق ۋەلىلۇللا – شىنجاڭدىكى نەقشەبەندىيە تەرىقەتچىلىرىنىڭ پىرى مەخدۇمى ئەززەمنىڭ كىچىك ئوغلى. ھىجرى 936ـ يىلى (مىلادى 1530ـ يىلى)ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسان قەلەئىسىنىڭ (دەھبىد) دىگەن جايىدا دۇنياغا كەلگەن. يەركەن خانلىقىنىڭ 4ـ سۇلتانى مۇھەممەتخان (مىلادى 1593ـ1611ـ يىلى) تەختكە چىقىپ 8ـ

يىلى، يەنى ھىجرى 1009- يىلى (مىلادى 1601- يىلى) شىنجاڭغا كېلىپ، يەركەن، قەشقەر، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ ۋە تىيانشان قىرغىزلىرىنىڭ ئىچىدە تەرىقەتچىلىك ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان. ھىجرى 1031- يىلى (مىلادى 1613- يىلى) دەھبىكە قايتىپ، شۇ يىلى ۋاپات بولغان.

118. فىسغۇرس – بۇ قەدىمقى يونان پەيلاسوپى پىپاگۇر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 580-500- يىلى) نىڭ ئەرەپچە ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىدە يەنە ماھارەتلىك مۇزىكانت، مەشھۇر ماتېماتىك، ئاستورۇم، ئارختېكتۇر، تىۋىپ ۋە ھەيكەلتاراش ئىدى.

119. خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزۇكۋار – نەقشەبەندىيە تەرىقەتچىلىرىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى. يەركەن خانلىقىنىڭ 2- سۇلتانى سۇلتان ئابدۇلرەشت خاننىڭ پىرى. ھىجرى 942- يىلى (مىلادى 1535-1536- يىلى) مەخدۇمى ئەزەم بىلەن بىللە دەھبىددىن شىنجاڭغا كەلگەن. سۇلتان ئابدۇلرەشت خان ۋاپات بولۇپ، (مىلادى 1570- يىلى( 6 يىلدىن كېيىن، يەنى ھىجرى 984- يىلى (مىلادى 1576- يىلى) ياركەندە ۋاپات بولغان.

120. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى خوجا يۈسۈپ مەخدۇمى ئەززەمنىڭ پەرزەنتى ئەمەس بەلكى نەۋرىسى. يەنى مەخدۇمى ئەززەمنىڭ چوڭ ئوغلى خوجاكالان (خوجا ئەخمەت كاسانى) نى ئوغلى. شۇنداقلا خوجاھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) دادىسى خوجا يۈسۈپ بىلەن بىللە كەلگەن بولماي، بەلكى مىلادى 1626- يىلى قۇمۇلدا دۇنياغا كەلگەن.

121. قۇنتەيجى – بۇ مۇڭغۇل ئويرات قەبىلىرىنىڭ مىلادى 16- ئەسىردە ئۆتكەن باشلىقى بولۇپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە ئويراتلارنىڭ (جۇملىدىن ئويراتلارنىڭ بىر قىسمى بولغان جۇنغارلارنىڭ) كېيىنكى باشلىقلىرىمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ جايدا مىلادى 1670- يىلى تەختكە چىقىپ، (مىلادى 1695- يىلى) ئۆلگەن غالدان بوشۇقتۇخان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

122. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى تارىخ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىسمائىل خان يەركەن خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى بولۇپ، ئۇ بىر جايدا بايان قىلىنغاندەك ھىجرى 1022- يىلى (مىلادى 1615- يىلى) ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن بولماي، بەلكى ھىجرى 1903- يىلى (مىلادى 1682- يىلى) كۆچۈرۈلگەن ئىكەن.

123.غالدان جىرىن- بۇ جايدا جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى غالدان بوشۇقتۇخاننىڭ جىيەنى غالدان سىرىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

124. «سىيەر شىرىف» - بۇ مەۋلانە جۇڭغارلارنىڭ مەۋلانە مۇئىنىددىن (98- ئىزاھاتقا قارالسۇن) تەرىپىدىن يېزىلغان «مەئاجىرىننە بۇۋۋەت» دىگەن كىتاپنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بولۇپ، كىتاپ جەمئىي تۆت باپقا بۆلۈنگەن. ئاساسەن، پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. بۇ كىتاپنى مۇھەممەت رېھىم دىگەن بىر ئادەم خوجا ئابدۇللا دىگەن بىر كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

125. غەۋسىيە – بۇ جايدا ئابدۇلقادىر جىلانى (1077- 1166- يىلى) تەرىپىدىن تۈزغۈزۈلغان قادىرىيە سۇلۇكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئابدۇلقادىر جىلانى ۋە باشقا قادىرىيە پىرلىرى تارىختا يەنە «غەۋسىل ئەززەم» دىگەن نام بىلەن ئاتالغان. شۇڭلاشقا قادىرىيە يەنە «غەۋسىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

126. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار.چۈنكى بۇرھانىددىن خوجا (چوڭ خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئالتە شەھەر (قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچار) ھۆكۈمىتىگە ئىگە بولغان ۋاقتى. بۇ جايدا كۆرسىتىلگەندەك ھىجرى 1253- يىلى (مىلادى 1836-1837- يىلى) ئەمەس، بىلكى ھىجرى 1170- يىلى (مىلادى 1756-1757- يىلى) ئىدى.

127. ئاي جاڭجۇن ، ئاپتورنىڭ بۇ جايدا كىمنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ

جاھانگىر خوجىنى يوقىتىش ئىشىغا قاتناشقان قوشۇنلىرىغا ئىلى جاڭجۇنى چاڭ لىڭ، شەنشى – گەنسۇ باش ۋالىسى ياڭ يۈي چۈن، سەندۇڭ شۇنفۇنى ۋۇلۇڭ ئا قاتارلىقلار قوماندانلىق قىلغان ئىدى.

128. مۇھەممەت ئەلى خان – مىلادى 18- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ كۈچەيگەن قوقان خانلىقىنىڭ پادىشاسى بولۇپ، مىلادى 1822- يىلى تەختكە چىققان. ئۆز زېمىنىنى شىمالدا بىر دەريا ۋادىلىرى، جەنۇپتا پامىر ئىگىزلىكى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتكەن. مىلادى 1842- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ تارىختا يەنە «مەدەلى خان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

129. تاۋاڭ خان – بۇ چاغدا جۇڭگو تارىخىدا مۇنداق نامىلىق بىر پادىشانىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئاپتور بۇ جايدا تاڭ سۇلالىسى پادىشالىرىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. چۈنكى بەزى رىۋايەتلەردە ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى (مىلادى 618-907- يىلى) دەۋرىدە جەنۇبى جۇڭگو ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارالغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

130. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان رىۋايەتلەردىكى ئەككاش نامىلىق ساھابىنىڭ بۇگۈردە ياكى جايۇگۇەنگە يېقىنلاشقاندا ۋاپات بولغانلىقى، جايۇگۇەندىن ئۆتكەندىن كېيىن ۋەققاس نامىلىق ساھابىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ جايدا ۋاپات بولغان كىشى ۋەققاس ئەمەس بەلكى ئەككاش بولسا كېرەك. بىراق، ئىشەنچلىك تارىخى ماتېرىياللاردا ۋەققاس، ئەككاش ئاس قاتارلىقلارنىڭ جۇڭگوغا كەلگەنلىكى ھەققىدە بىرەر ماتېرىيال كۆرۈلمىدى.

131. شى نەن فۇ – ئاپتورنىڭ بۇ جايدا 1856- يىلى خۇيزۇ قوزغىلاڭلىرى پارتىلىغان شەنەن فۇ (غەربى جەنۇبى جۇڭگو) ياكى 1862- يىلى قوزغىلاڭ پارتىلىغان شىنىڭ فۇ (ھازىرقى چىڭ خەت ئۆلكىسى)نى كۆزدە تۇتقانلىقى ئېنىق ئەمەس.

132. ماخالۇك ماخۇالۇك، جۇڭگو خۇيزۇلىرى جەھرىيە سۇلۇكىنىڭ 5- ئەۋلات ئىمامى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىن جۇ (ھازىرقى لىن ۋۇ) ۋىلايىتىنىڭ جىنجىجۇ قەلئەسىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 1846- يىلى ئىماملىق دەرىجىسىگە ئۇلاشقان. 1862- يىلى گەنسۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، مىلادى 1871- يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

133. چىڭجۇ فۇ – ئاپتور بۇ جايدا 1862- يىلى خۇيزۇ دېھقانلار ئىنقىلابى قوشۇنلىرى ئىگەللىگەن چىڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۈي ۋىلايىتى) دىگەن جاينى كۆزدە تۇتسا كېرەك. چۈنكى، بۇ شەھەر كېيىنچە شەنشى- گەنسۇ خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئاساسلىق بازىسى بولغان ئىدى.

134. ئۇسۇڭكۇي يەنى جەن مۇزا – ئاپتور بۇ جايدا 1851- يى جەنۇبىي جۇڭگودا قوزغالغان تەيپىڭ تيەنگو (چاڭ مۇزا) ئىنقىلابىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

135. سۇدالىيە – ئاپتور بۇ جايدا بەلكى 1864- يىلى ئۈرۈمچى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەرلىدىن بىرى بولغان سۇخۇەنجاڭنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. سۇخۇەنجاڭ ئىلگىرى گەنسۇ ئۆلكىسى گەنسۇ ۋىلايىتىنىڭ (ھازىرقى جاڭيې ۋىلايىتىنىڭ) ۋالىسى ئىدى.

136. شەن فېڭ – چىڭ سۇلالىسىنىڭ 7- پادىشاسى چىڭ ۋېنزۇڭ – يى نىڭ. بۇ مىلادى 1851- يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادى 1861- يىلى ۋاپات بولغان.

137. فەرەڭ – بۇ ئەسلىدە «ئېۋروپپېەن» (ياۋۇرپالىقلار) سۆزىنىڭ ئەرەپچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان «ئېفرەنج» دىگەن ئاتالغۇنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، زاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە ئومۇمەن ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بەزى

ئەسەرلەردە پەقەت فرانسىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «تارىخى ھەمدى» دە «مەلكەئى فەرەڭ» دىگەن نام بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

138 مەۋلانە جالالىددىن رۇمى – ھىجرى 604- يىلى (مىلادى 1207- 1208- يىلى) خراساننىڭ بەلخ شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنچە دادىسى مەۋلانە باھائىددىن ۋەلىدگە ئەگىشىپ،ئىراق، سۈرىيە، مەككە ۋە مەدىنە قاتارلىق جايلار ھىجرەتلىك تۇرمۇشنى كۆچۈرۈپ، ئاخىرىدا سەلجۇق سۇلالىسىنىڭ كونيە شەھرىدە ۋەتەن تۇتقان.شۇڭلاشقا، ئۇ «رۇمى» تەخەللۇسنى ئىشلەتكەن. جۇملىدىن تەرىقەتچىلەرنىڭ مەشھۇر پىشىۋاسىغا ئايلانغان. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە «دىۋان ئەشھارى» (30 مىڭ مىسرا) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ ئالەمگە تونۇلغان. ھىجرى 672- يىلى (مىلادى 1273-1274- يىلى) قونيەدە ۋاپات بولغان.

139. ئەبۇ ھەفس كۇبرا بۇخارا – (56- ئىزاھاتقا قارالسۇن). تارىخىي ماتىرىياللاردا ئۇ ھىجرى 617- يىلى (مىلادى 219- يىلى) ئۆلتۈرۈلگەن.

140. تاجىك – تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغان، بۇ چاغدا ئەرەپ- فارس تىلىدە سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە ئۇلۇسلارنىڭ ھەممىسىلا بۇ نام بىلەن ئاتالغان. جۇڭگونىڭ خەنزۇچە تارىخى مۇنبەرلىرىدە بولسا ئەرەپ مىللەتلىرى، بەزىدە ئاببىاسىيە سۇلالىسى كۆزدە تۇتۇلغان. ئاپتور بۇ جايدا فارىس تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.

141. 16 ياشلىق قىز – ئاپتور بۇ جايدا ئىپارخاننى كۆزدە تۇتسا كېرەك. چۈنكى، قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئىپارخان ھەققىدىكى قىسسىنىڭ بۇ بۇ رىۋاياتى ناھايتى كەڭ تارقالغان.

142. رەھمىتۇللا بېك – مىلادى 1765- يىلى پارتلىغان ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى، ئۇ بۇ جايدا كۆرسىتىلگەندەك ئۇچتۇرپان ھاكىم بېگى بولماستىن، بەلكى ھاكىم بەگە ئابدۇللانىڭ قول ئاستىدىكى بىر كىچىك بەگە

ئىدى. شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى كۈچلۈك قوشۇن ئەۋەتىپ، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنى رەھىمسىز باستۇرۇش بىلەن بىللە، رەھمىتۇللار بەگمۇ ئۆتۈرۈلگەن ئىدى.

143. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى، رەھمىتۇللا بەگە باشچىلىغىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى «خاقانى چىنى يەتتە شەھەرنى تەسەررۇپ قىلىپ،ئون يەتتىنچى يىلى» يۈز بەرگەن بولماي، بەلكى 7- يىلى (مىلادى 1765- يىلى) يۈز بەرگەن ئىدى.

144. مەنسۇر خان – مىلادى 1348- يىلى تۇغلۇق تىمۇرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلىستان خانلىغىنىڭ 12- سۇلتانى، يەنى ئەڭ ئاخىردىكى پادىشاسى بولۇپ، مىلادى 1503- يىلدىن 1543- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

145. كوھىستان – 67- ئىزاھاتقا قارالسۇن.

146.كۇبرەۋىييە – مىلادى 13- ئەسىردە ياشىغان خارەزىملىك ئەبۇلخانابى ئەھمەت بىننى ئۆمەر ئەلھەيۇقى ياكى شېيخ نەجمىدىن كۇبرا (57- ئىزاھاتقا قارالسۇن) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك مەسلىكى بولۇپ، كېيىنچە ئەنە شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەشھۇر ئىران ئىسلام ئۆلىماسى نەجمىدىن رازى (مىلادى 1256- يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلار ئەنە شۇ شېيخ نەجمىدىن كۇبرىنىڭ سادىق مۇدىرلىرى ۋە بۇ مەسلەكنى راۋاجلاندۇرغۇچىلاردۇر.

147. ئىسھاقىيە – مەخدۇدى ئەززەمنىڭ كىچىك ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا (117- ئىزاھاتقا قارالسۇن) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان «قارا تاغلىق» (ئاق تاقايلىق تەرىقەتچىلەر مەسلىكى بولسا «ئىشقىيە» دىگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

148. نەئمەتىيە – نەسەپ جەھەتتىن بۇخارالىق، ئۆزى ئىراننىڭ ماھان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن شاھ نەئمەتۇللا ۋەلى (مىلادى 1430- يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان تەرىقەتچىلىك مەسلىكى بولۇپ، تۆپكى ئېتىقات ۋە

ئېتىقات ئۇسۇلى جەھەتتىن قادىرىيە (110- ئىزاھاتقا قارالسۇن) ياكى غەۋسىيە (125- ئىزاھاتقا قارالسۇن) گورۇھىغا مەنسۇپ.

149. رەبۇددىيە – تۈپكى ئېتىقات ۋە ئېتاقات ئۇسۇلى تەرەپتىن قادىرىيە (110- ئىزاھاتقا قارالسۇن) ياكى (125- ئىزاھاتقا قارالسۇن) گورۇھىغا مەنسۇپ بىر تەرىقەتچىلىك مەسلىگى بولۇپ، ئەر- ئاياللارنىڭ بىر ماكاندا زىكرى ھەلقە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ مەسلەكنى مىلادى 8- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا تاجى ئىراقنىڭ بەسىردە دېگەن جايىدا ياشىغان رابىئەتۇل ئۇدۇۋىيە ياكى تاجى رەجال دېگەن بىر ئايال تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان ئىكەن. كېيىنچە، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنى قادىرىيە گورۇھى قوبۇل قىلىپ كېڭەيتكەن ۋە ئۇنى ئۆز قاراشلىرى راۋاجلاندۇرغان ئىكەن. رابىئەتۇل .ئۇرۇۋىيە ھىجرى 135- يىلى (مىلادى 752-753- يىلى) قۇددۇس شەھرىدە ۋاپات بولغان.

150. داۋانىيە – ئىراقنىڭ داۋان دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن مۇھەممەت ئەسئەت بىننى سەئىددىن ئەسئەت جالالىددىن داۋانى (مىلادى 1502- يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان بىر دىنى ئىدىيىۋى ئېقىم بولۇپ، كېيىنكى تەرىقەتچىلەر ئۇنىڭ شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىنى تەرىقەتچىلىك مەسلىگىگە سۆرەپ كىرىپ، قادىرىيە (110- ئىزاھاتقا قارالسۇن) مەسلىگىنىڭ تەركىۋىدىكى بىر ئىدىيىۋى ئېقىم پەيدا قىلىپ، ئۇنى «ۋاجىۇ» ، «ھاشىيەئى شەمسىيە» ، «شەرھى ئەقائىد» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ «ئەخلاق جالالى» ناملىق ئەسىرى ئىنگلىزچىگىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

151. مىللەت سىراجىيە – ئاللانىڭ بىرلىگى، مۇھەممەتنىڭ ئاللا تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا تارىختا ئۆتكەن بىرەر ئەۋلىيائى ئەززەم ياكى باشقا ئاتاغلىق زاتلارغا ئېتىقات قىلىشنى مەنئى قىلىدىغان دىنىي ئېقىم. بۇ ئېقىم تەرىقەت مەسلىسىگە تۈپتىن قارىشى بولۇپ، يەنە «شەرىئەت مۇستافاۋىيىيە» (مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ شەرئىتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

152. ئاللا يارسوپى – ئەسلى تۈركى قەۋمگە مەنسۇپ بىر شائىر بولۇپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىران، ئەرەب مەملىكەتلىرىدە دەرۋىشلىك سایاھەت بىلەن ئۆتكۈزگەن.

153. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى قولىيازما «تەزكىرەئى ھەبىبۇللا خان غازى» ناملىق ئەسەردە، زاۋا رايونىدا ھاجى غەزنىچى بىلەن ھەبىبۇللا خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇلراخمان پادىشا ئىدى.

154. لوشەي دارىن – تارىخى كىتاپلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ چاغدا شىنجاڭغا ئەۋەتكەن قوماندانلىرىنىڭ ئىچىدە بۇ ناملىق بىر قوماندانىنىڭ بارلىقىنى ئۇچراتمىدۇق. ئاپتور بۇ چاغدا شىنجاڭغا كەلگەن لىيۇ جىنتاڭ دىگەن سەركەردىنى (لىيۇشۇەي دارىن) كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك.

155. ئىسپەنىيار روينتەن – ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 3- پادىشاسى بولۇپ، يونان ۋە ياۋرۇپا تارىخلىرىدا دار (دار يوس) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تۇران رايونىدا ناھايىتى نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 550- يىلى يونانغا قىلغان ھەربى يۈرۈشىدە مەغلۇپ بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 549- يىلى مىسىردا ۋاپات بولغان ئىكەن. «روينتەن» ئۇنىڭ لەقىمى.

156- دەلاۋۇرى تۆھمەتەن - «باتۇر تۆھمەتەن» دىگەن مەنىدە بولۇپ، ئەسلىدە رۇستەمنىڭ (157- ئىزاھاتىغا قارالسۇن) لەقىمى ئىدى. لېكىن، بۇ جايدا ئاپتور بۇ سۆزنى ئىسپەندىيارنىڭ «روينتەن» دىگەن لەقىمى بىلەن بىر ئورۇندا قويغان.

157. رۇستەم - «شاھنامە» دىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ فەرىدۇن ۋە مۇنۇچەھرە زامانىدا تۇغۇلۇپ، كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ كەيقباد، كەيكاۋۇس، ھەتتا كۇشتاسپ،

بەھمەن زامانىغىچە بولغان بىر قانچە يۈز يىل ياشىغان مەشھۇر قەھرىمان ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تەربىيەچىسى بولغان سىياۋۇش (كەيكا ۋۇسنىڭ ئوغلى) تۇران پادىشاسى ئەفراسسىياپ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە جەڭلەرنى قىلغان. ئۇ بىر مەزگىل ئىراننىڭ سىتان رايۇنىدا ياشىغان. يەنە زەردەش دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن كىيانىيان پادىشالىرى، بولۇپمۇ مەھمەننىڭ قارشىلىقىغا دۇچار بولغان.

158. بەرزۇ – رۇستەمنىڭ (نەۋرىسى) بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «ئۇرۇشقاق»، «يەكمۇ- يەك جەڭچى» دىگەن مەنىدە. چۈنكى رۇستەم نۇرغۇن قېتىم مۇدھىش دىۋىلەر، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە دۈشمەنلەر بىلەن يەكمۇ- يەك جەڭ- جىدەللەرنى قىلغان ئىكەن.

159.سۇدالويە – (135- ئىزاھاتقا قارالسۇن)

160. داۋۇد خەلىپە – ئەسلى ئىسمى تۇمىك ياكى تۇدەلىك بولۇپ، بۇرۇن گەنسۇ ئەتىراپىدا پالچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. مىلادى 1864- يىلى گەنسۇدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچى خۇيزۇلىرىنىڭ باشلىغى سوخۇەنچاڭ، ماچۇەن، مابا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچى خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنى قوزغاپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ خەلىپىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

161. بۇ كۆچۈرۈش جەريانىدىكى خاتالىق بولسا كېرەك. چۈنكى «تارىخ ئەمنىيە» دە «ئىككى يۈزمىڭ ئۆيلۈكتىن زىيادە كىلادۇر» دەپ يېزىلغان.

162. ماقۇل ۋاڭ خانلىرى – ئاپتور بۇ جايدا چىڭ سۇلالىرى تەرىپىدىن ئوتتۇغات بېرىلگەن قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن بەشىر ۋاڭنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ۋاڭلىق دەرىجىسى مىلادى 1690- يىلى ئەبەيدۇللادىن باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تا ئىسھاق خوجا قۇمۇلغا بارغۇچە بولغان ئارلىقتا ئىلگىرى- ئاخىر بولۇپ غۇبا بەك ياكى گوپ

بەگ (مىلادى 1708ـ1740ـ يىلى)، يۈسۈپ (مىلادى 1740ـ1776ـ يىلى)، ئىسھاق (مىلادى 1776ـ1780ـ يىلى)، ئەردىشىر (مىلادى 1780ـ1813ـ يىلى)، بەشىر (مىلادى 1813ـ1867ـ يىلى) قاتارلىق جەمئىي يەتتە ۋاڭ ئۆتكەن ئىدى. ئۇلاردىن كېيىن بولسا يېقىنقى زاماندىكى مەخمۇت، شامەخسۇت، نەزەر قاتارلىقلار.

163. دولانىلار ـ «دولان»، سۆزى«قول» ياكى «تىلەمچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، خان ۋە پادىشالارنىڭ ياكى ھاكىمى ۋىلايەت ياكى بەگلەرنىڭ يانچىلىرى، قۇللىرى، شۇنداقلا كاتتا خوجا ۋە ئىشانلارنىڭ يەر ـ زېمىنىنى تېرىيدىغان تېرىقچىلار ۋە مۇرىدلار ئەنە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.

164. سۇ يەنشەي ـ (135ـ ئىزاھاتتا قارالسۇن) لېكىن بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى بۇ چاغدا مۇھەممەت ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە ھاكىم بەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن كىشى سۇ خۇەنجاڭ (سۇ يەنشەي ـ سۇ يۇەنشۇەي) بولماستىن، بەلكى، ئۈرۈمچى خۇيزۇلىرىنىڭ باشلىغى ماجۇڭ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئوغلى مارىنىدى ئىدى. سۇ خۇەنجاڭ بولسا مىلادى 1865ـ يىلى ئۈرۈمچى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرى تۇرپاننى ئىگەللىگەندىن كېيىن، كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان ئىكەن.

165. دايەنشەي ـ ئاپتور بۇ جايدا ئۈرۈمچى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باش قوماندانى دانۇەنشۇەي ماشىڭ دېگەن ئادەمنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. بۇ مىلادى 1686ـ يىلى ئۈرۈمچى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باش خەلپىسى داۋۇد خەلپە (نۇمىڭ) تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

166. «تارىخى زەپەرنامە» ـ بۇ جايدا مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلىيەزدى (115ـ ئىزاھاتتا قارالسۇن) تەرىپىدىن ھىجرى 824ـ يىلى (مىلادى 1425ـ يىلى) يېزىلغان «تارىخ زەپەرنامە» ناملىق تارىخى ئەسەر كۆزدە تۇتۇلدۇ.

167. ساجۇ ـ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇڭ خۇاڭ ئەتراپى، مىلادى 4ـ ئەسىردىكى شەرقى جىن پادىشالىغى

دەۋرىدە تىكلەنگەن بىر ئايماق بولۇپ، بۇ ئايماقنىڭ دائىرىسى بىر مەزگىل هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ۋىلايىتىدىن تۇرپانغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

168. بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى «بۇ دۇنيانىڭ راھىتى بولسا دوستلىرىڭغا ياخشىلىق قىل، دۈشمەنلىرىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆت» دېگەندىن ئىبارەت.

169.قالمۇقىستان– ئەبۇلغازى باھادۇرخان (مىلادى 1605-1664- يىلى) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى شەجەرەئى تۈركى» قاتارلىق ئەسەرلەردە «قالماق» دېگەن نام تۈركى قەۋملىرىنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇڭغۇل ئويرات قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، «قالمۇقىستان» (قالماقىستان) بولسا ئۇلارنىڭ تارالغان رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك نامى. ئاپتور بۇ جايدا تيانشان تاغلىرىنى چېگرا قىلغان شىمالى شىنجاڭ رايونىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

170. خان ھەزرەت – بۇ جايدا مىلادى 1845- يىلى بىر نەۋرە تۇققىنى سۇلتان مۇراتخاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان خۇدايارخان بىننى شىرئەلى خان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

171. مەللەخان – خۇدا يارخاننىڭ بىر تۇققان ئىنىسى بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك رىقابەت نەتىجىسىدە، مىلادى 1858- يىلى خۇدايارخاننى تەختتىن قوغلاپ ئۆزى خان بولغان. لېكىن، مىلادى 1868- يىلى قىرغىز قىپچاق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئالىم قۇلنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنىسى مەللەخاننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئىككىنچى قېتىم خانلىقنى تىكلىگەن.

172. گۆر ئوغلى - بۇ ئەسلىدە مىلادى 8- ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئەرەپ باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشلىرىدىكى بىر قەھرىمان بولۇپ، كېيىنچە بۇ قەھرىماننىڭ پائالىيەتلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە ساقلىنىپ

كەلگ تارقالغان. ھەتتا ئۇنىڭ مەزمۇنىغا بەزى دىنى، خۇراپىي تۇسلەرمۇ ئارىلاشقان. «گۆر ئوغلى سۇلتان» ناملىق تۈركچە بىر شېئىرىي كىتاپ.

173. ئىمام جەئفىر سادىق ـ ئەئەممە ئىمامىيە (78ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن) نىڭ 6ـ ئىمامى بولۇپ، ئىمام مۇھەممەت باقىرنىڭ ئوغلى. ھىجرى 83ـ يىلى (مىلادى 702ـ يىلى) مەدىنە شەھرىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا دادىسىدىن تەپسىر ۋە ھەدىس قاتارلىق دىنىي ئەقىدىلەرنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. شۇنداقلا خىمىيە، ئالگېبرا ۋە باشقا تەبئىي پەنلەرنى ئۆگىنىپ، «جەبىر» (جەئفىر) جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ داناسى بولغانلىغى ئۈچۈن يەنە «سادىق» دىگەن نام بىلەنمۇ شۆھرەت قازانغان. ئاببەسىيە سۇلالىسىنىڭ 2ـ خەلىپىسى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر (مىلادى 753ـ755ـ يىلى) ئۇنىڭغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئەبۇ مۇسلىم خوراسانى (49ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن) ئۇمەييە خەلىپىلىگىنى يوق قىلىپ، ئاببەسىيە خەلىپىلەرنى قۇرۇپ، تۇنجى خەلىپىلىكنى تەكلىپ قىلغان چاغدا، ئىمام جەئفىر سادىق قەتئى رەت قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ جەمئىي 7 ئوغۇل، 3 قىزى بولۇپ، چوڭ ئوغلى ئىسمائىل ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋاپات بولغان ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى ئىمام مۇساكازىم ئۇنىڭ ئىماملىق ئورنىنى ئىگەللىگەن. ئىمام جەئفىر سادىق ھىجرى 148ـ يىلى (مىلادى 765ـ يىلى) مەدىنەدە ۋاپات بولۇپ، ئۆز دادىسىنىڭ قەبرىسى يېنىدا دەپنە قىلىنغان. لېكىن شىنجاڭدىكى تەرىقەت ئەھلى ئۇنى شىنجاڭدىكى غازاتلاردا قۇربان بولغان دەپ ھىساپلاپ، ھازىرقى نىيە ناھىيەسىدىكى ئىمام جەئفىر سادىق مازىرىغا زىيارەت قىلىپ ئۇلۇغلايدۇ.

174. ئۇمەييە خەلىپىلىگى ـ مىلادى (662ـ يىلى ھەزرەت ئەلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مۇئاۋىيە بىننى ئەبۇ سۇفيان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەپ سۇلالىسى بولۇپ، مىلادى 750ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەپ ئاببىاسىيە (64ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن) سۇلالىسى قۇرۇلغان.

175. ئۇمەرىبىننى ئابدۇلئەزىز خەلىپە ـ ئۇمەييە خەلىپىلىگىنىڭ 8ـ خەلىپىسى بولۇپ، مىلادى 750ـ يىلى تەختكە چىقىپ، 720ـ يىلى ۋاپات بولغان.

176. مىسىر – تامامەن مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە ئىسلام قانۇنى – شەرىئەتلىرى تولۇق ئىجرا بولۇپ تۇرىدىغان تىنچ ۋە خەتەرسىز شەھەرلەر «مىسىر» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق شەھەرلەردە جۈمە نامىزىنى ئوقۇغان كۈنى پېشىن نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

177. مەھدى ئاخىر زامان – ئەئەممە ئىمامىيە (12 ئىمام) لەرنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئەبۇلقاسىم مۇھەممەت بىننى ھەسەن ئەسكىرى، ھىجرى 259- يىلى (مىلادى 875- يىلى) باغداتتا دۇنياغا كەلگەن. بىر رىۋايەتتە دادىسى ئىمام ھەسەن ئەسكىرى ۋاپات بولۇپ، 4- يىلى (مىلادى 878- يىلى)، يەنە بىر رىۋايەتتە مىلادى 892- يىلى ئۇشتۇمتۇت غايىپ بولغان. شۇڭلاشقا شىئە مەزھىپىنىڭ تەرەپتارلىرى تەرىپىدىن «مەھدى» (ئاخىرقى زامانى قۇتقازغۇچى) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇ قانداقتۇر بىر زامان «مەھدى» سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، «دۇنيادىكى يامانلىق تۈگىتىپ»، «ئادىللىق ئورنىتىپ»، «تىنچ ۋە پاراۋان دۇنيا» قۇرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ «مەھدى ئاخىر زامان» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

178. «توقسان» - تۈركى قەۋملىنىڭ تارىخى ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىنى بايان قىلغان ئەسەرلەردە، بۇ سۆز بىر قانچە مەناغا ئىگە.

بىرىنچى - بۇ سۆز ئۈچ بۇرجنى بىلدۈرىدىغان پەسىل چۈشەنچىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، قوزى «ھەمەل»، ئۆي «سەۋر» ، ئاراندىز « گېزەك ياكى جەۋزە» باھار بەسلىنى: قۇچۇق (تىمساق ياكى سەرەتان)، بارس (ئارسلان ياكى ئەسەد)، بۇغداي بېشى ( سۈنبۇلە ) ياز پەسلىنى؛ ئۈلكۈ ( تارازا ياكى مىزان )، چايان ( ئەقرەپ )، يا ( قەۋس )- كۈز پەسلىنى؛ ئوغلاق ( تېكە ياكى جەددى)، كۆنەك ( سوغا ياكى دەلۋە )، بېلىق ( ھۇت ) قىش پەسلىنى بىلدۈردۇ.

ئىككىنچى- بۇ سۆز خۇددى « تارىخى ھەمىدى »دە بايان قىلىنغاندەك، پۇقرالارنىڭ ئەمەلدار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خان، پادىشالارغا سوغا-سالام تەقدىم قىلىدىغان پەسلىنى، بولۇپمۇ ئوغلاق، كۆنەك، بېلىق ئۈچ بۇرج ئايلىرىدىكى قىش پەسلىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆچنچى- بۇ سۆز يەنە تارتۇقنىڭ « توقسان » دىگەننى كۆرستىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تارتۇقنىڭ سانى « توقسان » بولماستىن بەلكى « توققۇز »- توققۇز ( سەكسەن بىر ) بولىدۇ. بۇ « توقسان » دەپ تارتۇق قىلىندۇ.

179. رۇم- بۇ ئەسلدە مىلادىدىن بورۇنقى 753-يىلى تەختكە چىققان رىم ئىمپىراتورلىغىنىڭ تۇنجى ئىمپىراتورى رومۇلۇس ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 714-يىلى ۋاپات بولغان ) تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر شەھەر بولۇپ، كېيىنچە پۈتۈن رىم ( روما ) ئېمپىراتورلىغىنىڭ دۆلەت نامى بولۇپ قالغان ئىدى. روم ئېمپىراتورلىغى پارچىلانغاندىن كېيىن، بەزىدە ئۇنىڭ غەربىي تەرىپى، بەزىدە ئۇنىڭ شەرقى تەرىپىنىڭ نامى بولۇپ، قالدى. بۇلۇپمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 389-يىلى ئەفرەڭلەر ( ياۋرۇپالىقلار ) ئۇنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىگەلىگەندىن كېيىن، « رۇم » سۆزى ئاساسەن ئۇنىڭ شەرقى قىسمىنى، ئاساسەن هازىرقى ئاناتولى رايونلىرىنى مەركەز قىلغان ئاسىيا قىسمىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا كېيىنكى تۈرك سەلجۇق سۇلالىسى ۋە ئوسمانىيە سۇلالىلىرىمۇ ئەرەپچە، فارىسچە، چاغاتايچە تارىخى ئەسەرلەردە «رۇم » دىگەن نام بىلەن ئاتالدى. ئاپتور بۇ جايدا ئوسمانىيە سۇلالىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

180. قۇستەنتىيە- تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئىستانبول شەھرىنىڭ ئەڭ قەدىمقى نامى بولۇپ، بۇ شەھەرنى مىلادىدىن بورۇنقى 688-يىلى يۇنان مۇغارە هاكىمى بىزانس تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن « بىزانس » دەپ ئاتالغان. مىلادى 330-يىلى رىم ئېمپىراتورى فونستانتىس تەرىپىدىن كېڭەيتىلىپ قۇرۇلۇپ، « قۇستەنتىيە » دەپ نام بېرىلگەن. مىلادى 1453-يىلى ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ 7-پادىشاسى سۇلتان مۇھەممەتخان سانى بۇ شەھەرنى بېسىۋېلىپ، ئىستانبول (لاتىنچە ئىس- تىن- پولىن- شەھەرچە) دىگەن نام بەرگەن. لېكىن، « تارىخى ھەمدى »نىڭ بۇ جايىدا ئۇنى سام بىننى نوھ ئەلەيھسالامنىڭ نەۋرىسى قۇستەنتىن بىنا قىلغان دەپ يېزىلغان.

181. سۇلايمان شاھ قايى – هجرى 699-يىلى ( مىلادى 1299-1300-يىلى ) قۇرۇلغان ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ تۇنجى سۇلتانى غازى ئوسمانخاننىڭ بوۋىسى بولۇپ، ئەسلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوغۇز تۆركلىرىنىڭ ( هازىرقى

ئاناتولى تۈرۈكلىرىنىڭ ) بىر قەبىلە باشلىقى بولۇپ، چىنگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا ، ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ئېفرات دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا سۇغا غەرق بولۇپ ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەۋرىسى ھازىر بۇ جايدا « تۈرك مازار » دىگەن نام بىلەن مەشھۇر.

182. ئارتوغرۇل بەگ-ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇغۇز تۈركلىرىنىڭ بىر قەبىلە باشلىقى سۇلايمان شاھ قايىنىڭ ئوغلى. ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ تۇنجى سۇلتانى غازى ئوسمانخاننىڭ دادىسى.ھجىرى 680- يىلى ( مىلادى 1281-يىلى ) ۋاپات بولغان.

183. سۇلتان ئالائىددىن سەلجۇقى- يەنى ئالائىددىن كەيقىبادسانى بىننى فەرامەرزبىننى كەيكاۋۇس. ھجىرى 477-يىلى ( مىلادى 1084-1085-يىلى ) ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ باشلىقى توغرۇلبېك ( 1063-يىلى ۋاپات بولغان ) ئەۋلادى سۇلايمان بىننى قاتلىمىش بىننى ئىسرائىل بىننى سەلجۇق تەرىپىدىن قۇرۇلغان سەلجۇق سۇلالىسىنىڭ 15-سۇلتانى. ھجىرى 699-يىلى ( مىلادى 1299-1300-يىلى ) ۋاپات بولغان. نەتىجىدە ئوسمانىيە سۇلالىسى سەلجۇق سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئىگەلىگەن.

184. « اوشمانيه » ( ئوسمانىييە )- بۇ ئەيىن، سە، مىم، ئەلف، نۇن، ي، ي، ئە قاتارلىق 8 ھەرىپتىن تۈزۈلگەن ئەبجەد بولۇپ، ئۇنىڭ نەدەلىرى 686، يەنى ھجىرى 686-يىلى ( مىلادى 1287-1288-يىلى ) دىگەنلىك بولىدۇ. ئاپتور بۇ جايدا ئوسمانىييە سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتىنى مۇشۇ يىلدىن ھساپلايدۇ. لېكىن نۇرغۇن تارىخى مەلۇماتلاردا، ئوسمانىيە سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ھجىرى 686-يىلى بولماستىن،بەلكى ھجىرى 699-يىلى ( مىلادى 1299-1300-يىلى ) ئىكەنلىگى قەيت قىلىنىدۇ.

185. «بلده‌حليبه »( بەلدەت تەيىبەت- گۈزەل شەھەر ) بۇ جەمئىسى 10 ھەرىپتىن تۈزۈلگەن ئەبجەد بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەدلىرى 867، يەنى ھجىرى 867-يىلى ( مىلادى 1463-يىلى ) بولىدۇ. بىراق ئەسلى قولىيازمىدىكى يۇقىرقى

ئەبجەد ھەرپىلىرىنىڭ ئاستىغا قىزىل سىيادا 857، يەنى ( ھىجرى 857-يىلى ) دىگەن ئەدەد يېزىلغان. دىمەك، قولىيازمىدا ئەبجەد بىلەن ئەدەد ئوخشمايدۇ. ئەگەر ئەدەدنى ئاساس قىلساق، «بلدەحلىبە» دىگەن سۆز بولماستىن بەلكى «بلدەحلبە»(بەلدەت تەببەت- پاكلانغان شەھەر، بويسۇندۇرۇلغان شەھەر ) دىگەن سۆز بولىدۇ. بۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئەبجەد ۋە ئەبدەدلىرى (857) ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەتخان سانى ئىستانبول شەھرىنى ھىجرى 857-يىلى (مىلادى 1453-يىلى) بويسۇندۇرغان ئىكەن. بۇ يىلنامە بولسا تارىخى پاكىتلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

186. سەلجۇقىيە- ھىجرى 429-يىلى ( مىلادى 1038-يىلى ) ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ باشلىغى توغرۇلبېك بىننى مىكائىل بىننى سەلجۇق تەرىپىدىن قۇرۇلغان سەلجۇقىيان ئىران، ھىجرى 477-يىلى ( مىلادى 1084-يىلى ) سۇلايمان بىننى قاتلىمىش بىننى ئىسرائىل بىننى سەلجۇق تەرىپىدىن قۇرۇلغان سەلجۇقىيان رۇم، ھىجرى 632-يىلى ( مىلادى 1235-يىلى ) قاۋرۇدبىننى چاغرىبېك بىننى مىكائىل بىننى سەلجۇق تەرىپىدىن قۇرۇلغان سەلجۇقىيان چىرمان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسلا سەلجۇقىيە سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

187. سامانىيە- مىلادى 874-يىلى سامانىلار ئەۋلادى ئىسمائىل بىننى ئەخمەت سامانى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ۋە مىلادى 999-يىلى قاراخانىلار سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

188. خۇارەزىم شاھىيە- ھىجرى 491-يىلى ( مىلادى 1098-يىلى ) قۇتبىدىن مۇھەممەت بىننى ئانۇشتېكىن تەرىپىدىن قۇرۇلغان دۆلەت بولۇپ، بۇ ھىجرى 617-يىلى ( مىلادى 1220-يىلى ) جالالىددىن بىننى قۇتبىدىن مۇھەممەتخان سانى دەۋرىدە چىنگىزخاننىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن يوقالغان. بەزىلەر ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرىدىن بولغان غىياسىددىن ۋە روكنىددىن شاھلار ھۆكۈم سۈرگەن ھىجرى 628-يىلى ( مىلادى 1231-يىلى )غىچە بولغان ئارلىقنىمۇ خارەزىم شاھىيە دەۋرى دەپ ھىساپلايدۇ.

189. چىغتائىيە( چاغاتائىيە )- ئاپتور بۇ جايدا چىنگىزخاننىڭ 2-ئوغلى چاغاتايخان ( مىلادى 1242-يىلى ۋاپات بولغان ) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان « چاغاتاي ئۇلۇسى » دەۋرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ دەۋر بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادا ( ماۋارائۇننەھرى رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى ) چاغاتايخاننىڭ ئوغلى قاراھالاكۇ مىلادى 1242-يىلى سەمەرقەنتتە تەختكە چىققان ۋاقتىدىن مىلادى 1369- يىلى ئەمىر تېمۇركوراگانى (تېمۇرلەڭ) تەختكە چىققان ۋاقتىغىچە داۋاملاشقان. شىنجاڭ رايونىدا بولسا مىلادى 1227-يىلى چاغاتايخان بەشبالىق ( ھازىرقى جىمسار تەۋەسىدە ) شەھىرىدە تەختكە چىققان ۋاقتىدىن تا مىلادى 1682-يىلى ئۇنىڭ ئەۋلادى ئىسمائىل خان تەختتىن چۈشكەن ۋاقتىغىچە داۋاملاشقان. چاغاتاي ئەۋلادى شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن بۇ 455يىل ئىچىدە، مىلادى 1320-يىلى ئۇنىڭ ئەۋلادى ئېسەن بۇقا ( مىلادى 1330-يىلى ۋاپات بولغان ) ئالمىلىق شەھىرىدە « چاغاتاي خانلىقى »نى جاكارلىغان، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى كەينى-كەينىدىن موغۇلىستان (مىلادى 1348-1514-يىلى)، يەركەن خانلىقى ( 1514-1682-يىلى ) قاتارلىق خانلىقلارنى قۇرغان ئىدى.

190. تېمۇرىيە- ئاپتور بۇ جايدا مىلادى 1369-يىلى تۈركلەشكەن مۇغۇل بارلاس قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئەمىر تېمۇر كوراگانى تەرىپىدىن سەمەرقەنتتە قۇرۇلغان ۋە مىلادى 1510-يىلى ئۆزبەك قەبىلىسىگە مەنسۇپ شەيبانى تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەيبان خانلىقىغىچە بولغان دەۋرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ ئارلىقتا بىر بىرىگە بويى سۇنمايدىغان بىر قانچە پادىشالىقلار مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە تېمۇر ئەۋلادى ئەبۇسەئىد تەرىپىدىن قۇرۇلغان خۇراسان دۆلىتى ( مىلادى 1468-1507-يىلى ) بار.

191. رۇم بىننى ئەيس بىننى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام- رىۋايەتلەردە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئوغلى ئەيسنىڭ ئوغلى. بەزى رىۋايەتلەردە رۇم شەھىرىنى ( ئىستانبۇلنى ) دەل مۇشۇ كىشى بىنا قىلغان دەپ بايان قىلىنىدۇ. ھازىرقى ئىسرائىلىيەلىكلەر ئۆز نەسەبلىرىنى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامغا باغلايدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇ مىلادىدىن 2018يىل، بەزى رىۋايەتلەردە 2266يىل، يەنە بەزى رىۋايەتتە 1896 يىل بۇرۇن ياشىغان دەپ بايان قىلىنىدۇ.

192. ئىقلىم- بۇرۇنقى مۇنەججىملەر پۈتۈن ئالەمنى سەككىزتىر (زۇھەل ياكى ساتۇرىن)، ئوشاي (مۇشتەرى ياكى يوپپىتىر)، كورۇد (مىررىخ ياكى مارىس)، يەشىق (قۇياش)، سەۋت (زۇھرا، چولپان ياكى ۋېنرا)، ئارزۇ ( ئاتارىد ياكى مىركورى)، يالچىق ( ئاي ياكى قەمەر)، قاتارلىق ئاسماندىكى يەتتە سەييارىغا تەقلىت قىلىپ يەتتە ئىقلىمغا ھەم قوزى (ھەمەل)، ئۇي (سەۋر)، ئاراندىز (گېزەك ياكى جەۋزا)، قوچىق (سەرەتان)، بارس (ئارسلان ياكى ئەسەد)، بۇغداي بېشى (سۇنبۇلە)، ئۆلكو (تارازا ياكى مىزان)، چايان (ئەقرەپ)، يا (قەۋس)، ئوغلاق (تىكە ياكى جەددى)، كونەك (سوغا ياكى دەلۋە)، بالىق (ھۇت)، ئون ئىككى بورجغا (نۇقتىغا) بۆلگەن.

193. بۇرۇنقى مۇنەججىملەر ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئاسماندىكى يەتتە سەييارىدىن زوھەل سەييارىسى بولسا بەخت يولتۇزى، مۇشتەرى سەييارىسنى بولسا مەئىشەت يۇلتۇزى، مىررىخنى بولسا غەزەپ يۇلتۇزى، يەشقنى بولسا يۇرۇقلۇق يۇلتۇزى، زوھرانى خوشاللىق يۇلتۇزى، ئارزۇنى بولسا تىلەك يۇلتۇزى، يالچىق (ئاي)نى بولسا ئاشىق يۇلتۇزى دەپ ھىساپلىغان. ئاپتور بۇ جايدا 6-ئىقلىمدىكى ئاتارىد (ئارزۇ) يۇلتۇزىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

194. مەلكەئى فەرەك (فەرەك مەلىكسى)- (137-ئىزاھاتقا قارالسۇن).

195. فۇرسەت سائىپ- ئاپتور بۇ جايدا مىلادى 1870-يىلى ۋە 1873-يىلى ئىككى قېتىم قەشقەرگە كەلگەن ئەنگىلىيە ئەلچىسى فۇرسەئىتنى كۆرستىدۇ.

196. رۇستەمى داستان- (157-ئىزاھاتقا قارالسۇن)

197. سام- (سام بىننى يافەس بىننى نوھ) قەدىمقى ئىراننىڭ رىۋايەت دىۋىرىدىكى ئىران قەھرىمانى رۇستەمنىڭ بوۋىسى.

198. نەرىمان- قەدىمقى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى ئىران قەھرىمانى رۇستەمنىڭ ئەجدادى ۋە سامنىڭ دادىسى. ئۆز ئەجدادلىرىدىن بۇيان ئىراننىڭ سىستان ۋە زابىلىستان ھاكىمى بولۇپ كەلگەن.

199. شى شى گۈڭ- ئاپتور ئەسلى بۇ جايدا ئۈرۈمچىلىك خەنزۇ ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان شۈي شۈەگۈڭنى كۆرستىدۇ. بۇ مىلادى 1864-يىلى ئۈرۈمچى خۇيزۇلار قوزغىلىڭى پارتىلىغان چاغدا، ئۈرۈمچىدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ، نەنسەننى بازا قىلىپ، خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان. كېيىنچە مۇھەممەت ياقۇپ بېك (بەدۆلەت) بىلەن بىرلىشىپ، بۇ قوزغىلاڭنى رەھىمسىز باستۇرۇشقا قاتناشقان ۋە ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى ماددى ئەشيالار بىلەن تەمىنلىگەن. ياقۇپ بېك يوق قىلىنغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ كۆتۈرۈلگەن.

200. دەقيانۇس شەھرى- بۇ جايدا ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ غەربىدىكى ئۈلانباي دىگەن جايدىكى قەدىمقى ئۈرۈمچى شەھرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە بۇ شەھەر «رۇمچە»، خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەرلەردە «لۈنتەي» (轮台) دەپ ئاتالغان. بەزى ئەسەرلەردە بۇ شەھەر يەنە تۇرپاندىكى دەقيانۇس شەھرىنىڭ نامىغا تەقلىت قىلىپ، «دەقيانۇس شەھرى؛ دەپمۇ ئاتالغان.

201. «دىۋان فۇزۇلى» - بۇ جايدا مۇھەممەت بىننى سۇلايمان فۇزۇلى تەرىپىدىن يېزىلغان «كۇللىيات فۇزۇلى» ناملىق ئەسەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. فۇزۇلى مىلادى 1563- يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان.

202. داخۇ ۋە شوخۇ بۇ جايدا مىلادى 1862- يىلى پارتىلىغان شەنشى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىغى بەيياڭخۇ ئاكا- ئۇكىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەياڭخۇ مىلادى 1873- يىلغىچە شەنشى، گەنسۇ، چىڭ خەي ئۆلكىلىرىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم شىددەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. 1873- يىلى 3- ئايدا شىنجاڭغا چېكىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى تۈپەيلىدىن روسىيەگە قاچقان.

203. لەندەن – بۇ جايدا ئەنگلىيەنىڭ پايتەختى لوندون شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

204. بۇزۇ جەمھۇر – مىلادى 224- يىلى ئەردەشىر بابكان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 20- پادىشاسى نۇشىرۋان بىننى قاباد (مىلادى 541-579- يىللىرى تەختتە تۇرغان) نىڭ ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ ئەقىل ۋە ھېكمەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ داناسى ئىدى. ئۇ ھىندى تىلىدە يېزىلغان بىر مۇنچە كىتاپلارنى پەھلىۋى تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ساسانىلار مەدەنىيىتىنىڭ شۆھرىتىنى ئالەمگە تارقاتقان. مىلادى 591- يىلى ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 21- پادىشاسى ھۇرمۇزرابىئەبىننى نوشىرۋان دەۋرىدە ۋاپات بولغان.

205. بەش پادىشا ۋە خان – بۇ جايدا 1864- يىلى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قوزغالغان پۈتۈن شىنجاڭ دېخانلار قوزغىلىڭى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن كۈچاردىكى راشىدىن خان (خان خوجا)، قەشقەردىكى قىرغىز سىدىقبەگ، خوتەندىكى مۇپتى ھەبىبۇللاخان (ھاجى پادىشا)، ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلىپە (تۇمىڭ)، غۇلجىدىكى ئىلى سۇلانىلىغى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

206. مىرزا سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا – ئەمىر تېمۇر كوراگانى ئەۋلادى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خوراسان دۆلىتىنىڭ پادىشاسى، ئەلشىر ناۋايىنىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ، مىلادى 1470- يىلىدىن 1505- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

207. زۇڭتۇڭ دارىن – ئاپتورنىڭ بۇ جايدا كىمنى كۆزدە تۇتقانلىقى مەلۇم ئەمەس. بىراق ئۇ «تارىخى ھەمىدى» نىڭ بەزى جايلىرىدا ئۇنى لەنجۇ ئۆلكىسىنىڭ باش ۋالىسى دەپ بايان قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق بولمىغان تەقدىردە، زۇڭتۇڭ دارېن دىگەن ئادەم بەلكى شۇ چاغدا شەنشى- گەنسۇ رايۇنىنىڭ باش ۋالىسى قوشۇمچە چىنخەي ئامبىلى زوزۇڭتاڭ بولسا كېرەك. لېكىن زوزۇڭتاڭ بۇ چاغدا شىنجاڭغا كەلمىگەن. بۇ چاغدا ئاقسۇغا كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بولسا يوئىن خۇ قاتارلىقلار ئىدى.

208. دۆڭ دارپىن ـ ئاپتور بۇ جايدا چىك سۇلالىسىنىڭ بۇ چاغدا شىنجاڭغا ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى لىيوجىنتاڭغا قاراشلىق دۆڭ فۇشياڭ دىگەن ھەربىي ئەمەلدارنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

209.«نەفها تۇلئەنس» ـ ئىرانلىق ئاتاغلىق ئەدىپ ئابدۇراخمان جامى (ملادى 1493ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن ئاتاغلىق ئەدىپ ـ شائىرلار دىنى ئۆلىما ۋە خوجا ئىشانلارنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

210. قادىرىيە ــ (10ـ125ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن).

211. چەشتىيە ــ مىلادى 10ـ ئەسىردە سۈرىيەلىك ئىۋەج ئەبۇ ئىسھاق شامى (مىلادى 940ـ يىلى) ۋاپات بولغان تەرىپىدىن خوراساننىڭ چەشتى دىگەن يېرىدە تۇرغۇزۇلغان بىر تەرىقەتچىلىك مەسلىگى. مىلادى 12ـ ئەسىردە خوراسانلىق مۇئەنىددىن چەشتى (1142ـ1236ـ يىلى) تەرىپىدىن كېڭەيتىلىپ، «چەشتىيە» دىگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مەسلەك ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق جايلارغا تارالغا. مىلادى 19ـ ئەسىردە شىنجاڭ رايونىغا تارالغان.

212. موللا ئىبراھىم ۋە قازى كالان ــ ياقۇپ بەگ (بەدۆلەت) زامانىدا ئۆتكەن خوتەن مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدىكى خوتەن ھاكىمى نىياز ھاكىم بەگنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىغى ئۈچۈن، ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان. ھازىر خوتەندە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى بار.

213. رەببانى ــ مىلادى 16ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ھىندىستانلىق ئەھمەت فارۇقى سەرھەندى (214ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن) تەرىپىدىن تۇرغۇلۇزلغان تەرىقەت سۇلۇكى بولۇپ، بۇلار ئۆزلىرىنى «ساپ ئېتىقاتچىلار» دەپ ھىساپلايدۇ.

ئېتىقات جەھەتتىن نەخشە بەندىيە سۇلۇكىگە مەنسۇپ بولۇپ، سۇننى مەزھىپى بىلەن تەرىقەت سۇلۇكىنى كېلىشتۈرمەكچى بولىدۇ. تارىخى ھىجرىنىڭ توپ-توغرا 101- يىلى تۇغۇلغانلىقى ئۇچۇن مۇجەددىي ئەلگە سانى (ئىككىنچى مىڭنى يېڭىلىغۇچى) دېيىلىدۇ.

214. ئەھمەت فارۇقى سەرھەندى – ھىندىستاندا كەڭ قاراقالغان رەببانى ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ، مىلادى 1546- يىلى 6- ئاينىڭ 26- كۈنى سەرھەندە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ ياشلىق دەۋرىدە ھەدىس ۋە تەپسىر ئۆگىنىپ، چوڭقۇر دىنىي بىلىمگە ئىگە بولغان ۋە چەشتىيە (211- ئىزاھاتقا قارالسۇن) ھەم مىلادى 12- ئەسىردە باغاتلىق نەجىب سۇھرەۋەردى (مىلادى 1168- يىلى) ۋاپات بولغان بولغان. تەرىپىدىن تۇغۇزۇلغان. ئۆمەر سۇھرەۋەردى(مىلادى 1145-1234- يىلى) تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلغان سۇھرەۋەردىيە تەرىقەت سۇلۇكىگە كىرگەن. كېيىنچە نەشە بەندىيە سۇلۇكىگە كىرگە ۋە بۇ سۇلۇكنىڭ ھىندىستاندىكى ئاساسى پېشىۋاسى سۈپىتىدە رەببانى سۇلۇكىنى تەشكىل قىلغان. شۇنداقلا «مۇجەددىد ئەلىف سانى» (ئىككى مىڭىنچى جەدىد) ۋە «قۇتبى غەۋس سەمەدانى» )مەڭگۈ قۇتىپ ۋە غەۋس) دەپ ئاتالغان. بۈيۈك موغۇل سۇلالىسىنىڭ 4- پادىشاسى سۇلايمانشاھ جاھانگىر دەۋرىدە (مىلادى 1603-1617- يىلى) ۋاپات بولغان.

215. مىرزا ئابدۇلقادىر بىيدىلى- ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان بارلاس قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئاتاغلىق شائىر بولۇپ، ھىندىستاننىڭ ئەزىم ئاباد شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى بىنگال شەھرىدە ئۆتكۈزۈپ،«رۇقائات بىيىدىلى» ، «دىۋان بىيدىلى» ، «نىكات بىيدىلى» ،«ھىمار ئۇنسۇر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. بىر مەزگىل بۈيۈك موغۇل سۇلالىسىنىڭ 11- پادىشاسى شاھ جاھان سانى (مىلادى 1717-1718- يىلى) ئوردىدا خىزمەت قىلغان. مىلادى 1721- يىلى جاھان ئابات شەھرىدە ۋاپات بولغان.

216. ياپونىيە – مىلادى 1797- يىلى تېمۇرلەڭ ئەۋلات زاھىرىددىن مۇھەممەت بابۇرنىڭ مىرزا شېيخ تەرىپىدىن قۇرۇلغان كۈچلۈك سۇلالە بولۇپ، تارىختا «موغۇل سۇلالىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەم موغۇلىستاننىڭ 9- پادىشاسى

يۇنۇسخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، «كوراگانلىق» مەنسۇپنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، «كوراگانى سۇلالىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سۇلالە جەمئىي 15 پادىشا ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، مىلادى 1767 ـ يىلى شاھ ئالەم سانى دەۋرىگە كەلگەندە يۇقالدى.

217. جوراس – موغۇل ئويراي قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادى 17 ـ ئەسرنىڭ ئاخىرىدا كۆچىيىپ، مىلادى 1670 ـ يىلى غالدان رەھبەرلىكىدە كۈچلۈك بىر ھۆكۈمەت قۇرغان. ئۇنىڭ پايتەختى ئىلى شەھرى ئىدى. مىلادى 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

218. كىيان پادىشالىرى – بۇ جايدا ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ كەيقباد، كەيكاۋۇس، كەيخىرە، لىھراسپ، كۇشتاسپ، بەھمەن، ھامان (ھاماي) ، داراپ، دارا، ئىسكەندەر قاتارلىق پادىشالىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

219. تاجىك شاھلىرى – بۇ جايدا ئەرەپ ۋە پارس ئۇلۇسىنىڭ شاھلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (140 ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن).

220. ئەلەۋىلەر – ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ ، يەنە «نۇشەيرىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسلەك مىلادى 9 ـ ئەسىردە ئەئەممە ئىمامىيەنىڭ ئونىنچىسى ئىمام ئەلى ھادى ـ نەقى (78 ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن)نىڭ يېقىنى ىبنى مۇسەيىر تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان بىر مەزھەپ بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىنى ئاللانىڭ ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى كۆرۈنۈشى دەپ ھىساپلاپ، ئۇنى مۇھەممەت پەيغەمبەردىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇلار ئەلى، مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋە نۇسەيرىنى بىردەك ئىلاھلاشتۇرىدۇ.

221. ئەبەيدۇللاخان غازى – مىلادى 1498 ـ يىلى شاھى بېك خان (شەيبانى خان) تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۆزبېك خانلىقى (شەيبانى خانلىقى) نىڭ 4 ـ پادىشاسى بولۇپ، مىلادى 1531 ـ 1539 ـ يىللىرى ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن.

222. داۋۇۋاڭ – بۇ جايدا مىلادى 1644- يىلى قۇرۇلغان چىك سۇلالىسىنىڭ 6- پادىشاسى داۋگۇاڭ (چىك شۈەنزۇڭ) كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك. ئۇ مىلادى 1821- يىلى تەختكە چىقىپ، مىلادى 1850- يىلى ۋاپات بولغان.

223. بۇ يەردە بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى پادىشا داۋگۇاڭ 32 يىل ئەمەس 15 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى.

224. بۇ جايدا ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى مىلادى 1644- يىلى قۇرۇلغان چىك سۇلالىسىنىڭ 7- پادىشاسى شيەنفېڭ خان ئون ئىككى يىل ئەمەس، بەلكى 13 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

225. تۇڭجى خان بۇ جايدا مىلادى 1644- يىلى قۇرۇلغان چىك سۇلالىسىنىڭ 8- پادىشاسى تۇڭجىڭ (چىك مۇزۇڭ) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ مىلادى 1862- يىلدىن 1874- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

226. يەتتە شەھەر تۇنگانلىرى تۇڭجىڭخاننىڭ 7- يىلى (مىلادى 1868- يىلى) ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ 3- يىلى (مىلادى 1864- يىلى) قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى.

227. كاڭشۈي – بۇ جايدا مىلادى 1644- يىلى قۇرۇلغان چىك سۇلالىسىنىڭ 9- پادىشاسى گۇاڭشۈي (چىك دې زۇڭ) كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ مىلادى 1875- يىلدىن 1908- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

228. بەرەھمەن – بۇ ئەسلىدە ئەنەتكەلەك (سانسكرىت – ھىندى) تىلىدىكى «ساپ» دىگەن سۆز بولۇپ، مىلادىدىن 2 مىڭ يىل بۇرۇن ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالدا ياشايدىغان ئارىئانلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن بىر دىنىي ئېقىم ئىدى. بۇ دىنىي ئېقىم دەسلەپتە ھەر خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئۆز ئەجداتلىرى، ئەجداتلىرى ئىچىدىكى قەھرىمانلار، كۆن، ئاي ۋە يۇلتۇزلار، قار، يامغۇر، چاقماق قاتارلىق ھادىسىلەرگە سەجدە قىلىدىغان بىر خىل باشلانغۇچ دىن ئىدى.

شۇڭلاشقا، ئەرەپچە، پارىسچە ۋە چاغاتايچە ئىبتىقات قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىلا «بەرەھمەن» دىگەن نام بىلەن ئاتالغان. بەزى ئەسەرلەردە مىلاددىن بۇرۇنقى 6ـ 5ـ ئەسىرلەردە شەكىيامۇنى (بەزىلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 485ـ565ـ يىلى، بەزىلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 544ـ623ـ يىلى دىسە، يەنە بەزىلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 543ـ622ـ يىللىرى ئارلىغىدا ياشىغان دەيدۇ) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان بۇددا دىنى تەرەپتارلىرىمۇ «بەرەھمەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

229. لى خۇ جاڭ – بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىدىكى مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ بىرى ۋە جىرلى (خېبېي) ئۆلكىسىنىڭ باش ۋالىسى ئىدى.

230. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا غەربىي رايۇننى تىنجىتىش تەكلىۋىنى قويغان كىشى لى خۇ جاڭ بولماستىن، بەلكى شەنشى ـ گەنسى رايۇنىنىڭ باش ۋالىسى، قوشۇمچە چىنچەي ئامبىلى زۇزۇڭتاڭ ئىدى.

231. چىڭ جاڭجۈن – ئاپتور بۇ جاردا 1880ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئىلى رايۇننى چارروسىيەدىن قايتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھەربىي ئەمەلدارى جىن شۈن كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك. بىراق بۇ 40 مىڭ قوشۇن بىلەن ئەمەس، بەلكى 20 مىڭ قوشۇن بىلەن كەلگەن ئىدى. ئەمما چىڭ سۇلالىسى 1877ـ يىلى شىنجاڭغا دەسسەپ قوشۇن ئەۋەتكەندە، چىڭ جاڭجۈن نامىلىق بىرەر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

232. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى بۇ جايدا تىلغا ئېلىنمىغان «لەنجۇ سېڭىنىڭ زۇڭتۇڭ دارېنى يىگىرمە مىڭ چېرىك بىلەن لۇشەي دارېنغا قوشتى» دىگەن سۆز تارىخى مەلۇماتلارغا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ جايدا تىلغا ئېلىنغان زۇڭتۇڭ دارېن (زۇزۇڭتاڭ) لوشەي دارېنغا (لىيۇجىنتاڭغا) قوشۇلغان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ھەربىي

ئەمەلدار بولماستىن، بەلكى چىك سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونىغا يۈرۈش قىلغان بارلىق قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ئىدى.

233. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى داخۇ ۋە شوخۇ (202ـ ئىزاھاتتا قارالسۇن) ماخالۇڭ (132ـ ئىزاھاتتا قارالسۇن)نىڭ باتۇرى بولماستىن، بەلكى شەنشى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئىدى. بۇلار گەنسۇ رايونىغا كېلىپ ئۇرۇش قىلغان چاغدا، ماخالۇڭ ئاللاقاچان ئۆلگەن ئىدى.

234. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى بۇ چاغدا (مىلادى 1875ـيىلى) زوزۇڭتاڭ گەنسۇنىڭ سۇجۇ دېگەن يېرىدە، جاڭ ياۋخۇ قۇمۇلدا، لىيوجىنتاڭ فۇكاڭ ۋە گۇچۇڭدا تۇراتتى.

235. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى «زۇڭتۇڭ دارىن» (زوزۇڭتاڭ) بۇ جايدا بايان قىلىنغاندەك مىلادى 1877ـيىلى شىنجاڭغا كەلگەن بولماي، بەلكى سۇجۇدا تۇراتتى. پەقەت 1880ـيىللا قۇمۇلدا ئىككى ئاي تۇرۇپ، ئاندىن ئوردىغا چاقىرتىلغان. ئۇ بۇ جايدا بايان قىلىنغاندەك قەشقەر تەرەپكە تېخمۇ ئۆتمىگەن ئىدى.

236. لاۋيىڭ ئاۋچۇ- بۇ قايسى ئەمەلدارنىڭ نامى ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ چاغدا ئۈچتۇرپان ئارقىلىق قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان ھەربى ئەمەلدار بولسا لىيوجىنتاڭغا قاراشلىق خۇاڭۋەن پىڭ دېگەن ئىدى.

237. ئەلىپ بەگ- بۇ ئەسلىدە سىرىق قول تاجىكلىرىنىڭ ھاكىم بېگى بولۇپ، مىلادى 1877ـيىلىدىن كېيىن ھېكىم خان تۆرە باشلىق بەدۆلەتنىڭ قالدۇق كۈچلىرى چېگرا ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، يەتتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ بەدۆلەت پادىشالىغىنى تىرىلدۈرمەكچى بولغان چاغدا، ئۇلار بىلەن باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان. كېيىنچە چىك سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

238. سەففاھ- يەنى ھجىرى 132-يىلى (مىلادى 749-750-يىلى) ئەبۇمۇسلىم خۇراسانى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەپ ئابباسىيە خەلىپىلىگىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس سەففاھ ئابدۇللابىننى مۇھەممەت بىننى ئەلى بىننى ئابدۇللابىننى ئابباس. ھجىرى 136-يىلى (مىلادى 753-754-يىلى)غىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

239. ئۆمەرئابدۇل ئەزىز- ھجىرى 41-يىلى (مىلادى 662-يىلى) مۇئاۋىيەبىننى ئەبۇسوفيان تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەپ ئۇمەييە خەلىپىلىگىنىڭ 8-خەلىپىسى بولۇپ، ھجىرى 99-يىلى (مىلادى 717-718-يىلى) تەختكە چىقىپ، ھجىرى 101-يىلى (مىلادى 719-720-يىلى)غىچە ھۆكۈم سۈرگەن(175-ئىزاھاتقا قارالسۇن).

240. يەزىدبىننى مۇئاۋىيە- ئەرەپ ئۇمەييە خەلىپىلىگىنىڭ 2-خەلىپىسى. ھجىرى 60-يىلى (مىلادى 679-680-يىلى)دىن ھجىرى 64-يىلى (مىلادى 683-684-يىلى)غىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

241. ئابدۇمۇلىك بىننى مەرۋان- ئەرەپ ئۇمەييە خەلىپىلىگىنىڭ 5-خەلىپىسى. ھجىرى 65-يىلى (مىلادى684-685-يىلى)دىن ھجىرى 86-يىلى (مىلادى 705-يىلى)غىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

242. ھەشام بىننى ئابدۇملىك- ئەرەپ ئۇمەييە خەلىپىلىگىنىڭ 10-خەلىپىسى. ھجىرى 105-يىلى (مىلادى 723-724-يىلى)دىن ھجىرى 125-يىلى (مىلادى 743-يىلى)غىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

243. سۇلايمان بىننى ئەلى بىننى ئابدۇللا بىننى ئابباس- ئەرەپ ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس سەففاھ ئابدۇللابىننى مۇھەممەتنىڭ (238-ئىزاھاتقا قارالسۇن) تاغىسى.

244. بەسەرە- ئەرەپ ئۇمەييە ۋە ئابباسىيە سۇلالەلىرىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە ئىراققا قارايدۇ.

245. مۇھەممەت بىننى ئابدۇلمۇلىك-(241- ئىزاھاتقا قارالسۇن).

246. ئۆمەر بىننى يەزىد-(175-ۋە 239- ئىزاھاتقا قارالسۇن).

247. ئابدۇللا بىننى سۇلايمان- ئەرەپ ئۇمەييە خەلىپىلىگىنىڭ 7-خەلىپىسى سۇلايمان بىننى ئابدۇلمۇلىك (مىلادى 715-718-يىلى) نىڭ ئوغلى.

248. بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى ھىجرى 1260-يىلى (مىلادى 1844-يىلى) شىيەنفېڭ خان دەۋرى بولماستىن بەلكى داۋگۇاڭ خاننىڭ 24-يىلى ئىدى.

249. نوشىرۋان ئادىل- مىلادى 224-يىلى قۇرۇلغان ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ 20-پادىشاسى بولۇپ، ئۇ تارىختا ئۆزىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن «نوشىرۋان بۈيۈك» ۋە «نوشىرۋان ئادى» دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەت قازانغان. بۇزۇر جەمھۇر (204- ئىزاھاتقا قارالسۇن) ئۇنىڭ ۋەزىرى ئىدى.

250. چىنى ماچىن – بۇ جايدا بىر ئېنىقسىزلىق بار. چۈنكى ئىسكەندەر رۇمى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياكى ئالېكساندىر ماكېدونسكى) ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىغا پادىشاسى بولماستىن، بەلكى قەدىمقى ماكېدونىيە پادىشاسى بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 356- يىلى ماكېدونىيەنىڭ پايتەختى ( پىلا شەھىرىدە دۇنياغا كېلىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 323- يىلى 33 يېشىدا ۋاپات بولغان. پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشالىرى

كيومپرىس ھۆشەنگ، توھمارس (تۇمرس)، جەمشىد، زاھاك، فەرىدۇن، مىنۇچەھرە، نەۋزەر، ئەفراسىياپ، زاپ، كىرشاسىپ بولۇپ،بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسكەندەر دىگەن پادىشانىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

252. ئۇيغۇر ۋىلايىتى – بۇ جايدا تۇرپان ۋە ئۇنىڭ جەنۇبى، غەربى جەنۇبىدىكى رايۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى بۇ جايلار بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ (54- ئىزاھاتقا قارالسۇن) زىمىنى ئىدى.

253. رۇمچە – چاغاتاي تىلىدە يېزىلغان تارىخى ئەسەرلەردە، قەدىمقى ئۇرۇمچىنىڭ نامى مۇشۇنداق يېزىلىدۇ (200- ئىزاھاتقا قارالسۇن).

254. چۆچەك – ئەسلى قولىيازمىدا «چوگلەر» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «تارىخى ئەمنىيە» دە بولسا «چۆچەك» دەپ يېزىلغان. شۇڭلاشقا بۇ جايداد «چۆچەك» دەپ يازدۇق.

255. ئەبۇر ئەسىر سامانى - (111- ئىزاھاتقا قارالسۇن)

256. خوجا مۇھەممەت شېرىق پىر بۇزرۇكۋار – (119- ئىزاھاتقا قارالسۇن)

257. ئىمام جەئفىرسادىق رەھىيۇللا ئەنھۇ – (173- ئىزاھاتقا قارالسۇن)

258. ئىمام مۇھەممەت باقىر – ئەئەممە ئىمامىيە (12ئىمام) نىڭ 5- ئىمامى بولۇپ، ئىمام مۇھەممەت جەئفىرسادىقنىڭ (173- ئىزاھاتىغا قارالدۇن) دادىسى ھىجرى 57- يىلى (مىلادى 676- يىلى) مەدىنەشەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياشلىقىدىن باشلاپ ناھايتى بىلىملىك بىر زات بولۇپ يېتىشىپ، باشقىلارنىڭ زور ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۆمرىنىڭ بىر قىسمىنى زىنداندا ئۆتكۈزۈپ، ھىجرى 113- يىلى (مىلادى 731- يىلى) ۋاپات بولغان ۋە

مەدىنە شەھرىدىكى بەقەئە قەۋرىستانلىقىدا دادىسى بىلەن ئىمام زەينۇلئابىدىن نىڭ ئايىغىدا ۋە ئەجدادى ئىمام ھەسەن بىننى ئەلىنىڭ يېنىدا دەپنە قىلىنغان.

259. ئىمام زەينۇلئابىدىن بىننى ئىمام ھۈسەيىن – ئەئەممە ئىمامىيە (12 ئىمام) نىڭ 4- ئىمامى بولۇپ، ئىمام مۇھەممەت باقىرنىڭ (158- ئىزاھاتقا قارالسۇن) دادىسى. ھىجرى 46- يىلى (مىلادى 666- يىلى) دۇنياغا كەلگەن. 15 يېشىدا شام( سۇرىيە) گە كەلگەن . كېيىنچە يەنە مەدىنە شەھرىگە قايتىپ زاھىتلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن. ئۇممەيە خەلىپىلىگىنىڭ خەلىپىلىرى ھەر دائىم ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى. ھىجرى 94- يىلى زۇلھەججە ئېيىدا (مىلادى 713- يىلى 8- ئايدا) مەدىنە شەھرىگە ۋاپات بولۇپ، بەقەئە گۆرىستانلىقىدا تاغىسى ئىمام ھەسەننىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلىنغان.

260. سۇلتان مەھمۇت غەزنىۋى – يەنى سۇلتان مەھمۇت بىننى سەبۇكتېكىن غەزنىۋى. ھىجرى 357- يىلى (مىلادى 968- يىلى)غەزنە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن .ھىجرى 387- يىلى (مىلادى 992-1012- يىلى) ۋە يۇسۇپ قادىرخان (مىلادى 1031- يىلى ۋاپات بولغان) لار بىلەن بەزى جەڭ- جېدەللەرنىمۇ قىلىشقان. ھىجرى 421- يىلى (مىلادى 1030- يىلى) غەزنە شەھرىدە ۋاپات بولغان.
261. شېيخ جۇنەيە باغدادى – مىلادى 820- يىلى باغداتتا دۇنياغا كەلگەن. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شافى مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ئىمام شافىدىن دەرس ئاڭلىغان ئىكەن. ياش ۋاقتىدا ھەر خىل ئىلىملەرنى پىششىق ئۆگىنىپ، ناھايىتى شۆھرەت قازانغان. كېيىن سەرى سەقەتىنىڭ (262- ئىزاھاتقا قارالسۇن) دالالىتى بىلەن سوپىلىق مەسلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تەرىقەتچىلەرنىڭ ئۇلۇغ پېشۋاسىغا ئايلانغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ 30 قېتىم ھەج تاۋاپ قىلغان. مىلادى 911- يىلى باغداتتا ۋاپات بولۇپ، ئۇ ئۇستازى سەرى سەقەتىنىڭ ئايىغىدا دەپنە قىلىنغان.

262. سەرى سەقەتى – شېيخ جۇنەيدى باغدادىنىڭ ئۇستازى بولۇپ، تەرىقەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر پېشۋاسى ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئالىم ۋە مۇتەپپەكۇرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ھەم تەرىقەتچىنى ناھايىتى

راۋاجلاندۇرغان ئىدى. رىۋايەتلەردە ھىجرى 251- يىلى (مىلادى 865- يىلى) ياكى 257- يىلى (مىلادى 871- يىلى) باغداتتا ۋاپات بولۇپ، شۇنرى قەۋرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان ئىكەن.

263. شەھرى بەربەر – ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شەرقىتىكى ئەدەن كۆرپىزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر شەھەر. بۇ شەھەر ئەسلىدە شىمالى ئافرىقادىكى (مىسىردىن باشقا رايۇنلاردا) بەربەر دىگەن جايدا ياشىغان بەربەر قەۋمىنىڭ بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىشى مۇناسىۋتى بىلەن، «بەربەر» دىگەن نام بىلەن ئاتالغان. لېكىن «تەزكىرەئى سۇلتان قۇرمىش» دىگەن كىتاپتا ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمقى نامى«شەھەرى بەربەر» دەپ ئاتالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

264. ۋەلىد بىننى ئابدۇلمۇلۇك – ئۇمەييە خەلىپىلىكىنىڭ 6- خەلىپىسى بولۇپ، ھىجرى 86- يىلى (مىلادى 705- يىلى) دىن ھىجرى 96- يىلى (مىلادى 714-715- يىلى) غىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

265. كىبرىتى ئەمەر- ئەرەپ خىمىيەگەرلىگىدە قەيت قىلىنغان بىر خىل قىزىل گۈگۈرت ماددىسى بولۇپ، ۋنى ئېرىتىلگەن مىسقا سالسا، رەڭگى خۇددى ئالتۇن رەڭگىدەك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

266. مەنسۇرخان زامانى- بۇ جايدا موغۇلىستان خانلىغىنىڭ 12- سۇلتانى مەنسۇرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرى (مىلالدى 1503-1543- يىلى) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

267. بۇ جايدا مىلادى 1765- يىلى ئۇچتۇرپاندا كۆتۈرۈلگەن رەھمتۇللا بەگە باشچىلىقىدىكى دىخانلار قوزغىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

268. ئىمام مۇھەممەت غەززالى – يەنى ئەبۇ ھامىد مۇھەممەت بىننى مۇھممەت بىننى تۇسى، مىلادى 1059- يىلى خوراساننىڭ تۇس شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق چاغلىرى نىشاپۇردىكى جۇۋەينى (مىلادى 1028-1085- يىلى)

دىن ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. مىلادى 1085- يىلى سەلجۇقىيە سۇلتانلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك مىلادى (1030-1107- يىلى)سارىيىمغا بېرىپ خىزمەت ئىشلىگەن. مىلادى 1905- يىلدىن كېيىن مەككە، مەدىنە، قۇددۇس، ئىسكەندەرىيە قاتارلىق جايلارغا ساياھەت قىلىپ، كېيىنچە تەرىقەت مەسلىكىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەشھۇر تەرىقەت ئۆلىماسى بولۇپ يېتىشكەن ۋە تەرىقەتچىلىك بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ «ئەنئەنىۋىچىلەر» دەپ ئاتالغان سۈننى مەزھىپىنىڭ قاراشلىرىنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن، «تەھا قۇتۇل فەلاسەفە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىسلام دۇنياسىدا «ھۆججەتۇل ئىسلام ۋەزىيەنىددىن» (ئىسلامنىڭ ھۆججىتى ۋە دىنىنىڭ پىشىۋاسى» دىگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان. مىلادى 1111- يىلى ئۆز يۇرتى تۇسدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەۋرىسى بۇ جايدا چوڭ مازار زىيارەتگاھدۇر.

270. ئەلشىر يەزدانى – يەنى ئەبۇ يەزىد ئۇقەيىل بىننى ئەبۇ تالىپ. ھەزرىتى ئەلىنىڭ چوڭ ئاكىسى. مىلادى 579- يىلى مەدىنەشەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دادىسى ئەبۇلتالىپ ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەر بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن غازاتلارغا قاتناشقان. لېكىن ئۇنىڭ شەھرى بەربەر دىگەن جايدا غازات قىلغانلىقى ھەققىدە ماتېرىيال يوق. ئۇ ئۇ مۇئاۋىيە مىلادى 680- يىلى ۋاپات بولغان) دەۋرىدە دۇنيادىن ئۆتكەن.

271. ئەلى شىر خۇدا – ھەزرىتى ئەلى ئىرانلىقلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئەلەسلەر ئىچىدە (220- ئىزاھاتقا قاراڭسۇن)، يەنى «ئەلى شىرى خۇدا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تارىخى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ شەھرى بەربەردە غازات قىلغانلىقى ھەققىدە ھىچقانداق ھۆججەت يوق. ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن بىللە كېلىپ ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا جەڭ غازات قىلغانلىقى بولسا تارىختا ئۇيغۇن ئەمەس.

272. سۇلايمان ئەلەيھسسالام- رىۋايەتلەردە قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بىر رىۋايەتتە مىلادىدىن 1001يىل بۇرۇن، يەنە بىر رىۋايەتتە 1016يىل بۇرۇن ئىسرائىلىيە تەختىگە چىققان ئىكەن. بەيتۇل مۇقەددەس ۋە پايتەختى قۇددۇس شەھىرىنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، نۇرغۇن چىرايلىق سارايلار ھەم تىجارەت دۇكانلىرىنى قۇرغان،

سانائەت ۋە تىجارەتنى راۋاجلاندۇرغان، ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ دائىرىسىنى شەرقتە ئېفرات دەرياسىغىچە كېڭەيتكەن ئىكەن. ئۇ 40يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، بىر رىۋايەتتە مىلادىدىن 962يىل، يەنە بىر رىۋايەتتە 976يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىكەن.

273. شېيخ نىزامىددىن دەھلىۋى- يەنى شېيخ خوجانىزامىددىن ئەۋلىيابىننى خوجامۇھەممەت. ئۇنىڭ ئەجدادى بۇخارالىق بولۇپ «دەھبىدى» دىگەن نام بىلەن ئاتالغان. نىزامىددىن دىھلىۋى ھىجرى 633-يىلى (مىلادى 1235-1236-يىلى) ھىندىستاندا دۇنياغا كەلگەن. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بۇ جايدا ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. ھىجرى 725-يىلى (مىلادى 1325-يىلى) دېھلى شەھرىدە ۋاپات بولغان.

274. ئىبراھىم ئەدھەم- يەنى ئىبراھىم بىننى ئەدھەم. ئەسلى بەلخدە باي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت تاغ ۋە غارلاردا يەككە سەجدە-ئىبادەت ۋە كارامەتلىرىنى قىلىپ ئۆتكۈزگەن. كېيىنچە مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن شامغا بېرىپ سەجدە-ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھىجرى 261-يىلى (مىلادى 844-845-يىلى) شۇ جايدا ۋاپات بولغان.

275. تەرسۇس-ھازىرقى تۈركىيە جەمھۇرىيىتى ئاناتولى يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاتنا (ئادانا) شەھرىدىن 38كىلومېتىر غەربكە جايلاشقان بىر قەلئە بولۇپ، رىۋايەتلەردە قەدىمقى فىنكىيەلىكلەر بىنا قىلغان ئىكەن. كېيىنچە ئاروسىيە، ئىرانلىقلار ۋە ماكدونىيەلىكلەر ئۇنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ئاۋات بىر شەھەرگە ئايلاندۇرغان. ئاندىن كېيىن رۇما ئېمپېرىيەسى ۋاقتىدا بو جايدا ناھايىتى مەشھۇر بىر مەدرىس سېلىنغان. ئابباسىيە خەلىپىلىگىنىڭ 5-خەلىپىسى ھارۇن رەشت (مىلادى 786-809-يىلى) تەرسۇسنى ئىشغال قىلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. ئابباسىيە خەلىپىلىگىنىڭ 7-خەلىپىسى خەلىپە مەئمۇن (مىلادى 814-833-يىلى) بۇ جايدا ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىنغان. تەرسۇس شەھرىنىڭ غەربى شىمالىدىكى بىر تاغدا «ئەسھابۇلكەھەف غارى» بار. بۇ جاي ناھايىتى چوڭ زىيارەتگاھ بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

276. ئەدەن- ھازىرقى ئەرەپ يەمەننىڭ جەنۇبى قىرغىقى ۋە ئەدەن كۆرپىزىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان بىر شەھەر بولۇپ، زېمىنىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق ۋە ئېدىرلىق، سۇيى كەم جايلاردىن ئىبارەت. لېكىن ئاپتور بۇ جايدا ئەدەننى «ئافرىقا قىتئەسىدە» دەپ بايان قىلغان.

277. ئىسپاھان- ھازىرقى ئىراننىڭ بىر شەھىرى.

278. سۇلتان سەئىدباباخان باھادۇر- مىلادى 1638-يىلى تەختكە چىققان يەركەن خانلىقىنىڭ 9-سۇلتانى ئابدۇللاخاننىڭ بىر تۇققان ئىنىسى. بۇ چاغدا باباخان تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى باشقۇرىدىغان قاراندى سۇلتان ئىدى.

279. مۇسابىننى ئەمران- رىۋايەتلەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى. ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئەۋلادى. رىۋايەتلەردە ئۇ مىلادىدىن 1705 يىل بۇرۇن مىسىرنىڭ پايتەختى مۇنىف شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئانىسى بۇھابىس بىر ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر بۆشۈككە بۆلەپ نىل دەرياسىغا تاشلىغان. بۆشۈك مىسىر پادىشاسى پىرئەۋنلەرنىڭ سارىيىدىن ئېقىپ كېتىۋاتقاندا، پىرئەۋنىنىڭ قىزى سوفىيە ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان. كېيىن بۇ جايدا چوڭ بولغان. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا كەنئان (ھازىرقى ئىرانغا قاراشلىق) دېگەن جايغا كېلىپ ۋاپات بولغان ئىكەن.

280. داۋۇد- رىۋايەتلەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى. مىلادىدىن 1086 يىل ياكى 1071 يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن. ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان.

مىلادىدىن 1016- يىل ياكى 1001- يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىكەن.

281. زىكرىيا ـ رىۋايەتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھەزرىتى يەھيانىڭ دادىسى. پەلەستىن ۋالىسى ھىرود يەھيانى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان چاغدا، ئوغلىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەۋرىسى ھەلەب (سۈرىيەگە قاراشلىق) دېگەن شەھەردە دەپ ھېكايە قىلىدۇ.

282. بىننى ئەيس – رىۋايەتلەردە ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ (283ـ رىۋايەتكە قارالسۇن) ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن گېزەك تۇغۇلغان ئوغلى دەسلەپتە ئەببىيالىق ئەيسكە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنچە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئىدى.

283. ئىسھاق – رىۋايەتلەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىدىن 2266 يىل ياكى 2107 يىل ۋە ياكى 1896 يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن ئىكەن دەپ ھېكايە قىلىدۇ.

284. ئىبراھىم ـ رىۋايەتلەردىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەجدادى دەپ ھېكايە قىلىنىدۇ. تارىختا ئۇ يەنە «ئىبراھىم خەلىلۇللا» ، «ئەبۇلجەمھۇر» دېگەن نامالار بىلەنمۇ ئاتالغان. چۈنكى «ئىبراھىم» سۆزى قەدىمقى ئەرەپ تىلىدە «ئىب» (ئاتا)، «رەھام» (جەمھۇر) دېگەن سۆزلەردىن تەركىپ تاپقان ئىكەن. ئۇنىڭدىن ھەزرەت ئىسھاق ۋە ھەزرەت ئىسمائىل دېگەن ئىككى ئوغۇ دۇنياغا كەلگەن ئىكەن.

285. ئابابەكرى سىدىق – مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەپ خەلىپىلىگىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى بولۇپ، مىلادى 632ـ634ـ يىللىرى ئارلىغىدا ھۆكۈ سۈرگەن.

286. ئۆمەر فارۇق – مۇھەممەت پەيغەمبەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئەرەپ خەلىپىلىگىنىڭ 2ـ خەلىپىسى، مىلادى 634ـ644ـ يىلى ئارلىغىدا ھۆكۈم سۈرگەن.

287. تۆت مەزھەپ – يەنى ئىسلام دىنىدە «ئەنەئەنىۋىچىلەر» دەپ ئاتالغان سۈننى مەزھىپىنىڭ كۇفەلىك ئەبۇھەنىپە ئەلنۇئمان بىننى سابىت (ملادى 699-767- يىلى) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان «ھەنەپىيە»، مەدىنىلىك مالىك بىننى ئەنناس (ملادى 715-795- يىلى) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان «مالىكىيە» ، مەككىلىك (ئەسلىدە پەلەستىنىنىڭ غەززا شەھىرىدىن) مۇھەممەت بىننى ئىدرىس شافى (ملادى 767-820- يىلى) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان «شافىيە»، باغداتلىق ئەخمەت بىننى ھەنبەل (ملادى 7880-855- يىلى) تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلغان «ھەنبەلىيە» قاتارلىق تۆت مەزھەپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

288. «سەھىھۇل بۇخارى» - مۇھەممەت بىننى ئىسمائىل ئەلبۇخارى (ملادى 810-870- يىلى) تەرىپىدىن يېزىلغان ھەدىس كىتاۋى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى «جامەئۇل شەھىھ» بولۇپ، «سىهاھى سىتتە» (ئالتە پارچە ھەدىس) دەپ ئاتالغان ھەدىس كىتاپلىرىنىڭ ئىچىدە، بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە توغرا، شۇنداقلا، «قۇرئان» دىن قالسىلا ناھايىتى ئىشەنچىلىك كىتاپتۇر. شۇڭلاشقا ئۇ «سەھىھۇل مۇسلىم» (289- ئىزاھاتقا قارالسۇن) بىلەن قوشۇلۇپ، «سەھىھەيىن»(ئىككى پارچە راس كىتاپ) دەپ ئاتىلىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇخارى 16 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئەرەپ خەلىپىلىگىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا ساياھەت قىلىپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 600 مىڭدىن ئارتۇق سۆزنى توپلىغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر قەدەر ئىشەنچىلىك دىگەن سۆزلىرىدىن 7 مىڭ 300 دىن ئارتۇق سۆزنى تاللاپ (بەزىلەر 9 مىڭ 800 دىن ئارتۇق دەيدۇ)، 97 قىسىم (بەزىلەر 160 قىسىم دەيدۇ) 3 مىڭ 4 يۈ 50 سۆزلۈك كىتاپ يازغان. ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت 2 مىڭ 6 يۈز 32 سۆزى ناھايىتى ئىشەنچىلىك سۆز دەپ قارىلىدۇ.

289. «سەھىھۇل مۇسلىم» - خوراسانلىق مۇسلىم بىننى ئەلھەججاج (ملادى 821-875- يىلى) تەرىپىدىن يېزىلغان ھەددىس كىتاۋى بولۇپ، بۇ كىتاپ ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا تاماملانماي، بەلكى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن تاماملانغان. بۇ كىتاپمۇ «سىهاھى سىتتە» (ئالتە پارچە ھەدىس) نىڭ بىرى بولۇپ، «سەھىھۇل بۇخارى» بىلەن قوشۇلۇپ «ئەل سەھىھ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتاپنى توپلاش ئۈچۈن مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 300

مىڭدىن ئارتۇغىنى تاللاپ، بۇ ھەدىسنى يېزىپ چىققان. بۇ ھەدىس جەمئىي52 جىلد بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 4 مىڭدىن ئارتۇق سۆز (بەزىلەر 3 مىڭدىن ئارتۇق دەيدۇ) ناھايىتى ئىشەنچلىك دەپ ھىساپلىنىدۇ.

290. «شەرھى بەغەۋى» ـ ئەڭ دەسلەپكى «قۇرئان» تەپسىرلىرىدىن بىرى بولغان ئەلبەغەۋى (مىلادى 1122ـ يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «قۇرئان» شەرھى.

191. پىر ئەۋىن – (23ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن)

292. نەمرۇد ـ (24ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن)

293. ھامان – قەدىمقى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 7ـ پادىشاسى بولۇپ، بەھمەن ئىسپەندىيارنىڭ قىزى. ئۇ غايىپتىن بولغان ئوغلى دارابنى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلىغان. ئۇ بىر ئادەم تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ 30 ياشقا كىرگەندە، ھامان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، تەختى سەلتەنەتنى ئوغلى داراپقا تاپشۇرغان.

294. قارۇن ـ رىۋايەتلەردىكى بىر تارىخي شەخس بولۇپ، «تەۋرات» دا ئۇنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

295. ھەييار ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى ئابباس – ئەرەپ ئابباسلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇ ئابباس سەففاھنىڭ (238ـ ئىزاھاتقا قارالسۇن) ۋەزىرى، مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى. ھىجرى 137ـ يىلى (مىلادى 754ـ755ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

296. مۇئاۋىيە بىننى ئەبۇ سوفيان – ئەرەپ ـ ئۇممەيە خەلىپىلىگىنىڭ 174 ـ ئىزاھاتتا قارالسۇن) تۇنجى خەلىپىسى. مىلادى 600 ـ يىلى مەككە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 680 ـ يىلى دەمەشىقتە ۋاپات بولغان.

297. ھەببە ئىبنى مۇنبە – ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرى.

298. كەئبۇل ئەخبار ـ ئەبۇ ئىسھاق كەئەب بىننى مەنئە. ئەڭ دەسلەپكى ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىدىن بىرى. خەلىپە ئۆمەرت دەۋرىدە 32 يىشىدا ۋاپات بولغان.

299. ئىبنى ئەساكىر دەمەشقى – يەنى پەخرىددىن ئەبۇ مەنسۇر ئابدۇلراخمان بىننى مۇھەممەت، مەشھۇر فۇقۇھا ۋە ھەدىس ئالىمى. ھىجرى 582 ـ يىلى (مىلادى 1186 ـ يىلى) دەمەشىقتە تۇغۇلۇپ، ھىجرى 620 ـ يىلى (مىلادى 1223 ـ يىلى) ۋاپات بولغان.

300. ئىمام ئەبى جەئفەر تەبىرى – يەنى ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەت بىننى جەرىر. مىلادى 838 ـ يىلى تەۋرىستاننىڭ ئاقۇل (ھازىر ئىرانغا قاراشلىق) شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. 7 يىشىدا «قۇرئان» نى ياد ئېلىپ تۈگەتكەن. ئىران، ئىراق، سۇرىيە، مىسىر قاتارلىق جايلاردا ساياھەت قىلىپ، ئاخىرىدا باغداتتا يەرلەشكەن. ئۇ يېتىشكەن فۇقۇھا، تەفسىر ۋە ھەدىس ئالىمى بولۇپ، ئۇ «تەفسىرى قۇرئان» دىگەن ئەسەرنى يازغاندىن باشقا يەنە «تارىخى تەبىرى» ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا، جۈملىدىن چاغاتاي تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ مىلادى 923 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

301. ئىمام مەسئۇت بىننى ئەسىر – يەنى ئەبۇلھەسەن ئەلى بىننى ئەبۇلكېرەم، ھىجرى 555 ـ يىلى (مىلادى 1160 ـ يىلى) ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ ئىبنى ئۆمەر شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھاياتىدا «تارىخي كامىل» ناملىق 12

توملۇق بىر ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ باشقا دىنى، ئەدبىي ئەسەرلىرىمۇ بار. ھىجرى 630- يىلى (مىلادى 1233- يىلى) مۇسۇل شەھرىدە ۋاپات بولغان.

302. ئىمام ىبنىي ھەقەر ئەسقالانى – يەنى ئەبۇفازىل شاھابىددىن ئەھمەت ىبنىي ئەلى ھەجەر ئەسقالانى. ھىجرى 773- يىلى (مىلادى 1371-1372- يىلى) مىسىردا تۇغۇلغان. ئۇز ئۇمرىدە 150 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئىچىدە «فۇتۇھۇلبارى فى سەھىھۇل بۇخارى » ناملىق ئەسىرى ناھايتى مەشھۇر. ھىجرى 852- يىلى (مىلادى 1448- يىلى) مىسىرد ۋاپات بولغان.

303. ئىمام قەستەلانى – يەنى ئىمام مۇھەمەمت ىبنىي قەستەلانى. مىلادى 16- ئەسىردىكى مەشھۇر مىسىر ئ.المى بولۇپ، ئۇ ئۇز ئۇمرىدە «فۇتۇھولدانى» ، «ئەمۇۋاھىبىەت دىنىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. ھىجرى 923- يىلى (مىلادى 1517- يىلى) مىسىردا ۋاپات بولغان.

304. ئىمام ئەينى – يەنى بەدىرىددىن مەھمۇت ىبنىي ئەھمەت ىبنىي ۇسا، مىلادى 15-ئەسىردە ياشىغان مىسىر ئالىمى بولۇپ، ئۇز ئۇمرىدە «تەبەقە تۇششۇئىرا» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. ھىجرى 862- يىلى (مىلادى 1458- يىلى) مىسىردا ۋاپات بولغان.

305. ئىمام زەمەخشەرى – يەنى جارۇللا ئەبۇلقاسىم مەھمۇت ىبنىي ئۇمەر، ھىجرى 467- يىلى ( مىلالدى 1074-1075- يىلى) خارەزىمنىڭ زەمەخشىر دىگەن جايىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇز زامانىنىڭ مەشھۇر تىلچىسى، ئەدەبىياتچىسى، شائىر ۋە يارەدەمچىسى، ئۇز ئۇمرىدە «مۇقەددىمەتۇل ئەدەب»، «دىۋانۇششۇئىرا» قاتارلىق بىر مۇنچە مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازغان. ھىجرى 538- يىلى (مىلادى 1143-1144- يىلى) جورجاندا ۋاپات بولغان.

306. ئىمام مۇھىيسۇننە – تەرىقەتچىلەر قادىرىيە سۇلۇكىنىڭ تەشكىلاتچىسى ئابدۇلقادىر جىلانى (غەۋسۇل ئەززەم

مۇھەددىدىن ئەسسىنە ئەبۇمۇھەممەت بىننى ئەبۇ سالىھ بىننى جەڭگى دوست جىلانى – گىلاس) نىڭ تەخەلۇسسى. مىلادى 1077- يىلدىن باشلاپ «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» دىن دەرس سۆزلىگەن. مىلادى 1166- يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان.

307. قازى بەيزاۋاي – يەنى ئەبۇلخەير ناسىرىدىن ئابدۇللا بىننى ئۆمەتۇلقازى بەيزاۋى، ئىراننىڭ شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. شىراز شەھرىدە قازى قۇززانىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. بىر رىۋايەتتە ھىجرى 685- يىلى (مىلادى 1286- يىلى) يەنە بىر رىۋايەتتە ھىجرى 691- يىلى (مىلادى 1292- يىلى) ئىراننىڭ تېبرىز شەھرىدە ۋاپات بولغان.

308. ئىبنى كەسىر – يەنى ئەمادىددىن ئىسمائىل بىننى مۆلك ئەفزەل ئەلى ئىبنى كەسىر. ھىجرى 672- يىلى (مىلادى 1273-1274- يىلى) دەمەشقتە دۇنياغا كەلگەن. ئۆز ئۆمرىدە «تارىخ ئەبۇلفىدا» نامىلىق 4 توملۇق مەشھۇر ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ يەنە جۇغراپىيە، تارىخ، تىبابەتچىلىك، دىن ھەققىدە يازغان بىر مۇنچە ئەسەرلىرى بار. ھىجرى 772- يىلى (مىلادى 1370- يىلى) ۋاپات بولغان.

309. ئىبنى خەتىپ – يەنى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت بىننى ئۆمەر فەخرىددىن رازى – ئىبنى خەتىپ. ھىجرى 544- يىلى (مىلادى 1149- 1150- يىلى)ئىراننىڭ رەي شەھرىدە تۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە فۇقۇھا، تەپسىر، ئەدەبىيات، ھېكمەت، تىبابەتچىلىك، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنىڭ كامالەتلىك ئالىمى بولۇپ، «شەيخۇلئىسلام» دەپ شۆھرەت قازانغان. ھىجرى 606- يىلى (مىلادى 1209-1210- يىلى) ھىراتتا ۋاپات بولغان.

310. خازەن باغدادى – يەنى ئەبۇ فازىل ئەھمەت بىننى مۇھەممەت خازەن باغدادى. ھىجرى 451- يىلى (مىلادى 1059- يىلى) باغداتتا دۇنياغا كەلگەن. ئۆز ئۆمرىدە بىر مۇنچە ئاتاغلىق ئەدەبىي، دىنىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى يازغان. ھىجرى 518- يىلى (مىلادى 1124- يىلى) باغداتتا ۋاپات بولغان.

311. ئەبۇلەيس سەمەرقەند ـ يەنى ئىمام تۇلھەدى ناسى بىننى مۇھەممەت. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە «ئەلناۋازىل» ناملىق بىر مۇنچە مەشھۇر كىتاپلارنى يېزىپ، ھىجرى 373۔ يىلى (مىلادى 983۔984۔ يىلى) سەمەرقەندە ۋاپات بولغان.

312. ئىمام قوزىۋىنى ـ يەنى زىكرىيا بىننى مۇھەممەت بىننى مەھمۇت. ئۇنىڭ بۇ جايدا تىلغا ئېلىنغان «ئاجايىبۇل مەخلۇقات ۋە ھاياتۇل ھايۋان» ناملىق ئەسىرى ھىجرى 764۔ يىلى (مىلادى 1362۔1363۔ يىلى) يېزىلغان.


313. ئىمام پەخرىددىن رازى ـ ( 309۔ ئىزاھاتقا قارالسۇن.

314. ئىمام مۇھەممەت ھەنىپە ـ مىلادى 699۔ يىلى كۇفە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. سۈننى مەزھىپىگە مەنسۇپ ھەنەپىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى. شۇڭلاشقا ئۇ «ئىمام ئەززەم» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. مىلادى 767۔ يىلى باغدات تۈرمىسىدە ۋاپات بولغان.

315. شۇجۇ ـ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇجۇەن ۋىلايىتى.

316. چىك دۇسىك ـ ھازىرقى سىچۇەن ئۆلكىسى.

## تۈگىدى.




بۇ كىتاپنى دەسلەپتە ئوقۇغاندا ئۇنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىكى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى توغرىلىق مەلۇماتتىكى "تۈرك" ئاتالغۇسىغا گۇمانى قاراشتا بولۇپ كەلگەنتىم.

تۈرك ئىبارىسى ئۇنچىۋالا ئۇزاق تارىختا ئىگە ئەمەس دەپ قارايمەن.

پەيغەمبەرلەر مۇناسىۋەت رەسمىدىن نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ 3 ئەمەس 2 ئوغلى بارلىقى مەلۇم بولىدىكەن.